ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ

2



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

. هاجى مىرزاھىد كېرىمى .

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ

2

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

玉苏甫·哈斯哈吉甫. 下 : 维吾尔文 / 米尔扎依提·克里木著. — 乌鲁木齐 : 新疆人民出版社, 2014.12
ISBN 978-7-228-17305-1

Ⅰ. ①玉… Ⅱ. ①米… Ⅲ. ①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第305817号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿布里米提 |
| 封面绘画 | 克里木·纳斯尔丁 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 30.5 |
| 版　　次 | 2015年6月第1版 |
| 印　　次 | 2015年6月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1 — 5000 |
| 定　　价 | 80.00 元 |

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب تەڭلىكتە قېلىش ........................ 1
ئىككىنچى باب زىنداندا يانغان ئۈمىد مەشئىلى .............. 37
ئۈچىنچى باب خانىشلار ۋە شاھزادىلەر ...................... 69
تۆتىنچى باب ئەنسىز كۈنلەر ........................ 104
بەشىنچى باب يولدىكى سۈيىقەست ..................... 134
ئالتىنچى باب ھاجىپلىق كۈرسىدا ئولتۇرۇش ............... 177
يەتتىنچى باب ھەكىم قىزنىڭ سىرى ...................... 212
سەككىزىنچى باب كۆز قىيمىغان ئايرىلىش ............... 237
توققۇزىنچى باب ھۈسەيىن ئارسلانخان ...................... 263
ئونىنچى باب ئوردۇكەنتتىن كەلگەنلەر .................... 294
ئون بىرىنچى باب شۇم خەۋەر ......................... 319
ئون ئىككىنچى باب خانىش قىلىچخان ...................... 350
ئون ئۈچىنچى باب بۆرە ئىنىغا كىرىش ...................... 380
ئون تۆتىنچى باب ئوردۇكەنتتىن كەلگەن يارلىق .......... 411
ئون بەشىنچى باب ئەل سوراش ئاسان ئەمەس ............... 449
ئون ئالتىنچى باب ئالىمنىڭ غېمى ......................... 489
ئون يەتتىنچى باب بايبەگ ئىنال تېگىن ..................... 532
ئون سەككىزىنچى باب ئوردۇكەنتكە بېسىپ كىرىش ....... 572
ئون توققۇزىنچى باب بارسغاندىكى قانلىق جەڭ ............ 620
يىگىرمىنچى باب تۈمەن دەرياسى ھەققىدە رىۋايەت ........ 664
يىگىرمە بىرىنچى باب ئاسىيلارنىڭ تەقدىرى ................. 683
يىگىرمە ئىككىنچى باب توغرۇل قاراخانىنىڭ تەختكە
چىقىشى ................................................ 712

يىگىرمە ئۈچىنچى باب  ئادىل جازا ........................ 739
يىگىرمە تۆتىنچى باب  دىدارلىشىش ۋە ئايرىلىش ........... 774
يىگىرمە بەشىنچى باب  پىنھاندىكى خەزىنە ................ 790
يىگىرمە ئالتىنچى باب  ئىككى ئاستانىگە ئەمىنلىك
بېغىشلاش ................................................ 822
يىگىرمە يەتتىنچى باب  تىنچ ئۆتكەن كۈنلەر ............... 855
يىگىرمە سەككىزىنچى باب  يىگنە بىلەن قېزىلغان قۇدۇق ... 886
يىگىرمە توققۇزىنچى باب  يۈكسەك مەرتىۋە، قۇتلۇق ئارزۇ ... 926
ئوتتۇزىنچى باب  يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپاتى ............ 952
خاتىمە ...................................................... 968

# بىرىنچى باب

# تەگلىكتە قېلىش

## 1

تاڭ غۇۋا يورۇدى. قۇم تاشلىق ساينىڭ ھەممە تەرىپىدىن ئۆلۈم پۇرىقى — جەسەت ھىدى كېلەتتى. دەھشەتلىك جەڭ بولغان بۇ ئەنسىز چۆلدىن تېزرەك كەتكۈسى كەلگەن مۇھەممەد ئارسلانخان قۇمارىبىكەنىڭ مەپىسىدە ناشتا قىلىپلا، لەشكەرلىرى بىلەن يولغا چىقتى. يەتتە كۈندە ئاتۇشقا يېتىپ كېلىپ، لەشكەرلىرىنى قەشقەرگە ماڭدۇرۇۋەتتى. ئۆزى خانىشلىرى، جاندارلىرى بىلەن، مەشھەدتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارىغا چۈشتى، ئۈچ كۈن كەمبەغەللەرگە نەزىر بەردى. «ئى ئاللا، توغرا قىلىۋاتامدىمەن، خاتا قىلىۋاتامدىمەن، ئۆزۈڭگە مەلۇم، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن» دەپ ھەر نامىزىدا گۇناھىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. تۆتىنچى كۈنى كۈن پاتار چاغدا بوزاغۇ مۇلازىملىرى بىلەن كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

— خۇش خەۋەر شاھىنشاھ ئالىيلىرى، ئوردۇكەنت دەرۋازىسى ئېچىلدى. بۇغرا تۆگىلەر دەرۋازا ئالدىغا ئاچىقىلدى. ئالتۇن توقا ئۆزلىرىنىڭ ئولتۇرۇشىغا راسلاپ قويۇلدى. گۇناھكارلار زىندانغا تاشلاندى.

— ئوھۇي جاندارلار باشى، ئوردۇكەنتكە بىرىپلا ئەمىلىگىزنى ئۆستۈرۈپ كەدۈت تەقدىم قىلىمەن، — دېدى مۇھەممەد ئارسلانخان يانچۇقىدىن ئالغان ياقۇت تەسۋىنى سۆيۈنچە ئورنىدا بېرىپ، — قارشىلىققا ئۇچرىمىغانسىلەر؟

— يوقسۇ ئالىيلىرى، قاتتىق قارشىلىقا دۇچ كەلدۇق. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئەمرى بىلەن تۆمۈربۇقا نەسرىدىن دىگەن قىرى سۇباشى كىلىشۋاتقىنىمىزدىن خەۋەر تىپىپ، قوۋۇقلارنى تاقاپ، ئىلىشىشقا تەييار تۇرغانىكەن. كىلىشىمىز بىلەن ياردىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. بىزمۇ ئوق ياغدۇرۇپ مەنچاناق، سوزماقتىن تاش بوران قىلىپ، ئۇلارنى باش كۆتۈرگۈزمىدۇق، بەش تۈمەن سىپاھقا ئازغىنا ياساۋۇل - نۆكەرلەر قانداقمۇ تەڭ كىلەلىسۇن، دەيدىلا؟ يۈزلىگەن شوتىلارنى قويۇپ سىپىلغا چىقتۇق. دەرۋازىنى قارلۇق بۇرادىرىم ھوشۇربەگ ئىچىپ بەردى. ئۇ سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ دەرۋازىۋەن بىگى ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقتىن بىرى ئالاقىلىشىپ، ئىشنى پىشۇرۇپ قويغانىدىم. ئالىيلىرى، ئۇنى ئوبدان تارتۇقلاپ قويغايلا، — بوزاغۇ سۆزىنى توختىتىپ، ئەتراپىدىكىلەرگە مەغرۇرانە قاراپ قويدى.

— ئەلۋەتتە، تارتۇقلايمەن، ئەمىلىنىمۇ ئۆستۈرىمەن. شۇنداق قىلىپ شەھەرگە كىردىڭلار؟ — چىرايىنى كۈلكە قاپلىغان مۇھەممەد ئارسلانخان مانا كۆردۈڭلارمۇ دىگەندەك قىلىپ ئوغۇللىرى ھۈسەيىن ئارسلانخان بىلەن ئىبراھىم تىگىنگە باش لىڭشىتىپ قويدى.

— كىردۇق ئالىيلىرى، چۇقان سىلىپ باستۇرۇپ كىردۇق. بىز بىلەن ئىلىشقان سىپاھلار كۆپ ئەمەس ئىكەن. ھەيران قالارلىق ئەھۋال شۇكى، ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ دىگەن بۆگۈ بىلگە شاگىرتلىرى ۋە ئاۋام خەلقنى تەشكىللەپ بىزگە قاتتىق قارشىلىق قىلدى، ئۇنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدۇق. باشقىلىرىنى سۈر - توقاي قىلىپ ئەدىپىنى بەردۇق. ئۆلگەنلىرى ئۆلدى، تىرىكلىرى قىچىپ مۆكۈندى.

— تۆمۈربۇقا نەسرىدىنچۇ، ئۇنى تۇتتۇڭلارمۇ؟

— تۇتتۇق، ئالىيلىرى، ئۇنى سىپىل ئۈستىدىن يەرگە تاشلىۋەتتۇق، مىجىقى چىقىپ كەتتى.

— بارىكاللا! ... ئوردىنى ئىگىلىگەنسىلەر؟

— ئىگىلىدۇق. لەشكەرلىرىمىز جانقورغان، دۆلەتباغ، قورغان، ئوپالدىكى سىپاھلار تۇرالىرىغا ئورۇنلاشتى. ئوردۇكەنت پۇتۇنلەي ئۆز ئىلكىلىرىگە ئۆتتى. دوقاقبەگ ھەزرەتلىرىنى كۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئوردىنى، شەھەرنى بېزەپ، يوللارنى راۋان قىلىش كويىدا يايپېتەك بولۇپ قالدى.

— بەللى، قەيسەربەگ، بەللى ... قالتىس ئىش قىلىپسىلەر. مەن بۇ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە يەر، سۇ، مال - مۈلۈك سۇيۇرغال قىلىپ بېرىمەن.

— ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا ئالىيلىرى، — بوزاغۇ تىزلاندى.

— ئۇنداق بولسا دەرھال ئاتلىنىپ ئوردۇكەنتكە تېزرەك بارايلى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى خۇشال بولۇپ كەتكەن مۇھەممەد ئارسلانخان.

قۇمارىبىكە مەيدە ئەك ئالدىدا كەتتى. مۇھەممەد ئارسلانخانمۇ جاندارلىرى بىلەن ئېتىغا قامچا ئۇردى. ئاخىرىدا مەھمۇد تېگىن مومىسى، ئانىسى بىلەن يولغا چىقتى. ئۇ ناھايىتى مەيۇس ئىدى. ھەرقانداق قىلىپمۇ، ئۆزىگە كۆيۈنۈپ كەلگەن ئامراق بوۋىسىنى ئەپۇ قىلالمايتتى. ئۇنىڭدىن رايى يېنىپ كەتكەنىدى.

مورتۇم كەنتىدىن باشلاپ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سەپراس بولۇپ ئوتقاش كۆتۈرگەن سىپاھلار ۋە بولۇنبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەجبۇرىي ئېلىپ چىقىلغان شەھەر ئەھلى:

— مۇھەممەد ئارسلانخان ئالىيلىرىغا سالامەتلىك تىلەيمىز! ئاللا مۇھەممەد ئارسلانخانغا رەھمەت قىلسۇن! — دەپ تۇۋلاپ كۇتۇۋالدى.

شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشكەن مۇھەممەد ئارسلانخان ئالتۇن توقا ئورنىتىلغان بۇغرا تۆگىگە مىندى. ھۈسەيىن ئارسلانخان، ئىبراھىم تېگىنلەرمۇ بۇغرا تۆگىگە مىنىشتى. مەھمۇد تېگىن مىنگىلى ئۇنىمىدى. دوقاقبەگ، بوزاغۇلار بۇغرالارنى يېتىلەپ ئوردىغا مېڭىپ كەتكەندىن

كېيىن، مەھمۇد تېگىن مۇلازىملىرى بىلەن ئۇدۇل جانقورغان يېنىدىكى زىندانغا كەلدى.

زىندانبېگى ياشانغان كىشى بولۇپ، مەھمۇد تېگىننى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى.

— مەن بۇغرا قاراخان ۋە يۇغرۇش باشى بەگيۇسۇپ، كىشى قارا ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ بۇزرۇكۋار بىلەن كۆرۈشمەكچىمەن، — دېدى ئۇ.

— دوقاقبەگ جانابلىرى ئىجازىتىمسىز ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمەڭ دېگەنىدى. شاھزادە، سىلى كۆرۈشمەن دېسىلە ماقۇل بولماي ئىلاجىم يوق. ئۇلار چاھدا.

زىندانبېگى مەھمۇد تېگىننىڭ ئۆزىنىلا زىندانىنىڭ ئىچكىرى سەيناسىدىكى چاھ يېنىغا باشلاپ كەلدى. قاراۋۇللارغا چاھ ئۈستىدىكى تاش ياپقۇنى ئالدۇردى.

— كۆرۈشسىلە، شاھزادە، — دېدى ئۇ ئوتقاشنى تۇتۇپ، — بۇغرا قاراخان مۇشۇ چاھدا، ئۇنى خۇدايىم پاناھىدا ساقلىغاي.

مەھمۇد تېگىن چاھقا ئېڭىشىپ ئوتقاش يورۇقىدا بىر كۆلەڭگىنى كۆردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بۇغرا قاراخان بوۋا، قانداقراق تۇرۇۋاتىلا، سىلىدىن بەك ئەنسىرەۋاتىمەن، — دەپ ھال سورىدى.

مەھمۇد تېگىننىڭ ئۈنىنى ئىشىتكەن سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ تۇرالمىدى.

— بالام، يوقلاپ كەلدىلىمۇ ـ ھە، كۆپ رەھمەت. سىلىنى كۆردۈم، ئەمدى چاپسان قايتىپ كەتسىلە، بۇ يەردە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قالمىسىلا، پېقىردىن غەم يېمىسىلە، بالام، — ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاران ئاڭلىغان مەھمۇد تېگىن:

— ئامان بولسىلا بوۋا، مەن ئاتامغا دەپ سىلىنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپ چىقىمەن، — دەپ توۋلىدى.

— رەھمەت بالام، ئۇنلىرىنى ئاڭلاپ كۆن نۇرىنى كۆرگەندەك بولدۇم، روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئەمدى قايتىپ كەتسىلە، بىز ھامان دىدار كۆرۈشىمىز، — ئورنىدىن تۇرغان سۇلايمان ئارسلانخان چاھ ئاغزىدا ئېڭىشىپ تۇرغان مەھمۇد تېگىننى كۆردى، — بالام، مەيۇسلەنمىسىلە، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالاممۇ زىنداندا يەتتە يىل يېتىپ چىقىپ پادىشاھ بولغان، — ئۇ قولىنى پۇلاڭلاتتى، — سالىمىمنى غەمگۇزار مومىلىرىغا يەتكۈزۈپ قويسىلا.

— يەتكۈزىمەن بوۋا، يەتكۈزىمەن. يەنە قانداق بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلىرى بولسا بۇيرۇسىلا، ئادا قىلىمەن، — مەھمۇد تېگىننىڭ چاھ ئىچىدىن بوۋىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئارزۇسى كۈچەيدى، — مەن يوقلاپ تۇرىمەن، خۇدايىمغا ئامانەت، — دېدى ئۇ قىيىنغان ھالدا خوشلىشىپ.

مەھمۇد تېگىن زىندانبېگى بىلەن يەنە بىر چاھنىڭ يېنىغا كەلدى. قاراۋۇللار چاھ ئۈستىدىكى تاشنى ئېلىپ بىر يانغا قويدى. ئۇ زىندانبېگىنىڭ قولىدىكى لوقىراپ كۆيۈۋاتقان ئوتقاشنى ئالدى، چاھقا ئېڭىشىپ:

— ئەسسالامۇئەيكۇم، يۇغرۇش باشى بەگيۇسۇپ ئاغا، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم. زىندانغا تاشلانغانلىرىدىن پۈتۈن ئەل قايغۇرماقتا. تەقدىرنىڭ بۇ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغانلىقلىرىغا ئىشەنچىم كامىل، ساق تۇرۇۋاتامدىلا؟ — دەپ ھال سورىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بۆگۈ بىلگە ئىنىم، ئەلھەمدۇلىللا ئامانمەن. مېھمانخانا ياكى باغلاردا خۇشال - خۇرام كۆرۈشكەنگە قارىغاندا، بۇنداق مۇدھىش ئورۇندا ئەنسىزلىك، ۋەھىمە ئىچىدە كۆرۈشكەن تولىمۇ مەنىلىك بولىدۇ، دوستلۇقمۇ باشقا كۈن چۈشكەندە سىنىلىدۇ. مەن سىلىنىڭ بۇنداق قايغۇ - ئەلەملىك كۈندە پېقىرنى يوقلاپ كەلگەنلىكلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇم، — پۈتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ قارىغان بەگيۇسۇپنىڭ تەسىرلەنگىنىدىن كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

مەھمۇد تېگىنمۇ كۆزىگە ياش ئالدى.

— مەيۇسلەنمىسىلە ئاغا، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىر مۇشكۇللۇكتىن كېيىن بىر ئاسانلىق جەزمەن بولىدۇ. پۈتۈن ئەل سىلىنى ياد ئەتمەكتە.

— مەن بۇ ئېغىر زەربىدىن ھەسرەت دېڭىزىغا غەرق بولغان بولسامىمۇ، ھايات قالغىنىمدىن يەنىلا مەمنۇن مەن. سىلى تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن پېقىرنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدىلا، بولمىسا ئۆلۈكۈم چۆلدە قالاتتى، — دېدى بەگيۇسۇپ تەسىرلىك قىلىپ، — سىلىنىڭ جەڭ لىباسىنى كىيىمگەنلىرىدىن ئاشۇ كۈنلا، بوۋىلىرىنىڭ ئوردۇكەنتكە قىلغان بۇ ناھەق يۈرۈشىگە قوشۇلمىغانلىقلىرىنى بىلگەنىدىم. زىيان تارتقۇچى ئاۋام بولدى. بىگۇناھ كىشىلەر قىرىلدى. بۇنىڭ سورىقى بولماي قالمايدۇ، ئىنىم.

— ئەلۋەتتە، ئاغا، مەن مۇھەممەد ئارسلانخان بوۋامنى بۇ يۈرۈشتىن توسۇپ قالالمىغانلىقىمدىن قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن. بوۋامنىڭ، سىلىنىڭ، ئۇستازىم ئىبنى خەلەپ كاشغەرىينىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقى مەملىكەت خەلقىنى چۆچۈتۈۋەتتى، يۈرىكىم پۇچىلىنىپ، ۋۇجۇدۇم ئۆرتەنمەكتە. مەن چىدىيالماي قالدىم، ئاغا، — مەھمۇد تېگىن مەڭزىگە سىرغىپ چۈشكەن يېشىنى سۈرتتى.

— جانابىي ئاللا ئادەمنى ياراتقاندا، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا تارتىدىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا سەۋر ھەم چىدامچانلىقنى ھەمراھ قىلغان. سەۋرچان ھەم چىداملىق بولۇش ھەرقانداق ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىش دېمەكتۇر. قېنى ئەمدى ئېيتسىلا، ئۇيغۇر، ئەرەب تىللىرىنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ. ئاقساپ قالمىغاندۇ؟

بەگيۇسۇپنىڭ شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا، زىنداندىن قانداق قۇتۇلۇش توغرۇلۇق سورىماي، ئىلىم ھەققىدە سۆز ئېچىشى

مەھمۇد تېگىننى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرۈۋەتتى.

— ئاقساپ قالدى، ئاغا، ئەلدە شۇنچە كۆپ قان تۆكۈلگەن، بۇغرا قاراخان ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ يېتۈك ئەقىلدارلىرى زىندانغا تاشلانغان تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئىلمىي ئەمگىكىمنى داۋاملاشتۇرالايمەن؟ مەن بارسغاندىكى چېغىمدا، ئوغۇز، قارلۇق، ياغما، قاڭقىل چىگىل، قىپچاق، باسمىل قاتارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تىلى، تارىخى، ئەدەبىياتى، ئۆرپ - ئادىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان دىيارلىرىنى، ئورخۇن، بالقاش، ئېدىل بويلىرىنى ئارىلاپ ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشكەنىدىم. شۇنى ئاساس قىلىپ بىرنەچچە كىتاب يېزىش ئىرادىسىگە كېلىپ قەلەم تەۋرىتىۋاتقىنىمنى ئۆزلىرىدىن سىر تۇتمايمەن، ئەمما ....

— باركاللا شاھزادەم، — بەگيۇسۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەرەب - پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى دەلىللەپ بىر ئىلمىي كىتاب يېزىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. بۇ قۇتلۇق ئىشنى باشلىغان ئىكەنلا، يېرىم يولدا توختىتىپ قويماسلىقلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

بەگيۇسۇپنىڭ بۇ ئىلتىجاسى مەھمۇد تېگىننى سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، «كىتابۇل جاۋاھىرىن نەھۋى لۇغاتىت تۈرك»① دېگەن كىتابنى ئاخىرلاشتۇرۇش پەيتىدە تۇراتتىم، ئەپسۇس ...

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىغايلا ئىنىم، سىلى جەزمەن بۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن تۈركىي تىلىنىڭ شۆھرىتىنى ئالەمگە يايىدىلا. غەم - ئەندىشە بىلەن ۋاقىت زايە بولۇپ كەتمىسۇن، بارسىلا ئىنىم، ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈشكە ئالدىرىسىلا، بىزنىڭ غېمىمىزنى تەڭرى ئۆزى قىلىدۇ ...

---

① «تۈركىي تىللار جۈملىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى» دېگەن مەنىدە.

مەھمۇد تېگىن بەگيۇسۇپنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى.
«نېمىدېگەن ئالىيجاناب ئادەم ـ ھە! ئۆزىنى قىلچە ئويلىمايدۇ، غېمى باشقىلاردا ... ئاتامغا، بوۋامغا ئېيتىمەن، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش كىتاب يېزىشتىنمۇ مۇھىم ...»
ــ خوش، خۇدايىمغا ئامانەت، ئىنىم ...
ــ سىلىنىمۇ خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، ئاغا، يەنە يوقلاپ كېلىمەن، ــ مەھمۇد تېگىن ئاستا ئارقىسىغا ياندى.
«جاھالەتنىڭ ئادالەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدىكى ھېكمەت نېمىدۇ؟ تەقدىرنىڭ ياخشىلارنى يىغلىتىپ، يامانلارنى كۈلدۈرۈشىدە يەنە قانداق ساۋاق ۋە ئىبرەت باردۇ؟ بەگيۇسۇپ، ئۇستازىمچۇ؟... ئى تەڭرىم، ئۇلارغا ئۆزۈڭ مەدەتكار بولغايسەن ...»
ــ شاھزادە، مەۋلانا ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ مانا بۇ چاھدا، ــ مەھمۇد تېگىن قايىقنى يانغا سۈرۈپ قويۇلغان چاھ ئاغزىدا توختاپ ئېگىشتى ـ دە:
ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۆگۈ بىلگە كىشى قارا، خىزمەتلىرىدە بولالمىغىنىمدىن ناھايىتى خىجىلمەن، ــ دەپ ھال سورىدى.
ــ شاھزادەم، پېقىر ئىككى ئوغلۇمنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپمۇ ئۈمىدسىزلەنمىگەن. زىمىستاندىن كېيىن باھار كېلىدۇ، پېقىردىن غەم يېمىسىلە، ــ دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغان مەھمۇد تېگىن:
ــ ھەزرەتلىرى قاراڭغۇ زىنداندا ياتسىلا، پۈتۈن ئەل ئۆزىنى زىنداندا تۇرغاندەك ھېس قىلىپ ئازابلىنىۋاتسا، شاگىرتلىرى قانداقمۇ غەم يېمەي تۇرالىسۇن ... يەنە يوقلاپ كېلىمەن، ــ دەپ خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى، ئاندىن قول باغلاپ تۇرغان زىندانبېگىگە قارىدى، ــ ئاغا، زىندانغا تاشلانغان بۇزرۇكۋارلارغا قوپاللىق قىلماڭ، سىلىق مۇئامىلىدە بولۇڭ، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىڭ، مەن پات ـ پات كېلىپ تۇرىمەن.

— باش ئۇستىگە شاھزادەم!

مەھمۇد تېگىن قايغۇرغان ھالدا زىندان ئىشىكىدىن يىراقلاشتى.

## 2

كېنىزەك ۋە مۇلازىملىرى بىلەن گۇگۇم چۈشكەندە قەشقەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ھەرەمدىكى قەسىرگە چۈشكەن قۇماربىكە تاڭ ئاتقۇچە كۆزىنى يۇممىدى. ئەتىگەندىلا جەڭ كىيىمىنى يۆتكەپ ئارامگاھ سارايغا چىقىپ خەۋەر كۈتۈشكە باشلىدى.

ھاۋا شۇنداق قاتتىق گۈلدۈرلىدىكى، قىيا ئۈچۈق دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان خانىش چۆچۈپ كەينىگە داجىدى. ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقىغان چېقىن قەسىر ھويلىسىنى ۋاللىدە يورۇتۇپ، يامغۇر شارىلداپ ياغقىلى تۇردى. «ئېرىم كەلگۈچە، ئەھۋالدىن خەۋەردار بولسام كاشكى ...»

خانىش دېرىزىنى يېپىۋېتىپ، بۇلۇڭغا قويۇلغان تىكلىمە تاش ئەينەك ئالدىغا كەلدى. تاش ئەينەك ناھايىتى كۆركەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ يېقىغا ئالتۇن ساپلىق قىلىچ بىلەن بۆرە ئوشۇقى، سول يېقىغا يا بىلەن بۆكەن مۈڭگۈزى ئېسىقلىق ئىدى. بۇلار قۇماربىكەنىڭ شىكار قوراللىرى ئىدى. ئۆينىڭ ئەگمە ناۋا چىقىرىلغان مېھرابىنىڭ ئىككى يېنىغا سەللە ۋە شايى تون، ئالتۇن ساپلىق ئومۇت ئېسىپ قويۇلغانىدى. بۇ ئومۇتنى غەزنەۋىلەر شاھى مۇھەممەد ئارسلانخانغا سوۋغا قىلغانىدى، قۇماربىكە ئۇنى ئېرىدىن سورىۋېلىپ ئۆزىنىڭ ئارامگاھ سارىيىدا ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. تەكچىلەرگە خىلمۇخىل گۈل ئۆستۈرۈلگەن ياملار تىزىلغانىدى. ناۋات سۈيىدە پات بېرىپ نەقىش چېكىلگەن تاملارغا چىقىرىلغان ئەگمە قۇببىلىك دېرىزىلەرمۇ ئۆزگىچە ئىدى. ۋاسا جۈپ قىلىنغان تورۇسنىڭ

گۈلدار جەگىلىرىگە بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق قەپەسلەر ئېسىلغانىدى. قەپەسلەردە قەشقەرنىڭ تومۇچۇق ـ قارىغوجىلىرى، مىڭلاقنىڭ بۇلبۇل ـ تورغايلىرى، ھىندىستاننىڭ شاتۇتىلىرى بار ئىدى. يەرگە سېلىنغان ئىراننىڭ كۆك ـ يېشىل رەڭلىك گىلىمى سارايغا باھار تۈسىنى بەرگەنىدى. مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئىككى پايلىك ئالتۇن تەختى مەشەگە قويۇلغانىدى.

قۇمارىبىكە ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى بىرقۇر تۈزەشتۈردى، ئۇنىسىز پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. «ئوغلۇم، ئاكام نېماداق كىرمەيدىغاندۇ؟ ئەستا ...» كۆتكەنىسېرى ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتتى. ئۇ ئولتۇرغىنىچە تاش ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن رۇخسارىغا نەزەر سالدى: بېشىغا قىزىل گۆھەر قويۇلغان ئالتۇن تاج، ئۇچىسىغا تەتىللا نىمچە كىيىپ، بىنەپشە رەڭ گۈللۈك ئاق ھىلھىلە رومال ئارتىۋالغان جۇۋان ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ تۇرقىدا ئۇ تولىمۇ سالاپەتلىك ۋە لەۋەن كۆرۈنەتتى. «ئوبدان تۇرۇپتىمەن، يىگىياچى چوكانلاردىن قالغۇچىلىكىم يوق. مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ قولىغا ئون تۆت يېشىمدا چۈشكەنىدىم. يىگىرمىدىن ئاشقاندا ئاتام ئۆلتۇرۇلۇپ، ئاكام يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. مەن بولسام ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ھۆسن ـ جامالىم بىلەن قۇمارىبىكە بولۇپ ئۆتتۈۋەردىم. ئاقىۋەت ئېرىمنى تاجۇتەختنى تارتىۋېلىشقا كۆندۈردۈم. ئەمدى قارلۇق، باسمىل، ئوغراق قاتارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ئوغلۇم تەختنى تارتىۋېلىپ بوغىراخان بولىدۇ، مەن ئالتۇن تارىم تۇركەن خاتۇن بولىمەن. ئاخىر قىساس ئالىدىغان پۇرسەت كەلدى ... »

— بىكە خېنىم ئالىيلىرى، ئىبراھىم تېگىن بىلەن جاندارلار باشى قەيسەربەگ كەلگەنىكەن، سارايغا باشلامدىمەن، مېھمانخانىغىمۇ؟ — سورىدى تەزىم قىلىپ كىرگەن كېنىزەك.

— بىكە خېنىم ئەمەس توقىش، بۇگۇندىن باشلاپ ئالتۇن

تارىم، — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا قۇمارىبىكە.
— ئالتۇن تارىم، تەخت ئالىيلىرىغا بەك يارىشىدىكەن.
— يۈگۈر، ئۇلارنى مەشەگە باشلا.
— باش ئۈستىگە، ئالتۇن تارىم.
قۇمارىبىكەنىڭ ئوغلى ئىبراھىم تېگىن بىلەن بوزاغۇ كىردى. تەختتىن چۈشكەن قۇمارىبىكە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىپ، ئېگىشىپ بەرگەن ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى.
— تەختتە ئولتۇرغىن، ئالىپ ئوغلۇم.
ئىبراھىم تېگىن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.
قۇمارىبىكە بوزاغۇغا قاراپ:
— ئوغلۇمنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرسىلا، ئاكا، — دېدى.
بوزاغۇ تەختنىڭ ئوڭ يېنىدىكى يۆلەنچۈكلۈك كۈمۈش كۇرسىدا ئولتۇردى. ئىبراھىم تېگىن ئەجەبسىنگەندەك بولدى.
— ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ يۇغرۇش باشى بولغانلىرىغا مۇبارەك بولسۇن، قەيسەربەگ ئاكا، — قۇمارىبىكە ئۇنىڭ باش ۋەزىرلىك لىباسىنى كىيىپ، سەللىسىگە گۆھەر كۆزلۈك كۈمۈش ئوتۇغات قادىۋالغىنىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈمسىرىدى، — بۇغرا خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇش ناھايىتى داغدۇغىلىق بولغان ئوخشىمامدۇ؟
— رەھمەت خانىش ئالىيلىرى، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ تەختكە چىقىشىدىنمۇ داغدۇغىلىق بولدى. ئۇلۇغ ھاجىپ، يۇغرۇش، شەيخۇلئىسلام، سۇباشىلارنى قايتىدىن تەيىنلىدى. پېقىرنى يۇغرۇش باشى قىلىپ يارلىق چۈشۈردى، — دېدى قەيسەربەگ، ئۇ خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە پاتماي قالغاندى.
— ئوغلۇمچۇ؟ — قۇمارىبىكە شاھزادىلەرگە خاس زەر جىيەكلىك بۆكىگە ئالتۇن ئوتۇغات قادىلىپ پەي قىستۇرۇلغان، مەخمەل كەمزۇلى ئۈستىدىن باغلانغان ئالتۇن توقۇلۇق كۈمۈش كەمىرىگە قىلىچ ئاسقان ئىبراھىم تېگىنگە ئانىلىق مېھرى بىلەن قاراپ سورىدى.

— بۇغراخان ئالىيلىرى، ئىبراھىم تېگىننى جانقورغاندا تۇرىدىغان ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى سىپاھلارغا سۇباشى قىلىپ تەيىنلىدى.

— ھە ! — قۇماربىكە نارازى بولغان قىياپەتتە ئەگىم قاشلىرىنى ئۇچۇردى، — ھۇسەيىن تېگىننىچۇ؟

— ھۇسەيىن ئارسلانخاننى ۋەلىئەھد قىلىپ بەلگىلىدى.

— نېمە؟! — تولۇقلىغاندى قۇماربىكە، ئۇنىڭ چىرقىراق ئۇنى بوزاغۇنىمۇ چۆچۈتىۋەتتى. «سىڭلىم دېگىنىمنى قىلماي قويمايدىغان خاتۇن - دە، ئوغلىنى تەختكە چىقارماي تىنمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ سايىسىدا بۇنچە چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدۇم. ئەگەر مېنىڭ بولۇنبەگىمنىڭ ئوغلى بوزاغۇ ئىكەنلىكىمنى مۇھەممەد ئارسلانخان بىلىپ قالىدىغان بولسا، ھېلىمۇ دارغا ئاسماي قويمايدۇ. شۈكۈر، سىڭلىم قۇماربىكەنىڭ بولۇپ قالغىنى ...» دەپ ئويلىغان بوزاغۇ:

— خانىش ئالىيلىرى، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، پېقىر پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىبراھىم تېگىننىڭ خىزمىتىدە بولىمەن، — دېدى.

قۇماربىكەنىڭ چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلدى.

— ۋەلىئەھدلىككە ئوغلۇم بەك مۇناسىپ ئىدى. بۇ خۇسۇستا خاقانىمغا سىلى مەسلىھەت بەرمىدىلىمۇ؟

— پېتىنالمىدىم، خانىش ئالىيلىرى، بۇ توغرۇلۇق ئاستا - ئاستا گەپ ئېچىپ، ئارزۇلىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

— مەھمۇد تېگىننىچۇ؟ — قۇماربىكە ئېسىگە ئېلىپ سورىدى.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى بۇ نەۋرىسىنى قابىل، ئىستېداتلىق دەپ بىلىپ، دىۋان باشى قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. «مەن ئۇيغۇر ۋە ئەرەب تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، بوۋا. بۇ ئالىي مەنسەپنى قوبۇل قىلالمىغىنىم ئۈچۈن ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا» دەپ رەت قىلدى. دۇنيادا مەنسەپ بىلەن خۇشى يوق

بۇنداقمۇ ئادەم بولىدىكەن، توۋا، — بوزاغۇ كىمخاب تونىنىڭ زەر ياقىسىنى تۇتتى.
قۇماربىبىكەنىڭ چىرايى يەنە ئاپتاپتەك ئېچىلدى.
— ئەلدە شۇنچە چوڭ ئۆزگىرىش ياسىغان ئىكەنمىز. بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ ۋەلىئەھد توغرىسىدىكى قارارىنىمۇ ئۆزگەرتەلەيمىز، — دەپ ئىبراھىم تېگىنگە قاراپ كۈلدى.
بوزاغۇ سىڭلىسىنىڭ بۇ ئىرادىسىگە قايىل بولۇپ دېدى.
— ئەلۋەتتە، خانىش ئالىيلىرى، پاساھەت، ماھارەتتە تەڭداشسىز بولغان ئىبراھىم تېگىن ۋەلىئەھد بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ. بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى ئابىنچۇ خاتۇنىنىڭ لەۋزىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ، مېنىڭ ئارزۇيۇممۇ شۇ، — بوزاغۇ مۇغەمبەر كۈلكىسى بىلەن سىڭلىسىغا مەنىلىك قاراپ قويدى.
قۇماربىبىكە «پەيت كەلدى» دەپ ئويلاپ، سوئال نەزىرى بىلەن بىر ئۆزىگە، بىر بوزاغۇغا كۆز سېلىپ ئولتۇرغان ئوغلىغا ئۇزاقتىن بېرى ئاشكارىلىماقچى بولۇپ كېلىۋاتقان سىرىنى ئاچماقچى بولۇپ:
— ئوغلۇم، ئەمدى سېنى ئېيتمىسام بولمايدىغان بىر مەخپىيەتلىكتىن خەۋەردار قىلاي. بۇ توغرۇلۇق ئىككىنچى بىر كىشىگە، جۇملىدىن خاقان ئاتاڭغا دېمەسلىك توغرىسىدا قەسەم ئىچ! — دېدى.
تېخىمۇ ئەجەبلەنگەن ئىبراھىم تېگىن كۆكۈچ كۆزلىرىنى ئۆزىگە مىختەك قاداپ تۇرغان ئانىسىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىماقچى ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ:
— ھېچكىمگە، ھەتتا خان ئاتامغىمۇ دېمەيمەن، ئەگەر دېسەم ئاللا مېنى جازالىسۇن! — دەپ قەسەم ئىچتى.
قۇماربىبىكە تەختتىن تۇرۇپ قەسەم ئىچكەن ئوغلىغا مېھرى بىلەن بېقىپ، ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى.
— ئوغلۇم، بۇ قەيسەربەگ — مېنىڭ ئاكام، سېنىڭ تاغاڭ بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق بىر ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن

مەسلىھەتلىشىشنىڭ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئىش قىلىشنىڭ لازىم.

ھەيرانلىقتىن ئىبراھىم تېگىننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئانىسى بىلەن بەگ ئەتكەسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنەلمەي، باشقىچە ئويلاپ ئازابلىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئانىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن بولسىمۇ، بۇنىڭ كىشىلەرگە دېگىلى بولمايدىغان سىر ئىكەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ، ئېڭىدا شۇبھىلىك ۋەھىمە پەيدا بولۇپ سورىدى:

— قانداقسىغا بۇ بەگ ئەتكەم سىنىڭ ئاكاڭ، مېنىڭ تاغام بولىدۇ، نېمىشقا بۇنى ئاتام بىلسە بولمايدۇ؟

— بالام، جېنىم ئوغلۇم، بۇ توغرۇلۇق بىلمەكچى بولساڭ، ئېيتىپ بېرىشىمگە ۋاقىت قىسلىق قىلىدۇ. قەيسەربەگنىڭ تاغاڭ ۋە بىردىنبىر ھىماتچىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، سەۋر قىلىپ تۇرغىن، بۇغرا قاراخانلىق تەختىگە ئولتۇرغان چېغىڭدا بۇ سوئالىڭغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشىسەن. ئۇنىڭغىچە ھېچكىمگە بۇ ھەقتە تىنماي، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يول تۇتۇشۇڭنى تەلەپ قىلىمەن. ئەگەر قەيسەربەگنىڭ تاغاڭ ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويساڭ، مېنىڭمۇ، ئۆزۈڭنىڭمۇ بېشىڭغا چىقىسەن، بۇغرا قاراخانلىق تەختىدە ھەرگىز ئولتۇرالمايسەن، ئۇقتۇڭمۇ بالام؟

— ئۇقتۇم ئابا، — دېدى ئىبراھىم تېگىن، ئۇنىڭ بۇ سىرنىڭ تېگىگە قانداقتۇر قورقۇنچلۇق پاجىئەلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ، خۇش بولماي پەرىشان بولۇپ قالدى.

«بوزاغۇنىڭ ئاكام ئىكەنلىكىنى ئوغلۇمغا ئېيتماي تۇرسام بوپتىكەن، ئاقىۋەتتى خەيرلىك بولغاي ئىلاھىم ...» دەپ ئويلىغان قۇمارىبىكە كېنىزەكلەرگە بۇيرۇپ داستىخان سالدۇردى. ئوغلى بىلەن بوزاغۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى، ئاكىسىغا چاي

سۇنۇپ:

— پۈتۈن ئۈمىدىم سەندە قالدى، ئاكا. خانلىقىمىزنىڭ كاتتا ھوقۇقىنى قولۇڭغا ئالدىڭ، بۇنى ھەرگىز تارتقۇزۇپ قويمايمەن! بۇغرا قاراخان ساڭا ئىشەنسۇنكى، گۇمانلىنىپ قالمىسۇن، ئۆزۈڭگە مەھكەم بول، — دېدى. ئاندىن خامۇش بولۇپ قالغان ئوغلىغا كاۋاپ تۇتتى، — بالام، تاغاڭنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىل، ھەرگىز بويۇنتاۋلىق قىلما. خاقانلىق تاجىنى كىيىمەن دېسەڭ، ئاكامنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىل، ئاتاڭدىن ئۈمىد كۈتمە!

ئىبراھىم تېگىن باش لىڭشىتىپ، كاۋاپ قىلىنغان كەكلىكنى پارچىلاپ يېيىشكە تۇتۇندى. ئۇ قۇش گۆشىگە ئامراق ئىدى.

داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، قۇمارىبىكە بويىنى ئېچىپ ئالتۇن تاج بىلەن بىر ئالتۇن ساپلىق خەنجەرنى ئالدى. تاجنى ئوغلىغا كىيدۈردى، خەنجەرنى بوزاغۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئوغلۇم، ئېسىڭدە تۇتقىنكى، سەن مۇشۇ ئالتۇن تاجنى كىيىپ، ئاتاڭ ئورنىغا تەختكە چىقىسەن. لېكىن، بۇ ئاسان ئەمەس، بىلىپ قالغىنكى، ئاتاڭمۇ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن ئارسلانخانمۇ سېنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشۇڭغا جان - جەھلى بىلەن قارشى. سەن بىپەرۋا، بىغەم بولغاچقا بۇنى ئۇقماي كەلدىڭ. ئەمدى سەگەك بولۇشۇڭ، تەختتە جەزمەن ئولتۇرۇش كويىدا بولۇشۇڭ كېرەك، — قۇمارىبىكە سۆزىنى توختىتىپ، كۆكۈچ كۆزلىرىنى بوزاغۇغا تىكتى، — ئاكا، سەن خاقانىيلار ئېلىنىڭ بۇغرۇش باشى، خاقاندىن قالسىلا سېنىڭ ھوقۇقۇڭ، ئابرۇيۇڭ ھەممىدىن چوڭ، ئەمدى قارامىلىقىڭنى تاشلا، شەھۋانىيلىققا بېرىلمە، ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىل! ئۆزىنى سورىغان خاننى سوراپتۇ، دېگەن گەپ بار. دانالىق ۋە ئالىيجانابلىق بىلەن خاقاننى قولغا كەلتۈر. ئۇ سەنسىز ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىسۇن. دېگىنىڭ ئۇنىڭ پەرمانى، يارلىقى بولسۇن، مانا

شۇنداق قىلالىساڭ ئورنۇڭنى ساقلاپلا قالماي، ئوغلۇمنىڭ تەختكە چىقىشىغا ياردەم بېرەلەيسەن، قارلۇق خانلىقىنى بەرپا قىلالايسەن، ئېيتقىنىمدەك قىلمىساڭ بېشىڭنى يەيسەن!

ئانىسىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئىبراھىم تېگىن ئىختىيارسىز بېشىدا پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن تاجنى سىلاپ قويدى. ئۇ بۇ ۋاقىتقىچە ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىشقا ئۇنچىۋالا قىزىقمىغانىدى. مۇشۇ دەم تەختتە ئولتۇرۇشقا قەسەمياد قىلدى.

— ئاللا گۇۋاھ بولسۇنكى، ئابا، بۇ تاجنى كىيىپ تەختتە ئولتۇرمىغۇچە قىلىچىمنى قىنىغا سالمايمەن. تاغامنىڭ سۆزىدىن چىقمايمەن! — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىچىنى شارت قىلىپ سۇغۇرۇپ باش ئۇستىگە كۆتۈردى.

— ھەببەللى بالام، شاھزادىدەك گەپ قىلدىلا. بۇ ئىرادىگە كەلگەنىكەنلا، تاغىلىرى جېنىنى پىدا قىلىدۇ، — دېدى بوزاغۇ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

كۆڭلى تىنىغان قۇمارىبىكە ئۇلارنى ئۇزىتىپ قەسىر ھويلىسىغا چىققاندا يامغۇر تېخى پەسلىمىگەنىدى.

## 3

ئۇيۇقتىن يېغىلا باش كۆتۈرگەن قۇياشنىڭ نۇرى قەشقەر دالالىرىغا زەردەك چېچىلماقتا. يەردىن ئەمدىگىنە ئۇنۇپ چىققان بۇغداي، بېدە مايسىلىرى، ئەتىيازنىڭ غۇر - غۇر شامىلىدا مەيىن يەلپۈنەتتى. ئۆي - ئۆيدىن چىققان بىرقانچە قىز - چوكان مەڭزىنى - مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشۈپ، چۇۋۇلداشقىنىچە كۆك تەرگىلى مېڭىشتى. يوغان تۈچ ھالقىلىق ئىشىكنى ئېچىپ چىققان بويلۇق بىر چوكانمۇ ئۇلارغا قېتىلدى، چوكاننىڭ بېشىدا ئاق رومال، ئۇچىسىدا ھازا كىيىمى بار ئىدى. بۇ ئۇدمىش سانغۇننىڭ كېلىنى، ئېلبەگىنىڭ خوتۇنى ئىدى. ئۇنىڭ

چىرايىدىن ھەسرەت، مۇڭ يېغىپ تۇراتتى. ئۇ قىز - چوكانلارنىڭ پارىڭىغا، كۈلكە - چاقچاقلىرىغا ئارىلاشماي ماڭدى. ھارۋا يولىدىن ئۇڭ ياندىكى چىغىر يولغا بۇرىلىپ، شىرىلداپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتتى - دە، كۆك ئوت ئۈنۈپ كەتكەن ئېتىز قىرىدا توختىدى. باشقا قىز - چوكانلارمۇ توختاپ، ئېتەكلىرىنى سەل كۆتۈرۈپ، بىدە بولۇق ئۈنگەن ئېتىزغا قەدەم قويۇشتى، خۇشخۇي بىر چوكان:

— بۇۋىئايىشە خېنىم، ھازىردار تۇرۇقلۇق كۆك تەرگىلى چىقمىسىلىمۇ، بىز تېرىپ ئەكىرىپ بېرەتتۇق. ھېلىھەم بولسىمۇ قايتىپ، ئارازان ئاغىچا خېنىمغا ھەمراھ بولسىلا ئوبدان بولارمىكىن، — دەپ ئۇنى كېتىشكە ئۈندىدى.

— بۈگۈن سىلەر بىلەن كۆك تەرگۈم كېلىپ قالدى، ئەتە نورۇزدا ئابامىلارغا ئۆز قولۇم بىلەن كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ بېرەي دەيمەن، — بۇۋىئايىشە جاۋاب بېرىپ يەرگە ئېگىلىشتى، ئۇنىڭ قاپقارا ئىككى ئۆرۈم چېچىنىڭ تارالغان ئۇچلىرى بولۇق ئۈنگەن بىدە مايسىلىرىغا تېگىپ قالدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندىن بۇيان، قايغۇ - ھەسرەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن بۇۋىئايىشە ئىغىر - بېسىقلىق، سەۋرچانلىق بىلەن، بۇ ئائىلىنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىپ، چىرىغىدىن يورۇق چۈشۈرۈپ، كېلىۋاتاتتى.

ئىغىر كۈنگە قالغان ئائىلىلەر ئاز بولمىسىمۇ، بۇ ئائىلىگە كەلگەن دەرد - ئەلەم ھەممىدىن ئېشىپ چۈشەتتى، ھەسرەت - نادامەتتى چەكسىز ئىدى. ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئادامتوغرۇل، شان - شەرىپى بولغان ئۈدمىش، سائادىتى بولغان ئېلبەگلەرنىڭ جەسەتتى چۆلدە قالغانىدى. بۇ شۇم خەۋەرنى مۇھەممەد ئارسلانخان لەشكەرلىرى قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرگەن كۈنى، بوزاغۇنىڭ ئايغاقچىلىرى ھەممە يەرگە تارقىتىۋەتكەنىدى.

بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن بۇۋىئايىشە سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن

بىللە ئاتىسى بەگيوسۇپنىڭمۇ ئەسىر ئېلىنىپ زىندانغا تاشلانغانلىقىنى جاكارچىلارنىڭ ئاغزىدىن ئىشىتىپ كەلگەن ئىنىسى بەگتۇرمىشتىن ئۇقۇپ، ئاقبىرا ئاغىچا خېنىم بىلەن كېچىنى - كېچە دېمەي جانقورغانغا كەلدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشەلمەي ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئىشىك ئالدىدا مەھمۇد تېگىن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ زىنداندىن قايتىپ ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىكەن، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. ئاڭلىغان شۇم خەۋەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئاقبىرا ئاغىچا خېنىم ھوشىدىن كەتتى، بۇۋىئايىشە ئۇنى يۆلىۋالدى. مەھمۇد تېگىن:

— سەۋر قىلىشسىلا، تەڭرىنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، قانخورلارنى جازالىماي قالمايدۇ. ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشمىسىلا، قازاغا رىزا بولغان بەندىسىنى ئاللا مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ. ئوبدان كۈتۈنۈپ، سەۋر - چىدام، دۇئا - تەكبىر بىلەن مەرھۇملارنىڭ روھىنى شاد قىلىڭلار. بەگيوسۇپ ئاغام مۇشۇ تىلىكىنى ھەربىرلىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى، — دەپ تەسەللى بېرىپ قايتىپ كەتتى...

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ بۇۋىئايىشە ئانىسى ئاقبىرا ئاغىچا خېنىم، قېيىنئانىسى ئايتولۇن ئاغىچا خېنىم، قېيىنئاچىسى قۇمبا خېنىملارغا يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىپ كېلىۋاتاتتى. بەزى كۈنلىرى شەھەرگە كىرىپ ئانىسىغا ھەمراھ بولسا، بەزى كۈنلىرى دۆلەتباغ يېزىسىدىكى باغقا چىقىپ قېيىنئانىسىنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. غەمكىن كۆڭلىگە مەلھەم بولىدىغان چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، يىغىسىنى پەسلىتەتتى ... بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يا ئەتىگەن، يا كەچتە زىنداندىكى ئاتىسىغا تاماق ئېلىپ باراتتى. مەھمۇد تېگىن زىندانبېگىگە بەگيوسۇپنى تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇۋىئايىشە كەلسىلا كۆرۈشتۈرەتتى. بۇ غەمگۇزار چوكان بىر قانچە تىللانى

زىندانبېگىگە، گۇندىپايلارغا بېرىپ تۇراتتى ...

مانا شۇنداق بىر ـ بىرىدىن زوروۋر بولغان ئىشلار ئۇنى ئارام تاپتۇرمايتتى. چىن دىلىدىن سۆيگەن باتۇر سەركەردە ئېرىدىن ئايرىلغان، مېھرىبان ئاتىسى زىندانغا تاشلانغان بولسىمۇ، بۇ ئېغىر دەردكە چىداپ كېلىۋاتاتتى. بىر ئاز خالىي قالسىلا، كۆزلىرى بولدۇقلاپ تاشقان بۇلاقتا ئايلىناتتى. شۇڭا، يالغۇزلۇقنى خالىمايتتى. قايغۇ ـ ھەسرەت ئۇنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغاندا، ئۆگزىدىن يەرگە ئۆزىنى تاشلىۋېتىشتىن ياكى پىراق ئوتىدا يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان باغرىغا خەنجەر ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاتىسىغا پاناھ تارتىپ زىندانغا باراتتى.

بۈگۈن ئۇ ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ئېغىر مۇسىبەتنىڭ جانغا تېگىلگەن قايغۇ ـ ھەسرىتىدىن بىردەم بولسىمۇ نېرى بولۇشنى خالاپ، ئۆزى بېدە كۆك تېرىشكە چىققانىدى.

كۆكلەمنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغان مۇڭلۇق يۈزىنى سىيپاپ ئۆتتى. بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلگەن كۈن ئىللىق نۇرىنى ئۇنىڭ قارا كىيىم يوشۇرۇپ تۇرغان زىلۋا قامىتىگە چاچتى. چىغىر يول بويىدىكى سۆۋادان تېرەك شېخىغا قونغان كاككۇك ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولغاندەك بويۇنداپ سايراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە مۇڭلۇق، يېقىملىق ئىدى.

قىز ـ چوكانلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن تاكى كۆكنى تېرىپ بولغۇچە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. بۇۋىئايىشە ئېتىكىگە لىق توشقان كۆكنى ياغلىقىغا تۆكۈپ ماڭغاندا، مىسكىن دىلى خېلى ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇ قىز ـ چوكانلار بىلەن ھويلىغا كىردى. غۇنچە باغلىغان بولسىمۇ، گۈلزارلىقتىكى گۈللەر تېخى پورەكلىمىگەن، باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى بىخ سۈرگەن بولسىمۇ، چېچەكلىمىگەنىدى.

پېشايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ ئالدى گۈلچىمەنلىك ھويلا، ئارقىسى

مېۋىلىك باغ ئىدى. باغۇبوستانلىق بۇ قورۇنىڭ يېگىدىن ئەھيا قىلىنغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئايۋان ـ ئۆيلەرنىڭ ناۋا ئەگمىلىرىگە چىقىرىلغان قاپارتما نەقىشلەر، تۇۋرۇكلىرىگە چېكىلگەن گۈل ـ گىياھلارنىڭ نەپىسلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. بوۋا، مومىسى ئۆچۈن بۇ باغنى بەرپا قىلغان قەيسەر يىگىت ئېلىبەگ ئەمدى يوق ئىدى. ئادامتوغرۇل بۇ باغنىڭ سايە ـ سالقىنىنىڭ راھىتىگە تېخى قانمىغان، ئۆدمىش خوتۇنى ئايتولۇن بىلەن بۇ باغدا بىر يازنىلا ئۆتكۈزگەن، ئېلىبەگمۇ جانانى بۇۋئايىشە بىلەن بۇ باغنىڭ ئايدىڭ ئاخشاملىرىدىكى سۆيگۈ لەززىتىنى قانغۇدەك سۈرەلمىگەنىدى. ئارازان ئاغىچا «بىللە ئۆلسەك ...» دېگەن ئارمانىغا يېتەلمەي، قەدىناسى، ئوغلى، نەۋرىسىدىن بىراقلا ئايرىلىپ، كۆيۈپ ئاز قالغان شامدەك پىلىلداپ تۈگىمەكتە ئىدى. ئېرى، يۈرەك پارىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ تۇل بولۇپ قالغان ئايتولۇنغا بۇ دۇنيا دوزاخ تۇيۇلۇپ، پىراق ئوتىدا ئۆرتۈنەتتى. بۇۋئايىشە جاسارەتلىك ئېرى ئېلىبەگنىڭ جەڭدە ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىشەنمەي، سېغىنىپ، ئىچىدە يىغلاپ، تېشىدا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ كۆنلەرنى چىدام بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۆيدە بولسا، دائىم كۆزىنى ئىشىكتىن ئالمايتتى، يولدا بولسا، كىشىلەر ئارىسىدىن ئېرىنى ئىزدەتتى...

ئۇ مۇشۇ دەمدە قورۇ ئىشىكىدىن كىرىۋېتىپمۇ ئالدىغا ئېلىبەگ چىقىدىغاندەك، ئۇمىدۋار تۇيغۇدا ئەتراپقا كۆز سېلىپ چىقتى. دېدەك، خىزمەتكارلار ھويلا، باغ ئىچىنى سۈپۈرۈپ تازىلاۋاتاتتى. كۆمۈلگەن ئۇزۇم تاللىرىنى ئېچىپ، گۈل ـ گىياھلارنى سۇغىرىۋاتاتتى. ئارازان ئاغىچا پېشايۋاندا تەكىيىگە باش قويۇپ ياتاتتى، ئايتولۇن بېشىدا ئولتۇراتتى. ئېلىبەگنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇۋئايىشەنىڭ پىغانى ئۆرلەپ، يىغا تۇتتى. ئەمما، ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ، كۆز ياشلىرىنى يۈرەك قېتىغا يوشۇردى، ئاستا كېلىپ كۆكنى پېشايۋان سۇپىسىغا

قويدى.

— ئاغىچا ئانا، خان ئانا، نورۇزلۇق كۆك تېرىپ كەلدىم. بۇگۈن ھاۋا شۇنداق ئوچۇق. كۆك تەرگىلى چىققان قىز – چوكانلارمۇ كۆپ ئىكەن، ياخشى تىلەكلىرىنى، كۆلكە – چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى، — دېدى ئۇ مۇڭلۇق چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

ئارازان ئاغىچا قايغۇ – ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېلىۋاتقان بۇۋىئايىشەگە جەينىكىنى كۆرپىگە تىرەپ كۆتۈرۈلۈپ قاراپ:

— ئەجەب ئوبدان قىلىپلا بالام، كۆكنى خىزمەتكار ئايالىلار سوقسۇن، مەن قىزىم ئايتولۇن بىلەن توگۇشۇپ بېرەي، كۆك چۆچۈرىسىنى سېغىنىپ قالغانىدىم، — دەپ رۇسلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ كېلىننى ئايتولۇننىڭ ئۇھ تارتىپ ئۇن چىقمىغىنىدىن كۆڭلىگە ھەرقانداق ئىشنى سىغدۇرالماي ئازابلىنىۋاتقىنىنى بىلدى. بۇۋىئايىشە قېيىنئانىسىنىڭ تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتقىنىنى چۈشىنىپ:

— خان ئانا، كۆك چۆچۈرىسى سېغىنمىدىلىمۇ؟ ھە، يېگۈلىرى يوق بولسا، ئۆگرە چۆپ ئېتىپ بېرەي، — دېدى.

— جېنىم قىزىم، كۆك چۆچۈرىسىنى مەنمۇ سېغىندىم، ئەجەب جىق تېرىپ كەپلا، باياتىن مەرھۇم بوۋىلىرىغا، ئوغلۇمغا قىسىنىپ غەمقىسىدە بولۇپ قالدىم، ئۇلارنى ھېچ ئۇنتۇيالمايۋاتىمەن. خۇدايىم ھېچ بەندىسىنىڭ بېشىغا بىزنى يىغلاتقان بۇ ئېغىر كۈننى كەلتۈرمىسۇن، — دەپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

— يىغلىمىسىلا خان ئابا، ئائىلىسىگە ئېغىر مۇسىبەت كەلگەنلەر يالغۇز بىز ئەمەس، خۇدانىڭ بۇ قازاسىغا رىزا بولمىساق ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز. بوۋام، ئاتام، نەۋرىلىرى ھەققانىيەت يولىدا جەڭ قىلىپ ۋاپات بولدى، بۇنى پۈتۈن ئەل بىلدى. ھايات ئىكەنمىز سەۋرچانلىق بىلەن ياشىشىمىز كېرەك. يىغلىمىسىلا خان ئابا، يىغلىمىسىلا، — بۇۋىئايىشە ياغلىقى

بىلەن قېيىنئانىسىنىڭ يېشىنى سۈرتتى. ئارازان ئاغىچىمۇ كېلىنىگە تەسەللى ئېيتىپ كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدى.

— بىز بۇنداق يىغلاۋەرسەك مەرھۇملار گۆرىدە تىنىچ ياتالمايدۇ. ئۇلارنى يىغا بىلەن تىرىلدۈرەلمەيمىز. ئاغىچا ئانا، خان ئابا، نورۇز بايرىمى كېلىۋاتسا باش تۆكۈپ ئولتۇرساق ياخشى بولماس، سەۋر قىلىشىلا، كۆكنى ئىلغايلى، ئۆزۈم سوقىمەن، خېمىرنىمۇ ئۆزۈم يۇغۇرىمەن. چۈش بولاي دەپ قاپتۇ، — سۆزىنى توختىتىپ ئورنىدىن تۇرغان بۇۋىئايىشە ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىش ئۈچۈن تۇرغۇزغان يېتىم قىز ھەلىمەنى ئاشخانىدىن چاقىرىپ چىقتى، ئايتولۇنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەلىمە، كۆكنى دېدەك قىزلار بىلەن ئىلغاپ سوقۇڭلار، مەن خېمىرنى يۇغۇرۇپ بېرەي، — دەپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ھەممەيلەن كۆك چۆچۈرىسى ئېتىشكە تۇتۇندى. بۇ مۇشۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ باشلىرىغا مۇسىبەت كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم بىرلىكتە تاماققا تۇتۇش قىلىشى ئىدى. پىشۇرۇلغان چۆچۈرىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. بۇۋىئايىشە ئازراق يەپلا، ئاشقان كۆكنى بىر خالتىغا ئالدى، دۇئادىن كېيىن يېڭى پىشۇرۇلغان چۆچۈرىنى بىر چوڭ ھېجىرغا لىق ئېلىپ ئورنىدىن قوپتى.

— بۇ چۆچۈرىنى ئاتامغا، بۇ كۆكنى ئانامغا ئەكىرىپ بەرگۈم بار. خالاشسىلا مەن بىلەن كىرىپ نورۇز بايرىمىنى شەھەردە ئۆتكۈزۈپ چىقىشسىلا.

كېلىنىنىڭ بۇ سەمىمىي ئۆتۈنۈشى ئايتولۇننى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى. ئۇ قېيىنئانىسىغا قارىۋىدى، ئارازان ئاغىچىمۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— زىندانغا بېرىپ ھۆرمەتلىك قۇدامنى بىر يوقلاپ كېلىشىم زۆرۈر ئىدى. ئۇست ـ ئۇستىلەپ كەلگەن مۇسىبەت بىلەن ھالسىزلىنىپ بارالماي قالدىم. خۇداغا شۈكۈر، بۈگۈن خېلى ئوبدان تۇرىمەن، قېنى ماڭايلى.

بالا ـ قازا يۇز بەرگەندىن بۇيان ئارازان ئاغىچىنىڭ چاچلىرى ئۇچىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئايتولۇنىڭمۇ چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ، ئۆزى جۇدەپ قالغانىدى. ئۇلار مەپە بىلەن شەھەرگە كىرىپ، يابىرا ئاغىچا بىلەن ئاقبىرانى ئېلىپ زىندان ئالدىغا كېلىشتى. سۇلايمان ئارسلانخان، بەگيۇسۇپ، ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپنى يوقلاپ كەلگەنلەر ھەر كۇندىكىدىنمۇ كۆپ ئىدى.

— قاچان كەلسەم زىندان ئىشىكى ئالدىدا مۇشۇنداق ئادەم كۆپ. بۇنىڭدىن تەسكىن تاپقان كۆڭلۇم بۆلەكچە يورۇپ قالىدۇ، ئابالىرىم، قاراڭلار، ھەممەيلەن ئاتام بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراۋاتىدۇ، — ھاياجانلانغان بۇۋىئايىشە ئانىلىرىغا زىندان ئالدىدىكى كىشىلەرنى كۆرسەتتى. كۆرۈشكەنلەر زىندان ئىچىدىن ئۇدۇللۇق قايتىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇلار يوغان بىر توپ ئۇجمە دەرىخىنىڭ تۇۋىدە كۇتۇپ تۇرۇشتى. بىر چاغدا ئاق تورۇقتا مىنگەن مەھمۇد تېگىن مۇزلاملىرى بىلەن كېلىپ ئاتتىن چۇشۇپ كۆپچىلىك بىلەن سالاملاشتى. ئەتراپىغا قاراپ ئۇلارنى كۆرۈپ، ئىتتىك قېشىغا باردى. يابىرا ئاغىچا بىلەن ئارازان ئاغىچىدىن ئالاھىدە ئەھۋال سوراپ دېدى:

— مۇھەممەد ئارسلانخان بوۋام بىلەن كۆرۈشۈپ، سۇلايمان ئارسلانخان بوۋامنى، بەگيۇسۇپ ئاغامنى، مەۋلانا ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ قاتارلىق بۇزرۇكۋارلارنى قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدىم. بىر قىسىم قارا نىيەت ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ. «سەن ئارىلاشما!» دەپ ئوچۇق چىراي ئاچمىدى. تەخىر قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ھەربىرلىرى ئەندىشە قىلىشمىسىلا، خۇدا خالىسا ئۇلارنى قويۇپ بېرىشكە بوۋامنى ماقۇل قىلىمەن، سەۋر قىلىپ تۇرۇشسىلا.

مەھمۇد تېگىن ئانىسى بىلەن بىللە كەلگەن بەگتۇرمىشنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سوراپ، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىۋاتقاندا، زىندان قورۇسىدىن چىققان زىندانبېگى پايپاسلاپ كېلىپ تەزىم قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھزادە ئالىيلىرى، يەنە كېلىپلا ــ دە، مۇبارەك قەدەملىرىگە كۆز تەگمىسۇن.

مەھمۇد تېگىن ئۇنىڭ سۆزىدە بىر مەنە بارلىقىغا دىققەت قىلىپ سورىدى:

— بەردىبەگ، مېنىڭ بۇ يەرگە تولا كەلگىنىمدىن نارازى بولغانلار بارمۇ نېمە؟ ئوچۇق ئېيتىڭ.

— ئالىيلىرى، بۇ ھەقتە باشتىلا ئۆزلىرىگە ئېيتقانىدىم. يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ھەر كۈنى بەگيۇسۇپ جانابلىرىنى يوقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. ماڭا تۇنۇگۈن كەچ ئاچچىقلىنىپ: «بۇغرا قاراخانىنىڭ ئەمرى: سۇلايمان ئارسلانخان، بەگيۇسۇپ، ھۇسەيىن پەزلۇللا قاتارلىقلارنى يوقلاپ كەلگەنلەرنى زىندان ئالدىغا كەلتۈرمە، ھەتتا ئۇ شاھزادە ياكى ئەمىر بولسىمۇ» دەپ زەردە قىلدى. لېكىن، مەن ئۇنداق قىلالمىدىم.

— مۇنداق دەڭ. بىلدىم، بۇ گەپنى قويايلى. ئۇلار دېگەندەك قىلمىغىنىڭىز توغرا بوپتۇ. ھازىرلا بەگيۇسۇپ ئاغامنى ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزۈم مەسئۇل !

— خوپ، ئالىيلىرى.

زىندانبېگى بەردىبەگ ئۇلارنى باشلاپ كىرىپ كېتىۋاتقاندا، پاكار بويلۇق، چوقۇر يۈز ئادەمنىڭ كۆپچىلىك ئارىسىدىن غىپپىدە چىقىپ ئوردا تەرەپكە كەتكىنىنى بەگتۇرمىش كۆرۈپ قالدى. لېكىن، بۇ يىگىت ئۇنىڭغا ئېرەن قىلماي يابىرا ئاغىچا مومىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە مېڭىۋەردى.

زىندانبېگى چاھ ئۈستىدىكى تاش ياپقۇنى ئالدۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن:

— قېنى، بەگيۇسۇپ جانابلىرى بىلەن دىدار مۇلاقاتتا بولۇشسىلا، — دەپ چەتكە ئۆتۈپ تۇردى.بىرىنچى بولۇپ يابىرا ئاغىچا چاھقا ئېڭىشتى.

— ئامان تۇرۇۋاتامىلا، بالام؟
— ئەلھەمدۇلىللا ئاپا، دۇئالىرى بەركاتىدىن.
مومايىنىڭ كۆز ياشلىرى چاھ ئىچىگە تاراملاپ چۈشتى.
— نورۇز بايراملىرىنى مۇبارەكلەپ ئىككى ئائىلىدىكى ھەممەيلەن كەلدۇق.
— رەھمەت ئاپا، سىلەرنى سېغىنغانىدىم، ھېلىمۇ كۈن ئارىلاپ يوقلاپ تۇرۇۋاتىسىلەر، زىنداندا يېتىشىمۇ تەڭرىمنىڭ سىنىقى، ئىنشائاللا، غەمگۇزارلىرىم. ھەربىرلىرىنىڭ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن قورقماي ئېقىرنى يوقلاپ تۇرغان ئاۋامنىڭ مەدىتى بىلەن بۇ مۇشكۈل سىناقتىن ئۆتىمەن.
— تەڭرىم تىلەكلىرىگە يەتكۈزسۇن، بالام. ئەمدى ئاقىمرا قىزىم بىلەن كۆرۈشسىلە، — يابىرا ئاغىچا كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ كېلىنىگە ئورۇن بەردى.
— ئەسسالام ئاتىسى، بالىلارنى ئېلىپ كەلدىم.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئانىسى، بالىلىرىمنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلگەنىدى، — بەگيۇسۈپنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا لىق توشتى، — قېنى ئۇلار، بىر كۆرەي، — ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ چاھ ئاغزىغا كۆز تىكتى.
— ئەسسالام ئاتا. بۇ مەن قىزلىرى بۇۋئايىشە، سىلىگە كۆك چۆچۈرىسى ئېلىپ كەلدىم.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قىزىم، رەھمەت، كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ كەلگەنلىرى ئۈچۈن ئاللا رەھمەت قىلسۇن! نېمىشقا يىغلايلا قىزىم؟ يىغلىمىسىلا، سىلى يىغلىسىلا مەن چىديالماي قالىدىكەنمەن.
— ياق، يىغلىمىدىم، ئاتا. نورۇز بايرىمىنى بىللە ئۆتكۈزەلمىگىنىمىز ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ.
— سىلىگە ئاللادىن سەۋر - چىدام تىلەيمەن، قىزىم، كېلەر يىلى نورۇزدا خۇدا بۇيرۇسا بىللە بولىمىز.
— ئىنشائاللا، ئاتا.

— ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا بالام.
— ماقۇل، ئاتا.
— نەۋرىلىرىمنى ئېلىپ كەلمەپسىلغۇ، ئوبدان چوڭ بولۇۋاتقاندۇ؟
— ئوبدان چوڭ بولۇۋاتىدۇ. يېقىندىن بېرى شۇكىلەپ قېلىشتى. «بوۋام قېنى؟» دەپ سىلىنى كۆپ سورىشىدۇ. سەبىيلەرنىڭ كۆڭلىنى مالال قىلمايلى، دەپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلمىدىم، — بۇۋىئايشە ئۈنسىز يىغلىدى.
— ئوبدان قىلىپلا بالام، نەۋرىلىرىمگە ياخشى قارىسىلا، باشقا چۈشكەن بۇ بەختسىزلىكلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.
— ئىنشائاللا، ئاتا.
— ئوغلۇم چاھ ئاغزىغا كەلسۇن.
بەگتۇرمىش چاھ ئىچىگە ئېڭىشتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاتا!
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم.
— سالامەت تۇرغانلا، ئاتا؟
— ئەلھەمدۇلىللا، بالام، ئوبدان ئوقۇۋاتقانسەن؟
— «تەپسىرى قۇرئان» نى تۈگىتىپ، ئەپلاتون، ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپە كىتابلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۆتتۈم، ئاتا، تىرىشىۋاتىمەن.
— دۇنيادىكى ھەممە بايلىق سەرپ قىلىنىپ تۈگەيدۇ. ئەمما، بىلىم تۈگىمەيدىغان، خورىمايدىغان ئېسىل بايلىق. سەن قانچە كۆپ بىلىم تەھسىل قىلساڭ مەن شۇنچە سۆيۈنىمەن، ئوغلۇم.
— خاتىرجەم بولسىلا، ئېيتقانلىرىدەك قىلىمەن.
— بۇ نورۇزگۈلنى قوبۇل قىلسىلا، ئاتا، — بەگتۇرمىش قىزىلگۈل غۇنچىسىدىن ئۈچ تال، ئىككى كىتاب تاشلاپ بەردى.
ئارازان ئاغىچا، قۇمبا، ئايتولۇنلار چاھقا ئېڭىشىپ تۇرۇپ بەگيۈسۈپ بىلەن كۆرۈشتى. ئېلىپ كەلگەن نورۇز ئېشى، يېمەكلىكلەرنى ئارقان بىلەن چاھ ئىچىگە چۈشۈرۈشتى ...

ئۇلار قايتىپ زىندان ئىشىكىدىن چىققاندا، بوزاغۇ مەھمۇد تىگىنگە بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

«مەھمۇد تېگىندىن دەككىسىنى يېگەن ئوخشايدۇ بۇ دەيۇز، سەن بۆيرۇقۇمنى ئادا قىلماي يەنە ئۇلارنى كۆرۈشتۇرۇپسەن، دەپ جازالىشىدىن پەرۋايىم پەلەك. بۇ زىندانغا بۇغرا قاراخان، بۆگۈ بىلگەلەر تاشلانغان يەردە، مەن نېمىدىم ...» دەپ ئويلىدى قوشۇمىسى تۈرۈلگەن زىندانبېگى بەردىبەگ.

# 4

بۇغرا قاراخان ئوردىسى قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بوستانلىق تۆپىلىكتە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرگەنىدى. بۇ ئوردىنىڭمۇ بالاساغۇندىكى ئوردىغا ئوخشاش غەرب ۋە شەرقتە ئىككى دەرۋازىسى بار ئىدى. شەرقىي دەرۋازىسىدىن دۆلەت ئەربابلىرى، سىپاھلار، خىزمەتچىلەر ۋە پۇقرالار، غەربىي دەرۋازىسىدىن قاراخان جەمەتىدىكىلەر كىرىپ چىقاتتى. ئوردىنىڭ كۆنگۈرىلىك ئېگىز سېپىلى خېلى يىراقتىن كۆزگە تاشلىناتتى.

مۇلازىملىرى بىلەن زىنداندىن يانغان بوزاغۇ قارا بويۇن ئارغىمىقىنى دېۋىتكىنىچە شەرقىي دەرۋازىدىن كىرىپ، گۈلچىمەنلىك ئوردا سەيناسىدا توختىدى. دەرھال كەلگەن ئىككى ياساۋۇل تىزگىنىنى تارتىپ، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ئاتتىن چۈشۈردى. بوزاغۇ ھېچكىمگە قارىماي، مەرمەر تۈۋرۈكلىرى پارىلداپ تۇرغان، پېشايۋانى ئەگمە سالاسۇنلۇق بۇغرا قاراخان سارىيىغا قاراپ ماڭدى. سارايىنىڭ ئىككى تەرىپىگە «دىۋانى مەمۇر»①، «دىۋانى ئارىز»، يۇغرۇش باشى، ھاجىپ، ئاغىچى ئۇلۇغى قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئىشخانىلىرى يانداپ

① دىۋانى مەمۇر — مەمۇرىي ئىشلار دىۋانى.

سىلىنغانىدى.

بوزاغۇ ئالتۇن ھالقىلىق ئىشىكنىڭ پەشتىقىغا ھال رەڭ توققۇز تۇغ قادالغان بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ يەتتە باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ دەھلىزگە كىردى. قاپۇغچى باشى دوقاقبەگ بىلەن ئۇزۇن تىنچلىق سورىشىپ، ئۇ كۆرسەتكەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. دوقاقبەگ ھېجىيىپ ھۆرمەت كۆرسەتكەندەك قىلىسىمۇ، بوزاغۇنى ئانچە كۆزگە ئىلمايتتى. قۇمارىبىكەنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن «باشپاناھسىز» بوزاغۇنى مۇھەممەد ئارسلانخانغا جاندارلىققا تونۇشتۇرغانلىقى ئۇنىڭ تېخى ئېسىدە ئىدى. پەلەك بىر چۆرگۈلەپ بوزاغۇ يۇغرۇش باشى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە چىققتى. بۇ دوقاقبەگكە ئەلەم قىلغان بولسىمۇ، چاندۇرماي پەيت كۈتمەكتە ئىدى. «ھازىر بۇ تەلپىگە ھە دەپ تۇرۇپ، ۋاقتى كەلگەندە ئايىغىمغا باش قويغۇزماي قويمايمەن !» دېگەن ئويدا بوزاغۇ بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتۈۋاتاتتى.

— يۇغرۇش باشى، خاپا كۆرۈنىسىزغۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇقسام بولامدىكىن؟ — سورىدى دوقاقبەگ سىپايىلىك بىلەن گەپ ئالماقچى بولۇپ.

— دوقاقبەگ ئاغا، ئۆزلىرىدىن يوشۇرىدىغان قانداق مەخپىيىتىم بولسۇن، — بوزاغۇ خىرىلداپ كۈلۈپ سېرىق شاپ بۇرۇتىنى تولغاپ قويدى، — بۇ ئانچىلىكىم بىر ئىش، ئاغا. خەۋەرلىرى بار، سۇلايمان ئارسلانخان ۋەزىرلىرى، يېقىنلىرى بىلەن زىندانغا تاشلانغان بىر ئايدىن بۇيان، ئۇلارنى يوقلاپ كېلىدىغان ئادەملەر ئازايماستىن كۈن ئۆتكەنسېرى ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ بۇغرا قاراخانىمىز مۇھەممەد ئارسلانخان ئۈچۈن تەھدىت. زىندان بېشىغا يوقلاپ كەلگەنلەرنى كۆرۈشتۈرمەي قايتۇرۇۋېتىش توغرۇلۇق نەچچە قېتىم ئەمر قىلغان بولسامۇ، مەھمۇد تېگىن «يوقلاپ كەلگەنلەر كىم بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا، تەخىرسىز كۆرۈشتۈرۈڭ، ئاقىۋىتىگە مەن مەسئۇل» دەپ

مېنىڭ ئەمرىمنى بىكار قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى زىندانبېگى ئۆزى ئېيتىپ بەردى. شاھزادىنىڭ سۆزىنى رەت قىلالمىدىم، دەپ گۆشىيىپ تۇرسا قانداق قىلغۇلۇق! ئاخىر چاۋاربەگنى كۆز - قۇلاق بولۇشقا ئەۋەتكەنتىم. مەھمۇد تېگىننىڭ زىندان ئالدىغا يىغىلغانلارنى سۇلايمان ئارسلانخان، بەگيۇسۇپلەر بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە ئەمر قىلغانلىقىنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانلىقى ھەققىدە دەرھال مېنى خەۋەرلەندۈردى. بارسام، كۆرۈشتۈرۈۋاتقانىكەن، مەن يوقلاپ كەلگەنلەرنى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇدۇم. مەھمۇد تېگىن: «سىز شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلىۋاتىسىز، بۇلار كۆرۈشمەي كەتسە بولمايدۇ، سىز كېتىڭ!» دەپ غەزەپلەندى. بۇغرا قاراخاننىڭ بۇ نەۋرىسىگە يەنە گەپ قىلىشنى ئارتۇقچە بىلىپ ئۇدۇل ئوردىغا كېلىشىم، قاراخان ئالىيلىرى سارايدىمۇ؟

— سارايدا، قەيسەربەگ، كەلگەنلىرىدىن ئالىيلىرىنى ۋاقىپلاندۇراي، — دوقاقبەگ سارايىنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كۆركەم ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىپ تېزلا يېنىپ چىقتى، — كىرسۇن دەيدۇ، يۇغرۇش باشى.

بوزاغۇ سەللە ئوراپ، كۈمۈش ئوتۇغات قىستۇرۇلغان بۆكىنى ئوڭلاپ كىيىپ سارايغا كىردى، بارغىنىچە تەخت ئالدىدا تىزلاندى.

— ئەزىز دەرگاھلىرىدا خىزمەتلىرىدە بولغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن، ئالىيلىرى.

— ئولتۇرۇڭ، يۇغرۇش باشى، — غەمگە پېتىپ قالغان مۇھەممەد ئارسلانخان سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى، — ئەل ئىچىدە نېمە گەپ بار؟ سۆزلەڭ.

— ئەل ئىچىدە ئالىيلىرىنىڭ ياخشى گېپى ... بۇغرا قاراخانلىق تەختىگە چىققانلىرىدىن بۇيان ئوردۇكەنت ناھايىتى ئاۋات بولۇپ كەتتى. ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، سودىگەر لاتىپۇرۇشلار، ھەممە خەلق ئالىيلىرىدىن رازى، ئەمما ...»

بوزاغۇ سۆزىنى توختىتىپ ئىپتىيات نەزىرىدە بۆغرا قاراخانغا قاراپ قويدى.

— نىمە ئەمما ئۇ؟ — مۇھەممەد ئارسلانخان سەل كۆتۈرۈلۈپ يەنە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئىچى نىمە ئۇچۇندۇر تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى.

— ئەمما ئالىيلىرى، سۇلايمان ئارسلانخان، بەگيۇسۇپلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى، يېقىنلىرى كۇندە دىگۇدەك زىندانغا كېلىپ تىل بىرىكتۇرمەكتە. بۇ ئالىيلىرىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىق، بۇ ئۆزلىرىگە قىلىنغان تەھدىت! ...

— نىمە؟ — مۇھەممەد ئارسلانخان چۆچۈگەندەك بولۇپ ئۆڭدى، — زىندانغا تاشلانغانلارنى يوقلاش شەرىئەتكە خىلاپ ئەمەسقۇ، ئۇلارنىڭ تىل بىرىكتۇرۇۋاتقانلىقى توغرۇلۇق قانداق ئىسپات بار؟

— بۇغراخان ئالىيلىرى، زىنداندىكىلەرنى يوقلاش شەرىئەتكە خىلاپ ئەمەس. ساۋابلىق ئىش. لېكىن، ھازىر ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن مەلۇم بولدىكى، سۇلايمان ئارسلانخان، بەگيۇسۇپلەرنى يوقلاپ كېلىۋاتقانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىلا بولماستىن، بەلكى ئوردۇكەنتتىكى ئاتاقلىق بايلار، ھۈنەرۋەن كاسىپلار، مەدرىسەلەردىكى بۆگۈ بىلگە، تالىپلار، ھەتتا سىپاھلار، سەركەردىلەر ئىكەن. باشقا ۋىلايەت ـ ئايماقلاردىنمۇ يوقلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋېتىپتۇ. سۇلايمان ئارسلانخان، بەگيۇسۇپلەر ئۇلارنى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئالىيلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا دەۋەت قىلىۋېتىپتۇ، — بوزاغۇ چەكچىيىپ كەتكەن مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ غەزەپلىنىۋاتقىنىدىن يايراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەگەر زىندانغا يوقلاپ كېلىۋاتقانلارنى تىزگىنلىمىسەك، كۆرۈشۈش داۋاملاشسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئويلىغاندىنمۇ ئېغىر بولىدۇ، ئالىيلىرى.

بوزاغۇ سۆزدىن توختاپ، تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن قۇمارىبېكە

بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ «بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سۇلايمان ئارسلانخاننى ئۆلتۈرۈشكە بۇغرا قاراخاننى ماقۇل كەلتۈرۈڭ، مەنمۇ ئىبرىمنى بۇنىڭغا كۆندۈرىمەن» دېگىنىنى ئېسىگە ئالدى، بوزاغۇ جاۋاب كۈتۈپ تىزلانغىنىچە سۈكۈت قىلدى.

بۇغرا قاراخان ئورنىدىن تۇردى. سارايىنىڭ پەردىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوڭ تەرىپىدىكى دېرىزىدىن چار باغقا بىر پەس قاراپ تۇرۇپ، بىردىن غەزەپلىك چاقنىغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى:

— قەيسەربەگ!

— لەببەي ئالىيلىرى.

— يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن زىنداندىكىلەرنى كۆرۈشتۈرۈش ئەتىدىن باشلاپ توختىتىلسۇن!

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى.

— يۇغرۇش باشى، سىزنىڭ يەنە قانداق مەسلىھەتىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى بېشى قاتقان مۇھەممەد ئارسلانخان ئۆزىنى يەنە تەختكە تاشلاپ ئولتۇرۇپ.

— كۆرۈشتۈرۈشنى چەكلەش تەس، ئالىيلىرى. بۇنداق دېگىنىم ئۇچۇن كەچۈرگەيلا.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈگەن بوزاغۇ يەرگە باش قويدى:

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى ئالىيلىرى، نەۋرىلىرى مەھمۇد تېگىن ھەر كۈنى زىندانغا كېلىپ، كۆرۈشتۈرۈشكە ئۆزى باشچىلىق قىلماقتا.

— نېمە؟ — مۇھەممەد ئارسلانخان سەل ئېگىشىپ قوللىرىنى بىگىز قىلىپ سورىدى، — سىز ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدىڭىزمۇ؟

بوزاغۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— گەپ قىلدىم، بۇۋامغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن، سىز بۇ يەردىن كېتىڭ، دەپ قوغلىدى.

— بولدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي. يەنە قانداق مەسلىھەتىڭىز بار؟

بوزاغۇ تىزلىنىپ مېڭىپ تەختكە يېقىن كەلدى. ئۇنىڭ بېشى مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ قىلىچىنى توغرا قويۇپ قويغان تىزىغا تېگەي دەپلا قالدى.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، ئەلمىساقتىن بۇ كەمگىچە نۇرغۇن پادىشاھلار ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ تەختكە چىقىش جەريانى بىر قانلىق تارىخ. تەلەيلىكلىرى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا قان تۆكمەيلا ئولتۇرغان. بەزىلىرى بولسا جەڭ قىلىش ئارقىلىق تەختنى تارتىۋالغان. بەزىلىرى سۇيىقەست بىلەن تەختكە چىققان. يېقىنقى زاماندىن سۆز ئاچسام، بوۋىلىرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەزرەتلىرىمۇ تاغىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن تەختتە ئولتۇرغان. سامانىيلار خانلىقىنىڭ شاھزادىلىرى ناسىر بىننى ئەھمەدتىن ئىنىسى ئىسمائىل بىننى ئەھمەد زورلۇق بىلەن تەختنى تارتىۋالغان. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئۆزلىرىنىڭ تەختنى تارتىۋېلىشلىرىمۇ ئاشۇ تارىخنىڭ داۋامى.

چىرايى ئۆڭگەن مۇھەممەد ئارسلانخان ئۆزىگە مولۇندەك قادىلىپ تۇرغان بوزاغۇغا ئاچچىقلانغان تەرزدە دېدى:

— بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسىز قەيسەربەگ؟

بوزاغۇ تەخت پايىسىغا باش قويدى.

— دېمەكچىمەنكى ئالىيلىرى، سۇلايمان ئارسلانخان، بەگيۇسۇپلەرنى كۆزدىن يوقاتماي تۇرۇپ ئەمىنلىككە ئېرىششلىرى مۇمكىن ئەمەس. ئويلىنىپ كۆرسىلە خاقانىم.

— ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇش كېرەك دېمەكچىمۇ سىز، — مۇھەممەد ئارسلانخان چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۆتۈكىنىڭ نالىسى بوزاغۇنىڭ بېشىدىكى كۈمۈش ئوتۇغاتقا تېگىپ، ئۇنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. قورقۇپ كەتكەن بوزاغۇ لاغ ـ لاغ تىترىگىنىچە تىزلىنىپ كەينىچە مېڭىپ، تەختتىن ئۈچ قەدەم نېرىدا يەرگە بېشىنى قويدى:

— ئارتۇقچە سۆزلەپ قويغان بولسام، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا، ئالىيلىرى.

تەختتىن چۈشكەن مۇھەممەد ئارسلانخان يېرىم سۇغارغان قىلىچىنى غىلاپىغا يەنە كىرگۈزۈۋەتتى.

— سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئاكام ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— بىلمەمدىغان ئالىيلىرى، بىلىمەن.

— بەگيۇسۇپنىڭ ئەلگە مەشھۇر سىياسەتچى، بۆگۈ بىلگە، شائىر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدىغانسىز؟

— ئەلۋەتتە، ئالىيلىرى.

— ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش — مەملىكەتنى قانغا غەرق قىلىش دېمەكتۇر.

— ئۇلارنى ئۆلتۈرمەسلىكمۇ تەختنى ئوت ئۈستىدە قويۇپ ئولتۇرغانلىق بىلەن باراۋەر. بۇ ئوت ئۆچۈرۈلمىسە، ئاقىۋەت كۆيۈپ كۈل بولۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، ئالىيلىرى، — دېدى ئۆزىنىڭ سۆزىگە مايىل بولۇۋاتقىنىنى ھېس قىلغان بوزاغۇ.

مۇھەممەد ئارسلانخان تەختتىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن بوم ساقىلىنى سىلاپ - سىلاپ، سارايىنىڭ سول تەرىپىدىكى دېرىزە يېنىغا بېرىپ، خىيالچان نەزىرىنى سىرتقا قاراتتى. «يۇغرۇش باشىنىڭ ئېيتقانلىرى خاتا ئەمەس، ئاكام ھاياتلا بولىدىكەن ماڭا ئامانلىق يوق. ئۇ بىر بۆگۈ بىلگە، قان تۆكۈشنى خالىمايدىغان پادىشاھ، ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشقا پېتىنالمايمەن ... تەڭرىم، قانداق قىلاي؟ ... ئۆزۈڭ يول كۆرسەت ...»

توك قاغىنىڭ «قاق - قاق» قىلغان ئاۋازى ئۇنىڭ چېچىلغان خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ بىر قارارغا كېلەلمىدى.

— قەيسەربەگ، بۇ مۇشكۈللۈك ئادەتتىكى مۇشكۈللۈك ئەمەس، مەن يەنە ئويلىناي، سىزمۇ ياخشىراق چارە - تەدبىر ئۈستىدە ئويلىنىڭ. چىقىپ كۆل بويىدىكى سۇۋادانغا قونۇپ قاقىلدىغان قاغىنى ئۇچۇرۇۋېتىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن قاغىلارنى چار باغقا يولاتماسلىق توغرىسىدا باغۋەنلەرگە تاپىلاپ

قويۇك، — دېدى ئۇ كەينىگە بۇرىلىپ.

— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى، — بوزاغۇنىڭ قېپىدىن چىققان يۈرىكى جايىغا چۈشتى.

— سىز چىقىپ مەھمۇد تېگىنگە ئادەم ئەۋەتىڭ، دەرھال ئالدىمغا كەلسۇن!

— خوپ، ئالىيلىرى، — بوزاغۇ كۆمۈش ئوتۇغاتنى يەردىن ئالدى ـ دە، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

مەھمۇد تېگىن كىرگەندە، مۇھەممەد ئارسلانخان ئىككى قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتۇپ، كۆزىنى يۇمغان پېتى تەختتە ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بوۋا، چاقىرتقان ئىكەنلا، كەلدىم.

مۇھەممەد ئارسلانخان بېشىنى كۆتۈرۈپ سوغۇق نەزەر تاشلىدى. ئۇچىسىغا بەقەسەم تون كىيىپ، يوللۇق شايە بەل باغ باغلىغان مەھمۇد تېگىنىنىڭ سەللىسىگە ئالتۇن ئوتۇغات قادالغانىدى. چىرايى غەمكىن بولۇپ، قارا كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

— ھە، ئولتۇرۇڭ.

خانىنىڭ بۇ چاغقىچە «سەن»، «سىلى» دەپ ئەزىزلەپ كەلگەن نەۋرىسىنى «سىز» لەپ سۆزلىشى بىرىنچى قېتىم ئىدى.

ئۇ توساتتىن سورىدى.

— سىز قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئوتتۇز ئۇچكە.

— دېمەك، سىز ئەمدى ياش يىگىت ئەمەس، ئەقىل ـ پاراسەتتە يېتۇك بۇگۇ بىلگەسىز. كىتاب يېزىۋاتقان بولسىڭىزمۇ، دۆلەتكە، خەلققە كۆڭۈل بۆلەي دېمەيۋاتىسىز. سۇلايمان ئارسلانخان، بەگيۇسۇپلەرگە قانات يېپىپ كېلىۋاتىسىز. دوست ـ دۈشمەننى پەرق ئەتمىدىڭىز. كىتابقىلا بېرىلىسىز. دىۋان باشى بولۇشنىمۇ رەت قىلدىڭىز، سىزدە ۋىجدان، غۇرۇر بارمۇ زادى؟ — مۇھەممەد ئارسلانخان

ئاچچىقلانغىنىدىن ئورنىدىن بىر تۇرۇپ يەنە ئولتۇردى.

بوۋىسىنىڭ ھەممىشە ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن مەھمۇد تېگىن بۇ ئەيىبلەشلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلگەچكە خاپا بولۇپ كەتمىدى. ئۇ قوللىرىنى كۆكسىدىن چۈشۈرمەي جاۋاب بەردى:

— خاقان بوۋا، كىچىككىمدىن ئۆز تەربىيەلىرىدە بولۇپ كېلىۋاتقىنىمدىن مىننەتدارمەن. ئەمما، بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان بوۋامدىن تەختنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى زىندانغا بەند قىلغانلىرىغا نارازىلىق قىلىشنى ئالla ئىگەم كۆڭلۈمگە سالغاندۇر. شۇڭا، دىۋان باشى بولۇشنى رەت قىلىشتا ئۆزۈمنى ھەقلىق سانايمەن. كىتابقا بېرىلىشىم ئەلگە بەخت ـ سائادەت ئىزدەش ئۈچۈندۇر. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان بەندىلىرىگە تەڭرىم پەرز قىلغان بىلىم ئىگىلەش بىلەن خەلقىم مۇراد تاپالايدۇ. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىۋاتىمەن. ئەلھال، قاراخانىيلار ئېلى ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى، بۇ سىلىگە مەلۇم، بوۋا. ئېلىمىزگە خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق بەخش ئېتىش ئۈچۈن، سۇلايمان ئارسلانخان بوۋامنى، بەگيۇسۇپ ئاغامنى، ئۇستاز ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ قاتارلىق بۆگۈ بىلگەلەرنى دەرھال زىنداندىن چىقىرىپ قويۇپ بېرىشكە ئەمر قىلىشلىرىنى سورايمەن، مانا مېنىڭ غۇرۇرۇم، ۋىجدانىم شۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇھەممەد ئارسلانخان غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ئۆز بالامدىن چارە كۆرۈپ، تەربىيەلەپ چوڭ قىلسام، ماڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلامسەن؟ ھەرقانچە كىشى قارا بۆگۈ بىلگە بولۇپ كەتسەمۇ، سەن مېنىڭ نەۋرەم. نېمە دېسەم شۇنى قىلىشىڭ، ئەمرىمگە بويسۇنۇشۇڭ كېرەك! دۈشمەنلىرىمگە يان باسقانلىقىڭ ماڭا دۈشمەنلىك قىلغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ بۇنى بىلمەمسەن؟!

مەھمۇد تېگىن قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ غەزەپلىنىپ تۇرغان بوۋىسىغا ئۇدۇل قاراپ جاۋاب بەردى:

— راست، مەن ئالىيلىرىنىڭ نەۋرىسى، ئەمما سىلىنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەس، ئاللانىڭ ئەمرىگە بويسۇنىمەن. سىلىنىڭ قىلىۋاتقانلىرى ئاللانىڭ شەرىئىتىگە خىلاپ. مەن دۈشمەنگە يان باسمىدىم، بەلكى ئاللا ئىگەم مېنى ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرغۇزدى.

— بولدى بەس! ئاچچىق گەپلىرىڭنى ئاڭلىغۇم يوق. چىقىپ كەت، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما! — دېدى مۇھەممەد ئارسلانخان قوللىرى بىلەن ئىشىكنى كۆرسىتىپ ۋارقىراپ.

— بوۋا، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، قارا نىيەت ئاسىيلارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ، ئەلنى نارازى قىلىدىغان بىدئەت ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلانسىلا، خوش! ... — مەھمۇد تېگىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

مۇھەممەد ئارسلانخان ئۇنى توختىتىۋېلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، چىرايى غەلىتە بولۇپ كەتتى، پۈتۈن ئەزايىغا غەزەپ تىترىكى ئولاشتى. ئۇ تەڭلىكتە قالغانىدى.

# ئىككىنچى باب

# زىنداندا يانغان ئۈمىد مەشئىلى

## 1

تەڭلىكتە قالغان مۇھەممەد ئارسلانخان مەھمۇد تېگىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ تەختتە ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئالىيلىرى، زاۋال ۋاقتى بولدى، ھەرەمگە قايتامدىلا ياكى يەنە بىرئاز تەخىر قىلامدىلا؟ خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، — دېدى قول قوۋۇشتۇرۇپ كىرگەن دوقاقبەگ تەختتىن سەل نېرىدا ئېگىلىپ تۇرۇپ.

— ھە، كەچ كىرىپ قالدىمۇ قاپۇغچى باشى، سىزنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن ـ دە، — مۇھەممەد ئارسلانخان تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىدا توختىدى.

— يوقسۇ، ئالىيلىرى، ھەزرەتلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش پېقىر قۇللىرى ئۈچۈن ئامەت، — ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلدى دوقاقبەگ.

— سىزدىن مۇھىم بىر ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەت ئالماقچىمەن، قاپۇغچى باشى. ماڭىمۇ، قارشى تەرەپكىمۇ يان باسماي مەسلىھەت بېرىشىڭىز كېرەك.

— بېشىم بىلەن، ئالىيلىرى، خالىس مەسلىھەت بەرمىسەم قارا يۈز بولۇپ كېتەي، — دېدى دوقاقبەگ سەگەك تۇرۇپ.

مۇھەممەد ئارسلانخان دېدى:

— ئاكام سۇلايمان ئارسلانخان، بەگيۇسۇپ، يەنە كۆپلىگەن بۆگۈ بىلگە، سانغۇن، سەركەردىلەر زىندانغا تاشلاندى. ئۇلارغا

قانداق جازا بېرىش كېرەك؟ كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېيتىپ بېقىڭ.
— خاقانىم، ئۇلارغا قانداق جازا بەرمەكچى بولۇۋاتىلا؟ — ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بىلمەكچى بولۇپ ياندۇرۇپ سورىدى دوقاقبەگ، جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.
— ئۇلارنى ھايات قالدۇرسام، تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرالمايمەن، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلسام ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىمەن، — دېدى مۇھەممەد ئارسلانخان ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن.
دوقاقبەگە بۇ جاۋابتىن مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئارسالدى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ دېدى:
— ئوبدان ئويلاپلا شاھىم، مېنىڭچە ئۇلارنى ئۆلتۈرسىلە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلىپ كېتىشى ناتايىن. ئۆلتۈرمىسىلە، تاجۇتەختلىرىگە خەۋپ يېتىشىمۇ ناتايىن، چۈنكى شۇنچە نۇرغۇن سىپاھلىرى بار، قوللايدىغان دوست - بۇرادەرلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېلىدىغان كېيىنكى خەۋپتىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن كېلىدىغان بالايىئاپەت تېخىمۇ زور، ئالىيلىرى، ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش تەختلىرىنى مۇستەھكەملەيدۇ.
— قەيسەربەگمۇ مۇشۇ مەسلىھەتنى بەرگەنىدى، مەن يەنە ئويلىنىپ، ئاندىن بىر قارارغا كېلەي.
مۇھەممەد ئارسلانخان ھەرەم ھويلىسىغا كىرگەندە شامغا ئەزان ئېيتىلدى. تام - تۈۋرۈكلەرگە ئورنىتىلغان قەندىللەردىكى شام - چىراغلار ئەتراپنى چاقنىتىپ يانماقتا. ئون ئىككى - ئون ئۈچ كۈنلۈك ئايمۇ بۇلۇتلۇق كۆكتە نۇر چاچماقتا. مۇھەممەد ئارسلانخان مۇلازىملىرىنى ئىشىكتە قالدۇرۇپ، قۇماربىكەنىڭ قەسرىگە قاراپ ماڭدى.
دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان خانىش تىكلىمە ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ئالدىغا چىقتى.
— ئەسسالام شاھىنشاھىم، — ناز بىلەن يەرگىچە ئېگىلىپ

سالام بەردى، — يوللىرىغا بەكمۇ تەلمۈرتۈۋەتتىلە.

— ئابىنچۇ خاتۇن، بۇ كېچە پەقەت سىزنى دەپلا كەلدىم.

— بولمىسا كەلمەيتتىلىمۇ؟ — قۇمارىبىكە كۆك كۆزلىرىدىن يېشىل ئۇچقۇن چاچرىتىپ نازلاندى، — ھە، بىلدىم، ئەردەنى ئالتۇن تارىمغا ھەمراھ بولماقچى ... ئۇ جۇۋان ئالىيلىرىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان ئوخشىمامدۇ؟ — قۇمارىبىكە سۆزلىگىنىچە مۇھەممەد ئارسلانخاننى ئازادە ئۆيىگە ئېلىپ كىردى، تونىنى سالدۇرۇپ، ئالتۇن كەمەر، سەللە تاجىنى ئالدى.

— نېمە دەۋاتىسىز، ئابىنچۇ خاتۇن؟ — مۇھەممەد ئارسلانخان يانتۇ بولۇپ يەرگە قارىۋالغان قۇمارىبىكەنىڭ ھىلھىلە روملىنى يېپىپ تۇرغان يەلكىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى، — ئەردەنىنىڭ ئوردۇكەنتكە كېلىپلا ئەتىسى ئوپال ئازىق كەنتىدىكى چار باغقا كەتكىنىدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟

— قانداق خەۋىرىم بولسۇن خاقانىم، ئۇ كاتتا خانىشلىرى بارسا - تۇرسا ماڭا دەپمۇ قويمايدۇ.

قۇمارىبىكە ئالتۇن ئوتۇغات قادالغان مەرۋايىت دوپپىسىنى سەل ئارقىغا سۇرۇپ، بېشىنى ئېرىنىڭ كۆكسىگە قويدى.

— سىز، بىكەم ئەجەب بىر كۈنچى ئىكەنسىز، مەن نېمە كويدا، سىز نېمە كويدا. چاپسان بولۇڭ، قورسىقىم ئاچقاندەك قىلىدۇ، داستىخان سېلىڭ.

— مەن سىزگە ۋاپادار خوتۇن بولۇش كويىدا. ئالىيلىرىنىڭ نېمە كويدا ئىكەنلىكىنى خۇدا بىلىدۇ. ئولتۇرسىلا خاقانىم، — قۇمارىبىكە مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ بازغاندەك كۈچلۈك قوللىرىنى تۇتۇپ ئۈچ قات سېلىنغان يېكەنداز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. كېنىزەكىگە ئاپتۇۋا - چىلاپچا ئەكەلدۇرۇپ قولىغا سۇ بەردى، داستىخان سېلىپ كېنىزەكلەر ئېلىپ كىرگەن قەنت - گېزەك، تاماقنى ئالدىغا قويدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان بىر پارچە شىرمەنناننى خۇشبۇي

دەملەنگەن چاي بىلەن يەپ، كاۋاپ قىلىنغان بۆدۈنە گۆشىگە قول ئۇزارتتى. ئارقىدىن ئۇلار، قىرغاۋۇل گۆشى بېسىلغان پولۇنى يېدى، كارتتىدە بىرنى كېكىرىپ قۇمارىبىكە ئۇزارتقان كۇمۇش جامنى قولىغا ئالدى.

— تاماقلار ئوخشاپتۇ، بىكە، ئۇنىڭ لەززىتىدىن ئىشتىهايىم ئېچىلىپ كەتتى.

— شاھىنشاھىم، بۇ تاماقلارنى ئۆز قولۇم بىلەن ئەتكەن.

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشىغانىكەن ـ دە، — خىرىلداپ كۈلدى مۇھەممەد ئارسلانخان.

قۇمارىبىكە ئېرىنىڭ كۆزىچە ھەممە ئىشلارنى ئۆزى قىلاتتى، شۇڭا مۆرىتى كەلگەندە ماختىنىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇمايتتى.

مۇھەممەد ئارسلانخان جامنى تۇتقىنىچە خىيالغا چۆكتى: «قانداق قىلسام بولار؟ ئۇلارنى ئۆلتۈرگىنىم پايدىلىقمۇ، ھايات قالدۇرغىنىممۇ؟ قەيسەربەگ، دوقاقبەگلەر، ئەگەر ئۇلار ئۆلتۈرۈلمىسە تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرالمايدىغانلىقىمنى ئوچۇق ئېيتتى. بۇ راست، ئۇلار ھايات بولىدىكەن، مېنى تەختتىن چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ، تەختتىن چۈشسەم كاللامنىمۇ ئالىدۇ. نەۋرەم مەھمۇد تېگىن ئۇلارنى زىنداندىن چىقىرىپ، قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، قېرىنداشلىق مېھرى ئۇنى شۇ نىيەتكە كەلتۈرگەن. ماڭا نىسبەتەن كۆڭلىدە يامانلىق يوق، بۆگۈ بىلگەلەرنىڭ ھەممىسى قان تۆكۈشنى خالىمايدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن مەھمۇد تېگىنمۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىپ كەلدى. بولمىسا ناھايىتى زېرەك، بۇغرا قاراخان بولۇپ ئەلنى سورىغۇدەك پاساھەتى، جاسارىتى بار ...»

— شاھىنشاھىم، باشقا ئالەمگە كېتىپ قالغاندەك شۈك بولۇپ كەتتىلى يا، يانلىرىدا مەن بار جۇمۇ! — قۇمارىبىكەنىڭ چاڭقىلداق ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

— نېمە دېدىڭىز، بىكە؟ — غودۇڭشىدى قۇمارىبىكەنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىگەن مۇھەممەد ئارسلانخان، — مۇشۇ

كۆڭلەردە بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى.

ــ شاھىنشاھىم، تەنلىرى بۇ ئۆيدە بولغان بىلەن كۆڭۈللىرى نازىنىنلارنىڭ يېنىغا كەتكەندەك قىلىدۇ، شۇڭا باشلىرىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتقان گەپ. شۇنداق ئەمەسمۇيا؟ قولىرىڭىزنى ئىچىۋەتسىلە، سەگىپ قالىلا، ــ دېدى قۇمارىبىكە ئۇنىڭ گەدىنىنى سىلاپ.

ــ ئابىنچۇ خاتۇن، سىزنى ناھايىتى ھوشيار دەپ بىلەتتىم، نېمە بولدىڭىز؟ كاللا دېسەم، پاقالچاق دەيسىزغۇ؟ ــ مۇھەممەد ئارسلانخان جامنى بوشاتتى.

ــ مەنمۇ ئالىيلىرىنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. بۇغرا قاراخان بولدىلا، دۇنيادا سىلىدىن چوڭ، قۇدرەتلىك غەيۇر پادىشاھ يوق. ئەتراپلىرىدا ھەممە كىشى پەرمانبەردار، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن باشلىرىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتىدۇ؟ ــ دېدى قۇمارىبىكە ئۆزىنى ھېچنېمىنى بىلمىگەنگە سېلىپ.

ــ ھەي ئابىنچۇ خاتۇن، ئابىنچۇ خاتۇن ! بۇغرا قاراخان بولۇپ تاغدەك غەمنى يۇدۇۋالغىنىمنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن، ئۆزۈمنى قىسىنچىلىقتا قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، ــ دېدى قۇمارىبىكەنىڭ تىزىغا قولىنى قويغان مۇھەممەد ئارسلانخان.

ــ شاھىنشاھىم، مەن يەنە چۈشىنەلمىدىم، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ ــ قۇمارىبىكە شەھلا كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، بوشىغان جامغا مەيزاپ قۇيدى.

ــ ئاكام سۇلايمان ئارسلانخان، بەگيۇسۇپلەرنى زىندانغا سالغىنىم سىزگە ئايان، بىكە. بۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرى مەندىن نارازى، بىرلىرى كۆزۈمنى ئويماقچى، بىرلىرى تىلىمنى كەسمەكچى ...

قۇمارىبىكەنىڭ تەرگەن ئىنچىكە قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىككى قولىنى ئېرىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ:

ــ ئۇلارنى تېخىچە زىنداندىن قويۇۋەتمىگەنمۇ شاھىم؟ مەن تېخى ئاكىسى بولغاندىكىن قويۇۋەتكەن بولسا كېرەك، دەپ

ئويلاپتىمەن، — دېدى ئۆزىنى ساددا كۆرسىتىپ.

«ئەجەب ئاق كۆڭۈل خانىش - دە» دەپ سۆيۈنگەن مۇھەممەد ئارسلانخان ئۇنى باغرىغا تارتتى. ئۇنىڭ كەيپى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئابىنچۇ خاتۇن؟ ئاكامنى قويۇپ بەرسەم، بۇغرا قاراخانلىق تەختىمنى تارتىۋالماي قالارمۇ؟ ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەر جايدا ئېلىكخان، سەركەردە تۇرسا، ئۇلارنى ماڭا قارشى ئاتلاندۇرماسمۇ؟ ئەلھال، زىنداندىكىلەرنى يوقلاپ كېلىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ ئىمىش، بۇ تەختىمگە، شان - شەرىپىمگە تەھدىت!

مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ كەڭ ماڭلىيى بىردىنلا تۈرۈلدى.

— شاھىنشاھىم، مېنى كەچۈرسىلە، ساددىلىقىمدىن باشقىچە ئويلاپ قاپتىمەن. ئەھۋال سىلى ئېيتقاندەك بولسا، نېمىشقا ئۇلارنى زىنداندا ساقلايدىلا؟

— ساقلىماي قانداق قىلسام بولاتتى، ئېيتىڭا پەرىشتەم؟ — مۇھەممەد ئارسلانخان خوتۇنىنىڭ بىلىكىدىن قامالاپ كۆتۈرۈپ، يۈزىنى - يۈزىگە ئۇدۇل قىلدى.

— ئۇلارنى جاللاتنىڭ قولىغا تاپشۇرسىلا، شاھىم.

— ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلالمايمەن!

قۇمارىبىكە جامغا تولدۇرۇپ مەيزاپ قۇيۇۋېتىپ دېدى:

— شاھىم، ئاكىلىرىنى جاللاتقا تاپشۇرمىسىلا ئۇ سىلىنى جاللاتقا تاپشۇرماي قويارمۇ؟ باياتىن گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنىڭ ساددىلىقىمدىن ئويلىنىۋاتىمەن. مەنچە بولسا ئاكىلىرى ئۆزلىرىگە پەرمانبەردار بولۇپ، سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللانمىسا ئۆلتۈرمىسىلىمۇ بولاتتى.

قۇمارىبىكە جامنى سۇندى، مۇھەممەد ئارسلانخان جامنى بىر كۆتۈرۈپلا بوشاتتى، ئاندىن بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. قۇمارىبىكە ئېرىنىڭ بويۇن - باشلىرىنى سىلاپ «تولىمۇ كالۋا پادىشاھ - دە، سەن! مەن ساڭا خوتۇن بولۇپلا تۇرسام،

كۆرگۈلۈكنىڭ كۆرسەن تېخى ...» دەپ ئۇنىڭ تۇرۇلگەن پېشانىسىگە نوقۇپ قويدى.

— شاراب، — دېدى قولىنى ئۇزىتىپ مۇھەممەد ئارسلانخان.

قۇمارىبىكە پىيالىگە مەجۇن سالغان چاينى قۇيۇپ بەردى.

— شاھىنشاھىم، كۆپ ئويلىنىپ سالامەتلىكلىرىگە زىيان يەتكۈزۈۋالمىسىلا، ھېلىمۇ بۇغرا قاراخان بولغاندىن بېرى ياداپ كەتتىلە. ئالىيلىرىغا مەسلىھەتىم شۇكى، ھۆكۈمدە كەسكىن، دۈشمەنگە رەھىمسىز بولماقلىرى زۆرۈر. كەسكىن، رەھىمسىز بولمىغان شاھ، تەختتە ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ، تەخت دۈشمەننى يوقاتقاندىلا مۇستەھكەملىنىدۇ، ئۆرۈلمەيدۇ.

زەپەرنىڭ خۇشبۇيى كېلىپ تۇرغان چاينى سۇمۇرۇپ ـ سۇمۇرۇپ ئىچكەن مۇھەممەد ئارسلانخان پىيالىنى تامغا ئۇردى.

— مەن كەسكىن، رەھىمسىز بولىمەن، ئابىنچۇ خاتۇن. مەن تەختتە يۈز ياشقىچە ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئوغلۇمغا ئۆتۈنۈپ بېرىمەن!

چۆچۈپ كەتكەن قۇمارىبىكە ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— يۈز ياشقا ئەمەس، مىڭ ياشقا كىرگەيلا شاھىم، تەختنى قايسى ئوغۇللىرىغا ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدىلا؟

— ھۈسەيىن ئارسلانخانغا، — مۇھەممەد ئارسلانخان ئۇنىڭ قۇچىقىغا باش قويدى.

— ياق شاھىم، ئىبراھىم تېگىنگە ئۆتۈنۈپ بېرىدىلا.

مۇگدەپ قالغان مۇھەممەد ئارسلانخان قۇمارىبىكەنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. ئۇ مەستلىكتە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

## 2

چاھ ئىچىگە غۇۋا يورۇق چۈشتى. پاخال ئۈستىدە خىيالچان ئولتۇرغان بەگيۈسۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىدى. تاڭغا

باغلانغان ئۆرىق چۈشۈۋاتاتتى، جوغىسىدىن سۇ تۆكۈلۈۋاتاتتى.
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرىقنى تۇتتۇۋالدى. تانا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى.

— رەھمەت بەردىبەگ، — ئۇنىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازى چاھ ئۈستىگە ئاڭلاندى.

— ئاللا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، يوغىرۇش باشى.

چاھ ئۈستىدىكى كۆلەڭگە غايىب بولدى، ئەمما چاھ ئاغزى ئېتىلمىدى.

بەگيۇسۇپ تەرەت ئالدى، تونىنى جايناماز قىلىپ بامدات نامىزىنى ئۆتىدى، ئۇزاققىچە دۇئا قىلدى، چاھ ئاغزىدا ئالىقانچىلىك شولا پەيدا بولغاندا ئورنىدىن تۇردى. شولا خۇددى توپتەك دومىلاپ، ئاستا - ئاستا بەگيۇسۇپنىڭ بېشىغا، مۈرىسىگە، ئاندىن ئۆسكىلەڭ ساقىلى يېپىشىۋالغان مەيدىسىگە چۈشتى، ئۇ شولا چۈشكەن باغرىنى سىلاپ: «يورۇقلۇق - يورۇقلۇق، سەن نېمانچە ئۇلۇغدۇرسەن، تەڭرىم سېنى زۇلمەتنى يوق قىلغۇچى ئەڭ يۇكسەك نېمەت قىلىپ بەندىلىرىگە بېرىۋەتكەن. ئادەملەر ئەجىر قىلماي، پۇل خەجلىمەي ساڭا ئېرىشىپ كەلمەكتە، ئەمما قەدرىڭگە يەتكىنى يوق، زۇلمەتتە قالغان چېغىدىلا قەدرىڭگە يېتىدۇ ...» دېدى ئىچىدە.

بەگيۇسۇپ چاھ ئاغزىغا قاراپ ئېگىشىپ تۇرغان ئاقىۋرانى كۆردى، يېنىدا بەگتۇرمىشمۇ بار ئىدى.

— ئەسسالام ئاتىسى، ساق تۇرغانلا؟ — ئۇنىڭ يىغلامسىرىغاندەك چىققان ھەسرەتلىك ئاۋازى بەگيۇسۇپنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئانىسى، ئابام ، ئۇرۇق - تۇغقانلار تىنچ - ئامانمۇ؟ — دېدى باغرى تارتىشىپ ئەھۋال سوراپ. ئۇنىڭ تىكىلگەن ياشلىق كۆزىدە قەدىناسىنىڭ مۆڭلۈك چىرايى ئەكس ئەتتى.

— ئابام ئوبدان تۇردى، بىللە بارىمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۆيدە

قىلىشقا ئاران ئۈناتتىم. سىلىنى كۆرسىلا چىدىيالمايدۇ، تولا يىغلاپ ئاغرىپ قالىدىكەن، شۇڭا ئېلىپ كەلمىدىم. بۇۋىسىنىڭ قىزىم سۇتۇق بۇغرانى ئېلىپ كەچتە كېلىپ قالارمىكىن، — ئاقىبرا سۆزلىگەچ تانىغا چىگىلگەن سېۋەتتە تاماق، چاي چۇشۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئابا! — بەگتۇرمىش تۇۋلاپ ئاتىسىدىن ھال سورىدى.

— تۇنۇگۇن ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن كەلگەنىدىڭ، بۈگۈن كەلمىسەڭمۇ بولاتتى، بالام. بىر سائەت دەرستىن قالساڭ بىر ھېچىر تىللادىن قۇرۇق قالغان بولىسەن، — دېدى بەگيۇسۇپ ئېڭىشكەن ئوغلىغا بويۇنداپ قاراپ.

— دىدار غەنىيمەت، ئاتا. ئۆزلىرىنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈش پېقىر ئوغۇللىرى ئۈچۈن بىر خەزىنىگە ئېرىشكەن بىلەن باراۋەر.

بەگيۇسۇپ كۆز يېشىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن يانغا قارىۋالدى. ئانچە ئۆتمەي چاھ ئۈستىگە يەنە باققاندا، باشقا بىر سىيمانى كۆرۈپ ئەجەبلەندى.

— ئەسسالام، بەگيۇسۇپ ئاكا، — دەپ سالام بەردى. ئۇنى شۇنچە مۇڭلۇق، يېقىملىق ئىدى، چىرايىمۇ شۇنچە تونۇش ئىدى.

بەگيۇسۇپنىڭ بۇنىڭدىن يىگىرمە يىللار ئىلگىرى قەشقەرگە كەلگەن چاغلىرى ئېسىگە چۈشتى. بۇ ساھىبجامال — ئايىغى ئاستىغا ياغلىق تاشلىغان ئاشۇ لەۋەن قىز ئىدى. «نېمىدېگەن ۋاپادار، پەزىلەتلىك قىز - ھە، ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ...» ئۇ شۇ چاغدىن مۇشۇ دەمگىچە ئايال ئەمچى بولۇپ نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالىغانىدى. ياتلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن پەرزەنت كۆرمىگەن بولسىمۇ، يۇزلىگەن باللارنى تۇغدۇرۇپ كىندىك ئانا بولۇپ كېلىۋاتاتتى. بەگيۇسۇپ قەشقەرگە كەلگەندىن بېرى بۇ ئەمچى قىز چىرايىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمىگەنىدى، مانا بۈگۈن زىندانغا كېلىپ كۆرسەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، دىلدار ئاغىچا خېنىم، يوقلاپ كەلگىنىڭىز ماڭا ئۈمىد، دىدارىڭىز جاسارەت بەخش ئەتتى.

— مەنمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم، بەگيۇسۇپ ئاكا. زىندان دېگەن نى - نى شىرى غەررانىنىڭ بېلىنى ئوشتۇۋېتىدۇ. چىدام - غەيرەت قامىتىڭىزنى تاغدەك بەردەم قىلغاي، — ئۇ بىر خۇمرا گۈلقەنتنى چاھقا چۇشۇردى، — بۇنى ئۆزۈم تەييارلىغان، ھەر كۈنى ئەتىگەن - كەچتە يېگەيسىز.

— رەھمەت، كۆپ رەھمەت، سىڭلىم، سىزگە تەڭرىمدىن بەخت تىلەيمەن.

بەگيۇسۇپ چاھقا ئېڭىشكەن ئاچىسى ئايسىلىگ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن خوتۇنى، ئوغلى ھەم دىلدار ئاغىچا خېنىم بىلەن خوشلىشىپ، چاغ ئاغزىغا تىكىلگىنىچە قالدى ...

ئەگەر زىندانبېگى باغرى يۇمشاق، ياخشى نىيەتلىك كىشى بولماي، قارا كۆڭۈل، ئاچ كۆز ئادەم بولسا، بەگيۇسۇپ بۇنداق شېرىن تائاملارغا ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، خوتۇن - بالىلىرى، يار - بۇرادەرلىرىنىڭ دىدارىنىمۇ كۆرەلمىگەن بولاتتى. تىل ئىشتىپ، دەشنەم يەپ، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، تېنى ئاجىزلاپ، روھى چۈشۈپ كېتەتتى، ئازابلىناتتى، خورلىناتتى. بەختىگە زىندانبېگى بەردىبەگ ياخشى ئادەم بولغاچقا، مەھمۇد تېگىننىڭ سۆزىگە كىرىپ، بەگيۇسۇپكىلا ئەمەس، زىندانغا تاشلانغان بارلىق مەھبۇسلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلدى، كۆرۈشمەنلا دېگەن كىشى بىلەن كۆرۈشتۈردى. بوزاغۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلمىدى ...

بەگيۇسۇپ بالىچاقىلىرى، يار - دوستلىرى، تونۇش بولغان - بولمىغان يۇرتداشلىرىنىڭ يوقلاپ، خەيرخاھلىق قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، قاراڭغۇ، تار، زەي چاھ ئىچىدىمۇ روھسىزلانماي كۈنلەرنى ئۈمىد بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. «مەن بۇ يەردە زۇلمەتنى كۆردۈم، بۇرۇن كۆرگىنىم كېچىنىڭ

قاراڭغۇلۇقى بولسا، زىنداندا كۆرگىنىم كۇندۇزنىڭ قاراڭغۇلۇقى بولدى. كۇندۇزنىڭ قاراڭغۇلۇقى بەك ئازابلىق، ھەسرەتلىك بولىدىكەن، زىندانغا چۈشمىگەن بولسام بۇ ھەقىقەتنى بىلمىگەن بولاتتىم ...»

— بەگيۈسۈپ جانابلىرى، بەگيۈسۈپ جانابلىرى ! — دەپ تۈۋلىغان ئاۋاز ئۇنى خىيالدىن ئۆزىگە كەلتۈردى. يۇقىرىغا قاراپ بىر شوتىنىڭ چاھ ئىچىگە چۈشۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— نېمە گەپ، زىندانبېگى؟ — سورىدى ئۇ يۇقىرىغا قاراپ.

— چاھدىن چىقسىلا، جانابلىرى.

بەگيۈسۈپ قۇلاقلىرىغا تازا ئىشىنەلمەي تۇرىۋەردى.

— شوتا بىلەن چاھتىن چىقسىلا، — دېگەن ئاۋاز تەكرار ئاڭلاندى.

بەگيۈسۈپ ئۈچ غۇلاچ كېلىدىغان شوتا بىلەن چاھتىن چىقتى. كۈن نۇرى كۆزىنى چېقىپ، بېشى ئايلانغاندەك بولدى، ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن پۇتلىرىنى كېرىپ يەرگە چىڭ دەسسىۋالدى. بىردەمدىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى. چاھتىن سەل نېرىدا كىمخاب تون كىيگەن بوزاغۇ گىدىيىپ تۇراتتى.

— ئوھوي، بەگيۈسۈپ جانابلىرى، ئۆزىڭىزنى قانداق سېزىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەسخىرە قىلغان تەرزدە ئۇنىڭ بوينىدىكى تاقاق، قولىدىكى زەنجىرگە ئىما قىلىپ.

— ئەلھەمدۇلىللا، ئوبدان تۇردۇم، — بەگيۈسۈپ مەنسىتمىگەندەك قوللىرىدىكى زەنجىرنى شاراقشىتىپ قويدى.

— زىنداندا ئوبدان تۇردۇم، دېگەن كىشىنى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم ئۇچرىتىشىم، ھا ـ ھا ـ ھا ... — كۈلدى بوزاغۇ.

— ياخشى نىيەتلىك، غۇرۇرلۇق كىشىلەر ھەرقانداق جايدا ۋىجدان ئازابىدىن ساقلىنالايدۇ، قەدىر ـ قىممىتىنى تۆكمەي ياخشى تۇرالايدۇ. ئالا كۆڭۈل كىشىلەر تەخت ئۈستىدىمۇ

خاتىرجەم بولالمايدۇ، يۇغرۇش باشى.
بوزاغۇ ئۆڭدى.
— شۇنداقمۇ، بۇ ھەقتە مۇنازىرىلىشىشكە ھەپىسلەم يوق. سىزنى بۇغرا قاراخان ئۆزى سوراق قىلماقچى، يۇرۇڭ، — دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن.
بەگيۇسۇپ ئاتقا مىنگەن بوزاغۇغا قارىدى:
— ماڭا ئات قېنى، بەگ!
— سىز پىيادە بارىسىز.
— نېمە ئۈچۈن؟
— گۇناھكار بولغىنىڭىز ئۈچۈن.
— مەن گۇناھكار ئەمەس، بەگ، ئەگەر ماڭا ئات كەلتۈرمىسىلە ئوردىغا بارمايمەن.
— بارىسىز!
— ياساۋۇللىرىدىن مىڭىنى ئېلىپ كەلسىڭىزمۇ پىيادە ماڭمايمەن!
قانداق قىلىشنى بىلمەي قالغان بوزاغۇ زىندانبېگىگە قارىدى.
— يۇغرۇش باشى، بەگيۇسۇپ مىنىدىغان ھارۋام بىلەن بارسۇن.
— خەير، بەزى ھالدا دارغا ئېسىلىدىغان جىنايەتچىنىمۇ ھارۋىدا ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. قېنى، ھارۋىنى ئېلىپ كېلىڭ!
زىندانبېگى ياساۋۇللارغا بۇيرۇپ ھارۋىنى ئەكەلدۇردى. بەگيۇسۇپ ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇردى، ئوردىغا بىردەمدە يېتىپ بېرىشتى، بوزاغۇ ياساۋۇللار بىلەن بەگيۇسۇپنى ئىشىك ئالدىدا قالدۇرۇپ، بۇغرا قاراخان سارىيىغا كىرىپ كەتتى.
ئاسمان يۈزىدە پارچە ـ پارچە كۆل رەڭ بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. كۈن غەربكە قىيسايغان بولۇپ، قىزغۇچ نۇرى بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ غەربىدىكى دېرىزىلىرىدە چاقنايتتى.
بەگيۇسۇپ ئەترايقا قاراپ، مۇھەممەد ئارسلانخان ئۆزىنى بۇغرا قاراخان دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بۇ سارايىنىڭ

ئالاھىدە بېزەلگەنلىكىگە دىققەت قىلدى. بارلىق ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ چاسىۋەكلىرىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، قايتىدىن گەجخاك قىلىنغان تاملار ناۋات سۈيىدە پاتلىنىپ، ئويما - نەقىشلىرى يېڭىلانغانىدى. سالاسۇن - ناۋالىرى، جەگە - تۈۋرۈكلىرىگە قايتىدىن نەقىش چېكىلىپ، سىر بېرىلگەچكە پارقىراپ كەتكەنىدى. بوغرا قاراخان سارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرىدىغان ئىككى قاراۋۇل تۆتكە كۆپەيتىلگەن، باشقا نەرسىلەر ئۆز پېتى ئىدى.

ئالتۇن ھالقىلىق ئىشىك ئېچىلىپ، ئاۋۋال بوزاغۇ، ئاندىن دوقاقبەگ چىقتى.

— يۈرۈڭ، بەگيۈسۈپ، — دېدى بوزاغۇ توڭلۇق بىلەن.

تەختتە ئولتۇرغان مۇھەممەد ئارسلانخان دىققەت - نەزىرىنى كىرىپ كەلگەن بوزاغۇغا قاراتتى.

بوزاغۇ ئىتتىك كەلگىنىچە تەخت پايىسىگە باش قويۇپ سالام بەردى:

— ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، گۇناھكار بەگيۈسۈپنى زىنداندىن ئېلىپ كەلدىم.

— ئولتۇرۇڭ، يۇغرۇش باشى.

مۇھەممەد ئارسلانخان تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئالغان بوزاغۇدىن نەزىرىنى يۆتكەپ، سالام بەرگەن بەگيۈسۈپكە قارىدى. بەگيۈسۈپ تەختنىڭ ئىككى يېنىدىن ئورۇن ئېلىشقان ۋەزىر - ۋۇزرالارغا، ھاجىپلار، سۇباشىلارغىمۇ سالام قىلدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان رەڭگى سارغايغان، ياداڭغۇ، روھسىز، كىيىملىرى كىر، ئۇستىبېشىنى توپا - چاڭ باسقان مەھبۇسنى كۆرىمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆرگىنى ۋۇجۇدىدىن غەيرەت - شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرغان، ئۈمىدۋار، تەمكىن ئادەم بولۇپ چىقتى. «قەيسەربەگنىڭ دېگەنلىرى راست ئىكەن. ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى، ئىخلاسمەنلىرى يوقلاپ تۇرغاچقا قىلچە روھسىزلانماپتۇ، زىنداندا ياتقاندەكمۇ قىلمايدۇ.

مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام پېتىمدىن چۈشمىگۈدەك، ئارسلاندەك كىرگىنىڭ بىلەن، سۈغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەك سالپىيىپ چىقىپ كەتكىنىڭنىمۇ بىر كۆرمىسەم ...» دەپ ئويلىغان مۇھەممەد ئارسلانخان ئالدىرىماسلىق قارارىغا كەلدى. ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلغۇسى كەلگەندەك، سىپايىلىك بىلەن سورىدى.

— سۇلايمان ئارسلانخانغا ھېلىمۇ سادىقمۇ سىز؟

— ئەلۋەتتە، ئالىيلىرى، — دادىل جاۋاب بەردى بەگيۇسۇپ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سۇلايمان ئارسلانخان ئىلىمنى، بىلىم ئەھلىنى دوست تۇتۇپ، نادانلىق، جاھالەتنى يوق قىلىپ، قاراخانىيلار مەملىكىتىنى روناق تاپتۇردى. ئۇ قاراخان بولغان يىگىرمە نەچچە يىل جەريانىدا، دىيارىمىز يىلسېرى تەرەققىي قىلدى. ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى راۋاجلاندى. ئۇرۇش، ماجىرا ئاز بولدى. ئاۋامنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى. ئۇ ئادىل پادشاھ، توغرا ھۆكۈم قىلغۇچى، خەلقنىڭ غەمگۇزارىدۇر. بۇنداق پەزىلەتلىك پادىشاھتىن يۈز ئۆرۈش — قارا يۈزلۈكتۇر، ئالىيلىرى، مەن ئۇنىڭغا ئۆمۈرۋايەت سادىقمەن.

— بولدى، زۇۋانىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ، بەگيۇسۇپ، ئالدىراپ كەتمەڭ، — مۇھەممەد ئارسلانخان غەزىپىنى بېسىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىز ئاقىل، جەمەتلىك زەردارسىز، بالىچاقىلىرىڭىزنى، مال ـ مۈلكىڭىزنى ئويلاپ ئاندىن جاۋاب بېرىڭ. سۇلايمان ئارسلانخانغا ئەمەس، ماڭا ساداقەتىڭىزنى بىلدۈرۈپ، تاقاق، زەنجىردىن قۇتۇلۇشنى، يۇقىرى مەرتىۋە، ئىنئاممغا ئېرىشنى خالىمامسىز؟

— مەن بالىچاقامنى، مال ـ مۈلكۈمنى ئاللاغا تاپشۇرغان، بۇنىڭدىن غەمسىزمەن، ئالىيلىرى! ھەقىقانىيەت، ئادالەتنى ياقىلاپ زىنداندا يېتىشنى ئەۋزەل كۆرىمەنكى، ئەمەل ـ مەنسەپنى

كۆزلەپ ۋىجدانىمغا خىلاپ ئىشنى قىلمايمەن. ئەلنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى، سائادىتىنى ئىزدەپ بوينۇمغا چۈشكەن تاقاق، قولۇم باغلانغان زەنجىرگە رازىمەنكى، پادىشاھلارنىڭ ئىنئام، شەپقەتلىرىدىن ھەزەر ئەيلەيمەن. سىلى دەپ باققان بولسىلا، ئالىيلىرىغا ساداقىتىمنى يەنە قانداق بىلدۈرسەم بولار؟ — دېدى بەگيۈسۈپ.

مۇھەممەد ئارسلانخان ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزىگە ئۈمىد باغلاپ دېدى.

— سۇلايمانخان ئارسلانخاننىڭ ئىقتىدارسىز، قورقۇنچاق پادشاھ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىسىز. ئۇنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى، بۇ ئولتۇرغان كۆپچىلىككە بىلدۈرۈپ، مەندىن ئەپۇ قىلىشىمنى تىزلىنىپ تۇرۇپ سورايسىز.

بەگيۈسۈپ بىر مۇھەممەد ئارسلانخانغا، بىر دۆلەت ئەركانلىرىغا قاراپ:

— مەن بۇغراخان سۇلايمان ئارسلانخانغا، ئاۋامغا، ئۆزۈمگە بوھتان چاپلامدىمەن؟ بوھتان چاپلاش ئەزەلدىن ئاسىي ـ مۇناپىقلارنىڭ ئىشىدۇر، ئالىيلىرى، — دېدى دادىل تۇرۇپ.

مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ چىرايىدىكى يېقىمسىز كۈلكە يوقالدى.

— ياق، بەگيۈسۈپ، بوھتان قىلىڭ دېمىدىم، ھەققىقەتكە، ماڭا باش ئېگىڭ دەۋاتىمەن.

— مەقسەتلىرىنى چۈشەندىم، ئالىيلىرى. مەن بىر پارچە سۆڭەككە زار ئىتتەك كۈچۈكلىنىپ، خۇشامەت قىلىپ، ناھەق قان تۆككەن، ئاۋامغا زۇلۇم قىلغان قانخورغا ساداقىتىمنى بىلدۈرۈپ، ئىنسانلىق غۇرۇرۇمنى يەرگە ئۇرامدىمەن؟ ئەقىدە، ئىخلاسىمدىن كېچىپ، ۋىجدانسىزلىق قىلامدىمەن؟ يەنە قانداق شۇملۇقلارنى قىلسام بولىدۇ، ئالىيلىرى؟

مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ چىرايىدا قان قالمىدى. ئۇ ئورنىدىن

دەس تۇردى. بارلىق ئەكابىر ـ ئەشرەپلەرمۇ تۇرۇپ كېتىشتى.
— يەنە شۇنى قىلىشىڭىز زۆرۈركى، — دېدى بوزاغۇ لاغىلداپ تىترەپ زۇۋان سۈرەلمەي قالغان مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ، — خاقانىمىزغا قارشى كىشىلەرنىڭ ياغما، قارلۇق، ئوغۇز، قىپچاق بولۇشىدىن قاتئىينەزەر، ئىسىملىكىنى يېزىپ بېرىسىز، مانا بۇ ساداقەتمەن دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئالدىدا گۇناھكار ئىكەنلىكىڭىزنى تەن ئالىسىز.
غەزەپتىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن بەگيۇسۇپ، بوزاغۇغا قادالدى: «ئەجەب بۇ ئادەمنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟» ئۇ سەپسىلىپ: «مۇھەممەد ئارسلانخانغا باش ۋەزىر بولغان بۇ ئادەم بوزاغۇغا بەك ئوخشايدىكەن. بىراق، بوزاغۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئۆلگەن» دېدى ئىچىدە ۋە ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ دېدى:
— مېنىڭ ئىگەم، ئاللا، سىز ئەمەس، قەيسەربەگ، سىزدەك قارا نىيەت، خۇشامەتچى، مەككارنىڭ سۆزىگە كىرگەن مۇھەممەد ئارسلانخان ناھەق قان تۆكتى، ئەلگە زۇلۇم قىلدى، بىگۇناھ بۇغراخاننى، بۆگۈ بىلگە دانىشمەنلەرنى، ۋەتەن، خەلقى ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ ئالىپ بولغان سەركەردىلەرنى، ھۆرمەتكە سازاۋەر قەبىلە، ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنى زىندانغا تاشلىدى. باش ئېگىپ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى تەن ئالىدىغان مەن ئەمەس، سىز! مانا بۇ يەردە ئولتۇرغان بىر ئوچۇم كاززاپ ئەمەلدارلار! ھەققانىيەت، ئادالەتنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋارمەن. خەلقىم، ئېلىم ھامان بىر كۈنى بىلىم ۋە بىلىم ئەھلىنى دوست تۇتىدىغان، ئەلنى روناق تاپتۇرىدىغان ئادىل، جۇرئەتلىك پادىشاھنى تەختتە ئولتۇرغۇزىدۇ.
— بەس! — ۋارقىراپ قىلىچىنى غىلاپىدىن سۇغارغان بوزاغۇ لاغ ـ لاغ بولۇپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالغان مۇھەممەد ئارسلانخانغا قارىدى، — شاھىنشاھىم، رۇخسەت قىلسىلا، مەن بۇ ئەدەپسىز گۇناھكارنىڭ بېشىنى كېسىپ كۆپكە ئىبرەت

قىلاي ! — دېدى.

— توختاڭ، ئۇنى ھازىر ئۆلتۈرمەيمەن، ئۆمۈرۋايەت زىندانغا بەند قىلىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزىگە يېگۈزىمەن، — مۇھەممەد ئارسلانخان غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىدى.

— خاقانىمىز دانىشمەندۇر. گۇناھكارغا توغرا ھۆكۈم قىلدى. بەگيۇسۇپنى قىلىچ بىلەن چېپىش يېنىك جازا بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى زىنداندا قۇرت - قوڭغۇزغا يەم قىلىپ بېرىش كېرەك ! — دوقاقبەگ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئەمرىنى قوللاپ، يېنىدا ئېگىلىپ تۇرغان بوزاغۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ قويدى.

— ئېلىپ مېڭىڭلار ! — ياساۋۇللارغا بۇيرۇدى بوزاغۇ.

— مۇھەممەد ئارسلانخان ! — دېدى بەگيۇسۇپ ئارقىسىغا قايرىلىپ، — پەلەك تەتۈر ئايلىنىپ تەختكە چىقىپ قالدىلا، پەلەك ئوڭ ئايلانسا قانداق بولىدىلا، ئويلىنىپ ئىش كۆرسىلە، پېنىكلىك قىلمىسىلا ...

بوزاغۇ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ خاقانغا تەسىر قىلىشىدىن قورقۇپ ئىتتىك ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ سەپراسى مىڭ گەز ئۆرلەپ تەختتە ئولتۇرغىنىچە قالدى ...

## 3

بەگيۇسۇپ يەنە چاھقا تاشلاندى. زىندانبېگى بەردىبەگمۇ «بۇغرا قاراخاننىڭ دۈشمەنلىرىگە خەيرخاھلىق قىلغان» دەپ ئەيىبلىنىپ، چاھقا مەھكۇم قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنىغا بوزاغۇنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، مۇھەممەد ئارسلانخان قىرىق يىل جاللاتلىق قىلغان مۇڭسۇز① قان ئىچەرنى زىندانبېگى قىلىپ يارلىق چۈشۈردى. يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن گۇناھكارلارنى كۆرۈشتۈرمەسلىك توغرىسىدا پەرمان چىقاردى.

① مۇڭسۇز — ئادەم ئىسمى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، غەم - قايغۇسىز دېگەن مەنىدە.

مۇڭسۇز قارىمۇتۇق، مۇز چىراي، گومۇش ئادەم ئىدى، ئەللىك ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ ئۆيلەنمەي بويتاق كېلىۋاتاتتى. بويى ئېگىز، قىيسىق كۆز، كۇچتۇڭگۇر ئىدى. چاچ ـ ساقاللىرىغا تېخى ئاق كىرمىگەن، قاراشتا سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

ئۇ يىگىرمە بەش يېشىدا ئورخۇن بويىدا ئەسىرگە چۈشكەن قىتان بولۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغانلار قاتارىدا ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنىغانىدى. لېكىن، ئۇ « مېنى هايات قالدۇرساڭلار، قانداق خىزمەتكە بۇيرۇساڭلار ئادا قىلىمەن» دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاندا، ئەھمەد تۇغانخان «بۇ گېپىڭ راست بولسا، ئەسىر چۈشكەن بۇ بۇرادەرلىرىڭنى چېپىپ ئۆلتۈرا!» دەپ بىر قىلىچ بەرگەن. مۇڭسۇز قىلىچنى ئېلىپ ئىككىلەنمەستىن يىگىرمە تۆت قىتان سەركەردىسىنى چېپىپ ئۆلتۈرگەن، بىر قېتىم قىلىچ ئۇرۇش بىلەن بىر كاللىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان. ئۇنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولغان بۇغرا قاراخان ئۇنى ئۆز هۆكمىنى ئىجرا قىلغۇچى جاللات قىلىپ بەلگىلىگەن، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەنسۇرخاننىڭ جاللىتى بولغانىدى.

يۇسۇپ قادىرخان بۇغرا قاراخان بولغاندا، قومارىبىكەگە ئۆيلەنگەن مۇھەممەد ئارسلانخان بولۇنبەگنىڭ مەسلىھەتى بىلەن مۇڭسۇزنى سورىۋېلىپ ئۆزىنىڭ جاللىتى قىلىۋالغانىدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى مۇڭسۇز ئىككى قولى قان بىلەن بويالغان، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى خۇمار قىلىدىغان ياۋۇزغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئوردىدىكىلەر ئۇنى « قان ئىچەر مۇڭسۇز» دېيىشەتتى.

بوزاغۇ مۇڭسۇزنىڭ زىندانبېگى بولغىنىدىن ناهايىتى خۇش بولدى، ئەتىسى زىندانغا كېلىپ:

— جاللات بولۇپ قان تۆكۈشتىن قۇتۇلغىنىڭىزغا خۇرسەنمۇ سىز؟ — دەپ سورىدى.

مەللە تون، كىگىز قالپاق كىيىپ قىلىچ ئېسىۋالغان مۇڭسۇز هومىيىپ قاراپ:

— بوزاغۇ جانابلىرى، ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارىم تۇتۇپ

كەتكەندە، سىزنىڭ مەككار بېشىڭىزغا قىلىچ ئۇرۇپ سېلىشتىن ساقلىنالمايدىغاندەك تۇرىمەن، — دېدى.

بۇنى كۈتمىگەن بوزاغۇنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى، ئارقىسىغا داجىپ زۇۋان سۇرمەي تۇرۇپلا قالدى. مۆڭسۇزنىڭ ئۆزىنى تونۇۋالىدىغىنىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەچكە قورقۇپ كەتتى.

— جانابلىرى، قورقمىسىلا، سىلىنىڭ بوزاغۇ ئىكەنلىكلىرىنى ھېچكىمگە دېمەيمەن. قەيسەربەگ بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈۋەرسىلە. مەن مەقسىتىمگە سىلى ۋە سىڭىللىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يېتىدىغاندەك قىلىمەن.

بوزاغۇنىڭ قېپىدىن چىقىپ كەتكەن يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى، يۈزىگە قان يۈگۈردى.

— مۆڭسۇز بۇرادەر، سىز مېنى قانداق تونۇۋالدىڭىز؟ — ئاخىر ئېغىز ئاچتى ئۇ.

— سىز تالاسقا كېلىپ ھەرەم ئاغۋاتى بولغاندىلا تونۇۋالغان. كۆزىڭىزگە قاراپ كىملىكىڭىزنى بىلگەن. خۇي - پەيلىڭىز ماڭا يارىغان.

— نېمىشقا ئۇ كەمدە تونۇشلۇق بەرمىدىڭىز؟

— مەن سەۋرچان ئادەم. سىزنىڭ يەنە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىڭىزنى كۆرگۈم بار ئىدى. سىڭلىڭىز بىلەن قانلىق ئويۇنلارنى ئوينىدىڭىز، ئويۇن ئەمدى ئەۋجىگە چىقتى. بوزاغۇ، بۇ ئويۇنىڭىزغا مېنىڭمۇ قاتناشقۇم، بۇغرا قاراخانلاردىن قىساس ئېلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارىمدىن بىر چىققۇم بار، — مۆڭسۇز تۆگۈلگەن مۇشتۇمىنى سىلكىپ قويدى.

بوزاغۇ قولىنى ئۇزارتتى:

— ئاكا، تەقدىر بىزنى بىرلەشتۈردى، سىزگە ئىشەندىم، ۋاقتى كەلگۈچە بوزاغۇ ئىكەنلىكىمنى ھېچكىمگە ئېيتماڭ، بولامدۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، بوزاغۇ، مەن ھازىر سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە ئېھتىياجلىق ئەمەس، لېكىن ھاجىتىم چۈشكەندە

دېگىنىمگە ماقۇل بولۇشىڭىز شەرت، — مۇڭسۇز قولىنى بەردى.

— ئەلۋەتتە، نېمە دېسىڭىز ماقۇل بولىمەن، — بوزاغۇ ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ سىلكىدى.

— مەن زىندان باشى بولغان تۈنۈگۈندىن بېرى، يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ بىرىنىمۇ گۇناھكارلار بىلەن كۆرۈشتۈرمىدىم، يۇغرۇش باشى. بۇغرا قاراخان نامىدىن پەرماننامە يازدۇرۇپ، زىندان ئىشىكىگە چاپلاتقۇزۇپ قويدۇم، كۆرۈپ باقامسىز؟

— كۆرۈپ باقاي، — دېدى بوزاغۇ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالغان بۇ باش كىسەرگە يېلىنغان قىياپەتتە، — كىشىلەر «قان ئىچەر جاللات، تەلۋە، ئارقۇق[①] ئادەم» دەپ سۈپەتلىگەندەك ئۇنداق مۆڭ، گومۇشلاردىن ئەمەس ئىكەنسىز، چارە - تەدبىرلىك، ئارىم - بارىم[②] ئادەم ئىكەنسىز، مۇڭسۇزبەگ، — بوزاغۇ ئۇنى بەگ دەپ ئاتاپ خۇشامەت قىلدى.

— مەن قان ئىچەر جاللات، دەپ تونۇلۇپ كەلگىنىم بىلەن، ھەممە ئارزۇ - ئارمىنىمنى قەلبىم قېتىغا يوشۇرۇپ قويغان ئەپسۇنچىمەن، بوزاغۇ. خالىسام بۇغرا قاراخانمۇ بولالايمەن، ئەمما، مەن ھۆكۈمدار بولۇشنى خالىمايمەن، — دېدى ئۇ پو ئېتىپ.

بوزاغۇنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى.

— ئىشىنىمەن، سىزگە ئىشىنىمەن. مۇڭسۇزبەگ، ماڭا ئادەم سىياقىدىكى ئەجدىھادەكلا كۆرۈنۈۋاتىسىز، — بوزاغۇ ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىدى، مۇڭسۇز ئۇنى كەمسىتتى:

— بوزاغۇ، ياق، تېخى بۇنداق دېمەسلىكىم كېرەك، قەيسەربەگ، سىز گەرچە يۇغرۇش باشى بولسىڭىزمۇ، توخۇ يۈرەك ئىكەنسىز. بۇ ھالىڭىز بىلەن ھەرگىز ئالىپ بولالمايسىز، ئالىپ

---

① ئارقۇق — جاھىل، تەرسا.

② ئارىم - بارىم — خۇش پېئىل، خۇشخۇي.

بولالمىغان مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. دېمەكچىمەنكى، جۇرئەتلىك بولۇڭ بەگزادە، بۇغرا قاراخاننى سىزغان سىزىقىڭىزدىن چىقالمايدىغان قىلىپ قويالىسىڭىز، ئارمانىڭىزغا يېتەلەيسىز، — مۇڭسۇز تۇرۇپ قالغان بوزاغۇغا، — قېنى ماڭايلى، — دەپ ئېگىز تام ئوراپ تۇرغان زىنداننىڭ شور ئۆرلەپ، يانتاق، مۇخ بېسىپ كەتكەن هويلىسىدىن ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىقتى.

— بۇنىڭغا قاراڭ، — مۇڭسۇز تۆمۈر هالقىلىق ئىشىكنى كۆرسەتتى، ئىشىكنىڭ ئوڭ، سول قانىتىغا سەمەرقەنتنىڭ پاتلىق قەغىزىگە يېزىلغان پەرماننامە چاپلانغانىدى:

«ئەيیۇهاناس ! ئىشتىڭلار ئامۇخاس ! ئىشتىمىدىم دېمەڭلار، ئىشتكەنلەر دانا، ئىشتىمىگەنلەر ئاگاه بولۇڭلاركى، بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ يوقلاپ كەلگۈچىلەر بىلەن مەهبۇسلار كۆرۈشتۈرۈلمەيدۇ، ئېلىپ كەلگەن، نان، ئاش، كىيىم - كېچەك ئىگىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ. كىمكى بۇ پەرماننامىگە خىلاپلىق قىلىپ، كۆرۈشتۈرۈشنى جاهىللىق بىلەن تەلەپ قىلسا، جېدەل چىقارسا، زىندانبېگىگە يانسا، ئەهۋالغا قاراپ، ئۈچ دەررە، يەتتە دەررە ئون دەررە ئۇرۇلۇپ، زىندانغا ئۈچ كۈنلۈك، هەپتىلىك، بىر ئايلىق بەند قىلىنىدۇ. بۇ پەرمانغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كاللىسى ئېلىنىدۇ! گەپ تامام ۋەسسالام.

قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ شاهىنشاهى بۇغرا قاراخان مۇهەممەد ئارسلانخان.

هىجرىيە 448 - يىلى شەئباننىڭ 13 - كۈنى[①]»

— بۇ پەرمان ئادەم چۆچۈگۈدەك دەرىجىدە يېزىلىپتۇ. بۇغرا قاراخاننىڭ ئىمزاسىمۇ قويۇلۇپتۇ، قولىڭىزدىن ئىش

① مىلادىيە 1056 - يىلى 4 - ئايغا توغرا كېلىدۇ.

كېلىدىكەن، مۇڭسۇزبەگ. شۇنى بىلگۈم بار، ئېيتىڭا، بۇ پەرمانغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولدىمۇ؟ ـــ سورىدى بوزاغۇ ئاسماقچىلاپ.

ـــ بولدى، ئويلىغاندىن كۆپ ئەمەس. تۈنۈگۈن يوقلاپ كەلگەنلەردىن ئەللىك ئادەم ئۈچتىن ـ ئونغىچە دەررە ئۇرۇلۇپ زىندانغا تاشلانغاندى، بۈگۈن سىز كەلگۈچە يىگىرمىدەك ئادەم زىندانغا تاشلاندى. قالغانلار ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى قويۇپ كەتتى، ئوغرى، قاراقچى گۇناھكارلارغا بەرگۈزۈۋەتتىم، قەيسەربەگ، ـــ مۇڭسۇز ئۇچلۇق ئېڭىكىدىكى شالاڭ ساقىلىنى سىيپاپ ھىجايدى.

ـــ كارامەت ئىش قىلىپسىز، مۇڭسۇزبەگ، دەررە ئۇرۇلغانلار ئىچىدە سۇلايمان ئارسلانخان ھەم بەگيۇسۇپلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، يېقىنلىرىدىن بارمىكەن، سۈرۈشتۈرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ ـــ بوزاغۇ خۇشال بولغىنىنى بىلدۈرۈپ كۈلۈمسىرىگەن بولسىمۇ، ئىچىدە « بۇ ناھايىتى زەھەرخەندە ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ قىساس ئالماقچى بولغان ئادىمى بىرلا بۇغرا قاراخان بولماستىن، پۈتۈن خان جەمەتىنىمۇ ئىچىگە ئالسا كېرەك، قارلۇقلارنىمۇ ئاياپ قويمايدىغاندەك قىلىدۇ. خەير، مېنى جۆرئەتسىز، دەپ كەمسىتىپ تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ زىندانبېگى بولۇشىدا، بۇغرا قاراخانغا مەن تەۋسىيە قىلغىنىمنى بىلمەي قېلىۋەرسۇن. قېنى، كىم ئالىپ، جۆرئەتلىك ئىكەن، كېيىن كۆرەرمىز ...» دەپ ئويلىدى.

ـــ بار ئىكەن، قەيسەربەگ، ـــ دېدى مۇڭسۇز ئەتراپىغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ، ـــ سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ياقۇپ تېگىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ: «ئەگەر ئاتام بىلەن كۆرۈشتۈرمىسەڭ جېنىڭنى ئالىمەن» دەپ ماڭا قاراپ يۈگۈرۈۋىدى، مانا شۇ گۈرزە بىلەن، ـــ ئۇ قولىدىكى چويۇن چوماقنى پىرقىرىتىپ قويدى، ـــ قىلىچىنى ئىككى پارە قىلىۋەتتىم. بۆرە توشقاننى باسقاندەك باسماقداپ قىمىرلىيالماس قىلىپ قويدۇم. ھا ـ ھا ـ ھا، ئون دەررە ئۇرۇپ چاھقا

تاشلىدىم. بۇ قىرىق يىلدىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئۆز دۈشمىنىمنى جازالىغىنىم، تەگرىم زىندان باشى قىلىپ دۈشمەنلىرىمنى ئۆزۈمگە تۇتۇپ بەردى، نېمە قىلسام، قىلالايمەن، قەيسەربەگ، — مۇگسۇز سۆزىنى توختىتىپ، بىلىگە ئېسىۋالغان ناسۋال قاپىقىنى ئالدى، ناسۋالدىن ئالىقىنىغا تۆكۈپ تىلىنىڭ ئاستىغا سالدى، تامىقىنى چىكىلدىتىپ كۆزىنى يۇمدى. ئاندىن «ئەھۇ» دەپ بىر يۆتىلىپ يەرگە تۈكۈردى ـ دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇزاقتىن بېرى قولى باغلانغانلارنىڭ بېشىنى كېسىپ زېرىككەندىم. بۇ يەردە قولىغا قىلىچ، نەيزە ئالغانلار بىلەن تۇتۇشۇپ ئىچ پۇشۇقۇم خېلى چىقىپ قالدى، — ئۇ قانداق ئىكەنمەن، دېگەندەك قىلىپ تۈكلۈك مەيدىسىگە مۇشتلاپ قويدى، — ئەشەددىي رەقىبىڭىز بەگيۇسۇپنىڭ ئوغلىمۇ زىندانغا تاشلاندى. ئۇمۇ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشمەن، دەپ چىڭ تۇردى، قاراۋۇللارغا بوي بەرمەي زىندانغا بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋىدى، بىرنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزدۈم. ھۇسەيىن پەزلۇللا ئېبنى خەلەپنىڭ ئىككى نەۋرىسىمۇ زىندانغا تاشلاندى. مەن بار ئىكەنمەن، ھېچكىمنى كۆرۈشتۈرمەيمەن، يوقلاپ كەلگۈچىلەرمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىدۇ. جان دېگەن تاتلىق، قەيسەربەگ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، مۇگسۇزبەگ، لېكىن سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە بويسۇنمايدىغان بىر شاھزادە بار ...

— كىم ئۇ؟

— مەھمۇد تېگىن.

— مەھمۇد تېگىن؟ — مۇگسۇز گۈرزىسىنى چۆرۈپ تۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى، — ئۇ كەلدى. قەيسەربەگ، بۇ پەرمانىنى ئوقۇپ، زۇۋانىمۇ سۇرمەي شۇ ھامان كېتىپ قالدى، دەررە يەپ زىندانغا تاشلىنىشتىن قورقىقان بولسا كېرەك، ئەتىمالىم.

بوزاغۇ ئۇنىڭ ھەممە سۆزىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، بۇ سۆزگە ئىشەنمىدى. ئىچىدە «مەھمۇد تېگىن ئۇنداق قورقۇنچاقلاردىن

ئەمەس، كېتىپ قېلىشىدا چوقۇم بىر مەقسەت بار» دەپ ئويلاپ سورىدى.

— زىندان باشى بەردىبەگ چاھقا تاشلاندىمۇ، ياكى قاماپ قويۇلدىمۇ؟

— چاھقا تاشلاندى. ئۇ قېرى «ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم، نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى بۇغرا قاراخانىنىڭ ئەمرى بىلەن چاھقا تاشلاپ قىيىنغانىدىم. ئەمدى ئۆزۈممۇ چاھ ئازابىنى تارتىپ، تەڭرىم ئالدىدىكى گۇناھىم يېنىكلىيدىغان بولدى» دەپ ياتىدۇ. ساناقلىق كۈنى قالدى ئۇ خۇنپەرنىڭ، كىرىپ كۆرۈپ باقامسىز؟

— بولدى، مۇڭسۇزبەگ، مەن قايتاي، — بوزاغۇ خوشلاشتى.

## 4

كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن زىنداندىكى زۇلمەت بىر خىل بولمايدۇ. ئەركىن ئادەم بىلەن مەھبۇسنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى ئوخشىمايدۇ ...

بەگيۇسۇپنىڭ ئىرادىسى مۇستەھكەم ئىدى. زىنداندىكى ئەركىسىز ھايات ئۇنى تىز پۈكتۈرەلمىگەنىدى. دۇنيادا ئەڭ قاتتىق كۈن مەھبۇسلارنىڭ كۈنى ئىكەنلىكىنى ۋۇجۇدى بىلەن سېزىپ، ئانىسىنى، خوتۇن - بالىلىرىنى، يارۇ بۇرادەرلىرىنى سېغىناتتى، پىراق ئوتىدا پۇچىلىناتتى، «بۇ مۇھەممەد ئارسلانخانىنىڭلا ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتقان پېشكەللىك ئەمەس، ئاللانىڭ ئۇنى تەختكە چىقىرىشى زۇلۇم قىلىشقا، قان تۆكۈشكە زورلىغان قارا نىيەت - سۇيىقەستچىلەرنى ئاشكارىلاش ئۈچۈندۇر. ھەرقانداق ياۋۇزلۇققا، ئازاب - ئوقۇبەتكە چىداشلىق بېرىشىم، ھاياتىمنى ساقلىشىم زۆرۈر» دەپ ئويلاپ، ئۈمىد بىلەن چاھنىڭ ھىم يېپىقلىق ئاغزىغا پات - پات قاراپ قوياتتى. بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇنى ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمىگەنىدى.

«بىرەر ئۆزگىرىش بولدىمۇ نېمە؟ ئابا، بالىلىرىمغا زىيان - زەخمەت يەتمىگەي ئىلاھىم. يا ئۇلار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدىمىكىن؟ ئەگەر شۇنداق بولسا بەگتاش جالالىدىن ئاغامنىڭ بالىلىرى كېلىپ خەۋەر يەتكۈزگەن بولاتتى. ئۇلارنىڭمۇ كەلمىگىنىگە قارىغاندا، بىر ئىش بولغان چېغى ...» دەپ ئويلاپ ئىچى تىت - تىت بولاتتى.

بەگيۇسۇپ زىنداننىڭ يەڭگۈشلەنگىنىنى تېخى بىلمەيتتى. ئىلگىرى يوقلاپ كەلگەنلەرنى كۆرۈشتۈرگەندىن باشقا، چاھلارنىڭ ئاغزىنىمۇ بىر ئاز ئېچىپ قوياتتى. سۇ، چايمۇ چۈشۈرۈلۈپ تۇراتتى. مۇڭسۇز زىندانبېگى بولغاندىن بۇيان، ئەتىگەن - كەچتە ھاجەت ئۈچۈن سىرتقا چىقارغاندىن باشقا چاغدا، تاش ياپقۇنى چاھ ئاغزىدىن ئالمايدىغان بولدى.

بەگيۇسۇپ يېڭىدىن قويۇلغان زىندانبېگىنى تېخى كۆرمىگەنىدى. مۇڭسۇز ئۆزى پىنھاندا تۇرۇپ، ئىشلارنى باغرى قاتتىق گۇندىپايلارغا قىلغۇزاتتى يوقلاپ كېلىدىغانلار كۇندىن - كۇنگە ئازلاپ، زىندانغا تاشلانغانلار كۆپىيىۋاتاتتى.

بەگيۇسۇپنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى بەگتۇرمىش زىندانغا تاشلانغاندىن كېيىن، مەھمۇد تېگىننىڭ مەسلىھەتى، يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇلاقبېشىدىكى چوڭ مىس قۇلۇپ سېلىنغان قورۇسىغا ياساۋۇللىرىنى بىرقانچە قېتىم باشلاپ كەلگەن بوزاغۇ ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماي قايتىپ كەتكەنىدى. بولمىسا بېسىپ كىرىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان، قارشىلىق كۆرسەتتى، دەپ ئەر - ئايال دېمەستىن تۇتۇپ كەتكەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. زىندانغا يوقلاپ بارمىغىنىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ ئىدى. بەگيۇسۇپ «بالىچاقىسىدىن ئايرىلغانلار مەنلا ئەمەس، چىدامىلىق بولۇشۇم، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويماسلىقىم كېرەك، كۆپكە نىجاتلىق بولماي تۇرۇپ، ماڭا نىجاتلىق بولمايدۇ ...» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى ...

ياشىنىپ قالغان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بۇغرا قاراخان بولغاندىن كېيىنكى ئىچكى نىزالار ۋە ئەل غېمى پەيدا قىلغان يۈرەك كېسىلى زىندانغا تاشلانغاندىن بۇيان ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. قىرىغىنىدا بۇ دەرد ـ ئەلەمنى كۆتۈرەلمەي، ئولتۇرغۇچىلىك هالى قالمىغانىدى. بالىچاقىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمەي قويغاندىن بېرى تېخىمۇ ئاجىزلاپ، هاجەتكىمۇ چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى.

زىندانبېگى مۇگسۇز كۆن ئاشۇرۇپ كېلىپ ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرغان بوزاغۇنى ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەرلەندۇردى:

— يۇغرۇش باشى، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ هالى تۆۋەنلەپ قالدى. قاراۋۇللارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا هاجەتكىمۇ چىقالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، چۇشۇرۇپ بەرگەن تاماقنىمۇ يېمەپتۇ.

— ئۇنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى ئاۋامغا ئاشكارىلانمىسۇن، مۇشۇنداق جىمجىتلا ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويايلى، مۇگسۇزبەگ. يىلاننىڭ بېشى يانجىلسا، قۇيرۇقى كارغا كەلمەيدۇ. سىزمۇ زىندان باشى بولۇپ ئۆتۈۋەرمەيسىز، — دېدى بوزاغۇ رازى بولغان هالدا. ئۇ ئاكىسىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى توغرۇلۇق مۇھەممەد ئارسلانخانغىمۇ زۇۋان سۈرمىدى.

يەتمىشتىن ئاشقان مەۋلانا هۈسەيىن ئىبنى خەلەپ ئاچچىقىنى باسالماي كېلىۋاتاتتى. ئۇ مۇھەممەد ئارسلانخاننى «قارا نىيەت خۇنخورلارنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى، ئادالەت، ھەققانىيەتنى دەپسەندە قىلدى، بىگۇناھ ئالىم ئەھلىنى خارلىدى» دەپ ئەيىبلەيتتى. بوزاغۇنى «دىننىڭ، بىلىم ئەھلىنىڭ دۈشمىنى، يۇغرۇش باشى بولۇشقا لاياقەتسىز» دەپ سۆكەتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، بۇرادەرلىرى، شاگىرتلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمەي قويغاندىن باشلاپ، تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، تىللايدىغان، ئۆزىنى نازارەت ئاستىغا ئالغان گۇندىپايلارغا مۇشتۇمىنى تەڭلەيدىغان بولدى. مىجەزى چۇس، كۆڭلى نازۇك بۇ ئالىم بىگۇناھ زىندانغا تاشلىنىپ يۈزلىگەن شاگىرتلىرىغا دەرس

بىرەلمەي قالغىنى ئۇچۇن ھەسرەت چېكەتتى.

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ياقۇپ تېگىنمۇ، بەگيۇسۇپنىڭ ئوغلى بەگتۇرمىشمۇ گۇناھسىز زىندانغا تاشلانغىنىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

بەگيۇسۇپ ئۆزىدىن كۆپرەك بىگۇناھ قامالغانلارنىڭ غېمىنى يەيتتى، ئۇلارغا تەسەللى بەرگۈسى، ئۈمىدلەندۈرگۈسى كېلەتتى. لېكىن، بۇنىڭغا قىلچە ئامال يوقلۇقىنى ھېس قىلغاندا، «چىدام ـ تاقىتىمدىن ئايرىما تەڭرىم، بۇ ئازابلىق تۈن ئۆتۈپ، سائادەتنىڭ تېڭى ئاتىدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋارمەن ...» دەپ مۇناجات قىلاتتى...

بەگيۇسۇپ كېچە بىلەن كۈندۈزنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان چاھ ئىچىدە، ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولى، قاراخانىيلار ئېلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، تەختكە چىققان بۇغراقاراخانلار، بىر پۈتۈن مەملىكەت بولۇپ تۇرغان چاغدىكى دەبدەبە، سەلتەنەت، پارچىلانغاندىن كېيىنكى دەرد ـ ئەلەم، ئەللەر بىلەن بولغان ئۇرۇش ـ جەڭلەر ھەم ئۇنىڭ ئاقىۋىتى، قەبىلىلەر ئارا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلار، ئاۋامنىڭ مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا ئويلايتتى، پىكىر يۈرگۈزەتتى. بۇ تار، زۇلمەتلىك چوڭقۇر چاھتا، ئۇنىڭ خىيالىنى ھېچكىم ئۈزۈپ قويالمايتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا تۆۋەندىكى مىسرالار كەلدى:

تىرىك ئۆلۈر ئاخىر، تۆشەك بولار يەر،
تىرىكتۇر ئېتى، ياخشى بولسا گەر.①

بەگيۇسۇپ يىراق ئۆتمۈش بولۇپ قالغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، ھارۇن بۇغراخان، سېيىت ئەلى ئارسلانخان، ئەھمەد تۇغانخان دەۋرلىرىنىمۇ خىيالەن كېزىپ چىقتى. مەنسۇرخان، يۇسۇپ قادىرخان، سۇلايمان ئارسلانخان زامانىدا بولۇپ ئۆتكەن

① «قۇتادغۇ بىلىك» 237 ـ بېيىت.

ۋەقەلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ تۇيغۇ ـ ھېسسىياتى دولقۇنلىنىپ، پىكىرلىرى قايناپ، كۆڭۈل خاتىرىسىگە يېزىلىۋاتقاندا، ئېتىكىگە پاللىدە يورۇق چۈشتى، چاھ ئاغزىدىكى تاش ياپقۇ ئېلىنغانىدى.

بەگيۇسۇپنىڭ كۆزلىرى يۇقىرىغا تىكىلىش بىلەن ئۆزىمۇ تۇرۇپ كەتتى. «پاھ! تەڭرىم، بۇ نېمە كارامەت؟ سەۋر، چىدام، غەيرەت تىلەپ ئويغا چۆككىنىمدە، ئىلھام پەرىسىنى ئەۋەتتىڭمۇ ـ ھە! چاھ ئاغزىدا جامال كۆرسەتكەن نىجاتلىق پەرىشتىسىمۇ ياكى سائادەت مەلىكىسىمۇ؟» دەپ نىدا قىلدى.

يېشىل ھىلەھلە رومالىنىڭ چۇچىلىرى بىلەن بىللە، ئۆرۈم ـ ئۆرۈم قاپقارا قۇندۇز چاچلار چاھ ئىچىگە ساڭگىلىدى. ياشقا توشقان قارا كۆزلەر چاھ ئاستىغا تەلمۈرۈپ باقتى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بەگيۇسۇپ ئاغا ...

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، دىلدارىكە، — دېدى قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قارىغان بەگيۇسۇپ، — مەن كۆزۈمگە ئىشىنەلمەيۋاتىمەن ...

— ئىشەنسىلە بەگيۇسۇپ ئاغا. پېقىرە سىلىنى يوقلاپ كەلدىم.

— ئىككى ھەپتىدىن بېرى زىندان باشى ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمىگەنىدى ... راست، سىلى ئىكەنلا سىڭلىم ...

دىلدارىكە زىندانبېگىنىڭ ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغان ھالدا چاھ ئىچىگە بەكرەك ئېگىلىپ دېدى.

— بەگيۇسۇپ ئاغا، ھەيران بولمىسىلا، تاش ياپقۇنى چاھ ئاغزىدىن ئالدۇرغان مەن ئەمەس، تىللا! زىندان باشىغا تىللا لازىم ئىكەن.

بەگيۇسۇپ ئەھۋالنى چۈشەندى.

— قانچە تىللا ئالدى، سىڭلىم؟

— يۈز تىللا.

— ئوھۇي، ئاز ئەمەس ئىكەن.

— دىدارلىرىنىڭ قىممىتى ئەل ئۈچۈن بىباھا، بەگيۇسۇپ

ئاغا.
— مەن تېخى ئەلنى رازى قىلغۇدەك بولمىدىم.
— ئەل سىلىدىن رازى.
— مەن ئەلنى رازى قىلىش ئۇچۇن تېخى ئەمدىلا جەڭ باشلىدىم ...
دىلدارىبىكەنىڭ ئەگىم قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مۇڭلۇق چېھرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى.
— ئەجەب - ھە ! چاھ ئىچىدە قانداق جەڭ باشلىدىلا؟
بەگيۇسۇپنىڭ ساقال بېسىپ، سۇرلۇك بولۇپ قالغان چېھرىدىمۇ يېقىملىق كۈلكە پەيدا بولدى.
— مۇشۇ قاراڭغۇ، زەي چاھ ئىچىدە ھەققانىيەت، ئادالەتنىڭ نۇرلۇق قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جاھالەت، زۇلمەتنىڭ زوراۋان تەلۋىلىرى بىلەن ئېلىشىۋاتىمەن. ھەيران بولمىغايلا، سىڭلىم. مېنىڭ قىلىچىم تەپەككۇر ۋە قەلەم، بۇ قىلىچىمنىڭ بىسى قايتماس !
— زىنداندىمۇ تىنچ ياتماپتىلا - دە، بەگيۇسۇپ ئاغا. كۆڭۈللىرىنىڭ تۈگمەيدىغان بەتلىرىنى تەپەككۇر ئۇنچىلىرى بىلەن تولدۇرۇپ بىلىك كانىنى قېزىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟
— ئەل ئۇچۇن بىر ھەقىقەتنى تېپىپ چىقىش — غەلىبىلىك بىر جەڭ قىلىش بىلەن باراۋەر، — دېدى بەگيۇسۇپ.
— بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولدۇم، بەگيۇسۇپ ئاغا. جەڭگاھتىكى جەڭ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قانلىق ئىزلىرى بارا - بارا ئۆچۈپ كېتىدۇ. ئەمما، ھەقىقەت تېپىلغاندىن كېيىن، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالىدۇ. سىلى چوڭ ئىش قىلىۋېتىپتىلا، — دىلدارىبىكەنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش چاھ ئىچىگە تاراملىدى.
زۇلمەتلىك چاھ ئىچىدىمۇ بەگيۇسۇپنىڭ ئەقلىدىن ئاداشماي، غۇرۇرىنى يوقاتماي شۇنداق زېرەك، ھوشيار تۇرغىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەن دىلدارىبىكە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغانىدى. ئۇ

بۇلدۇقلاپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، توساتتىن سورىدى.
— تەڭرىم كۈچ ـ قۇدرەتلىرىنى كەم قىلمىسۇن، بەگيۈسۈپ ئاغا. ئاشۇ مۇشەققەتلىك جەڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، بالىچا ـ قىلىرىنى، يار ـ بۇرادەرلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامىلا؟ ئۇلارنى سوراپ قويايمۇ دېمىدىلە.
ئېغىر تىنىق، ئاھ چەككەن ھەسرەتلىك ئۈن ئىشتىلگەندە، دىلدارىبىكە «بۇنى نېمىشقا سورىغاندىمەن؟» دەپ لېۋىنى چىشلىدى.
— دىلدارىبىكە، مەن ھېچكىمنى ئۇنتۇغىنىم يوق، شۇلارنى، ئەۋلادلىرىمنى دەپ، بۇ چاھ ئىچىدە ئاشۇ جەڭنى قىلىۋاتىمەن. ئاتايىلا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىماقچىدىم. لېكىن، كۆڭلۈم سېزىپ تۇرغان خەۋەرنى ئېيتقۇزۇپ مالال قىلىپ قويماي، دەپ سورىمىغاندىم. سورىمىسام كۆڭلۈم تىنچلىنالمايدىغان ئوخشايدۇ. ئېيتسىلا، يېقىندىن بېرى بىزنىڭ ئۆيگە باردىلىمۇ سىڭلىم؟
— ھەر كۈنى دېگۈدەك بېرىپ تۇردۇم، بەگ ئاغا، يابىرا ئاغىچىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىم.
— بەگتاش جالالىدىن ئاغام ئوبدان تۇردىمۇ؟
— ئوبدان تۇردى، سىلىگە كۆپ دۇئا قىلدۇ.
— خوتۇن ـ بالىلىرىمچۇ؟
— سالامەت، بەش يۈز تىللا بېرىپ بەگتۇرمىشنى زىنداندىن چىقىرىۋالدىم.
— راستىنى ئېيتسىلا سىڭلىم، ئابام ھازىر نەدە؟ يېقىندىن بېرى نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟
دىلدارىبىكە ئۇھ تارتىپ دېدى:
— سىلىنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىرىدىن خەۋەر تاپقان يابىرا ئاغىچامنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ يېتىپ قالغانىكەن. چاقىرغىلى كەلگەن بۇۋىئايشەدىن ئۇقۇپ، بېرىپ داۋالىدىم، بىر ئاز ياخشىلانغانىدى. مەھمۇد تېگىن كېلىپ:

«ئوردىدىكىلەردىن ئوقسام، يوغرۇش باشىنىڭ سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ئويى بار ئوخشايدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇڭلار ياكى تويدۇرماي قوزئوردۇغا كېتىڭلار، ئۇ خۇنپەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ» دەپ ئۇلارنى تەستە قايىل قىلىپ، ئۇلۇشكۇن ئەتىگەن شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىش بىلەن تەڭلا ئۆزى يولغا سېلىپ قويىدى.

— ئابام، خوتۇن - بالىلىرىم، نەۋرىلىرىم ھەممىيلەن كەتتىمۇ؟ — بەگيۇسۇپ تازا ئىشەنچ قىلالماي سورىدى.

— يابىرا ئاغىچام، ئارازان ئانا، ئايتولۇن خېنىم، ئايتىمىش خېنىمنىڭ بالىلىرى، بەگتۇرمىش، ئايسىلىگ خېنىممۇ ئوغۇل - قىزلىرى بىلەن كەتتى. ئاقبىرا خېنىم، بۇۋىئايشە خېنىم، جانپىدا غوجاملار قالدى.

— نادىرە، سۈتۈق بۇغرالارنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ - دە.

— ياق، بەگيۇسۇپ ئاغا. ئۇلارغا ئالدىنقى ھەپتە قىزىل چىققانىكەن، شۇنچە داۋالىسامۇ ساقىيالمىدى. جانپىدا غوجاملا ساقىيىپ ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ قالدى، — دىلدارىبكە ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتقان بولسىمۇ، كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى. بەگيۇسۇپنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئايتولۇن ئاچام: «قېيىنئاتام، ئېرىم، ئوغلۇمنىڭ ئىسسىق قانلىرى تۆكۈلگەن بۇ تۇپراقتىن زادى كەتكۈم يوق. ئەمما، ئابام، قېيىنئانامغا ھەمراھ بولۇشۇم ناھايىتى زۆرۈر» دەپ خوشلاشتى. بۇۋىئايشە: «مەن كەتسەم ئېلىبەگنىڭ روھى قورۇنۇپ قالامدۇ؟ ئاتام، ئابام، قۇمبا ئاچامدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟» دەپ ئۇنىماي قېلىپ قالدى.

— قىزىم بۇۋىئايشە، ئاقبىرالار نەدە، قىزىم ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟ ئۇلار نېمىشقا سىلى بىلەن كەلمىدى؟

— بۇۋىئايشە خېنىم ساق، مەن بۇنداق سەۋرلىك، چىداملىق قىزنى ھېچ يەردە كۆرمىگەن، ئۇ كەم سۆز بولۇپ قالدى، قۇمبا ئاچامغا «بۇغرا قاراخانىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ زىندانغا

بىسىپ كىردى» دېگەن گۇناھنى ئارتىپ، تۇتۇپ كەتكىنىگە ئون كۈندىن ئاشتى. بەگيۇسۇپ ئاغا. ئۇ ھازىر مۇشۇ زىنداندا بولسا كېرەك.

— بۇ چۇشۇمگە ئايان بولغانىدى. سىڭلىم، ئاقىۋەتنى خۇدا خەيرلىك قىلغاي، — بەگيۇسۇپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا سەل كۆتۈرۈلۈپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — قارا نىيەت خۇنخورلار ھېچكىمگە رەھىم قىلمايدۇ، ئۇلاردىن شەپقەت كۇتۇش باشنى تاشقا ئۇرغانلىق بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، ئۇلار زەرگە تويمايدۇ. قارماقتا تىللا يەمچۈك قىلىنسىلا، ئۇلار بۇرنىدىن ئىلىنىدۇ. ئەمما، بۇ ئىشنى قىلىشتا ئېھتىيات ھەممىدىن زۆرۈر. بۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتىلە، ئەمدى ئاچىلىرى قۇمبا، ئۇستازلىرى ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ بىلەنمۇ كۆرۈشۈشكە بىر ئۇرۇنۇپ باقسىلا، بىر قېتىم يوقلاش — ئۇلارغا بىر قېتىم جان ئاتا قىلىش بىلەن باراۋەر ...

— نىماداق تۇگىمەيدىغان سۆز بۇ، ئاغىچا خېنىم، ئەمدى بولدى قىلسىلا، — دېدى نېرىدىن قاراپ تۇرغان زىندانبېگى مۇشسۇز جۇدۇنى تۇتۇپ.

— ماقۇل، ئېلىپ كەلگەن نەرسەمنى چۇشۇرۇپ بېرىپلا خوشلىشىمەن، — دېدى دىلدارېىكە، ئاندىن چاي بىلەن يېمەكلىكنى سالغان سېۋەتنى چاھقا چۇشۇرۇپ تۇۋلىدى، — بەگيۇسۇپ ئاغا، سۆزلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن، خوش، خۇداغا ئامانەت.

— خوش، سىڭلىم، ئاللا سىلەرنى ئامان قىلسۇن، — دېدى ئۇ سېۋەتتىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئورنىغا كىر بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى سالدى. ھېجىردىكى پولۇنى، خومىردىكى گۇلقەنتنى، نان، سامسىنى كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئالدى. خومىرنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋىدى، بىر پارچە قەغەز چىقتى، ئۇنىڭغا «بەگيۇسۇپ ئاغا، سىزنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۇچۇن چارە ئىزدەۋاتىمىز» دەپ يېزىلغانىدى...

# ئۈچىنچى باب

# خانىشلار ۋە شاھزادىلەر

## 1

قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىن قىرىق بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوپال — خىلۋەت، توپىسى مۇنبەت، ھاۋالىق گۈزەل يېزا. بۇ دىيار قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ گۈللەپ - ياشناپ، بۇغراخان، قاراخان، ئارسلانخان، ئېلىكخانلارنىڭ ئارامگاھى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ چار باغلىق تۇراسى بولۇپ قالغانىدى.

سۇلايمان ئارسلانخان باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىنىسى مۇھەممەد ئارسلانخانغا قارشى قەشقەردىن ئاتلىنىپ چىققان ئەتىيازنىڭ ئاشۇ شاماللىق كۈنىدە، ئۇنىڭ خانىشلىرى، باللىرى كېنىزەك - مۇلازىملىرى بىلەن ئوپالغا كېتىشكەنىدى.

چوڭ خانىش ئايزادە تۈركەن خاتۇن، ئىككىنچى خانىش ئالتۇن تارىم بۈۋىپاتىمە، ئۈچىنچى خانىش كۈمۈش تارىم گۈلجاھان ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن توقال، چۆرىلەر بىلەن «سۇلتانباغ» دىكى قەسىرلەرگە ئورۇنلاشتى. گۈل - گىياھلار ئەمدىلەتىن ئۈنۈۋاتقان، دەل - دەرەخلەر بىخ سۈرۈۋاتقان بولغاچقا، كۆكلەم پەسلىنىڭ رۇخسارى ئالەمگە تېخى نامايان

بولمىغانىدى، پەقەت قىشۇياز توختىماي ئاقىدىغان ئازىق داراسى[1]نىڭ شارقىرىغان ئاۋازى بۇ باغدىكى تۇمۇچۇق، تورغاي، قارىغوجىلارنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرىغا قوشۇلۇپ، خانىش، چۆرىلەرنىڭ پەرىشان كۆڭلىگە مەلھەم بولاتتى. ھاۋا سالقىن بولغاچقا، ئۇلار ئازادە بېزەلگەن ئايۋان ـ سارايلىرىدا دېرىزىلەردىن قارىشىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئايزادە تۈركەن خاتۇن غەزنەۋىلەر پادىشاھى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ كەنجى قىزى ئىدى. يۈسۈپ قادىرخان ناسىر شاھ بىلەن بىللە جەڭ قىلىپ غەزنەۋىلەرنىڭ بۇخارادىكى ئوردىسىنى ئىگىلىگەندە، كاتتا توي قىلىپ بۇ مەلىكىنى ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخانغا ئېلىپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئاتىسى، قېيىنئاتىلىرى دۇنيادىن ئۆتۈپ، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدىنمۇ ئايرىلغان مەلىكە ئايزادە سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ۋاپادار خوتۇنى بولۇپ كېلىۋاتاتتى. چوڭ ئوغلى ئەبۇ ھەسەن تېگىن بالاساغۇن دىيارىنىڭ ئېلىكخانى ئىدى. ئىككىنچى ئوغلى ياقۇپ تېگىن قەشقەر ساچىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتاتتى. ئون بىر ـ ئون ئىككى ياشلارغا كىرگەن قىزى ئالقىشبىكە يېنىدا ئىدى.

ئالتۇن تارىم بۇۋىپاتىمە ئەھمەد تۇغانخان سانىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ ئۇزاق يىللارغىچە تۇغماي، كۆپ سەۋەبلەرنى قىلىپ تۇغقان ئوغلى تېخى كىچىك ئىدى، ئېتى ئالماس بولۇپ، شوخ چوڭ بولۇۋاتاتتى، مەلىكە ئۇنى يېنىدىن ئايرىمايتتى.

گۈلجاھان قىپچاق قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ قىزى ئىدى. «قوچقار بېشى»[2] قىشلىقىدىن ئۆتكەندە، سۇلايمان ئارسلانخان ئەمرىگە ئالغان. ئۇ قوۋۇز، دومبىرا چېلىشقا ماھىر، ئېرىنىڭ

---

① ئازىق داراسى ـــ ئوپالدىكى ئازىق كەنتىدىن ئۆتىدىغان ئېقىن. كېيىن بۇ يەر سۆسەر ئاغزى دەپ ئاتالغان، ئەينى چاغدىكى ئېقىننىڭمۇ سۈيى ئازىيىپ كەتكەن.

② «قوچقار بېشى» ـــ دەشتى قىپچاقتىكى بىر يېزا، ئەينى چاغدا قاراخان سەر ـ كەردىلىرى تۇرغان.

كۆڭلىنى ئالالايدىغان نازىنىن ئىدى. قوشكېزەك قىز تۇغقان، سۇلايمان ئارسلانخان قىران چېغىدا كۆرگەن بۇ پەرزەنتلىرىگە «كۇنىكە، ئايىكە» دەپ ئات قويغانىدى.

خانىشلار، چۆرىلەر كېنىزەكلىرى بىلەن سۇلتان باغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارامگاھ سارايغا يىغىلىپ تاماقلىنىۋاتاتتى، باشقا چاغلاردا ئۆز خانىلىرىدا بولاتتى. ئارىلاپ بالىلىرىنى ئېلىپ، كېنىزەك ـ مۇلازىملىرى بىلەن ئازىق داراسى بويىدىكى بوستانلىقتا ھاۋالىنىشقا چىقاتتى.

ئالقىشبىكە ساداقىنى ئېلىپ، ئىتىغا مىنىپ، ئالماس تېگىن، كۇنىكە، ئايىكە ۋە ئۇلارنىڭ باققۇچىلىرى، دېدەكلىرى بىلەن «نورۇز بۇلاق» قا، ئوي چولپاندىكى يېشىل تۆپىلىكتىن ئۆتۈپ ھاك تېغىغا بىرىپ ئويناپ كېلەتتى. بالىلارنىڭ چوڭى بولغاچقا، ھەممە بالىلارنى باشقۇراتتى، پەقەت يالغۇز ئوغۇل بولغان ئالماس تېگىن بويۇنتاۋلىق قىلىپ، دېگىنىگە ئۇنىماي تۇرۇۋالاتتى.

بۈگۈن ئۇلار ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپلا، «نورۇز بۇلاق» قا كەلدى. ئالقىشبىكە ساداقىنى سۆگەتنىڭ ئاچىمىقىغا ئىلىپ قويۇپ، دېدەك ئايالنىڭ «تاراپ قوياي» دېگىنىگە ئۇنىماي، سۈزۈك بۇلاق سۈيىدە بولۇق قارا چاچلىرىنى يۇيۇپ تاراپ، ئون بىر ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈۋاتاتتى. ئايىكە بىلەن كۇنىكەنىڭ قوڭۇر چاچلىرىنىمۇ يەتتە ئۆرۈمدىن قىلىپ ئۆرۈپ قويدى.

ئالماس تېگىن ئېقىن بويىدىكى قۇمساڭغۇ يەردە تەڭتۇش مۇلازىمى بىلەن قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق قىلدى. ئۇنىڭ بۇرۇنراق چوڭ بولغۇسى، ساچىيە مەدرىسەسىدە بىلىم ئالغۇسى، جەڭلەرگە قاتنىشىپ ئالىپ بولغۇسى كېلەتتى.

ئۇلار خىلى ۋاقىتقىچە قىلىچلىرى بىلەن تاللارنى كېسىپ، يالىرىدىن ئوق ئۈزۈپ، تېرەك، سۆگەتلەرنىڭ ئاچماقلىرىغا تەگكۈزۈپ ئويناشتى، ئاتلىرىغا مىنىپ چېپىشتى، ئاندىن شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان ئازىق داراسىنى كېچىپ ئۆتتى.

ئۇجمە، جىگدە دەرەخلىرى سايە تاشلىغان يېزا يولىدا خېلى يۈرگەندىن كېيىن ئوپال بازىرىغا كېلىشتى. ئاتلىرىدىن چۈشۈۋاتقاندا، شەھەردىن چىققان بىر توپ كىشىلەرگە كۆزلىرى چۈشتى.

— مەھمۇد تېگىن ئاكام كەپتۇ، بۆگۈ بىلگە ئاكام كەپتۇ، — دەپ تووۋلىغىنىچە يۈگۈردى ئالماس تېگىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى مۇلازىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ.

— ئۇكام بازارغا كەلگەنمىدىڭلار؟ — ئاتتىن چۈشكەن مەھمۇد تېگىن يۈگۈرۈپ كەلگەن ئالماس تېگىننىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ بىر كۆتۈردى ـ دە، يەرگە دەسسىتىپ قويدى.

— ئويناپ كەلگەندۇق، — دېدى گۆدەك سەللىسىگە ئالتۇن ئوتۇغات قادالغان مەھمۇد تېگىننىڭ بەقەسەم تونى ئۈستىدىن باغلىغان كەمىرىگە ئېسىقلىق قىلىچىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ، — بىزگە نېمە ئېلىپ كەلدىڭ ئاكا؟

— جىق نەرسە ئېلىپ كەلدىم، قورۇغا بارغاندا بېرىمەن، — دېدى مەھمۇد تېگىن ئۇنىڭ دولىسىنى قېقىپ، — سىلەر بازاردىن ئالدىغان نەرسەڭلارنى ئېلىپ ئارقىمىزدىن بېرىڭلار، بىز ئاۋۋال بېرىپ تۇرايلى.

مەھمۇد تېگىن ئېتىغا مىندى.

— مەنمۇ سەن بىلەن كېتىمەن، ئاكا، — ئالماس تېگىن يۈگۈرۈپ ئالقىشبېكەنىڭ يېنىغا باردى، — قۇنچۇي ئاچا، يۈرۈڭلار، مەھمۇد تېگىن ئاكام بىلەن قايتايلى.

ئالقىشبېكە قوشكېزەك سىڭىللىرى، دېدەكلىرى بىلەن ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى.

— بۆگۈ بىلگە ئاغا، خاپا كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ. ھەر دائىم ئۆيگە خۇشال كېلىدىغان مەھمۇد تېگىننىڭ غەمناك، قايغۇلۇق چېھرىگە قاراپ. شاھزادىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ قالغانىدى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن شەيتان قىز، ھېلى قورۇغا

بارغاندا بىلىسەن، ـــ مەھمۇد تىگىن ئىتتىغا قامچا ئۇردى.
ئۇلار «سۇلتانباغ»نىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، كۈنپېتىشقا ئارغامچا بويى قالغانىدى. ئايزادە تۇركەن خاتۇن خانىشلار، چۆرىلەر بىلەن ئايۋاندا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئالقىشىبىكە كىرىپ مەھمۇد تىگىننىڭ كەلگىنىنى خەۋەر قىلدى.
ئايزادە تۇركەن خاتۇن خانىشلار بىلەن باغ ھويلىسىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى.
ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەلىكە ئابا، ـــ مەھمۇد تىگىن قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەردى ۋە ھال سورىدى. خانىشلار جاۋاب سالام قىلىپ، بۇغرا قاراخاننىڭ نەۋرىسى بولغان بۇ شاھزادىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى ۋە ئايۋانغا باشلاشتى. قولىغا سۇ بېرىپ داستىخان سالدى.
ـــ بالام، كېلىپ مېنى بەك خۇش قىلدىڭ، قېنى، چاي ئىچسىلە، ـــ دېدى ئايزادە تۇركەن خاتۇن، ئۇ مەھمۇد تىگىننىڭ قايغۇ بۇلۇتلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ، بىر شۇم خەۋەر ئاڭلايدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيدى، شۇڭا ئېرى توغرۇلۇق سورىمىدى.
ئىنسان شۇنداق بىر تۇيغۇن سەزگۈگە ئىگىكى، كۆپ ھاللاردا، ئۆزى يۈز بەرگەن مۇسىبەت، ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر ئۈستىدە بولمىسىمۇ، ئۇنى چۈشىدە كۆرىدۇ، بىر ئەنسىزلىك ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالىدۇ. خۇشاللىق كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ، غەم بېسىۋالىدۇ. ئايزادە تۇركەن خاتۇن نەچچە ئايدىن بېرى مانا شۇنداق ئەنسىز تۇيغۇدا ئېرىدىن ئەنسىرەپ كېلىۋاتاتتى. سۇلايمان ئارسلانخان لەشكەر تارتىپ ئاتلانغاندا، ئۇنىڭ قەشقەردىكى ھەشەمەتلىك ھەرەمدە تۇرغۇسى كەلمەي، ئوپالغا كېلىۋالغانىدى. باشقا خانىش ـ چۆرىلەردىن غەم ـ ئەندىشىسىنى قانچە يوشۇرغان بولسىمۇ، چىرايىدىكى مۇڭ ـ ھەسرەت بۇنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى. لېكىن، خانىشلار بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىمىدى، ئۆزلىرىمۇ خۇددى شۇنداق ئەنسىز تۇيغۇ ئىلكىدە

ئازابلىنىۋاتاتتى.
مەھمۇد تېبگىن خۇشبۇي چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇپ، خانىشلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولدى.
— ئابالىرىم، مەن بۇ دورەم خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلەلمىدىم، — دېدى ئۇ سۆز باشلاپ، — بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان بوۋام مەغلۇپ بولۇپ زىندانغا تاشلاندى. مۇھەممەد ئارسلانخان بوۋام تەختكە چىقتى. يۇغرۇش، ھاجىپ، سۇباشىلارنى يېڭىدىن تەيىنلىدى. ئۇنىڭ يېنىغا بىرقانچە قېتىم كىرىپ سۇلايمان ئارسلانخان بوۋامنى زىنداندىن چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان بولساممۇ، ماقۇل قىلالمىدىم، ئابا، — ئۇ سۆزدىن توختاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكەن ئايزادە تۇركەن خاتۇنغا تەسەللى بېرىپ دېدى، — يىغلىمىسىلا، پۈتۈن ئەلدىكى ئاۋام سۇلايمان ئارسلانخان بوۋامنىڭ زىنداندىن چىقىشىنى ئۈمىد قىلماقتا. بۇغرا قاراخان بوۋام چوقۇم يەنە تەختكە چىقىدۇ، سەۋر قىلسىلا ئابا، سەۋر قىلسىلا.
— سەۋر قىلماي نېمە ئىلاجىم بالام. بۇنداق بولۇشىنى كۆڭلۈم تۇيغان بولسىمۇ، بوۋىلىرىنىڭ زىندانغا تاشلىنىشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. بىر تۇغقان ئاكىسىنى زىندانغا تاشلىغان مۇھەممەد ئارسلانخان نېمە خوۋلۇق كۆرەر ...
چاچلىرى ئاقارغان بولسىمۇ، يۈزىگە تۇرۇك قورۇق چۈشمىگەن بۇ خانىش كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ سورىدى:
— بۆگۈ بىلگە بالام، مۇھەممەد ئارسلانخان قارام، مىجەزى چۈس ئادەم. ئۇ كۆڭلى قارا كىشىلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ، بۇغرا قاراخان بوۋىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويماس ـ ھە؟!
— ھەممىنى بىلگۈچى ئاللا، مەلىكە ئابا. ھازىر مۇھەممەد ئارسلانخان بوۋام بىر قىسىم قارا نىيەت، خۇشامەتچىلەرگە ئالدىنىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ نۆۋەت يۇغرۇش باشى بولغان قەيسەربەگ ئۇنىڭ بۇرنىدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ يېتىلەپ خۇنخورلۇق قىلغۇزماقتا. سۇلايمان ئارسلانخانغا سادىق يۇغرۇش

باشى، ھاجىپ، سۇباشى، بۆگۈ بىلگەلەر، قەبىلە ئاقساقاللىرى زىندانغا تاشلاندى. ئۇلار ھەر ۋاقىت زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى مۇمكىن. چۈنكى، يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ ۋە ئۇنىڭ جاللاتلىرى قىلىچلىرىنى بىلىمەكتە. ئۇلار رەھىم ـ شەپقەت دېگەننى بىلمەيدۇ. سىلى ئەلنىڭ ھۆرمەتلىك ئانىسى، قايغۇرۇپ يىغلاپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويمىسىلا، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا، ئۇ خۇنخور مۇناپىقلار قارا قولىنى بۇ يەرگە ئۇزىتىشى مۇمكىن. مەن ئازىق داراسىدىكى قورغاندا تۇرۇۋاتقان ئاتامنىڭ چاپاۋۇل قىسىملىرىغا ھەربىرلىرىنى قوغداشنى بۇيرۇپ، ئاندىن شەھەرگە كىرىپ كېتىمەن. مەلىكە ئابا، بۇ شۇم خەۋەرنى ھەربىرلىرىگە يەتكۈزمەسلىكىم كېرەك ئىدى، ئەمما ھەربىرلىرىنى ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالىدىغان خەۋپ ـ خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتىم. ئۆزلىرىنىڭ ھەرقانداق خىزمەتلىرى بولسا مانا مەن تەييار، — ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالغان مەھمۇد تېگىن ئورنىدىن قوپتى.

— ئولتۇرسىلا بالام، ئولتۇرسىلا، — دېدى ئايزادە تۇركەن خاتۇن. ئۇنىڭ ئېرىدىن تەختنى تارتىۋالغان قېيىنئىنىسىنىڭ بۇ نەۋرىسىگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. ئۇ ناھايىتى تەسىرلەنگەندى. «بالام يا نەۋرەم بولمىسىمۇ، ئۆزى ئالاھىدە كەپتۇ. بۆگۈ بىلگە ـ دە، ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن» دەپ ئويلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — يوقلاپ چىققانلىرىغا ھەشقاللا! بىز ئاياللار خانىش، قۇنچۇي بولساقمۇ، يەنىلا ئاجىز ئىكەنمىز. بۇغرا قاراخان بوۋىلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسىلا، ئوغلۇم ياقۇپ تېگىنگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ قويسىلا، خىزمەت دېسىلە مېنىڭ ئۆتۈنىدىغىنىم مۇشۇ. مەنمۇ ئەتە ئوردۇكەنتكە بېرىپ، خاقان زىنداندىن چىققۇچە شۇ يەردە يوقلاپ تۇرسام بولغۇدەك.

مەھمۇد تېگىن يۈكۈندى.

— ئەلۋەتتە، مەلىكە ئابا، خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن. سۇلايمان

ئارسلانخان بوۋامنىڭ زىنداندىن تېزرەك چىقىشى ئۈچۈن، مۇھەممەد ئارسلانخان بوۋامنى كۆندۈرۈشكە تىرىشىمەن. مەن ئوردىدا خىزمەت قىلمىغان بىلەن، ساچىيە، خانلىق مەدرىسەلىرىدە دەرس ئۆتۈپ كېلىۋاتىمەن. ئىنىم ياقۇپ تېگىن بىلەن كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرىمەن، ئۆزى سالامەت. خاتىرجەم بولغايلا، بۇزرۇكۋارىم، يەنە بىر - ئىككى ھەپتە ئۆتكۈچە ئوردۇكەنتكە بارماي تۇرسىلا، مەلىكە ئەردەنى مومام ئەتە ئۇيالغا كېلىدۇ، ئازىق داراسىدىكى قورغان قەسرىدە تۇرماقچى، بۇ موماي ئۆزلىرىنىڭ تەرىپلىرىنى كۆپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ كۆرسىلە، بۇ ئۆتۈنۈشىمنى يەردە قويمىغايلا. مەن ھازىر قورغانغا بېرىپ، ئاندىن ئوردۇكەنتكە قايتىپ كېتىمەن. مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتسىلە، دۇئالىرىدا ياد ئېتىپ تۇرسىلا.

مەھمۇد تېگىن بىزگە بىرنەرسە بېرىدۇ، دەپ ھويلىدا قارىشىپ تۇرغان بالىلارنىڭ يېنىغا كەلدى، غۇلامىنى چاقىرىپ، ئۇ كۆتۈرۈۋالغان خۇرجۇندىن ياڭاق ھالۋىسى، تەڭگە پۇل ئېلىپ بەردى.

## 2

كىچىچە ياغقان سىم - سىم يامغۇر سۈبھى يورۇغاندا توختىدى. ئۇپۇق يۈزىگە قان چېچىپ باش كۆتۈرگەن قۇياش ئازىق داراسىنىڭ تاراملىرىدا تىللادەك ھال رەڭ شارچىلارنى پەيدا قىلدى. «نورۇز بۇلاق» نىڭ سۈزۈك سۈيىگە جۇلا تاشلىدى.

يەتتە مەپە بىلەن ئاتلىق نۆكەر، مۇلازىملار ئازىق داراسى بويىدىكى كاتتا قورغاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. بۇلار مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ چوڭ خانىشى ئەردەنى تۇركەن خاتۇن، ئىككىنچى خانىشى سۆسەر ئايىمكە ۋە ئۇلارنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بىلەن كېنىزەكلىرى ئىدى.

ئۈچىنچى خانىش كۈمۈش تارىم قىلىچخان قەشقەر خان

ئوردىسىدىكى ھەرەمدە قالغانىدى. ئۇ ئەسىر چۈشكەن سامانىيلار شاھىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇزلۇقى، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان بۇ قىزنى يوشۇرۇنچە كۆرگىلى بارغان مۇھەممەد ئارسلانخان كۆيۈپ قېلىپ ئەمرىگە ئالغانىدى. ئاتىسى يۈسۈپ قادىرخان بىلەن بالاساغۇنغا لەشكەر تارتىپ بارغان بۇ شاھزادە قۇمارىبىكە سۇنغان مۇزدەك شەربەتنى ئىچتى، شۇنىڭ بىلەن باغرىدىكى ئوت ئۆچۈپ، يېڭى ئىشق بالاسىغا گىرىپتار بولدى. ئۇنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەن تۆتىنچى خانىش قۇمارىبىكە ئۇنى باشقا خوتۇنلىرىدىن بەزدۈرۈپ، پۈتۈنلەي ئۆزىگە قارىتىۋالدى. بۇنىڭدىن ئاغرىنغان ئەردەنى تۇركەن خاتۇن قەشقەردىكى ھەرەمدە كۆپ تۇرماي، ئوپال ئازىق كەنتىدىكى خانلىق قورغانغا بېرىۋالدىغان بولۇپ قالغانىدى. چىگىل ئارسلانخانىنىڭ قىزى بولغان سۆسەر ئايبىكە قېيىداپ پۈتۈن يازنى ئوپالدا ئۆتكۈزەتتى. پەقەت كۇمۇش تارىم قىلىچخان يىللاردىن بېرى قۇمارىبىكە بىلەن پۈت تېپىشىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۈچىيىپ كەتكەچكە، بۇ كۈندىشىغا باش ئەگمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەشقەر ئوردا ھەرىمىدىن نېرى بولمايتتى.

ئازىق داراسى بويىدىكى قورغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە بىنا قىلىنغان بولۇپ، سىپاھلار تۇراتتى. ھارۇن بۇغراخان خان جەمەتىنىڭ يازدا چىقىپ ھاۋالىنىشى، سەيلە ـ ساياھەت قىلىشى ئۈچۈن قورغانغا يانداپ باغلىق قورۇ ياساتقانىدى. يۈسۈپ قادىرخان بارغانسېرى ئاۋاتلىشىپ كېتىۋاتقان ئوپالدا كاتتا، ھەشەمەتلىك بولغان «سۇلتانباغ» نى بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇنى بۇغراخان جەمەتىنىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق ئارامگاھىغا ئايلاندۇردى. بۇغراخان، ئارسلانخانلار، شاھزادە، مەلىكىلەر، باھار، ياز، كۈز پەسىللىرىدە نۆۋەت بىلەن بۇ يەرگە چىقىشىپ، ئارام ئېلىشاتتى، شىكار قىلىشاتتى، ئۇلارنىڭ ئايىغى

ئۆزۈلمەيتتى.

مۇھەممەد ئارسلانخان سامانىيلار خانى نوھ سانى[1]نىڭ كەنجى قىزى مەلىكە قىلىچخانغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، قەشقەرگە كېلىپ ئازىق داراسى بويىدىكى باغلىق قورۇدا بىر ياز تۇردى، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ كۆڭلى سۇنغان، روھى چۈشكۈن خانىشنىڭ بۇ خىلۋەت، خۇش ھاۋا جايغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. شۇ ئارىدا بارسغانغا ئېلىكخانلىقىقا تەيىنلەنگەن مۇھەممەد ئارسلانخان بىلەن ئۇيالدىن ئايرىلىشقا توغرا كەلدى. لېكىن، يولغا چىقىش ئالدىدا ئەردەنى خاتۇننىڭ كۆزى يورۇپ ئوغۇل تۇغدى، ئۇنىڭغا ھۇسەيىن دەپ ئات قويۇشتى. يىللار ئۆتتى. قىلىچخان بۇخارادا ۋاپات بولغان ئانىسىنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرەلمىدى. ەردەنى خاتۇننىڭ يۈرەك پارىسى ھۇسەيىن تېگىنىمۇ چوڭ بولدى. ئۇ ئوپال ئازىق كەنتىدىكى قورغاندا قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئومۇت ئۇرۇش ماھارىتىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ قۇمباغ كەنتىدىن ئۆتكەندە، موللا سەيفىدىن ئىسىملىك كىشىنىڭ بۈۋىرابىيە دېگەن قىزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ ئەمرىگە ئالدى. بۇ دىلرەبا ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى، ئېتىنى مەھمۇد قويۇشتى. دەسلەپتە ئاددىي دېھقان قىزى بولغىنى ئۈچۈن خانىشلار، مەلىكىلەر ئۇنى تازا ئارىغا ئالماي يەكلەشتى. بۈۋىرابىيەمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ، پۈتۈن مېھىر ـ مۇھەببىتىنى سۆيۈپ تەگكەن ئېرى ھۇسەيىنگە بەخش ئەتتى. بۇ بىلىملىك ئايال ئۆزىنىڭ مۇلايىملىقى، نازاكىتى، پەزىلىتى بىلەن بارا ـ بارا قېيىنئانىسى ئالتۇن تارىم ئەردەنى خاتۇنغا يېقىپ قالدى. بۈۋىرابىيە شەھەر ئوردىسىدىكى ھەرەمدە تۇرۇشتىن ئانا يۇرتى ئوپالدا تۇرۇشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. ئۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خان جەمەتى ئىچىدە «بىلگە خاتۇن» دەپ نام چىقاردى. ئېرى بارسغانغا ئېلىكخان بولغاندىن كېيىنلا

---

① نوھ سانى ــ نوھ ئىككىنچى.

ئوپالدىن ئايرىلدى. قىپىنىئاتىسى مۇھەممەد ئارسلانخان قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە، ھۇسەيىن ئارسلانخانمۇ بۇ ۋاپادار مەھبۇبى بىلەن بىللە يولغا چىققانىدى. قانلىق جەڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇۋىرابىيەنىڭ خان جەمەتىدىن پۈتۈنلەي كۆڭلى سوۋۇپ كەتتى. ئوغلى مەھمۇد تېگىننىڭ قىرغىنچىلىققا ناھايىتى قارشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، جەڭگىمۇ قاتناشمىغانلىقىنى كۆرۈپ پۈتۈن ئۈمىدىنى ئۇنىڭغا باغلىدى. «مۇبادا بۇ ئوغلۇم بۇغراخان بولۇپ قالسا ئەل ئەمىنلىككە ئېرىشىدۇ. نادانلار تۈگەپ، بۆگۈ بىلگەلەر كۆپىيىدۇ، جەڭگى ـ جېدەل بولمايدۇ»، دەپ ھەمىشە بۇ ئالىم ئوغلىنىڭ ئارزۇسىنى يەيتتى ...

ئەردەنى تۈركەن خاتۇن ئوپالغا كەلگەندىن كېيىن، ئاشۇ ۋاپادار، ئەقىللىق كېلىنىنى ئەسلەپ قالدى. ئېرى قۇماربىكەگە بېرىلىپ كەتكەندىن بۇيان، مۇشۇ كېلىنىلا ئۇنىڭغا ھەمدەرد بولۇپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نەۋرىسى مەھمۇد تېگىننى ئۆزى باققانىدى. پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن بىلىم ئىگىلەشكە كىرىشكەن مەھمۇد تېگىن بۇ مومىسىدىن كۈندە دېگۈدەك ھال سوراپ تۇراتتى.

ئوپالغا كەلسىلا كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىغان بۇ خانىشنىڭ بۇ نۆۋەت قايغۇسى كۈنسېرى زىيادىلەشتى. ئېرىدىن قاتتىق رەنجىپ كۆڭلى قالغىنى ئۈچۈنمۇ چىدىيالماي كېتىۋاتاتتى. بىللە كەلگەن كۈمۈش تارىم سۆسەر ئايىكەنىڭمۇ كۆڭلى ئېچىلمىدى. ئۇلار ئۆز قەسىرلىرىدە غەمكىن ئولتۇرۇشاتتى. كېنىزەكلەر بىلەن نەغمە ـ ناۋا قىلىشقا، ھەتتا تاماق يېيىشكىمۇ دىللىرى تارتمايتتى.

ئوپالغا كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى سۆسەر ئايىكە بىلەن بىللە ئانچە يىراق بولمىغان «سۇلتانباغ»قا بارغان ئەردەنى تۈركەن خاتۇننى ئايزادە تۈركەن خاتۇن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۆزى كۈتۈۋالدى. يۈز يېقىپ كۆرۈشۈپ، ئارامگاھ سارىيىغا باشلىدى.

— ئامان ـ ئىسەن تۇردىلىمۇ ئالتۇن تارىم، دىدارلىرىنى كۆرۈشكە شۇنچە تەقەززا بولغانىدىم، — دېدى ئەردەنى تۇركەن خاتۇن ئۈچ قات يېكەنداز ئۈستىدىن جاي ئېلىپ.

— راستىمۇ؟ — ھەسرەتلىك چىرايىغا ئەجەبلىنىش سايە تاشلىغان ئايزادە تۇركەن خاتۇن چاي سۇندى، — سىلىنى ئەمدى كەلمەيدۇ، دەپ كۆڭلۈم بەك يېرىم ئىدى، كېلىپ قايغۇ ـ ئەندىشەمنى شۇنچە يېنىكلەتتىلە. مەن يالغۇز قالمىغانلىقىمنى، دوستۇمنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن ... مەن ... — ئايزادە تۇركەن خاتۇن گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي يىغلاپ كەتتى.

«چاچلىرى ئەجەب ئاقىرىپ كېتىپتۇ، بىر يىل بۇرۇن ئۇنچىۋالا ئەمەس ئىدى. قېرىلىق ئەجەب تېز يېتىپتۇ. ياشانغان بولسىمۇ شۇنچە تەمكىن، نازاكەتلىك ئىدى، ھازىر بولسا ...» ئويلىدى ئەردەنى تۇركەن خاتۇن چاي سۇمۇرۇپ.

— بىز بىر ئائىلىدىكى خانىشلار تۇرساق، باشلىرىغا كۈن كەلگەندە كەلمىسەم يۈزسىزلىك قىلغان بولمامدىمەن. سىلىگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم كۆتۈرگۈسىز، بۇنى يېنىكلىتىشكە بىئىلاج بولغىنىمدىن ئازابلىنىمەن، ئالتۇن تارىم، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ.

كېنىزەكلەر يېلەكتىن ئۆزۈلگەن يېتىچە ئورىدا ساقلانغان قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى كاسا قىلىپ، خۇنچىلاپ ئېلىپ كىرىپ خانىشلارنىڭ ئالدىغا قويدى. قوغۇن ـ تاۋۇزغا ئامراق ئەردەنى تۇركەن خاتۇن خېلى يېدى. سۆسەر ئايىىكە ئىككى تىلىملا يەپ قولىنى ئېرتتى، ھازىر ئۇنىڭغا ھېچنېمە خۇشياقمايتتى، قاشلىرىنى سۈزۈپ جىم ئولتۇراتتى. ئايزادە تۇركەن خاتۇن ياش چاغلىرىنى ئەسلەپ دېدى:

— مەن بۇخارادا ئوقۇيدىغان چېغىمدا شاھىنشاھ ئاتىلىرى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى مېنى ئاق يىلغا مىندۈرۈپ سەيلە قىلدۇراتتى. كۆز ئالدىمغا شۇ چاغلار كېلىپ بۇ ھالىمغا

قانداقمۇ ئېچىنماي؟ ھازىر باشپاناھسىز بولۇپ قالدىم ئالتۇن تارىم، — ئايزادە تۇركەن خاتۇن ياشلىق دەۋرىنى ئەسلەپ سۆزىنى داۋام قىلدى — مەن سامانىيلار خانى نوھ سانى مەنسۇرنىڭ قىزى مەلىكە قىلىچخان بىلەن بىللە ئىككى يىل ئوقۇدۇم. بىردىنلا پەلەك تەتۈر چۆرگۈلەپ يېقىن ئۆتكەن ئاتىلىرىمىز بىر - بىرىگە قىلىچ ئېلىپ كەلگەنىكەن. رەھمەتلىك شاھ ئاتام قارشى ئالغىلى مىنىمۇ ئېلىپ چىققانىدى. ئەسلىرىدە باردۇ، مەلىكە خېنىم؟

— ئېسىمدە بولمامدىغان ئالتۇن تارىم. ئاتام ئۇ چاغدا مېنى بىلىك ئۆگەنگىلى بۇخارادا قويۇپ، ئۆزى غەزنەۋىگە قايتىپ كەتكەنىدى، ئىككى يىل بىللە ئوقۇدۇق. پەلەك تەتۈر چۆرگۈلەپ، باجا بولغان ئاتىلىرىمىز بىر - بىرىگە قىلىچ كۆتۈرۈپ، دۈشمەنگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

— راست دېدىلە مەلىكە خېنىم، خارەزىمنىڭ ئېلىكخانى ناسىر شاھ، يۈسۈپ قادىرخان غازىلار بۇخاراغا باستۇرۇپ كىرىپ ئوردىنى ئىگىلىگەندە، ئاتام بىزنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىكەن. مەن كېنىزەكلىرىم بىلەن ئەسىر ئېلىندىم. يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ مېنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخانغا نىكاھلاپ قويغان. ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كېلىپ كاتتا توي قىلىپ بەرگەنىدى. ئەسىرگە چۈشكەن چېغىمدىكى كۆلپەت - ئەلەملەرمۇ ماڭا بۇگۈنكىدەك مۇدھىش تۇيۇلمىغان، ئاتا - ئانامدىن، تۇغۇلغان يۇرتۇمدىن ئايرىلغىنىمغىمۇ چىداپ كەلگەنىدىم، ئەمدى چىدىيالماي قېلىۋاتىمەن، — ئايزادە تۇركەن خاتۇن يىغلاپ كەتتى، خانىش، كېنىزەكلەرمۇ كۆز يېشى قىلىشتى.

— يىغلىمىسىلا، ئالتۇن تارىم، — يىغلاپ تۇرۇپ دېدى ئەردەنى تۇركەن خاتۇن، — ھەر ئىككىمىزنىڭ نىكاھى بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشى بولغانىكەن، چىدىماي نېمە ئىلاج؟ ... تەقدىرى قىسمەت!

— راست دېدىلە ئالتۇن تارىم.
— سۇلايمان ئارسلانخان مېنىڭ ئېرىمدەك گول، شەھۋەتپەرەس ئەمەس. ئېرىمنى تەختتىنى تارتىۋېلىشقا كۆشكۈرتكەن ئۇنىڭ نازىنىن خانىشى. بۇ ئەسلىدە ئېرىمنىڭ مۇددىئاسى ئەمەس! — ئەردەنى تۇركەن خاتۇن بۇ چاغقا قەدەر ھېچكىمگە دېمىگەن سىرنى ئېچىۋەتتى.
— نېمە؟ نازىنىن خانىش؟! ئۇ كىم؟ — ئورنىدىن بىر قوزغىلىپ ئولتۇرغان ئايزادە تۇركەن خاتۇننىڭ قولىدىكى ئالتۇن جام سىلكىنىپ چاي تۆكۈلۈپ كەتتى.
— بۇ يەردە ئىسمىنى ئاتىماي، — دېدى ئەردەنى تۇركەن خاتۇن باشقا بىكە ھەم چۆرە - كېنىزەكلەرگە قاراپ قويۇپ، — ئاشۇ نازىنىن ئېزىتقۇ ئاق كۆڭۈل، غەيۇر ئېرىم مۇھەممەد ئارسلانخاننى ئازدۇرۇپ خۇنخورغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ۋاپادار خوتۇنلىرىدىن يۈز ئۆرۈتۈپلا قالماي، بىر تۇغقان مەرتىۋىلىك قېرىنداشلىرىدىن، ئەلدىن يۈز ئۆرۈتتى. ئەلدىن يۈز ئۆرۈگەن پادىشاھ تەختتە ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ. ئەلمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇ جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ. شۇنى ئويلىسام، بېشىمىزغا يەنە قانداق قارا كۈنلەر كېلەر، دەپ ئەندىشە قىلىمەن، ئالتۇن تارىم.
— ھە، ئەمدى بىلدىم، — دېدى ئايزادە تۇركەن خاتۇن كېنىزەكلەر ئېلىپ كىرگەن نېرىن چۆپنى يەڭگىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، — سىلى دېگەن ئۇ ئېزىتقۇ بەك چىرايلىق، خۇش خۇلق، سۇلكەتلىك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنى بالاساغۇندا قېيىنئىنىم بىلەن توي قىلغان چېغىدا كۆرگەن. ئۇ چاغدا مەرھۇم قېيىنئاتام يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ بۇ تويغا قوشۇلمىغان ئىدى.
ئۇلار شۇنداق مۇڭدىشىپ كەچ كىرگەننى بىلمەي قالدى.
— قايتىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قاپتۇ، شۇنچە ئىززىتىمىزنى قىلىپ كۈتۈۋالغانلىرىدىن كۆپ خۇرسەن بولدۇم، رەھمەت ئالتۇن

تارىم. تولا يىغلاپ، قايغۇرۇپ سالامەتلىكلىرىگە زىيان يەتكۈزۈپ قويمىسىلا، مەھمۇد تېگىن بالام بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەيدۇ. بىزنىڭ چىدىماقتىن، سەۋر قىلماقتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق. پەرىشان بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا قورغانغا بارسىلا، — دەپ ئورنىدىن تۇرغان ئەردەنى تۇركەن خاتۇن غەمناك يەڭگىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

— بۇگۈن ئىچىمدىكى دەردنى تۆكۈپ خېلى يېنىكلەپ قالدىم، سىڭلىم، رەھمەت يوقلاپ كەلگەنلىرىگە، — دېدى ئايزادە تۇركەن خاتۇن تۇنجى قېتىم «سىڭلىم» دەپ ئاتاپ.

— ئاچا ... ئاھ جانجىگىرىم، كېلىپ تۇرىمەن. بۇ يەردە سىلىدىن يېقىن كىشىم يوق، — دېدى ئەردەنى تۇركەن خاتۇن ئۇنى قايتا قۇچاقلاپ.

ئايزادە تۇركەن خاتۇن ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، ئورغاقتەك ئىنچىكە ئاي بولۇتلۇق كۆككە يېڭىلا كۆتۈرۈلگەنىدى.

## 3

بىر ھەپتە ئۆتتى. دەرەخلەر بىخ چىقىرىپ كۆكىرىشكە، ئوت - چۆپلەر ئۇنۇشكە، ئىسسىق ياقلارغا كەتكەن قۇشلار كېلىشكە باشلىدى.

ھۇت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھاۋا ئېچىلمىي كېتەلمەيۋاتاتتى. ئۆتكەندە بىر قېتىم يامغۇر ياغقانچە ئىككىنچىلەپ تېمىپ باقمىدى. يامغۇر ئورنىغا توزان قاپلىغان ئاسماندىن توپا ياغاتتى. بەزىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئېيزىتقۇ شامال بىلەن تەڭ قۇيۇنتاز پىرقىراپ، دالا، ھويلا - ئارامنى چاڭ - توزانغا كۆمۈۋېتەتتى. ئارىلاپ بوران چىقىپ قوش ھەيدەۋاتقان، سۆرەم سېلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ كۆزلىرىنى ئاچۇرمايتتى. رومىلىنى بىر قايرىپ يەنە يېپىۋالغان جۇۋاندەك

ھاۋا پاللىدە ئېچىلىپ، يەنە تۇتۇلۇپ كېتەتتى.

قىشۇ ياز ئېقىپ تۇرىدىغان ئازىق داراسىدىن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بالىلار، يىگىتلەر چىپلەك، سوغا بىلەن، قىز - چوكانلار كوزا بىلەن ئۆيلىرىگە سۇ توشۇيتتى. بىرقانچە تارامغا بۆلۈنگەن بۇ دارانىڭ بىر ئېقىنى قورغاننىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ «سۇلتانباغ» قا باراتتى. ئەگىز سۇيى بىلەن ئۇلغىيىپ دولقۇنلانغان ئېقىن قىرغاققا ئۇرۇلۇپ تاشاتتى.

بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئەردەنى تۈركەن خاتۇن بۇ ئېقىن ئۈستىگە سېلىنغان ئاسما كۆۋرۈككە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق قويدۇرۇپ، ئۆركەشلىگەن ئېقىنغا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولدى. ئۇ ئايزادە تۈركەن خاتۇن بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگەندىن بېرى، بۇ يەڭگە ئاچىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ ھەم ئەنسىرەپ، نەۋرىسى مەھمۇد تېگىننىڭ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى، ئۇنىڭدىن ياخشى خەۋەر ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. «ئارقىلىرىدىن مەنمۇ چىقىمەن. مەلىكە ئابا»، دەپ قالغىنىغىمۇ بىر ھەپتە بولغانىدى. يەنە نېمە ئىش بولدىكىن؟ بىچارە يەڭگەم ئايزادەگە بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزسەم بولاتتى، دەپ ئويلاپ كۆزلىرى تېشىلەي دېگەنىدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان ئۇنى قەشقەرگە يېڭى ئېلىپ كەلگەندە، مۇشۇ كۆركەم ئاسما كۆۋرۈكنى سالدۇرغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىللەن باغ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ چاغدا ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم ئىدى. قاچانكى قۇماربىيكەگە ئۆيلەندى، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەردە بىللە ئولتۇرۇشنى تەرك ئەتتى... مۆڭلىنىپ قالغان ئەردەنى تۈركەن خاتۇن كۆۋرۈك شادىسىغا ئېسىلىپ ئورنىدىن قوپتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن مەھمۇد تېگىننى كۆرگەنىدى. نەۋرىسىنىڭ تۇتۇلغان چېھرىدىن كۆڭلى پەرىشان ئىكەنلىكىنى قاراپلا بىلدى.

— ئولتۇرسىلا، قوزغالمىسىلا، مەلىكە ئابا، — دېدى ئىتتىك كەلگەن مەھمۇد تېگىن مومىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، — ئوپالغا كەلگەندىن بېرى قانداقراق تۇرۇۋاتىدىلا، ئاغرىپ قالمىغانلا؟ مەنمۇ ۋاقتىدا چىقىپ خىزمەتلىرىدە بولالمىدىم، — ئۇ مومىسىدىن هال سورىغاچ، يانداپ قويۇلغان كۇرسىدا ئولتۇردى.

قول باغلاپ تۇرغان كېنىزەكلەر خانىشنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن ئاشخانىغا يۈگۈرۈشتى.

— بالام، سىلى ئەتىلا ئارقىلىرىدىن چىقىمەن، دېگەچكە يوللىرىغا تولا قارىدىم. چولپانىبىكەمۇ قەسرىدە يوق ئىكەن. ئاڭلىسام ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنىمىش. بىلمىدىم، كەلگىنىمدىن خەۋەر تاپتىمۇ، يوق؟ — دېدى ئۇ هال ئېيتىپ.

— چولپانىبىكە ئاتىسىنىڭكىگە كەتكەنمىكەن؟! بۇنىڭدىن مەنمۇ خەۋەرسىز. بىر ھەپتىدىن بېرى كەلمىگەن بولسا، بۇ سەۋەبسىز بولمىسا كېرەك، — مەھمۇد تېگىن ئەجەبلەنگەن هالدا ئويلىنىپ قالدى. «قېيىنئاتام، يا بولمىسا قېيىنئانام كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ئوخشىمامدۇ. ئەھۋال ئېغىر بولمىسا، تۇرۇپ قالماي يېنىپ كېلەتتى...»

مەھمۇد تېگىن ئون يەتتە يېشىدا، ھاللىق دېھقاننىڭ قىزى چولپانئاينى نورۇز بايرىمى كۈنى «نورۇز بۇلاق» بويىدىكى مۇشائىرە سورۇنىدا كۆرۈپ قالغانىدى. قىزلار ئارا مۇشائىرە باشلانغاندا، چولپانئاي ئوقۇغان بېيىت مەھمۇد تېگىنگە ياراپ قېلىپ قىزغا كۆڭلى چۈشكەن. كېيىن بوۋا، مومىسى باشلىق بۇغراخان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا بوي بەرمەي ئەمرىگە ئالغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بەختلىك ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىدى. ئوغۇللىرى شەھەردىكى مەدرىسەدە ئوقۇۋاتاتتى. ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن قىزى ئانىسىنىڭ يېنىدا ئىدى. شۇلارنى ئويلىغان مەھمۇد تېگىن ئولتۇرالماي قالدى.

— مەلىكە ئابا، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇقۇپ باقساق بولارمىكىن، ئالىمادىس بىر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالغان بولسا، خەۋەرسىز قالمايلى يەنە، — دېدى ئۇ مومىسىغا ئىلتىجا بىلەن قاراپ.

— ماقۇل بالام، — ئەردەنى تۇركەن خاتۇن ئويلىنىپ قېلىپ دېدى، — پادىشاھ، شاھزادىلەر ئۈچۈن بىر خوتۇن ئازلىق قىلىدۇ، بىر خوتۇن بىلەن ئۆتكەنلەر يوق دېيەرلىك. سىلىمۇ ئاتىلىرىنى دوراپ بىر خوتۇن بىلەنلا ئۆتۈۋاتىلا، بالام. خان جەمەتىدىن بىر قىزغا ئۆيلىنىۋالسىلا ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىدى، شاھىنشاھ بوۋىلىرىمۇ خۇش بولاتتى. تۇقال ـ چۆرىلىرىمۇ يوق ... ئىچلىرى پۇشماي قانداق تاقەت قىلىپ تۇرۇۋاتىدىلىكىن؟

«مەلىكە ئابا» دەپ ھۆرمەت قىلىدىغان مومىسىنىڭ تۈز كۆڭۈللۈكىدىن مەھمۇد تېگىن كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ دېدى:

— بۇزرۇكۋارىم، مەن ئانىلارنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىمەن، قەدىرلەيمەن. ئادەم ئەلەيھىسسالامۇ بىرلا ھاۋائانىمىز بىلەن ئۆتۈپتىكەن. كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئاللانىڭ ئەمرى ئەمەس، بەندىلەرنىڭ خاھىشىدۇر. شەرىئەت ھۆكۈمىدە، شارائىتى تولۇق بىر ئەر كىشىنىڭ تۆت خوتۇن ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىشى ئەرلەرنىڭ ھەۋەسىنى قاندۇرۇشنى كۆزدە تۇتقانلىق ئەمەس، بەلكى سان جەھەتتە كۆپىيىپ بېرىۋاتقان ئاياللارنى تۇرمۇشتا كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئاسراش، يامان يولغا كىرىپ كەتمەسلىكنى مەقسەت قىلغان. لېكىن، ھەممە ئادەمنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىنى شەرىئەت تەرغىب قىلمايدۇ، پېقىرمۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلدىم. شۇڭا، تۇرمۇشۇم كۆپ خوتۇنلۇق شاھزادىلەرگە قارىغاندا كۆپ خاتىرجەم.

— بىلىمەن، بىلىمەن، بۆگۈ بىلگە بالام، — سىلىنىڭ ئائىلىلىرى ناھايىتى بەختلىك. راست، پادىشاھقا تەگكەن خوتۇنلار ھەم چۆرىلەر ئۆزلىرىنى ئۇنداق بەختىيار ھېس

قىلمايدۇ، بۇ ماڭا ئايان. لېكىن، سىلى پۇقىرا ئەمەس، شاھزادە، شاھىنشاھىنىڭ ئارزۇلۇق نەۋرىسى. سىلىگە بىر خوتۇن ئەلۋەتتە ئازلىق قىلىدۇ. بولدى، بۇ گەپنى قىلماي. ئېيتسىلا بالام، بۇغرا قاراخان بوۋىلىرىنىڭ ھالى قانداقراق؟ ئاكىسىنى زىنداندىن چىقاردىمۇ؟ خۇش خەۋەرلىرىنى ئېيتسىلا بالام.

مەھمۇد تېگىن نېمىدەپ جاۋاب بەرسەم بولار، دەپ جىم ئولتۇرۇپ كەتتى.

— بالام، گەپ قىلمايلىغۇ ـ ھە، چولپانئايغا ئادەم ماڭدۇرۇۋېتەي، — ئەردەنى تۈركەن خاتۇن كېنىزەكنى بۇيرۇماقچى بولۇۋىدى، مەھمۇد تېگىن:

— تۇرۇمتاي، قېينىئانامنىڭ قورۇسىغا بېرىپ بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى ئېيتىپ قويغىن ... نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ دەررۇ قايتقىن، — دېدى خاس مۇلازىمىغا.

تۇرۇمتاي قورغاندىن چىقىپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

— مەلىكە ئابا، — دېدى مەھمۇد تېگىن غەمكىن ھالدا، — مەن بۇ قېتىم خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلەلمىدىم.

— خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلەلمىدىم؟ بۇ نېمە دېگەنلىرى بالام؟ ۋاي خۇدايىم، بەكمۇ ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، يەڭگەم ئايىزادە تۈركەن خاتۇنغا ئەمدى نېمە دەرمەن، بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ بېرىپ قايغۇسىنى يېنىكلىتەرمەن دەپ ئويلىۋىدىم، — ئەردەنى تۈركەن خاتۇن ئېغىر تىنىپ بېشىنى چايقاپ قويدى، — ئېيتسىلا، شاھىنشاھ بوۋىلىرى يۇمشاي دېمىدىمۇ؟

— بوۋامنى سۇيىقەستچى مەككارلار ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈۋالدى، مەلىكە ئابا. ئۇ ئاكىسىنى زىنداندىن چىقارمايلا قالماستىن، يوقلاپ زىندانغا بارغانلارنى كۆرۈشتۈرمەسلىك توغرىسىدا پەرمان چىقىرىپتۇ. قان ئىچەر جاللاتنى زىندان باشى قىلىپ، ئىلگىرىكى زىندان باشىنى چاھقا تاشلاشقا ئەمر قىپتۇ. ھەتتا مەنمۇ زىندانغا بېرىپ، سۇلايمان ئارسلانخان بوۋام بىلەن كۆرۈشەلمەي قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

— بوۋىلىرى مەردانە، ئاق كۆڭۈل، قەيسەر شاھ ئىدى. ئۇنىڭغا ھەممە ياۋۇزلۇقنى قىلدۇرۇۋاتقان ئابىنچۇ خاتۇن قۇماربىكە، بالام. خان بوۋىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى، بىزنىمۇ ئۇنتۇلدۇردى، ئۇ جۇۋاينىمەكنىڭ جازاسىنى خۇدايىم ئۆزى بېرەر! يوشۇرماي ئېيتسىلا بالام، يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرەر؟

مەھمۇد تېگىننىڭ چىكە تومۇرلىرى لىپىلداپ، باغرى تارتىشقاندەك بولدى.

— دېگەنلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق، مەلىكە ئاپا. قۇماربىكە جەمەتىمىزنىڭ ئېتىزىغا ئۈنۈپ قالغان شۇمبۇيا. ئۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىغا زىددىيەت تېرىپ، ئارىنى بۇزۇپ، بۇغرا قاراخاننى ئاغدۇرۇپ ئوغلىنى خان قىلىپ تىكلەش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر قىساسچى قارلۇقلارنى ئەتراپىغا توپلىماقتا. يوغرۇش باشىمۇ، قاپۇغچى باشىمۇ قارلۇق، ئۇيغۇرلاردىن بولغانلىرى زىندانىدا، ئۇلۇشكۈن ياقۇپ تېگىنمۇ زىندانغا تاشلاندى. ئەگەر قۇماربىكە تىزگىننى تۇتۇۋالغان ئاتتىن بوۋامنى يىقىتىپ، ئۆزى مىنىۋالىدىغان بولسا، بېشىمىزغا بالا بولىدۇ. تەڭرىم ئۇنى بۇ شۇم نىيىتىگە ھەرگىز يەتكۈزمىگەي !

— ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم، ئەمدى يەڭگەمگە نېمە دەرمەن ... ياقۇپ تېگىن ئۆيلەنمىگەن ياش بالىغۇ، ئۇنى نېمىشقا زىندانغا تاشلايدۇ؟ باغرى لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتكەن يەڭگەمگە بۇنى ئېيتسام كۆتۈرەلەرمۇ؟ ئىسىت ـ ئىسىت ! — يۈرىكى ئېچىشقان خانىش مەھمۇد تېگىننىڭ مۈرىسىگە باش قويۇپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىمىسىلا مەلىكە ئاپا، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللا ئىگەم غېمىمىزنى ئۆزى قىلىدۇ، — تەسەللى بېرىپ مومىسىنى يىغىدىن توختاتقان شاھزادە سۆزىنى داۋام قىلدى، — سۇلايمان ئارسلانخان بوۋامنىڭ بۇ ئوغلى ساچىيە مەدرىسەسىدە ئوبدان

ئۇقۇۋاتاتتى. ئۇ ئاتىسىنى يوقلاپ زىندانغا بارغاندا كۆرۈشتۈرمەپتۇ. ئاچچىقلانغان ياش يىگىت قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئالدىنى توسۇغان ياساۋۇلنى قورقىتىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن زىندان باشى مۇخسۇزبەگ ياساۋۇللىرى بىلەن كېلىپ ئۇنى باسماقداپ تۇتۇۋاپتۇ.

— خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي. ئۇنىڭ ئاكىسى ئەبۇ ھەسەن تېگىن ھازىر بالاساغۇندا تۇرۇۋاتامدۇ؟

— شۇنداق، مەلىكە ئابا.

— ئاتىسىنىڭ زىندانغا تاشلانغىنىدىن خەۋەر تاپقاندىمۇ، بالام؟

— تېخى خەۋەر تاپمىغان بولسا كېرەك، مۇھەممەد ئارسلانخان بوۋام قاپۇغچى باشى قارلۇق دوقاقبەگنى سۇباشى قىلىپ، بالاساغۇنغا ئۈچ تۈمەن لەشكەر ماڭدۇرۇپتۇ.

— يەنە ئۇرۇش بولىدىكەن - دە، بالام؟

— ئەبۇ ھەسەن تېگىن ناھايىتى ئىستىبداتلىق ھۆكۈمدار. بالاساغۇنغا ئېلىكخان بولغاندىن بېرى ئادالەت بىلەن ئەل سوراپ، ئاۋامنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاتىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ زىندانغا تاشلانغىنىنى بىلسە، ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ كېلىشى مۇقەررەر. ئۇ ۋەلىئەھد بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھەممەد ئارسلانخان بوۋامنىڭ بۇغرا قاراخان بولغىنىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ، مەلىكە ئابا، — مەھمۇد تېگىن سۆزدىن توختاپ، كۆز يېتىم يەردىكى باغ ئىشىكىگە قاراپ قويدى. ئۇ مەھبۇبىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى.

— بالام، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى. ھەرقاچان تاماقمۇ تەييار بولۇپ قالدى، — ئەردەنى تۈركەن خاتۇن ئورنىدىن تۇردى.

ئۇلار دېرىزىلىرى باغقا قارىغان ئايۋان ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ، كېنىزەكلەر داستىخان سالدى.

— بالام جەڭ باشلىنىپ قالسا، مۇھەممەد ئارسلانخان

بوۋىلىرىغا زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قالارمۇ؟
مومىسىنىڭ تولىراق ئۆزىگە خەۋپ يېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتقىنىنى بىلگەن مەھمۇد تېگىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ دېدى:
ــ جەڭ بولۇپ قالغان تەقدىردە، مۇھەممەد ئارسلانخان بوۋام ئاسان مەغلۇپ بولمايدۇ، ئاتام ئۇنى قوللايدۇ، پۈتۈن قارلۇق قەبىلىسىمۇ ئۇنىڭ تەرەپدارى. ئەمما، مەن ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۇ مەغلۇپ بولمىسا ئەل تىنچىمايدۇ، مەلىكە ئابا.
ــ نېمە دەۋاتىلا بالام، ئۇ مەغلۇپ بولسا، ئاتىلىرىمۇ، بىزمۇ ئامان قالمايمىز، ــ دېدى ئەردەنى تۈركەن خاتۇن يەنە يىغلاشلاپ.
ــ ياق، مەلىكە ئابا، ئۇ مەغلۇپ بولسا، ئاتاممۇ ھەققانىيەت تەرەپكە ئۆتىدۇ، بوۋاممۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ، بىزگە چوڭ زەرەر يەتمەيدۇ، سۇلايمان ئارسلانخان بوۋام ئۇنداق رەھىمسىز ئەمەس، يۇغرۇش باشى بەگيۇسۇپ ئادالەتنى ياقلىغۇچى بۆگۈ بىلگە. زىيان تارتىدىغانلار ــ قارا نىيەت خۇنخور سۈيىقەستچىلەر بولىدۇ، ــ ئۇ سۆزلەۋېتىپ، ئىشىكتىن كىرگەن تۆت ياشلاردىكى قىزى ئالتۇنئاينى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.
ــ ئابا، ئابا، ــ دەپ يۈگۈرۈپ كەلگەن قىز ئاتىسىغا ئېسىلدى. مەھمۇد تېگىن ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى.
ئۇنىڭ كەينىدىن چولپانئاي كىرىپ كەلدى. ئەردەنى تۈركەن خاتۇن بىلەن مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى. مەھمۇد تېگىنگە تەزىم قىلدى، ئوتلۇق نەزىرى بىلەن ھال سورىدى. ئۇنىڭ لەۋەن چېھرى غەمكىن، قارا كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى. ئېرىنىڭ سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىشىدىن كۆڭلىدىكىنى يەملەپ، ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:
ــ ئۆتكەن ھەپتە مېنى قىچقارغىلى ئاتام بالا ئەۋەتكەنىكەن.

بارسام ئانام يۆتىلىپ يېتىپتۇ، مېنى ئاران تونۇدى، پېشانىسىنى تۇتسام ئوتتەك قىزىق، ئاتاساغۇنىنى شەھەردىن ئېلىپ چىقىپ كۆرسەتتۇق. «سوغۇق تېگىپ ئۆپكىسى ئىششىپتۇ، ئەھۋالى ئېغىرراق ...» دەپ، دورا راسلاپ بەردى. ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بېرى ئىچىپ بېرىۋىدى، بۈگۈن قىزىتمىسى خېلىلا يېنىپ قاپتۇ. سىلىنى چىقىپ قالدىمىكىن، دەپ قايتىپ كېتىش ئۈچۈن جابدۇنۇۋاتاتتىم. خاس مۇلازىملىرى كېلىپ، مەلىكە ئانامنىڭ شەھەردىن چىققانلىقىنى، سىلىنىڭ بۈگۈن كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتتى، دەررۇ كېلىشىم، — قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان چولپانئاي تۈركەن خاتۇننىڭ قول ئىشارىتى بىلەن يېكەندازدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— بىزمۇ ئۇقماي قاپتىمىز، بالام. ئوپالغا كەلگەندىن بېرى سىلىنى كۆپ ئويلىدىم. بۇۋىرابىيە ئانالىرىنىڭ ئورنىدا خىزمەتتىمنى قىلىپ مېنى بەكمۇ خوش قىلغانىدىلە، بۇ دورەم چىقسام سىلى يوق، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ بىرنەچچە كۈننى دىققەتچىلىكتە ئۆتكۈزدۈم. خەيرىيەت، ئانالىرى ياخشىلىنىپ قاپتۇ، بىر كۈنى سىلى بىلەن بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلەي، — دېدى ئەردەنى تۈركەن خاتۇن.

ئۇ بۇ كەمگىچە خان جەمەتىدىن بولمىغان بۇ كېلىنىگە بۇنداق مۇلايىم سۆز قىلمىغان، ئەھۋالمۇ سوراپ باقمىغانىدى.

— رەھمەت، مەلىكە ئانا. ۋاقتىدا كېلىپ خىزمەتلىرىدە بولالمىغىنىمدىن ناھايىتى خىجىلمەن ...

— ئانىسى، قېيىنئانامنى بۈگۈنلا بېرىپ كۆرۈپ كېلىمەن. ئەگەر تازا ئوڭلىنىپ كېتەلمىگەن بولسا، شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ داۋالىتىمەن. قايغۇرماڭ، مەلىكە ئانامغا ئوبدان ھەمرا بولۇڭ، نېمە لازىم بولسا ئېيتىڭ، ئوردۇكەنتكە كېتىشتىن بۇرۇن تەل قىلىپ بېرەي، — دېدى مەھمۇد تېگىن.

— بۈگۈنلا كېتەملا؟ — ئالدىراپ سورىدى چولپانئاي.

— ياق، ئانام بۈگۈن كەتمەيدۇ ... كەتمەيدۇ، — دېدى

ئالتۇنئاي مەھمۇد تېگىنگە يېپىشىپ، ــ ئابا كەتمەيسەن ـ ھە! كەتمىگىن، بولامدۇ؟

ئاتىنىڭ يۈرىكى شۇرىدە ئېرىگەندەك بولدى..

ــ ماقۇل بالام، بۈگۈن كەتمەي.

كېنىزەكلەر تەخسىلەردە نېرىن، چىنىلەردە شورپا كەلتۈردى. مەھمۇد تېگىن تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەۋېتىپ گېلى غىققىدە بولدى ـ دە، قوشۇقنى داستىخانغا قويۇپ قويدى. خىيالىغا ئاتا ـ ئانىسى كەلگەنىدى. بىلگە خاتۇن بۇۋىرابىيە ئوپالدىكى چېغىدا، ئۆز چىقىسىلا خۇش چىراي قارشى ئالاتتى، چولپانئايىنىمۇ ئۆز قىزىدەك كۆرەتتى، نەۋرىلىرىنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئوينىتاتتى. ئېغىر ـ بېسىق، كەم سۆز بولغان ئاتىسى بىر چەتتە قاراپ ئولتۇراتتى ... ئۇلار بىلەن قاچان كۆرۈشەركىن؟ مەھمۇد تېگىن ئۇلارنى سېغىنغانىدى. ئۇنىڭ خىيالى زىندانىدىكىلەرگە يۆتكەلدى: «مۇشۇ تاپتا ئۇلار ئۇماچ ئىچىۋاتقاندىمۇ، زاغرا يەۋاتقاندىمۇ ياكى ئاچ ـ زار تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشقاندىمۇ؟ دىلدارىبىكە ئۇلارنى يوقلاپ تۇردىمىكىن ...»

ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇشتى. دۇئادىن كېيىن:

ــ بالام، سىلىدىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، ــ دېدى ئەردەنى تۈركەن خاتۇن.

ــ ئېيتسىلا بۈزرۈكۋارىم، خۇدا بۇيرۇسا جان ـ تېنىم بىلەن ئادا قىلىمەن.

ــ ئايزادە تۈركەن خاتۇننىڭ سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن بىر كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن، ــ بۇنى مۇھەممەد ئارسلانخانغا دەپ باققان بولسىلا.

مەھمۇد تېگىن مومىسىنى نائۈمىد قىلماسلىق ئۈچۈن دېدى:

ــ ماقۇل، مەلىكە، ئابا. ئوردۇكەنتكە بېرىسىپلا بوۋامغا ئېيتاي، ئۇنى ماقۇل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

ــ زىندانىدىكىلەر بىلەن زادى ھېچكىمنى كۆرۈشتۈرمەيۋېتىپتىمۇ، بالام؟

— ئۆتكەن ھەپتىگىچە ھېچكىمنى كۆرۈشتۈرمىگەنىكەن، لېكىن بىر مەسۇمە بۆگۈ بىلگە ئايالنى كۆرۈشتۈرۈپتۇ.

— ئەجەب ـ ھە، كىم بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ؟

— بەگيۇسۇپ يۇغرۇش باشى بىلەن.

— بەگيۇسۇپ ئۇ ئايالنىڭ نېمىسى ئىكەن؟

— تۇغقىنى ئىكەن، مەلىكە ئابا.

— سىلى بۇنى قانداق بىلدىلە بالام؟

مەھمۇد تېگىن چولپانئايغا قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— تۆت كۈن بۇرۇن ئەتىگەندە ئوردىدىن چىقىشىمغا، قارا پەرىجە يېپىنغان بىر ئايال ئالدىمغا كېلىپ سالام قىلدى: «شاھزادە، زىندانغا بېرىپ بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپ بىلەن كۆرۈشكەنىدىم. ئۇنىڭ ئامانەت سالىمىنى يەتكۈزەي، دەپ كۈتۈپ تۇرسام چىقىپ قالدىلا» دېدى. مەن ھەيران بولۇپ: «ھېچكىم بىلەن، ھەتتا مەن بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرمىگەنىدى، سىلىنى قانداق بولۇپ كۆرۈشتۈردى؟» دەپ سورىسام، «تەڭرىم ئاسان قىلدى، شاھزادە. بەگيۇسۇپ: سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى كىسەل ئوخشايدۇ، مەھمۇد تېگىنگە ئېيتىپ قويۇڭ، دەپ تاپىلىۋىدى، شۇڭا كېلىۋېدىم» دەپ خوشلىشىپ كەتتى.

— كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىدىلىمۇ بالام؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار، — دېدى ئەردەنى تۇركەن خاتۇن.

— بۇ قېتىم ئوردۇكەنتكە بېرىپ، بۇ ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرىمەن، مەلىكە ئابا. رۇخسەت قىلسىلا، قېينئانامنى يوقلاپ كېلەي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى مەھمۇد تېگىن.

— ئەتە مەن بىلەن خوشلىشىپ ماڭسىلا، بالام.

— ئەلۋەتتە، دۇئالىرىنى ئېلىپ ماڭىمەن ...

ئۇ كەلگەندە كۈن پاتقانىدى. خۇش بولۇپ كەتكەن چولپانئاي تونىنى سالدۇرۇپ، قولىغا سۇ بېرىپ خانىسىغا باشلىدى.

ئالتۇنئاي ئاتىسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ كۆرپىدە بىللە ئولتۇردى.

— ئابا، مومام قانداق ئىكەن؟

— ساقىيىپ قاپتۇ، بالام.

— ساقىيىپتۇ، مومام ساقىيىپتۇ، ئەته بېرىپ كۆيۈپ كېلىمەن، — دېدى خۇشال بولۇپ كەتكەن ئالتۇنئاي.

چولپانئاي قەندىلدىكى شام چىراغلارنى ياقتى. چىرايلىق زىننەتلەنگەن ئۆي پاللىدە يورۇدى. كۆكتە پارلىغان ئاينىڭ نۇرىمۇ دېرىزىدىن ئۆيگە چۈشتى ...

ئېرىنىڭ تۇتۇق چىرايىنىڭ ئېچىلىپ قالغىنىنى كۆرگەن چولپانئاي بايا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان سوئالنى سورىدى:

— ئېيتسىلا شاھزادەم، ھېچكىمنى كۆرۈشتۈرمەيۋاتقاندا زىنداندىكى تۇغقىنى بىلەن كۆرۈشكەن ھېلىقى ئالىپ ئايالنىڭ ئېتى نېمە ئىكەن؟

مەھمۇد تېگىن ئەجەبسىنگەن ھالدا خوتۇنىغا شۇنداقلا بىر قاراپ:

— تېخى بىلگۈدەك بولمىدىم، — دېۋىدى، چولپانئاي:

— سىلىنى ئۆزى ئىزدەپ بېرىپتىغۇ، ماڭىمۇ ئېيتمامدىلا؟ بولىدى، سورىمىدىم، — دەپ دومسىيىۋالدى. ئۇنىڭ ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك نۇرلۇق چىرايى، بۇلۇت توسۇۋالغاندەك تۇتۇلدى، — مەن زادى سىلىگە لايىق ئەمەس شاھزادە، دېيىشنى خالىمىسىلا مەيلى ...

«غۇبارسىز كۆڭلىنى رەنجىتمەي» دەپ ئويلىغان شاھزادە خوتۇنىنىڭ يېڭىدىن ئاستا تارتتى:

— ئۇنىڭ ئىسمى دىلدارىكە، كىشىلەر ئۇنى بىلگە خاتۇن دىلدار ئاغىچا، دەپ ئاتىشىدۇ. ئىسمىنى ئاشكارىلاش ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغانلىقى ئۈچۈن، بايا خانىش، چۆرىلەر ئالدىدا مەلىكە ئابامغىمۇ ئېيتمىغانىدىم، كەچۈرۈڭ مەلىكەم، سىزنى رەنجىتىپ قويۇپتىمەن.

ئېرىنى ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن چولپانئاي قىزىرىپ كەتتى:

— شاھزادەم، سورىمىسام ياخشى بوپتىكەن، نېمە ئۈچۈندۇر بىلگۈم كېلىپ دىللىرىنى چىگىپ قويدۇم، خاپا بولمىسىلا.

— نېمىشقا خاپا بولاي، مەلىكەم، سۆيگەن مەھبۇبەمنىڭ غۇبارسىز قەلبىدىكى ماڭا بولغان ئىشەنچىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقى بۈگۈن ئاخشام تېخىمۇ ئايدىڭ بولدى. يەنە شۇنىمۇ بىلىپ قېلىڭكى مەلىكەم، دىلدارىبكە زىندانغا بېرىپ، زىندان باشى قان ئىچەر مۇڭسۇزنى ئۆز پاساھىتى، جاسارىتى بىلەن ھەيران قالدۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆپ تىللا بېرىپ ماقۇل قىلىپتۇ. بەزى چاغلاردا مەن ـ مەن دېگەن ئەرلەر قىلالمىغان ئىشنى ئاياللار نازاكىتى، جاسارىتى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

— نېمىدېگەن جەسۇر قىز ـ ھە ... ياتلىق بولغانمىكەن؟

مەھمۇد تېگىن باش چايقىدى.

— تېخى ياتلىق بولمىغان، ئۇ تېخى قىز.

— قىز؟ — بەكلا ھەيران قالغان چولپانئاي ئىختىيارسىز سورىدى:

— شاھزادەم، ئۇ قانچە ياشتا ئىكەن؟

— بۇ يىل ئوتتۇز بەش ياشقا كىرىپتۇ.

— ھە! — دەۋەتتى چولپانئاي، — ئوتتۇز بەش ياشلىق قىزمۇ بولىدىكەن ـ ھە! ئۇ نېمىشقا ياتلىق بولمىغاندۇ؟

— بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. ئۇ تېخى بەگيۈسۈپنىڭ خوتۇن ـ باللىرىنى ئۆز قورۇسىدا خۇپىيانە ساقلاۋېتىپتۇ، ماڭا ئۆزى دەپ بەردى. دۇنيادا مانا شۇنداق پىداكار ئاياللار بار. ئۇ تېخى بەگيۈسۈپنى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇۋېتىپتۇ ...

— تەڭرىم ئۇنىڭغا مەدەتكار بولسۇن. شاھزادەم، ئۇ بەگيۈسۈپنى قانداق قۇتۇلدۇرىدىكەن؟

— دىلدارىبكە كاتتا ئاتاساغۇن، ئۇنى تونۇيدىغانلار كۆپ، ئاۋام ئىچىدە ئابرۇيى ئۈستۈن. ئۇنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىگە

قارىغاندا، ساچىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتقان تالىپلار ئىچىدىكى ئۆزىگە ئىخلاس قىلىدىغان قىز ـ يىگىتلەردىن پىداركارلارنى تالالاپ، زىندانغا باستۇرۇپ كىرىدىكەن. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك بولسىمۇ، تەۋەككۇل قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

— نېمىدېگەن ئەقىللىك، غەيۇر قىز ـ ھە! مېنىڭمۇ ئىشتىراك قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. سىلى قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدىغانلا، — دېدى چولپانئاي ھاياجانلىنىپ.

— ئەلۋەتتە، قاراپ تۇرمايمەن، مەلىكەم ...

چولپانئاي ئۇخلاپ قالغان قىزنى ھۇجرىسىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ چىقتى:

— شاھزادەم، ھارغانلا، ئورۇن راسلاپ قويدۇم ...

قەندىلدىكى شام ئۆچتى، كۆكتىكى چىراغ كېچىچە چاقناپ تۇردى ...

## 4

كۈن نۇرى كۈمۈش ئاسقۇدىكى شايە سەللىگە چۈشكەندە، مۇھەممەد ئارسلانخان ئويغاندى. «يەنە ۋاق بولۇپ كېتىپتۇ» دەپ غودۇڭشىپ، مەيدىسىدىكى ئىسسىق قولنى ئاستا ئىتتىردى. پاللىدە كۆزىنى ئاچقان قۇمارىبىكە كۆكسىنى يېقىپ تولغاندى.

— شاھىنشاھىم، يەنە بىر ئاز ياتمامدىلا؟

— ھېلىمۇ چاشكا ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، ناماز قازا بوپتۇ، ئىككىمىززە ... — بوشىشىپ كەتكەن مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ قويقۇسى كەلمەي، ئولتۇرغىنىچە ياستۇققا يۆلەندى، — ئۇھ، قوش سۆرىگەندەك ئەجەب چارچاپ كېتىپتىمەن، ئابىنچۇ خاتۇن.

قۇمارىبىكە مەيىقىدا كۈلۈپ، ئۇنىڭ تۈك بېسىپ كەتكەن يۈت ـ قولىنى ئۇۋۇلاپ، سىلاشقا كىرىشتى.

— ھازىرلا دەرمانلىرىغا كېلىلا خاقانىم.

— قېرىپ قالغان ئوخشايمەن، ئابىنچۇ خاتۇن.

— ئۇنداق دېمىسىلە خاقانىم، مەن سىلىنى قىيىنتمايمەن.
— ياق - ياق، ئايىنچۇ خاتۇن، سىز بىلەن بىللە بولسام
مانا شۇنداق ھالسىزلىنىپ كېتىدىغان بولدۇم.
— ئۇنداق بولسا بۇنىڭدىن كېيىن كۈمۈش تارىم
قىلىچخاننىڭ قەسىرىدە قونۇپ قالسىلا، ماغدۇرلىرىغا كېلىپ
قالىلا، — قۇمارىبىكە كەينىنى قىلىپ دومسىيىۋالدى.
— ئۇنداق قىلماڭ ئايىنچۇ خاتۇن، سىزنى بىر كۈن
كۆرمىسەم، تاقىتىم تاق بولۇپ چىدىيالماي كېتىمەن. قىلىچخان
سىزدىن ياش بولسىمۇ، سىزدەك خۇش خۇلق، نازىنىن ئەمەس.
قۇمارىبىكە ناز بىلەن كۈلۈپ، ئۇنىڭ بوم ساقىلىغا مەڭزىنى
سۈركىدى.
— شاھىنشاھىم، مەنمۇ سىلىدىن دەقىقە ئايرىلىشنى
خالىمايمەن ...
— ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە سىز بىلەنلا ئۆتىمەن، ئايىنچۇ
خاتۇن.
— ئەردەنى تۇركەن خاتۇن بىلەنچۇ؟
— ئۇ قېرىپ قالدى. كۈتۈشكە موھتاج، ئايدا - يىلدا بىر
كۆرۈنۈش قىلىپ قويسام بولدى.
— كۈمۈش تارىم سۆسەر ئايىمكەچۇ؟
— ئۇ ھازازۇلىنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، ئۇنىڭ گېپىنى
قىلماڭ.
— قىلىچخاننى ياقتۇرامىلا؟
— ياقتۇرۇشۇم ياقتۇرىمەن. ئۆزىدىن كۆرە ئۇسسۇلىغا،
ناخشىسىغا خۇشتارمەن، بۇنى دېمىسەم ئاللىبۇرۇن ئوردىدىن
ھەيدەپ چىقىراتتىم. سىز دېگەن باشقىچە بىر ناز اكەتلىك ئايال،
ھەرقانداق گۈزەلگە تەڭ قىلمايمەن.
قۇمارىبىكە مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ خالتىلىشىپ قورۇق
باسقان يۈزىگە، چاچلىرى شالاڭلاپ كەتكەن بېشىغا، ئاقارغان
بۇرۇت - ساقاللىرىغا قاراپ ئۈنسىز كۈلدى.

— سىلى بەك تەمبەل، كۆچتۈگگۈر، شاھىنشاھىم ...
— ياق ـ ياق، ئابىنچۇ خاتۇن، ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، قېرىپ قالغىنىم ھەممىدىنمۇ سىزگە بەكرەك ئايان. بۇغرا قاراخانلىق تەختىدە ئۇزاق ئولتۇرالمايدىغاندەك قىلىمەن، — مۇھەممەد ئارسلانخان ئېغىر تىندى.
— ئۇنداق دېمىسىلە خاقانىم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي ئىلاھىم، — دېدى خانىش كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئالماي مۇنداقلا سوراپ قويغاندەك، — ئالىمادىن شۇنداق بولۇپ قالسا، تەخت ۋارىسلىقىغا كىمنى ئويلاپ قويدىلا؟
— ئوغلۇم ھۈسەيىن ئارسلانخاننى ...
قۇمارىبىكە ئەندىكىپ كەتتى.
— ئۇ بارسغان دىيارىنىڭ ئىلىكخانى تۇرسا ...
— ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلىڭىز ئىبراھىم تېگىننى ئىلىكخان قىلماقچىمەن.
— نېمە؟ — قۇمارىبىكەنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدىن يېشىل ئۇچقۇن چاچرىدى، — مەن ئوغلۇمنى ئوردۇكەنتتىن ھېچ يەرگە ئەۋەتمەيمەن، شاھىم.
— مەن ئەمر قىلساموۇ.
— ئۇ ھالدا مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىمەن، — دېدى بېشىنى ئاستا كۆتۈرگەن قۇمارىبىكە قوللىرىنى يىغىپ، — مەن ئوغلۇمدىن ئايرىلالمايمەن.
— قېرىغان چېغىمدا مەملىكەت غېمىدىن نېرى بولۇپ، سىز بىلەنلا ھايات پەيزىنى سۈرەي دەيمەن. ئابىنچۇ خاتۇن. ھازىر ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ئايماقلاردا ماڭا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈلمەكتە ياكى كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرماقتا. ئوغلۇم ھۈسەيىن ئارسلانخان چارە ـ تەدبىرلىك، جۈرئەتلىك ئادەم بولدى. ئىبراھىم تېگىن بولسا تېخى ياش، جەڭلەرگە قاتنىشىپ باقمىغان، ئۆزىنى توختىتالمىغان. ئۇ ئىلىكخان بولۇپ دۆلەتنى باشقۇرۇشنى، ئەلنى ئىدارە قىلىشنى ئۆگىنىشى كېرەك. شۇڭا،

بۇ قارارىمنى ئۆزگەرتەلمەيمەن.
قۇمارىبىكە مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ قارا مەڭ قاپلاپ كەتكەن قوللىرىغا لېۋىنى باستى. خېلىغىچە جىم بولۇپ كېتىپ ئېغىر تىن ئالدى ـ دە، يىغلامسىراپ پىچىرلىدى:
— خاقانىم، ياش بولساممۇ ھۇسەيىن ئارسلانخانغىمۇ ئانامەن. تەختلىرىدە ئۇ ئولتۇرسىمۇ، ئوغلۇم ئولتۇرسىمۇ ماڭا بەرىبىر. ئەمما، ئوغلۇمنى ئوردۇكەنتتە قالدۇرۇشلىرىنى ئاياغلىرىغا باش قويۇپ ئۆتۈنىمەن، — قۇمارىبىكە ئېرىنىڭ پۇتلىرىغا سۆيدى.
— ماقۇل، ئابىنچۇ خاتۇن، مەن قاچان سىزنىڭ گېپىڭىزنى يەردە قويغان. بىرەر يىل ئۆتسۇن، ئاندىن بۇ ھەقتە مەسلىھەتلىشەيلى، — مۇھەممەد ئارسلانخان گەپنى بۇرىۋەتتى، — ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولۇۋاتقان ئەبۇ ھەسەن تېگىنگە قارشى دوقاقبەگنى ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن بالاساغۇنغا ماڭدۇرغانىدىم. ئوغلۇم ھۇسەيىن ئارسلانخانغا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى بۇيرۇپ چاپارمەن ئەۋەتكەنىدىم، خەۋەر كۈتۈۋاتىمەن. ئەبۇ ھەسەننى ئەل قىلىۋالسام، مەملىكەت تىنچىيتتى، تەختىمنى ئوغلۇمغا خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپ بەرگۈم بار.
— ئەلۋەتتە، خاقانىم، دوقاقبەگدىن خەۋەر بارمۇ؟ — قۇمارىبىكە ئۇنىڭ مەيدىسىنى سىلاشقا تۇتۇندى.
— تېخى يوق، پات ئارىدا كېلىپ قالار.
— ئاكىلىرى سۇلايمان ئارسلانخاننى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىلا، خاقانىم؟
— مۇشۇ ئىش بېشىمنى قاتۇرۇۋاتىدۇ. قەيسەربەگ، يەنە بىرقانچە يۇغرۇش، سۇباشىلار ئاكامنى قەتل قىلىشىمنى تەۋسىيە قىلىشىۋاتىدۇ. نەۋرەم مەھمۇد تېگىن باشلىق خېلى كۆپ دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىكنى، زىنداندىن چىقىرىشنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ.
— خاقانىم، سىلى نېمانداق باغرى يۇمشاقلىق قىلىدىلا، ئۆتكەندە، سۇلايمان ئارسلانخاننى قويۇپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنۈشۈمنىڭ ناھايىتى ئەخمىقانە تەلەپ بولغانلىقىنى تولا

ئويلاپ، ئاخىر ئۆزۈمنى كۆپ ئەيىبلىدىم. يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ تولىمۇ ئەقىللىك ئادەم ئىكەن، ئۇ ئاقىۋىتىنى ئويلاۋاتىدۇ. مۇبادا يۇمشاق قوللۇق قىلىپ ئاكىلىرىنى زىنداندىن چىقارسىلا، بۇ ئادەم باشلىرىغا بالا، جەمەتلىرىگە قازا بولىدۇ. ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش زۆرۈر. ئۇ ئۆلسە، ياقىلىغۇچىلىرى جىمىيدۇ، ئەبۇ ھەسەن تېگىنمۇ باش ئېگىدۇ، ئۇ ئۆلمىسە، ياقىلىغۇچىلىرى ئالىيلىرىغا قىلىچ كۆتۈرىدۇ، ئەبۇ ھەسەن تېگىن سىپاھلىرى بىلەن ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ ئىشتا زىنھار ئىككىلەنمىسىلە.

— ئاكام كېسەل ئىكەن. مەھمۇد تېگىن ئۇنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، زىندان باشىمۇ شۇنداق دېدى. مۇبادا ئۇ كېسەل بىلەن ئۆلسە، قەتل قىلىنغانغا قارىغاندا ئاۋارىچىلىكى ئازراق بولارمىكىن يا.

— ئوبدان ئويلاپلا شاھىم. كېسەل بىلەن ئۆلسە ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ بالىچاقىلىرىنى قانداق قىلىش توغرۇلۇقمۇ ئويلىنىپ باقتىلىمۇ؟

— بۇنىڭ ئويلىشىدىغان نېمىسى بار! ئەبۇ ھەسەن تېگىن ماڭا بويسۇنىدىغانلا بولسا، ئاكامنىڭ خانىشلىرى، پەرزەنتلىرى تەختىمگە قول سوزالمايدۇ !

— شاھىنشاھىم، دەرەخنى غولىدىن كېسىۋەتسە يەنە كۆكلەيدۇ، يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتكەندە كۆكلىمەيدۇ، قۇرۇپ كېتىدۇ.

— يۇغرۇش باشى قەيسەربەگمۇ شۇنداق دېگەندەك قىلىۋىدى.

— باشقا دۆلەت ئەركانلىرىمۇ شۇنداق دېيىشى مۇمكىن، خاقانىم.

مۇھەممەد ئارسلانخان چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمىدى. ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن قانچىلىغان ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنسا، يەنە قانچىلىغان ئادەم ھاياتلىققا ئېرىشەتتى.

— بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا كەسكىن بولمىسىلا، بالا ـ

قازا ئۆز باشلىرىغا، خانىش، پەرزەنتلىرىگە كېلىشى تۇرغان گەپ.

— بولدى، قىستىماڭ ئابىنچۇ خاتۇن، مەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، ئۆز قېرىنداشلىرىمنىڭ، ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولمايمەن. ئاكامنىڭ زىندانغا تاشلىنىشى كۇپايە قىلمامدۇ؟ بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن شۇ، — ئورنىدىن تۇرغان مۇھەممەد ئارسلانخان چىرايى ئۆڭگەن خانىشنى بېلىدىن قاماللاپ باغرىغا تارتتى، — ئارتۇقچە خەۋپسىرىمەڭ. مېنىڭ ئون تۈمەندىن ئارتۇق سىپاھىم بار، ئاكام زىنداندا، ئۇنىڭ بالىلىرى قىر كۆرسەتسىمۇ ھېچنېمە قىلالمايدۇ. مېنى خۇش قىلاي دېسىڭىز، بۇ ھەقتە گەپ ئېچىپ بېشىمنى ئاغرىتماڭ، مەيلىمگە قويۇۋېتىڭ، بولامدۇ؟

— بولمامدىغان شاھىنشاھىم، — ئۇنىڭ چىرايىدىكى سوغۇقلۇقنىڭ ئورنىنى تەبەسسۇم ئالدى، — مەن سىلىگە كۆيۈنىمەن شۇ. تەختلىرىدە سىجىل ئولتۇرۇشلىرىنى ھەممىدىن كۆپ ئارزۇ قىلىدىغان خانىشلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەرگە قويمايدىغانلىقلىرىغا ئىشەنچىم كامىل.

— ھەي - ھەي، مانا بۇ گېپىڭىز ئورۇنلۇق، ئابىنچۇ خاتۇن. ئەمدى غوسۇل قىلىۋالايلى، قورسىقىممۇ ئاچقاندەك قىلىدۇ.

ئىبراھىم تېگىن ئۇلارنى ئايۋاندا كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئاتىسىنى كۆرۈپ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ سالام قىلدى.

— تازا ئويدان ۋاقىتتا كېلىپسەن، ئوغلۇم، — دېدى مۇھەممەد ئارسلانخان قول باغلاپ تۇرغان ئوغلىغا مېھرى بىلەن قاراپ.

ئىبراھىم تېگىن ئاتىسىغا يېقىنراق كەلدى.

— ئەتىگەن ئوردىغا بارسام، يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ ئاغام خاقان ئالىيلىرى تېخى ھەرەمدىن چىقمىدى، شاھزادە. سىلى كىرىپ باقسىلا بوپتىكەن دېگەنىدى، شۇڭا كۈتۈپ ئولتۇرغانىدىم.

— ئوبدان قىلىپسەن بالام، مەنمۇ سەن بىلەن ئەھۋاللاشماقچىدىم. ئېيتقىنا، جانقورغاندىكى سىپاھلارنىڭ

ئەھۋالى قانداق؟ — سورىدى مۇھەممەد ئارسلانخان تاماقلىنىدىغان خانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ.

— ئەمىرلىرىنى ئادا قىلىشقا تەييار تۇرماقتا، — دەرھال جاۋاب بەردى ئىبراھىم تېگىن، بىر قولىدا قىلىچىنىڭ كۆركەم سېپىنى تۇتقان، بىر قولىنى كۆكسىگە قويغان ھالدا.

— ئەمرىڭگە بوسۇنمايدىغان، باشباشتاقلىق قىلىدىغانلار يوقتۇ، بالام؟

— زىنھار، جانقورغاندىكى بىر تۈمەن لەشكەرگە ئەمىر بولغىنىمدىن بېرى، سىپاھلارنىڭ باشباشتاقلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمىدىم. ئەمرىمگە بويسۇنمىغان، بويۇنتاۋلىق قىلغان سىپاھلاردىن بىرقانچىسىنى دارغا ئاستىم، بىرقانچىسىنىڭ قولىنى كەستىم، ئاتا، — ئىبراھىم تېگىن مەغرۇر ھالدا دولىسىنى چىقىرىپ قويدى.

ئىبراھىم تېگىن ئانىسىنىڭ، بەگ ئەتكەسى بوزاغۇنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن شۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۆزى بولسا ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، كېچىنى مەست - ئەلەسلىك، كۈندۈزنى ئۆكتەملىك بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

— ئاسىيلىق، خىيانەت قىلمىسىلا، سىپاھلارنى ئۆلتۈرمەسلىك كېرەك، بۇنى ئېسىڭدە تۇت، ئوغلۇم.

— ئېسىمدە تۇتىمەن، بۇغراخان ئاتا.

— بۇغراخان ئاتاڭنىڭ ئەمرىنى ئېسىڭدە تۇتۇپ، بويۇنتاۋلىق قىلغان، سۇلايمان ئارسلانخانغا يان باسقان سىپاھ، سەردارلارغا ھەرگىز رەھىم قىلما، — سۆز قاقتى قۇماربىكە، — سۇباشى بوش، رەھىمدىل بولسا، سىپاھلار بوش، جەڭگە يارامسىز بولۇپ قالىدۇ، بۇنى زىنھار ئېسىڭدىن چىقارما، ئالىپ ئوغلۇم!

— ئېسىمدىن چىقارمايمەن، ئابا.

— زىندانىنى قوغداشقا قانچە ئادەم چىقىرىۋاتىسەن، ئوغلۇم؟ — سورىدى مۇھەممەد ئارسلانخان.

— ئوتتۇزدىن قىرىققىچە.

— بۇ بەك ئازغۇ، ئوغلۇم، — دېدى قۇماربىكە، — بىر -

ئىككى يۈز سىپاھ چىقارغىن ...
مۇھەممەد ئارسلانخان قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى سۆزدىن توختىتىپ قويدى.
— ئوتتۇز - قىرىق سىپاھ كۇپايە، زىندان باشىنىڭ ياساۋۇل - نۆكەرلىرىمۇ ئاز ئەمەس، ئابىنچۇ خاتۇن، سىز نېمانچە ئەنسىز؟
— شاھىنشاھىم، مەن ئەمەس، جاھان ئەنسىز ... سىلىدىن ئەنسىرەيمەن ...
— بۇ ئاباڭزە ... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرمەيلا، داستىخان سېلىندى.
— بۇغراخان ئاتا، يۇغرۇش، ھاجىپلار يوللىرىغا قاراپ قالدى، — دېدى تاقەتسىزلەنگەن ئىبراھىم تېگىن.
— ماقۇل بالام، ناشتا قىلىۋالاي.
ناشتىدىن كېيىن قۇماربىكە ئېرىنى قەسىر ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ قويدى.
— بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، ئوغلۇم ، ئاتاڭنى ئەجەب ئالدىرىتىپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى ئۇ خانىشىغا كىرىپ.
— بىلمىدىم. ئەتىگەن بارسام ئوردىدىكىلەر پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇ. قەيسەربەگ ئاغام: شاھزادە، سىلى بېرىپ ئېيتسىلا، بۇغراخان ئالىيلىرى تېزرەك چىقسۇن، ناھايىتى مۇھىم ئىش بار، — دەپ مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. سوراشقىمۇ ئۇلگۇرمەي قەسىرىڭگە كەلدىم. ئاتامنى ئالدىرىتىپ قويغىنىم شۇ ...
— سەن بارغانسېرى كامال تېپىۋاتىسەن. بابا دېگەن گەپلىرىمنى ئېسىڭدىن چىقارما، مۇشتۇمۇڭ ھەمىشە چىڭ تۈگۈكلۈك تۇرسۇن. رەقىبىڭ قول سېلىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇپ يانجىۋەت! سەللا بىخەستەلىك قىلساڭ تەختتە ئولتۇرالمايسەن. ئاتاڭ ئەقىلدىنمۇ، كۈچتىنمۇ قالدى. قەيسەربەگكە ئېيت، سۇلايمان ئارسلانخاننى تېزرەك ئۇجۇقتۇرۇۋەتسۇن! ئوردىدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، ماڭا خەۋەر قىلىۋەت !
— ماقۇل، ئاپا.
ئىبراھىم تېگىن ھەرەمدىن چىقىپ زىندانغا كەتتى.

# تۆتىنچى باب

# ئەنسىز كۆڭۈللەر

## 1

مۇھەممەد ئارسلانخان دىۋانخانىغا كىرىپلا، قورقۇنچلۇق بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدى. ئەمىر ـ ئەركانلارنىڭ باشلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. پەقەت قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان بوزاغۇلا خاتىرجەمدەك كۆرۈنەتتى.

— نېمە گەپ، يۇغرۇش باشى، كۆڭلۈڭلار ئارامىدا ئەمەستەك قىلىدىغۇ، يا ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان باستۇرۇپ كەپتىمۇ؟ ئېيتىڭ، بۇ بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى بوزاغۇنىڭ ئالدىدا توختاپ.

— ئالدىلىرىدا ئېيتىشقا تىلىم كۆيىدۇ، ئالىيلىرى.

— ئادەمنى بۇنداق تىت ـ تىت قىلماي، ئاسمان دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ دەڭ، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى ئاخشام ئەجەل شارابىنى ئىچىپ، بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ، شاھىنشاھىم، — دىدى بوزاغۇ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن خۇددى خۇش خەۋەر يەتكۈزۈۋاتقاندەك.

مۇھەممەد ئارسلانخان تاتىرىپ كەتتى. لەۋلىرى لىپىلداپ، ساقال باسقان يۈزىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى تارتىشىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. سەل سەنتۈرۈلۈپ، پۇتلىرىنى كېرىپ تۇرۇۋالدى. يۈلىۋالماقچى بولغان بوزاغۇنى ئىتتىرىۋەتتى.

— بولدى، نېرى تۇرۇڭ قەيسەربەگ. سىز ئاكامنى ياخشى

بولۇپ قالدى، دېگەنىدىگىزغۇ، — ئۇ چەكچەيگەن كۆزلىرىنى بوزاغۇغا تىكتى.

— شاھىنشاھىم، سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى راستىلا ياخشىلىنىپ قالغانىدى، كىم بىلسۇن بۇنداق بولۇشىنى ... ياساۋۇللار بۇگۇن ئەتىگەن تاماق چۇشۇرگەندە ئۇنىڭ قازا قىلغىنىنى بىلىپتۇ. پېقىر ناھايىتى ئەپسۇسلاندىم. رەھىمەتلىك، مۆمىن، رەھىمدىل شاھ ئىدى ...

— بولدى، گەپ قىلماڭ، ئاكامنىڭ جەسىتى ئوردىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن! مېيىت كېپەنگە ئېلىنىپ نامازدىگەرگە تەييار قىلىنسۇن! ئاكامنىڭ نامىزىغا مەنمۇ چىقىمەن. ئوپالدىكى خانىش، شاھزادە، مەلىكىلەر دەرھال ۋاقىپلاندۇرۇلسۇن!

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، چاپارمەن ھازىرلا يولغا چىقىدۇ، — بوزاغۇ تىزلاندى.

مۇھەممەد ئارسلانخان يەنە ئەمر قىلدى.

— خاقان ئاكامنىڭ تۇتقۇن قىلىنغان نەۋرىسى، زىنداندىكى يۇغرۇش، سۇباشى، بۆگۇ بىلگەلەرنىڭ يوقلاپ كەلگەندە تۇتقۇن قىلىنغان بالىچاقىلىرى دەرھال قويۇپ بېرىلسۇن!

— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى.

— زىنداندىكى تۇتقۇنلارنىڭ قايسىبىرى ئاغرىپ قالسا، داۋالىتىش لازىم. ئەگەر بۇنىڭغا سەل قارىلىپ، يەنە ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىدىغان بولسا، جاۋابكارلىققا سىز تارتىلىسىز، يۇغرۇش باشى! — دېدى غەزەپتىن لاغ - لاغ تىترىگەن مۇھەممەد ئارسلانخان.

— ئەمرلىرىنى ئادا قىلىمەن، ئالىيلىرى، — بوزاغۇ تىزلانغىنىچە باش ئەگدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان كەينىگە يېنىپ، ھەرەمدىكى ئارامگاھ سارىيىغا كىردى. ياندىكى گۇللەرگە، ئاسقۇغا ئىلىنغان قەپەستىكى خىلمۇخىل قۇشلارغا، ھەرقايسى ئۆلكە، ۋىلايەت ھەم

باشقا ئەللەردىن ئەۋەتىلگەن قىممەت باھالىق بويۇملارغا كۆز قىرىنىمۇ سالماي تۆردىكى ئالتۇن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. «بۇ سارايىنى ئاكام بىنا قىلدۇرغانىدى، بۇ تەختتىمۇ ئۇ ئولتۇرغانىدى ...» ئۇ ئاكىسى بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن بالىلىق چاغلىرىنى، ماۋەرائۇننەھردە، سامانىيلار خانلىقىغا قارشى بىللە جەڭ قىلغانلىرىنى ئەسلەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، سۇلايمان ئارسلانخان مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇنىڭغا دائىم دەرس ئۆگىتەتتى: «ئىنىم، تىرىشىپ ئۆگەنگىن، بۆگۈ بىلگە پادىشاھ بولسا ئەل روناق تاپىدۇ، بىلىككە خۇشى يوق قارامىلار پادىشاھ بولسا ئەل ۋەيران بولىدۇ.» دەيتتى. بۇغرا قاراخان بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئېلىكخان قىلغانىدى. لېكىن، ئۇ ئاسىيلىق قىلىپ ئاكىسىدىن تەختنى تارتىۋالدى، ئۇنى زىندانغا تاشلاپ، قىينىلىپ ئۆلۈشىگە سەۋەبكار بولدى ...

مۇھەممەد ئارسلانخانغا ئاكىسىنىڭ قەدرى ئەمدى بىلىنىۋاتاتتى. «مەن ئۇنىڭغا نېمىلەرنى قىلدىم ـ ھە؟ تەختنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قان تۆكتۈم، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم. ئاكامنىمۇ ھاياتىدىن ئايرىدىم. مەن قانداق مۇسۇلمان ـ ھە؟ تەڭرىم مېنى كەچۈرەرمىكىن؟ ...»

— شاھىنشاھىم ...

مۇھەممەد ئارسلانخان بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇمارىبىكەنى كۆردى. تەتىللا ئىمچە، ئالتۇن تاج كىيگەن خانىش قاپاقلىرىنى سۆزۈپ قاراپ تۇراتتى.

— ئابىنچۇ خاتۇن، — خان ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى.

— نېمە بولدى، شاھىنشاھىم؟ قايتىپ كىرىپىلىغۇ، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىدىلا؟ يۇرسىلە ئالىيلىرى، مېنىڭ خانامغا چىقىپ كېتەيلى، — نازاكەت بىلەن بېشىنى ئەگكەن قۇمارىبىكە رۇسلىنىپ شەھلا كۆزلىرىنى ئويناتتى.

«ئاكامنىڭ ۋاپات بولغىنىنى ئۇقمىغان ئوخشايدۇ» دەپ قالغان مۇھەممەد ئارسلانخان بوغنۇقۇپ دېدى:

— مەن كۆڭۈل ئاچقىلى كىرمىدىم، ئابىنچۇ خاتۇن. خاقان ئاكام ئالەمدىن ئۆتتۈپتۇ. نامىزىغا بېرىشىم زۆرۈر، كېيىم ئالماشتۇرغىلى كىرگەن.

— ۋاي خۇدايىم، ئاخىر ئۆلۈپتۇ - دە. ئەمدى جاھان تىنچىيدىغان بولدى. سىلى نامىزىغا نېمىدەپ بارىدىلا؟ بارسىلا ئاۋام نېمىدەپ قالار؟

— بەس، ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ، نېمىلەرنى دەپ بىلجىرلاۋاتىسىز! مەن ئاكامنى قازا قىپتۇ دەۋاتىمەن، چىقىپ كېتىڭ! — ۋارقىرىدى مۇھەممەد ئارسلانخان. ئۇ بۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇ خوتۇنغا ئاچچىقلاش تۇگۇل قاپىقىنى تۈرۈپمۇ سۆز قىلمىغانىدى. قۇماربىكە بىردەم ھاڭۋېقىپ قېلىپ، كەلگىنىچە ئېرىنىڭ مەيدىسىگە باش قويۇپ يىغلاپ كەتتى.

— مەن بىلمەي قاپتىمەن، خاقانىم، سىلىنى خوش قىلاي دەپ، خاپا قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن ئۆلەي. سىلىنىڭ ئاكىلىرى مېنىڭمۇ ئاكام ئىدىغۇ. مېھرىبان، ئادىل پادىشاھ ئىدى، بىزگە كۆپ غەمخورلۇق قىلغانىدى، خۇدايىم جايىنى جەننەتتىن قىلسۇن. مەن ھازىلىق كىيىم ئېلىپ كېلەي. ئۆزلىرىنى تۇتۇپ، ئەلنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشلىرى كېرەك. مەن ئوپالدىن كېلىدىغان خانىشلارنىڭ خىزمىتىدە بولاي.

قۇماربىكە يىغلىغانچە چىقىپ كېتىپ، ھازىلىق كىيىم ئېلىپ كىردى. ئۆزىمۇ باشتىن - ئاياغ قارا كىيىم كىيىپ ئاق رومال سېلىۋالغانىدى. مۇھەممەد ئارسلانخان زەر ياقىلىق، ياقۇت تۈگمىلىك كىمخاب توننى سېلىۋېتىپ، قارا مەخمەل تونىنى كىيدى. بېشىدىكى تاجنى ئېلىۋېتىپ، قاما تۇمىقىغا ئاق سەللە ئورىدى. ئالتۇن ساپلىق قىلىچىنىمۇ ئاسمىدى.

— قەسىرىڭىزگە چىقىپ، كېلىدىغان مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىڭ. مەن چىقاي، — دېدى مۇھەممەد ئارسلانخان.

ئۇ دىۋانخانىغا كىردى.

— مېيىت كەلتۈرۈلدىمۇ؟

— كەلتۈرۈلدى، خاقان ئالىيلىرى. هازىر تىلاۋەت سارىيىدا. شەيخۇلئىسلام، يۇغرۇش باشىمۇ شۇ يەردە، — جاۋاب بەردى دىۋان باشى.

— مېيىت چوڭ خانىشنىڭ قەسىرىگە ئېلىپ كىرىلسۇن، ئارسلانخان ئاكامنى شۇ يەردىن ئۇزىتىمىز. يۈرۈڭلار!

مۇھەممەد ئارسلانخان دۆلەت ئەركانلىرىنى كەينىگە سېلىپ، تىلاۋەت سارىيىغا بارغاندا، شەيخۇلئىسلام، مۇسىبەت لىباسى كىيگەن بوزاغۇ، ئوتتۇز ئۈچ قارى بىلەن يۈزى يېپىقلىق مېيىتنى چۆرىدەپ قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلار خاقاننى كۆرۈپ قىسقا دۇئادىن كېيىن، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشتى.

— يۇغرۇش باشى، مېيىتنى ھەرەمگە يۆتكەيمىز، تېز بولۇڭ.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، — يەرگىچە ئېگىلگەن بوزاغۇ ياساۋۇللارنى مەسچىتتىن چاھارچاپ[1] ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئارقىسىدا باش سېلىپ تۇردى. «ئۆزى زىندانغا تاشلاپ، ئۆلۈكىنى ئوردىغا ئېلىپ كىرگىنى قىزىق. بۇ ئەخمەق خاقان نېمە قىلماقچىدۇ؟ ئۆزگىرىپ قالمىسا بولاتتى، ئەگەر لەۋزىدىن يېنىۋالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ سىڭلىم قۇمارىبىكە بىلەن مەسلىھەتلەشمىسەم بولمىغۇدەك ... » ئويلاپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ئۇ.

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ جەسىتى چاھارچاپقا سېلىندى، بىرقانچە ۋەزىر ـ ھاجىپلار كۆتۈردى. مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ كۆتۈرگۈسى كەلگەن بولسىمۇ، جۈرئەت قىلالماي، چاھارچاپنىڭ كەينىدىن باش سېلىپ ماڭدى.

ئىرادىسىز ئادەمدە جۈرئەت بولمايدۇ، جۈرئەتسىز ئادەم ئاسان ئالدىنىدۇ، ياخشى ـ ياماننى پەرق ئېتەلمەيدۇ، خاتا قىلغىنىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ تۈزەتمەيدۇ. مۇھەممەد ئارسلانخان مۇشۇدەم

---

[1] چاھارچاپ — مېيىتنى سېلىپ يۆيىدىغان تۆت چاسا تاختاي.

ئاكىسىنى زىندانغا تاشلىغان خاتالىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئېغىزىدىن چىقىرالمايتتى، تەختتىن ۋاز كېچەلمەيتتى.

مىيىت ئايزادە تۇركەن خاتۇنىنىڭ قەسىرىگە ئېلىپ كىرىلگەندە، باشتىن ـ ئاياغ قارا لىباس كىيگەن قۇمارىبىكە، كۈمۈش تارىم قىلىچخان چۆرە ـ كېنىزەكلەر بىلەن بىللە ئالدىغا ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ چىقتى. قۇمارىبىكە گويا ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن ھازىدار مەلىكىدەك ھاسا تايىنىۋالغانىدى:

ۋاي ئاتام، خان ئاتام، پادىشاھ ئاتام،
ئاۋامنىڭ غەمگۇزارى شاھىنشاھ ئاتام.
گىرىپتار بولدى ئەل قايغۇغا،
سەنسىز چۆلدەرەپ قالدى بۇ بارگاھ ئاتام ...

دەپ قوشاق قېتىپ شۇنداق يىغلىدىكى، ئىچ ـ ئىچىدىن مەمنۇن بولۇۋاتقان بوزاغۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش چىقىرىۋەتتى. «ماۋۇ ھەمشىرەمنىڭ ئۇستىلىقىنى، ئۆزىنىڭ خۇشلۇقىنى يىغا بىلەن بىلدۈرۈۋاتىدۇ. شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان خوتۇن ـ دە، قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ ... » دەپ ئويلاپ ئۆزىمۇ:

ئاھ مەملىكەتنىڭ تۈۋرۈكى ئاتام،

نەھاجەت ياخشىلارنىڭ ئۆلمىكى ئاتام، — دەپ يىغلاشقا باشلىدى.

مىيىت ساراي ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ياتقۇزۇلدى. مۇھەممەد ئارسلانخان بېشىغا كېلىپ يۈكۈندى. يۈزىگە يېپىلغان ئاق يوپۇقنى قايرىپلا ئۆجۇقۇپ كەتتى. ئىككى چېتىقلىق سۇلايمان ئارسلانخان كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق ھالدا ياتاتتى، كاۋا چېچەكىدەك سارغىيىپ كەتكەن چېھرى شۇنچە مۇلايىم، شۇنچە ھەسرەتلىك ئىدى. مەيدىسىگە چۈشكەن ئاق بۇلۇتتەك ساقىلى، گەدىنىنى ياپقان چاچلىرى ئۇنى سۈرلۈك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ

ئاكىسى بىلەن ئۈچ تاغ ئىتتىكىدىكى جەڭدە ئۇچراشقانچە كۆرۈشمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئازابلانغان، قىينالغان روھسىز جىسمى كۆز ئالدىدا تۇراتتى ... ئۇنىڭ ئاكىسىغا ھەقىقەتەن ئىچى ئاغرىدى. «ۋادەرىخا، ئاكامنى كۆرمىگىلى ئۈچ ئاي بوپتۇ. زىندانغا نىمىشقىمۇ بارمىغاندىمەن، مەن ناھايىتى تاش بېغىر ئادەم ئىكەنمەن. ئاھ خۇدا، كاشكى ـ كاشكى ...» دەپ پىچىرلىدى يىغلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تامچىلىغان ياش ئەمەس، قېرىنداشلىق مېھرى ئىدى. ئۇ قارىيلارغا قوشۇلۇپ زەئىپ خىرقىراق ئۈن بىلەن سۈرە «ياسىن» نى ئوقۇشقا كىرىشتى.

قاتتىق يىغا ـ زارىدىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن مۇھەممەد ئارسلانخان ساراي دېرىزىسىدىن قاراپ، يىغلىغانلار ئاكىسىنىڭ خانىش، چۆرە، پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا چىقتى.

ئايزادە تۈركەن خاتۇننى ئىككى يېنىدىن بۇۋۇپاتىمە، گۈلجاھان يۆلىۋالغانىدى. ئەردەنى تۈركەن خاتۇن، كۈمۈش تارىم سۆسەر ئايىمكەمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كېلىشكەنىدى.

ئوپالغا بېرىپ ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەن مەھمۇد تېگىن بوۋىسىغا قاراپمۇ قويماي سارايغا كىرىپ كەتتى.

ئايزادە تۈركەن خاتۇن ئالدىغا كەلگەن قۇمارىبىكەنى يانداپ ئۆتۈپ، كۈمۈش تارىم قىلىچخان بىلەن قۇچاقلىشىپ، قوشاق قېتىپ يىغلىدى:

ئاھ، غەمگۈزارىم سۇلتانىم،
شاھىنشاھىم ھەمراھىم،
چىقمىدىلا ئالدىمە،
قەدىردانىم پاناھىم.

شۇنداق تۇگەپ كەتتىلىمۇ؟
قىينىلىپ ئاھ چەكتىلىمۇ؟

زىنداندا جان بەردىلىمۇ؟
ئاھ، مېھرىبان ھەمراھىم.

ئەلگە غەمخار ئىدىلە،
دوستلارغا يار ئىدىلە،
زالىمغا دار ئىدىلە،
غەمگۈزارىم سۇلتانىم.

تارتىۋېلىپ تەختىنىمۇ،
رەقىب چاھقا سالدىمۇ؟
جانلىرىنى ئالدىمۇ
ئاھ قەدىردان ھەمراھىم؟ ...

ئايزادە تۇركەن خاتۇنىنىڭ بۇ زارى پىچاق بولۇپ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ باغرىنى تىلدى. قۇمارىبىكەنىڭ تېپچەكلىگەن يۈرىكىگە سانجىلدى. ھەممەيلەننى يىغلىتىۋەتتى.

ئەردەنى تۇركەن خاتۇنمۇ قۇمارىبىكە بىلەن كۆرۈشمەي، باشقا خانىش، مەلىكە، چۆرىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ياش تۆكتى.

مۇسىبەت قايغۇسىغا غەرق بولغان مەھمۇد تېگىن سارايدىن چىقىپ ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلاۋاتقان ياقۇپ تېگىن، ئالقىشبىكە، ئالماس تېگىن، كۈن تېگىن، ئاي تېگىننى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردى. ئۇلار ئاخىرقى قېتىم مۇرەببىسىنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋېلىپ، ۋىدالىشىشى كېرەك ئىدى. مەھمۇد تېگىن باللارنىڭ پەريادىغا چىدىيالماي ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. بولۇپمۇ زىنداندىن بايىلا چىققان ياقۇپ تېگىن ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، قار - يامغۇر يىغلىدى.

ئايزادە تۇركەن خاتۇن ئېرىنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋېلىش، تۆشۈك

ساۋابىنى سورىۋېلىش[1] ئۈچۈن سارايغا كىرمەكچى بولۇۋىدى. قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان شەيخۇلئىسلام ئۇنى توسۇدى:

— خانىش ئالىيلىرى، ئەمدى كىرسىلە بولمايدۇ. بەندە ۋاپات بولغاندىن باشلاپ، ئەر - خوتۇنلۇق رىشتى ئۈزۈلىدۇ. خوتۇن ئەرنىڭ نىكاھىدىن چىققان بولىدۇ. ئەر خوتۇندىن ئاجراشقان بولىدۇ. دېمەككى، بىر - بىرىگە نامەھرەم بولىدۇ. شۇڭا، سەۋر قىلسىلا، ئاللا سەۋر قىلغان بەندىلىرى بىلەن بىللە، مەرھۇمنى ئازابتا قويمىغايلا.

— بۇ قانداق گەپ شەيخ؟ قىرىق يىلدىن ئارتۇق تەرتىگە سۇ بەرگەن تۇرسام، نامەھرەم بولامدىمەن؟ ئېرىمنىڭ دىدارىنى ئاخىرقى بىر قېتىم كۆرمىسەم، رازىلىق ئالمىسام، كۈنۈم كۈن، يېگەن ئېشىم ئاش بولامدۇ؟ ئاھ خۇدا، پېقىرە ئاجىزەڭنىڭمۇ جېنىنى ئالغىن، — دېدى ئايزادە تۇركەن خاتۇن نالە قىلىپ. ئۇ ھوشىدىن كېتىپ سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. ئالتۇن تارىم بۇۋىپاتىمە، كۈمۈش تارىم گۈلجاھان ئۇنى ئىككى ياندىن يۆلىۋالدى.

— شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم ھوشىدىن كېتىشى، — دېدى چولپانئاي سارايدىن چىققان مەھمۇد تېگىنگە. ئۇ مومىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

— مەشەدە تۇرۇپ مومامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭ، — دېدى مەھمۇد تېگىن، — يېنىدىن نېرى كەتمەڭ، مەن بوۋامنىڭ قېشىدا بولىمەن.

مېيىت يۇيۇلۇپ كېپەنلەندى، جىنازىغا سېلىندى. جىنازىنى بىرىنچى بولۇپ كۆتۈرگەن مەھمۇد تېگىن بولدى.

ھوشىغا كەلگەن ئايزادە تۇركەن خاتۇن يامغۇرغا قارىماي، خانىشلار، مەلىكىلەر، كېنىزەكلەر بىلەن ئوردا ئالدىغىچە چىقىپ جىنازىنى ئۇزاتتى. ئاھ چېكىپ يىغلاپ، يەنە ھوشىدىن كەتتى.

---

① قىلغان خىزمىتىگە رازىلىق تىلەش.

نەچچە مىڭلىغان جامائەت سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ نامىزىغا داخىل بولدى. مېيىت خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. مۇھەممەد ئارسلانخان كەمبەغەل - نامراتلارغا كاتتا نەزىر ئۆتكۈزۈپ، ساۋابىنى مەرھۇمنىڭ روھىغا بېغىشلىدى ...

## 2

چاھ ئىچى غۇۋا يورۇدى. بەگيۇسۇپ يۇقىرىغا قارىدى. چاھ تېمىدا قارامتۇل سايە پەيدا بولدى، بۇگۈن كەلگەن كىمدۇ؟ دەپ تۇرۇۋىدى، چاھ ئاغزىدىن ئېگىلىشكەن گەۋدىنى كۆرۈپ، ئاقىبىرانىڭ ئۇن تۆت كۈنلۈك ئايدەك مۇڭلۇق چېھرىگە تىكىلىپ قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاتىسى، ئامانمۇ سىلى؟

نازۇك، ھەسرەتلىك ئۈن قۇلىقىغا ئىشتىلگەندە، ئۈستىگە چىقىن چۈشكەندەك، بەگيۇسۇپ سىلكىنىپ كەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئانىسى، ئاللا پاناھىدا سالامەت مەن، سىلى قانداق تۇرۇۋاتىلا، ئانام، ئاچىلىرىم، بالىلارچۇ؟

— پېقىرەمۇ ئېسەنمەن. دىلدارىبكەنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتىمەن. «قېيىنئاتامنىڭ ئۆيى خىلۋەت، شۇ يەردە تۇرسۇن» دەپ، قىزىمىز بۇۋىئايىشە، ئوغلىمىز بەگتۇرمىشنى مەھمۇد تېگىن ئوپالغا ئېلىپ كەتتى.

— ئانامچۇ؟ ئاچىلىرىم، تۇغقانلار ئامان - ئېسەنمۇ؟ قۇزئوردۇدىن خەۋەر كەلدىمۇ؟

ئاقىبىرانىڭ ياشلىق كۆزلىرىدىن ئاققان تامچىلار بەگيۇسۇپنىڭ پېشانىسىگە، ياقىسىغا چۈشتى.

— دېمەي دېۋىدىم ئاتىسى، كېيىن ئاڭلاپ مەندىن خاپا بولۇپ قالىدىغانلىقلىرىنى ئويلاپ دېمەكچى بولۇۋاتىمەن. بۇزرۇكۋار ئانىمىز يابىرا ئاغىچا قۇزئوردۇغا بېرىپ ئەتىسى قازا قىپتۇ. ئايتولۇن ئاچامۇ توگەپ كېتىپتۇ بېگىم، — دېدى ئاقىبىرا

ئۆزىنى توختىتىلماي بۇقۇلداپ.

— ۋادەرىخ، ئانامىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە نېسىپ بولماپتۇ. رەھمەتلىككە بىر جام ئانار شەربىتى قۇيۇپ بەرگەن بولسام كاشكى ... ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ئانا ئىدى. ئىسسىت، ۋاي ئىسسىت، — كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئۇنىڭ ئۆسۈپ كۆكسىگە چۈشكەن ساقىلىغا تامدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئايتولۇن ئاچامنىڭ يۈرىكى دەردتىن ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەندى. ئاخىر بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن كېتىپتۇ. مىنىڭ قايغۇرغىنىمىز بىلەن ئۇلارنى تىرىلدۈرەلمەيمىز، ئانىسى، سەۋر قىلايلى، سائادەتلىك كۈنلىرىمىز ئالدىمىزدا ...

— خۇدايىم ياخشى تىلەكلىرىگە يەتكۈزسۇن، ئاتىسى. ماڭا دىلدار ئاغىچا بىر تۇغقان ئاچامدەك كۆيۈنۈۋاتىدۇ، بەك سەمىمىي، جىگەرلىك ئايال ئىكەن. زىندانغا مېنى ئۇ باشلاپ كەلدى، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسىلە.

— ئەسسالام بەگيۇسۇپ ئاغا، قانداق تۇرۇۋاتىدىلا؟ زىل، يېقىملىق ئۇن ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ، چولپاندەك نۇرلۇق كۆزلەر چاھ ئاغزىدىن تۆۋەنگە باقتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام سىڭلىم، ئەلھەمدۇلىللا تىمەن تۇرۇۋاتىمەن. رەپىقەمنى باشلاپ كەلگەنلىرىگە رەھمەت. ئاللا ئىگەم ئۆيلىرىگە ئارزۇلىرىدىكى قۇتنى باشلاپ قويغاي، — دېدى بەگيۇسۇپ كۆزلىرىدىن باشقا يېرى يېپىقلىق دىلداربىكەگە سۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن قاراپ.

— يېقىندىن بېرى ئادەم قايغۇرىدىغان ئىشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى، بەگيۇسۇپ ئاغا. بايا سىڭلىم ئاقىبىرا خېنىمدىن ئاڭلىدىلا. ئەمدى يەنە بىر مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزەي: سۇلايمان ئارسلانخان ئائىلىلىرى زىنداندا قازا قىلغانىكەن، ئۆتكەن ھەپتە يەرلىكىدە ياتتى.

— بۇنى ئۇقماپتىمەن سىڭلىم، زىندان باشىمۇ ماڭا دېمىدى. مەرھۇمنىڭ بالىچاقىلىرى ئوپالدىن كەلگەندۇ؟ نەگە دەپنە

قىلغانلىقىنى بىلەلىدىلىمۇ؟

— بىلىدىم، ئاغا، — دېدى دىلدارىبىكە يىغلامسىراپ، — مۇھەممەد ئارسلانخان بۇيرۇپ، ئالىيلىرىنىڭ جەسىتىنى ئوردىغا ئەكەلدۇرۇپتۇ. ئوردىدىن ئازنا مەسچىتىگە ئېلىپ ماڭغاندا، ئاقىىرا ئاغىچا خېنىم، بۇۋىئايشە خېنىملار بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ كۆردۇق. ئوردا ئالدى، يوللار ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. مۇھەممەد ئارسلانخانمۇ ۋەزىر - ۋۇزرا، جاندارلىرى بىلەن چىقىپتۇ. مەن مۇنداق كۆپ ئادەم قاتناشقان مېيىت نامىزىنى كۆرمىگەنىدىم. ئاڭلىساق خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىپتۇ.

— رەھمەتلىك ئادىل پادىشاھ ئىدى، نەپسانىيەتكە بېرىلمەيتتى، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتمايتتى، قېرىنداشلىرىغا، تۇغقانلىرىغا كۆيۈنۈپلا قالماي، ئاۋامنىڭ غېمىنى يەيتتى. ئۇنىڭ زامانىدا مەسچىت، مەكتەپ يوق يېزا - كەنت قالمىغانىدى. ئۇ قان تۆكۈلۈشكە، ئۇرۇشقا قارشى ئىدى. خەيرىيەت، ئاللا جايىنى جەننەتتە قىلسۇن. مۇھەممەد ئارسلانخان تىرىك ۋاقتىدا كارى بولماي، ئۆلگەندىن كېيىن پۇشايمان يېگەن ئوخشايدۇ، بولمىسا نامىزىغا چىقمايتتى، خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلمايتتى. ئۇ كۈچتۈڭگۈر، ئالىپ بولغان بىلەن، ئاكىسىدەك بۆگۈ بىلگە ئەمەس، ئاقىۋىتى ھەممىمىز ئۈچۈن خەيرلىك بولغاي ئىلاھىم ...

— خۇش خەۋەرمۇ بار، ئاغا، — دېدى دىلدارىبىكە ئۇنىنى چىڭراق چىقىرىپ.

— نېمە خۇش خەۋەر - ھە، ئېيتىسىلا سىڭلىم، تېززەك ئېيتىسىلا.

— قۇمبا ئاچام زىنداندىن چىقتى.

— ئەجەب ياخشى بوپتۇ. ئۇ سىلىگە ئوخشايدۇ، سەۋر - تاقەتلىك، قەيسەر، كۆيۈمچان، ئىشچان، لېكىن، مەن ئۇنىڭ تۇتقۇن قىلىنغىنىنى بىلمەپتىمەن.

— سىلىنى يوقلاپ بارسا كۆرۈشتۈرمەپتۇ. ئاچچىقلىنىپ زىندان باشىنى، مۇھەممەد ئارسلانخاننى زالىمدىن - زالىمغا سېلىپ تىللىغان چېغى، شۇنىڭ بىلەن تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلىنىپتۇ. مەن قۇمبا خىنىمنىڭ جاسارىتىگە، ئەقىدە، ساداقىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم، ئاغا. چاچلىرى ئاقارغان بولسىمۇ، تېخى قىز ئىكەن ئەمەسمۇ، ھەيران قالدىم. نېمىدېگەن ۋاپادار، ئىرادىلىك - ھە!

— بۇ جەھەتتىن سىلىگە بەكرەك ئوخشايدۇ، دىلدارىبىكە. ئۇ سۆيگۇ - مۇھەببىتىنى پاك پېتى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتمەكچى، — دېدى بەگيۇسۇپ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، — بۇنداق ئاياللار دۇنيادا ساناقلىق، ئېيتسىلا سىڭلىم، زىنداندىن قويۇپ بېرىلگەنلەر يەنە بارمۇ؟

— بار، ئاغا، — جانلىنىپ جاۋاب بەردى دىلدارىبىكە، — سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئىككىنچى بالىسى ياقۇپ تېگىن، مەۋلانا ھۇسەيىن پەزلۇللا غوجامنىڭ بىرقانچە شاگىرتى ھەم نەۋرىسى، يەنە بىرقانچە ھاجىپ، يۇغرۇشلارنىڭ تۇغقانلىرى، ئۆزلىرىنىڭ بىرقانچە شاگىرتلىرى مەرھۇمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلگەن كۈنى قويۇپ بېرىلىپتۇ. مەن قۇمبا ئاچامنى قويۇپ بەرگەن كۈنى ئۆيگە ئەكېلىۋالدىم.

— ياخشى قىلىپلا سىڭلىم. قايغۇمنى كۆپ يېنىكلەتتىلە. سىلىنىڭ مۇشكۇللىرىنىمۇ ئاللا ئاسان قىلغاي، — دېدى خۇرسەن بولغان بەگيۇسۇپ.

— ئاغا، مۇھەممەد ئارسلانخان خېلى ئىنسابقا كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟ ھازىر خېلى بوشاپ قالغان ئوخشايدۇ. زىنداندا قالغانلارنى يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا قىلغانلىرىغا پۇشايمان يېگەندەك تۇرىدۇ، ئۇنداق ئەمەسمۇيا؟ — سورىدى دىلدارىبىكە. بۇ توغرۇلۇق بەگيۇسۇپنىڭ پىكرىنى بىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم ئىدى.

بەگيۇسۇپ جاۋاب بەرمەي ئويلىنىپ قالدى.

— ئاغا، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامدىلا؟
— ئاڭلاۋاتىمەن سىڭلىم، مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدىلا، — دېدى بەگيۇسۇپ، — بەلكىم ئىنسابقا كەلگەندۇ، بەلكىم بىر دەملىك تەسىراتقا بېرىلگەندۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەتراپىدىكى قارا نىيەت، سۇيىقەستچىلەر، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئامراق خانىشى قۇماربىبىكە ئۇنى ھەرگىز مەيلىگە قويۇۋەتمەيدۇ، سىڭلىم، زالىم پادىشاھتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

دىلداربىبىكە چاھقا بەكرەك ئېڭىشىپ دېدى:

— ئاغا، سىلىنىمۇ زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقماقچى بولۇۋاتىمىز.

بەگيۇسۇپ قولىنى كاناي قىلىپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن رەت قىلدى.

— بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن، مېنى دەپ بالاغا قېلىشىڭلارنى خالىمايمەن!

— خۇدا ساقلايدۇ، ئاغا.

— قاراملارنى خۇدا ساقلىمايدۇ، سىڭلىم. مۇھەممەد ئارسلانخاننى باغرى تاشلار قاتارىغا چىقىرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ، زىندان باشى مۇڭسۇز، خانىش قۇماربىبىكەلەر بىز ئويلىغاندىنمۇ رەھىمسىز. ھازىر زىنداننى ياساۋۇل، نۆكەرلەردىن باشقا، جانقورغاندىكى سىپاھلارمۇ كېلىپ قوغداۋاتىدۇ.

— بىز ئەھدە قىلدۇق. ئاغا، تەۋەككۇل قىلماقچىمىز. تىللا، ئالتۇن بېرىپ زىندان باشىنى تەلىپىمنى رەت قىلالمايدىغان ھالغا كەلتۈردۈم.

— مەن يەنە ئويلىنىپ باقاي، كېلەر قېتىم كۆرۈشكەندە، بىر قارارغا كېلىپ، جاۋاب بېرەي.

— ماقۇل ئاغا، خوش، ئامان بولسىلا، — دىلداربىبىكە كەينىگە ياندى.

— خوش ئاتىسى، ئامان بولسىلا، — دېدى ئاقبىرا

خوشلىشىپ، ئۇ ئىلىپ كەلگەن يېمەكلىكنى چۆشۈرۈپ بەردى.

— رەھمەت ئانىسى، باللارغا سالىمىمنى يەتكۈزسىلە، خەير - خوش.

— بۇ قېتىم نەۋرىلىرى جانىپىدا غوجامنىمۇ ئىلىپ كېلىمەن، خوش ئەمىسە.

تاش ياپقۇ يېپىلدى. بەگيۇسۇپ يەنە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى.

«ئانام بۇ جۇدالىققا بەرداشلىق بېرەلمەيتۇ . ئاتامدىن ئايرىلغاندىن بۇيان، مەن ئۇچۇنلا ياشاۋاتقاندەك، كىرسەم - چىقسام مەن بىلەنلا ئىدى ...» بەگيۇسۇپ چاھ ئاغزىدىن كۆزىنى ئالماي ئۇزاق تۇردى. ئۇنىڭ يۈزى كۆككە ئېتىلغان فونتاندەك، يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشلىرىغا چۆمۈلدى.

ئۇ ئايتولۇنغىمۇ بەك ئىچىندى. «ئېرى ئۇدمىش بىلەن ئوغلى ئىلبەگنىڭ جەڭدە قۇربان بولۇشى ئايتولۇن ئاچامنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى، بۇ دۇنيادا ياشاشتىن كۆڭلى قالغانىدى ...» بەگيۇسۇپنىڭ خىيالى سۇلايمان ئارسلانخانغا يۆتكەلدى: «ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغىنى توغرىسىدا مەھمۇد تېگىنگە ئېيتىپ قويۇشنى دىلدارىبىكەگە تاپىلىغانىدىم. ئەجەبا، مەھمۇد تېگىن مۇھەممەد ئارسلانخانغا يەتكۈزمىگەنمىدۇ؟ ياق، يەتكۈزمەي قالمايدۇ. نېمىشقا داۋالاتمىغاندۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم سۇيىقەست بار ... ئۇنى كۆزدىن يوقىتىشنى مەقسەت قىلغانلار بار ...»

بەگيۇسۇپ ئويلىغانسېرى ئۆزىنىڭ ئامالسىزلىقىدىن شۇنچە ئۆكۈندى. لېكىن، ئۈمىدسىزلەنمىدى. «مۇھەممەد ئارسلانخان ئەسلىدىن زوراۋان ئەمەس ئىدى، بىلىمى ئەتراپلىق، ئىرادىسى مۇستەھكەم بولمىغاچقا، پىتنىخور، سۇيىقەستچىلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىدى، ئۆزىنىڭمۇ بىلىپ - بىلمەي نىيىتى بۇزۇلدى. شۇنداق راستچىل، سەممىمىي، باغرى يۇمشاق بۆگۇ بىلگە ئاكىسىغا زۇلۇم قىلدى. زىندانغا سېلىپ خورلىدى، ئۆلۈشىگە سەۋەبكار بولدى. ئۇنى قىساس تۇتماي قالمايدۇ ...»

بەگيۇسۇپ كۆپ ئىشلارنى ئويلىدى، پادىشاھ ئادىل بولمىسا، دۆلەتنىڭ گۇمران، ئاۋامنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقى توغرىسىدا! پىكىر يۈرگۈزدى ۋە چاھ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

## 3

چاھ ئىچىگە يەنە غۇۋا يورۇق چۈشتى. كۆزلىرىنى ئاچقان بەگيۇسۇپ قايسى چاغ بولدىكىن دەپ ئويلاپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ كەتتى، بېشىنى قاتايتىپ قارىدى. «مەھمۇد تېگىنغۇ بۇ، بۇگۇن ئەجەب كېلىپ قاپتىغۇ ...» دەپ تازا ئىشىنەلمەي تۇرۇۋىدى، مەھمۇد تېگىن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بەگيۇسۇپ ئاغا! — دەپ سالام بېرىپ ئۇنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تېگىن. ئىككى ئايدىن بېرى دىدارلىرىنى كۆرۈشكە شۇنچە تەقەززا بولغانىدىم. كېلىپ مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىلە، — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ.

— يوقلاپ كەلگەن بولسامغۇ، زىندان باشى كۆرۈشتۈرۈشنى رەت قىلدى، يېنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم، ئاغا.

— مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ پەرمانى شۇنداقتۇ، شاھزادە.

— بوۋامنىڭ يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ، زىندان باشى مۇئەسسۇزنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ، شۇنداق پەرمان چۈشۈرگەنلىكى راست، ئاغا، بوۋام ئۇلارغا يول قويدى. يەنە تېخى خانىش قۇمارى ئابىنچۇ خاتۇننىڭ سۆزىنى يىرالماي، سۇلايمان ئارسلانخان بوۋامنى ئۆلۈمگە گىرىپتار قىلدى.

— ئاڭلىدىم، ناھايىتى ئېچىندىم ...

— بۇ دۇنيا ھەممىمىزگە باقىي ئەمەس، ئاغا، ياخشىلىق ئۆكسۈمەيدۇ، يامانلىق مۇراد تاپمايدۇ.

— مۇھەممەد ئارسلانخان ئاكىسىنىڭ مېيىت نامىزىغا

قاتنىشىپتۇ. ئىچى ئاغرىغان ئوخشىمامدۇ؟ — بەگيۈسۈپ قىياسىنىڭ توغرا - توغرا ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن سورىدى.

— ئىچى ئاغرىغاندەك قىلىدۇ. كەمبەغەل - نامراتلارغا كاتتا يۇغ بەردى، يۈز قۇلنى ئازاد قىلدى، كۆرۈشتۈرمەسلىك توغرىسىدىكى ئەمرىنى بىكار قىلدى، مېنىمۇ چاقىرىپ ئەپۇ سورىدى. لېكىن، سىلى قاتارلىق بۆگۈ بىلگەلەرنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلىپىمنى رەت قىلمىسىمۇ، دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرەي دەپ كەسكىن بىر نېمە دېيەلمىدى، ئاغا.

— مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنغىنى راست، ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش — ھېس - تۇيغۇنىڭ بىردەملىك تەسىرىدىن پەيدا بولغان ئۆتكۈنچى روھىي ھالەت، بۇ ئارزۇ - مەقسەت ئەمەس. ئۇنىڭ مەقسىتى — تەختنى تارتقۇزۇپ قويماسلىق. ۋاھالەنكى، قارا نىيەتلەر جازالانمىسا، ئاۋامغا زۇلۇم قىلىنىۋەرسە، ئۇ مەقسىتىگە ھەرگىز يېتەلمەيدۇ.

— شۇنداق، بۇنى بوۋامنىڭ خۇي - مىجەزى بەلگىلىگەن... زىندان باشى كېلىپ قالدى، ئۇ كەتكۈچە باشقا ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىپ تۇرايلى ... سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا، ئاغا.

— خۇداغا شۈكۈركىم، ھازىرغىچە يامان ئەمەس تۇرۇۋاتىمەن.

— ئاغا، زىندان باشى گەپنى تېزرەك تۈگىتىڭ، دەپ كېتىپ قالدى. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى.

ئىككى ئالىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنى بىئارام قىلىۋاتقان بىر ئىشنى سورىماقچىدىم، تېگىن.

— سورىسىلا ئاغا، تەگرىم قانچىلىك بىلدۈرگەن بولسا، شۇنچىلىك جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمەن.

— ئەمچى ئاتاساغۇن دىلدارىمكەنى بىلەمدىلا؟

— ئەلۋەتتە ئاغا، ئۇنى ئوردۇكەنتتە بىلمەيدىغان ئادەم يوق،

ناھايىتى پەزىلەتلىك بوۋگو بىلگە.
— ئۇنىڭ مېنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغان خىيالىنىمۇ بىلەمدىلا، تېگىن؟
— بۇ خىيال ئەمەس، ئاغا، چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان ئارزۇ.
— سىلىمۇ خەۋەردار ئىكەنلى - دە، تېگىن؟
— سىلى ماڭا دىلداربىكە ئارقىلىق يوللىغان سالاملىرىدىن خەۋەردار بولغىنىمدىن كېيىنلا، بۇ ئىشتىنىمۇ خەۋەر تاپقانىدىم. ئۇ تەڭدىشى يوق ئەقىللىك ھەم جەسۇر قىز ئىكەن. ھېچكىم ئۇندەككە كەلتۈرەلمىگەن قارا يۈرەك جاللاتنى ئاشۇ دانىشمەن ئەمچى قىز ئۇندەككە كەلتۈرگەن ...
— مەنمۇ دىلداربىكەگە قايىل، تېگىن. ئۇ قانداق قىلىپ مېنى قۇتۇلدۇرىدىكەن؟ زىندانغا پەرىزاتتەك ئۇچۇپ كىرمەيدىغاندۇ ...
مەھمۇد تېگىن ئۈنسىز كۈلۈمسىرىدى:
— ئۇ ئۇچۇپ كىرمەكچى ئەمەس، بوۋسۇپ كىرمەكچى.
— ئاشۇ قارا پەرەنجىسى بىلەنمۇ؟
— قىلىچ، خەنجەر بىلەن ...
— بىر ئوۋزى؟
— ياق، — مەھمۇد تېگىن دانە - دانە قىلىپ دېدى، — ئۇ ئىككى ئانىسى، قۇمبا خېنىم، ساچىيە، خانلىق مەدرىسەسىنىڭ بىر قىسىم پىداكار ئوۋگرەنچىلىرى بىلەن زىندانغا باستۇرۇپ كىرىپ، سىلىنى، باشقا بوۋگو بىلگەلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقماقچى، — مەھمۇد تېگىن ئاقىرا، بۇۋىئايىشەلەرنىڭمۇ بۇنىڭغا قاتنىشىدىغانلىقىنى دېمىدى.
— ئۇلارغا قورالنى كىم بەرمەكچى، تېگىن؟
— پېقىر ئىنىلىرى.
— پېقىر ئىنىلىرى؟ سىلىمۇ بۇ خەتەرلىك ئىشقا قاتناشماقچىمۇ، تېگىن؟ — ئۇ مەھمۇد تېگىنىنىڭمۇ ئوۋزىنى قۇتقۇزماقچى بولغانلىقىنى بىلگىنىدە، تەسىرلەنگىنىدىن

كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — ياق - ياق، سىلى قاتناشسىلا زادى بولمايدۇ، ئىنىم، سىلى ئەل ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ئادەم، قاراخانىيلار ئېلى قۇرۇلغان يۈز يىلدىن بېرى يېتىشىپ چىققان بۈيۈك بۆگۈ بىلگە، كاتتا تېگىن، ياق، زىنهار بولمايدۇ.

— ئاغا، سىلىمۇ زامانىمىزدىكى تەڭداشسىز بۆگۈ بىلگە، ئۇلۇغ ئەدىب. ئۆزلىرىدەك بۇزرۇكۋاردىن مىڭ يىلدا بىرسى چىقىدۇ. بىر - بىرىمىزنى قۇتقۇزساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟ بىز بىر - بىرىمىزگە كۆيۈنمىسەك، جان پىدا قىلمىساق، كىم بىزگە كۆيۈنىدۇ، جان پىدا قىلىدۇ؟

بەگيۈسۈپ جاۋاب بەرمەي سۈكۈت قىلدى.

— مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. زىندانغا ئاشكارا ئەمەس، نىقابلىنىپ، قوراللىنىپ كېلىمىز. مەن ئوپال ئازىقتىكى قورغاندا تۇرۇۋاتقان ئاتامنىڭ ياراغدارى تىلتۆمۈربەگ بىلەن پۈتۈشتۇم. ئۇ سىلىگە ناھايىتى ئىخلاس قىلىدىكەن. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلگىنىگە نارازى ئىكەن. مەن ئۇنىڭ سەممىيىتىگە ئىشەنچ باغلىغاندىن كېيىن، ئۆزۈمگە لازىم دەپ ئىككى يۈز كىشىلىك قىلىچ، نەيزە، ئومۇت، ساداق، ساۋۇت - دۇبۇلغا ئېلىپ، ئاز - ئازدىن ئوردۇكەنتكە يۆتكىدىم. قورالارنى دىلداربىكەنىڭ دۆلەتباغدىكى قورۇسىغا يوشۇرۇپ قويدۇق، پەيت كۈتۈۋاتىمىز.

— تەييارلىق قىلىنىپ بولغان ئىكەن - دە، تېگىن، ئاقىۋىتى خەيرلىك بولغاي، — دېدى قوشۇلمىسا مەھمۇد تېگىننى رەنجىتىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن بەگيۈسۈپ، — زىنداندىكى بۆگۈ بىلگەلەر، ئادالەتپەرۋەرلەر ۋە باشقا بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزنىمۇ قۇتقۇزماقچى بولغىنىڭلار ئۈچۈن قوشۇلىمەن، ئەمما ناھايىتى پەخەس بولۇشۇڭلارنى ئۆتۈنىمەن. كىچىككىنە ئېھتىياتسىزلىق ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەن ئاللادىن سىلىگە ۋە بۇ ئىشقا قاتناشقۇچى دىلداربىكە باشلىق ھەممە قېرىنداشلىرىمغا نۇسرەت

تىلەيمەن.

مەھمۇد تېگىن بەگيۇسۇپنىڭ قوشۇلغىنىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى.

— ئاغا، ئاخىر قوشۇلدىلا، بۇنىڭ بىلەن نۇسرەت قازىنىشىمىزغا بولغان ئىشەنچىم كۈچەيدى. ھازىر جانقورغاندىكى سىپاھلاردىن ئوتتۇز - قىرىقى كېلىپ زىندانىنى قوغداۋاتىدۇ، زىنداندىمۇ ئوتتۇزدىن ئارتۇق ياساۋۇل - نۆكەر بار. سېزىلىپ قالىدىغان بولساق، جانقورغاندىكى بىرنەچچە مىڭ سىپاھ دەرھال يېتىپ كېلىدۇ، ئوردىمۇ بىقىنىمىزدىلا. بۇنى كۆزدە تۇتۇپ تەييارلىقنى پۇختا قىلىۋاتىمىز. ئەڭ مۇھىم مەسىلە پەيتنى تاللاش، ئۈچ تۈمەن سىپاھ بىلەن قۇزئوردۇغا يۈرۈش قىلغان دوقاقبەگنىڭ مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرىنى كۈتۈۋاتىمىز. بۇ خەۋەر كەلگەن كۈن — بىزنىڭ ھەرىكەتنى باشلايدىغان سائىتىمىز بولىدۇ.

— ۋاقىت ياخشى تاللىنىپتۇ. بىر نۇسرەت قازانغاندا، بىر مەغلۇپ بولغاندا دۈشمەننى غەپلەت باسىدۇ. زىنھار ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق كېرەك. ئېيتىسىلا تېگىن، ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخاندىن خەۋەر بارمۇ؟

— بار، ئاغا. سىلىنىڭ خاس مۇلازىملىرى ئاداي قۇزئوردۇدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان كۈچ توپلاۋاتقان ئوخشايدۇ. مەن يابىرا ئانىمىز بىلەن ئايتولۇن ئاچىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كۆپ قايغۇردۇم، بەردەمرەك بولغايلا، ئاغا.

— قازاغا رىزا بولماق كېرەك، تېگىن. بىراق، يۈرەك باغرىم تىلىنىپ كەتتى ... ئېيتىسىلا ئىنىم، جاھاننىڭ مۈشكۈلاتلىرى، يىڭنە بىلەن قېزىۋاتقان قۇدۇقلىرىنى تىندۇرۇپ قويمىغاندۇ؟

— ياق، ئاغا. كۈندۈزلىرى مۈشكۈلاتلار بىلەن ئېلىشىپ، كېچىلىرى يىڭنە بىلەن بىر قۇدۇق قازدىمكى، ئۇنىڭدىن ئاپىرىدە بولغان چەشمە زىلال قۇت ئىزدەپ چۆللەرنى كەزگەن

ئەجەم ۋە ئەرەب كارۋانلىرىنى ئەمدى چاكىلدىتىپ قويمايدۇ، — دېدى مەھمۇد تېگىن ئۈنلۈك قىلىپ.

— مۇبارەك – مۇبارەك. زىنداندىن چىقسام، ئۇ چەشمە زىلالدىن مەنمۇ چاڭقىقىمنى قاندۇرىدىكەنمەن – دە، ئىنىم !

— ئىنشائاللا، بەگيۇسۇپ ئاغا. ئۆتكەندە كۆرۈشكەندە ئۆزلىرىمۇ ئاۋامنىڭ قۇت، بايلىققا ئېرىشىشى، پادىشاھلارنىڭ ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن بىر خاسىيەتلىك قەسىر سېلىش خىيالىدا بولۇۋاتقانلىرىنى ئېيتقانىدىلە. چاھ ئىچىدىكى زۇلمەت، ئازاب، خورلۇق ئۇ خاسىيەتلىك قەسىرنىڭ كۆڭۈل باغلىرىدا قەد كۆتۈرۈشىنى توسۇپ قويمىغاندۇ؟

— زىنھار، — بەگيۇسۇپ بېشىنى چايقىدى، — قاراڭغۇلۇقنىڭ دەھشىتى، زالىملارنىڭ ئازابى ھېسسىيات – تۇيغۇمنى تاۋلىماقتا. تەسەۋۋۇرۇمنى قاناتلاندۇرۇپ، پىكرىمنى راۋانلاشتۇرماقتا. ئەلھال، كۆڭۈل بېغىمغا ئۇ قەسىرنىڭ ئۇلىنى سېلىۋاتىمەن. يات ئارىدا ئارزۇ – تىلەكنىڭ ئايۋان – سارايلىرى پۈتۈپ، سەيناسىدا ئۇمىدىمنىڭ خۇشبۇي گۈللىرى ئېچىلغۇسى، مۇشۇ ئوي – پىكىر بىلەن بولۇپ، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن.

— بارىكاللا ئاغا، بارىكاللا! سىلىدەك چىداملىق، سەۋرلىك زاتنى ئاللا مۇرادىغا يەتكۈزمەي قويمايدۇ.

— خەير – خوش، يەنە كۆرۈشكۈچە ئامان بولغايلا.

مەھمۇد تېگىن ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنى سېۋەتكە سېلىپ چۈشۈرۈپ بەردى، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر خەنجەر يوشۇرۇقلۇق ئىدى.

بەگيۇسۇپ يۇقىرىغا قاراپ ئىككى قولىنى كۆتۈردى.

— رەھمەت ئىنىم، ئاللا سىلىگە يار بولسۇن. خەير – خوش !

مەھمۇد تېگىن ئىككى قولىنى چاھقا ساڭگىلاتتى، ئىككى ئالىم قۇچاقلاشماقچى بولغاندەك، بىر – بىرىگە ئالەمچە مۇھەببەت بىلەن تەلمۈرۈشتى ...

## 4

قاراخانىيلار مەملىكىتىنى بىر ئەنسىزلىك قاپلىۋالغانىدى.

بۇغراخاندىن تارتىپ پۇقراغىچە كۆڭلەرنى ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. مۇھەممەد ئارسلانخان نامەلۇم كۈچنىڭ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ تەختنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ قايسىسىغا ئىشىنىش، قايسىسىغا ئىشەنمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلەلمەي خەۋپسىرەيتتى. شاھزادىلەردىنمۇ گۇمانلىناتتى. ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆرسىتىۋاتقان ھۆرمەت - ئىكرامى، ساداقىتى ساختىدەك، بېرىۋاتقان مەلۇماتلىرى يالغاندەك بىلىنەتتى. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، مەملىكەت ئىشلىرىنى بېجىرىشنى ئۆزى ئىشەنمەيۋاتقان يەنە شۇ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا تاپشۇراتتى. خالىمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلايتتى، ئىچى تىت - تىت بولاتتى.

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ زىنداندا قازا تېپىشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ھەرقايسى قەبىلە - ئايماقلار ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ ياد ئېتىشەتتى. ئۇنىڭ باش ۋەزىرى بولغان بەگيۇسۇپنى زىنداندىن قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. بۇ ھال باش ۋەزىر بوزاغۇنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپ، ئۇنى ئەسەبىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەر تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلاندى، چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى، دارغا ئېسىلدى. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، كىشىلەر مۇھەممەد ئارسلانخانغا قارىغاندا، ئۆزىنى قەيسەربەگ دەپ ئاتىۋالغان بوزاغۇدىن بەكرەك ئەيمىنەتتى، قورقاتتى. ئۇمۇ تويۇقسىز زەربىگە ئۇچراشتىن قوغدىنىش ئۈچۈن، چاۋاربەگ، قابان، ھەمدۇل دېگەن ياساۋۇللارنى كەينىگە سېلىپ يۈرەتتى.

بەگيۇسۇپكە ئىخلاس قىلىدىغان ئوردا ئەمەلدارلىرى ناھايىتى

ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەندەك، ئاز گەپ قىلىشاتتى. خىزمەتلىرىنىمۇ جىم ـ جىملا قىلىشاتتى.

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قۇمارىبىكە تېخىمۇ غادىيىپ يۇرىدىغان بولۇپ قالدى. مۇھەممەد ئارسلانخان ئۇنىڭغا «ئالتۇن تارىم» دېگەن ئاتاقنى بېرىپ، خورىكىنى ئۆستۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ «يىلاننىڭ بېشى ئۇزۇلدى، قۇيرۇقىنىڭ كارى چاغلىق» دەپ قاراپ، ئاكىسى بوزاغۇ ۋە ئوغلى ئىبراھىم تېگىن ئارقىلىق، ھەرقايسى جايلاردىكى قارلۇق قىساسچىلىرىنى قوترىتىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۇچۇن جىددىي تەييارلىقتا كىرىشتى. ئۇ قوزئوردۇنىڭ ئېلىكخانى ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخاننىڭ باستۇرۇپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. «ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۇچۇن قىلىچ كۆتۇرمەي قالمايدۇ، پەيت كۇتۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى. ھۇسەيىن ئارسلانخانىدىنمۇ گۇمانلىناتتى. «بۇ بېلى بوش تېگىن ئەبۇ ھەسەن تېگىن بىلەن تىل بىرىكتۇرۇۋالمىسا بولاتتى. ئۇ بۇغراخان بولۇپ قالسا ئاكامنى ھەرگىز يۇغرۇش باشى قىلمايدۇ. ئوغلۇمنىمۇ سۇباشىلىقتىن ئېلىۋېتىدۇ، ھەممە ئىشىمىز يوققا چىقىدۇ. مەھمۇد تېگىننىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۇشىدۇ. ئاتىسىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، بەگيۇسۇپنى ئوردىغا ئەكىرىۋالىدۇ. يۇغرۇش باشى قىلىشىمۇ مۇمكىن ...» ئۇ خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن قورقۇپ، ھۇسەيىن ئارسلانخاننىڭ تەختكە چىقىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك، دەپ ۋارقىرىۋەتتى. بوزاغۇ ۋە ئوغلى ئىبراھىم تېگىن بىلەن ھەر قېتىم كۆرۇشكەندە، ئۇلارنى قاتتىق بولۇشقا، قارشى چىققانلارنى رەھىم قىلماي جازالاشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭا، زىندانلارغا تاشلىنىۋاتقانلار، چېپىلىپ، دارغا ئېسىلىپ ئۆلتۇرۇلۇۋاتقانلار ئايسېرى كۆپىيىپ، پۇتۇن مەملىكەت خەلقى ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغانىدى.

مانا شۇنداق چاغدا، ئۇچ تۇمەن لەشكەر بىلەن قورۇق قول

قايتىپ كەلگەن دوقاقبەگ ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخاننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقان قۇمارىبىكەنىڭ شېرىن چۈشىنى بۇزۇۋەتتى ۋە ئۇنى قاتتىق ئاچچىقلاندۇردى، بوزاغۇنىڭمۇ غەزىپىنى قوزغىدى ...

مۇھەممەد ئارسلانخان ئوردا مەسچىتىدە پېشىن نامىزىنى ئۆتەپ چىققاندا، بۇغراخان سارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان دوقاقبەگنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. دوقاقبەگ ھاسىلاپ كەلگىنىچە يەرگە باش قويۇپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھىنشاھ بۇغراخان ئالىيلىرى. ئەزىز دەرگاھلىرىغا سالامەت يېتىپ كەلگىنىم ئۈچۈن ئالەمچە خۇشالمەن.

مۇھەممەد ئارسلانخان قول ئىشارىتى بىلەن كەينىدىن مېڭىشقا بۇيرۇدى. بۇغراخان سارىيىغا كىرىپ، تەختتە ئولتۇرۇپ سورىدى:

— ئىشىكئاغىسى، سەيلىگە بېرىپ كەلگەندەكلا خۇشال كۆرۈنىسىز، بۇنچىۋالا مەمنۇن بولغۇدەك نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭىز؟

تىزلانغان دوقاقبەگ بېشى چۈشۈپ كەتكەن بوزاغۇغا بىر قارىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— ئەي شاھى جاھان، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن، دۈشمەنلىرى گۇمران بولسۇن! شىردەك ھەيۋىلىرى ئالدىدا، يولۋاس مۈشۈك بولدى، قىلدى بەيئەت ئۆزلىرىگە، مەرتىۋىلىرى بۈيۈك بولدى، قايتىپ كەلدىم نۇسرەت قۇچۇپ، تۇغ - ئەلەملىرىنى مەھكەم تۇتۇپ...

— خۇش خەۋىرىڭىزگە تەشەككۈر، ئەمدى ئەھۋالنى بايان قىلىڭ، — دېدى مۇھەممەد ئارسلانخان تاقەتسىزلىنىپ.

— ئەي شاھى جاھان، ئەلگە پاسىبان، ئەمرلىرىگە بىنائەن ئۈچ تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ، بەدەلئارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، ئارسلانىمىز ھۈسەيىن ئىلىكخانغا ئالدىن ئەۋەتكەن

چاپارمەن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىلىكخاننىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ، بارسغاندا كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. تېز يۈرۈپ بارسغانغا يېتىپ باردۇق. ئالىيلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تېگىن يەتتە چاقىرىم يەرگىچە ئالدىمىزغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. لەشكەرلىرىم بارگاھ قۇرۇپ شەھەر سىرتىدا قالدى. ۋەلىئەھدىمىز بارسغان شەھىرىنى خۇش ھاۋا چار باغقا ئايلاندۇرۇپتۇ، شاھىنشاھىم، پاساھەت ـ قابىلىيىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم، — ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، تەختتە سەما بولۇپ ئولتۇرغان مۇھەممەد ئارسلانخانغا تەزىم قىلدى. بوزاغۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ غەلىتە بولۇپ كەتتى. دوقاقبەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — پەرزەنتلىرى ھۆسەيىن ئارسلانخان چەۋەندازلىقتا كامال تېپىپلا قالماي، ئەل باشقۇرۇشتىمۇ ئىقتىدارلىق ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپتۇ، بىزگە كاتتا ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئۇ ئاۋۋال ئالىيلىرىنىڭ سالامەتلىكلىرىنى سورىدى، ئاندىن ئەمرلىرىگە پەرمانبەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. مەن قۇزئوردۇغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدىكى يارلىقلىرىنى يەتكۈزدۈم، ئۇ: «بۇغراخان ئاتامنىڭ مەقسەت نىشانى ماڭا ئايان، جەڭ قىلىپ قان تۆكمەكچى ئەمەس، ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخانغا ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدۇرماقچى. شۇڭا، لەشكەر تارتىپ بېرىش ھاجەتسىز، ئۆزۈم بېرىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ كېلەي. سىز بۇ يەردە دەم ئېلىپ تۇرۇڭ» دېدى. تېگىننىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي: «ۋەلىئەھد ئالىيلىرى، مەنمۇ ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ باراي» دېۋىدىم، ئىككىلەنمەستىن ماقۇل بولدى. يۈزدەك سىپاھ بىلەن قۇزئوردۇغا باردۇق. ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخان يۇرتۇغلىرى بىلەن ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇ ساقاللىرىنى قويۇۋېتىپتۇ، چىرايىدىن ھەسرەت ـ نادامەت تۆكۈلۈپ، تېخىچە ھازىدار ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى، بىزنى ئوردا تەكىيىخانىسىغا چۈشۈردى. مەن خەتمىقۇرئان قىلىپ ھال سورىدىم. قارىغاندا ھۆسەيىن

ئارسلانخاننى ئۆزىگە يېقىن بىلسە كېرەك، ئۇنىڭدىن ئانىسى، ئورۇق - تۇغقانلىرىنى بىر - بىرلەپ سورىدى، ئاتىسى توغرۇلۇق ئۇن چىقمىدى. شاھزادىمۇ ئۇ قانائەتلەنگۇدەك جاۋاب بەردى. مەن يولدا كېتىۋېتىپ: «بىزنى كۆرۈش بىلەنلا ئاتىسىنىڭ ۋاپاتى توغرۇلۇق سۈرۈشتە قىلىپ ئاچچىقلىنىدۇ، ھەتتا بىزگە غەزەپ قىلىشى مۇمكىن، يولۋاس ئىنىدىن ساق چىقساق بولاتتى» دەپ غەمدە قالغانىدىم. ئۇنداق بولمىدى. ھۇسەيىن ئارسلانخان ئالىيلىرىنىڭ بۇغراخانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن بېرى، ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخاننىڭ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي جىم تۇرۇۋالغىنىدىن خاتىرجەم بولالمىغىنىنى ئېيتىۋىدى، «مەن مەلىكۇل مەشرىق ھەم سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ نەۋرىسى، شۇنداقلا مەرھۇم بۇغرا قاراخان ئاتام ئۆزى بېكىتكەن ۋەلىئەھد، شۇڭا مېنىڭ ئىپادە بىلدۈرۈشۈم ھاجەتسىز» دېدى. «دېمەك، جەڭگە تەييارلىق قىلىپ قويۇپلا - دە» دېۋىدىم، «لەشكەر بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ مەجبۇر قىلسىڭىز، جەڭ قىلماي ئامالىم يوق» دېدى. كۆپ سۆزلىشىشلەردىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىمىزگە چېقىلمايدىغان بولۇپ كېلىشتۇق.

— بۇ نېمىدېگەنلىرى، قاپۇغچى باشى، ئالىيلىرىغا چۈشەندۈرۈپ قويۇشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دېدى بوزاغۇ جەڭ قىلماي قايتىپ كەلگەن دوقاقبەگدىن قاتتىق نارازى بولۇپ.

— يۇغرۇش باشى توغرا دېدى. ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان مېنىڭ بۇغراخان بولغىنىمنى ئېتىراپ قىلامدىكەن؟ مۇشۇنىڭغا جاۋاب بېرىڭ، — مۇھەممەد ئارسلانخان ئۇنى ئالدىراتتى.

دوقاقبەگ تىزلانغىنىچە بېشىنى ئەگدى:

— شاھىنشاھ ئالىيلىرى، بۇ ھەقتە ئۇچ كۇنگىچە دەتالاش قىلدۇق. ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان مەرھۇم ئاتىسىدەكلا جاھىل ئىكەن. ئۇ: «ئاتام ۋاپات بوپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى جەڭ قىلىپمۇ تولدۇرغىلى بولمايدۇ. مەن قاراخانىيلار ئېلىنىڭ پارچىلىنىشىنى زىنھار خالىمايمەن. ماقۇل، مۇھەممەد ئارسلانخان تاغامنىڭ

بۇغراخان بولغىنىنى ئېتىراپ قىلاي، ئۇ مېنىڭ شەرتىمنى تولۇق ئورۇنلىسۇن» دەپ، قوبۇل قىلىش تەس بولغان شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھۇسەيىن ئارسلانخان ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر ئۇنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلدۇق ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەھدىنامە تۈزدۇق. شۇنداق قىلىپ، قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغۇرماي، ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن سەيلىدىن قايتقاندەك يېنىپ كەلدىم، ئالىيلىرى ... — دوقاقبەگ تىزلانغىنىچە مېڭىپ تەخت ئالدىغا كەلدى ۋە شەرتلەرنى ئاغزاكى بايان قىلىپ، ئەھدىنامىنى مۇھەممەد ئارسلانخانغا سۇندى. ئاندىن يەرگە سىلىقلىق رەڭدار خوتەن گىلىمى ئۈستىگە باش قويدى.

— ئوقۇڭ، يۇغرۇش باشى، — دېدى بۇغراخان سەمەرقەنتنىڭ پاتلىق قەغىزىگە يېزىلغان ئەھدىنامىنى ئۇزارتىپ. بوزاغۇ سەل تىترىگەن قوللىرى بىلەن خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى:

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەھدىنامە

ئۇلۇغ ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، شۇل خۇسۇستا ئەھدىنامە يازىمەنكى، مەرھۇم سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى، قۇزئوردۇنىڭ ئېلىكخانى ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان، ئاتامنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ بۇغراخان بولغانلىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىمەن. بۇنىڭ بەدىلىگە سابىق يۇغرۇش باشى بەگيۇسۇپنى زىنداندىن چىقىرىپ قۇزئوردۇغا ئەۋەتىپ بېرىشكە، زىنداندىكى بارلىق بۆگۈ بىلگە، دۆلەت ئەربابلىرىنى قويۇپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىنىشى لازىم. كاپالەتلىك قىلىنمىسا، ئېتىراپ قىلىنمىسا ئەھدىنامە كۈچكە ئىگە ئەمەس.

بارسغان ئېلىكخانى ھۇسەيىن ئارسلانخان ۋە بۇغراخان

سارىيىنىڭ قاپۇغچى باشى دوقاقبەگلەر كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بۇ ئەھدىنامىگە مەن بىللە قول قويدى. بۇ ئەھدىنامە پۈتۈن مەملىكەت ئەھلىگە ئامانلىق بەخش ئەتكەي.

راستلىقى ئۈچۈن: قۇزئوردۇ ئېلىكخانى ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان بىننى سۇلايمان ئارسلانخان.

راستلىقى ئۈچۈن: بارسغان ئېلىكخانى ھۈسەيىن ئارسلانخان بىننى مۇھەممەد ئارسلانخان.

راستلىقى ئۈچۈن: بۇغراخان سارىيىنىڭ قاپۇغچى باشى دوقاقبەگ.

ھىجرىيە 448 ـ يىلى شەۋۋالنىڭ 11 ـ كۈنى[①]
قۇزئوردۇ»

بوزاغۇ ئەھدىنامىنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇھەممەد ئارسلانخانغا قوش قوللاپ سۇنۇپ بەردى ۋە ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ دوقاقبەگكە ئالىيىپ قويدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان ئەھدىنامىنى ئۆزى بىر ئوقۇپ چىقىپ ئويلىنىپ قالدى. «ھەسەن تېگىن شەرت قويمايلا ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، كۆڭلۈم ئەمىن تاپقان بولاتتى. شەرتنى ئادا قىلمىسام، ئۆزى ئېيتقاندەك قىلىچ كۆتۈرۈشى مۇقەررەر. ئۇ چاغدا جەڭ شىددەتلىك بولىدۇ. پەرغانەنىڭ ئېلىكخانى ئىنىم مەھمۇد ئارسلانخانمۇ جىم تۇرۇۋالدى. ئەگەر ئىككىسى بىرلىشىۋالسا نۇسرەت قازىنىمىقىم بەسى مۇشكۈل. تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بۆرە تېگىن ئۇلار بىلەن يېقىن، مېنى قوللىمايدۇ. ئەستاغپۇرۇللا، قانداق قىلسام بولاركىن؟ ...»

باشلىنىپ كەتكەن غۇلغۇلا ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

---

① مىلادىيە 1056 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

— ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخانىنىڭ شەرتىنى ئورۇنلاش يولىۋاس، قاپلانلارنى ئىنىدىن چىقىرىپ ئوردىغا قويۇپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. ئۇ چاغدا ھەممىمىزگە ئامانلىق بولمايدۇ. قۇزئوردۇغا جازا يۈرۈشى قىلىش كېرەك، — دېدى بوزاغۇ كەسكىن ھالدا، — مەن بەگيۇسۇپنىڭ زىنداندىن چىقىرىلىشىغا قوشۇلمايمەن.

بوزاغۇنى بىرقانچە يۇغرۇش، ھاجىپ ۋە ئىبراھىم تېگىن قوللىدى.

— ئەلنىڭ بەختى بار ئىكەن، — دېدى ھاجىپ تۇردۇش ئاخۇن بارچۇقى قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان ھالدا، — قان تۆكۈلمىگىنى ئوبدان بوپتۇ، خاقانىم. بۈگۈ بىلگە بەگيۇسۇپنى زىنداندىن چىقىرىپ قۇزئوردۇغا ئۆزىتىپ قويايلى. ئەلدىكى ئەنسىزلىك شۇنىڭ بىلەن تۈگەپ، ئەمىنلىك، ئاسايىشلىق باشلانسا ئەجەب ئەمەس ...

ئۇنى يەنە بىرقانچە يۇغرۇش، ھاجىپ، سۇباشىلار قوللىدى. مۇھەممەد ئارسلانخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە گىدىيىپ ئولتۇرغان ئىبراھىم تېگىن ئورنىدىن تۇردى:

— بۇغراخان ئاتا، ئەبۇ ھەسەن تېگىنىنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. ھۇسەيىن ئارسلانخان ئاغام قورقۇنچاقلىق قىپتۇ، ئۇنىڭ ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ كېلىشىگە يول ئېچىپ بېرىپتۇ، ۋەلىئەھد بولۇشقا لايىق ئەمەس ئىكەن.

— شاھىنشاھىم، ئىبراھىم تېگىن ناھايىتى توغرا دېدى. بۇ ئەھدىنامىنى يىرتىپ تاشلاش، قۇزئوردۇغا قايتىدىن لەشكەر ماڭدۇرۇش كېرەك. ھۇسەيىن ئارسلانخانىنىمۇ چاقىرتىپ، خاتالىقىنى ئۆزىگە تونۇتۇپ قويۇش لازىم، — دېدى بوزاغۇ.

ساراي ئىچى جىم بولۇپ كەتتى. ھەممەيلەن بۇغراخانىنىڭ ئاغزىغا قاراشتى. ئەمما، ئېغىز ئاچقان ئۇ بولماستىن، سارايغا ھەممىدىن كېيىن كىرگەن مەھمۇد تېگىن بولدى:

— بۇغراخان بوۋا، — دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، — مەن ئەھدىنامىگە ئەمەل قىلىش ھەممىدىن زۆرۈر،

دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئەل ئۇرۇش، جەڭگى - جېدەلگە ئەمەس، خاتىرجەملىككە، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە موھتاج، بۇنىڭغا بۇغراخان جەمەتى تېخىمۇ موھتاج! بۇ قېتىم جەڭ بولۇپ قالسا، قايسىمىزنىڭ ئۆلۈپ، قايسىمىزنىڭ تىرىك قېلىشىمىز ئاللاغا مەلۇم ... بوۋاق، تازا ئويلاپ كۆرسىلە. باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئەڭ قەدىرلىك قېرىنداش، ساداقەتمەنلەردىن ئايرىلىپ قالدىلا. يەنە ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرسىلە قالغان نەرسىلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشلىرى مۇمكىن. شۇڭا، خۇشامەتچىلەرنىڭ تەلپىنى ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ قەلبلىرىنى تىڭشاپ باقسىلا، ئاۋامنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالسىلا، ئاندىن بىر قارارغا كېلىپ يارلىق چۈشۈرسىلە.

چىرايى قارىداپ كەتكەن بوزاغۇ بىرنېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، قولىنى شىلتىپ ئورنىدىن تۇرمىدى. چىرايى ئۆڭگەن دوقاقبەگ يوغان سەللە ئورىۋالغان بېشىنى چايقاپ قويدى. ئەمدى نېمە دەركىن، دەپ بۇغراخانغا تىكىلگەن ۋەزىر - ۋۇزرالار، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئالماي سۈكۈت قىلىشتى.

ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان جىمجىتلىق خېلى داۋام قىلدى. بۇغراخان سارىيىنىڭ قىيا ئوچۇق دېرىزىسىدىن كىرگەن مەيىن شامال پەردىلەرنى ئۇچۇرتۇپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكەن دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ سۆرۈن چېھرىلىرىنى سىيپاپ ئۆتەتتى.

بىر قارارغا كەلگەن مۇھەممەد ئارسلانخان تەختتىن قوپتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— جانابلار، مەن كۆپ ئويلاپ، ئاخىر ئەھدىنامىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلدىم. يارلىق: بۆگۈ بىلگە بەگيۈسۈپ زىنداندىن چىقىرىلىپ، قۇزئوردۇغا يولغا سېلىپ قويۇلسۇن! تۇتقۇن قىلىنغان بارلىق كىشىلەر قويۇپ بېرىلسۇن!

مۇھەممەد ئارسلانخان تەختتىن چۈشۈپ ھەرەمدىكى قەسرىگە چىقىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئەل ئىچىدىكى ئەنسىزلىك بارا - بارا پەسىيىشكە يۈز تۇتتى.

بەشىنچى باب

# يولدىكى سۈيقەست

## 1

بەگيۇسۇپلەرنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقى ھەققىدىكى شۇم خەۋەر قانچە تېز تارقىلىپ، ئەل ئىچىدە قورقۇنچلۇق ۋەھىمە پەيدا قىلغان بولسا، قويۇپ بېرىلگەنلىكى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرمۇ شۇنداق چاپسان قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يېتىپ، مەملىكەت ئەھلىگە ئەمىنلىك بەخش ئەتتى. غەم ـ غۇسسىدە قالغان پۇقرالارنىڭ سارغايغان چېھرىگە قان يۈگۈردى، ئائىلىلەر خۇشاللىقتا چۆمدى. «ئوبدان بولدى» دەپ كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرنىڭ چەلپىكى يەرگە چۈشتى. ئۈچ ئالماقچى بولغانلار قىلمىشلىرىنى قىنىغا سېلىشتى. بوزاغۇ پىچىقىنى قويىنىغا يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي قالغان ئىبراھىم تېگىن ئاتىسىنىڭ بۇنداق يۇمشاق قوللۇق قىلغىنىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي ئەندىشىدە قالدى. تاغىسى بوزاغۇغا بۇ ئەندىشىسىنى ئېيتقاندى. ئۇ ئاقىرىشقا باشلىغان شالاڭ ساقاللىرىنى سىلاپ ئەپسۇسلانغان ھالدا دېدى:

— تېگىن، بۇنىڭدىن قايغۇرمىسىلا. ئاتىلىرىنىڭ بۇنداق كەڭ قوللۇق قىلىشتىكى مەقسىتى ئاۋامنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش، ئەلنى تىنچلاندۇرۇش. لېكىن، ئۇ ناھايىتى خاتا قىلدى، بالام، — بوزاغۇ سىڭلىسىنىڭ بۇ ئوغلىنى بىرىنچى قېتىم «بالام» دەپ ئاتاپ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆز ھامىيلىقىغا ئېلىش غەرىزىنى ئوچۇقلا ئاشكارىلىدى، — ئەلنى بىز تىنچىتمايمىز، تىنچىتىشقىمۇ يول

قويمايمىز.

— قانداقسىغا يول قويمايلا، قەيسەربەگ ئاغا؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىم تېگىن، ئاتىسىغا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلغان تاغىسىنىڭ پىلانىنى بىلمەكچى بولۇپ.

— بۇ توغرۇلۇق ئانىلىرى ئالتۇن تارىم بىلەن مەسلىھەتلىشىمىز. قېنى، ئاتلىرىغا قامچا ئۇرسىلا.

ئۇلار ئوردىغا كىرگۈچە گەپ ـ سۆز قىلىشمىدى.

مۇھەممەد ئارسلانخاننى كۈتۈپ، كېنىزەكلىرىگە چاچلىرىنى تارىتىپ، دېرىزىدىن قاراپ ئولتۇرغان خانىش قەسىر ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەن ئاكىسى بىلەن ئوغلىنى كۆردى. ئۇ:

— ئۆيگە كىرىشسىلە، — دېدى ئۇلارنى ئارامگاھ سارىيىنىڭ مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە باشلاپ، — خاقان ئالىيلىرى دۆلەتباغدا قالغان ئوخشىمامدۇ، ئاكا؟

— ھەئە، شۇ يەردە قالدى.

— چوڭ خانىش ئوپالدىن كەلگەندىن بۇيان دۆلەتباغدا تۇرۇۋاتاتتى، شۇنىڭ يېنىدا قاپتۇ ـ دە. ھەرقاچان مەھمۇد تېگىنمۇ شۇ يەردىدۇ؟

— توغرا ئويلاپلا سىڭلىم، ئۇمۇ شۇ يەردە. زىنداندىن قويۇپ بېرىلگەن بەگيۇسۇپ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كۈتۈلۈشىنى نازارەت قىلىشۋېتىپتۇ، — بوزاغۇ جاۋاب بەرگەچ، ئىبراھىم تېگىن بىلەن كىمخاب يېپىلغان كەندازدا قاتارلىشىپ ئولتۇردى.

— زىنداندىن قويۇپ بېرىلگەن جىنايەتچىلەرمۇ دۆلەتباغدا تۇرامدىكەن؟ — قۇمارىبىكەنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ بەگيۇسۇپلەرنىڭ قويۇپ بېرىلگىنىگە قاتتىق نارازى بولۇپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ كېلىۋاتاتتى. مۇھەممەد ئارسلانخانمۇ بۇ ئامراق خوتۇنىنىڭ تاپا ـ تەنىسىدىن قېچىپ، ئۇنىڭ قەسرىگە ئاز كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— ئاتامنىڭ ئەمرى بىلەن زىنداندىن قويۇپ بېرىلگەنلەر مەلۇم ۋاقىت دۆلەتباغدا كۈتۈلىدىكەن، ئانا، — دېدى ئىبراھىم

تېگىن بوزاغۇدىن بۇرۇن زۇۋان سۇرۇپ.

— توۋا ـ توۋا، خاقاننىڭ بېشى ئايلىنىپ قالغانمۇ نېمە؟ دۈشمەنلىرىنى خانلىق باغدا بورداپ نېمە قىلماقچىدۇ؟ بەگيوسۇپنى يۇغرۇش باشى قىلماقچىمىدۇ؟ ئاكا، زادى نېمە ئىشلار بولۇۋاتقىنىنى ماڭا دەپ بەرسىلە، — قۇمارىبىكەنىڭ كۆك كۆزلىرىدىن كۆكۈچ نۇر چاقناپ، چىرايى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقى بىلەن كىنىزەكلەرگە چىراغلارنى ياندۇرۇپ، داستىخان سېلىشنى بۇيرۇدى.

— قورسىقىمىز توق، ئابا. بەگ تەركىسىدىن يېنىپلا كېلىشىمىز، — دېدى مەستلىكى تاز يېشىلمىگەن ئىبراھىم تېگىن.

قەندىللەردىكى شام ـ چىراغلار يېقىلىپ ئۆينىڭ ئىچى سۈتتەك يورۇدى. ئىچى تىتىلداپ تۇرغان خانىش:

— تاماق يېمىسەڭلار، شاراب ئىچىڭلار. ھاي توقىش، گۈلەم، مەيزاپ، فۇقا كەلتۈرۈڭلار، — دەپ كىنىزەكلەرگە بۇيرۇدى.

— شاراب ئىچسەك ئىچەيلى. مەن خاقاننىڭ دۆلەتباغدا قالدىغانلىقىنى ئۆزىدىن سوراپ بىلگەندىن كېيىن، شاھزادىنى ئېلىپ، سىلى بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى ئالدىراپ كىرگەنىدىم، — بوزاغۇ سىڭلىسى ئۆزارتقان شارابنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋەتتى، — سىلى دېگەندەك خاقاننىڭ بېشى ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ بەگيوسۇپلەرنى زىنداندىن چىقارغىنىنى ئاز دەپ، ئۇلارنى دۆلەتباغدا كۈتۈۋاتىدۇ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، خىزمەت قىلىمەن دېسە خىزمەتكە تەيىنلەيدىغان، كېتىمەن دېسە ئائىلىسىگە قايتۇرىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ كۈتۈنۈشىگە نازارەتچىلىك قىلىشقا مەھمۇد تېگىننى بەلگىلىدى. شۇڭا، بۇ شاھزادە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ دۆلەتباغدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئەبۇ ھەسەن تېگىن بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىشلار، — بوزاغۇ شارابتىن يەنە بىر جام ئىچىۋېتىپ سۆزىنى

داۋاملاشتۇردى، — ئەبۇ ھەسەن ئىبلىكخان مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ بۇغراخان بولغىنىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەشكىنچىدىن ئەۋەتكەن مەكتۇپ تونۇگۇن كەلدى. مەھمۇد ئارسلانخاننىڭمۇ ئېتىراپ قىلىپ يوللىغان مەكتۇپىنىمۇ تاپشۇرۇۋالدۇق. بۇنىڭدىن غايەت خۇشال بولغان مۇھەممەد ئارسلانخان بەگيۇسۇپنى چاقىرتىپ، ھاجىبۇل ھۇججاپ بولۇپ ئوردۇكەنتتە تۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدى، «مەن قۇزئوردۇغا كەتمىسەم بولمايدۇ، ئالىيلىرى. قالغان ئۆمرۈمدە ئەۋلادلىرىم ئۈچۈن بىر خاسىيەتلىك ئىش قىلاي دەۋاتىمەن» دەپ رەت قىلدى. خاقان «قانداق خاسىيەتلىك ئىش؟» دەپ سورىۋىدى، «دۆلەت باشقۇرۇش، ئىسلاھ قىلىش، پادىشاھ، ئەمەلدار، ئامما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا بىر كىتاب يازماقچىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. خاقان «راستىلا خاسىيەتلىك ئىش ئىكەن» دەپ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. بەگيۇسۇپ «زىنداندىن چىققىنىمىزغا بىر ئايدىن ئاشتى. رۇخسەت قىلسىلا، مەن ئاۋۋال ئوردامغا بېرىپ، مەرھۇم سېيىت ئەلى ئارسلانخان مازىرىدا بىرنەچچە كۈن ئىستىقامەت قىلغاچ، بۇزرۇكۋار ئانىمىز مەلىكە ئادىرا تۈركەن خاتۇننىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ كەلسەم» دەپ ئىلتىماس قىلدى. مۇھەممەد ئارسلانخان قوشۇلۇپ ئاقىۋول تىلىدى.

يەنە بىر جام شارابنى سۇنغان قۇمارىبىكە:

— قاچان يولغا چىقىدىكەن؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى.

— ئەتە.

— يالغۇز ئۆزى بارامدىكەن؟

— يوقسۇ، شاگىرتلىرى، ئىخلاسمەنلىرى بىلەن. بۆگۈ بىلگە ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپمۇ ئىككى نەۋرىسى، شاگىرتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بارىدىكەن. مەھمۇد تېگىنمۇ بارىدىغان ئوخشايدۇ.

قۇمارىبىكە ئاچچىقلاپ چالۋاقىدى:

— ئوردۇكەنتتىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ

كەتسە بوپتىكەن، جۇۋاينىمەكلەر ...

— يەنە كىملەرنىڭ بىللە بېرىشىنى كىم بىلىدۇ، ئاتا، بارسا بارمامدۇ، بىزنىڭ نېمە كارىمىزا! — دېدى ئىبراھىم تېگىن پەرۋاسىز ھالدا.

— سەن نېمانداق بىغەرەز، بالام، بايا تاغاڭنىڭ ئېيتقانلىرىدىن سەگىمىدىڭمۇ؟ مەن بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. خاقان ئېرىمنى ئۆزۈمنىڭ ئالىقىنىدا، ماقۇللۇقىمنى ئالماي تۇرۇپ دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلمايدۇ، دەپ يۈرەتتىم. ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى. ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدايدىغان ئادەم ئىكەن ئۇ. مەملىكەتتىكى ئەنسىزلىكنى تۈگىتىپ، ئۆزىنى ھەممە ئېلىكخان، يابغۇلارغا ئېتىراپ قىلدۇرۇپ، تەختتە بەخىرامان ئولتۇرماقچىكەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى قۇمارىبىكە سوغۇق نەزىرى بىلەن بوزاغۇغا قاراپ.

— شۇنداق، سىڭلىم، ناھايىتى توغرا دېدىلە.

قۇمارىبىكە جامغا تولدۇرۇپ قۇيغان شارابنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ئېرىم تەختتە بەخىرامان ئولتۇرسىغۇ مەيلى ئىدى، بىراق نىيىتى باشقا ...

— نىيىتى باشقا دەمسەن؟ — ھەيران بولدى ئىبراھىم تېگىن، — ئاتام قانداق قىلماقچى، ئانا؟

— ئاتاڭ قانداق قىلماقچىدى، تەختنى ئىككى كاتتا پادىشاھ[1]نىڭ نەۋرىسى بولغان ھۈسەيىن ئارسلانخانغا خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى.

— نېمىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن؟ — سەۋەبىنى بىلمەكچى بولدى ئىبراھىم تېگىن.

---

[1] ئىككى كاتتا پادىشاھ ھارۇن بۇغراخان بىلەن مەلىكۇل مەشرىق يۈسۈپ قادىرخان پادىشاھنى كۆرسىتىدۇ.

— جىق ئىشلارغا ئەقلىڭ يەتمەيدۇ، بالام. ئاتاڭ قېرىدى، كۈچ - قۇۋۋەتتىن، ئەقلىدىن قالدى، شۇڭا ئالدىنئالا بەلگىلەپ قويغان ۋەلىئەھدىنى تەختتە ئولتۇرغۇزماقچى. ئەمدى ئۇققانسەن، بالام؟

— لېكىن سەن «تاغاڭ ئىككىمىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن سېنى تەختكە چىقىرىمىز» دېگەنىدىڭغۇ. ھوسەيىن تېگىن تەختكە چىقسا بىز قاراپ تۇرىمىزمۇ؟

— سەن قاراپ تۇرماقچىمۇ، ئوغلۇم؟ — قۇمارىبىكە سوئالنى ياندۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى.

— مەن نېمىشقا قاراپ تۇرىدىكەنمەن. مەن دېگەن قارلۇق يابغۇسىنىڭ نەۋرىسى، — دېدى ئىبراھىم تېگىن مەغرۇر ھالدا ئانىسىنىڭ ئۆگەتكەن سۆزلىرىنى تەكرارلاپ، — ئۆلسەممۇ تەختنى ھوسەيىن تېگىنگە بەرمەيمەن، تەختتە ئۆزۈم ئولتۇرىمەن !

— مانا ئەمدى مېنىڭ ئوغلۇمدەك گەپ قىلدىڭ، تەختتە سېنى ئولتۇرغۇزىمىز !

— بۇ راستمۇ؟ — ئىبراھىم تېگىن ئانىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان چىرايى قۇمارىبىكەگە ياقتى.

— راست، ئوغلۇم. بۇغراخانلىق تەختىگە سەندىن باشقا ئادەم مۇناسىپ ئەمەس. كىم ئۆزىنى مۇناسىپ سانايدىكەن، ئۆلتۈرۈلىدۇ، — قۇمارىبىكە نەزىرىنى ئوغلىدىن بوزاغۇغا يۆتكىدى، — ئاكا، ئەمدى قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرساق بولمايدۇ. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلاردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ سەرخىللىرىنى ئوردۇكەنتكە توپلاش زۆرۈر. ئۇلار سودىگەر، ھۈنەرۋەن سىياقىدا بىر - بىرلەپ كېلىپ، بۇ يەردىكى سارايلارغا چۈشسۇن. شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە، بىرلا قوزغىلىپ تەختنى تارتىۋېلىشىمىز كېرەك، قۇزئوردۇغا قايتماقچى بولغان بەگيۇسۇپنى ئۇچۇقتۇرۇش بىزنىڭ بۇ يولدا باسقان بىرىنچى قەدىمىمىز بولۇپ قالسۇن.

— باش ئۇستىگە، ئالتۇن تارىم. بۈگۈن كېچىلا ئادەم ئورۇنلاشتۇراي، شەپە چىقارماي يولدىلا جايلىۋەتسۇن، — دېدى بوزاغۇ ئىشەنچ بىلەن.
— ئاتامنىمۇ، ئاكامنىمۇ ئۆلتۇرەمدۇق؟ — ئىبراھىم تېگىن قېنى قىزىپ سورىدى.
— ئوغلۇم، سېنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشۇڭ ئۈچۈن ئاتاڭ تەختتىن چۈشۈشى شەرت. ھۈسەيىن ئارسلانخان تەختكە چىقىش ئۈچۈن سېنى ئۆلتۇرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇ قول سالغۇچە بىز قول سالمىساق، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، تەختتە چوقۇم سەن ئولتۇرۇشۇڭ كېرەك.
— تەختتە چوقۇم مەن ئولتۇرىمەن، ئاتا! — ئىبراھىم تېگىن مۇشتۇمىنى تۈگۈپ سىلكىپ قويدى ...

## 2

سۇبھىدەم، بىر ـ بىرىگە جور بولۇپ چىللاۋاتقان خورازلارنىڭ ئاۋازى ھەممە تەرەپتىن ئاڭلىناتتى. ياز سەھىرىنىڭ يېقىملىق شامىلى تارام ـ تارام تۇمەننىڭ قۇمساڭغۇ قىرغىقىدىكى سۆگەت، مەجنۇنتاللارنى يەلپۈندۈرۈپ، تېخى ئادەم ئاياغ باسمىغان كۆۋرۈكنىڭ ۋادەكلىرىنى سىيپاپ ئۆتەتتى. تاڭ يورۇقى قەشقەر دالالىرىغا يېيىلغاندا، تۈننىڭ ئۆتكەنلىكىنى جاكارلاپ ئەزان چىقتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇيۇق قاندەك قىزاردى. كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا، دەريا ـ كۆللەرگە، يېشىل ياپراقلارغا تاڭ شەپقى جۇلا تاشلىدى. خوراز ـ مېكىيانلار قونداقتىن چۈشتى. شەھەر دەرۋازىلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئېچىلدى. شەرق تەرەپتىكى تۆشۈك دەرۋازىسىدىن بىرىنچى بولۇپ چىققانلار بەگيۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولدى.
ئۇنى ئۇزىتىپ چىققانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەرھۇم سېيىت ئەلى ئارسلانخان چاپتۇرغان ناچۇق ئۆستىڭىگە يېتىپ

بارغاندا، بەگيۇسۇپ ئۇلارنى توختاتتى.
— رەھمەت تۇغقانلىرىم، قېرىنداشلىرىم، رەھمەت دوستلىرىم، يۇرتداشلىرىم. رەھمەت سىلەرگە، ئەمدى مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى، — ئۇ قېيىنئاغىسى بەگتاش جالالىدىننى قۇچاقلىدى، ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ بىلەنمۇ قۇچاقلاشتى. ساچىيە، خانلىق مەدرىسەلىرىنىڭ ئالىم - مۇدەررىسلىرى، تالىپلىرى بىلەن خوشلاشتى، ئاندىن باراقسان ئۈجمە دەرىخىنىڭ سايىسىدا تۇرۇشقان ئاياللارنىڭ يېنىغا كەلدى. بويلۇق، ئاق پەرىجە ئارتىپ، يۈزىگە قارا چۈمپەردە تارتقان ئايالغا بېشىنى ئېگىپ دېدى:
— قەدىرلىك سىڭلىم، مەن سىزگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئوقۇيمەن. زىنداندىكى چېغىمدا سىز داۋاملىق يوقلاپ، زىنداندىن نىجاتلىق تېپىشىم ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلەشكە تەييار تۇردىڭىز. سىزگە ئاللا قۇۋۋەت ۋە پەزىلەتنى ھەمىشە يار قىلسۇن. خەير، سىزنى ھۆرمەتلىك ۋە ئەزىز ھەمشىرەم سۈپىتىدە ياد ئېتىمەن.
— رەھمەتنى سىلىگە ئېيتسام بولىدۇ، بۈگۈ بىلگە، پېقىرە بىمار قېرىنداشلىرىمنى داۋالاپ كېلىۋاتقان بولسامۇ، ئۆزۈمنىڭ روھىي بىمار بولۇپ قالغىنىمنى بىلەلمەپتىكەنمەن. سىلى بۇنى بىلىپ يېتىپ، روھىي جەھەتتىن پاك، ئۈمىدۋار بولۇشقا يېتەكلىدىلە. ئۆزلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ روھىي ئوزۇق ئېلىش ئۈچۈن قۇزئوردۇغىچە ئۇزىتىپ بارماقچىمەن. ھازىرچە خەيرلەشكۈم يوق، يولۇمنى توسۇمىغايلا، — دېدى قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان دىلدارىبىكە.
بەگيۇسۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى:
— سىز ئوردۇكەنت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئاتاساغۇن. ئەگەر قۇزئوردۇغا بارسىڭىز، ئۇ يەردىكى ئاۋام سىزنى باش ئۈستىگە كۆتۈرىدۇ. ئىنشائاللا، نۇرغۇن كېسەللەر سىزنىڭ داۋالىشىڭىز بىلەن شىپا تاپقۇسى. شۇنداق تۇرۇقلۇق سىزنى

قانداقمۇ توسۇپ قالاي. قىزىم ئايىشە سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولىدۇ، دىلدارىبىكە.

— رەھمەت بەگيۇسۇپ ئاغا، ماقۇل بولغانلىرى ئۈچۈن تەزىم، — دىلدارىبىكە يەرگىچە ئېگىلدى، — گۈزەل قۇزئوردۇغا بېرىش ئارزۇيۇمغا ئاخىر يېتىدىغان بولدۇم.

ئاقىرا ئېغىر كۈنلەردە سىنالغان بۇ دوستىمدىن ئايرىلىپ قېلىشنى زادىلا خالىمايتتى، ئېرىنىڭ ماقۇل بولغىنىدىن بىر ئارزۇسىغا يەتكەندەك بولدى. بۇۋۇئايىشەمۇ ئۆزىنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان بۇ ئەمچى ئۇستازىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىمايتتى.

بەگيۇسۇپ ئۇلاردىن ئايرىلىپ كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىدا ئويغا چۆككەن مەھمۇد تېگىننىڭ يېنىغا كەلدى.

— تېگىن، شۇنچە ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئۆزىتىپ چىققانلىرىدىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن. ئەمدى قايتسىلا، بىباھا ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۈچۈن ۋاقىتنى زايە قىلمىغايلا. سادىق دوستلار ئۈچۈن خوشلىشىش، ۋىدالىشىش ئۆمۈرۋايەتلىك مەۋجۇت ئەمەس. جىسمىمىز باشقا ـ باشقا يەردە بولسىمۇ، قەلبلىرىمىز بىرلىشىپ كەتكەن، قانچە يىراقتا كەتسەممۇ، دىلىم، تىلىكىم سىلى بىلەن بىللە، — دېدى ئۇ قۇچاق ئېچىپ.

مەھمۇد تېگىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— بەگيۇسۇپ ئاغا، يىگىنە بىلەن قۇدۇق كولاپ، ئاخىر تىنىپ قالغان بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئاچتىم. چارچىغاندەك قىلىمەن. شۇڭا، سىلىنى ئۇزاتقاچ، مەرھۇم بوۋىمىز سېيىت ئەلى ئارسلانخان بۇزرۇكۋارنىڭ روھىنى يوقلاپ، ئادىرا ئابام بىلەن كۆرۈشۈپ كەلمەكچىدىم. بۇ جەرياندا سىلىگە كۆپرەك ھەمراھ بولالايمەن، ئارامىمۇ ئالالايمەن، شۇڭا مېنى قايتىشقا قىستىمىغايلا.

— مۇبارەك، مۇبارەك، كىتاب يېزىلىپ بوپتۇ ـ دە، تېگىن. كاتتا بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقلىرىدىن ئەجدادلار روھى خۇش بولىدۇ، ئەۋلادلار ئىپتىخارلىنىدۇ، ئەرەب، پارس

دانىشمەنلەرى بۇ كىتابنى كۆرسە، خاقانىيە تىلىنىڭ ئۆز تىللىرىدىن قېلىشمايدىغانلىقىغا قايىل بولىدۇ، — بەگيۇسۇپ شاھزادىنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، — ئارام ئېلىۋېلىشلىرى زۆرۈر ئىكەن، ماقۇل، يوللىرىنى توسۇيالمايمەن.

— رەھمەت بەگيۇسۇپ ئاغا، بۇ كىتابىمدىن سىلىگىمۇ بىر نۇسخا كۆچۈرتۈپ جىلىتىغا سېلىپ قويدۇم، بۇ مېنىڭ يوللۇقۇم بولۇپ قالار.

— رەھمەت، بۆگۈ بىلگە ئىنىم. بۇ كىتابنى يېزىلىپ بولغاندا بىر كۆرۈشكە مۇشتاق بولغانىدىم، بىر بىباھا خەزىنىگە ئېرىشىدىكەنمەن. ئۇنىڭدىكى دۇر، گۆھەرلەر بىلەن يازماقچى بولغان كىتابىمنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىنىمدىن ئالەمچە خۇشالمەن.

بەگيۇسۇپ ئۆزىتىپ چىققانلار بىلەن يەنە بىر قېتىم خوشلاشتى.

— ئاقيوللۇق بولسىلا، ئۇستاز.

— سەپەرلىرى بىخەتەر بولغاي.

— ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ...

ئۇزاتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ بىر - بىرلەپ قايتىشتى.

بەگيۇسۇپ ئائىلىسى، دىلدارىكە، مەھمۇد تېگىن ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى، بەگتاش جالالىدىننىڭ ئىككى ئوغلى، ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ ئىككى نەۋرىسى، ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى، تالىپلار ۋە ئىخلاسمەنلىرى بىلەن بىللە ئاتلىنىپ يولغا چۈشتى. ئىككى كۈن يول يۈرۈپ يىگى ھىساردىكى ئوردامغا يېتىپ كېلىشتى. تۆت ئەتراپى تاغدەك قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان ئوردامنىڭ كۈنگۈرىلىك ئېگىز تاملىرى، كاھىشتىن ياسالغان گۈمبەز - پەشتاقلىرى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىدى.

تەرەپ - تەرەپتىن ئىستىقامەت ئۈچۈن ئوردامغا كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بەگيۇسۇپلەرنىڭ

كەينىدىنلا كەلگەن بىر توپ كىشىلەرمۇ ئورداmنىڭ هۇجرىلىرىغا ئورۇنلاشتى.

بەگيۇسۇپ، مەھمۇد تېگىنلەر ئوردام قورۇسىنىڭ چېتىدىكى ئىستىنجاخانىدا تەرەت ئېلىشتى، تونلىرىنى كىيىپ، سەللىلىرىنى قايتىدىن يۆگەپ، قورۇ سەيناسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇغ ـ شەددىلەر قادىلىپ كەتكەن كاتتا گۈمبەز يېنىغا كېلىشتى. كاھىشتىن قىلىنغان بۇ چوڭ گۈمبەز ئىچىدە ھەزرىتى سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ كېمىر شەكلىدە كۆركەم ياسالغان قەبرىسى بار ئىدى. ئۇلار مەقبەرە ئالدىدا تىلاۋەت قىلىپ دۇئا قىلدى. بەگيۇسۇپ ئۆزىگە قاراپ قالغان ئاقساقال شەيخنى بىردىن تونۇپ قالدى ۋە سالام بېرىپ سورىدى:

ــــ قىيات ئاغا، مېنى تونۇدىلىمۇ؟

ــــ بەگيۇسۇپقۇ سىلى، رەيھانىدىنبەگنىڭ ئوغلى ... بۇ يەرگە نەچچە قېتىم كەلگەن تۇرسىلا نېمىشقا تونۇماي، غوجام ... ــــ قىيات شەيخ مەھمۇد تېگىن بىلەنمۇ قول بېرىپ كۆرۈشتى.

ــــ قىيات ئاغا، ــــ دېدى بەگيۇسۇپ، ــــ مەن ئۆتكەندە كەلگەندە ئالتۇن داشقا ئوت قالايتتىلە، كىيىملىرىمۇ باشقىچە ئىدى ...

ــــ راست، ئۇ چاغدا ئالتۇن داشقا ئوت قالايتتىم. بۇ يەرگە كەلگەن چېغىمدىلا مۇشۇ ئىشقا كۆڭلۇم چۈشۈپ قالغانىدى. كېيىن مەلىكە بۇزرۇكۋارىمىز: «سەن بۇ ۋاققىچە نۇرغۇن ئادەمگە ئالتۇن داشتا ئاش پىشۇرۇپ بەردىڭ، گۇناھىڭمۇ يۇيۇلدى. ياشىنىپ قالدىڭ، ئەمدى شەيخ بولۇپ ھەزرىتى بۇۋامنىڭ مەقبەرىسىگە قارىغىن» دەپ ئاچقۇچنى بەردى. ئۆتكەن يىلدىن بېرى قاراۋاتىمەن ...

ــــ مەلىكە ئانىمىز ئوبدان تۇرغاندۇ؟ ــــ مەھمۇد تېگىن سورىدى ئۇنىڭغا ياندىشىپ كېتىۋېتىپ.

ــــ ئوبدان تۇردى، يېشى سەكسەندىن ئاشقان بولسىمۇ، مەندىن تىمەن. كەلگىنىڭلاردىن مەلىكە بۇزرۇكۋارنى ۋاقىپلاندۇراي، ــــ

ئۇ يېنىدىك دەسسەپ ھەرەم ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى.

بەگىيۇسۇپ، مەھمۇد تېگىنلەر ھەمراھلىرى بىلەن ھەرەم ھويلىسىغا كىرگەندە، ئاق ھىلھىلە رومال سېلىپ، قارا پەرەنجە ئارتقان ئادىرا تۇركەن خاتۇن خانىسىدىن پېشايۋانغا چىقىپ تۇرغانىدى. ئۆزىدەك كىيىنگەن بىرقانچە مەستۇرە ئايال ئەتراپىدا قول باغلاپ تۇرۇشاتتى.

بەگىيۇسۇپ، مەھمۇد تېگىنلەر قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بېرىشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، باللىرىم، سىلەرنى شۇنچە كۆرگۈم كەلگەنىدى، — دېدى ئۇ ئاقىرا بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشۈپ. دىلدارىمكە، بۇۋىئايىشە ۋە ئۇلارنىڭ دېدەكلىرىگىمۇ مەغزىنى تۇتۇپ بەردى.

ئاياللار ئايۋاندا، ئەرلەر ساراي ئۆيدە ئولتۇرۇشتى.

مەلىكە ئادىرا ئانىسىنىڭ بالاساغۇندىكى چاغلىرى ئېسىگە چۈشتى. ئېرى بۇغرا قاراخان تۇغانخان ئاۋۋال كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولدى، ئۇ باھادىر، قەيسەر پادىشاھ ئىدى. ئاكىسى مەلىكۇل مەشرىق يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ بالاساغۇنغا كېلىپ بۇغرا قاراخانلىق تەختىگە ئولتۇرغان چېغىدا، ئۇ بەگىيۇسۇپنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا بۆرە تېگىنىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ شۇلارنى ئەسلەپ دېدى.

— مەن قۇزئوردۇدىكى چېغىمدا بەگىيۇسۇپ تېخى بالا ئىدى، ئوردۇكەنتكە كەلسەم مەھمۇد تېگىنىمۇ گۆدەك ئىكەن. مانا ئەمدى، چاچ - ساقىلىڭلارغا ئاق سانجىلىپتۇ. شۇنداق دەۋران سۈرگەن ئەھمەد تۇغانخان، يۇسۇپ قادىرخاندەك بۇغرا قاراخانلار يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى. رەيھانىدىنبەگ، زەمۇران ئانا، يابىرا ئاغىچىلارمۇ توگەپ كېتىپتۇ. پېقىرە سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ۋاپاتىدىن ناھايىتى قايغۇردۇم، بىتاپ بولۇپ قېلىپ بارالمىدىم ... ئۇھ، ھاياتلا بولساق دىدار كۆرۈشىدىكەنمىز.

ھەربىرىڭلار كېلىپ مېنى بەك خۇش قىلدىڭلار، — ئادىرا تۇركەن خاتۇن ئېتىكىگە تاراملاپ تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى، — يىغلىۋالاي بالىلىرىم، يىغلىۋالاي، يىغلىۋالسام يېنىكلەپ قالىدىكەنمەن، — ئۇ خىزمەتكارلار داستىخان سېلىپ، مەزە، چاي ئەكىرگۈچە يىغلىدى.

— مەلىكە ئانا، يىغلىمىسىلا، سىلىنىڭ دۇئالىرى بەركاتىدىن مەملىكىتىمىز ئامان، بىزمۇ سالامەت تۇردۇق، — دېدى بەگيۇسۇپ تەسەللى بېرىپ.

— مەلىكە ئانا. بىز داۋاملىق كېلىپ يوقلاپ تۇرالمىغان بولساقمۇ، سېيىت ئەلى ئارسلانخان بوۋامنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي يېقىپ، ئوردامنى ئاۋات قىلىپتىلا. پۈتۈن ئەل بۇنىڭدىن خۇرسەن. سىلى يىغلىسىلا ئەلنى غەم باسىدۇ، سىلى خۇشال بولسىلا ئەلنىڭ كۆڭلى ئېچىلىدۇ. يىغلىماي دۇئا قىلسىلا، ئەل روناق تاپسۇن، — مەھمۇد تېگىننىڭ كۆڭۈل ياساپ قىلغان سۆزلىرى ئادىرا تۇركەن خاتۇنغا تەسىر قىلدى.

— ئۆمۈر دېگەن ئاتقان ئوق. شۇنداق تېز ئۆتۈپ كېتىدىكەن. بالىلىرىم، نېمە دېگەنبىلەن پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى. بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىم ئاز قالدى، — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ، — بىراق ئۆتكەن ئۆمرۈمگە پۇشايمان قىلمايمەن. ئەلگە يۈز كېلەلمەيدىغان بىرەر ئىشنى قىلغىنىم، قېرىنداش، يۇرتداشلىرىمغا، يېتىم - يېسىرلارغا ئازار بەرگىنىم يوق، پېقىرە مۇرادىمغا يەتكەن ئانامەن. مېنىڭ ئەھمەد تۇغانخاندىن بولغان چولپان ئىسىملىك بىر قىزىمدىن بۆلەك، كېيىن بېقىۋېلىپ چوڭ قىلغان ئون توققۇز ئوغۇل - قىزىم، قىرىق بىر نەۋرەم، ئوتتۇز ئەۋرەم بار. قىزىم چولپاننى ئۆزۈم ئوقۇتتۇم، ئەرەبچە، پارسچە تىلنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن شاھزادىگە ئەمەس، قۇمئېرىقتىكى دېھقان يىگىتكە ياتلىق بولغانىدى. بەختكە قارشى ئېرىنىڭ ئۆمرى كوتا بولۇپ قالدى. زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، تەقدىرى

شۇنداقمۇ، ئۇما ئورۇۋاتقان يېرىدىلا يىقىلىپ جان ئۈزۈپتۇ. تولىمۇ ئىشچان، غەيرەتلىك يىگىت ئىدى، — كۆڭلى بۇزۇلغان مەلىكە ئانا، بىردەم ئۆكسۈپ يىغلاپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۈچ ئوغلى بىلەن تۇل قالغان قىزىم قۇمئېرىق كەنتىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىنى قوزغاپ، بىر چوڭ ئېرىق چاپتۇرۇپ، سۇ يېتىشمەي قۇرغاقچىلىق كاساپىتىدىن چۆللىشىپ كېتىۋاتقان بۇ قۇم باياۋاننى يېشىل بوستانلىققا ئايلاندۇردى. قىزىمنىڭ بۇ ئەجرى ئۈچۈن، دېھقانلار قۇمئېرىق كەنتىنى «چولپان ئېرىق» دەپ ئاتاپ، ئۇنى ئەزىزلەپ كېلىۋاتىدۇ. باللىرىمنىڭ كۆپى ھازىر شۇ قىزىمنىڭ يېنىدا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك قىلىدۇ. باللىرى بىلەن يىلدا نەچچە قېتىم كېلىپ يوقلاپ تۇرىدۇ ... مېنىڭ پىتنە - پاسات ئاۋۇپ، ناھەقچىلىك كۆپىيىپ كېتىۋاتقان ئۇردۇكەنتكە زادىلا بارغۇم كەلمەيدۇ. مەن بۇ يەردە باللىرىم، ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان ئىستىقامەتچىلەر بىلەن بۇ خىسلەتلىك ماكاننى ئاۋات قىلىۋاتىمەن، ئەمدى ئۆلسەم ئارمىنىم يوق ...

بەگيۇسۇپ بىلەن مەھمۇد تېگىن مەلىكە ئانىنىڭ سۆزلىرىگە سەما بولغاچ، ئوخشىغان تائاملاردىن خېلى يېيىشتى. چايدىن كېيىن ئېلىپ كەلگەن قوي، كالا ۋە ئاتلارنى مۇتىۋەللىگە تاپشۇرۇپ، يۈز سەر ئالتۇن، مىڭ تىللا، يەتتە تاي ھەر خىل رەخت، تاۋارنى مەلىكە ئادىرا ئانىنىڭ ئالدىغا قويىدى.

— بەكمۇ جوۋاپ كېتىپسىلەر، مېنى خىجىل قىلىپ قويدۇڭلار. بۇ چۆلدىمۇ ئاللا ھېچكىمگە موھتاج قىلماي ئەزىزلەپ، بىزگە كۆپ نېمەت ۋە ھۆرمەت ئاتا قىلغان. ياخشى نىيىتىڭلارغا رەھمەت. ئالتۇن داشلىرىمىز قايناپلا تۇرسا، بۇ ئوردام كۈنسېرى ئاۋاتلىشىدۇ، باللىرىم.

ئۇلار ئوردامدا بىر ھەپتە تۇردى. يەتتىنچى كۈنى سەھەردە پايانسىز قۇملۇقتىكى بۇ ماكاندىن ئايرىلىپ يولغا چىقىشتى. قىيات بوۋاي قىزىق قۇمغا يېقىپ پىشۇرغان چەلپەكتىن يوللۇق

تۇتتى، مەلىكە ئانا قۇم بارخانلىرى دالدىسىدا ئاقيول تىلەپ دۇئا قىلىپ قالدى.

## 3

بەگيۇسۇپلەرنىڭ ئارقىسىدىنلا، يەنە بىر توپ كىشىلەر ئورنىدىن قوزغالدى. بۇ يوچۇن كىشىلەر ئۇلارغا قەشقەردىلا كۆلەڭگىدەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر ئىدى.

— ئىتتىك مېڭىشمامسەن! بولمىسا ئۇلارغا يېتىشەلمەي قالىمىز! — كەينىدىن كېلىۋاتقانلارغا ئېتىنى بۇراپ ۋارقىرىدى كۆلاھ ـ جەندە كىيگەن چوقۇر يۈزلۈك ئادەم.

— بۇنىڭدىن ئىتتىك ماڭساق يېتىشىپ قالىمىز، چاۋاربەگ. ئۇلارغا كۆز يېتىم يەردە ماڭساق بولارمىكىن. مۇبادا بىزنى تونۇپ قالسا، كىرگىلى كامار تاپالماي قالارمىزمىكىن؟ — دېدى ئۇنىڭغا ئوخشاشلا كىيىنگەن، ياشراق، قاتاراڭغۇ ئادەم.

— نېمىدەپ ئالجىۋاتىسەن بۆگۈش، كىم تونۇيتتى بىزنى؟ ئەگەر ئادىمىمىز كۆپرەك بولغان بولسا، ئۇلارنى ياپچاندىن ئۆتكەندىلا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن بولاتتۇق. ئاز كېلىپ قالدۇق، ئۇلار كۆپ ئىكەن ئەمەسمۇ، يۇغرۇش باشى بۇنى كۆزدە تۇتماپتۇ ـ دە. ئەمدى ئىز بېسىپ مېڭىپ ئوردۇكەنتكە يېقىنلاشقاندا، غاچچىدە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ئادىمىمىزنى كۆپەيتمىسەم بولمىغۇدەك، ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىپ قويمايلى. قەشقەرگە قايتىپ بارماي يۇپۇرغا، مەكىت ئارقىلىق سېرىقبۇيا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ھېزى بولايلى، — چاۋاربەگ ئېتىغا قامچا ئۇردى. بۆگۈشمۇ كەينىدىكىلەرنى تېزرەك مېڭىشقا دەۋەت قىلىپ ئېتىنى چاپتۇردى.

بۇ يىگىرمىچە ئادەم بوزاغۇنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇشى بىلەن بەگيۇسۇپلەرنىڭ پېيىگە چۈشكەنىدى. ئۇزىتىشقا

چىققانلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قايتماي بەگيۇسۇپلەرگە ھەمراھ بولۇشى، مەھمۇد تېگىننىڭمۇ خاس مۇلازىملىرى بىلەن ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىشى چاۋاربەگلەرنى ئىلاجسىز قىلىپ قويغانىدى.

ياپچانغا كەلگەندە ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم سارايغا چۈشتى.

بەگيۇسۇپلەر قەشقەردىن ئوردامغا بارغۇچە كەينىگە ئادەم چۈشكىنىنى بىلمىگەنىدى. ياپچاندىن سەھەر يولغا چىققاندا، مەھمۇد تېگىن سېزىپ قالدى.

— بەگيۇسۇپ ئاغا، قاراپ باقسىلا، كەينىمىزگە ئادەم چۈشكەندەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ ئېتىنى ئاستىلىتىپ ۋە كۆز يېتىم يەردە كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقنى قولى بىلەن كۆرسەتتى.

— ھە، كۆردۈم. ئۇلارمۇ توختاپ قېلىشتىغۇ، بىر گەپ باردەك قىلىدۇ. سەگەك بولايلى. ئۇلار زادى كىملەردۇ؟ — دېدى بەگيۇسۇپ قولى بىلەن ئاپتاپنى توسۇپ قاراپ.

— ئىزىمىزغا چۈشمىگەن بولسا، بىز توختىغاندا يانداپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى. لېكىن، توختاپ قېلىشتى. يەنە كۆزىتىپ باقايلى، ئاغا.

— قاراپ باقارمىز، ئىنىم. مېنىڭ سەزگۈم دائىم نۇرغۇن يىللاردىن بېرى جەمەتىمىزگە ئۆچمەنلىك قىلىپ كېلىۋاتقان بىرسىنىڭ سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللانماقچى بولۇۋاتقىنىدىن دېرەك بېرىپلا كەلگەندەك قىلىدۇ. ئەمما، ياخشى نىيەتلىك بەندىسىنى خۇدا ئۆزى ساقلايدۇ. سىلى ئوردۇكەنتكە قايتسىلا، شاھزادەم. بوۋا، مومىلىرى ئەنسىرەپ قالمىسۇن، ۋاقىتلىرىمۇ زايە بولۇپ كەتمىسۇن. مەن ۋە ھەمراھلىرىم يوپۇرغا، مەكىت ئارقىلىق ئۇچ[1]قا ئۆتۈپ، بەدەلئارت داۋىنىغا بېرىۋالساقلا بولدى. ئاندىن قۇزئوردۇغىمۇ يېتىۋالىمىز، — دېدى بەگيۇسۇپ.

---

[1] ئۇچ — ئۇچتۇرپان.

ئاۋازى بوش چىققان بىلەن تەلىپى قەتئىي ئىدى. بۇنى چۈشەنگەن مەھمۇد تېگىن:

— ماقۇل ئاغا، مەن ئوردۇكەنتكە بىر قىسىم خىزمەتكارلىرىم بىلەن قايتاي، خاس مۇلازىملىرىم سىلىنى بەدەلئارت داۋىنىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن يانسۇن. بۇ تەلىپىمنى قوبۇل قىلغايلا. يولدا قاراقچىلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، پەخەس بولغايلا. قۇزئوردۇغا سالامەت يېتىپ بارغانلىرى ھەققىدە مەكتۇپ ئەۋەتكەيلا. خەير - خوش، ئاغا، ئاقىۋللۇق بولغايلا، — مەھمۇد تېگىن مۇلازىم كۆتۈرۈپ تۇرغان بوپىنى ئېلىپ ئاچتى. ئۆزى يازغان «كىتابۇل جاۋاھىرىن نەھۋى لۇغاتىت تۈرك» دېگەن كىتابنى جىلتا بىلەن ئىككى قوللاپ بەگيۇسۇپكە ئۇزارتتى، — بۇ مېنىڭ يۈرەك قېنىم بىلەن پۈتكەن يوللۇقۇم، سىلىگە يادىكار بولۇپ قالسۇن، ئاغا.

بەگيۇسۇپ ئىككى قوللاپ ئالدى.

— بۇ پېقىر ئۈچۈن ھەرقانداق بايلىق ۋە ئەمەلدىن قىممەتلىك. رەھمەت بۆگۈ بىلگە ئىنىم، رەھمەت، — دېدى ئۇ مەھمۇد تېگىننىي قۇچاقلاپ، — خەير - خوش ئىنىم، ئۆتۈنۈشلىرىنى قوبۇل قىلىمەن.

— مەن خىزمەتكارلىرىم بىلەن بۇ يەردە قېلىپ، ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇراي. سىلى ئاتلىنىپ يولغا چىققايلا. ئامەت - نۇسرەت ھەر مەنزىلدە ئۆزلىرىگە يار بولسۇن، خەير - خوش.

— خەير - خوش! ...

ئايرىلىشقا قىيمىغان بۇ ئىككى ئالىم بىر - بىرىگە قايتا - قايتا خوش ئېيتتى. بەگيۇسۇپ ئاتقا مىندى. ئاياللار، باللار هارۋىغا ئولتۇردى. ئۇ شاگىرتلىرى، ئىخلاسمەنلىرى ھەم مەھمۇد تېگىننىڭ قىرىق نەپەر خاس مۇلازىمى بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

مەھمۇد تېگىن بەگيۇسۇپلەرنىڭ قارىسى يىتكىچە ئۆزى بىلەن قالغان ئادەملىرى بىلەن بىللە يولدا يېيىلىپ تۇرۇپ،

چاۋاربەگلەرنىڭ ئىچىنى تازا تىت ـ تىت قىلىۋەتتى. ئۇلار يا ئالدىغا ماڭالماي، يا كەينىگە يانالماي بۇ چۆلدە ئىككى سائەتتەك تۇرۇپ قېلىشتى. قورساقلىرىمۇ ئاچتى. بىرنەرسە يەۋېلىش ئۈچۈن چاۋاربەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يول چېتىگە چىقىشىپ ئولتۇرۇۋىدى، بۆگۈش:

— ئۇلار ماڭدى، — دەپ توۋلاپ ھەممەيلەننى ئورنىدىن قوزغىۋەتتى.

چاۋاربەگ قوللىرى بىلەن كۈن نۇرىنى توسۇپ سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن.

— راست، ئۇلار مېڭىپتۇ، دەرھال يولغا چىقايلى، — دەپ قىزىل بويۇن جەدىگە مىندى ـ دە، قامچا ئۇردى.

ئۇلار يوپۇرغىغا كېتىدىغان ئاچالدىنمۇ ئۆتتى. ئالدىكىلەر توختىماي ئۇدۇل كېتىۋەردى.

«ئۇلار ئارتۇچ بىلەن ماڭىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ما، كاشىلىنى قارىمامدىغان، ئوردۇكەنتكە كىرەرمۇ، يانداپ كېتىۋېرەرمۇ؟ بۇمۇ ياخشى بولغىنى، مەيلى كىرسۇن، يانداپ ئۆتسۇن، مەن بوزاغۇ بىگىمگە دەپ، ئادەملىرىمنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتىۋالمىسام بولمايدۇ. ئۇلار ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ...» دەپ ئويلىغان چاۋاربەگ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئارقىدىن كەلگەن بۆگۈشكە ياندىشتى.

— ئۇكا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قالماي كېتىۋېرىڭلار. مەن ئوردۇكەنتكە بارغاندا، يۇغرۇش باشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئادەم ئېلىپ، سىلەر ئارتۇچقا بارغۇچە يېتىشىۋالىمەن. بەلكىم ئۇلار ئوردۇكەنتكە كىرمىگەن تەقدىردىمۇ، گۇزەردە تاماق يەپ قالار، تاماق يېمەيمۇ كېتىۋەرمەس. ئەمما، بۆگۈش ھەرگىز بىخەستەلىك قىلما. ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىپ قويساڭ، يۇغرۇش باشى كاللىمىزنى ئالىدۇ، — دېدى تاپىلاپ.

— خاتىرجەم بولسىلا چاۋاربەگ ئاكا، ئۇلار نەزىرىمدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — بۆگۈش مەيدە قېقىپ

چاۋاربەگكە ۋەدە بەردى.
مەھمۇد تېگىنلەر ئۆتەڭلەردىمۇ توختىمىدى. گۇگۇم چۈشتى. ياز قۇياشىنىڭ ئوتلۇق نۇرى ئۆچكەن بولسىمۇ تىنچىق ئىسسىق داۋام قىلىۋاتاتتى. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندە ئوردۇكەنتكە يېتىپ كەلدى. توخۇ سۇتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان گۆزەردىمۇ بىر نەرسە يەۋالىلى دېمەي، ئۇدۇل شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن چاۋاربەگ «بەگيۇسۇپلەر ئوردۇكەنتتە توختاپ ئۆتسە كېرەك، بۇمۇ ئوبدان بولدى» دېگەن ئويغا كېلىپ ئادەملىرى بىلەن شەھەرگە ئاياغ باستى. كوچا ـ كويلاردا ئادەم شالاڭلىشىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئوردىغا بارىدىغان كوچىغا قايرىلغىنىنى كۆرۈپ، شۇ يول بىلەن ماڭدى. خانلىق مەدرىسە، ساچىيە مەدرىسەسى ئالدىدا بىرمۇنچە تالىپلار چۈشۈپ قېلىشتى. مەھمۇد تېگىن ئوردا ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ، يۈگۈرۈپ كەلگەن ياساۋۇلغا تىزگىنىنى بەردى. باشقا خىزمەتكارلىرىمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. ئوردا ئالدىغا يېقىنلاپ كەلگەن چاۋاربەگ شام چىراغلارنىڭ يورۇقىدا ئۇلارنى ئوچۇق كۆرۈپ ئېتىنى توختاتتى. «ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەگيۇسۇپ يوققۇ، بۇ ئۆزاتقىلى چىققان مەھمۇد تېگىن، ھەم ئۇنىڭ ئادەملىرى بولمىسۇن يەنە. راست شۇلار ئىكەن. بىز ئالدىنىپتۇق» دەپ قورۇق باسقان پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى. ئۇ ئادەملىرى بىلەن بىلمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئەتەي ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان مەھمۇد تېگىن:
— توختاڭلار! — دېدى ۋە ئۇلار توختىغاندىن كېيىن سورىدى، — سىلەر نەدىن كېلىۋاتقان دەرۋىشلەر؟
— بىز ... بىز ئۇلۇغ رامىزان شېرىپىنى ئوردۇكەنتتە ئۆتكۈزگىلى ياركەنتتىن كەلگەن دەرۋىشلەرمىز، — دەپ كېكەچلەپ جاۋاب بەردى چاۋاربەگ.
— رامىزانغا يەنە ئۈچ ھەپتە بارغۇ، نېمانداق بۇرۇن كەلدىڭلار؟ ياركەنتلىكتەكمۇ قىلمايسىلەر. ئوردۇكەنت ياخشى

نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ماكانى، يامان نىيەتلىكلەرنى سىغدۇرالمايدۇ. نىيىتىڭلارنى توغرىلاپ، ماجىرا تۇغدۇرماي كۆن كەچۈرۈڭلار، بولامدۇ؟ — دېدى مەھمۇد تېگىن مەنىلىك قىلىپ.

— بولىدۇ، شاھزادە، بولىدۇ، — ئاتتىن چۈشكەن چاۋاربەگ تىزلىنىپ يەرگە باش قويدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە مەھمۇد تېگىن خىزمەتكارلىرى بىلەن ئوردىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

ئوسال بولغان چاۋاربەگ ئادەملىرى بىلەن «جانقورغان» كوچىسىدىكى بوزاغۇنىڭ قورۇسىغا كەلدى. خېلى ئۇزاققىچە نەچچە قېتىم ئىشىك ھالقىسىغا قول ئۇزارتىپ، قېقىشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى.

كوچا قاراڭغۇ ئىدى. «بوزاغۇ بېگىمگە نېمە دەرمەن؟ كاللامنى ئالمىسىمۇ يېتىپ ئاشقۇچە تىل ـ دەشنەم ئىشىتىدىغان بولدۇم. بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن ...» دەپ ئاخىر ھالقىنى ئۇردى. ئىشىك ئېچىلدى. چاۋاربەگ جىنچىراغنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ياساۋۇل قابانىنى كۆردى.

— ۋەزىر ئەزەم ئۆيدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ سالاملىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ.

— بۇ كېچىدە ئۆيدە بولماي نەگە كېتەتتى، سىلەردىن خەۋەر كۈتۈپ كۆزى تېشىلدى. نېمە بولدى چاۋاربەگ، ئۇنلىرى ئىچلىرىگە چۈشۈپ كېتىپتىغۇ؟ — قابان ئۇنىڭ مەيۈس چىرايىغا قارىدى.

چاۋاربەگ جاۋاب بەرمەي، شام ـ چىراغلار يېقىلىپ كەتكەن تال باراڭلىق ئازادە ھويلىغا كىردى. قابان مېھمانخانىغا كىرىپ بوزاغۇنى باشلاپ چىقتى. يۇغۇرۇش باشى قاراپلا ئەھۋالنى ئاڭقىرىغان بولسا كېرەك، كەلگىنىچە چاۋاربەگنىڭ يۈزىگە نەچچە كاچات ئۇرۇۋەتتى.

— لامزەللە كالۋا، بەگيۈسۈپلەر «ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا» قىلىپ، ئالداپ قويۇپ غايىب بوپتۇ ـ دە. شۇنداقمۇ دۆت؟

— مەن ... مەن راستىلا ئالدىنىپ، مەھمۇد تېگىنلەرنى بەگيۇسۇپ دەپ قاپتىمەن، يۇغرۇش باشى. بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا، — يەرگە باش قويدى چاۋاربەگ.

بوزاغۇنىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كەلگەنىدى. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كەلگەن بۇ چاكىرىنىڭ بېشىنى ئۇزۇۋەتكىلى تاس قالدى.

— بەگيۇسۇپنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ كۈتۈپ تۇرسام، يۇزۇڭنى پولۇ قىلىپ يىغلاپ كەلگىنىڭگە تۇفى! قوپ ئورنۇڭدىن هارامزاده ! — بوزاغۇ ئۇنىڭ بىقىنىغا بىرنەچچىنى تەپتى.

يىلاندەك تولغىنىپ كەتكەن چاۋاربەگ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— سېنى قولىدىن ئىش كېلىدۇ، دەپ مەرتىۋەڭ ئۆستۈرگەن، بېيىتىدىغان ئىشقا بۇيرۇسام هالىڭ مۇشۇمۇ دەيمەن. هازىرنىڭ ئۆزىدە مەن بىلەن ماڭ ! شەھەردىن چىقىۋالمىساق دەرۋازا تاقىلىپ كېتىدۇ. چاپسان بول ئىتنىڭ كۈچۈكى ! — دېدى بوزاغۇ قولىدىكى قامچا بىلەن چاۋارنىڭ غولىغا ئۇرۇپ. ئۇ چاۋاربەگنىڭ ئادەملىرىنىمۇ ئۇرغىنىچە هويلىدىن سۆرەپ چىقتى، — ئاتقا مىنىپ ئارقامدىن مېڭىش!

چاۋاربەگ ۋە ئۇنىڭ ئاچ قورساق ئادەملىرى نەگە بېرىشىنى بىلمەي چاپقانلىرىچە، تاقىلىش ئالدىدا تۇرغان يارباغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، باغئېرىق كەنتىدىكى بوزاغۇنىڭ باغلىق قورۇسىغا بارغانىلا ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى.

تىنچىق ياز كېچىسى، شامالدىن ئەسەر، ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازىدىن باشقا تىۋىشمۇ يوق ئىدى. ئورغاقتەك ئىنچىكە ئاي، بۇلۇتلۇق ئاسماندا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي مۆكۈلىناتتى.

ئىشىك ئالدىغا بىرىنچى بولۇپ كەلگەن تامدەك بەستلىك قابان ئوموتى بىلەن ئىشىكنى قاقتى. هايال ئۆتمەي بىرقانچە ئادەم يۈگۈرۈپ چىقىشتى.

— شۇنداق قاتتىق ئۇرغان بارمۇ، ئىشىكنى چېقىۋەتمەكچىمۇ سەن؟ — دېدى چىراغ كۆتۈرۈۋالغان قاباندەك تەمبەل بىر يىگىت. ئۇ بوزاغۇنى كۆرۈپ ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىپ قول باغلاپ تۇردى.

— سەن بەكرى، ئادەملىرىڭنى ئويغات! دەرھال ئاتلىنىپ، قابان، چاۋاربەگ ئاكاڭ بىلەن ئۇچقا بارىسىلەر، — دېدى بوزاغۇ تۆگىدەك ئېگىز بويلۇق، مەيدىسىنى ئاتنىڭ يالىدەك تۈك باسقان يىگىتكە چەكچىيىپ.

— ئادەملىرىم تېخى ياتمىدى، بېگىم. ھازىر ماڭامدۇق؟ — سورىدى بەكرى ئالمان - تالمان سەپەرگە چىقماقچى بولغىنىدىن ئەجەبسىنىپ.

— دەرھال مېڭىڭلار! سەللا كېچىكسەك ئوۋنى قولدىن چىقىرىپ قويىمىز، چۈشەندىڭمۇ؟ ئادەملىرىڭنى چاپسان ئاتلاندۇر! — بوزاغۇ بەكرى باغقا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن چاۋاربەگكە بۇيرۇدى، — سىلەرمۇ ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىۋېلىڭلار. بۇ يەردە ئۇ نەرسىلەر قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك تېپىلىدۇ. بولۇڭلار!

چاۋاربەگ بىلەن قاباننىڭ ئادەملىرى باغ ئىچىدىكى چوڭ ساراي ئۆيدە كىيىملىرى ئۈستىدىن ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىۋېلىشتى.

بۇلار بوزاغۇنىڭ ھەر جايدىن يىغقان ئادەملىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلىشقا تەييار ئىدى، چىرايلىرىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى.

— ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىمىسەك بولمامدۇ؟ بۇ يېلىڭ كىيىمىمىزمۇ ئېغىرلىق قىلىۋاتسا، — دېدى بەكرى ساۋۇتنى ئۇچىسىغا تارتىشتۇرۇپ كىيىۋېتىپ.

— ئۆرۈك قېقىپ يېگىلى دۆلەتباغقا بارمايسەن، جەڭگاھتا جەڭ قىلىشقا بارىسەن. سېنىڭ بۇ چوتا كۆڭلىكىڭ سېمىز تېنىڭگە دالدا بولالماس ... بول، ئادەملىرىڭ ئېتىغا

مىنسۇن ! — دېدى بوزاغۇ ئالدىرىتىپ.
— رەھمەت يوغرۇش باشى، غېمىمىزنى يېگەنلىرىگە، — دېدى بەكرى ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئاندىن ئېغىلدىن ئاتلىرىنى ئېلىپ چىققان ئادەملىرىگە:
— ئاتلىنىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.
ھەممەيلەن ئاتلىرىغا مىندى. بۇلار يەتمىش ئىككى ئادەم ئىدى.
— قابان، بەكرى ئىككىڭلار بۇ ئادەملەرگە مەسئۇل، سىلەرگە بولسا چاۋاربەگ باشچىلىق قىلىدۇ. كىم قاچسا، ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇپ تاشلاڭلار. قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇلارنى قوغلاپ يېتىڭلار ! بەدەلئارت داۋىنىنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتكەندە، بىرسىنىمۇ ئامان قويماي چېپىپ تاشلاڭلار! كىمىكى بەگيۇسۇپنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلسا، ئۇنىڭغا ئاشۇ باش چوڭلۇقىدا ئالتۇن ئىنئام قىلىمەن. كىمىكى ئۇنى قاچۇرۇپ قويسا، تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ سامان تىقىمەن ! ئاڭلىدىڭلارمۇ؟
— ئاڭلىدۇق ! — ۋارقىراشتى ئۇلار.
— نىشانغا يەتكەندە يۈزۈڭلارغا نىقاب تارتىۋېلىڭلار. نىقاب ئېلىۋالغانسىلەر؟
— ئېلىۋالدۇق !
— ئۇنداق بولسا يولغا چىقىڭلار !
— خوپ! ... — ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

## 4

بەگيۇسۇپلەر پىژغىرىم ئاپتاپتا، ئون سەككىز كۈن يول يۈرۈپ ئۇچقا كەلدى. سەپەردە بىر جايدا كۆپ تۇرۇپ قالمىدى، بىرەر پېشكەللىككىمۇ ئۇچرىمىدى.
ئۇلار بوستانلىق، سايە ـ سالقىن بولغان ئۇچتا ئۈچ كۈن

تۇردى، ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمىدى. تۆتىنچى كۈنى سەھەردە ئۇلار يەنە يولغا چىقتى.

ئاقىرانىڭ تىنچىق ئىسسىق باشلىنىش بىلەن قەشقەردە قوزغالغان زىققە كېسىلى بۇ يەردە ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. ئۇنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقانىدى. دېمى سىقىلىپ تىنالماي قالغان ئانىسىنىڭ نەپىسى راۋانلىشىپ، روھىي ھالىتىنىڭ ياخشىلانغىنىنى كۆرگەن بوۋىئايىشەنىڭ غەم - ئەندىشە بىلەن بىئارام بولغان كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى، بۇ يەنە دىلدارىكەنىڭ جان كۆيدۈرۈپ داۋالاپ، بەرگەن دورىلىرىنىڭ شىپا بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقۇسى كەلگەن بەگيۈسۈپ كېمىر شەكىلدىكى چىرايلىق ھارۋىغا يېقىنلاشتى.

— دىلدارىكە ! — توۋلىدى ئۇ.

ھارۋىنىڭ ئالدىدىكى پەردە ئېچىلىپ چۈمپەردىگە پۈركەنگەن باش كۆرۈندى.

— لەببەي، بەگيۈسۈپ ئاغا.

— يولدا تازا جاپا چەكتىڭىز - ھە؟

— يوقسۇ، دىيارىمىزنىڭ شۇنچە گۈزەل مەنزىرىلىرىنى كۆرۈپ، بۇرۇنراق سەپەر قىلمىغىنىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ قالدىم.

بەگيۈسۈپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئۇنداق بولسا ياخشى. ئاقىرا قانداقراق؟

— ئوبدان، ئەنسىرىمىسىلە، ئوڭشىلىپ قالدى.

— يولدا جاپا چېكىپ قالمىسۇن دەپ، ئوردۇكەنتتە قېلىشلىرىنى ئىستىگەنىدىم، دىلدارىكە. ھالبۇكى، بىز بىلەن بىللە سەپەر قىلغانلىرى خاسىيەتلىك بولغانىكەن. ئاقىراغا ئوبدان قارىدىلا، ئاغرىق ئازابىنى يېنىكلەتتىلە. دىلدارىكە بولمىسا قانداق قىلغان بولاتتۇق، دەپ ئويلاپ قالىمەن، ھەم خىجىل بولىمەن. رەھمەت سىلىگە، كۆپ رەھمەت ...

— پېقىرە داۋالىغان ھەربىر كېسەل ساقايغاندا، ئۆزۈمنىڭ كېسىلى ساقايغاندەك خۇش بولۇپ كېتىمەن. ئاقىبىرا ئاغىچا خېنىمغا بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى شىپا بولۇپ ئوڭلىنىپ قالدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغىنىمدىن شۇنچە سۆيۈندۇم، — دېدى دىلدارىبىكە مەمنۇنىيەت بىلەن. ئاقىبىرانىڭ سولغۇن چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى:

— دىلدار ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ بەرگەن دورىلىرى، ئىللىق قوللىرى، يېقىملىق سۆزلىرى، خۇش نەزەرلىرى پېقىرەنىڭ كېسىلىگە شىپا بولدى. سىلىنى ماڭا ھەمراھ قىلىپ بەرگەن تەڭرىمدىن مىننەتدارمەن. سىلىگە رەھمەت ...

بەگيۇسۇپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ئېتىنى ئاستىلاتتى. ئارقىدا كېلىۋاتقان ھارۋا ئۇنىڭغا يانداشتى. بۇ ھارۋىغا قىزى بۇۋىئايىشە، قۇمبا خېنىملار دېدەكلىرى بىلەن چۈشكەنىدى.

— بوۋا - بوۋا! — توۋلىدى ھارۋىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋالغان جانپىدا غوجام ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ.

— مانا قارا، چوپچوڭلا بولۇپ قاپسەنغۇ بالام، — بەگيۇسۇپ نەۋرىسىگە زوقلىنىپ كۆز سالدى: بېشىغا بادام دوپپا، ئۈچىسىغا يوللۇق شايە كۆڭلەك كىيىپ، پۇتلىرىغا چىرايلىق چورۇق سايپان گۆدەك كەمىرىگە كىچىك خەنجەرنى ئېسىۋالغانىدى، قارا كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى.

— بوۋا، ھارۋىنى مەن ھەيدەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ قامچىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان ھارۋىكەشكە قاراپ قويۇپ.

— كەلگىنە بالام، ئاتقا مىندۈرەي، — بەگيۇسۇپ نەۋرىسىگە ئىككى قولىنى ئۇزىتىشىغا، جانپىدا غوجام ئۆزىنى ئاتتى. بۇۋىئايىشە «ۋاي !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. بەگيۇسۇپ بالىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋالدى. جانپىدا غوجام پۇتىنى تېپىرلىتىپ ئاتنى ئۈركۈتۈۋەتتى، ئات سىلكىنىپ چېپىپ كەتتى. بەگيۇسۇپ گۆدەكنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، تىزگىنىنى تارتتى. ئات بارا - بارا

ئاستىلاپ كىشنەپ توختىدى.

— بوۋا، بوۋا ئات نىمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى جانپىدا غوجام تىزگىنىگە ئېسىلىپ.

— بالىغا دىگىن، تىزگىنىنى تارتماي جىم ئولتۇرسۇن، ئاغزىم ئاغرىپ كەتتى. دەيدۇ.

— نىمىشقا ئاتنىڭ ئاغزىنى تۆمۈر بىلەن باغلاپ قويىدۇ بوۋا؟ دەپ بىيە.

— تۆمۈر بىلەن باغلاپ قويمىسا مىندۇرمەيدۇ، بالام. بىلدىڭمۇ؟

— چوڭ بولسام ئات بولمايمەن، — دىدى جانپىدا غوجام بېشىنى چايقاپ.

— ھەرگىز ئات بولما، ئادەملىك خىسلىتىڭنى يوقاتماي چوڭ بول.

— خىسلەت دىگەن نىمە ئۇ بوۋا.

— غۇرۇر، بالام.

— غويۇي، غويۇي دىگەن نىمە؟

— غويۇي ئەمەس غۇرۇر، غۇ ـ رۇ ـ ر، دەپ باقە.

— غورۇي.

— ئۇنداق ئەمەس، غۇرۇر.

— غۇ ـ رۇر.

— ھەـــە، ئەمدى دىيەلىدىڭ بالام. غۇرۇر دىگەن ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، غۇرۇرىنى يوقاتقان ئادەم، ئات ـ ئېشەككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

— ھە، چۈشەندىم بوۋا. مەن غۇرۇرۇمنى يوقاتمايمەن. ھەرگىز ئات ـ ئېشەك بولمايمەن.

— ھۇششەرە بالام، ئەقىللىك بالام. غۇرۇرىنى يوقاتمىغان ئادەم ئالدانمايدۇ، ئالدىمايدۇ. بوزەك بولمايدۇ، بوزەك قىلمايدۇ، قەدىرلىنىپ ياشايدۇ. بۆگۈ بىلگە، پادىشاھ بولالايدۇ.

جانپىدا غوجام ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، بوۋىسىنىڭ ئۇزۇن

ساقىلىنى سىلىدى.
— مەن چوڭ بولسام سەندەك ساقال قويۇپ بۆگۈ بىلگە بولىمەن، پادىشاھ بولىمەن.
— ئاللا مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن، بالام، — بەگيۇسۇپ ئەمدى ئۇچ ياشقا كىرگەن نەۋرىسىنى قۇچاقلىدى. ئاستا كېتىۋاتقان ئاتنى توختاتتى. كەينىدىن كېلىۋاتقانلارمۇ يېتىشتى.
— ئاتا، ئوغلۇم ساقمۇ؟ — باياتىن ئەندىشە بىلەن ھارۋىدىن باش چىقىرىپ قاراپ كېلىۋاتقان بۇۋىئايىشە ئۇلارنى كۆرۈپلا ئالدىراپ سورىدى.
— ساق، قىزىم، ساق. كۆك بۆرىدەك شاش، تىمەن تۇرغىنىنى قارىسىلا، — بەگيۇسۇپ جانپىدا غوجامنى قول ئۇزارتقان ئانىسىغا سۇنۇپ بەردى.
بۇۋىئايىشە ئوغلىنى باغرىغا تېڭىپ، ھارۋىنىڭ ئالدىدىكى پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى.
— تازا ئەنسىرەتتى ـ ھە، بۇ ئەزىمەت؟ — دېدى مەستىلىكى كەلگەن قۇمبا خېنىم.
— بۇ ئوغلۇم بەك شوخ، قۇمبا خېنىم ئاچا. قۇزئوردۇغا بارغاندا ئەدەپلەپ موللا مۇشۇك قىلىپ قويىمىسام ...
— ئۇنداق دېمىسىلە، ئۇكام. بالىنىڭ شوخ بولغىنى ياخشى، شوخ بالا ئەقىللىك، باتۇر بولىدۇ.
— بۇ دېگەنلىرىڭىزغۇ توغرا قۇمبا خېنىم ئاچا، ئەمدى مېنىڭ بۇ بالام شوخلۇقنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئاتىسى بولسا بۇنچىۋالا بەڭباش بولۇپ كەتمەيتتى، — ئېلبەگ ئېسىگە كەلگەن بۇۋىئايىشەنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا توشتى، — ئاتىسىز مانا شۇنداق قىلىقسىز چوڭ بولىدىغان بولدى، شور پېشانە بالام ...
— نېمىشقا ئۇنداق دەيدىلا ئۇكام؟ بەگيۇسۇپتەك پۈتۈن ئەلگە تونۇلغان بۆگۈ بىلگە بوۋىسى بار تۇرسا، قانداقمۇ شور پېشانە بولسۇن. مانا مەن شور پېشانە، ئۇكام. ياتلىق بولىدىغان يىگىتىم قۇربان بولۇپ مېنى ئۆمۈرۋايەت تۇل قىلىپ قويغان، ئاتام،

ئاكامىۇ جەڭدە قۇربان بولدى. يېشىمىۇ قىرىقتىن ئاشتى. سىلى تېخى كۆچەت. مېھىر - مۇھەببەتلىرىنى ئۇلغايتىدىغان، قۇت ئاتا قىلىدىغان مانا بۇ كۆك بۆرىلىرى بار. ھەرگىز كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، چېچەكلەپ، گۈللەپ ياشنايدىغان چاغلىرى تېخى ئالدىلىرىدا ...

قۇمبا خېنىمنىڭ سۆزلىرى بۇۋىئايىشەنىڭ يېشىنى توختاتتى. بىردەم ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ھارۋىنىڭ پەردىسىنى قايرىدى. ھارۋىغا ياندىشىپ، خىيالچان كېتىۋاتقان ئاتىسىنى كۆرۈپ يۈرىكى زىڭىلداپ كەتتى.

— ئاتا!

— لەببەي، بالام.

— ھارۋىغا چىقىپ بىرئاز ئولتۇرۇۋالسىلا، سىلى تۈنۈگۈندىن بېرى ئات ئۈستىدە، چارچاپ قالدىلا.

بەگيۈسۈپ ئادايغا ئېتىنى بېرىپ، توختىغان ھارۋىغا چىقتى، قىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— نېمىنى ئويلاۋاتىدىلا، ئاتا؟ — بۇۋىئايىشە ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلاپ سورىدى.

— مانا بىز كېتىۋاتىمىز. قۇزئوردۇغا بارغاندا ئانام ۋە ئايتولۇن ئاچامنى كۆرەلمەيدىغانلىقىمدىن ھەسرەت چېكىۋاتىمەن، بالام، — بەگيۈسۈپ ئۆزىگە ئىنتىلگەن جانپىدا غوجامنى قۇچىقىغا ئالدى.

— ھەممىمىز ئۆلگەنلەرنى ئەسلەۋېتىپتۇق، بەگيۈسۈپ ئۇكام. ئادەم ئاجايىپ بولىدىكەن، — دېدى قۇمبا خېنىم ئېغىر تىنىپ.

— ئۆلگەنلەرنى ئەسلىگەندە تىرىكلەرنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولىدۇ. قۇمبا ئاچا. مۇشۇ تۈپەيلىدىن ھەمىشە ئاۋۋال ئۆلگەنلەرنى ئەسلەپ، ئاندىن تىرىكلەر توغرۇلۇق ئويلايمەن.

— مېنىڭ تىرىكلەرنى ئويلىغۇم كەلمەيدۇ ...

— نېمىشقا، قۇمبا ئاچا؟ — بۇۋىئايىشە ئەجەبسىنىپ

سورىدى.

قۇمبا خېنىم جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى بەگيۇسۇپ ئېغىز ئاچتى.

— تۇغۇلغان ئادەم قاچان، قەيەردە، قانداق ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن ئوخشىمايدىغان ئەسلىمە قالىدۇ. قۇمبا ئاچا، ئەسلىمە ھەرقانچە ئېپتىخارلىق، تەسىرلىك ياكى ئېچىنىشلىق، ئىبرەتلىك بولسۇن تىرىكلىك توغرىسىدىكى خىيالنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. تىرىكلەر ھەققىدە ئويلىغاندىلا، ئادەملەر ئۆزىگە چىقىش يولى تاپالايدۇ.

قۇمبا خېنىم جاۋاب بەرمىدى. بۇۋىئايىشە ئاغزىنى ئۆمەللەپ ـ ئۆمەللەپ، ئاتىسىنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن دېمەكچى بولغان گېپىنى يۇتۇۋېتىپ جىم بولدى.

بەگيۇسۇپ قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان نەۋرىسىنى بۇۋىئايىشەگە بېرىپ، توختىغان ھارۋىدىن چۈشتى.

— قىزىم، بالا ئۇخلىدى. سىلەرنىڭمۇ ئۇيقۇڭلار كەلگەندەك قىلىدۇ. بەدەلئارت داۋىنىغا يېقىنلاپ كەلدۇق، ھەر ھالدا سەگەك بولغىنىمىز ئەۋزەل. قوراللىرىڭلار تېخىچىلىقمۇ، يېنىڭلاردىمۇ؟ بۇ ئەتراپ ئانچە تىنچ ئەمەس، — دېدى ئۇ ئېتىغا مىنىۋېلىپ.

— يېنىمىزدا، ئاتا. ئۇچىتا تېخىچە ئاجرىتىۋالغانمىز.

— مەن كارۋاننى بىر كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلەي، — بەگيۇسۇپ ئېتىنى يورغىلىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇۋىئايىشە ھارۋىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈپ، خىيال سۈرۈپ قالغان قۇمبا خېنىمدىن سورىدى:

— ئابام سىلى توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەپ بەرگەن، قۇمبا خېنىم ئاچا. سىلى شۇنداق چىرايلىق، بىلىملىك تۇرۇپ، نېمىشقا تىرىكلەر توغرۇلۇق ئويلىغىلىرى كەلمەيدۇ؟

قۇمبا خېنىمنىڭ ئەگىم قاشلىرى سەل كۆتۈرۈلۈپ، قوي كۆزلىرى بىر يۇمۇلۇپ ئېچىلدى. تال ـ تال كىرپىكلىرىدىن

سىرغىغان تامچىلار مەڭزىدىن دومىلاپ چۈشتى.

— مەن تاغىلىرى بەگتۇرمىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم، پۈتۈن ھاياتىمنى ئۇنىڭغا بېغىشلىۋەتكەنىدىم. ئۇ جەڭگە كېتىپ قۇربان بولدى. يىللار ئۆتتى. لېكىن، ماڭا ئۇ ھازىرغىچە ھاياتتەكلا بىلىنىدۇ. ئاتام ھايات چېغىدا مېنى نەچچە نۆۋەت ياتلىق قىلماقچى بولدى. ماقۇللۇق بىلدۈرسەممۇ، بەگتۇرمىش كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ يالتىيىۋالدىم ... ئاخىرىدا ياتلىق بولماسلىق قارارىغا كەلدىم، قۇلىقىممۇ تىنچىپ قالدى. شۇڭا، تىرىكلەر توغرۇلۇق ئويلىغۇم كەلمەيدۇ، جەڭگە قاتناشقۇم، جەڭدە قۇربان بولغۇم كېلىدۇ ...

— بىلدىم، قۇمبا خېنىم ئاچا، سىلى بەك ۋاپادار ئىكەنلا، مەنمۇ سىلىدەك بولالايمەنمۇ؟ — بۇۋىئايىشە ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى.

— ياق، ئۇكام، مەندەك بولۇشلىرىنى خالىمايمەن. بۇنداق بولۇش مەن بىلەنلا كەتسۇن ...

بۇۋىئايىشە ئويغا چۆمۈپ قالدى. «راست، ئاتا ـ ئانام ئۇچۇن، ئوغلۇم ئۇچۇن ياشىشىم كېرەك ...»

— بۇۋىئايىشە خېنىم.

خىيالغا چۆمۈپ كەتكەن ياش ئانا بېشىنى كۆتۈردى.

— بايا ئاتىلىرى سەگەكرەك تۇرۇشىمىزنى تاپىلىدى، ئۇكام. داۋانغا يېقىنلاپ قاپتۇق. ئالىمادىس قاراقچىلار ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئالدىراپ قالمايلى دەيمىنا، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىمىزنى كىيىۋالايلى.

قۇمبا خېنىم ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىكى ساۋۇت ـ دۇبۇلغىنى ئېلىپ كىيىۋالدى.

بۇۋىئايىشەمۇ ئوغلىنى كۆرپىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىنى كىيدى. دېدەكلىرىمۇ كىيىپ ياراغلىرىنى يېنىغا قويدى. سىپايە ـ نازاكەتلىك بۇ ئىككى خېنىم بىردەمدىلا سالاپەتلىك سىپاھ بولۇپ قالدى.

# 5

ھارۋىلارنىڭ بۆشۈكتەك تەۋرىنىپ مېڭىشىدىن مۈگدەك بېسىپ قالغان ئاقىبىرا خېنىم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەنىدى. چۈشىدە: بىر قانچە قارا يىلان كۈشۈلداپ كەلگىنىچە بىلىگە، بويىنىغا چىرمىشىۋالغان ئىمىش، بەگيۇسۇپ بىلەن دىلدار ئاغىچا پەيدا بولۇپ، يىلانلارنى پارە ـ پارە قىلىۋاتقانىمىش. ئۆزىمۇ يىلانلارنى قىلىچ بىلەن چېپىۋېرىپ قانغا چۆكۈپ كېتىۋاتقۇدەك. يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قىلىچقا قولىنى سۇنۇپ: «بەگيۇسۇپ ـ بەگيۇسۇپ !» دەپ توۋلاپ كېتىپتۇدەك ... ئۇ ئويغىنىپ كېتىپ، بىر ئەنسىزلىك بىلەن ھارۋىنىڭ پەردىسىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، ئالدىدىراق كېتىۋاتقان بەگيۇسۇپنى كۆرۈپ ئۇھ دېدى:

— دىلدار ئاغىچا خېنىم، مەن چۈش كۆردۈم، بەك قورقۇنچلۇق ... بەگيۇسۇپمۇ توختىدى. بىزگە گېپى بار ئوخشايدۇ ...

دىلدار ئاغىچا خېنىم بەگيۇسۇپنىڭ ھارۋىغا يېقىنلاپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، چۈمبەلنى يۈزىگە چۈشۈرۈۋالدى.

— ئانىسى قانداقراق تۇرۇۋاتىدىلا؟ — ھارۋىغا ياندىشىقان بەگيۇسۇپ يۈزىنى ھارۋىغا قىلىپ سورىدى.

— ئوبدان، ئاتىسى. ھېلى سىلىنى چۈشەپ قاپتىمەن ...

— قانداق چۈشەپلا ئانىسى؟

— بەك قورقۇنچلۇق، ئاتىسى، ھازىر ئېيتماي، بولامدۇ؟ — ئاقىبىرانىڭ چۈشىنى ئۆرۈگۈسى كەلمىدى.

— مەيلى ئانىسى، بۇ چۈشنىڭ بەدىلىگە قۇل ـ دېدەكتىن بىرنى ئازاد قىلىۋەتسىلە. مانا بەدەلئارت داۋىنىغىمۇ كېلىپ قالدۇق.

— بەدەلئارت داۋىنىغا كېلىپ قالدۇقمۇ؟ قۇزئوردۇغىمۇ

يېقىنلاپ قاپتۇق، — دېدى ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ قالغان ئاقبىرا. نېمىشقىدۇر كۆرگەن چۈشىدىن تېخىچە ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى.

— خۇدا بۇيرۇسا بەدەلئارت داۋىنىدىن تىنچ - ئامان ئۆتۈۋالساقلا، قۇزئوردۇنىڭ بوسۇغىسىغا بېرىپ قالىمىز.

دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيىۋالغان ئېرىنىڭ بۇ سۆزىدىن بىر بېشارەتنى سەزگەن ئاقبىرا:

— ئاتىسى، داۋاندىن ئۆتكۈچە بىزمۇ ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىمىزنى كىيىۋالىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىز كىيىۋالدۇق، سىلەر كىيمىسەڭلارمۇ بولار.

— بىزنى ئاجىز كۆرۈۋاتاملا بەگيۇسۇپ؟ بىزمۇ ئۆزىمىزنى، بالىلىرىمىزنى قوغدىيالايمىز ...

دىلدار ئاغىچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بەگيۇسۇپ ماقۇللىغان هالدا كۈلۈمسىرىدى:

— يوقسۇ، يوقسۇ، خانىلىرىم! هەربىرلىرىنى ئاجىز سانىغىنىم يوق. ئانىلار ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ھەم كۈچلۈك، جەڭگاھلاردا ئالىپ ئاتالغان قىز - جۇۋانلار ئاز ئەمەس. ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىۋالىمىز دېيىشىسىلە، مەيلى ... — بەگيۇسۇپ بىلەن ئاقبىرا بىر - بىرىگە تىكىلىپ قېلىشتى، شۇ دەقىقىدە ھەر ئىككىيلەننىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى ...

ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقان ئاداي توختاپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇلار داۋان باغرىدىكى قىشلاقتا يېتىپ كەلگەنىدى. ياپيېشىل بوستانلىق ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن قويۇق ئىس چىقىۋاتاتتى. قويلارنىڭ مەرىگىنى، كالا - قوتازلارنىڭ مۆرىگىنى ئاڭلىناتتى. داۋان باغرىدىكى ساي ئېقىنىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان بەگيۇسۇپ ئادايىنىڭ بىر قورۇ ئالدىدا توختاپ، ئۆي ئىگىلىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇ ھارۋىكەشكە ئاشۇ قورۇ سەيناسىدا توختاشنى بۇيرۇپ، ئۆزى ئالدىدىراق باردى.

پېتىشقا ئاز قالغان ياز قۇياشىنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى قورۇ تېمىدا ئالتاغىل شولىلارنى پەيدا قىلغانىدى. چار ساقال، بويلۇق، تونچە ئۇزۇن كۆڭلەك، دوپپا كىيگەن سالاپەتلىك ئادەم كېلىپ، بەگيۇسۇپ بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ دېدى:

— جانابلىرىنى كۆرمەي قاپتىمەن يۇغرۇش باشى، مۇبارەك قەدەملىرى قىشلىقىمىزغا قۇت ئاتا قىلغاي.

— مەن ھازىر يۇغرۇش باشى ئەمەس، تۇرسۇنبەگ ئاقساقال، ئاددىي پۇقرا مەن، ئىنىم دەۋېرىلىك، بىز كونا بۇرادەرلەردىنغۇ، — بەگيۇسۇپ ئۇنىڭ بىلەن ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

— خۇداغا شۈكۈر. بالىچاقىلىرىم ئامان، ئۆزۈممۇ سالامەت تۇرۇپتىمەن. ئوردۇكەنتتە بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئاڭلاپ تۇردۇم، يوقلىيالمىدىم، ئەپۇ قىلغايلا. ئەمما، جانابلىرى كۆڭلۈمدە ھامان يۇغرۇش باشى ... بالىچاقىلىرى بىلەن قۇزئوردۇغا قايتىپ كېتىۋاتامدىلا؟ قېنى، قورۇغا قەدەم تەشرىپ قىلغايلا، — تۇرسۇنبەگ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېگىلدى.

تۇرسۇنبەگ بەگيۇسۇپلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۈچ قوچقار ۋە بىر موزاي سويدۇردى.

بەدەلئارت داۋىنىنىڭ تۆپىسىدە ئاقىرىپ ئاي كۆرۈنگەندە، ھەممەيلەن ئۇيقۇغا غەرق بولۇشقانىدى. پەقەت بەگيۇسۇپلا كۆزىنى يۇماي خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. «ئەمدى داۋاندىن تىنچ ـ ئامان ئۆتىۋالساقلا بولاتتى. ئوردامدىن قايتقاندا كەينىمىزگە چۈشۈۋالغانلار كىملەر بولغىيدى؟ ئۇلار بىزگە زىيانكەشلىك قىلماقچىمىدۇ ياكى بىزگە ئەگىشىپ ماڭغانلارمىدۇ؟ مەھمۇد تېگىن بىزنى ماڭدۇرۇۋېتىپ قىلىۋىدى، ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلدىمىكىن؟ ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر بولسا، ئۆز ماكانلىرىغا كېتىدۇ. يامان نىيەتلىك، سۈيىقەستچىلەر بولسا ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلەرمۇ؟ قانداق بولمىسۇن ھوشيار تۇرۇشىمىز، غەپلەتتە قالماسلىقىمىز زۆرۈر. مەھمۇد تېگىنىنىڭ قىرىق نەپەر مۇلازىمىنى بىزگە ھەمراھ قىلىپ قويغىنىغا

قارىغاندا، ئۇ قانداقتۇر بىرنېمىدىن ئەنسىرىگەن ...»
بەگيۈسۈپ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يىراقتىن خورازنىڭ چىللىغىنى ئاڭلاندى. ئۇ ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن قاراپ، هويلىدا ئادايىنىڭ مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. تونىنى كىيىپ، قىلىچىنى ئېسىپ ئۆيدىن چىقتى.
— جانابلىرى، ئىش بارمىدى؟ — سورىدى يۈگۈرۈپ كەلگەن ئاداي.
— ئۇيقۇم كەلمىدى، ئايلىنىپ كېلەي، دەپ چىقتىم. سەن ئاخشامدىن بېرى ئۇخلىمىغانسەن؟
— بىر ئۇخلاپ قوپتۇم، بېگىم. مۇلازىم يىگىتلەرمۇ، تۆتتىن - تۆتتىن نۆۋەتلىشىپ ئەتراپنى كۆزىتىۋاتىدۇ.
— ياخشى قىلىپسىلەر، كىرىپ ئۇخلاڭ. ئەتە ئەتىگەندە داۋانغا چىقىمىز.
— خوپ، بېگىم.
بەگيۈسۈپ ئەتراپنى كۆزىتىپ يۈرگەن مۇلازىم يىگىتلەر بىلەنمۇ پاراڭلىشىپ هويلىغا قايتىپ كىرگەندە، ئۆيدىن چىقىۋاتقان تۇرسۇنبەگ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.
— جانابلىرى، تاشقىرىغا چىقىپ كىرگەن ئوخشىمامىلا؟ بۇ سەهرايى قىيامەتتە تېنەپ قالدىلا - هە؟!
— يوقسۇ ئاقساقال، ئەكسىچە بىز سىلەرنى پاراكەندە قىلىپ قويدۇق.
— ئۇنداق دېمىسىلە يۇغرۇش باشى، سىلى كەلسىلە قۇرۇق كەلمەيدىلا، خوتۇن - قىزلار يېڭى كىيىم - كېچەكلىك، ئوغۇللار قورال - ياراغلىق بولۇپ قالىدۇ. هەممىمىز كەلگەنلىرىدىن ناهايىتى خۇش. بىر هەپتە تۇرۇشالا، — دېدى تۇرسۇنبەگ چىن قەلبىدىن.
— ياق، ئاقساقال، بۇ قېتىم رۇخسەت قىلسىلا، ئەتە ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپلا داۋانغا چىقىپ كېتىمىز. ئارىمىزدا ئاياللار، باللار بار. داۋاندىن ئۆتۈشىمىزگە ياردەم قىلسىلا، بۇ

يەردە تۇرغاندىنمۇ ئارتۇق مىننەتدار بولاتتۇق.

بەگيۇسۇپنىڭ ئۆتۈنۈشىدىن تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىنى بىلگەن تۇرسۇنبەگ ئىلاجسىز ماقۇل بولدى.

— پېقىر كېلىشلىرىدىنلا، ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىرىنى بىلگەندىم. ياشانغان چېغىمدا ئۆزلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىغۇم بار ئىدى. خەيرىيەت، ئۆزۈم يول باشلاپ داۋاندىن ئۆتكۈزۈپ قوياي. ئۇلۇشكۈن چوڭ ئوغلۇم بىر كارۋاننى باشلاپ داۋانغا چىقىپ كەتكەنىدى، ئاخشام قايتىپ كېلەلمىدى، ئەتە چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، بەلكىم يولدا ئۇچرىشىپ قالارمىز. ئۇ بالامنىڭ جانابلىرى بىلەن بىر كۆرۈشكۈسى بار ئىدى ...

— توختىسىلا ئاقساقال، ئۇلۇشكۈن ئۆتۈپ كەتكەن كارۋاندىكىلەر قانچە كىشىدەك قىلىدۇ؟

— يەتمىش - سەكسەنچە بار. تاماق يەپلا مېڭىشتى، قونغىلى ئۇنىمىدى.

— ئۇلار سودىگەرلەرمىكىن، سىپاھلارمىكىن؟

— قارىغاندا سىپاھلارغىمۇ، سودىگەرلەرگىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەمما، ھەممىسى دېگۈدەك ياراغلىق ئىكەن.

بەگيۇسۇپنىڭ گۇمانى كۈچەيدى.

— ئۇلار قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتمىدىمۇ؟

— بارسىغانغا بارىمىز، دېگەندەك قىلىشتى ...

— ئوغلىڭىز ئەتە قايسى ۋاقىتتا داۋاندىن چۈشەر؟

— بىر بولسا ئەتىگەندە، بىر بولسا چۈشكىچە چۈشۈپ بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئاقساقال، ئەتە ئەتىگەن چاينى ئىچىپلا يولغا چىقايلى. سىز دېگەندەك ئوغلىڭىز بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ئۇ بىلىشى مۇمكىن.

— بولىدۇ جانابلىرى، ئەمدى ئۆزلىرىمۇ بىرئاز ئارام ئېلىۋالسىلا.

— بەك جوۋاپ كەتمەڭ ئاقساقال، سۈتلۈك چاي ئىچسەكلا بولىدۇ.

ئەتىسى بامداتتىن كېيىن ناشتا قىلىندى، ئاندىن تۇرسۇنبەگ ئاقساقالنىڭ باشلىشى بىلەن ھەممەيلەن يولغا چىقتى.

بەدەلئارت داۋىنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىكى توققۇز ئايلانما يول بىلەن مېڭىپ تۆپىسىگە چىققىلى بولىدىغان ھەيۋەتلىك داۋان ئىدى. بۇ يوللار ياسالغان ئەمەس، بەلكى ئادەم، ئات - ئۇلاغنىڭ مېڭىشىدىن ھاسىل بولغانىدى. كېيىن ساخاۋەتچى كىشىلەر داۋان يولىنى ئاز - تولا تۈزەپ ياساتقانىدى. تۇرسۇنبەگ ئاقساقال بۇ يوللارنىڭ ئەڭ خەتەرلىك، تار، قىيپاش جايلىرىغا قوزۇق قېقىپ، تاش توسۇق ياساپ قويغانىدى. ھاۋا ئوچۇق بولسا، داۋان تۆپىسىدىكى تۇمان شالاڭ، يول راۋان بولاتتى. ھاۋا تۇتۇق بولسا، تۇمان قويۇقلىشىپ، يول مېڭىش تەسلىشەتتى، بەزى چاغلاردا ئىككى قەدەم نېرىدىكى ئادەمنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىلىرى مانا شۇنداق ۋاقىتتا يۈز بېرەتتى.

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق ئىدى. ئات ئۈستىدە قوللىرىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ قارىغان تۇرسۇنبەگ ئاقساقال تۇماننىڭ ناھايىتى شالاڭلىقىنى داۋان تۆپىسىدىكى بويۇنداپ تۇرغان بۈركۈتنى كۆرەلىگەنلىكىدىن بىلدى.

بەگيۈسۈپ ئاقىرا، قۇمبا مىنگەن قوتازلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئۆرلەۋاتاتتى. قوتازلارنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇرسۇنبەگ ئاقساقالنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئوغلى يېتىلىۋالغانىدى. دەسلەپ قورقۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالغان ئاقىرا خېنىم تاشتىن - تاشقا ئاۋايلاپ پۇت قويۇپ، مۇلايىملىق بىلەن داۋانغا چىقىۋاتقان قوتازغا ئۆگىنىپ قالدى، قورقۇنچىمۇ بارا - بارا تۈگىدى. شۇنداقتىمۇ:

— يىراقتا كېتىپ قالمىسىلا ئاتىسى، يېنىمدا بولسىلا ئۆزۈمنى خاتىرجەم سېزىدىكەنمەن، — دەپ پىچىرلىدى.

— يانلىرىدىن ھەرگىز نېرى بولمايمەن ئانىسى، يانلىرىدا

بولسام مەنمۇ ئۆزۈمنى غەيرەتلىك ھېس قىلىمدىكەنمەن، — دېدى قوتازغا يېقىنلاپ ماڭغان بەگيۈسۈپ.

ئۇلار كۈن قىيام بولغاندا داۋان تۆپىسىگە چىقتى. جانپىدا غوجام ئاسمانغا چىققاندەك خۇش بولۇپ كەتتى. بەگيۈسۈپ ئۇنى يەرگە دەسسىتىپ قويدى، خۇش بولغىنىدىن سەكرەپ ـ تاقلاپ ئوينىغىلى تۇردى.

— داۋان ئۈستىمۇ شۇنچە كەڭ بولىدىكەن ـ ھە؟ — دەپ ھەيران قالغان بۇۋىئايىشە قوتازدىن چۈشۈپ، ئەتراپقا قىزىقىپ كۆز سېلىۋاتقان ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئابا، ئەھۋالىڭ قانداقراق، دېمىڭ سىقىلمايۋاتقاندۇ؟

— دىلدار ئاغىچا خېنىم بەرگەن قارا ئۆرۈك قېقىنى شۈمۈپ چىقتىم، دېمىم سىقىلمىدى، بېشىممۇ قايمىدى، ئەھۋالىم ئوبدان، بالام. خۇدايىمنىڭ بۇ ئاتاساغۇن خېنىمنى ھەمراھ قىلىغىنىدىن بەك خۇشمەن.

ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بەگيۈسۈپ جانپىدا غوجامنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە نېرىراق بېرىپ تۇرۇۋۇسدى، تۇرسۇنبەگ ئاقساقال كېلىپ:

— ھاردىلا يۇغرۇش باشى، دەم ئالغاچ، بىلمىزگە قويۇچ باغلىۋالامدۇق؟ ئىغىرراق بولساق دوملاپ كەتمەيمىز، — دەپ ھەزىل قىلدى.

— ئۇنداق بولسا خۇرجۇنلىرىمىزغىمۇ تاش ئېلىپ يۈدۈۋالساق بولغۇدەك، ئاقساقال.

ئىككىيلەن پەسكە قارىغىنىچە كۈلۈپ كېتىشتى.

داۋاننىڭ ھەر ئىككى تەرىپى گۈلچىمەنلىك، بوستانلىق يايلاق ئىدى. ئوتلاۋاتقان ئۆچكە ـ قويلار، كالا، قوتازلار، تۆگىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. جەرەن، كېيىك، ئارقارلار ئادەم ھىدىنى ئېلىپ ئۈركۈپ قېچىشاتتى.

بەگيۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قېتىق، سۈزمە بىلەن نان يېيىشتى، پىچىلغان كۆكچى، بىشەكشىرىنلەر ئۇلارنىڭ

ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى. دۇئادىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. تۇرسۇنبەگ ئاقساقالنىڭ كەينىدىن داۋاندىن چۇشۇشكە تۇتۇندى. بەگيۇسۇپ مىنگەن ئات بىرقانچە قېتىم تېيىلىپ كەتتى. ئادىنىڭ ئېتىمۇ مۇدۇرۇلۇپ، ئۇنى تاشلىۋەتكىلى قىل قالدى. قوتازلار تېيىلماي، مۇدۇرۇلمەي بىر خىل مېڭىپ چۇشمەكتە ئىدى. ئۇلار شام ۋاقتى بىلەن داۋاندىن چۇشۇپ بولدى. بىردەمدىلا چېدىرلار تىكىلدى. ئايال خىزمەتكارلار تاماقنا تۇتۇش قىلدى. ئۇلار كېچىنى بۇ خىلۋەت بوستانلىقتا ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

داۋان تۆپىسىدىمۇ، چۇشۇۋاتقاندىمۇ ئوغلىنى ئۇچراتمىغان تۇرسۇنبەگ ئاقساقال ئەنسىرەپ قالدى. داۋاندىن چۇشۇپ، ئەتراپقا ئۇزاققىچە سەپسالدى. ئوغلى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ئولتۇرالماي قالدى.

— داۋاندىن چۇشۇرۇپ قويۇپلا يانىمەن، بۇگۇن كەچ، كېچىكسەم ئەتە ئەتىگەندە قايتىپ كېلىمەن دەپ ماڭغانىدى. كېلىدىغان ۋاقتىدىن ئېشىپ كەتتى، قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، نېمە بولغاندۇ؟ — دەپ ئەنسىزلىككە چۇشۇپ قالدى تۇرسۇنبەگ ئاقساقال. داۋاندىن سالامەت چۇشۇۋالغىنىغا خۇشال بولغان بەگيۇسۇپنىڭ كۆڭلىنى يەنە ئەندىشە چۇلغىۋالدى.

— يۇغرۇش باشى، مەن بىرقانچە ئادەمنى ئېلىپ ئوغلۇمنى ئىزدەپ باقاي، — دېدى ئاقساقال ئوتقاشنى ياندۇرۇپ.

— مەنمۇ بىللە باراي، — بەگيۇسۇپمۇ ئورنىدىن تۇردى.

— جانابلىرى، سىلى كەتسىلە كارۋان باشسىز قالىدۇ. مەشەدە تۇرۇپ بەرسىلە، — تۇرسۇنبەگ ئۇنى قېلىشقا كۆندۇرۇپ، ئۆزى ئاتقا مىندى، ئوغۇللىرى ۋە بىرقانچە مۇلازىملارنى ئېلىپ يورۇپ كەتتى.

ئاياللار چېدىردا ئارام ئېلىشتى. ئەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئەتراپتا كۆزەتتە تۇرۇشتى، قالغانلىرى بەگيۇسۇپ بىلەن چىنار دەرىخىنىڭ تۇۋىگە سېلىنغان شىرداق، كىگىزلەردە

ئولتۇرۇشتى. كەچلىك غىزا يەۋېلىش كېرەك ئىدى. خىزمەتكارلار داستىخان سالدى ۋە تۇرسۇنبەگ ئاقساقال يولدا يېيىش ئۈچۈن ياقتۇرغان نان، سامسىلار، پىشۇرۇلغان سوغۇق گۆش ۋە قېتىق، سۇزمە، ئىرىمچىكلەر بىلەن قورساقلىرىنى توقلىۋالدى. بەگيۇسۇپلا بىر نەرسە يېگۈسى كەلمەي كۆزلىرىنى يولغا تىككىنىچە چاي ئىچىپ ئولتۇردى.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. چاي قايناتقانلارنىڭ سالغان غۇلاسى، مۇلازىملارنىڭ قوللىرىدىكى ئوتقاشلار داۋان ئېتىكىگە يورۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر بىر ۋەھىمىنىڭ قارا تىللىرى سوزۇلۇپ ئەندىشىسىنى كۈچەيتمەكتە ئىدى. تۇرسۇنبەگلەر كەلمىگەنسېرى بەگيۇسۇپنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چېدىرىدىكى ئاياللارنى يوقلاپ چىقتى. كۆزەت قىلىۋاتقان قاراۋۇللارنى ئالماشتۇردى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى قورال ـ ياراغلىرىنى قوللىرىدا تۇتۇپ ئۇخلىماي ئولتۇرۇشقان ھەمراھلىرىنى «سەگەك بولۇڭلار» دەپ تاپىلىدى. ئۇلار تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. ئاسماننى قارا، سۇر بۇلۇتلار قاپلاپ كەتكەندى. يىراقتىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغىنى، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغىنى ئاڭلىناتتى. بەگيۇسۇپنىڭ كۆڭلى زادىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ قاراۋۇللارنى يەنە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ، چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ تۇرۇشىغا، يىراقتىن ئوتقاشنىڭ پىلىلدىغان يورۇقى كۆرۈندى. «كەلدى، تۇرسۇنبەگ ئاقساقال كەلدى» دەپ يورۇققا قاراپ ماڭدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئوتقاش كۆتۈرگەن ئۈچ ئاتلىق چىقىپ كەلدى. بەگيۇسۇپ سىنچىلاپ قاراپ، ئۇلار ئارىسىدا تۇرسۇنبەگنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى.

— ئاقساقال قېنى؟

— ئاتامنى تۇتۇۋېلىشتى ! — دېدى ئېگىز بويلۇق يىگىت. ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچى قان يۇقى ئىدى.

— سىز ئۇنىڭ ئوغلىمۇ؟ — تونۇغاندەك قىلىپ سورىدى

بەگيۇسوۇپ، — قاراقچىلارغا ئۇچراپ قاپسىلەر ـ دە؟

— مەن ئۇچىنچى ئوغلى. بىز كېتىۋېتىپ، ئوتقاش يورۇقىدا يول چېتىدىكى تېرەككە باغلاپ قويۇلغان بىرسىنى كۆرۈپ قالدۇق. بېرىپ قارىسام چوڭ ئاكام ئىكەن. مەيدىسىگە نەيزە سانجىپ، كۆزلىرىنى ئويۇۋېتىپتۇ. ئەبلەخلەر! ئاتام ئاكامنى قۇچاقلاپ ھوشىدىن كەتتى. ئەھۋالنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، چوڭ ئاكامنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قايتماقچى بولدۇق. ئاتامنى تەستە ھوشىغا كەلتۈرۈپ تۇرساق، دەرەخ ئارىسىدىن چىققان بىرقانچە ئاتلىق بىزگە ھۇجۇم قىلدى. ئاتام ئومۇت ئۇرۇپ ئىككىسىنى ئاتتىن يىقىتتى. قاتتىق ئېلىشتۇق. ئۇلار دەرەخ ئارىسىدىن ئۇزۇلمەي چىقىۋەردى، بىز تەڭ كېلەلمىدۇق. ئاتامنى يارىلاندۇرۇپ، باسماقداپ تۇتۇۋېلىشتى. ئاتام «دەرھال قايتىپ بەگيۇسوۇپ جانابلىرىغا ئەھۋالنى ئېيت!» دەپ ۋارقىرىدى. مەن، تۆتىنچى ئاكام ۋە بۇ مۇلازىم بىلەن دۈشمەننىڭ قورشاۋىدىن چىقىپ بۇ تەرەپكە قاراپ چاپتۇق. ئۇلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. قاراقچى يا بۇلاڭچى ئىكەنلىكىنى بىلگۈدەك بولمىدۇق.

بۇنى ئاڭلىغان بەگيۇسوۇپ ھەممەيلەننى ئاتلىنىشقا بۇيرۇپ تۇرۇۋىدى، ئوتقاش كۆتۈرگەن بىر توپ ئادەم باستۇرۇپ كەلدى. قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. بەزىلەر ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشتى، بەزىلەر ئېتى بىلەن بىللە يىقىلدى. ئېلىشىش شىددەتلىك داۋام قىلىۋاتاتتى. بەگيۇسوۇپ ئېتىلىپ كەلگەن بىرسىنى نەيزە سانجىپ يەرگە دومىلاتتى. ئادىنىڭ كەينىدىن قىلىچ ئۇرماقچى بولغان بىرسىنىڭ قولىنى كېسىپ تاشلىدى. ئۇ ئۆز ئادەملىرىنىڭ بوش كەلمەيۋاتقانلىقىنى، بۇ نامەلۇم دۈشمەنلەرنى سۈر ـ توقاي قىلىپ قوغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. مەھمۇد تېگىننىڭ مۇلازىملىرى ئاجايىپ غەيرەت ـ جاسارەت بىلەن رەقىبلىرىگە قىلىچ ئۇرۇپ، نەيزە سانجىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا قىزى بۇۋئايشەنىڭ «ۋاي ئابام! ...» دەپ توۋلىغىنىنى

ئاڭلاپ قالدى - دە، ئېتىنى چاپتۇرۇپ چېدىر يېنىغا باردى، ئىككى ئادەم قان ئىچىدە ياتاتتى. بۇۋىئايىشە بىلەن دىلداربىكە يەنە ئىككى ئادەم بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. چېدىر ئىشىكىنىڭ ئالدىدا قانغا بويالغان قىلىچىنى تۇتقىنىچە ئاقبىرا تاشقا باش قويغانىدى. كۆكسىدىن قان چىقىۋاتاتتى. كۆز قارىچۇقى تارتىلىپ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى، كۆزلىرى ئوچۇق ئىدى.

— ئاھ ... رەپىقەم! — ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ يۈكۈندى، خوتۇنىنىڭ ھەسرەتلىك چىرايىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇ زۇۋان سۈرمىدى. بەگيۈسۈپ ئۇنىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى بىلىپ، ياغلىقى بىلەن يۈزىنى يېپىپ قويدى.

— ئاغا! ئاگاھ بولسىلا!

بەگيۈسۈپ كەينىگە قاراپ، نەيزە سانجىماقچى بولۇپ تۇرغان نىقابلىق ئادەمنى كۆردى - دە، دەس تۇردى. ئەمما، نىقابلىق ئادەم ھەرىدەلگەن تېرەكتەك ئۆگدىسىغا ئۆرۈلۈپ چۈشتى. دىلداربىكە قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى بىلىكىدىن ئۈزۈپ تاشلىغانىدى.

يەنە بىر نىقابلىقنى چېپىپ تاشلىغان قۇمبانىڭ بېشىغا ئوموت تېگىپ يىقىلدى، ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى.

غەزەپتىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن بەگيۈسۈپ قىلىچنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، قولى ئۈزۈپ تاشلانغان نىقابلىقنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولدى.

— يۈغرۇش باشى جانابلىرى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، مەن بىر سىرنى ئاشكارىلىماقچىمەن، — دېدى ئۇ بېشىنى يەرگە قويۇپ يېلىنىپ.

بەگيۈسۈپ قىلىچنى كۆتۈرۈپ تۇرغىنىچە بۇيرۇدى:

— بېشىڭنى كۆتۈر!

ئۇ ۋاي - ۋايلاپ بېشىنى كۆتۈردى.

— نىقابىڭنى ئال!

ئۇ قاقشاپ تۇرۇپ نىقابىنى ئالدى. پالكوز، بويلۇق، چىرايى قارامتۇل بۇ ئادەمنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى - يۇ، ئېسىگە ئالالماي سورىدى.

— سەن كىم؟ مېنى تونۇمسەن؟

— مەن ياساۋۇل قابان بولىمەن. قوزئوردۇدىكى ۋاقتىمدىن باشلاپ جانابلىرىنى تونۇيمەن، ئۇ چاغدا ھاجىپ ئىدىلە.

— سېنى كىم ئەۋەتتى؟

— يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ.

— نېمە ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، جانابلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز باشلىرىنى مۇبارەك تەنلىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن ...

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى بەگيۇسۇپ قىلىچىنى ئۇنىڭ نوگايىدەك يوغان بۇرنىغا تەڭلەپ، — ھە قېنى ئېيت، بۇ خۇنپەرلەرنىڭ باشى بولۇپ كەلدىڭمۇ؟

— ياق جانابلىرى، ئاۋۇ ياتقان بەكرىبەگ، — قابان ساق قولى بىلەن قانغا مىلىنىپ دوم ياتقان جەسەتنى كۆرسەتتى، كېسىلگەن قولى بەك ئاغرىپ كەتكەن بولسا كېرەك ۋاي - ۋايلاپ زارلىدى.

غەزەپلەنگەن بەگيۇسۇپ قىلىچىنى ئۇنىڭ كېكىردىكىگە تىرىدى.

— ئاۋۇ ئايالنى سەن ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ — ئۇ بېشىنى دىلدارنىڭ قۇچىقىغا ئېلىۋالغان ئاقبىرانى كۆرسەتتى. ئاقبىرانىڭ نەيزە سانجىلغان باغرىغا بۇۋئايىشە بېشىنى قويۇپ يىغلاۋاتاتتى.

— ياق، مەن ئەمەس، بەكرىبەگ نەيزە تىقىۋەتتى. ئۇ ئايال كىمدۇ؟ مەن تېخى ئالىپ ئەرمىكىن دەپتىمەن.

بەگيۇسۇپ قىلىچىنى يەنە باش ئۇستىگە كۆتۈردى.

— ئاشكارىلىماقچى بولغان سىرنى ئېيتە!

— ماقۇل جانابلىرى، يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ نەق بوزاغۇنىڭ ئۆزى.

— نېمە، قەيسەربەگ بوزاغۇنىڭ ئۆزى؟ بۇنىڭغا گۇۋاھچى بارمۇ؟

ئاغرىقتىن ۋۇجۇدى قاقشاۋاتقان قابان بېشىنى لىڭشىتتى:

— بوزاغۇنىڭ خاس مەھرىمى بولۇپ كەلگەن چاۋاربەگ گۇۋاھ.

— ئۇ قېنى؟

— چاتقاللىق ئىچىدە ئاقساقالغا قاراپ قالدى.

— ئەمدى چۈشەندىم، ھەممە شۇملۇقنى قىلىۋاتقان ئەبلەخ ئاشۇ بوزاغۇ ئىكەن - دە!

بەگيۇسۇپ غەزەپ ئاچچىقىدا باش ئۇستىگە كۆتۈرگەن قىلىچنى شاخلاپ كەتكەن جىغانغا ئارقا - ئارقىدىن چاپتى.

ئالتىنچى باب

# ھاجىپلىق كۇرسىدا ئولتۇرۇش

## 1

ياخشى خوتۇن ئەر ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك غەمگۇزار، ۋاپادار خوتۇن تۇتقان ئۆي گويا بىر جەننەت. ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا ئېرىنىڭ، باللىرىنىڭ غېمىنى يەيدۇ. سىلىق ـ مۇلايىملىقى، شېرىن ـ سۇخەنلىكى بىلەن ئائىلىسىنى خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرىدۇ. ئېرىنىڭ سىرتتا چەككەن جاپا ـ ئەلەمىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ.

ئاقىبىرا ئەنە شۇنداق پەزىلەتلىك خوتۇن ئىدى. ئۇ ئەمدى يوق، قاراڭغۇ يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى. داۋان باغرىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىدە چوقچايغان قوش قەبرىنى كېچەيۈكۈندۈز شامال سۈپۈرۈپ تۇرىدۇ ...

ئۇنى بەگيۇسۇپنىڭ بالاساغۇنغا ئېلىپ كەتكۇسى بار ئىدى، ئىسسىق ياز بولغاچقا پاك، لەۋەن تېنىگە ئازاب بولمىسۇن، دەپ شۇ يەردە قويۇشقا مەجبۇر بولدى. قەشقەرگە بارغاندا، قايتقاندا پاتىھە ئوقۇپ روھىغا دۇئا قىلاي دەپ ئەنە شۇ يول ئېغىزىغا قومبا بىلەن بىللە دەپنە قىلدى.

بەگيۇسۇپ ھېچكىمگە يېشىنى كۆرسەتمىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئەمەس، پارە ـ پارە بولغان يۈرىكى يىغلايتتى. ئۇنىڭ دەريا ـ دەريا ياش تۆككىنىنى بىرلا خۇدا بىلەتتى. مېھرىبان ئانىسىدىن ئايرىلىپ تېخى ھازىسى ئۆشتۈلمىگەن بەگيۇسۇپكە ۋاپادار ئايالىدىن ئايرىلىش تولىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى، پەقەت سەۋر ـ

چىداملىقلىقى بىلەن بۇ ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈپ كەتتى. ئۇ بوزاغۇ ئەۋەتكەن قانخورلارنىڭ ئۆلگەنلىرىنى كۆمگۈزدى، ئەسىرگە چۈشكەنلىرىنى قويدۇرۇۋەتتى.

چاۋاربەگ تۇرسۇنبەگ ئاقساقالنىڭ يول باشلاپ داۋاندىن ئۆتكۈزۈپ قويغان چوڭ ئوغلىنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن، ئىككىنچى ئوغلى ئۇنىمۇ نەيزە سانجىپ ئۆلتۈردى. بەگيۈسۈپ ئۇنىڭ قىساس ئېلىشىغا يول قويدى. لېكىن، چاۋاربەگ تۇرسۇنبەگ ئاقساقالنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇلگۈرەلمەي قالغانىدى. ئۇ بوزاغۇنىڭ خاس مەھرىمى بولغانلىقىنى، قەيسەربەگنىڭ بوزاغۇ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ، قابانىنىڭ دېگەنلىرىنى ئىسپاتلىغانىدى. ئۇنىڭ جەسىتى شۇ يەرگە كۆمۈۋېتىلدى. بىر قولى ئۈزۈۋېتىلگەن قابانمۇ قانسىراپ ئۆلدى، ئۇمۇ كۆمۈۋېتىلدى.

تۇرسۇنبەگ ئاقساقال ئوغلىنىڭ جەسىتىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

بەگيۈسۈپ رەپىقىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ۋىدالاشتى. چىنار دەرىخى مۆڭگۈلۈك شىلدىرلاپ ئۇزىتىپ قالدى.

ئۇ ئون كۈن يول يۈرۈپ بالاساغۇنغا يېتىپ كەلدى ۋە بەگبۇقا مەھەللىسىدىكى باغلىق قورۇغا چۈشتى.

كۆل بويىدىكى سۈپىدا بالىلىرى بىلەن قوغۇن يەپ ئولتۇرغان ئادار تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن بەگيۈسۈپنى كۆرگەندە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئىنىسىنى كۆرگەن قىزتۇرمىش سۈپىدىن چۈشتى. ھازىلىق كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى سەل كۆتۈرگىنىچە، ئالدىرىغىنىدىن كەشىنىمۇ سايماي يۈگۈرۈپ ئالدىغا باردى.

— ئۇكام، سىلىنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بار ئىكەن، — كۆزلىرىدىن تاراملىغان ياش يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى، — ئۇكام ... — گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي

سەنتۇرۇلۇپ ھوشىدىن كەتتى.
— ئاچا! ... — بەگيۇسۇپ ئۇنى يۆلىۋالدى، — ئاچا، ئاچا! ... ماڭا قارىسىلا ... ماڭا قارىسىلا، — دېدى ئۇ قېرىنداشلىق مېھرىدىن پۇتكەن ياشلىرى كۆزلىرىدىن سىرغىپ.
يۈگۈرۈپ كەلگەن ئادار قىزتۇرمىشنى كۆتۈرۈپ بارغىنىچە سۇپىدا ياتقۇزدى. قورقۇپ كەتكەن بالىلار «ئاپا ـ ئاپا!» دەپ چۇرقىرىشىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئادار:
— يىغلىماڭلار باللىرىم، ئاناڭلارغا ھېچنېمە بولمايدۇ، — دەپ ئۇلارنى پەسلەتتى، ئاندىن كۆزىنى ئاستا ئاچقان قىزتۇرمىشقا ئەندىشىلىك نەزىرىنى تىكتى، — ئانىسى، يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قوياىمۇ؟
— ماقۇل، ئانىسى، — قىزتۇرمىش بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇ: «ئابام، ئاچام ھايات بولسا، بەگيۇسۇپ ئۇكامنى كۆرۈپ قانچە خۇشال بولاتتى ـ ھە! ...» دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى، — ۋاي ئابام، ۋاي ئاچام، ئۇكام كەلدى ئەمەسمۇ ... ئەمدى ئۇ كىمنى ئابا، دەپ تېۋۇنىدۇ؟ كىمنى ئاچا، دەپ سۆيۈنىدۇ؟ — دەپ يىغلاپ سۇپىدىن يەنە چۈشتى، بەگيۇسۇپ بىلەن قايتا قۇچاقلاشتى.
ئادار ئېسەنگىرەپ قالغاچقا، بەگيۇسۇپ بىلەن كۆرۈشۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئەمدى خىجالەت بولغان ھالدا، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بەگيۇسۇپ ئىنىم، باياتىن خۇدۇمنى يوقىتىپ، ئۆيگە باشلاشمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، خاپا بولمىغايلا، — ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ تىنچلىق سوراپ قۇچاقلاشتى.
يىغا ـ زارىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى ھويلىنى بىر ئالدى. ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ كەلگەن مۇلازىملار، خىزمەتكار، غۇلاملار بىلەن كۆرۈشكەن ئادار ئۇلارنىڭ ئات ـ ھارۋىلىرىنى ئېغىلغا ئەكىرىۋېتىشنى بۇيرۇپ تۇرۇشىغا، دىلدارىكە، بۇۋىئايىشەمۇ دېدەكلىرى بىلەن كىرىشتى. ياش تۆكۈپ ئالدىغا

كەلگەن قىزتۇرمىش بىلەن گىرە سىلىپ يىغلاپ كۆرۈشتى.

ھەممەيلەن سۇپا، پېشايۋاندىن جاي ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بەگيۇسۇپ مۇڭلۇق ئاۋازدا قىرائەت قىلدى، يىغلاۋاتقان ئاياللار دەرھال ئاۋازىنى پەسەيتىپ، كۆزلىرىگە ياغلىقىنى بېسىشتى، يىغا ـ زار توختىدى.

بەگيۇسۇپ تىلاۋەتنى تۈگىتىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

ــ ئى شەپقەتلىك ئاللا، ئۇلارنىڭ جايىنى جەننەتتە قىلغايسەن، بىزنىڭمۇ مۇراد ـ مەقسەتلىرىمىزنى ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىمانىمىز بىلەن ئۇ دۇنياغا بارغىلى نېسىپ قىلغايسەن، ئارماندا قويمىغانسەن، ئامىن ! ــ بەگيۇسۇپ دۇئا قىلىپ بولۇپ دېدى، ــ قېرىنداشلىرىم، ئابام، ئاچام بۇ يەردە ۋاپات بوپتۇ. باللىرىمنىڭ ئانىسى، ۋاپادار ھەمشىرىمىز قۇمبا خېنىم يولدا قۇربان بولدى. مىڭ يىغلىغان بىلەن ئۇلار تىرىلمەيدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ جەبىر ـ جاپاسىدىن قۇتۇلدى. ئۆزىمىزنى چىڭ تۇتۇپ ئاخىرقى قېتىم ئۇلارغا ئەلۋىدا، دەيلى. ئادالەت، ھەققانىيەتكە جان پىدا ئەيلەپ ياشايلى، زىنھار ـ زىنھار سۇيىقەستچىلەرگە ئالدىنىپ قالمايلى.

ھەممەيلەن بەگيۇسۇپنىڭ سۆزىنى ماقۇللىشىپ باش لىڭشىتىشتى، ھويلا، ئۆي ئىچىنى سۈكۈت باستى.

ئادار مۇلازىملارنى خىزمەتچىلەرنىڭ قولىغا سۇ بەرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئىچكىرى ھويلىدىكى بەگتۆمۈرنىڭ سارىيىغا باشلىدى.

قىزتۇرمىش ئاياللارنى تاشقىرى ھويلىنىڭ مېھمانخانىسىغا باشلاپ داستىخان سالدى.

ئادار بەگيۇسۇپتىن دۇئا ئېلىپ، بەش قوي، ئىككى كالا سويدۇردى. ئىككى قازانغا گۆش سالدۇرۇپ، كاۋاپ پىشۇرۇشقا ئادەم قويدى.

يەل ـ يېمىش، تاتلىق ـ تۈرۈملار بىلەن تولغان داستىخان بارا ـ بارا شالاڭلاشقا باشلىدى. ئۇزۇن سەپەردىن ھېرىپ ـ چارچاپ كەلگەن بۇ كىشىلەر چاڭقىغان، قورسىقىمۇ ئاچقانىدى.

مول تائام ۋە شەربەت ئۇلارنىڭ ئاپتاپ كۆيدۈرگەن تېنىنى سەگىتتى، ماغدۇر كىرگۈزدى. بەگيۇسۇپنىڭ ئاقىرىپ قالغان چېھرى قىزاردى.

— جانابلىرى، قېيىنئانىلىرى كەلدى، — دېدى ئىتتىك كىرگەن ئادار قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

بەگيۇسۇپ دەررۇ قوپۇپ تاشقىرىقى هويلىغا چىقتى. دۇنيادا ئېيتىش ئەڭ تەس بولغان خەۋەرنى ئۇلارغا قانداق يەتكۈزەر؟ ئۇنىڭ ئاچىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىشىۋاتقان بەگتۇرمىشقا كۆزى چۈشۈپ، ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم، هاۋاخان ئاغىچا ئۇلارغا قاراپ كۆز يېشى قىلىشىۋاتاتتى. «قىزىم ئېيتىپتۇ - دە، يىغلىشىۋالسۇن، يىغا بىلەن كۆڭۈللىرى بوشاپ قالار؟» دېدى ئۇ كۆڭلىدە. بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ يېقىنلاپ كەلدى. چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم كۈيئوغلىغا قاراپ غۇلاچ يايدى. ئۇ قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ، بەگيۇسۇپنىڭ چاناقلىرىدىكى لىغىرلاپ تۇرغان ياشقا، ھەسرەتلىك ئۆيچان چىرايىغا كۆز سېلىپ، قىزى توغرۇلۇق گەپ سوراشنى ماقۇل كۆرمىدى. ھاۋاخان ئاغىچىمۇ دەردمەن كۈيئوغلىنىڭ مۈرىسىگە باش قويۇپ ئۇزاق يىغلىدى.

— ئاتا! — دەپ ئېتىلىپ كەلگەن بەگتۇرمىشنى باغرىغا باسقاندا، بەگيۇسۇپنىڭ كۆز بۇلاقلىرى تاشتى، — ئابام قېنى؟ ئابام راست ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟ ئېيتسىلا ئاتا، ئەمدى مەن ئابامنى كۆرەلمەمدىمەن ... — بەگتۇرمىش ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى.

— ئوغلۇم، سەۋر قىلغىن، ئاباڭ يولدا يوشۇرۇنۇۋالغان تاش يۈرەك سۇيىقەستچىلەر بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ قۇربان بولدى. ئالالادىن كەلگەن بۇ ئەجەلگە مەن ئامال قىلالمىدىم. يۈرەك باغرىم لەختە - لەختە قان بولۇپ كەتتى، بالام.

ئەقىللىك يىگىت ئانىسى توغرۇلۇق گەپ سوراپ، ئاتىسىنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىنى كۆچەيتىۋەتكەنلىكىنى سېزىپ، يىغىدىن توختىدى، قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يېشىنى ئېرتتى.

— ئاتا، بولدى يىغلىمىسىلا، سىلى ياش تۆكسىلە، چىداپ تۇرالمايدىكەنمەن ...

بەگيۈسۈپ ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە قىيىنئاتا ـ قىيىنئانىسىنى مەرھۇم ئاتىسىنىڭ خانىسىغا باشلاپ كىردى. رەيھانىدىنبەگنىڭ ئاپپاق سەللىسى بىلەن بەقەسەم تونى، قىلىچ ـ قالقىنى ئاسقۇغا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئەبۇ پۈتۈھ مەخدۇم قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىپ، مەرھۇملارنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى، داستىخان سالدۇرمىدى.

پەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۆي ـ ئۆيلەر، پېشايۋان ـ سۇپىلار پەتچىلەر بىلەن تولدى. گۆگۈم چۈشكەندىلا پەتچىلەر شالاڭلىشىپ قالدى.

— ئاھ خېنىم، باللارنىڭ دەرمانى خېنىم، ئانىلارنىڭ ئارمانى خېنىم، ئانىلارنىڭ ئۆلگىسى خېنىم، كېلىنلەرنىڭ كۆلكىسى خېنىم، نېمىشقا يولدا قالدىلا خېنىم، يىراق ئوتتىغا سالدىلا خېنىم، ئاھ خېنىم ... ئاھ خېنىم ! — دەپ ئىشىكتىن ياش تۆكۈپ كىرگەن ئاشانبۇقا ھەممەيلەننى يىغلىتىۋەتتى. ئۇ ئۈچ خوتۇنى، ئالتە ئوغۇل، ئالتە كېلىنى بىلەن كەلگەنىدى. بۇدراچ مومايىنى ئىككى كۈندىشى يۆلىۋالغانىدى.

بەگيۈسۈپ بۇۋىئايىشە ئۇلارنى ئايۋان ئۆيگە باشلىدى، ئاشانبۇقىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. بىر يۈز ئون ياشقا كىرگەن بۇ بوۋاي يەنىلا ناھايىتى تېتىك ئىدى. چىشلىرى چۈشۈپ كېتىپ يېڭىدىن تۆت چىش چىققانىدى. بىر يۈز بىر ياشقا كىرگەندە كۆرگەن پەرزەنتى توققۇز ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ قىز بولۇپ ناھايىتى شوخ، ئوماق ئىدى. ئاشانبۇقاغا قارىغاندا توقسان سەككىزگە كىرگەن بۇدراچ موماي ئاجىزلاپ قالغانىدى. ھەر ئىككىلىسى «بالا» بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ خەقشىنى قىلىپ يىغلاشلىرى، تاتلىق ـ تۇرۇم نەرسىلەرنى بەرسە خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كېتىشلىرى، جېدەل قىلىشلىرى بەئەينى باللارغا بەك

ئوخشايتتى.

دىلدارىكە بۇ ئىككى قىرىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قاراپ، دۇنيادا بۇلار ئەڭ بەختلىك ئادەملەر ئىكەن، دەپ قالدى.

ئاشانبۇقنىڭ ئىككى كىچىك خوتۇنى، بالىلىرى، كېلىنلىرى كەتتى. بەگيۇسۇپنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئۆزى، مومىيى قالدى. بەگيۇسۇپ ئۇلارنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ قويۇپ، قېيىنئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرگەندە، يالغۇز ئولتۇرغان ئاچىسى ئايسىلىگنى كۆردى، ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئابامىلار قېنى؟ — سورىدى بەگيۇسۇپ.

— ئاقىرا خېنىمنىڭ خانىسىغا چىقىپ كەتتى. شۇ يەردە ئارام ئېلىۋاتىدۇ.

— ئۇلار بىلەن ئەتە ئەھۋاللىشاي، — دېدى بەگيۇسۇپ ئاچىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ.

— ئابام سىلىگە بەك تارتىشتى، ئۇكام، — ئايسىلىگ گەپ باشلىدى، — نەچچە كۈنگىچە ئىشىكتىن كۆز ئۈزمىدى، ئىسمىلىرىنى توۋلاپ ياتتى. «ئوغلۇم بەگيۇسۇپ كەلدى ... مېنى يۆلەڭلار ... ئۇنى باغرىمغا بىر بېسىۋالاي ...» دەپ، بويۇنداپ جان ئۈزۈپ كەتتى. يېنىدا ئاشان بوۋام، بۇدراچ مومام، ئايتولۇن ئاچام، سىڭلىم ئارچۇنلار بار ئىدى. پۈتۈن قوزئوردۇ ئەھلى نامىزىغا داخىل بولدى. چىغايلار① غا كاتتا نەزىر بەردۇق. ئايال چىغايلارغا ئۆزى داستىخان سېلىپ، ئۆزى ئاش قويغان ئايتولۇن ئاچام نەزىر ئاخىرلىشىشقا يېقىن يۈرىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. مەن، ئارچۇن، قىزتۇرمىش ئۈچىمىز خانىسىغا ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزۇشىمىزغا، پۇتلىرىنى تۈزلەپ، تورۇسقا قارىغىنىچە قېتىپ قالدى. ئۇ شۇنداق تۇيۇقسىز، شۇنداق تېز تۈگەپ كەتتى، ئۇكام.

بەگيۇسۇپ ئېغىر تىندى، كۆز ئالدىغا ئانىسىنىڭ يېقىملىق چېھرى، ئاچىسى ئايتولۇننىڭ قايغۇلۇق ھالىتى كەلدى.

① چىغايلار — نامراتلار، كەمبەغەللەر.

— ئاچا، ئوردۇكەنتتىكى چېغىمدا، بولۇپمۇ زىنداندىن چىققان ۋاقتىمدا، ئابام، قېرىنداشلىرىم، تۇغقانلىرىم بىلەن قاچان كۆرۈشىمەن، دەپ ھەربىرلىرىنىڭ ئارزۇسىنى كۆپ يېگەنىدىم، جەزمەن دىدار كۆرۈشىمەن دېگەن ئىشەنچىممۇ بار ئىدى. ئاداي مۇسىبەت خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەندە، ئىشەنچىم بەربات بولدى، دۇنيا ماڭا ئۆلۈم دۇنياسى بولۇپ كۆرۈندى. يەنە قانداقتۇر بىر پاجىئە يۈز بېرىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ، مېنى غەلىتە بىر ئەندىشە چۇلغىۋالدى. ئاخىر زور ئۈمىد، ياخشى تىلەك بىلەن يولغا چىقتۇق. ئەمما، تۇيغۇم دېرەك بەرگەن پاجىئە ئاخىر يولدا يۈز بەردى، — بەگيۇسۇپ يولدا بولغان قانلىق ۋەقەنى تولۇق سۆزلەپ بېرىپ دېدى، — ھاياتلىق مەشئىلىم ئۆچتى، مەن قاراڭغۇلۇقتا يالغۇز قالدىم ... گەرچە قاتىللار جازالانغان بولسىمۇ، غەم ـ ھەسرىتىم ئازىيىپ، كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشكىنى يوق، ئاچا. ھاياتلىق مەشئىلىم قايتا يانامدۇ، يوق؟ بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمايمەن. ئەمما، كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى، ئاچا، شۇنچە ئېغىر دەرد ـ ئەلەملەرنى چېكىپ تۇرۇقلۇقمۇ سىلى ياشاۋاتىدىلا، باللارنى چوڭ قىلىۋاتىدىلا. بىر مۇشكۈللۈكتىن كېيىن، بىر ئاسانلىق بولىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىش كىشىنى چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارىدۇ. ھاياتلىق چىرىغىمنى ئۆزۈم ياندۇرۇشۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىشىم، ئىزدىنىشىم كېرەك ئىكەن. بۇنىڭسىز بۇ دۇنيادا ھايات كەچۈرۈشۈمنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— مانا، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بەگيۇسۇپتەك، ئۇلۇغ ھاجىپ ياكى يۇغرۇش باشىدەك گەپ قىلدىلا، ئۇكام. ئۆچكەن ھاياتلىق چىرىغىنى ھەرگىز باشقىلار ياندۇرۇپ بەرمەيدۇ، — دېدى ئايسىلىگ، — قۇمبا ئاچام بىر ئۆمۈر سۇكۇت بىلەن ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ ئۆتتى، لېكىن ھاياتلىق چىرىغىنى قايتا ياندۇرالمىدى ... سىلى خۇدا بۇيرۇسا ياندۇرالايلا ئۇكام.

بەگيۇسۇپ ئاچىسىنىڭ سۆزلىرىدىن مىننەتدار بولۇپ دېدى:
— مەن ئاللادىن بايلىق، ئەمەل ئەمەس، بىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلىشنى، ياخشىلارنىڭ قاتارىغا قوشۇشنى، كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرۇشنى تىلەيمەن، ئاچا، — بەگيۇسۇپ ئورنىدىن تۇردى، — مەن مۇلازىملارنىڭ يېنىغا چىقاي، ئۇلار ئوردۇكەنتتىن ھېرىپ ـ چارچاپ كەلدى.

ئۇ ھويلىدا ئادار بىلەن ئۇچراشتى، ئۇنىڭدىن ئوردۇكەنتتىن كەلگەنلەرنىڭ ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدى. كەينىگە يېنىپ ئۆزلىرىنىڭ خانىسىغا كەلگەندە، ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشاپ، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسىنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلدى. «ئوغلۇمۇ شۇلارنىڭ يېنىدا بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئۆيدە ئاقىبىرا بىلەن ئۇزاق يىل بىللە تۇرغانىدى. بۇۋىئايىشەمۇ شۇ ئۆيدە تۇغۇلغانىدى ... ئەمدى بۇ ئۆيدە ئۆزى يالغۇز تۇرىدۇ. ۋاپادارىنىڭ پۇرىقىنى ھىدلايدۇ ... ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا تاراملاپ چۈشتى ...

## 2

بەگيۇسۇپ چولپان بىلەن تەڭ ئويغىنىپ كەتتى. قوپۇپ تەرەت ئېلىپ كۆل بويىدىكى سۇپىدا ئولتۇردى. سەھەرنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى يۈز ـ بويۇنلىرىنى سىلاپ ھۇزۇرلاندۇردى.

بۇ سۇپىدا بەگبۇقا ئولتۇرۇپ قىلچىنى بىلىگەن، بوۋىسى بەگتۇمۇر، ئانىسى رەيھاندىن، مومىسى زەمۇران ئانا، يابىرالار ئەتىگەن ـ كەچتە بۇ سۇپىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ھاۋالىناتتى. بۇ چاغدا ئۇ بالا ئىدى. مۇشۇ سۇپىدا ئولتۇرۇپ «قۇرئان كەرىم» نى يادلايتتى. ئەپلاتون، فارابىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيتتى. بېيىت ـ شېئىرلارنى يازاتتى. كېيىن بۇ سۇپىدا ئاقىبىرا بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇۋىئايىشەنى

ئېمتىۋاتقىنىغا زوقلىنىپ نەزەر سالغانىدى ... ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇگەپ كەتتى. بېشىدىن نۇرغۇن كەچۈرمىش ئۆتكەن بەگيۇسۇپ بۇ كاتتا ئائىلىدە قىزى، ئوغلى، خىزمەتكارلىرى بىلەن ئۆزىلا قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرگەن بولغىيمىدى؟ ئادەم ھەرقانچە دانا بولسىمۇ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ.

بەگيۇسۇپ كۆلدىكى سەل ـ پەل چايقىلىپ تۇرغان سۇغا كۆز سېلىپ ئۆتكەنلەرنى بىر ئەسلەپ چىقتى. بامداتقا ئەزان ئېيتىلدى. ئۇ مەسچىتتىن كىرگەندە، هويلا ـ ئاران، باغ ئىچى پاكىز سۇپۇرۇلۇپ چىنىدەك قىلىۋېتىلگەنىدى. «ئادار غەيرەتلىك، ئېغىر ـ بېسىق، سەممىي غوجايىن بوپتۇ. ماڭا ھەقىقىي قېرىنداش بولالايدىكەن. قىزتۇرمىشمۇ كۆيۈملۈك، ئىشچان ئانا بوپتۇ، باغ ـ هويلىنى ئانام بار چاغدىكىدەك پاكىز تۇتۇپتۇ...» دەپ سۆيۈندى.

قورۇ ئىشىكى قېقىلدى.

خىزمەتكارنىڭ ئىشىكنى ئېچىپلا، يەرگە باش قويغانلىقىنى كۆرگەن بەگيۇسۇپ، «كىم كەلگەندۇ؟» دەپ سۇپىدىن چۈشۈپ تۇرۇۋىدى، ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ كەلدى. ئالدىغا ئىتتىك كەلگەن بەگيۇسۇپكە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، يۇغرۇش باشى، خەۋەر قىلمايلا قۇزئوردۇغا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزنى ئاڭلاپ پەتىگە كەلدىم، — دېدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، شاھىنشاھ، ۋەھىمە ـ ئەندىشىدىن قۇتۇلغان قۇزئوردۇ ئەھلىنىڭ ئارامىنى بۇزماي، ئالىيلىرىنى بىسەرەمجان قىلماي دەپ ئۇچۇر بەرمىگەنىدىم. ئۆزلىرى غېرىب خانامنى مۇبارەك قەدەملىرى بىلەن ئەزىز قىلىپ، پېقىرنى يەرگە قارىتىپ قويدىلا. ئوردۇكەنتتىن كېلىپلا، ئەزىز دەرگاھلىرىغا بېرىپ، تارتۇقۇمنى تاپشۇرمىغىنىمدىن خىجىل بولۇۋاتىمەن. مەرھابا، ئالىيلىرى، مەرھابا! — دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە

قويۇپ.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن ئۇنىڭ باشلىشى بىلەن ئىچكىرى ھويلىدىكى بەگبۇقا سارىيىغا كىرىپ تۆردىن ئورۇن ئالدى. يۇرتۇغلىرىمۇ ئولتۇرۇشتى.

— سىزنىڭ قۇزئوردۇغا سالامەت قايتىپ كېلىشىڭىز مەن ئۈچۈن ئەڭ ئالىي تارتۇق. ئەمدى مەن سەمىمىي دوستقا، ھەقىقىي تايانچۇغا ئېرىشتىم، — دېدى ئۇ چىن قەلبىدىن سۆيۈنگەن ھالدا.

بەگيۇسۇپ باش چايقىدى:

— پېقىر ئۆزۈمنى ئەلگە تارتۇق قىلىشۇەتكەن ئالىيلىرى، كەچۈرگەيلا.

— بۇ ماڭا ئايان، بەگيۇسۇپ. قانداق بولسۇن ئامان ـ ئېسەن كەلگىنىڭىزدىن ناھايىتى خۇرسەن مەن، — دېدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن چىرايلىق ئويۇق، تەكچىلەر چىقىرىلغان تام ـ تورۇسلارنىڭ كۆركەم جەگە، تۇۋرۇكلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ. ئۇ ئويلانغان ھالدا سورىدى، — ئەجەب ئوردا سارايلىرىدەك كاتتا ئۆي ئىكەن بۇ، سىز ياساتقانمۇ؟

— يوقسۇ ئالىيلىرى، چوڭ بوۋام بەگبۇقا ياساتقانىكەن.

— بۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىزنىڭ تەۋەررۇكلىرى ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئاسقۇلارغا ئېسىقلىق كىيىم ـ كېچەك، قورال ـ ياراغلارغا قىزىقىش نەزىرىنى تىكىپ.

— شۇنداق ئالىيلىرى، ئاۋۇ بۆرە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا، سالۋار تۇماق، نەيزە چوڭ بوۋىمىز چاغرىبەگ بەگبۇقا سانغۇنىنىڭ. ئاۋۇ شايە يەكتەك بىلەن بادام دوپپا، قىلىچ، ئوقيا بەگتۆمۈر بوۋامنىڭ، ئاۋۇ بەقەسەم تون، سەللە، قىلىچ، خەنجەر ئاتام رەيھانىدىنبەگنىڭ تەۋەررۇكلىرى. بۇ باغلىق قورۇمۇ چوڭ بوۋىمىزدىن قالغانىكەن، كېڭەيتىپ ياسىلىپ بۈگۈنكىدەك ھالغا كەلتۈرۈلگەن.

— دېمەك، بۇ تەۋەررۇكلەرنىڭ ئالدىغا يۈز يىل بولۇپ

قاپتۇ ـ دە، ياخشى ساقلىنىپتۇ، بەگيۈسۈپ. مانا بۇ ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى يوقاتمىغانلىق، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىغا، قالدۇرغان مىراسىغا ۋارىسلىق قىلغانلىق، ئەۋلادلارنى ئىشەنچ ۋە غۇرۇرغا ئىگە قىلغانلىقتۇر، ـــ ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان سۆزدىن توختاپ، تۇتقان گىلاس شەربىتىنى ئىچتى.

ـــ ناھايىتى توغرا دېدىلە، ئالىيلىرى، ھەر قېتىم مۇشۇ ئۆيگە كىرسەم، تام ئويۇقلارغا قاراپ ئىپتىخارلىنىمەن. ئەجدادلارنىڭ تەۋەررۈكلىرىنى ساقلاش ـــ ئەۋلادلارنىڭ غۇرۇرلۇق بولۇشى، قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاپ ياشىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئەجدادلارنىڭ تەۋەررۈكلىرىنى ساقلاۋاتقانلار ئاز بولمىسىمۇ، ئومۇملىشىپ كەتكىنى يوق. بۇنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئەگەر ئالىيلىرى قوشۇلسىلا، قۇزئوردۇدا بىر ئاسارئەتىقە سارىيى ئاچساق، شەھىرىمىزدىن، ھەرقايسى جايلاردىن تەۋەررۈك يادىكارلىقلارنى يىغىپ شۇ سارايغا قويۇپ ساقلىساق، بۇنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولاتتى. ئەۋلادلارغا نەسلىنى ئۇنتۇماسلىق، ۋىجدان ـ غۇرۇرنى يوقاتماسلىق، ئۆزىنى تونۇش توغرىسىدا ئەمەلىي ساۋاق بېرەتتى. ئوردۇكەنتتىن يولغا چىقىش ئالدىدا بۆگۈ بىلگە مەھمۇد تېگىن، مەۋلانا ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قاتارلىق بوغۇغ[1]لار بۇ توغرۇلۇق ياخشى تىلەكلىرىنى ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈشۈمنى تاپىلاپ سالام يوللاشتى. پېقىر بۇ سارايىنى سېلىشقا ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇشقا كېتىدىغان بارلىق چىقىمنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشنى خالايمەن، ـــ دېدى بەگيۈسۈپ.

ـــ بەگيۈسۈپ، تەكلىپىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق. مەن يادىكارلىق سارىيىنى قۇرۇشقا ئەلۋەتتە قوشۇلىمەن. ئەمما، بۇ توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەيلى. ھازىر قىلىشىدىغان ئۇنىڭدىن مۇھىمراق گەپ بار، ـــ ئۇ بەگيۈسۈپ شەربەت قۇيۇپ سۇنغان جامنى ئالدى، ـــ كاتتا بوغۇغلارنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىشلار

① بوغۇغ ـــ ئالىم، مۇتەپەككۇر دېگەن مەنىدە.

خىيالىڭىزغا كېلىدىغان قالتىس ئاجايىپ ئادەم سىز بەگيۇسۇپ. ئوردۇكەنتكە تۇنجى قېتىم كەلگەن ئاشۇ بالا ۋاقتىڭىزدا، يەنە بىر بالىغا يېقىپ قالغانىدىڭىز، ئۇ بالا مەن ئىدىم. مەنلا ئەمەس، سىزنى چوڭ ــ كىچىك كۆپ كىشىلەر، شاھزادىلەرمۇ ياقتۇرۇپ قالغانىدى. كېيىن بولسا پۈتۈن ئەل ياقتۇرۇپ قالدى. ئاتام بىلەن بىللە زىندانغا تاشلانغىنىڭىزنى ئاڭلاپ، دەرھال لەشكەر تارتىپ بارماقچى بولۇپ تەييارلىق قىلىشقا كىرىشكەنىدىم. دوقاقبەگنىڭ نۇرغۇن سىپاھ بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق ئەييار[①] لار خەۋەر كەلتۇردى. مەنمۇ ئۈچ تۈمەن لەشكەرنى سەپراس قىلىپ تۇرسام، ھۇسەيىن ئارسلانخان بىلەن دوقاقبەگ مۇھاپىزەتچى ياساۋۇللىرى بىلەنلا كېلىپ مەن بىلەن ئەھدىنامە تۈزدى ... سىزلەر زىنداندىن چىقىپ يولدا كەلگۈچە قانخور ئەبلەخلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، كۈتۈلمىگەن پاجىئە يۈز بېرىپتۇ. ئالدىڭىزغا مۇھاپىزەتچى سىپاھ ئەۋەتمىگىنىم ئۈچۈن كۆپ پۇشايمان قىلدىم. ئەمدى كېلىشتىكى مەقسىتىمنى چۈشەنگەنسىز؟

— پېقىردىن ئەپۇ سوراش ئىكەن ـ دە، ئالىيلىرى؟ — دېدى بەگيۇسۇپ.

— شۇنداق، ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ، پەتىلەپ تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۆزۈم كەلدىم. سىز ناھايىتى سەۋر ـ تاقەتلىك ھەم قەيسەر كىشى. بۇ ئېغىر مۇسىبەتكە بەرداشلىق بېرەلەيسىز، دەپ ئىشىنىمەن.

— ئەلۋەتتە، ئالىيلىرى، ئاللادىن كەلگەن بۇ قازاغا رازىمەن، ھەرگىز مالال بولمىدىم. لېكىن، بۇ قېتىمقى پاجىئەلىك سەپەردە ماڭا بىر سىر ئاشكارىلاندى، ئالىيلىرى.

— سىر دېدىڭىزمۇ؟ — سەل كۆتۈرۈلۈپ سورىدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن سەل جىددىيلىشىپ.

---

① ئەييار — چارلىغۇچى.

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، نۇرغۇن يىللاردىن بېرى قاراخانىيلار تەختىگە چىقىلماقچى بولۇپ كېلىۋاتقان بىر گۇرۇھ بار ئىكەن. بۇ گۇرۇھقا بوۋىمىز مەلىكۇل مەشرىق يۈسۈپ قادىرخان ۋاقتىدا دارغا ئېسىلغان بولۇنبەگنىڭ ئوغلى بوزاغۇ باشچىلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ پىقىرنى، ھەمراھلىرىنى قەتل قىلىش ئۈچۈن، ئارقىمىزدىن ئەۋەتكەن كاللىكېسەرلىرى قاتتىق قارشىلىقىمىزغا ئۇچراپ ئەسىر چۈشمىگەن بولسا، بۇ سىر پېشىلمىگەن بولاتتى. بۇنى بوزاغۇنىڭ خاس مەھرەملىرى قابان ۋە چاۋاربەگلەر ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلدى.

— بوزاغۇ سەمەرقەنت يېنىدا يوقىلىپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟ ماڭا بۇنى ئاتام ئېيتىپ بەرگەنىدى، — دېدى ھەيران بولغان ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن.

— ئالىيلىرى، بۆرە تېگىنگە قارشى لەشكەر تارتىپ بارغاندا، بوزاغۇنىڭ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغىنى راست، ئۇ سادىق قۇلى بولغان چاۋار، قابانلار بىلەن قېچىپ يۈرۈپ، بارسغانغا بېرىپ سىڭلىسى قۇماربىكەنىڭ يېنىدا پاناھلانغان.

— قۇماربىكە دېگىنىڭىز مۇھەممەد ئارسلانخان تاغامنىڭ كىچىك خوتۇنى ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى. ئۇ ناھايىتى يامان خوتۇن ئىكەن. بوزاغۇنىڭ ئىسمىنى قەيسەربەگكە ئۆزگەرتىپ، ئاغۋاتلىقتىن جاندارلىققا، جاندارلىقتىن جاندارلارباشى بولۇشقا شارائىت يارىتىپ بەرگەن. بوزاغۇ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۇنى بۇغرا قاراخان بولۇشقا قىزىقتۇرۇپ ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىشقا قۇتراتقان. نەتىجىدە ئۇ مەقسىتىگە يېتىپ، سۇلايمان ئارسلانخاندىن تەختنى تارتىۋالغان، بوزاغۇ خىزمەت كۆرسەتتى، ھېسابلىنىپ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ يۇغرۇش باشى بولۇۋالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى بىلىۋالغان، ئۆزىنى كۈيۈئوغۇل قىلىشنى خالىمىغان ئاتامنى ناھايىتى ئۆچ كۆرگەن. ئاتام ۋاپات بولغاندىن كېيىن،

ئادەم ئەۋەتىپ ئاچامنى ۋە كۈيۈئوغلىمىزنى ئۆلتۈرگەن ... مانا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چاۋار، قابانلار ئۆلۈش ئالدىدا ئىقرار قىلدى. قارىغاندا قۇمارىبىكە، بوزاغۇلار چوڭ بىر سۇيىقەست پىلانلاۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئالىيلىرى. بۇنىڭدىن مۇھەممەد ئارسلانخاننى خەۋەردار قىلىشىمىز بەكمۇ زۆرۈر.

— تاغام بەرگەن ئۇچۇرىمىزغا ئىشىنەرمۇ؟ ئۇ قۇمارىبىكەنىڭ سۆزىنى يىرالماسمىكىن؟ — ئويلىنىپ قالغان ئېلىكخان ئىختىيارسىز مۇشتۇملىرىنى تۈگدى.

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، مۇھەممەد ئارسلانخان خا ئىشەنسۇن، خا ئىشەنمىسۇن، تەپسىلىي يېزىپ بۇ خەۋەرلىك ئەھۋالدىن ۋاقىپلاندۇرايلى. ھوشىنى تاپسا تاجۇتەختىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ھوشىنى تاپمىسا گۇمران بولىدۇ. بۇنى بىز توسۇپ قالالمايمىز، — دېدى بەگيۇسۇپ خىزمەتكارلار ئېلىپ كىرگەن پولۇنى ئېلىكخاننىڭ ئالدىغا قويۇپ، پولۇغا بېسىلغان قىرغاۋۇل، جەرەن گۆشىنى توغراپ، يېيىشكە تەكلىپ قىلدى.

غىققىدە بولۇپ قالغان ئەبۇ ھەسەن تېگىن پولۇغا قول ئۇزارتماي ساقىلىنى سىيپىدى.

— دەرمەھەل لەشكەر تارتىپ بارسامچۇ، بەگيۇسۇپ. ئەھۋالنىڭ بۇنداق ئېغىرلىقىنى زادى ئويلىماپتىمەن. ئەمدى يەنە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇۋەرسەم ئاتاممۇ گۆرىدە تىنچ ياتالمايدۇ. ھېلىمۇ سۇغا چۆككەن تاشتەك ئېغىرلىق قىلىدىم، ئەمدى يول قويسام ئاسىيلاردىن بولۇپ قالىمەن.

— يەنىلا سەۋر قىلسىلا، ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئەھۋالنى مەلۇم قىلايلى. مۇھەممەد ئارسلانخان غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنامدۇ، يوق؟ بۇنى بىلىپ شۇنىڭغا يارىشا تەدبىر قوللانساق ئوبدان بولارمىكىن، دەيمەن. قېنى، ئاشقا مەرھەمەت قىلسىلا، شاھىم، — بەگيۇسۇپ ئۇنى ئاشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭمۇ غىققىدە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئەسلىدە مەن سىز بىلەن ھال - ئەھۋاللىشىپ غېمىمنى

يېنىكلىتەرمەن، دەپ ئويلىغۇدىم. ھالا غىمىم ئاۋۋېپ، يۈكۈم ئېغىرلاشتى. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ مېنىڭ بىخۇدلۇقتىن قۇتۇلۇشۇمغا بىرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش بولدى. سىزدىن سوراي، دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ ھەرقانداق خۇسۇسىي ئىشىڭىزدىن كېچەلەمسىز؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال بەگيۇسۇپكە سەل غەلىتە تۇيۇلدى، غۇرۇرىغىمۇ تەگدى. بۇ ۋاقىتچە دۆلەت ئىشى ئۈچۈن ئۇ نېمىلەردىن كەچمىدى؟ ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ قەشقەرگە باردى. بۆرە ئۇۋۇسىغا كىردى. بايلىقىنى سەرپ قىلدى. مېھرىبان ئانىسىدىن، ۋاپادار رەپىقىسىدىن، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلدى. بۇنى ئەبۇ ھەسەن تېگىن بىلمەمدىكىنە؟ مۇنداق سوئالنى سوراشتىكى مەقسەت نېمىدۇ؟ ئۇ ئويلانغان ھالدا دېدى:

— ئىلىكخان ئالىيلىرى، دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرقانداق خۇسۇسىي ئىشىمدىن كەچسەممۇ، بىر ئىشتىن زىنھار كېچەلمەيمەن.

— ئۇ قانچىلىك مۇھىم ئىش ئىدى؟ — سورىدى ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخان ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ.

— ئۇ سودا ئىشى ئەمەس، ئاۋامنىڭ ئىشىمۇ ئەمەس، دۆلەتنىڭ ئىشى تېخىمۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت مەن ئەجىر قىلىدىغان، مېنىڭ قولۇمدىنلا كېلىدىغان نازۇك ئىش.

— ياراشتۇرۇش ئىشى ئىكەن ـ دە، — ئەبۇ ھەسەن تېگىن باش چايقاپ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— يوقسۇ، ئىلىكخان ئالىيلىرى، بۇنداق ئىشمۇ ئەمەس. ئۇ پۈتۈن ئەلنىڭ ھازىرقى، كەلگۈسىدىكى تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك، كۆپ ئەجىر تەلەپ قىلىدىغان بەكمۇ مۇھىم ئىش ئىدى ...

ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن چۈشىنەلمەي، تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ دېدى:

— ئۇچۇقراق ئېيتسىلا، قانداقلا ئىش بولسۇن

مەسلىھەتلىشىپ قىلارمىز.

— گەپنى ئەگىتىپ كەتكەن ئوخشايمەن، ئالىيلىرى، بۇنداق ئىش ئىدى، — ئۇ تەمكىن ھالدا ئالدىرىماي سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن زىنداندىكى چېغىمدا، ھالاللىق ۋە ئادالەت، بەخت ۋە ئىستىقبال، ئەقىل ۋە ئۇلۇغلۇق، سەۋر ۋە قانائەت توغرىسىدا بىر كىتاب يېزىش قارارىغا كەلگەنىدىم. ھالبۇكى، زىنداندىن چىقىشىمغا، مۇھەممەد ئارسلانخان ئوردا خىزمىتىنى قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، سىلىققىنا رەت قىلىپ يولغا چىقتىم. سەپەر ئۈستىدە بەتنىيەتلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۆمۈرلۈك ھەمراھىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. يۈرەك يارام شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ، يازماقچى بولغان كىتابىم خىيالىمدىن نېرى بولمىدى. قۇزئوردۇغا كېلىشىم، ئەمەل - مەنسەپ ياكى بايلىق ئۈچۈن ئەمەس، بىر مەزگىل تاشلىنىپ قالغان قەلەمنى قولغا ئېلىپ، يازماقچى بولغان كىتابنى يېزىش ئۈچۈن ئىدى ...

— مۇنداق دەڭ، چۈشەندىم، بەگيۈسۈپ، — ئېلىكخاننىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم نامايان بولدى، — سىز راستلا چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولۇپسىز، ئاللا سىزگە مەدەتكار بولغاي، — ئۇ سەل توختاپ، بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋام قىلدى، — ئەسلىدە مەن سىزنى يۇغرۇش باشلىقىغا تەيىنلىمەكچىدىم. بۇنداق قىلسام مەملىكەت ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ چوڭ ئىشىڭىز ئاقساپ قالغۇدەك، بۇ نىيىتىمدىن يالتايدىم. ئەمما، سىز دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈۋرۈكى، شۇڭا مەيلىڭىزگە تاشلاپ قويغۇم يوق، سىزنىڭ خاس ھاجىپ بولۇپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. زۆرۈر تېپىلغاندا مەسلىھەت بېرىشكە چاقىرىمەن، قالغان ۋاقتىڭىز ئىختىيارىڭىزدا بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئۆتۈنۈشۈم ئىشىڭىزغا ماللىق يەتكۈزمەس، — شۇ گەپلەردىن كېيىن ئېلىكخان ئورنىدىن تۇردى.

— ئولتۇرسىلا، ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئولتۇرسىلا، — دېدى بەگيۈسۈپ ئۇنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغۇزۇپ، — مېنى

چۈشەنگەنلىرىگە كۆپ رەھمەت، ئالىيلىرى، قېنى، ئەمدى ئاشقا مەرھەمەت قىلغايلا.

ئېلىكخان ئۆزاپ كەتكەندىن كېيىن، بەگيۈسۈپ قول ـ دېدەكلىرى بىلەن ئىچكىرى ھويلىدىكى زەمۇران ئانىنىڭ كەڭتاشا خانىسىدا تۇرۇۋاتقان دىلدارىبكەنىڭ يېنىغا كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سىڭلىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، — دىلدارىبكە بېشىغا ئارتىقلىق رومال بىلەن يۈزىنى توسۇدى.

— رەھمەت، ئەھۋال سوراپ كىرگەنىدىم، — بەگيۈسۈپ ئىشىك تۈۋىدىلا تۇردى، — تۈنۈگۈندىن بېرى خەۋەر ئالالمىدىم، ياخشى تۇرۇۋاتقانلا. قۇزئوردۇنىڭ ھاۋاسى ياققاندەك تۇرامدۇ؟

دىلدارىبكەنىڭ چېھرى ھەسرەتلىك تۈس ئالدى.

— قۇزئوردۇ كۆرگۈچىلىكى بار ئۆز شەھەر ئىكەن، ھاۋاسى ياقتى، ئەمما كەلگىنىمگە ئەپسۇسلانماي ئىلاجىم يوق، — دېدى يەرگە قارىغان پېتى.

— نېمە ئۈچۈن، بىكەم؟

— بۇ ئۆزلىرىگە ئايان، بەگيۈسۈپ، ئاقىبىرا خېنىم ھايات بولسا، ئەپسۇسلانماس ئىدىم، ئۇنىڭسىز ئوڭايسىزلىنىپ قالىدىكەن كىشى.

بەگيۈسۈپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى.

— ئەپسۇسلانمىسىلا، سىلى خىجىل بولىدىغان ھېچقانداق ئىشنىڭ سادىر بولغىنى يوق. سىلىنىڭ كەلگەنلىرىنى قۇزئوردۇ ئەھلى ئاڭلىسا ناھايىتى خۇش بولىدۇ.

— شۇنداق بولغاي ئىلاھىم، ئەمما باشقىچە ئويلاپ قالىدىغانلارمۇ چىقىدۇ، بەگيۈسۈپ.

— خاۋاتىرلەنمىسىلە، دىلدارىبكە. كىسەللەرنى داۋالاشقا كىرىشىپ كەتسىلە، ھەممە كۆڭۈلسىز خىياللار باشلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

— شۇنداقتىمۇ ... ئۆزلىرىمۇ چۈشىنىدىلا ... باشقا ئۆيگە

يۆتكىلىپ تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرۈۋاتىمەن، — كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى دىلدارىبكە.

« ئۇ قورۇنۇپ قالسا بولمايدۇ، ئۆز ئىشىغا ئەركىن - ئازادە كىرىشىشى كېرەك. ئايىسلىگ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي. بىر ئۆي تېپىپ بېرىشىمىز ھەقىقەتەن زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ.» دەپ ئويلىغان بەگيۇسۇپ:

— توغرا ئويلاپلا، دىلدارىبكە، بۇگۇنلا سىلىگە ھەممە جەھەتتىن قولايلىق بولغان ئۆينى ئۇقۇشۇپ بېرىمەن. شۇنچە يىراق يەردىن كەلگەنلىرىدە تەڭلىكتە قويساق قانداق بولىدۇ، — دېدى ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەپ، ئۇ تاشقىرى ھويلىغا چىقتى. ئاچىسى بىلەن كۆرۇشۇپ دىلدارىبكەنىڭ تەلىپىنى ئېيتىۋىدى، ئاچىسى ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن دىلدارىبكە قول - دېدەكلىرى بىلەن ئايىسلىگنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالدى ...

## 3

بەگيۇسۇپ چاشكا ۋاقتىدا كەلگەن دوستى، ساۋاقدىشى ئەربۇقا پەتھىدىن ۋە ئاچىسى ئارچۇننى كۇتۇۋالدى.

— ئەتىگەن ئادارىبەگنىڭ ئوغلى كەلگىنىڭلار توغرۇلۇق خەۋەر ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، بىخۇدلۇق قىلىپ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىدىكەنمىز، — دېدى دۇئا - تىلاۋەتتىن كېيىن ئەربۇقا. ئۇ ساقاللىرىنى ياساتماي قويۇۋەتكەنىدى.

— ئۇكام ... — دەپلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى ئارچۇن، — قېيىنئاتام - قېيىنئانامنىڭ ۋاپات بولغىنىغا قايغۇرۇپ تۇرساق، ئابام تۇگەپ كېتىپ، قولۇم ئىشقا بارمايدىغان، خۇدۇمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئارقا - ئارقىدىن يۇز بەرگەن مۇسىبەتلەر بىزنى ھالسىزلاندۇرۇپ قويدى، — ئۇ جىم بولۇپ كەتكەن ئەربۇقاغا قاراپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —

بالىلىرىمنىڭ ئاتىسىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا، ھەسرەت چېكىپ تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا قارىسام مېنىڭ يەردىن تۆكۈلۈپ كېتىمەن.

ـــ يىغلىمىسىلا ئاچا، ئادەم تۇغۇلغانىكەن، ئۆلۈم بىلەن ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۆلۈمنىڭ قانداق تەرزدە كېلىدىغانلىقىنى بىر خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. سەۋر قىلسىلا، ئاچا.

ـــ ئۇكام، قۇمبا ئاچام، ئاقىۋرا خېنىملارمۇ كەلگەندۇ؟ ئەجەب كۆرۈنمەيدىغۇ، ئىچكىرى ھويلىدىمۇ يا؟ ـــ سورىدى ئارچۇن ئىشىككە، دېرىزىلەرگە كۆز سېلىپ، ئۇنىڭ ئۆلار بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىۋالغۇسى بار ئىدى.

بەگيۇسۇپ يولدا يۈز بەرگەن پاجىئەنى سۆزلەپ بېرىپ دېدى:

ـــ يۈرىكىمنىڭ يارىسى ئېغىر، ئاغرىقىمۇ ئازابلىق، لېكىن چىدىماي ئىلاجىم يوق. مېيىت ئىشىكتىن چىقىش بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ سەۋرىسى تۈگىلۈكتىن كىرىدىكەن. سىلەرمۇ سەۋر قىلىڭلار.

بېشىنى سېلىپ ئولتۇرغان ئەربۇقا پەتھەدىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. ساۋاقداش ۋاقتىدىكىدەك سەنلەپ سۆزلەپلا كەتتى:

ـــ دوستۇم، سەن بۇغراخان مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتقان چېغىڭدىلا شۇنداق تاقەتلىك، قەيسەر ئىدىڭ. ھالا بۇ ياشقا كەلگىنىڭدە غەيرىتىڭ زورىيىپ، جۇشقۇنلىشىپ كېتىپسەن. شۇنچە ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت، مۇسىبەتلەرگە چىداپسەن. مەن ئاپاملار بىلەن ئوردۇكەنتكە بارمىغىنىمدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىپ قالدىم. بىللە بارغان بولسام، جەڭدە ھەمراھ بولغان، مۇبادا يارىلىنىپ يىقىلغان بولسا، يارىسىنى تاڭغان، ئاغرىق ئازابىنى يېنىكلەتكەن، دۇئاسىنى ئالغان بولاتتىم. شۇ چاغدا ئەجەب نامەردلىك قىلىپتىكەنمەن، بۇنى كۆپ ئويلاپ ئەقلىمدىن ئادىشاي دېدىم. مەدرىسەگە بارماي، غەم ـ غۇسسە، قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن

ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرغىنىمغا بىر ئايدىن ئاشتى. سېنى كۆرۈپ، گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ قاراڭغۇ كۆڭلۈمگە چىراغ يېقىلغاندەك بولدى، دوستۇم.

بەگيۈسۈپ قەددى - قامىتىدىن قايغۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان دوستىنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويدى:

— دوستۇم، قېرىندىشىم، سەن باھادىر سانغۇننىڭ ئوغلى. چاغرىبەگ، ئالىپ بولۇشتىن، مۇدەررىس، بوغۇغ بولۇشنى ئەۋزەل بىلگەن بىلىك خۇشتارى، بۇ تەرىپىڭ ماڭا ئوخشايدۇ. ئۆيدە بۇنداق جوغىسى يوق ئىۋرىقتەك ئولتۇرۇۋەرمەي، ئىرادە بەلبېغىڭنى چىڭ باغلاپ، مەدرىسەگە بارغىن، سېنى كۈتۈپ تۇرغان تالىپلارغا دەرس بېرىشنى داۋاملاشتۇر، بۇرچۇڭنى ئادا قىل، شۇنداق قىلساڭلا، ئاتا - ئاناڭنىڭ روھىنى خۇش قىلالايسەن، قەدىرلىنىپ ياشيالايسەن ...

— ئوبدان دېدىڭ ئۇكام، خۇدايىم بەختىمىزگە ئۇمۇرلىرىنى ئۇزاق قىلسۇن. ئاتا - ئانا غەم - قايغۇ بىلەن ئۇمىدسىزلىنىپ قالسا، بالىلارنىڭمۇ روھى چۈشۈپ كېتىدىكەن ... ئېيتقانلىرىدەك، بالا - قازاغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىمىزنى روھلۇق تۇتساق، قىلغان ئىشىمىزنىڭمۇ بەرىكىتى بولىدىكەن ...

بەگيۈسۈپ ئادار بىلەن بىرنەچچە كۈنگىچە پەتىچىلەرنى ئۇزاتتى. پەتىچىلەر سېلىككەندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلىدى، ئاندىن مەرھۇم چاغرىبەگ ئادامتوغرۇلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پەتىلىدى.

ئارازان ئاغىچا ئېرى، ئوغلى، نەۋرىسىنىڭ جەڭدە قازا قىلغىنىدىن يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ كەتكەچكە، قىزى ۋە كېلىنىنىڭمۇ قازا قىلغىنىغا چىدىيالماي يېتىپ قالغانىدى. بەگيۈسۈپلەرنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى. بىللە كەلگەن دىلدارىبىكە چېكىلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئاران ھوشىغا كەلتۈردى.

— دۇنياغا كۆز ئېچىپ خوۋلۇق كۆرمىگەن قىزىم، غۇنچە پېتى كېلىپ، غۇنچە پېتى كەتكەن قىزىم، ئاھ قىزىم ... — دەپ

ئۆزاقىچە يىغلىدى. قاتتىق تەسىرلەنگەن دىلدارىكە:
— ئابا، سىلىگە مەن بالا بولاي دەپ ئوردۇكەنتتىن كەلدىم. خالىسىلا بالا قىلىۋالسىلا، جان - دىلىم بىلەن خىزمەتلىرىدە بولىمەن، — دەپ، بۇ ياشانغان ئانىنىڭ يىغىسىنى توختاتتى.
— سىلىدەك بۆگۈ بىلىگە ئاتاساغۇن قىزنى بالا قىلىۋالامدىغان، بالام، — دەپ ئۇنى باغرىغا باستى موماي.
ئايسىلىگىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان دىلدارىكە شۇ كۈنلا ئارازان ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە كېلىۋالدى. بۇنىڭدىن بەگيۇسۇپ مەمنۇن بولدى. ئۇ قېينىئاتىسى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر قوندى. ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، بۇۋىئايىشە شۇ ئۆيدە قالىدىغان، بەگتۇرمىشمۇ بۇۋىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان بولدى.
بۇۋىئايىشە دىلدارىكەدىن كېسەل داۋالاشنى ئۆگىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، شۇ ئۆيدىن ھەر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى. جانپىدا غوجامنى ھاۋاخان ئاغىچا باقتى، ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم بۇ نەۋرىسىگە ئامراق بولۇپ كەتتى.
بەگيۇسۇپ ئۆزى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتىنى پىداركارلىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلغان مەھمۇد تېگىننىڭ مۇلازىملىرىنى، ساچىيە، خانلىق مەدرىسەلىرىنىڭ ئۆزىگە شاگىرت بولغان ئىخلاسمەن تالىپلىرىنى كۆپ سوۋغا - سالام بىلەن قەشقەرگە يولغا سالدى. مەھمۇد تېگىن ئارقىلىق مۇھەممەد ئارسلانخانغا يازغان مەكتۇپىنىمۇ ۋاقتىدا تاپشۇرۇشنى تاپىلاپ ئۇلارغا بەردى.
بەگيۇسۇپ شۇنىڭدىن كېيىنلا خېلى ئارام تېپىپ قالدى. ئەمدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخان بىلەن كۆرۈشۈش كېرەك ئىدى. شۇڭا، بۇگۈن ئەتىگەندىلا ئوردىغا باردى. دىۋانخانىدىكى بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالار ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. ھازىر ئېلىكخان سارىيى بولغان — بۇرۇنقى بۇغرا قاراخان سارىيىغا كىرگەندە، ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن تەختتىن تۇرۇپ قارشى ئالدى.
— كېلىپ مېنى كۆپ خۇرسەن قىلدىڭىز، بەگيۇسۇپ،

يولـىڭىزغا قارىغانىدىم، ــ دېدى ئۇ سالامىلىشىپ.
بەگيۇسۇپ ئېلىكخان كۆرسەتكەن تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كۇرسىدا ئولتۇرماي، يۇغرۇش، ھاجىپلار ئولتۇرىدىغان يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىلارنىڭ ئاخىرقىسىدا ئولتۇردى. ئادەتتە كۇرسىلارنىڭ بىرىنچىسىدە شەيخۇلئىسلام، ئىككىنچىسىدە يۇغرۇش باشى، ئۈچىنچىسىدە ھاجىبۇل ھۇجاپ ئولتۇراتتى. بەگيۇسۇپنىڭ ئادەتتىكى ھاجىپلارنىڭ كۇرسىدا ئولتۇرۇشى ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىننى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچىسىدە ئولتۇرغان بولسا ئۇنىڭ كۆتكىنىدەك بولاتتى.
ــ سىز يۇغرۇش باشى ياكى ھاجىبۇل ھۇجاپ بولۇشقا مۇناسىپ ئىدىڭىز. ھېلىمۇ، ئەل ئارىسىدا، مېنىڭ ئالدىمدا ھۆرمىتىڭىز ئەڭ ئۈستۈن. سىزنى زورلىيالمايمەن. ئۆتكەندە دېگىنىمدەك، ۋاقىت ئۆز ئىلكىڭىزدە، بەگيۇسۇپ، قىلماقچى بولغان ئۇلۇغۋار ئەمگىكىڭىزگە ھېچقايسىمىز ھالاقىت بەرمەيمىز. سىز ناھايىتى كەمتەر، سەممىي بوغۇغ ئىكەنسىز، ھەممىتىڭىزگە تەشەككۈر، ــ ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن ئورنىدىن يەنە بىر قېتىم قوپۇپ رەھمەت ئېيتتى.
ــ ئاللانىڭ رەھمىتى ئالىيلىرىغا بولسۇن، ــ دېدى بەگيۇسۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ــ ھۆرمەتلىك ئاتام ھايات ۋاقتىدا «كەمتەر، سەممىي بولساڭ ئەمەل ـ مەنسەپتىن، بايلىق ـ ئاتاقتىن قورۇق قالساڭمۇ، ئەلنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن قۇرۇق قالمايسەن» دەپ تەربىيە بېرەتتى. ئاتام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان مېنى ھاجىپلىققا تەيىنلىگەندە، مەن مانا مۇشۇ كۇرسىدا ئولتۇرۇپ، ئەلنىڭ خىزمىتىگە كىرىشكەنىدىم. ئەمدى يەنە مۇشۇ كۇرسىدا ئولتۇرۇپ ئەمرلىرىنى ئادا قىلسام ئۆزۈمنى بەختىيار ھېسابلايمەن، ئالىيلىرى.
ــ ئولتۇرۇڭ، بەگيۇسۇپ، ــ دېدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن، ــ ھاردۇقىڭىز چىقىپ قالدىمۇ، غېرىبسىنىپ

قالمىغانسىز؟

— قوزئوردونىڭ ھاۋاسى، زىلال سۈيى ھاردۇقۇمنى چىقاردى. قوزئوردۇغا كېلىپ، كەڭ بىر دۇنياغا چىقىپ قالغاندەك بولدۇم، ئالىيلىرى.

— بېشىڭىزنى ئوڭلاپ قويۇشىمىز كېرەك، بەگيۈسۈپ، بۇنىڭسىز يالغۇزلۇق ئازابىدىن قۇتۇلالمايسىز.

— بۇ ھەقتە تېخى ئويلانغۇدەك بولمىدىم، ئالىيلىرى. مېنىڭ بۈگۈن كېلىشىمدىكى مۇددىئايىم، ئالىيلىرىغا ئانىلىرىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈش ئىدى. بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنلىرىدە، ئالدىراشچىلىقتا ئۇلارنىڭ سالىمىنى يېرىم - يارتا يەتكۈزگەنىدىم، ئۇلارنىڭ كۆپ گەپ - سۆزلىرى دېيىلمەي قالغانىدى.

— ئۇنداق بولسا ئالدى بىلەن سىزنى ھاجىپلىقتا تەيىنلىگەنلىكىم توغرۇلۇق پەرمانىنى جاكارلاي. ئاندىن ئارامگاھ سارىيىغا چىقىپ پاراڭلىشايلى، — دېدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن. ئۇ ئىشىكئاغىسىنى چاقىرىپ، بارلىق ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ ئېلىكخان سارىيىغا دەرھال يىغىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى.

بەگيۈسۈپنىڭ ئېلىكخان سارىيىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ۋەزىر، ھاجىپلار كۆڭۈللىرىدە ئۇنى باش ۋەزىرلىك ياكى ئۇلۇغ ھاجىپلىق كۇرسىدا ئولتۇرغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغاچقا، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ھاجىپلىق كۇرسىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈشۈپ ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بولۇپمۇ باش ۋەزىر قۇتلۇقبەگ بىلەن ھاجىبۇل ھۇججاپ ئابدۇلغاپپار بارسغاننىڭ كۆڭۈللىرى ئەمىن تېپىپ، ئېلىكخانغا سالام بەجا كەلتۈرۈشتى.

ھەممەيلەن ئۆز كۇرسىلىرىدا ئولتۇرۇشتى.

— جانابلار، سىلەر تەرىپىنى تولا قىلىدىغان بەگيۈسۈپ ئوردىمىزغا كەلدى. مەن ئۇنى يۇغرۇش باشلىقىغا ياكى ئۇلۇغ

هاجىپلىققا تەيىنلىنىدىغان قىلىپ كۆتۈرۈلىدى. لېكىن، ئۇ ئادەتتىكى هاجىپلىق كۈرسىدا ئولتۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ۋە ساداقىتىگە قايىل بولماي تۇرالمىدىم. بۈگۈندىن ئېتىبارەن بۆگۈ بىلگە بەگيۈسۈپ ماڭا ۋە ئېلىمىزگە هاجىپ بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئىلىمگا① بۇ پەرمانىمنى پۈتۈپ، قوزئوردۇ دىيارىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلارغا ئەۋەتىپ بەرگەي!

ۋەزىر، ئەمىرلەر، بەگيۈسۈپنى قۇتلۇقلاپ، ئېلىكخانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى.

— ئەمدى بىزمۇ چىقايلى، — دېدى تەختتىن چۈشكەن ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن. ئۇ بەگيۈسۈپ بىلەن ئوردا بېغىدىكى ئارامگاھ سارىيىغا كىردى.

تومۇز كىرگەندىن بۇيان، ھاۋا بۈگۈنكىدەك ئىسسىمىغانىدى. كۆھىقاپنىڭ يوچۇقلىرىمۇ ئېتىۋېتىلگەندەك، شامالدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئېچىپ قويۇلغان دېرىزىلەرنىڭ پەردىلىرى مىدىر - سىدىر قىلمايتتى.

بەگيۈسۈپ مايسا رەڭ گىلەم ئۈستىگە قويۇلغان كۈمۈش قۇببىلىك تەخت يېنىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. دەرپەردىلىرى قايرىپ قويۇلغان دېرىزىدىن ئوردا بېغىغا نەزەر سېلىپ دېدى:

— مەلىكە ئايزادە ئانىمىز ئالىيلىرىغا كۆپ سالام ئېيتتى. پېقىرنى ئوردۇكەنت دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. «ئاتىسىنىڭ قىلىچىنى ئالغاچ كەتسىلە، بۇ قىلىچ شۇ ئوغلۇمغا مۇناسىپ، مېنىڭ كىچىكۈنۈمدە دۇئادا ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ قويسىلا» دەپ، ئۆزلىرىگە سالامەتلىك نۇسرەت تىلەپ قالدى، — بەگيۈسۈپ سۆزىنى توختىتىپ شايى تونىنى قايرىپ بېلىگە ئېسىۋالغان قىلىچنى غىلاپى بىلەن ئېلىكخانغا قوش قوللاپ سۇندى.

① ئىلىمگا — بۇغراخان، ئېلىكخانلارنىڭ مەخسۇس مەكتۇپ، يارلىق، پەرمانلىرىنى يازىدىغان كاتىپ.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا تەختتىن دەس قوپتى، سەل ئېگىشىپ ئىككى قوللاپ قىلىچنى ئالدى.

— مەن ئاتامنىڭ ئۇمىدىنى يەرگە قويدۇم. مۇھەممەد ئارسلانخان تاغامنىڭ ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلغىنىدىن ۋاقتىدا خەۋەر تاپالمىغاچقا، دەررۇ ئاتلىنىپ ياردەمدە بولالمىدىم، — ئۇ بېلىدىكى قىلىچنى ئېلىپ يېنىغا قويدى. ئاتىسىنىڭ تەۋەررۈك قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، باش ئۈستىگە ئۈچ قېتىم كۆتۈرۈپ، يەنە قىنىغا سېلىپ ئېسىۋالدى، — بەگيۇسۇپ، ماڭا ئارسلانخان دەپ نام بەرگەن بۇغرا قاراخان ئاتامنىڭ ئۇمىدىنى چوقۇم ئاقلايمەن! — ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭراق ھەم كەسكىن ئىدى.

— تەڭرىم سىلىگە مەدەتكار بولسۇن، ئارسلاندەك ماڭغان ئىزلىرىدىن قايتماي، زەپەر قۇچقايلا، — دېدى بەگيۇسۇپ.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن ئاتا - ئانىسىنى، بىر تۇغقانلىرىنى ئەسلەپ سورىدى:

— ئۇكام ياقۇپ تېگىن، ئالماس تېگىن، سىڭلىم ئالقىشىبىكە، كۈنبىكە، ئايبىكەلەرنى بەك سېغىنىدىم. ئۇلار سالامەت تۇرغاندۇ - ھە؟

— سالامەت، ئالىيلىرى. ياقۇپ تېگىن ناھايىتى جىگەرلىك يىگىت بوپتۇ. ئۇ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشمەن، دەپ قان ئىچەر جاللات مۇڭسۇزنىڭ توسۇغىنىغا قارىماي، زىندانغا باستۇرۇپ كىرگەندە تۇتۇلۇپ زىنداندا يېتىپ چىقتى. ھازىر ساچىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. مەلىكىلەر ئوپالدىكى چار باغدا، ئانىلىرىنىڭ قېشىدا، ئۇلاردىن خاتىرجەم بولغايلا.

— مەن ئاتامنىڭ زىنداندا ئۆلۈپ كەتكىنىگە بەك ئېچىنىمەن. تولىمۇ باغرى يۇمشاق، ئېغىر - بېسىق ئىدى. ھۆكۈمدار ئۇنداق باغرى يۇمشاق بولسىمۇ زىيان تارتىپ قالىدىكەن.

— دېگەنلىرى بەرھەق ئالىيلىرى. ئەمما، پادشاھ باغرى

قاتتىق، زالىم بولسا تەختتە ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ. پادىشاھ بىلىملىك، خەلقپەرۋەر، ئادىل بولۇشى زۆرۈر. سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى ئېغىر - بېسىق، دانىشمەن زات ئىدى، ئاۋامنىڭ غەمگۇزارى ئىدى، ئۇرۇشنى، قان تۆكۈلۈشنى خالىمايتتى. شۇڭا، مۇشۇ كۈنلەردە ئوردۇكەنت ئەھلىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۇنى سېغىنىپ ياد ئەتمەكتە. قانخور، زالىم پادىشاھنى ئىتمۇ ياد ئەتمەيدۇ. سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى ئۇ دۇنياغا پاك كەتتى. سىلى ئەمدى قايغۇرۇشنىڭ ئورنىغا، قارا نىيەت، سۈيىقەستچىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا باش قاتۇرۇشلىرى لازىم. ئانىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ دوستلىرىنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى شۇ، — دېدى بەگيۇسۇپ. ئۇ ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىننىڭ غەم - قايغۇ بىلەن گاڭگىراپ قالغىنىنى ئوردۇكەنتتىكى چېغىدىلا ھېس قىلغان ھەم بالاساغۇنغا كەلگەندىن كېيىن بىلىپ يەتكەندى. شۇڭا، كۆڭلىدىكى ئىستەكلىرىنى ئوچۇق ئېيتىپ، ئۇنى روھلاندۇرماقچىدى.

— بەگيۇسۇپ، بوزاغۇ ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى قۇمارىبىكەنىڭ سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى نەچچە كۈندىن بېرى كاللامغا كىرىۋېلىپ، بۇ ھەقتە تاغامغا مەكتۇپ ئەۋەتىش قارارىغا كەلدىم. ئەمدى يەنە سۈكۈت قىلسام، تاجۇتەختىمىز خەتەر ئاستىدا قالىدىغان ئوخشايدۇ.

— پېقىرمۇ مەھمۇد تېگىننىڭ مۇلازىملىرىدىن مۇھەممەد ئارسلانخانغا مەكتۇپ ئەۋەتتىم. ئەگەر ئۆزلىرىمۇ ئەۋەتسىلە، تاغىلىرىنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ، سۈيىقەستچىلەرگە تەدبىر قوللىنىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا بىر قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقتىن خانىدانلىرىنىمۇ، ئەلنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ، ئالىيلىرى.

— بەرھەق، شۇنداق. مەن بۈگۈنلا مەكتۇپ يېزىپ، ئەشكىنچىدىن ماڭدۇرۇۋېتىمەن. يەنە قانداق مەسلىھەتىڭىز بار؟

بەگيۇسۇپ قولىدىكى پىيالىنى داستىخانغا قويدى.
— تەختلىرى سايىسىدا قىلىچ بىلەۋاتقان مەلئۇن بار. مېنىڭ كېلىشىمدىكى يەنە بىر مەقسەت بۇنى ئاشكارىلاش ئىدى، ئالىيلىرى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىنىنىڭ چىرايى لاپپىدە ئۆزگەردى.

— ئۇ كىم ئىكەن، ھاجىپ؟

— پەرمانبەگ.

— پەرمانبەگ!؟ — ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

## 4

قۇزئوردۇدىكى دىۋانى ئارىز سارىيى ئوردىنىڭ شىمالىدىكى چىمەنزارلىق ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئېلىكخان سارىيىدىن قالسىلا، ئوردىدىكى ئەڭ كۆركەم بىنا سانىلاتتى. سۇلايمان ئارسلانخان ۋاقتىدا، ئوردۇكەنتلىك مەشھۇر نەققاش، بىناكار سۇلايمان كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئاخۇنبەگ ئوردىنى كېڭەيتىپ ياساپ بۇ بىنانى سالغان، ئۆزلىرىمۇ بۇ شەھەردە تۇرۇپ قالغانىدى...

ئوردا مەسچىتىدىن يانغان ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن يۇرتۇغ، جاندارلىرى بىلەن كەلگىنىچە سارايغا كىرىپ تەختكە چىقتى. بەگيۇسۇپ ھاجىپلار بىلەن بىللە كۇرسىدىن ئورۇن ئالدى.

تەختنىڭ سول تەرىپىگە قويۇلغان كۇرسىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرمانبەگ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاق يۈز، قوي كۆز، بويلۇق، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. مېھرى ئىسسىق، سىپايە كۆرۈنەتتى. ئېلىكخاننىڭ دىۋانى ئارىز سارىيىغا يىغىلىش توغرىسىدىكى ئەمرىنى باش ۋەزىر قۇتلۇقبەگدىن ئاڭلاپ «ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق پەرمان جاكارلايدىغان ئوخشايدۇ، ئەجەب بىلمەي قاپتىمەن. بەگيۇسۇپ ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن بولسا كېرەك.

بوگۈن كەچتىلا بوزاغۇغا مەكتۇپ يېزىپ، خاس غۇلامدىن ئەۋەتتۈڭىتەي» دەپ ئويلىدى.

بەگيۈسۈپ ئويغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى، يادائغۇ چېھرىگە غەم كۆلەڭگە تاشلىغانىدى. ئۇ بايا ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىننىڭ تەكلىپى بىلەن، چۈشتە ئۆيىگە كەتمەي، ناماز پېشىننى ئوردا مەسچىتىدە ئوقۇپ، پەرمانبەگنى سوراق قىلىشقا قاتناشماقچى بولغانىدى.

ۋەزىر - ۋۇزرالار بۈگۈنكى ئۈشتۈمتۇت چاقىرىلىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تەختتە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان ئىلىكخاندىن سۆز كۈتۈپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىشقانىدى.

تۆت نەپەر قارا تونلۇق، يۈزلىرىگە نىقاب تارتقان جاللات، قىلىچ، پالتىلىرىنى يالىڭاچلاپ تەخت كەينىدە قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇشاتتى. جاندارلار ئارقىدا ۋە ئىككىياندا سەپراس بولۇپ ئۈچ رەت تۇرۇشقانىدى. ئىلىكخاننىڭ ئاچچىق ۋە غەزەپ يېغىپ تۇرغان چىرايى دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى.

قىلىچنىڭ سېپىنى تۇتقان ھالدا تەختتىن دەس تۇرغان ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى:

— جانابلار، بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان ئاتامنىڭ زىنداندا بىۋاقىت ۋاپات بولغىنىغا تۆت ئايدىن ئاشتى. ۋەلىئەھد بولغان مېنىڭ لەشكەر تارتىپ ئاتلانماي، قۇزئوردۇدا جىم تۇرۇۋالغىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىلەر؟ مەنمۇ مەرھۇم ئاتامدەك، ئەلدە بىھۇدە قان تۆكۈلۈشنى خالىمايمەن. قېرىنداش، يۇرتداش تۇرۇپ، بىر - بىرىگە قىلىچ كۆتۈرگەننى ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ! تاغام مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ قان تۆكۈپ ئېرىشكىنى نېمە بولدى؟ ئاكىسىنىڭ تاجۇتەختى! ئەلگە نېمە قىلىپ بەردى؟ قان تۆكۈپ، زۇلۇم سالدى! قارا نىيەت، تۇزكور ئەبلەخلەرنىڭ سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، قاراخانىيلار مەملىكىتىنى پارچىلاپ، تالان - تاراج قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى، خالاس!

بۇ قارا نىيەت سۇيىقەستچىلەر ئىپلىمىزنىڭ ھەممە شەھەر ـ ئايماقلىرىغا تارقالغان، جۇملىدىن قۇزئوردۇدىمۇ بار! ــ ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن سۆزىنى توختىتىپ، غەزەپلىك نەزىرىنى چىرايى تاتىرىپ يەرگە قارىۋالغان پەرمانبەگكە تىكتى، ــ ئۇ سۇيىقەستچى كاززاپلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم، بۆگۈ بىلگە ھاجىپ بەگيۇسۇپ بىلدۇردى. ھەربىرىڭلارغا ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئەمدى ئېيتىپ بېرىدۇ.

دۆلەت ئەربابلىرى دۇررىدە ئۇنىڭغا قاراشتى. دەككە ـ دۇككىدە قالغان پەرمانبەگمۇ چاندۇرماي كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنى كۆزەتتى.

بەگيۇسۇپ ئورنىدىن تۇردى:

ــ ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئالىيلىرى، ــ دېدى ئۇ ئىلىكخاننى ۋەلىئەھد ئۇنۋانى بىلەن ئاتاپ، ــ بۇ قېتىم قۇزئوردۇغا كېلىشىمدە تەڭرى مېنى ئاچچىق ساۋاقتا ئىگە قىلىپلا قالماي، بىر چوڭ سىرنى كۆز ئالدىمدا ئاچتى: قارلۇق ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ھوقۇق، ئىمتىيازغا رازى بولماي، تاجۇتەختنى تارتىۋېلىش كويىدا بولۇپ كەلدى. قاراخانىيلار خاقانىنىڭ يۇغرۇش باشى بولغان قارلۇق يابغۇسى بولۇنبەگ سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ دارغا ئېسىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى بوزاغۇ، قىزى قۇمارىبىكەلەر مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىۋېلىپ چوڭ ھوقۇقلارنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئوردۇكەنتكە يورۇش قىلدۇرۇپ، بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ زىندانىدا ئالەمدىن ئۆتۈشىگە سەۋەبكار بولدى. ئۇلارنىڭ قۇزئوردۇدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ــ ئوردىمىزدا خىزمەت قىلغۇچى پەرمانبەگ !

ھەممەيلەن چۆچۈپ ئۇنىڭغا قاراشتى. پەرمانبەگ تاتارغان چېھرىگە سۇنئىي كۈلكە يۇگۈرتۇپ سالام بېرىپ دېدى:

ــ پېقىر ئىلىكخان ئالىيلىرىغا بولغان ساداقىتىمنى قان

بىلەن ئاقلاشقا رازىمەنكى، ھاجىپ بەگيۇسۇپ جانابلىرىنىڭ مېنىڭ نامىمنى تىلغا ئالغىنىغا ئەجەبلىنىۋاتىمەن.

ئۇنىڭ ناھايىتى سىلىق - سىپاگەرچىلىك بىلەن ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىغان ئېلىكخان بەگيۇسۇپكە قاراپ قويدى. بەگيۇسۇپ بېشىنى چايقاپ قويۇپ پەرمانبەگدىن سورىدى:

— بولۇنبەگنى بىلەمسىز؟

پەرمانبەگنىڭ چىرايى ئۆڭدى. لېكىن، ئۇ زورلاپ كۈلۈمسىرەپ، ئەندىشىسىنى يوشۇرماقچى بولدى.

— بىلىمەن، ھاجىپ، ئاسىيلىق قىلغىنى ئۈچۈن دارغا ئېسىلغانىدى.

— ئۇنى قانداق تونۇيسىز؟

— بىز ئىككى تۇغقاننىڭ باللىرى بولىمىز، شۇڭا مېنى ئوردا ياساۋۇللۇقىغا تونۇشتۇرغان.

— تۇغقىنىم دەپ ئوردا ياساۋۇللۇقىغا تونۇشتۇرۇشتا، بولۇنبەگنىڭ نېمىنى كۆزلىگىنى سىزگە ئاياندۇ؟

— يوقسۇ، ھاجىپ. تۇغقانچىلىق يۈزىسىدىن شەپقەت قىلىپ تونۇشتۇرغانلىقى ماڭا ئايان.

— ياساۋۇل بولغاندىن كېيىن بولۇنبەگكە نېمە ئىشلارنى قىلىپ بەردىڭىز؟ ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسىڭىز كۈچەيگەندۇ؟

بەگيۇسۇپ سورىغان ھەربىر سوئالنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى. پەرمانبەگمۇ ئۇستىلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى. بۇ قېتىم سەل تۇرۇۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— ياساۋۇل بولغىنىمدىن كېيىن، بولۇنبەگنىڭ ئەمەس، ئېلىكخان ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. ئالىيلىرىغا بولغان ئىخلاس - ھۆرمىتىم كۈنسېرى ئاشتى.

— شۇنداقمۇ، پەرمانبەگ؟ — بەگيۇسۇپ ئۇنىڭغا بىگىزدەك قادالدى.

— شۇنداق، ھاجىپ، ئەلۋەتتە شۇنداق، — پەرمانبەگنىڭ بۇ تەئەددى گەپتىن ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى.

— قانداقلارچە باجگىربەگ بولۇپ قالدىڭىز؟
— ئېلىكخان ئالىيلىرىغا بولغان ساداقىتىمدىن.
بەگيۈسۈپ گەپنى يۆتكىدى.
— چاۋاربەگ، قابانلارنى تونۇمسىز؟
— چاۋاربەگ، قابان؟ مەندىن نېمىشقا بۇنداق سوئاللارنى سورايسىز؟ — پەرمانبەگ ئېلىكخانغا تەزىم قىلدى، — ئالىيلىرى، مەن چۈشىنەلمەي قالدىم. نېمىشقا بەگيۈسۈپ مېنى سوراققا تارتىدۇ؟ پېقىردەك ساداقەتمەن قۇللىرىنى قارىلاشقا پېتىنىپ نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ ئۆتۈنىمەن ئالىيلىرى. يول قويۇۋەرمەي، ھاجىپنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغان بولسىلا، — ئۇ تەخت ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى، — پېقىر ئالىيلىرىغا سادىق، ئالىيلىرىنىڭ قۇلى ...
ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن قوللىرىنى بىگىز قىلىپ شىلتىدى.
— سەن بوزاغۇغا سادىقمۇ ياكى ماڭىمۇ؟ راستىڭنى ئېيت! ھاجىپ بەگيۈسۈپنىڭ قويغان سوئاللىرىغا ئېنىق جاۋاب بەر! ئۇنىڭ ئاغزى ئەمەس، مۇناپىقنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ، قېنى سۆزلە!
پەرمانبەگ تاتارغان يۈزىنى بەگيۈسۈپكە قاراتتى:
— تونۇيمەن، ئۇلار بولۇنبەگ، بوزاغۇنىڭ خاس مەھرەملىرى.
— ئۇلارنى قانداق تونۇيسىز؟
— بولۇنبەگنىڭ قورۇسىدا كۆرگەن.
— سىزنىڭ ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىڭىز شۇنداق ئاددىيلا بولغانمۇ؟ بىللە ئولتۇرۇپ - قوپقان چاغلىرىڭىز بولغانمۇ؟
— يوقسۇ، يوقسۇ، ئۇلارنى چاكار، دەپ بىلەتتىم، خالاس.
— ئىككى يىل مۇقەددەم بوزاغۇ قۇزئوردۇغا كەلگەندە سىز بىلەن كۆرۈشكەنمىدى؟
— ياق - ياق، ھاجىپ. ئۇنىڭ قۇزئوردۇغا كەلگىنىنى

سىزدىن مۇشۇ دەقىقىدە ئاڭلاۋاتىمەن.
— بوزاغۇ بىلەن بىللە چاۋار، قابان، ھەمدۇل ئىسىملىك ئۈچ غۇلامىمۇ كەلگەن، ئىبىسىڭىزگە چۈشكەندۇ؟
— مەن ... مەن ئۇلارنى كۆرمىدىم.
— ئۇلار كەلگەندە، — دېدى بەگيۈسۈپ قاتتىق ئاچچىقى بىلەن، — قۇزئوردۇنىڭ بەگبۇقا مەھەللىسىدە قانلىق پاجىئە يۈز بەردى، يەنى ئۇلار قۇزئوردۇدا ئابرۇيلۇق زەردار ئەر - خوتۇننى ئۆلتۈرۈپ، قىممەت باھالىق جاۋاھىرات - ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇلارنى ئوردىدا ئىشلەيدىغان بىر ئەمەلدار ئۆيىدە يوشۇرۇپ ساقلاپ بارسىغانغا قاچۇرۇۋەتكەن ...
— ئېلىكخان ئالىيلىرى، ھاجىپ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، ماڭا تۆھمەت چاپلاۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى پەرمانبەگ. ئۇنىڭ تاتارغان چىرايى ئەمدى كۆكىرىشكە باشلىغانىدى.
— بەس! — قولىنى سىلكىدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخان. پەرمانبەگ بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ سۆزدىن توختاپ قالدى. ئېلىكخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن ھاجىپ بەگيۈسۈپنىڭ سوئالىغا راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەر! بوزاغۇ غۇلاملىرى بىلەن ئۆيۈڭدە تۇرغانمۇ، يوق؟ ئەگەر، يەنە يالغان گەپ قىلىدىكەنسەن تىلىڭ كېسىپ تاشلىنىدۇ!
پەرمانبەگ تىزلانغىنىچە يەرگە باش قويدى. بەگيۈسۈپ ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:
— ئەگەر سىزنىڭ ئىپتىشقا تىلىڭىز كەلمىسە، مەن سۆزلەپ بېرەي: بولۇنبەگ ئەينى ۋاقىتتا، رەزىل مەقسىتىگە يېتىش نىيىتىدە، ھىيلە - مىكىرلىك، قولىدىن ئىش كېلىدۇ، دەپ سىزنى ئوردا ياساۋۇلى ھەم ئۆزىگە مۇھاپىزەتچى قىلىۋالغان، كېيىن دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدىغان باجنى قاقتى - سوقتى قىلىش غەرىزىدە، باجگىر بەگلىككە ئۆستۈرگەن. نەچچە كۈندىن بېرى بازار، رەستە ئارىلاپ ئېنىقلىشىمغا قارىغاندا، نۇرغۇن ئېلىپساتارلاردىن پارا ئېلىپلا قالماي، ئوردا خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدىغان باجغا خىيانەت قىلغان پەرمانبەگ سىز ئىكەنسىز

ئەمەسمۇ؟ سىز كۆرۈنۈشتە ناھايىتى سىلىق ـ سىپايە، شىرىن سۆخەن بولۇۋېلىپ، ئېلىكخان ئالىيلىرىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشمەكچى بولدىڭىز. ئالدىنقى يىلى بوزاغۇ يوشۇرۇن ھالدا قۇزئوردۇغا كەلگەندە، قانلىق پاجىئەنى بىللە پىلانلىدىڭىز ۋە قوللىرى قانغا بويالغان بوزاغۇ بىلەن شېرىكلىرىنى ئۆيىڭىزدە يوشۇرۇپ ساقلاپ، كېيىن قاچۇرۇۋەتتىڭىز. ئەمما، ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىڭىزنى ساداقەتمەن كۆرسىتىپ، ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ بېگى بولۇۋالدىڭىز. مانا بۇ، چاۋار، قابان ۋە ھەمراھلىرىنىڭ ئىقرارنامىسى.

بەگيۈسۈپ ئاق چوتاغا قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان ئىقرارنامىنى قويۇن يانچۇقىدىن ئېلىپ كۆپچىلىككە كۆرسەتتى. پەرمانبەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— كۆرۈپ بېقىڭ! — دەپ بەردى.

پەرمانبەگ تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئىقرارنامىنى ئالدى، ياشلانغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى. ئىقرارنامىگە بوزاغۇ، قۇماربىكەنىڭ قىلمىشلىرى پۈتۈلگەنىدى. پەرمانبەگنىڭ ئۇلارغا ساداقەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، قاراخانىيلار خانلىقىغا قارشى يوشۇرۇن رەۋىشتە ئادەم تەشكىللەۋاتقانلىقى، بوزاغۇنىڭ ئوردۇكەنتتىكى پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدا، ئۇنىڭمۇ قولى بار ئىكەنلىكى يېزىلغانىدى.

پەرمانبەگنىڭ راۋاب تارىدەك تىترەك باسقان قولىدىكى ئىقرارنامە، گىلەم ئۈستىگە چۈشتى.

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، مەن بىلمەيتىمەن، تۆزكورلۇق قىپتىمەن. بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا، ئىقرارنامىدە يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى راست. مېنى كەچۈرسىلە، — دەپ يىلىندى پەرمانبەگ يەرگە باش قويۇپ.

— مۇناپىقنى كەچۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ. قېنى بەگيۈسۈپ، ئۆزىڭىز بىرنېمە دەڭ! — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخان بەگيۈسۈپكە قارىدى.

— ئالىيلىرى، جەڭگاھتىكى ئاشكارا دۈشمەنگە قارىغاندا،

دوست سىياقىغا كىرىۋالغان يوشۇرۇن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرماق ناھايىتى تەس. مانا بۇ تۇزكور قاراخانىيلار تەختىنى غۇلىتىش قەستىدە نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۆز قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرمىگەن. شۇڭا، دۆلەتكە سالغان زىيىنىنى تۆلىتىمۇۋېلىپ، زىندانغا تاشلاش كېرەك. بۇنىڭغا شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم چىقىرىش لازىم، — دېدى بەگيۇسۇپ ئۇنىڭ قىياپىتىگە كۆز سېلىپ.

— بۇ مۇناپىقنى شۇنداقلا زىندانغا تاشلاش بەك يېنىكلىك قىلىدۇ، — دېدى ئېلىكخان تەختىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كۇرسىدا ئولتۇرغان شەيخۇلئىسلامغا ئىقرارنامىنى سۇنۇپ بېرىپ، — قۇزئوردۇنىڭ باش قازىسى ئەبۇ پۇتۇھ ئابدۇلغوپۇر مەخدۇم ھۆكۈم چىقارسۇن !

بەگيۇسۇپ ئۆتكەن يىلى قۇزئوردۇغا باش قازى بولغان قېيىنئاتىسىغا ھۆرمەت نەزىرىنى تىكتى. ئاپپاق ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن مەخدۇم ئاق شايى تون كىيىپ، ئۇچلۇق بۆكىگە ئاق سەللە ئورىغانىدى. ئۇ يېنىدىكى دىنىي پېشۋالار بىلەن قىسقىغىنا مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن ھۆكۈم چىقاردى:

— ئايغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. پادىشاھقا، ئەلگە ئاسىيلىق قىلغان بوزاغۇنىڭ سۇيىقەستىگە قاتنىشىپ، خانلىقىمىزنى ئاغدۇرماقچى بولغان پەرمانبەگ ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ جىنايىتىنى يوشۇرۇپ كەلگىنى ئۈچۈن، تىلى كېسىلىپ، زىندانغا ئون يىل بەند قىلىنسۇن!

ئېلىكخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەخت كەينىدە تۇرغان تۆت جاللات ھوشىدىن كەتكەن پەرمانبەگنى تەڭلىقازان قىلىپ كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتتى، باش ۋەزىر قۇتلۇقبەگ، ئۇلۇغ ھاجىپ ئابدۇلغاپپار بارسغانى ئۆزلىرىنىڭ بىخۇدلۇق قىلغىنىنى ئېيتىپ، ئېلىكخاندىن ئەپۇ سورىدى، بەگيۇسۇپكە رەھمەت ئوقۇشتى.

يەتتىنچى باب

# ھەكىم قىزنىڭ سىرى

## 1

تاغلاردىن ئەسكەن غۇر ـ غۇر شامال تىمتاس بولۇپ قالغان دەريا بويىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى ئىرغاڭشىتىپ ئۇسسۇلغا سالدى. بوستان تاللارنىڭ شىلدىرلىشىغا گۈل ـ گىياھلارنىڭ شىۋىرلىشى قوشۇلدى. ئۇچار قۇشلارنىڭ ۋىچىرلىشىغا ئۆركەشلىگەن سۇنىڭ شارقىرىشى جور بولۇپ، ئاجايىپ خوش سادا ھاسىل بولدى. مانا بۇ تومۇز ئۆتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى.

دەريا بويىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن دىلدارىبىكە ئاتتىن چۈشۈپ، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلارنى ساقلاپ تۇردى. ئىككى قىرغاۋۇل، بىر توشقاننى غانجۇغىلىۋالغان بوۋئەيشە بىرقانچە دېدەك، خىزمەتكارلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى.

ــ دىلدار خېنىم ئاچا، ئات مىنىشكە ئۇستا ئىكەنلا. مەن تېخى ئوردۇكەنتلىك قىز ـ خېنىملار ئات مىنەلمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم، ــ دېدى ئۇ چىلان تورۇقنىڭ تىزگىنىنى دېدىكىگە بېرىپ.

ــ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئات مىنىپ دۇنيانى ئايلىنىپ چىققانىكەن، بوۋئەيشە، مەنمۇ ئات مىنىپ چوڭ بولغان، ــ ئۇ ئاق قاشقا ئېتىنىڭ بويىنىنى سىلاپ قويدى، ــ سىڭلىم، بۇ يەر خىلۋەت، خوش ھاۋا ئىكەن. مەشەدە بىرئاز ئارام ئالغاچ تاماق يەۋېلىپ، ئاندىن شىكارنى داۋاملاشتۇرايلى. مېنىڭ بىر تۈلكە

ئۇۋلىغۇم بار.

ئۇلار ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ جەڭگە ماڭغان سىپاھىلاردەك ياسىنىۋالغاچقا، كۆرگەنلەر ئايال ئىكەنلىكىنى دەرھاللا بىلەلمەيتتى.

دىدەكلەر قىرغاقتىكى كۆك تىرەك تۈۋىگە سىلىنچا سىلىپ، ئارام ئالىدىغان ئورۇن راسلىدى. دىلداربىكە، بۇۋىئايىشەلەر دالدىغا دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى سېلىپ، رومالLIرىنى ئارتىپ نازىنىن خېنىملارغا ئايلاندى. دەريا بويىغا چۈشۈپ تەرەت ئېلىشىپ، پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋېلىشتى. دىدەكلىرى بىلەن ئوت يېقىپ ئۇۋلىرىنى كاۋاپ قىلىشقا كىرىشتى. پات ـ پات ئورنىدىن تۇرۇپ يىراققا قارىغان بۇۋىئايىشە:

— ئۇكام بەگتۇرمىش نەگە كەتكەندۇ؟ بىزدىن نېرى بولما، دەپ شۇنچە تاپىلىسامىمۇ، مانا ھازىرغىچە يوق، — دېدى. ئۇنىڭ ئەنسىرەپ ئىچى تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى.

— بەگتۇرمىش ھوشيار يىگىت ئىكەن. بۇنچە كۆپ خوتۇنلار ئارىسىدا زېرىكىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ، سىڭلىم. ئادىشىپ قالماس، بىزنى تاپالمىغان تەقدىردە ئۆيگە كېتىدۇ. ئەنسىرىمىسىلە، — دېدى دىلداربىكە ھەريانغا بويۇنداپ قاراپ. بۇك ـ باراقسان چۇ دەريا ۋادىسىنىڭ كۆز يېتىم يېرىدە ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى.

دىلداربىكەنىڭ تېۋىپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ بىلىۋالغان بالاساغۇن ئەھلى ئۇنى ئۆيمۇئۆي چاقىرىپ ئىززىتىنى قىلدى. كېسىلىنى كۆرسىتىدىغان ئاياللارمۇ كۆنسېرى ئاۋۇپ، مەرھۇم چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل قورۇسىدىن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. قېرىلىق يېتىپ ھالسىرىغان، مۇسىبەت قايغۇسىدا ئېزىلگەن ئارازان ئاغىچىمۇ ئۇنىڭ داۋالىشى، كۆتۈشى بىلەن خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغانىدى. ئاجىزلاپ كەتكەن بۇدراچ مومايمۇ ئۇنىڭ بەرگەن دورىسىنى يەپ تېتىكلىشىپ قالدى. دىلداربىكە كېسەللەرنى تەكشۈرۈپ، دورا بېرىپلا قالماي، ياخشى سۆز ـ مەسلىھەتلىرى بىلەنمۇ ئۇلارغا ئۈمىد بېغىشلايتتى.

بەگيۇسۇپنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇۋىئايىشە ئۇنى سەيلە قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بۈگۈن ئەتىگەن خىزمەتكار ـ دېدەكلەر بىلەن بىللە شىكارغا ئېلىپ چىققانىدى. دېگەندەك ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ يايراپ قالدى.

— دىلدار خېنىم ئاچا، ھاردۇقلىرى چىقىپ قالغاندەكمۇ؟ — سورىدى بۇۋىئايىشە يۇلغۇن شېخىغا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىنغان قىرغاۋۇل گۆشىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ.

— مەن ھارمىغان تۇرسام، — دەپ كۈلۈمسىرىدى دىلدارىبكە، — ئادەم ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلسا ھارمايدۇ، بۇۋىئايىشە، مەن داۋالاشقا جان ـ دىلىم بىلەن ئىشتىياق باغلىغانمەن، ئەقىدە قىلغانمەن. داۋالىغان بىر كېسەل ساقايسا شۇ ھامانلا ھاردۇقۇم چىقىدۇ. قۇزئوردۇغا كېلىپ كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالدىم. بۈگۈن شىكارغا چىققىنىمدىن بەك خۇش بولدۇم. راستىمنى دېسەم، ئاۋۇ كۈنى پەرمانبەگنىڭ تىلىنى كەسكەندە جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرىم، بۈگۈن ئارام تېپىپ قالدى، — ئۇ كاۋاپنى يەپ تامىقىنى چىكىلدىتىپ قويدى.

— مېنىڭمۇ شۇ كۈنى ئۇ مۇناپىقنىڭ كۆزلىرىنىمۇ ئويۇۋالغۇم كېلىپ كەتتى، — دېدى بۇۋىئايىشە.

— سىڭلىم، تەڭرى ھەممە گۇناھنى كەچۈرسىمۇ، مۇناپىقلارنىڭ قىلمىشىنى كەچۈرمەيدۇ. پەرمانبەگكە بېرىلگەن جازا ھەق بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ يالغانچى تىلىنى كېسىۋاتقاندا، خوتۇن ـ باللىرىنىڭ نالە ـ پەريادىنى ئاڭلاپ، زادى تۇرالماي قالدىم، — دىلدارىبكە كۆزىگە ياش ئالدى.

بۇۋىئايىشە پېژىلداپ پىشىۋاتقان كاۋاپقا چوغ تارتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن تىكىلدى:

— مېنىڭمۇ خوتۇن ـ باللىرىغا ئىچىم ئاغرىدى، ئاچا. لېكىن، ئۇ شۇنداق چىرايلىق خوتۇن ـ باللىرى تۇرۇپ، نېمىشقا مۇناپىقلىقنى تاللىۋالىدۇ؟ نېمىشقا يارۇق ئاكام،

ئايتمىش ئاچامنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى پاناھىغا ئالدۇ؟ نېمىشقا ئاۋام ھىمايە قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنى ئاغدۇرماقچى بولىدۇ؟ نېمىشقا تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىماي، ئەلنى مالىمان قىلىشنى، قان تۆكۈشنى خالايدۇ؟ ئاۋۋال تىلىنى كېسىپ، ئاندىن كاللىسىنى ئالىدىغان مەلئۇن ئىكەن ئۇ، — بۇۋىئايىشە غەزەپتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بوزاغۇ، پەرمانبەگدەك مۇناپىقلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن مۇھەممەد ئارسلانخان ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئۇرۇشتا ئاز ئادەم ئۆلدىمۇ؟ قېيىنئاتام، ئېرىم، ئوغلۇم قۇربان بولدى ئاچا، ئىككى بالامۇ ...

— ئولتۇرسىلا، سىڭلىم، — دىلداربىكە ياشلىرى تاراملاپ ئېقىۋاتقان بۇۋىئايىشەنى ئولتۇرغۇزدى، — دېگەنلىرى راست، مۇناپىقلارنىڭ كاساپىتىدىن ئېلىمىز تىنچىمايۋاتىدۇ، ئاۋام زىيان تارتىۋاتىدۇ. شۇڭا، مۇناپىقلىق قىلغان پەرمانبەگنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ يالغان سۆزلىگەن تىلى كېسىلدى، مەڭگۈ گەپ قىلالماس بولۇپ قالدى. خوتۇن - بالىلىرىنى داغى ھەسرەتتە قويدى. ئۇ لەنىتىنىڭ ئۇ دۇنيادىكى جايى تېخىمۇ ئازابلىق بولىدۇ.

— ئازابلىق بولىدۇ؟ ئاڭلىشىمغا قارىغاندا بۇ دۇنيادا جازالانغان ئادەملەر ئۇ دۇنياغا گۇناھى يۇيۇلۇپ كېتەرمىش ... بۇنىڭغا مەن تازا قايىل ئەمەس، — دېدى بۇۋىئايىشە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— سىڭلىم، — دېدى دىلداربىكە، — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قىيامەت بولغاندا ئاسىي - مۇناپىقلار ئەڭ پاسكىنا ھايۋان تۇڭگۇزلارنىڭمۇ ئارقىسىدا تۇرارمىش ... بەزى كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە، قان - يىرىڭ قايناپ تۇرغان دوزاختا تاشلانغاندىن كېيىنمۇ، مۇناپىقلارنىڭ تىلى ھەمىشە كېسىلىپ تۇرارمىش ... لېكىن، پەرمانبەگنىڭ بۇ يەردە تىلى كېسىلگەن بىلەن قۇمارىبىكە، بوزاغۇلار ئوردۇكەنتتە بۇغرا قاراخانغا، ئەلگە

زىيانكەشلىك قىلىنىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئۆي كاللامغا كىرىۋالسا جىددىيلىشىپ قالىمەن. شىكارغا چىقمىۋىدىم، ئۇ قورقۇنچلۇق خىياللارمۇ كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلگەندەك بولۇپ ئارام تېپىپ قالدىم...

بۆۋىئايىشە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇ چاتقاللىق ئىچىدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ چىققان ئىنىسىنى كۆرگەنىدى. بەگتۇرمىش ئېگەرنىڭ قۇش بېشىغا بىر تۈلكىنى غانجۇغىلىۋالغانىدى.

— ئۇكام، مېنى بەك ئەنسىرىتىۋەتتىڭ، ئاتامنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكى ئەمەسمۇ سەن ... — دېدى ئۇ ئاتتىن چۈشكەن ئىنىسىنى قۇچاقلاپ.

— ئاتامنىڭ يۆلەنچۈكى ئەل، ئاچا، مەنلا ئەمەس، — بەگتۇرمىش ئېتىنى تېرەك شېخىغا باغلاپ قويۇپ سىلىنچىدا ئولتۇردى، — مانا بۇ ھەييار تۈلكىنى قوغلاپ سىلەردىن يىراقلاپ كېتىپتىمەن. ئۇ تۇتۇق بەرمەي قۇيرۇقىنى قىسىپ قېچىۋەردى، مەن قوغلاۋەردىم. ئاخىر يادىن ئوق ئۈزۈپ يىقىتتىم، ئاندىن ئىزىڭلاردىن مېڭىپ سىلەرنى تېپىۋالدىم.

— مېنىڭمۇ تۈلكىدىن بىرنى ئۇۋلىغۇم بار ئىدى، ئۇكام. ساپلا كېيىك، توشقان ئۇچراپ ئۇلارغا ئوق ئۈزگۈم كەلمىدى، — دېدى دىلدارىكە. بەگتۇرمىش دىلدارىكەنى دائىم كۆرۈپ تۇرمىغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

— سىلى بۇ يەردە بولغاندىكىن، خۇدا بۇيرۇسا، يەنە نەچچە قېتىم شىكارغا چىقىمىز، تۈلكىمۇ ئۇۋلاپ قالىدىلا، — دېدى بەگتۇرمىش قىزغىنلىق بىلەن.

— نېسىپ بولماسىكىن، ئۇنىڭغىچە كېتىپ قالارمەن ...

— دىلدار ئاچا، سىلى قۇزئوردۇدىن كەتمەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدى بەگتۇرمىش.

— ھەئە، ئۇكام، خۇدا بۇيرۇسا قىشنى چىقىرىپ، نورۇز مەرىمىگە ئۈلگۈرۈپ ئوردۇكەنتكە يېتىپ بارماقچىمەن.

بۇۋىئايىشە چۆچۈگەندەك بولۇپ:

— نېمە، ئاچا سىلى راستلا بىزنى تاشلاپ ئوردۇكەنتكە كەتمەكچىمۇ؟ ئاتام شۇنداق يالغۇز تۇرسا؟! — دەۋەتتى.

— هەئە، سىڭلىم، بۇنىڭ سەۋەبى بار. ئاتا - ئانام ياشىنىپ قالدى، ئۇلارغا ئۆز قولۇم بىلەن كۆچە، كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ بەرگۈم بار. ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ دوستلىرىمنى، ئۇستازلىرىمنى سېغىندىم. ئوردۇكەنت تۇغۇلغان يۇرتۇم، سىڭلىم. بۇ يەردە تۇرغىنىمنى بىلەمسىز بەگىۇسۇپكە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيمەن ... — دىلدارىبكە يېقىندا ئوتلاۋاتقان ئاتلارغا قارىۋالدى. ئۇنىڭ ياشقا توشقان كۆز چاناقلىرى بەئەينى بۇلاققا ئوخشاپ قالغانىدى.

— بۇ گەپلەرنى كېيىن ئۆيگە بارغاندا قىلىشىۋالارمىز. هازىرقى گەپ، يەنە شىكار قىلامدۇق ياكى قايتامدۇق؟ — دېدى بەگتۇرمىش ئورنىدىن تۇرۇپ.

— شىكار قىلايلى، ئۇكام. بىر تۈلكە ئوۋلىمىغۇچە ئۆيگە قايتمايمەن، — دىلدارىبكە ئورنىدىن تۇرۇپ باغلاقلىق ئېتىغا قاراپ ماڭدى.

— ماڭدۇق ئەمىسە ! — ئاتقا مىنگەن بەگتۇرمىش قامچىسىنى باش ئۇستىگە كۆتۈردى.

ئۇلار كەچكىچە توقايلىق، بوستانلىق، خىيابانلاردا خېلى كۆپ ئوۋ ئوۋلاشتى. دىلدارىبكەنىڭ ئۇچرىغان كېيىك، توشقانلارنى يەنە ئوۋلىغۇسى كەلمىدى. بەگتۇرمىش بىرنەچچە كەكلىك، قىرغاۋۇل، بىر جەرەن ئېتىۋالدى. بۇۋىئايىشەنىڭ دىلدارىبكەنىڭ ئوردۇكەنتكە كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئوۋ ئوۋلاشتىن رايى قايتتى. خامۇش هالدا دىلدارىبكەنىڭ كەينىدىن ئات يورغىلىتىپ، ئۇنىڭدىن نېرى بولمىدى. ئاتىسىنىڭ ئۆز خانىسىدا يالغۇز تۇرىۋاتقانلىقى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ «دىلدار ئاچام بۇ يەردە تۇرىۋەرسە بولاتتى، ئۇ كەتسە ئاتام تېخىمۇ يالغۇز قالىدۇ. خۇدا ئۇنىڭغا بىر ۋاپادارنى هەمراھ قىلىپ بەرگىن» دەپ

ئىچىدە ئىلتىجا قىلدى. ئۇنىڭ دىلدارىبىكەنى ئانا قىلىشۋالغۇسى بەكمۇ بار ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى.

كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاندا، تۇيۇقسىز بىر تۈلكە ئۇچراپ قالدى. دىلدارىبىكە يادىن ئوق ئۈزۈپ ئۇنى يىقىتتى.

## 2

بەگيۇسۇپنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە قىلىدىغان ئىشى، بارىدىغان يېرى كۆپىيىپ كەتكەنىدى. چۇشكىچە ئوردىدا ھاجىپلىق كۇرسىدا ئولتۇرۇپ، دۆلەت ئىشى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئېلىكخان بىلەن كۆرۈشەتتى، مەسلىھەت بېرەتتى. چۈشلۈك تاماقنى ئۆيدە يەپ، ياكى «بۇغراخان» مەدرىسەسىگە ياكى «رەيھانىيە» مەدرىسەسىگە بېرىپ ئىككى سائەت دەرس ئۆتەتتى. مەدرىسەدىكىلەر ئۇنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلغانىدى. ئاندىن رەستىگە بېرىپ، خىزمەتچىلىرىنىڭ سودا ئىشىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ھال ئېيتىپ، ياردەم، مەسلىھەت سوراپ كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن بولسا ئۆز خانىسىدا يالغۇز قالاتتى. كىتاب ئوقۇيتتى، دېرىزىدىن گۈل ـ گىياھ، ئاي، يۇلتۇزلارغا قاراپ جەمئىيەت ئەھۋالى ھەققىدە پىكىر قىلاتتى. تەجرىبە ـ ساۋاق، ھېكمەتلەرنى كۆڭۈل قېتىغا يېزىشنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇنىڭ مۇلاھىزىسى دولقۇنلۇق دېڭىزدەك چوڭقۇر، پىكرى شامالدەك راۋان، خىيالى سامادەك چەكسىز ئىدى. قانداق چاغدا ئۇخلىغىنىنى بىلمەي قالاتتى.

ئۇ بۈگۈن كەچقۇرۇن قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. بالاساغۇن شەھىرىنىڭ باش قازىسى، «رەيھانىيە» مەدرىسەسىنىڭ باش مۇدەررىسى بولغان ئەبۇ يۈتۈھ ئابدۇلغوپۇر مەخدۇم بۇ كۈيۈئوغلىنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى.

رەيھانىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتقان بەگتۇرمىش ئاتىسىنى كۈن

ئاشۇرۇپ كۆرۈپ تۇرسىمۇ، كۆپىنچە ۋاقىتتا تاماقتا بىللە بولالمايتتى. بۇۋىئايىشە دىلداربىكەنىڭ يېنىدا كېسەل كۆرۈش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاچقا، ئاتىسى بىلەن مۇشۇ ئۆيگە كەلگەندىلا كۆرۈشەلەيتتى. ئۇنىڭ ئوغلى جانپىدا غوجام بۇۋىسىنى نەچچە كۈندە بىر قېتىم كۆرەلەيتتى.

شۇ تاپتا جانپىدا غوجام ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالغانىدى. بەگتۇرمىش ئوڭ يېنىدا، بۇۋىئايىشە سول يېنىدا ئولتۇرۇشاتتى.

— ئاتا، چارچاپ كېتىپىلا - ھە؟ — دېدى بۇۋىئايىشە ئاتىسىنىڭ ياداڭغۇ چىرايىغا مېھرى بىلەن قاراپ، — قوزئوردۇغا كەلگەندىن بېرى جۇدەپ قېلىۋاتىدىلا. سىلى بىز ئۈچۈن كېرەك، ئەل ئۈچۈن تېخىمۇ كېرەك. ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئايىمىسىلا، بىز ئاياپ بولالمايدىكەنمىز. ئابام بولسىغۇ بۇنچىۋالا بولۇپ كەتمەيتتىلە. سىلى ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغان قوشتەك يالغۇز قالدىلا، جېنىم ئاتا ...

— قىزىم، جان قىزىم، مەن شۇنداق تىمەن تۇرىمەنغۇ. نېمىشقا ئۇنداق يىغلايدىلا، يىغلىمىسىلا بالام، خۇشال ئولتۇرسىلا، سىلەر يېنىمدا تۇرساڭلار، مەن قانداقمۇ يالغۇز بولاي قىزىم، — بەگيۇسۇپ مۇلايىم سۆزلىرى بىلەن قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى.

— سەن ئۆيۈڭدە يالغۇز تۇرىسەن - ھە، بوۋا؟ — دېدى جانپىدا غوجام كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

يىغلاۋاتقان بۇۋىئايىشە ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلدى. بەگتۇرمىشنىڭ چىرايىغىمۇ كۈلكە يۈگۈردى.

— كۈلۈڭلار بالىلىرىم، كۈلۈڭلار، سىلەرنىڭ كۈلمىگىنىڭلارغىمۇ ئۇزاق بولدى، — دېدى بەگيۇسۇپ نەۋرىسىنىڭ مەڭزىگە، پېشانىسىگە سۆيۈپ، — سەن ئۆيدە يالغۇز تۇرىدىغانلىقىمنى بىلىۋاپسەن - ھە، بوغرام؟

— بىلىۋالدىم، بىلىۋالدىم. سېنى يالغۇز قويۇپ مومام نەگە

كەتتى، نېمىشقا كەلمەيدۇ بوۋا؟ — گۈدەك بالا ئۇھ تارتقان بوۋىسىنىڭ ساقىلىنى ئوينىدى.

بەگيۈسۈپنىڭ كۆز چاناقلىرىغا ياش توشتى. بوۋئايشەنىڭ ئېتەكلىرىگە ياش تاراملىدى. بەگتۇرمىش ئاتىسى، ئاچىسىغا قاراپ كېتىپ، بىر نېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئورنىدىن تۇرۇپلا ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ئەبۇ يۇتۇھ مەخدۇم، ھاۋاخان ئاغىچا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى.

ھېلى چۆچۈك تىلى بىلەن ھەممەيلەننى كۈلدۈرگەن گۈدەك باشقىلارنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتى.

— بالام، — دېدى بەگيۈسۈپ ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن، — موماڭ جەننەتكە كەتتى ... ئۇ يەردە ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ.

— جەننەت دېگەن ئۆيمۇ، باغمۇ، بوۋا؟ — جانپىدا غوجام يىغىسىنى توختىتىپ سورىدى.

— جەننەت دېگەن خۇدايىمنىڭ بېغى، بالام.

— جەننەتتە ئۈزۈم بارمۇ، بوۋا؟

— ئۈزۈم، بار، بالام، يەنە ئانار، ئەنجۈر، شاپتۇلمۇ بار.

— جەننەتتە كۆل بارمۇ، بوۋا؟

— بار، بالام.

— تايچاقمۇ بارمۇ؟ تايچاق بولسا مەن مىنىپ كۆلدە سۇغۇياتتىم.

ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى.

— جەننەتتە تايچاققا ئوخشايدىغان دۈلدۈل بار.

— جەننەتتە تايچاق بولمىسا مەن پىيادە ماڭامدىمەن؟

— دۈلدۈلنى مىنىسەن، بالام. دۈلدۈل ماڭمايدۇ، ئۇچىدۇ ...

— ئۇچامدۇ؟ — گۈدەك خۇشال بولۇپ سەكرىدى، — مەن دۈلدۈلنى مىنىپ ئۇچىمەن، ئۇچىمەن ... بىزمۇ ئاشۇ جەننەتكە كەتسەك بولامدۇ، بوۋا؟

— بىزمۇ بىر ـ بىرلەپ بارىمىز، بالام.

— بىزمۇ جەننەتكە بارىدىكەنمىز، مومامنى كۆرىدىكەنمىز، — جانپىدا غوجام ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ قىن - قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ كەتتى، — بوۋا، سىنى تايچىقىمنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ ئويناتسام خۇش بولامسەن؟

ھەممەيلەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن كۈلۈشۈپ كەتتى.

قايتىپ كىرگەن بەگتۇرمىش ئۆيدىكىلەرنىڭ خۇشال ئولتۇرغىنىدىن ھەيران قالغان ھالدا ئۇن چىقماي يۈكۈندى. ئۇ كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق بولغاچقا، چوڭلارنىڭ پارىڭىغا ئارىلاشمايتتى. ئانىسىنىڭ يولدا قازا قىلغانلىقى ئۇنى ئارماندا قويغانىدى، شۇ سەۋەبتىنمۇ تېخىمۇ جىمغۇر بولۇپ قالغانىدى. بەگيۇسۇپ بۇ ئوغلىنى روھىي جەھەتتىنمۇ تاۋلانسۇن، دەپ دائىم ئالىپ ئەرتوڭا، ئوغۇزخان، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، سىيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ باھادىرلىقى، ئېسىل پەزىلەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. «جانپىدا غوجام» نىڭ خەلقنى قانلىق ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىپ ئۆز بېشىنى تەقدىم قىلغانلىقى، ئاكىسى بەگتۇرمىشنىڭ جەڭدە باتۇرلارچە قۇربان بولغانلىقى، ئۇنىڭ نامىنى ئۆچۈرمەسلىك مەقسىتىدە ئۆزىگە «بەگتۇرمىش» دەپ ئات قويغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ گەپلەر بۇ ياش يىگىتنىڭ قەلبىگە تاشقا مۆھۈر ئويغاندەك ئورنىشىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى غەمناك بولۇپ قالغان ئاتىسىنىڭ خۇش ئولتۇرغىنىدىن شۇنداق سۆيۈنگەن بولسىمۇ، يەنىلا زۇۋان سۈرمەي، ھاۋاخان ئاغىچا بىلەن ئاچىسى ئەتكەن نېرىن چۆپىنى ئىشتىھا بىلەن يېدى. دۇئادىن كېيىن ئورنىدىن قوپقان بەگيۇسۇپكە:

— ئاتا، سىلىنى مەن ئاپىرىپ قوياي، — دەپ بىللە ئۇزاپ چىقتى.

— بالام، ئەتە ئاتاساغۇن دىلدارىمكە بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمەن. سىلى كەتمەي تۇرسىلا، — دېدى بەگيۇسۇپ ئىشىك

ئالدىدا قىزىغا.

— ماقۇل، ئاتا، — بۇۋىئايىشە ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

## 3

بەگيۇسۇپ خۇپتەنگە يېقىن ئوغلى بىلەن ئۆيگە كەلدى. بەگتۇرمىش دەرس تەكرارلايمەن، دەپ باغ ئىچىدىكى ئاتىسىنىڭ بۇرۇنقى ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. يالغۇز قالغان ئاتا كىتاب ئوقۇشقا تۇتۇندى. قەندىلدىكى شام پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى. تۈن شاملى دېرىزىنى يېنىك چېكەتتى، كۆكتىكى ئاي تۇغۇلۇكتىن ماراپ، ئوقۇغانلىرىدىن خاتىرە يېزىۋاتقان بەگيۇسۇپنىڭ سەل تۇرۇلگەن پېشانىسىنى ئاق نۇرى بىلەن سىلايتتى. ئۇ كىتابتىن كۆزىنى ئۈزۈپ، مەرھۇم ئاقىىرانىڭ ئىلغۇغا ئىسسىقلىق ئەتلەس كۆڭلىكى بىلەن قاما تۇمىقىغا تەلمۈرۈپ قالدى. «ئەجەب بىۋاقىت ئايرىلىپ قالدىم، بەك ئۇشتۇمتۇت بولدى، بىر ئېغىز سۆزىنى ئاڭلىغان بولسام كاشكى ... تەڭرىم بۇ جۇدالىق بىلەن پېقىر قۇلنى سىنىماقچى بولدى. مەن چىدايمەن. سەۋر ـ تاقەت ئاتا قىلىشنى تىلەيمەن، ئۈمىدسىزلەنمەيمەن ... تەڭرىم، باللىرىم جۈرئەت ـ غەيرىتىمدىن ئۆلگە ئالسۇنكى، غەم ـ ھەسرەت دەشتىدە ئاھ چەككىنىمنى كۆرمىسۇن، روھسىزلانمىسۇن ...» دەپ ئىلتىجا قىلدى. ئۇ قوپۇپ ئاسقۇدىكى قىلىچنى غىلاپىدىن سۇغۇردى. چىراغ يورۇقىدا قىلىچنىڭ بىسى پارقىراپ شولا چاچتى. بۇ قىلىچ ئاقىىرا قابان بىلەن ئېلىشقاندا چاپقان قىلىچ ئىدى. قابانىنىڭ قولىنى مۇشۇ قىلىچ بىلەن ئۈزۈپ تاشلىغان ۋە ئۇنى مەھكەم تۇتقان ھالدا جان ئۈزگەنىدى ... بۇ ئۆيگە كىرسە ـ چىقسا، قىلىچ ھەم كىيىم ـ كېچەكلەر ئۇنىڭغا ئاقىىرانى — دۇنيادا يارىتىپ سۆيگەن جانانىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم باققاندا، ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى جۇدالىق قايغۇسى ئۈزۈپ تاشلايتتى. نەچچە قېتىم قىلىچ، كىيىم ـ كېچەكلەرنى ساندۇققا

سىلىقۋەتمەكچى بولدى - يۇ، كۆڭلى ئۇنىمىدى. گويا ئۇ نەرسىلەر ئاسقۇدا تۇرمىسا بولمايدىغاندەك، ئۆي ئۆز خانىسىغا ئوخشىمايدىغاندەك، مۇھىم بىر نەرسىسى كەم بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ئۇلارغا تەگمىگەنىدى. ھەقىقەتەن ئۇ نەرسىلەر بۇ ئۆينىڭ قىممىتى ھەم ئەتىۋارلىق زىنىنىتى ئىدى.

بەگيۇسۇپنىڭ ئويلايدىغىنى، قىلماقچى بولغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى، كۈندىلىك ئىشلارنى قىلىشقىمۇ ۋاقتى يېتىشمەيتتى. پەقەت كېچىسىلا ئويلاشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ۋاقىت چىقاتتى. ئۇ پادىشاھ، سۇلتاندىن تارتىپ، ئاددىي پۇقراغىچە ئويلايتتى، پىشىپ يېتىلگەن پىكىرلىرىنى كۆڭۈل قېتىغا خاتىرىلەيتتى، شېئىر قىلىپ پۈتەتتى ...

بەگيۇسۇپ جۇدەپ قالغان بولسىمۇ، ناھايىتى روھلۇق ئىدى. غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى، چېھرىدە نامايان بولۇپ تۇرغان ئۈمىدۋارلىق، غەيۇرلۇق ئۇنى يەنىلا يېقىملىق كۆرسىتەتتى.

بەگيۇسۇپ بۈگۈن كېچە خېلى ئوبدان ئۇخلىدى. چۈشمۇ كۆرمىدى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، «رەيھانىيە» مەدرىسەسىدىن يېنىپلا مەرھۇم ئادامتوغرۇلنىڭ قورۇسىغا كەلدى. پاكىز سۈپۈرۈلگەن ھويلىنىڭ گىلەم ، يېكەنداز سېلىقلىق پېشايۋان سۇپىسىدا بىرقانچە ئايال ئولتۇراتتى. ياشىنىپ قالغان ئەر كىشى كۆرپە سېلىقلىق كۆتۈرمىگە يانتۇزۇپ قويۇلغانىدى.

بەگيۇسۇپ «تېخىچە كېسەل كۆرۈۋېتىپتۇ - دە، سەل تەخىر قىلىپ تۇرسام بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ، ئارازان ئاغىچىنىڭ خانىسىغا قاراپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ ئايۋان دېرىزىسىگە كۆزى چۈشكەندە، كېسەل تەكشۈرۈۋاتقان دىلدارىبىكە بىلەن قىزىنى كۆردى. ئەمما، ئۇلارنى كۆرۈپ قالمىسۇن دېگەندەك قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى. گۈللۈكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دالان ئۆيگە، ئاندىن ئارازان ئاغىچىنىڭ خانىسىغا كىردى، جايىنامازدا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان موماي ئىتتىك دۇئا قىلىپ قوپتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاغىچا ئانا، تىمەن تۇرامدىلا؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بوغۇغ بالام، خۇداغا شۇكۇر. دىلدار خېنىمنىڭ شاپائىتىدىن ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن. ئولتۇرسىلا، — دېدى موماي ۋە دېدىكنى چاقىرىپ، چاي ـ گېزەك ئېلىپ كىرىشنى ئېيتتى.

بەگيۇسۇپ يۇكۇنۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ دۇئا قىلدى، ئاندىن:

— سالامەتلىكلىرى ياخشىلىنىپ قاپتۇ ـ دە، ئاغىچا ئانا. سىلىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم، — دېدى.

دېدەك داستىخان سېلىپ، قەنت ـ گېزەكلەرنى قويدى. چاي قۇيۇپ، نان ئوشتۇدى.

— ۋاي بالام. مەن بۇنداق تۇرارمەن، دەپ ئويلىمىغانىدىم، — دېدى ئانا، — خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن دىلدارىبكە خېنىم بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغاندىن باشلاپ، كۈندىن ـ كۈنگە كېسىلىم ياخشىلاندى، ئىشتىيىمىمۇ ئېچىلدى، روھىممۇ كۆتۈرۈلدى. خۇددى قىزىمدەك كېچىچە تەرىتىمگە قاچا تۇتۇپ، ئۇچامنى سىلاپ دەردىمگە دەرمان بولسا، كۈندۈزى دورا ئىچۈرگەندىن باشقا، ماڭا ئايرىم تاماق ئېتىپ بەردى ... سۆزىنىڭ شېرىنلىكى، سىلىقلىقىنى بىر دېمىسىلە، ئەگەر بۇ قىزىم ئوردۇكەنتتىن كەلمىگەن بولسا، بۇ چاغقىچە ئادامتوغرۇل ئاكىلىرىنىڭ يېنىغا كېتىپ بولاتتىم ... توۋا، ساقىيىپلا قالدىمغۇ، شۇنچە ئېغىر مۇسىبەت، دەرد ـ ئەلەملەرنى تارتىپ، بۇنداق ئوڭلىنىپ قېلىشىمغا دىلدارىبكە خېنىم بالام سەۋەب بولدى ...

بەگيۇسۇپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ «دىلدارىبكەنىڭ قۇزئوردۇغا كەلگىنى خاسىيەتلىك ھەم مۇبارەك قەدەم بولغانىكەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئارازان ئاغىچا ئۆزىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغانلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چىقتى. سۇلايمان ئارسلانخان تەختتىن چۈشكەندىن بۇيان، خان جەمەتىدىنمۇ، ئوردا ئەمەلدارلىرىدىنمۇ، ئاۋام ئىچىدىكىلەردىنمۇ كۆپ ئادەم ۋاپات بولغانىدى، مەرھۇملار بىر -

بىرلەپ بەگيۇسۇپنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى ...

ئوردۇكەنتكە كېلىپ، قاراخانىيلار جەمەتىنىڭ ئارامگاھى بولغان دۆلەتباغ تۇراسىدا تۇرۇۋاتقان مەنسۇرخان ۋە بەگتۇتۇق، ئېلىكبەگ، ئادامتوغرۇل، ئۇدمىش قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى ئالەمدىن ئۆتكەندى. سۇلايمان ئارسلانخان دەۋران سۈرۈۋاتقان چاغلاردا ۋاپات بولغان رەيھاندىنبەگ، بەگتاش داموللا، قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن بويانقار، يارۇقمۇ ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشۈپ، يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇشقا باشلىغاندا، بۇۋىئايىشە كىردى.

— ئاتا، تازا ساقلىتىپ قويدۇق - دە. دىلدارىبكە ئاچام كېسەللەرنى تېخى ھېلىلا كۆرۈپ بولۇپ يولغا سالدى. كىيىم يۆتكەپ ئالدىلىرىغا كىرمەكچى. بىز سىلىنى دېرىزىدىن كۆرگەندۇق، — دېدى ئۇ ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ.

— تازا ھارغانسىلەر، بالام، — بەگيۇسۇپ ئېرىدىن ياشلا تۇل قالغان بۇ غەيۇر قىزنىڭ مۇڭلۇق چېھرىگە نەزەر سالدى.

بۇۋىئايىشە ئىلگىرىدىكىدىن روھلىنىپ قالغان، چىرايىدىكى سېرىقلىقمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى. لېكىن، ھازىرلىق قارا كىيىم تېخى ئۇچىسىدا ئىدى، شۇڭا غەمكىن چېھرىمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى.

— ھارمىدۇق ئاتا، كېسەل كۆرۈش، دورا بېرىش بىلەن كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قېلىۋاتىمىز.

— بۇ خان بالامۇ ئاتاساغۇن خېنىمدەكلا كېسەل كۆرۈپ داۋالىيالايدىكەن. بىردەم يېنىمغا كىرگەن، بىردەم كېسەللەرنىڭ قېشىغا چىققان، دورا تەڭشىگەن، قايناتقان، ئىچۈرگەن ... كەچكىچە زادى تىنىم تاپمايدۇ، — ئارازان ئاغىچا كۆڭلىدىكىنى دېگەچ، چاي قۇيۇپ ئۇنىڭغا سۇندى.

— ئەنە، ئۇستازىمۇ كىردى، — دەپ قوپقان بۇۋىئايىشە قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى. بەگيۇسۇپمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ سالام بەرگەن دىلدارىبكەنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ يۈزىگە تارتىقلىق چۈمبەلنى ئالماي

ئولتۇرغىنىدىن سەل قىسىلغان بولسىمۇ، سەممىي ھال سوراپ:
— ئۆزلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرالمىدۇق، دىلدارىبكە. ئوبدان دەم ئالدۇرۇپ، سەيلە ـ ساياھەت قىلدۇرارمىز، دەپ ئويلىغان بولساقمۇ، كېسەل داۋالاش بىلەن بولۇپ كەتتىملە، جاپا تارتىپ قالدىلا، قوزئوردونىڭ ھاۋاسى ياققاندەك تۇرامدۇ؟ قانداقراق تۇرۇۋاتىدىلا؟ — دېدى.
— قوزئوردوغا كەلگىنىمدىن ناھايىتى خۇشمەن، بەگيۇسۇپ ئاغا. خۇددى قونچۇينى ھۆرمەت قىلغاندەك ئىززىتىمنى قىلىشىۋاتىدىلا. پېقىرە ئۈچۈن راھەت ـ پاراغەت بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس، — دىلدارىبكە جاۋاب بېرىپ بېشىنى ئەگدى.
— بالام، ھەممىمىز ئۆز بولغاندىن كېيىن چۈمبەلنى ئېلىۋەتسىلە، — دېدى ئۇنىڭغا چاي سۇنۇپ ئارازان ئاغىچا.
دىلدارىبكەنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى. رومال ئىچىدە بولغاچقا ھېچكىم كۆرمىدى.
— ئاغىچا ئانا، شۇنداق ئولتۇرسام ئۆزۈمنى ئازادىرەك سېزىدىكەنمەن، — ئۇنىڭ چۈمبەل توسۇپ تۇرغان چىرايى باشقىلارغا پىنھان بولغىنى بىلەن، ئۆزى ھەممەيلەننى كۆرۈپ تۇراتتى.
«بەگيۇسۇپ تارتىنىپ قاپتۇ، ھاجىپ بولۇپ خىزمىتى كۆپىيىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۆمۈرلۈك مەھبۇبىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالغاچقا، ياخشى ئارام ئالالمايۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۆمۈر بويى شۇنداق ئۆتەرمۇ؟ بويتاق ئادەم كۈندۈزى ئاۋام ئىچىدە بولسىمۇ، كېچىسى بەربىر يالغۇز ...»
— دىلدارىبكە، قىزىم سىلىنى ئىسسىقكۆل بويىغا ئاپىرىپ، دەم ئالدۇرۇپ كەلسۇن، بولامدۇ؟
بەگيۇسۇپنىڭ سوئالى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.
— مېنىڭمۇ ئىسسىقكۆلنى بىر كۆرگۈم بار ئىدى. ئەمما، بۇ يەردىكى كېسەللەر يولۇمغا قاراپ قالارمىكىن ...
— ئۇنداق بولسا ئايسىلىگ ئاچامنىڭ بالىلىرى ئېلىپ

بارسۇن. قىزىم بۇ يەردە كېسەل داۋالاپ تۇرسۇن، — بەگيۇسۇپ نەزىرىنى بۇۋىئايىشەگە قاراتتى، — بالام، دىلداربىكە بولمىسىمۇ، كەلگەن كېسەللەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدىلا؟

بۇۋىئايىشەنىڭ ئورنىغا دىلداربىكە جاۋاب بەردى:

— چىقالايدۇ، بەگيۇسۇپ ئاغا. بۇۋىئايىشە ئۆزىنى بىر سىناپ باقسۇن. ئىسسىقكۆلگە بېرىپ كېلەي، سوغۇق چۇشۇپ قالسا بارالمىغۇدەكمەن. بۇ يىل بارالمىسام، ئوردۇكەنتكە كەتسەممۇ ئارماندا قالغۇدەكمەن.

بەگيۇسۇپ ئۇنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. «دىلداربىكە راست كېتىپ قالارمۇ؟ ئۇ كېتىپ قالسا ...»

— ئاتا، ئاڭلىدىلىمۇ، ئاتاساغۇن ئاچام كېلەر يىلى ئەتىيازدا كېتىدىكەن، — دېدى بۇۋىئايىشە، ئويلىنىپ قالغان ئاتىسىغا ئىلتىجا بىلەن قاراپ، — شىكارغا چىققان كۈنىمۇ نورۇز مەرىمىگە ئۇلگۇرۇپ، ئوردۇكەنتكە يېتىپ بارمىسام بولمايدۇ، دەپ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلغانىدى.

ئارازان ئاغىچا كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— كەتكىلى قويمايمىز، قىزىم، دىلداربىكە كەتسە ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. كەتمىسىلە خېنىم بالام. سىلى كەتسىلە مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى ئۇ دىلداربىكەنىڭ دولىسىنى سىلاپ.

— ئاغىچا ئانا، سىلىگە، بۇ يەردىكى كېسەللەرگە خۇدايىم بار. ئاتا - ئانام تۆت كۆزى بىلەن مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، كەتمىسەم بولمايدۇ. كۆڭۈللىرىنى ھەرگىز يېرىم قىلمىسىلا.

بەگيۇسۇپ قىزىنىڭ نەزىرىدىكى ئىلتىجانى چۈشەنگەنىدى. شۇڭا، دىلداربىكەگە كەتمەسلىك توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرمەكچى بولدى - يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— دىلداربىكە ئەتىلا كەتمىگەندىن كېيىن، ئۇ توغرۇلۇق ھازىرچە باش قاتۇرمايلى، ئوبدان دەم ئالدۇرۇش، ياخشى كۈتۈشنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە قولايلىق

شارائىت تۇغدۇرۇپ بېرەيلى. قىزىم، سىلى بۇنى ئەسلىرىدىن چىقارمىسىلا، ــ دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى كۆتۈرۈۋەتتى.

بەگيۇسۇپ دىلداربىكە ۋە ئارازان ئاغىچا بىلەن خوشلىشىپ ئۇزاپ چىققاندا، ھىلال ئاي يۇلتۇزلار بىلەن تولغان ئاسمانغا يېڭىلا كۆتۈرۈلگەنىدى.

## 4

دىلداربىكە خوتۇن ـ قىزلارنى داۋالاشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ كەسىپكە ئىشتىياق باغلىغاندا، ئۆمۈرۋايەت ياتلىق بولماسلىق ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بەگيۇسۇپكە بېرىش ئارزۇسى ئۇنىڭ ئاقىبىراغا ئۆيلىنىشى بىلەن يوققا چىققانىدى، ئۇلار قىزىنىڭ بۇ كەمگىچە ئەرگە تېگىشنى رەت قىلىپ يالغۇز ئۆتۈۋاتقىنىدىن ئەپسۇسلىناتتى، گەپكە كىرگۈزەلمىگەچكە مەيلىگە قويۇۋەتكەنىدى. كېيىن ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئەمچى ھەكىم بولۇپ قالغاندا، قىزىدىن پەخىرلىنىدىغان بولۇشتى ...

دىلداربىكە ھەر قېتىم خوتۇنلارنى تۇغدۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ئايال زاتىدىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىچى ئاچچىقتا تولاتتى. «نېمىشقا مەن شور پېشانە؟ نېمە ئۈچۈن ماڭا كۆڭلى يوق ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم؟ نېمىشقا ئۇنىڭدىن سۆيگۈ رىشتىمنى ئۈزەلمەيمەن؟ نېمىشقا مېنى ياخشى كۆرگەنلەرگە ياتلىق بولغۇم كەلمەيدۇ؟ نېمىشقا، زادى نېمىشقا؟ ...» بۇ سوئاللار گويا پەرۋانە چىراغنى ئايلىنىپ كېتەلمىگەندەك، ئۇنىڭ غەمكىن بېشىدىن نېرى بولمايتتى.

ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن نۇرغۇن لايىقلار چىققانىدى، بۇ لايىقلار ئىچىدە بۇغراخانلار جەمەتىنىڭ شاھزادە، بەگلىرىمۇ، ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ، نام قازانغان سانغۇن، سەركەردىلەرمۇ، بېيىغان

زەردارلارمۇ، دەۋكار سودىگەر، كاسىپلارمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھېچقايسىسىغا كۆڭلى چۈشمىدى. ئۇنىڭ ناتىۋان كۆڭلى بىرلا كىشىدە ئىدى، ئۇ كىشى خوتۇن ئېلىپ بالىلىق بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي كېلىۋاتاتتى ... يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قىز پېتى ئۆمرىنىڭ قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى. تۇرلۇك ـ تۈمەن ۋەقە، پاجىئەلەرنىڭ شاھىتى بولدى. كېيىن كۆڭلىنىڭ تۈزلۈكىدىن ئۆزى خالاپ بالاساغۇن سەپىرىگە ئاتلاندى. جان ـ دىلى بىلەن ياخشى كۆرگەن ئاشۇ بۆگۈ بىلگەنىڭ خوتۇنى بولسا سۈيىقەستكە ئۇچراپ قازا قىلدى. ئۇ بۇ كۈتۈلمىگەن پاجىئەدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى، ھەتتا ئارقىسىغا يېنىپ كەتمەكچىمۇ بولدى، ئىككى قوللۇق، ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئاق كۆڭۈللۈكى ئۈستۈن كېلىپ ئېھتىيات سىزىقىدىن چىقماي بالاساغۇنغا كەلدى. تۇرمۇشى توغرۇلۇق قىلچە ئۈمىدلىنىپ باقمىدى. شۇڭا، بەگبۇقا قورۇسىدا تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئادامتوغرۇلنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالدى. ئۇ پاك نامىغا داغ تەگكۈزۈشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

بۇ گۈزەل ئاستانىگە ئاياغ باسقاندىن بېرى، قەشقەردىلا شاگىرت قىلىپ تەربىيەلەشكە باشلىغان بۇۋىئايىشە بىلەن بىللە، كېسەل داۋالاشنى ئارازان ئاغىچىدىن باشلىغانىدى. دەسلەپ ئاياللارنىلا داۋالىغان بولسا، كېيىن گۆدەك باللار، ياشانغان بوۋايلارنىمۇ قايتۇرماي داۋالىدى. كۆپ ئۆتكەنىسېرى نامى چىقىپ، ئابرۇيى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. خان جەمەتىنىڭ مەلىكە خېنىملىرى، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ بالىچاقىلىرىمۇ كېسەل كۆرسىتىشكە كېلىدىغان بولدى. ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە كېسەللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، ئۇنىڭ تاماق يېيىشكىمۇ چولىسى تەگمەيتتى.

بەگيۇسۈپنىڭ تۇل قالغان ئاچىسى ئايسىلىگ ئىككى قىزى، ئىككى ئوغلى، دىدەكلىرى بىلەن ئۇنى ئىسسىقكۆل بويىغا ئېلىپ

بىرىپ بىر ھەپتە تۇرغۇزۇپ كەلدى. ئىسسىقكۆل سەپىرى ئۇنىڭ ھاردۇقىنى خېلىلا چىقىرىپ قويدى.

باالاساغۇن دىيارىنى ئالتۇن رەڭگە كىرگۈزگەن كۈز چىقىپ، قىش كىردى.

بەگيۇسۇپ ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم دىلدارىبكەدىن ھال سوراپ كېتەتتى. ئۇ كەلسىلا دىلدارىبكەنىڭ ئارامى بۇزۇلاتتى، باغرىغا ئوت كەتكەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشاتتى. ئۇنىڭغا قارىيالمايتتى ... شۇڭا ئۇنىڭ ئازراق كېلىشىنى تىلەيتتى، كۆرمىسە كۆرگۈسى كېلەتتى، كۆرسە بىر يەرگە قېچىپ كەتكۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئاجايىپ روھىي ھالەت ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى...

بارغانسېرى ئەر كېسەللەر ئاۋۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن ئارازان ئاغىچىنىڭ ھۇجرىسىدا ئەتىگەنلىك چاي ئىچىۋاتقاندا، دېدەك قىز كىرىپ:

— بىر بىمار كىشى كەلدى، ناھايىتى سالاپەتلىك ئادەم ئىكەن، تېخى يېنىدا بىرقانچە خىزمەتچىسىمۇ بار، — دېۋىدى، دىلدارىبكە:

— چىقىپ ئېيتىڭ، ئەر ئاتاساغۇننىڭ يېنىغا بارسۇن، — دەپ چېيىنى ئىچىۋەردى.

ئارازان ئاغىچا جىمىلەش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى:

— بالام چىقىپ باقسىلا، يىراقتىن كەلگەن بولمىسۇن يەنە. گېپىنى ئاڭلاپ باقسىلا، كۆڭلى ئازار يەپ قالمىسۇن.

— ئاغىچا ئانا، كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن بەزى بىرەڭ ئەرلەردىن جاق تويدۇم، يا كېسىلىنىڭ تايىنى يوق، يا ئېيتقان گېپىنىڭ، كېسىلى بولمىسا نېمىگە كېلىشىدىكىن؟ — دىلدارىبكە ئاچچىقلانغاندەك بولۇپ باش چايقىدى.

دېدەك قىز يەنە كىردى:

— ئاتاساغۇن خېنىم، ئۇ ئادەم مەن ئېلىكخاننىڭ يۇغرۇش باشى، كېسىلىم ئېغىر، كۆرۈپ قويسۇن، بولمىسا كەتمەيمەن،

دەپ ھويلىدا قالدى.

دىلدارىبكە دۈئا قىلىپ قوپتى. ياتىدىغان خانىسىغا چىقىپ قاما تۇمىقىنى، تاۋار نىمچىسىنى كىيىپ، يۇڭ رومىلى ئۈستىدىن قارا پەرەنجىسىنى ئارتتى. يۈزىگە چۈمبەل تارتتى. مېھمانخانىغا چىقىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان دەرپەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇپ:

— كىرسۇن، — دېدى.

كەمچەت تۇماق، قاپلان تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا كىيىپ، ئىچىدىن قىلىچ ئېسىۋالغان سالاپەتلىك ئادەم پەردە ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم. پېقىر قوزئوردۇ ئېلىكخانىنىڭ يۇغرۇش باشى بولىمەن. ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك نامىنى ئاڭلاپ سالام بەرگىلى، باشقا ئاتاساغۇنلار داۋالىيالمىغان كېسىلىمگە داۋا تاپقىلى كەلدىم. مالال قىلغان بولسام كەچۈرگەيلا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، يۇغرۇش باشى، ئولتۇرغايلا.

باش ۋەزىر ئۈچ قات سېلىنغان يېكەندازغا چۆكۈپ ئولتۇردى. دىلدارىبكە:

— پېقىرە خوتۇن - قىزلارنىلا داۋالاپ كېلىۋاتقان نالايىق ئاتاساغۇن بولىمەن. بۇ يەرگە كەلگەندىن بىرى گۆدەك ھەم ياشانغان ئەرلەرنىمۇ كۆرۈپ، داۋالىغىنىم راست، ئەمما جانابلىرىدەك تەمبەل كىشىلەر يەنىلا ئەر ئاتاساغۇنلارغا كۆرۈنگىنى ئوبدان. ھەربىرلىرىنى داۋالاشقا بىلىمىم ئازلىق قىلىدۇ، كەچۈرگەيلا، — دېدى دەرپەردىگە چۈشكەن كۆلەڭگىگە قاراپ.

ئۇھ تارتىش ۋە ئېغىر پۇشۇلداشتىن كېيىن:

— ئۇنداق دېمىسىلە ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى لوقمان ھەكىمدىن قېلىشمايدىغان بوگو بىلگە ئىكەنلا. ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ شەپقەت - ئىنايىتى بىلەن

دۇنىياغا كۆز ئاچقاندىن بېرى، ھۆر - غىلمانەدەك پاك كېلىۋېتىپلا. مۇشۇ تۇپەيلىمۇ نۇرغۇن ئېغىر بىمارلار قوللىرىدا شىپا تېپىپتۇ. پېقىر ساغلام، زەبەردەست كۆرۈنگىنىم بىلەن، كېسىلىم ئېغىر، كېچىسى ئارامخۇدا ئۇخلىيالمايمەن، كۈندۈزى قولۇم ئىشقا، ئاغزىم سۆزگە بارمايدۇ، بەك قىينىلىپ كەتتىم. شەپقەت قىلىپ تەكشۈرۈپ باققايلا، — دېگەن سۆز ئىشىتىلدى ۋە تۈكلۈك بىر قول دەرپەردىنىڭ گىلەمگە تېگىپ تۇرغان يېرىدىن ئۇزارتىلدى، — تومۇرۇمنى تۇتۇپ باققان بولسىلا.

دىلدارىبكە نېپىز يىپەك پەلەينى كىيىپ، ئۇنىڭ يېڭىنى تۈرۈۋېتىپ، تومۇرىنى تۇتتى.

— يەنە بىر قوللىرىنىمۇ ئۇزارتسىلا، — دېدى ئۇ.

قۇتلۇقبەگ يەنە بىر قولىنى ئۇزارتتى.

دىلدارىبكە تومۇر تۇتۇپ كۆرۈپ قويۇۋەتتى، چىرايىدا مەسخىرە كۈلكىسى پەيدا بولدى:

— يۇغرۇش باشى جانابلىرى، تومۇرلىرى تەكشى، راۋان سوقۇۋېتىپتۇ. يۈرەكلىرى ياخشى ئىكەن، ئۆپكىلىرىدىمۇ مەسىلە يوق. باشلىرى ئاغرىمايدىكەن. ئاشقازانلىرى ياخشى ئىشلەيدىكەن، گۆشكە، بولۇپمۇ قۇش گۆشىگە ئامراقتەك قىلىدىلا. ئومۇمەن، ئىچكى ئەزالىرى بېجىرىم ئىكەن، ئۆزلىرىنى ئوبدان كۈتىدىكەنلا، خاۋاتىرلەنمىسىلىمۇ بولىدۇ.

«قارا بۇنى، بىلىۋالدى، قۇش گۆشىگە ئامراق ئىكەنلىكىمنى، ئۆزۈمنى ئوبدان كۈتىدىغانلىقىمنى بىلىۋالدى. لېكىن، خوتۇن - قىزلارغا ئامراق ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالالمىدى. باشقىلار تەرىپلىگەندەك قابىل ھەكىم ئىكەن. سۆزىنىڭ شېرىن - سۇخەنلىكىگە قارىغاندا، ئۆزى بەك ئۇز بولسا كېرەك، چېھرىنى بىر كۆرسەم بولاتتى ...» دەپ ئويلىدى قۇتلۇقبەگ.

ئۇ دىلدارىبكە توغرۇلۇق نەچچە يىل بۇرۇنلا قەشقەرگە بېرىپ - كېلىپ تۇرغان سودىگەرلەردىن ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭغا غايىبانە قىزىقىپ قالغانىدى. دىلدارىبكەنىڭ بەگيۈسۈپلەر بىلەن

بالاساغۇنغا كەلگەنلىكىنى، خوتۇن ـ قىزلارنى داۋالاۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، ئۆزىگە ئايال تېپىپ بېرىدىغان دەللال جۇۋاننى بىرقانچە قېتىم ئەۋەتكەنىدى. يالغان كېسەل بولۇۋالغان دەللال دىلداربىكەنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن لەۋەن، بىلىملىك، نازاكەتلىك، مەلىكە سۈپەت قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيرەتتە قالغان، ئەمما ئىشقۋازلىقتىن گەپ ئېچىشقا پېتىنالمىغانىدى. بۇنى ئاڭلىغان قۇتلۇقبەگ ئاخىرى ئۆزى بېرىپ سىناپ باقماقچى بولدى. كېلىپ بىلدىكى، بۇ تېۋىپ قىز ئاسان ئۇندەككە كېلىدىغاندەك ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ بىر ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى بولدى.

— ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم، ئوبدانراق تەكشۈرۈپ باقسىلا، باشقا ئاتاساغۇنلار بىلەلمىگەن كېسىلىمنى تېپىپ چىقسىلا ئەجەب ئەمەس. داۋالىنىشىم ئۈچۈن قانچە خىراجەت كەتسە مەيلى، ساقايسام بولدى، — ئۇ بىر خالتىنى دەرپەردىنىڭ تېگىدىن كىرگۈزدى، — ئاز بولسىمۇ قوبۇل كۆرۈپ، دورا ياساشقا راسخوت قىلغايلا.

دىلداربىكە ئېغىر خالتىنى ئېلىپ كۆمتۈرۈۋېدى، ئونلىغان تىللا، بىرقانچە چوكا ئالتۇن، تىزىق ـ تىزىق مەرۋايىت گىلەمگە تۆكۈلدى. ئۇ بۇلارنى يەنە خالتىغا سېلىپ، دەرپەردىنىڭ سىرتىغا ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

— يۇغرۇش باشى جانابلىرى، يىگىرمە يىلدىن بېرى تومۇر تۇتۇپ ھاسىل قىلغان تەجرىبەمگە قارىغاندا، ۋۇجۇدىلىرىدا مىسقالچىلىك كېسەل يوق ئىكەن. كېسەللىرىنى ئېنىقلاشقا بىلىمىم كەملىك قىلغان بولسا، ئۇنى بىلمىدىم، بىلگۈچى ئاللا، باشقا مەشھۇر ئاتاساغۇنلارغا كۆرسىتىپ باقسىلا، بۇ تىللا ـ ئالتۇنلارنىمۇ كېسەللىرى ئېنىقلانغاندا ئىشلەتسىلە.

قاقاھلىغان كۈلكە، خۇرسىنىپ ئېغىر تىنىشلاردىن كېيىن، خالتا دەرپەردىنىڭ ئىچىگە يەنە كىرگۈزۈلدى.

— ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم، كامال تاپسىلا، كامال تاپسىلا،

كېسىلىمنى تاپالمىغان بولسىلىمۇ، مىجەزىمنى بىلىۋالدىلا، مەن شۇنداق تۈز كەتكەن ياۋاش ئادەم، ها، ها، ها! بۇ مېنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان كىچىككىنە ھەدىيەم، قوبۇل قىلغايلا.

— ھەدىيەم!؟ — دىلدارىبېكە ئۈنسىز كۈلدى. خالتىنى يەنە ئېتتىرىپ دەرپەردىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتتى، — ماڭا نېمىشقا شۇنچە كۆپ نەرسىنى ھەدىيە قىلىدىلا يۇغرۇش جانابلىرى؟

قۇتلۇقبەگ پىخىلداپ كۈلدى.

— ئەمدى ... راستىمنى ئېيتمىسام بولمىغۇدەك ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم. ئۆزلىرىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغىلى كۆپ يىل بولدى، دىدارلىرىنى بىر كۆرۈشكە مۇشتاق ئىدىم. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا قۇزئوردۇغا كېلىپ قالدىلا. ئەمما، ھازىرغىچە گۈزەل جامالىرىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالماي، كېسىلىم ئېغىرلىشىپ كەتتى، بۈگۈن جۈرئەت كەمىرىنى باغلاپ ئالدىلىرىغا كېلىشىم. كېسىلىمنىڭ ئىشق كېسىلى ئىكەنلىكىنى بىلدىلە، بىراق سىلى نومۇسچان بولغاچقا، بىلمىگەنگە سېلىۋاتىدىلا. ناھايىتى پەزىلەتلىك، خىسلەتلىك قىز ئىكەنلا، غايىبانە ئاشىق بولۇپ قېلىشىم ھېكمەتسىز ئەمەس ئىكەن. بۇ تىللا ـ ئالتۇنلار بىر تال مويلىرىنىڭ قىممىتىگە تەڭ كەلمەيدۇ. مەن بەك كەم ئەقىللىك قىلىپتىمەن. ئۇنى باش ـ كۆزلىرىنىڭ سادىغىسى قىلىپ سائىللارغا بېرىۋېتەي. ئەمىسە بۇنى قوبۇل قىلغايلا، — دەپ ئاق يىپەك ياغلىققا ئورالغان قۇتىنى پەردىنىڭ ئاستىدىن ئاستا ئىتتەردى، — بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، زىنھار قايتۇرمىغايلا.

دىلدارىبېكە قۇتىنى ئېلىپ ئېچىۋىدى، قىزىل گۆھەر كۆز قويۇلغان بىر ئالتۇن ئۈزۈك چىقتى.

— يۇغرۇش باشى، خوتۇنلىرى يوق ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى دىلدارىبېكە ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ.

— بار، ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم، ئۈچ خوتۇنۇم، بىرقانچە چۆرە ـ قۇلۇم بار، — دەپ جاۋاب بەردى كۆرەڭلىگەن ھالدا

قۇتلۇقبەگ.

— ئۇلار جانابلىرىغا ئازلىق قىلامدۇ؟

— ئۇلاردىن مەيلىم قالدى، سىلى خالىسىلا تالاق قىلىۋېتىمەن.

— ھەممەتلىرىگە رەھمەت، يۇغرۇش باشى. ماڭا تەڭرىم قانائەت بەرگەن. يىگىرمە يىلدىن بېرى نىكاھلىنىشنى خىيالىمغا كەلتۈرمەي، ئادەم داۋالاش بىلەن بولۇپ كېلىۋاتىمەن. ھېلىھەم دۇنيا مەئىشەتلىرىگە ھېرىس بولماي، شەھۋەتخور ئىنسابسىزلارغا ئالدانماي، ئۆمرۈمنى پاك ھالدا ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. بۇ ئۆزۈكنى چوڭ خوتۇنلىرىغا بەرسىلە. چۈنكى، ئۇ ھەممىدىن كۆپ ئازاب چەككۈچى، دەردى ھەممىدىن ئېغىر، ئۈچ خوتۇن ـ چۆرىلىرى بولغاندىن كېيىن نېمىشقا شۈكۈر قىلمايلا؟ تولكىدەك ئىنسابسىز ئىكەنلا، جانابلىرى، دەرھال چىقىپ كەتسىلە، مېنىڭ سىلىدەك بىر ئادەم بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇشۇمنىڭ ئۆزى بىر گۇناھ!

چىرايى تاتارغان قۇتلۇقبەگ ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىلگەن قۇتنى ئالدى. قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ، زۇۋان سۈرمەي قوپتى، ئاندىن دەرپەردىگە ئۆزاققىچە قاراپ تۇردى.

ئۇنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسى كۈچلۈك بولغاچقا، قىرىق سەككىز ياشقا كىرگۈچە يىگىرمە نەچچە قېتىم چوڭ ـ كىچىك خوتۇنلىرىنى يەڭگۈشلىگەنىدى. ئۇ چىرايلىق خوتۇنلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىسىلا، يېزا ياكى شەھەردە بولۇشىغا قارىماي، قولغا كەلتۈرمىگۈچە بولدى قىلمايتتى. ئۇنىڭ شەھۋانىيەتچى ـ پاسىقلىقىنى خۇش مۇئامىلە، گەپدانلىقى، چارە ـ تەدبىرلىك ئىكەنلىكى يېپىپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرگەنلا ئادەم ياقتۇرۇپ قالاتتى، يامان گېپىمۇ چىقمىغانىدى.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، غايىبانە ياقتۇرۇپ قالغان، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ۋەسلىگە يەتمەكچى بولغان بىر قېرى قىز ئۇنى ئوسال قىلىپ قويدى، يۈزىنى تۆكتى، ئۇ ئۆزىنى

ئاقلاشقىمۇ ئامالسىز قالدى.

قۇتلۇقبەگ ئېغىرلىشىپ قالغان پۇتلىرىنى يۆتكەپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. «خۇدايا تووۋا، بۇنداق پاك، ئىرادىلىك خوتۇنمۇ بولىدىكەن ـ ھە. مەن تېخى سالاپەتلىك ئەرنى، ئالتۇن ـ تىللانى كۆرگەندە، ھەرقانداق مەستۇرە خوتۇن ـ قىز ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، دەپ بىلەتتىم. بۇ قېرى قىز مېنى كۆرۈشنىمۇ خالىمىدى. ئالتۇن ـ تىللاغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى، يۇغرۇش باشى ئىكەنلىكىمدىنىمۇ تەپ تارتمىدى. ھەقىقەتەن ھايالىق، پەزىلەتلىك، نومۇسچان ئىكەن ...» دەپ ئويلاپ ئىشىكتىن چىقتى.

## سەككىزىنچى باب

# كۆز قىيمىغان ئايرىلىش

## 1

چاۋاربەگلەرنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغانسېرى بوزاغۇنىڭ تاقىتى تاق بولۇشقا باشلىدى. ئۇ سىڭلىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى، كۈن ئۆتكەنسېرى بىئارام بولۇشقا باشلىدى. بىتاقەت بولغان قۇمارىبىكە ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكى توغرىسىدا نەچچە قېتىم سورىدى، ئەگەر بوزاغۇ: بەگيۇسۇپنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەپتۇ، دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزسە، قۇمارىبىكە ئۇنىڭغا ناھايىتى چىرايلىق بىر دېدىكىنى سۆيۈنچە قىلىپ ئاتاپ قويغانىدى. تۆت خوتۇنى، بىرقانچە چۆرىلىرى بولغان بوزاغۇ، ئۆزىنىڭ كۆزى چۈشكەن ئاشۇ لەۋەن دېدەكنى چۆرە قىلىۋېلىشقا ئىنتىزار ئىدى.

تومۇز چىقىپ كەتتى. قەشقەردىكى تىنچىق دىمىق تۈگەپ، قوغۇن ـ تاۋۇزنى قانچە يېسە سىڭمىدىغان يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىمۇ ئۆتمەكتە ئىدى.

ئەنجۈر ئىككىنچى قېتىم پىشتى. يارما شاپتۇل شېخىدا مەي بولدى. چىلان كوس ـ كوسمۇ قىزاردى. ئادەمنىڭ تېنىگە يېقىشلىق كۈزنىڭ ئىللىق كۈنلىرىمۇ باغرىنى ئاچتى.

بوزاغۇنىڭ ئەندىشىسى كۈچەيدى. «چاۋاربەگلەرگە نېمە بولغاندۇ؟ بەگيۇسۇپلەر ئۇلارنى سېزىپ قېلىپ، تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ تۈگەشتۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟ ئەستاغپۇرۇللا، ئىتتىكرەك خەۋەر كەلسە بولاتتى ...» دەپ غەم يەيتتى.

ئۇ بۇگۈن ئوردىدىن قايتىپ، مىرزىلار كوچىسىدىكى يېڭى ياساتقان ئۆيىگە كەلدى. ئىشىك ئالدىدا ئۈچ ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇلارغا كۆز قىرىنىمۇ سالمىغان بوزاغۇ بېشىغا قارا كۈنلۈك تۇتۇپ كەلگەن غۇلامىغا:

— بۇ نېمەڭنى ئەمدى يىغىشتۇر! — دەپ بۇيرۇدى.

غۇلام دەرھال كۈنلۈكنى قاتلاپ كۆتۈرۈۋالدى.

بوزاغۇنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشقان ھېلىقى ئۈچ ئادەم تىزلىنىپ يەرگە باش قويدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، يۇغرۇش باشى جانابلىرى ...

ئۇلارنىڭ خىرقىراق ئاۋازىنى ئاڭلىغان بوزاغۇ بوسۇغىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يېرىدىن ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— سىلەر كىم، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، يۈزلىرى قارىداپ كەتكەن بۆگۈشنى تونۇپ قالدى، — ھوي، سەن بۆگۈشقۇ، چاۋاربەگلەر قېنى؟ — سورىدى يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، يۇغرۇش باشى، — دەپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى بۆگۈش. ئۇنىڭ ئۈستىبېشىغا قارىغىلى بولمايتتى.

— نېمە گەپ زادى، دېمەمسەن؟ — بوزاغۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەندەك بولۇپ ئالايدى، كۆز قارىچۇقى كىچىكلەپ، چاناقلىرى كېڭەيدى. يۈزىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى لىپىلداپ تىترىدى.

بۆگۈش بېشىنى بوسۇغىغا قويدى.

— يۇغرۇش باشى جانابلىرى، بەدەلئارت داۋىنىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چاتقاللىق ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىدۇق ... — بولغان ۋەقەنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

— ھۇ نان قېپى ئۆلۈمتۈكلەر! شۇنچە كۆپ ئادەم ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، قايسى يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ كېلىشتىڭ يارىماسلار! —

بوزاغۇ تۆمۈر نالىلىق ئۆتۈكى بىلەن ئۇنىڭ پىشانىسىگە بىرنى تەپتى.

بۆگۈش بوسۇغىدىن بىشىنى كۆتۈردى، يېرىلغان پىشانىسىدىن قان تامچىلىدى.

— بەگيۇسۇپنىڭ ئادەملىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن، يۇغرۇش باشى جانابلىرى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چەۋەندازلارمۇ كۆپ ئىكەن، خوتۇن - قىزلارمۇ قىلىچ كۆتۈرۈپ بىزگە قارشى جەڭ قىلدى. بىزمۇ قاتتىق ئېلىشتۇق ... لېكىن، ئاخىرىدا ئەسىر چۈشۈپ قالدۇق ...

— سەنلەرنى مەن شەھەر - شەھەردىن تاللاپ يىغىپ تەربىيەلىگەن ئەمەسمىدىم، نومۇس قىلماي ئەسىر چۈشۈپ قالدۇق دەۋاتقىنىنى ! قېنى سۆزلە، سەن قېچىپ قۇتۇلدۇڭمۇ؟ — بوزاغۇ ئۇنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى.

— يوقسۇ، يۇغرۇش باشى جانابلىرى. بەگيۇسۇپ ئوغرىلىق قىلماي، ياۋاشنى بوزەك ئەتمەي، ھالال كۈن كەچۈرۈڭلار، دەپ قويۇپ بەرگەنىدى. راستىمنى دېسەم جانابلىرى، بەگيۇسۇپ ئىبتىقاندەك كۈن كەچۈرگۈم كەلمەي، ئۆزلىرىنى پاناھ تارتىپ، ئىككى ھەمراھىمنى ئېلىپ بوسۇغىلىرىغا كەلدىم. نېمە قىلسىلا ئىختىيارلىرى، جانابلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈشكە رازىمىز ...

بوزاغۇ سەل يۇمشىدى.

— ئۆيگە كىرىش!

گۈگۈم چۈشكەنىدى. يېرىم ئوچۇق دېرىزىلەردىن مېھمانخانا، ئايۋان، سارايلارغا سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. گۈلدار پېشايۋاننىڭ نەقىش چېكىلگەن تۈۋرۈكلىرىگە شاتۇتى، تۇمۇچۇق، تورغاي، قارىغوجا قاتارلىق سايرايدىغان قۇشلار سولانغان قەپەسلەر ئېسىلغانىدى. سالپاڭ قۇلاق، كۆزلىرى تۆت كۆرۈنىدىغان يوغان قارا ئىت ھويلىغا كۆلەڭگە تاشلىغان باراقسان ئەرمۇدۇن دەرىخىگە باغلاپ قويۇلغانىدى. ئىت بۆگۈش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۆرۈپ، يۇلقۇنۇپ ئېتىلىپ قاۋاپ

كەتتى، بوزاغۇ:
— جىم بول تۆت كۆز، ئۇلار ساڭا ئوخشاشلا مېنىڭ قۇللىرىم، — دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇۋىدى، ئىت قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ، ئالدى ئىككى پۇتىغا بېشىنى قويۇپ ياتتى. بوزاغۇ خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇپ، ئۇلارنى ھامامغا باشلىدى. ئۇلار يۇيۇنۇپ چىقىشقاندىن كېيىن:
— ھە مانا، ئەمدى ئادەم سىياقىغا كىرىشتىڭ، — دەپ دەھلىزگە ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن دېدەكلەرگە داستىخان سالغۇزدى.
— ئاۋۋال يەڭلار، ئاندىن سۆزلىشەيلى! — ئۇلار نان، گېزەكتىن يەپ، چاي ئىچىشتى، ئارقىدىن بىر لېگەن پولۇنى پاك - پاكىز يەۋېتىشتى.
ئۇلار بۇگۈنگىچە تويغۇدەك تاماق يېمىگەنىدى، يالغۇز ئۈچرىغان يولۇچىلارنى بۇلاپ، ئۆيلەرگە ئوغرىلىققا كىرىپ جان ساقلاپ، مىڭ تەستە قەشقەرگە كېلىۋالغانىدى. قوراللىرى بولمىغاچقا بىرەر توشقاننىمۇ ئوۋلىيالمىغانىدى.
— ئەمدى شاراب ئىچىڭلار، قارىسام بىر ئايدىن بېرى، شاراب ئۇياندا تۇرسۇن، چاينىمۇ قېنىپ ئىچمەپسىلەر، — بوزاغۇ خوتەننىڭ مۇسەللىسىدىن بىر خۇمرا ئەكىرگۈزۈپ جاملارغا قۇيدى، — قېنى قېپىدىن چىقىپ كەتكەن يۈرىكىڭلارنى ئورنىغا چۈشۈرۈپ، ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن كۆزۈڭلارنى ماڭا تىكىڭلار!
ئۇنىڭ قولىدىن جامنى ئالغان بۆگۈش كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.
— يۇغرۇش باشى جانابلىرى، ھىممەتلىرىگە رەھمەت. بىزنى كەچۈرىدىغانلىقلىرىنى بىلەتتىم. نېمە بولۇشۇمدىن قورقماي، ئالدىلىرىغا كەلگىنىم بىكارغا كەتمىدى. ئەمدى شارابنى پېقىر قۇللىرى قۇيسۇن، — بۆگۈش خۇمرىنى ئالدىغا تارتتى. جامنى قولىغا ئېلىپ تولدۇرۇپ قۇيدى، — جانابلىرى، ئەسلىرىدە بارمۇ؟ شېرىكلىرىم بىلەن ئارتۇچتا ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغىنىمدا، سىلى قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان بولسىلا، كاللام كېتەتتى،

مانا شۇندىن تارتىپ مېنىڭ ھاياتلىق رىشتىم سىلىگە باغلىنىپ قالغان. بۇ قېتىم تاپشۇرغان ئىشلىرىڭلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولسامۇ، كاللام تېنىمدا بولسىلا، بۇ ئەرزىمەس جېنىم ئۆزلىرىگە تەسەددۇق. قېنى ئەمىسە، ئۆزلىرىنىڭ سالامەتلىكلىرى ئۈچۈن، — دەپ جامنى كۆتۈردى.

— ئۇنتۇپ قالماپسەن، بۆگۈش. ئۇ چاغدا بۇغرا قاراخاننىڭ ئەمرى بىلەن كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغانىدىم. ئارتۇچ ھاكىمى «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ياتقان مۇبارەك زېمىندا ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ ئاۋامنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ» دەپ، سېنىڭ كاللاڭنى ئېلىشقا، شېرىكلىرىڭنىڭ قوللىرىنى كېسىشكە ھۆكۈم قىلماقچى بولۇۋاتقانىكەن. مەن «بۇ گۇناھكارلارنىڭ يامانراقلىرىنى ئوردۇكەنتكە ئېلىپ بېرىپ، جازاسىنى بېرىپ ئىبرەت قىلاي» دەپ، سەن باشلىق يەتتە كىرتۇچ[1]نى تالىۋالغانىدىم. بولمىسا روھىڭ ئۇ دۇنياغا كەتكەن بولاتتى. ئۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇماي، بەگيۇسۇپنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي، يەنە خىزمىتىمنى قىلىشقا كەلگىنىڭ ئۈچۈن سېنى قۇتلۇقلاپ بۇنى ئىچىمەن، — بوزاغۇ جامنى بوشاتتى.

ئۇ ئويلاپ كۆرۈپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بۆگۈشنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يالتايغانىدى. بۇنداق ياخشى - ياماننى پەرق ئەتمەيدىغان كاللىكېسەر ئۇنىڭغا يەنە لازىم بولاتتى.

— رەھمەت يۇغرۇش باشى جانابلىرى، بۇگۈندىن ئېتىبارەن خىزمەتلىرىنى پۇتۇم بىلەن ئەمەس، بېشىم بىلەن مېڭىپ ئادا قىلىمەن، — دېدى بۆگۈش شارابنى غورتۇلدىتىپ ئىچىپ.

— ساڭا دەپ قوياي بۆگۈش، ھېچكىم يول توسۇپ بەگيۇسۇپكە زىيانكەشلىك قىلغىنى يوق. ئەسىرگە چۈشكىنىمۇ يوق، سەنمۇ ئوردۇكەنتتىن ھېچ يەرگە بارمىدىڭ. بىلدىڭمۇ؟ — دەپ ئەسكەرتتى بوزاغۇ ئەلپازىنى بۇزۇپ.

---

[1] كىرتۇچ — بەتخۇي، تەلۋە دېگەن مەنىدە.

— بىلدىم، جانابلىرى، — دېدى بۆگۈش بوغنۇقۇپ.
— چاۋار، قابانلار پارس ئېلىگە مال، جاۋاھىر ئېلىپ كەتتى، ئۇقتۇڭمۇ؟
— ئۇقتۇم جانابلىرى.
— يېپىق قازان يېپىق پېتى تۇرىۋېرىدۇ. سەن ئەتىدىن باشلاپ باغئېرىقتىكى تۇرادا تۇرىسەن، سىلەر كەتكەندىن كېيىن ئىسپىجاپ، بارسغاندىن كەلگەن بىرقانچە ئادەملىرىمۇ شۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنى ساڭا تاپشۇردۇم، باتۇر چەۋەندازلاردىن قىلىپ تەربىيەلەيسەن. مېنىڭ مۇھىرۇم بېسىلغان پۈتۈكنى كۆتۈرۈپ چىققانلارنى ئورۇنلاشتۇرىسەن، باشقا ھەرقانداق ئادەمنى تۇرانىڭ ئىشىكىگە يېقىن يولاتمايسەن، بىلدىڭمۇ؟
— بىلدىم، جانابلىرى.
— بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە، ھەتتا خوتۇن - بالىلىرىڭغىمۇ تىنماسلىققا قەسەم ئىچ!
— مېنىڭ خوتۇن - بالىلىرىم بولمىسا، جانابلىرى ... — دېدى بۆگۈش ئۆچكىنىڭكىدەك ئۇزۇن، شالاڭ ساقىلىنى تۇتاملاپ.
— خوتۇنلۇق بولىسەن، بالىلىقمۇ بولىسەن. مەن ساڭا قۇل بازىرىدىن چىرايلىق بىر قىزنى سېتىۋېلىپ سوۋغا قىلىمەن. ئورنۇڭدىن تۇرۇپ قىبلىگە قاراپ قەسەم ئىچ!
بۆگۈش ئىككى ھەمراھى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قىبلىگە قاراشتى:
— ئەگەر ئەمرلىرى بويىچە ئىش قىلمىسام، تەڭرىم مېنى قاتتىق جازالىسۇن، — دېدى ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ.
— ئەمدى چىقىپ ئارام ئېلىڭلار !
بۆگۈش ھەمراھلىرى بىلەن چىقىپ كەتتى. بوزاغۇ ئۆز خانىسىغا كىردى. «بەگيوسۇپ يەنە قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇ قوزئوردۇغا بارسا، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخانغا ئەھۋالنى ئېيتىدۇ، مۇھەممەد ئارسلانخانغىمۇ مەلۇماتنامە ئەۋەتىشى

مۇمكىن. ئۇ چاغدا ...»

بوزاغۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بويىنىغا قىلىچ ئۇرماقچى بولغان جاللات كۆرۈنگەندەك بولۇپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنى تەر باستى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ توغرۇلۇق ھەرقانداق خەۋەرنى مۇھەممەد ئارسلانخانغا ئاڭلاتقۇزماسلىق زۆرۈر ...» دېگەن ئويغا كەلدى. ئاندىن ھەم ياش، ھەم نازىنىن بولغان چۆرىسى تۇرىدىغان ئۆيگە كىردى. ئۇنى قۇل بازىرىدىن مىسىرلىق ئەرەب سودىگەردىن سېتىۋالغانىدى. ئىسمى مايمۇنە بولۇپ، قارا تەنلىك گۈزەللەردىن ئىدى. بويى غازنىڭكىدەك ئۇزۇن، قەلەم قاش، ئاھۇ كۆز بۇ قىزنىڭ بېلى بىر تۇتاملا ئىدى. مەجنۇنتالدەك ئېگىلىپ كۇلۇمسىرەپلا تۇراتتى. چىشلىرى ئاپپاق سەدەپتەك پارقىراق ئىدىكى، گويا تۇندىكى يۇلتۇزدەك چاقناپ، ئادەمنىڭ سۆيگىسىنى كەلتۈرەتتى. تەڭرى ئۇنىڭغا شۇنداق كېلىشكەن قامەت ئاتا قىلىپلا قالماي، ھەرقانداق ئەر زاتىنى ھوشىدىن ئايرىدىغان ناز - خۇلقىنىمۇ بېرىپ، قارا تەنىنىڭ ئۆزگىچە گۈزەللىكىنى نامايان قىلغانىدى.

— مايمۇنە، ئاپپىقىم، سەن قەيەردە؟ — قاراڭغۇ ئۆيگە كىرگەن بوزاغۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمەي، ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇرۇۋىدى، ئىككى كۆزىنى بىرسى ئالىقىنى بىلەن توسۇۋالدى. پەي ياستۇقتەك يۇمشاق، ئىسسىق تەن ئۇچىسىغا يېپىشتى. ئۇ قوللىرىنى ئارقىسىغا ئۇزىتىپ، ئىنچىكە بەلدىن قاماللاپ تۇتۇۋالدى، — ھۇ شەيتان خوتۇن، تېخىچە چىراغنى ياندۇرمىغىنىڭ نېمىسى؟

— چىراغ دېگەن مانا، — پىرقىراپ ئالدىغا ئۆتكەن مايمۇنە بوزاغۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، — مەن ئالدىلىرىدا غوجام. چىراغلارنى ياندۇرايمۇ؟

— ياق ئاپپىقىم، كۆزلىرىڭ چىراغتىن نۇرلۇق تۇرسا، — بوزاغۇ ئۇنى كۆتۈرۈپ، ئۈچ قات كۆرپە ئۈستىگە ياتقۇزدى - دە، تاۋار جىلىتكىسىنى سالدۇردى.

— توختىسىلا يۇغرۇش باشى، بۇگۈن مىجەزىم يوق ئىدى، — دېدى مايمۇنە ئۇنىڭ قۇچىقىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ.

— نېمە بولغىنىڭ بىلەن كارىم يوق. كۆڭلۈمنى ئاچسامىلا بولدى، — بوزاغۇ ئۇنى تارتىپ ياتقۇزدى، — سەن مېنىڭ چۆرەم. قارشىلىق قىلساڭ ئۆلىسەن، كىيىملىرىڭنى سال!

— مەن كېسەل، كېسەل چېغىمدا ماڭا چېقىلسىلا تەڭرىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىلا، يۇغرۇش باشى، — مايمۇنە يەنە تۇرۇۋالدى.

— راستىلا مەن بىلەن ياتمامسەن؟ — بوزاغۇ قولىنى تۇتۇۋىدى، ئۇ سىلكىپ تارتىۋالدى.

— مەن دېگەن ئايال، زادى سىلى تەڭرىنىڭ ھۆكمىگە قارشى چىقماقچىمۇ؟ — دېدى مايمۇنە، — قۇل ئىدىم، سىلى ئازاد قىلىپ ئۆزلىرىگە چۆرە قىلىۋالدىلا. كېچە - كۈندۈز دېمەي كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىپ كېلىۋاتىمەن. كېسەل بولۇپ قالغىنىمدىمۇ ماقۇل بولسام، تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان، ئۆز تېنىمنىمۇ، سىلىنىمۇ ئاسرىمىغان بولىمەن، يۇغرۇش باشى، — مايمۇنە تەكچىلەردىكى شام چىراغلارنى ياندۇردى.

بوزاغۇ قاقاھلاپ كۈلدى.

— ماۋۇ زەڭگى قۇلنى قارا. ئىلتىپاتىمدا چۆرە بولۇۋېلىپ، ئەمرىمگە بويۇنتاۋلىق قىلغىلى تۇردىغۇ. لېكىن، سەن يەنىلا مېنىڭ قۇلۇم سەن. كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان چۆرە سەن. قارشىلىق قىلساڭ چاترىقىڭنى يىرتىۋېتىمەن! — ئۇ مايمۇنەنىڭ ئېتىكىدىن بىر تارتىپ كۆڭلىكىنى يىرتىۋەتتى، تاۋار تامبىلىنى سالدۇرۇۋەتتى. ئىككى قولى بىلەن خاس يېرىنى تۇتۇۋالغان مايمۇنە:

— يۇغرۇش باشى، خۇدادىن قورقىسىلىچۇ، — دەپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە قاتتىق ئۇسۇپ يىقىتىۋەتتى. يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئاسقۇدىكى بوزاغۇنىڭ كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىنى قولىغا ئېلىۋالدى، — ماڭا يېقىن كەلمىسىلە، يەنە ئېسىلىدىكەنلا، قارنىلىرىنى چۇۋۇۋېتىمەن !

بوزاغۇ تۇرغان يېرىدە داڭ قېتىپ قالدى. بۇ قاراتەنلىك نازىنىنىڭ قولىغا خەنجەر ئېلىپ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

— خەپ زەڭگى، توختاپ تۇر، ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام! — دېدى ۋە بايا سېلىپ قويغان تونىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى.

## 2

بوزاغۇ قاراڭغۇ سۇپىدا مۈگدەپ ئولتۇرغان دېدەككە:

— سەن بۇ ئۆيگە ئوبدان قارا. ماۋۇ زەڭگى تاشقىرىغا چىققۇچى بولمىسۇن، — دەپ تاپىلاپ، تۆتىنچى خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇ بۇ چىرايلىق مۇلايىم خوتۇننى يۇغرۇش باشى بولغاندىن كېيىن ئالغانىدى.

بوزاغۇنىڭ كىرگىنىنى كۆرگەن خوتۇن ھودۇقۇپ، پايپاسلاپ يورۇپ داستىخان سالدى.

— مەن داستىخان ئۈستىدىن كىردىم. ئورۇن راسلا، ئۇخلايمەن، — دېدى بوزاغۇ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ مەستلىكى تامامەن يېشىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. «بېشىمغا قونغان ئامەت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ياق - ياق، مەن ئۇنىڭغا يول قويمايمەن. بەگيۇسۇپتىن ئەنتىمنى ئالىمەن...» ئۇ خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈپ قىرغاققا چىقالماي، سەھەردە ئۇخلاپ قالدى.

— بېگىم قوپسىلا، كۈن چىقىپ قالدى.

ئۇ خوتۇنىنىڭ نەچچە قېتىم ئويغىتىشى بىلەن كۆزلىرىنى ئاران ئاچتى. دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىنى كۆرۈپلا ئىتتىك قوپتى. ئالدىراپ تەرەت ئېلىپ، خوتۇنىنىڭ ناشتا قىلىۋالسىلا دېگىنىگىمۇ قارىماي ئوردىغا ماڭدى. ئوردىغا يېتىپ كەلگەندىن

كېيىن، دىۋانخانىغا كىرمەي، ھەرەم قەسىرىگە يول ئالدى.

قۇمارىبىكە ئۇنى ھەرقاچانقىدەك خاس ھۇجرىسىدا كۈتۈۋالدى.

— ئاكا، نېمە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟

بوزاغۇ ئۇن چىقماي، يېكەندازدا ئولتۇردى.

— خاپا كۆرۈنىسەنغۇ ئاكا، نېمە ئىش بولدى؟

قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن بوزاغۇ بۆگۈشتىن ئاڭلىغانلىرىنى قويماي سۆزلەپ بەردى.

— بۆگۈشنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋەتمىدىڭ؟ ئۇنداق يارامسىز مەخلۇقلارغا ھەرگىز ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئاكا، — قۇمارىبىكە بوزاغۇغا ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قارىدى.

— مەنمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دېگەنىدىم، بىراق ئالدىمىزدا قىلىدىغان ئىشلارغا بۆگۈشتەك ئىتائەتمەن، پىداكار قۇللار ناھايىتى كېرەك. ئۇ بەگيۇسۇپنىڭ سۆزىگە كىرمەي، ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىنمۇ قورقماي ئالدىمغا كەلدى، بىزگە تېخى كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ، — دېدى بوزاغۇ تەمكىن ھالدا. ئۇ يۇغرۇش باشى بولغاندىن بېرى خېلى ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغانىدى، ھەردائىم قۇمارىبىكەنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسىتىشكە ئۇرۇناتتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئەندىشىسىنى يوشۇرالمىدى، — بەگيۇسۇپنى قۇرغان تۇزىقىمىزغا جەزمەن چۈشىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. بۇنداق بولۇشىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. ئىشلىرىمىز ئاقساپ قالىدىغان بولدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئاكا، — خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتسە «سەن» لەپ، ئاچچىقى كەلسە، «سىلى»، «ئۆزلىرى» دەيدىغان قۇمارىبىكەنىڭ زەردىسى قايىنىدى، — ئىشلىرىمىز بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز ھەرگىز ئاقساپ قالمايدۇ. ئوردۇكەنتتىكى يۇغرۇش باشى، سۇ باشىلارنىڭ كۆپى ئۆز ئادىمىمىز. ھەرقايسى شەھەر، ئايماقلاردىمۇ ئادەملىرىمىز ئاز ئەمەس، ئۇنداق ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمىسىلە. ئېرىم تەختنى ئاسانلىقچە بوشىتىپ بەرمەيدىغاندەك

قىلىدۇ. «قانداق قىلساق بولاركىن؟» دەپ بېشىمىزنى قاشلاپ ئولتۇرساق ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز. ھوشيار تۇرۇپ، ئادەملىرىمىزنى كۆپەيتىشىمىز لازىم. قۇزئوردۇدىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەم ۋە چاپارمەننى كۆزدىن ساقىت قىلمايلى، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلەيلى، بىزگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلغانلارنى، شۇنداق خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلەرنى دەرھال كۆزدىن يوقىتايلى. بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز مۇشۇ بولسۇن، ئاكا.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق، لېكىن بۇغرا قاراخان تاپشۇرغان ئىشلارمۇ بار، سىڭلىم، — دېدى بوزاغۇ ئاستا.

— بۇغرا قاراخاننىڭ ئەمرىمۇ ئۈز يولىدا بېجىرىلىۋېرىدۇ. ئۇ سىلىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى باشقىلارغا تاپشۇرسىلا ئادا بولىۋېرىدۇ. ئەمما، ئۈزىمىزنىڭ ئىشىغا ئۈزلىرى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشلىرى كېرەك. سىلى ئوردۇكەنتنىڭ ھەممە دەرۋازىلىرىغا ئىشەنچلىك ئادەملەرنى قويسىلا، ئۇلار سىرتتىن كەلگەنلەرنى كۆزىتىپ تۇرسۇن. بولۇپمۇ ئەشكىنچى، چاپارمەنلەرنىڭ كەلگىنىنى بىلگەن ھامان سىلىنى خەۋەرلەندۇرسۇن. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپ، مەلۇماتنامىلەرنى ئاۋۋال سىلى كۆرۈشلىرى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئېرىم بەگيۇسۇپ، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخاندىن كەلگەن مەكتۇپلارنى قولغا چۈشۈرەلمەيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلىسەكلا، تاقابىل تۇرماق قىيىنغا چۈشمەيدۇ.

بوزاغۇ ئېڭىكىنى چاڭگاللىدى.

— بۇنى ياخشى دېدىڭە ئۇكام. بۈگۈن ـ ئەتىدىن قالماي، ھەربىر دەرۋازىغا ئۈز ئادەملىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇرىمەن. دەرۋازىۋەنلەر بېگى ھوشۇربەگ ئىشەنچلىك ئادەم، بۇ ئىشقا ئۇنى مەسئۇل قىلىمەن. ئۇلار يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەرىكەت قىلىدۇ.

— يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەرىكەت قىلىدۇ، دېگەنلىرى قانداق گەپ؟

بوزاغۇ ھىجايدى.

— بۇ مۇنداق ئىش، شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتىشنى باھانە قىلىپ، ھەربىر دەرۋازىدىكى قاراۋۇللارنى بىر ھەسسە كۆپەيتىمىز، ئۇلار ھوشۇربەگنىڭ باشچىلىقىدا ئاشكارا ھەرىكەت قىلىدۇ. يەنە ھەربىر دەرۋازا ئەتراپىغا بىرقانچە كۆزەتچى يوشۇرۇنىدۇ، ئۇلار ناۋاي ياكى ئېلىپساتار قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. مۇشۇنداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلغاندا، ھەرقانداق گۇمانلىق ئادەم قولىمىزدىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ.

— بولىدۇ ئاكىجان. بۇ تۇزاقلىرى ئوبدان قۇرۇلۇپتۇ. لېكىن، سىلى نېمىشقا بۇنچە غەمگە چۆكۈپ كەتتىلە؟ — قۇماربىكەنىڭ ئويچان نەزىرىدە بىر سوئال پەيدا بولدى.

— ئىشلار كۆپىنچە ئادەم ئويلىغاندەك بولمايدىكەن، سىڭلىم. شۇڭا، غەمگە چۆمۈپ قالدىم.

«ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك» دېگەندەك، بوزاغۇ سېزىلىپ قالسىلا كالىلىسىنىڭ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، يوشۇرۇن قۇرغان تۇزاقلىرىنىڭ كارغا كەلمەسلىكى ئۈنى خېلىلا جۇدىتىپ قويغانىدى. ئۇ سىڭلىسىغا راستىنى ئېيتقانىدى.

— ئۇنداق بولسا ئاكا، بىز قىلماقچى بولغان ئىشىمىزدىن ۋاز كەچسەك بولغۇدەك، — قۇماربىكە قېيىدىغاندەك قىلىپ لەۋلىرىنى چىشلىدى.

— ۋاز كېچىش؟ ياق! ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، قىساس ئېلىش ئارزۇيۇمدىن، قىلىۋاتقان ئىشىمدىن ۋاز كەچمەيمەن، سىڭلىم، — بوزاغۇ باش چايقىدى، — مېنىڭ غەمگە چۆمۈشۈم، كاللامنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن قورقىدانلىقىم ئەمەس، ئىشلىرىمىزنىڭ ئورۇنلانماي يېرىم يولدا توختاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىم ...

بوزاغۇ سىڭلىسىنىڭ لەۋلىرىدىن تامچىلاۋاتقان قاننى كۆرۈپ سۆزىنى توختاتتى. ئاق يىپەك ياغلىقى بىلەن قاننى ئېرتقان قۇماربىكە كۈلۈمسىرىدى:

— ئاكا، مانا ئەمدى مېنىڭ ئاكامدەك زوۋان سۇردىلە، — دېدى قومارىبىكە، — سىلىنى ۋەدىسىدىن يېنىۋالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئاچچىقىم كەلگىنىدىن لېۋىمنى چىشلەپ ئۇزۇۋەتكىلى تاس قالدىم، مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنداق مەيۈسلەنمىسىلە، جەسۇر قىياپەتلىرى ھەمىشە مېنى روھلاندۇرۇپ تۇرسۇن، — ئۇ قانغا بويالغان ياغلىقنى تەكچىگە قويدى. قان تەپچىرەپ تۇرغان لېۋىنى قوللىرى بىلەن باستى، — ئاكا، بۇغرا قاراخاندىن قالسىلا سىلىنىڭ ئەمەل، ھوقۇقلىرى چوڭ، دۆلەت ئەربابلىرىمۇ، ئاۋامۇ ئاغزىلىرىغا قارايدۇ، نېمە قىلىمەن دېسىلە قىلالايدىلا، سىلى، خەتەرلىك داۋاننىڭ ئۇستىگە چىقىشىمىزدا ئۆرۈلمەس شوتا، ئورۇنلىرىدا چىڭ دەسسەپ تۇرۇپ بەرسىلە، ئارزۇ چوققىسىغا چوقۇم چىقالايمىز، — ئۇ كېنىزەكلىرىگە بۇيرۇپ داستىخان سالدۇردى. داستىخان بىردەمدىلا يەل - يېمىش، قەن - گېزەك بىلەن تولدى. بىر خۇمرا مەيزاپمۇ كەلتۈرۈلدى.

— ئۇكام، سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باشقىچە غەيرەتلىنىپ قالدىم. ئېيتقانلىرىدەك ئورنۇمدا چىڭ دەسسەپ تۇرۇشقا بارلىق ئەقلىمنى سەرپ قىلىمەن. ئەمما، مەن بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. مەن شوتا بولسام، سىلى يۆلەك، مەن ئات بولسام، سىلى قامچا! ئىشىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا ئۆزلىرىنىڭ روللىرى چوڭ. مېنىڭكىگە قارىغاندا، بۇغرا قاراخان سىلىنىڭ سۆزلىرىگە بەكرەك كىرىدۇ. شۇڭا، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋاتقان گۇمان - شۈبھىلەرنى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، خاتىرجەم قىلىپ تۇرۇشلىرى لازىم. ئۇ قانچە بىخۇدلاشسا، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز شۇنچە يۈرىشىدۇ، — بوزاغۇ سۆزىنى توختىتىپ، قومارىبىكە تۇتقان جامنى قولىغا ئالدى، — ئىبراھىم تېگىنگە تاپىلاپ قويسىلا ئۇكام، جانقورغاندىكى سىپاھلارنى سىزىقىدىن چىقمايدىغان قىلىپ تەربىيەلەشكە كۆپرەك دىققىتىنى بۆلسۇن، — ئۇ بىر كۆتۈرۈپلا

مەيزاپنى ئىچمۇەتتى.

— هەر كۈنى دېگۈدەك تاپىلاۋاتىمەن. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، ئاكا. ئوغلۇم ئۇلارغا سۇباشى بولغاندىن بېرى، مىڭبېشى، يۈزبېشىلارنى قولغا كەلتۈرۈپ بولدى. بۇ سىلىگە ئايان.

بوزاغۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى جامنىمۇ بوشاتتى. قىمارنىڭكەمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىچتى.

— ماڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ بىر قۇل قىزنى سۆيۈنچە ئالماقچى ئىدىلە. شۇم خەۋەر ئېلىپ كەپتىلا. شۇنداق بولسىمۇ، مەن لەۋزىمدىن يېنىۋالمايمەن، ئۆتكەن ھەپتە يۈز تىللاغا چاڭئەندىن كەلگەن سودىگەردىن بىر قىزنى سېتىۋالدىم. ناھايىتى ئۈز، چۆرە قىلىۋالسىلا.

— ھېلىقى قارا زەڭگىدىن بىزار بولدۇم، ئۇكام. قېنى مەن بىر كۆرەي، — بوزاغۇ يەنە بىر جام شارابنى ئىچمۇەتتى.

— ئۇ چاڭئەنلىك قىز كارامەت ساھىبجامال ئىكەن. ئۇنى كۆرۈشتىن بۇرۇن ماڭا، بۇ دورەم خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ۋەدە بەرگىن، — ئۇ «سەن» لەپ سۆزلەپ بوزاغۇنى ۋەدە بېرىشكە قىستىدى.

بوزاغۇ يۈگلۈق مەيدىسىگە ئۇردى:

— بۇ قېتىم جەزمەن خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن. مۇبادا خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلەلمىسەم، ماڭا قىز ئەمەس، ئەجەل سوۋغا قىلغايلا ئۇكام.

— بولىدۇ ئاكا، ئەمىسە گېپىمىز گەپ بولسۇن، ئاكا...

بوزاغۇ ئەتىسى ھوشۇربەگنى ئۆيىگە چاقىردى. ئىككىسى ئۇزاققىچە كۇسۇرلىشىپ گەپلىرىنى پىشۇرۇشتى. بوزاغۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئون كۇمۇش يامبۇ، ئەللىك تىللا قويۇپ كۆڭلى تىنغان ھالدا ئۇزىتىپ قويدى.

ئۇ شۇ كۈندىن تارتىپ ھوشۇربەگدىن داۋاملىق ئەھۋال ئۇقۇشۇپ تۇردى. ئەنجۇرنىڭ ئۈچىنچى پىششىقىدا كۈتكەن

خەۋەرگە ئېرىشتى: بوزاغۇ كەچقۇرۇن ئوردىدىن ئۆيگە كېلىپ تۇرۇۋىدى، غۇلامى ھوشۇربەگنىڭ كەلگىنىنى خەۋەر قىلدى. بوزاغۇ ئۇنى خانىسىغا باشلاپ كىردى.

— يۇغرۇش باشى جانابلىرى، بەگيۇسۇپنىڭ مەھمۇد تېگىن ئارقىلىق مۇھەممەد ئارسلانخانغا يازغان مەكتۇپىنى قولغا چۈشۈردۇم، — دېدى ئۇ يېكەندازدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ.

— ماڭا بېرىڭ، تېز! ... — بوزاغۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

بوزاغۇ لېپاپتىن سەمەرقەنتنىڭ پاتلىق قەغەزىگە يېزىلغان خەتنى ئالدى. ئولتۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرمەي ئوقۇپ چىقتى. ئوقۇغانسېرى چىرايى تاتىرىپ، ئاخىرىدا زورۇقۇپ كۈلدى.

— ناھايىتى ياخشى قىلىپسىز، ھوشۇربەگ. بۇغرا قاراخان بۇ مەكتۇپنى كۆرسە بىزنى تىرىك قالدۇرمايدۇ. بۇنى قانداق قولغا چۈشۈردىڭىز؟

— بۈگۈن چۈش مەزگىلىدە، — دەپ گەپ باشلىدى ھوشۇربەگ، — شىمالىي قوۋۇقتىكى دەرۋازىۋەنلەر بىلەن گۈزەردىكى بىر ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقانىدۇق، قاراۋۇللار بىرقانچە سودىگەرلەرنىڭ كەلگىنى توغرىسىدا بىزگە خەۋەر يەتكۈزدى. دەرھال دەرۋازا ئالدىغا كەلدىم. كەلگەنلەر تۆگە، قېچىرلارغا مال ئارتقان ئون نەچچە سودىگەر ئىكەن. ئۇلارنى دەرۋازىۋەنلەرنىڭ دەم ئالىدىغان خانىسىغا باشلاپ قويۇپ، ماللىرىنى تەكشۈردۇق. ھەممىسى ئېسىل ماللار ئىكەن. بىراق، ماللارنىڭ ئارىسىدىن ئىزدىگىنىمىز تېپىلمىدى. «جانابلار، خاپا بولماڭلار، زەھەر بارمۇ - يوق؟ تەكشۈرۈپ كۆرىمىز. بۇ بۇغرا قاراخاننىڭ ئەمرى» دەپ ئاختۇرۇۋىدۇق، ئاداي دېگەن قۇزئوردۇلۇق كاتتا سودىگەرنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن بۇ مەكتۇپ چىقتى. ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭ يانچۇقىغا تۇيدۇرماي بىر شېشە زەھەر سېلىپ قويۇپ، ئۇنى تېپىۋالغان بولدۇق. باشقا سودىگەرلەرنى قويۇۋېتىپ، ئۇنى تۇتۇپ قالدۇق. «ماڭا تۆھمەت قىلماڭلار!» دەپ جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق قىلدى. پۇت -

قولىنىڭ پەيلىرىنى كېسىۋېتىپ، قوۋۇقنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى قازناققا قاماپ قويدۇق.

— ھە ! — ئويلىنىپ قالغان بوزاغۇ ساقىلىنى سىلىدى، — بۇنى كىشىلەر بىلىپ كەتسە، بىزگە ياخشىلىق يوق. بۈگۈن كېچىدىن قالدۇرماي ئادايىنى تاغارغا سېلىپ تۈمەن دەرياسىغا تاشلاتقۇزۇۋېتىڭ، ھەرگىز بىخەستەلىك قىلماڭ!

— خوپ، يۇغرۇش باشى، تىۋشىنى چىقارماي ئۇنى بېلىقلارغا يەم قىلىۋېتىمىز، ئەمدى خەۋپ تۈگىگەندۇ؟

— ياق، ھوشۇربەگ، ئەمدى قوزئوردۇدىن كەلگەن ئەشكىنچى ـ چاپارمەنلەرگە كۆز ـ قۇلاق بولۇڭ، ئۇلار بىلەن ئاۋۋال مەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك.

— خوپ يۇغرۇش باشى، دېگەنلىرىنى بەجانىدىل ئادا قىلىمەن !

### 3

مىس قازان ئاستا قايناۋاتتى. ئوچاقتىكى جىگدە ئوتۇنىنىڭ قىپقىزىل چوغلىرى ياقۇتتەك جۇلالايتتى. بۇۋۇئايىشە دورا قاينىتىۋاتاتتى. دىلداربىكە دېرىزىگە تاقاپ قويۇلغان شىرە ئالدىدا دورا تەڭشەۋاتاتتى.

ئۇلار ھەر ئاخشام ياتقۇچە دورا تەييارلايتتى. قىش كىرگەندىن بېرى كېسەل كۆپىيىۋاتاتتى. بارسغان، ئىسپىجاپ، شاش، سەمەرقەنت، بۇخارا، ھەتتا مەرۋى شاھ جاھان قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ كېسەللەر كېلىشكە باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆپى خوتۇن ـ قىزلار ئىدى. دىلدارىبكە يېڭى كەلگەندە ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم دورا تەييارلايتتى، ھازىر ھەر ئاخشام تەييارلاپ قويمىسا دورا يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— چارچاپ قالدىلا، ئۇكام. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئەمدى ئۆيلىرىگە قايتىپ ئارام ئالسىلا، مەخدۇم ئاكاملار يوللىرىغا قاراپ

قالمىسۇن، — دېدى كۇمىلاچ دورىنى قەغەزگە ئوراۋاتقان دىلدارىبكە.

— تېخى بالدۇر ئاغىچا خېنىم ئاچا. سىلىگە ياردەملەشكەچ، ئوبدانراق ئۆگىنىۋالاي دەيمەن. سىلى كەتسىلە كىمدىن ئۆگىنىمەن؟ — دېدى بۇۋىئايىشە قىلىۋاتقان ئىشىدىن كۆز ئۈزمەي.

— ئادەم داۋالاش — ئاخىرىغا يەتكىلى بولمايدىغان بىلىك. ئۆگەنگەنسېرى دېڭىزغا چۆشكەن غەۋۋاستەك، ئۇلۇغ ئېقىن تەھدىتىدىكى ئۇنچە - مەرۋايىتلارنى كۆپرەك سۈزۈۋالغۇسى كېلىدۇ. ئەمما، ئېرىشكىنى هامان ئاز كۆرۈنۈپ، يەنە شۇڭغۇغۇسى كېلىدۇ، سىڭلىم، — دېدى دىلدارىبكە بۇۋىئايىشەنى كېتىشكە ئارتۇقچە زورلىماي.

دىلدارىبكەنىڭ بالاساغۇنغا كەلگەندىن بېرى ئۆگىنىۋاتقان شاگىرتى ئوندىن ئاشقانىدى. بۇۋىئايىشە ئېغىر - يېنىك كېسەللەرنى كۆرۈپ، دورا بېرىپ داۋالىيالايدىغان هالەتكە قەشقەردىلا يەتكەن. هازىر ئۈزىمۇ ئۇستاز بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دىلدارىبكەدىن ئۆگىنىشنى بىرەر دەقىقىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىدى.

بۇۋىئايىشە تەييارلىغان دورىلىرىنى دىلدارىبكە بىلەن بىللە ئوراشقا باشلىدى.

— ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم، مېهمان كەلگەنىكەن، ئايۋانغا باشلاپ قويدۇق. ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن، — دېدى كىرگەن خىزمەتكار ئايال.

«بەگيۈسۈپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ، تېخى تۈنۈگۈن كېلىپ كەتكەنىدى. كېچىدە نېمە ئىش بىلەن كەلگەندۇ؟»، دىلدارىبكە كۇمىلاچ دورىلارنى قەغەزگە ئېلىپ يۆگەپ قويدى - دە:

— سىڭلىم، چىقىپ باقايلى، ئاتلىرى كەلگەندەك تۇرىدۇ، — دەپ ماڭدى.

ئۇلار ئايۋانغا چىقتى. بۇۋىئايىشە ئاتىسىنىڭ يېنىدا

ئولتۇرغان بەگتاش خېلىلىنى كۆرۈپ رومىلى بىلەن يۈزىنى توسۇدى.

دىلداربىكە ئاكىسىغا سالام قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ هال ـ ئەهۋالىنى سورىدى. بەگتاش خېلىل ھەممەيلەننىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى يەتكۈزۈپ دېدى.

— ئاتا ـ ئانام سىلىنى سېغىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، سىڭلىم. يالغۇز بىر قىز بولغانلىرى ئۈچۈنمۇ، نېمىشقا بىللە ئېلىپ كەلمىدىڭ، دەپ تاپا ـ تەنە قىلىپ قۇلاق ـ مېڭەمنى يېشىۋەتتى.

— مېنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئابالىرىم سىلىنى ئالايىتەن ئەۋەتىپتۇ ـ دە، يولدا تازا جاپا تارتقانلا، قارىسىلا، قۇزئوردۇدا تېخىچە قار يېغىۋاتىدۇ.

— ئوردۇكەنتتە هاۋا خېلى ئىللىپ قالدى، سىڭلىم. لېكىن، مەن سىلىنى ياندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈنلا قۇزئوردۇغا كەلگىنىم يوق.

— نېمە، بىر ئىش بولدىمۇ، ئاكا؟ — يۈرىكى ئاغرىغاندەك بولۇپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان دىلداربىكە رومال ئاستىدىن ياداپ قالغان ئاكىسىغا قارىدى.

— سىڭلىم، سىلى ۋە دوستۇم، ئۇستازىم بەگيۈسۈپكە ھەمراھ بولۇپ، قۇزئوردۇغا كېلىپ ـ كەتكۈچە باشتىن كۆچۈرگەنلىرىم ئۆمرۈمگە كۈپايە قىلىدۇ، دەپ قاراپتىمەن. تېخى كۆرىدىغانلىرىم بار ئوخشايدۇ. يەنە قۇزئوردۇغا كېلىش تەقدىر پېشانەمگە يېزىلغانىكەن.

— نېمە بولدى ئاكا، يەڭگەمدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالغاچقا، قۇزئوردۇغا يەنە بارغىلىرى كېلىپ قالغاندۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە سەۋەب بولسۇن؟ — دېدى دىلداربىكە تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن. ئۇنىڭ ئىككى يىل بۇرۇن تۇغۇتىدا ۋاپات بولغان يەڭگىسى يادىغا چۈشكەنىدى.

— ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم سەۋەب بار، — بەگتاش خېلىل ئاستا

سۆزگە كىرىشتى، — سىڭلىم، سىلى بىلەن خوشلىشىپ، قۇزئوردۇدىن ئۇزاپ ماڭغاندىن كېيىن، سەپىرىمىز بىر كارۋان بولۇپ ماڭماي، بۆلۈنۈپ مېڭىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، ئىلگىرى - كېيىن يولغا چۈشتۇق. مەن ئون نەچچە ھەمراھىم ھەم بەگيۈسۈپنىڭ خاس غۇلامى ئاداي بىلەن ئوردۇكەنتكە چۈش ۋاقتىدا يېتىپ كەلدۇق. شىمالىي قوۋۇقتىن كىرىۋىدۇق. دەرۋازىۋەنلەر توسۇپ تەكشۈردى. سورىساق، «زەھەر بارمۇ - يوق، بىلمەكچىمىز»، دەپ يانچۇقلىرىمىزنى قويماي ئاختۇردى. «مانا، زەھەر چىقتى» دەپ، ئىنىمىز ئادايىنىڭ يانچۇقىدىن بىر كىچىك قۇتىنى ئالدى. بىزنى قويۇپ بېرىپ، ئۇنى ئېلىپ قالدى. ئاداي ئەتىسى كەلمىدى. مەن شىمالىي قوۋۇققا باردىم. قوۋۇقچىلار «سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىنلا كەتكەنىدى ...» دەپ مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ كەلمىدى. مەن يەنە شىمالىي قوۋۇققا بېرىپ سۈرۈشتۈرسەم، قوۋۇقچىلار يەنە شۇ جاۋابنى بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ يەردىن ئادايىنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدىم. ئۇستازىم ھۈسەيىن پەزلۇللا غوجامنىڭ مەسلىھەتى بىلەن مەھمۇد تېگىننىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتىم. شاھزادە، سۈرۈشتۈرۈپ جاۋابىنى بېرىدىغان بولدى. ئىككى كۈندىن كېيىن بارسام، مەھمۇد تېگىنمۇ دېرىكىنى ئالالماپتۇ ... شۇنداق قىلىپ ئاداي ئۇن - تىنسىز يوقاپ كەتتى. ئىككى ئاي ئۆتتى، يەنە خەۋەر بولمىدى، ئاتامغا ئېيتىپ، مەھمۇد تېگىننىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ، چىللىنىڭ ئۆتۈشىگە ئىككى غۇلام بىلەن يولغا چىققانىدىم. بۇگۈن كەچقۇرۇن سالامەت قۇزئوردۇغا يېتىپ كېلىپ بەگيۈسۈپ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئەھۋالدىن ۋاقىپلاندۇردۇم. ئاداي قۇزئوردۇغىمۇ كەلمەپتۇ. ئۇستازىم بەگيۈسۈپ ئالدىدا، ساۋاقداشلىق، دوستلۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىغىنىم ئۈچۈن ناھايىتى خىجىل بولدۇق، سىلىنى سورىسام بۇ يەرگە باشلاپ كەلدى ...

— ئادايىنىڭ يوقىلىپ كەتكىنى يامان بوپتۇ. ئۇ ناھايىتى

مۇھىم بىر مەكتۇپنى ئېلىپ كەتكەنىدى، — دېدى خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بەگيۇسۇپكە كۆز سالغان دىلدارىبىكە.

— ئادىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كېتىشىگە سىلى ئەيىبلىك ئەمەس، بۇرادىرىم، — دېدى بەگيۇسۇپ ئېغىر تىن ئېلىپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ بوزاغۇنىڭ سۇيىقەستىدەك قىلىدۇ. ئۇ قوۋۇقچىلارغا گۇمانلىق ئادەملەرنى ئاختۇرۇڭلار، دەپ بۇيرۇق بەرگەن. زەھەر تېپىۋېلىش — بۇ بىر ھىيلە. ئەسلىي مۇددىئا مەكتۇپنى قولغا چۈشۈرۈش.

ئادىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن چىققان مەكتۇپنى ھوشۇربەگنىڭ يەنە ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالغان بەگتاش خېلىل بۇنىڭ كۆز بويامچىلىق ئىكەنلىكىنى، زەھەر سېلىنغان قۇتىنىڭ ھەقىقەتەن بىر تۇزاق ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— مەن بەك بىخەستەلىك قىلىپتىمەن، دوستۇم. ھەمراھىمنىڭ قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇچۇپ كەتكەن قۇشتەكلا كېتىپ قاپتىمەن. ئەسلىدە ئۇنىڭدىن ئايرىلماسلىقىم كېرەك ئىكەن. دوستۇم، سىلىگە يۈز كېلەلمەيمەن، — دېدى ئۇ پۇشايمان قىلىپ.

— ئەگەر سىلى ئادايغا بولۇشۇپ، قوۋۇقچىلار بىلەن قارشىلاشقان بولسىلا، ئاداي بىلەن بىللە يوقاپ كېتەتتىلە، دوستۇم. ئۇ چاغدا ئىككىڭلاردىن ئايرىلىپ قالاتتۇق. قوۋۇقچىلارنىڭ سىلىنى كەتكۈزۈۋەتكىنى، سىلى ئۈچۈنمۇ، بىز ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بوپتۇ. دوستۇم، قىزئوردۇغا كەلگەنلىرى دىلدارىبىكە ئۈچۈنمۇ، بىز ئۈچۈنمۇ قۇتلۇق قەدەم بولدى. بىلدۇقكى، خانلىقىمىزنى ئاغدۇرماقچى بولغانلارنىڭ كۈچىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن. ئۇلار بۇغرا قاراخان ئوردىسىدىمۇ، ئېلىكخانلار سارىيىدىمۇ يىلتىز تارتقان. بۇ ھەقتە ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بىلەن تونۇگۈن ئۇزاق پىكىرلەشكەنىدىم. ئۇ تاغىسى مۇھەممەد ئارسلانخانغا يازغان مەكتۇپىدىمۇ، مېنىڭ يازغىنىمدىمۇ ئۇمىدۋار ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. مانا ئەمدى

مەلۇم بولدىكى، مېنىڭ مەكتۇپىم دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. ئىلىكخاننىڭ مەكتۇپىنىڭمۇ بۇغرا قاراخانغا تېگىشى گۇمانلىق بولۇپ قالدى. بۇ توغرۇلۇق ئەتە ئىلىكخان بىلەن يەنە سۆزلىشىدىغان بولدۇم ...

# 4

شەرقتىن تۇرۇلۇپ كەلگەن قارا بۇلۇتلار بىردەمدىلا كۆكنى قاپلاپ، شارىلداپ ياغقان يامغۇر ئاۋۋال قارغا، ئاندىن مۆلدۈرگە ئايلىنىپ كەتتى. قىش قايتا باشلانغاندەك ئىككى كۈن جۇدۇن بولۇپ، هاۋا قايتا ئېچىلدى. «هۇت — جۇت» دېگەن شۇ. ئاشانىبۇقا پۈتۈن جەمەتى بىلەن باغقا ئىشلەشكە چىقتى. ئۇ «هۇت، كەتمەن سىپىنى چىڭ تۇت!» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. مېۋە دەرەخلىرىنىڭ تۈۋىنى بوشاتتى، ئېرىق چېپىپ، سۇغىرىشقا تەييار قىلىپ قويدى. كېيىن ھەممە ئوغۇللىرىنى باشلاپ بىرىپ مەرھۇم بەگتۆمۈرنىڭ بېغىدا ئىشلىشىپ بەردى، بەگيۈسۈپ:

— ئاتا، سىلىنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلىرى كۆپ، ئاۋارە بولمىسىلا، بۇ باغنى پەرۋىش قىلىشقا بىز يېتىشىمىز، — دېسىمۇ ئۇنىماي، خاپا بولغاندەك قىلىپ دېدى:

— غوجام بالام، بۇ نېمە دېگەنلىرى. بوۋىلىرى ھايات چېغىدا رىشتىم چىگىلگەن، مېھرىم چۈشكەن بۇ باغقا يىلدا بىر - ئىككى قېتىم تەر تۆكمىسەم، كۆڭلۈم كۆڭ بولمايدۇ. سىلى بەك ئالدىراش، پۈتۈن ئەلنىڭ غېمىنى يەۋاتىدىلا، غوجام بالام، بۇ باغنىڭ ئىشىنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە...

بەگيۈسۈپ ئۇنى توسۇمىدى. بەگتاش خېلىل كەلگەندىن بۇيان، ئۇنىڭ ئەس - يادى قەشقەردە بولۇپ قالغانىدى. «ئىلىكخاننىڭ مەكتۇپى مۇھەممەد ئارسلانخانغا تەگكەنمىدۇ؟ بوزاغۇنىڭ قەستىدىن خەۋەر تاپالارمۇ؟ مەھمۇد تېگىن بۇ

توغرۇلۇق بوۋىسىغا ئېيتماي قالمايدۇ. گەپ بۇغرا قاراخانىنىڭ ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىكىدە. ئېلىكخانىنىڭ مەكتۇپى تەگكەن ـ تەگمىگەن بولسۇن، ئۇنى كۆتۈپ تۇرماي، بەگتاش خېلىلدىن يەنە بىر مەكتۇپ ئەۋەتىش كېرەك ...» دېگەن ئويغا كەلدى.

بەگيۇسۇپ بەگتاش خېلىل كېلىپ ئۇچىنچى كۈنى ئۇنى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخان بىلەن كۆرۈشتۇرگەنىدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئېلىكخان ھەيران بولدى ھەم غەزەپلەندى. دەرھال مەكتۇپ بىلەن ئەشكىنچى ئەۋەتمەكچى بولۇۋىدى، بەگيۇسۇپ:

— ئۆتكەندە ئەۋەتكەن ئەشكىنچى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسا، بۇ قېتىم ئەۋەتكەن ئەشكىنچىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماي قالمايدۇ. ئېھتىيات بىلەن تەدبىر قوللىنىشىمىز لازىم. مەكتۇپنى بەگتاش خېلىلدىن ئەۋەتەيلى. ئۇ ئوردۇكەنتتىن تىجارەت ئۈچۈن ئۇدۇنغا بارىمەن، دەپ يولغا چىققانىكەن. قايتىپ بارغىنىدا يەنە ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرمەكچى، — دەپ ئېلىكخاننى ماقۇل قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشمىدى.

بۈگۈن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخانىنىڭ نامىدا يېزىلغان مەكتۇپنى ئالغان بەگيۇسۇپ ئۆيگە كەلگەندە كۈن تىكلەشكەنىدى. دىلدارىكەمۇ ھەممە شاگىرت ـ خىزمەتچىلىرى بىلەن كەلدى. ئۇ ئەتە ئاكىسى بىلەن يولغا چىقاتتى.

ئۆزىنىڭ ۋە ئادارنىڭ بالىلىرى بىلەن ئىشلەۋاتقان ئاشانبۇقا باغدىن چىقتى. بەگيۇسۇپنىڭ قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسى بۇۋئايىشە بىللە كېلىشتى، بەگتۇرمىش ئارازان ئاغىچىنى ئېلىپ كەلدى. ئاخىرىدا ئايسىلىگ، ئارچۇن، ئەربۇقا پەتھىدىنلەر بالىلىرى بىلەن كېلىشتى. ھەممەيلەن ئىچكىرى ھويلىدىكى بەگبۇقىنىڭ سارىيىغا كىرىپ ئورۇن ئېلىشتى. قولغا سۇ بېرىلىپ، داستىخان سېلىندى. ھەممىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئادارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بەگيۇسۇپ مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى:

— ھۆرمەتلىك تۇغقانلار، مەرھۇم بوۋامنىڭ بۇ سارىيىغا تويي، مۇسىبەت بولغان چاغلاردا جەم بولاتتۇق، بۇ قېتىم قان - قېرىنداشىمىز، ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم ۋە بۇرادىرىم بەگتاش خېلىلىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن جەم بولدۇق. دىلدار ئاغىچا ئۆتكەن يىلى قۇزئوردۇغا كەلگەندىن بۇيان نۇرغۇن بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتتى، ئىش بىلەن بولۇپ زادىلا ئارام ئالالمىدى. لېكىن، بىز ياخشى كۈتەلمىدۇق، بۇنىڭدىن كۆڭلىمىز يېرىم ... — بەگيۇسۇپنىڭ ئويچان، يېقىملىق چېھرىدىن سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى. رومال ئىچىدە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان دىلداربىكەنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىۋالغانىدى. «بەگيۇسۇپ ئېغىزىدا خوشلىشىۋاتقان بىلەن، كېتىشىمنى ھەرگىز خالىمايدىغانلىقى غەمكىن قاراشلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. خوتۇنىنىڭ قازا قىلىشى ئۇنىڭ پېقىرە بىلەن نىكاھلىنىشى ئۈچۈن تەقدىر ئورۇنلاشتۇرغان قىسمەتمىدۇ ياكى بۇنىڭدا باشقا ھېكمەت بارمىدۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن يەنە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، ئوردۇكەنتكە كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن؟ ئادەم نېمىشقا ئۆز ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ؟ مەن نېمىشقا بەگيۇسۇپكە سىلىنى ياخشى كۆرىمەن، مېنى كەتكۈزۈۋەتمەي ئېلىپ قالسىلا، دېيەلمەيمەن؟ مېنىڭ ئوردۇكەنتكە كېتىشىم بەگيۇسۇپتىن ئۆمۈرلۈك ئايرىلىش ئۈچۈنمۇ؟ ...» دېگەن سوئاللار بىئارام كۆڭۈل قېتىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كۆزلىرىدىن تامچىلاۋاتاتتى ...

دىلداربىكە بىلەن بەگتاش خېلىلىنى ئۇزىتىش كەچ كىرگۈچە داۋاملاشتى.

بۇۋىئايشە قېيىنئانىسى، بۇدراچ موماي، ئارازان ئاغىچىغا مومىسىنىڭ ئۆيىدە ئورۇن راسلاپ بېرىپ، دىلداربىكەنى ئانىسىنىڭ خانىسىغا باشلىدى.

— مېنىڭ سىلىدىن زادى ئايرىلغۇم يوق ئاغىچا خېنىم ئاچا، — دېدى ئۇ ھەسرەتلىك ئاۋاز بىلەن ئۇستازىنىڭ

رومىلىنى بېشىدىن ئېلىپ.

— مېنىڭمۇ شۇنداق، ئەمما كەتمىسەم بولمايدۇ، — دىلدارىبكە بۇۋىئايىشەنى ئاستا تارتىپ قۇچاقلىدى.

— ئاتام بەك يالغۇز ، مېنىڭمۇ، ئۇكامنىڭمۇ سىلىنى ئانا قىلىۋالغۇمىز بار ئىدى ... — بۇۋىئايىشە ئۇنىڭ قاپقارا بولۇق چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، كۆڭۈل قېتىدىكى ئارزۇسىنى ئاخىرى ئېيتتى، — سىلى ئابامدەك ئاق كۆڭۈل ھەم چىرايلىق، مەن سىلىگە بەك ئىچەركەپ كېتىپتىكەنمەن. كېتىپ قالسىلا ماڭا ئۇۋال بولىدۇ.

دىلدارىبكە بۇۋىئايىشەنىڭ مۆڭلۈق كۆزلىرىدىكى سىمابتەك لىغىلداپ تۇرغان ياشنى قولى بىلەن سۈرتتى. ئاسقۇدىكى ئەتلەس كۆڭلەك، چېچەك گۈللۈك ئاق ھىلھىلە رومالغا قاراپ:

— قىزىم، ئاۋۇ كۆڭلەك، رومال ئاقىرا خېنىمنىڭ ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ «قىزىم» دېگەن سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى.

— ھەئە، ئابامنىڭ. بۇ كۆڭلەك، رومالLAR ئانىمىزنىڭ ھىدىنى بېرىدىكەن ... شۇڭا ئاسقۇدىن ئېلىۋېتىشكە قولىمىز بارمايدۇ ...

— شۇنداق ... قىزىم، ئۇلارنى ئېلىۋەتمەڭ ... بۇ ئورۇننى ئىگىلىمەكمۇ تەس ...

بۇۋىئايىشە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى:

— ئابام تۈگەپ كەتتى، بېشىمىزنى تاشقا ئۇرساقمۇ قايتىپ كەلمەيدۇ، بۇنى بىلىمەن، لېكىن ماڭا، ئىنىمغا ئانا بولمىسا بولمايدۇ. ئاتام يالغۇزچىلىقتىن تۈگىشىپ كېتىدۇ.

دىلدارىبكە ئۇنىڭ يامغۇردەك تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، مەڭزىنى ـ مەڭزىگە ياقتى.

— ئۇنداق دېمىسىلە بالام، تەقدىر، ئىرادە شۇنداق ئىكەن. خۇدايىم ئىرادە قىلغان ئىشقا كۆنمەستىن ئىلاجىمىز يوق.

— مېنى بالام، قىزىم دېدىلە ئاچا، مەن ھەمىشە شۇنداق دەپ

چاقىرىشلىرىنى ئارزۇ قىلىمەن، — بۇۋئايىشە خۇددى كىچىك بالىدەك ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى.

— مەن شۇنداق دېدىممۇ؟ شۇنداق بولغان بولسا ... ئەپسۇس ... — دىلدارىبكەنىڭ كۆزلىرى يەنە ئاسقۇدىكى رومال، كۆڭلەككە تىكىلدى.

— مەن سىلىنىڭ ئەپسۇسلىنىشلىرىنى خالىمايمەن، بالام، قىزىم، دەپ چاقىرىشلىرىنى خالايمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇرغان بۇۋئايىشە رومال، كۆڭلەكنى ئاسقۇدىن ئېلىپ، بولۇڭدىكى ساندۇققا سېلىپ قويدى.

— بالام، تۇرىۋەرسۇن، بولمىسا ئاتىلىرى ئىزدەپ قالىدۇ، — دېدى دىلدارىبكە ئۇھ تارتىپ.

— بۇ رومال بىلەن كۆڭلەك كۆزگە كۆرۈنۈپ ئاسقۇدا تۇرىۋەرسە، ئاتىمىزنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ كۆز يېشىمىز قۇرۇمايدىكەن، باشقا ئانىنىمۇ بۇ ئۆيگە ئېلىپ كىرەلمەيدىكەنمىز، ئابا.

دىلدارىبكە جىم بولۇپ قالدى. بۇۋئايىشەنىڭ «ئابا» دەپ ئاتىشى ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتكەنىدى.

ئۇلار سۆزلىرىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئۇخلاپ قېلىشتى.

بەگيۇسۇپ تېخىچە ئۇخلىمىغانىدى، ئاقىبىرانىڭ قانغا بويىلىپ ياتقان ھالىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋالغانىدى. «ئاجايىپ نازاكەتلىك، پەزىلەتلىك ئانا ئىدى، ئەجەب ئايرىلىپ قالدىم. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان خوتۇن بارمىدۇ؟ ...» ئۇنىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ، كۆز ئالدىغا دىلدارىبكە كەلدى. ئۇنىڭ چاھقا ئېڭىشكەن چاغدىكى سىيماسى نامايان بولۇپ، كۆڭۈل تارى چېكىلدى: «دىلدارىبكە قەيسەر، خىسلەتلىك ئايال، ئاقىبىرانىڭ ئورنىنى پەقەت شۇلا باسالايدۇ. ئەمما، ئۇ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. قىزىم ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغانىدى ...»

بامدات نامىزىدىن كېيىن ھەممەيلەن يەنە بەگيۇقىنىڭ

سارىيىغا يىغىلىپ چاي ئىچىشتى. بەگىيوسىۋپىنىڭ گېلىدىن چايدىن باشقا نەرسە ئۆتمىدى.

دۈئا قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشقاندا كۈنمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. بەگىيوسىۋپ، ئاشانبۇقا كۆل بويىدا توختاپ ئاقيول تىلەپ يەنە دۈئا قىلىشتى. ئىشىك ئالدىغا چىققاندا تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ئۇزاتقۇچىلار كوچىغا تولۇپ كەتتى. بەگىيوسىۋپ بەگتاش خىلىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ئات مىندۈرۈپ تون ياپتى. دىلدارىبىكەگە مەۋلانا ئىبىن سىنانىڭ «كىتابۇش شىپا»[1]، «ئەلقانۇن فىت تىب»[2] ناملىق ئىككى كىتابىنى ئىككى تاي يىپەك رەخت بىلەن يوللۇق تۇتتى. شەھەر سىرتىدىن يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بىرىپ ئۇزاتتى. بۇۋىئايىشە ۋە بەگتۇرمىش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردى. يۈرىكى سۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك بولۇپ، مەيدىسىنى تۇتۇپ قالدى ...

---

① «كىتابۇش شىپا» ــ شىپا بولىدىغان كىتاب.

② «ئەلقانۇن فىت تىب» ــ كېسەل داۋالاشنىڭ قانۇنىيەتلىرى.

توققۇزىنچى باب

# ھۈسەيىن ئارسلانخان

## 1

بارسغان — بەدەلئارت داۋىنىنىڭ غەربى، ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى گۈلچىمەنلىك تۆپىلىكتە، پەشتاق - گۈمبەزلىرى، ئاۋات بازارلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان قەدىمكى شەھەر. يىللار، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بارسغان قەلئەسى كۆركەم، كۆجۈم شەھەرگە ئايلانغان. قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ گۈللەنگەنىدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان بۇ شەھەرگە ئېلىكخان بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ قەشقەر ئوپالدا تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن تېگىن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇ ئون تۆت ياشقا كىرگۈچە بۇ يەردە تۇردى. بارسغاندىكى خانلىق مەدرىسەدە ئەرەب، پارسچىنى ئۆگەندى. قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىقتا تەڭتۇشلىرىغا بوي بەرمەيدىغان ھالغا كەلدى. ھۈسەيىن تېگىن ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان يىلى، بوۋىسىنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئاتا - ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ قەشقەرگە كەلدى ۋە ئۆزلىرىگە سۆيۈرغال قىلىپ بېرىلگەن ئوپال دىيارىنىڭ ئازىق كەنتىدە تۇردى. شۇ يەرلىك مۆتىۋەر ئائىلىدىن بولغان ساھىبجامال، بىلىملىك قىزغا ئۆيلىنىپ ئۇنىڭدىن مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلدى. ئاتىسى ئېلىكخان بولۇپ تالاسقا كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئوپال دىيارىدا تۇرۇۋاتقان سىپاھلارغا سەردار بولدى. ئوغلى مەھمۇد تېگىن پۈتۈن ئىشقىنى ئانا تىلىغا بەرگەنىدى. ئورخۇن، سوغدى يېزىقلىرىنى پىششىق

ئۆگەندى. بالا ۋاقتىدىن باشلاپ نۇرغۇن قوشاق - بېيىتلەرنى يادلىدى. ئۇنىڭ قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى. ئۇ ساچىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇشقا باشلىغاندا زامانىسىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپتىن دەرس ئالدى ۋە بەگيۇسۇپ بىلەن ئەنە شۇ ئۇستازىنىڭ بېغىدا دوستلاشتى ...

ھۈسەيىن ئارسلانخان بۇ ئوغلىنى ئالىپ سەركەردە قىلىپ يېتىشتۈرۈش نىيىتىدە ئىدى. مەھمۇد تېگىن بولسا يېتۈك ئالىم بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھۈسەيىن ئارسلانخان بارسغانغا ئېلىكخان بولۇپ ماڭغاندا، مەھمۇد تېگىننىڭ بىللە بېرىشقا ئۇنىماي «بىلىك ئۆگىنىمەن» دەپ قەشقەردە قېلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ناھايىتى يېرىم قىلغانىدى ... ئۇزاققا بارماي، ئۇ تۈرك قوۋملىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئىلى - ئېرتىش، سىر، چۇ دەريا ۋادىلىرى، ئېدىل ۋادىلىرى، بالقاش بويلىرىنى كېزىپ چىقىپ كىتاب يېزىشقا تۇتۇش قىلدى. ھۈسەيىن ئارسلانخان ئوغلىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ يەنە بارسغانغا ئېلىكخان بولۇپ كەتتى، ماڭىدىغان چاغدا مەھمۇد تېگىنگە بىللە كېتەيلى دەپمۇ قويمىدى ...

ھۈسەيىن ئارسلانخان بارسغانغا كەلگەندىن كېيىن، كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىدى، ئاۋامغا كۆيۈندى، ئەلنىڭ غېمىنى يېدى، شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ھۆرمەت - ئالقىشىغا ئېرىشتى. بارسغان شەھىرى كۈندىن - كۈنگە ئاۋاتلاشتى. غەربتە رۇم، مىسىر، باغدات، تېھران، نىشاپۇر، سەمەرقەنت، بۇخارا، مەرۋى شاھ جاھاندىن، شەرقتە چاڭئەن، لىيالىڭ، ئىدىقۇت، بەشبالىق، مىڭلاق، ئۇدۇن، بارچۇق شەھەرلىرىدىن كېلىپ - كېتىپ تۇرغان كارۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. ھۈسەيىن ئارسلانخان ئادىل شاھ بولۇپ تونۇلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى. چۈنكى، ئوغلىدىن خەت - خەۋەر كەلمەيتتى.

ئۇ بۈگۈن ھەرەمدىن ئوردىغا چىقىپ تۇرۇشىغا قەشقەردىن

كەلگەن ئەشكىنچى ئۇنىڭغا بۇغرا قاراخانىنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇردى. ئۇ سارايغا كىرىپ، ئىشىكئاغىسىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇپ مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى:

«ئايغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن
بارسغان دىيارىنىڭ ئېلىكخانى
ھۆسەيىن ئارسلانخانغا:

يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ئوغلۇم، يېقىندىن بۇيان ئالىپ مۇھەممەد ئارسلانخان ئاتىلىرى تۆمۈر قەپەسكە سولاپ قويۇلغان شىرغا ئوخشاپ قالدى. بىر تەرەپتە مەرھۇم ئاكام سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بالىچاقىلىرى ۋە بەگيۇسۇپنىڭ ئادەملىرى مېنى ھە دەپ، قانداقتۇر بالايىئاپەتلىك خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنى خانلىقىمىزغا ساداقەتمەن قىلىپ كۆرسەتمەكتە. يەنە بىر تەرەپتە يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى قارىلاپ، ئۆزلىرىنى بىز بۇغرا قاراخانىنىڭ ئىخلاسمەن قوغدىغۇچىلىرى، دەۋاتىدۇ. كىمگە ئىشىنىشىمنى بىلمەي قالدىم. ياشانغان چېغىمدا ھەممىيلەن مېنى ئالداۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى، بالام. سىلى ۋەلىئەھدى، بىردىنبىر ئىشىنىدىغان يۆلەنچۈكۈم، راستىمنى دېسەم، سىلىدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيمەن. بەزى ئەھۋاللارنى ئوچۇق يېزىشقا ئەپسىز بولىغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەكتۇپكە پۈتمىدىم. ئەھۋالنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆڭلۈم سېزىپ تۇرۇۋاتىدۇ. خۇدا خالىسا، تاجۇتەختنى سىلىگە ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇخلاۋاتقان بولسىلا، ئۇيقۇلىرىنى ئاچسىلا، ئولتۇرغان بولسىلىرى دەس قوپسىلا، تۇرغان بولسىلىرى دەرمەھەل ئاتلىنىپ يولغا چىقسىلا! كېچىكسىلە، مەن جېنىمدىن، ئۆزلىرى تاجۇتەختتىن ئايرىلىپ، خانلىقىمىز گۇمران بولۇشى مۇمكىن. كۆزۈم يوللىرىدا، دىدارلىرىغا مۇشتاق

غەمگۇزار ئاتىلىرى:
بۇغرا قاراخان مۇھەممەد ئارسلانخان.
ئانىلىرى سالامەت، ئەنسىرىمىسىلە.
ھىجرىيە 448 ـ يىلى شەئىبانىنىڭ 21 ـ كۈنى.①
ئوردۇكەنت»

ھۇسەيىن ئارسلانخان مەكتۇپنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقتى. «مېنى ئەنسىرىمىسۇن، دەپ مەكتۇپنىڭ ئاخىرىغا ئابام توغرۇلۇق بىر جۈملە سۆز قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. ئوغلۇم مەھمۇد تېگىن توغرۇلۇق ھېچنېمە يازماپتۇ. ئاتام ئۇنىڭدىن خاپا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ ...» دەپ ئويلىغان ھۇسەيىن ئارسلانخان ئىشىكئاغىسىنى چاقىرىپ، ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئەركانلارغا پەرمان جاكارلايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئوردىدىكى مۇلكىي ۋە لەشكىرىي ئەمەلدارلار ئېلىكخان سارىيىغا يىغىلىپ قول باغلاپ تۇرۇشتى.

ھۇسەيىن ئارسلانخان تەختتىن تۇرۇپ جاكارلىدى:

— پەرمان! بۇغرا قاراخانىنىڭ ئەمرى بىلەن ئەتە ئەتىگەندە ئاتلىنىپ يولغا چىقىمەن. ماڭا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن مىڭ نەپەر سىپاھ سەپراس بولۇپ تۇرسۇن! يۇغرۇش باشى ئىنال تېگىن مېنىڭ ئورنۇمغا نائىب ئېلىكخان بولۇپ قالىدۇ. ئەمرىمنى بەجا كەلتۈرگەيسىلەر.

— باش ئۈستىگە! — دېيىشتى ئەمەلدارلار.

ئۇ تەختتىن چۈشۈپ، بۇ ئۈشتۈمتۈت جاكارلانغان پەرماندىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقان ئوردا ئەمەلدارلىرىغا باش لىڭشىتىپ قويۇپ، ھەرەمدىكى قەسىرىگە قاراپ ماڭدى.

كۈن ئېگىلىشىپ، تىنىق كۆكتىن زەردەك چېچىلغان قىزىق ئاپتاپ ئوردىنى قاپلىدى. مەجنۇنتاللار سايە تاشلىغان يولدىن

---

① مىلادىيە 1057 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

ئاستا مېڭىپ كەلگەن ھۈسەيىن ئارسلانخان قىزىلگۈل، رەيھانگۈلنىڭ خۇشبۇيى كېلىپ تۇرغان قەسىر ھويلىسىغا كىرىشىگە، خانىسىدىن چىققان ئالتۇن تارىم بۇۋىرابىيە نازاكەت بىلەن ئېگىلدى ۋە:

— شاھىم، چارچىغان ئوخشىماملا، چىرايلىرى باشقىچە تۇرىدۇ، — دېدى ئېرىنىڭ شايى تونىنى سالدۇرۇپ.

— ئوردۇكەنتتىن مەكتۇپ كەلدى، خانىش، — دېدى ئېلىكخان.

— ئوغلىمىز مەھمۇد تېگىندىنمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى ئانا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— ياق، ئانىسى، ئاتامدىن كەپتۇ.

— بۇغرا قاراخاندىنمۇ؟ مال، ئات، ئاشلىق سورىغاندۇ تايىنلىق؟ ...

— ئۆيگە كىرىپ سۆزلىشەيلى، — ھۈسەيىن ئارسلانخان خاس ھۇجرىغا كىرىپ تاج، كەمەر ۋە قىلىچىنى ئېلىۋېتىپ ئازادە بولدى — دە، ئۈچ قات سېلىنغان يېكەندازدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. ئالتۇن تارىم بۇۋىرابىيە ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مۇشتلاپ پەي ياستۇق قويدى، خۇمرىدىكى مۇزدەك شەربەتتىن كۈمۈش جامغا قۇيۇپ تۇتتى. جامنى بىر كۆتۈرۈشتە بوشاتقان ھۈسەيىن ئارسلانخان ئېغىر تىندى.

— مەكتۇپ تونۇمنىڭ قويۇن يانچۇقىدا ئانىسى، ئوقۇپ كۆرسىلە.

خانىش مەكتۇپنى ئوقۇپ چىقىپ، خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان ئېرىگە قارىدى:

— ئوغلۇم مەھمۇد تېگىندىن بۇغرا قاراخان ئاتام رەنجىپ قالغان چېغى، ئىسمىنىمۇ سېلىپ قويماپتۇ. قارىغاندا بىر ئىش چىققان ئوخشايدۇ، شاھىم.

— شۇنداق، خانىش، — دېدى ھۈسەيىن ئارسلانخان، — ئوردۇكەنتتە بىر ئىش چىققاندەك ياكى چىقىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئاتامنىڭ يازغىنىدىن مەلۇم بولدىكى، بەگيۈسۈپلەر قۇزئوردۇغا بارغاندىن كېيىن، يولدا يۈز بەرگەن پاجىئەنى ئىسپات قىلىپ، بىزگە ئەۋەتكەندەك ئاتامغىمۇ مەلۇماتنامە ئەۋەتكەن، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخانمۇ مەكتۇپ ئەۋەتكەن. ئۇلار مەكتۇپلىرىدا يۇغرۇش باشى قەيسەربەگنى، خانىش قۇمارىبىكەنى قارىلىغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قەيسەربەگ ئۆز يولىدا ئۇلارنى قارىلاپ ئاتامغا ساداقىتىنى بىلدۈرگەن. ھازىر ئاتام قايسىسىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغاندەك قىلىدۇ. بۇ مەكتۇپ مېنىمۇ گاڭگىرىتىپ ئويغا سېلىپ قويدى. مەن تېخى، ئەمدى تىنچلىق ئورنىتىلدى، دەپ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدىم، — ھۈسەيىن ئارسلانخان بوشىغان پىيالىنى داستىخانغا قويدى.

— دېگەنلىرى توغرا، ئاتىسى. يۇغرۇش باشى بەگيۈسۈپلەرنىڭ بەدەلئارت داۋىنىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى ئۆزلىرىنى بۇ ۋاقىتقىچە يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان قارا نىيەت سۈيقەستچىلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى تېزلەتكەندەك قىلىدۇ. ئۆزىنى قەيسەربەگ دەپ ئاتىۋېلىپ يوشۇرۇنۇپ كەلگەن بوزاغۇ قۇمارىبىكەنىڭ ئاكىسى ئىكەن. بۇ ئاكا ـ سىڭىلنىڭ ئاتىسى بولسا، ئاسىي، خائىن بولۇپ، يۈسۈپ قادىرخان ۋاقتىدا دارغا ئېسىلغانلىقىنى ئۆزلىرى سۆزلەپ بەرگەنىدىلە. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، قۇمارىبىكە، بوزاغۇلار دوست قىياپىتىگە كىرىۋالغان دۈشمەن. ئۇلاردىن بۇغرا قاراخان ئاتامغا ۋاپا كەلمەيدۇ.

سۆزىنى تۈگەتكەن بۇۋىرابىيە كېنىزىكى ئېلىپ كىرگەن ئاق ئۈجمىنى ئېرىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىگە ئالدىراپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنى پەقەت ئوردۇكەنتكە بارغاندىن كېيىنلا بىلەلەيمىز.

— پېقىرەمۇ سىلىگە ھەمراھ بولۇپ، ئوردۇكەنتكە

بارامدىم؟ — بۇۋىرابىيەنىڭ قاپقارا تال ـ تال كىرپىكلىرى ئوراپ تۇرغان قوي كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— شۇنداق، ئالتۇن تارىم، ئەتە ئەتىگەندىلا يولغا چىقىمىز، — دېدى ئېلىكخان.

بۇۋىرابىيە داستىخاننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئېرىنىڭ يېقىنىدا ئولتۇردى.

— شاھىم، قۇمارىيىكە ھەرگىز ياخشى خوتۇن ئەمەس. ئۇ بىر چىرايلىق يالماۋۇز. دەسلەپ كۆرگىنىمدىلا مەندە شۇنداق سېزىم پەيدا بولغان. بەگيۇسۇپ بولسا بۆگۈ بىلگە، ئۇلۇغ زات، ئوغلىمىزنىڭ يېقىن دوستى. مەن ئوغلۇمنىڭ ئادەم تاللاشتا خاتا قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخان بىلەن سىلى بىر نەۋرە، ھەم يېقىن دوست، شاھىم. ئۇ ئاتىلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلسىمۇ، سىلىگە ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ. خانلىقىمىزنىڭ گۇمران بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. مەن يەنىلا قەيسەربەگنىڭ ئاسىي بوزاغۇ ئىكەنلىكىدىن شۇبھىلىنەمەن. ئوردۇكەنتكە بارغاندا ئوغلىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىر ـ تەلەپلىرىگە سەل قارىماسلىقلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

— ئانىسى، ئاۋۋال ئاتامنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشىم، ئاندىن ئوغلۇم بىلەن سۆزلىشىشىم كېرەك! — ھۈسەيىن ئارسلانخان كۆزىگە ياش ئالغان خوتۇنىنىڭ نازۇك قولىنى سىلاپ قويدى، — ئوغلۇم مەھمۇد تېگىنىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئانچە كارى يوق، كۆپ ئىشلاردا بۇۋىسىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا قوشۇلماي كەلدى. لېكىن، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. ئوغلۇمنىڭ بۇۋىسىنى ھۆرمەت قىلىشىنى، مېنى قوللىشىنى، ياردەمدە بولۇشىنى خالايمەن.

— ئاتىسى، ئوغلىمىز ئاق كۆڭۈل، باغرى يۇمشاق. ئۇ سانغۇن ئەمەس، بۆگۈ بىلگە. ئۇ سىلىگە ئەڭ يېقىن سادىق ھەمراھ، سىلىنىڭ قاناتلىرى ...

يولغا چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن بەگ تەركىسى ئۈتكۈزۈپ، خېلى كېچىدە يانغان ھۆسەيىن ئارسلانخان بۇۋىرابىيە كۆتۈپ تۇرغان خاس ھۇجرىغا كىردى. بۇ ئۇلار بارسىغاندا ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى شېرىن كېچە بولۇپ قالدى ...

## 2

دىلدارىبكە ئاكىسى بىلەن قەشقەرگە كەلگەندە، كۆك يىغى چىققاندى. ئاتا ـ ئانىسى قىزىنىڭ يېنىپ كەلگىنىدىن ئالەمچە خۇشال بولۇشتى. بىر ھەپتىگىچە مۇبارەكلەپ پەتىگە كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇلارنىڭ كۆپى ئۇنىڭ داۋالمشى بىلەن ساقىيىپ قالغان خوتۇن ـ قىزلار ئىدى.

دىلدارىبكە ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىغا كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ بەردى. نورۇز بايرىمى كۈنى ئەتىگەن ـ كەچتە كۆجە، سۇمىلەك ئېتىپ بېرىپ، ئارزۇسىغا يەتكەندەك بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بەگيۇسۇپنىڭ خىيالچان سىماسى زادىلا نېرى بولمىدى ...

بەگتاش خېلىل كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، بەگيۇسۇپنىڭ مەلۇماتنامىسى بىلەن، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخاننىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن ساچىيە مەدرىسەسىگە باردى. مەۋلانا ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قاتارلىق ئۇستازلارغا بەگيۇسۇپنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. مەھمۇد تېگىننىڭ ئوپالغا كەتكىنىنى بىلىپ، ھايال بولماي ئۆيگە قايتىپ كەلدى. دىلدارىبكە مەھمۇد تېگىننىڭ ئوپالغا كەتكىنىنى بىلىپ:

— ئوپالغا بېرىپ كېلەمدىلا يا ئاكا، بەگيۇسۇپ: «ئوردۇكەنتكە بېرىپلا كىچىكتۇرمەي مەھمۇد تېگىننىڭ ئۆز قولىغا بېرىڭلار، بۇ مەكتۇپ بەك مۇھىم» دەپ تاپىلىغانىدى، — دېدى.

سىڭلىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بەگتاش خېلىل ئورنىدىن

تۇردى:

— بۇنى ئوبدان دىدىلە ئۇكام، مەكتۇپلارنى مەھمۇد تىگىندىن باشقا ئادەم بۇغرا قاراخانغا تاپشۇرالمايدۇ. مەن دەرھال ماڭاي.

بەگتاش خىلىل چۇشلۇك تاماقنىمۇ ئولتۇرماي، ئىككى خىزمەتكارى بىلەن ئوپالغا كەتتى.

«بۇ ئاكامنزە بەك ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، خوتۇنى تۇغۇتتا ۋاپات بولغاندىن بىرى شۇكلەپ كەتتى. مەنمۇ ئۆي - ئوچاقلىق بولغۇم يوقلۇقىدىن يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن. لېكىن، ئەر كىشىگە تەس، ئۇنى ھىجران ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر مەھبۇب دۇنيادا يوقمىدۇ؟» دېگەن ئوي ئۇنى كەچ كىرگۈچە بىئارام قىلدى. بىردىنلا ئايسىلىڭ ئېسىگە چۈشۈپ «ئايسىلىڭ ئاكامغا ئەڭ ۋاپادار جورا بولالايدۇ» دېگەن يەرگە كەلدى - دە، كۆڭلى ئارامغا چۈشكەندەك بولدى.

بەگتاش خىلىل ئەتىسى كەچقۇرۇن ئوپالدىن كەلدى.

— مەھمۇد تىگىنگە ئۇ مەكتۇپلارنى تاپشۇرۇپ بەردىڭمۇ ئاكا؟ — دەپ سورىدى ھويلىغا كىرگەن ئاكىسىنىڭ ئالدىغا ئىتتىك بارغان دىلدارىبىكە.

— بەردىم ئۇكام، بەردىم. ناھايىتى مەمنۇن بولدى. شاھزادىمۇ مەن بىلەن كېلىپ، «مەكتۇپلارنى دەرھال بوۋامغا تاپشۇراي» دەپ ئوردىغا كىرىپ كەتتى.

— ئەجەب ياخشى بوپتۇ، ئەمدى قارا نىيەت سۇيىقەستچىلەر جازاسىنى تارتىدىغان بولدى، — دېدى دىلدارىبىكە.

بىراق، ئىشلار ئۇ ئېيتقاندەك بولمىدى، ئاسىيلار جازالانماي قېلىۋەردى.

ئارامگاھ سارىيىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرغان مۇھەممەد ئارسلانخان نەۋرىسى ئېلىپ كىرگەن مەلۇماتنامە بىلەن مەكتۇپنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتى، تاتىرىپ لەۋلىرىنى چىشلىدى، ئۆڭگەن چىھرى سارغايدى، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى، ئاقارغان ساقاللىرىنى تۇتاملاپ:

— بۇنــــداق بولـــۇشى مۇمكــىن ئەمەس! زادىلا مۇمكــىن ئەمەس! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

مەھـمۇد تېگىـن ئەھۋالـدىن خەۋەردار بولـغاچقا، بـۇۋىسـىنـى گۇمـانـلاندۇرۇپ قويـمـاسلـىق ئۈچۈن مـەكـتـۇپلارنـى ئـوقـۇپ باقمىغاندى.

— نېـمـە دەپ يېـزـىـپـتـۇ خـان بـوۋا، نېـمـىـشـقـا بـۇنـچـە ئاچچىقلىنىلا؟ — دەپ سورىدى.

— مانا، ئۆزۈڭ ئوقۇپ باق، مېنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمنى قارىلاپتـۇ! — غـەزەپـتـىـن لاغ ـ لاغ تـىـتـرىـگـەن مۇھـەمـمـەد ئارسلانخان ئۇنى «سەن» لەپ مەكتۇپلارنى تاشلاپ بەردى.

مەكتۇپلارنى ئوقۇپ چىققان مەھمۇد تېگىن:

— خان بوۋا، چېچىلـمـىـغايـلا، بۇنـىـڭـدا يېزىلـغانلارنـىـڭ ھەممىسى راست، قـەيـسـەربـەگ بـولـۇۋالغان بـوزاغـۇنى سوراقـقـا تارتسىلا، ھەممىنى بىلىدىلا، تەختلىرىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ.

مۇھـەممەد ئارسـلانخان نـەۋرىـسـىـنـىـڭ سۆزىدىـكـى مەنـىـنـى چۈشەنمەي، ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ سورىدى:

— سـەن مېنى يـەنە خاپا قـىلـغـىـلى كەپسـەن. قەيسـەربـەگ قانداقمۇ بوزاغۇ بولسۇن؟ ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى ماڭا ساداقـەت بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بوزاغۇ سەمەرقەنتتە يوقىلىپ كـەتـكـەن ئەمـەسـمـىـدى، كـېـيـىـن «ئـۆلـۈپـتـۇ» دېگـەن گـەپ تارقالغـانىدىغـۇ، قەيسـەربـەگ مەن ئېـلـىـكخـان بـولـۇپ تالاسـتـا تۇرۇۋاتقان چېغىمدىن باشـلاپ ھالا بۇ كەمـگىچە سـاداقەت بىلـەن ماڭا قۇلـچىلـىق قىلـىپ كېلىـۋاتىدۇ. بۇنـى بىلـىسەنغۇ، بـالام؟ دېيىلگەن ئىسپاتلار يالـغان، خانـىش قۇماربېـكەگـمـۇ تۆھمـەت چاپلىـنـىپـتـۇ. ياق، ئۇلار مېـنى قوغدىـماقچـى ئـەمەس، قىـىسـاس ئالـماقچى ... تەختىمنى تارتىۋالماقچى ...

— يوقسۇ، خـان بوۋا، سىلـى خاتالاشـتـىـلا، مەلـۇمـاتنامـىـدە يېـزىلغاندەك، قەيسەربەگ دارغا ئېسىلغان بولـۇنبەگنىـڭ ئوغلـى، بوزاغۇنىڭ ئۆزى. ئۇ سەمەرقەنتتىكى جەڭدە ئۆلمىگـەن، قېچىـپ

كەتكەن. سىلى ئىلىكخان بولۇپ تالاستا تۇرغاندا، ئۇ يەرگە بارغان، خانىش قۇماربىكەنىڭ قەسىرىگە يوشۇرۇنغان ھەم ئاغۋات بولۇۋالغان، كېيىن يۇغرۇش باشى دوقاقبەگ ئۇنى سىلىگە «ئالىپ» دەپ تونۇشتۇرۇپ، جاندار بولۇۋېلىشقا سەۋەبكار بولغان. ئۇ جاندارلار باشى بولغاندىن كېيىن، يوشۇرۇنچە قۇزئوردۇغا بېرىپ، مەرھۇم رەيھانىدىنبەگنىڭ قىزى بىلەن كۈيۇئوغلىنى قەتل قىلغان ...

— بولدى بەس ! بۇنىڭ ھەممىسى يالغان! سەن مېنىڭ ئوردۇكەنتكە كېلىپ بۇغرا قاراخان بولغىنىمغا بەگيۇسۇپتەكلا نارازى، ئەگەر خانىش قۇماربىكە، قەيسەربەگلەرنىڭ راستىلا ئۆچ ئېلىش غەرىزى بولسا، نېمىشقا بۇ ۋاققىچە ماڭا قول سالمايدۇ؟ نېمىشقا سەممىي ساداقەت بىلەن خىزمىتىمنى قىلىپ كېلىدۇ؟

مەھمۇد تېگىن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب قايتۇردى:

— خان بوۋا، سىلىنى ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ كېلىشكە دەۋەت قىلىش — سۇيىقەست ئەمەسمۇ؟ زىندانغا تاشلانغان سۇلايمان ئارسلانخان بوۋامنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدە ئۇلارنىڭ قارا قولى يوقمۇ؟ قان ئىچەر جاللات مۇگسۇزنى زىندان باشى قىلىشتا ئۇلارنىڭ يامان غەرىزى يوق، دەپ ئېيتالامدىلا؟ يولدا كېتىۋاتقان بەگيۇسۇپ ئائىلىسىگە قىلىنغان زىيانكەشلىكنى ئۇلار قىلمىغان دېيەلەمدىلا؟

— بەس ! — بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى بۇغرا قاراخان، — مەن بۇ تۆھمەتنى ئېنىقلاپ چىقىمەن، نومۇسنى قان بىلەن يۇيىمەن. چېتىشلىقلىقنىڭ سېزىلىسە نەۋرەم ئىدى، دەپ ئاياپ قويمايمەن. ئېيتقىنا، بۇ مەلۇمەتنامە بىلەن مەكتۇپنى كىم ساڭا بەردى؟

— ئوردا ئالدىدا بىر پەرەنجىلىك خوتۇن بەردى.

— سەن ئۇنى تونۇمسەن؟

— تونۇمايمەن، خان بوۋا، — بوۋىسىنىڭ گەپ يىمەيدىغانلىقىنى بىلگەن مەھمۇد تېگىن يالغان ئېيتتى. راستىنى دېسە، بەگتاش خېلىل، دىلدارىكەنىڭ ھاياتى خەۋپ

ئىچىدە قالاتتى.

— ئەجەب باشقا ئادەمگە بەرمەي ساڭا بېرىپتۇ ـ ھە؟

— سىلىنىڭ نەۋرىلىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، خان بوۋا.

مۇھەممەد ئارسلانخان ئۈنىڭغا بۆرىنىڭكىدەك سۇرلۇك كۆزلىرى بىلەن سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— مەن ساڭا بەك ئامراق ئىدىم، ئۇمىدىمنى يەردە قويدۇڭ، خەپ ! مەن ئىنتىقلاپ چىقىپ ئاندىن جاجاڭنى بېرىمەن، ماڭ چىق !

ئەلەمدىن قىزىرىپ كەتكەن مەھمۇد تېگىن:

— ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ، خان بوۋا، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالمىغايلا، — دەپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

بۇ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئامراق نەۋرىسىنى ئىككىنچى قېتىم قوغلاپ چىقىرىشى ئىدى. ئۇ بىرىنەچچە كۈنگىچە ئوردىغىمۇ چىقماي، قۇمارىبىكەنىڭ قەسىرىگىمۇ كىرمەي، ھەرەمدىكى خاس ھۇجرىسىدا باش ئاغرىقىنى باھانە قىلىپ يېتىۋالدى، يوقلاپ كەلگەن دۆلەت ئەربابلىرىنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. ھەتتا بوزاغۇ بىلەنمۇ كۆرۈشمىدى. ئۇ ھەممەيلەندىن گۇمانلىنىپ قالغانىدى.

— شاراب! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قولىدىكى جامنى ئىشىككە قارىتىپ ئېتىپ.

قۇمارىبىكە گۈلدار خۇمرىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— سەن نېمىگە كىردىڭ؟ شاراب دەپ زەھەر ئېلىپ كىرمىگەنسەن، قانجۇق !

— نېمە بولدىلا شاھىم، مەن ئابىنچۇ خاتۇنغۇ، تونۇمايۋاتامدىلا؟ ئاغۋاتلار ئېلىپ كىرگەن شارابنى ئىچىپ، خانىشلىرى ئېلىپ كىرگەن شارابنى ئىچمەمدىلا؟ ئىشەنمىسىلە ئاۋۋال مەن ئىچىپ بېرەي، — قۇمارىبىكە جامغا تولدۇرۇپ قويۇپ ئىچىۋەتتى، — زەھەر سالغان بولسام ئالدىلىرىدا ئۆلەي ...

ئۇ ئارقىسىنى قىلىپ يېتىۋالغان ئېرىگە سوۋۇشۇپ ئولتۇرۇپ، يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى، پېشانە، مەڭزىگە ئىسسىق لەۋلىرىنى ياقتى، ئۇچىسىنى سىلىدى. مۇھەممەد ئارسلانخان كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ يېتىۋەردى.

— شاھىنشاھىم، ماڭا بۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلغۇچە ئۆلتۇرۇۋەتسىلە بولمامدۇ؟ بىر تۇتام سېڭىلىكىم بىلەن قوللىرىغا چۈشكەنىدىم ... ئاسىي ئاتام دارغا ئېسىلدى، تەلۋە ئاكام جەڭدە ئۆلدى، بىچارە ئانام ئەلەم - ھەسرەتتە قازا قىلدى ... ھېچنېمەم قالمىدى ... سىلىنىڭ تەرەتلىرىگە سۇ بېرىپ كېلىۋاتقىنىمغا يىگىرمە يىلدىن ئاشتى، ماڭا بەكمۇ كۆيۈنۈپ كەلگەنىدىلە، ئەمدى نېمە بولدى؟ بۇ ۋاققىچە قاتتىق گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئالىيىپمۇ قارىمىغانىدىلە. مەگەركىم كۆڭۈللىرى خۇش بولىدىغان بولسا، شەمشەرلىرى بىلەن قارنىمنى يېرىۋەتسىلە، سىلىگە يارىمىغان تېنىمنى ئىتقا تاشلاپ بەرسىلە! مەن ھەممە دەرد - ئەلەمگە چىدىسامىمۇ، ئالىيلىرىنىڭ بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىسىگە چىدىيالمايمەن. مېنى دەرمەھەل ئۆلتۇرۇۋەتسىلە، قويسىلا، ئۆلتۇرۇۋەتسىلە، — قۇمارىبىكە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاسقۇدىكى قىلىچنى ئېلىپ ئۇچىنى كۆكسىگە تىرىدى، — قارنىمنى ياراي، يۈرىكىمنى كۆرۈپ باقسىلا ...

كۆزىنى ئاچقان بۇغرا قاراخان قورقۇپ كەتتى. سەكرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن قىلىچنى تارتىۋالدى، ئاندىن قۇمارىبىكەنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى. قولىدىن تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— يىغلىماڭ ئايىنچۇ خاتۇن، يىغلىماڭ، — دېدى كۆرپە ئۈستىدە دۈم يېتىۋېلىپ مىشىلداۋاتقان خانىشنىڭ ئاپپاق بويىنىنى سىلاپ.

قۇمارىبىكە يىلاندەك بىر تولغىنىپ ئوڭدا بولدى. ئالىقانلىرى

بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ ئىڭراپ يىغلىدى. يومپىيىپ تۇرغان كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ - پەسلەپ، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ھەۋىسىنى قوزغىدى. ئۇ قۇمارىبىكە پەتنۇستىكى كۇمۇش جامغا تولدۇرۇپ قويغان مەيزاپىنى ئىچتى. مەجۇن ئارىلاشتۇرۇلغان بۇ شاراب خاقانغا تېتىپ كەتتى، قۇمارىبىكە ئۇنى سىلاپ - سىيپاپ ئاخىرى ئېرىتتى.

— نېمە گەپلىرى بولسا ماڭا دېسىلە خاقانىم. نېمە بولدى زادى؟ چۈشلىرى بۇزۇلۇپ قالدىمۇيا؟ بىرەر يامان خەۋەر ئاڭلىدىلىمۇ؟ سىلىنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئىش بولسا، جېنىمنى بېرىشكە تەييارمەن، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ مەيدىسىگە باش قويۇپ.

مۇھەممەد ئارسلانخان مەكتۇپ بىلەن مەلۇماتنامىنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىپ دېدى:

— ئابىنچۇ خاتۇن، ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، مەن قانداق خاتىرجەم بولالايمەن؟ ...

— شاھىنشاھىم، — خانىش ئۇنىڭ ئاغزىدىكى سۆزىنى تارتىۋالدى، — راست، ۋاپادار خانىشلىرى بىلەن ئۇزاقتىن بېرى خىزمەتلىرىدە بولۇپ كەلگەن سادىق يۇغرۇش باشنى ئۆلتۈرمىگۈچە خاتىرجەم بولمايدىلا. ئاجىزە قۇللىرىنىڭ بوينى ئېگىكلىك، ھازىرلا بوغۇزلىۋەتسىلىرى بولىدۇ، — قۇمارىبىكە تىزلىنىپ بوينىنى ئەگدى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، ئابىنچۇ خاتۇن؟ سىزنى ئاسىيلىق قىلدىڭ دېمىدىمغۇ، بۇ بەگيۈسۈپنىڭ گېپىغۇ. سىز ھەرگىزمۇ خانلىقىمىزغا قارا سانىمايسىز. سىزگە تۆھمەت قىلىنغان. مەن ئۇ دەيۈزلەرنىڭ جازاسىنى بەرمەي قويمايمەن ! — مۇھەممەد ئارسلانخان خانىشنى باغرىغا باستى.

— مەنغۇ ھەمىشە يانلىرىدا، شاھىنشاھىم. قىلغان ئىشلىرىم، ئوي - پىكرىمدىن تارتىپ سىلىگە بەش قولدەك ئايان، ئەمما قەيسەربەگنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيمەن. ئۇبدان

كۆزىتىپ قىلمىشلىرى سېزىلسە، دەرھال كالللىسىنى ئالسىلا، شاھىم. ھەزرەتلىرىگە ئاسىيلىق قىلغان تۇزكورنى ھەرگىز تىرىك قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

— قەيسەربەگمۇ ماڭا ئاسىيلىق قىلمايدۇ، ئابىنچۇ خاتۇن. ئۇ دائىم يېنىمدا، ناھايىتى ساداقەتمەن، ئاسىيلار: بەگيۇسۇپ بىلەن ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى.

— خاقانىم، ئۇ ئاسىيلارغا قانداق تاقابىل تۇرماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ — سورىدى قۇمارىبىكە قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ساقىلىنى تاراپ.

— خانىش، مەن ئوغلۇم ھۇسەيىن ئارسلانخاننى ئوردۇكەنتكە چاقىرتىپ كېلەيمىكىن دەيمەن.

— ئوبدان ئويلاپتىلا شاھىم. ۋەلىئەھدى ئەمەسمۇ، چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنى بۇ تۆھمەتتىن ۋاقىپلاندۇرۇشلىرى زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

— ۋاقىپلاندۇرۇپلا قالماي، ئۇنى ئورنۇمغا تەختتە ئولتۇرغۇزماقچىمەن، ئابىنچۇ خاتۇن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قۇمارىبىكە تاتىرىپ كەتتى ۋە بۇ ھالىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يۈزىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇۋالدى.

— ھۇسەيىن ئارسلانخان گەرچە مەندىن چوڭ بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ماڭا بالا ئورنىدا، شاھىنشاھىم. ئۇ بۇغرا قاراخان بولسا بەك خۇش بولىمەن. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىك، ھەم باتۇر، قارا نىيەت تۆھمەتچىلەرگە تاقابىل تۇرالايدۇ، — دېدى.

— مەن ياشىنىپ قالدىم، ئابىنچۇ خاتۇن. ئوغلۇم كېلىپ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، قارا نىيەت تۆھمەتخورلارنى جازالاش ئۈچۈن، بەش تۈمەن لەشكەر بىلەن قۇزئوردۇغا يۈرۈش قىلدۇرىمەن، — مۇھەممەد ئارسلانخان قۇمارىبىكەنى يەلكىسىدىن تۇتۇپ كۆزلىرىگە قارىدى، — يەنە يىغلاۋاتىسىزغۇ؟

— خۇشاللىقىمدىن، شاھىنشاھىم. ھۇسەيىن ئارسلانخانغا ئوغلۇم ئىبراھىم تېگىن ئىز باسار بولىدۇ. قۇزئوردۇغا يۈرۈشكە

ئاتلانغاندا، ئوغلۇممۇ ھەمراھ بولۇپ بارسۇن، ئەمدى ئۇ توغرۇلۇق غەم قىلىپ بىئارام بولمىسىلا، مەن كۆڭۈل ئاراملىرىنى بۇزغان غەم - غۇسسىنىڭ شۇم قۇشلىرىنى باشلىرىدىن قوغلىۋېتەي، — دېدى يېشىنگەن قۇمارىبىكە، ئېرىنىڭ كېيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ، ئىچىدە بولسا «كاللۋا خان، ئوغلۇڭ كەلسۇنچۇ قېنى، شۇ چاغدا ئەجەل شارابىنى ئىچۈرىمەن» دېدى زەھەرخەندىلىك بىلەن. خان ئەتىسى بوزاغۇغا مەلۇماتنامە، مەكتۇپ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. ئېھتىمال، «ساداقەتمەن» ۋەزىرىنىڭ كۆڭلىنى ئايىغان بولسا كېرەك. نورۇز بايرىمىدا ئاۋام بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى خالىماي، قۇمارىبىكەنىڭ يېنىدا كۆڭۈل ئاچتى. ھۈسەيىن ئارسلانخانغا قانداق مەزمۇندا پەرمان يېزىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى، پەرماننى كېيىنرەك ئەۋەتمەكچى بولدى. بۇ ئارقىلىق مەلۇماتنامە ۋە مەكتۇپقا پەرۋا قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى ئىدى. قۇمارىبىكە بۇنىڭدىن خۇشاللىنىپ تەييارلىقنى جىددىيلەشتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

پەرمان باھارنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا قارا باخشى دېگەن ئەشكىنچىدىن ئەۋەتىلدى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، باشتا ھۈسەيىن ئارسلانخان تاپشۇرۇۋالغان مەكتۇپ ئەنە شۇ پەرمان ئىدى ...

## 3

دىلدارىبىكە قوپقاندا، خوراز چىللىغانىدى. ئۇ بالىخانىنىڭ ئاقىرىپ تۇرغان دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى. ھاۋا قاشتېشىدەك سۈزۈك بولۇپ، ئون تۆت - ئون بەش كۈنلۈك ئاي ئۇردا ئالدىدىكى چوڭ كۆلگە چۆمۈلۈپ تۇراتتى. بىللۇردەك تىنىق ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقنايتتى. دىلدارىبىكە كۆزنەكنى ئېچىپ قويدى. مەيىن تاڭ شامىلى ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ توغاچتەك مەگزىگە ئۇرۇلدى ...

مانا مۇشۇ بالىخانىدا يىگىرمە يىللار ئىلگىرى، قۇزئوردۇدىن ئاتىسى بىلەن بىللە كەلگەن بەگيۇسۇپ ئالتە ئاي تۇرغانىدى. قارا قاش، قارا بۇرۇت ئويچان يىگىتكە قىزنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەي كۆپ دەرد تارتتى... شۇنىڭدىن تارتىپ ۋىسال تاپالمىغان ئىشقىنى كىيسەللەرگە بېرىپ، ياتلىق بولمىدى. ئاتىسى تۇمەن دەرياسى بويىغا كاتتا قورۇ سالدۇرۇپ، بۇ ھەكىم قىزنىڭ كېسەللەرنى داۋالىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. دىلدارىبىكە ئۇنلىغان شاگىرت، خىزمەتچىلىرى بىلەن كېسەل داۋالاپ، كۆنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي، چوكانلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرمەيلا، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە جۇۋان بولۇپ قالدى. ئۇ بەختىنى يوقاتقان بولسىمۇ، گۈزەللىكىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ كۆلكىسىنى يوقاتقان بىلەن پەزىلىتىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى قارا ھەم بولۇق بولۇپ، تاپىنىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئاقۇچ ئويچان چىرايىدىن ئەر - يىگىتلەر تەپ تارتىدىغان تەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. شەھلا كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان نۇر ئۇنى كىشىلەرگە يېقىملىق كۆرسىتەتتى

دىلدارىبىكە كۆندە دېگۈدەك، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئوردا ئالدىدىكى ئۆيىگە كېلىپ، ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سوراپ كېتەتتى. بەزىدە قونۇپ قالاتتى، قونۇپ قالسىلا بالىخانا ئۆيدە ياتاتتى.

ئۇ چوّلپان تۇغقىچە دېرىزىدىن كۆككە سەپسېلىپ تۇردى. «بەگيۇسۇپ ئورنىدىن تۇرغانمىدۇ؟ ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش دېرىزىدىن قاراپ، يۇلتۇزلۇق ئاسماننى تاماشا قىلىۋاتقانمىدۇ؟ يا قۇزئوردۇ كۆكىنى بۇلۇت قاپلىۋالدىمىكىن؟ بەلكىم يېزىق شىرەسى يېنىدا ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرىدىغاندۇ! كىمنى ئويلاۋاتىدىكىن، مېنى ئويلامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئويلايدىغانلىرى ھەقىقەتەن كۆپ. قىزى بۇۋىئايىشەگە ئىچىم بەك ئاغرىيدۇ، ياشلا بالىسى بىلەن تۇل قالدى. ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك ئىكەن. بەگيۇسۇپ بۇ قىزنىڭ ئانىسىنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ ... »

تىكلەشكەن تولۇن ئايغا باقىنىچە خىيال سۈرۈپ قالغان دىلدارىبكە كەينىگە يېنىپ ھويلىغا چۈشتى. ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىغانىدى، ئۇ تەرەت ئالدى. ئۇنىڭغىچە بامدات نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بالىخانىغا چىقىپ نامازغا ئولتۇردى، دۇئادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ شامنى يورۇتتى. كېچە ھەرقانچە ئايدىڭ بولغان بىلەن كىتاب ئوقۇغىلى بولمايتتى. ئۇ بەگيۇسۇپ سوۋغا قىلغان «كىتابۇش شىپا» نى ئاچتى، ۋاراقلاپ ـ ۋاراقلاپ، كىتابنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىپ قويۇلغان بىر پارچە قەغەزگە كۆزى چۈشتى. «ئەجەب بۇرۇن كۆرمەپتىكەنمەنا» دەپ، كىتاب بېتىگە يېپىشىپ قالغان ناۋات رەڭ نېپىز قەغەزنى قولىغا ئالدى، ئۇنىڭغا قىسقىلا خەت يېزىلغانىدى:

«مەن بالىلىرىمنىڭ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالدىم. سىزنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن. سىز بىلەن يەنە دىدار كۆرۈشۈشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىمەن.»

خەت يازغۇچى ئىسمىنى يېزىپ قالدۇرمىغانىدى. لېكىن، دىلدارىبكە بۇنى بىلىۋالدى. «بۇ بەگيۇسۇپنىڭ خېتىغۇ. نېمىشقا كىتابنىڭ قېتىغا سېلىپ قويىدىكىن؟» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ، باغرىغا بىر ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى قىزىپ كەتتى، خەتكە قارىغىنىچە ئۇزاق ئولتۇردى. خىيالىدىن باشقا ئىشلارمۇ كەچتى. «مەھمۇد تېگىن بەگيۇسۇپنىڭ خېتىنى بۇۋىسىغا تاپشۇرغانمىدۇ؟ قانداق جاۋابقا ئېرىشتىكىن؟ ئەجەب ئاكامدىن سوراپ باقماپتىمەن، ئاكاممۇ ماڭا دېمىدى. قۇزئوردۇغا ئادەم ئەۋەتىشى زۆرۈر ئىدى، ئەۋەتتىمىكىن؟ ...»

دىلدارىبكە پارچە قەغەزدىكى قۇرلارغا يەنە كۆز يۈگۈرتتى. «بەگيۇسۇپكە سالامەت ئوردۇكەنتكە يېتىپ كەلگىنىمىز توغرۇلۇق خەت يېزىپ قويسام بولاتتى، قولۇم بارمايۋاتىدۇ. نېمىشقا يازمايمەن، بۇ قانداق تۇيغۇ؟ ...»

بۇ تۇيغۇ ئەمەس، ئۇ ھەممە ئادەمدىن سىر تۇتۇپ كەلگەن

مۇھەببەت — بەگيۇسۇپ قوبۇل قىلمىغان سۆيگۈ ئىدى. مانا شۇ مۇھەببەت ئۇنىڭغا شۇنداق بىر غۇرۇر ئاتا قىلغانىدىكى، پىراق ئوتىدا كۆيۈپ پۇچىلىنىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئېغىز ئاچماسلىق ئەھدىگە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھېچكىمنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمىدى، ئۆز سۆيگۈسىنى پاك پېتى ساقلىدى. بەگيۇسۇپكە ئەمدى بۇنى بىلدۈرمەيدۇ، بۇ بىر پارچە كۆڭۈل ئىزھارىغا تاكى ئۇ ئالدىغا كەلمىگۈچە جاۋابمۇ بەرمەيدۇ.

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن پەسكە چۈشتى. ئىچكىرى ھويلىدىن چىقىۋاتقان ئاكىسىنى كۆردى، ئۇ مەيۈس، غەمكىن ئىدى.

— ئەسسالام ئاكا، ئوبدان تۇرۇپتىلىمۇ؟ — ئېگىلىپ تەزىم قىلدى دىلدارىبىكە.

— خۇداغا شۈكۈر، سىڭلىم، سىلىمۇ ياخشى ئۇخلىغانلا؟ قۇزئوردۇدىن كەلگەندىن بىرى يەنە تارتىلىپ قاپتىلا، — دېدى بەگتاش خىلىل سەپسېلىپ.

— ئاكام بەگتاش جېلىلدىن خەۋەر بارمۇ؟

— بار، ئۇكام، قۇزئوردۇدىن كەلگەندىن بىرى، ئۇنىڭ كەيپىنى دىيارىدىن ئەۋەتكەن يۈز تاي تاۋار - دۇردۇنلىرىنى تاپشۇرۇۋالدىم. سىلىگە چاتقەن تاۋىرىدىن ئون توپ ئەۋەتىپتۇ. نەچچە كۈندىن بىرى قۇزئوردۇغا ماڭىدىغانلارنى ئۇزىتىمىز، دەپ ئەكىلىپ بېرەلمىدىم.

دىلدارىبىكە ئاق چېچەكلىك رەڭدار گىلەم سېلىنغان پېشايۋان سۇپىسىدا، ئاكىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— تاۋارنى قولىرى بوشىغاندا ئەكېلىپ بەرسىلىمۇ بولىدۇ، ئاكا. قۇزئوردۇغا يولغا سالغان كىملەر ئۇ؟

— مەرھۇم سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ خانىشى ئايزادە تۇركەن خاتۇن بىلەن ئوغلى ياقۇپ تېگىن ھەم ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى، مۇھاپىزەتچىلىرى. مەھمۇد تېگىن يولغا سالدى، مەن ياردەملەشتىم، ئۇكام.

دىلدارىبىكە ئولتۇرۇپ كېتىپ يەنە سورىدى:

— مەلىكە ئايزادە تۈركەن خاتۇن، ياقۇپ تېگىنلەر نېمىشقا قۇزئوردۇغا كېتىدىغان بوپتۇ، ئاكا؟

بەگتاش خېلىل سۆزلەپ بەردى:

— ئېلىكخان بىلەن بەگيۇسۇپنىڭ مەكتۇپلىرىنى مەھمۇد تېگىنگە بەرگىنىمدىن خەۋەرلىرى بار. ئۇ مەكتۇپلارنى بۇغرا قاراخانغا تاپشۇرۇپتۇ، بۇۋىسى ئاچچىقلاپ كېتىپتۇ. مەكتۇپنى ئوقۇپ يېزىلغانلارغا زادىلا ئىشەنمەي، مەھمۇد تېگىننى سارايدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. مەن بۇنى ئۆزىدىن ئاڭلىدىم. ئۇ «بۇۋام ئەسەبىيلەشتى، مەكتۇپلارنىڭ مەزمۇنىنى قومارىبىكە، بوزاغۇلارغا ئاشكارىلىسا، ئۇلار قارشى تەدبىر قوللانماي قالمايدۇ. ئۇ ھالدا سۇلايمان ئارسلانخان بوۋامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا، بولۇپمۇ چوڭ خانىش ئايزادە تۈركەن خاتۇن بىلەن ياقۇپ تېگىنگە زىيان ـ زەخمەت يېتىشى مۇمكىن. ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۇلارنى قۇزئوردۇغا يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇۋاتىمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سودىگەر سىياقىدا ياساندۇرۇپ، يوشۇرۇنچە بىزنىڭ تۆشۈك دەرۋازىدىكى سارايغا ئېلىپ كەلدۇق ۋە بارچۇق[1]قا ماڭىدىغان كارۋانغا قوشۇپ قويدۇق.

— ھە، شۇنداقمۇ؟

— مەھمۇد تېگىن ۋە ياقۇپ تېگىنلەرنىڭ سودىگەر سىياقىغا كىرگەن بىر قىسىم مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ ئۇلارنى قوغداپ بىللە كەتتى. مەن ئەللىك تاي مال بىلەن ئىككى خىزمەتچىمنىمۇ ئۇلار بىلەن ماڭدۇردۇم، ئۇكام.

— تولىمۇ ئوبدان بوپتۇ، ئاكا. مەھمۇد تېگىن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخانغا مەكتۇپ يېزىپ بەرگەندۇ؟

— يېزىپ بەردى، سىڭلىم، بەگيۇسۇپكىمۇ يازدى. مەنمۇ سالامەت ئوردۇكەنتكە يېتىپ كەلگىنىمىز ھەققىدە مەكتۇپ

---

① بارچۇق — مارالبېشىنىڭ قەدىمكى نامى.

يېزىپ ياقۇپ تېگىنگە بەردىم. ئىككى ـ ئۈچ ئايغا قالماي ئۇلار پۈتۈن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپىدۇ.
— بۇغرا قاراخان خانىش قۇمارىبىكەدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيتۇ. ئۇنىڭ سۈيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگىنىگە ئىشەنمەيتۇ. سىلى مەھمۇد تېگىن بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرسىلا.
— ئوپالغا كەتتى. قارىغاندا بۇغرا قاراخان ئۇنى قاتتىق رەنجىتىپ قويغان ئوخشايدۇ، كەلسىلا كۆرۈشمەي قالمايمەن، سىڭلىم.
دىلدارىبىكە ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۆز قورۇسىغا كېتمۈېتىپ، يەنە خىيال سۈرۈپ قالدى. «ياقۇپ تېگىنلەرنىڭ ماڭىدىغانلىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، بەگىيۇسۈپكە، ياق ـ ياق، بۇۋئايىشەگە مەرۋايىت دوپپىدىن بىرنى، بەگتۇرمىشقا بىر خەنجەر ئەۋەتكەن بولاتتىم. خەير، بوپتۇ، يەنە مۆرىتى كېلەر» ئۇ ئويلىغان نەرسىلىرىنى ئەۋەتەلمىگىنى ئۈچۈن كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى.
كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. دىلدارىبىكە ھەر كۈنى بىر ـ ئىككى قېتىم جىلتا ئىچىدىكى كىتابنى ئېلىپ، ھېلىقى قەغەزدىكى خەتكە تىكىلەتتى، بۇ خەتلەر ئۇنىڭغا ئۈمىد بېغىشلايتتى.
ئىشىكتىن كىرىشىگە قارا پەرەنجىلىك بىر ئايال ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا ماڭدى، كېيەل كۆرىدىغان ئايۋان ئۆيگىمۇ ئارقىسىدىن كىردى.
دىلدارىبىكە بۇلۇڭدىكى كېيەل كۆرىدىغان ئورنىغا بېرىپ يېكەندازغا يۆكۈندى. تارتىلغان پەردىنى قايرىۋېتىپ، سوڭدىشىپ كىرگەن ئايالغا كۆز تىكتى.
— قەيرىڭىز ئاغرىيدۇ؟ — سورىدى ئايالدىن.
ئايال جاۋاب بېرىش ئورنىغا پەرەنجىسىنى بېشىدىن ئېلىۋەتتى. دىلدارىبىكە قاراپلا، بۇ قارا تەنلىك ئايالنىڭ باشقا تائىپىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئايال زۇۋان سۈرمەي مەخمەل

جىلىتكىسىنى، كۆڭلىكىنى سىلىۋەتتى. قان يۇقى ئىچ كۆڭلىكىنى مۇرىسىگىچە قايرىپ ئۆرۈلدى. دۈمبىسى قامچا زەربىسىدىن تىلىم - تىلىم بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ يەرلەردىن ھېلىمۇ قان تەپچىپ تۇراتتى. دىلدارىبكە چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتى. ئىچى سىيرىلدى. بويى ئېگىز، زىلۋا، قاپقارا كۆزلىرى بوتىنىڭكىدەك يوغان، بەللىرى ئىنچىكە بۇ نازىنىنغا كىم بۇنداق زۇلۇم قىلغاندۇ؟ ئۇ خاقانىيە تىلىدا سۆزلىشەلەمدىغاندۇ؟ ئايالدىن زۇۋان چىقتى:

— ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم، مەن داۋالانغىلى ئەمەس، زالىمنىڭ زۇلمىدىن پاناھلانغىلى كەلدىم. كۆرۈپ تۇرۇپلا، ئاللا ھەققىدە ياردەم قىلغان بولسىلا ...

«ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىكەن، بۇ يەرگە كېچىدە كەلگەن ئوخشايدۇ، چىرايلىق قىز ئىكەن» دەپ ئويلىغان دىلدارىبكە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— تۇرۇڭ سىڭلىم، كىيىمىڭىزنى كىيىپ كەينىمدىن مېڭىڭ، — دېدى.

قارا تەنلىك قىز ئۇنىڭ كەينىدىن ھويلىغا چىقتى. غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەن ئەتىرگۈللەرنى ئارىلاپ ئۇڭ تەرەپكە بۇرالدى. يەتتە باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن چىقىپ ساراي ئۆيگە، ئاندىن كىچىكرەك بىر ئۆيگە كىردى.

دىلدارىبكە ئىككى ياردەمچىسىنى چاقىرىپ، دورا تەييارلاشنى بۇيرۇدى. چۈمبىلىنى قايرىپ قارىغان ئايالغا كۆز سىلىپ:

— ئەمدى كىيىملىرىڭىزنى سېلىڭ، — دېدى.

— ئاۋۋال ماڭا خالىس ياردەم قىلىدىغانلىقىڭىز ھەققىدە ۋەدە بېرىڭ، بولمىسا ھازىرلا كېتىمەن، — دېدى قارا تەنلىك ئايال خېلىلا كەسكىنلىك بىلەن.

— تەڭرىم ياردەم قىلىشقا مېنى تاللاپ، سىزنى ئالدىمغا كەلتۈرگەنىكەن، جان - دىلىم بىلەن ياردەم بېرىمەن. ۋەدەم ۋەدە! — دېدى دىلدارىبكەمۇ قەتئىيلىك بىلەن.

ئايال پەرەنجىسىنى ئېلىۋېتىپ كىيىملىرىنى سالدى. تامبالغا كەلگەندە ئىككىلىنىپ قالدى.

— تامبىلىڭىزنىمۇ سېلىڭ، كاسىڭىزمۇ زەخىملەنگەن ئوخشايدۇ.

قارا تەنلىك قىز قىپيالىڭاچ بولدى. ئۇستىخىنى ئاجايىپ كېلىشكەن بۇ قىزنىڭ ئۆڭى قارا ئۆرۈكتەك پارقىراپ تۇراتتى.

دىلدارىبىكە يارەمچىلىرىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ ئۇچىسىغا يامراپ كەتكەن قانلارنى ئېرتىپ پاكىز تازىلىدى. جاراھەت ئېغىزلىرىغا مەلھەم سۈرۈپ، شامالداتتى، ئاندىن ئاپپاق نېپىز بوز رەخت بىلەن ئۇچىسىنى تاڭدى.

— ھەر كۈنى بىر قېتىم تاڭىمەن، سىز بۇ ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرسىز، تاماق، چاي، يېمەكلىكلەر خالىغان ۋاقتىڭىزدا ئەكىرىپ بېرىلىدۇ، — دېدى ئىچى ئېچىشقان دىلدارىبىكە.

— رەھمەت، ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم.

— ئېرىڭىز ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈردىمۇ نېمە؟

— شۇنداق، ئاتاساغۇن خېنىم، — قارا تەنلىك قىزنىڭ تەرى تۇرۇلدى.

— نېمىشقا ئۇردى؟

— سۆزلىرىمگە قۇلاق سالدىڭ، دەپ گۇمانلانغان چېغى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى.

— كىملەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغانىدىڭىز؟

— مەن قەستەن قۇلاق سالمىغان ...

دىلدارىبىكە چۈشىنەلمىدى.

— ئەجەب ئىش، ئېرىڭىز لاتىپۇرۇشمۇ؟

قارا تەنلىك ئايال بېشىنى چايقىدى.

— ياق، ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم.

— ئۇنداق بولسا قاسساپمۇ؟

— ئېرىم لاتىپۇرۇشمۇ، قاسساپمۇ ئەمەس، بۇغرا قاراخانىنىڭ يۇغرۇش باشى قەيسەرىبەگ، خېنىم.

— قەيسەربەگ؟ ... ئېتىڭىز نېمە؟
— مايمۇنە، — قىز بولغان ئەھۋالنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى ...

# 4

تومۇزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئۆتمەكتە. تىنچىق دىمىق كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ بولۇۋاتاتتى. شامال، يامغۇردىن ئەسەر يوق ئىدى. قەشقەرنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا، كەڭ ـ تار كوچىلىرى ئىسسىقتىن قايناپ كەتكەنىدى، ئىسسىققا چىدالمىغان مۇھەممەد ئارسلانخان ئوپالدىكى خانلىق باغچىغا كەتكەنچە، كۈنلەرنى شىكار قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

بوزاغۇ ئوردىنىڭ ئۆزگە ئوگچە قالغىنىدىن شۇنچە خۇش ئىدى.

قەيەرگە بارسا بىللە ئېلىپ بارىدىغان ئېرىنىڭ بۇ قېتىم ئۆزىنى ھەرەمدە قويۇپ كەتكىنىدىن قۇمارىبىكە ئاچچىقلىنىپمۇ كەتمىدى، كۆڭلىگىمۇ ئالمىدى، ئۇ كۈندە دېگۈدەك ئوغلى، ئاكىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، تەختنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىنىۋاتاتتى. ئۇ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئۆزىدىنمۇ، ئاكىسىدىنمۇ گۇمانلىنىپ قالغىنىنى، ئەمما ئاسانلىقچە ۋاز كېچەلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ھۈسەيىن ئارسلانخان كەلگۈچە تەختنى تارتىۋېلىش تەييارلىقىنى تاماملاش زۆرۈر ئىدى. ئۇلار بۈگۈن كەچقۇرۇن مۇشۇ ھەقتە پىكىرلەشمەكچى.

قۇمارىبىكە دېرىزىدىن قاراپ ئولتۇرغاندا، ئوغلى ئىبراھىم تېگىن قەسىر ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ جاندىن ئەزىز كۆرىدىغان بۇ ئوغلىنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭغا سەپسېلىپ:

— ساقلىڭنى نېمىشقا قىرى ئادەمدەك قويۇۋەتتىڭ؟ بۇنداق يۇرسەڭ كۈمۈش تارىم ئەپرۇزەبىكەنىڭ كۆڭلى سەندىن سوۋۇپ

كەتمىسۇن، ئوغلۇم، — دېدى ئوغلىنى قەسرىنىڭ ئوردا بېغىغا قارايدىغان كۆركەم دېرىزىسى بار، ئىستىراھەت ئۆيىگە باشلاپ.

بويى پاكار، گۆشلۇك يۈزىدە چېچەك ئىزى بار ئىبراھىم تېگىن بېشىغا ئالتۇن ئوتۇغات، ئۇچىسىغا شايى كەمزۇل كىيىپ، بېلىگە قىلىچ ئېسىۋالغانىدى، سەمرىپ كەتكەچكە، قورسقى تومپىيىپ چىقىپ قالغانىدى. يۈزىدىكى چوقۇرلىرىنى ساقىلى يېپىپ تۇراتتى.

— ساقال ماڭا يارىشىدۇ، ئاتا، قويۇۋەتكىنىم ياخشى، — ئىبراھىم تېگىن ئۆسكىلەڭ سارغۇچ ساقىلىنى سىيپاپ، تۆردىكى بىر پايىلىك تەختكە چىقىپ ئولتۇردى، — تاغام، قېيىنئاتاملار كەلمەيتىغۇ؟ كېچىكىپ قالماي، دەپ ئىتتىك ماڭغىنىم تېخى.

— ئادەم ئۇچۇن سۆزىدە تۇرۇش ياخشى خىسلەت. سۆزىدە تۇرغان ئادەم تىلىگەن ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ.

— بۇغرا قاراخان بولۇش ئارزۇيۇمغىمۇ چوقۇم يېتەلەيمەن، ئاتا؟ — شاھزادە ھىجايدى.

— ئەلۋەتتە، يېتىسەن، ھۈسەيىن ئارسلانخان يەنە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يېتىپ كېلىدۇ. سەن تەختنى ئۇنىڭغا تارتقۇزۇپ قويماسلىقىڭ كېرەك! — قۇماربېكە تەكچىدىكى خۇمرىدىن بىر پىيالە شاراب قۇيۇپ بەردى، — قېيىنئاتاڭ كەلگۈچە روھلىنىۋال.

— ھەرگىز تارتقۇزۇپ قويمايمەن، ئاتا. ئۇنى ئوردىغا كەلمەستىلا ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئىبراھىم تېگىن، ئاندىن شارابنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

— ئالدىرىما، ئوغلۇم، بۇ سۆز باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز ئاغزىڭدىن چىقىپ كەتمىسۇن. كۆرۈنۈشتە ئاكاڭنىڭ تەختكە چىقىشىنى قوللىغاندەك بولۇۋېلىپ، قىلىچىڭنى ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇشقا ھەرقاچان تەييار تۇرغىن. ھەرگىز چاندۇرۇپ قويما، سەللا بىخەستەلىك قىلساڭ، تەختتىن قۇرۇق قالىسەن، —

قۇمارىبىكە ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇۋىدى، كېنىزىكى ئايچېچەك كىردى.

— ئالتۇن تارىم، يۇغرۇش باشى كەلدى.

— باشلاپ كىر!

— باش ئۇستىگە، — ئايچېچەك چىقىپ كەتتى ۋە تېزلا كىرىپ، ئىشىككە تارتىلغان كېپىنەك گۈللۈك پەردىنى قايرىپ تۇردى.

بوزاغۇ بىلەن دوقاقبەگ تەڭلا كىردى.

ئىبراھىم تېگىن دەسلەپ قېيىنئانىسىغا، ئاندىن ئاغىسىغا سالام بەردى، لېكىن تەختتىن تۇرمىدى. قۇمارىبىكە ئۇلاردىن ھال سوراپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بوزاغۇ ئىبراھىم تېگىننىڭ ئوڭ تەرىپىدە، دوقاقبەگ سول تەرىپىدە كۆرپىگە چۆكۈپ ئولتۇرۇشتى.

— ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇرغانلا سىڭلىم، تۈنۈگۈندىن بېرى ئىشلار ئالدىراش بولۇپ كېتىپ كېلەلمەي قالدىم. بۈگۈن پېشىن نامىزىدىن كېيىن دوقاقبەگ جانابلىرى بىلەن ھەرەمگە كىرەيلى دەپ تۇرساق، ھوسەيىن ئارسلانخاننىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپلاندۇرغۇچى چاپارمەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ھايال بولۇپ قالدۇق.

— قاچان كېلىدىكەن، ئاكا؟ — ئالدىراپ سورىدى قۇمارىبىكە سەل جىددىيلىشىپ.

— ئەتە كېلىدىكەن، سىڭلىم، بۈگۈن ئارتۇقچىكى سۇتۇق بۇغراخان ھەزرەتلىرىنىڭ مازىرىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. مەن ئوپالدىكى بۇغرا قاراخاننى خەۋەرلەندۇرۇش ئۈچۈن چاپارمەن ئەۋەتتىم. ۋەلىئەھدىنى ئوبدان كۈتۈۋالمىساق بولمايدۇ ـ دە، — دوقاقبەگكە مەنىلىك قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئوپالغا ئۆزۈم باراي دېسەم، بەزى زۆرۈر ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرالماي قالدىكەنمەن. بولۇپمۇ بۈگۈن سىلى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالمىساق بولمايدىغان مۇھىم ئىش بار، — دېدى

بوزاغۇ.

دوقاقبەگ قېرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىلا ئەمەس، قاش - كىرپىكلىرىمۇ ئاقىرىپ كەتكەنىدى، لېكىن دىلى بۇرۇنقىدەكلا قارا ئىدى.

— تاغا، ھېلىقى يوقاپ كەتكەن زەڭگە خوتۇنلىرىنى تاپالىدىڭمۇ؟ — سورىدى ئىبراھىم تېگىن ئۆتكەن ھەپتە ئۇنىڭدىن ئاڭلىغانلىرى بىردىن ئېسىگە چۈشۈپ.

بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغان قۇمارىبىكەمۇ، دوقاقبەگمۇ ھەيران بولۇشۇپ بىر - بىرىگە ئەجەبسىنىپ قاراشتى.

— تاپتىم، شاھزادەم. ئۇ بەدبەخت نەگە كېتەتتى؟ تومەن بويىدىكى چاتقاللىقتىن تېپىۋالدۇق. قاچقىنىغا مىڭبىر پۇشايمان يېگۈزدۈم.

— بۇ قانداق گەپ، ئاكا، ھېلىقى سىلى سېتىۋالغان قۇل قىز مايمۇنە قاچقانمىدى؟ تۇۋا، تۇتۇلغىنى ئوبدان بوپتۇ. بۇرنىنى كېسىۋەتسىلە ئۇنىڭ.

— خوتۇن خەقنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى بۇرنى بىلەن كۆزىدە، سىڭلىم، پۈتۈمنى يۇيۇشقىمۇ ئەزالىرى بېجىرىمرەك بىرسى بولمىسا بولمايدۇ.

تاغىسىنىڭ سۆزىدىن ئىبراھىم تېگىن كۈلدى، دوقاقبەگنىڭ تەرى تۇرۇلدى.

— باشقا گەپنى قويۇپ، مەقسەتتىن سۆز ئاچايلى. ھۈسەيىن ئارسلانخان كەلسە ئىشلار ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. بىز قاچان، قانداق قىلىپ، تەختتە ئىبراھىم تېگىننى ئولتۇرغۇزىمىز. مۇشۇ ھەقتە مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالايلى؟ — دېدى دوقاقبەگ پۇشۇلداپ تىنىپ.

بوزاغۇ، دوقاقبەگ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قۇمارىبىكە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇللاپ:

— ئىسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ھۈسەيىن ئارسلانخاننىڭ تەختكە ئولتۇرغان كۈنى ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ بالا - قازاغا ئۇچرىغان

ۋاقتى بولىدۇ. ئوغلۇم ئىبراھىم تېگىنمۇ شۇ كۈنى تەختتە ئولتۇرىدۇ. دوقاقبەگ جانابلىرىنى بارسىغانغا، ئاكامنى بالاساغۇنغا ئېلىپ كىرىپ چىقىپ، يولغا سېلىپ يارلىق چۈشۈرىدۇ. مانا مەن ئالتۇن تارىم تۆركەن خاتۇن بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىمەن، ئوغلۇمنىڭ تاج كىيىشىگە كىم قارشىلىق قىلىدىكەن، جايىدىلا ئۇجۇقتۇرۇلۇشى كېرەك. مەھمۇد تېگىننى ھەرگىز قاچۇرۇپ قويماڭلار! — دەپ تاپىلىدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر قېتىملىق قانلىق قىرغىن بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ھەرگىز قاچالمايدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مۇڭسۇزنى مەسئۇل قىلىمەن، — دېدى بوزاغۇ. دوقاقبەگ باش لىڭشىتىپ ماقۇللىدى.

— ئادەملىرىمىزنىڭ تەييارلىقى پۈتتىمۇ؟

— پۈتتى، ھاي دېسەكلا تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلىپ كېلىدۇ، — دېدى بوزاغۇ.

— تەييارلىقىمىز ئاللىقاچان پۈتكەن، ئالتۇن تارىم. قوزغىلىدىغان ۋاقتىمىز ھۈسەيىن ئارسلانخان تەختكە چىقىدىغان كۈن بولغاچقا، شۇ سائەتنىڭ كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق، — دېدى دوقاقبەگ ئاپپاق ساقىلىنى تۇتاملاپ. قۇماربىبىكە ئوغلىدىن سورىدى:

— سىلىنىڭچۇ بالام، تەييارلىقلىرى خام ئەمەستۇ؟

ئىبراھىم تېگىن كەسكىن جاۋاب بەردى:

— تەييارلىقىم ناھايىتى پۇختا، چاپاۋۇل قىسىم ئەمرىمنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئانا.

— ناھايىتى ئوبدان، ئەمدى تېزرەك تاج كىيىشنىڭ كويىدا بولغىن، ئوغلۇم.

ئۇ ئاكىسىدىن سورىدى:

— مۇڭسۇز ھېلىمۇ زىندان باشىمۇ؟

— ياق، ئۇ ھازىر جاندارلار باشى.

— ئۇنىڭدىن پەخەس بولۇشىمىز زۆرۈر، ئاكا. ئۇنى چوڭ

ئەمەلگە قويماسلىق كېرەك ئىدى، خەيرىيەت، ئاگاھ بولسىلا، قىلىچنى سىلىگە تەڭلەپ سالمىسۇن، ئۇ ناھايىتى قارامدەك قىلىدۇ.

بوزاغۇدىن بۇرۇن دوقاقيەگ ئېغىز ئاچتى:

— مەن مۇڭسۇزدىن ھەزەر ئەيلەپ قالدىم. جاندارلار باشى بولغاندىن بۇيان بەك كۆرەڭلەپ كەتتى.

— ئۇنى جاندارلار باشى قىلىشقا خاقاننى سىلى ئۇناتتىلىمۇ، ئاكا؟ — قۇماربىكە بۇ سوئالى بىلەن نارازىلىقىنى بىلدۇردى.

— شۇنداق سىڭلىم، ئۇ ھەم قارام، ھەم قورقۇمسىز. تەختنى تارتىۋېلىشتا مۇڭسۇزدەك ئادەم ناھايىتى كېرەك. ئۇ قىساسىنى ئېلىۋالسۇن، تەخت قولىمىزغا ئۆتكەن ھامان ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن، خاۋاتىرلەنمىسىلە، سىڭلىم.

ئاكىسىنىڭ سۆزىگە ئىشەنچ قىلالمىغان قۇماربىكە:

— ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداق پىلانلىرى بار، بۇنى خۇدايىم بىلىدۇ، ئاكا. ھەربىر ھەرىكىتىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغايلا، ئوغلۇمغا زىيان يەتكۈزۈپ قويمىسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

— شۇنداق بولسۇن، ئەمدى بىزگە رۇخسەت قىلسىلا، ئوردىغا چىقايلى، مۇھەممەد ئارسلانخان كېلىپ قالمىسۇن. ئۇ كەلسە، ھۇسەيىن ئارسلانخاننى قانداق قارشى ئالىدىغانلىقىمىزنى سوراپ، ئەمرىگە بىنائەن ئىش كۆرمىسەك بولمايدۇ، — بوزاغۇ ئورنىدىن قوپتى.

— ئولتۇرسىلا ئاكا، تاماق تەييار، ساقلاپ قويغان ياخشى شارابمۇ بار.

ئۇلار ئوردىغا چىققاندا شام نامىزىغا ئەزان ئېيتىلىۋاتاتتى. ئۇلار كەيپ ئىدى. كۆل ئەتراپىدىكى چايخانا، دۇكانلارغا شام چىراغلار يېقىلغانىدى. ئۇلار لەلەڭشىپ دوغچىنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ ئولتۇردى. دوغچى داۋاملىق بىكارغا دوغ ئىچىدىغان ۋەزىرلەرگە ياقتۇرمىغان ھالدا دوغ ئېتىپ بەردى. ئۇلار دوغ

ئىچىپ سەگىپ ئەمدىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىغا:
— يول بوشىتىڭلار! يول بېرىڭلار! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئۇلارنى ئالاقزەدە قىلىۋەتتى. بوزاغۇ:
— بۇ ... دۇرباشى① نىڭ ئۈنىغۇ، خاقان كەپتۇ، ئىشىكئاغىسى ... سالام بېرىپ كۈتۈۋالىيلى، — دەپ تۇرۇشىغا، ئەلچىخانا دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ كوچىدىن ئۇزۇن قالپاق كىيگەن، شاپ بۇرۇت بەستلىك ئادەم قولىدىكى ئاق تۇغنى پۇلاڭلىتىپ:
— يول بوشىتىڭلار خالايىق، شاھىنشاھ بۇغرا قاراخان كەلدى! — دەپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن توققۇز تۇغنى كۆتۈرگەن قىزىل چاپانلىق ئەمەلدارلار، ئالتۇن گۇرزە كۆتۈرگەن سېرىق تۇغلۇق ھۆرمەت قاراۋۇللىرى، ئاندىن كۆك ئارغىماققا مىنگەن بۇغرا قاراخان ئوتقاش - مەشئەل كۆتۈرگەن يۇرتۇغ، جاندارلىرى بىلەن تاراقلاپ كېلىپ ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى، ئۇ تىزلىنىپ سالام بەرگەن بوزاغۇ، دوقاقبەگنى كۆرگەندى.
— خاقان ئالىيلىرى، مۇبارەك قەدەملىرى ئوردۇكەنتكە قۇت ئاتا قىلغاي، — دېدى بوزاغۇ كۈمۈش ئۇزەڭگىگە كالپۇكلىرىنى تەگكۈزۈپ.
چايخانىلاردىكى ئادەملەر، دۇكاندار، ھۈنەرۋەن كاسىپلارمۇ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەزىم قىلىشتى.
— يوللىرىغا قاراپ تۇراتتۇق، شاھىنشاھىم. مۇبارەك قەدەملىرى ئوردۇكەنتكە يەتكەن چاغدا، ئۆزلىرىگە ئالاھىدە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش شەرىپىگە ئىگە بولغىنىمدىن بېشىم ئاسمانغا يەتتى، ئالىيلىرى، — دېدى دوقاقبەگ بوزاغۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا.

---

① دۇرباشى — پادىشاھ ئالدىدا يول بوشىتىڭلار، دەپ ۋارقىراپ ماڭىدىغان خادىم.

— نېمە خۇش خەۋەر، قاپۇغچى باشى؟ ئوغلۇمنىڭ كەلگىنى توغرىسىدىكى خەۋەر بولمىسۇن يەنە، — مۇھەممەد ئارسلانخان بىر ئاز ئېگىلىشتى. بېشىدىكى ئالتۇن تاجى دوقاقبەگنىڭ تىكىلگەن كۆزلىرىدە چاقنىدى.

— شۇنداق ئالىيلىرى، مەملىكىتىمىزنىڭ شەۋكىتى، ھەزرەتلىرىنىڭ قانىتى، ئادالەتنىڭ زۇلپىقارى ئالىپ ھۈسەيىن ئارسلانخان ئارتۇچقا كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئەتە كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق چاپارمەن كەلدى. سىلىنىڭ يوللىرىغا قاراپ تۇرغىنىمىزغا بىر ئاش پىشىم بولدى ...

دوقاقبەگنىڭ خۇپىسەنلىكىدىن ئاچچىقلانغان بوزاغۇ ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ دېدى:

— خاقان ئالىيلىرى، بارلىق ئوردۇكەنت ئەھلىنى ۋەلىئەھدىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىشقا تەشكىللەپ قويدۇم. رۇخسەت قىلسىلا، مەن بىر تۇركۇم يۇرتتوغلار بىلەن ئارتۇچقا بېرىپ ئېلىپ كېلەي.

— ئارتۇچقا ئۆزۈم باراي، ئوغلۇمنى شۇنچە كۆرگۈم كەلدى، — مۇھەممەد ئارسلانخان ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى.

— ئالىيلىرى، چارچاپ قالدىلا، ھەرەمگە كىرىپ ئارام ئالسىلا، خانىش ئالتۇن تارىم قۇمارىبىكە «شاھىم كەلدىمۇ؟» دەپ نەچچە قېتىم ئوردىغا كىشى چىقاردى.

— چارچاپمۇ كەتمىدىم، ئارتۇچقا بارغۇم بار، — خان ئېتىغا قامچا ئۇردى.

ئالتۇن گۈرزە كۆتۈرگەن ھۆرمەت قاراۋۇللىرى، يۇرتتوغ، ئەلەمدار، جاندارلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

# ئونىنچى باب

# ئوردۇكەنتتىن كەلگەنلەر

## 1

— ھەممە ئادەم ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ئىزدىنىدۇ، ئەمما ئادەملەرنىڭ ياخشىلىق توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئوخشىمايدۇ. بەزى ئادەملەر ياخشىلىقنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، دەپ بىلىدۇ. كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى بۇرچ ھېسابلايدۇ. ياخشىلىق قىلىش بىلەن پارلاق ھايات يولىنى ئاچىدۇ، باشقىلارغىمۇ يول ئېچىپ بېرىدۇ. بەزى ئادەملەر ياخشىلىقنى ئۆزىگىلا نەپ، مەنپەئەت يەتكۈزۈش، دەپ قارايدۇ. ياخشىلىقنى ئۆز غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى، دەپ بىلىدۇ. شۇ تونۇشتا ھاياتتا خاتا قەدەم باسىدۇ. تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىدۇ، ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ، شاھىم.

— پادىشاھلارمۇ شۇنداقمۇ، ھاجىپ؟

— پادىشاھلارمۇ ئىنسان. ئۇلار ياخشىلىق قىلىشنىڭ ھەممە ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا پادىشاھلارنىڭ ياخشىلىق توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى تېخىمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە، شاھىم.

— بۇنى بىلىمەن ھاجىپ. ياخشىلىق — پادىشاھلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەلگە قارىتىلىشى كېرەك، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئالىيلىرى، ياخشىلىق پادىشاھلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئادالەتتىن دېرەك بېرىدۇ. ئاۋامنىڭ كۆڭلى ئادالەتتىن

ئەمىن تاپىدۇ. زالالەتتىن سۇنىدۇ...

ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخان بىلەن بەگىيۇسۇپ ئوردا بىغىنىڭ يېشىل كاھىشلىق گۇمبەزلىك راۋىقىدا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى.

تۆتىلا تەرىپىگە كۇنگۇرىلىك ئىشىك بېكىتىلگەن، سالاسۇنلۇق، ئەگمە قۇببىلىك، گۇلدار بۇ كاتتا راۋاق ناھايىتى كۆركەم ئىدى. ھەممە تەرىپىدىن مەيىن شامال ئۇرۇپ ھوزۇر بېغىشلايتتى. ئۇنىڭ دۇپدۇگىلەك يېشىل گۇمبىزىنى ئون توققۇز مەرمەر تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ھەربىر ئىشىككە يەتتە پايىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققىلى بولاتتى. بۇ راۋاقنا ئەللىك ـ ئاتمىش ئادەم غىزالىنالايتتى. بۇ راۋاقنى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بالاساغۇن دىيارىغا ئىلىكخان بولۇپ كەلگەن يىلى ياساتقانىدى.

ئىلىكخان ياز، كۈز ئايلىرىدا مۇھىم كېڭەشلەرنى، بەگ تەركىسىنى مۇشۇ راۋاقتا ئۆتكۈزەتتى. كۆڭلى تارتقان كىشىلەر بىلەن مۇشۇ راۋاقتا ھەمسۆھبەت بولاتتى. بەگىيۇسۇپ بىلەنمۇ كۆپرەك مۇشۇ راۋاقتا سىردىشاتتى.

بۈگۈن جۈمە نامىزىدىن كېيىن، بەگىيۇسۇپنى راۋاققا تەكلىپ قىلغان ئىلىكخان ئۇنىڭ بىلەن ئانار شەربىتىنى ئىچكەچ سۆزلىشىپ ئولتۇرغىنىغا يېرىم سائەتتىن ئاشقانىدى.

ئوردۇكەنتتە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى، مەملىكەت ئەھۋالى، باج ـ سېلىق ھەققىدىكى سۆزلىرى تۈگەپ، ئۇلار پادىشاھلارنىڭ پەزىلەت ـ خىسلىتى توغرىسىدا گەپ باشلاشقانىدى.

— توغرا دېدىڭىز، بەگىيۇسۇپ، تاج كىيىپ ئەلگە ئادىل بولمىغان پادىشاھ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلمىغان پادىشاھدۇر. رەھمەتلىك ئاتام: «جەڭگاھتا ھەرقانچە باتۇر بولسىمۇ، ئاۋامغا غەمخان بولالمىغان پادىشاھ ھىمايىچىسى، يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ» دەيدىغان، — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىلىكخان بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —

مۇھەممەد ئارسلانخان تاغام ھوشىنى تېپىۋالسا بولاتتى. ئۇ قارا نىيەت، پىتنىخور مۇناپىقلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئاتامنىڭ ۋە نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئەمدى نۆۋەت ئۆز بېشىغا كەلگەندەك قىلىدۇ. پېقىر، خانلىقىمىزنىڭ يەنىمۇ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

— پاك بولۇش، ئادىل بولۇش، باھادىر بولۇش — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەزرەتلىرىدىن قالغان ئۈچ پەزىلەتتۇر. بۇ ئۈچ پەزىلەتنى دەسلەپ سېيىت ئەلى ئارسلانخان ھەزرەتلىرى جارى قىلىپ ئۇ دۇنياغا رىھلەت قىلدى. ئەھمەد تۇغانخان باتۇر بولسىمۇ، ئادىل بولالماي دۇنيادىن ئۆتتى. كۆڭلى نېمىگە تارتسا شۇنى قىلىدىغان مەنسۇر ئېلىكخان باتۇرمۇ، ئادىلمۇ بولالمىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى نادامەتتە ئۆتكۈزدى. يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ، سۇلايمان ئارسلانخانلار بۇ ئۈچ پەزىلەتكە ۋارىسلىق قىلىپ مەملىكەتنى گۈللەندۈردى. بىراق، مۇھەممەد ئارسلانخان بۇ پەزىلەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئالىيلىرىنىڭ مەكتۇپىگە قايتۇرغان جاۋابى ئۇنىڭ ھوشىنى تاپقان ـ تاپمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ تەدبىر قوللىنىش ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىقتۇر، — دېدى بەگيۈسۈپ.

— تېزرەك جاۋاب كەلسە بولاتتى، ھاجىپ. ئىككىنچى مەكتۇپنى ئەۋەتكىنىمىزگىمۇ بەش ـ ئالتە ئاي بولۇپ قالدى. تاغام مەھمۇد ئارسلانخان، ئىبراھىم بۆرە تېگىنلەردىن جاۋاب مەكتۇپ كەلگىلى نەۋاق. ئۇلارنىڭ مېنى قوللاپ بەرگەن مەدەتنى بىلەن ھازىرغىچە روھلىنىپ كېلىۋاتىمەن. ئۇلاردىن كۆپ مىننەتدار بولساممۇ، كۆڭلۈم بەك يېرىم.

— پېقىرمۇ ئەنسىرەپ قىلىۋاتىمەن، ئالىيلىرى. جاۋاب مەكتۇپنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. يەنە بىرنەچچە كۈنگىچە خەۋەر كەلمىسە ئوردۇكەنتكە ئادەم ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈرسەك بولىدۇ. مەكتۇپنىڭ بۇنداق كېچىكىشىدە چوقۇم بىر سەۋەب بار. ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر كۆڭۈللىرى

يېرىم بولماسلىقى، ئەل ئۈستىگە چۈشكەن ئېغىرچىلىقنى قەيسەرلىك بىلەن كۆتۈرۈشلىرى، دۈشمەنلەرنىڭ يوشۇرۇن - ئاشكارا قىلغان تەھدىتىگە جاسارەت بىلەن تاقابىل تۇرۇشلىرى زۆرۈر، ئېلىكخان ئالىيلىرى.

شاھانە تائاملاردىن كېيىن شېرىن دەملەنگەن چاينى ئىچىپ راھەتلەنگەن بەگيۈسۈپ داستىخان يىغىلىشى بىلەنلا ئېلىكخانغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى.

بەگيۈسۈپ جۈمەدىن باشقا كۈنلىرى چۈشكىچە ئوردا خىزمىتى بىلەن بولۇپ، پېشىندىن كېيىن «بۇغراخان»، «رەيھانىيە» مەدرىسەلىرىدە دەرس بېرەتتى. پۈتۈن ئەل دەم ئالىدىغان جۈمە كۈنىلا ئېلىكخان ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولاتتى.

بەگيۈسۈپ بىلەن مۇھاكىمە، مۇنازىرە قىلىدىغان ئالىم - دانىشمەنلەر، ئۇنىڭ سۆھبىتىگە تەشنا تىجارەتچى زەردارلار، ھۈنەرۋەن كاسىپلار، يىراق - يېقىندىن مەسلىھەت سوراپ كېلىدىغان كىشىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ كۆرۈشمەي تۇرۇپ ھېچكىمنى ئىشىك ئالدىدىن قايتۇرمايتتى. ۋاقتى شۇنچە زىچ ئىدى. كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالاتتى. يازماقچى بولغان كىتابى ئۈچۈن كېلىۋاتقان يېڭىدىن - يېڭى ئوي - پىكىرلىرىنى خاتىرىلىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈرەتتى. ئۈلگۈرەلمىگەنلىرى كۆڭۈل سارايىغا توپلىناتتى. كېچىلىرى ئوي - پىكىرلەر دېڭىزىدا ئۈزۈپ، قىرغاققا يەتكۈچە تاڭ ئېتىپ قالاتتى.

ئۇ بۈگۈن ئوردىدىن قايتىپ ئۆيىگە كەلگەندە، تېخى نامازدىگەر بولمىغانىدى. «مەلۇم بولدىكى، ئېلىكخان ئوردۇكەنتتىن كېلىدىغان مەكتۇپقا ئىنتىزار ئىكەن. ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن ئادىي توغرۇلۇقمۇ خەۋەر يوق. بىر خەۋەر كەلسە بولاتتى ...» دەپ ئويلاپ خانىسىغا كىرگەن بەگيۈسۈپ ئىختىيارسىز ئاسقۇغا تىكىلدى. تۈچ ئاسقۇ پارقىراپ تۇراتتى.

ئىلگىرى بۇ ئاسقۇغا مەرھۇمە ئاقىبىرانىڭ ئەتلەس كۆڭلىكى بىلەن قاما تۇمىقى ئېسىقلىق ئىدى. بىر كۈنى كۆڭلەك بىلەن تۇماق ئاسقۇدىن غايىب بولدى. ئۇ بۇ توغىرۇلۇق ھېچكىمدىن سورىمىدى. قىزى بۇۋئايىشەنىڭ قاراشلىرىدىن كۆڭلەك بىلەن تۇماقنىڭ غايىب بولۇپ كېتىش «سىرى» نى بىلگەندەك بولۇپ ئۈندىمىدى. شۇڭا، ئاسقۇنى بوش قالدۇرۇپ قويدى. لېكىن، ئۇنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپلا نەزىرى يەنە شۇ ئاسقۇغا چۈشۈپ قالاتتى. «بۇ دۇنيا قونالغۇ، ئۆزگەرگەن كارۋان، قونالغۇدا كارۋان قانچىلىك تۇرغان؟» دەپ پىچىرلايتتى. ۋاپات بولغانلار كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكەندە: «پىكىر قىلغۇچى ھەربىر ئىنسان بۇ قونالغۇدا يەنە قانچىلىك تۇرىمەن؟ قانداق ياشىشىم، بالىلىرىمنى قانداق تەربىيەلىشىم، قانداق نام قالدۇرۇشۇم كېرەك؟ دەپ ئۆزىگە سوئال قويۇشى ۋە بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشى كېرەك» دېگەن ئويغا كېلىپ ئۆزىگە يېڭىدىن - يېڭى تەلەپلەرنى قوياتتى. «نەپسىمگە بېرىلمەسلىكىم، ئۆز كۆمىچىمگە چوغ تارتماسلىقىم، كەڭ قورساق بولۇشۇم لازىم» دەپ ئۆزىنى ئۈنتۇغان ھالدا جامائەت ئىشىغا بېرىلىپ كېتەتتى. ئۇ مۇشۇ تاپتا كۆزىنى ئاسقۇدىن ئېلىپ قولىغا فارابىنىڭ «بەخت توغرىسىدا» ناملىق كىتابىنى ئالدى ۋە ئوقۇشقا باشلىدى:

«سائادەت ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن بىللىدۇ. لېكىن، ئىنسان بۇنى بىلمەيدۇ. ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇ يىنھان بەختنى ئىزدەپ ياشايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي دۇنيادىن ئۆتىدۇ. ئېرىشكەنلەر بولسا ئاشۇ بەختنىڭ ۋاپا - ساداقىتى ئۆز ئەجىر - مۇھەببىتىدىن كەلگەنلىكىنى يەنىلا بىلەلمەيدۇ. بەختلىك تۇرۇپ بەخت ئىزدەيدۇ ...»

— ئاتا، ئۆيدە بار ئىكەنلا.

بۇۋئايىشەنىڭ ئۈنىنى ئىشىتكەن بەگيۇسۇپ كىتابنى ياپتى.

— بالام، ئەجەب ئوبدان ۋاقىتتا كەلدىلە، — ئۇ قىزىنىڭ يېنىغا كىرگىنىدىن تولىمۇ خۇش بولدى. بىر ھەپتىدىن بېرى

كۆرۈشەلمىگەچكە سېغىنىپ قالغانىدى.

— مەن نەچچە قېتىم كەلدىم، ئاتا. بەزىدە سىلى يوق، بەزىدە يانلىرىدا ئادەم بولغاچقا كۆرۈشەلمىگەنىدىم. سىلىنى شۇنچە كۆرگۈم كەلدى، — بۇۋىئايىشە قولىدىكى يۆگەكلىك ھېجىرنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، يۈكۈندى، — چۆچۈرە ئەتكەن، ئاتا. سىلى باشقا تاماقلارغا داخىل بولسىلىمۇ، چۆچۈرىگە داخىل بولالماي قالىلا. ھاردۇقى چىقىپ قالار دەپ ئېلىپ كەلدىم.

— رەھمەت بالام. چۆچۈرىنى سېغىنىپ قالغانىدىم. سەل تۇرۇپ يەي، بولامدۇ؟ — بەگيۇسۇپ قىزىنىڭ قارا چاچلىرىنى سىلىدى، — داۋالىنىۋاتقان كېسەللەر ھېلىمۇ كۆپمۇ، بالام؟ ئاتاساغۇن دىلدار ئاپىلىرى كەتكەندىن بېرى يالغۇزچىلىقتا تازا جاپا تارتتىلا. ياردەم بېرەلمىدىم.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيدىلا، ئاتا. سىلى بولغاچقا شۇنداق ياخشى تۇرۇۋاتىمەن. ئادەم ئۆزى ياقتۇرۇپ قىلغان ئىش ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلدۇرمايدىكەن. مەن ھازىر يالغۇز ئەمەس. ئاشان بوۋامنىڭ بىر قىزى، ئايسىلىگ ھامامنىڭ بىر قىزى ماڭا شاگىرت. ئۇلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە شاگىرتىممۇ بار. ئۈچ شاگىرتىم دورا ئۆسۈملۈكلەرنى يىغقىلى دالاغا چىقىپ كەتتى. ئىشىم ئالدىراش، ئەمما ئۇنۇملۈك بولۇۋاتىدۇ، — بۇۋىئايىشە ئۆزى ئىشتىياق باغلىغان داۋالاش خىزمىتى ھەققىدە شۇنداق قىزغىن سۆزلەپ بەردىكى، بەگيۇسۇپ سۆيۈنۈپ كەتتى.

— ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ بالام. مەن سىلىدىن بەك رازى!

بۇۋىئايىشە ئاتىسىنىڭ ھارغىن چىرايىغا قارىدى:

— سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان ئادەملەر نېمانچە كۆپتۇ، ئاتا؟ ھەممەيلەننىڭ ھالىغا يېتىمەن، دەپ ۋاقىتلىرىنى ئىسراپ قىلماسلىقلىرى كېرەك ئىدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، قىزىم، — دېدى بەگيۇسۇپ، — ئىشىكىم ئالدىغا كەلگەن كىشىدىن ئۆزۈمنى زىنھار

قاچۇرمايمەن. بەلكىم ئۇ مەن بىلمەكچى بولغان بىر ھېكمەتنى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن. ئۆمۈرۋايەت ئوقۇغۇچى بولغان ئادەم كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بۆگۈ بىلگە، بوغۇغ بولالايدۇ.

— سىلىدەك ئاق كۆڭۈل بوغۇغدىن دۇنيادا يەنە بىرسى بارمىدۇ، ئاتا؟ سىلى نېمىدېگەن ئوبدان، كۆكسى ـ قارنىلىرى نېمىدېگەن كەڭ؟ ئۇكام بەگتۇرمىشنىڭ «ئاتام ئۆزىنى باشقىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئاتمۇەتكەن دانا، ئۆزىنىلا ئەمەس، بەزى ھالدا بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ» دېگىنى توغرا ئىكەن. شۇنداقمۇ، ئاتا؟

بەگيۇسۇپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى: «مەن شۇنداق ئادەممۇ؟ ھەتتا بالىلىرىمنى ئۇنتۇپ قالغان بوغۇغمۇ؟ بۇ مېنىڭ باغرى يۇمشاقلىقىمنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى تاش يۈرەكلىكىممۇ؟ ...»

ئۇ چۆچۈرىدىن كىچىك پىيالىگە بۆلۈپ ئالدىرىماي يېدى.

— قورساقلىرى توق ئوخشىمامدۇ، ئاتا؟ — دېدى بۈۋىئايىشە، بەگيۇسۇپنىڭ زورلاپ يەۋاتقىنىغا زەن سېلىپ.

— ئوردىغا — ئېلىكخان قېشىغا بارغانىدىم، — بەگيۇسۇپ، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىنى دەپ بەردى.

— ھە، شۇ يەردە مېھمان بولۇپلا ـ دە، ئۇنداق بولسا ئۆيلەرنى بىر يېغىشتۇرۇپ بېرەي، — بۈۋىئايىشە قوپتى.

مەرھۇم بوۋىسىنىڭ قاما تۇمىقى بىلەن بۆرە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسىنى ھويلىدا قېقىپ كىردى. ئاندىن كىيىملەرنى شامالداتماقچى بولۇپ ساندۇقنى ئاچتى. بەقەسەم تون بىلەن بادام دوپپىنى ئېلىپ بوش ئاسقۇغا ئېسىپ قويدى.

— ئاتا، بۇ، تون سىلىگە ناھايىتى يارىشىدۇ. يامغۇر ياغقان، شامال چىققان چاغلاردا كىيىۋالسىلا. دىلدارىمكە ئاپامنى ئۇنتۇپ قالمىغانلا؟ ئۇ ئۇستازىمنى بەك كۆرگۈم كەلدى. قۇزئوردۇغا يەنە كېلەرمۇ ـ ھە؟

بەگيۇسۇپ قىزنىڭ بۇ مەنىلىك سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭمۇ دىلدارىبىكەنى كۆرگۈسى كەلگىنىنى ھېس قىلدى.

— ئۇنتۇپ قالمىدىم، بالام. ئۇ بىر پەزىلەتلىك ئاتاساغۇن. قۇزئوردۇدا ياخشى نامى قالدى، — بەگيۇسۇپ ئاسقۇدىكى ئاقىىرانىڭ كۆڭلەك، تۇمىقىنىڭ غايىب بولغىنى ھەققىدە ئىغىز ئاچمىدى. بۇنى سوراپ قالارمىكىن، دەپ ئوڭايسىزلانغان بۇۋئايىشە ئىختىيارسىز سوئالىنى تەكرارلىدى:

— دىلدارىبىكە ئاپام قۇزئوردۇغا يەنە كېلەرمۇ؟

— بىر نېمە دېيەلمەيمەن، قىزىم. خۇدا رىزقىنى سالغان بولسا كېلىپ قالار ...

— ئاتا، سىلى تەكلىپ قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتسىلە كېلەتتى ... جېنىم ئاتا، مەكتۇپ ئەۋەتسىلە ... ماقۇلمۇ؟

— بالام، ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسى بار، ئۆز يۇرتىنى، يارۇ دوستلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتقا كېتىش كىشى ئۈچۈن ئاسان ئەمەس. مەكتۇپ ئەۋەتىپ كېلىشكە زورلىسام بولمايدۇ. مەن ئۇ بۆگۈ بىلگە قىزنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىمەن.

— ئاتا، سىلى ئۇمۇرۋايەت مۇشۇنداق يالغۇز ئۆتەمدىلا؟ — دېدى كۆزلىرى ياشلانغان بۇۋئايىشە.

— مەن ئانىلىرىڭنىڭ پاك روھىغا ھەمراھ بولۇپ ياشايمەن، قىزىم. بۇ ئۆيدە تەنھا بولغىنىم بىلەن ئانىلىرىڭنىڭ روھى ھەمىشە يېنىمدا، — بەگيۇسۇپنىڭ ئۇنى ناھايىتى بوش، ھەسرەتلىك چىقتى. ئۇ ياش تۇرۇپ ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغان قىزىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى زىيادە قىلماي دەپ، ئاقىىرا توغرۇلۇق ئۇندىمىدى. بۇۋئايىشەمۇ ئەل غېمى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز پايپېتەك بولۇپ تارتىلىپ كېتىۋاتقان ئاتامنىڭ پىغانىنى ئۆرلەتمەي، دەپ ئانىسىنى ياد ئېتىپ كۆز يېشى قىلمايتتى، ئېرى ھەققىدىمۇ زۇۋان سۈرمەيتتى. بۇ ئاتا ـ بالا ئۆز دەردىنى ئۆزلىرى بىلەتتى. ئىلاج بار بىر ـ بىرىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. كۈتمىگەن چاغدا بۇ گەپنىڭ چىقىشى ھەر

ئىككىيلەننىڭ كۆڭۈللىرىنى مالال قىلىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ ئېغىزدىن چىقىرالىغان گەپنى بۇۋىئايىشەنىڭ توختاتقۇسى كەلمىدى.

— ئاتا، بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا. ئانامنىڭ پاك روھىنى شۇنچىلىك ياد ئېتىپ تۇرغانلىقلىرىنىڭ ئۆزى سىلىنىڭ قانچىلىك پەزىلەتلىك ئادەم ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۇرىدۇ. لېكىن، سىلى يالغۇز، قايتا ئۆيلىنىش — سىلى قىلمايدىغان ئىش ئەمەس ھەم بۇنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ. بەلكى قوللايدۇ.

— توختىسىلا، بالام. دېمەكچى بولغانلىرى ...

— يوقسۇ، ئاتا، بۇ گەپنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. قىزلىرى تۇرۇپ مۇنداق گەپنى قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى ... ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا. بۇ گەپنى مەن دېمىسەم كىم دەيدۇ؟ مەن كۆيۈنمىسەم كىم كۆيۈنىدۇ؟ ... ھېلىمۇ ئاپامنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ كېلىۋاتىدىلا، بىز بۇنىڭدىن رازى. لېكىن، سىلىگە بىر ھەمراھ ...

— بالام ...

بۇۋىئايىشە ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى قاچۇرغىنىغا قارىماي سۆزىنى كەسكىن داۋاملاشتۇردى:

— سىلىگە ئانامدەك ۋاپادار بىر ھەمراھ بەكمۇ كېرەك. دۇنيادا ئەرنى ئەر قىلىدىغان بىر ۋاپادار ئايال...

قىزىنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق بۇنداق ئىنچىكە ئويلىشى ئاتا بولغان بەگيۇسۇپنى تەسىرلەندۈردى ھەم ئۇنى ئويغا سېلىپ قويدى.

— بالام، دېگەنلىرىنىڭ ئورۇنلۇق تەرەپلىرىمۇ بار. خۇدا خالىسا ئوغلۇم بىلەن سىلىگە كۆيۈنىدىغان بىر ئانىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىش توغرىسىدا ئويلانمىسام بولمىغۇدەك. ئوردۇكەنتتىن ئادەم كەلمەكچى، كۈتۈۋاتىمەن. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئاندىن بۇ ھەقتە سۆزلىشەرمىز، ماقۇلمۇ، قىزىم؟

— بولـدۇ ئاتا، سىلى ۋەدىلىرىدە تۇرالايدىلا.
بەگيۇسۇپ بۇگۇن قىزىنى قايتىدىن چۇشەنگەندەك بولدى. بۇۋىئايىشە مەرھۇم قۇمىبا، ئايتولۇنلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئەرلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆزىنى تاشلىۋېتىشكەن، ئۇي بىلەنلا بولۇپ قايغۇ - ھەسرەتتىن قۇتۇلالمىغانىدى. بۇۋىئايىشە بولسا بوي بەرمىدى، تىرىشىپ يۇرۇپ ئاتاساغۇن بولدى. ئۇ ھايات ئۇچۇن يەڭ تۇرۇپ ئاتلانغانىدى.
نامازشامدىن كېيىن بۇۋىئايىشەنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىققان بەگيۇسۇپ:
— خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە كەچقۇرۇن جانىمدا غوجام بالامنى كۆرگىلى بارىمەن قىزىم، خوش! — دەپ ئامانلىق تىلەپ، ئاتنى يورغىلىتىپ كېتىۋاتقان قىزىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

## 2

بەگيۇسۇپ پېشىن نامىزىنى رەيھانىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇدى. تالىپلارغا پەلسەپە تارىخىدىن ئىككى سائەت دەرس ئۆتتى. ئارقا - ئارقىدىن بېرىلگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ دەرسخانىدىن چىقىشىغا يەنە بىر توپ مۇدەررىس، تالىپلار ئۇنى ئورىۋالدى.
ئاتىسىنى ساقلاپ ئىچى پۇشقان بەگتۇرمىش يا تولاپ چاقىرالماي، يا كېتىۋېرىشكە كۆڭلى ئۇنىماي كۆل بويىدا تۇراتتى.
تالىپلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتكە چۇشۇپ كەتكەن بەگيۇسۇپ ئۇنى كۆرمىگەنىدى.
— ئۇكام بەگتۇرمىش، — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان يىگىت ئارقىسىغا بۇرالدى.
— ئادارباي ئاكا، — دېدى ئۇ شايى تون كىيىپ بادام دوپپىسىغا ئاق سەللە ئورىغان سالاپەتلىك قارا ساقال كىشى

بىلەن قول بېرىپ كۆرۈشۈپ، — كېلىپ قاپتىلىغۇ، كىمنى ئىزدەپ كەلدىلە؟ خىزمەتلىرىدە بولاي.

«ئەجەب خوش مۇئامىلە، تەۋەززۇلۇق يىگىت بوپتۇ. كىچىكىدە بەك شوخ ئىدى» دەپ ئويلىغان ئادار:

— ئاتىلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، — دېدى.

— ئاتام ئەنە ئاۋۇ كايىۋاندا شاگىرتلىرى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرىدۇ، — قولى بىلەن كۆرسەتتى بەگتۇرمىش.

ئادارغا كۆزى چۈشكەن بەگيۇسۇپ شاگىرتلىرىدىن ئايرىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

— ئوردۇكەنتتىن ھېلىلا كارۋان كەلدى. بىزنىڭ تىللا سارىيىمىزغا چۈشتى. شۇڭا، جانابلىرىنى ۋاقىپلاندۇراي، دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى ئادار.

— بىز تونۇيدىغانلار بارمىكەن؟ — سورىدى بەگيۇسۇپ.

— بار ئىكەن جانابلىرى. ئۆزلىرىگە سوۋغا، مەكتۇپمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خانىش، شاھزادىلەرمۇ بولغاچقا ئۆزلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇشنى زۆرۈر تاپتىم.

بەگيۇسۇپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئوغلى ۋە ئادار بىلەن بالاساغۇننىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىسىدىكى تىللا سارىيىغا يۈرۈپ كەتتى.

ئالتۇن سۇيىدە ھەل بېرىلگەن كۆركەم دەرۋازىدىن تىللا سارىيىغا كىرگەندە بەگتۇرمىشنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى. جىرىڭلىغان تىللا، ئالتۇننىڭ ئۇنى ھەر ياندىن ئاڭلىناتتى. بۇ سارايىنىڭ ئالدى تەرىپى دۇكان، ئىچى كاتتا سەينا ئىدى. سەينانى چۆرىدەپ سېلىنغان ھۇجرا ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرى قاپقاقلىق، ئالدى تال ـ باراڭ ياماشقان پېشايۋانلىق سۇپا ئىدى.

ئۇلار سەينانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىشلىق يول بىلەن زەردارلارنى ئارىلاپ ماڭدى. بەگيۇسۇپنى كۆرگەن زەردارلار، ئېلىپساتارلار ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سالام بېرىشتى.

تىللا سارىيىنىڭ غوجايىنى بولغان ئادارنىڭ خانىسى ئەڭ

ئىچكىرىدە بولۇپ، بىرقانچە ئېغىز ئۆيدىن ئىبارەت ئىدى.

تىللا سارىيى بەگتۆمۈر ۋاقتىدا سېلىنغان، كېيىن رەيھانىدىنبەگ كېڭەيتىپ ياسىغانىدى. بەگيۈسۈپ بويانقار، يارۇقلار بىلەن بۇ سارايدا سودىنى يۈرۈشتۈرۈپ ئاۋات قىلغانىدى. بويانقار، يارۇقلار پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئادار بۇ تىللا سارىيىنىڭ غوجايىنى بولۇپ قالدى. ئۆزىنى رەيھانىدىنبەگ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ بىلگەن ئادار ئېغىر ـ بېسىقلىقى، كەسكىن پىكىرلىكلىكى، سودىدىكى ئادىللىقى، مەردلىكى بىلەن پالاساغۇننىڭ تىجارەتچى، زەردارلىرى ئىچىدە ئابرۇي قازاندى ... لېكىن، ئۆزىنى يەنىلا بىر خىزمەتچى ھېسابلاپ، كىرىم ـ چىقىم، پايدا ـ زىيان توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى بەگيۈسۈپكە ئايمۇئاي يوللاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ساداقىتى بەگيۈسۈپنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى. بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ مەرھۇم ئاتىسىدىن قالغان پۈتۈن بايلىقىنى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئۆزىنىڭ ئاچىلىرى ۋە بويانقار، يارۇق، ئادارلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدى. باش خوجايىن بولغان ئادار ئۇلارنى رازى قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

بەگيۈسۈپ ئادار ئىش بېجىرىدىغان بىرىنچى ئۆيگە كىرىپ، قەشقەردىن كەلگەن تىجارەتچىلەر بىلەن كۆرۈشتى. بەگتاش خېلىلىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا بىر مەكتۇپنى بەردى.

— خانىش، شاھزادىلەر ئىچكىرىدىكى ئۆيدە، — ئادار قولى بىلەن نەقىش چېكىلگەن گۈلدار ئىشىكنى كۆرسەتتى.

— ئاۋۋال كەلگىنىمىز توغرۇلۇق خانىشنى ۋاقىپلاندۇرايلى، ئادار ئاغا، — دېدى بەگيۈسۈپ.

بەگتۇرمىش ئاتىسىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىشىكنى يېنىك چېكىۋىدى، بىر زەڭگى غۇلام چىقتى.

— بەگيۈسۈپ جانابلىرىنىڭ كەلگىنىنى خانىش ئالىيلىرىغا ئېيتقان بولسىڭىز، — دېدى ئادار ئەرەب تىلىدا. غۇلام كىرىپ كېتىپ، ھايال بولمايلا ياقۇپ تېگىن چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كىشى قارا، — شاھزادە سالام بەردى. بەگيۇسۇپ غۇلچىنى كەڭ يايدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تېگىن، سالامەت كېلىشىپتىلا. خەۋەرسىز قاپتۇق. بولمىسا ئالدىلىرىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان بولاتتۇق.

ئۇلار قۇچاقلاشتى. بەگتۇرمىشمۇ ياقۇپ تېگىن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئابام خەۋەر بېرىشكە ئۈنىمىدى. ئالىمادىس بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ئوخشايدۇ. سارايغا چۈشۈپلا ئوردىغا ئادەم ئەۋەتتۇق، ئاكام كېلىپ قالارمىكىن. ئۆزلىرى ئالدىمىزغا كېلىپ بىزنى خۇرسەن قىلدىلا.

— ئۇنداق دېمىسىلە، تېگىن. كۆزىمىز يولدا ئىدى. خەۋپ — خەتەرگە ئۇچرىماي، شۇنچە يىراق مەنزىلدىن سالامەت كېلىشكەنلىرى ئۈچۈن ئېلىكخان ئالىيلىرى ناھايىتى خۇشال بولىدۇ. ئوردىغا مەن باشلاپ باراي.

— ئابامغا دەي، — تېگىن ئۆيگە كىرىپ تېزلا يېنىپ چىقتى.

— ئابامنىڭ سىلى بىلەن كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن. كىشى قارا، مەرھەمەت قىلغايلا.

بەگيۇسۇپ ئىران گىلىمى سېلىنغان ياسىداق ئۆيگە كىرىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەلىكە ئالىيلىرى، تەۋەررۇك قەدەملىرى قۇزئوردۇغا قۇت ئاتا قىلغاي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئايزادە تۈركەن خاتۇن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھېلىمۇ ھازىلىق كىيىمىدە ئىدى. يۈزىنى چۈمبەل يېپىپ تۇراتتى، — بۆگۈ بىلگە جانابلىرى، ئۆزلىرى مەرھۇم بۇغرا قاراخانىنىڭ يۇغرۇش باشى ئىدىلە. پەلەك چاقى تەتۈر چۆرگۈلەپ ئەل ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. كۆرمىگەن كۈنىنى كۆردىلە. ھالبۇكى، ساداقەت كەمىرىنى چىڭ باغلاپ قۇزئوردۇغا

قايتىپ كەلدىلە. تەقدىر ئىرادە بىلەن بىزمۇ مەھمۇد تېگىن بالامنىڭ ھىمايىسىدە، ئاخىر ئوردۇكەنتتىن يوشۇرۇنچە يولغا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. قۇزئوردۇغا سالامەت يېتىپ بېرىشىمىزغا ئىشەنچىمىز يوق ئىدى. يول بويى غەم - ئەندىشىدىن خالىي بولالمىدۇق. بالا - قازادىن ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، جانابلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشتۇرگەن ئاللادىن مىننەتدارمەن، يۈغۈرۈش باشى. ئۆزلىرىگە پۈتۈن ئوردۇكەنت ئەھلى سالام يوللىدى، — ئايزادە تۈركەن خاتۇن، بوي تارتىپ زىلۋالىشىپ كەتكەن ئالقىشىبكەنىڭ ياردىمى بىلەن ئاستا ئولتۇردى. بەگيۈسۈپنىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

خانىشنىڭ چۈمبەل توسۇپ تۇرغان چىرايىنى كۆرەلمىسىمۇ، يۈرەك - باغرىنىڭ دەرد - ئەلەم بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيغان بەگيۈسۈپ ئۇنىڭ مىسكىن ھالىغا ناھايىتى ئېچىندى.

— قۇنچۇي ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ئەلنىڭ دۇئاگۇي ئانىسى. كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا. ۋەلىئەھدى بولغان ئوغۇللىرى ئېلىكخان تەختىدە بەرقارار، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن قۇزئوردۇغا سالامەت كەلدىلە. ھەممىمىز ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولىمىز، — دېدى ئۇ.

— رەھمەت، بۆگۈ بىلگە جانابلىرى. ياشانغان چېغىمدا بۇخاراغا كېتىپ، ئاتا - ئانامنىڭ ئايىغىدا يېتىش ئارزۇسىدىمەن، — خانىش كۆز يېشىنى توختىتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىمىسىلا، خانىش ئالىيلىرى. ئاللا سەۋرلىك بەندىلىرى بىلەن بىللە.

ئادار ئىشتىك كىرىپ ئېلىكخاننىڭ كەلگىنىنى مەلۇم قىلدى.

يېشىنى ئېرتىپ ئورنىدىن تۇرغان ئايزادە تۈركەن خاتۇن ئىشىككە قاراپ مېڭىشىغا، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان خانىش ۋە كېنىزەكلەر بىلەن كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇزرۇكۋارىم ئابا، — ئۇ كەلگىنىچە ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، قارا كىمخاب نىمچىسىنىڭ پەشلىرىنى كۆزىگە سۈرتتى، — خىزمەتلىرىدە بولالمىدىم. ئاتامدىن رازىلىق ئالالمىدىم. كېلىشلىرىدىنمۇ بىخەۋەر قېلىپ ئالدىلىرىغا چىقالماپتىمەن. كەچۈرگەيلا بۇزرۇكۋارىم!

ئايزادە تۈركەن خاتۇن ئوغلىنىڭ ئالتۇن تاج پارىلداپ تۇرغان بېشىنى تۇتۇپ پېشانىسىگە سۆيدى:

— ھەممىدىن دىدار كۆرۈشمەك ئەۋزەل، بالام. ئوردۇكەنتتىن يوشۇرۇنچە يولغا چىققانىدۇق. قۇزئوردۇغىمۇ يوشۇرۇن قەدەم قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. مالال بولمىسىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمىتىمدە بولۇپ كەلگەن كارۋان ئەھلى بىلەن بۇ سارايغا چۈشكىنىمىزمۇ ياخشى بولغانىكەن. قۇزئوردۇلۇق قېرىنداشلىرىمنىڭ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا، بۆگۈ بىلگە بەگيۈسۈپ بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئاللا نېسىپ قىلدى، بالام، — ئۇ ئېلىكخاننى باغرىغا باستى. كېلىنىنىڭ مەڭزىگە سۆيدى.

ياقۇپ تېگىنمۇ ئاكىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئالىپ يىگىت بولۇپ كېتىپسەن، ئۇكام. ئاتامنى دەپ زىنداندىمۇ يېتىپسەن. جاسارىتىڭگە بارىكاللا! ئابامنى قۇزئوردۇغا ئېلىپ كېلىپ ئاللانى رازى، پېقىرنى خۇرسەن قىلدىڭ. كامال تاپقىن!

— ئابامنىڭ دىدارىڭنى كۆرۈش ۋە يۇرتىغا بېرىش ئارزۇسىنى ئورۇنلاش ئۇچۇن، ئاتامنىڭ مەقبەرسى ئالدىدا ۋەدە بەرگەنىدىم. ئاكا. بىزگە مەھمۇد تېگىن ياردەم قىلدى. ئەمدى خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، — ياقۇپ تېگىن قولىنى كۆكسىگە قويدى.

— مەنمۇ ئابامنىڭ تىلىكىنى يەردە قويمايمەن، ئىنىم، — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئانىسىنى يېكەندازدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىنىسى بىلەن قاتارلىشىپ يۈكۈنۈشتى. ئادار ئېلىپ كىرگەن داستىخاننى بەگيۈسۈپ سالدى.

— داستىخان سېلىشمىسىلا، بۇ يەردە ئۇزاق

ئولتۇرالمايمىز، — دېدى ئېلىكخان ئۆزرە ئېيتىپ.

— بۇ ساراي زەردار تىجارەتچىلەرنىڭ چوڭ ئائىلىسى. ئېزىپ - تېزىپ كېلىپ قالغاندەك تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىشتىلا، داستىخان سالمىساق قۇزئوردۇدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كەتمەمدۇ؟ ھاردۇق ئېشىغا بولسىمۇ ئېغىز تېگىشكەيلا، ئالىيلىرى، — دېدى بەگيۇسۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

مەزە - گېزەك بىلەن داستىخان تولدى.

— بەرىكەت بىز بىلەن بىللە بولىدىغان بولسا، چاي، تاماقتا ئەلۋەتتە ئېغىز تېگىمىز. بۇگۇ بىلگە جانابلىرى، — ئايزادە تۇركەن خاتۇن ئالدىغا قويۇلغان ئۇگرىنى ئىچىشكە تۇتۇندى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، بەرىكەت ھەرقاچان ئەل غېمىنى يەيدىغان، ئادالەت بىلەن ئىش بېجىرىدىغان ئىنسابلىق پادىشاھ، خانىش بىلەن بىللە. ھەربىرلىرى ئەلگە غەمخان بولغان خاقانىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى، خىزمەتلىرىدە بولۇشنى شەرەپ بىلىمىز، — بەگيۇسۇپ تەۋەززۇ بىلەن بېشىنى تۆۋەن قىلدى.

— يۇغرۇش باشى، — دېدى ئايزادە تۇركەن خاتۇن داستىخاندىن كۆزىنى ئۈزمەي، — گەرچە بۇغرا قاراخان ۋاپات بولۇپ تەختتە ئىنىسى ئولتۇرغان، دۆلەت ئەركانلىرى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە جانابلىرى ئۇمۇرۋايەت خانلىقىمىزنىڭ يۇغرۇش باشى، ئەل ئاتىسى بولغان ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدە بىر ھەقىقەت ۋە ياخشى مەسلىھەت بار. بۇ سارايغا چۈشكىنىمىز خاسىيەتلىك بولغانىكەن، — ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، ئىتتىكلەپ قالغان دىمى ئۇخشالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — جانابلىرىنىڭ ئالدىدا، مەرھۇم ئاتىسىنىڭ بۇ ۋەسىيىتىنى ئوغۇللىرىغا بۈگۈنلا يەتكۈزمىسەم كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشمەيدىغاندەك قىلىدۇ، — ئۇ يەنە ئېغىر تىندى، — بۈگۈ بىلگە مەھمۇد تېگىننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇغرا قاراخان زىنداندا جان ئۈزۈش ئالدىدا: «ئوغلۇم ئەبۇ ئەلى ھەسەن

ئارسلانخان مەن بەلگىلىگەن ۋەلىئەھدى. ئۇ قىساس ئالىمەن، دەپ ئالدىراقسانلىق قىلىپ، ئەلدە قان تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، ساداقەت، ئىتتىپاقلىق خانلىقىمىزنى قۇدرەت تاپتۇرىدۇ. تەپرىقە، خىيانەت خانلىقىمىزنى پارچىلايدۇ. خەلقنى كۆلپەت دېڭىزىغا غەرق قىلىدۇ. بۇنى ئوغلۇم زىنھار ئۇنتۇپ قالمىسۇن. ئانىسىغا ياخشى قارىسۇن، ئۇكىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئىجىل ئۆتسۇن، ئارازلاشمىسۇن! ئەپۇچان بولسۇن، تار قورساقلىق قىلمىسۇن. ھەرقانداق كاتتا شاھىنشاھ ئاۋامدىن چوڭ ئەمەس. ئاۋامنى چوڭ بىلسۇن، ئاۋامغا غەمخان بولسا، ئاۋام مەدەتكار بولىدۇ» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىكەن. بۇنى ئەسلىرىدە چىڭ تۇتسىلا ئوغلۇم. پېقىرە مەرھۇم ئاتىلىرىنىڭ مۇشۇ ۋەسىيىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن قۇزئوردۇغا كەلدىم. ۋەزىپەمنى ئادا قىلدۇرغان ئاللادىن مىننەتدارمەن.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى:

— بۇزرۇكۋارىم، پېقىرمۇ بۈگۈ بىلگە ھاجىپ بەگيۈسۈپ ئالدىدا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، بوغرا قاراخان ئاتامنىڭ قالدۇرغان بۇ ۋەسىيىتى بويىچە ئادالەتنى جارى قىلدۇرىمەن، ھەرگىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلمايمەن. خەلقنى مەدەتكار، قېرىنداش تۇغقانلىرىمنى قاياش بىلىپ، ئەلنى روناق تاپتۇرىمەن. دۇئا بەرسىلە!

— بالام، ئەمدى ئۆلسەم كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيدىغان بولدى، — ئايزادە تۇركەن خاتۇن دۇئاغا قول كۆتۈردى، — ئى بارا خۇدايا، باللىرىمنى تاجۇدۆلەتتىن، مەملىكەت ئەھلىنى بەخت - سائادەتتىن ئايرىما، ئىمانىنى كامىل، ئىرادىسىنى مۇستەھكەم قىلغىن. پادىشاھىغا ھىممەت، ئەلگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، ئامىن!

ھەممە دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ئەمدى ئوردىغا باراي، بەگيۈسۈپ، رۇخسەت قىلغايلا، —

ئايزادە تۇركەن خاتۇن، ئالقىشىمىكەنىڭ يۈلىشى بىلەن ئورنىدىن قوپتى. ئىبىلىكخان، ياقۇپ تېگىنمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى.

ئۇلار تىللا سارىيىدىن چىققاندا دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشقان، يۇرتۇغ، جاندارلار شاھانە مەپە، ئاتلارنى كەلتۈرۈشتى.

كۈن پېتىشقا ئاز قالغانىدى. بالاساغۇن شەھىرىنى ئالتۇن رەڭ شەپەق جۇلاسىغا چۆمۈلگەن گۈگۈم باغرىغا ئالغانىدى. ئەتراپقا زوقلىنىپ نەزەر سالغان ئايزادە تۇركەن خاتۇن:

— بەگيۈسۈپ ھەزرەتلىرى، ئوردۇكەنتتىكى بۆگۈ بىلگە، دوست - بۇرادەرلىرى سىلىگە بىزدىن كۆپ سوۋغا ئەۋەتتى. مەكتۇپلارمۇ بار. بىز بىلەن بىللە بېرىپ ئېلىۋالغان بولسىلا، — دەپ ئىلتىپات كۆرسەتتى.

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى، — بەگيۈسۈپ ئۇلار بىلەن ئوردىغا كەتتى.

## 3

ئاتىسى كەلمىگەنىسېرى، بۇۋىئايىشەنىڭ ئىچى تىت - تىت بولۇپ، ئىشىك ئالدىغا ئىككى قېتىم چىقىپ كىردى.

— ئۇكام مەدرىسەدىن ئۇدۇل بۇ ئۆيگە كېلەتتى. بۈگۈن كەلمىگىنىگە قارىغاندا، ئاتام بىلەن بىللە ئوخشايدۇ. موما، كېلىپ قالار، ئاشنى مەن كېسەي، سىلى ئارام ئېلىۋالسىلا، — بۇۋىئايىشە ھاۋاخان ئاغىچىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قىزىم، سىلى ئەتىگەندىن بېرى كېسەل كۆرۈپ چارچاپ كەتتىلە. بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ بىرئاز ئارام ئېلىۋالسىلا. دورا تەييارلايمەن، دەپ ھېلى يەنە ئىشقا كىرىشىپ كېتىدىلا.

دىلدارىكە قەشقەرگە كەتكەندىن كېيىن، بۇۋىئايىشە ھاۋاخان ئاغىچا ۋە ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن بۇ قورۇنىڭ باغ ئىچىدىكى ئۈچ ئېغىزلىق پېشايۋانلىق ئۆيىدە كېسەللەرنى

كۆرۈپ داۋالاشقا كىرىشكەندى. مۇستەقىل كېسەل داۋالاشقا كىرىشكەن بۇۋىئايىشەنىڭ نامى بالاساغۇن دىيارىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەرىپىدىن ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى.

— قىزىم، ئاتىلىرى بۈگۈن كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى نامىزىنى ئوقۇپ بولغان ئەبۇ يۈتۈھ مەخدۇم ئەپسۇسلانغان ھالدا، — زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالغان بولسا كېرەك.

— ئاتام كېلىمەن دېگەنىدى. ئالدىغا بېرىپ باقايمىكىن يا.

— ماقۇل، ئېسىڭىزنى ئالغاچ بېرىپ سالامىمىنى يەتكۈزۈپ قويسىلا، قونۇپ، ئەتە ئەتىگەندە يېنىپ كېلەلا بالام.

بۇۋىئايىشە ئوغلى بىلەن بەگبۇقا مەھەللىسىگە يەتكەندە، جامائەت خۇپتەندىن يانغانىدى. يېڭى چاقىلانغان كۈمۈش ئورغاقتەك ھىلال ئاي كۆكتە چاقناپ تۇراتتى. ئۇلار ئىشىك ئالدىدا ئادار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئاتام كەلدىمۇ؟ — سورىدى بۇۋىئايىشە.

— ئوردىغا كەتكەنىدى، تېخى كەلمىدى. بايا ئوردۇكەنتتىن كەلگەن بىرقانچە مېھماننى باشلاپ كەلگەنىدىم. پېقىر بىلەن مەسچىتكە بارغانىدى. بەگتۇرمىش ئۇلار بىلەن كېلىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئادار ھويلىغا كىرىۋېتىپ.

— ھە، ئاتام شۇنىڭ ئۇچۇن كېلەلمەپتىكەن - دە، — بۇۋىئايىشە خىيالچان نەزىرىنى يەردىن ئالماي ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى، — ئادار ئاكا، سىلى مېھمانلار بىلەن بولسىلا. مەن قىزتۇرمىش ئاچامغا قارىشاي.

ئادار ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشىۋاتقان مېھمانلارنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەرپۇش تۇماق كىيىپ، سەللە ئورىۋالغانىدى. بەزىلىرى دوپپا، يەكتەك كىيىشكەنىدى. بەزىلىرىنىڭ بەلبېغىغا پىچاق، مىسۋاك، ئاچقۇچ، ناس قاپىقى ئېسىلغانىدى ...

ئادار بىلەن بەگتۇرمىش ئۇلارنى ئىچكىرى ھويلىدىكى

بەگبۇقا ساربىغا باشلىدى.

مېھمانلارغا تاماق بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بۇۋىئايىشە ئۇدۇل ئاتىسىنىڭ خانىسىغا كىردى. ساندۇقنى ئېچىپ، ئانىسىنىڭ بىر چاغلاردا ئاسقۇغا ئىلىپ قويغان ئەتلەس كۆڭلىكىنى ھىدلاپ باغرىغا باستى. كەمچەت تۇمىقىنى كىيىپ باقتى. بۇقۇلداپ يىغلاۋېتىپ، بىردىن ئاغزىنى تۇتۇپ، ياغلىق بىلەن يېشىنى ئېرتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ كەلگىنىنى ھويلىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن بىلگەندى. رومىلىنى ئوڭشاپ ئارتىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ جانپىدا غوجامنى كۆتۈرگەن بەگيۈسۈپ كىرىپ كەلدى.

— بالام، دىلى بۇ يەردە ئىكەنلىغۇ؟ مەن بۇگۇن يەنە بارالمىدىم، ئاتام، ئابامىلار تازا خاپا بولغاندۇ؟ خۇدا بۇيرۇسا ئەتە بېرىپ ئەپۇ سورايمەن، — ئۇ نەۋرىسىنى ئاۋايلاپ ياتقۇزدى، — كەلگىنىمگە خېلى بولدى. مېھمانلارنىڭ يېنىدا بولدۇم، بالام. كەلگەنلىرىڭدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن.

— ئۇزاق ساقلىدۇق، ئاتا. ئاخىر ئەنسىرەپ بۇ يەرگە كېلىشىم ...

— ئاۋارە بولۇپلا قىزىم.

— ھەرقاچان تاماق يېگۈلىرى يوق، چاي دەملەپ بېرەيمۇ ئاتا؟

— مەيلى بىر - ئىككى پىيالە ئىچەي.

بۇۋىئايىشە چىقىپ كېتىپ چاي دەملەپ كىردى.

— ئوردۇكەنتتىن كىملەر كەپتۇ؟ ئوردىغا نېمىشقا بارىدىلا، ئاتا؟ — سورىدى بۇۋىئايىشە چاي سۇنۇۋېتىپ.

بەگيۈسۈپ چاينى ھۇزۇرلىنىپ ئىچكەچ گەپ باشلىدى:

— ئىلىكخان بىلەن مېنىڭ مۇھەممەد ئارسلانخان ۋە مەھمۇد تېگىنگە ئەۋەتكەن مەكتۇپىمىزدىن خەۋەرلىرى بار، بالام. بۇگۇنكى مېھمانلار مەرھۇم بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ چوڭ خانىشى ئايزادە تۈركەن خاتۇن، ئوغلى ياقۇپ

تېگىن، ئۇلارنىڭ مۇلازىم، كېنىزەك، غۇلاملىرى بىلەن بەگتاش خېلىل ئاكىلىرىنىڭ تىجارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن خىزمەتچىلىرى. ئۇلار سودىگەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ چوڭ بىر كارۋان بولۇپ كەپتۇ. ئۇلار تىللا سارىيىغا چۈشكەنىكەن، ئاداربايي ئاكىلىرى ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى خەۋەر قىلدى. ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بىللە ئوردىغا كىتىپ قالغانىدىم، بالام.

— ئوردۇكەنتتىن قانداق خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەپتۇ، ئاتا؟

— ئۇلاردىن ئاڭلىغانلىرىمنى بىر كىچە سۆزلەپمۇ تۈگىتەلمەيمەن، بالام، — دېدى بەگيۇسۇپ چايدىن بىر ئوتلاپ، — مەھمۇد تېگىن باشلىق دوست ـ يارەنلىرىم، تۇغقانلاردىن ئون بەش پارچە مەكتۇپ ئېلىپ كېلىشىپتىكەن، ماۋۇ ئىككى مەكتۇپنى ئوقۇسىلا، بولغان ھەممە ئىشلاردىن خەۋەر تاپىدىلا، بالام، — بەگيۇسۇپ تونىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن خوتەننىڭ سامان قەغىزىدىن قىلىنغان لېپاپقا سېلىنغان ئىككى پارچە خەتنى چىقىرىپ بەردى، — بالام ئۈنلۈك ئوقۇسىلا، يەنە بىر ئاڭلاي.

بۈۋىئايىشە ئاۋازىنى چىقىرىپ ئوقۇدى:

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! جانابىي ھۆرمەتلىك بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپ كىراملىرى، جانابىڭىزدىن، ئائىلە تاۋابىئاتىڭىزدىن، قۇزئوردۇ خەلقىدىن سەممىي ھال سورايمەن ۋە ئېھتىرام بىلدۈرىمەن !

يىتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئاغام بىلەن جانابىڭىزنىڭ مەكتۇپىنى بۇغرا قاراخان بوۋامغا تاپشۇرۇپ بەردىم. ئوقۇپ، ئەڭ يېقىن ئادەملىرىمنى قارىلاپتۇ، دەپ قاتتىق چىچىلدى. مەن بۇ مەكتۇپلاردا يېزىلغان ئىشلارنىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى بىلدۈردۈم. بوۋام ئاچچىقلىنىپ كايىپ، مېنى بۇغراخان سارىيىدىن يەنە بىر

قېتىم قوغلاپ چىقاردى. ئەلھال، مەن ساچىيە مەدرىسەسىدە تۈركىي تىللار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. ئوردىغا بارمىدىم. ماڭا ئىخلاسمەن بەزى يۇغرۇش، ھاجىپلاردىن ئاڭلىسام، مۇھەممەد ئارسلانخان بوۋام نەچچە ھەپتە ئوردىغا چىقماي، ھەرەمدىكى ئارامگاھ سارىيىدا يېتىۋاپتۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا جانابىڭىز ئەۋەتكەن مەكتۇپ شۇنچە قاتتىق تەسىر قىلغانكى، ئۇ ئىككىلىنىپ قالغان. ئەڭ يېقىن ئادەملىرىگە قارىتا ئىشەنچىسى يوقاتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك چوڭ ئوغلى بولغان ئاتام ھۇسەيىن ئارسلانخانغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئوردۇكەنتكە كېلىشىنى ئۆتۈنگەن. جانابىڭىزغا بۇ مەكتۇپنى يېزىش ئالدىدا ئاتام بارسغاندىن ئوردۇكەنتكە كەلدى. بوۋامنىڭ پەرمانى بىلەن يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ پۈتۈن ئوردۇكەنت ئەھلىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ پايتەختتىن يەتتە چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە قارشى ئالغىلى چىقتى. داغدۇغا چوڭ بولدى. بوۋام مېنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۆزى بىلەن بىللە قارشى ئېلىشقا چىقىشىمنى ئۆتۈندى. بەلكىم مېنىڭ ئۆزى بىلەن چىقماي قېلىشىمدىن ئوڭايسىزلىق ھېس قىلغان بولسا كېرەك. مەن ماقۇل بولدۇم، كاتتا ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىنغان ئاتام بوۋامنىڭ تەكلىپى بىلەن تۇش ئورنىتىلغان بۇغراغا مىندى. بۇ ئۇنىڭ بۇغرا قاراخان بولىدىغانلىقىغا بىشارەت ئىدى.

بۇغرانى قەيسەربەگ يېتىلىدى. مەن ئابامنى مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ ھەرەمگە ئېلىپ كىردىم. بۇ خەتنى يېزىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئاتام بىلەن ئايرىم سۆزلىشىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ئۇ كۈنى ئابامنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئوپالغا كېتىۋاتاتتۇق. مەن بىلەن قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان ئاتام: «ئوغلۇم، سىلى نەچچە قېتىم سوراي دەپ سورىيالماي كېلىۋاتقان ئىشنى، ئوردۇكەنتكە نېمە ئۈچۈن كەلگىنىمنى ئەمدى دەپ بېرەي» دەپ سۆز باشلاپ، بوۋامنىڭ چاپارمەندىن

خەت ئەۋەتكەنلىكىنى، خەتتە: ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىلىكخان ئاكام بىلەن بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپ يازغان مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىپ، «دەرھال ئوردۇكەنتكە كېلىشىمنى ئۆتۈنۈپتۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن كەلدىم، بالام» دېدى. مەن: «ئىلىكخان ئاكام بىلەن بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپنىڭ مەكتۇپىغا قانداق قارايدىلا؟» دەپ سورىۋىدىم، «ھازىرچە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. راستىمىكىن دېسەم، ئوردىدا غەيرىي ئەھۋالنى چىلىقتۇرمىدىم. قەيسەربەگ، دوقاقبەگلەر بۇغرا قاراخان بولۇشۇمنى قوللاۋاتىدۇ. قۇمارىبىكە ئابامالار بىلەن بىللە مېنى ئالاھىدە كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ مەكتۇپىدا يېزىلغان ئىشلارنى يالغانمىكىن دەي دېسەم، دەلىل - ئىسپاتلىرى ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. ئىچىندۇرىدۇ، تەشۋىشلەندۈرىدۇ. مەنمۇ قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، بالام. بۇ سىرنى يېشىش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك. مەن بۇغرا قاراخان بولغاندىن كېيىن ناۋادا بەگيۇسۇپلەرنىڭ يازغىنى راست بولسا، قەيسەربەگ قاتتىق جازالىنىدۇ. مۇبادا يالغان بولسا بوزاغۇ قەيسەربەگ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بەگيۇسۇپ سۇيىقەستچى بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ چاغدا قۇزئوردۇغا يۈرۈش قىلىمەن» دېدى. مەن دەسلەپ مەكتۇپ ئىلىپ كەلگەن ئادايىنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىنى سۆزلەپ بېرىپ: «قەيسەربەگنىڭ كۆرۈنۈشتە ساداقەتمەن بولۇۋالغىنى بىر نىقاب، ئادايىنى قەيسەربەگ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ بىر قانلىق سۇيىقەستنى پىلانلاۋاتىدۇ» دېدىم. ئاتام تەكشۈرۈپ ئىنىقلاپ چىقىشقا ۋەدە بەردى. ئەلھال، ئوردۇكەنتتە ھەممە ئىشلار لايىقىدا كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئىھتىمال كۆرۈنۈشتە شۇنداقتۇر. تېخى ئادايىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدىم. ئاتام كېلەر يىلى كۆكلەمدە بۇغرا قاراخانلىق تەختىدە ئولتۇرىدىكەن. ۋەلىئەھدى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىردىن باشلاپ، بوۋام مۇھەممەد ئارسلانخان بىلەن بىللە بۇغراخان سارىيىدا شاھىنشاھلىق تەختىدە

ئولتۇرۇپ ھۆكۈم يۈرگۈزىدىكەن. كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ بۇ ئاللاغا مەلۇم.

ھۆرمەتلىك دوستۇم مەۋلانا بەگيۇسۇپ، نېمە ئۈچۈندۇركى كۆڭلۈم ئەنسىز. بىر پاجىئە يۈز بېرىدىغاندەكلا قىلىدۇ. زىيادە سەزگۈرلىشىپ كەتتىممۇ ياكى غەپلەتتە قېلىۋاتامدىمەن؟ بۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى بىلىدۇ، مېنىڭ كۆز ئالدىمغا كېلىدىغىنى، تەكەللۇپ، كۈلۈمسىرەشلەر، ئېگىلىپ سالام بېرىشلەرگە يوشۇرۇنغان ھەسەتخورلۇق، كىمخاب تون ئىچىدىكى قىلىچ ـ خەنجەرلەر...

بولدى، بۇ توغرۇلۇق يېزىپ كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلماي، باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز. ئەگەر بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە دەرھال مەكتۇپ ئەۋەتىمەن.

ئۈشتۈمتۈت كېلىدىغان بالا ـ قازادىن ئاللا ھەممىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.

جانابىڭىزغا سەۋر ۋە چىدام ھەمىشە ھەمراھ بولغاي.

ھۆرمەت بىلەن: مەھمۇد كاشغەرىي.

ھىجرىيە 448 ـ يىلى زۇلقەئىدەنىڭ 19 ـ كۈنى[①] ئوردۇكەنت»

بەگيۇسۇپ باش چايقاپ ساقىلىنى سىقىملىدى.

— قىزىم كۆردىڭمۇ، ھايات نېمىدېگەن مۇرەككەپ، سىرلىق ـ ھە! ئەھۋال شۇنچە ئېنىق تۇرسىمۇ، مۇھەممەد ئارسلانخان دوست ـ دۈشمىنىنى ئايرىيالماپتۇ. ھۈسەيىن ئارسلانخان بىزگە ئىشەنچ قىلالماپتۇ. بۇ مەكتۇپ ئەندىشەمنى كۈچەيتىۋەتتى، قىزىم. ئەمما، مەن شۇنىڭدىن ئۈمىدۋارمەنكى، قانداق پاجىئە يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەقىقەت ھامان ئاشكارا بولىدۇ. قارا بۇلۇت كۈننى توسۇپ قالالمايدۇ. ئېلىكخانغا

① مىلادىيە 1057 ـ يىلى 9 ـ، 10 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

مۆشۈ تەسەللىنى بىرىپ ئوردىدىن قايتقۇچە كەچ كىرىپ كەتتى.
بۇۋىئايىشە ئىككىنچى خەتنىمۇ ئوقۇپ بولۇپ بەگيۇسۇپكە بەردى:

— ئوردۇكەنتتىكى ئەھۋاللار راستلا سىرلىق ئىكەن، ئاتا. ئاتاساغۇن دىلدار ئاچامدىن مەكتۇپ كەلمەپتىمۇ؟

— ياق، قىزىم، دىلدار ئاغىچا مەكتۇپ ئەۋەتمەپتۇ، — دېدى بەگيۇسۇپ مەيۇسلەنگەن هالدا، — خەت يېزىپمۇ قالار. سىلى خەت يېزىپ قويسىلا بالام. ماڭىدىغانلاردىن ئەۋەتتۈۋېتەي.

— ماقۇل ئاتا. چوقۇم خەت يازىمەن. خۇدا نېسىپ قىلسا، يەنە دىدار كۆرۈشۈپ قالساق ئەجەب ئەمەس، — بۇۋىئايىشە ئورنىدىن تۇردى، — ئاتا، چارچاپ قالدىلا. ئەمدى ئارام ئالسىلا، — ئۇ تۇرۇپ قېلىپ، ئۇكىسى ئېسىگە چۈشۈپ سورىدى، — بەگتۇرمىش ئاۋۇ ئۆيگە كېتىپ قالمىغاندۇ؟

— ياق قىزىم، ئوغلۇم مېھمانلارنىڭ يېنىدا. جانپىدا غوجام ماڭا هەمراھ بولۇپ قېشىمدا ياتسۇن.

بۇۋىئايىشە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىغا بىر قارىۋېلىپ چىقىپ كەتتى. بەگيۇسۇپ نەۋرىسىنىڭ يوتقىنىنى ئوڭلاپ يېپىپ خەتلەرگە يەنە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى.

# ئون بىرىنچى باب

## شۇم خەۋەر

### 1

ۋاقىت كۆزگە كۆرۈنمەس تۇلپار. ئۇ بىر خىل تېزلىك بىلەن كۈنلەرنى كەينىگە تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. تۇرار جايى، ئۆتكى يوق. ئۇنى ئاستىلىتىش، ئىتتىكلىتىش، توختىتىش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. لېكىن، ۋاقىت بەزىدە ئىتتىك ۋە بەزىدە ئاستا ئۆتكەندەك بىلىنىدۇ. بىر ئىشقا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىزغىن بېرىلگەندە، ۋاقىت تېز ئۆتكەندەك تۇيۇلىدۇ. ئۆزى خالىمىغان ئىشقا مەجبۇر قىلىنغاندا، ناھايىتى ئاستا ئۆتكەندەك تۇيۇلۇپ، ئادەمنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كېتىدۇ.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخانغا ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتكەندەك بىلىنىپ، جىمىغۇر، خىيالچان بولۇپ قالغانىدى.

غۇر ـ غۇر شاماللىق كۈز ئايلىرى ئەندىشە، كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە چىقىپ كەتتى. قەشقەردىن كەلگەن ئاشۇ كارۋاندىكى تىجارەتچىلەر ماللىرىنى سېتىپ، مال ئېلىپ، ئاللىبۇرۇن قايتىپ كېتىشكەنىدى. بەگيۇسۇپ ئۇلاردىن بەگتاش خېلىل بىلەن مەھمۇد تېگىنگە، بۇۋىئايىشە دىلدارىبىكەگە خەت يېزىپ بەرگەنىدى.

قىش كىرگەندىن بۇيان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان شىكارغىمۇ بىرنەچچە قېتىم چىقىپ باقتى، لېكىن كۆڭلىدىكى غەشلىك تارقالمىدى.

— ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ، ئېلىكخان

ئالىيلىرى. ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا. پېقىرغا مەلۇمكى، سىلى قارا نىيەت كاززاپلارنى جازالاشقا ئالدىراۋاتىدىلا، ئۇ مەلئۇنلارنى جازالاشقا تەگرىم يېتەرلىك ۋاقىت بېرىدۇ، — دەيتتى بەگيۇسۇپ ئۇنى سەۋر قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، ئېلىكخان بېسىقىغا چۈشۈپ قالاتتى.

ئىنىسى ياقۇپ تېگىن بالاساغۇنغا كەلگەندىن بېرى، ئاكىسىنىڭ يالغۇز ئوغلىغا ھەمراھ بولۇپ، «رەيھانىيە» مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ مۇدەررىسلەر ئىچىدە بەگيۇسۇپنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭدىن بۆرە تېگىن توغرۇلۇق ئاڭلاپ، بۇ شاھزادىگە غايىبانە ئىخلاس باغلىدى. ئانىسىنى بۇخاراغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، سەمەرقەنتكە بېرىپ، بۆرە تېگىننىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئاكىسى ئىنىسىنىڭ بۇ خىيالىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ جىگەرلىك، غەيرەتلىك ئادەم بولغىنىدىن خۇش ئىدى. ئۆز يېنىدا تۇرۇپ، يالغۇز ئوغلىغا ھەمراھ بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخاننىڭ ئەبۇ ئەلى ئەھمەد ھارۇن چاغرى تېگىن ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. قىزلىرى سېھرانىبىكەنى تاغىسى مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ئۆمەر تېگىنگە، سەرۋانىبىكەنى ئىنالچۇق تېگىننىڭ نەۋرىسى ئېلىزادىبەگكە ياتلىق قىلغانىدى. سەرۋانىبىكە بەختكە قارشى تۇنجى تۇغۇتىدا ۋاپات بولۇپ كەتتى. ھازىر يېنىدا ئوغلى چاغرى تېگىن بار ئىدى، ئۇنىڭ تويىنى قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، ئاتىسىنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرى كېلىپ، توي ئارقىغا سۈرۈلگەنىدى.

چاغرى تېگىن ئاتىسىدەك كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق، خىيالچان يىگىت ئىدى. ئۇ شوخ، مىجەزى چۇس ياقۇپ تېگىن بىلەن ئانچە چىقىشالمىدى. ئۇلارنىڭ ھەۋەسىمۇ ئوخشىمايتتى. چاغرى تېگىن كىتاب ئوقۇشقا، بىلىم ئېلىشقا قىزىقاتتى. ياقۇپ تېگىن ھېكايە - چۆچەككە، شىكارغا، جەڭ قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئاكىسىدەك ئېلىكخان، ھەتتا بۇغراخان بولۇشنى ئارزۇ

قىلالتتى.

بەگيوسوپ بۇ ئىككى شاھزادىنىڭ بىر ـ بىرىگە تازا يېقىنلىشالماي يۈرگىنىنى سېزىپ، ئۇلارنىڭ قان ـ قېرىنداشلىق رىشتىنى چىڭىتماقچى بولدى.

بەگيوسوپ بىر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ بىر تۇغقاننىڭ بالىلىرى بولغان بۇ ئىككى شاھزادىنى خاس ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى.

— تالىپلارغا بۈگۈن ئۆتىدىغان دەرس ئاياغلاشقان بولسىمۇ، سىلەرگە ئۆتىدىغان دەرس ئاياغلاشمىدى، — دېدى ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، — تەڭرى ئىنسانلارنىڭ چېھرىنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپلا قالماستىن، مىجەز ـ تەبىئىتىنىمۇ ئوخشىمايدىغان قىلىپ ياراتقان، بۇغرالىرىم. ئادەمنىڭ چېھرى، كۆزقارىشى، ئورنى ئۆزگىرىشى مۇمكىن. ئەمما، خۇي ـ مىجەزى، تەبىئىتى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ ئۆزگەرمەسلىك ئادەمنىڭ جىسمانىيىتى بىلەن روھىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئادەملەرنىڭ باراۋەرسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ باراۋەرسىزلىك قارشىلىقنى پەيدا قىلىدۇ. مانا شۇ قارشىلىق ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش — پەلەك چاقىنى چۆرگۈلىتىپ دۇنيادا يېڭىدىن ـ يېڭى تەرەققىياتلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، بۇ بىر قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەتنى كۆپ كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ ياكى يۈزەكى چۈشىنىدۇ. چۈشەنگەنلەر، ئەقلىنى ئىشلىتىپ بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلەشمەي دوست بولالايدۇ. ھەسەت قىلماي بىر ـ بىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت، غەلىبىسىدىن پەخىرلىنىدۇ. ھەمىشە بىر ـ بىرىگە خالىس ياردەم بېرىش كويىدا بولىدۇ. قېرىندىشى، دوستىنىڭ سەۋەنلىك، خاتالىقلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىدۇ. بىر ـ بىرىدىن رەنجىشمەي، ئارازلاشماي، گۇمانلانماي، يول قويۇشنى، ۋاپا ـ ساداقەتنى ئەلگە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنىڭ

باشلامچىسى قىلىدۇ. «ياخشى سۆز ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ» دەپ تونۇپ، يامان نىيەتتە بولمايدۇ. شۇڭا ...

— بىلىك ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر ئىكەن - دە، — دەپ سۆز قىستۇردى ياقۇپ تېگىن.

— توغرا، بىلىك ئۆگىنىشىمىز كېرەك، — دەپ قۇۋۋەتلىدى چاغرى تېگىن.

— توغرا دېدىڭلار، بۇغرالىرىم. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئادەم بىلىك ئۆگىنىشى زۆرۈر.

ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ بىر پۈتۈن بىلىك. ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنى بىلىشى، چۈشىنىشى كېرەك. ئۆزىنى بىلگەن، چۈشەنگەندىلا، دۇنيادىكى سان - ساناقسىز شەيئىلەرنى بىلەلەيدۇ، چۈشىنەلەيدۇ، ياخشى - يامانىنى، دوست - دۈشمەننى ئايرىيالايدۇ، ئىسلاھ قىلىشقا، ئىجاد - كەشىپ قىلىشقا، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئارزۇ - ئارمىنىغا يېتەلەيدۇ. ھالبۇكى، كۆپ ئادەملەر ئۆزىنى بىلمەي، چۈشەنمەي دۇنيادىن ئۆتىدۇ ۋە تەڭرى بىلىپ، چۈشىنىپ، ئېرىشسۇن دېگەن بەخت - سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن بىلىكنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەنگەنسىلەر؟

— چۈشەندۇق، — ياقۇپ تېگىن كۆڭلىگە كەلگەن سوئالنى سوراي، دەپ نېمە ئۈچۈندۇر توختاپ قالدى. بۇنى سەزگەن بەگيۇسۇپ ئۇنى رىغبەتلەندۈردى.

— بۇغرام، يەنە نېمىنى بىلگۈڭىز بار؟ تارتىنماي سوراڭ.

— مەن بىلىك ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدىم، كىشى قارا، ئەمما ...

— ئەمما نېمە شاھزادەم؟

— بۇغرا قاراخان ئاتامنىڭ ئۆلۈمى، مۇھەممەد ئارسلانخان تاغامنىڭ تەختكە چىقىشى بىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ، كىشى قارا؟

— ئەلـۋەتتە، بۇغـرام. تەڭرى ياراتـقان بۇ دۇنيـا پادىشـاھـلار تەربـيـىدىن قـەلـەم ۋە ئەلـەمـدىن ئىبـارەت ئىككـى قورال بىـلـەن ئىدارە قىلىـنىـدۇ. قەلـەم بىلـىكنى، ئەلـەم تۇغنى كـۆرسىتـىـدۇ. قەلەمگىلا تايـانغان پادىـشـاھ ئەلنـى روناق تاپتـۇرسىمۇ، قـۇدرەت تاپتۇرالمايدۇ. سۇلايمان ئـارسلانخان قـەلـەمگىـلا تايىنـىپ ئەلنـى روناق تاپتۇرغان بولسىمۇ، قۇدرەت تـاپتۇرالـمـىغانلـىقى ئۈچـۈن، ئـەلـەمگە تـايانغان مـۇھـەممەد ئـارسلانخانغا تەخـتـنى تارتـقـۇزۇپ قويۇپ، زىنداندا پـاجىئەلـىك ھالدا ئـۆلۈپ كەتتـى. ئەگەر قەلـەم بىلەن ئەلەمگە تەڭ تايانغان بولسا، تەختنى تارتقۇزۇپ قويمايتتى. پادىشاھ ئۈچۈن قەلەممۇ، ئەلەممۇ ئوخشاشلا مۇھىم، بۇنى زىنھـار ئېسىڭلاردىن چىقارمىغايسىلەر.

— ئېسىمىزدىن چىقارمايمىز، كىشى قارا، — دېدى چاغـرى تېگىن قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— مۇھەمـمەد ئارسلانـخان تاغامـچۇ؟ ئۇ سۇيـىقەستـچىلەرگـە پاناھ بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈۋېرەمدۇ، كىشى قارا؟ — ياقۇپ تېگـىن يەنە سوئال سورىدى.

— يـاق، شـاھزادەم، ئەلــەمـگە تايـانغانلارنـىـڭ ئۆمرى كـوتـا بولـىدۇ. ئەلەمگىلا تايانغان زوراۋان پادىشـاھنىڭ پـۇت - قولـنـى قارانـىيەت، سۇيـىقەستـچـى خۇشامـەتـچىلـەر چـۇشەپ قويـىـدۇ. مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ پۇت - قوللىرى چۇشەپ قويۇلغان. ئـۇ تەختتە ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ. يەنە قانداق سوئالـىڭلار بار؟

— مەن ئـەلەمگـە قـىزىقـاتـتىم، كـىشى قارا. بىـلـىدىمـكـى، قـەلەمگـىـمۇ ئىشـتىـياق بـاغلىـشـىم كېـرەك ئىـكەن. مـەن بـۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالدىـم، — دېدى ياقۇپ تـېگىن. ئـۇ قـەتئىـي نىيەتكە كەلگەندەك قىلاتتى.

— مەن قەلەمـگە ئىشـتىياق بـاغلىـغانـدىـم. ئـەلەمگـە سـەل قارىماسلىق، قەلەم بىلەن ئەلەمنى ئىككى قولدا تەڭ تـۇتـۇشنىـڭ مۇھىملىقىنى بىلدىم، كىشى قارا. بۇنىڭدىن كېيىن ئاكام ياقۇپ تېگـىن بىلەن پـات - پات شىـكـارغا چىقـىپ، قىلـىچۋازلـىـق،

نەيزىۋازلىق، چەۋەندازلىق ماھارىتىمنى ئۆستۈرىمەن، — چاغرى تېگىن ياقۇپ تېگىنگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— شاھزادىدەك گەپ قىلدىڭ، قېرىنىدىشىم، — ياقۇپ تېگىن ئۇنىڭ بىقىنىغا تۈرتۈپ قويۇپ، بەگيۇسۇپكە باقتى، — ھۆرمەتلىك كىشى قارا، ئەرزىمەس سوئاللارنى سوراپ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى زايە قىلىۋەتتۇق. ئەمدى ئۆتمەكچى بولغان دەرسلىرى بىلەن قاراخنىڭ كۆڭلىمىزنى نۇرلاندۇرساق.

— ئۆتمەكچى بولغان دەرس ئاخىرلاشتى، بۇغرالىرىم. بىر - بىرىڭلاردىن چوڭلۇق تالاشمايدىغان، جاننى ئاياشمايدىغان ئۆمۈرلۈك قېرىنداش، ۋاپادار دوست بولۇپ ئۆتكەيسىلەر، «تەكەببۇر، ھاكاۋۇر بولساڭلار، ئايىغىڭلار بىلەن يەرنى تېشىۋېتەلمەيسىلەر. ھەرقانچە گىدەيسەڭلارمۇ ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسىلەر». بۇنى ئېسىڭلاردىن چىقارمىغايسىلەر.

— ئېسىمىزدىن چىقارمايمىز، كىشى قارا، — شاھزادىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

بەگيۇسۇپ ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئۆيگە كەلگەندە شامغا ئەزان چىقتى. ئىتتىك تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇدى. بىرسى ئىشىكنى ئېچىپ يەنە يېپىپ قويدى. بەگيۇسۇپ دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

## 2

ئۇ ئىشىكتىن چىقىپلا كۈتۈپ تۇرغان ئادارنى كۆردى.

— ئادار ئاكا، ئۆيگە كىرمەي نېمىشقا بۇ يەردە تۇرىدىلا؟

— ناماز ئوقۇۋېتىپتىكەنلا، ئىنىم، ساقلاپ تۇرۇۋىدىم.

بەگيۇسۇپنىڭ قايتا - قايتا ئۆتۈنۈشى بىلەن ئادار ئۇنى «جانابلىرى»، «ھەزرەتلىرى» دەپ ئاتاشتىن ھۆرمەت بىلەن ئاتىماي، «بىر تۇغقاندەك «ئىنىم» دەپ ئاتايدىغان بولغانىدى.

— بىر ئىش بولمىغاندۇ، ئاكا؟ — بەگيۇسۇپ ئادارنىڭ قايغۇلۇق چىھرىگە كۆز سىلىپ سورىدى.

— بۇدراچ ئانا ۋاپات بولغانىكەن، كەنجى ئوغلى خەۋەر قىلىپ قويۇپلا كەتتى. بۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى ۋاقىپلاندۇراي دەپ ...

— ھە، ئۇنداق بولسا ئۆيدىكىلەرنى ئېلىپ ھازىرلا بارايلى. يولىمىزدا قازىكالاننى ۋاقىپلاندۇرۇپ ئۆتەيلى، — دېدى بەگيۇسۇپ. ئۇ ئالدىراپ كىيىنىپ چىقىپ، ئادار بىلەن مەيدە يۈرۈپ كەتتى. يول ئۈستىدە ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمنى مۇسىبەتتىن خەۋەرلەندۇردى.

بوستانكۆل مەھەللىسىدىكى باغلىق قورۇغا بارغاندا، ئاشانبۇقا ئايۋان سۇپىسىدا ياتقۇزۇپ قويۇلغان بۇدراچ مومىنىڭ بېشىدا ئۆكسۈپ ئولتۇراتتى. ئۇن ئىككى ئوغلى، يەتمىشتىن ئارتۇق نەۋرە - چەۋرىلىرىنىڭ يىغا - زارىغا چىداپ بولمايتتى. ئاشانبۇقا قازىكالان ھەم بەگيۇسۇپنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى - يۇ، تۇرالماي يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى. بەگيۇسۇپ ئۇنى ئوغۇللىرى بىلەن كۆتۈرۈپ ساراي ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزدى. بىرئازدىن كېيىن ئاشانبۇقا كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۆيدە لىق ئولتۇرغان بەگيۇسۇپ، قازىكالان باشلىق مويسىپىتلارنى كۆردى.

— مەن سەكسەن يىللىق ھەمراھىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، غوجام بالام، — دەپ يىغلاپ كەتتى ئاشانبۇقا، — ئۇ دۇنياغا بىللە كېتەرمىز، دەپ ئارزۇ قىلىۋىدىم، قەدىناسىم مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدى ئەمەسمۇ، ئاھ خۇدا، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن ...

ئاتىسىنىڭ ئاھ - زارىنى ئىشىتكەن ھويلىدىكى ھازىدار ئوغۇللار: «ئاھ ئانام، مېھرىبان ئانام!» دەپ يەنە يىغا باشلاشتى. ئۇلارغا نەۋرىلەر - چەۋرىلەر قوشۇلۇپ باغ ئىچىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

مەرھۇمەنىڭ يېنىدىكى كۇنداشلىرى، كېلىنلىرى، سىرداش، مۇڭداش بولغان ھەقەمسايىلىرىمۇ قوشاق قېتىپ يىغلىشىپ

كۆزلىرىدىن دەريا ـ دەريا ياش ئاققۇزۇشتى.

بۇدراچ موماي ۋاپادار خوتۇن، مېھرىبان ئانا ئىدى، پۈتۈن ئۆمرىدە ئېرىگە كۆيۈنۈپلا ئۆتكەنىدى. ۋاپادارلىقى، كۆيۈمى بىلەن ئېرىنىمۇ، بالىلىرىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ، ھەتتا كۇنداشلىرىنىمۇ رازى قىلغانىدى.

ئاشانبۇقا قول چىيغىدىمۇ خوتۇنىنىڭ ياخشىلىقىدىن ھاردۇق يەتمىگەن، خورلۇق ھېس قىلمىغانىدى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايتتى، باغۇەن ھايات بېغىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن چىدىيالماي قالغانىدى.

بەگيۇسۇپنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئاياغدا ئولتۇرغان بەگتۇرمىش قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. يىغا ـ زار ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ، پۈتۈن باغ ـ ھويلا تىمتاس بولۇپ كەتتى.

ئاشانبۇقا، بەگيۇسۇپ، قازى كالان، ئەبۇ پۈتۈھ مەخدۇم مەرھۇمەنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن بولۇپ ئۇخلىمىدى.

تاڭنىڭ يورۇشى بىلەن ئەزان چىقتى.

بەگيۇسۇپ ئەزان ئېيتىلىپ بولۇشىغا:

ــ ئەمدى مېيىتنى كۆتۈرەيلى، ــ دەپ، جىنازىنىڭ ئالدى تەرىپىنى ئادار بىلەن مۇرىسىگە ئالدى.

ئاشانبۇقانىڭ ئىككى ئايالى، كېلىنلىرى، نەۋرە قىزلىرى، بۇۋئايىشە، ئايسىلىڭ، ئارچۇنلار ئىشىك ئالدىغا يىغلىشىپ چىقىپ مەرھۇمەنى ئۇزىتىپ قالدى.

بالاساغۇن دىيارىغا تونۇشلۇق بولغان بىر يۈز ئون ئىككى ياشلىق ئاشانبۇقانىڭ ھۆرمىتىدىنمۇ، نەچچە مىڭ خالايىق بۇدراچ موماينىڭ نامىزىغا داخىل بولدى. ئاق يوپۇق يېپىلغان جىنازا ئادەم دېڭىزى ئۈستىدە خۇددى يەلكەندەك چايقىلىپ، چۇ دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۆڭلۈككە چىقتى. بۇدراچ موماينىڭ كېپەنلەنگەن تېنى قاراڭغۇ، سوغۇق گۆرگە قويۇلغاندا،

مەرھۇمەنىڭ تەلى[①] سىگە يىغىلغان ئايالالار ساراي، ئايۋان، پېشايۋانغا لىق توشقانىدى، ھاۋاخان ئاغىچا، بۇۋىلەر بىلەن جەرە سېلىپ زىكرى – سۆھبەتنى باشلىدى.

قىلماس ۋاپا بۇ دۇنيا،
سالار جاپا بۇ دۇنيا،
ياغاچ ئاتقا مىنگەندە
قالار دۇنيا، بۇ دۇنيا.

ئۇنتۇمىغىن ئاللانى،
ھۇم، ئاللا، ھۇم ...

قىز – ئايالالار بىر ئېگىلىپ – بىر رۇسلىنىپ جەرە سېلىپ توۋا – ئىستىغپار ئوقۇدى. ياش تۆكۈپ گۇناھىنى تىلەشتى. ھاۋاخان ئاغىچا قوللىرىدا ياقىسىنى تۇتۇپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قىلما ھەرگىز يامانلىق،
ياماندا يوق ئامانلىق،
ئۆگەنمىسەڭ كۆلپەتتە،
قالدۇرىدۇ نادانلىق.

ئۇنتۇمىغىن ئاللانى
ھۇم، ئاللا، ھۇم ...

ھەممەيلەن ئاق رومالغا ئورىنىپ، خىلمۇخىل تىلەك، ئوخشىمىغان مۇددىئادا ياش تۆكەتتى. ھەمىشە ئۆزىنى باشقىلارغا شاد – خۇرام كۆرسىتىپ يۈرىدىغان بۇۋىئايىشە مومىسىدەك كۆرۈنىدىغان مەرھۇمەنى ياد ئېتىپ ئاھ چەكتى. نازۇك تەنلىرى

① تەلى — گۇناھىنى تىلەپ ئىبادەت قىلىش، مېيىت ئۇزىتىلغاندىن كېيىن ئايالالارنىڭ توۋا – ئىستىغپار ئېيتىشى.

ياپراقتەك تىترىدى. پىراق ئوتىدا ۋۇجۇدى سىماب كەبى ئېرىپ، قىز ـ ئاياللار مۇڭلىنىپ ئېيتقان ھېكمەتكە قوشۇلدى:

يامغۇر چۈشەر بۇلۇتتىن،
يىپەك چىقار قۇرتتىن،
كۆلۈپ باقار سائادەت،
ئايرىلمىساڭ ئۈمىدتىن.

ياھۇ، يائاللا،
گۇناھىمنى كەچۈرگىن،
پەرۋەردىگارىم.
ھۇم، ئاللا، ھۇم!

ئاشانبۇقانى قولتۇقىدىن يۆلىۋالغان ئوغۇل، نەۋرە ـ چەۋرىلىرى «ئاھ ئانام، غېرىب بولدۇق ئانام» دەپ يىغلاپ كىرىشكەندە، ھېكمەت ئوقۇۋاتقان بۇۋىلەر دۇئا قىلىپ تەلىنى ئاياغلاشتۇردى. ھازىدار قىز ـ ئاياللار ھويلىغا چىقىشتى ـ دە، ئاشانبۇقا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇل نەۋرىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغا ـ زار قىلىشتى.

ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم پېشايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ، سۈرە «تابارەك» نى تىلاۋەت قىلىشقا باشلىۋىدى، يىغا توختاپ ھەممە جىم بولدى. ئۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ:

— جامائەت، بىز ھەممىمىز ئاللانىڭ دەرگاھىغا — ئۇ دۇنياغا قايتقۇچىلارمىز. بۇ دۇنيا بىر قونالغۇ. ھەممە ياخشىلىق، ساۋابلىق ئەمەللەر مۇشۇ قونالغۇدا قىلىنىدۇ، شۇنىداقلا ھەممە ناشايان ئىشلارمۇ مۇشۇ قونالغۇدا سادىر بولىدۇ. بىز ياراتقۇچىمىز ھەقتائالادىن كۆڭلىمىزگە ئىنساب، ھىدايەت تىلەيلى. يامان ئىشتىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئەمەل بىلەن ئائىلىمىزنى، يۇرت ـ ۋەتىنىمىزنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن ياخشى

نىيەتتە جۇرئەت كەمسىرىنى بىلمىگە مەھكەم باغلايلى. مەدەتكارىمىز ئاللادۇر، ئامىن!

— ئامىن! — ئاشانبۇقا ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى...

بۇدراچ موماي مۇرادىغا يېتىپ كۆز يۇمغانىدى. ئاشانبۇقا بۇ ۋاپادار مەھبۇبىنىڭ گۇناھىنى ئاللادىن تىلەپ ئون نەپەر ئايال قۇلنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلدى ۋە ئۇلارغا ئۆز بېغىدىن تۇرار جاي بەردى. ئىككى خوتۇنى، بالىلىرى بىلەن كۆڭلىنى خاتىرجەم، خۇشۋاق ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى...

بۇ يىل نورۇزدا ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولدى. قاشتېشىدەك سۈزۈك ئاسماندىن نۇر تۆكۈلەتتى. ئاشانبۇقا خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن مەرھۇم رەيھانىدىنبەگنىڭ قورۇسىغا كېلىپ، بەگيۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ جەمەتى بىلەن نورۇز بايرىمىنى بىللە ئۆتكۈزدى. بۇۋىئايشە، قىزتۇرمىش ئەتكەن كۆجە، سۇمۇلەك ئاشلىرىغا ئېغىز تەگدى. ئۇلار كۆك چۆچۈرىسى يېيىشتى.

يېڭى كىيىم كىيىپ، بويۇندىق ئاسقان بەگتۇرمىش ئادار، ئاشانبۇقىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن كۆيدۈرىدىغان ياغلىق قاپاق، بادرىلارنى تەييارلاپ قويۇپ، نورۇز مەرىكە مەيدانى بولغان چۇ دەرياسى بويىغا كېتىشتى. بەگيۇسۇپمۇ قىيىنئاتىسى ئەبۇيۇتۇھ مەخدۇم، ئاشانبۇقا، ئادار ۋە باشقا تۇغقانلىرى بىلەن ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان مەرىكە مەيدانىغا باردى. ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان يۇرتۇغ، جاندارلىرى بىلەن كەلدى. ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن بەگيۇسۇپ «نورۇزنامە» ئوقۇپ، نورۇز مەرىكىسىنى باشلاپ بەردى. ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق ئارقا ـ ئارقىدىن باشلاندى. ئاشانبۇقا يۈز ياشلىقلار ئارا چېلىشىشتا پالۋان بولۇپ، ئېلىكخاندىن تارتۇق ئالدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، يادىن ئوق ئېتىشتا ئوزۇپ چىقىپ تارتۇقلاندى.

ئات بەيگىسىدە بىرىنچى بولۇپ تارتۇقلانغان جاندارلار باشى كۆك بۆرە ئالىپ ئېلزادبەگ مەيداندىن چىقىشىدا، ئۆزگە

چوّرۇلگەن ياغلىق، گۇللەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقىنى تاللاپ، ئايالـلار ئىچىدە تولۇن ئـايـدەك مۇڭلـىنـىپ تـۇرغـان بۇۋىئـايـىشەنـىـڭ ئىتىكىگە تاشلىدى. ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارا چىپىلىشىشتا پالۋان بولغان سۇباشى ئالىپ ئورخۇنبەگ ئايسىلىگىنىڭ ئىتىكىگە گـۇل تاشلىدى. بۇ ھەقىقەتەن ھەممىنى ھەيران قىلغان قـۇتلۇق ئىـش بولدى.

نـورۇز بايرىمـىنىڭ ئـۈچىنچى كۈنى رەسمىي ئىـلچى كەلدى ... 

قورۇسىغا ئەلچى كەلدى. بۇ ئەلچىنى كۆك بۆرە ئالىپ ئىلزادبەگ ئەۋەتكەنىدى. بەگيۇسۇپ ئوبدان كـۈتۈۋالدى، مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرىشنى ئېيتىپ، داستىخىنىنى ئېلىپ قالدى ۋە قىزتۇرمىشنى قىزىغا ئارىغا قويدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بۇۋىئايىشە يىغى ئىچىلغان قىزىلگۈلدەك قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى، ئاندىن كۆل بويىدا ئوقيا ئېتىپ ئويناۋاتقان جانپىدا غوجامنى چاقىرىپ:

— ئـوغلۇم، ئاتاڭ جەڭدىن قايتىپ كېلىۋېتىپتۇ، — دېۋىدى، گۆدەك خۇش بولۇپ:

— ئاتام كېلىدىكەن ... ئاتام كېلىدىكەن، — دەپ سەكرەپ كەتتى.

ئۇ بۇ ۋاقىتقىچە ئوغلىغا ئاتىسىنىڭ قازا بولغىنىنى دېمىگەنىدى. ئـۇنىڭ «ئاتاڭ جەڭدىن قايتىپ كېلىۋېتىپتۇ» دېگىنى رازىلىق بەرگىنى ئىدى ...

تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بەگيۇسۇپنىڭ ئۆيىگە يەنە ئەلچى كەلدى. بۇ ئەلچىنى سۇباشى ئالىپ ئورخۇنبەگ ئەۋەتكەنىدى.

قىزتۇرمىش ئايسىلىگىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كەلگەن ئەلچىنىڭ مۇددىئاسىنى يەتكۈزدى.

— مۇشۇ يېشىمدا ياتلىق بولسام باللىرىم نېمە دەر؟ ئالىپ سانغۇنغا تېگىمەن دەپ ئارزۇ قىلىپ، لاتىپۇرۇشنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدىم. نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن، ئۇكام. ئىنىم بەگيۇسۇپ نېمە دېسە، مەن شۇنىڭغا ماقۇل، — دېدى ئۇ ...

# 3

بۇۋىئايىشە، ئايسىلىگىنىڭ تويى بولۇپ، بەگيۇسۇپنىڭ كۆڭلى تىنغان بولسىمۇ، تېخى ئارامىغا چۈشمىگەن، سۆيۈنگەن بولسىمۇ، غەمدىن خالاس بولمىغانىدى. ئۇنىڭ غېمى ئەلدە ئىدى. قەشقەردە كۈتمىگەن ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىدىن، قانلىق پاجىئە يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەيتتى. تېخىچە خەۋەر كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ بىر خۇش خەۋەرنىڭ كېلىشىگە شۇنچە تەقەززا ئىدى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە دىلدارىكەمۇ ئورۇن تۇتقانىدى، ئۇنىڭ خەت يېزىشىنى ئۈمىد قىلاتتى ...

يەر ـ جاھاننى يېشىللىققا پۈركەپ باھار ئۆتتى. ئىسسىق باغرىنى ئېچىپ ياز كەلدى. ياقۇپ تېگىن ئانىسى ئايزادە تۇركەن خاتۇننى ئېلىپ غەزنەۋىگە كەتتى، ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان، بەگيۇسۇپلەر نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن ئۇزىتىپ قويىدى.

بەگيۇسۇپنىڭ خىزمىتى ئالدىراش، ۋاقتى زىچ بولسىمۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشقا ۋاقىت ئاجرىتاتتى.

ئۇ ئايسىلىگىنىڭ يېڭى ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئىنسابلىق ياخشى ئەرگە ئېرىشكەنلىكىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى. ئورخۇنبەگنىڭ ئائىلىسىگە كۆيۈنىدىغان بالىجانلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئايسىلىگىنىڭ بۇيانقاردىن بولغان ئىككى قىز، ئۈچ ئوغلىنى ئۆز باغرىغا ئېلىپ، ئۆز باللىرى بىلەن ئوخشاش كۆرۈپ كېلىۋاتقىنىدىن سۆيۈندى. ئايسىلىگىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغان قىزلىرىغا ئەلچى كېلىۋاتقىنىدىنمۇ ۋاقىپلاندى.

بەگيۇسۇپ بۇۋىئايىشەنىڭ يېڭى ئائىلىسىگە بېرىپمۇ كۈيئوغلىدىن رازى بولۇپ قايتتى. كۆك بۆرە ئالىپ ئېلزادبەگ مەرھۇم سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوردا بېگى بەگتۇتۇقنىڭ كەنجى

ئوغلى ئىدى. ئۇ بۇغراخان مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتقاندا، بالاساغۇن دىيارىغا ئىلىكخان بولغان ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخاننىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئوردىغا ئەكىلىنىۋالغانىدى. توغرائى دىۋاندا كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، دەسلەپ ياشانغان ئاتىسى، ئاندىن ياش خوتۇنى تۇغۇتتا ۋاپات بولدى. بۇۋىئايىشەنى ئەمرىگە ئالغاندا قىزى ئىككى ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى. بۇ قىز ياش ئانىغا ئىچەركەپلا كەتتى. جانپىدا غوجام:

— ئابا، بۇ قىز ئۇكامنى قاچان تۇغقان؟ ئەجەب مەن كۆرمەپتىمىنا؟ — دەپ ئانىسىنى قىزغانغاندەك بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ كەتتى.

ئىلزادبەگ كۆچتۆككۈر، غەيرەتلىك يىگىت ئىدى. ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخان بىر يىللىق باج ھەم تارتۇقنى قەشقەرگە يولغا سالغاندا، شەھەر كۆرسۇن، دەپ ئۇنى قوشۇپ قويغانىدى. ئامەت ئۇنىڭغا يولدا كەلدى. بەدەلئارت داۋىنىغا يېقىنلاشقاندا، قاراقچىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالدى. قوغداپ ماڭغان سىپاھلار قاراقچىلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. قولىدا خەنجەرلا بار ئىلزادبەگ قاراقچىلارنىڭ سىپاھلارنى ئۆلتۈرۈپ، يارىلاندۇرۇپ، ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىلىپ بارغىنىچە قاراقچىلار باشلىقىنىڭ ئالدىنى توسۇدى.

— يىگىت، كۆزۈڭنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئاستا كېتىۋال، بولمىسا سەپەرداشلىرىڭدەك يەر چىشلەپ قالىسەن، — دەپ كۆزىگە ئىلمىغان قاراقچىلار باشلىقى تەپمەكچى بولۇپ پۇتىنى كۆتۈرۈشىگە، ئىلزادبەگ خەنجەر ئۇرۇپ ئۇنىڭ قارنىنى چۇۋۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن قاراقچىلار ئالاقزەدە بولۇپ كېتىشتى. قاراقچىلار باشلىقىنىڭ قولىدىكى چويۇن چوماقنى تارتىۋالغان ئىلزادبەگ ئون نەچچە قاراقچىنى ئۇرۇپ يىقىتتى. قاچقان سىپاھلارنى ئارقىغا ياندۇرۇپ، قاراقچىلارنىڭ بىرسىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماي تۇتۇپ باغلىۋەتتى. سىپاھلار ئۇنىڭ

جاسارىتىشقا قايىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن باج - سېلىق، تارتۇقلارنى قەشقەرگە ساق - سالامەت ئېلىپ بېرىپ خەزىنىگە تاپشۇردى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان ئىلزادبەگنىڭ قەلەم كۈچىدىن ئەلەم كۈچىنىڭ ئارتۇقلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ ھايىل باشى قىلىپ تەيىنلىدى. بالاساغۇن، بارسغان، تالاس، سۈياپ، قەشقەر يوللىرىدىكى كارۋانلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان قاراقچىلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى. ئىلزادبەگ باتۇرلۇقى، تەدبىرلىكلىكى بىلەن ئۇ يوللارنى قاراقچىلاردىن تازىلىدى. ئېلىكخان ئۇنىڭغا كۆك بۆرە، ئالىپ ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئوردا ياساۋۇللار ئەمىرلىكىگە بەلگىلىدى. بەگيۇسۇپ بالاساغۇنغا كېلىش ئالدىدا، جاندارلار ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەندى.

بەگيۇسۇپ كېلىپ ھاجىپ بولغاندىن كېيىن، ئىلزادبەگ بىلەن تونۇشتى. خۇش چاقچاق، جاسارەتلىك بۇ يىگىت ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆيۈئوغلى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەندى. بۇۋىئايىشە، ئايسىلىگلارنىڭ تويى باشلىرىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن، نەچچە قېتىملىق پاجىئە، مۇسىبەتتىن كۆڭلى سۇنغان رەيھانىدىنبەگ جەمەتىگە، بولۇپمۇ بەگيۇسۇپكە خۇشاللىق بەخش ئەتكەندى. لېكىن، قەشقەردىن كەلگەن شۇم خەۋەر بۇ خۇرسەنچىلىكنى غەم - ئەندىشىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئەشكىنچى، چاپارمەن ياكى سودا كارۋىنى ئەمەس، بىر يوچۇن ئايال ئېلىپ كەلگەندى.

بەگيۇسۇپ چۈشتىن كېيىن «رەيھانىيە» مەدرىسەسىدىكى دەرسنى ئۆتۈپ ئۆيگە كەلگەندە، ئۇ ئايال قىزتۇرمىشنىڭ باغ ئىچىدىكى خانىسىدا تاماق يەۋاتاتتى. سەللە - يەكتىكىنى خاس مەھرەمگە بېرىپ، يۈز - قولىنى يۇغان بەگيۇسۇپ خانىسىغا كىرىپ كىتاب ئوقۇشقا باشلىۋىدى، قىزتۇرمىش كىردى.

— ئوردۇكەنتتىن مېھمان كەلدى، ھاجىپ ئىنىم، — دېدى

ئۇ سالام بېرىپ، چىرايىدىن ئەجەبلەنگەنلىك ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

— ئوردۇكەنتتىن؟ ھازىرلا چىقىپ كۆرۈشەي.

بەگيۇسۇپ رەڭگارەڭ گۇل - گىياھلار ۋە مېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى كېلىپ تۇرغان باغنى ئارىلاپ كۆل بويىدىكى قىزتۇرمىشلار ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆيگە كىردى.

يىگىرمە يىللار بۇرۇن باغ ئىچىدىكى يېڭى ياسالغان بۇ ئۆيدە، ئاقبىرا بىلەن شىرىن توي كېچىسىنى ئۆتكۈزگىنى ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ مەيۇسلىنىپ قالدى. رەيھانىدىنبەگ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەرھۇم ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ چىقىپ، بۇ ئۆينى ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئادار، قىزتۇرمىشلارغا بەرگەنىدى.

— ھاجىپ ئىنىم، مېھمان بۇ خانىدا.

بىر ئەر كىشىنىڭ كىرگىنىنى كۆرگەن ئايال رومىلىنى يۈزىگە تاشلاپ ئورنىدىن قوپتى ۋە ئېگىلىپ سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى ئولتۇرسىلا، — دېدى ھەيران بولغان بەگيۇسۇپ. ئىچىدە: «خوتۇن كىشى ئىكەنغۇ، ئەجەب ...» دەپ ئويلىدى.

— جانابلىرى، ئۆزلىرى بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپ بولسىلا، ئوردۇكەنتتىن ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ بېرەي، — يوچۇن ئايال بىر لىپاپىنى ئۇزارتتى.

— رەھمەت، — بەگيۇسۇپ لىپاپىنى ئېلىپ، شۇنداقلا بىر قاراپ، قويۇپ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— سىڭلىم، ئوردۇكەنتتىن قۇزئوردۇغا بىر ئۆزلىرى كەلدىلىمۇ؟

— شۇنداق جانابلىرى. ئۆزلىرىگە دىلدار ئاغىچا بىكەم ۋە تۇغقانلار كۆپ سالام ئېيتتى. يالغۇز يولغا چىققاچقا، ئۇلارنىڭ سوۋغىلىرىنى ئالماي، مەكتۇپنىلا ئېلىپ كەلدىم.

— بارىكاللا، بارىكاللا! — بەگيۇسۇپ تەئەججۇپ ئىلكىدە

سورىدى، — نېمە زۆرۈرىيەتتىن بۇ مەكتۇپنى سىلى ئېلىپ كەلدىلە، سىڭلىم؟

— تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن دىلدار ئاغىچا بىكەم مېنى يوشۇرۇن يولغا سېلىپ قويۇپ، ئوردۇكەنتتىن قۇزئوردۇغا كېلىۋالدىم. ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن جانجان ۋەتىنىمگە كېتىۋالماقچىمەن. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى يولۇمغا قاراپ يۈرەكلىرى پارە - پارە بولغان ئاتا - ئانام مېنى كۈتمەكتە ...

— ياخشى تىلەكلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەننى ئايىمايمەن، سىڭلىم. ئېيتسىلا، سىلىنىڭ ئۇ سۆيۈملۈك ۋەتەنلىرى دۇنيانىڭ قايسى تامانىدا؟ سىلى زادى كىم؟

— پېقىرەمۇ؟ — ئايال بىردىن رومالنى بېشىدىن ئېلىۋەتتى. بەگيۈسۈپنىڭ كۆز ئالدىدا چاچلىرى قوڭغۇر ۋە بۈدۈر، كۆزلىرىنىڭ ئېقى ۋە چىشلىرىدىن باشقا ھەممە يېرى قارا، چىرايلىق قارا تەنلىك ئايال نامايان بولدى. ئۇنىڭ بوي - بەستى كېلىشكەن، ناھايىتى خۇش پىچىم ئىدى. تال - تال كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— پېقىرە بىر بەختسىز ئايالمەن، — دېدى ئۇ ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىگە يامراشقا باشلىغان ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — ئۆيىمىز دېڭىز بويىدا ئىدى. ئاتام بېلىقچىلىق قىلاتتى، ئانام تور توقۇيتتى. بىز ئۇلاردىن ئۈچ قىز ئىدۇق، مەن كەنجىسى ئىدىم. ئون ياشلارغا كىرگەن چېغىم، دېڭىز بويىدا ئاداشلىرىم بىلەن قۇلۇلە قېپى تېرىۋاتاتتىم. قىرغاقتا توختىغان يەلكەنلىك كېمىدىن بىر توپ ئادەم چۈشۈپ، كەلگىنىچە مېنى، ئاداشلىرىمنى تۇتۇپ كېمىگە ئېلىپ چىقىپ، يىغا - زارىمىزغا قارىماي ئېلىپ كەتتى. «ئاتا ... ئانا! ... ئاچا !... » دەپ تۇۋلاپ ئۈنۈم پۈتۈپ كەتتى. بىر قاراقچى قولۇمنى باغلاپ، ئاغزىمغا لاتا كەپلەپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا - ئانامنى، ئاچىلىرىمنى كۆرەلمىدىم.

بايا كىرىپ ئۇنىڭ سۆزىگە سەما بولۇپ ئولتۇرغان قىزتۇرمىشنىڭ كۆزلىرى نەملەندى. ئۇ:

— ئوردۇكەنتكە قانداق كېلىپ قالغانىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— قاراقچىلار بىزنى مىسىرغا ئېلىپ بېرىپ سېتىۋەتتى. مېنى ئالغان سودىگەر ئوردۇكەنتلىك ئىكەن. ئۇ مېنى يۇرتىغا ئېلىپ باردى. ئوردۇكەنتكە شۇنداق كېلىپ قالغانمەن، — قارا تەنلىك ئايال ئۇھ تارتىپ، خورسىنغان هالدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ سودىگەرنىڭ چىرايلىق بىر خوتۇنى بار ئىكەن. مېنى كۆرۈپ قورققان هالدا ئېرىگە بىرنېمىلەرنى دەپ كەتتى. ئېرى ئۇنىڭ كاچىتىغا بىر تەستەك سېلىپ ئۇنىنى ئۆچۈردى. تىل بىلمىگىنىم ئۇچۇن گاس - گاچىدەك بىرەر ئاي تەمتىرەپ يۈردۈم. كېيىن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئاڭقىرىۋېلىپ تىنىم تاپمايدىغان بولدۇم. غوجايىن خېنىم ماڭا ئامراقلىق قىلمىدىغان بولۇپ قالدى. ئېرىمۇ ئۆزىچە كۇلۇمسىرەپ چاچلىرىمنى سىقىملاپ قوياتتى. ئىككى يىل ئۆتتى. ئۇلارنىڭ تىلىنى خېلى ئۆگىنىپ قالدىم. غوجايىن خېنىم بىلەن مۇڭدىشىدىغان بولدۇم. ئۇلار ئىسمىمنىڭ مايمۇنە، يۇرتۇمنىڭ شوردەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. يەنە ئىككى يىل ئۆتتى. بويۇم ئۆسۈپ غوجايىن خېنىمدىن ئېگىز، زىلۋا بولۇپ كەتتىم. پۈتۈن ئۆي ئىشىنى بىر ئۆزۈم قىلىدىغان بولدۇم. غوجايىن خېنىم كەچكىچە كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يېتىپ، بوردىغان قويدەك سەمرىپ كەتتى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن، ئەر - خوتۇن ئىككىسى گەپ تەرگىشىپ ئۇرۇشتى. تاياق زەربىدىن مەڭزىلىرى كۆكەرگەن غوجايىن خېنىم بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ، تۇتۇۋالساممۇ ئۇنىماي يامانلاپ ماڭدى. ۋاقىراپ - جارقىراپ ئېرىمۇ چىقىپ كەتتى. مەن بۇ ئۆيدە يالغۇز قالغىنىمدىن ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالدىم. خېنىمنىڭ ئېرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ماڭا باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. خېنىم ئۆيدە بولغانلىقى ئۇچۇنلا، ئۇنىڭ ماڭا

چىقىلالماي يۈرگەنلىكىنى سېزەتتىم ... — ئۇ بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن يىغىدىن پەسلەپ، ئېسەدەپ - ئېسەدەپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن شۇ كېچىسى خورلاندىم ... پاك تېنىم بۇلغاندى ... ئەمدى مېنىڭ ئۇنىڭغا كېرىكىم قالمىغانىدى. ئەتىسى ئۇ مېنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ ئەگەشتۈرۈپ قۇل بازىرىغا ئېلىپ ماڭدى ...

— توختاڭ سىڭلىم، ئۇ قارا كۆڭۈل لاتىپۇرۇشنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟ — سورىدى بەگيۈسۈپ.

— بەگتاش جېلىل، جانابلىرى.

— بەگتاش جېلىل، — بەگيۈسۈپ پەرىزىنىڭ توغرا چىققانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى. «بەگتاش خېلىلىنىڭ ئىنىسى ئىكەن - دە. ئۇ شۇنچە مۇلايىم، تەقۋادار ئادەمدەك قىلاتتى. تازا شەھۋەتخور كاززاپ ئىكەن - دە. ‹ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئىچىدە›، دېگەن شۇ - دە» دەپ ئويلاپ ئېغىر تىندى. مايمۇنە يىغلامسىراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— خۇدايىم قۇللۇقنى ھېچ بەندىسىگە نېسىپ قىلمىسۇن، بۆگۈ بىلگە جانابلىرى، قۇل بازىرىدا قىسما - قىسما ئادەملەر كېلىپ مېنى كۆردى. ئۇيەر - بۇيېرىمنى تۇتۇپ باقتى. ھېچقايسىسى باھايىمغا چىقمىدى. پېشىندىن كېيىن باداڭ قورساق، ھاپ قوۋۇز، پاكار، كوسا ئادەم كېلىپ باشتىن - ئايىغىمغا سەپسالدى. ساغرامنى سىلاپ، كۆكسۈمنى تۇتۇپ، ماڭدۇرۇپ، سۆزلىتىپ باقتى. شۇنداق خورلۇق ھېس قىلدىمكى، ئۆز تىلىمدا «مەن غۇرۇرلۇق، نومۇسلۇق ئايال. ھاۋائانام زاتىدىنمەن. ئات - ئېشەك ئەمەسمەن، ماڭا بۇنداق نامۇناسىپ مۇئامىلىدە بولماڭلار» دەپ يىغلاپ كەتتىم. ھېلىقى باداڭ قورساق تېلىقىپ كۈلدى. بۇ سالاپەتلىك ئەمەلدارنىڭ كاززاپ سودىگەردىن نەچچە ھەسسە نومۇسسىز ئىكەنلىكىنى ئۇزاق ئۆتمەيلا بىلدىم، بۆگۈ بىلگە ھەزرەتلىرى، — مايمۇنە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى، دىلدارىكەنىڭ يېنىغا

قانداق قىچىپ بارغانلىقىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپ، — ئوردۇكەنت بۇغراخان ئوردىسىدا يۈز بەرگەن پاجىئە مەكتۇپكە پۈتۈكلۈك، ئوقۇپ كۆرگەن بولسىلا، — دەپ گېپىنى تۈگەتتى.

## 4

نامازشامنى ئوقۇپ كىرگەن بەگيۇسۇپ ئۆز خانىسىغا كىردى. يېزىق شىرەسى ئۈستىدىكى شام چىراغنى يورۇتتى. ئۇ شام نامىزىغا ئالدىراپ قېلىپ ئوقۇيالمىغاچقا، مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلىنىشقا شۇنچە تەقەززا ئىدى. لىپاپىدىن ئايرىم - ئايرىم قاتلانغان ئۈچ پارچە خەتنى ئالدى. بىرى بەگتاش جالالىدىننىڭ، بىرى دىلدارىبىكەنىڭ بولۇپ، يەنە بىرى نامسىز خەت ئىدى. بەگيۇسۇپ ئاۋۋال دىلدارىبىكەنىڭ خېتىنى ئوقۇدى:

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

جانابىي ھۆرمەتلىك، سۆرلىك ئەل ئاتىسى بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپ ھەززەتلىرى، ئۆزلىرىگە ۋە ئۆزلىرى ئارقىلىق بالاساغۇن دىيارىنىڭ ئېلىكخانىغا ۋ بارلىق قوۋم - قېرىنداشلىرىمغا:

كامالىي ئېھتىرام ئىلە يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، بۇ نالايىق مەكتۇپىم بىلەن دەھشەتلىك شۇم خەۋەر يەتكۈزگەنلىكىمدىن ناھايىتى - ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمەن. تەقدىر - قىسمەت شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئېغىز ئاچماي ئىلاجىم يوق. ئاۋۋال ئوردا دىۋانىنىڭ جاكارىنى ئۆز پېتى بىلەن يەتكۈزمەكچىمەن. بۇ جاكار ئالايىتەن خۇش خەت بىلەن يېزىلىپ كوچا - بازارلارغا چاپلاندى. جاكارچى شەھەر ئايلىنىپ ئاۋامغا يەتكۈزگەن پەرمانى ئالىينىڭ مەزمۇنى ئۇشبۇدۇر: ‹ئەييۇھەنناس! ئىشتىگىلار ئامۇخاس!

بىلمىگەنلەر بىلىڭلار، ئۇقمىغانلار ئۇقۇڭلار! بۇغرا قاراخان مۇھەممەد ئارسلانخان ۋەلىئەھد ھۈسەيىن ئارسلانخان ئالىيلىرى بىلەن بىللە تەختكە ئولتۇرۇش مۇرسىمىدا قەستكە ئۇچراپ قازا بولدىلەر. ئەلنىڭ پاراسەتلىك غەمخارى، بۇغراخانلار جەمەتىنىڭ گۇلتاجى ئالىپ ئىبراھىم تېگىن ئالىيلىرى شانۇشەۋكەتلىك ئاتا، ئاكىسىنى غەرەزلىك قەستلەپ ئۆلتۈرگەن جەۋلانبەگ، قۇلۇنبەگ، تۇردۇش ئاخۇن بارچۇقى، ئابدۇلقەھھار ھەبىبى قاتارلىق ئاسىيلارنى شۇ مەھەل تۇتۇپ كاللىسىنى ئالدىلەر! بۇغرا قاراخانغا، بۇغراخان جەمەتىگە سادىق يۇغرۇش، ھاجىب باشلاردىن قەيسەربەگ، دوقاقبەگ، مۇڭسۇزبەگ، ھوشۇربەگ قاتارلىق دانالار، ئالىپ ئىبراھىم ئارسلانخان ئالىيلىرىغا ساداقەت بىلدۈرۈپ، سۈيىقەستچىلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتىلەر!

خۇلاسە كالام، سۈيىقەستچى ئاسىيلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى. توغرائى دىۋانى، دىۋانى ئارىز، ئوردا دىۋانى بۇغراخان جەمەتىنىڭ مۆتىۋەرلىرى بىلەن بىرلىكتە كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، ئالىپ ئىبراھىم تېگىننى ئارسلانخان نامى مۇبارەك بىلەن قۇتلۇقلاپ بۇغرا تۆگىگە مىندۈرۈپ، بۇغراخانلىق تەختىگە چىقاردىلەر. ئېگىز ھارۋىلىق، يىگىرمە تۆت ئۇرۇق، ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز بولۇپ ئۇيۇشقان ئەھلى ۋەتەن بۇغراخان ئىبراھىم ئارسلانخان ئالىيلىرىغا ساداقەتنامە تاپشۇرۇشلىرى زۆرۈردۇر!

ئوردۇكەنت ئەھلى بۇغراخان ئىبراھىم ئارسلانخان ئالىيلىرىغا پەرمانبەردار بولۇڭلار.

ۋاللاھۇئەئلەم بىسساۋاب.

ھىجرىيە 450 ـ يىلى رەبىيەلئاخىرنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى①.

① 1058 ـ يىلى 3 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

بۆگۇ بىلگە بەگيوسۇپ ھەزرەتلىرى، پەرمانى ئالىي ئەنە شۇنداق يېزىلىپ، ئەنە شۇنداق جاكارلاندى. ئۈشتۇمتۇت سادىر بولغان بۇ قانلىق ئۆزگىرىشتىن ئوردۇكەنت ئەھلى قاتتىق چۆچۈگەن، قورققان بولسا كېرەك، نەچچە كۈنگىچە كوچا بازارغا ھېچ كىم چىقمىدى. دۇكانلار ئېچىلمىدى. ھەممە ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندەك شەھەر ئەزىم تىمتاس بولۇپ قالدى. پېقىرە ئېنىق بىر خەۋەر ئاڭلاش ئۈچۈن، ئاكام بەگتاش خىلىلنى مەھمۇد تېگىن ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە (ساچىيە) مەدرىسەسىگە ئەۋەتكەندىم، كۆرۈشەلمەپتۇ. ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى زادى بىلەلمىدۇق. ئىبراھىم تېگىن تەختتە ئولتۇرغان كۈندىن باشلاپ، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ تەرەپدارى، بەگيوسۇپنىڭ قوللىغۇچىسى دەپ تۇتقۇن قىلىنغانلار ناھايىتى كۆپ. بۆگۇ بىلگە مۇدەررىسلەردىن، تالىپلاردىن تۇتقۇن قىلىنغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. چوڭ ئاكام بەگتاش خىلىل يوشۇرۇنۇۋالدى. كىچىك ئاكام بەگتاش جىلىل ھازىر چاڭئەندە. ئاتام كېسەل، داۋالاۋاتىمەن. تارقالغان گەپلەرگە قارىغاندا، مۇھەممەد ئارسلانخان بىلەن ھۇسەيىن ئارسلانخان قەستكە ئۇچرىغان كۈنى ئوردىدا كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن، تۇتقۇن قىلىنغان. ئەھۋال ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھەم قورقۇنچلۇق. تەرەپ - تەرەپكە ماڭىدىغان كارۋانلارمۇ توختىتىپ قويۇلدى. خەتەر بېشىمىز ئۈستىدە ھۇۋقۇشتەك ھۇۋلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مەكتۇپنى ئاكام بەگتاش خىلىلدىن ياكى كارۋاندىكى ئىشەنچلىك بىرەيلەندىن ئەۋەتمەكچى بولۇۋىدۇق. ئۆيۈمدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقان قاراتەنلىك قىز، مەن ئېلىپ باراي، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئىشەنچلىك ھەم يۈرەكلىك بولغاچقا، مەكتۇپنى ئۇنىڭدىن ئەۋەتىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. بىرنەچچە كىشىنى ھەمراھ قىلىپ بېرەيلى دېسەكمۇ، يالغۇز ئېلىپ بارىمەن، قۇزئوردۇغا سالامەت يېتىپ بېرىشىمغا ئىشەنچىم كامىل، دەپ بىزنى قايىل قىلدى. قالغان گەپنى مايمۇنەدىن ئاڭلىغايلا. ئۇنىڭ يۇرتىغا كېتمۇۋېلىشى

ئۇچۇن خالىس ياردەمدە بولۇشلىرىنى ئۆتۈنىمىز. شۇم خەۋەر بىلەن مالال قىلىپ قويغان بولساق ئەپۇ قىلغايلا. خۇش خەۋەر بىلەن مەمنۇن قىلىدىغان كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئۈمىدۋارمىز. ئاللا ھەممىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

ئاۋامىنىڭ دۇئا ـ تەلىپىدە بولغۇچى پېقىرەدىن ھىجرىيە 450 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 27 ـ كۈنى[1]، ئوردۇكەنت»

بەگيۇسۇپ خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى.

«قارا كېچىدە، قارا تاشنىڭ ئۈستىدە قارا مۇرچىلار[2] نىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ ـ بىلىپ تۇرغۇچى تەڭرىم. ئوردۇكەنتتە يۈز بەرگەن پاجىئەدىكى ھېكمەت نېمە؟ بەندىلىرىڭنى بىر ـ بىرىنى ئەپۇ قىلىپ، دۇنيادىكى نېمەتلىرىڭدىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت كۆرۈش ئۈچۈن ياراتقانمۇ سەن ياكى بىر ـ بىرى بىلەن ئۆچلىشىپ، قان تۆكۈش ئۈچۈن ياراتقانمۇسەن؟ نېمىشقا سەن يۇقىرى مەرتىۋە، كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە قىلغان پادىشاھلار ئادالەت بىلەن ئەلنى روناق تاپتۇرماي، بىر ـ بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش كويىدا بولىدۇ؟ بىر ئۆزۈڭگە سېغىنىپ سەۋر قىلغان، شۈكۈر قىلغان بەندىلىرىڭ نېمە ئۈچۈن خورلۇق ـ كۈلپەتتىن قۇتۇلالمايدۇ؟ ... نېمىشقا ... نېمىشقا؟ ...» دەپ چاچراپ تۇرغان بەگيۇسۇپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ يىغلاپ كەتتى.

قەشقەردە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئوردا پاجىئەسى قاراخانىيلار جەمەتىنىڭلا پاجىئەسى بولۇپ قالماي، روناق تاپقان ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پاجىئەسى ئىدى. بەگيۇسۇپ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەرياد چېكىپ يىغلىدى.

بۇ پاجىئەنى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ ئىنسابتىن چىققان، قىساس ئېلىش كويىدا رەڭۋازلىق قىلغان بىر قارا يۈرەك خوتۇن كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىپ

① مىلادىيە 1058 ـ يىلى 4 ـ، 5 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.
② مۇرچىلار — چۈمۈلىلەر.

پەزىلىتىنى يوقاتقان، ناز ـ كەرەشمىگە ئالدىنىپ دۈشمەننى دوست تۇتقان بىر پادىشاھ ئۇنىڭغا يول قويغانىدى.

«مۇھەممەد ئارسلانخان ئاكىسىدىن تەختنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغانىدى. قۇمارىبىكە خاقان ئېرىنى ھەم ۋەلىئەھدىنى ئۆلتۈرۈپ، تەختتە ئۆز ئوغلىنى ئولتۇرغۇزۇپتۇ. قىساسنى ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخاننىڭ قولى بىلەن ئالماي، بىر قارا نىيەت سۇيىقەستچىنىڭ قولى بىلەن ئېلىشتا، تەڭرى بەندىلىرىگە قانداق ھەقىقەتنى ئاشكارىلىماقچىدۇ ۋە نېمىنى ئىبرەت قىلماقچىدۇ؟»

بەگيۈسۈپنىڭ كۆز ئالدىغا بوزاغۇنىڭ ئۆزىنى زىنداندىن چىقىرىپ، ئوردىغا ئېلىپ بارغان دەمدىكى مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ تەختتە مەغرۇر ئولتۇرغان قىياپىتى كەلدى. «ياش ۋاقتىدا پۈتۈن كۈچ ـ غەيرىتى بىلەن قاراخانىيلار ئېلىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلغان، ئالىپ ياغان تېگىن دەپ ئاتالغان قورقۇمسىز سەركەردە ئىدى. بارسغان دىيارىغا ئېلىكخان بولغاندا چارە ـ تەدبىرلىك ئەل باشى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغانىدى. ئەپسۇس، قۇمارىبىكەگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتى، زوراۋان تەلۋە شاھقا ئايلىنىپ قالدى ...»

بەگيۈسۈپ ھۇسەيىن ئارسلانخاننى سېغىنىپ ئەسلىدى. «ئۇ مەھمۇد تېگىنندەك بۆگۈ بىلگەنىڭ ئاتىسى ئىدى. تەڭرى ئۇنىڭغا يۇقىرى مەرتىۋە ئاتا قىلىپلا قالماي، ئائىلە بەختىگە مۇيەسسەر قىلغانىدى. ئۇنىڭدەك ئەلگە غەمخان ئەل بېگىنى ئەمدى قايدىن تاپقۇلۇق؟ ...»

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارامىلغان ياش مەڭزىدىن سىرغىپ، ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى، بۇغرا قاراخان بىلەن ۋەلىئەھدىگە قەست قىلغان، دەپ قارىلىنىپ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئەسلەپ چىدىيالماي قالدى. «جەۋلانبەگ قاراخانىيلار مەملىكىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئالىپ سانغۇن ئىدى، ئۇچتا مۇھەممەد

ئارسلانخان بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، كېيىن ئەل بولۇپ، ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەنىدى. قۇلۇنبەگ ساداقەتمەن، ئاق كۆڭۈل قاپۇغچى باشى ئىدى، ئۇ بوزاغۇنىڭ سۈيىقەستىدىن مۇھەممەد ئارسلانخاننى ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى مەھمۇد تېگىنگە ئېيتىپ بەرگەنىكەن. تۇردۇش ئاخۇن بارچۇقى توغرائى دىۋان باشى ئىدى، خۇش خەتكە ماھىر، هازىر جاۋاب بوغوغ بولۇپ، ئوردىدىكى پىتنە - پاساتلارغا ئارىلاشمايتتى، كەمتەر، سەمىمىي ئىدى. ئابدۇلقەھھار ھەبىبى ئادالەتپەرۋەر، كەسكىن پىكىرلىك دانا يۇغرۇش ئىدى. ۋادەرىخ - ۋادەرىخ! قۇماربىكە قارام، تەلۋە ئوغلىنى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن، شۇنداق كاتتا ئەل باشلىرىنى ناھەق ئۆلتۈرۈپتۇ، ۋادەرىخ - ۋادەرىخ! ...»

بەگيۇسۇپنىڭ كۆز ئالدىغا بوزاغۇ كەلدى. ھەمىشە ھىجىيىپ تۇرىدىغان پاكار، ھاپ قوۋۇز بۇ ئادەمنىڭ چېقىر كۆزلىرىدىن ھارامزادىلىك چىقىپ تۇراتتى. «جان ساقلاشقا نېمىدېگەن ئۇستا - ھە، تەگرىدىن باشقا ھېچنېمىگە باش ئەگمەيدىغان بۇغرا قاراخانىمۇ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈپ تەختىدىن، جېنىدىن ئايرىدى. دوقاقبەگ ئۇنىڭ ئۇستازى، مەسلىھەتچىسى. سۈيىقەستنى قۇماربىكە بىلەن بۇ ئىككىسى پىلانلىغان ...»

قان ئىچەر جاللات مۇڭسۇزنىڭ ياۋۇز قىياپىتى بەگيۇسۇپنىڭ خىيال ئېكرانىدا پەيدا بولۇپ، سەسكىنىپ كەتتى. «ئۇ مەلئۇن يەنە قانچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىكىن؟ ... ھوشۇربەگ سۇلايمان ئارسلانخانغا ئاسىيلىق قىلىپ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ لەشكەرلىرىگە دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئاۋامنىڭ قىرىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان مەلئۇن! بوزاغۇ سۈيىقەستنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، بۇ ئىككى خۇنپەردىن پايدىلانغان. ئۇلار مەھمۇد تېگىنگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويغان بولسا ... ياق - ياق! مەھمۇد تېگىنگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ ...»

بەگيۇسۇپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن هالدا دېرىزە تۈۋىدىن ئىشىك يېنىغا، ئىشىكتىن يېزىق شىرەسى ئالدىغا بىرقانچە قېتىم باردى. ئۇ تۇرۇپ قېلىپ ئۆيىنىڭ ئوڭ تەرەپ تېمىدىكى ئويۇقتا تىكىلدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا مەهمۇد تېگىن كىرىۋالغانىدى. ئويۇقتىن بۆرە تېرىسىدە تىكىلگەن بىر جىلتىنى ئالدى. جىلتا ئىچىدە مەهمۇد تېگىن يوللۇق تۇتقان بىر كىتاب بار ئىدى. قەشقەردىن كەلگەندىن بېرى، مەهمۇد تېگىن ئېسىگە كەلسىلا بۇ كىتابنى ئېلىپ ئوقۇيتتى، ئوقۇپ روهلىناتتى. مۇشۇ دەممۇ جىلتىدىن كىتابنى ئېلىپ، بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندەك قاراپ كەتتى. ناهايىتى چىرايلىق، نەپىس شىرازلانغان كىتاب مۇقاۋىسىغا ئاجايىپ كۆركەم نەقىشلەر چېكىلگەنىدى. «مەهمۇد كاشغەرىي» دېگەن نام مۇقاۋىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە هەل بىلەن يېزىلغانىدى. ئۇنىڭغا هۆرمەت ئىلكىدە تىكىلگەن بەگيۇسۇپنىڭ هاياجانلانغىنىدىن بەدىنى تىترەپ كەتتى. «ناهايەتكى، بۇ ئۇلۇغ بۇغۇغ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسا ـ هە! ياق ـ ياق! جانابىي ئاللا ئالىم بەندىسىنى ئۆز پاناهىدا ساقلايدۇ.» ئۇ بۇ سۆزنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى. كىتابنى جىلتىغا سېلىپ، يەنە ئويۇق ئۈستىگە قويۇپ، ئىككىنچى خەتنى ئاچتى. بۇنى بەگتاش جالالىدىن يازغانىدى. خەتتە: بۇ قېتىمقى ئوردا ئۆزگىرىشىدىن تولىمۇ خاتىرجەمسىزلەنگىنىنى، ئاغرىپ يېتىپ قالغاندىن بېرى سودا ئىشلىرىنى چوڭ ئوغلى بەگتاش خېلىل باشقۇرۇۋاتقىنىنى، كىچىك ئوغلى بەگتاش جېلىلنىڭ تىجارەت ئۈچۈن چاڭئەن دىيارىغا كەتكەنلىكىنى، ئىبراهىم تېگىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغىنىنى، قىزى دىلداربىكەنىڭ داۋالاۋاتقىنىنى، ئوردۇكەنتتىكى بۆگۈ بىلگە، ئاقىللارنىڭ بەگيۇسۇپنى ئەسلەپ سېغىنىدىغانلىقىنى، دىدار كۆرۈشۈش ئىستىكىدە ياشاۋاتقىنىنى ئىزهار قىلغانىدى.

«قارىغاندا دىلدارىمكە بەگتاش خىلىلىنىڭ يوشۇرۇنۇپ جان ساقلاۋاتقىنىنى ئاتىسىغا ئېيتمىغان ئوخشايدۇ. بەگتاش جىلىل تىجارەت ئۈچۈن يىراققا كېتىپتۇ. ئاكىسى ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردارمىدۇ؟ مايمۇنەنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئۇ شەھۋەتخور ئوخشايدۇ. شەھۋەتخور ئادەم پۇلغا ھېرىس كېلىدۇ، پۇلغا ھېرىس ئادەم كاززاپ بولىدۇ، ئالدامچىلىق، كۆز بويامچىلىق، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن كىشىلەرنىڭ مېلىغا، پۇلىغا قارا سانايدۇ، خىيانەت قىلىدۇ. بەگتاش جىلىل ئۇنداق قارا يۈزلەردىن بولمىغاي ...

بەگيۈسۈپ ئويلاپ ئۈچىنچى خەتنى ئاچتى. خەت ئۈچ قۇرلا يېزىلغانىدى:

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بەگيۈسۈپ.

توپان بالاسىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن، بۇ ئەنسىز كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

سىلىگە سالامەتلىك، چىدام، غەيرەت تىلەيمەن.»

بۇ ئۈچ جۈملە سۆزدە كۆپ مەنە بار ئىدى. بەگيۈسۈپ ئىختىيارسىز ئاسقۇغا قاراپ، دىلدارىمكە سوۋغا قىلغان تون ۋە بادام دوپپىنى كۆردى ...

— ئاتا، ئۆيدە بار ئىكەنلا !

بۇۋىئايشەنىڭ ئۈنىنى ئىشىتكەن بەگيۈسۈپ ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ:

— بالام، كەلدىلىمۇ؟ — دەپ ئېغىر تىندى، ئاۋازى ناھايىتى ھەسرەتلىك چىقتى.

— قىزتۇرمىش ئاچام بالا ئەۋەتىپتىكەن، ئوردۇكەنتتىن مېھمان كەلگىنىنى بىلىپ كېلىشىم، ئاتا. باياتىن ئۇ مېھماننىڭ قېشىدا ئىدىم، كىرىپ قالارمىكىن دەپ ساقلىسام كىرمىدىلە.

— مەكتۇپنى ئوقۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ چىقالمىدىم. ئوردۇكەنتتە يۈز بەرگەن پاجىئەدىن خەۋەر تېپىپتىلا ـ دە، بالام؟

— ھەئە، ئاتا. كۆڭلۈم بىئارام بولۇپ يانلىرىغا كىرىشىم، ساق تۇرغانلا؟

بەگيۇسۇپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ باققان بۇۋىئايىشەنىڭ چىرايىدىكى سىرىقلىق يوقىلىپ، مەڭزىنىڭ قىزىرىپ قالغىنىغا زەن سالدى.

— ئەلھەمدۇلىللا، بالام. ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتقانلا؟

— ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، ئاتا. بۇۋام - موماملارنىڭ ئۆيىگىمۇ بېرىپ تۇردۇم، ئۇلار سىلىنىڭ يوقلاپ تۇرغانلىرىدىن ناھايىتى خۇرسەن. بىر ھەپتە بولدى ئۇكامنى كۆرمىدىم، بىزنىڭ ئۆيگە پەقەت بارمىدى. ئاچاڭنىڭ كۆرگۈسى كەپتۇ، بېرىپ تۇرغىن دەپ قويسىلا، ئاتا.

— ئۇ بالا ئۆگىنىشكە بەك بېرىلىپ كەتتى، شىكارغىمۇ چىقمايدۇ، دەم ئالامدۇ دېمەيدۇ.

— ئۆيلەپ قويساق باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولاتتى، ئاتا.

— ئوغلۇمنىڭ توينى قىلىدىغان مەزگىلنىڭ كېلىپ قالغىنى راست، قىزىم. بىراق، بۇ بىئاراملىقتا تويغا قوپالمايمىز، يەنە تەخىر قىلىپ تۇرايلى.

بۇۋىئايىشە مەيۈسلىنىپ قالغان ئاتىسىنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۇنىڭ مۇددىئاسىغا قوشۇلدى.

— نېمىشقا ئۆرە تۇردىلا، ئاتا. ئولتۇرسىلا، — دېدى ئۇ يېكەنداز ئۇستىگە ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ.

— ئەس - يادىم ئوردۇكەنتتە بولۇپ قالدى، بالام. مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، — بەگيۇسۇپ ئولتۇردى. قەلەم قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بۇۋىئايىشە:

— مەھمۇد كاشغەرىي كىم، ئاتا؟ سىلىنىڭ ئۇستازلىرىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئولتۇرۇپ.

— ھەم ئۇستازىم، ھەم دوستۇم، بالام. ئۇنى سىلى تونۇيدىلا، مەھمۇد تېگىن مەھمۇد كاشغەرىي بولىدۇ.

— مەھمۇد تېگىن؟ ھە، ئېسىمگە كەلدى. بىز سىلىنى يوقلاپ زىندانغا بارغاندا، ئالدىمىزغا كېلىپ تونۇشلۇق بېرىپ ھال سورىغانىدى. نېمىشقا ئۇ شاھزادىنى مەھمۇد كاشغەرىي دەيدىلا ئاتا؟

— مەھمۇد تېگىن بىر ئۇلۇغ بۆگۈ بىلگە، بالام. قەشقەرلىك بولغىنى ئۈچۈن ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى تەخەللۇس قىلىپ قوللانغان. مانا بۇ كىتاب ئۇنىڭ ئەۋلادلارغا سوۋغا قىلغان ئۆلمەس ئەسىرى، — بەگيۇسۇپ كىتابنى ئېلىپ قىزىغا بەردى. بۇۋىئايىشە كىتابنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، «مەھمۇد كاشغەرىي» دېگەن نامنى ئۈنلۈك ئوقۇدى.

— بۇ كىتابنى بىر ئوقۇپ چىقسام بولغۇدەك، ئاتا.

— توغرا دېدىلە، بالام. بۇ كىتابتا ئانا تىلىمىزنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى، گۈزەللىكى، مەنىلىكلىكى شەرھلەنگەن. مەھمۇد كاشغەرىي بىزنىڭ تىلىمىزنى بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئەرەب دۇنياسىغا تونۇتتى. تىل مىللەتنىڭ جېنى، بالام. تىلدىن ئايرىلغان مىللەت مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ. ھەممە نېمىسىنى يوقاتقان تەقدىردىمۇ، تىلىدىنلا ئايرىلمىسا، ئۇ مىللەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. ئەھلى ئىلىم ۋە ئاۋام ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى كەمسۇندۇرۇپ، ئەرەب - پارس تىلىنى ئۈستۈن بىلگەنلىكىگە قارىتا، بۇ كىتاب كۈچلۈك رەددىيە بولۇپلا قالماي، بەلكى ھېكمەتۇل ئەلادۇر. ئوقۇپ چىقسىلا بالام. ئانا تىل ئىنسانغا قانات. قۇش پەيگە تايىنىپ ئۇچسا، ئاقىللار تىلغا تايىنىپ پەرۋاز قىلىدۇ. كىتابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن باشقىچە روھلىنىپ كېتىدىلا.

بەگيۇسۇپنىڭ سۆزلىرى بۇ چاغقىچە ئانا تىل ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىغان بۇۋىئايىشەگە كۈچلۈك تەسىر قىلدى.

— ئاتا، پېقىرە ئانا تىلنىڭ ئىنسان ھاياتىدا مۇنداق مۇھىملىقى توغرىسىدىكى گەپنى سىلىدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلاپ، ئۆزۈمنىڭ بەكمۇ بىلىمسىزلىكىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. بۆگۈ

بىلگە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ كىتابىنى ئوقۇپ كېسەللەرگە مەنىۋى جەھەتتىنمۇ شىپالىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمەن، — بۇۋىئايىشە بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ دېدى، — مۇبادا جەڭ بولۇپ قالسا، مەن جەڭگاھقا بېرىپ يارىدارلارنى داۋالايمەن.

— بۇ دەمگىچە جەڭگاھقا بېرىپ زەخىملەنگەنلەرنى داۋالىغان ئايال ئاتاساغۇن چىقمىغان، بالام. ئەمدى جەڭدىن خالىي بولغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ناۋادا ئالىپ ئېلزادىبەگ قوشۇلسىلا، جەڭگاھقا بېرىشىڭنى توسۇمايمەن، قىزىم.

— قوشۇلىدۇ، — بۇۋىئايىشە ئاتىسىنىڭ ياداڭغۇ چېھرىدىكى قورۇقلارغا زەن قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلىدى. بەگيۇسۇپ غەمگە پاتقان قىزىنىڭ ئەندىشىسىنى چۈشەندى. «قېيىنئاتىسى ھەم ئېرىنىڭ جەڭدە قازا قىلغىنىنى ئۇ قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەلىسۇن؟! شۇڭا، جەڭگە بېرىشقا ئىرادە باغلاپتۇ ...» دەپ ئويلىغان بەگيۇسۇپ قولى بىلەن قىزىنىڭ يېشىنى ئېرتتى:

— جەڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسى ئەمەس، بالام. جەڭ بولىدىكەن قان تۆكۈلىدۇ، ۋەيرانچىلىق بولىدۇ. ئەمما، ھەققانىيەتنى قوغداش، ئەلگە ئامانلىق بەخش ئېتىش، زۇلۇم - زوراۋانلىققا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن جەڭ قىلىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

— ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخانغا شۇنداق مەسلىھەت بېرەمدىلا، ئاتا؟

— ئىبراھىم تېگىن ياخشىلىقچە تەختنى بوشاتماي، ئاساسىي سۈيىقەستچىلەرنى داۋاملىق قانتى ئاستىغا ئالسا، شۇ مەسلىھەتنى بەرمەي ئىلاجىم يوق، بالام.

ئاتا - بالا خېلى ۋاقىتقىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغىچە ئېلزادىبەگ كېلىپ قالدى ۋە قېيىنئاتىسى بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇۋىئايىشەنى ئېلىپ كەتتى. بەگيۇسۇپ ئۆلارنى ئۇزىتىپ يەنە خېلى ۋاقىتقىچە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇردى. ئەتىسى ئەتىگەندە مايمۇنەنىڭ يېنىغا كىردى.

— سىڭلىم، مەكتۇپىڭنى مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندىم. سىلى ناھايىتى جاسارەتلىك ئىكەنلا. قانداق تەلەپ - ئارزۇلىرى بولسا تارتىنماي ئېيتسىلا، قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەمىمىزنى ئايىمايمىز، — دېدى.

مايمۇنە تارتىنىپ تۇرمايلا ئوچۇقىنى ئېيتتى:

— پېقىرەنىڭ بىرلا ئارزۇسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئانا ۋەتىنىمگە تېزرەك يېتىپ بېرىش. دىلدار ئاغىچا بىكەمدىن تومۇر تۇتۇشنى، كېسەل داۋالاشنى، دورا تەييارلاشنى بىر ئاز ئۆگەنگەندىم. يۇرتۇمغا بارغاندىن كېيىن داۋالاش بىلەن شۇغۇللانماقچىمەن. بىزنىڭ يۇرتتا ئايال ئاتاساغۇن يوق، مەن بۇ خاسىيەتلىك كەسىپكە قىزىقىپ قالدىم.

— ياخشى ئويلاپلا، سىڭلىم. ئۆزلىرى خالىغان ۋاقىتتا يولغا سېلىپ قويىمىز. بۇ يەردىن دائىم باغدات، مىسىرغا كارۋان مېڭىپ تۇرىدۇ. غەم قىلمىغايلا. لېكىن، قىزئوردۇدا كۆپرەك تۇرۇشلىرىنى، ياخشى ئارام ئېلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

— بۈگۈ بىلگە جانابلىرى، دىلدار ئاغىچا بىكەم تەربىيلىرىنى قىلغاندەك ناھايىتى كەمتەر ئىكەنلا، — دېدى كۆزلىرىگە ياش ئالغان مايمۇنە، — ئۇزاقراق تۇرۇپ خىزمەتلىرىدە بولسام ياخشى بولاتتى. ئەمما، ئاتا - ئانام مېنى زارىقىپ كۈتمەكتە ...

— بولىدۇ، سىڭلىم، ھېلى قىزىم كېلىپ سىلىگە ھەمراھ بولىدۇ. مەن ئوردىغا باراي، — بەگيۇسۇپ خوشلىشىپ ھويلىغا چىقىشىغا، مۇلازىم يىگمىت سۇلتانبەگ ئاتنى ئېلىپ كەلدى ...

## ئون ئىككىنچى باب

# خانىش قىلىچخان

### 1

سۇلتانبەگ ــ ئاشانبۇقانىڭ كەنجى بالىسى بولۇپ، ئون تۆت يېشىدا ئۆيلەنگەنىدى. بەگيۇسۇپ قەشقەردىن كېلىپ ئەتىسى، ئۇنىڭ ئالدىغا بۇ ئوغلىنى ئېلىپ كىرگەن بوۋاي:

ــ بۆگۈ بىلگە غوجام، ئاللا مېنى ئون ئىككى ئوغۇلنىڭ ئاتىسى بولۇشۇمغا نېسىپ قىلغان. ئىككىسى ئادار باينىڭ تىللا سارىيىدا تىجارەت قىلىدۇ. تۆتى ئېلىكخان ئالىيلىرىغا نۆكەر، ياساۋۇل. بىرسى خەتتات، بىرسى نەققاش، ئىككىسى قىلىچ، قالقان، نەيزە سوقىدىغان تۆمۈرچى بولدى. كەنجىسى ئىلىمگە ھېرىس چىقتى. «رەيھانىيە» مەدرىسەسىدە ئوقۇشىنى تاماملىدى. تىلىكىمىزگە يارىشا ئۆزلىرى ئوردۇكەنتتىن كېلىپ قالدىلا. خىزمەتلىرىنى بەجا كەلتۈرگەچ، پەزىلەت ۋە ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىپ ئادەم بولسۇن دەپ، بۇ بۇغرامنى ئېلىپ كەلدىم، ــ دېگەندە، بەگيۇسۇپ:

ــ بارىكاللا ئاتا. ئۆز بالامدەك كۆرۈپ قەدىرلەيمەن، ــ دېگەنىدى.

مانا بىر يىلدىن بۇيان سۇلتانبەگ زېرەك، ھوشيارلىقى بىلەن بەگيۇسۇپكە يېقىپ قالدى. قەيەرگە بارسا ئۇنى بىللە ئېلىپ باراتتى. شىكارغا بىللە چىقاتتى. مەدرىسەلەرگە بىللە ئاپىرىپ مۇنازىرە - مۇھاكىمىگە قاتناشتۇراتتى. سۇلتانبەگمۇ بېجىرىدىغان ئىشنى دېگۈزمەي تېپىپ قىلاتتى. ھاردىم،

چارچىدىم دېمەيتتى. بەزى ھاللاردا بۇيرۇمىغان ئىشلارنىمۇ قىلىۋېتىپ بەگيۇسۇپنى رازى قىلىۋېتەتتى.

بەگيۇسۇپ بۇگۈن ئەتىگەن ئۆيدىن چىققاندا، سۇلتانبەگ ئۇنىڭ پەرىشان ئىكەنلىكىنى تۇرۇلگەن قاپاقلىرىدىن بىلدى. بەگيۇسۇپنىڭ پۈتۈن ئوي ـ پىكرى، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشتىن ئىبارەت چىگىچ مەسىلىگە مەركەزلەشكەنىدى. «كۆڭۈلگە ئايان بولغان پاجىئە ئاخىر يۈز بەردى. ئىبراھىم تېگىن تەختكە چىقتى. قارا نىيەتلەر ئەمەل ـ ھوقۇقنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئەھۋاللار سادىر بولىدۇ؟ بۇنى ئالدىن ئېيتىش تەس، ئەمما بىزنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتىمىز قاراخانىيلار خانلىقىنى، ئادالەتنى، ئاۋامنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا، سۇيىقەستچى قاتىللارنى جازالاشقا قارىتىلىشى كېرەك! ...»

ئۇ ئېلىكخانغا بېرىلىدىغان مەسلىھەت ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتتە نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ماڭدى. ئوردىغا كىرگەندە چاشكا ۋاقتى بولغانىدى. كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۈننىڭ نۇرى دىۋانخانىنىڭ نەقىشلىك تاملىرىغا ياماشقانىدى. بۇ يەرگە يىغىلغان ۋەزىر، ئەمىر، ھاجىپلارنىڭ تۇرقىدىن بىر جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

بەگيۇسۇپ سالام بېرىپ، بەزىلەر بىلەن تىنچلىق سوراشتى، بەزىلەر بىلەن باش لىڭشىتىپ كۆرۈشكەن بولدى.

— بەگيۇسۇپ، ئېلىكخان ئالىيلىرىنىڭ ئەمرىنى كۈتۈۋاتىمىز. ئۇ سارايدا يۇغرۇش باشى بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ، — دېدى بوش ئاۋاز بىلەن ھاجىبۇل ھۇججاپ ئابدۇلغاپپار بارسغانى يېنىغا كېلىپ تۇرغان بەگيۇسۇپكە بۇرۇلۇپ قاراپ.

— تۈنۈگۈن كەچ ئوردۇكەنتتىن مېھمان كېلىۋىدى، ئەتىگەن ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىپ كېچىكىپ قالدىم، جانابلىرى ... — ئاۋۋال ئېلىكخاننى ۋاقىپلاندۇرۇش زۆرۈر بولغاچقا، بەگيۇسۇپ

ئوردۇكەنتتە يۈز بەرگەن پاجىئە توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى.

كۆپ ئۆتمەي ئېلىكخان سارىيىدىن قۇتلۇقبەگ چىقتى.

— جانابلار، مەرھەمەت، — دېدى ئۇ قوللىرىنى يېيىپ.

ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان سالام بەجا كەلتۈرگەن ئوردا ئەمەلدارلىرىغا جاۋاب سالام قايتۇرۇپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— جانابلار، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — تاغام مەھمۇد ئارسلانخاندىن مەكتۇپ ئالدىم، — ئۇ سۆزدىن توختاپ، ئوقۇڭ دېگەن مەنىدە مەكتۇپنى باش ۋەزىرگە تەڭلىدى.

قۇتلۇقبەگ تەزىم قىلىپ مەكتۇپنى ئالدى ۋە ئېچىپ ئوقۇدى:

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بالاساغۇن دىيارىنىڭ ئېلىكخانى ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان ئىنىمغا:

مەلۇم بولسۇنكى، غەربىي قاراخانىيلار ئېلىنىڭ تامغاچ بۇغراخانى ئىبراھىم ئارسلانخان[1] ھىجرىيە 450 ـ يىلى رەبىيىەسسانىنىڭ ئونىنچى كۇنى بەش مىڭ سىپاھ بىلەن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ مېنىڭ باشقۇرۇشۇمدىكى پەرغانە دىيارىغا ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ ئەلۋەك ئۆلكىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىۋالدى. پېقىر تاغىلىرى ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن بارسغانغا كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. تەييارلىقسىز تۇرغانىكەنمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مىڭ ئەپسۇس. ھازىر بارسغاننىڭ ئېلىكخانى بولغان سانغۇن ئىنال تېگىن بىلەن پۇختا تەييارلىق قىلىپ پەرغانە دىيارىنى قايتۇرۇۋالماقچىمىز. بۇ توغرۇلۇق بۇغرا قاراخان مۇھەممەد ئارسلانخان ئاكامغا مەلۇماتنامە ئەۋەتتىم. باتۇر ئىنىم،

---

① ئىبراھىم ئارسلانخان — ئىبراھىم بۆرە تېگىن.

سىزنىڭ ئۈچ تۈمەن لەشكەر ئەۋەتىپ ياردەمدە بولۇشىڭىزنى
ئۆتۈنىمەن. ئاللا ھەممىڭىزگە مەدەتكار بولغاي.
كامالىي ئېھتىرام ئىلە يولىڭىزغا مۇنتەزىر بولغۇچى:
تاغىڭىز مەھمۇد ئارسلانخان.
ھىجرىيە 450 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 21 ـ كۈنى[1]»

ئوقۇپ بولغان قۇتلۇقبەگ مەكتۇپنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ئېلىكخانغا سۇنۇپ بەردى.

— جانابىلار، مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇڭلار. قارىغاندا تاغام ئاكىسىنىڭ غەپلەتتە قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپمىغان ئوخشايدۇ. مەن ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ بارماقچىدىم، ئەمدى پەرغانەگە بارىدىغان بولدۇم. بۇ ھەقتە مەسلىھەتىڭلارغا موھتاجمەن، — دېدى ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئىككىلا دۇنيادا مەرتىۋە تاپقان، ئاۋامغا قانات ياپقان شاھىنشاھ ئالىيلىرى، تاغدەك ئېغىرلىق ۋە چىدام بىلەن بۇ ۋاقىتقىچە سەۋر قىلىپ، نۇسرەتلىك قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرماي ئۆزلىرىنى تۇتۇپ كەلدىلە. ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئاتىلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش، تەختكە ۋارىسلىق قىلىش پەيتى يېتىپ كەلگەندە، مەھمۇد ئارسلانخان تاغىلىرىنىڭ پەرغانە دىيارىنى بۆرە تېگىنگە تاشلاپ بېرىپ، ئارقىدىن ياردەم سورىشى — ئالىيلىرىنىڭ نۇسرەتلىك يولىنى توسۇش ئۈچۈندۇر. پېقىرچە بولغاندا ھەممىدىن نىيەت ئەلا. ياخشى نىيەت بىلەن ئىرادە بەلبېغىنى باغلىغانىكەنلا، پەرغانەنى قويۇپ، ئوردۇكەنتكە قاراپ ئاتلانماقلىرى سائادەتتىندۇر، — قۇتلۇقبەگ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئېلىكخانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

شەيخۇلئىسلام ئابدۇلھاپىز داموللا ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

---

[1] مىلادىيە 1058 ـ يىلى 3 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

— شەرىئەت ھۆكمىدە دىنىي قېرىنداشلارنىڭ تەخت تالىشىپ قان تۆكۈشى ھارامدۇر. بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىش — مەنئى قىلىنغاندۇر. دانا ۋە ئالىپ ئېلىكخانىمىزنىڭ مۇشۇ ۋاقىچە سەۋر قىلىپ كېلىشى ئاللانىڭ پەزلىدىندۇر. مەن يەنىلا سەۋر قىلىپ، ئوردۇكەنتكىمۇ، پەرغانەگىمۇ لەشكەر تارتىپ بارماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمەن.

— مەھمۇد ئارسلانخان قاراخانىيلار ئېلىنىڭ بىر تۈۋرۈكى. ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرساق نامەردلىك بولىدۇ. ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن ياردەم قىلماق ئالىيلىرىنىڭ شەرىپى.

— مەھمۇد ئارسلانخانغا ياردەم بېرىمەن، دەپ ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىشنى كېچىكتۈرۈش — تاجۇتەختتىن ۋاز كېچىش بىلەن باراۋەر، ئالىيلىرى.

— ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىش كېرەك، ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئىككىلەنمىگەيلا ...

— مەھمۇد ئارسلانخانغا ياردەم بېرىش زۆرۈر. ئىبراھىم بۆرە تېگىننى پەرغانەدىن چېكىندۈرۈپ، ئاندىن ئوردۇكەنتكە بىرلىكتە يۈرۈش قىلساق جەزمەن زەپەر قۇچالايمىز ...

بەگيۇسۇپ ۋەزىر، ھاجىپلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى چايقاپ ئورنىدىن قوپتى.

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — ئوردۇكەنتتىن مەكتۇپ كەلدى. ئوقۇپ بەرسەم كۆپچىلىك ئاڭلاپ باقسا، ئاندىن پىكىرلەشسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق ئامال تاپالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىم كامىل.

— قېنى، ئوقۇڭ، ھاجىپ، — ئېلىكخان ئىجازەت بەردى.

بەگيۇسۇپ دىلدارىبىكە ئەۋەتكەن مەكتۇپنى ئوقۇدى. ساراي ئىچى جىمجىت بولۇپ كەتتى. ئېلىكخاننىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ۋەزىر - ۋۇزرالارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىشتى.

«دەرىخا ـ دەرىخا، ئاسىي قارا نىيەتلەر ئاخىر سۈيقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ ـ دە، ئەمدى قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ ...» دەپ ئويلىغان ئىلىكخان:

— جانابلار، مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندىڭلار. ئوردۇكەنتكە يۇرۇش قىلىشنى ئەمدى كېچىكتۇرسەك بولمايدىغانلىقى سىلەرگە ئايان بولدى. ئاسىي خۇنپەرلەرنى جازالاش، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تاجۇتەختىنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇش ئۇچۇن قەسەمياد قىلايلى! — دەپ خىتاب قىلدى تەختتىن تۆۋەنگە چۈشۈپ.

— ئىلىكخان ئالىيلىرى، — دېدى بەگيۇسۇپ ئالدىغا كېلىپ، — قاراخانىيلارنىڭ پايتەختىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولغانلىقىدىن، ئىبراھىم بۆرە تېگىن تامغاچ بۇغراخاننىڭ پەرغانە دىيارىغا بېسىپ كىرگەنلىكىدىن ھەممىمىز ۋاقىپ بولدۇق. ئىلىمىز قانلىق ئۇرۇشنىڭ خەۋپى ئاستىدا، خەلقىمىز غەم ـ قايغۇدا قالغان بۇ ئەنسىز كۈنلەردە ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىشىمىز زۆرۈر، دەپ قارايمەن، — ئۇ نەزىرىنى ئىلىكخاندىن كۆپچىلىككە ئاغدۇردى، — بىز ئوردۇكەنتكە يۇرۇش قىلساقمۇ، پەرغانەگە لەشكەر تارتساقمۇ ئوخشاشلا قارشىلىققا ئۇچرايمىز. ئىبراھىم تېگىن تاجۇتەختنى ھەرگىز ئۆتۈنۈپ بەرمەيدۇ. ئىبراھىم بۆرە تېگىنمۇ پەرغانەدىن ئاسانلىقچە چىقىپ كەتمەيدۇ ...

— ئۇنداق بولسا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋېرەمدۇق، ھاجىپ؟ — بەگيۇسۇپنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سورىدى ئىلىكخان.

— يوقسۇ ئالىيلىرى، بۇ ھەقتە ئالدىراپ قارار چىقارماي ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشىمىز لازىم.

— سىز كۆرسەتمەكچى بولغان ئەقىل قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشمۇ ياكى ئاڭلىمىغانغا، كۆرمىگەنگە سېلىپ، ئۆتۈۋېرىشمۇ؟ — قۇتلۇقبەگ تەئەددى قىلىپ ئۇنىڭ سۆزىنى

يەنە ئۈزۈپ قويدى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، يۇغرۇش باشى، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. مېنىڭ پايدىلىق تەرەپنى ئويلاپ ئىلىكخان ئالىيلىرىغا بېرىدىغان مەسلىھەتىم مۇنداق، — بەگيۇسۇپ ئىلىكخانغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاۋۋال ئىبراھىم بۆرە تېگىنگە يالۋاچ ئەۋەتىپ مۇددىئاسىنى بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆلھى قىلىش زۆرۈر.

— ھاجىپ، بۇ دانا مەسلىھەتىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئاشماس قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىنى ئېھتىمال ئۆزىڭىزمۇ بىلمەيسىزغۇ دەيمەن. ئىبراھىم ئارسلانخان بۆرە مىجەز ئادەم. ئۇ «قايتىپ كېتىڭ» دېگەن گەپنى ئاڭلىسا، ئاغزىدىكى لوقمىنى چاينىماي يۇتۇۋېتىدۇكى، ھەرگىز ئارقىسىغا يانمايدۇ. ئوردۇكەنتكە يۇرۇش قىلىش ئەڭ ئۇنۇملۇك تەدبىر.

— شۇنداق، بۆرە تېگىننى ماقۇل كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، — دېيىشتى بىرقانچە ۋەزىر، ھاجىپلار.

— يۇغرۇش باشى، — بەگيۇسۇپ قۇتلۇقبەگكە تىكىلدى، — مېنىڭچە، بۆرە تېگىن بىلەن سۆلھى قىلىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بۆرە مىجەزلىك ئىكەنلىكى راست. شۇنداقلا ھەقىقەتنى چۈشىنىدىغانلىقىمۇ راست. ئۇ جاھانگىرلىك تەبىئىتى بىلەن خانلىق زېمىننى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنسىمۇ، ئىنسانلىق ئەقلى بىلەن قېرىنداشلىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايدۇ. شۇنداق بىر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى روشەنكى، ئۇنىڭ بىلەن سۆلھى قىلماي، ئوردۇكەنتكە يۇرۇش قىلساق، ئۇ قۇزئوردۇغا لەشكەر تارتىپ كېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئارقىمىزغا يېنىپ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلامدۇق؟ بۇنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ يۇغرۇش باشى؟

قۇتلۇقبەگ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاقۇچ پېشانىسى بىردىنلا تۈرۈلدى. ئۇ چىرايلىق قىرقىلغان ساقىلىنى سىيپاپ:

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ، ھاجىپ؟ — دېدى.

— قۇزئوردۇ بىلەن پەرغانەنىڭ ئارىلىقى ئوردۇكەنتكە قارىغاندا كۆپ يېقىن. بۆرە تېگىن كالۋا ئەمەس، ئۇنىڭ كۆزى

پۈتۈن جاھانغا تىكىلگەن. بىز ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ كەتسەك، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا يانجىلىپ كېتىمىز ...

— ئۇنداق بولسا، بۆرە تېگىننى نېيتىدىن ياندۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ — ئىككىنچى قېتىم بەگيۈسۈپنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدى ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان بارغانسېرى جىددىيلىشىپ.

— تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم ئارسلانخان بۆرە تېگىن، — دېدى بەگيۈسۈپ ئۇنىڭ نام - ئەمەل، لەقىمىنى تولۇق ئاتاپ، — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چەۋرىسى، ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتەلەيدىغان شاھزادە، ئەمدىكى گەپ ئۇنىڭغا ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ قارارىنى ئۆزگەرتىشكە قايىل قىلىش - قىلالماسلىقتا، ئېلىكخان ئالىيلىرى.

ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان:

— قېنى جانابلار، پىكرىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، — دەپ تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.

ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىش ياكى پەرغانەگە لەشكەر تارتىپ بېرىشنى قوللايدىغانلار بىلەن، ئىبراھىم بۆرە تېگىن بىلەن سۈلھى قىلىپ، ئاندىن ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىشنى قوللايدىغانلار ئارىسىدا كەسكىن تالاش - تارتىش بولدى.

بەگيۈسۈپنىڭ «سۈلھى قىلماي تۇرۇپ ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلساق، بۆرە تېگىن قۇزئوردۇغا لەشكەر تارتىپ كەلسە، ئارقىمىزغا يېنىپ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلامدۇق ياكى ئوردۇكەنتكە كېتىۋېرەمدۇق. مۇبادا شۇنداق قىسمەتكە دۇچ كېلىپ قالساق، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا يانجىلىپ كەتمەمدۇق؟» دېگەن سۆزى ئېلىكخان باشلىق ۋەزىر، ھاجىپ، ئەمىرلەرنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. جىددىي مۇلاھىزىلەردىن كېيىن بەگيۈسۈپنىڭ سۆزىنى توغرا تاپقان ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان دېدى:

— جانابلار، ھەممىڭلارنىڭ ئۇلۇغ قاراخانىيلار ئېلىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ قىلغان سۆزلىرىڭلاردا، ياخشى تىلەك، ئورۇنلۇق مەسلىھەت بار. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە تەشەككۈر.

ھالبۇكى، ئەتراپلىق ئويلىغاندا، مۇددىئا، ئارزۇيىمىزغا نىسبەتەن، ھاجىپ بەگيۇسۇپ بەرگەن مەسلىھەتنىڭ ئەھۋالىمىزغا مۇۋاپىقلىقىنى ھېس قىلغاندەك تۇرىمىز. شۇنداقمۇ جانابلار؟

— شۇنداق ـ شۇنداق؟ — دېگەن سادا سارايىنى بىر ئالدى.

يەنە ئورنىدىن تۇرغان ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان:

— ئۇنداق بولسا ئىبراھىم بۆرە تېگىن تامغاچ بۇغراخاننىڭ ئالدىغا كىم ياللاۋاچ بولۇپ بارىدۇ؟ — دېگەن سوئالنى قويدى.

ساراي ئىچى يەنە تىمتاس بولۇپ قالدى، ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى، بەگيۇسۇپ:

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئەگەر مۇناسىپ دەپ قارىسىلا، پېقىر ياللاۋاچ بولۇپ بېرىشنى خالايمەن، — دېدى قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ.

ئوردا ئەھلى يەلكىلىرىدىكى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىك تىن ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھۆرمەت نەزىرى بەگيۇسۇپكە مەركەزلەشتى.

— بەگيۇسۇپ بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى. ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل، — دەپ تەختتىن چۈشكەن ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان ئۇنىڭ قولىنى سىقتى، — رەھمەت بەگيۇسۇپ، سىزدىن ناھايىتى مىننەتدار بولدۇم. مەسلىھەت ۋە تەكلىپىڭىز خانلىقىمىزنى قانلىق توقۇنۇش ۋە ئېغىر مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئەمدى قاچان يولغا چىقىشنى ئويلىشىۋاتىسىز؟

بەگيۇسۇپ كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى:

— ۋاقىت — غەنىيمەت، ۋاقىت — غەلىبە، ئالىيلىرى. مەن دەقىقىمۇ كېچىكمەي يولغا چىقسام دەيمەن.

— بارىكاللا! قەتئىي نىيەتكە كەلگەن بولسىڭىز ھازىردىن ئېتىبارەن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشەيلى. خۇدا بۇيرۇسا ئەتە يولغا چىقىڭ، — ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان نەزىرىنى كۆپچىلىككە

قاراتتى، ــــ جانابلار، هاجىپ بەگيۇسۇپنىڭ ئاقىۋەتلىك بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلايلى!

ــــ ئامىن! ــــ شەيخۇلئىسلام دۇئاغا قول كۆتۈردى، ــــ ئى خۇدايا، پاك پەرۋەردىگارا. مۇشكۇللۇكنى بىر ئۆزۈڭ ئاسان قىلغۇچى سەن. هاجىپ بەگيۇسۇپنىڭ ئاۋام ئۈچۈن، خانلىقىمىزنىڭ سائادىتى ئۈچۈن قىلغان سەپىرىنى بىخەتەر، ئەلنىڭ هاجىتىنى راۋا قىلغايسەن، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر!

ــــ ئامىن! ــــ كۆپچىلىكنىڭ ساداسىدىن ساراي لەرزىگە كەلدى.

هالبۇكى، قەشقەردىن شۇ كۈنى كەچتە ئۇشتۇمتۇت مېھمان كېلىپ قالغاچقا، بەگيۇسۇپ دېگەن چاغدا يولغا چىقالماي قالدى.

## 2

بۇ كەچتە قەشقەردىن ئۇشتۇمتۇت كەلگەن مېھمان قەستىكە ئۇچرىغان مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئۈچىنچى خانىشى كۆمۈش تارىم قىلىچخان ئاغىچا بېگىم ئىدى. ئۇنىڭ كېلىشى شۇنداق تۇيۇقسىز بولدىكى، ھەرەم ئاغۋاتى كىرىپ ئېلىكخاننى ۋاقىپلاندۇرغاندا، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي بىر پەس تېڭىرقاپ قالدى. ئاندىن خانىش ئالتۇن تارىم سۈمەنبەر ئاغىچا بېگىم بىلەن ئۇنى كۈتۈۋالغىلى ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا چىقتى.

دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ، يۈزلىرىنى نىقابلىۋالغان ئون نەچچە چەۋەنداز ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئېلىكخان ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ئۇلار ئارىسىدىكى بويلۇقراق بىرسى يېقىنراق كېلىپ:

ــــ ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان ئالىيلىرى، پېقىرە خانىش قىلىچخان ئاغىچا بېگىم بولىمەن. ئوردۇكەنتتىن سىزنى پاناھ تارتىپ قېچىپ كەلدىم. بۇلار مېنىڭ كېنىزەك ۋە غۇلاملىرىم، ــــ دەپ يۈزىدىكى نىقابنى ئالدى.

ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان سەپسېلىپ، چاڭ ـ توزان بېسىپ قارىداپ قالغان تونۇش چىرايىنى كۆردى. خانىشنىڭ قەلەم قاشلىرى ئاستىدىكى بوتىنىڭكىدەك چوڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدايتتى. بۇغداي ئۆڭ چېھرىدىن قايغۇ ـ ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. سۇمەنبەر ئالتۇن تارىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تىنچلىق سوراشتى.

— مەرھابا خانىش، مەرھابا، — دېدى ئۇ ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ.

قىلىچخان ئاغىچا بېگىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سۇمەنبەر ئالتۇن تارىمنىڭ قەسرىگە كىردى. بىرئاز ئارام ئېلىپ چاي ئىچكەندىن كېيىن يۇيۇنۇپ تاراندى، ئۇيۇشۇپ ئاغرىپ تۇرغان پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ، قىينالغان تەنلىرى يايراپ قالدى.

كۈمۈش تارىم قىلىچخان ئاغىچا بېگىم سۇمەنبەر ئالتۇن تارىمنىڭ تەكلىپى بىلەن، دىبىرىزلىرى گۈلزارلىققا قارايدىغان ئايۋانغا كىرىپ، كىمخاب پاياندازدىن ئورۇن ئالدى. كېنىزەكلەر داستىخان سېلىپ، مەزە ـ گىزەك قويدى. ئارقىدىن ھاردۇق ئېشى ئېلىپ كىردى. تەخسە ـ تەخسىدە ئۇلار، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپ تارتىلدى.

— يول ئازابى گۆر ئازابى دېيىلىدىكەن كۈمۈش تارىم، ئۇزاق يول يۈرۈپ ھېرىپ ـ چارچاپ كېتىشتىلە، بەھۇزۇر ئېلىشسىلا، چاي ـ تاماق ھاردۇق چىقىرىدۇ، — دېدى تەكلىپ قىلىپ سۇمەنبەر ئاغىچا خېنىم.

ئۇزاق يولنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى، ۋەھىمە، ئەندىشە، غەم ـ ئەلەمدىن نان، ئاش گېلىدىن ئۆتمەي، ياداپ تارتىلىپ كەتكەن خانىش ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى تاماقنى ئوبدان يېدى، شەربەتلەردىن ئىچتى، كۆزلىرى نۇرلىنىپ، چىرايلىرىغا قان يۈگۈردى.

خانىش قىلىچخان ئاغىچا بېگىمنىڭ بالاساغۇنغا قېچىپ كېلىشى، زىنھار ھايات قېلىپ جان بېقىش ئۈچۈن ئەمەس،

ئاداققىچە قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ بۇ ئىرادىسىنى تاماقنى يەپ بولۇپ دۇئا قىلىپ تۇرۇشىغا كىرگەن ئەبۇ ھەسەن ئىبلىكخان بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە تېخىمۇ ئاشكارىلىدى.

— خانىش ئالىيلىرى، بىخەۋەر بولغىنىمىز ئۈچۈن ئالدىلىرىغا چىقالماپتۇق. رىيازەت چېكىپ كەلگەنلىرىدە، تەنتەنە بىلەن كۈتىۋالساق بولاتتى، ئەمما ئوردۇكەنتتە يۈز بەرگەن پاجىئە بىزنىمۇ داغى ھەسرەتتە قويدى. كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتلىرىدە بولالمىغىنىمىز ئۈچۈن كەچۈرگەيلا، — دېدى ئىبلىكخان يەنە بىر قېتىم تىنچلىق - ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن.

— ئىبلىكخان ئالىيلىرى، خۇدا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. راستىمنى دېسەم پېقىرەنى ھەرەملىرىگە كىرگۈزمەسلىكلىرىدىن ناھايىتى تەشۋىش قىلغانىدىم، كۆرىدىغان كۈنۈم يەنە بار ئىكەن. ئويلىغاندىن ئارتۇق ياخشى كۈتۈۋېلىشتىلا، ئاتامغا دۈشمەنلىك قىلغان خۇنخور پادىشاھنىڭ خوتۇنى دېمەستىن ئىززىتىمنى قىلىشتىلا! رەھمەت، ھەربىرلىرىگە ئاللا رەھمەت قىلسۇن، — خانىش قىلىچخان ئاغىچا بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەبۇ ھەسەن ئىبلىكخانغا، سۇمەنبەر ئالتۇن تارىمغا تەزىم قىلدى. مىننەتدارلىق ياشلىرى تولا يىغلاپ بۇلاق بولغان كۆزلىرىدىن ئاقتى.

— ئولتۇرسىلا ئاغىچا بېگىم، ئولتۇرسىلا، — سۇمەنبەر ئالتۇن تارىم ئېرى بىلەن بىللە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، — ئوردۇكەنتتىكى پاجىئەدە ئۆلتۈرۈلگەنلەر كۆپ ئىكەن، دەپ ئاڭلىغۇدۇق، ئۆزلىرىنى خۇدا پاناھىدا ساقلاپتۇ. قوزئوردۇغا سالامەت ئاياغ باسقانلىرىدىن خۇشالمىز، خىزمەتلىرىدە بولۇشقا ھەرقاچان تەييارمىز.

— ئۇنداق دېمىسىلە ئالتۇن تارىم، پېقىرەنىڭ نېمە خىزمىتى بولسۇن؟! — ئۇلارنىڭ سەمىمىي كۈتۈۋالغىنىدىن تەسىرلەنگەن خانىش سورىدى، — ئوردۇكەنتتە يۈز بەرگەن پاجىئە توغرۇلۇق

كىمدىن ئاڭلاشتىلا؟ چاپارمەن كەلدىمۇ ياكى كەلگەن كارۋان يەتكۈزدىمۇ؟

— چاپارمەنمۇ، كارۋانمۇ كەلمىدى. ئوردۇكەنتتىكى ئاتاساغۇن دىلدار ئاغىچا ئەۋەتكەن مەكتۇپتىن بىلدۇق، — دېدى ئېلىكخان.

— ئاتاساغۇن دىلدار ئاغىچا خېنىم پېقىرەنىمۇ ئۆزى يولغا سالغان. مەكتۇپ ئەۋەتكىنى توغرۇلۇق بىرنېمە دېمىگەنىدى. تەڭرىنىڭ بىزدىنمۇ ئىشەنچلىك بەندىلىرىنىڭ بارلىقى مانا بۈگۈن ئايان بولدى، — ئەجەبلەنگەن خانىش كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئېغىر تىن ئالدى.

— ئۆزلىرىنىمۇ ئاتاساغۇن دىلدار ئاغىچا خېنىم يولغا سېلىپ قويغانمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن تونۇش ئوخشىمامدىلا؟

— شۇنداق، ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئاتاساغۇن دىلدار ئاغىچىنى ئوردۇكەنتتە بىلمەيدىغان ئادەم يوق. بۇغراخان ھەرىمىدىكى مەلىكە، خانىشلاردىن تارتىپ كېنىزەك ـ ئاغۋاتلارغىچە كېسەل بولۇپ قالساق ئۆزى داۋالاپ كەلدى، پېقىرەنىمۇ بىرقانچە قېتىم داۋالىغان. ئۇنىڭ بىلەن يېقىن سىرداش بولۇپ قالغانىدىم. پاجىئە يۈز بەرگەن كۈنىنىڭ ئاخشىمى ئوردىدىن قېچىپ چىقىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالمىغان بولسام ھايات قالمايتتىم. مېنى ئۆزىنىڭ دېدىكى سىياقىدا ياساندۇرۇپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىرىپ يولغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئاجايىپ تەدبىرلىك بۆگۈ بىلگە ...

— خانىش ئالىيلىرى، سۆزلىرىنى ئۈزۈپ قويدۇم، كەچۈرگەيلا، — دېدى ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان بېشىنى سەل ئېگىپ، — يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق پاجىئەنىڭ سادىر بولۇش جەريانىنى بەكمۇ بىلگۈمىز بار. مەكتۇپتا بۇ ھەقتە تەپسىلىي خەۋەر يوق ئىكەن. مالاللىق يەتمىسە سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا.

— سۆزلەپ بەرمەمدىغان، ئالىيلىرى، سۆزلەپ بېرەي، — خانىش قىلىچخان ئاغىچا خېنىم گېپىنى باشلىماقچى بولۇۋىدى، بىردىنلا كۆز ئالدىغا قىلىچ كۆتۈرگەن قۇمارىبېكەنىڭ

قورقۇنچلۇق تەلەتى كېلىپ توختاپ قالدى. ۋارقىراش ـ جارقىراشلار، نالە ـ پەريادلار ئاڭلانغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك چىرايىغا قارىغان سۇمەنبەر ئالتۇن تارىمۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— بۇ ئادەتتىكى پاجىئە ئەمەس، ئېلىكخان ئالىيلىرى، غەرەزلىك، پىلانلىق قىلىنغان چوڭ سۇيىقەست، بۇ سۇيىقەستنى پىلانلىغۇچى ئابىنچۇ خاتۇن قومارىبىكە! — ئىختىيارسىز مۇشتۇملىرى تۈگۈلگەن، چىشلىرى غۇچۇرلىغان خانىش يەنە سۆزدىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ گۈل پورەكدەك قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايى قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى. سۇمەنبەر ئالتۇن تارىم ئۇنىڭدىن ھال سورىماقچى بولدى ـ يۇ، ئېرىنىڭ باش چايقىغىنىنى كۆرۈپ ئېغىز ئاچمىدى.

سۇمەنبەر ئالتۇن تارىم كېنىزىكىگە چاي كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. دەم يەپ تاۋىغا كەلگەن خۇشبۇي چايدىن كۈمۈش جامغا قۇيۇپ بېرىۋىدى، قىلىچخان ئاغىچا بىگىم ئىچىپ بىر ئاز ئوڭشالدى.

— چارچاپ قالغاندەك تۇرىدىلا خانىش ئالىيلىرى، ئارام ئېلىۋالسىلا بولغۇدەك، بىز ئەتە پاراڭلىشايلى، — ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان ئورنىدىن قوپتى.

— راست، چارچاپ قاپتىمەن، شاھزادە. ئالىيلىرىنى مالال قىلىپ قويدۇم، كەچۈرگەيلا، — دېدى خانىش بوش ئاۋاز بىلەن.

ئېلىكخان خوتۇنىغا دېدى:

— ئالتۇن تارىم، ئەتە ئاتاساغۇن بۇۋۇئايىشە خېنىمنى چاقىرتىپ، خانىشنى تەكشۈرتۈپ باقسىلا، بىرەر كېسەل يېپىشقان بولمىسۇن يەنە.

ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان ئۆزىنىڭ ئارامگاھ سارىيىغا چىقىپ، تۈن تەڭ بولغۇچە خىيال سۈرۈپ ياتتى. ئۇ ئۇخلاپ قالغاندا ئۈكەر تىكلەشكەنىدى. ئېلىكخان ئەتىسى ئەتىگەن بىرى تۇۋلىغاندەك بولۇپ چۆچۈپ ئويغاندى، ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەت

ئېلىپ، ئوردا مەسچىتىدە جامائەت بىلەن ناماز ئۆتەپلا دىۋانخانىغا كىردى. جاندارلار باشى ئالىپ ئېلىزادىبەگدىن باشقا ھېچكىم كەلمىگەنىدى.

— ئالىيلىرى، قاپۇغچى باشنى چاقىرامدىمەن، يوغرۇش باشنىمۇ؟ — سورىدى ئۇ. ئۇياق - بۇياقتا سەپسېلىپ بىر كىمنى ئىزدىگەندەك قىلغان ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخاندىن.

— مەن قېيىنئاتىڭىز ھاجىپ بەگيۇسۇپنى كۈتۈۋاتىمەن، ئۇنىڭغا مۇھىم بىر خەۋەرنى ئېيتماقچىدىم.

— ئالدىغا بېرىپ باقايمۇ؟

— ۋاقىت تېخى بالدۇر، يېرىم سائەتكە قالماي كېلىپ قالار، ئۇنىڭغىچە چار باغدا ھاۋالىنىپ تۇرايلى.

ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان دىۋانخانىدىن ئوردا سەيناسىغا چىقتى، سارايغا كىرىپ ئولتۇرغۇسى كەلمىگەنىدى. ئۇ بىردىن ئېسىگە ئېلىپ:

— جاندارلار باشى، تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن ئوردۇكەنتتىن تاغامنىڭ خانىشى كەلگەنىدى، مىجەزى يوقتەك تۇرىدۇ. ئاتاساغۇن سىڭلىمىز كېلىپ كۆرۈپ باقسا بوپتىكەن، — دېدى.

— ھازىر بېرىپلا ئېلىپ كېلەي، ئېلىكخان ئالىيلىرى، — دەپ ماڭغان ئېلىزادىبەگ نېرىدىراق تۇرۇشقان جاندارلارغا ئېلىكخاننىڭ خىزمىتىگە تەييار تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ ئۆيىگە كەتتى.

ئۇ ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىچىدە ھەم ياش ھەم زېرەك بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇماي ساداقەتمەنلىك بىلەن بۇرچىنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ جاندارلار باشى بولغاندىن بۇيان ئوردىغا ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ، ھەممىدىن كېيىن قايتىدىغان بولدى. ھەمىشە ئېلىكخاننىڭ يېنىدا بولاتتى، بۆرىدەك سەزگۈر ئىدى. شۇڭا، ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان ئۇنى ئۆزىگە يېقىن كۆرۈپ كۆيۈئوغۇل قىلىۋالغانىدى، قىزى تۇغۇتتا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئوغلىدەك كۆرىدىغان

بولدى. ئاغزىدا «جاندارلار باشى» ياكى «ئىلزادىبەگ» دەپ ئاتىسمۇ، كۆڭلىدە «ئوغلۇم، بالام» دەيتتى. بەگيۈسۈپكە كۈيۈئوغۇل بولۇشقا ئۇنى ئۆزى سايە قىلغانىدى ...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئىلىكخان ئالىيلىرى، ساقلىتىپ قويۇپتىمەن، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن خوشلىشىمەن، دەپ كېچىكىپ قالدىم. كەچۈرگەيلا، — دېدى ئالدىغا كەلگەن بەگيۈسۈپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھاجىپ، ۋاقتىدا كەلدىڭىز، — ئىلىكخان ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، — تۈنۈگۈن كەچ ئوردۇكەنتتىن كۈتمىگەن بىر مېھمان كېلىپ قالدى. بۈگۈن يولغا چىقالمايدىغان بولدىڭىز.

— نېمىشقا، ئالىيلىرى؟ — بەگيۈسۈپ ھەيران بولۇپ سورىدى.

— بۈگۈن ئۇ مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئوردۇكەنتتە سادىر بولغان پاجىئەنىڭ يۈز بېرىش جەريانىنى ئاڭلاپ، ئاندىن يولغا چىقسىڭىز ياخشىراق بولارمىكىن دەيمەن.

— مېھمان كىم ئىكەن، ئالىيلىرى؟

— تاغام مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ خاتۇنى قىلىچخان ئاغىچا.

«ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن ئىككى بىتەلەي خاتۇن...» دەپ ئويلىنىپ قالغان بەگيۈسۈپ دېدى :

— بەزى ھاللاردا ۋاقىتنىڭ كېيىن سۈرۈلۈشى ئامەت ئېلىپ كەلسە، بەزى ھاللاردا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئالىيلىرى. پېقىر كېچىكمەي ماڭسام بولاتتى.

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ، — ئىلىكخان ھەرەمگە قاراپ ماڭدى.

## 3

كۆكلەم شاملى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېرىقنى بويلاپ ئۆسكەن ئارچا دەرەخلىرىنى يەلپۈندۈرۈپ، قىزىلگۈلنىڭ

خۇشبۇيىنى تارقىتاتتى. شاخلاردا چاڭلداپ سايراۋاتقان بۇلبۇل، تورغاينىڭ يېقىملىق ئۈنى ئۇردا ئىچىنى خۇش ناۋاغا تولدۇرغانىدى. يېشىللىقتا پوركەنگەن ھەرەم قەسىرلىرى يېڭى چىققان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى.

بەگيۇسۇپ ئىلىكخان بىلەن ئەتراپقىمۇ كۆز سالماي خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتاتتى: «خانىش قىلىچخان ئاغىچا بېگىم قۇزئوردۇغا نېمە ئۈچۈن كەلگەندۇ؟ ئەلۋەتتە، سەيلە ـ ساياھەت ئۈچۈن ئەمەس. ئېھتىمالغا يېقىنكى، قوماربېكنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قېچىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋالىشىپ ئاندىن يولغا چىققىنىممۇ پايدىلىقتەك قىلىدۇ. يېڭى ئەھۋال، ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر تېپىشىم مۇمكىن ...»

ھەرەمنىڭ ئىستىراھەت سارىيىغا كىرگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلدى.

ــ ئاۋۋال ناشتا قىلىۋالايلى، ھاجىپ. مەن تېخى ئاغزىمغا بىرنەرسە سالغىنىم يوق، ــ دېدى ئىلىكخان، ئاندىن ئاغۋاتلارغا تاماق كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى، ــ ئاشۇ ئوردۇكەنتتىكى پاجىئەدە كىملەر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، كىملەر ھايات قالدى؟ ئەس ـ يادىم شۇنىڭدا بولۇپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدىم. بۇ قانلىق پاجىئە خانىشقا قاتتىق تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ. ئاخشام سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇپ، نېرۋىسى قوزغىلىپ قالدى، پىكرىنى يىغالماي دىققىتى چېچىلىپ، سۆزلەپ بېرەلمىدى. بەلكىم كېچىچە ئارام ئېلىپ كۆڭلى تىنچلانغان بولسا بۈگۈن سۆزلەپ بېرەر. قېنى چايغا مەرھەمەت قىلىڭ، ــ ئىلىكخان ئاغۋات داستىخانغا قويغان چاي ـ يېمەكلىكلەرگە ئىما قىلدى.

بەگيۇسۇپ سەپەرگە تەييارلىنىپ ئەتىگەندىلا تاماق يەۋالغىنى ئۈچۈن چاي ئىچىش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، بەگيۇسۇپ ئىلىكخاننىڭ باشلىشى بىلەن، سۇمەنبەر ئالتۇن تارىمنىڭ قەسىرىدىكى خاس

ھۆجرىغا چىقىپ قىلىچخان ئاغىچا بېگىم بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلار ئەھۋال سوراشتى. خانىش تاپىنىغا چۈشىدىغان قارا مەخمەل نىمچە، كەمچەت تۇماق كىيىپ، ئاق رومال سېلىۋالغانىدى.

— پېقىر دۆلەت ئىشى بىلەن بۈگۈن سەپەر قىلماقچىدىم. ئېلىكخان ئالىيلىرى قۇتلۇق قەدەملىرىنىڭ قۇزئوردۇغا يەتكىنىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ، كۆرۈشۈپ مېڭىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. مالال كۆرمىگەيلا، — دېدى بەگيۈسۈپ ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن بېشىنى ئەگكەن ھالدا.

— جانابلىرى بۈگۈ بىلگە بەگيۈسۈپ ئىكەنلى - دە، ئاڭلىغان - ئاڭلىغان. ئوردۇكەنتتە گەپلىرىنى قىلمايدىغان ئادەم يوق، سىلى بىلەن قۇزئوردۇدا كۆرۈشكىنىم ئۈچۈن خۇرسەنمەن، — دېدى خانىش ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن. ئۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى.

سۈمەنبەر ئالتۇن تارىم ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. تەنللا يېكەندازدا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان ئېغىز ئاچتى:

— خانىش ئالىيلىرى، ھاجىپ بەگيۈسۈپنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. سالامەتلىكلىرى يار بەرسە ئوردۇكەنتتە يۈز بەرگەن پاجىئە توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا.

— بۈگۈن خېلى ياخشى قوپۇپتىمەن، ئالىيلىرى، سۆزلەپ بېرەي، ئىچىمدىكى قان - زەردابىنى تۆكمىسەم، يېنىكلىمەيدىغاندەك، كۆڭلۈم بوشىمايدىغاندەك قىلىدۇ. ھاجىپ جانابلىرى ئاڭلاپ قالسۇن، — قىلىچخان ئاغىچا بېگىم بىرئاز تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى، — ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ، ئۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق ئىدى. نەمخۇش يامغۇر شامىلى چىقىۋاتاتتى. تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، ئەتىگەندىن باشلاپ ئوردا ھەرەمدىكىلەر ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. پېقىرەمۇ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا

تەختكە ئولتۇرىدىغان ھۈسەيىن ئارسلانخاننى مۇبارەكلەش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتاتتىم. بۇغرا، كاناي، ناغرا، سۇناينىڭ ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. كېنىزەكلىرىم قەسىر ھويلىسىدا ئۇسسۇلغا چۈشتى. كۆز ئالدىمغا ئېرىم مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ھۈسەيىن ئارسلانخانغا تاج كىيدۈرۈپ، بۇغرا تۆگىگە مىندۈرگەن ۋاقتىدىكى دەبدەبىلىك مەنزىرە كېلىپ، ھاياجاندىن يىغلاپ تاشلىدىم. ئويۇن - كۈلكە چۈشكىچە داۋاملاشتى. كېنىزەكلىرىم يەپ - ئىچىپ يەنە ئويۇن باشلىدى. نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىم ئېغىپ، كۆڭلۈم تاماق تارتمايتتى. پېشىن نامىزىنى ئۆتۈۋالدىم. جاينامازدىن تۇرماي «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىۋاتاتتىم، بىر ئەر كىشىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، قەسىر ھويلىسىدا قىيا - چىيا چىقىپ كەتتى. نېمە بولغاندۇ، دەپ يۈگۈرۈپ چىقسام، تەمبەل بىر ئادەم قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرۇپتۇ، يۈز - بويۇنلىرى قان ئىدى. كېنىزەكلىرىم قېچىپ خانىلىرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ ئادەم بۇغرا قاراخاننىڭ جاندارى ئىدى. ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالدى. زۇۋان سۈرەلمىدىم، جاندار: «تاج كىيىپ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا بۇغراخان بولغان ھۈسەيىن ئارسلانخان بەگ تەركىسى ئۆتكۈزگەنىدى. شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇپ مۇھەممەد ئارسلانخانمۇ، ھۈسەيىن ئارسلانخانمۇ تۇيۇقسىز يىقىلىپ يېتىپ قېلىشتى. قاپۇغچى باشى دوقاقبەگ ئۆلارنىڭ چېكىسىنى تۇتۇپ، كۆز قارىقىغا قاراپ: ‹ئەلھۆكمىللىلا، جان ئۈزۈپتۇ› دېمەسمۇ، ئەرۋايىم ئۇچۇپ قىلىچىمنى سۇغاردىم. ئىبراھىم تېگىن: ‹ئاتامغا، ئاكامغا قەست قىلىپ زەھەر بېرىپتۇ، ئاسىيلارنى جازالاش كېرەك›، دەپ جار سالدى. شۇنىڭ بىلەن قەيسەربەگ، دوقاقبەگلەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، بىرقانچە يۇغرۇش، ھاجىپلارنى چېپىپ تاشلىدى. مۇڭسۇزبەگ، ھوشۇربەگلەرمۇ ياساۋۇل - نۆكەرلىرى ۋە يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر بىلەن چاپ - چاپقا كىرىشتى. مەن قورقۇپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن قاچقىنىمچە قەسىرلىرىگە كىرىپ

قالغىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن. كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. جاندار گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ: «خانىش ئالىيلىرى، ئىبراھىم تېگىن خاقانىنى، ۋەلىئەھدىنى ئۆلتۈرۈپ تەختنى تارتىۋالدى. ھازىر كۆزگە كۆرۈنگەنلىكى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئوردىنى قانغا بوياۋاتىدۇ. بۇ يەردىن تېز كەتمىسىلە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىسىلا» دېدى. تاشقىرىدىن يۈگۈرۈپ كىرگەن مۇلازىم ئاغۋات: «كۈمۈش تارىم، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالسىلا، ئالتۇن تارىم قۇمارىبىكەنىڭ كېنىزەكلىرى قىلىچ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ جاندارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى. قاراپ تۇرسام بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم. «جاندار، سىز ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇڭ، مەن ئۇ كۈندىشىم بىلەن ئېلىشىمەن» دەپ، ئاغۋات، كېنىزەكلىرىمنى، قىلىچ، نەيزە بىلەن قوراللىنىڭلار، دەپ بۇيرۇدۇم. ئۆزۈممۇ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتۇمنى كىيىپ، قىلىچ، ئومۇتنى ئېلىپ قەسىر ھويلىسىغا چىقسام، ئۈچ ئاغۋات، ئون بىر كېنىزىكىممۇ قوراللىنىپ تەخ بولۇپ تۇرۇپتۇ. «ھوشيار تۇرۇڭلار، ئەگەر سۇيىقەستچىلەر قەسىرىمگە باستۇرۇپ كىرسە، جان تىكىپ ئېلىشىڭلار، ھەرگىز بوش كەلمەڭلار!» دەپ قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغاردىم. جاندار: «خانىش سىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسىز، ئۆلمەي دېسىڭىز ئۆزۈڭىزنى دالدىغا ئېلىشىڭىز كېرەك» دېدى. مەن: «قورققانغا قوش كۆرۈنەر» دەپتىكەن. مەن بۇ دەمگىچە قۇمارىبىكە بىلەن تىغ كۆتۈرۈشمەي يوشۇرۇن خىرىس قىلىشىپ كەلگەندىم. مانا بۈگۈن ئاشكارا قىلىچ كۆتۈرۈپ كەلسە، مەنمۇ قىلىچ بىلەن كۈتۈۋالىمەن. مەندىن غەم يېمەي ئۆزىڭىزگە ئاگاھ بولۇڭ!» دەپ، ئاغۋاتلارغا قەسىر ئىشىكىنى ئېچىپ قويۇشنى بۇيرۇدۇم. كۈندىشىم ئالدىدا ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ يوشۇرۇنۇۋېلىشنى خالىمىدىم. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، قىيا ـ چىيا قەسىرىمگە يېقىنلاشتى. قوللىرىغا قىلىچ، نەيزە ئالغان بىر توپ ئاغۋات، كېنىزەكلەر ئىشىك ئالدىدا

توختاشتى. ئۇلار ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن كەلگەچكە، بىزنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قېلىشتى. ئىشىك تاقاقلىق، چېقىپ، ئۆرۈپ كىرىمىز، دەپ ئويلاشقان بولسا كېرەك، داغدام ئوچۇق ئىشىكتىن باستۇرۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. «نېمىدەپ كەلدىڭلار؟» دەپ سورىدىم ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قۇماربىكەنى ئىزدەپ. «ئالتۇن تارىم قۇماربىكە تۈركەن خاتۇن سېنى كېلىپ خىزمىتىمنى قىلسۇن، دەيدۇ، بىز بىلەن يۈر!» دېمەسمۇ. ئاچچىقىمدا گەپ قىلغان كېنىزەكنى ئىككى كاچات سېلىپ: «بىكەڭگە ئېيت، ئۇ ئالتۇن تارىم بولۇشقا لايىق ئەمەس، تۈركەن خاتۇن بولۇشقا تېخىمۇ لايىق ئەمەس! ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ كىرىمنى يۇيىدىغان دېدەك بولسۇن» دېيىشىمگە، ئۇلار مېنى قىلىچ بىلەن چاپماقچى بولۇشتى، ئەسلىدە ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈشكە كەپتىكەن. قۇماربىكەنىڭ كەلمىگىنىدىن ئەپسۇسلانغان ھالدا ئىككىسىنى قىلىچ ئۇرۇپ يىقىتتىم. ئاغۋات، كېنىزەكلىرىمۇ بېسىپ كىرمەكچى بولغان قۇماربىكەنىڭ چاكارلىرى بىلەن قىلىچلىشىپ كەتتى. ئۇلاردىن ئىككى ئاغۋات، تۆت كېنىزەك يىقىلدى. ئىككىسىنى تۇتۇۋېلىپ باغلىۋەتتۇق، قالغانلىرى قېچىشتى. بېشىم قايغاندەك بولدى. شۇ چاغدا مۆرەمدىن قان تامچىلاۋاتقىنىغا كۆزۈم چۈشتى، تاغىقىمغا قىلىچ تەگكەنىكەن، كېنىزەكلىرىم كېلىپ تاڭدى. ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەم بولمايتتى. ئۇدۇننىڭ پاتلىق قەغىزىگە يوغان قىلىپ: «سەندەك ئابىنچۇ خاتۇن بىلەن كۆرۈشۈشكە ھازىر ۋاقتىم يوق. بىلىپ قوي، مەن ئالدىڭدا كۆتمىگەن چاغدا پەيدا بولىمەن !» دەپ يېزىپ، باغلاپ قويۇلغان ئەسىرگە چىشلىتىپ قويدۇم. ئاغۋات، كېنىزەكلىرىم بىلەن يۈزلىرىمىزگە نىقاب تارتىپ قەسىردىن چىقتىم. شامالدەك تېز يۈرۈپ، قاراۋۇل قويۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ھەرەم ئىشىكىدىن ئۆتتۇق. ئوردا ئىچى بىر جەڭگاھقا ئايلانغانىدى. ھەممە ياقتا گۈلدۈر ـ گالاپ، پاتىپاراقچىلىق، بىر ـ بىرى بىلەن

قىلىچلىشىۋاتقان نۆكەر، ياساۋۇللار، يۈزلىرىگە نىقاب تارتقان يوچۇن كىشىلەر ... بىز قىلىچ ـ نەيزىلىرىمىزنى كۆتۈرگەن هالدا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئوردىدىن چىقتۇق. ھەممە ئادەم ئۆزى بىلەن بولۇپ قالغاچقا بىزگە دىققەت قىلمىدى. يولدا ماڭغۇچە خېلىلا هالسىزلىنىپ قالدىم. كېنىزەكلىرىم مېنى بۇ هالدا كۆرۈپ پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى. «توختىماي مېڭىڭلار!» دەپ ئاغۇات، كېنىزەكلىرىمنى ئالدىرىتىپ، ئۆزۈممۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدىم. «ئارقىمىزدىن قوماربېكەنىڭ ئادەملىرى قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن، پەخەس بولۇڭلار!» دەپ قەدەمدە بىر ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردۇم. تاغنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى، قان توختىماي چىقىپ تۇراتتى. ئوردىدا سادىر بولغان قانلىق پاجىئە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. كىشىلەر بىزگە ئەجەبلىنىپ قاراپ قېلىشتى. ئاغۇات، كېنىزەكلىرىم سول قول يېڭىم ئۇچىدىن ئېقىۋاتقان قاننى كۆرۈشۈپ: «ۋاي خۇدايىم، يارىلىنىپلا ئەمەسمۇ خانىش. بایاتىن قورقۇنچلۇقتا دىققەت قىلماپتۇق. ھازىرلا ئاتاساغۇن دىلداربېكەنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارايلى» دېيىشىپ، مېنى يۆلەپ مېڭىشتى. يولدا ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. بىزنى نۆكەر، دەپ قېلىشتىمۇ، ئادەملەر ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشىپ، گەپ ـ سۆز قىلىشمىدى. ئاغۇات، كېنىزەكلىرىم بىرقانچە كوچىلاردىن ئۆتۈپ بوستانلىق تۇمەن دەرياسى بويىدىكى دىلدار ئاغىچا خېنىمنىڭ قورۇسىغا ئېلىپ باردى.

ئاتاساغۇن دىلداربېكە مېنى تونۇپ ئىچكىرى ھويلىدىكى كېسەل داۋالايدىغان خانىغا ياتقۇزدى. گەپمۇ سورىماي يارامنى كۆردى، دورا سۈرتۈپ ئاۋايلاپ تېڭىپ قويدى. «قان كۆپ چىقىپ كېتىپتۇ، خانىش، سۆڭەكمۇ زەخىملەنگەنىكەن. بىرنەچچە كۈن مەشەدە يېتىپ داۋالانمىسىلا بولمايدۇ» دەپ مېنى ئېلىپ قالدى. ئوردىدا يۈز بەرگەن پاجىئەنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ: «خاۋاتىرلەنمىسىلە خانىش ئالىيلىرى، بۇ جاي ناھايىتى بىخەتەر. ئاغۇات، كېنىزەكلەرمۇ مۇشۇ يەردە تۇرسۇن، خۇدا ئۆز پاناھىدا

ساقلايدۇ» دەپ ، ئۇلارنى بىرقانچە بۆلەككە ئايرىپ، كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن قىلىپ يېنىغا ئەكىلىۋالدى. دۇنيادا بۇنداق ئاق كۆڭۈل، سەممىي، غەمخان ئايال ئاز تېپىلسا كېرەك. بىر كۈنى ئۇ: «خانىش، سىلىگە بۇ ئايال ھەمراھ بولسۇن، ئۇنىڭدىن قارا نىيەت قەيسەربەگنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ قېتىمقى پاجىئەنى سادىر قىلغان سۇيىقەستچىلەرنىڭ رەزىل مەقسىتىنى بىلىپ قويسىلا» دەپ قارا تەنلىك زىلۋا بىر چوكاننى ماڭا ھەمراھ قىلىپ قويدى. ئۇ قەيسەربەگنىڭ ئەھۋالىنى، سالغان زۇلمىنى سۆزلەپ بەردى. شۇندىلا مەن يۇغرۇش باشى قەيسەربەگنىڭ بۇ قېتىمقى ئوردا پاجىئەسىنى پەيدا قىلغان قارا نىيەت ئاسىي ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ توغرۇلۇق ئاتاسىغۇن دىلدار ئاغىچا خېنىممۇ، بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. بەگيۇسۇپ جانابلىرى، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئەھۋالىدىن ۋاقىپلاندىم. ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانمۇ، ئۆزىنى قەيسەربەگ دەپ ئاتىۋالغان ئاشۇ بوزاغۇ ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ـــ خانىش سۆزىنى توختىتىپ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋالدى. بەگيۇسۇپ «مايمۇنە بىلەنمۇ كۆرۈشۈپتىكەن ـ دە ! دىلداربىكە نېمىدېگەن خىسلەتلىك قىز، كۆپ ئىشلار ئۇنىڭ بىلەن سىرلىق ھالدا باغلانغان ...» دەپ ئويلاپ قالدى. خانىش سۆزىنى داۋام قىلدى، ـــ قارا تەنلىك ئايال بىر كۈنى ئەتىگەندە كىرىپ: «مەن ئانا يۇرتۇمغا كېتىدىغان بولدۇم، خانىش» دەپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. خۇددى سىڭلىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك مەيۈسلىنىپ قالدىم. ئۆڭى قارا بولغان بىلەن كۆڭلى شۇنچە ئاق ئىكەن. ئۇنىڭ ۋەتىنى يەمەن ئىكەن. ئۇ كەتكەندىن كېيىن پېقىرەنىڭ كۆڭلىدىمۇ بىر ئوي پەيدا بولدى: «بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ گۆر ئازابىنى تارتقۇچە، قوزئوردۇ ياكى سەمەرقەنتكە كېتىپ، پەيتى كەلگەندە قىساس ئالمايمەنمۇ؟» مەن بۇ خىيالىمنى دىلدار ئاغىچا خېنىمغا ئېيتتىم. ئۇ «خانىش، يارلىرى ساقايسۇن، ئاندىن مەسلىھەتلىشەيلى» دېدى. ئۇ يەنە

بوزاغۇنىڭ يۇغرۇش باشى، دوقاقبەگنىڭ ھاجىبۇل ھۇججاپ، ھوشۇربەگنىڭ قاپۇغچى باشى، مۇڭسۇزبەگنىڭ جاندارلار باشى بولغانلىقى، ئون تۆت يۇغرۇش، ئون بىر ھاجىپ، توققۇز سۇباشىنىڭ تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى جاكار توغرۇلۇقمۇ ئېيتىپ بەردى. «قۇمارىبىكە مەقسىتىگە يېتىپتۇ، قارلۇقلار ھوقۇق ئىگىلەپتۇ» دەپ مەيۈسلىنىپ قالدىم. ئۇ «ئۇمىدسىزلەنمىسىلە خانىش، ئىبراھىم تېگىن تەختتە ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ، قۇمارىبىكەنىڭ شېرىن چۈشى بەربات بولىدۇ» دەپ تەسەللى بەردى. شۇنىڭ بىلەن روھلىنىپ قالدىم. قۇزئوردۇغا كېتىش ئىشتىياقىم كۈچەيدى. دىلدار ئاغىچا ھەر ئاخشىمى دېگۇدەك ئوردۇكەنتتە بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەر، تۇتقۇن قىلىنىشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەتتى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن كېنىزەكلىرىم بىلەن ھال ـ مۇڭ بولۇپ ئولتۇراتتىم. دىلدار ئاغىچا كىرىپ بۇغراخان نامىدىن مېنى تۇتۇش بۇيرۇقى جاكارلىغىنىنى، قۇمارىبىكە، بوزاغۇنىڭ ئادەملىرى كوچمۇكوچا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئۆيلەرنى ئاختۇرۇشىۋاتقىنىنى، قەشقەردىكى بىر قىسىم مۆتىۋەرلەرنىڭ يوشۇرۇن ھالدا ئوردامغا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپ: «خانىش، خەۋپ ئىشىكىمىز ئالدىدا چۆرگىلەپ يۈرىدۇ. ئالىيلىرىنى قۇزئوردۇغا يولغا سالمىساق بولمىغۇدەك. خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە بازار كۈنى شەھەرگە كىرىپ ـ چىقىدىغان كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. قىشلاقتىن كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن تارىقچى سىياقىدا كىيىنىپ ئىشىكتىن چىقسىلا. بۇ قورۇ سېپىلنىڭ سىرتىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مال بازىرىغا يېقىن بولغاچقا، ھەربىرلىرىدىن كۆزەت قىلىنىۋاتقان ياساۋۇل ـ نۆكەرلەر گۇمان قىلمايدۇ. پېقىرە بىلەن قۇزئوردۇغا بىللە بارغان شاگىرتىم سىلەرگە يول باشلىغۇچى بولىدۇ» دېدى. كېچىچە مۇڭدىشىپ چىقتۇق.

ئەتىسى ئەتىگەن بامدات نامىزىنى ئۆتەپ، ئاللادىن

قۇزئوردۇغا سالامەت يەتكۈزۈشنى تىلەپ تاماقنى ئولتۇردۇق. ھەممىمىز تارىقچى خوتۇنلىرىدەك شاتىۋادىن تىكىلگەن ئۇزۇن كۆكرەك پۇرمە كۆڭلەك، ئىزمىلىك كەمزۇل، قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق كىيىۋالدۇق. بۇ كىيىملەرنى دىلدارىبىكە ئاغىچا تەييارلاپ قويغانىكەن. ئۇ تۇرقىمىزغا قاراپ باش لىڭشىتىپ: «ھېچكىم سىلەرنى خانىش، كېنىزەكلەر ئىكەن دېمەيدۇ، خاۋاتىرلەنمەڭلار» دەپ بىئارام بولۇۋاتقان كۆڭلىمىزنى تىندۇردى. دۇئا قىلىپ ئورنىمىزدىن تۇرۇۋاتاتتۇق، بىر دېدەك يۈگۈرۈپ كىرىپ: «ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم، ئوردىدىن بىر بېگىم كەلگەنىكەن، ياساۋۇللىرى بىلەن تاشقىرىقى ھويلىدا قالدى، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ. ئەلپازى بەك يامان» دېمەسمۇ، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ، ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ كەتتى. دىلدار ئاغىچا: «خانىش، كېنىزەكلىرى بىلەن كۆكتات ئورىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشسىلا، مەن قاراپ باقاي» دەپ چىقىپ كەتتى. چىراغ كۆتۈرگەن دېدەكنىڭ باشلىشىدا، ھويلىنىڭ ئىچكىرى بۇلۇڭىدىكى كۆكتات ئورىسىغا چۈشۈپ يوشۇرۇندۇق. ئورا ناھايىتى سوۇن ئىدى. پىلىلداپ يانغان چىراغ ئورىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىچىمگە بىر قورقۇنچ چۈشۈپ، لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇپ كەتتىم. ھېلى ئورىغا قۇماربىكەنىڭ كاللىكېسەرلىرى باستۇرۇپ كىرىدىغاندەك، ئەمدى ساقايغان تاغىقىمغا نەيزە سانجىيدىغاندەك ... بەدىنىمنى سوغۇق تەر باستى. ئادەم ئاجايىپ بولىدىكەن. بەزى چاغلاردا ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، پىسەنتكە ئالماي باتۇرلىشىپ كېتىدىكەن. بەزى ھاللاردا يوق ئۆلۈمدىن ۋەھىمە يەپ كىرگىلى كامار تاپالماي قالىدىكەن. ئوردىدىكى چېغىمدا دۈشمەنلىرىم قىلىچ تەڭلەپ تۇرسىمۇ قورقمىغانىدىم. مانا ئەمدى قولغا چۈشۈپ قالارمەنمۇ، دەپ تىترەپ ئولتۇراتتىم. شۇ ھالدا يېرىم سائەت ئۆتتىمۇ، بىر سائەت ئۆتتىمۇ، ماڭا ناھايىتى ئۇزاق بىلىندى. تاقىتىم تاق بولۇپ ئورىنىڭ بىر قاناتلىق ئىشىكىگە تەلمۈرۈپ تۇرسام،

ئمشىنى غىچ قىلىپ ئېچىلىپ، دىلدار ئاغىچا كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇچاقلىۋالدىم. ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلدى. «خانىش، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، خەۋپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ كەلگەن قان ئىچەر جاللات مۇڭغۇزبەگ ئىكەن. ‹ئاتاساغۇن خېنىم، ئۆزلىرىنى زىيارەت قىلاي دەپ كېلىپ قالدىم، ئۆيلىرىگە باشلىمامدىلا› دېدى. بۇ سۆزنى قىلغان تىللىرىنى سۇغۇرۇۋالغۇم كېلىپ، ‹كەلسىلە – كەلسىلە› دەپ تاشقىرىقى ھويلىنىڭ ئايۋانىغا باشلاپ كىردىم. ئۇ ئولتۇرغان بىرقانچە بىمارغا سەپسېلىپ: ‹بەگ ئاكىلىرىنى دورا بىلەن مېھمان قىلامىلا؟› دېدى. مەن مەنىلىك قىلىپ: ‹سىلى ئادەمنى كۆپ ئۆلتۈرۈپ چارچاپ كەتكەندەك قىلىدىلا، ئارامى ھەببى شىپا① بولغان تىللا بىلەن مېھمان قىلاي دەيمەن، مەنزۇر بولارمىكىن› دەپ بىر خالتىغا ئېلىپ قويغان يۈز تىللارنى تۆتقۇزۇپ قويدۇم. ‹كۆڭلۈمدىكىنى تاپقان ئوردۇكەنتتىكى بىرىنچى دىلرەبا ئۆزلىرى خېنىم، مېنى غايەت خۇش قىلىۋەتتىلە› دېدى ھەشقاللا ئېيتىپ. مەن: ‹سىلى بۇنداق دېگەن بىلەن، قەيسەربەگنىڭ ياساۋۇللىرى نەچچە قېتىم كېلىپ، ئۆيلىرىمنى ئاختۇرۇپ قالايمىقان قىلىۋەتتى، كېسەللەرنى قورقىتىۋەتتى، بەك خاپا بولدۇم. سىلى ئۇلارغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىلىكەن› دېۋىدىم. ‹خاتىرجەم بولسىلا، ئاتاساغۇن خېنىم، ئەمدى ئۇلار بوسۇغىلىرىغا ھەرگىز ئاياغ باسمايدۇ› دەپ كېتىپ قالدى. بۇ دۇنيادىكى قانخورلارنى ئالتۇن – تىللا باش ئەگدۈرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى ئاچ كۆزلۈك گۆرنى قازغۇچى گۆركاردۇر. ئەمدى ھەربىرلىرىنى ئۈزىتىپ قوياي» دېدى. ھەممىمىز ئوردىدىن ھويلىغا چىقتۇق. ئۇچ ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، يەتتە ئاتلىق غۇلامنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا چۇشتۇق. خۇدا ساقلاپ ھېچكىم بىزگە كاشىلا قىلمىدى. بىر ئاي

① ئارامى ھەببى شىپا — ئارام بېغىشلىغۇچى شىپالىق دورا.

يول يۈرۈپ ئۇچقا باردۇق. ئۇ يەردىمۇ ئۆزىمىزنى پىنھان تۇتۇپ، كىشىلەرگە تونۇشلۇق بەرمىدۇق. بەدەلئارت داۋىنىغا بارغاندا تۇرسۇنبەگ ئاقساقالنىڭ قورۇسىغا چۈشتۇق. تولىمۇ ئوبدان ئادەم ئىكەن. بىزدىن گەپمۇ سورىمىدى. «قۇزئوردۇغا بېرىپ قالساڭلار بۆگۈ بىلگە بەگيۈسۈپ جانابلىرىغا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار» دەپ تاپىلىدى. بىز ھەر ئېھتىمالغا قارشى تارىقچىلارنىڭكىدەك كىيىملىرىمىزنى سېلىۋېتىپ دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىۋالدۇق. ئاقساقال ئۆزى يول باشلاپ داۋاندىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يولىمىزدىمۇ بىرەر پىشكەللىككە ئۇچرىمىدۇق. ئاللانىڭ پاناھىدا سالامەت قۇزئوردۇغا كېلىپ، مانا ھەربىرلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇپتىمىز، — خانىش قىلىچخان ئاغىچا سۆزىنى تۈگىتىپ ئېغىر تىن ئالدى.

— خانىش ئالىيلىرى، ئوردىدا پاجىئە يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۆگۈ بىلگە مەھمۇد تېگىن ھەزرەتلىرى توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ئىشىتمىدىلىمۇ؟ — سورىدى بەگيۈسۈپ خانىشنىڭ بىرەر قېتىممۇ مەھمۇد تېگىننى ئېغىزغا ئالمىغىنىدىن كۆڭلى ئۈيىگەن ھالدا.

— دىلدار ئاغىچىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمدا، — دېدى خانىش يىغلامسىراپ، — ئۇنىڭدىن، مەھمۇد تېگىن ھەم ئۇنىڭ ئانىسى بۇۋىرابىيە بىلگە خاتۇن① نىڭ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغىنىنى، بوزاغۇ ئوپالغا ئەۋەتكەن مۇڭسۇز ۋە ئۇنىڭ قانخور ياساۋۇل ـ نۆكەرلىرىنىڭ ئازىق داراسى، سۇلتانىباغدا تۇرۇۋاتقان خانىش، مەلىكە، شاھزادىلەرنى قىرغىن قىلغىنىنى ئاڭلىۋىدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەھمۇد تېگىننىڭ رەپىقىسى چولپانئاي بىكە بىلەن كىچىك بالىسىمۇ بار ئىكەن. بايا ھەربىرلىرىنى مالال قىلماي دەپ بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىۋىدىم.

① بىلگە خاتۇن — بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق ئايال.

— يائاللا ! نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك بۇ؟! — ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ساقىلىنى سىيپىدى بەگيۇسۇپ.

ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ئەبۇ ھەسەن ئىبلىكخان يۈرىكى ئاسقىپ سورىدى:

— مەرھۇم بۇغراخان ئاتامنىڭ بۇۋىپاتىمە، گۈلجاھان ئىسىملىك خانىشلىرى باللىرى بىلەن بىللە كۆپ ۋاقىتلاردا ئوپالدا تۇراتتى. ئۇلارمۇ ئۆلتۈرۈلۈپتىمۇ؟

— ھەئە، — بىشىنى ئەگدى خانىش، — مۇڭسۇز دېگەن قان ئىچەر جاللاتنىڭ سەبىي ـ گۆدەكلەرگىمۇ رەھىم قىلمىغىنىنى دىلدار ئاغىچا سۆزلەپ بېرىپ يىغلاپ كەتكەنىدى. دۆلەتباغ①دا تۇرۇۋاتقان مۇئەممەد ئارسلانخاننىڭ خوتۇنلىرى — ئەردەنى تۇركەن خاتۇن، ئالتۇن تارىم ئايىسكە ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىنىمۇ مۇڭسۇزبەگ دېگەن جاللات چېپىپ تاشلاپتۇ. بۇ قانخورلۇق ئوردۇكەنت ئەھلىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان ئوخشايدۇ، — خانىش ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشنى توختىتالماي قالدى. يەردىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇرغان سۇمەنبەر ئالتۇن تارىممۇ «ئىسىت ـ ئىسىت! ...» دەپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

بەگيۇسۇپ يىغىسىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۈرە «تابارەك» نى تىلاۋەت قىلدى. يىغلاۋاتقانلار ياشلىرىنى سۈرتۈشتى. مەرھۇملارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىنىۋاتقان بەگيۇسۇپنىڭ كۆز ئالدىغا قان ئىچەر جاللات مۇڭسۇزبەگ كېلىپ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

— ھاجىپ، ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن، نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك بۇ! دەسلەپ ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، قانخور ئاسىيلارنى جازالىمىسام، بۇغراخان جەمەتىگە، قاراخانىيلار ئېلىگە، ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز، يىگىرمە تۆت

---

① دۆلەتباغ — سېيىت ئەلى ئارسلانخان بىنا قىلغان باغ بولۇپ، كېيىن شۇ قىشلاقنىڭ نامىمۇ دۆلەتباغ دەپ ئاتالغان.

قەبىلە ئەھلىگە يۈز كېلەلمىگۈدەكمەن. ئەستاغپۇرۇللا! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخاننى بەگيۈسۈپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، قارا نىيەت ئاسىي سۈيىقەستچىلەرنىڭ بۇ رەھىمسىزلىكى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنىڭ بوينىغا سىرتماق بولىدۇ. سەۋر قىلسىلا، ئوردۇكەنتكە ئالدىراپ يۇرۇش قىلىش — ئىبراھىم بۆرە تېگىنگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. ئوردۇكەنتتىكى ئاسىي سۈيىقەستچىلەرنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىدۇ. تۇنۇگۈن بۇ ھەقتە كۆپ تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن بىر قارارغا كەلدۇق ئەمەسمۇ؟ پېقىر ئاۋۋال بۆرە ئىنىغا كىرىپ ئۇنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ باقاي. قۇيرۇقىنى تۇتقۇزامدۇ، يوق؟ بۇنى بىلىپ، ئۇنى بالاساغۇن دىيارىغا ئاياغ باسقۇزمايدىغان قىلىپ سۇلھى تۈزۈپ كېلەي. ئۇنىڭغىچە ئوردۇكەنتكە يۇرۇش قىلىش تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ تۇرغايلا.

بەگيۈسۈپنىڭ ئىشەنچكە تولغان سۆزى ئېلىكخاننى بېسىقىغا چۈشۈردى.

— مەن پەقەت چىدىيالماي قالدىم، ھاجىپ. ئۇ ئاسىي خۇنپەرلەرنى ئۆمرۈمدە بىر جازالىمىسام كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ. ماقۇل، ئاۋۋال سەمەرقەنتكە بېرىپ كېلىڭ، ئاندىن تەخىرسىز ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ باراي ! — دېدى ئۇ بوغنۇقۇپ.

— خانىش ئالىيلىرى، ئۆزلىرى تىلغا ئالغان قارا تەنلىك ئايال ھازىر پېقىرەنىڭ ئۆيىدە. خالىسىلا ئۇ كېلىپ سىلى بىلەن كۆرۈشسۇن. ئەمدى مەن ماڭاي، — بەگيۈسۈپ ئورنىدىن قوپتى.

— مايمۇنە جانابلىرىنىڭ ئۆيىدىمۇ؟ ئۇ قۇزئوردۇغا كەلگەن ئىكەن - دە؟ ئۇنى يەنە كۆرەرمەنمۇ، دەپ ئويلايتتىم، تەڭرىم كۆرۈشتۈرىدىغان بولدى، — خانىشمۇ قوپتى.

ئېلزادبەگ چاقىرىپ كەلگەن بۇۋئائىيشە يان ئۆيدە ساقلاپ تۇراتتى، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۇزاپ ماڭغانلىقىنى بىلىپ ئالدىغا چىقتى. خانىش قىلىچخان ئاغىچا بېگىم بىلەن كۆرۈشتى. ئېلىكخانغا تەزىم قىلدى. ئاتىسىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئوردا

ئالدىغا چىقتى. ئېلىكخان بىلەن خوشلاشقان بەگيۇسۇپ:
— خانىش ئالىيلىرىدىن ئوبدان خەۋەر ئالسىلا بالام، — دەپ تاپىلىدى ئامراق قىزىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي.
— خوش، ئاتا، خۇداغا ئامانەت، ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا، — بۇۋىئايىشە يەرگىچە ئېگىلىپ خوشلاشتى.
بەگيۇسۇپ تەييار بولۇپ تۇرغان سەپەرداشلىرىغا شەھەر سىرتىدا كۈتۈپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ ئۆيىگە كەلدى. قىزتۇرمىش بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان مايمۇنە ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.
— بۆگۈ بىلگە ئاغا، تېخىچە ماڭماپتىلىغۇ؟ — دەپ سورىدى.
بەگيۇسۇپ قەشقەردىن خانىش قىلىچخان ئاغىچا بېگىمنىڭ كەلگىنىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىپ، ۋاقتىدا يولغا چىقالمىغانلىقىنى، خانىشنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى، ھەمراھلىرىنى توختىتىپ قويۇپ كەلگىنىنى ئېيتىپ بەردى، مايمۇنە:
— تەڭرىم دۇئايىمنى ئىجابەت قىپتۇ، بۆگۈ بىلگە ئاغا. ئۆزلىرى بىللە يولغا چىقمىغىنىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلغىنىمنى قىزتۇرمىش ئاپامغا دەپ ئولتۇراتتىم. ئەجەب ئوبدان كەلدىلە، بۆگۈ بىلگە ئاغا، بۇ يۈرەك سۆزۈم. بەگيۇسۇپ جانابلىرى، دەپ ئاتىماي بۆگۈ بىلگە ئاغا دېيىشىممۇ ئۆزلىرىنى بىر تۇغقان قېرىندىشىمدەك يېقىن كۆرگەنلىكىمنىڭ ئىزھارى. تەڭرىم پېقىرە ئۈچۈن سىلىنى كەينىلىرىگە ياندۇرۇپتۇ. ئەمدى مېنىمۇ ئېلىپ كەتسىلە، سەمەرقەنتتىن يۇرتۇمغا يولغا سېلىپ قويسىلىرى، تىلىكىم يەردە قالمىغان، بىچارە ئاتا ـ ئانام ئارزۇسىغا يەتكەن بولاتتى، — دەپ تۇرۇۋالدى.
— راست، سىزنى دەپ كەينىمگە يانغان ئوخشايمەن، — دېدى بەگيۇسۇپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ.
ئۇ مايمۇنەنى ئېلىپ ئوردىغا يەنە باردى. خانىش بىلەن كۆرۈشتۈردى. خانىش ئۇنىڭغا كۈمۈش ساپلىق قىلىچى بىلەن ئالتۇن تاجىنى يوللۇق تۇتتى. بەگيۇسۇپ كۈن قىيام بولغاندا بۇ قارا تەنلىك مۇساپىر بىلەن بىللە بۆرە ئىنىغا يۈرۈپ كەتتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

# بۆرە ئىنىغا كىرىش

## 1

ئاق قۇشقاچ ئۈجمە تاشلىغان باھار پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى. ئىسسىق كۈچەيگەنسېرى غۇر - غۇر سالقىنىنى يوقىتىپ ياۋاشلىغان مەيىن شامال چېچەكلىرى ئاللىقاچان چۈشۈپ غورا بولغان ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئامۇت دەرەخلىرىنى ئىرغاڭشىتالمىسىمۇ، شاخلاردا چاڭقىلداپ سايراۋاتقان بۇلبۇل، تورغايلارنىڭ پەيلىرىنى تارايتتى. رەڭگارەڭ گۈل - گىياھلارنى يەلپۈندۈرەتتى. ئاجايىپ كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك گۈمبەز، پەشتاقلارنىڭ يېشىل كاھىشلىرىغا قونغان چاڭ - توزانلارنى سۈرتەتتى. ئوردا، مەدرىسە، مەسچىتلەرنىڭ ئېگىز مۇنارلىرىنى سىيپايتتى. بۇ مەيىن، يېقىملىق شامال كوچا، بازارلاردا كېتىۋاتقان، دۇكان، چايخانا، دوقمۇشلاردا ئولتۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ يۈز - بويۇنلىرىنى سىلاپ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. پېشايۋان، كۆل بويلىرىدا ئولتۇرۇپ كەشتە توقۇۋاتقان، كىتاب ئوقۇۋاتقان، ئوسما قويۇۋاتقان قىز، كېلىنلەرنىڭ چېكە چاچلىرىنى ئۈچۈرتۈپ ئويناتتى.

سەمەرقەنتنىڭ مانا شۇنداق ئىللىق كۈنىدە يېتىپ كەلگەن بەگيۇسۇپ خەۋەر بەرمەيلا ئاۋات رەستە، مەھەللىلەردىن ئۆتۈپ، بۇ شەھەر ئەزىمىنىڭ ئەڭ مەنزىرىلىك يېرىدە قەد كۆتۈرگەن تامغاچ بۇغراخان ئوردىسىغا يېقىنلاشتى. ئىككى قانىتىغا بۆرىنىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەن دەرۋازا داغدام ئوچۇق ئىدى.

كۆنگۈرلىك ئېگىز ئوردا سېپىلى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. سېپىل بويلاپ قېزىلغان خەندەكتە لىق سۇ بار ئىدى. ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىلا ئوردىغا كىرگىلى بولاتتى. بەگيۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇز نەپەر ھەمراھى ئاشۇ ۋادەكلىك ئەگمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ توختاشتى.

ئىككى قاراۋۇل ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدا سۇرلۇك تۇراتتى. بېشىدا قالپاقسىمان قىرلىق بۆك، ئۇچىسىدا جىگەر رەڭ سىيدام رەختتىن تىكىلگەن كەمزۇل، پۇتلىرىدا ئۆتۈك بار ئىدى. بەللىرىگە كەمەر باغلاپ قىلىچ ئېسىۋالغانىدى. بىرسى ئۇزۇن ساپلىق نەيزە، بىرسى گۇرزە تۇتقانىدى.

بەگيۇسۇپ قاراۋۇللارغا يېقىنلاپ سالام بەردى ۋە تامغاچ بۇغراخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بالاساغۇندىن كەلگىنىنى ئېيتتى.

نەيزە تۇتقان قاراۋۇل جايىدىن قىمىرلىماي:

— ھاي قوۋۇقچى باشى! — دەپ ئۈچ قېتىم ئۈنلۈك توۋلىدى.

ئېگىز بويلۇق، بىر كۆزى قىسىق، قىلىچ ئېسىۋالغان شاپ بۇرۇت ئادەم دەرۋازا پەشتىقىدىن چۈشۈپ دەرۋازىدىن چىقتى.

— نېمە گەپ، قاراۋۇل؟

— بالاساغۇندىن يالۋاچ كەپتۇ.

— يالۋاچ؟

قوۋۇقچى باشى قارا ساقال، مىسىرنىڭ يوللۇق شايىسىدىن تون كىيىپ، سەللىسىگە كۈمۈش ئوتۇغات قادىغان خۇش چىراي كىشىگە قاراپ، ئەيمەنگەن ھالدا قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

— تامغاچ بۇغراخانغا نېمىدەپ مەلۇم قىلىمەن، جانابلىرى؟

— ھاجىپ بەگيۇسۇپ سالامغا كەپتۇ، دېگەيسىز، قوۋۇقچى باشى.

— مالال كۆرمەي كۈتۈپ تۇرۇشسىلا، — قوۋۇقچى باشى ئوردىغا كىرىپ كەتتى.

ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن بىر توپ كىشى ئوردىدىن چىقىپ كەلدى. ئالدىدا ماڭغىنى تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بۆرە تېگىن ئىدى. تىغ تەگمىگەن قاپقارا ساقىلى ئالتۇن تۇگمىلىك شايى تون يېپىنىپ تۇرغان كۆكرىكىنى قاپلىغانىدى. كۆك كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چېچىلىپ تۇراتتى. قارا قاشلىرى شۇنداق ئۆسكىلەڭ، قارلىغاچ قانىتىدەك بۇرۇتلىرى ساقىلىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

«يېشى چوڭايغانسېرى سۇرلۇك بولۇپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىغان بەگيۇسۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەزىم قىلدى.

— تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارىغا يەتكۈزگەن ئاللادىن مىننەتدارمەن. قەدەم رەنجى قىلىپ چىقمىسىلىرىمۇ ئالدىلىرىغا كىرەتتىم. ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان ئالىيلىرىنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى ئالدىلىرىدا قويۇپ قۇللۇق بىلدۈرەتتىم ... — ئۇ غۇلاچ كېرىپ بىر قەدەم باستى.

— بۆگۈ بىلگەنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغان پادىشاھ تەختتە ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ، — ياندىن سۆز قاتتى يۇغرۇش باشى تاجىلمۇلىك. ئىبراھىم بۆرە تېگىن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدى. يۇغرۇش باشى سۆزىنى داۋام قىلدى، — شۇنچە يىراق يەردىن كەلگەنلىرىدە يەتتە چاقىرىم يەرگىچە ئالدىلىرىغا بېرىپ كۈتۈۋېلىشىمىز زۆرۈر ئىدى. ئەپسۇس، خەۋەر تاپالماپتۇق، — تاجىلمۇلىك چىرايلىق ياساتقان قىرقىما ساقىلىنى سىيپاپ بېشىنى ئەگدى.

ئاۋۋال ئىبراھىم بۆرە تېگىن بەگيۇسۇپ بىلەن قۇچاقلاشتى.

— كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئون نەچچە يىل بوپتۇ، بەگيۇسۇپ، — دېدى ئۇ تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن، — ئەمما نامىشەرىپىڭىزنى ئاڭلاپ تۇردۇم. كۆرۈشكۈم، سۆزىڭىزنى ئاڭلىغۇم، بىللە شىكار قىلغۇم كەلدى، ئارىلىق يىراق، ئامال يوق. بايا سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى ئېيتىپ كىرگەندە ئۆز قۇلىقىمغا ئىشىنەلمەي قالدىم. راستىلا كېلىپسىز ئەمەسمۇ، ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، — دېدى ئۇ.

— رەھمەت ئالىيلىرى، شۇنچە تىمەن، بەھەيۋەت تۇرۇپلا. ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخان ئالىيلىرى كۆپ سالام ئېيتتى، سىلىگە بولغان ئىخلاس - ھۆرمىتى چوڭقۇر، — دەپ تۇرۇۋىدى، قۇچاق ئېچىپ تاجىلمۇلىك كەلدى:

— شۇنچە خۇشال بولۇۋاتىمەنكى، خۇددى تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى شەھەر ئالغاندا، ئاچقۇنى ماڭا بەرگەندەك ئۆزلىرىنى كۆرۈپ بېشىم ئاسمانغا يەتتى. خۇش كېلىپلا، خۇش كېلىپلا، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك!

ئۇلار مۇ قۇچاقلاشتى.

— بەگيۇسۇپ ئاغا!

ئۇ قاراپ، غۇلاچ يېيىپ كېلىۋاتقان ياقۇپ تېگىننى كۆردى.

— شاھزادەم! — بەگيۇسۇپ ئۇنى باغرىغا باستى، — بۇخارادىن قاچان كەلدىلە ئۇكام، مەلىكە ئانىمىز ئامان - ئېسەن تۇرغاندۇ؟

غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياقۇپ تېگىن دەرھال جاۋاب بەردى:

— سەمەرقەنتكە كەلگىنىمگە ئىككى ئاي بولدى. مەلىكە ئابام بۇخارادا ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. بىز قۇزئوردۇدىن ئۇزاپ ماڭغاندا سەمەرقەنتكە چۈشكەنىدۇق. بۆرە تېگىن ئاغام مەشەدە تۇرۇپ قېلىڭلار، دېگەن بولسىمۇ، ئابام سىڭلىم بىلەن بۇخاراغا كېتىشنى ماقۇل كۆردى. مەن سەمەرقەنتكە يېنىپ كەلدىم. تامغاچ بۇغراخان ئاغام مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغىن، دەپ جاندارلار باشى قىلىپ قويدى.

— كامال تېپىپتىلا شاھزادەم. ئاكىلىرى ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخان ئاڭلىسا تولىمۇ خۇرسەن بولىدۇ. سەمەرقەنتتە يەنە بىر مەزگىل تۇراي دەۋاتامدىلا؟

— شۇنداق، بەگيۇسۇپ ئاغا، بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالدىم...

ئارقا - ئارقىدىن كۆرۈشكىلى كەلگەن يۇغرۇش، ھاجىپلار ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى.

بەگيۇسۇپ ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، يۈز تاي تاۋار ـ دۇردۇن، كۇچا كۆرپىسى، بۇلغۇن تېرىسى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن كۇمۇش ساپلىق يۈز خەنجەر ـ پىچاق، توققۇز جۈپ ئالتۇن جام، توققۇز جۈپ كۇمۇش جام، ئوتتۇز غولاچ ئۇزۇنلۇقتىكى چۆرىسىگە كەشتە توقۇلغان، ئوتتۇرىسىغا گۈل چىقىرىلغان بىر جۈپ ئاجايىپ نەپىس داستىخاننى ئېلىكخانىمىزنىڭ سوۋغىسى دەپ تامغاچ بۇغراخان بۆرە تېگىننىڭ ئالدىغا قويدى ۋە شاھانە تون كىيگۈزدى. ئۇنىڭ بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلاپ، كۇمۇشتىن قىلىنغان سېپىغا گۆھەر كۆز قويۇلغان قىلىچنى ئېسىپ قويدى. ئاندىن شەيخۇلئىسلام ئوبۇل هارىس سەمەرقەندىي، باش ۋەزىر تاجىلمۇلۈك، دوستى، ساۋاقدىشى بولغان هاجىبۇل هوجاپ رەخمىتۇللا بالاساغۇنى باشلىق دۆلەت ئەربابلىرىغا ئېلىكخان نامىدىن زەرباب تون كىيدۈرۈپ، ئالماس كۆزلۈك خەنجەر تەقدىم قىلدى.

ـــ بۇ ئاتىلىرىنىڭ سوۋغىسى، ـــ دەپ ياقۇپ تېگىنگە كۇمۇش دۇبۇلغا، ساۋۇت، خەنجەر، قىلىچنى بەردى، ـــ مەلىكە ئانىلىرىغا ئەۋەتكەن سوۋغىلارنى بۇخاراغا ئۆزۈم يولغا سالىمەن، ـــ دەپ شاھزادىنى خۇش قىلىۋەتتى.

ـــ تەشەككۈر، بەگيۇسۇپ جانابلىرى، تەشەككۈر، سالتانىڭ ئاتقا مىنىپ كەلسىلىرىمۇ، ئوخشاشلا خىزمەتلىرىدە بولاتتۇق. شۇنچە كۆپ سوۋغا ـ سالام بىلەن بىزنى خىجىل قىلىپ قويدىلا، نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قالدۇق ...

ـــ نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز يۇغرۇش باشى؟ ـــ تاجىلمۇلكنىڭ سۆزىنى بۆلدى بۆرە تېگىن، ـــ شامالنىڭ قاچان، بوراننىڭ قانداق چىقىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىزۇ، رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەمسىز؟ كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوبدان كۈتۈپ، سەيلە ـ ساياھەتكە، شىكارغا ئېلىپ چىقىپ زېرىكتۈرۈپ قويمىساقلا بەگيۇسۇپ رازى بولىدۇ. بۇ جەڭ قىلىشتىن كۆپ ئاسانغۇ؟ ـــ دەپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— شۇنداق، ئالىيلىرى. ھەربىرلىرىنىڭ كۆرسەتكەن سەممىي ھۆرمەت - ئىززىتىدىن مەن خىجىل بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن. بەجايىكى كۈن ئالدىدا ئاي نۇرسىزلىنىپ قالغاندەك ...

ھەممەيلەن يەنە كۈلۈشتى.

شۇنىڭ بىلەن سوۋغا - سالامنى تاپشۇرۇش مۇراسىمى كۆڭۈللۈك ئاياغلاشتى.

تامغاچ بۇغراخاننىڭ ئەمرى بويىچە تاجىلمۇلۇك بەگيۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇز نەپەر ھەمراھىنى پادىشاھ تەكىيخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. بەگيۇسۇپ ئۆزىنىڭ بۇنداق قىزغىن قارشى ئېلىنغىنىدىن خۇرسەن بولدى. زىياپەت، باغ سەيلىسى، ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش، ئويۇن - تاماشا بىلەن ئۈچ كۈن ئۆتتى. تۆتىنچى كۈنى بۆرە تېگىن:

— ھاجىب ئاغا، ھاردۇقىڭىز چىققاندۇ؟ بۈگۈن شىكار قىلايلى. تولا كىتاب كۆرۈپ چارچىغان مېڭىڭىزنى ساپ ھاۋادا سۈزۈلدۈرۈپ كېلەي. ھەربىر دەرەخ، ھەربىر ئۇچار قۇش، ھايۋاننىڭ ئۆزى بىر دۇنيا. مەيلىڭىز بارمۇ؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە، تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى، ئىككىمىزنىڭ نەۋقىران ۋاقتىمىزدا شىكار قىلغىنىمىز پات - پات ئېسىمگە چۈشۈپ سىلىنى ياد ئېتىپ قالاتتىم. شىكار ئادەمنىڭ غەيرەت - شىجائىتىنى ئاشۇرىدۇ، — دېدى «ھېلىمۇ كۆڭلى بۆرە ئىنىنى تارتىپ تۇرىدىكەن بۇ خاقاننىڭ» دەپ ئويلىغان بەگيۇسۇپ.

بەگيۇسۇپنىڭ ئويىچە بولغاندا دەرھال سۆزلىشىپ، بۇرۇنراق سۆلھى تۈزسە، ئىش ئوڭغا تارتقان بولاتتى. شۇڭا، ئۇ سىر دەرياسىنى بويلاپ كېتىۋاتقاندا دېدى:

— تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى، مەن قاراخانىيلار جەمەتىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئەزىز دەرگاھلىرىغا كېلىۋىدىم، نەچچە كۈندىن بېرى بۇ توغرۇلۇق گەپ ئېچىشقا پۇرسەت بولمىدى. بۇنداق سەيلە - ساياھەت، شىكار

قىلىپ كېتىۋەرسەم، قانغا غەرق بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئەھلى مەملىكەتكە يۈز كېلەلمەيمەن، قاراخانىيلار جەمەتىگە يۈز كېلەلمەيمەن. پىقىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇلىرى بارمىكىن؟

ئىبراھىم بۆرە تېگىن يورغىلاپ كېتىۋاتقان تورۇقنىڭ تىزگىنىنى بىر تارتىۋىدى، ئات ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاپچىپ توختىدى.

— بەگيۇسۇپ، نېمىشقا كېلىپلا ئۇ زۆرۈرىيەت توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدىڭىز؟ ئۇزاق يەردىن كەلدى، هاردى، چارچىدى، ئۇبدان ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ، نەچچە كۈندىن بېرى يۇغۇرۇش باشىنى خىزمىتىڭىزدە بولۇشقا بۇيرۇغانىدىم. مەن سىز كەلگەن كۈنى ئىسمىڭىزنى ئاڭلاپلا، پەرغانە دىيارىنىڭ ئىشى بىلەن كەلگىنىڭىزنى بىلگەن. ئەمما، سىزنى هۆرمەت قىلغىنىمدىن، بۇ توغرۇلۇق ئالدىرىماي سۆزلەشسەكمۇ بىر پىكىرگە كېلەلەيمىز، دەپ قارىغانىدىم. سۆزىڭىزنى هەرقاچان ئاڭلىغۇم بار. مەن چىلبۆرىدىن ئەمەس، ئوغۇزخان بوۋامغا يول باشلاپ ماڭغان كۆك بۆرىدىن بولىمەن، — دېدى بۆرە تېگىن ئاچچىقلانغان تەرزدە.

— ئۇنداق بولسا هازىرلا ئوردىغا قايتايلى، ئالىيلىرى، قىلىشىدىغان گەپ بەك تولا، — بەگيۇسۇپ ئېتىنى بۇراپ ماڭماقچى بولدى.

— توختاڭ، — بۆرە تېگىن ئۇ مىنگەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتىۋالدى، — نېمىشقا ئوردىغا قايتىمىز، گەپ - سۆزنىڭ كۆپلۈكىدىنمۇ؟

— بۇ جاڭگالدا قانداق سۆزلىشەرمىز؟

— مېنى بۆرىلەر باققان، بەگيۇسۇپ، ئوردىدىن جاڭگال تىنچراق، بۇ يەردە هېچكىم بىزگە دەخلى قىلالمايدۇ. قانداق گېپىڭىز بولسا ئۇدۇل ئېيتىڭ، — بۆرە تېگىن ئاتتىن چۈشتى، — مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار، — ئۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئېگەرنىڭ قۇش بېشىغا ئىلىپ قويۇپ مەيلىگە قويۇۋەتتى. ئاق قاشقا تورۇق نارازى بولغان قىياپەتتە

ئاستا نېرى كەتتى.

بەگيۇسۇپمۇ ئاتتىن چۈشتى، ئېتىنى نېرىراقتىكى قارىياغاچنىڭ شېخىغا باغلاپ قويۇپ، بۆرە تېگىننىڭ يېنىغا كېلىپ قۇمساڭ قىرغاقتا ئولتۇردى، بۆرە تېگىن:

— سىلەر شىكار قىلمىغۇبىرىڭلار، — دېدى يۇرتۇغ، جاندارلارغا، — بۇ يەردە ھېچكىم قالمىسۇن.

شىكارغا بىللە چىققان يۇرتۇغ، جاندارلار دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان سىر دەرياسىنى بويلاپ چېپىپ كېتىشتى.

يايپاڭ قىرغاقتا شارىلداپ ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان دەريا سۇيىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى تۇرلۇك - تۈمەن ئۇي بىلەن چىگىقىلىپ ئاغرىشقا باشلىغان بەگيۇسۇپنىڭ مېڭىسىنى سۇزۇلدۇرۇپ ئارام بەردى. دەريادىن ئۇرۇلغان راھەتبەخش شامال بويۇن باشلىرىنى سىلاپ، تېنىنى سەگىتتى، ئۇ ئەتراپقا قاراپ زوقلىنىپ، گۈزەل تەبىئەتنىڭ ئارامبەخش مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلاندى، ۋۇجۇدى يايراپ قالدى.

ئويلىنىپ قالغان ئىبراھىم بۆرە تېگىن ئۇنىڭدىن سۆز كۈتۈپ، قولىدىكى قامچىنىڭ دەستىسى بىلەن نەمخۇش يەرگە ھۈۋلاۋاتقان بۆرىنىڭ سۈرىتىنى سىزىۋاتاتتى. بەگيۇسۇپ سەپسېلىپ دېدى:

— تامغاچ بۇغراخان ئائىلىرى، ئەمدى سۆزۈمنى باشلاي. بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قانداق ۋاپات بولغىنىدىن خەۋەرلىرى بار. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر زىندانغا تاشلانغانىدىم.

— مەن خەۋەر تاپقان، بەگيۇسۇپ. بۇغرا قاراخان ئاغامنىڭ ئۆلۈمى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بوپتۇ. ئوردۇكەنتتىكى چېغىمدا ئۇ ئادىرا ئاپام بىلەن ئىككىمىزگە ئوبدان قارىغانىدى. ئاكام مۇھەممەد ئالىپ تېگىن ئۇنى دوست تۇتقانىدى. سەمەرقەنتكە كەتكىنىمىزدىن كېيىنمۇ، ئاكام ئۇنىڭغا خەت يېزىپ تۇرغانىدى. ئاكام ئالەمدىن ئۆتكەندە، سۇلايمان ئارسلانخان ئاغام سەمەرقەنتكە كېلىپ، بۇغرا قاراخان نامىدىن ماڭا ئېلىكخانلىق

تاجىنى كىيدۇرگەنىدى ... مۇھەممەد ئارسلانخاننى مانا شۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاكىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدىم، — دېدى بۆرە تېگىن.

— ئاكىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپلا قالماي، ئۆزىنىڭمۇ جېنىغا زامىن بولدى، تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى.

— نېمە، مۇھەممەد ئارسلانخانمۇ قازا تاپتىمۇ؟ — بۆرە تېگىن قامچىنى تاشلاپ بەگيۈسۈپكە قارىدى.

— قازا تاپتى، قازا تاپقاندىمۇ ناھايىتى ئېچىنىشلىق قازا تاپتى، ئالىيلىرى، — بەگيۈسۈپ خانىش قىلىچخان ئاغىچىدىن ئاڭلىغانلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بىرىپ دېدى، — بۇ قانلىق ئوردا ئۆزگىرىشى قىلغان مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ كىچىك خانىشى قۇمارىبىكە ئابىنچۇ خاتۇن بىلەن ئاكىسى بوزاغۇ ئىكەن.

بۆرە تېگىن قامچىنى يەرگە ئۇردى، يەردىن چاڭ كۆتۈرۈلدى.

— مەن ئۇ خۇنخور بوزاغۇنى يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ بوۋام بىلەن قۇزئوردۇغا بارغاندا كۆرگەن. ئۇ سېرىق، ھاپ قوۋۇز تۇلكىگە ئوخشاشلا بىرنېمە ئىدى. قۇمارىبىكە دېگەن شەيتان خوتۇن توغرۇلۇق كۆپ ئاڭلىغان بولساممۇ، ئۇنىڭ شۇم تەلەتىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ شۇنچە جەلپكارمۇ؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى. ئۇ مۇھەممەد ئارسلانخاننى ناز ـ كەرەشمىسى بىلەن چاڭگىلىغا ئېلىۋاپتىكەن. دارغا ئېسىلغان ئاسىي مۇناپىق ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش، قارلۇق خانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن ئاكىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى سۇيىقەست پىلانلاپ كەلگەنلىكى بۇ پاجىئەدە ئىسپاتلاندى، — بەگيۈسۈپ قۇمارىبىكەنىڭ بوزاغۇ بىلەن بىرلىشىپ قىلغان قانخورلۇقلىرىنى، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنىمۇ بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

بۆرە تېگىن ئىككىنچى قېتىم قامچىسىنى يەرگە ئۇردى.

— مۇھەممەد ئارسلانخان قۇمارىبىكە ئابىنچۇ خاتۇن بىلەن

بوزاغۇنىڭ سۈيىقەستىنى قانداق بىلىمەي قالغاندۇ؟ — دەپ سورىدى كۆزلىرىنى قىسىپ ئويلانغان هالدا.

— ئۇنى غەپلەت باسقان، ئالىيلىرى، — دېدى بەگيۇسۇپ، ئاندىن ئۆزى ۋە ئەبۇ هەسەن ئېلىكخانىنىڭ ئىككى قېتىم مەكتۇپ ئەۋەتىپ، قۇمارىبىكە، بوزاغۇنىڭ سۈيىقەستىدىن مۇهەممەد ئارسلانخاننى ئاگاهلاندۇرغانلىقىنى، لېكىن كۆڭلى قارىيىپ كەتكەن خاننىڭ هەقىقەتنى بىلىشتىن باش تارتىپ، ئاقىۋەت ئۆلۈمگە مەهكۇم بولغانلىقىنى چۈشەندۈردى. بۆرە تېگىن ئۇچىنچى قېتىم قامچىسىنى يەرگە ئۇرۇپ چاك چىقىرىۋەتتى. ئۇ غەزەپكە كەلگەنىدى. ئوت چاچراپ تۇرغان كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلىپ، ساقاللىرى تىكەنلەشتى. چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، قامچىنى دەرياغا ئاتتى.

— ئالىيلىرى، تاشلىغانلىرى قامچا! — دېدى دەريا قىنىغا كىرىپ كەتكەن كۈمۈش ساپلىق يىلان قامچىغا قاراپ قالغان بەگيۇسۇپ.

— كېرەك يوق! — بۆرە تېگىن ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىدى، — ئەبۇ هەسەن ئېلىكخان ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ بارامدىكەن؟

— ئالىيلىرى پەرغانەگە بېسىپ كىرگەچكە، لەشكەر تارتىپ بېرىشنى كېچىكتۈردى.

— مېنىڭ تۆپەيلىمدىنمۇ؟

— شۇنداق ئالىيلىرى، راستىمنى ئېيتسام، ئەبۇ هەسەن ئېلىكخان ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ كەتسە، ئۆزلىرى قۇزئوردۇغا باستۇرۇپ كەلمەي قالامدۇ؟ ئېلىكخانغا بۇ قارىشىمنى ئېيتىپ، ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىشنى ئارقىغا سۈرۈش توغرۇلۇق مەسلىهەت بەردىم.

بۆرە تېگىن قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىز موللا تاپقاق ئىكەنسىز، بەگيۇسۇپ. مۇبادا ئەبۇ هەسەن ئېلىكخان ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ كەتسە، مەن

قوزئوردۇغا جەزمەن بىسىپ كىرەتتىم. ئەقىللىك پادىشاھ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدۇ، ھاجىپ.
— شۇنىڭ ئۈچۈن قورقماي بۆرە ئىنىغا كەلدىم، ئالىيلىرى.
— بۆرە ئىنىغا؟ بۆرىنىڭ يەپ قويۇشىدىن قورقمىدىڭىزمۇ؟
— زىنھار، چۈنكى مەن كەلگەن بۆرە ئىنى — ئۇلۇغ بوۋىلىرى ئوغۇزخانغا يول باشلاپ ماڭغان كۆك بۆرىنىڭ ئىنى.
— مەن شۇنداق يول باشلاپ ماڭالامدىمەن؟
— ئەلۋەتتە، ئالىيلىرى بىلەن پەقەت مۇشۇ ھەقتە مەسلىھەتلەشكىلى كەلدىم. بۇ قېتىم قاراخانىيلار جەمەتىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشتى. توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر، يىگىرمە تۆت قەبىلە بولۇپ، قاراخانىيلار تۇغىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان ئۇيغۇر قوۋمى ئۆزىنىڭ بۇغراخانلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. پەقەت ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتى بىلەن بۇ بالا ـ قازانى دەپئى① قىلىش مۇمكىن.
— مېنىڭ ھىممىتىم بىلەن؟ — بۆرە تېگىن سەگەكلەشتى، — مەن قانداق ھىممەت كۆرسىتىشىم كېرەك؟
— پەرغانە دىيارىدىن سىپاھلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش بىلەن، ئالىيلىرى! — دېدى بەگيۇسۇپ گەپنى ئەگىتمەي.
— ئوھوي، مەن بۇنداق ھىممەتنى كۆرسىتەلمىسەمچۇ؟
— كۆرسىتەلەيدىلا، ئالىيلىرى، قانداق بولۇپ پەرغانەگە بېسىپ كىرگەنلىرىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. بولمىسا بۆرىلەر بىر ـ بىرىنىڭ ئىنىغا باستۇرۇپ كىرمەيدىغان، — دېدى بەگيۇسۇپ ھەزىل قىلىپ.
— توغرا ـ توغرا، قالتىس گەپ بولدى، مەن چۈشەندۇرەي، — بۆرە تېگىن كۈلكىسىنى توختىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بەزى قېرىنداش ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم، ۋەتەنداشلىرىم مېنى بۆرە مىجەز، رەھىمسىز، تەلۋە، دەپ ھاقارەتلەپ كەلدى. بۆرە

---

① دەپئى — يوقىتىش، تۈگىتىش.

مىجەزلىكىمگە ئىقرارمەن، لېكىن تاش يۈرەك، قارا كۆڭۈللەردىن ئەمەسمەن. مېنى بۆرىلەر باققان بىلەن ئانىلىق مېھرىنى مەلىكە ئادىرا تۇركەن خاتۇن بەرگەن. ئۇنى دائىم ئەسلەيمەن، ھەر يىلى ئىككى ھېيتتا سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ تۇرىمەن. ئۆزۈمنى تارىخچى سىياقىغا كىرىپ، ھېچكىمگە تونۇتماي خۇپىيانە نەچچە قېتىم بېرىپ ئۇ بۇزرۇكۋارىمدىن ھال سوراپ كەلدىم. ھەر قېتىم قايتىشىمدا ئاشۇ جاڭگالدىكى بۆرىلەر بىلەنمۇ ئۇچراشتىم. بۆرىلەر ھىدلاپ، تەنلىرىنى سۈركەپ، باشلىرىنى كۆكسۈمگە قويۇپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى، ھۇۋلاشتى. بۇ ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ناخشىسى بولسا كېرەك. تىڭشاپ، بۆرىلەر ئىچىدە ئۆتكەن گۆدەكلىك چاغلىرىم ئېسىمگە چۈشتى. مېنى باققان بۆرە ھاياتمىدۇ، ئۆلگەنمىدۇ؟ زادى بىلەلمىدىم. ھەممىسى مېنى باققاندەك بىلىنىپ باشلىرىنى سىلىدىم. مەن بۆرىلەردىمۇ ئادەمگە ئوخشاش مېھىر ـ مۇھەببەت بارلىقىنى جىسمىم، ئەقلىم بىلەن سەزگەن، بىلگەن ئادەممەن. باشقا ھايۋانلارغا نىسبەتەن بۆرىگە بولغان مېھرىم كۈچلۈك. شۇڭا، ماۋەرائۇننەھردە بۆرە ئوۋلاشنى مەنئىي قىلىپ كەلدىم. بۆرە ئاتقانلار سېزىلسە رەھىمسىزلىك بىلەن جازالىدىم. ھازىر باشقا يەرلەرگە قارىغاندا سەمەرقەنت دىيارىدا بۆرە كۆپ. مەن ھەر يىلى توقسان توققۇز قۇلنى ئازاد قىلىمەن. ھەر كۈنى ئۈچ يۈز يېتىم ـ يېسىرغا تاماق، كىيىم بەرگۈزىمەن. ھەر ئايدا ئون توققۇز تورغاي، ئون توققۇز تۇمۇچۇق، ئون توققۇز شاتۇتنى قەپىسى بىلەن بازاردىن سېتىۋېلىپ قويۇۋېتىمەن. ئۇلارنىڭ ئەركىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، تەختتە ئولتۇرغىنىمدىنمۇ بەكرەك خۇش بولىمەن. جەڭدە ئەسىر چۈشكەنلەرنى تاكى مۇشۇ كەمگىچە ئۆلتۈرمەي، قۇل قىلماي، ئائىلىلىرىگە قايتۇرۇپ كېلىۋاتقان پادىشاھمەن. بۇ ئاللاغا مەلۇم، بەگيۇسۇپ.

كىشىلەرگە داۋراڭ سالمىدىم، ئەمما ئاسىي ـ مۇناپىقلارغا، ئوغرى، قاراقچى، زىناخور، خىيانەتچىلەرگە، زالىم، قارا نىيەت

سۈيىقەستچىلەرگە ھەرگىز رەھىم قىلمايدىغان ھۆكۈمرانمەن. ئەجەب، شۇنداق تۇرۇپ، نېمىشقا قېرىنداشىمنىڭ زېمىنغا بېسىپ كىردىم؟ — بۆرە تېگىن مەيدىسىگە يېيىلىپ تۇرغان ساقىلىنى سىيپاپ ـ سىيپاپ، بېشىدىكى ئالتۇن تاج قادالغان دۇبۇلغىنى ئېلىپ يېنىدا قويدى، — مېنىڭ شىكارغا خۇشتار ئىكەنلىكىم سىزگە مەلۇم. بەگيۇسۇپ، بۇ يىل باش باھاردا يۈزدىن ئارتۇق بۈركۈت، قارچىغا ئېلىپ، بەش يۈز سىپاھ، يۈرتۇغ، جاندارلىرىم بىلەن قوش ئوۋلاشقا ئاتلاندىم. ئۈچ كۈن شىكار قىلىپ ئوۋلىغان ئوۋىمىز ناھايىتى كۆپ بولدى. لېكىن، شىكارغا بولغان خۇمارىم بېسىلماي، شىكار ۋاقتىنى يەنە ئۈچ كۈن ئۇزارتتىم. شىكار قىزىقچىلىقىدا ئۇقۇشماي پەرغانە دىيارىغا كىرىپ كەتكىنىمىزنى بىلمەي قاپتۇق. ئوۋلاپ يۈرۈپ بىر خىيابانغا چىقىپ قالدۇق. ئوردا نۆكەرلىرىنىڭ بىر يۈزبېشى بىر بۆرىنى ئوۋلاپ تېرىسىنى سويۇۋاتقاندا ئۇستىدىن چۈشۈپ قالدىم. غەزىپىم شۇنداق كەلدىكى، قىلىچ بىلەن بىر ئۇرۇپ ئوڭ قولىنى چېپىپ تاشلىدىم. مۇشۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شىكارىمىز ناھايىتى ئۇنۇملۇك بولغانىدى. قايتىشقا ئەمر قىلدىم. شۇ ئەسنادا بىرنەچچە مىڭ سىپاھ بىلەن كەلگەن مەھمۇد ئارسلانخان ئاغام تۆت تەرەپتىن قورشىۋالدى ۋە: «سىلەر نېمىدەپ مېنىڭ ئىلكىمدىكى زېمىنغا بېسىپ كىرىسىلەر، ھەممىڭلار قوراللىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ تىزلىنىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. مەن: «ئاغا، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، ئوۋلىغان ئوۋلىرىمىزنى قويۇپ چىقىپ كېتەيلى، ئەپۇ قىلسىلا» دېدىم. «ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلىپ، سەن تەلۋىنىڭ ئەدىپىنى بىر بەرمەكچىدىم. ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەپسەن، ئاتتىن چۈشۈپ تىزلان!» دېمەسمۇ، قۇيقا چېچىم تىك تۇرۇپ كەتتى. «شۇنداقمۇ ئاغا، ئۆزىڭىزگە ئاگاھ بولۇڭ!» دەپ قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغاردىم. يۈرتۇغ، جاندار، سىپاھلىرىمنىڭ ھەربىرى ئون نۆكەرگە تېتىيدىغان ئالپلاردىن ئىدى. قىلىچ، گۇرزىلىرىنى

قوللىرىغا ئېلىپ، قورشاپ كېلىۋاتقان مەھمۇد ئارسلانخان ئاغامنىڭ سىپاھلىرىغا ئېتىلدى، كەسكىن ئېلىشتۇق. نەتىجىدە، تاجى بېشىدىن چۈشۈپ كەتكەن مەھمۇد ئارسلانخان تاغام ئازغىنا جاندارلىرى بىلەن قاچتى. مەن ئارقامغا يانمىدىم، ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ، پەرغانە دىيارىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالدىم. ئۇ بارسغاندىكى ئوغلىنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋالدى.

ئەسلىدە پەرغانە دىيارىنى بېسىۋېلىش غەرىزىم يوق ئىدى. گەرچە مەن تامغاچ بۇغراخان بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققان بولساممۇ، قان - قېرىنداشلىرىم ئىلكىدىكى زېمىنلارنى بېسىۋېلىش غەرىزىدە بولماي كەلگەنىدىم. شۇنداق غەرىزىم بولمىغان بولسا، ئاللىبۇرۇن ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلغان بولاتتىم. مەن سەمەرقەنتتە تۇرۇپ، قاراخانىيلار تۇپرىقىنى غەزنەۋىلەر، سەلجۇقىيلار سۇلتانلىقىنىڭ، ھىندى، پارس شاھىنشاھلىرىنىڭ، ئەرەب پادىشاھلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ كېلىۋاتقان تامغاچ بۇغراخانمەن. بۆرىلەر بىر - بىرىنىڭ ئىنىنى تارتىۋالمايدۇ. مەنمۇ قېرىنداشلىرىمنىڭ زېمىنلىرىغا چاڭ سېلىشنى خالىمايمەن. ئەمدى مېنى چۈشەنگەنسىز؟

— چۈشەندىم، تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى. كۆڭۈللىرىنىڭ ئاقلىقىنى، نىيەتلىرىنىڭ ساپلىقىنىمۇ بىلدىم. قارىغاندا پەرغانەدىكى سىپاھلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىدىكەنلى - دە؟ — بەگيۈسۈپ ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى مۇددىئاسىنى بىلمەكچى بولدى.

— مەن لەشكەرلىرىمنى قايتۇرۇپ كېتىش توغرۇلۇقمۇ شۇ دەقىقىغىچە ئويلىنىپ كۆرمىگەنىدىم. سىزدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، تەلىپىڭىزنى ئاڭلاپ، مانا ھازىر قايتۇرۇپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. مەن قېرىنداشلىرىمغا ھەرگىز تىغ كۆتۈرمەيمەن، بەگيۈسۈپ، شۇنداقلا قېرىنداشلىرىمغا كۆز ئالايتقان ئاسىي،

قارا نىيەت سۈيىقەستچىلەرگە ھەرگىز رەھىم قىلمايمەن. بولدى، خاتىرجەم بولۇڭ. ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخان ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىدۇغان بولسا، مەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئاسىي مۇناپىقلارنى جازالايمەن. ئۆز جەمەتى، قوۋمىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئىبراھىم تېگىننى تۇتۇپ باغلاپ، بۆرىلەرگە يەم قىلىپ بېرىمەن!

بەگيۇسۇپ ئېگىلىپ تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى:

— تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى، ئىنىلىرىغا كەلگىنىم قۇتلۇق بولغانىكەن، سىلىگە ئاللا رەھمەت قىلسۇن. ئەمدى قايتىپ، بۇ خۇش خەۋەرنى ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخانغا يەتكۈزەي.

— توختاڭ، بەگيۇسۇپ، — بۆرە تېگىنىمۇ ئورنىدىن قوپتى، — خانلىقنىڭ بۇ ئىشى پۈتكەن بىلەن، يەنە بىر مۇھىم ئىش پۈتمىدى. ئۇنى پۈتكۈزمەي سىز يولغا چىقالمايسىز.

بەگيۇسۇپنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى.

— ئالىيلىرى، بىتاقەت قىلماي ئېيتسىلا، ئۇ پۈتمىگەن قايسى ئىش؟ مېنىڭسىز ئۇ ئىشنى بېجىرگىلى بولمامدۇ؟

— بۇ ھەقتە ئوردىغا كىرىپ مەسلىھەتلىشەيلى، — بۆرە تېگىن كۈنگە قارىدى. كۈن قىيام بولغانىدى. ئۇ خۇددى نەي چالغاندەك ئىسقىرتتى. شۇ ھامان ئاق قاشقا تورۇق پەيدا بولدى، جەدىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلدى.

— قېنى، ئاتقا مىنىڭ. ئۇۋچى ھەمراھلىرىمىز ھازىر يىغىلىدۇ. ئەمدى قايتايلى، — بۆرە تېگىن ئېتىغا مىندى.

«پۈتمىگەن ئىش» نىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن بەگيۇسۇپ، پەرىشان ھالدا ئاتقا مىنىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

## 2

ئىبراھىم بۆرە تېگىننىڭ ھەرىمى ئوردىنىڭ ئوڭ يان

تەرىپىدىكى چىمەنلىكتە بولۇپ، ئالتە قەسىر، ئىككى مېھمانخانا، بىر ئارامگاھ سارايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭتاشا ساراي ئىدى. ئامبارلىرى ئايرىم - ئايرىم ئىدى. بىرىنچى قەسىردە چوڭ خانىش سارا تۈركەن خاتۇن، ئىككىنچى قەسىردە ئالتۇن تارىم تىللا بۇۋى، ئۈچىنچى قەسىردە كۈمۈش تارىم قەمەربىكە كېنىزەكلىرى بىلەن تۇراتتى. تۆتىنچى، بەشىنچى قەسىرلەردە چۆرىلەر، ئالتىنچى قەسىردە تۇغۇت ئانىلىرى، چاچ تارىغۇچى، تىككۈچى، پەردازچى دېدەكلەر تۇراتتى.

مايمۇنە چوڭ خانىشنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتاتتى. دىلدار ئاغىچا سىزگە ھەمراھ بولسۇن، دەپ قوشۇپ بەرگەن ئىككى قىزمۇ يېنىدا ئىدى.

سارا تۈركەن خاتۇن بۆرە تېگىنگە ئىككى قىز، بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنىدى. ئوغلىنىڭ ئىسمى شەمسىلمەلىك بولۇپ، تۆت ياشتا، چوڭ قىزى نۇرئەلابىكە ئون ئۈچ ياشتا ئىدى. بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن تۇغۇلغان قىز - ئوغۇللىرى چاچراپ كەتكەنىدى. ئۆتكەن يىلى تۇغۇلغان كىچىك قىزى نۇرئەسمابىكە تېخى ماڭمىغانىدى.

شەمسىلمەلىك مايمۇنەنى دەسلەپ كۆرگەندە قورقۇپ يېقىن بارغىلى ئۇنىمىدى. نۇرئەلابىكە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالغانىدى. كېيىن ئوڭلۇق، خۇشخۇي، مېھرى ئىسسىق بۇ چوكانغا ئاچا - ئىنى قېرىنداشلار ئامراق بولۇپ كەتتى. سارا تۈركەن خاتۇنمۇ ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ئىچى بەك ئاغرىدى. خوشلىشىپ ماڭغان چېغىدا، تويىدا كىيىش ئۈچۈن دېدىم يوللۇق تۆتۈپ ئۈزىتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئەمما، ئىش ئويلىمىغان يەردىن چىقتى.

ئىبراھىم بۆرە تېگىن مايمۇنەنى ئوردا ئالدىدا كۆرگەندە ئۇنىڭغا تىكىلىپلا قالغانىدى. شۇڭا «ھەرەمدە تۇرسۇن» دەپ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، سارا تۈركەن خاتۇن قەسىرىدىن جاي بەرگۈزگەنىدى.

ئۇ ئادەتتە چوڭ خانىشنىڭ يېنىغا ئۈچ كۈندە بىر كىرىپ قونۇپ قالاتتى. مايمۇنە بۇ قەسىردە تۇرۇشقا باشلىغان تۆت كۈندىن بېرى، ئۇ ھەر كۈنى بىر - ئىككى قېتىم كىرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن تۇركەن خاتۇن بىر تەرەپتىن مەمنۇن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن گۇمانلاندى. ئۇ ئۆزىنى ئەيىبچىپ ئالغان تاغيۇرەك ئېرىنى چىن قەلبىدىن سۆيەتتى، ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئېرى ئىككىنچى، ئۈچىنچى خانىشنى ئەمرىگە ئالغاندا، ئۇ «دۇنيادىكى ھېچقايسى پادىشاھ بىر خوتۇن بىلەنلا ئۆتكەن ئەمەس، بۇ بىر يوسۇن» دەپ قارىغانىدى. سارا تۇركەن خاتۇن ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن شەكلەنمەيتتى. بۆرە تېگىنمۇ بۇ چىرايلىق، لاتاپەتلىك خوتۇننى جان - دىلى بىلەن سۆيۈپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، بۇ قېتىم سارا تۇركەن خاتۇننىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشتى ...

بۆرە تېگىن بەگيۇسۇپنى شىكارغا ئەپچىقىپ كەتكەن كۈنى، خانىش مايمۇنەنى ھەرەمنىڭ چار بېغىغا باشلاپ كىردى. ئۇلار قىرىغا گىلاس دەرەخلىرى تىكىلگەن ئېرىقنى بويلاپ مېڭىپ يوغان بىر تۈپ ئۈجمە تۈۋىدە توختاشتى. قىزىرىپ پىشقان گىلاسلار قىزلار بوينىغا ئېسىۋالغان ياقۇتتەك پارقىرايتتى. ئۈزۈلگەن گىلاسلارنى كۈمۈش لېگەنگە ئالغان كېنىزەكلەر سارا تۇركەن خاتۇنغا، ئاندىن مايمۇنەگە تۇتتى. ئۇلار ئىككى تالدىن يېيىشتى.

— سىلەرنىڭ يۇرتتىمۇ گىلاس بارمۇ؟ — دەپ سورىدى خانىش گەپ تېپىپ.

— بۇنداق گىلاسنى كۆرمىگەندىم، — بېشىنى چايقىدى مايمۇنە. ئۇنىڭ ئۈزۈن بودۇر چېچىغا ئېسىلغان كۈمۈش تەڭگىلەر جىرىڭلاپ كەتتى، — باشقا مېۋىلەر ناھايىتى كۆپ. بانان، زەيتۇن، ئانجىلىسىن، ئۆرۈك، شاپتۇل دېگەندەك ...

— كېنىزەكلەر، ئۈجمە ئېغىتىڭلار! — بۇيرۇدى خانىش.

ئىككى كېنىزەك ئۈجمىگە ياماشتى. بىرقانچە كېنىزەك ئېغىتىلغان ئۈجمىگە داستىخان تۇتتى، مەي بولۇپ پىشقان ئۈجمىلەر خۇددى مۆلدۈردەك تۆكۈلدى. كېنىزەكلەر شاخلارنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ توختىماي سىلكىشتى.

— يەڭ مايمۇنە. بۇ شىپالىق مېۋە، — دېدى خانىش باغقا خىيالچان نەزەر تاشلاپ ئولتۇرغان مايمۇنەنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ.

قارا تەنلىك چوكان ئۆز يۇرتىنى، ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپ مۇڭلىنىپ قالغاچقا زوۋان سۈرمىدى.

— سىزنىڭ ۋەتىنىڭىز قەيەر؟ — خانىش گەپ يۆتكىدى.

— يەمەن.

— سىز شىكارغا چىقىپ باققانمۇ؟

— چىققان، خانىش ئالىيلىرى. يەمەنىنىڭ دالا - جاڭگاللىرىدا ياۋايى هايۋانلار چېچىمدەك تولا، — مايمۇنە تۇرۇپلا ئېسىگە بىر ئىش كەلگەندەك سوراپ قالدى، — بىزنىڭ ئەلدە شىكارغا ئەر - خوتۇن بىللە چىقىدۇ. بۇ يەردە خوتۇنلارنىڭ ئەرلىرى بىلەن بىللە شىكار قىلغىنىنى كۆرمىدىم. خوتۇن - قىزلار ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسە زېرىكمەمدۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، مايمۇنە، بۇ يەردىمۇ خوتۇنلار ئەرلىرى بىلەن بىللە شىكار قىلىدۇ. بەزىدە بىر ئائىلە كىشىلىرى، بەزىدە تۇغقانلىرى بىلەنمۇ شىكارغا چىقىدۇ. ئەمما، يات ئادەملەر بىلەن چىقمايدۇ، — خانىش «ئاغزىڭ ئەجەب تەستە ئېچىلدى، قېنى، نېمە دېيسەڭكىن، ئاڭلاپ باقاي» دەپ ئويلاپ، سۆز كۈتۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— بىزنىڭ يۇرتتا بىر ئائىلە كىشىلىرىمۇ، قولۇم - قوشنىلار بىلەنمۇ شىكارغا چىقىۋېرىدۇ. يۇرتداشلار بىر - بىرىگە قانداقمۇ يات بولسۇن. ئەمما، تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى شىكارغا سىلىنى ئالماي چىقىپ كېتىۋىدى، بۇنىڭغا هەيران بولدۇم.

قۇشقاچ شاختىن تاشلىغان ئۈجمە خانىشنىڭ تاجىغا چۈشۈپ

ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. مايمۇنە ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.
— نېمىگە كۈلۈۋاتىسىز؟ — خانىش ئاچچىقلاندى.
مايمۇنە گەپ قىلماي ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ تاجىنى ئېرتىپ قويدى.
خانىش «ئەجەب خوتۇنكىنە بۇ، ھېيىقماي تامغاچ بۇغراخاننى ئاغزىغا ئېلىۋاتىدۇ. تىلىنىڭ تېگىدە تىل بار ئوخشىمامدۇ. قېنى، يەنە نېمە دەيدىكىن، ئاڭلاپ باقاي» دەپ ئۆزىنى ئوڭلاپ كۈلۈمسىرىدى:
— تامغاچ بۇغراخان كۆپ ئادەم بىلەن شىكارغا چىقىپ كەتتى. مەن بىللە بارسام نامەھرەملەر ئارىسىدا گۇناھكار بولمامدىكەن؟ شۇڭا، قالدىم.
— ھە، ئەمدى چۈشەندىم، — مايمۇنە نېمىنىدۇر ئويلاپ قېلىپ سورىدى، — تامغاچ بۇغراخان بۈگۈن كەچ شىكاردىن قايتىپ كىرەمدۇ، خانىش ئالىيلىرى؟
— ياق، تامغاچ بۇغراخان شىكارغا چىقىپ كەتسە، ئاز بولسا بەش ـ ئالتە كۈندە، كۆپ بولسا ئون ـ ئون بەش كۈندە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ قېتىم ناھايىتى كۆپ ئادەم بىلەن چىقىپ كەتتى. ئون بەش ـ يىگىرمە كۈنسىز قايتىپ كېلەلمەيدۇ.
خانىش جىم بولۇپ قالغان مايمۇنەگە كۆز سېلىپ ئۆزىچە خۇيى تۇتۇپ قالدى. بۇ چاغقىچە كاللىسىغا كېلىپ باقمىغان بىر خىيال ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. «بۇ زەڭگى ئېرىم بىلەنلا قالدىغۇ، ئۇنى قەسرىمگە يولاتمىسام بوپتىكەن. ئېرىم بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرسۇن، دېسە ماقۇل بوپتىمەن. يا ئېرىمنىڭ باشقىچە ئويى بارمىدۇ؟ ...»
ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئىبراھىم بۆرە تېگىن شىكاردىن ئون بەش كۈندە ئەمەس، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا قايتىپ كېلىپ، ھەممىنى ھەيران قالدۇردى.
ئوردىغا كىرىپ ئاتتىن چۈشكەن ئىبراھىم بۆرە تېگىن، شەيخۇلئىسلام، يۇغرۇش باشى، ھاجىبۇل ھۇججابلارنى بەگيۈسۈپ

بىلەن بىللە ئېلىپ قالدى. باشقىلارغا ئىجازەت بەردى.
تامغاچ بۇغراخان سارىيىغا كىرىپ تەختتىن ئورۇن ئالدى.
— شام چىراغلار ياندۇرۇلسۇن ! — دەپ بۇيرۇپ، بەگيۇسۇپ ۋە باشقىلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
نەچچە ئون قەندىللەردىكى شام چىراغلار يورۇتۇلۇپ، كۆركەم سارايىنىڭ تام ـ تورۇس، ناۋا ـ تۈۋرۈكلىرىدىكى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن نەقىشلەر چاقناپ كەتتى.
بەگيۇسۇپ بىئارام بولۇپ ئولتۇرغاندا، بۆرە تېگىن:
— يۇغرۇش باشى، قەغەز، قەلەم ئېلىپ كىرىڭ ! — دەپ بۇيرۇدى.
— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى ! — تاجىلمۇلىك دىۋانخانىدىن قەغەز، قەلەم، دۇۋەت ئېلىپ كىردى.
— يېزىڭ ! — ئەمر قىلدى تەختتىن تۇرغان بۆرە تېگىن. تاجىلمۇلىك تەختنىڭ سول تەرىپىدىكى پۇتۇكچى باشى خاتىرە، يارلىق يازىدىغان يېزىق شىرەسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ قولىغا قەلەم ئالدى. ئىبراھىم بۆرە تېگىن ئۆزۈپ ـ ئۆزۈپ ئېيتىپ بەردى. ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەھدىنامە

مەنكى سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ نەۋرىسى ئىبراھىم بۆرە تېگىن تامغاچ بۇغراخان، مەلىكۇل مەشرىق يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ نەۋرىسى ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخاننىڭ يالۋاچى ھاجىپ بەگيۇسۇپ بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئوردۇكەنتتە سادىر بولغان پاجىئەلىك تەخت ئۈزگىرىشىدىن ۋاقىپلاندىم. بۇنىڭدىن ئاچچىقلاندىم، غەزەپلەندىم. ئىبراھىم تېگىننى ئاسىي قارا نىيەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قاراخانىيلار ئېلىگە خائىنلىق

قىلغان سۈيىقەستچى مۇناپىق، دەپ تونۇيمەن. ئۇنىڭ بۇغراخان بولغىنىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايمەن. ئۇ مەلئۇننىڭ بۇغراخان بولۇشقا سالاھىيىتى زىنھار توشمايدۇ. مەن بالاساغۇن دىيارىنىڭ ئىلىكخانى ئەبۇ ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىپ، ئاسىي سۈيىقەستچىلەرنى جازاغا تارتىپ، قاراخانىيلار ئېلىنى تىنچلىق، ئامانلىق، سائادەت دەۋرىگە قەدەم قويغۇزۇشىنى پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىم بىلەن قوللايمەن. مەھمۇد ئارسلانخان ئىلكىدىكى پەرغانە دىيارىدىن بارلىق لەشكەرلىرىمنى قايتۇرۇپ چىقىپ، شەرقىي قاراخانىيلار ئېلىنىڭ داۋاملىق گۈللەپ ـ ياشىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن. ئىنشائاللا، بۇ ئەھدىنامە ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ كۈچكە ئىگە. ۋاللاھۇئەئلەم بىسساۋاب.

غەربىي قاراخانىيلار ئېلىنىڭ تامغاچ بۇغراخانى ئىبراھىم بۆرە تېگىن بىننى ناسىر ئېلىكخان بىننى سېيىت ئەلى ئارسلانخان.

ھىجرىيە 450 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ بەشىنچى كۈنى[①]

سەمەرقەنت»

—— قايتا ئوقۇڭ، —— ئەمر قىلدى ئىبراھىم بۆرە تېگىن بارغانسېرى زەردىسى قايناپ.

تاجىلمۇلىك ئۇنلۈك ئوقۇدى. تامغاچ بۇغراخان ئەھدىنامىنى سۆزمۇسۆز ئېيتىپ بېرىۋاتقاندىلا، بەگيۈسۈپنىڭ تۇتۇلغان چىرايى ئېچىلىشقا باشلاپ، شۇ تاپتا كۈندەك نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تەخت ئالدىغا كەلدى، قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

—— تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى، —— ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، —— بىر مەملىكەتكە ھۆكۈمران بولغان پادىشاھ شەپقەت،

---

① مىلادىيە 1058 ـ يىلى 5 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ.

ئادالەتنى بىلەن كۆپىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشسە، ئاقىلانە سىياسىتى بىلەن باشقا مەملىكەتلەرنىڭ دوستانە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ ئەھدىنامە مەشرىق ۋە مەغرىب ئەللىرىنىڭ بۇغراخانلىرىنى بىرلەشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئەلگە ئەمىنلىك، قۇت بەخش ئېتىدۇ. پېقىر مەھمۇد ئارسلانخان، ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان ۋە شەرقىي قاراخانىيلار خەلقى نامىدىن ئىبراھىم بۆرە تېگىن تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئىبراھىم بۆرە تېگىن تەختتىن تۆۋەنگە چۈشتى.

— ئەلگە ئادالەت ۋە ئەمىنلىك بەخش ئېتىش شەرىپى ماڭا ئەمەس، سىزگە مەنسۇپ، بەگىيۇسۇپ جانابلىرى. مۇبادا شۇنچە ئۇزاق يەردىن بۇ بۆرە ئىنىغا كەلمىگەن بولسىڭىز، — ئۇ ھەزىل قىلىپ كۇلۇمسىرىدى، — ھەقىقەتنى بىلىشتىن مەھرۇم قالىدىكەنمەن. سىزگە كۆپ رەھمەت، — دەپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشقاندا، شەيخۇلئىسلام، يۇغرۇش باشى، جاندارلار باشى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مۇبارەكلەشتى.

— جانابلار، سىلەرنىڭ بۇ ئەھدىنامىگە قارىتا باشقا پىكرىڭلار يوقمۇ؟ — سورىدى ئىبراھىم بۆرە تېگىن كۆز يۈگۈرتۈپ.

— بۇ ئەھدىنامە ھاجىپ جانابلىرى ئېيتقاندەك مەشرىق ۋە مەغرىب بۇغراخانلىرى ئۈچۈنمۇ، ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز، يىگىرمە تۆت قەبىلە ئەھلى ئۈچۈنمۇ شەرەپلىك قۇتنامىدۇر. جان ـ دىلىم بىلەن قوشۇلىمەن، تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى، — دېدى تاجىلمۇلىك ئۆزىنىڭ مەسلىھەتسىز بىر قارارغا كەلمەيدىغان تامغاچ بۇغراخانىنىڭ مۇنداق ئەلگە پايدىلىق ئەھدىنامىنى تۈزۈپ چىققانلىقىدىن ھەيران قېلىپ. ئۇ سەمەرقەنتنىڭ پاتلىق قەغىزىگە خۇش خەت بىلەن يېزىلغان ئەھدىنامىنى باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ ئىبراھىم بۆرە تېگىنگە سۇندى. باشقىلارمۇ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قۇتلۇقلىدى.

تامغاچ بۇغراخان ئەھدىنامىنى بەگيۇسۇپكە بېرىپ تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.

— تەڭرىم پېقىر قۇلىغا كۆپ نەرسىلەرنى بىلدۇرگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن، ئالىيلىرى. ئاللا رەھمەت قىلسۇن! ئەمدى بۇ قۇتلۇق ئىش تۈگىدى. پېقىرغا رۇخسەت قىلسىلا، بالاساغۇن دىيارىغا بالدۇرراق باراي. بۇ ئەھدىنامە ئېلىمىزنىڭ يۇرۇش قىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگۈسى. ئاسىي قارا نىيەتلەرنىڭ جازالىنىشى — ئەھدىنامىگە بېرىلگەن جاۋاب بولۇپ قالغۇسىدۇر، — دېدى بەگيۇسۇپ ئىجازەت سوراپ.

تامغاچ بۇغراخان كۈلدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ھۇۋلاۋاتقان بۆرىگە ئوخشايتتى.

— ياق، بەگيۇسۇپ، ئىجازەت بېرەلمەيمەن. قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش بىزنى كۈتمەكتە. ئۇ ئىش ئادا قىلىنماي يۇرۇپ كەتسىڭىز بولمايدۇ. بەك ئالدىرىسىڭىز، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ياقۇپ تېگىن بۇ ئەھدىنامىنى ئېلىپ يولغا چىقىۋەرسۇن. ماقۇل بولامسىز؟

بەگيۇسۇپ بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— قوشۇلدۇم، تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى، — بەگيۇسۇپ باشقا گەپ قىلماي قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى.

— يۇغرۇش باشى، پەرغانەدە تۇرۇۋاتقان سىپاھلىرىمغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئەمرىمدىن خەۋەردار قىلىڭ. ئۇلار دەرھال قايتىپ كەلسۇن! — دېدى بۆرە تېگىن كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىغان ھالدا.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، — تاجىلمۇلىك شەيخۇلئىسلام بىلەن بىللە ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— جاندارلار باشى، سىزمۇ ھازىردىن باشلاپ يول تەييارلىقىغا كىرىشىڭ!

— ئەمرلىرىنى ئورۇنلاشقا تەييارمەن، ئالىيلىرى، — خۇشال

بولغان ياقۇپ تېگىن ئالتۇن ھالقىلىق ئىشىككە قاراپ ماڭدى.
سارايدا ئىبراھىم بۆرە تېگىن بىلەن بەگيۇسۇپلا قالدى.

## 3

مايمۇنە كۆزلىرىدىن ياش ئاققان ھالدا بەگيۇسۇپ بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى. لەۋلىرى ياپراقتەك تىترەپ، ئاغزىغا سۆز كەلمەي قالغانىدى.

— بالام، باغداتقا بارىدىغان كارۋاننى ئۇقۇشۇپ قويدۇم. كارۋان باشى سىزگە باشپاناھ بولۇپ ئىبلىپ كېتىشكە ۋەدە بەردى. مانا بۇ ئۈچ قىز سىزگە ھەمراھ بولۇپ يەمەنگە بارىدۇ. ئۇلارنى سىز ئۈچۈن قۇل بازىرىدىن سېتىۋالدىم. ئەرەبچە بىلىدىكەن. سۆزلىشىپ كۆرسەم، ئارزۇ ـ تىلىكى سىزنىڭكىدەك ۋەتىنىگە كېتىش ئىكەن. رەڭگىمۇ، ئىرقىمۇ سىزنىڭكىگە ئوخشايدىكەن، يۇرتى مىسىر ئىكەن. سىزگە ياخشى ھەمراھ بولغۇدەك. كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ. باغداتقا بارغاندىن كېيىن، يەمەنگە بارىدىغان كارۋان بىلەن يولغا چىقىڭلار. ۋەتىنىڭىزگە قەدەم قويۇپلا، بۇ ئۈچ قۇلنى ئازاد قىلىۋېتىڭ. بولامدۇ قىزىم؟

بەگيۇسۇپنىڭ «بالام، قىزىم» دېگىنىدىن سۆيۈنگەن مايمۇنە ئۇنىڭ مەيدىسىگە باش قويۇپ:

— ماقۇل ئاتا، ماقۇل، ۋەتىنىمگە قەدەم قويۇپلا بۇ ئۈچ ھەمشىرەمنى ئازاد قىلىمەن، ھۆر ئادەم بولۇپ يۇرتلىرىغا قايتىدۇ، بىزدىن غەم يېمىسىلە. خوش، خۇدايىمغا ئامانەت، قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. خوش ئاتا، خوش، — دېدى بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ ئاققان ياشلىرىنى توختىتالماي. ئۇ ئاتقا مىنىۋېتىپ تاپىلىدى، — بەگيۇسۇپ ئاتا، ئوردۇكەنتكە بېرىپ قالسىلا، دىلدار ئاغىچا بىكەمگە مىننەتدارلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويسىلا، ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. خوش ئاتا ...

— خوش قىزىم، ئاتا ـ ئانىڭىزغا، يۇرتداشلىرىڭىزغا سالىمىمنى يەتكۈزۈڭ. ئامانەت سۆزىڭىزنى خۇدا بۇيرۇسا دىلدار ئاغىچىغا يەتكۈزىمەن. خۇداغا ئامانەت، خەير ـ خوش ! ...

مايمۇنە ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرغان كارۋانغا قاراپ ئېتىنى دېۋەتتى. شۇ چاغدا قىلىچ كۆتۈرگەن بىر نىقابلىق ئادەم ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— مايمۇنە، سىز كېتەلمەيسىز، سىزنىڭ بەختىڭىز يەمەندە ئەمەس، سەمەرقەنتتە، — دېدى ۋە قولىنى ئۈزارتىپ بېلىدىن قاماللاپ چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ ئالدىغا ئېلىۋالدى.

— قويۇۋەت ... قويۇۋەت! مەن ۋەتىنىمگە كېتىمەن، مېنىڭ بەختىم ئۆز ئېلىمدە... قويۇۋەت! — دەپ يۇلقۇنۇپ ۋارقىرىدى مايمۇنە.

— مايمۇنە ... مايمۇنە خېنىم ... نېمە بولدىلا؟ — دېدى يېنىدا ياتقان قىز.

ئۆز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان مايمۇنە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئېچىپ، بېشىدا قاراپ تۇرغان ئىككى قىزغا تىكىلدى. جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرى تىنچلىنىپ، باياتىن كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئاستا ـ ئاستا كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

— نېمە بولدى خېنىم، ئۇنلىرىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتۇق، — دېدى قىزلار ئۇنىڭ باش ـ بويۇنلىرىنى سىلاپ.

— ھېچنېمە بولمىدىم، مېنى قارا بېسىپ قاپتۇ قىزلار، يېتىپ ئۇخلاڭلار، — دېدى مايمۇنە ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى. «ئەجەب قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتىمەنا. خۇدايىم، يولۇم توسۇلۇپ قالمىغاي، ئۆزۈڭ مەدەتكار بول» دەپ ئىلتىجا قىلدى ئۇ.

مايمۇنە كۆرگەن چۈشىنىڭ غەلىتىلىكىدىن ئەندىشىدە قالغانىدى. ئۇ تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇدى. ئاللادىن ۋەتىنىگە سالامەت يېتىپ بېرىشقا نېسىپ قىلىشنى چىن قەلبىدىن تىلەپ

دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق يولغا چىققۇسى بار ئىدى. ئالتۇن تارىم سارابىكە مۇئامىلىسىنى تۇساتتىن ئۆزگەرتىپ، ئۆزى بىلەن كارى بولمايۋاتقان تونۇگۇندىن بېرى، ئۇنىڭ تېزرەك كەتكۈسى كېلىپ قالغانىدى. بۈگۈن تاڭ سەھەر كۆرگەن چۈشى ئۇنى تېخىمۇ ئالدىرىتىۋەتتى.

ئىبراھىم بۆرە تېگىن بىلەن شىكارغا كەتكەن بەگيۈسۈپ كەچتە قايتىپ كېلىپ، مەيۈسلىنىپ قالغان مايمۇنەگە ئۈمىد بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەنىدى. بۈگۈن ئەتىگەن كۆرگەن چۈشىنى يېنىدىكى قىزلارغا ئۆرۈپ بېرىۋاتقاندا، بىر كېنىزەك كىرىپ خانىشنىڭ تاماققا تەكلىپ قىلىۋاتقىنىنى ئېيتتى. ئۇ ئىككى قىز بىلەن تاماق يەيدىغان راھەتخانىغا چىقتى. ئالتۇن تارىم سارا تۈركەن خاتۇن ئۇنىڭغا تونۇگۈنكىدەك سوغۇق مۇئامىلە قىلماي، ئىللىق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى، يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن، ھەم قورۇنغان مايمۇنە رەھمەت ئېيتىپ تۇرۇۋىدى، ئىبراھىم بۆرە تېگىن كىرىپ كەلدى. ئۇ يۈزىنى يېپىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالغان تامغاچ بۇغراخان خانىشنىڭ يېنىدا ئولتۇردى:

— خان قىز، زېرىكىپ قالمىغانسىز؟ — دېدى بۆرە تېگىن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

ئەگەر مايمۇنە ئاق تەنلىك بولسا، چېھرىنىڭ قىزىلگۈلدەك قىزىرىپ كەتكىنىنى خانىش كۆرگەن بولاتتى. مايمۇنەنىڭ چېھرى ئاقارغاندەك بولۇپ پارقىراپ كەتتى، مانا بۇ ئۇنىڭ ئىزادىن قىزىرىپ كەتكىنى ئىدى.

— ياق، ئالىيلىرى، زېرىكمىدىم، ئەمما ...

— ھە، سۆزلەۋېرىڭ خان قىز، قانداق تەلىپىڭىز بولسا ئورۇنلاپ بېرىمىز.

— باشقا تەلىپىم يوق، ئالىيلىرى، بۈگۈ بىلگە بەگيۈسۈپ جانابلىرى مېنى سەمەرقەنتتىن يولغا سېلىپ قويماقچى ئىدى.

ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم بولاتتى.
— بولىدۇ، بەگيۇسۇپ بىلەن ھېلى كۆرۈشىسىز.
بۆرە تېگىن ئورنىدىن تۇرۇپلا چىقىپ كەتتى.
— يەنە ئازراق يەڭ، مايمۇنە. شىكارنىڭ بۇ نېمەتلىرى تەنگە ھەم شىپا، ھەم قۇۋۋەت بولىدۇ، — دېدى سارا تۇركەن خاتۇن ئۇلار، قىرغاۋۇل، جەرەن گۆشلىرىدىن قىلىنغان تونۇر كاۋاپلىرىغا ئىما قىلىپ، — ئېرىم ھەمىشە شۇنداق، بۆرىدەك ئالدىراپلا تاماق يەيدۇ.
— ئوبدان يېدىم، خانىش ئالىيلىرى، رەھمەت، — مايمۇنە كېنىزەك سۇنغان شايى لۆڭگىگە قولىنى ئېرتتى. ئۇ خانىشنىڭ كۇلۇمسىرەپ تۇرغان چىرايىدا بىر مەيۇسلۇكنىڭ ئالامىتىنى كۆردى. «ئەجەب ھە، تۇنۇگۇن ماڭا شۇنداق قوپال تەگكەن، خۇددى كۇندىشىغا قىلغاندەك دومسىيىۋالغانىدى. بۇگۈن چىرايى ئېچىلىپ كۇتۇۋالدى، بۇنىڭ تېگىدە چوقۇم گەپ بار...» دەپ ئويلىغان مايمۇنەنىڭ بەگيۇسۇپ بىلەن دەرھال كۆرۈشكۇسى كېلىپ تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغاندا، كېنىزەك كىرىپ بەگيۇسۇپنىڭ كەلگىنىنى خەۋەر قىلدى، ھەم مايمۇنەنى ھەرەمنىڭ ئىستىراھەت سارىيىغا باشلاپ كىردى. مايمۇنە خۇشاللىقىدا ئېگىلىپ سالام بەردى. بەگيۇسۇپ:
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قىزىم، ئولتۇرۇڭ، — دېدى مېھرىبانلىق بىلەن. ئۇنىڭ چىرايى ئويچان، قارىشى غەمكىن ئىدى.
— بۆگۈ بىلگە ئاتا، تۇنۇگۇن ئەتىگەن شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىرىنى ئاڭلاپ، قاچان كېلەر، دەپ بىتاقەت بولغانىدىم. كۇتكىنىمگە يارىشا كېلىپتىلا. ئۆتۈنەي، پېقىرەنى يولغا سېلىپ قويسىلا، ئاتام تەلمۈرۈپ تۇرغان ئەزىز ۋەتىنىمگە پاتراق يېتىۋالاي، — ئۇ يامغۇردەك ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن توسۇۋالدى.
— يىغلىماڭ قىزىم، ۋەتىنىڭىزگە بارىسىز، ئاتا —

ئانىڭىزنىڭ دىدارىغىمۇ يېتىسىز. بىراق، بۈگۈن سىزنى يولغا سېلىپ قويالمايدىغاندەك تۇرىمەن، — بەگيۈسۈپ يېنىدىكى يۈگەكلىك داستىخانغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى توختاتتى.

— نېمىشقا، بەگ ئاتا؟ بۈگۈن بولمىسا ئەته يولغا سېلىپ قويىسىلەرمۇ بولىدۇ، — دېدى مايمۇنە ئالدىراپ.

— ئەتىمۇ يولغا سېلىپ قويالمايمەن، قىزىم.

— نېمىشقا، زادى نېمىشقا؟ پېقىرەنى سەمەرقەنتتىن يولغا سېلىپ قويماقچى بولغانىدىلىغۇ، ئاتا؟

— تەقدىر ئادەم ئويلىغاندەك بولمايدىكەن، قىزىم. سىزنىڭ سەمەرقەنتكە مەن بىلەن كېلىشىڭىزدە باشقا بىر ھېكمەت بار ئىكەن، — بەگيۈسۈپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتماي توختىتىۋالدى.

— ئېيتسىلا، قانداق ھېكمەت ئۇ بەگ ئاتا؟

بەگيۈسۈپ سۈكۈت قىلدى. ئۇ ئېيتماقچى بولغان گەپنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

— بۆگۈ بىلگە ئاتا، ئېيتسىلا. ئېيتالمىغۇدەك بىرەر ئىش بولسا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈپ بېرىمەن، — مايمۇنە قوينىدىكى خەنجەرنى ئالدى. ئۇنىڭ بوتىنىڭكىدەك قارا كۆزلىرى يوغىناپ، چىرايى غەلىتە بولۇپ كەتتى.

— توختاڭ قىزىم، مەن دېمەكچى بولغان ھېكمەت شۇكى، بۈگۈن سىزنى يولغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئەلچى بولۇپ ئالدىڭىزغا كىردىم.

— نېمە دېدىلە، بەگ ئاتا؟ ئەلچى ...

— خەنجەرنى ماڭا بېرىڭ، قىزىم. ئۆلۈۋېلىش بىلەن ئارزۇغا يەتكىلى بولمايدۇ. ئارزۇ ـ ئارمانغا يېتىش ئۈچۈن ئادەم تىرىك بولۇشى، چىداملىق بولۇشى كېرەك، — بەگيۈسۈپ قولىنى ئۇزارتتى.

مايمۇنە ئويلاپ تۇرۇپ كېتىپ خەنجەرنى بەردى.

بەگيۇسۇپ گەپنى ئەگمتمەيلا دېدى:

— تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بۆرە تېگىن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، قىزىم ... توختاڭ، گېپىمنى بۆلمەي ئاخىرغىچە ئاڭلاڭ، ئۇ سىزنى ئەمرىگە ئېلىشنى خالايدىكەن. شۇڭا، مېنى ئەلچى قىلىپ يېنىڭىزغا كىرگۈزدى.

— مۇنداق دېسىلە، بەگ ئاتا ... پېقىرەنىڭ پادىشاھقا لايىق كەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ ئەلچى بولۇشقا قانداقمۇ ماقۇل بولدىلا؟ ئىبراھىم بۆرە تېگىن ئالىيلىرىغا زادىلا مۇناسىپ كەلمەيمەن! — دېدى مايمۇنە قەتئىيلىك، ھەم ئاچچىق بىلەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر ئىللىق سېزىم تارىلىپ، سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان بىر تۇيغۇ كۆڭلىدىكى غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرمەكتە ئىدى.

— قىزىم، پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىڭىزنى تامغاچ بۇغراخانغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ئاڭلاپ «مەن بۇ قىزنى كۆرۈپ، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغان كۆك بۆرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئەمدى ئۇنىڭدىن مېھرىمنى ئۈزەلمەيمەن. ئەگەر ئەلچى بولۇشنى ماقۇل كۆرمىسىڭىز، مەنمۇ سىزنىڭ تەلەپلىرىڭىزگە ماقۇل بولمايمەن، — دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەلچى بولۇشقا ماقۇل بولدۇم، قىزىم، سىز بۆرە تېگىندەك باھادىر پادىشاھقىلا مۇناسىپ.

— تامغاچ بۇغراخاننى بۆرە باقىدىكەن، بەگ ئاتا؟ — كۆڭلىدىكى ئاچچىقلىنىش ئورنىنى قىزىقىش ئالغان مايمۇنەنىڭ بىلگۈسى كېلىپ سورىدى.

بەگيۇسۇپ بۆرە تېگىننىڭ كەچۈرمىشلىرىنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بېرىپ دېدى:

— تامغاچ بۇغراخان مانا شۇنداق جەسۇر پادىشاھ. ئۇنىڭغا ياتلىق بولسىڭىز بەختىڭىزنى تاپقان بولىسىز، بالام. مېنىڭ ماقۇل بولۇشۇمدىكى سەۋەبمۇ شۇ.

— ھە، ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپتىكەن، دەسلەپ كۆرگىنىمدە ماڭا ناھايىتى سىرلىق تۇيۇلغانىدى ...

بەگيۈسۈپ ئۇنىڭ يۇمشاپ قالغىنىنى بىلىپ، يېنىدىكى داستىخاننى ئاچتى. ئىچىدە بىر داستا شىرمەننان، بىر ھىلھىلە رومال، بىر ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك بار ئىدى.

— قىزىم، بۇ داستىخاننى قوبۇل قىلىڭ، يا بۇ خەنجەر بىلەن مېنى ئۆلتۈرۈڭ، — بەگيۈسۈپ خەنجەرنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

مايمۇنە خەنجەرنى تاشلاپ قويۇپ، داستىخاننى كۆتۈرگىنىچە ياتاق ئۆيىگە كىردى. بويىدىن ئاق شايى بەلباغنى ئالدى. ئۇنى بىر نانىڭ ئۈستىگە قويۇپ، داستىخانغا يۆگەپ كۆتۈردى ـ دە، بەگيۈسۈپنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— بەگ ئاتا، شاھىنشاھ ئىبراھىم بۆرە تېگىنگە تېگىشكە ماقۇل بولدۇم، پېقىرەگە ئاتا بولۇپ بەرگەيلا، — دېدى ئۇ بوشقىنا، — لېكىن بىر شەرتىم بار، تويدىن كېيىن ۋەتىنىمگە بېرىپ ئاتا ـ ئانامنى كۆرۈپ كېلىشىمگە ۋەدە بەرسۇن. ئەگەر بۇ شەرتىم ئورۇنلانمىسا، قېچىپ كېتىمەن، قېچىپ كېتەلمىسەم ھەرەمنى قانغا بويايمەن! — ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

— قىزىم، بۇ توغرۇلۇق تامغاچ بۇغراخان بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇ تويىڭ قىرىق بىرىنچى كۈنى قىرىق بىر تۆگە سوۋغا ـ سالام بىلەن يەمەنگە ئۆزى يولغا سالماقچى بولدى.

— بۇ راستمۇ؟

— ئىبراھىم بۆرە تېگىن سۆزىدىن يانمايدىغان غەيۇر پادىشاھ، قىزىم.

— ئىشەندىم، بەگ ئاتا ...

— ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن، قىزىم.

مايمۇنە بەگيۈسۈپنى ئۇزىتىپ قويۇپ خانىسىغا قايتىپ كىردى. بىردەم يىغلاپ، بىردەم كۈلۈپ ئىككى ھەمراھىنى ھەيران

قالدۇردى. ئۇنىڭ چۈشى ئوڭدىن كەلگەندى.

ئەتىسى كەچتە نىكاھ ئوقۇلدى. ئۇ بۇ كېچىنى چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

كۆڭلى تىنغان بەگيۈسۈپ يۈز ئاچقۇ كۈنى بۆرە ئىنىدىن بالاساغۇنغا قاراپ يولغا چىقتى.

# ئون تۆتىنچى باب

## ئوردۇكەنتتىن كەلگەن يارلىق

### 1

بالاساغۇن ئاسمىنى ئاقۇچ كۆك تۇمان بىلەن قاپلانغانىدى. يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. قۇمدەك چۇشۇۋاتقان تامچىلاردىن ھاسىل بولغان تارامىلار كوچىلارغا يامراپ، شارقىراپ ئېقىشقا باشلىغانىدى. ئەرلەر يەكتەك، تونلىرىنىڭ پەشلىرىنى يۇقىرى تارتىپ، خوتۇن ـ قىزلار كۆڭلەك، پەرەنجىلىرىنى سەل كۆتۈرۈپ ئېھتىيات بىلەن قەدەم تاشلىشاتتى. يامغۇر سۈيىنى كېچىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان باللار ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى. چوڭقۇراقلىرى كوچىلارنىڭ دالدىلىرىدا، يامغۇر ياققاندىلا ئوينايدىغان «كۆچ ـ كۆچ» ئويۇنىنى ئويناشقا كىرىشكەنىدى: تاياقلارنىڭ ئۇچىنى يەرگە كولانغان كامارغا تىقىپ، چەمبەر شەكلىدە تىزىلغان باللار «كۆچ ـ كۆچ !» دەپ بىرسىنىڭ كامىرىغا بىر تاياقنى تىقىۋېلىپ، ئۇنى سىقىپ چىقىراتتى ـ دە، «يەڭدىم !» دەپ توۋلاپ كېتەتتى...

يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. تويا ـ چاڭلىرى يۇيۇلۇپ، شاخ ـ شۇمبا، يوپۇرماقلىرى زۇمرەتتەك پارقىراپ كەتكەن دەل ـ دەرەخلەر يۇيۇنۇۋاتقان سۇمبۇل چاچلىق قىزلاردەك چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

مانا شۇنداق يامغۇر ـ يېشىنلىق كۈندە بالاساغۇن شەھىرىنىڭ غەربىدىكى «قوۋۇقى سەمەرقەنت» تىن كىرگەن بىر توپ

ئاتلىقلار ئويناۋاتقان بالىلارنى قېچىشقا مەجبۇر قىلىپ، تاراسلاپ ماڭغانلىرىچە ئوردا ئالدىغا كەلگەندىلا پىيادە بولۇشتى.
بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن چۈشكەن يىگىت دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن ھەمراھلىرىنى باشلاپ، قاراۋۇللارغا قاراپمۇ قويماي ئوردا ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىۋەردى.
ــ توختاڭلار! ــ ئىككى ياندا تۇرغان قاراۋۇللار نەيزىلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى، ــ سىلەر كىم بولىسىلەر؟ ئەجەب زوۋان سۈرمەي، جاندارلاردەك كىرىپ كېتىۋاتىسىلەرغۇ؟!
ــ مەن ئېلىكخاننىڭ ئىنىسى ياقۇپ تېگىن بولىمەن. سەمەرقەنتتىن كېلىشىم.
قاراۋۇللار نەيزىلىرىنى تارتىپ يول بەردى.
ــ مەرھەمەت شاھزادە، تونۇيالماپتۇق.
ياقۇپ تېگىن ھەمراھلىرىنى ئوردا مېھمانخانىسىغا باشلاپ قويۇپ، ئۆزى دىۋانخانىغا كىردى. بىر قىسىم ۋەزىر، ھاجىپلار بىلەن كۆرۈشتى. ئىشىكئاغىسىدىن ئىنىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇققان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان سارايدىن چىقىپ ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچتى.
ــ ئۇكام، كەلگىنىڭ توغرۇلۇق نىمىشقا ئادەم ئەۋەتىپ مېنى ۋاقىپلاندۇرمىدىڭ؟ ئالدىڭغا چىقىپ كۈتۈۋالمامدىم. ئابام، سىڭلىم، تۇغقانلار تىنچ ـ ئامانلىقمۇ؟
ــ پېقىر ئىنىلىرىنى كەچۈرسىلە ئاكا. ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلماي دەپ خەۋەر بەرمىگەنىدىم. ئابام بۇخاراغا بارغاندىن كېيىن خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. تۇغقانلارمۇ سالامەت ئىكەن. بىزنى ئوبدان كۈتۈۋېلىشتى.
ــ بۇخارادىن كېلىشىڭمۇ ئۇكام؟
ــ ياق ئاكا، سەمەرقەنتتىن كېلىشىم. ئابامىلارنى بۇخاراغا ئاپىرىپ قويۇپ، قايتىشىمدا سەمەرقەنتكە چۈشۈۋىدىم، تامغاچ بۇغراخان خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ، مېنى يېنىدا ئېلىپ

قالدى، — ياقۇپ تېگىن ئۆزلۈكىدىن تۇرۇپ قالغىنىنى دېيىشتىن ئوڭايسىزلاندى بولغاي يەرگە قارىۋالدى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئۇنى سارايغا باشلاپ كىرىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى تەختكە چىقتى.

— تامغاچ بۇغراخان نېمىشقا سىنى سەمەرقەنتتە تۇتۇپ قالدى، ئۇكام؟

— «سەن بىلەن مەن ئىككىلىمىز بۇغرا قاراخانلارنىڭ نەۋرىسى ئىكەنمىز. ماڭا ياردەمچى بولۇپ بۇ يەردە تۇرۇپ قال» دەپ مىنى جاندارلار باشى قىلىپ قويدى ئاكا، شۇڭا ...

— تامغاچ بۇغراخاننىڭ جاندارلار باشى بولدۇم دېگىن. نېمىشقا ئاكام يولۇمغا قاراپ قالىدۇ، دېمىدىڭ؟ — ئاچچىقلىنىپ سورىدى ئېلىكخان.

— دېدىم، ئەمما تامغاچ بۇغراخان: «سەنمۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، ئاكاڭنى مەن خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي. يېنىمدا تۇرۇپ قېلىشىڭغا ماقۇل بولىدۇ» دەپ، ھەرەمدىن قەسىر ئاجرىتىپ بەردى، ئاكا. مەن بويۇنتاۋلىق قىلالمىدىم.

— مۇنداق دېگىن. ئۇنداق بولسا قۇزئوردۇغا نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟

ياقۇپ تېگىن قويۇن يانچۇقىدىن بىر لېپاپنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندى:

— بەگيۇسۇپ ئاغامنىڭ ئورنىدا بۇ ئەھدىنامىنى ئېلىپ كەلدىم، ئاكا.

— بەگيۇسۇپ ئاغامنىڭ ئورنىدا؟ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

— ھەئە، ئۇ سەمەرقەنتكە كەلگەن كۈنلا كۆرۈشكەنىدىم. تامغاچ بۇغراخاننىڭ دوستى ئىكەن ئەمەسمۇ، كاتتا ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ ئاچچىقى شۇ ھامان ياندى.

— ئۇكام ئېيتقىنا، تامغاچ بۇغراخان بەگيۇسۇپنىڭ

دېگەنلىرىگە قوشۇلدىمۇ؟

— قوشۇلدى، ئاكا. ئەھدىنامىنى ئوقۇپ چىقسىلا، بىلىلا.

ئېلىكخان لىپپاپتىن ئەھدىنامىنى ئېلىپ ئوقۇدى ـ دە، تەختتىن چۈشۈپ ياقۇپ تېگىننى قۇچاقلىدى.

— سەن ئەلنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك كاتتا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەپسەن. رەھمەت ساڭا، — ئۇ ئىنىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ، تەخت يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، — دېمەك، تامغاچ بۇغراخان بىزنىڭ قارارىمىزغا قوشۇلۇپتۇ. بەگيۈسۈپ ھەقىقەتەن چارە ـ تەدبىرلىك ئۇلۇغ زات ئىكەن. ئۇ بىزنى چوڭ مەغلۇبىيەتتىن ساقلاپ قالدى. ئەمدى چوقۇم قارا نىيەت ئاسىيلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز. مەن بۇ ئەھدىنامىنىڭ مەزمۇنىدىن يۇغرۇش، ھاجىپ، سۇباشىلارنى ۋاقىپلاندۇراي، — ئۇ سۆزدىن توختاپ سورىدى، — ئۇكام ئېيتقىنا، ئەسلىدە بۇ ئەھدىنامىنى بەگيۈسۈپ ئېلىپ كېلىشى زۆرۈر ئىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن سەمەرقەنتتە قالدى. تامغاچ بۇغراخان بىلەن قىلغان سۆھبەتتى تۈگىمەيمۇ، ياكى سەمەرقەنتتىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈنمۇ؟

— بۇنى مەن ئۇقالمىدىم، ئاكا. تامغاچ بۇغراخان «سەن بالاساغۇنغا ئالدىراق بېرىپ، بۇ ئەھدىنامىنى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا يەتكۈزۈپ بەرگىن. بەگيۈسۈپ بۇ يەردىكى ئىشلارنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن بارىدۇ» دەپ مېنى يولغا سېلىپ قويغانىدى، باشقا ئىشتىن خەۋىرىم يوق، — دېدى ياقۇپ تېگىن راستىنى ئېيتىپ. «ئەجەبا بەگيۈسۈپ پۈتكۈزمىسە بولمايدىغان قانداق مۇھىم ئىش بولغىيدى؟ يا ئۇنىمۇ تامغاچ بۇغراخان قېشىدا ئېلىپ قالماقچى بولغانمىكىن؟ ...» — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئويغا چۆمدى.

— ئاكا، سىلىگە تامغاچ بۇغراخاننىڭ سوۋغىتىنى تېخى تاپشۇرمىدىم. توققۇز جۈپ سەمەرقەنت ئارغىمىقى بىلەن توققۇز جۈپ گۆھەر ئەۋەتكەنىدى.

— بۇ ئەھدىنامە سەمەرقەنتنىڭ مىڭ ئارغىمىقىدىنمۇ قىممەتلىك ئۇكام. مەن بۇنىڭدىن چەكسىز خۇرسەن بولدۇم.
ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئىشىككاغىسىنى چاقىرىپ بۇيرۇدى:
— بارلىق يۇغرۇش، ھاجىپ، سۇباشىلار دەرھال يىغىلسۇن!
— خوپ ئالىيلىرى!
ھايال ئۆتمەي ئېلىكخان سارايىغا يىغىلغان ئەربابلارغا ئەھدىنامىنى ئوقۇپ بەرگەن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ھاياجانلانغان ھالدا دېدى:
— جانابلار، بۆگۈ بىلگە ھاجىپ بەگيۇسۇپ تامغاچ بۇغراخان بۆرە تېگىنىنى پەرغانەدىكى لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ كېتىشكە ماقۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى شەرقىي قاراخانىيلار ئېلىگە باستۇرۇپ كىرمەسلىك توغرۇلۇق ئەھدە ئاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىش ئۇچۇن يول ئېچىلدى.
«بەگيۇسۇپ بۆرە تېگىنىنى گەپكە كىرگۈزەلمەيلا قالماستىن، ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىغان يۇغرۇش باشى قۇتلۇقبەگ ئەھدىنامىنى ئاڭلاپ ئۇجۇقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چەلپىكى يەرگە چۈشكەندى. تاتارغان چېھرىدە خۇشامەت كۈلكىسى پەيدا بولغاندا، زۇۋان سۈرمەستىن قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ بېشىنى ئېگىپ تۇردى.
كۈچكە كۈچ قوشۇلغاندەك بولۇپ روھلىنىپ قالغان ئېلىكخان:
— پەرمان! — دەپ ئۇنلۇك توۋلىغاندا ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشتى.
— سۇباشىلار، لەشكەرلەرنى دەرمەھەل ئاتلىنىشقا ھەرقاچان تەييار قىلىپ تۇرۇڭلار! ھاجىپ بەگيۇسۇپ سەمەرقەنتتىن كېلىشى ھامان ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىمىز!
— پەرمانبەردارمىز، ئالىيلىرى! — سۇباشىلار قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

— بۈگۈن نامازدىگەردىن كېيىن بەگ تەركىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ۋاقتىدا قاتنىشىپ بەرگەيسىلەر !

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى ! — دېيىشتى ۋەزىر - ۋۇزرالار.

ئاكىسى ھەم ئوردا ئەربابلىرى بىلەن سارايدىن چىققان ياقۇپ تېگىن چار باغ ئالدىدىكى شاھ سۇپىسىدا، سوۋغاتلارنى ئۇلارنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە سۇندى. ئارغىماقلار بىر - بىرىدىن شاش، چىرايلىق ئىدى. ھەممىسى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، تۈكلىرىنى قامىدەك پارقىرىتىپ چاپچىپ تۇراتتى. گۆھەرلەر ھەر خىل رەڭدە چاقناپ، قارىغانلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتتى. تاي - تاي ئەتلەس، بەقەسەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىپ ئارغىماقلارنى پادىشاھ ئاتخانىسىغا، گۆھەرلەر بىلەن ئەتلەس، بەقەسەملەرنى خەزىنىگە تاپشۇردى. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ بەگيۇسۇپنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

ئۈچ كۈن ئۆتۈپ تۆتىنچى كۈنى زاۋال ۋاقتىدا ئوردىغا كىرگەن چاپارمەن:

— مەن ئوردۇكەنتتىن بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپ بىر لېپاپىنى ئوردا ياساۋۇللار بېگىگە تاپشۇردى. ئۇ دەرھال ھەرەمبېگىگە بەردى. ئۇ ئىستىراھەت سارىيىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا ئىككى قوللاپ سۇندى:

— چاپارمەن ئوردۇكەنتتىن ئېلىپ كەپتۇ، ئالىيلىرى.

ئېلىكخان چۆرىسىگە ھەل بېرىلگەن لېپاپتىن خوتەننىڭ پاتلىق قەغىزىگە خۇش خەت بىلەن يېزىلغان يارلىقنى ئېلىپ ئوقۇدى:

## بۇغرا قاراخان ئىبراھىم ئارسلانخاننىڭ يارلىقى

بالاساغۇن دىيارىنىڭ ئېلىكخانى ئەبۇ ئەلى ھەسەن

ئارسلانخانغا يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، بۇغرا قاراخان ئاتام بەختكە قارشى سۇيىقەستكە ئۇچراپ قازا قىلغاندىن كېيىن، دىۋانى ئارىز، توغرائى دىۋانىنىڭ بىرلەشمە كېڭىشىدە، بۇغراخان جەمەتى ۋە يۇغرۇش، ھاجىپلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بۇغرا قاراخان بولۇپ تەختتە ئولتۇردۇم. ئون ئۇيغۇر، توقۇز ئوغۇز، يىگىرمە تۆت ئۇرۇق قوۋمى ياشاۋاتقان ئوردۇكەنت، ئۇدۇن، مىڭلاق، بالاساغۇن ئىسپىجاپ، بارسغان، ماۋەرائۇننەھر، پەرغانەنىڭ ئارسلانخان، ئېلىكخان، يابغۇ، چاغرى بەگلىرى مېنى شەرتسىز ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. كىمكى ئېتىراپ قىلمايدىكەن، مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ، كاللىسى ئېلىنىدۇ. جۈملىدىن سىزنىڭمۇ بۇغرا قاراخان بولغىنىمنى ئېتىراپ قىلىپ، بىر يىللىق سېلىقنى تارتۇقلار بىلەن ئوردۇكەنتكە دەرھال ئېلىپ كېلىشىڭىزنى بۇيرۇيمەن. ئەگەر بۇ يارلىقنى ئادا قىلمىسىڭىز، قوزئوردۇغا باستۇرۇپ بارىمەن. سۆز تامام ۋەسسالام.

ھىجرىيە 450 ـ يىلى جامادىيەسسانىنىڭ ئون بىرىنچى كۈنى①، ئوردۇكەنت.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ ۋۇجۇدىغا غەزەپ تىترىكى ئولاشتى. «ھە، مەن تېخى سېلىق، تارتۇقلارنى ئېلىپ بېرىپ ئايىغىڭغا باش قويامدىمەن؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ! ئوردۇكەنتكە مانا مەن باستۇرۇپ بېرىپ جاجاڭنى بېرىمەن! ...»

ئۇ يارلىقنى سىقىملاپ تۇرۇپ:

— چاپارمەننى ئالدىمغا كەلتۈرۈڭ، — دېدى ھەرەمبېگىگە. ھاقارەتكە، كەمسىتىشكە ئۇچرىغان ئىنسان غۇرۇرىنى يوقاتمىغان بولسا، ھەرقانداق قىلىپ ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشىغا قارشى تۇرىدۇ، جان تىكىپ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلايدۇ. ئەگەر پادىشاھ بولسا جەڭگە ئاتلىنىدۇ. پۇقرا بولسا

① مىلادىيە 1058 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

پىچىقىنى غىلاپىدىن سۇغۇرىدۇ ...

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بوزەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن بۇغرا قاراخاننىڭ قىساسكار ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلىپ ئەۋەتكەن بۇ يارلىق ئۇنىڭ چىلىق تارتىلغان تاقەت كەمىرىنى ئۈزۈۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ جۇدۇنى دەريا دولقۇنىدەك ئۆرلەپ، كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى.

— چاپارمەن كەلدى، ئالىيلىرى ! — دېدى ئىشىكنى قىيا ئېچىپ تىزلانغان ھەرەمبېگى.

— كىرسۇن !

— ئۆچكە ساقال، ياغاق يۈز، ئاق شاپاق دوپپىسىغا چالى - توزان قونۇپ كىرلىشىپ كەتكەن، پاكار بويلۇق، پاقا كۆز ئادەم ئىشىكتىن كىرىپ، يەكتەكنىڭ پەشلىرىنى باستۇرۇپ تىز چۆكتى.

— ئېلىكخان ئالىيلىرى ئامان بولغاي.

— ئورنۇڭدىن تۇر!

چاپارمەن قامىتىنى رۇسلاپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

— ئېتىڭ نېمە؟

— قارا باخشى.

— قايسى قەبىلىدىن؟

— ياباقۇ[1] قەبىلىسىدىن.

— سەن ئوردا چاپارمىنىمۇ؟

— مەن بۇغرا قاراخاننىڭ ئەيىيارى.

— ئەيىيارى؟ ھە، ئېسىمگە كەلدى. سەن توغرۇلۇق ئاڭلىغان. چاپارمەنلەر ئۈچ كۈندە باسىدىغان يولنى سەن بىر كۈندە بېسىپ بولىدىكەنسەن. بۇ راستمۇ؟

— راست، ئالىيلىرى. ئاتتىن ئىتتىك يۈگۈرەلەيمەن.

— يۇرتۇڭ قەيەردە؟

---

[1] ياباقۇ — قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. بايقالنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياشىغان.

— بايقال كۆلى بويىدا.
— ئوردۇكەنتكە قاچان كەلگەنىدىڭ؟
— كەلمىدىم، مېنى ئېلىپ كېلىشكەن.
— كىم ئېلىپ كەلگەن؟
— بۆگۈش دېگەن ئادەم داڭقىمىنى ئاڭلاپ يۇرتۇمغا بېرىپتىكەن. مېنى ئىزدەپ تاپتى. «سەن پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا لايىق ئىكەنسەن» دەپ ئاتا ـ ئانامغا يۈز تىللا بېرىپ تالاس شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ يەردە ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كېلىندىم. ئۇ يەردىمۇ دورباشى بولۇپ ئىشلىدىم. يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ ھەر ئايدا ئەللىك تىللا بېرىپ تۇردى...
— توختا! ئەھۋال چۈشىنىشلىك بولدى، — ئېلىكخان ئۇنى سۆزدىن توختاتتى. «بىرنەچچە يىلدىن بېرى بوزاغۇ ئۆز ئادەملىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىپ، يارامىلىق، قەيسەر چەۋەندازلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئوردا ئۆزگىرىشىگە تەييارلىق قىلغانىكەن ـ دە. ئەستاغپۇرۇللا ...
ئېلىكخان ئويلاپ، غەزەپلىك نەزىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى.
— سەن ئادەم ئۆلتۈردۈڭمۇ؟
— ۋەلىئەھدىگە تاج كىيدۈرۈلۈپ بەگ تەركىسى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى، يۇغرۇش باشى قەيسەربەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇغرا قاراخان ئاتا ـ بالىغا قەست قىلغان ئۈچ نەپەر ھاجىپ، يۇغرۇشلارنى ئۆلتۈردۈم. يەنە ...
— بەس! ئۆلۈمگە لايىق ئىكەنسەن !
— ماڭا تۈز بەرگەن، بېشىمنى سىلىغان ئادەمنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇم، ئالىيلىرى.
— راست گەپ قىلغىنىڭ ئۈچۈن بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، — دېدى ئېلىكخان خەنجەرنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇپ. ئۇ تەختتىن چۈشۈپ بارغىنىچە قارا باخشىنىڭ ئۇزۇن ساقىلىنى شارتتىدە كېسىپ تاشلىدى ۋە ھەرەمبېگىنى چاقىرىپ، —

سىرتماق ئېلىپ كەل ! ــــ دەپ بۇيرۇدى.

قارا باخشى تاتىرىپ كەتتى. لاغىلداپ تىترەپ يەرگە باش قويدى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، كۆتۈپ تۇرۇۋىدى، ھەرەمبېگى كىردى. ئۇ ئېلىپ كىرگەن سىرتماقنى قارا باخشىنىڭ بويىنىغا سېلىپ، مەكتۇپنى قولىغا تۇتقۇزدى.

ــــ نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، كۆزۈمدىن يوقال!

## 2

كۈتۈشمۇ تۇرمۇشتا كىشى ھەمىشە دۇچ كېلىدىغان كۆڭۈلسىز، زېرىكىشلىك، ئادەمنى بىتاقەت قىلىۋېتىدىغان بىر ھالەت. كۈتكەن ئادەم كىچىكمەي كەلسە، كۈتكەن مەكتۇپ ۋاقتىدا تەگسە، كۈتكەن ئىش تەخىرسىز بېجىرىلسە... دېمەك، كۈتۈشنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولىدى دېگەن گەپ. ئەگەر كۈتكىنىڭ كېچىكسە بىتاقەت بولغىنىڭدىن جىنىڭغا ۋاي. قورقۇنچلۇق ئويلار مېڭەڭنى قۇرتتەك يەپ سېنى ھەممىدىن بىزار قىلىۋېتىدۇ. كۈتۈش بىلەن ئۆتكەن بىرنەچچە مىنۇت ياكى بىرقانچە سائەتتىنمۇ ئۇزاق تۇيۇلىدىغان ۋاقىت مەۋجۇتمىدۇ؟

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بەگيۈسۈپنى كۈتۈپ، تاقىتى تاق بولغىنىدىن چاچقۇن، سەپرا بولۇپ قالدى. قۇتلۇقبەگنىڭ خۇشامەتلىرىمۇ كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈرەلمىدى. قارا باخشىنى سارايدىن ھەيدەپ كەتكۈزۈۋەتكىنىگە ھەپتە بولدى. يەنە بىرنەچچە كۈن ئۈن ـ تىنسىز ئۆتۈپ كەتتى.

ئېلىكخانغا ئۆتكەن ھەر كۈن بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ، كۆزى يولدا بولۇپ قالدى. يەنە بىر ھەپتىمۇ ئۆتتى. بەگيۈسۈپنىڭ كېلىشىگە ئىنتىزار بولغان ئېلىكخان بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سارايغا كىرىپ تۇرۇشىغا، ئىشىكئاغىسى:

— ئالىيلىرى، چاپارمەن كەلدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.
— چاپارمەن؟ بەگيۇسۇپ ئەۋەتىپتىمۇ؟
— يوقسۇ ئالىيلىرى، توغرۇل قاراخان ئەۋەتىپتۇ.
— قېنى ئۇ چاپارمەن؟
— دىۋانخانىدا.
— چاقىرىڭ!
— خوپ، ئالىيلىرى!
ئىشىكئاغىسى چاپارمەننى باشلاپ كىردى. ئۇ تىزلىنىپ تۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىككى قوللاپ مەكتۇپنى سۇنۇپ بەردى.
ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى:

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.
ئەسسالامۇئەلەيكۇم!
بارلىق مەۋجۇداتنىڭ تەقدىرىگە ھۆكۈم قىلغۇچى ئاللاغا سېغىنىپ، ئەلۋەك دىيارىڭىزغا قەدەم قويدۇم، ئىنىم. دىدار كۆرۈشىشىمىزنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەيمەن.
توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان.
ھىجرىيە 450 ـ يىلى ماھى رەجەپنىڭ ئۈچىنچى كۈنى».[①]

ھەيران بولغان ئېلىكخان مەكتۇپتىن كۆزىنى ئېلىپ چاپارمەندىن سورىدى:
— تاغام توغرۇل قاراخان قەيەردە قالدى؟ ئۇ قۇزئوردۇغا قاچان يېتىپ كېلىدۇ؟
— خۇدا بۇيرۇسا ئەتە چۈشتىن كېيىن ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاب بەردى سەل ئويلىنىۋالغان چاپارمەن.

① مىلادىيە 1058 ـ يىلى 6 ـ، 7 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

— بوسۇغىمىزغا كېلىپ قاپتىغۇ. ئىشىكئاغىسى، بۇ چاپارمەنگە سۆيۈنچە ئۈچۈن يېڭى سەرپاي[1] ۋە ئون تىللا بېرىلسۇن!

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى، — ئىشىكئاغىسى چاپارمەننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

«تاغام نېمىشقا بالاساغۇنغا كەلگەندۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار. ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ، تەختتىن چۈشكەن ئېلىكخان يۇغرۇش باشى قۇتلۇقبەگكە:

— توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان تاغام ئەتە يېتىپ كېلىدىكەن. بارلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە سىپاھلار بىلەن ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن هازىردىن باشلاپ تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىڭ! — دەپ ئەمر قىلدى.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، — قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان قۇتلۇقبەگ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردىدىن چىقتى. ياقۇپ تېگىن، ئەبۇ ئەھمەد چاغرى تېگىن بىلەن قاتارلىشىپ ماڭدى. ئۇلار «دەرۋازەئى قۇت»[2]دىن چىقىپ، سۇيى ئۇلغىيىپ قالغان چۇ دەرياسى بويىغا كەلگەندە، ئوڭ تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، بارسغانغا بارىدىغان چوڭ يولغا چۈشتى.

يولنىڭ بىر تەرىپى چاتقاللىق، بىر تەرىپى ئېكىنزارلىق ئىدى. دېھقانلارنىڭ بۇغدىيى ئورۇلۇپ بولغان، ئۇلار ئېتىز بېشىدىكى مەيداندا خامان تېپىۋاتاتتى. ھەرياندىن مۇڭلۇق «لاي - لاي» ناخشىسى ئاڭلىناتتى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئەتراپىغا كۆز سالغان ھالدا قامچىسىنى شىلتىپ ئېتىنى ئىتتىكلەتتى. چەكسىز كەتكەن

---

① يېڭى سەرپاي — يېڭى كىيىم - كېچەك.

② «دەرۋازەئى قۇت» — سائادەت دەرۋازىسى.

ياپپېشىل يايلاقتا كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى. باشقىلارمۇ پىيادە بولدى. جاندارلار ئېلىكخاننىڭ بېشىغا ئىككى ياندىن كۆنلۈك تۇتتى.

— تاغام توغرۇل قاراخانىنى مەشەدە ساقلايلى. خانتوي[1] تىكىلسۇن! — دېدى ئۇ.

مۇلازىملار بىردەمنىڭ ئىچىدە خانتوينى تەييار قىلدى.

— ئالىيلىرى خانتويغا كىرىپ ئارام ئالسىلا، — دەپ تەكلىپ قىلدى قۇتلۇقبەگ.

— بۇ يەر قوزئوردۇدىن سالقىنراق ئىكەن. بىردەم ساپ هاۋادا نەپەسلەنگۈم بار، — دېدى ئېلىكخان ئىككى قولى بىلەن ئايتاپنى توسۇپ كۆككە نەزەر سېلىپ. ياز قۇياشى مۇنبەت دالاغا ئوتلۇق نۇرىنى تۆكمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئوت - چۆپنى يەلپۈپ قىيغىتقان مەيىن شامال ئۆزىنىڭ هۇزۇرلۇق سالقىنى بىلەن ئېلىكخانغا راهەت بېغىشلىدى. ئۇ يېپىلىپ يايلاۋاتقان ئات، كالا، قوي پادىلىرىغا، بۇغا، مارال، كېيىك توپلىرىغا نەزىرىنى سالدى. ئەتراپ شۇنداق گۈزەل، خۇش هاۋا ئارامبەخش ئىدى.

«تەڭرىم بەندىلىرىگە نېمىدېگەن مېھرىبان - هە! راهەتلىنىپ ياشىشى ئۈچۈن مانا شۇنداق ئەلۋەك زېمىننى ئاپىرىدە قىلغان تۇرسا، نېمىشقا پېتىشماي، ئىچى قارىلىق قىلىپ، ئېكىنزارلىقلارنى، باغۇبوستانلارنى قانغا بوياشقا بىر - بىرىمىزنى مەجبۇر قىلىمىز» دەپ خىيالەن هەسرەت چەكتى ئۇ. ئېلىكخان ئۇ بۇ ئانا ۋەتىنىنى ناهايىتى ياخشى كۆرەتتى. بۇ خىسلەتلىك ماكاننى توي ئويناشقا، سەيلە - ساياهەت، شىكار قىلىشقا، ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىشكە لايىق دەپ قارايتتى. زۇلۇم قىلىشقا، هەسرەت، نادامەت چېكىشكە، قان تۆكۈشكە مۇناسىپ ئەمەس دەپ بىلەتتى. بىراق، گۈزەل خىيالنىڭ ئەكسىچە

---

① خانتوي — شاهانە چېدىر.

بولۇۋاتقىنىدىن ئەپسۇسلىناتتى، ئۆكۈنەتتى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئويچان نەزىرى ئىككى شاھزادىگە چۈشتى. ياقۇپ تېگىن بىلەن چاغرى تېگىن يالىرىنى بەتلەپ ئوتلاۋاتقان جەرەنلەرنى قارىغا ئېلىۋاتاتتى.

— ئاتاڭلار، بۈگۈن شىكار قىلغىلى ئەمەس، توغرۇل قاراخان تاغامنى قارشى ئالغىلى چىقتۇق. شادىيانە چېلىنىشقا بولمىدۇكى، يادىن ئوق ئۈزۈشكە، قىلىچ كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ، — دېدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان جىمىلىگەن تەرزدە.

ئىككى شاھزادە يالىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— خان ئاكا، بىكار تۇرغۇچە شىكار قىلساق نېمىشقا بولمايدۇ؟ ئەتراپتا ئاڭ شۇنچە كۆپ تۇرسا، ئادەمنىڭ ئوۋلىغۇسى كېلىپ كېتىدىكەن. بۆرە تېگىن ئاغام: «ۋاقىت بولسىلا جەڭ ماھارىتىڭنى ئۆستۈر. قىلىچنى چاققانلىق بىلەن كۆزلىگەن يەرگە چېپىش، ئوقنى نىشانغا تەگكۈزۈش، نەيزىنى جان ئالىدىغان يەرگە سانجىش ئۈچۈن ئېرىنمەي مەشىق قىلىش زۆرۈر. شىكار — ئەڭ كۆڭۈللۈك مەشىق قىلىشتۇر.» دەپ شىكار قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا، مەن قەيەردە بىكار تۇرۇپ قالسام ۋاقىتنى زايە قىلغۇم كەلمەيدۇ، — دېدى كۆڭلىدىكى گېپىنى يوشۇرمايدىغان ياقۇپ تېگىن قولاقلىرىنى دىڭ قىلىپ تۇرۇشقان جەرەنلەردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— بۆرە تېگىننىڭ دېگىنىمۇ توغرا، ئۇكام. ئەمما، ھەربىر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئۆز لايىقىدا بېجىرىلىدىغان ئورنى، ۋاقتى ـ قارايى، پايدا ـ زىيىنى بولىدۇ. شىكارنى ئەڭ ياخشىسى دالادا، جاڭگالدا، دەريا بويلىرىدا قىلىش كېرەك. يول ئۈستىدە، بولۇپمۇ بۇنداق پادىشاھ، ئەمىرلەرنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان ۋاقىتتا شىكار قىلىش مەنمەنلىكتىن چىقىدۇ. ئاۋامغا ياخشى تەسىر بەرمەيدۇ. ئاكاڭنىڭ بۇ گېپىنىمۇ ئېسىڭدە تۇتقىن!

ئېلىكخاننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ياقۇپ تېگىن «ياق» ياكى «ماقۇل» دېمەي جىم تۇرۇۋالدى. ياش ـ دە، ياش بولغان ئادەم

هەر ئىشتا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىدۇ. چوڭلار ئالدىدا قىلغان ھۆرمەتسىزلىكلىرىنى ئەيىب سانىمايدۇ.

«توغرۇل قاراخان تاغام كەلگۈچە شىكار قىلىپ تۇرغانىنىڭ نېمە يامىنى؟ ئاكامزە ھەممە ئىشنى ئۆز رېتى، تەرتىپى بىلەن قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قالسا، ئارىلىشىپ كەتسە، بۇنىڭ نېمە كارايىتى؟ ئۇ ياش ۋاقتىدىمۇ مۇشۇنداق ئېغىر بولغىيمىدى؟ بۇ يەردە سىقىلىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. بەگيۇسۇپ تېزرەك كەلسە بولاتتى. ئەلابىكە يولۇمغا قاراپ قالدى ...» دەپ ئويلاۋاتقان ياقۇپ تېگىن يىراقتىن كۆرۈنگەن چاڭ ـ توزانغا قاراپ ئىختىيارسىز ۋاقىرىۋەتتى:

— توغرۇل قاراخان تاغام كەلدى!

ئاسماندا ئەگىپ ئۇچۇۋاتقان لاچىنغا كۆز سېلىپ، ئوغلى بىلەن ئىنىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان نەزىرىنى يولغا تىكتى.

چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن بىر توپ ئاتلىق چىقىپ كەلدى.

ئېلىكخان ئوغلى، ئىنىسى، ۋەزىر، ئەمىرلىرى بىلەن كېلىۋاتقانلارغا قاراپ ماڭدى.

ئاتلىقلار ئارىسىدا ئېگىز چاقلىق شاھانە ھارۋىغا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخاننىڭ كۆزى ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخانغا چۈشۈپ:

— توختاڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى ۋە ھارۋىدىن چۈشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قاراخان تاغا، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بىر تىزىنى يەرگە قويۇپ.

كۈمۈش رەڭ دۇبۇلغىسىغا ئالتۇن ئوتۇغات قادالغان توغرۇل قاراخاننىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان ساقىلى تۆمۈر ساۋۇت يېپىپ تۇرغان كۆكرىكىگە يېيىلىپ تۇراتتى. بەستلىك بۇ ھۆكۈمدار ئىتتىك كېلىپ ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننى ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئېلىكخان بالام، تەڭرىم يەنە دىدار كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر قىلدى، — دېدى ئۇ قۇچاقلاپ، ئاندىن ۋەزىر، ھاجىپ، ئەمىرلەر بىلەن كۆرۈشتى. ياقۇپ تېگىن، چاغرى تېگىنلەرنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، ئۇلارغا ئامانلىق ۋە جاسارەت تىلىدى.

— سالامەت قۇزئوردۇغا كەلگەنلىرىدىن ناھايىتى مەمنۇنمىز، — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئالاھىدە تەييارلانغان ئۇسسۇزلۇق — مۇزدەك ئانار شەربىتى قۇيۇلغان كۈمۈش جامنى قاراخانغا تۇتتى، — ئۇزاق يول يۈرۈپ چارچىدىلا، چاڭقاپ كەتتىلە. بۇ قۇزئوردۇ ئەھلىنىڭ مېھرى.

— بۇنچىۋالا كاتتا ھۆرمەت، داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىنىشىمنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئۆزلىرى ئالدىمغا چىقىپلا، بالام. ئۇزۇلگەن ئۈمىدىم ئۇلانغاندەك، سۇنغان قانىتىم ئەسلىگە كەلگەندەك، يېرىم كۆڭلۈم پۈتۈن بولغاندەك تېتىكلىشىپ قالدىم. پېقىر تاغىلىرىنى كۆپ خۇرسەن قىلدىلا، — دېدى تۇغرۇل قاراخان ئۆسكىلەڭ قاشلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— ئالىيلىرى، ئاتامنىڭ ئورنىدا قالغان ئاتا تۇرسىلا، ئالدىلىرىغا چىقىپ ھۆرمەتلىرىنى قىلمىسام، بۇغراخان جەمەتىگە قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟ ئۆزلىرىنىڭ خانلىقىمىزغا تۈۋرۈك بولۇپ تۇرۇپ بەرگەنلىرىنىڭ ئۆزى ئامەت. پېقىرنى پاناھ تارتىپ كەلگەنلىرىدىن نېمىشقا سۆيۈنمەي. قانداق خىزمەتكە بۇيرۇسىلا پەرمانبەردارمەن! — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

ئۇ ھۆرمەتلىك تاغىسىنى ئالىپ ئېلزادبەگ يېتىلەپ كەلگەن بۇغرا تۆگىنى چۆكتۈرۈپ مىندۇردى.

— قۇتلۇق قەدەملىرى ئەلگە ئەمىنلىك بەخش ئەتكەي. قۇزئوردۇغا مەرھەمەت قىلغايلا، — دەپ چۇلۇۋۇرنى تۇتۇپ، يېتىلەپ ماڭدى ئېلزادبەگ.

توغرۇل قاراخاننىڭ خانىش، باللىرىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەيە بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بۇ تاغىسىنى باللىرى بىلەن ھەرەم قەسرىگە، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئوردا مېھمانخانىسىغا چۈشۈردى. ئۇ كۈنى دەم ئالدۇرۇپ، ئەتىسى تاغىسى شەرىپىگە بەگ تەركىسى ئۆتكۈزۈپ ھۆرمىتىنى قىلدى ۋە تامغاچ بۇغراخان بۆرە تېگىن ئەۋەتكەن «ئەھدىنامە» نى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

توغرۇل قاراخان ئوقۇپ چىقتى. غەمكىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ياپياڭ ساقىلىنى سىيپاپ:

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر، ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر، — دەپ مىننەتدار بولغىنىنى بىلدۈردى، ئىككىنچى قېتىم بۆرىنىڭكىدەك كۆكۈچ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ئىبراھىم بۆرە تېگىننىڭ پەرغانەدىن سىپاھلىرىنى چېكىندۈرمەكچى بولغانلىقى، ئۇنى ھەم سۆيۈندۈرۈپ ھەم خىجالەت قىلىپ قويغانىدى.

— مەرھۇم بۇغرا قاراخان ئاكام سۇلايمان ئارسلانخان دەۋرىدە، ئۇدۇن، ئوردۇكەنتكە بىرقانچە يىلدىن ئىلىكخان بولۇپ، بۇنداق خىجىلچىلىقتا قالمىغانىدىم. ھالا پەرغانە دىيارىغا ئىلىكخان بولۇپ بارغىنىمدىن كېيىن، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ، غەپلەتتە قالغىنىمنى يوشۇرمايمەن، ئىلىكخان بالام. باج - سېلىق، تارتۇقلارنى ئوردۇكەنتكە يوللاپ بېرىپ، ھېچنېمە بولمايدۇ، دەپ ھۇزۇر - ھالاۋەتكە بېرىلىپ كەتكىنىممۇ راست. مەشىق قىلماي بوشىشىپ لايغەزەل بولۇپ كەتكەن سىپاھلىرىمنىڭ كارغا كەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشى چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەنىدى. ئۇلار بۆرە تېگىننىڭ ئازغىنا سىپاھلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، خەلقئالەم ئالدىدا مېنى شەرمەندە قىلدى، ئۇياتقا قويدى. پىداكارلىق روھى بولمىغان، جەڭگىۋارلىقى يوق قوشۇن مەغلۇپ بولماي قالمايدىكەن. سىپاھلىرىممۇ ماڭا ئوخشاش بىخۇدلىشىپ كەتكەچكە دەسسەپ

تۇرۇۋاتقان زېمىننى ئاسانلا قولدىن بېرىپ قويىدى. ھېلىمۇ بۆرە تېگىنىنىڭ ئىنسابى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن رەنجىمەي، ھوشۇمنى تېپىشىمنىڭ قانچىلىك زۆرۈرلۈكىنى مۇشۇ تاپتا بىلىۋاتىمەن. بالام ئېيتسىلا، تامغاچ بۇغراخان قانداق بولۇپ بۇ ئەھدىنامىنى ئۆزلىرىگە ئەۋەتىپ قالدى؟ — دېدى توغرۇل قاراخان ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن.

ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان تاغىسىنى نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلىپ دېدى.

— ئۆزلىرىدىن كەلگەن مەكتۇپ يۇغرۇش، ھاجىپ، سۇباشىلار ئارا مۇنازىرە قوزغىۋەتتى. مەن ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىشتىن يالتىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولدۇم. بىر قىسىم يۇغرۇش، ھاجىپلار مېنىڭ قارارىمغا قوشۇلمىدى. يەنە بىر قىسىم يۇغرۇش، ھاجىپلار ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىشتا چىڭ تۇردى. نائىلاج بولۇپ قالغىنىمدا بەگيۇسۇپ كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ماڭا ئەقىل كۆرسەتتى ...

ئۇنىڭدىن شۇ كۈنكى بەس ـ مۇنازىرە، تالاش ـ تارتىش ئەھۋالىنى، بەگيۇسۇپنىڭ پىداكارلىق بىلەن بۆرە ئىنىنىغا كىرمەكچى بولۇپ بەرگەن تەكلىپىنى باشتىن ـ ئاخىر ئاڭلىغان توغرۇل قاراخان:

— بىلدىم بالام، بىلدىم. تامغاچ بۇغراخاننى ئىنسابقا كەلتۈرگەن بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپ ئىكەن ـ دە. نېمىدېگەن ئالىجاناب، ساداقەتمەن زات ـ ھە! — دېدى ھاياجانلانغان ھالدا، — ئاتام ۋاپات بولغاندا ئوردۇكەنتتە كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ پاساھىتىگە قايىل بولغانىدىم. ئۇ چاغدا ياشلا يىگىت ئىدى ... — ئۇ ئۆتكەنلەرنى ئەسلەپ كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — سۇلايمان ئارسلانخان ئاكام ۋە بەگيۇسۇپلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا كۈن — مېنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى، بالام. بۇ جاھان شۇنداق جاھان ئىكەن. ھە، بەگيۇسۇپنىڭ ئۆزى كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— تېخى سەمەرقەنتتىن كەلمىدى. بۆرە تېگىن زۆرۈر ئىش بار، دەپ ئېلىپ قاپتۇ، تاغا.

— ئۈچ بىر تۇغقاندىن مەنلا قالغان تۇرسام، تاغا دېمەي مېنى ئاتا دېسىلە، بالام.

— مۇھەممەد ئارسلانخان تاغامنىڭمۇ ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپىلا - دە، تاغا، — ئۇ توغرۇل قاراخاننىڭ لېۋىنى چىشلىگىنىنى كۆرۈپ، دەرھال سۆزىنى ئۆزگەرتتى، — ئاتا، بۇ شۇم خەۋەرنى كىمدىن ئاڭلىدىلا؟

— ئوردۇكەنتتىن يارلىق كەلگەندە بىلدىم، بالام.

— يارلىق؟

— ھەئە، ئىبراھىم تېگىن يارلىق ئەۋەتكەنىكەن، مانا ئوقۇپ باقسىلا، بالام، — توغرۇل قاراخان تۆمۈر رەڭ بەقەسەمدىن تىكىلگەن شاھانە تونىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن يارلىقنى ئېلىپ بەردى.

ئېلىكخان ئوقۇپ بىلدىكى، ئۆزىگە كەلگەن يارلىق بىلەن ئوخشاش مەزمۇندا ئىكەن. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ پەيزى ئۆچتى. چېھرى ئۆزگىرىپ، پېشانە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى.

— ئۇ خۇنپەر مۇناپىق ماڭىمۇ ئۆتكەن ئايدا شۇ مەزمۇندا يارلىق ئەۋەتىپتىكەن. شۇنى ئويلىساملا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالىمەن، ئاتا، — دېدى جۇدۇنى ئۆرلەپ.

قۇتلۇقبەگ كۈمۈش جامغا مەيزاپ قۇيۇپ ئۇنىڭغا تۇتتى:

— بۇ خاپىلىقنى ئالدۇ. غەم بولۇتىنى باشتىن تارقىتىۋېتىدۇ. بۇگۈن بىر ئىچىپ قويسىلا، شاھىم.

— بەس، ئىچمەيمەن! شارابنىڭ ئۇنداق كاراماتىگە ئىشەنمەيمەن. شارابخوردا ئىمان - ۋىجدان بولمايدۇ، يۇغرۇش باشى. شاراب ھەممە بالا - قازانى باشلاپ كەلگۈچى ئېزىتقۇدۇر. شاراب ئىچكۈچىلەرگە ئىنساب تىلەيمەن! — قولىنىڭ كەينى بىلەن سىلكىپ ئىتتىرىپ، پەتنۇسقا قويۇلغان جامنى ئۆرۈۋەتتى ئېلىكخان ئاچچىقلىنىپ.

قولىنى جامغا ئۇزىتىۋاتقان توغرۇل قاراخان تەخسىدىكى دوملەپ پىشۇرۇلغان ئۇلار گۆشىدىن بىر پارچە ئالدى. ئۇ پەرغانەدىن بارسغانغا كەلگەندىن بېرى ئىچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. باياتىن قۇتلۇقبەگ سۇنغان ئىككى جام شارابنى ئىچىۋەتكەنىدى. ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخاننىڭ ئىچمىگىنىنى كۆرگەچكە، ئۇچىنچى قېتىم جامغا قول ئۇزارتىشتىن يالتىيىپ قالدى. «ئىچمىسەم بوپتىكەن، ئۇياتقا قالدىم ...»

جامغا شاراب قۇيۇۋاتقان قۇتلۇقبەگمۇ ئىلىكخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ توختىۋالدى.

— قۇيۇڭ، يۇغرۇش باشى. نېمىشقا توختىۋالىسىز؟ توغرۇل قاراخان تاغامنىڭ دەردى كۆپ، ھەسرىتى ئېغىر. ئىچىپ پۇخادىن بىر چىقىۋالسۇن! — دېدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان تەنە قىلىپ، ئىچمەيدۇ، دەپ تونۇپ كەلگەن تاغىسىنىڭ بۇنداق مەيخور بولۇپ قالغىنىدىن ئەجەبلەنگەن تەرزدە.

قۇتلۇقبەگ يەنە قۇيۇشقا تەمشەلدى. توغرۇل قاراخان قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى توسۇپ قويدى.

— قۇيماڭ، يۇغرۇش باشى. مەن مەيخور ئەمەس، — ئۇ ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا قارىدى، — بالام، مەن راستلا مەيخور ئەمەس. قاچانكى پەرغانەنى بۆرە تېگىنگە تارتقۇزۇپ قويغاندىن بېرى، ئەلەم يۇرىكىمنى ئېچىشتۇرۇپ ئىچىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەسلىدە بالام سىلى ئېيتقاندەك بۇغراخانلار جەمەتىگە ۋە پۈتۈن ئەھلى ۋەتەنگە مەي ئىچىش مۇناسىپ كەلمەيتتى. مەن بىخەستەلىكىمدىن بېشىمغا كەلگەن جۇدالىققا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدىم. ئىچىپ غەمدىن قۇتۇلماقچى بولدۇم.

— ئىچىپ غەمدىن قۇتۇلۇپلا — دە؟ — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئۇنىڭ بەقەمدەك قىزارغان كۆزلىرىگە، دىرىلداپ تۇرغان ساقىلىغا سەپسىلىپ سورىدى.

— غەمدىن قۇتۇلمىدىم، بالام. ئىچكەنسېرى ئۇمىدسىزلىنىپ غەمدىن خالىي بولالماي چۈشكۈنلىشىپ كەتتىم.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، ئاتا؟ بەزى مەيخورلار شارابنىڭ بىر دەملىك كەيپىنى دۇنيا غەملىرىدىن خالاس قىلىدىغان ھۇزۇرلۇق دەقىقە، دېيىشىدىكەنغۇ. ئەجەب سىلىنىڭ ئىچكەنسېرى غەملىرى كۆپىيىپ كېتىپتىغۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— نېمە ئۈچۈن بولاتتى، بالام؟ — تەڭدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن ساقىلىنى تۇتاملاپ ئېغىر تىن ئالغان توغرۇل قاراخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — راست، مەي دېگەن بۇ نەس دەسلەپتە ئىچكەندە ئادەمنى روھلاندۇرۇپ شېرىن خىياللارغا غەرق قىلىدىكەن. ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەتكۈزىدىكەن، كۈلدۈرىدىكەن، يىغلىتىدىكەن، ھەتتا باتۇر قىلىۋېتىدىكەن. مەستلىك يېشىلىپ كەيپ تارقىغاندا بولسا، ئادەم يەنە بۇرۇنقىدەكلا غەمكىن، دەردمەن بولۇپ قېلىۋېرىدىكەن. بەلكى تېخىمۇ روھسىزلىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ، ئاشۇ بىر دەملىك كەيپىنىڭ ھۇزۇرىنى يەنە سۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق مەينى قوغلىشىدىكەن. مەيخور بولۇپ كېتىدىكەن، بالام. ئاقىۋەت ئۆزىنى نابۇت قىلىش ئارقىلىق بالىۋاقىلىرىنى داغى ھەسرەتتە قويىدىكەن. مەن بۇنى بىلىمەن. مەيخورلارنىڭ كۆپى بىلىدۇ. كىشىلەر بىلىپ تۇرۇپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۆزلىرىنى ھالاكەت دەشتىگە تاشلىشىدۇ. ھالبۇكى، قۇزئوردۇغا كەلمىگەن بولسام مەنمۇ مەيخور بولۇپ كېتىدىكەنمەن. سىلى ئۇلۇغ دانىشمەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بوۋىمىزنى ئەسلىتىپ، دەرمەھەل بۇ نەس باسار ھەۋەستىن رايىمنى ياندۇردىلا. مەن سىلىگە رەھمەت ئېيتىمەن، بالام.

توغرۇل قاراخان نەپىس ياسالغان كۈمۈش جامنى قولىغا ئېلىپ بىر سىقىش بىلەن ماكچايتىۋەتتى. قۇتلۇقبەگنىڭ ئالدىدىكى خۇمرىنى ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىچە يىراققا ئېتىۋەتتى.

— ئوبدان قىلدىلا، ئاتا. مەي ئىچىش سىلى دېگەندەك ئاقىۋەتلەرگە سەۋەبكاردۇر. بۇنىڭدىن قول ئۈزۈپ ياخشى قىلدىلا، —

دىدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئولتۇرسىلا، ئەمدى بۇ قۇتلۇق سورۇنىمىزنى قايتىدىن جانلاندۇرايلى.

توغرۇل قاراخان ئولتۇرۇپ، شاتۇت شەربىتى قۇيۇلغان جامنى قولىغا ئالدى.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە مەي ئىچىش چەكلەنگەن ۋە پۈتۈن مەملىكەت ئەھلى مەي ئىچىشنى تەرك قىلغان بولسىمۇ، بەزى قەبىلىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ قارلۇق، ياباقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر ئارىسىدا مەي ئىچىش داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى. شاھزادىلار ئارىسىدىمۇ يوشۇرۇن ئىچىدىغانلار بار ئىدى. ئوردىدا ئۆتكۈزۈلگەن بەگ تەركىسى ۋە ئادەتتىكى زىياپەتلەردە مەي ئىچىشكە رۇخسەت قىلىناتتى.

قۇتلۇقبەگ يۇغرۇش باشى بولغاندىن بۇيان ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان مەيخورلۇققا توغرۇل قاراخان شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ بەگ تەركىسىدە ئەنە شۇنداق بىر يولىلا خاتىمە بېرىلدى.

## 3

بۇۋىئايىشە ئاخىرقى بىمارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. يېكەندازدا ئولتۇرۇپ ئۇيۇشۇپ قالغان پۇتلىرى ئەسلىگە كەلگۈچە ئۇياق ــ بۇياققا ماڭدى. بېشى سەل قايغاندەك بولۇپ، بىر قولىنى دېرىزە تەكچىسىگە تىرەپ تۇرۇۋالدى. ئەتىگەندىن ــ چۈشكىچە، چۈشتىن ــ كەچكىچە يېكەنداز ئۈستىدە مىختەك ئولتۇرۇپ بىمارلارنى كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ، كېسىلىنى ئېنىقلاپ، داۋالاشقا كىرىشىش ئاسان ئەمەس ــ دە.

— ئاتاساغۇن خېنىم، چارچاپ قالدىلا، ئەمدى خانىلىرىغا چىقىپ ئارام ئېلىۋالسىلا بوپتىكەن. بىگىمنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن

بىمارنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەن شاگىرت قىز كۆيۈنگەن هالدا يېنىغا كېلىپ.

— بېگىمنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى دېدىڭمۇ؟ مەن تېخى ۋاقىتنى بالدۇرمىكىن، دەپتىمەن، — ئۇ دېرىزىدىن ئولتۇرۇشقا نەيزە بويى قالغان كۈنگە قاراپ، دەھلىزلىك مېهمانخانا ئۆيدىن چىقتى.

بۇ ئۆينى ئېرى ئالىپ ئېلزادبەگ خوتۇنىنىڭ كېسەل كۆرۈشى ئۈچۈن ياساتقانىدى. كەچكىچە كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. گەرچە ياز كۈنلىرى ئىسسىپ كەتسىمۇ، بۇ ئۆي جەننەت قەسىرىدەك يورۇقلۇقى، ئازادىلىكى بىلەن كېسەللەرگە راهەت بېغىشلايتتى.

ئۇ «ئېرىم چۈشتىمۇ كەلمىدى. كېلىدىغان ۋاقتى بوپتۇ. تاماق تەييار بولدىمۇ، قاراپ باقاي» دەپ هويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى چىنار دەرىخى سايە تاشلىغان ئاشخانىغا كىردى. تاماق ئېتىۋاتقان خىزمەتكار ئاياللار:

— خېنىم، كەلسىلە، — دەپ هۆرمەت بىلدۈرۈشتى. «مىياۋ — مىياۋ» قىلغىنىچە قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ كەلگەن مۈشۈك ئۇنىڭغا تېنىنى سۈركىدى.

— تاماق تەييار بولغان ئوخشىمامدۇ؟

— تەييار بولدى، خېنىم.

— بېگىم كېلىشى هامان ئۇسسۇزلۇقنى، ئاندىن تاماقنى ئېلىپ كىرىڭلار. قوغۇن — تاۋۇزنى كېيىنرەك يەرمىز. هازىر شاگىرتلىرىمغا، بىمارلارغا تاماق تارتساڭلار بولىدۇ.

— دېگەنلىرىدەك قىلىمىز، خېنىم.

بۇۋىئايىشە رازى بولغان هالدا ئاشخانىدىن چىقتى. ئالاهىدە خانىغا كىرىپ، دورا تەييارلاۋاتقان شاگىرتلىرىنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ قويۇپ، ئۆز هۇجرىسىغا كىردى. كۆرپىدە يانتۇ يېتىپ خىيالچان كۆزلىرىنى گۈلدار تورۇسقا تىكتى:

«ئاتامنىڭ سەمەرقەنتكە كەتكىنىگىمۇ بىر ئايدىن ئاشتى.

ياقۇپ تېگىنىنىڭ كەلگىنىگە خېلى كۈنلەر بولدى. ئاتام نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ ئېرىم «كېلىدۇ، ئەنسىرىمەڭ» دېگىنى بىلەن، كىچىكىپ قالغىنىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. خۇدا شۇ غەمگۇزار ئاتامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، ئامان ـ ئېسەن دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلغىن ...» دەپ ئىلتىجا قىلىۋاتقاندا، «ئابا ـ ئابا!» دەپ يۈگۈرۈپ كىرگەن زۆبەيدە ئۇنىڭ باغرىغا تاشلاندى.

— ئاتام قېنى؟

— كەلمىدى، قىزىم.

— نېمىشقا كەلمەيدۇ؟

— بىلمىدىم، قىزىم، ئىشى چىقىپ قالغان چېغى.

زۆبەيدە بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئانىسىنىڭ كۆكسىنى سىلىدى. مانا شۇنداق گېپى چۈچۈك، قىلىقى تاتلىق سەبىي ئوغۇل ـ قىزىدىن كىچىكىدىلا ئايرىلىپ قالغان بۇۋىئايشە بۇ قىزغا كۈندىن ـ كۈنگە ھېرىس بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سېكىلەكلىرىنى قولى بىلەن تاراپ، توغاچتەك مەڭزىگە يېنىشلاپ سۆيدى.

— جانپىدا غوجاممۇ كەلمەيدىغۇ. سېغىنىپ كەتتىم، ئابا، — كۈمۈتتەك قاپقارا كۆزلىرىدە تەلمۈرۈپ باقتى زۆبەيدە.

— كېلىدۇ بالام، كېلىدۇ، — بۇۋىئايشە قىزنىڭ بەستىگە شۇنداق ياراشقان ئەتلەس كۆڭلەكنىڭ پۈرلىشىپ قالغان ئېتەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، چىمەن دوپپىسىنى چېكىسىگە رەك قىلىپ كىيدۈرۈپ قويدى.

— قاچان كېلىدۇ، ئابا؟

— قاچان كېلىدۇ. دەمسەن قىزىم؟ — بۇۋىئايشە ئۇنىڭ گۈل پورىكىدەك لەۋلىرىگە لېۋىنى باستى، — ئاكاڭ كەچ كىرگۈچە كېلىدۇ. ساڭا جىق نەرسە ئېلىپ كېلىدۇ، — دېدى ئوغلىنىڭ كېلىشىگە ئىنتىزار بولۇپ، ئۆزمۇ ناھايىتى سېغىنغانىدى.

جانپىدا غوجامنىڭ كەلمىگىنىگە ھەپتە بولغانىدى. ئىككى

كۈنده بىر قېتىم كېلىپ يوقلاپ كېتىدىغان بۇ ئۆسمۈر ئانىسىنى ئەنسىرىتىپ قويغانىدى.

سېغىزخانىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئانا بىلەن قىز تەڭلا ئىشىككە قاراشتى. ئوچۇق ئىشىكتىن جىمجىت دەھلىز كۆرۈندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئالىتاغىل مۈشۈك پەيدا بولدى. ئاندىن جانپىدا غوجام كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى.

— ئاپا! ...

— بالام ...

بۈۋىئايىشە زۆبەيدەنى كۆتۈرگىنىچە، غۇلاچ يېيىپ كەلگەن ئوغلىنى باغرىغا تاڭدى.

— ئاكا، نەگە كەتتىڭ ـ ھە! — دېدى ئېڭىشىپ زۆبەيدە ۋە بۇدرۇق قوللىرى بىلەن يۈزىنى سىلىدى.

— مەدرىسەدە ئوقۇدۇم، ئۇكام، — جانپىدا غوجام زۆبەيدەنىڭ يۇمران ئالىقىنىنى يۈزىگە باستى.

— نېمە ئوقۇدۇڭ؟

— كىتاب.

— كىتاب دېگەن نېمە؟

— ھېكمەتلىك گەپ.

— ھېكمەتلىك گەپ؟ ئۇنى يېگىلى بولامدۇ؟

جانپىدا غوجام كۈلۈۋەتتى.

— ئۇنى يېگىلى بولمايدۇ، ئۇكام. كۆرگىلى، ئاڭلىغىلى بولىدۇ. بەك قىزىق.

— بەك قىزىق؟ ماڭا ئۇ كىتابتىن ئەكەلدىڭمۇ، ئاكا؟

— ساڭىما، توپ، چاكۇم، شىنا ياڭاق ئەكەلدىم. يەنە بىر قېتىمدا قىزىق كىتابتىنمۇ ئالغاچ كېلىمەن.

جانپىدا غوجام مومىسى تىكىپ بەرگەن چىرايلىق خالتىدىن توپنى چىقاردى. خىلمۇخىل بوز يىپنى يۆگەپ، تورلاپ ئەتكەن بۇ توپ بىنەپشە، سۆسۈن، ئاق، قارا تۆت خىل رەڭدە چاقناپ تۇراتتى. ئاندىن شاپتۇل ئۇچكىسىنى سۇرۇپ سىلىقداپ بويىغان

بەشتال چاكۇمنى بەردى. زۇبەيدە خۇشاللىقىدىن ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۇشۇپ ئاكىسىنى قۇچاقلاپ سۆيدى. جانپىدا غوجام بىر پارچە شىنا ياڭاقنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئاكاڭغا ھەشقاللا، دە قىزىم! — دېدى بۇۋىئايىشە بالىلىرىغا مەستلىكى كېلىپ.

— ھەشقاللا ئاكا. سەن شۇنداق چوڭ ئادەم بولغىن، — دېدى قىزچاق قوللىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، — مەن چىقىپ ئاداشلىرىم بىلەن توپ، چاكۇم ئويناپمەن.

زۇبەيدە جانپىدا غوجامنى يەنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ ئۆيدىن پىڭىلداپ چىقىپ كەتتى.

— ئوغلۇم، يولۇڭغا بەك قارىدىم. نېمىشقا بىرنەچچە كۈندىن بېرى كەلمىدىڭ؟ — سورىدى ئانا.

— ئاخۇن بوۋام ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىۋاتاتتى. «ئوتتۇز ھەرپ بىلەن يۇزگىچە ساننى يېزىشنى ئۆگىنىپ بولمىساڭ، بىر يەرگە بارىمەن دەپ ئويلىما. شىكارغىمۇ چىقمايسەن، ئاباڭنىڭ يېنىغىمۇ بارمايسەن» دەپ ئۆيدىن چىقارمىدى. ھەر كۈنى ھەرپ، ساننى يېزىشنى مەشىق قىلدىم. بەگتۇرمىش ئاكامۇ «ياخشى ئۆگەن» دەپ مېنى ئويناتقىلى بازارغا ئېلىپ چىقمىدى. بىلگە موماملار «بىرئاز دەم ئېلىپ ئوينىۋال» دەپ تۇرىدۇ. ئەمما، مەن ئوينىماي ئۆگەندىم، ئابا، — دېدى چوڭ ئادەمدەك ئالدىرىماي سۆزلەپ.

— ئۆگىنىپ بولدۇڭمۇ، بالام؟

— ئۆگىنىپ بولدۇم، ئابا.

— ئاخۇن بوۋاڭ، بىلگە موماڭ ئاغرىپ قالمىغاندۇ ـ ھە، بالام؟

— ئاغرىپ قالمىدى، ئابا، بىزنى يوقلاپ كەلمىدى، دەپ ئۇلار سەندىن خاپا.

— كەلگەن بىمارلارنى كۆرۈپ داۋالايمەن دەپ بارالماي قالدىم، بالام.

— ئەتە مەن بىلەن بارغىن، ئابا.

— ماقۇل، بالام، — بۇۋىئايىشە ئوغلىنى باغرىغا باستى، — بالام جېنىم بالام، يا، مېنىڭ قېشىمدا تۇرامسەن؟

— سېنىڭ ئۆيۈڭدىما؟ — جانپىدا غوجام بېشىدىكى بادام دوپپىسىنى ئېلىپ غىجىملاپ تۇرۇپ دېدى، — ئاخۇن بوۋامنىڭ يېنىدا تۇرىۋېرەي، ئابا.

«ئوغلۇم چوڭ بوپتۇ. گەپلىرىمۇ پۇتۇن. ئېلزادبەگنىڭ ئۆز ئاتىسى ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە قېشىمدا تۇرغۇسى كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. بولمىسا ئېرىم بۇ ئۆگەي ئوغلىغا زىيادە ئامراق. بۇنى ئوغلۇممۇ بىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ...»

— ئابا، ئالىپ ئاتام كەلمىدىمۇ؟

جانپىدا غوجامنىڭ سوئالى ئانىنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

— تېخى كەلمىدى بالام. ئىشى چىقىپ قالغان چېغى.

— بۆگۈ بىلگە بوۋام قاچان كېلىدۇ، ئابا؟

— پات يېقىندا كېلىدۇ، بالام. سېغىنىپسەن ـ ھە!

— بەك سېغىندىم، ئابا. بۆگۈ بىلگە بوۋام سەمەرقەنت تايچىقىدىن بىرنى ئالغاچ كېلىمەن دېگەنىدى.

— كېلىدۇ، بالام. بۆگۈ بىلگە بوۋاڭ سەمەرقەنتتىن كۆپ نەرسە ئېلىپ كېلىدۇ.

— مەن بۆگۈ بىلگە بوۋام كەلگۈچە، ئۇنىڭ، ئاخۇن بوۋامنىڭ، موللا خېنىم مومامنىڭ، سېنىڭ، بەگتۇرمىش ئاكامنىڭ ئېتىنى يېزىشنى ئۆگىنىۋالىمەن.

— ئوبدان ئويلاپسەن، بالام. ئۆگىنىۋالغىن، ئېلزادبەگ ئاتاڭنىڭمۇ ئېتىنى يېزىشنى ئۆگىنىۋالغىن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئابا.

بۇۋىئايىشە ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە مەڭزىنى يېقىپ تۇرۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋالدى.

جانپىدا غوجام بالاساغۇنغا كەلگەندىن بېرى ئانىسىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمنى «ئاخۇن بوۋام»،

بەگـيوٗسوٗپنـى «بۆگوٗ بىـلگە بوۋام» دەپ ئـادەتلەنگـەنـدى. ئاشـان بوٗقانى «بوٗقا بوۋام»، ئادار باينى «باي بوۋام» دەيتتى. يېقىشلىـق، تىلـى چوٗچوٗك بوٗ گـۆدەك ئاچا ـ ئاكـىلىرىـنىموٗ ئـۆزىگە لايـىق سوٗپەت بىلەن ئاتاپ، ھەممەيلەننى ئۆزىگە ئامراق قىلىۋالغانىدى.
ـــ ئاخوٗن بوۋاڭ، موللا خېنىم موماڭ ساق توٗرغاندوٗ، بـالام؟ ـــ سورىدى ئوٗلارنى كۆرگوٗسى كەلگەن بوٗۋىئايىشە.
ـــ ساق توٗرغانلىقىـنى بىلـمەمسەن؟ سـاق توٗردى، ئابا. سـەن نېمىشقا بارمايسەن، مېنى كـۆرگوٗك كەلـمـەمدوٗيا؟ ـــ ساددا، ئـاق كۆڭۈل بالا كۆڭلىگە كەلگىنىنى سورىدى.
ـــ كۆرگوٗم كېلىدوٗ، بالام. دېـدىمغوٗ، كـېـسەل داۋالايمـەن دەپ بارالمىدىم.
ـــ قاچان بارىسەن ئابا؟
ـــ دېگـىنىڭـدەك ئەتە سەن بـىلەن بىـللە بـاراي. بـوٗنىڭـدىـن كېيىـن پات ـ پات بېـرىپ، بوۋام ـ مومـاملاردىن ھـال سـوراپ، سېنى كۆروٗپ كېلىمەن. ئەمدى خوٗشال بولغانسەن؟
ـــ ھـەئـە، ـــ جـانـپـىـدا غـوجـام ئـورنـىـدىـن تـوٗردى، ـــ مۆكىمۆكىلەڭ ئوينايمەن، ـــ ئوٗ ئىشىككە قاراپ ماڭدى، ئانىسى:
ـــ بالام كەچ كىرىپ كەتتى. بىرئاز ئويناپ سىڭلىڭنى ئېلىپ كـىرگـىـن، ـــ دەپ ئارقىسـىـدىن تـوۋلاپ ئـورنىدىـن قـوپوٗشـىغـا ئـېلىزادىبەگ كـىرىپ، چـىـقىپ كېـتىـۋاتـقـان جانپـىـدا غوجامـنـى كۆتوٗروٗۋالدى. بوٗۋىئايىشە قەندىللەردىكى شامنى يوروٗتتى.
ـــ مەن بـىلـەن كۆروٗشـمـەي تـوٗروٗپ بوٗ ئـۆيـدىـن چىـقـىـپ كېتەلمەيسەن، ئوغلوٗم، ـــ دېدى ئوٗ بالىـنىڭ پېشانىسىگە سۆيوٗپ.
ـــ ئەسسالاموٗئەلەيكوٗم ئاتا، ـــ جانپىدا غوجام پىلتىڭ ئېتىپ توٗروٗپ سالام بەردى.
ـــ ۋەئەلەيكوٗم ئەسسالام، ئوغلوٗم. بوۋام ـ موماملار سالامەتموٗ ـ ھە!
ـــ سالامەت ئاتا. ئۆزوٗڭموٗ ياخشى توٗرغانسەن؟
ـــ ياخشى توٗردوٗم، بالام.

— نېمىشقا ۋاقچە قالدىڭ، ئاتا؟

ئىلزادىبەگ جانپىدا غوجامنى يەرگە دەسسىتىپ بۇۋىئايىشەگە قارىدى.

— خوتۇن، ئاتام سەمەرقەنتتىن كەلدى.

— ئاتام كەلدىمۇ، قەيەردە قالدى؟ — بۇۋىئايىشە روھلىنىپ قالغان ئېرىگە خۇشاللىنىپ قارىدى.

— بۇگۈن چۇشكە يېقىن ئوردىغا تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى. ئىلىكخانمۇ ھەرىمگە قايتماي ئارامگاھ سارىيىدا ئۇنى كۈتۈۋالدى. مەن شۇڭا كېلەلمىدىم.

— بۇ گەپچە ئاتام خەۋەر بەرمەيلا كەپتۇ ـ دە؟

— خەۋەر بەرگەن بولسا ئىلىكخان ئالدىغا چىقاتتى. ئۇ چىقمىغان تەقدىردە، يۇغرۇشلار بىلەن مەن چىقاتتىم سۆيۈملۈك بىكەم، — ئىلزادىبەگ بۇۋىئايىشەنى سۆيگەنلىكىدىن «بىكەم»، «خوتۇن» دەپ ئاتاپ گەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى.

— ئاتام ساق تۇرۇپتىمۇ، ئېرىم؟

— ناھايىتى ئوبدان تۇرۇپتۇ. روھىي ھالىتى شۇنچە ياخشى.

— سەمەرقەنتتە ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرگەندۇ؟

— ئېيتىپ بەردى بىكەم، — ئىلزادىبەگ قاراپ ئولتۇرغان جانپىدا غوجامنىڭ بېشىنى سىلاپ كۈلۈمسىرىدى، — بۇنى دېسەم ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — بۇۋىئايىشەنىڭ قەلەم قاشلىرى سەل كۆتۈرۈلدى.

— ئاجايىپ بىر كۈتۈلمىگەن تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇشقا توغرا كېلىپ، كېچىكىپ قالغانىكەن.

— ئۇ قانداق ئاجايىپ تەقدىر ـ قىسمەت ئىكەن، ئېيتىپ بەردىمۇ بېگىم؟

— ئېيتىپ بەردى، ئاتام سەمەرقەنتكە بېرىپ، تامغاچ بۇغراخاننىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بوپتۇ، ئۇنىڭ

بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈپتۇ، قۇزئوردۇغا قايتىپ كەتمەكچى بولغىنىدا، بۆرە تېگىن ئۇنى تۇتۇپ قاپتۇ. «سىز ئادا قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر بىر ئىش بار» دەپتۇ. «نېمە ئىش؟» دەپ سوراپتۇ ئاتام. «مەن مايمۇنەنى ئەمرىمگە ئالماقچىمەن» دەپتۇ بۆرە تېگىن. «مەن نېمە ئىش قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟» دېگەنىكەن، «سىز ئەلچى بولۇپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ بېرىشىڭىز كېرەك» دەپتۇ. شۇڭا، بەگيۇسۇپ ئاتام ئەھدىنامىنى ياقۇپ تېگىندىن ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى قالغانىكەن، بىكەم.

— ھە، بىلدىم. مايمۇنەنى بۆرە تېگىننىڭ ئالغۇسى كېلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب ئۇنچىۋالا ئاددىي بولمىسا كېرەك، بېگىم. خۇدايىم ئۇنىڭغا ئاشىق ـ بىقارار قىلغان...

— توۋا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز بىكەم؟ قاپقارا كۆسەيدەك تۇرسا، قانداقمۇ شەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ — دېدى ئېلزادبەگ خوتۇنىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا.

— ئۇنداق دېمىسىلە بېگىم، ھەربىر رەڭنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىكى، خىسلىتى بولىدۇ. مايمۇنە — تەڭرى بارلىققا كەلتۈرگەن قارا رەڭنىڭ ئىنسان سىيماسىدا ئەكس ئەتكەن لەۋەنلىكىنىڭ نامايان بولۇشى. بۇنى قارا كۆسەيگە ئوخشىتىش ئەخمىقانە كەمسىتىش بولىدۇ، بېگىم. ئۇ شەمشاددەك زىلۋا بوي ـ بەستى بىلەنلا ئەمەس، ئاقنىڭ ئەكسى بولغان رەڭگىنىڭ ئاجايىپلىقى، خاسلىقى بىلەنمۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق. تامغاچ بۇغراخان بۇ گۈزەللىكنى كۆرەلىگەن ۋە ئۇنىڭغا شەيدا بولغان. ئاشىقلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەملا بۇنىڭ تېگىگە يېتەلەيدۇ. قانداق دېدىم، سۆزۈم خاتا ئەمەستۇ؟

— ئەسلا، — ئېلزادبەگ چوغدەك ۋىل ـ ۋىل تىللىرىنى سوزۇپ كۆيۈۋاتقان قەندىلدىكى شام ئاقۇچ قىزىل تۇسكە كىرگۈزگەن خوتۇنىنىڭ زىبا چېھرىگە قاراپ جاۋاب بەردى، — راستىمنى دېسەم مۇشۇ دەقىقىدىن ئىلگىرى ئاق، سېرىق رەڭنى گۈزەل، قارا رەڭنى گۈزەل ئەمەس، دەپ بىلەتتىم. بۇنىڭ قارا

رەڭ توغرىسىدىكى چۈشەنچەمنىڭ ناتوغرىلىقىدىن مېڭەمگە ئورنىشىپ قالغان ئەخمىقانە ئۇقۇم ئىككەنلىكىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن. توغرا دېدىڭىز، بىكەم، مەن نېمىدېگەن بىلىمسىز. سىزگە لايىق كەلمەيدىكەنمەن.

— سىزگە لايىق كەلمەيدىكەنمەن؟ بۇ گېپىڭىز توغرا بولمىدى، — مەيۈسلىنىپ چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈۋاتقان ئېرىنىڭ يېنىدىن تارتتى بۇۋىئايىشە، — بېگىم، ئاتامنىڭ: «ئادەم دۇنيادىكى كۆپ ئىشلارنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى چۈشىنەلمەي ئۆتۈۋاتىدۇ» دېگەن سۆزى يەنە ئېسىمگە چۈشتى. قارا رەڭدە گۈزەللىك يوق دېگەن تونۇشلىرى ئۆزلىرىنىڭ قارىشى، گۈزەللىك بار دېيىشىم بۇ ئۆزۈمنىڭ قارىشى. قاراشنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئادەم ئۆزىنى ئەيىبلىسە، كەمسىتسە بولمايدۇ. ئۆز قارىشىنىڭ خاتالىقىنى بىلىپ، چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش بولسا، بۇ باشقا گەپ. دېمەكچىمەنكى، بېگىم، سىلى مانا شۇنداق سەممىيلىكلىرى بىلەن ماڭا بەك مۇناسىپ. مەن سىلىنى بەك يارىتىمەن. ئېيتسىلا، سىلى مايمۇنەنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

ئېلزادبەگنىڭ خىيالچان چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— ياق، كۆرۈپ باقمىغان، مايمۇنەنىڭ قارا ئىككەنلىكى توغرۇلۇق سىزدىن ئاڭلىغان شۇ، — دېدى ئۇ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن خوتۇنىنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ، — قارا رەڭنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن، قارا نەرسىلەر ماڭا چىرايلىق كۆرۈنمىسە كېرەك. سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ، قارىشىمنىڭ خاتالىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، خوتۇن.

بۇۋىئايىشە كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— بېگىم، سىلى تۈنىنىڭ قارا ئىككەنلىكىنى بىلەملا؟

— بىلىمەن. قىزىق سوئال بولدىغۇ بۇ.

— قىزىقى ئەمدى چىقىدۇ، بېگىم. سىلى قارا كېچىنىمۇ گۈزەل ئەمەس، دەپ قارامدىلا؟

ئېلزادبەگ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇپ قالدى. بىردەم خىيال سۈرۈپ دېدى:

— مەن بۇ توغرۇلۇق زادى ئويلىنىپ باقماپتىمەن، بىكەم. قارا بولغان تۇننىڭ ھەقىقەتەن گۈزەل تەرەپلىرى بار. مەن بۇنى ئىنكار قىلمايمەن، تۇننىڭ ھەتتا نۇرلۇق ئاي ـ يۇلتۇزلىرى، راھەتبەخش قوينى بىلەن كۈندۈزدىنمۇ گۈزەل كۆرۈنىدىغان چاغلىرى بار.

— بولدى بېگىم، تونۇشىمىز، كۆزقارىشىمىز بىر جايدىن چىقتى. سىلى جەڭگاھتىلا ئالىپ بولۇپ قالماي، ئائىلىدىمۇ ئالىپ، — بۈۋىئايىشە ئېلزادبەگكە يۈلەندى، — ئەجەب سوراش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاتام ئېلىكخان يېنىدا قالدىمۇيا ئۆيىگە كەتتىمۇ؟

— ئۆيىگە كەتكەن، بىكەم.

— نېمىشقا بۇرۇنراق دېمەيلا، قوپسىلا، ئاتام بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمىز.

بۈۋىئايىشە ئېرىنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئېلزادبەگكە تەگكەندىن بۇيان ئۇنىڭ ئېرىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تۇنجى قېتىم سۆيۈشى ئىدى. ئۇ كىيىم يەڭگۈشلەپ يان ئۆيدىن ھويلىغا چىققاندا جانپىدا غوجام زۇبەيدەنى يېتىلەپ تاشقىرىدىن كىردى. ئېلزادبەگ:

— يۇرۇڭلار بالىلىرىم، بۈگۈ بىلگە بوۋاڭلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىمىز، — دەپ زۇبەيدەنى كۆتۈرۈۋالدى.

## 4

ئادەمنىڭ ئۆز ھاياتىدا خۇشاللىنىدىغان، خاپىلىقتا قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. خۇشال بولىدىغان ۋاقتى — سۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چېغىدۇر. خاپا بولىدىغان ۋاقتى — سۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇپ بولغان چېغىدۇر. مەيلى

ئەلگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشتا بولسۇن، مەيلى ئائىلىگە ئائىت خۇسۇسىي ئىشتا بولسۇن، ئىپرىشلىگەن مۇۋەپپەقىيەت شۇ كىشىنى ئەلۋەتتە مەمنۇن قىلىدۇ.

بەگيۇسۇپنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن خۇشاللىق بەخش ئەتتى. ئۇمىد، ياخشى تىلەك بىلەن سەمەرقەنتكە بېرىپ، كاتتا خۇش خەۋەر بىلەن بالاساغۇنغا قايتىپ كەلدى. غەم ـ ئەندىشىدە قالغان ئېلىكخان ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى مەمنۇن قىلىپلا قالماي، ئاۋامنىمۇ خۇرسەن قىلدى.

ئۇ مۇشۇ دەم ئېلىكخان ياپقان شايى توننى كىيگەن، بۆرە تېگىن تارتۇق قىلغان سەمەرقەنت ئارغىمىقىنى مىنگەن ھالدا بەگ تەركىسىدىن قايتىپ ئۆيگە كېتىۋاتاتتى. كەينىدىن كېلىۋاتقان سۇلتانبەگ ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ شاش بىر تايىنى يېتىلىۋالغانىدى. بەگيۇسۇپ گۈزەر، رەستىلەردە توختاپ، ئاتتىن چۈشۈپ، مۇدەررىسلەر، سودىگەرلەر، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى. بەگبۇقا مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەندە ھاياجانلىنىپ قالدى. ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى ۋۇجۇد دەرىخى لەرزىگە كېلىپ ئاتنى ئىتتىكلەتتى.

ئەنە ئاي نۇرى چۈشكەن ئەگىم قانات، تۈچ ھالقىلىق ئىشىك ... بەگيۇسۇپنىڭ ئويچان كۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاقبىرا كۆرۈنگەندەك يۈرىكى سىلىپ كەتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشتى. تىزگىننى تۇتۇپ كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىگە كۆلەڭگىسى چۈشتى. سەبىي چېغىدىلا ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغان ئىشكتىن كىردى. مانا گۈلزارلىق ھويلا. مانا شەربەت قۇيۇلغان جامدەك چايقىلىپ تۇرغان كۆل. مانا، ئاتا ـ ئانىسى دۇئا بەرگەن كونا سۇپا.

سۇپا ئەتراپىدا گۆدەكلەر «مۆكىمۆكىلەك» ئويۇنىنى ئويناۋاتاتتى. بۇلار ئادارنىڭ نەۋرىلىرى ئىدى.

بەگيۇسۇپنى چىراغ كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىققان قىزتۇرمىش كۇتۇۋالدى.
— ھاجىپ ئىنىم، ئەجەپ يوللىرىغا قاراتتىلا، — دېدى ئۇ ئېگىلىپ سالام بېرىپ.
— ۋاقىتنى تۇتۇۋالغىلى بولمايدىكەن، ئاچا، خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن، دەپ كېچىكىپ قالدىم. ئاداربای ئاكام، بالىلار تىنچ ـ ئامان تۇرغاندۇ؟
— تىنچ ـ ئامان تۇردى، ھاجىپ ئىنىم. باي ئاكىلىرىمۇ تىمەن. ئەتىگەن چىقىپ كەتسە كەچتە كېلىدۇ. بەزىدە بۈگۈنكىدەك خۇپتەن بولغاندىمۇ كېلەلمەيدۇ.
— تىجارەتچى دېگەن ھەمىشە ئالدىراش بولىدۇ، ئاچا. ئاداربای ئاكام چوڭ بىر تىللا سارىيىنى باشقۇرۇپلا قالماي، بالاساغۇن ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى سودا ئىشلىرىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ئۇ قۇزئوردۇ تىجارەتچىلىرىگە بەندەرشاھ[1] ، شۇڭا مەندىنمۇ ئالدىراش. ئۇنىڭدىن ئاغرىنمىسىلا. ئەگەر سىلىنى قەستەن جاپادا قويغان بولسا، ئېيتسىلا ئاچا، گەپ قىلىپ قوياي.
— ياق ھاجىپ ئىنىم. ماڭا بەك كۆيۈنىدۇ. بۇ چاغقىچە ماڭا ئالىيىپ قارىغىنىنى بىلمەيمەن. ئۇ بەك مۇلايىم، سەمىمىي ئاتا. مىنىنەتدارمەنكى، نارازى ئەمەس. قېنى مېھمانخانىغا مەرھەمەت قىلسىلا، ھاردۇق ئېشى ئېلىپ چىقاي، ئىنىم.
— مېنىڭ مۇشۇ سۇپىدا ئولتۇرغۇم بار. بۇ يەر سالقىن ھەم كەڭ ـ كۇشادە، — بەگيۇسۇپ سۇلتانبەگ بىلەن ئاي ـ يۇلتۇزلار چۆمۈلۈپ تۇرغان كۆلگە قاراپ سۇپىدا ئولتۇرۇشتى.
قىزتۇرمىش داستىخان سېلىپ، مۇزدەك قارا ئۆرۈك شەربىتى بىلەن، قوغۇن ـ تاۋۇزنى قويۇپ تۇرۇشىغا ئاداربای كىرىپ كەلدى. بەگيۇسۇپكە سالام بېرىپ قۇچاق ئاچتى.
— ئۇكام، خەۋەر بەرمەيلا كەلگەن ئوخشايلا. ئالدىلىرىغا چىقىپ ھۆرمەتلىرىنى قىلالمىتتۇق ئەمەسمۇ.

[1] بەندەرشاھ — سودىگەرلەرنىڭ يېتەكچىسى، باشلىقى.

ــ ئاكا، سىلەرنى يولۇمغا قاراتماي، بىسەرەمجان قىلماي دەپ خەۋەر بەرمىۋىدىم. بۇنداق كۆرۈشۈش خاسىيەتلىك ھەم تەسىرلىك بولىدۇ. سالامەت دىدار كۆرۈشتۇرگەن ئاللادىن مىننەتدارمەن.

ئۇلار ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، جانپىدا غوجام بىلەن زۇبەيدە قىزنى يېتىلىشىپ ئىلزادبەگ، بۇۋىئايىشە كىرىپ كەلدى.

ــ ئاتا، قەدىرلىك ئاتا! ــ يەرگىچە ئېگىلىپ سالام بەرگەن بۇۋىئايىشە يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە، ئاتىسىنىڭ شايى تونىنىڭ پېشىنى كۆزىگە سۈرتتى، ــ سىلى كەلمىگەنسىرى ئەنسىرەپ، كۆزىمىز تېشىلەي دېدى. ئاخىر كېلىپلا.

ــ قىزىم ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، يىغلىمىسىلا، بۇ دەم خۇشال بولىدىغان پەيت، ــ بەگيۇسۇپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، جانپىدا غوجام بىلەن زۇبەيدەنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. ئىلزادبەگ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. نەۋرىلەر ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدى.

ئايسىلىگ، ئارچۇن ئاچا ـ سىڭىللار، ئەرلىرى ئورخۇنبەگ، ئەربۇقا پەتھەدىن باللىرى بىلەن، ئاشانبۇقامۇ خوتۇن، باللىرى بىلەن، ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم بىلەن ھاۋاخان ئاغىچىمۇ كېلىشىپ بەگيۇسۇپنى قۇتلۇقلىدى.

ھەممىسى كۆل بويىدىكى بۇ چوڭ سۇپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، بەگيۇسۇپنىڭ گەپلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلاشتى.

ــ بۆرە تېگىن ئۆزىنىڭ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىنى بىر كۆرسىتىپتۇ ـ دە. مەردلىك مانا شۇنداق بولىدۇ، ــ دېدى ئاداربىاي «ئەھدىنامە» نىڭ مەزمۇنىنى ماقۇللاپ، ــ مەن تېخى ئۇ بۆرە مىجەز شاھنى گەپكە كىرگۈزمەك ئاسان ئەمەس، ھاجىپ ئىنىم ئىلىكخان ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمىغىيدى، دەپ ئەنسىرىگەنىدىم.

ــ بۆگۈ بىلگە ئاتام سەمەرقەنتكە بارماي، باشقا كىشى بارغان بولسا، تامغاچ بۇغراخان مۇنداق مەردلىك قىلمىغان بولاتتى، ــ سۆز قوشتى ئىلزادبەگ قېيىنئاتىسىغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن

قاراپ، جانپىدا غوجامنى ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئېلىپ تىزىغا ئولتۇرغۇزدى، — بالام بوۋاڭنى چارچىتمۇەتتىڭ، — دەپ پىچىرلىدى گۆدەكنىڭ قۇلىقىغا.

— راست ـ راست، — دېدى ئاشانبۇقا ئېلىزادىبەگنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، ئاپپاق ساقىلىنى تۇتاملىغان ھالدا، — بەگيۇسۇپ بالام مەنىلىك، شېرىن ـ سۇخەن سۆزلىرى بىلەن قورام تاشنىمۇ ئېرىتىۋېتەلەيدۇ. ئەلنىڭ بېشىغا كۇن چۇشكەندە بۆرە ئىنىغا كىرىشكە جۇرئەت قىلىغان، كۆرەڭ، مەغرۇر پادىشاھنى گېپىگە كىرگۇزگەن ھاجىپ بالامغا ئالالادىن ئۇزاق ئۆمۈر تىلەيلى، ئامىن!

— ئامىن! — دېيىشتى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن.

— رەھمەت بوۋا، رەھمەت. تەڭرى ئالدىدا ھەممە بەندە باراۋەر. سەمەرقەنتكە بېرىپ ئىبراھىم بۆرە تېگىن ھۇزۇرىدا بولۇشۇم ھەرگىز تەڭرىنىڭ ھېكمىتىدىن تاشقىرى ئەمەس. ئاشان بوۋامغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغان تەڭرىدىن مىننەتدار بولايلى. ھەممىلىرىگە ئالالا رەھمەت قىلسۇن، — بەگيۇسۇپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۇردى.

— تەڭرى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولغان بىلەن ئەقىل ـ پاراسەتتە باراۋەر ئەمەس، ھاجىپ ئىنىم. بەك كەمتەرلىك قىلىۋاتىلا. ئۆزلىرىنىڭ پاراسەتلىرى ئارقىسىدا مۇشكۇل بىر ئىش ئاسان بولدى، — بېشىدىن كۆپ ئىشلار ئۆتكەن ئورخۇنبەگ كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى.

بەگيۇسۇپ ئۇنىڭ سەمىمىي سۆزىگە سۇكۇت قىلىپ جاۋاب بەرمىدى.

— ئاتا ئەھدىنامە تۇزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، تامغاچ بۇغراخان نېمىشقا سىلىنى تۇتۇپ قالدى؟ بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمىدىلىغۇ؟ — دېدى بۇۋئايىشە ئېرىدىن ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن يەنە بىر قېتىم ئاڭلىغۇسى كېلىپ.

بەگيۇسۇپنىڭ خىيالچان چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— ئاڭلاشقا قىزىق تۇيۇلىدىغان، ئەمما ھېكمەتلىك بىر تەقدىر - قىسمەت قۇزئوردۇغا كېچىكىپ كېلىشىمگە سەۋەب بولدى دېسەم، ئىشەنمەسلىكىڭلار مۇمكىن. كۈتۈلمىگەن بىر چاغدا ئىش ئەنە شۇنداق يۈز بەردى، — بەگيۇسۇپ بۆرە تېگىنىنىڭ بىر كۆرۈپلا مايمۇنەنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنى ئەلچىلىككە قويۇپ، مايمۇنەنى نىكاھىغا ئالغانلىقىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

— بۇ نىكاھ مەجبۇرىي قىلىنغان ئوخشىمامدۇ، ئاتا؟

— يوقسۇ قىزىم. ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تامغاچ بۇغراخانغا خوتۇن بولۇشقا رازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن نىكاھى قىلىندى. ئىسلام شەرىئىتىدە مەجبۇرىي نىكاھ قىلىش دۇرۇس ئەمەستۇر.

— ئەجەب - ھە، يۇرتىغا تېزرەك يېتىپ بېرىشقا ئىنتىزار بولغان مايمۇنە ياتلىق بولۇپ سەمەرقەنتتە قېلىشقا قانداقمۇ ماقۇل بولغاندۇ، ئاتا؟ يا ئۇ خانىش بولۇشقا قىزىقىپ قالغانمىدۇ؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، قىزىم. مايمۇنە قۇللۇق ئازابىنى تارتقان، خورلانغان ياش ئايال. ئۇ ۋەتىنىگە قايتىشقا قانچە ئالدىرىغان بولسا، ئاقىل، مەرد، مېھىر - شەپقەتلىك بىر ئەرگە ياتلىق بولۇشقىمۇ شۇنچە ئىنتىزار بولغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. رىزقى غايىب، ئەجەل غايىب، نىكاھ غايىب دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ نىكاھى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن ئۆز يۇرتىدا ئەمەس، يولدا بولدى. مېنىڭچە، مايمۇنە سەمەرقەنتكە كەلگۈچە ئۆزىنىڭ توينى ئەمەس، ۋەتىنىگە تېزرەك يېتىپ بېرىشنى ئويلىغانلىقى راست. ھالبۇكى، ئۇنىڭ تەقدىر پېشانىسىگە بۇ نىكاھ پۈتۈلۈپ كەتكەچكە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۆرە تېگىنگە تېگىشكە ماقۇللۇق بىلدۈردى. بۆرە تېگىنمۇ توينىڭ قىرىق بىرىنچى كۈنى مايمۇنەنى ۋەتىنىگە يولغا سېلىپ قويماقچى بولدى. بۇ توينىڭ بولغىنىدىن مەمنۇنمەن، بالام، — ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ توينىڭ بولۇشىدا ئوينىغان رولى توغرۇلۇق

ئېغىز ئاچمىدى.

— بىلدىم، ئاتا، بىر قۇل ئاجىزەنىڭ پادىشاھقا ياتلىق بولۇشى ھېكمەتسىز ئەمەس ئىكەن. مايمۇنە مۇرادىغا يېتىپتۇ. يېقىرەمۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، ئاتا.

ھاردۇق ئېشىدىن كېيىن باشقا تاماق قىلىشقا بەگيۇسۇپ قوشۇلمىغاچ، ئادارباي داستىخانغا يەل ـ يېمىش، قوغۇن ـ تاۋۇز قويۇش بىلەن كۇپايىلەندى.

— ھاجىپ ئىنىم خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىرىدىن ئېلىكخان ئالىيلىرىمۇ مەمنۇن بولغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ دۇئا قىلىش ئالدىدا.

— مەسىلە ئۇنىڭ خۇشال بولۇشىدا ئەمەس، ئاكا، قانداق قىلىپ ئاۋامغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەي، ئوردىكەنتتىكى ئاسىي قىساسكار كۈچلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا ئۇزۇل ـ كېسىل خاتىمە بېرىشتە. ئەتە ئوردىدا بۇ توغرۇلۇق جىددىي كېڭەش بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئەل ـ يۇرتقا پايدىلىق قارار چىقىرىلغۇسى.

— ئىلاھىم دېگەنلىرىدەك بولغاي، ھاجىپ بالام، — دېدى باياتىن ئېغىز ئاچماي كۈيۈئوغلىنىڭ سۆزلىرىگە زوقلىنىپ ئولتۇرغان ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئۆزلىرى كەلگۈچە ئېلىكخان ئالىيلىرى غەم ـ تەشۋىش بىلەن يوللىرىغا كۆپ قارىغانىدى. كەلگەنلىرىدىن كېيىن كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. بىزمۇ خۇشال ھەم خاتىرجەم بولدۇق.

ھاۋاخان ئاغىچا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ «خۇدايىم بەگيۇسۇپ بالامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن» دەپ ئىچىدە دۇئا قىلدى. شۇ چاغدا دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن بەگتۇرمىش:

— مەدرىسەدە مۇتالىئە ـ مۇنازىرە بولۇپ ۋاقىچە قالدىم، ئاتا، كەلگەنلىرىدىن بۇرۇنلا خەۋەر تاپقانىدىم، — دېدى سالام بېرىپ. ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلگەن بەگيۇسۇپ ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى...

## ئون بەشىنچى باب

# ئەل سوراش ئاسان ئەمەس

## 1

ئەتىگەندىن بېرى خۇيى تۇتۇپ قالغان جۇۋاندەك ئېچىلىپ كېتەلمەيۋاتقان ھاۋا گىرىمسەن بولۇۋالدى. چۈشتە بىر ئاز ئېچىلغان بولسىمۇ، باش كۆزنىڭ غۇر - غۇر شاملى ھەيدەپ كەلگەن قارا، سۇر بۇلۇتلار قەشقەر ئاسمىنىنى يەنە قاپلىۋالدى. كۈندۈزنىڭ پەلەكتىكى نۇرلۇق ئالتۇن چىرىغىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. ئوردا ئىچى گۈگۈم چۈشكەندەك غۇۋالاشتى. بۇغراخان سارىيىمۇ خۇددى كەچ كىرگەنسىمان قاراڭغۇلىشىپ، ئىبراھىم تېگىننىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋەتتى. ئۇ بۇغرا قاراخانلىق تەختىگە ئولتۇرغىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، غەم - ئەندىشىدىن بىر دەقىقىمۇ خالىي بولالمايۋاتاتتى.

گۈلدۈرمامىنىڭ قەھرلىك ئاۋازىدىن چۆچۈگەن ئىبراھىم تېگىن تەختىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— قاپۇغچى باشى! — دەپ توۋلىدى ئۇ.

— لەببەي خاقانىم، — مۇڭسۇز كىرىپ باش ئەگدى، — خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

— ساراي دېرىزىلىرىنى ئېتىپ، قاپقاقلىرىنى ياپقۇزۇۋېتىڭ؟

— باش ئۈستىگە.

— شام چىراغلار يېقىلسۇن!

— باش ئۈستىگە.

دېرىزە قاپقاقلىرى يېپىلىپ، قاراڭغۇلىشىپ قالغان بۇغراخان سارىيى شام چىراغلار ياندۇرۇلۇپ كۈندۈزدەك چاقناپ كەتتى.

قىزىل يوللۇق شاھانە تون كىيىپ ئالتۇن كەمەر باغلىغان ئىبراھىم تېگىن ياداپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇغراخان بولغان ئالتە ئايدىن بېرى، ئارزۇ قىلغىنىدەك تاجۇتەختىنىڭ پەيزىنى سۈرەلمىگەنىدى. ۋەزىر - ھاجىپلارنىڭ بىرسىدىنمۇ خۇش خەۋەر ئاڭلىمىغانىدى. ھە دېسە پالانى يەردە خەلق ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ، پۇستانى يەردە نامەلۇم چەۋەندازلار قورغاندىكى لەشكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپتۇ، پوكۈنى يولدا قاراقچىلار كارۋانلارنى بۇلاپتۇ ... دېگەندەك ئەندىشىلىك خەۋەرلەرنى ئاڭلاۋەرگەچ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى.

بالاساغۇن، بارسغان، پەرغانە ئۆلكىلىرىدىنلا ئەمەس، ئۇدۇن، مىڭلاق، ئالتاي، جۇڭغار دىيارلىرىدىنمۇ تېخىچە تارتۇق، باج - سېلىقلار كەلمىگەنىدى. بولمىسا ئۇ دىيارلارغا يارلىق، پەرمان ئەۋەتىلگەنىدى.

ئاتىسى مۇھەممەد ئارسلانخان، ئاكىسى ھۈسەيىن ئارسلانخان ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى، قوللىغۇچى، تەرەپدارلىرى قىرغىن قىلىنىپ، ئۇ تەختتە ئولتۇرغان كۈندە، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تىزلانغان بوزاغۇ:

— بۇغراخان ئالىيلىرى، مۇبارەك! مۇبارەك ! ئەمدى كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيدىغان بولدى. دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قان قۇسۇپ ئۆلگىنىنى، دارغا ئېسىلغىنىنى، چېپىلغىنىنى، چالما - كېسەك قىلىنغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، كۆرىدىغان بولدۇم. تەرەپ - تەرەپتىن ئارقمۇئارقا كەلگەن ئېسىل تارتۇقلارنى، باج - سېلىق ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ساندۇق - ساندۇق جاۋاھىرات، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىدىغان بولدۇم. خانلىق بىزنىڭ بولدى. شان - شەرەپ بىزگە مەنسۇپ بولدى، — دەپ خۇشاللىنىپ تەنتەنە قىلغانىدى.

بىراق، ئۇ قىساسىمنى تولۇق ئېلىپ بولمىدىم، دەپ

قارايتتى. ئارزۇ قىلغىنىدەك، تارتۇق - سوۋغاتلار كەينى - كەينىدىن كەلمەكتە يوق، قەشقەر دىيارىغا توپلىنىشىپ قالغان نۇرغۇن لاۋۇ لەشكەر ئالتۇن - كۈمۈشنى ئەجدىھادەك سۈمۈرۈپ، پادىشاھلىق خەزىنىنى قۇرۇقداپ قويۇۋاتاتتى.

ئىبراھىم تېگىن، بوزاغۇلار قىر - چاپ، غەلىبە شادلىقى، تەنتەنە بىلەن مەست بولۇپ دەسلەپكى 1 - ، 2 - ئاينىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشقانىدى. 3 -، 4 - ئاي، ئۇلارنىڭ شېرىن تەمەدە يولغا قارىشى، كۈتۈپ بىتاقەت بولۇشى بىلەن ئاستا ئۆتتى. پەرمان، يارلىق ئەۋەتىش ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار بولۇپ ئاچچىق يۇتۇش بىلەن 5 -، 6 - ئاينى تەستە چىقاردى. 7 - ئاينى بولسا، تاقىتى تاق بولۇپ، غەزىپى ئۆرلەپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئابىنچۇ خاتۇن قۇمارىبىكەلا ئۆز پىتىدىن چۈشمەي، نازاكەت - سۆلكىتىنى يوقاتماي دەبدەبە، سەلتەنەت بىلەن ئالتۇن تارىم تۇركەن خاتۇن بولۇپ ياشاشقا باشلىغانىدى. ئىبراھىم تېگىن بىلەن بوزاغۇ ھەركۈنى كەچتە ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا كىرىپ ئەھۋالدىن مەلۇمات بېرەتتى، يولىيورۇق ئالاتتى. تىل - ھاقارىتىنى ئىشىتىپ، سالپىيىپ چىقىپ كېتىشەتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇغراخانمۇ، يۇغرۇش باشمۇ قۇمارىبىكەنىڭ ئۆزى بولۇپ، تېرىسىگە سىغماي قالغانىدى. ئىبراھىم تېگىن بىلەن بوزاغۇلار ئۇنىڭ ئەمرىنى ئادا قىلغۇچىلار ئىدى، خالاس.

شۇلارنى ئويلاپ روھى چۈشۈپ ئۈمىدسىزلەنگەن ئىبراھىم تېگىن تەختتە يانپاشلاپ ئولتۇرغىنىچە ئىشىكئاغىسىنى ۋارقىراپ چاقىردى.

— لەببەي ئالىيلىرى، — تۆت قىرلىق ئۇچلۇق بۆكىگە كۈمۈش ئوتۇغات قادالغان مۆڭسۈز ئىشىكچى كىرىپ تەزىم قىلدى. ئۇ قارا يىپەك رەختتىن يېلىڭ تون كىيىپ، كۈمۈش كەمەر باغلىغان بېلىگە ئەگرى ساپلىق قىلىچ ئېسىۋالغانىدى.

— چىقىپ ئېيتىڭ، يۇغرۇش، ھاجىپ، سۇباشىلارنىڭ،

ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدىغان شۇم خەۋەر، مەلۇماتلىرىنى ئەمدى ئاڭلىغۇم يوق!

— پەرمانلىرىنى يەتكۈزىمەن، خاقانىم، — مۇڭسۇز چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ مېڭىۋىدى، ئىبراھىم تېگىن توختىتىۋالدى.

— سىزگە گېپىم بار، ھايال بولماي كىرىڭ!

— خوپ، ئالىيلىرى.

مۇڭسۇز كۆپ ئۆتمەي قايتىپ كىردى.

— ئولتۇرۇڭ قاپۇغچى باشى.

— قۇللۇق خاقانىم، — مۇڭسۇز تەخت يېنىدىكى يۇغرۇش باشى ئولتۇرىدىغان يۆلەنچۈكلۈك كۇرستا ئولتۇردى.

ئۇنىڭ بۇ يولسىزلىقىدىن ئاچچىقلانغان ئىبراھىم تېگىن قوشۇمىسىنى تۈردى ـ يۇ، يەنە شۇ ئان كۆلۈمسىرەپ سورىدى:

— ئاتام ۋاقتىدىكىگە قارىغاندا سالامەتلىكىڭىز كۆپ ياخشى بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— سالامەتلىكىم يامان بولۇپ باقمىغان، ئالىيلىرى، — دېدى مۇڭسۇز كەمەر بىلەن چىڭ باغلانغان بولسىمۇ، پومپىيىپ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قورسىقىنى سىلاپ، ئۇ سەمرىپ ياۋا قوتازدەك يوغىناپ كەتكەنىدى. يىلاننىڭكىدەك چېقىر كۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ئەقلىمگە كەلسەم جاللات ئىكەنسىز، ئۇ چاغدا ئورۇق، قورقۇنچلۇق ئىدىڭىز ...

— ئەسلىرىدە تۇرۇپتۇ، خاقانىم. مەن ئۇ چاغدا بويتاق ھەم كىشىلەردىن ئايرىلىپ تۇراتتىم، يالغۇز ئىدىم. يالغۇز يېگەن تەنگە سىڭمەيدىكەن. ئەمدىلىكتە ئالىيلىرىدەك بۇغراخان قېشىدا، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا مەن، غېمىم يوق خاقانىم، تەڭرىم مۇرادىمغا يەتكۈزۈۋاتىدۇ. مەن غالىب! — مۇڭسۇز بوينىغا ئېسىۋالغان ئالتۇن بۇتنى كىيىمى ئۈستىدىن سىيپاپ تۇرۇپ ھىجايدى، — شۇنداق، مەن غالىب، ھېچكىم ماڭا

چېقىلالمايدۇ، مەندە سېھىرىي كۈچ بار.

— راست، سىزدە سېھىرىي كۈچ بار. بەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنىسىز، — دېدى مۇخسۇزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشقان ئىبراھىم تېگىن. ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇۋاتقىنىنى سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن قوشۇپ قويدى، — شۇڭا سىزنى قاپۇغچى باشى قىلىپ يېنىمدا ساقلاۋاتىمەن.

— ئالىيلىرى، — تەنە قىلىپ ئۈنلۈك كۈلدى مۇخسۇز، — مېنى قەدىرلىگەنلىرى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى بالا - قازادىن ساقلايمەن، خاتىرجەم بولغايلا.

— مەن خاتىرجەم. سىزگە دۇنيادا ئەڭ چىرايلىق خاتۇننى سوۋغات قىلماقچىمەن.

— ھەشقاللا ئالىيلىرى، ھەشقاللا! تۆت خوتۇنۇم، توقاللىرىم بار، — دېدى ئۇ تەنە بىلەن يالغان سۆزلەپ، — ئۆزلىرى سوۋغا قىلماقچى بولغان ئۇ نازىنىننى چۆرىلىرىمنىڭ گۈل تاجىسى قىلىپ باغرىمغا باسىمەن.

مۇخسۇزنىڭ مەسخىرىلىك سۆزلىرىنى ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ توختىماي ۋالاقلاشلىرىدىن زېرىككەن ئىبراھىم تېگىن كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان مەقسەتكە كۆچتى:

— سىز كۆپنى كۆرگەن، كەچۈرمىشلىرىڭىز ئاجايىپ، كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولغىنىڭىز ئۈچۈن، مەرتىۋىڭىزنى ئۆستۈرۈپ جاندارلار باشىدىن قاپۇغچى باشى قىلىپ تەيىنلىگەنىدىم. ئىشەنچىمنى ئاقلىدىڭىز، — ئۇ بوزاغۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇنى ئوردىدىكى ئەڭ خىللانغان چەۋەندازلار قوشۇنىدىن يىراقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە بۇ مەنسەپكە قويغانلىقىنى سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن مۇخسۇزنى ھە دەپ ئۇچۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇدەممۇ ئۇنى ماختاپ ساداقىتىنى سىناش غەرىزىدە سورىدى، — يېقىندىن بېرى ئوردا ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى، ئېيتىڭا، ئوردىدا بىرەر ئەھۋال بارمۇ؟ ئۇچۇقىنى ئېيتسام بىرەر يامان ئەھۋال كۆزىڭىزگە چېلىقمىدىمۇ؟

— يوقسۇ خاقانىم، ئەجەب سوراپ قالدىلىغۇ؟

ئۆزىنىڭ جاندارلار باشلىقىدىن قاپۇغچى باشلىقىغا ئۆستۈرۈلۈشىدىكى «سىر»نى ئالالىقاچان بىلىۋالغان مۇڭسۇز بۇ چاغقىچە ئۇقمىغانغا سېلىپ خۇپسەن گاس بولىۋالغانىدى. ئۆزىنىڭ قىساس ئېلىش ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن ساداقەت كەمىرىنى مەھكەم باغلىغانلار قاتارىغا ئۆتۈۋالغانىدى. شۇڭا، سوئالغا جاۋاب بەرمەي ئىبراھىم تېگىننىڭ مۇددىئاسىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ سۈكۈت قىلىپ تۇردى.

— ھەممىدىن سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز ئۆتكۈر، شۇڭا سوراۋاتىمەن، — دېدى ئىبراھىم بۇغرا قاراخان مۇددىئاسىنى ئوچۇق ئېيتماي.

مۇڭسۇزنىڭ سۇرلۇك چىرايىدىكى سوغۇق كۈلكە يوقالدى.

— راستىنى دېسەم، ئاتىلىرى مۇھەممەد ئارسلانخان ۋاقتىدا، كۇندە بولمىسىمۇ، كۈنىدە بىرەر يامان ئەھۋالنى چېلىقتۇرۇپ تۇراتتىم. چۈنكى، ئۇ چاغدا زىندان باشلىقىدىن جاندارلار باشلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكىم ئۈچۈن قەدىمىم ھەممە يەرگە يېتەتتى، كۆزلىرىم ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئالىيلىرى تەختكە چىققاندىن بۇيان قاپۇغچى باشى بولۇپ، ساراي ئىشىكىدىن باشقا يەرگە بارالماي، پۇتلىرىم چۈشىلىپ قالدى. بوسۇغىدىن دالىجىماس ئىت ئالدىغا كەلگەننى كۆرىدۇ، يىراقتىكىنى كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا، ئوردىدا نېمە ئىشلار سادىر بولۇۋاتىدۇ؟ بىلەلمەي قالدىم، كەچۈرگەيلا خاقانىم!

— سىز سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ قويۇۋاتقانلارنى سەزمىدىم دېمەكچىمۇ؟ — ئىشەنمەي زەردە قىلىپ سورىدى ئىبراھىم تېگىن.

— سەزدىم دېسەم بۇنىڭغا ئىسپات كۆرسىتىشىم كېرەك. سەزمىدىم دېسەم ئۇنداقلار چىقىپ قالسا جاۋابكار بولىدىغان گەپ. گۇمانىمنى قوزغاپ قويغانلار يوق ئەمەس.

— گۇمانىڭىزنى قوزغاپ قويغان زادى كىم؟

— قەيسەربەگ ئالىيلىرى، — بىپەرۋالىق بىلەن جاۋاب بەردى مۇڭسۇز.

— قەيسەربەگ؟ — ئىبراھىم تېگىن چايان چېقىۋالغاندەك ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— شۇنداق ئالىيلىرى، ئۇنىڭ ئىسمى ئەسلىدە قەيسەربەگ ئەمەس ئىدى.

— نېمە ؟ ! قەيسەربەگ بولمىسا، ئۆز ئىسمى نېمە ئىدى؟

— بوزاغۇ.

— بوزاغۇ؟ سىز بۇنى قانداق بىلىسىز؟

— شاھىم، ئولتۇرۇپ ئاڭلىغايلا، بۇ ئۆزى ئۇزۇن ھېكايە، — مۇڭسۇز بوزاغۇنىڭ سىرلىق كەچۈرمىشلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىبراھىم تېگىننى ئىششەندۇرمەكچى بولۇپ دېدى، — مۇنداق ئادەمدىن گۇمانلانماسلىق مۇمكىنمۇ؟ ئاشۇ كۈنكى ئوردا ئۆزگىرىشىدە ئاتىلىرى، ئاكىلىرىنى شۇ زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. ئالىيلىرىنى تەختكە چىقارغان بىلەن، ھەممە ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. يۇغرۇش، ھاجىپ، سۇباشىلارنىڭ كۆپىنى ئاغزىغا قارىتىۋالدى. بىر كۈنى ئالىيلىرىنىمۇ قەستلەمدىكىن، دېگەن ئەندىشىدە قالدىم، خاقانىم. ئەگەر ماقۇل بولسىلا ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، بۇ ئاپەتنى ئارىدىن كۆتۈرۈۋېتەي.

— بولمايدۇ. ئۇ دېگەن مېنىڭ تاغام. ئاپامنىڭ ئاكىسى، ماڭا ئاسىيلىق قىلمايدۇ، — دېدى قۇماربېكەنىڭ: «قەيسەربەگ سېنىڭ تاغاڭ، بۇنى ئەلھال ھېچكىمگە ئېيتقۇچى بولما. بۇنىڭ سەۋەبىنى سەن تاج كىيگەندە ئېيتىپ بېرىمەن» دېگەن سۆزى يادىدىن كېچىپ، «ھە، ئەسلىدە مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە، قەيسەربەگ دېگەن قارلۇق بولۇنبەگنىڭ ئوغلى بوزاغۇ ئىكەن. ھەي ئىست ! ئاپام بىلەن بۇ تاغام مېنى ئالداپ، ئاتامنى ئۆلتۈرۈپ مۇددىئاسىغا يەتمەكچى ئىكەن. بىشىمدىكى بۇ تاج سىرتماق بولمىسۇن يەنە. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ...» دەپ

ئويلاپ چېكىسىنى تۇتقىنىچە پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— خاقانىم، بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ماڭغان يوللىرىدىن قايتالمايلا، تەختتە مەھكەم ئولتۇراي دېسىلە بوزاغۇدەك مەككارلاردىن پەخەس بولغايلا.

— بوزاغۇ مېنىڭ تاغام، ئۇ ماڭا قەست قىلمايدۇ، — دەپ غودۇڭشىدى ئىبراھىم تېگىن.

— ئىشەنچلىرى كامىلمۇ؟

— كامىل، قاپۇغچى باشى.

— مېنىڭ ئادا قىلىشىمغا تېگىشلىك يەنە قانداق پەرمانلىرى بار، ئالىيلىرى؟

— ئوردىدىكى ئىشلارغا كۆز - قۇلاق بولۇڭ.

— باش ئۈستىگە، — مۇڭسۇز چىقىپ كەتتى.

ئىبراھىم تېگىن كۆڭۈل غەشلىكىدە ھەرەمگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تەختتىن چۈشۈپ تۇرۇۋىدى، بوزاغۇ چاپارمەن قارا باخشىنى باشلاپ كىردى.

— خاقانىم، قۇزئوردۇغا ئەۋەتىلگەن چاپارمەن قايتىپ كەلدى.

باش - كۆزى چاڭ - توزانغا كۆمۈلگەن قارا باخشى تىزلىنىپ يەرگە باش قويدى:

— بۇغراخان ئالىيلىرى، تەڭرىم ھەزرەتلىرىگە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن!

— بېشىڭنى كۆتۈر!

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا، ئالىيلىرى.

— كەچتىم، نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟

قارا باخشى بېشىنى كۆتۈردى. ئىبراھىم تېگىننىڭ ئەندىشىلىك نەزىرى ئۇنىڭ بوينىدىكى ساڭگىلاپ تۇرغان سىرتماقتا چۈشتى.

— بوينۇڭدىكى نېمە ئۇ؟

— ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان سېلىپ قويغان سىرتماق.
— نېمىشقا سىرتماق سېلىپ قويىدى؟
— ئاۋۋال ئۆلتۈرمەكچى بولدى، كېيىن بوينۇمغا سىرتماق سېلىپ، بۇ مەكتۇپنى تۇتقۇزۇپ قويىدى.

قارا باخشى ئۇزارتقان مەكتۇپنى ئىبراھىم تېگىن يۇلۇپ ئالدى. ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتۈپلا، چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتتى.

مەكتۇپتا: «قاراخانىيلار جەمەتىنىڭ ئاسىيسى ئىبراھىم! ئەل قىساسى مىنەلھەق. جازاڭنى بېرىش ئۈچۈن، سەن كۈتمىگەن چاغدا ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ بارىمەن. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بىننى سۇلايمان ئارسلانخان» دەپ يېزىلغانىدى.

ئۇنىڭ تىترىگەن قوللىرىدىن مەكتۇپ يەرگە چۈشتى. بوزاغۇ ئېلىپ ئوقۇدى. ئۇنىڭ چېھرىمۇ ئۆڭۈپ كەتتى، لېكىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭلاپ:

— بۇغراخان ئالىيلىرى، ئەمدى قاراپ تۇرساق بولمايدۇ. قۇزئوردۇغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، بىزگە ئەۋەتكەن سىرتماقنى، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخاننىڭ بوينىغا سالايلى، — دېدى غەزەپلەنگەن ھالدا.

ئىبراھىم تېگىن ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، قونچىغا ئالتۇن پىستان قادالغان خۇرۇم ئۆتۈكى بىلەن قارا باخشىنىڭ بېشىغا تەپتى.

— يوقال كۆزۈمدىن، ھارامزادە!

## 2

«ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەن ھېكمەت ئوغرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەممە نىيىتى بۇزۇقلارنىڭ ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەختكە ئولتۇرغاندىن بېرى، ئىبراھىم تېگىنگە ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بىر ئەندىشە يېپىشىۋالغانىدى.

ھەرەمدىمۇ، ئۇردىدىكى تەختكە چىققاندىمۇ بۇ ۋەھىمىلىك ئەندىشە سايىدەك ئەگىشىۋالاتتى. بىرسى كەينىدىن خەنجەر ئۇرىدىغاندەك، ياكى تۇيدۇرماي كىلىپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، ئەندىكىپ كېتەتتى.

«ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ روھى قاتىلنى تەقىب قىلىدۇ، ئارامىغا قويمايدۇ» دېگەن ھېكمەتمۇ ئاساسسىز ئەمەستۇر. ئىبراھىم تېگىننى ئەندىشىگە سېلىپ تۇرغان، مەرھۇم ئاتىسىنىڭ روھى ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ خىيال قىلغانسېرى، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. زەھەرلىنىپ يىقىلغان مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ جاۋىغىيدىن ئاپپاق ساقىلىغا ئېقىپ چۈشكەن قان، ھۇسەيىن ئارسلانخاننىڭ ئوچۇق پېتىچە ئالىيىپ قالغان غەزەپلىك كۆزلىرى، ئۇنىڭدىكى قورقۇنچنى كۈنسېرى كۈچەيتىۋەتكەنىدى.

ئۇ مۈگىسۈزدىن قەيسەربەگنىڭ بوزاغىۇ ئىكەنلىكىنى ئىشىتكەندىن كېيىن، تاغىسىدىنمۇ گۇمانلىنىپ قالغانىدى. «ئابام باشتا ماڭا نېمىشقا ئېيتمىغاندۇ؟ ھەرقانچە ئۆچمەن بولسىمۇ، ئاتام بىلەن يىگىرمە نەچچە يىل بىر ياستۇقتا باش قويغانلىقىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىشى كېرەك ئىدى. ئاتامغا يېقىن ۋەزىر - ۋۇزرالارنى ئۆلتۈرسىمۇ، ئاتامنى ئۆلتۈرمەسلىكى لازىم ئىدى. تاغام بوزاغۇ شۇنداق مەسلىھەت بەرگەندەك قىلىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن ياۋۇز - ھە! بۇ ھەقتە ئابام بىلەن بىر سۆزلىشەي.»

ئۇ شۇ خىيال بىلەن ھەرەمگە قەدەم باستى. ئاق، سېرىق، قىزىل ئەتىرگۈللەر، تاجىگۈل، رەيھانگۈللەر خۇش ھىدىنى تارىتىپ تۇرغان ھەرەم قورۇسىنىڭ توز قانىتىدەك كۆركەم گۈلزارلىقىنى ئىككى قېتىم ئايلاندى. ئۇنى قوغداپ كەلگەن جاندارلارنىڭ بىر قىسمى ھەرەم ئىشىكىدە قالغانىدى. قورۇغا كىرگەنلىرى ھەرقايسى قەسىرلەرنىڭ ئىشىكىدە قاراۋۇللۇقتا تۇردى. ئىبراھىم تېگىن ئانىسىغا دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنى

تازا ئويلىنىۋېلىپ كۆڭلىگە تىزىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەسىرىگە كىردى.

قەسىر ھويلىسى سۇرتۇلگەن ئەينەكتەك پاكىز، چىرايلىق بولۇپ، رەڭگارەڭ گۈل - گىياھلار يەلپۈنۈپ تۇراتتى. شالاسونلۇق پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىگە ئېسىلغان قەپەسلەردىكى تۇتى قۇش ئۇنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ، «بۇغراخان كىردى، شاھىنشاھ كىردى» دەپ توۋلىدى. باشقا قەپەسلەردىكى تۇمۇچۇق، تورغاي، قارىغوجىلارمۇ ۋىچىرلىشىپ سايراپ كېتىشتى. ئىبراھىم تېگىن ئەتراپقا كۆز سالغان ھالدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ «خەپشۇك !»دەپ ۋارقىرىدى. تۇتى قۇش جىم بولۇشنىڭ ئورنىغا «خەپشۇك ! خەپشۇك !» دەپ توۋلاشقا باشلىدى. ئۇ قولىنى شىلتىپ قويۇپ ئانىسىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. خاس ھۇجرىنىڭ پەلەمپىيىدە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان كېنىزەك يەرگىچە ئېگىلىپ سالام بەردى ۋە:

— بۇغراخان ئالىيلىرى، كىچىككىنە توختاپ تۇرغان بولسىلا، تۇركەن خاتۇن بۈزرۈكۋارىمىزنى كەلگەنلىرىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ قويغان بولسام، — دېدى.

— مەن بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىدىغان يۇغرۇش، ھاجىپ ياكى ئوردا ئەمەلدارى ئەمەس، خاقانمەن. ئانامنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش ھاجەتسىز، — دېگىنىچە دەھلىزگە قەدەم قويدى، ئاندىن گۈلدار ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئىچىپ خاس ھۇجرىغا كىرىپلا ئارقىسىغا ياندى. ئۇ ئانىسى بىلەن مۆڭدىشىپ ئولتۇرغان مۆڭسۈزنى كۆرگەنىدى...

— شاھىنشاھ ئوغلۇم، توختىسىلا، — يۈگۈرۈپ چىققان قۇمارىبىكە ئۇنىڭ ئالدىنى توستى، — نەگە بارىلا بۇغرام؟ كىرىپ بولۇپ، يېنىپ چىققانلىرى نېمىسى؟ مۆڭسۈز نېمىدەپ قالىدۇ؟ ئۇ سالامغا كىرىپتىكەن.

ئىبراھىم تېگىن توختاپ ئانىسىغا سەپسالدى. قوڭۇر چاچلىق بېشىدا ئالتۇن تاج، ئۇچىسىدا قىزىل يىپەك رەختتىن تىكىلگەن

بەلپۇرمە كۆڭلەك بار ئىدى. گۈزەل چىرايىدە سىرلىق تەبەسسۇم، كۆك كۆزلىرىدە خىيالچان نەزەر...

— ئابا، قاپۇغچى باشى بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟ — سورىدى ئىبراھىم تېگىن ئاھانەت ھېس قىلىپ.

— نېمە قىلىدۇ، دەمدىلا بۇغرام؟ سالامغا كىرىپتىكەن.

— بۇزرۇكۋارىم، مەن بۇغراخان سارىيىدىن چىقمىغۇچە ئۇنىڭمۇ شۇ يەردە بولۇشى زۆرۈر ئىدى. خىزمىتىنى تاشلاپ قەسىرلىرىگە كېلىۋالغىنىدىن ئەجەبلىنىۋاتىمەن.

— بالام، سىلى سارايدىن چىقىپلا قەسىرىمگە كەلگەن ئوخشىمامدىلا؟

— شۇنداق، ئابا. مەن ئۇنى دىۋانخانىدا قالدى، دەپتىمەن. سارايدا ئىككەيلەكىمىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ يەرگە كېلىشى سەۋەبسىز بولمىسا كېرەك.

— ئۇنداق چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىسىلە بۇغرام. سىلىنى سارايدا يوق، دەپ بىخەستەلىك قىلغان چېغى. بۇنىڭغا خاپا بولمىسىلا...

قۇمارىبىكەنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ھۇجرىدىن لوڭگىدا چىققان مۇڭسۇز بىشىنى ئېگىپ قويۇپ ياندىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىمۇتۇق چىرايىدە مەسخىرىلىك كۈلكە قېتىپ قالغانىدى.

— كۆردىلىمۇ ئابا. ئۇنىڭ يوغىناپ كەتكىنىنى، خۇددى مېنىڭ ئاتامدەك. بۇنىڭغا قانداقمۇ تاقەت قىلالايمەن؟

قۇمارىبىكە ئۇنى ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۈچ قات يېكەنداز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى.

— ئۇنداق دەپ كەتمىسىلە بالام، ئۇ شۇنداق ئېيىق مىجەز، ئۆرۈمچىل ئادەم، بەزى ئەھۋاللاردىن مېنى خەۋەرلەندۇرۇش ئۈچۈن سالامغا كىرىپتىكەن.

— قانداق ئەھۋاللاردىن ئابا؟

— قارا باخشىنىڭ قايتىپ كەلگىنىدىن.

— مەن تۇرسام، بۇ خەۋەرنى نېمىشقا سىلىگە يەتكۈزۈشكە

ئالدىرىغاندۇ؟

— ئۇ تەلۋە قارا قورساق ئادەم، بالام. بەلكىم مېنىڭ خەۋەر كۈتۈپ تۇرغانلىقىمنى قىياس قىلىپ، قارا باخشىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپلا مېنى ۋاقىپلاندۇرماقچى بولغاندۇ، ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمىسىلە.

— ئۇ قارا قورساق بولسا قانداق قىياس قىلىدۇ. نېمىشقا سىلىگە خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولىدۇ، ئابا؟ — ئىبراھىم تېگىنىڭ گۇمانى بارغانسېرى كۈچەيدى. ئانىسىنىڭ كۆكۈچ نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن ئۇ قان ئىچەر جاللاتنىڭ ئىپلاس ئايىغىدا قەسىرلىرىنىڭ مەينەت بولۇپ كەتكىنىنى كۆرگۈم يوق ! ئابا، دەپ باقسىلا، نېمىشقا قەيسەربەگ تاغامنىڭ ئۆز ئىسمىنى ماڭا بىلدۇرمىدىلە؟

— بۇنى كىمدىن ئاڭلىدىلا، خاقان بالام؟

— بايا ھۇجرىلىرىدا مېھمان بولغان مۇڭسۇزدىن.

— مۇڭسۇزدىن؟ بۇ ئەبلەخ يەنە نېمىلەرنى دېدى؟

— ھەممىنى، بوزاغۇنىڭ قەسىرلىرىدە ئاغۋات بولغىنىنى، بەگيۇسۇپنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنى قىرغىن قىلغىنىنى، ئاتامنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگىنىنى...

— بولدى بەس ! ئاشۇرۇۋېتىپتۇ ئۇ مەلئۇن. بوزاغۇ ئاكام ئاتىلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمىدى، زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ قېنىنى تۆكتى. بۇ ھەقتە سىلىگە سۆزلەپ بەرمەكچىدىم، تەختكە چىققانلىرىدىن كېيىن تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىلە، مەنمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدىم. مۇڭسۇزنىڭ ئاكامنىڭ ئىشلىرىدىن قانداق خەۋەر تاپقانلىقىنى زادىلا بىلمەيمەن، بالام. قارىغاندا بۇ بەتبەخت مەن ئويلىغاندەك تەلۋە ئەمەس ئىكەن. تەلۋە سىياقىغا كىرىۋالغان جاسۇس ئىكەن. باشتىلا ئۇنىڭدىن پەخەس بولۇش توغرۇلۇق ئاكامنى ئاگاھلاندۇرغانىدىم، ئەمدى بالام سىلىنى ئاگاھلاندۇراي. مۇڭسۇز رەھىمسىز ئەبلەخ، ئۇنى مەرھۇم ئاتىلىرى زىندان

باشى، ئاندىن جاندارلار باشى قىلىپ يوغىنىتىپ قويغان. خاقان بولغانلىرىدىن كېيىن، مەن بوزاغۇغا ئەقىل كۆرسىتىۋىدىم، ئۇنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن مۇڭسۇزنى قاپۇغچى باشى قىلىپ تەيىنلىدىلە. بۇنىڭ بىلەن بۇ سىرلىق كاللىكېسەرنى تاللانغان سىپاھلاردىن نېرى قىلدۇق. بۇ ھەقتىمۇ سىلى بىلەن مەسلىھەتلىشەلمىگىنىم ئۈچۈن كەچۈرسىلە، بۇغرام، — قۇماربىكە ئوغلىنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن تاجنى تەكچىگە ئېلىپ قويۇپ، باغرىغا باستى، — بالام، بۇ مۇڭسۇز دېگەن ئەبلەخ سىلىنى تەختكە چىقىرىشتا ئاجايىپ كۈچ چىقاردى. ئەمدى سىلىگە راستىمنى دەي: ئاتىلىرى ئۆلمىگەن بولسا، مەن، سىلى، ئاكام بوزاغۇ ئۆلتۈرۈلەتتۇق. ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. بۇنى كاللىلىرىدىن چىقىرىۋېتىپ، تەختلىرىنى مۇستەھكەملەشنىڭ كويىدا بولۇشلىرى ھەممىدىن زۆرۈر. بايا مۇڭسۇزدىن قاراباخشىنىڭ قۇزئوردۇدىن غەلىتە ھالدا قايتىپ كەلگىنىنى ئاڭلىدىم.

— راست، ئابا. ماڭا سىرتماق، مەكتۇپ ئېلىپ كەپتۇ، — ئىبراھىم تېگىن گەپ قىلىۋېتىپ سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ يانچۇقىدىن مەكتۇپنى ئېلىپ بەردى.

ئوقۇپ ئۆڭى ئۆچكەن قۇماربىكە مەكتۇپنى يىرتىپ پارە - پارە قىلىۋەتتى.

— بۇنى ساقلاپ نېمە قىلاي دەيلا. ھەرقانداق ئادەم ئوقۇسا، چۆچۈپ ئۈمىدسىزلىنىدۇ، — دېدى قۇماربىكە ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — روھلىرىنى چۈشۈرمىسىلە، بۇغرام، غەيرەتلىك بولسىلا، كۈچ - قۇدرەتلىرىدىن دۈشمەنلەر دىر - دىر تىترىسۇن، ھەيۋىلىرىدىن ئاۋام خەلق تەپ تارتىپ، ئەمىر - پەرمانلىرىدىن چىقمىسۇن.

ئىبراھىم تېگىن بېشىنى كۆتۈردى:

— ئابا، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توپىلاڭ بولۇۋاتسا، ئىلىكخان، ئارسلانخانلار، يابغۇ، كۆل ئىركىن، سانغۇنلار① بۇغراخان بولغىنىمنى ئېتىراپ قىلمايۋاتسا، ئۆلكە، ۋىلايەت، ئايماقلاردىن كېلىدىغان باج - سېلىقلار توختاپ قالغان تۇرسا، روھىمنى قانداق كۆتۈرىمەن؟ ئاتامدىن قالغان سىپاھلارغا بېرىلىۋاتقان راسخوت خەزىنىنى قۇرۇقداپ قويدى. قورغانلاردا تۇرۇۋاتقان سىپاھلار قاچماقتا. ئۇلارنىڭ قورسىقى تويغۇدەك ئاشلىقنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىدىم. روھى كۆتۈرۈلگۈدەك پۇلنى قوللىرىغا تۇتقۇزالمىدىم، ئابا. ئەتراپىمنى نەپسانىيەتچى، خۇشامەتچى ئاچ كۆز ئەمەلدارلار قاپسىۋالدى. نېمە قىلىشىمنى، ئەلگە قانداق يارلىق، پەرمان چۈشۈرۈشۈمنى بىلەلمەي قالدىم. ئابا، مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ ئابا - ئابا... — دەردىنى تۆككەن ئىبراھىم تېگىن ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

ئۇنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقان قۇمارىبىكە قولىنى تارتىۋالدى. لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. سەنلەپ سۆزلەپ ئوغلىنى پۇسكايتىۋەتتى:

— ئىست، ئىست، ساڭا قىلغانلىرىم. سېنى بۇغراخان قىلىمەن، دەپ ئىرىمنىمۇ قۇربان قىلدىم. جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ ئوردا ئۆزگىرىشى قىلدىم، سېنى تەختكە چىقاردىم. ئەمدى ئۇھ، دەپ غەلىبە خۇشاللىقىنىڭ پەيزىنى سۈرەي دەۋاتسام، ماڭقاڭنى ئېقىتىپ كىرىپسەنغۇ؟ سېنى قانداقمۇ بۇغراخان دېگىلى بولسۇن؟ بۇغراخان دېگەن ئات ئۈستىدە قىلىچ ئويىنىتىپ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. سەن نېمە قىلدىڭ؟ ئالتۇن گۈرزە تۇتقان يۇرتۇغلار بىلەن توققۇز تۇغۇڭنى لەپىلدىتىپ، يۈرۈش قىلىپ باقتىڭمۇ؟ سەن ھېچنېمە قىلمىدىڭ، لەقۋا. قورقۇنچاقلىق قىلدىڭ، ھەتتا شىكارغىمۇ

① قاراخانىيلار خاندانلىقىدىكى ئەمەل ناملىرى. ئىلىكخان، ئارسلانخانلار — سۇلتان، پادىشاھقا تەڭ ئەمەل؛ يابغو، كۆل ئىركىن، سانغۇنلار ئايماق، قوشۇن باشلىقلىرىنىڭ ئەمەل ناملىرى.

چىقىمىدىڭ ئۆلۈمتۈك. مەن تېخى سېنى بۇغراخان بولسا، ئېلىكخان، ئارسلانخانلارنى ئالدىدا تىز پۈكتۈرۈپ، بۆگۈ بىلگە ئۆلىمالارنى ئۆزىگە دۇئا قىلدۇرىدۇ. ئۆز نامىغا قۇتبە[1] ئوقۇتىدۇ، دەپ ئويلىغۇدىم. ھۇجرامدا كىچىك بالىدەك يىغلاپ تۇرغىنىڭنى قارا. يېشىڭنى ئېرت. ئالدىمدا يىغلىغۇچى بولما! سەن ماڭا يېلىنماي، قىلىچىڭنى باش ئۈستىگە كۆتۈر! گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟! — قاتتىق ۋارقىرىدى قۇمارىبىكە كۆزلىرىدىن يېشىل ئۇچقۇن چاچرىتىپ.

— ئاڭلىدىم ئابا، ئاڭلىدىم، — پىچىرلىدى ئىبراھىم تېگىن.

— ئەمرىڭنى ئورۇنلىمىغان يۇغرۇش، ھاجىپلارنى چاپ، زىندانغا تاشلا! ساڭا كۆز ئالايتقاننىڭ كۆزىنى ئوي، دارغا ئاس! بويۇنتاۋلىق قىلغان ئاۋامنى قىر - ئۆلتۈر! شۇنداق قىلالىساڭ تەختتە مەھكەم ئولتۇرالايسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم ئابا، مەن ھېچكىمگە رەھىم قىلمايمەن.

— رەھىم قىلماسلىق سېنىڭ ئەقىدەڭ بولسۇن، بۇغرام. سەن مېنىڭ بالام، سەن مېنىڭ تاجۇدۆلىتىم. بۇنىڭدىن كېيىن بېشىڭنى ئېگىز، قىلىچىڭنى تىك تۇت، زەردىلىك بول، يۇمشاقباشلىق قىلما! خەزىنەڭ قۇرۇقدىلىپ قالغان بولسا مەن ساڭا ئالتۇن - كۈمۈش بېرەي. ئەمدى قاراپ تۇرما! ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان لەشكەر تارتىپ كەلگۈچە، سەن لەشكەر باشلاپ ئالدىغا بار. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئاتلىنىپ بارسغانغا باستۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن سۇباشىلارغا ئەمر قىل، بۇغرام؟ — دېدى قۇمارىبىكە بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سۆزلەپ.

— بارسغانغا؟ — ھەيران بولدى ئىبراھىم تېگىن، — قوزئوردۇغا يۈرۈش قىلماي، بارسغانغا يۈرۈش قىلامدۇق؟

— بۇنىمۇ ئويلاپ يېتەلمىدىڭمۇ، بالام؟ ئاڭلا، بارسغاننى

---

[1] قۇتبە — پادىشاھلار نامىغا سۆزلەنگەن نۇتۇق.

ئالماق ئاسان. ئۇ يەردە كۈچىمىزگە كۈچ قوشۇلىدۇ. ئاندىن قۇزئوردۇغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئەبۇ ھەسەن بىلەن بەگيۇسۇپنى تۇتۇپ دارغا ئاسىمىز، — قۇماربىكە «سەن»نى «سىلى»گە ئۆزگەرتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ چاغدا باھادىر خاقان ئوغلۇمنىڭ شان ـ شۆھرەتلىرى پۈتۈن ئالەمگە يېيىلىدۇ.

— ئېيتقانلىرى كەلسۇن، ئابا.

— دېگەنلىرىمنى ئوبدان ئويلاپ كۆرۈپ جاۋاب بەرسىلە، بالام.

ئىبراھىم تېگىن ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ ئانىسىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلىدىن ياخشى چارىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئەقلى شۇنچىلىك ئىدى.

— ماقۇل، ئابا. ئەمدى كۆڭلۈم بىرئاز ئارامىغا چۈشتى. مەن ئەتە پۈتۈن لەشكەرلىرىمنىڭ ئۈچ كۈن ئىچىدە تەييارلىنىپ ئاتلىنىشى ئۈچۈن سۇباشىلارغا جىددىي پەرمان چۈشۈرەي.

— بۇغرام، جېنىم بۇغرام. ھەرگىز دېلىغۇل بولمىسىلا، كەسكىن بولسىلا. سىلى بالا ئەمەس، بۇغراخان، شاھىنشاھ. بوزاغۇ تاغلىرىدىن گۇمانلانمىسىلا، مۇڭسۇزنىڭ گەپلىرىگە ھە دەپلا قويسىلا. ئۇنىڭدىن پەخەس بولسىلا، قېيىنئاتىلىرى دوقاقبەگنى بارسغانغا ئاتلىنىش ئالدىدا ئېلىكخانلىققا تەيىنلەپ ئالىپ چاغرىبەگ ئۇنۋانىنى بەرسىلە، ئۇ ناھايىتى ساداقەتمەن.

— ئەلۋەتتە، ئابا. بارسغاننى ئالغان كۈنى قېيىنئاتامنى ئېلىكخانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزىمەن. ھە راست، بوزاغۇ تاغامنىچۇ؟ يەنە مۇڭسۇزمۇ بار.

— تاغىلىرى بوزاغۇنى قۇزئوردۇغا ئېلىكخان قىلىپ تەيىنلەشلىرى لازىمدۇر. بۇنى ئەسلىرىدە ساقلىغايلا. مۇڭسۇزنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە. خىزمەتلىرىمنى ئادا قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بىر پىيالە شاراب بىلەن جېنىنى ئالىمەن.

— ئەمدى بىلدىم، ئابا، سىلى ئاجايىپ ئەقىللىك جۇمۇ.

بۇغراخانلىق تەختىگە مەن ئەمەس، سىلى لايىق ئىكەنلا.

— ئوغلۇم سىلىنىڭ بۇغراخان بولغانلىرى — مېنىڭ بولغىنىم، — قۇمارىبىكە ئورنىدىن تۇرۇپ، تام جازىدىن بىر خۇمرا شاراب ئالدى. كۇمۇش جامغا تولدۇرۇپ قويۇپ، ئىبراھىم تېگىنگە تۇتتى، — ئىچسىلە بالام، روھلىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

ئىبراھىم تېگىن ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ جام شاراب ئىچىپ، كاۋاپ قىلىنغان بىر قىرغاۋۇلنىڭ گۆشىنى يېدى.

— خاقان بالام، ئوردۇكەنتتە بۆگۈ بىلگە، مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئاز ئەمەس. تەدبىرسىز، بۆلۈمسىز ئوردا ئەمەلدارلىرى ئورنىغا ئۇلارنى قويسىلا، ئاۋامىمۇ رازى بولىدۇ. دۆلەت ئىشلىرىمۇ يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئۇ قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغان ئىبراھىم تېگىنگە.

— دېگەنلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق، ئابا. ئەمما بۆگۈ بىلگە، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئوردىدا خىزمەت قىلىشنى رەت قىلدى.

— رەت قىلدى؟ قاچان، ئەجەب مەن خەۋەر تاپماپتىمەنا !

— ئۆتكەن ئايدا، خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەن شەيخۇلئىسلام نۇرىدىن داموللا ئورنىغا ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپنى تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرسەم ئوردىغا كەلگىلى ئۇنىمىدى.

— نېمىشقا ئۇ بۆگۈ بىلگەنىڭ ساقلىنى قولىقى بىلەن قوشۇپ كېسىپ تاشلىمىدىلا بۇغرام؟

— ئوردۇكەنت ئەھلىنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ.

— بۇغراخان بولغان كىشى ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشسىمۇ ئەنسىرىمەيدۇ. «ئەنسىرەپ» دېگەن سۆز بۈنىڭدىن كېيىن ئېغىزلىرىدىن چىقمىسۇن ! ئېغىزلىرىدىن چىققىنى ئىجرا قىلىنىدىغان ھۆكۈم بولسۇن، ئوغلۇم !

— ئەمرلىرىنى ئورۇنلايمەن، ئابا.

— خۇدايىمغا ئامانەت، ئوغلۇم.

— تەڭرىم ئۆزلىرىنى پاناھىدا ساقلىغاي.

ئىبراھىم تېگىن خاس ھۇجرىدىن چىقتى. قۇمارىبىكەنىڭ

بۇيرۇشى بىلەن ئىككى كېنىزەك ئۇنى ئىككى ياندىن يۆلەپ ئالتۇن تارىم ئەپرۇزە خاتۇننىڭ قەسرىگە ئاپىرىپ قويدى.

— خاقانىم يەنە ئىچىپىلا - هە ! ئاۋايلاپ ماڭسىلا، — دېدى ئالدىغا چىققان خانىش قولتۇقىدىن يۆلەپ.

— ئىچمىسەم خاپىلىقتىن نېرى بولالمايمەن، ئالتۇن تارىم. هازىر مەن خۇش. سىزنى سېغىنىپ تۇرىمەن، — خاس هۇجرىغا كىرگەن ئىبراھىم تېگىن كېنىزەكلەرنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزىنى قاتمۇقات سېلىنغان كىمخاب تۆشەككە تاشلىدى.

ئالتۇن تارىم ئەپرۇزە خاتۇن كېنىزەكلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئىبراھىم تېگىننىڭ قېشىدا ئولتۇردى.

— خاقانىم، پەرىشان كۆرۈنىلىغۇ؟

— نېمە؟ مەن پەرىشان كۆرۈنەمدىمەن، سەنىمۇ؟ مەن دېگەن بۇغراخان تۇرسام، پەرىشان كۆرۈنىلا دېگىنىڭ قانداق گەپ؟ سەن باشقىچە بولۇپ قاپسىنا، — ئىبراھىم تېگىن خانىشىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنى مىجىقلاپ ئاغرىتىۋەتتى.

— ۋايجان، خاقانىم ! — ئەپرۇزە خاتۇن چىرقىرىۋەتتى.

— ۋارقىرىماڭ قوزام. مەن ئالۋاستى ئەمەس، ئېرىڭىز بۇغراخانمەن. كىيىمىڭىزنى سالامسىز؟!

ئىبراھىم تېگىن خانىشنى بىردەم «سەن»، بىردەم «سىز»لەپ جىلە قىلىپ باغرىغا باستى.

— ئۇسساپ كەتتىم، چاي بېرىڭ ئومىقىم.

— تاماق يېمەملا شاھىم؟

— قورسىقىم توق.

ئەپرۇزە خاتۇن كېنىزەكنى چاقىرىپ چايغا بۇيرۇدى.

ئاچچىق دەملەنگەن چايدىن ئىككى پىيالە ئىچكەن ئىبراھىم تېگىننىڭ مەستلىكى يېشىلدى.

— چىراغنى ئۆچۈرۈپ، دېرىزىنى ئېچىۋېتىڭ ئالتۇنۇم.

خانىش پەردىنى قايرىپ، دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىۋەتتى. غۇرقىراپ كىرگەن تۈن شامىلى ئۇنىڭ قارا چاچلىرىنى يەلپۈندۈردى.

— نېمانداق قاراڭغۇ؟ — دېدى دېرىزىگە كۆز تىككەن ئىبراھىم تېگىننى قورقۇنچ بېسىپ.
— كېچە دېگەن شۇنداق قاراڭغۇ بولىدۇ، خاقانىم، ئۇنتۇپ قاپتىلا - ھە؟!
ئىبراھىم تېگىن غودۇڭشىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. خانىش ئۇقالماي، «ياتقىن دەۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ، كۆڭلىكىنى سېلىپ، كۆكسىدىن باغىرداقنى ئالدى. يوتقانغا نازلىنىپ كىرمەكچى بولۇۋىدى، ئىبراھىم تېگىن:
— دېرىزىنى يېپىۋەت ! — دەپ بۇيرۇدى.
خانىش ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنى يېپىۋەتتى. ئاستا كېلىپ يوتقانغا كىرمەي يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.
— بۈگۈنمۇ بەگ تەركىسى ئۆتكۈزدىلىمۇ، خاقانىم؟
— ياق. ئابامنىڭ قەسرىگە باردىم.
— تۈركەن خاتۇن ئالىيلىرى ئوبدان تۇرۇپتۇمۇ، خاقانىم؟
— ئوبدان تۇرۇپتۇ.
— شارابنى نەدە ئىچتىلە، خاقانىم؟
— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ ! نەدە ئىچكۈم كەلسە شۇ يەردە ئىچىمەن - دە. بۈگۈن ئۆمرۈمدە ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىمدىن كۆپرەك ئاجايىباتلارنى ئاڭلاپ، كۆرگەندەك بولدۇم. ئورنۇمدا باشقا بىرسى بولسا، بوغۇلۇپ ئۆلۈۋالاتتى. مەن ئۆلمەي كەلسەم باغرىڭنى ئاچماي سوئال - سوراق قىلىۋاتىسىنا، كەلگىن، كۆڭلۈمنى ئال !
ئىبراھىم تېگىن ئالتۇن تارىم ئەپرۇزە خاتۇننى تارتىپ قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسى ئۇنى جاھاننىڭ غەملىرىدىن خالاس قىلدى.

## 3

قىيا ئوچۇق دېرىزىدىن كىرگەن كۈزنىڭ غۇر - غۇر شامىلى ئۆي ھاۋاسىنى يېڭىلاپ، بىمارغا راھەتبەخش ئېتەتتى. بېشىنى

ئېگىز قىلىپ ياتقۇزۇپ قويۇلغان بۇ بىمار باشقا ئادەم بولماستىن، ياشانغان چېغىدا ئاغرىپ يېتىپ قالغان بەگتاش جالالىدىن ئىدى. دىلدارىبكەنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان ئاتىسىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ داۋالاۋاتقىنىغا بىر ھەپتە بولغانىدى. ئۇ تەكشۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى ئىكەنلىكىنى، قېنى ئازلىق كېسەللىكىمۇ مۇپتىلا بولغىنىنى بىلدى. گۆرۈچ تامىقىغا ۋە گۆشكە ئامراق بولغان بەگتاش جالالىدىن بۇ كېسەلگە ئۆتكەن يىلى گىرىپتار بولغانىدى. ئۇ قىزىنىڭ يېنىك تاماقلارنى، مېۋە، كۆكتاتنى كۆپرەك يەپ، گۆرۈچ ۋە گۆشتىن پەرھىز قىلىش توغرىسىدىكى تەۋسىيەسىگە ئانچە ئېتىبار قىلماي، كېسىلىنى ئېغىرلىتىۋالغانىدى. تاماق يېسىلا، بولۇپمۇ، پولۇ، مانتا، كاۋاپ قاتارلىق تائاملارنى يېسىلا مەيدىسىگە ئاغرىق كىرىپ كەتكەچكە، يېقىندىن بېرى قورسىقى ئاچسىمۇ تاماقنى ئاز يەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇ تۈپەيلىدىن تېنى ئاجىزلاپ، ئۇنىڭغا قان ئازلىق كېسىلىمۇ يېپىشقانىدى. ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ قالغاچقا ماغدۇرى ئۈزۈلگەنىدى.

دىلدارىبكە ئاتىسىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن بېرى، كېچە - كۈندۈز كۆيۈنۈپ داۋالاۋاتاتتى. سوقۇر ئۈچەينى ئېلىۋەتمىسە ھاياتىغا خەۋپ يېتەتتى. ئۇ بۇ ۋاقىتقا قەدەر بىرقانچە ئايالنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، سوقۇر ئۈچىيىنى ئېلىۋېتىپ، ساقايتقانىدى. پەقەت ۋاقتى ئۆتۈپ ئۈچىيى يېرىلىپ سېسىپ كەتكەن بىر ئايال ساقىيالماي قازا قىلغانىدى.

لوقمان ھەكىمنىڭ كېسەل داۋالاش توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان، ئىبنى سىنانىڭ كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇغان، زامانىسىدىكى ئاتاقلىق تېۋىپلارنىڭ داۋالاشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل - تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان دىلدارىبكە ئاتىسىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، ياللۇغلانغان سوقۇر ئۈچەينى ئېلىۋېتىش قارارىغا كەلدى. بۇنىڭغا چوڭ ئاكىسى

بەگتاش خېلىل قوشۇلغان بىلەن، ئانىسى خانكىمش ئاغىچا خېنىم، كىچىك ئاكىسى بەگتاش جېلىل قوشۇلمىدى، لېكىن ئەمدى كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايتتى.

قەتئىي ئىرادىغا كەلگەن دىلدارىبكە بەگتاش خېلىلنى تىللا سارايدىن، بەگتاش جېلىلنى سودا سارايدىن چاقىرتىپ كەلدى. ئاتىسىنىڭ يېنىدىكى ئانىسىنىمۇ ئۇلار بىلەن خاس ھۇجرىسىغا تەكلىپ قىلىپ جىددىي سۆزلەشتى.

— ئابا، ئاكىلىرىم، ئاتامنىڭ كېسىلى ئېنىق بولدى. سوقۇر ئۈچەي ئىكەن.

— سوقۇر ئۈچەي ئىكەن؟ قانداق داۋالىماقچى بولۇۋاتىسىلا سىڭلىم؟ — دەسلەپ بەگتاش جېلىل ئېغىز ئاچتى، ئۇ چاڭئەندىن تېخى يېقىندىلا قايتىپ كەلگەنىدى.

— قورسىقىنى يېرىپ يالىلۇغلانغان سوقۇر ئۈچەينى ئېلىۋەتمەكچىمەن.

— ۋاي خۇدايىم، ئاتىلىرى كۆتۈرەلمەيدۇ، قىزىم. ئۇنى قىينىمىسىلا، — قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى خانكىمش ئاغىچا خېنىم يىغلامسىراپ.

— ئابام توغرا دېدى. ئاتامنىڭ قورسىقىنى يېرىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئۇنى ئۆز ھالىغا قويغان تۈزۈك. مەن سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا، سوقۇر ئۈچەينى ئېلىۋېتىمەن، دەپ بىر ياش ئايالنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدىلە، ئۇنتۇپ قالمىغانلا؟ — بەگتاش جېلىل سىڭلىسىغا كەسكىن سوئال قويىدى.

— ئۇنتۇپ قالمىدىم، ئاكا، ئەجەب ئەسلىرىدە ساقلاپىلا ! سىلى دېگەن ئايالنىڭ سوقۇر ئۈچەيى يىرىڭلاپ سېسىپ كەتكەنىكەن. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەچكە ئامال بولمىغانىدى. لېكىن، ئاتامنىڭ ئۇنداق ئەمەس. ئىشەنچىم كامىلكى، خۇدا خالىسا ئاتامنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ شىپا تاپتۇرىمەن.

— شىپا تاپتۇرىمەن؟ — مېيىغىدا ئاچچىق كۈلكە پەيدا بولغان بەگتاش جېلىل قولىنى سىلكىدى، — قەتئىي بولمايدۇ.

ئاتام قېرىپ قالغان ئادەم، قاسساپتەك پىچاق بىلەن قارنىنى يارسىلا چىداشلىق بېرەلەرمۇ؟ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويسىلا. بۇنداق قىلىشلىرىغا قوشۇلساق خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولىمىز.

— بۇنداق دېمىسىلە، ئۇكام. كېسەل باشقا، ئەجەل باشقا. ئۇلۇغ تەڭرى تېبابەت ئىلمىنى ئىنسانلارنىڭ كېسەل ئازابىنى تارتماسلىقى ئۈچۈن ئاتا قىلغان. ھەمشىرىمىز تەڭرىنىڭ شەپقىتى بىلەن نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتتى. ئاتامنىمۇ كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلالايدۇ. مەن قوشۇلىمەن، — دېدى بەگتاش خېلىل ئىشەنچ بىلەن.

— بەگتاش خېلىل ئاكام توغرا دېدى. تەڭرى بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەجەل ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئەجىلى مۇئەللەق. بۇ ئەجەل ھەرقانداق ئادەمنىڭ بېشىدا ھەرقاچان مەۋجۇت. ئۇنىڭغا سەۋەب قىلىنمىسا، ئادەم بىكاردىن - بىكار ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئىككىنچىسى ئەجىلى مۇتلەق، بۇ ئەجەل قايسى چاغ كەلسە ئادەم شۇ چاغدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. دەقىقە ئىلگىرى - كېيىن بولمايدۇ. ئۇنىڭغا بەندە ئامال قىلالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە شۇنداق دېيىلگەن، «ھەدىس شېرىپ»تە شۇنداق كۆرسىتىلگەن. ئاتامنىڭ كېسىلى بولسا، ئەجىلى مۇئەللەقنىڭ ئالامىتى. ئۇنىڭغا چارە قىلساق ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. چارە قىلىنمىسا تەڭرى ئالدىدا ئاتامنىڭ قاتىلى بولۇپ قالىمىز. مەن بۇنى خالىمايمەن. بارلىق تىرىشچانلىقىم بىلەن ئۇنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ساقايتىمەن.

دىلداربىكەنىڭ ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىمۇ بەگتاش خېلىلنى قايىل قىلالمىدى.

— بولمايدۇ، سىڭلىم بولمايدۇ. ئاتام ساقىيالمايدۇ. ئۇنى ئۆز ھالىغا قويغان ياخشى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى قىينىماسلىقىمىز كېرەك.

— ئېيتقانلىرىچە بولغاندا ئاتامنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ تۇرامدۇق، ئاكا؟

— مەن بۇنداق دېمىدىم.
— بۇنداق دېمىدىم؟ شۇنداق دېدىلە بەگتاش جېلىل ئاكا. ئاتام پاتراق ئۆلسە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە بۇرۇنراق ئېرىشسەم دېگەن نىيەت بىلەن، داۋالىشىمغا قارشى چىقمىۋاتىلا، — دىلدارىبىكە ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنىنى ئاشكارىلىۋەتتى.
بەگتاش جېلىلنىڭ چىرايى ئۆڭدى. ئۇ سارغۇچ بۇرۇتلىرىنى دىرىلدىتىپ:
— مېنىڭ سىلىنىڭ پىچاقلىرى بىلەن ئۆلگەن ئاتامنى كۆرگۈم يوق! — دەپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى.
— بالام نەگە بارىلا؟ چىقىپ كەتمىسىلە. سىڭىللىرىنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس... — خانكىش ئاغىچا ئىشىكنى جاڭگىدا يېپىپ چىقىپ كەتكەن بەگتاش جېلىلنىڭ كەينىدىن توۋلاپ قالدى.
— ئابا، ئۇ سىلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمايدۇ. دوختۇر بەرسىلە. سىڭلىم ئاتامنى ئازابلاۋاتقان سوقۇر ئۈچەينى ئېلىۋەتسۇن، — دېدى بەگتاش خېلىل، ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالغان دىلدارىبىكەگە ھېسداشلىق قىلىپ.
خانكىش ئاغىچا خېنىم دىلدارىبىكەنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.
— بالام، مەن دوختۇر بېرەي، خۇدايىم ئاتىلىرىغا قوللىرىنى شىپا قىلىپ بەرسۇن.
دىلدارىبىكە يىغلىۋەتتى.
— ئابا، ئاكا، بايا ئۆزۈمنى تۇتالماي بەگتاش جېلىلغا قاتتىقراق تېگىپ قويدۇم. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاتام ساقايغاندىن كېيىن ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ئۇ ئانىسىنىڭ مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن ياشلىرىنى قولى بىلەن ئېرتىپ.
ئۇلار بىللە تاماق يېدى، ناماز پېشىننى بىللە ئوقۇدى. نائۈمىد قويماسلىقنى، بەگتاش جالالىدىنغا شىپالىق ئاتا قىلىشنى ئاللادىن تىلەپ دۇئا قىلىشتى.

دىلدارىكە ئانىسى بىلەن ئاكىسىغا بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ، دورا ياساش ئۆيىگە چىقتى. كېتەرلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ، شاگىرتلىرى بىلەن بىللە ئاتىسى ياتقان خانىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ توختىدى. دىلدارىكە ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىردى. بەگتاش جالالىدىن ئىككى شاگىرت ئەمچى قىزنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن ئۇگرە ئىچىۋاتاتتى. «تامىقىنى يەۋالسۇن، مېنى كۆرسە، يېمەيمەن، دەپ خەقىش قىلىشى مۇمكىن». بۇ خىيالنى سۇرگەن دىلدارىكە ئىشىك تۇۋىدە كۈتۈپ تۇردى.

قىزى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «بالام قورسىقىم ئاغرىۋاتسا، قانداقمۇ گېلىمدىن تاماق ئۆتسۇن؟» دەپ يېگىلى ئۇنىماسلىقى مۇمكىن ئىدى. باشقا ئەمچىلەر مۇلايىم، شېرىن سۆز، سىلىق مۇئامىلە بىلەن تاماق يېگۈزسە، ئۇ تارتىنىپ بولسىمۇ، ياق دېيەلمەيتتى.

دىلدارىكە كىرگەندە، بەگتاش جالالىدىن لەۋلىرىنى چىشلىۋالغاندى.

«يەنە ئاغرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئەمچىلەرنى خىجىل قىلماي دەپ، ۋاي - ۋايلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن لەۋلىرىنى چىشلىۋاپتۇ» دەپ ئويلاپ، يېنىغا كەلگەن دىلدارىكە سورىدى:

— ئاتا، تاماق يەۋالدىمۇ؟

— يېدىم.

— قورساقلىرى ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ئانچە ئەمەس.

«ئانچە ئەمەس» دېگىنى — «قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ» دېگەن مەنىنى بېرەتتى. بۇنى چۈشەنگەن دىلدارىكە:

— دورا ئىچۈرۈپ قوياي، — دەپ، ئەپيۇن شىرنىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئالاھىدە تەييارلىغان مەجۇندىن چىلانچىلىك يېگۈزۈۋېدى، بەگتاش جالالىدىننىڭ قورسىقىدىكى ئاغرىق پەسەيدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئاجايىپ بىر مەستخۇش

راھەتلىنىشتىن يايراپ، كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا قېتىپ قالدى. ئۇ بىھوش بولغانىدى.
دىلدارىبكە شاگىرت ئەمچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتىسىنىڭ چاپان ـ كۆڭلەكلىرىنى سالدۇرۇۋەتتى. بوۋاي ئىشتىنى بىلەنلا قالدى، ياداپ قاقشال دەرەختەك بولۇپ قالغانىدى.
سوۋۇتۇلغان قايناقسۇغا چىلانغان ئاق ماتا بىلەن ئاتىسىنىڭ قورسىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ئۇزاققىچە سۈرتكەن دىلدارىبكە نەم قۇرۇغاندىن كېيىن، شاگىرتى سۇنۇپ بەرگەن ئىتتىك پىچاق بىلەن بىرلا كېسىپ قورساقنى ياردى.
ــ ئوڭ قولىنىڭ تومۇرى بارمۇ؟
ــ بار، ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم، ئادەتتىكىچە سېلىۋاتىدۇ.
ــ ئادەتتىكىچە؟ راستىلا شۇنداقمۇ؟
ــ شۇنداق، ــ جاۋاب بەردى ئوڭ قولىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان شاگىرت قىز.
سول قولىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان شاگىرتمۇ:
ــ شۇنداق ئاتاساغۇن خېنىم، ناھايىتى ئوبدان، ــ دېدى.
دىلدارىبكە ئۇچ پىچاقنى يەڭگۇشلەپلا كېسىۋالغان سوقۇر ئۇچەينى تەلەڭگە ئۇستىگە قويدى.
ــ شۇكۇر تەڭرىم، ــ دېدى ئۇ پېشانىسىگە مەرۋايىتتەك تىزىلغان تەرنى ئېرتىپ، ــ پېقىرەنى ئاتاساغۇن قىلىپ بىمارلارنى داۋالاش خىزمىتىگە قويغىنىڭدىن ناھايىتى مىننەتدارمەن. شۇكۇر تەڭرىم، مىڭ شۇكۇر.
ئۇ يارغان يەرنى تىكىپ بولدى. باشقىلارنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇپ، ئاتىسىنىڭ يېنىدا يالغۇز قالدى. تومۇرىنى تۇتۇپ بالىلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭغا باقتى.
بەگتاش جالالىدىن تېخى ھوشىغا كەلمىگەنىدى. چىرايىدىمۇ باشقا ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان ساق ئادەمدەك ياتاتتى. تومۇرىنىڭ سوقۇشىمۇ ئادەتتىكىدەك ئىدى.
«ئاتا ــ غەمگۇزار، ھايات ئېتىزىغا سۆيگۈ ئۇرۇقىنى

چاچقۇچى ئاشىق. ئانىنى قەدىرلىگۈچى غەمخار. ئائىلىنى بەرپا قىلغۇچى ئەزىمەت. گۈل ـ كۆچەتلەرنى كۆز يېشىدا سۇغىرىپ بوستان ـ گۈلىستان قىلغۇچى باغۋەن. بارلىقىنى تەقدىم ئېتىپ قۇرۇق قالغۇچى، مەنزىلگە يېتەلمەي ئارماندا كېتىدىغان تىنىمسىز يولۇچى. يۈكىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگۈچى ئاچ قورساق هامبال. كېچە ـ كۈندۈز پەرزەنتلىرىنىڭ غېمىدا چارە ـ تەدبىر ئىزدەيدىغان پىكىر قىلغۇچى. ئۇ شۇنداق هارمايدىغان، چارچىمايدىغان باهادىر پىداكار. ئۆمۈر بويى مۇشەققەت چۆلىدە سەرسان بولغۇچى جاپاكەش ئىنسان...» دەپ پىچىرلاپ بەگتاش جاللىدىنىنىڭ چېكە تومۇرلىرىنى ئۇۋۇلىدى، ئۇچىسىنى سىلىدى.

نەچچە كۈندىن بېرى ئاتىسىنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش كويىدا تولا ئويلىنىپ، كىتاب كۆرۈپ، تۇزۇك ئۇخلىيالمىغان دىلدارىبكەنى مۈگدەك باستى. ئۇ بېشىنى ئاتىسى باش قويغان تەكىيىگە قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى...

— بالام... قىزىم...

دىلدارىبكەنىڭ قۇلىقىغا يەر ئاستىدىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ بېشىنى سىلاۋاتقان قولنى تۇتتى. بۇ هوشىغا كەلگەن ئاتىسىنىڭ قولى ئىدى.

— ئاتا ! جېنىم ئاتا ! هوشلىرىغا كەپلا ـ هە؟ — دېدى ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىسسىق قولىنى مەڭزىگە يېقىپ.

— هوشۇمغا كەلدىم قىزىم. «ئاتا — جېنىم ئاتا !» دەپ توۋلاپ هوشۇمغا كەلتۈردىلە. چۈش كۆرگەن ئوخشىماملا بالام؟ هوشۇمغا كېلىپ قارىسام ئۇخلاۋاتقانىكەنلا.

ئاتىسىنىڭ بۇ گېپى دىلدارىبكەنى خىجىل قىلىپ قويدى.

— هوشلىرىغا كېلىشلىرىنى كۈتۈپ، قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغىنىمنى قارىسىلا. راست چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە سىلى چوڭ يولدا كېتىۋاتقۇدەكلا، مەن «ئاتا ! ئاتا !» دەپ توۋلاپ يىغلاۋاتقۇدەكمەن. ئاۋازىم تېشىغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ،

ئاتا.

— ئەگەر سىلى چۈشەكەپ توۋلىمىغان بولساڭلا ھوشۇمغا كېلەلمەيتتىم، بالام.

— قورساقلىرى ئاغرىۋاتامدۇ، ئاتا؟

— ياق، يېگەن دورا پايدا قىلغان ئوخشايدۇ، بالام، — دېدى بەگتاش جالالىدىن، قورسىقى تىلغاندەك ئاغرىپ تۇرسىمۇ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

چاققانلىق بىلەن قورسىقىنى يېرىپ، سوقۇر ئۈچەيىنى ئېلىۋەتكىنىنى بىلىپ ياتقان ئاتىنىڭ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، ئۇن چىقارماي ھېچنېمىنى بىلمىگەنگە سېلىشىدا، ئېرىشكەن ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىگە قىزىنى قايىل قىلىش ئارقىلىق، داۋالاشقا بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئارزۇ بار ئىدى. ئاتا بۇ مۇددىئاسىغا يەتتى. ۋۇجۇدىدىكى بەرداشلىق بېرىش روھى سالامەتلىكىنى كۈتكەندىن بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈردى.

بەگتاش خېلىل بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. ئاتىسىنىڭ ساقايغانلىقىنى مۇبارەكلەپ، مىسىرنىڭ يوللۇق شايىسىدىن تىكتۈرگەن ئېسىل تونىنى، دىلداربېكەگە مەرۋايىت دوپپىنى كىيدۈرۈپ قويدى...

ھەممەيلەندىن بەكرەك خۇشال بولغىنى خانكىش ئاغىچا خېنىم ئىدى. ئۆزى بىلەن بىر تەكىيىگە باش قويمىغىنىغا ئىككى يىل بولغان ئېرىنىڭ قۇچاقلىشى، كىيىمىنى سالدۇرۇپ باغرىغا بېسىشى — چوكانلىق دەۋرىگە قايتۇرغاندەك بولدى. ئۇ چەكسىز شادلىققا چۆمدى. ئانىسىدىن قالغان بىر ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكنى قىزىنىڭ قولىغا سېلىپ قويدى.

دىلداربېكە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، ئاتىسىنىڭ سەللىمازا بولۇپ كەتكىنىدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇرسەن ئىدى.

خۇشلۇق بىلەن خاپىلىق — قوشكېزەك، دېگەن ھېكمەتكە ئىشىنىدىغانلار كۆپ ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئۇنداق بولۇشىنى

خالىمايدۇ. ھالبۇكى، خۇشلۇق بىلەن خاپىلىق بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى بېسىش ئۈچۈن ھەمىشە بىر ـ بىرىنىڭ پېيىدا بولىدۇ. بۇ ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. بۇ ئىككى تەرەپ قوشۇلۇپ، مۇكەممەل تۇرمۇشنى تەشكىل قىلىدۇ.

دىلدارىبىكەنىڭ خۇشلۇقىنى مۇڭسۇز خاپىلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ شەنبە كەچقۇرۇن زاۋال ۋاقتىدا كەلدى.

— ئاتاساغۇن بىكەم، يولۇمغا تازا قارىغانسىز ـ ھە؟! — دېدى ئۇ مېھمانخانىدا ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ.

دىلدارىبىكە دەرھال نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، ئېسەنگىرەپ قالدى. ئۇ بۇ قارام خۇنپەرگە مۇۋاپىق جاۋاب بېرىپ، تېزرەك كەتكۈزۈۋېتىشنى ئويلاپ:

— يولىڭىزغا قارىدىم قاپۇغچى باشى، قارىمامدىغان، سىز يەنە شۇنداق تىمەن تۇرۇپسىز، — دېدى ئاغزىنىڭ ئۇچىدا.

— ھا ـ ھا ـ ھا... — قاقاھلاپ كۈلدى مۇڭسىزگە بۇ گەپ مەنزۇر بولۇپ، — قەيسەربەگنىڭ ئادەملىرى سىزنى يەنە ئاۋارە قىلمىغاندۇ؟

— ئاۋارە قىلدى، يەنە ئىككى قېتىم كەلدى. ئۆيلىرىمنى ئاختۇرۇپ غادىرۇسكىن قىلىۋاتقاندا، «قاپۇغچى باشىنى چاقىرىپ كەلگىن» دەپ بىر خىزمەتچىنى ئوردىغا بۇيرۇۋىدىم، بۇنى كۆرگەن قەيسەربەگ ئورنىدىن قوپتى.

— ئاندىن قانداق بولدى؟ — قىزىقىپ سورىدى مۇڭسۇز.

— قانداق بولاتتى؟ نامىشەرىپىڭىزنى ئاغزىمدىن چىقىرىشىمغا قەيسەربەگ ئادەملىرى بىلەن قويرۇقىنى خادا قىلدى.

— ھا ـ ھا ـ ھا... غوجا ئاكىڭىزنىڭ قارىسىنى كۆرۈش تۇگۇل، نامىنىلا ئاڭلىسا، ھەرقانداق مانا مەن دېگەن نوچىمۇ ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. مەندەك بىر ھىماتچىڭىزنىڭ بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولمىدىغانسىز؟

— ئەلۋەتتە، قاپۇغچى باشى.

دىلدارىبىكە خىزمەتكارلارنى بۇيرۇپ داستىخان سالدۇردى. گېزەك، يەل - يېمىش قويدۇرۇپ، گۈزەردىن كاۋاپ ئەكەلدۇردى. مۇڭسۇز داستىخانغا قاراپمۇ قويمىدى.

— بىر نەرسە يېگۈڭىز يوقمۇ؟ نېمىشقا زۇۋان سۈرمەيسىز قاپۇغچى باشى، ساق تۇرغانسىز؟

— ساق دېسىڭىز ساق، ئاغرىق دېسىڭىز ئاغرىقمەن ئاتاساغۇن خېنىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز قاپۇغچى باشى؟

— ساق ئەمەس، ئېغىر كېسەلمەن، ئاتاساغۇن خېنىم. بالاغەتكە يەتكىنىمگە قىرىق يىل بولغانلىقى راست. ئەمما، تېخىچە بويتاقمەن، مېنى قانداقمۇ ساق دېگىلى بولسۇن؟ مەن بىر گۈزەل ئاتاساغۇن خېنىمنىڭ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە داۋالىشىغا موھتاج، — مۇڭسۇز دىلدارىبىكەگە تىكىلدى.

— سىزنىڭ تېخىچە خوتۇنىڭىز يوقمۇ؟

— يوق، ئاغىچا خېنىم. مەن شۇنداق بىتەلەي. كۆڭلۈم چۈشكەن دىلرەباغا تېخى يەتكىنىم يوق، — ئۇ يالغان ئېيتتى.

— ئەجەب - ھە؟! — ھەيران بولغان قىياپەتتە باش چايقىدى دىلدارىبىكە، — قېنى تېتىپ كۆرۈڭ، بۇغا گۆشىدىن قىلىنغان قىيما كاۋاپ.

— ئۆيلەنمىگەچكە كاۋاپ يېمەيمەن ئاتاساغۇن خېنىم.

— ئەمىسە سامسا يەڭ. ئۇلار گۆشتە قىلىنغان.

— سامسىنىمۇ ئۆيلەنگىنىمدىن كېيىن يەيمەن.

— ئۇنداق بولسا داستىخاننى ئېلىۋەتسۇن، — دىلدارىبىكەنىڭ ئىشارىتى بىلەن خىزمەتكار ئايال داستىخاننى شۇ ھامان يىغىشتۇرۇۋەتتى.

— مېنى ھەيدىمەكچىمۇسىز ئاتاساغۇن خېنىم؟ قاراڭغۇ چۈشسىمۇ ئۆيىڭىزنىڭ چىراغلىرىنى ياندۇرمىدىڭىزغۇ؟

— ھەيدەشكە ھەددىممۇ قاپۇغچى باشى. سىزگە تېخى سوۋغاتىنىمۇ بەرمىگەن تۇرسام.

— قانداق سوۋغات بەرمەكچىدىڭىز خېنىم؟ — مۇڭسۇزنىڭ چېقىر كۆزلىرى ھەييارلىق بىلەن قىسىلدى.

— ئۆتكەنكىدەك، — دىلدارىبىكە تاۋار خالتىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى، — قاپۇغچى باشى بولغاندىن بۇيان ئالدىراشچىلىقتا كېلەلمىدىڭىز. ئوردىدا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ خاقانىمىز قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟ جانابىڭىزدىن بىلىپ، كۆڭلۈم ئەمىن تېپىپ تۇراتتى. سىز كەلمەي گاچا، كوردەك بولۇپ قالغاندىم. بۈگۈن كېلىپ مېنى غايەت خۇرسەن قىلدىڭىز بېگىم، سىزگە نېمىشقىمۇ سوۋغات بەرمەي.

دىلدارىبىكە ئۇستىلىق بىلەن مۇڭسۇزنىڭ دىل قۇلۇپىنى ئېچىۋەتتى. ئۇ باش لىڭشىتقان ھالدا كۈلۈمسىرەپ دېدى.

— كېلىشىمگە سىزنىڭ بۇنچە تەقەززا بولۇشىڭىزنى بىلمەپتىمەن، بىكەم. دېگىنىڭىزدەك كۇنبويى خاننىڭ يېنىدىن نېرى بولالماي كېلەلمىگىنىم راست. قاراخانىيلار ئېلىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، ئايماقلىرىدا توپىلاڭ يۈز بەردى. بۇ ھەقتىكى شۇم خەۋەرلەر ئۇزۇلمەي كېلىپ خاقانىمىزنى بىئارام قىلىۋەتتى. ئېلىكخان، ئارسلانخانلار ئىبراھىم بۇغراخاننى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇۋالدى. تارتۇق، باج ـ سېلىقنى ئەۋەتمەي، خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالدى. ئەھۋال ئېغىر. بۇغراخان بارسغانغا يۈرۈش قىلماقچى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقماقچىمەن.

— سەپەرگە چىقامدىلا، نېمە ئۈچۈن قاپۇغچى باشى؟

— ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان، توغرۇل قاراخان، بەگيۇسۇپلەرنى جازالاش ئۈچۈن. ئىبراھىم بۇغراخان مېنى چاپاۋۇل قىسمىغا سۇباشى قىلىپ تەيىنلىدى.

— ھە، بىلدىم، ئەنسىزچىلىك دەڭا؟

— ئەنسىزچىلىكلا ئەمەس، بۇ چوڭ پاراكەندىچىلىك، — سۆزىنى توختاتقان مۇڭسۇز خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىدى، پارقىراپ تۇرغان تىللا، ئالتۇنلارنى كۆرۈپ مىيىغىدا كۈلۈپ

قويدى.

— بەرگەن سوۋغاتلىرىڭىز يېتەرلىك بولدى. ئەمدى ئۆزىڭىزگە قايتۇرماقچىمەن، ئاتاساغۇن خېنىم. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بەگيوسۇپنى يوقلاپ زىندانغا تۇنجى قەدەم باسقان ئاشۇ كۈنىلا سىزگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغان ۋە سوۋغىتىڭىزنى قوبۇل قىلىپ تەلەپلىرىڭىزنى ئورۇنلىغاندىم، ۋەسلىڭىزگە شەيدا بولغان كۆڭلۈمنى ئالتۇنمۇ، قىلىچمۇ، بىلىكمۇ قايتۇرالمايدۇ، بۇنى بىلىپ قويۇڭ. ئەتە، يۇغرۇش باشى قەيسەربەگنىڭ ئاغىچا خېنىمى ماڭا ئەلچى بولۇپ زەردار بەگتاش جالالىدىن جانابلىرىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ماقۇل جاۋابىنى ئېلىپ قايتىشى كېرەك. ئەگەر «ماقۇل» دېگەن جاۋابقا ئېرىشەلمىسە، ئاتىڭىز ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، توگىشىدۇ. مۆھلەت ئەتىدىن باشلاپ ئۈچ كۈن. تۆتىنچى كۈنى مەن ئوردۇكەنتتىن سىزنى ئېلىپ بارسىغانغا كېتىمەن، — مۆگىسۈز تىللانى يېكەنداز ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى — دە ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

مەيدىسىنى تۇتۇپ قالغان دىلدارىبىكەنىڭ چېھرى ئاپتاپتەك سارغىيىپ تامغا يۆلىنىۋالدى. شاگىرت، خىزمەتكار قىز — چوكانلار ئۇنى يۆلەپ ئايۋان ئۆيگە ئاچىقىپ ياتقۇزدى. «تەڭرىم — نىجاتكارىم، مېنى ئۇ قانخور، باغرى تاش زالىمدىن قۇتقۇزۇشنى تىلەيمەن. ئاجىزەلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن باشقا نىجاتكارى يوق» دەپ مۇناجات قىلدى.

## 4

ئىبراھىم تېگىن ھەرىمگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئوردىدىكى ئۆز قەسرىگە كەلگەن مۆگىسۈز خامۇش ھالدا ھۇجرىسىغا كىردى. كۈمۈش ئوتۇغات قادالغان بۆكىنى بېشىدىن ئېلىپ، كەمزۇلى ئۈستىدىن بېلىگە چىڭ باغلانغان تىللا كۆزلۈك

كەمەرنى يەشتى. قوللىرىنى يېنىك سىلكىدى.

«بۇغراخان مىنى بارسغانغا يۇرۇش قىلغۇچى چاپاۋۇل قىسمىنىڭ سۇباشى قىلىپ تەيىنلەپ، بوزاغۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ قويدى. ئەتە دىلدارىكەنى ئەمرىمگە ئېلىپ يۇتۇن ئوردۇكەنت ئەھلىنى ھەيران قالدۇرىمەن. ئۆگۈنلۈككە بۇ گۈزەل دىلرەبا بىلەن يولغا چىقىمەن...» دەپ ئويلاپ دېرىزىدىن تاشقىرىغا كۆز سالغىنىچە يانپاشلاپ ياتتى. گۈل ـ گىياھ دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سارغىيىشقا باشلىغان ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتىپ قىيغىتقان كۈز شامىلى دېرىزە ئەينىكىنى چېكەتتى. «ئەلچىلەر ماقۇل جاۋابىنى ئېلىپ، پاتىراق كەلسە بولاتتى. بەگتاش جالالىدىن ماقۇل جاۋابىنى بەرمەي قۇتۇلالمايدۇ. دىلدارىكەدە گەپ يوق. ئوتتۇزدىن ئاشقان بۇ قىز ياق دېمەيدۇ، ياق دەپ باقسۇنچۇ...»

ئۇ قولى بىلەن تۈكلۈك مەيدىسىگە بىرنى ئۇردى. بوينىغا ئېسىۋالغان ئالتۇن بۇتنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ: «ھەي، ھەي، ئايال زاتىغا يېقىنلاشمىغىنىمغا قىرىق يىلدىن ئېشىپتۇ. سەن مېنى نېمانچە تاقەتلىك، جاسارەتلىك قىلغانسەن. قۇلۇقۇڭ بولغىنىمدىن رازىمەن. قىساس ئېلىش ئارزۇيۇمغا يەتكۈزۈپ ھەر كېچە بىر نازىنىننىڭ ۋەسلىگە يەتكۈزگەيسەن» دەپ ئىلتىجا قىلدى. دىلدارىكەنى ئويلىغانسېرى مۇخسۇزنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسى كۆچىيىپ، كۆزلىرى قىزاردى. قانلىرى ئۇرغۇپ بىتاقەت بولدى. ئىچى تىتىلداپ ئاستىنقى لېۋىنىڭ تېگىدىكى ئۇزۇن بىر تال تۈكنى بارمىقىغا يۆگەپ پاسسىدە يۇلۇۋەتتى. ئاغرىقتىن قورقۇنچلۇق چىرايى پۈرۈشۈپ كەتتى. «ئاناڭنى... نېمانداق كېلىشمەيدىغاندۇ؟» دېدى غۇدۇراپ. بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى قوشنىسىنىڭ توققۇز ياشلىق قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويغىنى ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچتى. ئۇ چاغدا ئۇ ئون سەككىز ياشقا كىرگەن قارام يىگىت ئىدى. ئۇز قىشلىقىدىن قېچىپ چىققان مۇخسۇز قىتان خانىغا نۆكەر بولۇپ

جەڭلەرگە قاتنىشىپ باتۇر ئاتالدى. لېكىن، يۇرتىغا قايتىش نېسىپ بولمىدى...

مۇڭسۇزنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان چېغى كۆز ئالدىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. خىزمەتكارىنى چاقىرىپ بىر خۇمرا مەيزاپ ئەكەلدۇردى. ئارقا ـ ئارقىدىن جامنى بوشىتىپ، كاۋاپ قىلىنغان ئىككى قىرغاۋۇلنى يەۋەتتى. «دىلداربىسكە مېنى زەرگىلا ھېرىس، دەپ ئويلايدۇ. راست مەن زەرگە ناھايىتى ھېرىس. ئەمما، ئۇ بەرگەن بىر خالتا تىللانى ئالماي، ئۆزۈمنىڭ ئوغۇل بالىلىقىمنى بىر كۆرسىتىپ قويدۇم. ئۇ بىر خالتا تىللانى ئالماسلىقىمدىكى مۇددىئا ئۇنىڭغا ۋە پۈتۈن بايلىقىغا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى ئۆمۈرۋايەت بىلەلمەيدۇ. چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا ـ دە. ئۇنىڭدىن بىرنەچچە كېچە لەززەت ئالسام بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇل ـ دېدەك ئورنىدا ئىشلىتىمەن...»

ئۇ بۇ ئوي كۆڭلىدىن كېچىپ، قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇردى. كېرىلىپ ـ ئەسنەپ ئۆيدىن چىقىشىغا، ئەلچىلەر ھويلىغا كىرىپ كەلدى. مۇڭسۇز:

ــ كېلىشسىلە ئاغىچىلىرىم، كېلىشسىلە، ــ دەپ ئۇلارنى ئايۋانغا باشلىدى. ــ ھايال قېلىشتىلا، بەگتاش جالالىدىن مېھماندوست زەردار. ئىززەتلىرىنى ئوبدان قىلغاندۇ؟

ــ بىزنىڭ ئىززىتىمىزنى قىلمىسا كىمنىڭكىنى قىلىدۇ، قاپۇغچى باشى؟ بىرسىمىز يۇغرۇش باشىنىڭ، بىرسىمىز ھاجىبۇل ھۇججابنىڭ خاتۇنى تۇرساق. ئىززىتىمىزنى بەك قىلدى، ــ بوزاغۇنىڭ چوڭ خاتۇنى سەرۋىناز خېنىم سۆزلىگەچ، ئاق پەرىجىسىنى خىزمەتكارغا بېرىپ، ھىلھىلە رومىلىنى يۈزىگە دالدا قىلغان ھالدا تۆردىن ئورۇن ئالدى. دوقاقبەگنىڭ كىچىك خوتۇنى ماھگۇل خېنىم ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. يۆگەكلىك داستىخاننى مۇڭسۇزنىڭ ئالدىغا قويدى. سەرۋىناز خېنىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ قوي سويدى، ئەتىۋارلىق قۇشلارنى كاۋاپ قىلدى. ئىككىمىزگە ئىككى توپ كىمخاب، خىزمەتكار ـ

دېدەكلىرىمىزگە كۆڭلەكلىك تاۋار قويۇپ ئۇزاتتى. ئەۋەتكەن داستىخانلىرىنى قوبۇل قىلىپ، خۇشاللىق ۋە ھۆرمەت بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈردى. مانا كۆرۈپ باقسىلا، — ئۇ بارماقلىرىغا ئالتۇن، تىللا ئۈزۈك سېلىنغان قوللىرى بىلەن داستىخاننى كۆرسەتتى.

مۇڭسۇز سېرىق چۇچىلىق يىپەك داستىخاننى ئاچتى: كۈمۈش تەلەڭگىگە قويۇلغان چوڭ شىرمەننان يېنىدا ئالتۇن توقىلىق كۈمۈش كەمەر ۋە كۈمۈش ساپلىق خەنجەر تۇراتتى. بۇ ماقۇللۇق بىلدۈرگەنلىكىنىڭ نىشانىسى ئىدى.

— قۇللۇق، قۇللۇق ئاغىچىلىرىم. ئەمدى مەنمۇ ھەربىرلىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە يەتكۈزگەن خۇش خەۋەرلىرى ئۈچۈن قوي سوياي، — دېدى مۇڭسۇز قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— بىزگە تېگىمىل بولدى، قاپۇغچى باشى. قوي سويىمەن دېمىسىلە. قورسىقىمىز ناھايىتى توق. شۇ تاپتا زەپە سالغان چايمۇ گېلىمىزدىن ئۆتمەيدۇ. داستىخانمۇ سالدۇرمىسىلا، مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالايلى، — سەرۋىناز خېنىم رەھمەت ئېيتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تاپىلىغانلىرىدەك، ئەتە كەچقۇرۇن، ئۆزلىرىنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرى، قېيىنئاتىلىرىنىڭ تۇغقانلىرىنىلا قاتناشتۇرۇپ، نىكاھتىن كېيىن كېلىننى داغدۇغىمۇ قىلماي ئۇردىغا يۆتكەپ كېلىشكە پۈتۈشۈپ كەلدۇق.

— ئەجەب ئوبدان بوپتۇ ئاغىچىلىرىم. زادى بۇنىڭغا قېيىنئاتام ئېنىق ماقۇل بولدىمۇ؟

— ماقۇل بولماي نېمە ھەددى! بۇ تەكلىپىمىزنى ئاڭلىغان خانكىش ئاغىچا خېنىم «بىزنىڭ مۇشۇ بىرلا قىزىمىز بار. بۇ ئاتاساغۇن قىزىمىزنى ئەل - يۇرتتا ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئاتىسىمۇ كاتتا زەردار. توينى بۇنداق ئاددىي قىلساق خەق نېمە دەپ قالار؟ بىزنىڭ كىشىنىڭ سەمىگە سېلىپ باقاي» دەپ چىقىپ كېتىپ، ھايال بولماي قايتىپ كىردى. «بىزنىڭ كىشىمۇ

ئويلىنىپ كۆرۈپ ھەربىرلىرىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ داستىخىنىمىزنى قايتۇرۇپ بەردى، قاپۇغچى باشى. بىزنىڭ يۈزىمىزنى قىلمىغان بولسا، سىلىدەك قېرى بويتاقنى بۆگۈ بىلگە قىزىنى راۋا كۆرمىگەن، ماقۇللۇق بىلدۈرمىگەن بولاتتى.

— رەھمەت، رەھمەت ئاغىچىلىرىم. مېنى ناھايىتى خۇرسەن قىلىشتىلا، — مۆڭسۈز بۇ ئىككى خېنىمغا بىردىن ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك قويۇپ قويدى، — ھەربىرلىرىگە تون ياپاي دېسەم تېخى، ئات مىندۈرەي دېسەم تېخى. لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، قوبۇل قىلىشقايلا.

— ھەشقالىلا، قاپۇغچى باشى، ھەشقالىلا، — دېيىشتى ئۈزۈكنى ئالغان خېنىملار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ. ئۇلار دېدەكلىرى بىلەن خۇشال ئۇزاشتى.

— ئى مەبۇدەم، بۇ خېنىملارنى پېقىرغا قۇل ـ دېدەك قىلىپ بەرگەيسەن، — دېدى مۆڭسۈز ئۆيگە كىرىپ ۋە ئۆزىنى ماموق كۆرپىگە تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئىبراھىم بۇغراخان ئۇنىڭ ئۆيلىنىش تەلىپىگە قوشۇلغان بولسىمۇ، يۈرۈش قىلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە قوشۇلمىغانىدى. مۆڭسۈزمۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، دىلدارىكەنى ئەمرىگە ئېلىش ئارقىلىق ئاۋامنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنى ئاغدۇرۇش مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن، بۇغراخاننىڭ پەرمانىغا ئاغزىنىڭ ئۈچىدىلا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى، شۇڭا بۇ توينى شۇنداق ئاددىي ۋە چاپسانراق قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى، ئەمدى ئەلچىلەرنىڭ ماقۇل جاۋابىنى ئېلىپ كېلىشى ئۇنى سۆيۈندۈرۈۋەتكەنىدى.

ئۇ ئويغانغاندا كۈننىڭ ئالتۇن نۇرى ئۆيگە چۈشكەنىدى. باغاق تارقىتىلىپ بولغاچقا، قىلىدىغان باشقا ئىشىمۇ يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ ئالدىراپ كىيىندى. ئوردا ئاتخانىسىدىن قارا بويۇن

تورۇقنى ئېلىپ چىقتى ـ دە مىنىپ، ئىككى نۆكەر بىلەن دۆلەتباغدا تۇرۇشلۇق چاپاۋۇل قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىقتى.

بەش مىڭ ئاتلىق ئەسكەردىن تەركىب تاپقان بۇ قىسىم مۇھەممەد ئارسلانخاندىن قالغان داڭلىق زەربىدار قوشۇن ئىدى. قۇماربىيكە، بوزاغۇ، دوقاقبەگلەرنىڭ باش قاتۇرۇپ پىلانلاپ مەسلىھەت بېرىشى بىلەن ئىبراھىم بۇغراخان قارام، رەھىمسىز، كالىلىكپەسەر مۇڭسۇزنى بۇ خىللانغان ھۇجۇمچى قوشۇنغا مەقسەتلىك ھالدا سۇباشى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.

مۇڭسۇز سەپراس بولغان چاپاۋۇل قىسىمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەتە كۈنچىقىش بىلەن تەڭ ئاتلىنىپ يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. چاپچىپ تۇرغان ئات ئۈستىدە تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— ھازىردىن باشلاپ ئېلىپ ماڭىدىغان ياراغ ۋە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ قويۇڭلار. بۇيرۇق بېرىلگەن ھامان ئاتلىنىپ ماڭىسىلەر. بىخەستەلىك قىلغانلارنىڭ قول ـ پۇتى كېسىپ تاشلىنىدۇ، ئۇقتۇڭلارمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى.

— ئۇقتۇق سۇباشى ! — ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ گۈركىرەپ چىققان ئاۋازىدىن ئۈركۈگەن ئاتلار چاپچىپ قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇۋالدى.

— شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ئالدىغا مېڭىشىڭلارغا بولىدۇ، ئارقاڭلارغا يېنىشىڭلارغا بولمايدۇ. بارسغان شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن چاپاۋۇل قىسىمدىكى ھەربىر نۆكەرگە ئۈچ تىللا ئىنئام قىلىمەن. بىر كېچە ـ كۈندۈز بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئولجا غەملەشكە ئىجازەت بېرىلىدۇ. كىمدىكىم ياۋدىن قورقۇپ، قېچىشقا ئۇرۇنىدىكەن، جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن مۆكۈۋالىدىكەن، تۇتۇلغان يەردە كاللىسى ئېلىنىدۇ، — دەپ پەرمان جاكارلىغان مۇڭسۇز قىلىچىنى باش ئۈستىگە كۆتۈردى.

— پەرمانبەردارمىز ! — قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان

نۆكەرلەر قاتتىق ئاۋاز بىلەن ساداقىتىنى بىلدۈردى.

مۇڭسۇز باشقا گەپ قىلماي، ئىتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قامچا ئۇردى. ئۇ قايتىپ كىرگەندە بوزاغۇ، دوقاقبەگ قاتارلىق ۋەزىر، ھاجىپ، ئەمىرلەر ئۇنى ئوردا سەيناسىدا ساقلاپ تۇراتتى.

ـــ قاپۇغچى باشى، شۇنداقمۇ بىخەستەلىك قىلغان بارمۇ؟ تويىڭىز بولۇۋاتسا نەگە كەتتىڭىز؟ ـــ دېدى بوزاغۇ چېقىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

جەڭگاھتىن قايتىپ كەلگەن سانغۇندەك دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىۋالغان مۇڭسۇز ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى ھەم چۆچۈتتى.

ـــ تويىڭىز بولۇۋاتسا جەڭ لىباسىنى كىيىۋاپسىزغۇ؟ نىكاھتىن بۇرۇن بىرەر سىرلىق قەلئەگە باستۇرۇپ كىرمەكچى بولۇۋاتامسىز نېمە؟ ـــ دەپ چاقچاق قىلدى دوقاقبەگ.

ـــ توينىڭ ئۆزى جەڭ. بۇ جەڭدە مەن ئالىدىغان قەلئەگە بۇ ۋاقىتچە ھېچكىم يېقىنلىشالمىغان، ھاجىبۇل ھۇججاپ، ـــ بوزاغۇنى قايرىپ قويۇپ، دوقاقبەگكە جاۋاب بەردى مۇڭسۇز، ـــ مانا مەن ئاشۇ مۇستەھكەم قەلئەنى ئالماقچىمەن. ئۇ يەرگە سىلەردەك سىلىق ـ سىپايە كۈلۈمسىرەپ بارسام بولمايدۇ.

بوزاغۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن بولسىمۇ زورلاپ كۈلۈمسىرىدى.

ـــ چۈشەندىم قاپۇغچى باشى، خوتۇن ئالماقچى بولغان ئادەم سىزدەك جەڭگىۋارلىشىپ كېتىدىغان بولسا، بىزمۇ بۇ كېچە يېڭى چۆرە بىلەن ياتساق بولغۇدەك.

ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

ـــ سىزدە ئۇنداق جۈرئەت يوق، يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ. مېنىڭ نەگە بارغانلىقىمنى سورىمىسىڭىزمۇ بولاتتى. بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ ئەمرىنى قۇسۇرسىز ئورۇنلاش ئۈچۈن چاپاۋۇل قىسمىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كىرگىنىم يامان بولمىغاندۇ؟ ـــ دوق قىلدى مۇڭسۇز.

ئۇنىڭ ئالدىدا تىل قىسىنچىلىقى بولغان بوزاغۇ:

— بولدى، بولدى، چاقچاق قىلىپ قويدۇم قاپۇغچى باشى. كېلىنىڭ ئۆيىگە بارايلى. كۈتۈپ قالمىسۇن يەنە، ئاياللارمۇ بىزنىڭ مېڭىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ماڭايلى، — مۇڭسۇز ھەممىنىڭ ئالدىدا ئاتقا مىندى.

يۈزدىن ئارتۇق ئەكابىر - ئەشرەپلەر بىلەن ئوردىدىن چىققان مۇڭسۇز تېرىسىگە پاتماي قالغانىدى. ئەتراپقا نەزەر كۆزلىرىنىمۇ سالماي، قىيپاش ئېگىز دۆڭدىن پەسكە چۈشتى. گۈل - بوستانلىق بۇلاقبېشى مەھەللىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تۆمەن بويىغا چىقتى. بۇ دەريانىڭ ئويناق سۈيى قاشتېشىدەك سۈزۈك بولۇپ، ئۆركەشلەپ، كۆۋجەپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇلار دەريانى ياقىلاپ مېڭىپ، چىمەنلىك تۆپىلىككە يېتىپ كېلىشتى. مۇڭسۇز كۆنگۈرىلىك ئەگىم دەرۋازا ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى پۇلاڭشىپ كەتتى.

— ھوي ! ئىشىك ئالدىغا بىرسىمۇ چىقىپ تۇرماپتۇ. ئېتىپ قويغىنىنى قارىمامدىغان، — دېدى ئۇ يېقىنلاپ ۋە كۆزلىرى چەكچىيىپ توختاپ قالدى. ھىم ئېتىلگەن ئىشىكنىڭ تۈچ ھالقىسىدا بىر قارا قۇلۇپ تۇراتتى.

مۇڭسۇزنىڭ قارىمۇتۇق چىرايى تاتىرىپ، قوشۇمىسى پۈلتىيىپ چىقتى. غەزەپ ئاچچىقىدا يانپېشىنى بويلىتىپ ئېسىۋالغان خەنجىرىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپلا قولۇپقا ئۇردى:

— ئاناڭنى !

«چاق !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇچقۇن چىقتى، قولىمۇ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ بىسى قايرىلغان خەنجەرگە قاراپ، ئۇمۇت يا گۇرزە ئېلىۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، كەينىگە ياندى ۋە يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئىشىكنى تەپتى. ئىشىك جالاقشىپ كەتتى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم قاتتىق تەپتى. ئىشىك تەۋرىنىپ - تەۋرىنىپ توختاپ قالدى. كۆزىگە قان قۇيۇلغان مۇڭسۇز ئارقىسىغا خېلى يېنىپ، جان -

جەھلى بىلەن كۆچەپ تەپتى. ئىشىك جالاقشىپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

بوزاغۇ، دوقاقبەگلەر باشلىرىنى چايقاشتى. ئۇلار يوغىناپ كەتكەن مۈڭسۈزنىڭ چەلپەكى يەرگە چۈشكەن ۋاقتىدىكى ھالىتىنى تاماشا قىلىشىپ تۇرۇشتى.

مۈڭسۈز ھويلىغا كىردى. ئىنسۈجىن كۆرۈنمەيتتى. ئايۋان، ساراي، مېھمانخانا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىمۇ ھەم ئېتىلگەن، ھالقىلىرىغا قۇلۇپ سېلىنغانىدى. ئۇ گۈل ئۆستۈرۈلگەن ياملارنى ئۆرۈپ ـ چېقىپ، گۈل ـ گىياھلارنى دەسسەپ چەيلەپ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى سۇندۇرۇپ ئەينەكلىرىنى چۇل ـ چۇل قىلىۋەتتى. بوزاغۇ، دوقاقبەگلەرمۇ نۆكەرلىرى بىلەن بېسىپ كىرىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى ئۇرۇپ چاقتى. تۈيۈقسىز يەر تەۋرەپ ۋەيران بولغان قورۇدەك، بۇ گۈلزارلىق ھويلا ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتىلدى.

مۈڭسۈز ھويلىدىن يېنىپ چىقتى. بىر ياساۋۇل ئاتنى ئېلىپ كەلدى.

— يۈرۈڭلار، ئوردا ئالدىدىكى بەگتاش جالالىدىننىڭ ئۆيىگە بارايلى، — دېدى ئۇ نۆكەرلىرى بىلەن ھويلىدىن چىققان دوقاقبەگ، بوزاغۇ باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرىغا. ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ: «ئىبراھىم بۇغراخان بىلىپ قوي، ئەل سوراش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. مەن قولۇمغا كىرگەن ئولجىنى قاچۇرۇپ قويغان يەردە، سەن ھەرگىز مەقسىتىڭگە يېتەلمەيسەن!» دەپ ئويلاپ، قىل قامچىنى ئېگىز كۆتۈردى...

# ئون ئالتىنچى باب

# ئالىمنىڭ غېمى

## 1

«ئۆزىنى سورىغان يۇرت سوراپتۇ» دېگەن ھېكمەت ئافراسىياپ زامانىدىن قالغانىكەن. ئۆزىنى سوراش — ئۆزىنى بىلىش دېمەكتۇر.

بېدىكلەر قوينى دەڭسەپ كۆرۈپ «ئەللىك - ئاتمىش جىڭ كېلىدىكەن» دەپ ئېيتالايدۇ. ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈپ «مۇنداق ئىشنى قىلالايمەن» دەيدىغان ئادەملەر دۇنيادا زادى قانچىلىك؟

«مىللىتىم، ۋەتەنداشلىرىمغا يۈز كېلەلمەيدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا ئىنتىلمەسلىكىم، پايدام تېگىدىغانلىكى ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتماسلىقىم، كىشىلەر كۆرمىدى، دەپ خىيانەت، ئوغرىلىق، زىنا قىلىش كويىدا بولۇپ، تەڭرىنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىم، ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىگە قارا سانىماسلىقىم، غېرىب - مىسكىن، يېتىم - يېسىرلەرگە ئازار بەرمەسلىكىم كېرەك دەپ، ياخشى نىيەت، ياخشى تىلەكتە تەمەسىز، خالىس، غۇرۇر - ۋىجدانى بىلەن قەدەم باسقانلار — ئۆزىنى بىلگەن، ئۆزىنى سورىغانلاردۇر.

ئۆزىنى سورىمىغان يۇرت سورىيالمايلا قالماستىن، بەلكى ھاياتلىق يولىدا پۇتلىكاشاڭغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

پادىشاھلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىنى سوراش — ئۆزىنى بىلىش ئۆكسۈمەس ئامەتتۇر. ئۆزىنى سورىغان پادىشاھ ئۆزىنى تەختكە چىقارغان خەلققە زۇلۇم قىلمايدۇ. دەردىگە داۋا بولۇپ،

هاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. ھەممىشە خەلق غېمىنى يەپ، تۇرمۇشىنى، مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش كويىدا بولىدۇ. ئادالەت بىلەن ئەل سوراپ، ئاسىي ـ مۇناپىقلارنى، خىيانەتچى ـ كاززاپلارنى، خۇشامەتچى ـ تەخسىكەشلەرنى، قارا نىيەت سۈيىقەستچىلەرنى جازالاپ مەملىكىتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، قۇدرەت تاپتۇرىدۇ، دۈشمەنلىكنى دوستلۇققا ئايلاندۇرۇپ ئارىدىن ئاداۋەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئاۋامنى دوست تۇتۇپ ئۆزىگە مەدەتكار قىلىدۇ...»

گۈلدۈرمامىنىڭ ھەيۋەتلىك ئۈنى بەگيۈسۈپنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن قارىشىغا يالت ـ يۇلت قىلغان چېقىن يورۇقى ئۆيگە پاللىدە چۈشۈپ، ئۆچتى. ئۇ «يامغۇر ياغىدىغان چېغى. ئوردىغا بارغۇچە توختاپ قالسا بولاتتى» دەپ ئويلاپ تەرەت ئالغىلى ھويلىغا چىقتى. يامغۇر توختىمىدى. ئۇ بامدات نامىزىنى ئاداربىاي بىلەن مەسچىتكە چىقىپ ئوقۇپ كىرىپ ئەتىگەنلىك چايىنى ئىچتى ـ دە، سۇلتانبەگ ئېگەرلەپ ئېلىپ كەلگەن ئارغىماققا مىندى، يامغۇر بىردىن توختاپ قالدى.

بۈگۈن ئېلىكخاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن مۈلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ كېڭىشى بولماقچىدى. بەگيۈسۈپ ئوردىغا بارغاندا ھېچكىم كەلمىگەنىدى. ئۇ دىۋانخانىدا كۈتۈپ تۇردى. ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بىلەن كۆرۈشتى. ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخانمۇ جاندارلىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن ئېلىكخان سارىيىغا كىرىپ، تەختكە چىقتى. ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن بەگيۈسۈپ «ئەھدىنامە»نى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى ۋە كېلەر يىل باش ئەتىيازدا پۇختا تەييارلىق بىلەن ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ھەممەيلەن بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئېلىكخان ئۆزى ۋە تاغىسى توغرۇل قاراخان نامىدىن بۇ ھەقتە يارلىق چۈشۈردى.

كېڭەش تۈگىگەندىن كېيىن بەگيۈسۈپ ئېلىكخاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ھەرەمدىكى ئارامگاھ سارايىدا، چۈشلۈك

تاماقتا توغرۇل قاراخان بىلەن بىللە داخىل بولدى.

— ئۆتكەندە قۇتلۇقبەگ ئوردۇكەنتكە دەرمەھەل يۈرۈش قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىنى كەسكىن قويغاندا، كۆڭلۈمدە قوشۇلغانىدىم. بۇ ھەقتىكى مەسلىھەتىڭىز، چۈشەندۈرۈشلىرىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەمەرقەنتكە بېرىشىڭىزنى قوللىغانىدىم، — دېدى ئېلىكخان مۇزدەك بىھى شەربىتىنى تەڭلەپ، — بارغىنىڭىز ناھايىتى خەيرلىك بولغانىكەن. «ئەھدىنامە»نى ئېلىپ كېلىپ بىزنى ھەم خاتىرجەم قىلدىڭىز، ھەم جاسارىتىمىزنى ئاشۇردىڭىز. بۈگۈن شۇڭا سىزنىڭ تەكلىپىڭىز بويىچە قارار چىقىرىشقا قوشۇلۇپ يارلىق چۈشۈردۇم. ئەمدى سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم — يۈرۈش باشى بولۇشنى رەت قىلماي، بۇ ئالىي ۋەزىپىنى قوبۇل قىلسىڭىز. قۇتلۇقبەگ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى.

— مەنمۇ شۇنداق قارايمەن، ھاجىپ. ئېلىكخان بالام بىرنەچچە يىللىق ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، سىزنى بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، — توغرۇل قاراخانمۇ ئۇنى يۈرۈش باشى بولۇشقا دەۋەت قىلدى.

بەگيۈسۈپ بېشىنى چايقاپ سۈكۈت قىلدى. ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرغان ئاغۋاتنى قولىنى كۆتۈرۈپ توختىتىپ قويدى. ئۇنىڭ جاۋاب بەرمەكچى بولغىنىنى بىلگەن ئېلىكخان ئاغۋاتلارنى تاشقىرىغا چىقىرىۋەتتى.

— توغرۇل قاراخان ھەزرەتلىرى، ئېلىكخان ئالىيلىرى، پېقىر قۇتلۇقبەگنىڭ يۈرۈش باشلىقتىن ئىبارەت ئالىي ئەمەلنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ئالىبۇرۇن بىلگەن بولسامۇ، بۇ ھەقتە زۇۋان سۈرمىگەنلىكىم، ئۇنى چىقىمچىلىق قىلىپ ئەيىبلەشنى خالىمىغانلىقىمدىن بولغان، — بەگيۈسۈپ كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىلىپ قالغان تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇدى:

ۋەزىرلىككە بەكمۇ پۈتۈن ئەر كېرەك،
ئۇقۇملۇق، ساۋاتلىق بەك ئاقىل كېرەك.

تىلى، كۆڭلى بىر ھەم قىلىقى، كونى،
ئۇياتلىق، كۆيۈمچان ۋە خەلقنىڭ چىنى.

كۆزى توق، سەگەك، ساق ھەم ئىش بىلگۈچى،
يارامىلىق، يارامسىزنى پەرق ئەتكۈچى.

ۋاپادار، ھەم ئىشچان ھەم ئەيمەنگۈچى،
ئامانەتتە كۆڭۈلنى ساپ تۇتقۇچى.

تولۇق بولسا كىمدە بۇ پەزلى بىلىك[1]،
ۋەزىرلىك ئاڭا بەرسە بولغاي ئىلىك[2].

— بىراق، — دېدى ئۇ كەسكىن، ئەمما بوغۇق ئاۋاز بىلەن، — پېقىر تېخى بۇ شەرتلەرنى ھازىرلىغىنىم يوق. ئوردىمىزدىكى يۇغرۇش، ھاجىپلار ئىچىدە بۇ شەرتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن چارە ـ تەدبىرلىك، تەجرىبىلىك، جەڭگاھتا قورقۇمسىز، بىلىك بابىدا كامالەتكە يەتكەن، ھەرقانداق مۇشكۈل خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئېغىر ـ بېسىق زاتلار يوق ئەمەس. ئىچى قۇرۇق، تېشى يالتىراق خۇشامەتچىلەرمۇ ئارىمىزدا بار، — بەگيۈسۈپ سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تارىختىن مەلۇمكى، بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ بەزىلىرى يۇغرۇش باشقى بولۇشقا تېگىشلىك كىشىنى ياخشى تاللىيالمىغىنى ئۈچۈن، ئۆز ئىلىنى زور زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىتىپلا قالماي، بەلكى ئۆزلىرىمۇ تاجۇتەختى، شانۇشەۋكىتىدىن، كۈچ ـ قۇدرىتىدىن

① پەزلى بىلىك — ئىلمىي پەزىلەت.
② ئىلىك — پادىشاھ، ھۆكۈمدار (ئىلىكخان). «قۇتادغۇ بىلىك»: 2234 ـ، 2235 ـ، 2236 ـ، 2237 ـ، 2238ـ بېيىتلەر.

ئايرىلىپ قالغان. تارىختا مۇنداق مىساللار كۆپ ئۇچرايدۇ. يۇغرۇش باشىنى ئەستايىدىل باش قاتۇرۇپ تاللاش لازىم. ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمۇ بىر قېتىم يۇغرۇش باشى تاللاشتا خاتالىشىپ تۇزەتكەنىكەن.

— قانداق تۈزەتكەنىكەن؟ — سورىدى ئېلىكخان بىر قوزغىلىپ.

— ئۇنىڭ جەڭگاھتا ئاتانغان ، ئۆزى ياش، تەمبەل بىر سانغۇنى بار ئىكەن. ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىپ يۇغرۇش باشى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەزىنە بېگى زىياپەت بېرىپتۇ ۋە سانغۇنىنىڭ يۇغرۇش باشى بولغانلىقىنى مۇبارەكلەپ، چىرايلىق ئېچىلغان بىر تال ئەتىرگۇلنى تۇتۇپتۇ. سانغۇن گۇلنى ئېلىپ قىلىچ ئېسىۋالغان كەمىرىگە قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئىسكەندەرگە يارىماپتۇ. « يۇغرۇش باشى، جەڭگاھتا ئالىپ بولسىڭىزمۇ، بۇگۈن توغرا قىلمىدىڭىز. سىزنى ئالاھىدە مۇبارەكلەپ تۇتۇپ بەرگەن گۇلنى چېكىڭىزگە ياكى مەيدە يانچۇقىڭىزغا قىستۇرۇۋېلىشىڭىز كېرەك ئىدى» دەپ تەنبىھ بېرىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، سۇباشى ئۇنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىپتۇ. يۇتۇن پىتى كاۋاپ قىلىنغان پاقلاننى پارچىلاپ بىر سانىنى يېگى يۇغرۇش باشىغا تۇتۇپتۇ. ئۇ ئىككى قوللاپ ئېلىپ تاجىغا قىسىۋالماقچى بولۇپ بېشىغا قويۇپتۇ. گۆشنىڭ ياغلىرى ئېقىپ يۈز - كۆزى، كىيىملىرىنى بۇلغىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىسكەندەر ۋە باشقا مېھمانلار ئۇنىڭ كالۋالىقىدىن تازا كۇلۇپتۇ. زىياپەتتىن كېيىنلا، بۇ پەمسىز سانغۇننى يۇغرۇش باشلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغانىكەن.

قاقاھلاپ كۇلۇپ كېتىشكەن ئېلىكخان بىلەن توغرۇل قاراخان:

— توغرا دېدىڭىز بەگيۇسۇپ، بۇ رىۋايەتتىكى يۇغرۇش باشى بوزاغۇغا، قۇتلۇقبەگكە ئوخشايدىكەن، — دېيىشتى.

— شۇنىڭ ئۇچۇن شاھلىرىم يۇغرۇش باشىنى تەيىنلەشتە،

شۇ كىشىنىڭ ئىتائەتچانلىقىغا، شېرىن سۆخەنلىكىگە قارىماي، ساداقەتمەنلىكىگە، پاراسەت ـ شىجائىتىگە قاراش مۇھىم. تارىخ تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا سەل قارىغان پادىشاھ تەختىدە ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ.

ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان تاغىسىغا قارىدى. توغرۇل قاراخان باش لىڭشىتىپ قويۇپ دېدى:

ــ بۆگۈ بىلگە جانابلىرى، ئېيتقانلىرى بەرھەق. ئېلىكخان بالام يۇغرۇش باشنى ياخشى تاللىيالمىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا، سىزنىڭ يۇغرۇش باشى بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. قۇزئوردۇدا ئەمەس، ئوردۇكەنتتىمۇ سىزدەك چارە ـ تەدبىرلىك بۆگۈ بىلگەدىن يەنە بىرسى يوق. ئۈمىدىمىزنى يەردە قويمىغايسىز.

بەگيۈسۈپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىرنەچچە دەقىقە سۈكۈت قىلدى. مۇشۇ بىرنەچچە دەقىقىدە سۇلايمان ئارسلانخان تەختكە چىققاندىن تارتىپ مۇشۇ دەمگىچە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى، ئۆتكەن يۇغرۇش باشلارنى ئويلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلغاندا، بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى.

ــ ھەربىرلىرىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقالمىسامىمۇ، ئىشەنچلىرىگە داغ چۈشۈرمەيمەن، شاھلىرىم. ئەمما، ھازىر بۇ ئالىي ۋەزىپىنى قوبۇل قىلالمايمەن.

ــ نېمىشقا؟ ــ قاراخان بىلەن ئارسلانخان تەڭلا سورىدى.

ــ سۆزۈم چۈشىنىشلىك بولمىغان ئوخشايدۇ...

ــ ياق، ياق، چۈشىنىشلىك بولدى، ــ بەگيۈسۈپنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان، ــ يۇغرۇش باشى بولۇشقا تېگىشلىك ئادەمنىڭ قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەكلىكىنى ھېلى دەپ ئۆتتىڭىز. بۇ شەرتلەرنى روھىي ۋە جىسمانىي تەرەپتىن ھازىرلاپ تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلالمايسىز؟

ــ مەرھۇم ئاكام سۇلايمان ئارسلانخان دەۋرىدە، دەسلەپ

ھاجىپ، كېيىن ھاجىبۇل ھۇججاپ، ئاندىن يۇغرۇش باشى بولۇپ، بۇغراخان جەمەتى ۋە پۈتۈن ئەلنىڭ ھۆرمەت - ئىززىتىگە نائىل بولغانىدىڭىز. بىلىم جەھەتتىن سىز بۆگۈ بىلگە، تەجرىبە دېسە، سىز ھەممىدىن تەجرىبىلىك، شىجائەت بابىدا سىزگە تەڭ كېلىدىغان چارە - تەدبىرلىك ئەرباب يوق. ئەل ئېغىر كۈنگە قالغاندا نېمىشقا يۇغرۇش باشى بولۇشنى خالىمايسىز، ھاجىپ؟ — زەردە قىلدى توغرۇل قاراخان.

بەگيۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى كۆكسىگە قويدى:

— شاھلىرىم، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ھەربىرلىرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش ھەددىم ئەمەس، ئەمما مېنىڭ ئوردىدا ھاجىپلىق خىزمىتىم بار. بۇرچۇمنى ساداقەت بىلەن ئادا قىلىپ، ھەربىرلىرىنىڭ ئىشەنچىنى ئاقلىيالايمەن، ئاۋامغا يېقىن تۇرالايمەن. ئارسلانخان ئالىيلىرىنىڭ خەۋىرى بار. باشتىلا يۇغرۇش باشى بولالمايدىغانلىقىم توغرۇلۇق ئۆزرەمنى ئېيتىپ ھاجىپلىق كۇرسىدا ئولتۇرغانىدىم. بۇ كۇرستىن يۆتكەلگۈم يوق، مېنى ئارتۇقچە خىجىل قىلىشمىغايلا.

— ئولتۇرۇڭ بەگيۇسۇپ، — قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى ئېلىكخان، — مەيلى رايىڭىزچە بولسۇن. سىز بايا دېگەن يۇغرۇش باشى بولۇشقا تېگىشلىك ئەرباب كىم؟

بەگيۇسۇپ توغرۇل قاراخان بىلەن ئارسلانخانغا قاراپ دېدى:

— ئۇ جەڭلەردە زەپەر قۇچقان سانغۇن ئالىپ ئورخۇنبەگ.

## 2

جاھانغا نە ياڭلىغ ئەر تۇغۇلدى كۆر،
بىر ئازلا يۇردى - دە، يەنە ئۆلدى كۆر.

بەگ ئۆلسۇن ۋە يا قۇل، يا ياخشى - يامان،
ئۆزى ئۆلدى، قالدى ئېتىدىن نىشان.

ساڭا تەگدى ئەمدى بۇ نۆۋەت ئورۇن،
قىلىپ سەن ياخشىلىق، ياخشى بول بۇرۇن.

تىرىك ئۆلۈر ئاخىر، تۆشەك بولۇر يەر،
تىرىكتۇر ئېتى ياخشى بولسا گەر[1].

بەگيۇسۇپ كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىلغان بۇ مىسرالارنى ئۇنلۇك ئوقۇپ، دېرىزىدىن باغقا كۆز سالدى. ھەر خىل مېۋىلىك دەل ـ دەرەخلەر تەشۋىشلىك شىلدىرلىماقتا ئىدى.

«ياخشىلىق ــــ ئادەمدىكى پەزىلەت ۋە مۇددىئادۇر، دۇنيانىڭ خوۋلىقىدۇر. ھەمىشە ئۇرۇش، جەڭگى ـ جېدەل بولۇپ تۇرسىمۇ، يەر تەۋرەش، قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەرسىمۇ، ياخشىلىق تۈپەيلى دۇنيا خارابىلاشماستىن، بەلكى كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋاتلىشىدۇ، گۈزەللىشىدۇ. ياخشىلىق دېمەك ھاياتلىق دېمەكتۇر. بۇنى ئادەملەرنىڭ كۆپى چۈشىنىپ يەتكىنى يوق. ئۆزىنى بىلمەي، تونۇماي تۇرۇپ، ياخشىلىقنى جارى قىلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ...»

ئۇ خىيالچان كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكتى. قارا، سۇر بۇلۇتلار ئارىسىدا قالغان يۇلتۇزلار ئاندا ـ ساندا چاقناپ ئۆچمەكتە. قىزلارنىڭ كۈمۈش تارغىقىدەك ھىلال ئايمۇ كۆرۈنمەيدۇ. يىراقتىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغىنى ئىشتىلدى. نېمىدېگەن سۈرلۈك ئاخشام...

بەگيۇسۇپ كەينىگە يېنىپ ئورنىدا يانپاشلىدى. ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان كۆرگەن، تونۇشقان، دوستلاشقان كىشىلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ئويىنى داۋاملاشتۇردى: «ئادەمنى تەڭرىلا ئەڭ توغرا چۈشىنىدۇ. شۇڭا، ئەقىل ـ پاراسەت، ئەركىنلىك، ئىختىيارلىقنى بېرىپ، مەيلىگە

① «قۇتادغۇ بىلىك» 234 ـ، 235 ـ، 236 ـ، 237 ـ بېيىتلەر.

قويۇۋەتكەن. ئادەمنى سىناش ئۈچۈن شەيتاننىڭمۇ تىلىكىنى بەرگەن. مانا شۇ تۇپەيلى جاھاندىكى ھەممە كىلىشمەسلىكلەر: خۇنخورلۇق، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر، زورلۇق، زۇلۇم، سۇيىقەستلەر، بۇزغۇنچىلىق، بۇزۇقچىلىقلارنى بىر قىسىم ئۆزىنى بىلەلمىگەن نەپسانىيەتچى كاززاپلار سادىر قىلىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئادەملەر بولسا ئۆزىنى بىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇپ، ئەزگۇ تىلەك، ئەزگۇ نىيەتتە دۇشمەنلىكنى دوستلۇققا، جەڭگاھنى سەيلىگاھقا، غەم ـ قايغۇنى خۇشاللىققا، خارابىنى ئاۋادانلىققا ئايلاندۇرۇپ ئۈزۈكسىز پىكىر قىلىپ ياشايدۇ. ھەرقانداق قىيىن شارائىتتىمۇ غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. ۋىجدان ئازابى تارتماسلىق ئۈچۈن ئۆزى زىيان تارتسا تارتىدۇكى، كىشىلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. نومۇسىغا داغ تەگكۈزمەيدۇ. بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، ئېغىر كۈنگە چىداپ، ئەلنىڭ، ئاۋامنىڭ بەختى، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ھەرقاچان جان پىدا قىلىدۇ. مانا بۇنداق توغرا پىكىرلىك ئادەملەر گەرچە ئاز بولسىمۇ، خەلققە ساپ دىللىق بىلەن باشلامچىلىق قىلىپ، ئەلنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن، دۆلەتنى مۇنقەرز بولۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ ۋە ماڭغان يولىدا قۇتلۇق ئىز قالدۇرىدۇ. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان مانا شۇنداق ئەل باشى، مەسلىھەت ئالىدۇ، مەسلىھەت بېرىدۇ. توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ. مەرد ۋە ئادىل، تەمكىن ھەم جەسۇر، ئۆزىنى بىلگەن ۋە چۈشەنگەن شاھزادە...»

بەگيۈسۈپ ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخاننىڭ ئۆزىنى قوللاپ يارلىق چۈشۈرگىنىدىن ئەمەس، بەلكى قاراخانىيلار مەملىكىتى، خەلقىنىڭ ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىككىلەنمەي توغرا نىشاننى تاللىغىنىدىن مىننەتدار بولغانىدى. مۇبادا قۇتلۇقبەگنىڭ دېگىنىدەك، ئوردۇكەنتكە دەرھال يۈرۈش قىلسا، ئىسسىق ھەم يول ئازابىدىن ھارغان، ماغدۇرسىزلانغان قوشۇن چوقۇم تالاپەتكە ئۇچرايتتى. گۆدەك ئارسلاننى ئىنىسىدىن چىقىرىپ، ئىسسىق ھەم يول ئازابىدىن ھالسىزلاندۇرۇپ، ئاندىن

ئەدىپىنى بىرىش — بۇ ئاقىلانە تەدبىر ئىدى. بەگيۈسۈپ گەرچە بۇ مۇددىئاسىغا ۋەزىر، ئەمىرلەرنى ئىشەندۈرگەن بولسىمۇ، غىمى ئازايمىغانىدى.

مۇددىئا، تەدبىر — ئەينەنلىك ئەمەس. بەزى ھالدا مۇددىئا — توغرا، تەدبىر مۇكەممەل بولسىمۇ، ئاقىۋەت مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بەگيۈسۈپ مانا شۇنىڭدىن غەم يەيتتى.

«كېلەر يىلى باش ئەتىيازغىچە تەييارلىقنى پۇختا ئىشلەپ، تەۋەككۈل قىلىپ ئاتلىنىش كېرەك. بەلكىم ئۇ چاغقىچە گۆدەك ئارسلان ئىنىدىن چىقىپ ئالدىمىزغا كېلىپ قالار. ئۇ چاغدا ئالىپ ئورخۇنبەگ ئۇنى پاقلاننى باسماقدىغاندەك باسماقداپ، ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا توۋا قىلدۇرۇۋېتىدۇ...» دەپ ئويلىغان بەگيۈسۈپنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى. ئۇ باش ۋەزىرلىككە ئالىپ ئورخۇنبەگنى كۆرسىتىپ توغرا قىلغانىدى.

قۇتلۇقبەگ قالتىس سالاپەتلىك، سۆزمەن بولسىمۇ، ئالىپ ئورخۇنبەگدەك ياخشى تىلەكلىك، جاسارەتلىك ئەمەس ئىدى. ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزسە، ئېلىككخاندىن دەشنەم يېمىسىلا بولاتتى. ئاغزى بىلەن شەھەر ئېلىپ، ئوردىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇش كويىدا يۈرەتتى. بەگ تەركىسى، زىياپەتلەردە شېرىن سۇخەنلىكى، خۇشامىتى بىلەن ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈپ خۇش قىلىۋېتەتتى. ئەمما، ئەمەلىي ئىشلاردا توغرا پىكىرلىك، چارە - تەدبىرلىك ئەمەس ئىدى. كۆڭۈلگە ياققۇدەك مەسلىھەت بېرەلمەيتتى. سۇنىڭ ئېقىشىغا، كۈننىڭ چىقىشىغا قاراپ يول تۇتاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ھېچكىم يامانلىمايتتى. ياخشى گېپىنى قىلاتتى. ئۇنىڭ ئايدا بىر قېتىم خوتۇن يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۆزىنى ناھايىتى ھايالىق، ئالىيجاناب كۆرسىتىدىغان بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى ھەممە ئادەمدىن يوشۇرۇپ كېتەلىگەن بولسىمۇ، بەگيۈسۈپتىن يوشۇرۇپ كېتەلمىگەنىدى. بۇ تۈپەيلى ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى، ئالدىدا گەپ

ساتمايتتى. تەمكىن، خىيالچان بولۇۋالاتتى.

«ئىككى يۈزلىمە، توختالغۇسى يوق كاززاپلارنى خانلىقنىڭ ئالىي خىزمەتلىرىگە قويۇشقا زىنهار بولمايدۇ. بۇ ھەقتىكى قارىشىمنى ئېلىكخاننىڭ سەمىگە سېلىپ قويغىنىم خاتا بولمىدى. خانلىق، خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇمىغان ئىككى يۈزلىمە كازراپنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى: مەملىكىتى، خەلقىگە، دوست - قېرىنداشلىرىغا زىيان ئۇرۇشتۇر. زىيان ئۇرۇپ، زىيان سېلىپ، ئاخىردا ئۆزىگە زىيان يەتكۈزۈش بىلەن تۈگىشىدۇ. ئادەمنىڭ ئاجىزلىقى مانا شۇ يەردە...»

بەگيۇسۇپ خىيالىدا، قۇتلۇقبەگنىڭ باش ۋەزىرلىكتىن بۇرۇنراق قالدۇرۇلۇشى ئەل ئۈچۈن پايدىلىق، دېگەن پىكىرگە كېلىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

خورازنىڭ چىللىغان ئۈنى يەر ئاستىدىن ئىشىتىلىپ، بەگيۇسۇپ ئويغاندى. ئۇ شۇنداق سەگەك ئىدىكى، كۆزىنى يۇمۇپ خىيال سۈرۈپ ياتقان كىشىدەك، كىچىككىنە شەپە بولسىلا ئويغىنىپ كېتەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنى ئاچتى. غۇر - غۇر تاڭ شامىلى ئۆي ھاۋاسىنى يېڭىلىدى. ئۇنىڭ نەزىرى چاقناپ تۇرغان چولپاننىڭ يېنىدا. كۆزى يەتتە ئالتۇن چۆمۈچ بىلەن نۇر تۆكۈۋاتقان ھىلال ئايغا چۈشتى. «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ ئۈنلۈك زىكرى قىلىپ تەرەت ئالغىلى ھويلىغا چىقتى. كۆكرىكىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى.

تاڭ شامىلى ئادەمگە كۈچ - غەيرەت ئاتا قىلىدۇ. سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئالغان نەپەس ۋۇجۇد قەلئەسىنى پاكلاپ، تۇيغۇ - پىكىرنى ساپلاشتۇرىدۇ. سەھەر تۇرغان ئادەمنىڭ كۈنى بەرىكەتلىك، ئىش - ئوقىتى نەتىجىلىك، پايدىلىق بولىدۇ. كىچىكىدىن سەھەر تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بەگيۇسۇپ ئۆيدە بولسۇن، سەپەردە بولسۇن ياكى ياقا يۇرتتا بولسۇن، ئاي، يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان ئاسمانغا قاراپ پىكىر قىلاتتى. قىلماقچى بولغان ئىشىنى سەھەردىن باشلايتتى، بۈگۈنكى ئىشنى

زىنھار ئەتىگە قالدۇرمايتتى.
«ۋاقچە تۇرىدىغان، قىلىدىغان ئىشى يېتىپ - ئېشىپ تۇرسىمۇ پىلانلىق، تەرتىپلىك ھالدا بىجىرىشكە كىرىشمەيدىغان كىشىلەر قابىلىيەت - ئىقتىدارى بولسىمۇ، مۇشەققەت - كۈلپەتتىن قۇتۇلالمايدىغان ئىرادىسىز بىچارىلەردۇر. بۇنداق ئەبگارلارغا ياردەم قىلساڭمۇ، قىلمىساڭمۇ ئوخشاش. ئۆزىنى ئۆزى خورلاپ، خورلىنىپ دۇنيادىن ئۆتىدۇ» دەپ ئەپسۇسلىناتتى ئۇ.
بەگيۇسۇپ، ئاداربا‌ي بىلەن بامدات نامىزىنى مەسچىتتە ئوقۇپ كىرگەندىن كېيىنمۇ، چاي ئىچىۋېتىپمۇ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى: «ئەبگارلار ئاۋام خەلق ئىچىدىلا بولۇپ قالماستىن، باي زەردارلار ئارىسىدىمۇ، بۇغراخان جەمەتى ئىچىدىمۇ بار. بىرلىرى يوقسۇزلۇق، ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئىرادە، جاسارىتىنى يوقاتقان بولسا، بىرلىرى بايلىق، نام - ئاتاق، ئەمەلنى كۆزلەپ، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ ئىرادە - جاسارىتىنى يوقاتقان. ئالدىنقىلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش مۇمكىن بولسىمۇ، كېيىنكىلىرىنى قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ...»
ئۇ شۇ خىيالدا ئاداربا‌ي بىلەن ھويلىغا چىقتى. سۇلتانبەگ ئېگەرلەنگەن ئاتنى ئېلىپ كەلدى.
— ئاشان بوۋام قانداقراق بالام؟ — سورىدى بەگيۇسۇپ.
— ئەلھەمدۇلىللا، ناھايىتى تىمەن، كىشى قارا. ئۆزلىرىگە سالام ۋە دۇئا يوللىدى.
— ئامان بولسۇن، بالام. يېقىندىن بېرى ئالدىراش بولۇپ يوقلاپ بارالمىدىم. ئەتە - ئۆگۈن بېرىپ دۇئاسىنى ئېلىپ كېلىمەن.
— ئاتام ئۆزلىرىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكلىرىنى بىلىدۇ، كىشى قارا. مەن ھەركۈنى كەچتە سالاملىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتىمەن.
— رەھمەت بالام، شۇنداقتىمۇ بوۋاينى كۆرگۈم كېلىپ قالدى، — بەگيۇسۇپ چاپچىپ تۇرغان ئارغىماققا مىندى.

قارا كۆنلۆكنى ئۆنىڭ بىشىغا تۆتقان سۇلتانبەگ ئىتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ـ تارتىپ ماڭدى.

— بالام «شاھنامە»①نى ئوقۇپ تۆگەتتىڭمۇ؟

— تۆگەتتىم، كىشى قارا.

— قانداق ئىكەن؟

— ئاجايىپ ياخشى كىتاب ئىكەن. ئالغان تەسىراتىمنى بۇنداق ئاددىي تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، كىشى قارا.

— ئەمىسە نېمە بىلەن ئىپادىلەپ بېرىسەن بالام؟

سۇلتانبەگ زۇۋان سۇرمەي ئىختىيارسىز ئىتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ھەر قېتىم ئۇستازىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىگەندە قىلىدىغىنىدەك جىم تۇرۇۋالدى. ئۇ ئىتنى توختىتىپ قويغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى.

بەگيۇسۇپ كەينىگە قاراپ چاقىرغاندىلا، سۇلتانبەگ ئۆزىنىڭ ئات ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال يېتىشىۋالدى.

— بالام، ئالەمدىكى ھەممە مەۋجۇدات تىل بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان شەيئى دۇنيادا يوق. پەقەت بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ تەڭرى. ئۆزىگە لايىق سۈپىتى، قۇدرىتى بىلەن ئۇلۇغ، تەڭداشسىزدۇر. ئۇ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تىل بىلەن شەرھلەپ چۈشەندۇرگىلى بولىدۇ. چۈنكى، تىل تەڭرى ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلەر ئىچىدىكى ھەممىباب بولغان ئەڭ جازىبىدار، قىممەتلىك ئالتۇن ئاچقۇچكى، ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق مەخپىي سىرنى ئاچقىلى ۋە يەشكىلى بولىدۇ. قوۋملار ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ناھايىتى پاساھەتلىك، گۈزەل، ئەۋرىشىم بىر تىلدۇر. بۇ تىل بىلەن «قۇرئان كەرىم» گە مەنە ئېيتقىلى، ھەدىسلەرنى شەرھلىگىلى، ئاسمان ـ زېمىندىكى شەيئىلەرنى ماھىيىتى بىلەن

① «شاھنامە» — ئاتاقلىق پارس شائىرى فىردەۋسىينىڭ شېئىرىي شەكىلدە يېزىپ چىققان مەشھۇر رومانى.

چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. كاتتا مۇتەپەككۇر مەھمۇد تېگىن «كىتابۇل جاۋاھىرىن نەھۋى لۇغاتىت تۈرك» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى جۈملىلەرنىڭ مەنە چوڭقۇرلۇقى، راۋانلىقى، گۈزەللىكىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ، باشقا تىللاردىن قېلىشمايدىغانلىقى، ھەتتا ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ماڭا ئاشۇ كىتابتىن بىرنى تەقدىم قىلىۋالاي، ئۇنى ساڭا بېرەي، ئوقۇپ چىقساڭ پىكرىڭ باشقىچە جانلىنىپ كېتىدۇ. ئۆز ئانا تىلىڭدىن ھوزۇرلىنىسەن، پەخىرلىنىسەن، — دېدى بەگيۇسۇپ، ئېتىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ.

— رەھمەت ئۇستازىم. بۆگۈ بىلگە مەھمۇد تېگىننىڭ «مەھمۇد كاشغەرىي» نامى بىلەن ئۇشبۇ كىتابنى يازغانلىقىنى ئۆزلىرىدىن بىرنەچچە قېتىم ئاڭلاپ، كۆڭلۈمدە ئۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىش ئىشتىياقى تۇغۇلغانىدى. لېكىن، تارتىنىپ سورىيالمىغانىدىم. ئەمدى ياخشى بولدى، ئوقۇپ ئۆز ئانا تىلىم بىلەن ۋۇجۇدۇمنى يېڭىدىن قورالландۇرۇپ، ئاندىن تەسىراتىمنى سۆزلەپ بېرىمەن، — ھاياجاندىن سۇلتانبەگنىڭ ئۇنى تىترەپ چىقتى.

— ماقۇل بالام. شۇنداق بولسۇن، ئەمما «شاھنامە»نى ئوقۇپ بوپسەن. بۇ پارس تىلىدا يېزىلغان نادىر ئەسەر. ئۇنىڭ تىلى توغرۇلۇق تەسىراتىڭنى كېيىن تىلىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ سۆزلەپ بېرەرسەن. ھازىر بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى توغرۇلۇق تەسىراتىڭنى سۆزلەپ بەرگىن، ئاڭلىغۇم بار.

سۇلتانبەگ بەگيۇسۇپ بىلەن قاتارلىشىپ مېڭىپ خىيالچان ھالدا دېدى:

— ئادەم ئىرادىلىك بولسىلا ئارزۇ ـ مەقسىتىگە يەتمەي قالمايدىكەن. ئانا ۋەتىنىنى جان تىكىپ قوغدىيالايدىكەن. مېنىڭ بۇ كىتابتىن ئالغان تەسىراتىم شۇ.

— ناھايىتى توغرا، بالام. ئىرادە ئادەمنى تۇتۇپ تۇرىدىغان سۇنماس تۈۋرۈك. «شاھنامە»دە تەسۋىرلەنگەن پادىشاھتىن تارتىپ

نۆكەرلەرگىچە بولغان ھەممە ئادەملەر ئۆز ئىرادىسى بويىچە نامايان بولىدۇ. ئىرادىسى ئاجىزلار مەغلۇبىيەت شارابىدىن ھوشىنىمۇ، ئىستىقبالىنىمۇ يوقىتىدۇ. ئىرادىسى مۇستەھكەملەر غەلىبە شارابىدىن غەيرەت ـ جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، خارابە ئۈستىدە يېڭى ھايات بىناسىنى قۇرىدۇ. بۇ نادىر ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت. شۇڭا، ھەممە ئوقۇرمەننى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىدۇ. ئەمما، مۇئەللىپ بۇ ئەسەردە ئىراننىڭ جاھانگىر پادىشاھى سىياۋۇش[1]نىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى پەردازلاپ كۆككە كۆتۈرگەن. تۇراننىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئادىل پادىشاھى ئافراسىياپنىڭ قوغدىنىش ئۈچۈن قىلغان جەڭگاھتىكى باھادىرلىقلىرىنى كەمسىتكەن. بۇ ئەسەرنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىنتايىن ياخشى، قىزىقارلىق يېزىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلساممۇ، تۇرانلىق بولغىنىم ئۈچۈن، تاجاۋۇزچىلىقنى باتۇرلۇق، مەردانىلىك دەپ ئاقلىغانلىقىدىن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمەن. غەزەپلەنمەي تۇرالمايمەن، — بەگىيۇسۇپنىڭ پېشانە تومۇرلىرى كۆپۈپ، تىزگىننى تۇتقان قوللىرى تۈگۈلدى، — ئىران قوشۇنىنىڭ باھادىرى رۇستەم[2] تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا، ھەرقانداق مۇشكۈللۈك، ئوڭۇشسىزلىق ئۈستىدىن غالىب كەلگۈچى يېڭىلمەس قەھرىمان دەپ سۈرەتلەنگەن، بالام. رۇستەم ھەقىقەتەن شۇنداق غەيۇر، مەردانە قەھرىمانمۇ؟

ئۇستازىنىڭ بۇ سوئالىغا سۇلتانبەگ دەررۇ جاۋاب بەردى:

— مەن رۇستەمنى ۋە ئۇنىڭ تۇرانلىق خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى بەرزۇنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم، كىشى قارا. بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئاڭلاپ، چۈشەنچەم يېڭىلىنىدىغان بولدى.

— راستىڭنى دېدىڭ، بالام. «شاھنامە»نى ئوقۇغان ھەربىر

---

① سىياۋۇش — «شاھنامە»دە تەسۋىرلەنگەن قەدىمكى ئىران شاھى.

② «شاھنامە»دىكى باش قەھرىمان.

تۇرانلىق ئۇچۇن رۇستەم — غايىۋى قەھرىمان سۈپىتىدە دائىم ئويلايدىغان، زوقلىنىدىغان ئەزىمەت بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن رۇستەمنىڭ شۇنداق تەڭداشسىز كۈچتۇڭگۇر، ئالىيجاناب بولغىنىدىن ئەمەس، بەلكى مۇئەللىپنىڭ كامالەتكە يەتكۈزۈپ گەۋدىلەندۈرگەنلىكىدىن، بىر - بىرىدىن قىزىق، جەلپكار ۋەقەلەر ئوقۇرمەننىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقىدىن شۇنداق تۇيۇلغان. ھەتتا بۇ ۋەقەلەر ئۇنىڭ ئىرانلىق تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئوقۇرمەننىڭ كۆڭۈلدىكى ئادىمىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىكى، ئوقۇرمەنلەر ئالدانغىنىنى بىلەلمەي قالغان. مانا بۇ دانا ئەدىبنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىدىكى ئۇستاتلىقى. مەۋلانا فىردەۋسىي شۇڭا شائىرلارنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتالغان.

ئاتلار گويا ئالىمنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ قىلىۋاتقاندەك باشلىرىنى سىلىپ ئاستا ماڭماقتا. ئۇستازىنىڭ پىكىرلىرىنى ئىشتىپ ھەيرەتتە قالغان سۇلتانبەگ مىڭە قەلئەسىگە ئورنىشىپ قالغان چۇشەنچىلىرىنى خۇددى كونا بىنانى ئۆرۈش ئۇچۇن خىشلىرىنى بىر - بىرلەپ قومۇرۇپ ئالغاندەك چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭى چۇشەنچىلەرگە ئورۇن بوشىتىش ئۇچۇن ئويغا چۆكتى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تۇرانلىق ئايالدىن بولغان ئوغلى بەرزۇ بىلەن ئېلىشىپ، ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەن رۇستەم كەلدى. ئۇنىڭدا بەرزۇ كىسىندەك قېنى تۆكۈلگەن، ئانا ۋەتىنى تۇران زېمىنىنى قوغداش، رەھىمسىز تاجاۋۇزچىغا تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۇچۇن تەڭدىشى يوق باھادىرنى يېڭىپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قوياتتى...

بۇنداق كۈچ - قۇۋۋەتنى بەرزۇغا تەڭرى مۇنبەت زېمىن قىلغان تۇراننىڭ ئاش - نېنى، پاك سۈيى، ئاق تۇزى بەرگەنلىكىنى سۇلتانبەگ ئاخىر بىلدى. «مۇئەللىپ ھەقىقەتەن كامالەتكە يەتكەن ئەدىب ئىكەن. ئۇ يېتۈك قەلەم كۈچى بىلەن

مېنى راستلا ئاداشتۇرۇۋېتىپتۇ، ھەتتا رۇستەمنىڭ بەرزۇدىن يېڭىلىپ قالغىنىدىن ئەپسۇسلاندۇرۇپ، مېنى باشقىچە تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. خەيرىيەت، ئۇستازىم ماڭا ھەقىقەتنى بىلدۈردى. دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ۋەتەندىن ئەلا ھېچ نەرسە يوق. ۋەتەن مۇھەببىتىنى باشقا ھەرقانداق ھېسسىياتقا ئالماشتۇرغىلى، ئۇنىڭغا داغ تەگكۈزگىلى بولمايدۇ. ۋەتىنىگە ھەقىقىي مۇھەببەت باغلىغان ئادەم — ئىرادىسى مۇستەھكەم ئادەمدۇر. ئۇ ھەرقانداق شارائىتتا ياۋغا تېز پۈكمەيدۇ...»

— بالام، جىم بولۇپ كەتتىڭغۇ؟ — بەگيۇسۇپ ئېگەرنىڭ قۇش بېشىغا تىكىلىپ خىيال سۈرۈۋاتقان سۇلتانبەگكە كۆز سالدى.

— كىشى قارا، بىلدىمكى، مۇتەپەككۇر شائىر فىردەۋسىي پىقىرنى پاساھەت دەشتىدە ئاداشتۇرۇۋېتىپتۇ. مەن ھەقىقىي قەھرىمانىنىڭ سىياۋۇش، رۇستەم ئەمەس، ئافراسىياپ، بەرزۇ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنلىرىدىن ناھايىتى خۇش بولدۇم. ئەگەر بۇگۈنكى سۆھبەتنى تەڭرىم بىزگە نېسىپ قىلمىغان بولسا، ياۋنى دوستۇم ساناپ يۈرۈۋېرىدىكەنمەن. ھەزرەتلىرىنى ئۇستاز قىلىپ بەرگەن تەڭرىدىن مىننەتدارمەن، — سۇلتانبەگ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— بىلگەن ۋە بىلدۈرگەن بەندىلىرىدىن تەڭرى رازى، بالام. بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سالغان ھەسەتخور، پىتنىخور بەندىلىرىدىن تەڭرى قانداقمۇ رازى بولسۇن؟ سەن ياش، بېشىڭدىن ئىش ئۆتمىگەن، سائادىتىڭ ئالدىڭدا. ھازىر سېنىڭ تىرىشىپ بىلىك ئۆگىنىش، چەۋەندازلىق ماھارىتىنى ئىگىلەپ جەڭگىۋار روھنى يېتىلدۈرۈش ۋاقتىڭ. قەلبىڭدە ۋەتەن، ئەلگە ھەقىقىي مۇھەببەت بولسا كامال تاپالايسەن، — بەگيۇسۇپ ئاتلىق مېھرى بىلەن قىل قامچىسىدا ئۇنى تۇرتۇپ سورىدى، — بالام، ئالدىمىزدا ناھايىتى مۈشكۈل، شىددەتلىك جەڭ بار، قاتنىشىشنى خالامسەن؟

— خالايمەن، كىشى قارا! — سۇلتانبەگنىڭ ئۈنى بەگيۈسۈپنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇردى. «خالايمەن!» دېگەن سۆز ئۇنىڭ يۈرەك قاتلىمىدىن جاراڭلاپ چىققاندى.
— ئوردىغا كېلىپ قاپتۇق. ئاتلارنى ئاتخانىغا ئەكىرىۋېتىپ، ھاجىپلار خانىسىغا كىرگىن، سۆھبىتىمىزنى داۋام قىلغۇم بار.
— ماقۇل، كىشى قارا، — سۇلتانبەگ ئاتلارنى پادىشاھ ئاتخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇپ، ھاجىپلار خانىسىغا كىردى. بىراق، بەگيۈسۈپ يوق ئىدى. ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

## 3

ئوردا دىۋانخانىسىغا ئەمدىلا كىرگەن بەگيۈسۈپ ھاجىپلارخانىسى ئالدىدا كۆيۈئوغلى ئىلزادبەگ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇزرۇكۋار ئاتا. ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋېدىم، — دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆكرىكىگە قويۇپ.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام. نېمە ۋەجىدىن كۈتۈپ تۇرغاندىلە؟ — بەگيۈسۈپ ئەجەبلەنگەن ھالدا ئىلزادبەگ بىلەن كۆرۈشتى، — ئۆي ئىچى، باللار تىنچ - ئامانلىقتۇ؟
— ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر، بۇزرۇكۋار ئاتا. مەن ئۆيدىن ئەمەس، ئارامگاھ سارايدىن كەلدىم. توغرۇل قاراخان ۋە ئىلىكخان ئالىيلىرى ئۆزلىرىنى كۈتۈپ قالدى، قارىغاندا ئۆزلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش باردەك قىلىدۇ.
بەگيۈسۈپ سۇلتانبەگ بىلەن كەچقۇرۇپ پاراڭلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىلزادبەگ بىلەن ھەرەمگە كىرىدىغان خىلۋەت يولغا قەدەم باستى.
باش كىرىزنىڭ غۇر - غۇر شامىلى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تاجىگۈل، ئانارگۈللەرنى يەلپۈندۈرۈپ، يۈزلەرگە ئۇرۇلاتتى. تېخى ياپراقلىرى سارغايمىغان دەل - دەرەخلەرنىڭ

شاخلىرى شىلدىرلاپ ئېگىلەتتى. ياز پەسلىنىڭ كۈندۈزىگە نىسبەتەن بىرئاز سۆرۈن بولغان سۈبھىدەم ھاۋاسى شۇنچە ساپ ئىدى. ھەر ياندىن تورغاي، تۇمۇچۇقلارنىڭ يېقىملىق ساداسى ئىشتىلەتتى.

— بالام، ئېلىكخان، قاراخانلارنىڭ بۇ ئەتىگەندە مەن بىلەن سۆزلەشكۈسى كېلىپ قالغىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلىدىلىمۇ؟ — سورىدى بەگيۈسۈپ. جەڭگاھتىكىدەك دۈبۈلغا - ساۋۇت كىيىۋالغان كۆيۈئوغلىغا قىزىقسىنىپ قاراپ.

— يوقسۇ، بۇزرۇكۋارىم، ئەمما تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن بارىسغاندىن چاپارمەن كەلگەنىدى. ئېھتىمال شۇ ۋەجىدىن ئۆزلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش چىقىپ قالغان بولسا كېرەك.

— ئەلھال، ۋەزىيەت جىددىي ئىكەن ! — بەگيۈسۈپ شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئېرىق ئۈستىگە سېلىنغان ئەگمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئارامگاھ سارايىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى خەۋەر قىلغان ئاغۋات چىقىپ:

— مەرھەمەت قىلىشقايلار، — دەپ باش ئېگىپ تۇردى.

بەگيۈسۈپ ئېلىزادىبەگ بىلەن ھەرەمبېغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان ئارامگاھ سارايىغا كىرگەندە، كىمخاب يېكەنداز ئۈستىدە ماموق تەكيىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقان قاراخان بىلەن ئېلىكخان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بەگيۈسۈپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بەگلىرىم[1]، قۇتلۇق دەرگاھلىرىغا قەدەم قويغانلىقىمدىن مەمنۇنمەن، خىزمەت بولسا قولۇم كۆكسۈمدە.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بۆگۈ بىلگە، مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ، — دېيىشتى ئىككى خان.

بەگيۈسۈپ كۈيۈئوغلىنى يېنىغا ئېلىپ ماموق يېكەندازغا

---

① بەگلىرىم — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «شاھلىرىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇكۇندى ۋە دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئىلاھا، ساڭا ئاسان، بەندەڭگە مۇشكۇل. ئەل ئۈستىگە كەلگەن بالا - قازانى يوق قىلىپ، تىنچلىق، ئامانلىق ئاتا قىلغايسەن، ئامىن!

— ئامىن! — دېيىشتى ئۇلار.

ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان سەمەرقەندتىنىڭ پاتلىق قەغىزىگە يېزىلغان مەكتۇپىنى ئۈزارتتى. بەگيۇسۇپ ئىلىپ ئوقۇدى:

«ئايغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. پەرغانە دىيارىنىڭ ئېلىكخانى توغرۇل قاراخان ھەزرەتلىرىگە: ئاللا ئۇلۇغدۇر، بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر. پېقىر ئوغۇللىرى بارسغان ئەھلى بىلەن بىللە ئاللا پاناھىدا ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز. كىچەيۇكۇندۇز ئاگاھ بىز. ئالىيلىرى قۇزئوردۇغا كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، تامغاچ بۇغراخان بۆرە تېگىن بارلىق سىپاھلىرىنى پەرغانە زېمىنىدىن چېكىندۇرۇپ كەتتى. بۇزرۇكۋارىم، بارسغاندا تۇرۇۋاتقان قوشۇنلىرىنى پەرغانەگە قايتۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇش ئىستىكىدە بولۇۋاتقان چېغىمدا، ئىبراھىم تېگىن توققۇز تۇغلۇق① لەشكەر بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، بارسغاننى ئىسكەنجى② گە ئېلىۋالدى. ئەلھال، بىزنى ئەل بولۇشقا مەجبۇرلاپ مەنچاناق، سالما بىلەن تاش بوران قىلسىمۇ، كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولسۇنلاركى، ئۇلارنى قەلئە دەرۋازىسىغا يولاتمىدۇق. دۈشمەنلەرنى بارسغان قەلئەسىگە زىنھار ئاياغ باستۇرمايمەن. بۇزرۇكۋارىم، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئاغام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دەرمەھەل قوشۇن باشلاپ ياردەمگە كېلىشلىرىدىن ھەرقاچان ئۈمىدۋارمەن. بارسغانغا كەلگەنلىرىدە، باش ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ جەڭ قىلىۋاتقان ئوغۇللىرىغا

---

① توققۇز تۇغلۇق سىپاھ — ئون تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەرنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ چاغدا ھەرتۇغ كەينىدە تۆت مىڭدىن بىر تۈمەن ئىككى مىڭغىچە لەشكەر بولغان.

② ئىسكەنجى — قورشاش.

نەزەرلىرى چۈشىدۇ. مەن ئاسىيلىق قىلىپ ھايات قېلىشتىن، تىز پۈكمەي ئاداققىچە جەڭ قىلىپ جەڭگاھتا ئۆلۈشنى شەرەپ بىلىمەن.

كامالىي ئېھتىرام ئىلە بارسغان ئېلىكخانى بولمىش ئوغۇللىرى بايبەگ ئىنال تېكىن.

ھىجرىيە 450 ـ يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 25 ـ كۈنى①، بارسغان»

«ئەتىگەندىلا بۇ ئىككى خاننىڭ مىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىشى مۇشۇ مەكتۇپ ئۈچۈن ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىغان بەگيۇسۇپ:

— ئەمدى قانداق قىلماقچى بولۇشىۋاتىلا ئارسلانلىرىم؟ — دەپ سورىدى.

ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان مەكتۇپنى قولىغا ئالدى. ئاندىن توغرۇل قاراخانغا بىر قارىۋېلىپ دېدى:

— بىز لەشكەر تارتىپ بارسغانغا بېرىشنى ئويلىشىۋاتىمىز. بۇ ھەقتە سىز قانداق پىكىردە ھاجىپ؟

بەگيۇسۇپ ئۆزىگە ياراشقان قىرقىما ساقاللىق ئېڭىكىنى تۇتتى.

— ياخشى ئويلىشىپلا بەگلىرىم، بارسغانغا تولۇق لەشكەر تارتىپ بارغاندا، ئىنال تېكىننىڭ كۈچىگە كۈچ قوشۇلىدۇ. ئىبراھىم تېكىننى مەغلۇپ قىلغىلى بولىسىمۇ، ئوردۇكەنتنى ئالماق تەسكە چۈشىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟ — سورىدى توغرۇل قاراخان قويۇق قارا قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ھالدا.

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەزرەتلىرى، ئىبراھىم تېكىن لەشكىرىي كۈچىنىڭ كۆپ قىسمىنى بارسغانغا ئېلىپ كەتكەچكە، ئوردۇكەنتتە قالغان سىپاھلىرى چاغلىق. شۇڭا، بۇغرالىرىم، لەشكىرىي كۈچنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر قىسمىنى

① مىلادىيە 1058 ـ يىلى 9 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

ئوردۇكەنتكە، بىر قىسمىنى بارسغانغا ماڭدۇرۇپ، بىر قىسمىنى قۇزئوردۇدا قالدۇرساق ئىككى جەھەتتىن ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىپ نۇسرەت قازىنالايمىز.

— قايسى ئىككى جەھەتتىن؟ — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان سەل جىددىيلىشىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ئوردۇكەنتتىكى سىپاھلارنىڭ ئازلىقىنى ھەربىرلىرىنىڭ سەمىگە سىڭدۈرمىدا، ئۇ شەھەر ئەزىمىدىكى ئەھلى بىلىكىنىڭ، ئاۋامنىڭ كۆپچىلىكى بۇغراخان بولۇۋالغان ئىبراھىم تېگىنگە قارشى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۇرمەكچىمەن. مانا بۇ ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئىكەنلىكىمىزدىكى بىرىنچى نۇقتا. ئىككىنچى نۇقتا، بارسغانغا ئاتلاندۇرغان قوشۇنىمىز تۇيۇق چۇشۇرمەي ئارقا تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش شارائىتىغا ئىگە. دېمەك، مانا بۇ ئىككى جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇك بىلەن غەلىبە قازىنالايمىز. گەپ تۇيۇقسىز يېتىپ بېرىپ دۇشمەننى ئالاقزادە قىلىۋېتىشتە. ناۋادا ئىبراھىم تېگىن لەشكەرلىرىمىزنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقىنىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان تەقدىردىمۇ، گاڭگىراپ قېلىپ جاسارىتىنى يوقىتىدۇ. بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز، شاھلىرىم.

بەگيۇسۇپنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مەھمۇد توغرۇل قاراخان: «ئاقىۋەت قانداق بولار؟ بارسغاندا ئوغلۇمنىڭ ئاران ئىككى تۈمەن لەشكىرى تۇرسا، ئىبراھىم تېگىننىڭ توقۇز تۇغلۇق لەشكىرىگە قانداقمۇ تەڭ كېلەلەر؟ تاقابىل تۇرمىقى تەس» دەپ ئويلىدى. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بېشى چۈشۈپ كەتكەن تاغىسىغا بىر قاراپ قويۇپ: «بەگيۇسۇپنىڭ مەسلىھەتى ناھايىتى ئاقىلانە، قەتئىي نىيەت بىلەن شۇنداق قىلالىساق نۇسرەت قازىنالايمىز» دېگەن ئىرادىگە كەلدى. لېكىن، زۇۋان سۈرمىدى.

ئارامگاھ سارايغا كۆزنىڭ ئىللىق ئاپتىپى چۈشكەنىدى، ھەربىر دېرىزە ئالدىغا قويۇلغان شاخچا ـ شاخچا گۈلداندىكى ياملارغا ئېلىنغان ئانارگۈل، لەيلىگۈل، تاجىگۈل، رەيھانگۈل،

ئەتىرگۈل، تۇخۇمگۈل، قوناقگۈللەر يېڭى چىققان كۈن نۇرىدا ئۆزگىچە رەڭ تۈزگەندى. تام - تورۇسلاردىكى رەڭگارەڭ نەقىشلەر جۇلالاپ كەتكەندى. تۆت پەسىل مەنزىرىسى مۇجەسسەملەنگەن بۇ سارايدا ھەرقانداق پەرىشان كۆڭۈلمۇ ئېچىلىپ قالاتتى. ئەمما، مۇشۇ تاپتا ...

ئۆز يۈرەك نىداسىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان بەگيۇسۇپنىڭ نەزىرى ئۈچىنچى دېرىزە ئالدىدىكى كۆركەم گۈلدانىنىڭ كۈمۈش ئىلغۇچىغا ئېسىلغان ئالتۇن قەپەستىكى بۇلبۇلدىن بىرىنچى، ئىككىنچى دېرىزە ئالدىدىكى گۈلدانلارغا ئېسىلغان قەپەسلەردىكى تورغاي، تۇمۇچۇققا يۆتكەلدى. بۇ گۈزەل قۇشلار ئۆز قونداقلىرىدا جىم ئولتۇرۇشاتتى. بەلكىم ئۇيقۇدىدۇ. بەلكىم تولا سايراپ خامۇش بولۇپ قالغاندۇ؟ ھەتتا ئادەم، قۇش، ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا دورايدىغان شاتۇتىمۇ قەپەستە تۈگۈلۈۋالغانىدى. ئۇ پۇتلىرىدىن باغلاپ باشقا گۈلدانلارغا قوندۇرۇپ قويۇلغان بۈركۈت، قارچىغا، شۇڭقارلارنىمۇ نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى. گويا قەپەستىكى ھەممە قۇشلار ئەلنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ قايغۇرۇۋاتقاندەك غەمكىن ئىدى. ياق - ياق! ئۇ قۇشلار ئەلنىڭ تەقدىرىگە ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ قەپەسلەرگە سولاپ قويۇلغىنى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق مەيۈس، ھەسرەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇلار چولپان تۇغقان مەھەلدىلا نالە - پەرياد چېكىپ، ھېچبىر ئىنسان بالىسىنىڭ پەسەنتىگە ئالمىغىنىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ شۈك بولۇپ قېلىشقانىدى. «ئادەم، ياق! ھەممە ئادەم ئەمەس، ئىمتىيازلىق، ھاللىق، دۆلەتمەن شەخسلەر ئەنە شۇ قەپەسلەردىكى قۇشلارنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلاپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ. مېنىمۇ ئۇلارنىڭ سىرتىدا ئەمەس. قۇشلارغا، ئۇلارنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرىغا خۇشتارمەن. بۇ تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ھايات مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجايىپ، غەلىتە، سىرلىق، سۆيۈملۈك...» دەپ ئويلىغان بەگيۇسۇپ تېخىچە ئۈن چىقماي ئولتۇرۇشقان توغرۇل قاراخان بىلەن ئېلىكخانغا كۆز

سىلىپ دېدى:

— بۇغرالىرىم، هازىر يانپاشلاپ شېرىن خىيال سۈرىدىغان ۋاقىت ئەمەس. جىددىي بىر قارارغا كېلىپ، تەدبىر، سىياسەت بەلگىلەپ ھەرىكەتلىنىدىغان ۋاقىت. مەكتۇپ شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. زادى قانداق قىلماقچى بولۇشۇۋاتىدىلا؟

— كىشى قارا، جانابىڭىزنىڭ بۇ دېگەنلىرى بەرھەق. مەن شۇنداق قىلىش قارارىغا كەلدىم، — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان نەزىرىنى توغرۇل قاراخانغا قاراتتى، — بۇزرۇكۋار، ھاجىپىنىڭ دېگەنلىرىدە ئەل ئۈچۈنمۇ، خانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ ناھايىتى پايدىلىق تەكلىپ بار. قوبۇل كۆرمىكىمىز زۆرۈردۇر.

مەھمۇد توغرۇل قاراخان تەڭدىن تولىسى ئاقىرىپ قالغان بوم ساقىلىنى تۇتاملاپ بىر نېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، تامىقىنى قىرىپ باش چايقىدى:

— مەن بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپ كۆرسەتكەن تەدبىر بىلەن نۇسرەت قازىنىشىمىزغا زادىلا ئىشىنەلمەيۋاتىمەن، بالام. ئىبراھىم تېگىن توققۇز تۇغلۇق لەشكەر بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن تۇرسا، ھەم ئوردۇكەنتكە ھەم بارسغانغا لەشكەر تارتىپ بارىمىز دېسەك، كۈچىمىز بۆلۈنۈپ كەتمەسمۇ؟ دۈشمەننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ چىقىمدار بولۇپ كەتمەمدۇق؟ ھەتتا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇشىمىزدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن. ھاجىپ بۇنى ئويلاپ كۆردىمىكىن؟

بەگيۇسۇپ شۇبھىلىك نەزىرى بىلەن قارىغان توغرۇل قاراخانغا ئىشەنچ بىلەن دېدى:

— جەڭدە قوشۇننىڭ كۆپلۈكى مۇھىم ئورۇندا تۇرسىمۇ، غەلىبە قازىنىشقا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، ھەزرەتلىرى. كۆپ جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئۆزلىرىدەك ئارسلان بۇنى بىلىدىلا. كاپالەتلىك قىلىدىغان ئامىل: قوشۇننىڭ كۆپ ئەمەس، سەرخىل بولۇشى؛ سۇباشى، سانغۇنلارنىڭ قورقۇمسىز، تەمكىن، چارە - تەدبىرلىك، جۈرئەتلىك بولۇشىدۇر، — بەگيۇسۇپ

سۆزىنى توختىتىپ ئېلىكخانغا قارىۋىدى، ئۇ قوشۇلغان قىياپەتتە باش لىڭشىتتى. توغرۇل قاراخان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئۈن چىقمىدى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھەربىرلىرىگە مەلۇمكى، بۇنىڭدىن ئون سەككىز يىل مۇقەددەم، يەنى ھىجرىيە 431 - يىلى ماھى رەجەپنىڭ 13 - كۈنى[①] مەرۋى شاھ جاھان[②] غا يۈز چاقىرىم كېلىدىغان دەندالقان دېگەن يەردە، سەلجۇقىيلار سۇلتانى توغرۇلبەگ بىر تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر بىلەن غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ بەش تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر ۋە ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق جەڭ پىلىدىن تەركىب تاپقان زور قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇپ، شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق مىسلىسىز غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. شۆھرەتپەرەس، كۆرەڭ، ئىشرەتخۇمار سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى ئېغىر يارىلىنىپ ئاران قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، كور بولۇپ ئۆلگەن. مۇبادا توغرۇلبەگ مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ شۇنچە كۆپ ئەسكەر، پىللىرىدىن قورقۇپ چېكىنگەن بولسا، ئۆزى ئامان قالمايلا قالماستىن، دۆلىتى مۇنقەرز، خەلقى قۇل بولۇپ، تارىختا ئۇنىڭ قاچقۇن دېگەن نامى قالاتتى، خالاس. ئۇ قورقماي ئاز لەشكىرى كۈچى ئارقىلىق نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، تارىختا غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان. دېمەكچىمەنكى، ھەقىقەت شۇنداق ئىكەن، غەلىبە قىلىشقا نېمە ئۈچۈن ئىشەنچ قىلالمايمىز؟ غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچ قىلالماسلىق — مەغلۇپ بولۇشقا رازى بولغانلىقتۇر. بۇنداق ئۈمىدسىزلىك بىلەن جەڭ قىلغاندىن كۆرە، ساداقىنى بوينىمىزغا ئېسىپ ئىبراھىم تېگىنگە ئەل بولساق جاننى ساقلاپ قالامدۇق؟ — بەگيۇسۇپ پەش قېقىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى - يۇ، ئۆزىنى تۇتۇپ زەردە بىلەن سۆزىنى توختاتتى.

---

① مىلادىيە 1040 - يىلى 5 -، 6 - ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

② مەرۋى شاھ جاھان — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر شەھەر.

ئېلزادبەگ لېۋىنى چىشلەپ ئۈن چىقمىدى.

بەگيۈسۈپنىڭ دەندالقان جېڭىنى ئېغىزغا ئېلىشى مەھمۇد توغرۇل قاراخاننىڭ پىكرىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولدى ۋە ئۇنىڭغا ئۈمىد بېغىشلىدى.

— ھاجىپ ئىنىم توغرا دېدىڭىز. مۇلاھىزىڭىزنى ئاڭلاپ، مەرھۇم بوۋىمىز سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، جۈرئەت كەمىرىدە ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، ئازغىنا ئادىمى بىلەن كاتتا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىرىشكە تەۋەككۇل قىلىپ، نۇسرەت قازانغانلىقى ئېسىمگە چۈشتى. مەن ناھايىتى چولتا ئويلاپتىمەن. قوپال تېگىپ قويغىنىمغا ئەپسۇسلىنىپ قالدىم، كەچۈرۈڭ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، قاراخان ھەزرەتلىرى. بۇ سىلىنىڭ چولتا ئويلىغانلىرى بولماستىن، بەلكى ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلگەنلىكلىرىدۇر. ئۆزلىرى بۇ پىكرىمدىن گۇمانلانمىسىلا ئىككى تۈمەن لەشكەر ئېلىپ ئاتلىنىشلىرىنى تەكلىپ قىلىمەن، — دېدى ئۇنىڭ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالمىغىنىدىن خۇرسەن بولغان بەگيۈسۈپ.

— ئوردۇكەنتكىمۇ، بارسغانغىمۇ؟ — توغرۇل قاراخان ئاۋۋال بەگيۈسۈپكە، ئاندىن ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخانغا قارىدى.

— ئەلۋەتتە، بارسغانغا، يۇغرۇش باشى ئالىپ ئورخۇنبەگ سۇباشى بولۇپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە بارىدۇ، — دېدى ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان تەمكىن ھالدا، — مەن ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىمەن.

— بالام، ئۆزلىرىنىڭ لەشكەرلىرىگە كىم سۇباشى بولىدۇ؟

— سۇباشى ئېلزادبەگ بولىدۇ، قاراخان ئاتا.

توغرۇل قاراخان خىيالچان ئولتۇرغان ئېلزادبەگكە كۆز سېلىپ دېدى:

— ئېلزادبەگ بەك ياشقۇ بالام؟

— ئېلزادبەگ ياش بولغان بىلەن قەيسەر، جۈرئەتلىك،

سىناقتىن ئۆتكەن سانغۇن. شۇنداق ئەمەسمۇ بەگيۇسۇپ؟ — ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان نەزىرىنى بەگيۇسۇپكە يۆتكىدى.

— ئىلىكخان ئالىيلىرى سۇباشىنى توغرا تاللاپتۇ، قاراخان ھەزرەتلىرى. ئالىپ ئىلىزادىبەگ قورقۇمسىز، يۈرەكلىك، بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىلىملىك، چارە - تەدبىرلىك، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان سانغۇن، — بەگيۇسۇپ سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ ئۇن چىقماي ئولتۇرغان كۇيۇئوغلىغا قاراپ قويۇپ سورىدى، — ئالىيلىرى، قارىغاندا قۇزئوردۇغا نائىب ئىلىكخان بولۇپ قالىدىغان ئىز باسارنى، بارسغانغا بارىدىغان سانغۇنلارنى كۆڭۈللىرىدە بەلگىلەپ بولۇپلا - دە.

ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخاننىڭ خىيالچان چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. بۇ خۇشاللىق تەبەسسۇمى بولماستىن، ئىشەنچ ۋە ئۈمىدتىن تۇغۇلغان تەبەسسۇم ئىدى.

— ئەلۋەتتە، بۈگۈن ئۆزلىرىنى چاقىرتىشىمدا، بۇ ھەقتىكى تەكلىپ، مەسلىھەتلىرىنى ئالماقچىدىم، — ئۇ سۆزىدىن توختاپ، ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان تاغىسىغا جىددىي نەزەر تاشلىدى، — تېخى بۇ توغرۇلۇق ھۆرمەتلىك قاراخان ئاتام بىلەنمۇ سۆزلەشكۈدەك بولمىدىم. مانا بۈگۈن تەڭرى بۇ يەرگە جەم قىلغانىكەن، ئەلۋەتتە، پىكىرلەشسەك بولىدۇ. مېنىڭ نائىب ئىلىكخانلىققا ئوغلۇم ئەبۇ ئەھمەد چاغرى تېگىننى تەيىنلەش ئويۇم بار. مەگەركىم قاراخان ئاتام قوشۇلسا.

— قوشۇلىمەن. ئەھمەد چاغرى تېگىن بەگيۇسۇپنىڭ تەربىيەلىشىدە ياش بۆگۈ بىلگە بولۇپ يېتىشىپتۇ. كەمتەر، ئېغىر - بېسىق، ئادالەتپەرۋەر ئىكەن. قوشۇلىمەن، بالام قوشۇلىمەن.

ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان «سىزچۇ؟» دېگەن مەنىدە بەگيۇسۇپكە قارىدى.

— ئەبۇ ئەھمەد چاغرى تېگىن «بۇغراخان» مەدرىسەسىنى «ئەلىيۇلئەلا» نەتىجىسى بىلەن پۈتكۈزگەن ياش بوغۇغ. ئۇنىڭ

ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئۈستۈن، شۇنداقلا ماھىر چەۋەنداز. بۇنداق قابىلىيەتنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈش مەن ـ مەن دېگەن كىشىلەرگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، لېكىن...

— لېكىن نېمە؟ ئۇ ئېلىكخان بولۇشقا نالايىقمۇ؟ — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان چۆچۈگەن تەرزدە سورىدى.

— نالايىق دېمەكچى ئەمەسمەن، ئالىيلىرى، ئەمما ئادەم ـ بەندە ئىكەن، نۇقسان، ئىللەتتىن خالىي بولالمايدۇ. نۇقسانسىز، ئىللەتسىز ياراتقۇچىمىز ئاللادۇر. ئەبۇ ئەھمەد چاغرى تېگىن تەمكىن، ئېغىر ـ بېسىقتەك قىلغان بىلەن، ئاچچىقى تۇتقاندا ھېچ نەرسە كۆزىگە كۆرۈنمەي قالىدۇ. ھەرقانداق پادىشاھ، يا ئۇنداق، ياكى بۇنداق نۇقساندىن خالىي بولغان ئەمەس. چاغرى تېگىننىڭ نۇقسانلىرىدىن ئارتۇقچىلىقى كۆپ. نائىب ئېلىكخان بولسا، بۇ ئالىي خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيدۇ. ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىدىغان، مەسلىھەت بېرەلەيدىغان بىر يۇغرۇش باشى كېرەك.

— سىز ئوغلۇمنى مەندىنمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدىكەنسىز، ھاجىپ. سىزنىڭچە كىمنى ئۇنىڭغا يۇغرۇش باشى قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟

— كۆزىتىشىمچە، ئوردا ياساۋۇللار ئەمىرى ئالىپ بۆرىبەگ ساداقەتمەن سانغۇن. ئاۋام ئىچىدىمۇ ئابرۇيى ئۈستۈن، يۇغرۇش باشى بولسا، شاھزادىنىڭ خىزمىتىنى ئادا قىلالايدۇ ھەم ياخشى مەسلىھەتچى بولالايدۇ...

— ھاجىپ ئىنىم، ئالىپ بۆرىبەگنى چاپاۋۇل قىسمىنىڭ باشى قىلىپ بارسغانغا ئېلىپ كېتەي دېۋىدىم، — توغرۇل قاراخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — مېنىڭ بارسغانغا ئېلىپ كەلگەن قىسىملىرىمنى ئوغلۇم پەرغانەگە قايتۇرۇپتۇ. ئىبراھىم تېگىننىڭ باستۇرۇپ كېلىشىنى بىلگەن بولسا، قايتۇرماي تۇرغان بولاتتى. بارسغانغا لەشكەر بىلەنلا ئەمەس، باھادىر، تەدبىرلىك سۇباشى، سانغۇنلار بىلەن بېرىشىم زۆرۈر. بۇنىڭغا سەل قارىسام

زىيان تارتىپ قالىمەن. چۈنكى، ئىبراھىم تېگىن نۇرغۇن لەشكەر بىلەن تەھدىت سېلىۋېتىپتۇ.

— قاراخان ھەزرەتلىرى، تەلەپلىرى ئورۇنسىز ئەمەس. پېقىر بايبەگ ئىنال تېگىننىڭ پاراسىتىگە، غەيرەت - جاسارىتىگە قايىل ئىكەنلىكىم سەۋەبلىك، ئالىپ ئورخۇنبەگ سۇباشى بولۇپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۆرىبەگنى قۇزئوردۇدا قالدۇرۇش لازىم، دەپ قارىغانىدىم. ھەزرەتلىرىنىڭ تەلىپى شۇ بولسا، ئېلىكخان ئالىيلىرىنىڭ قوشۇلۇشىنى ئۆتۈنىمەن، — بەگيۈسۈپ ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا قاراپ ھۆرمەت بىلەن بېشىنى ئەگدى.

— توغرۇل قاراخان ئاتامنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈش مەن ئۈچۈن شەرەپ، ھاجىپ. مەن يەنە قابىل نۆكەر باشلىرىدىن ئەر ئاتان، ئارسلانبەگلەرنىمۇ بىللە يولغا سالماقچىمەن، — دېدى ئېلىكخان.

«ئاشان بوۋا بۇ ئىككى نەۋرىسىدىن ئايرىلىشقا ماقۇل بولارمىكىن؟ ئۇ ئەزىمەت بوۋاي ئىدى. خېلى بولدى يېنىغا بارالمىدىم. بۇگۇن كەچ ھال سوراپ كەلسەم بولغۇدەك...»

— بارىكاللا، ئارسلانخان بالام. ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن ھاجىپ. مەن غەلىبە قىلىشقا تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئاتلىنىدىغان بولدۇم، — مەھمۇد توغرۇل قاراخان خۇرسەن بولغىنىدىن بەگيۈسۈپنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى، — مەن يەنە يۇغرۇش باشلىقتىن قالدۇرۇلغان قۇتلۇقبەگنىمۇ ئېلىپ كېتەي. جەڭگاھنى كۆرۈپ، ئەقلىگە جاسارەت قوشۇلسا، خىزمەت كۆرسىتىپ ياراملىق يۇغرۇشلاردىن بولۇپ قالارمىكىن دەيمەن. ئۇ ماڭا نېمە ئۈچۈندۇر يېقىپ قالدى.

— ماقۇل، قۇتلۇقبەگنىمۇ سىزگە تاپشۇردۇم، قاراخان ئاتا. مەسلىھەت پىشتى، پېشىن نامازدىن كېيىن دىۋانى ئارىز ۋە

هاجىپلار كېڭىشىنى ئۆتكۈزۈپ، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئوردۇكەنت ھەم بارسغانغا بارىدىغان يۇغرۇش، سۇباشى، سەركەردىلەرنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزىمىز، — دېدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئۇلارنى چۇشلۇك تاماققا تەكلىپ قىلىپ.

كېڭەشتە، بەگيۇسۇپ، قاراخان ۋە ئىلىكخانلار مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەن يۇغرۇش باشى، سۇباشى سەركەردىلەر ماقۇللاندى. ئۇلارغا ئامانلىق، نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلىندى.

— بەگيۇسۇپ ئاغام قۇزئوردۇدا قالامدۇ، ئاتا؟ — دەپ سورىدى نائىب ئىلىكخان بولغان ئەبۇ ئەھمەد چاغرى تېگىن. ئۇنىڭ بېشىدا پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن تاجغا ئاتىسىنىڭ كۆلەڭگىسى چۈشكەنىدى.

— ياق، ئوغلۇم. بەگيۇسۇپ مەن بىلەن ئوردۇكەنتكە بارىدۇ. بۇ بىزنى غەلىبىگە يېتەكلەيدۇ. لەشكەر بولغان بىلەن پاراسەتلىك، قابىل يېتەكچى بولمىسا نۇسرەت قازانغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىدا ئوغلى بەگتۇرمىش ساڭا دەبىرى بولۇپ قالىدۇ.

— چۈشەندىم، ئاتا، — چاغرى تېگىن ئاۋۋال ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا، ئاندىن بەگيۇسۇپكە باش ئەگدى.

ئاپتاپ ئىلىكخان سارىيىنىڭ شەرقىي تېمىدىن غەربىي تېمىغا يۆتكەلگەنىدى. بەگيۇسۇپ ئىلىكخان ۋە ئەمىر - ئەركانلار بىلەن خوشلىشىپ ئىلزادبەگ بىللە ئوردىدىن چىقتى.

## 4

«تەڭرىنىڭ بىز بەندىلىرىنى ئەقىللىك قىلىپ يارىتىشىدا، مېھىر - كۆيۈم بىلەن گۈزەل دۇنيا بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان. ئەمما، شۇنداق رەزىل، قارا كۆڭۈل ئەقىل ئىگىلىرى باركى، ئۇلار ھامان دۇنيانىڭ تۈۋرۈكىنى كولايدۇ ۋە ئۇنى غۇلىتىپ جەمئىيەتنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېتىشنى

قەستلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق بايلىق، ھوقۇقنى ئىگىلەش كويىدا غالجىرلىشىدۇ. مەرھۇم سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئۆلۈمى غالجىرلاشقان مەلئۇنلارنىڭ قۇترىشى بىلەن يۈز بەرگەن پاجىئەدۇر. ھالبۇكى، دۇنيانى تۇتۇپ تۇرىدىغان تۈۋرۈك بىر ئەمەس، كۆپ. بىرسى يىقىلسا بىرسى تىكلىنىدۇ. يىقىتقان قارا نىيەت غالجىرلار ئاشكارىلىنىپ تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ...» دەپ ئويلىدى بەگيۇسۇپ سۇلتانبەگنىڭ ئالدىدا كېتىۋېتىپ. ئۇنىڭ كۆڭلىگە يەنە بۇ ئوي كەلدى: «تەڭرى جازالىماقچى بولغان گۇناھكار بەندىلىرىنى ئۆزى ھەق يولغا باشلىغان غالىب بەندىلىرى ئارقىلىق جازالايدۇ. بىز يەنە قانداق سىناقلارغا دۇچ كېلىمىز؟» بۇ سوئال بەگيۇسۇپنى يەنە غەم دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتتى. «بۇ نۆۋەت جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك بولىدۇ، كۆپ قان تۆكۈلىدۇ...» كۆڭلىدىن كەچكەن بۇ ئوي بىلەن ئېلىكخاننىڭ: «ئوردۇكەنتكە مەن بىللە بارىدۇ» دېگەن سۆزىگە «ياق» ياكى «ماقۇل» دېمەيلا خوشلىشىپ ماڭغىنىدا، ئۇرۇش تۇپەيلى جەبىر ـ جاپاغا قالىدىغان، زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرايدىغان خەلققە ئىچى ئاغرىپ، ئاغزىغا سۆز كەلمەي قالغانىدى...

گۇزەرگە كەلگەندە بەگيۇسۇپ ئاتتىن چۈشتى. بىر تەلەڭگە گۆشگىردە ئالدى.

— تەلەڭگىنى مانا بۇ ئوغلۇم ئەكېلىپ بېرىدۇ، ئۇستام، — دېدى ئۇ سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ نامى ئويۇلغان تەڭگە پۇلنى سۇنۇپ.

— جانابلىرىدىن پۇل ئالسام قانداق بولىدۇ. ئېلىپ كېتىۋەرسىلە ھەزرەتلىرى، — ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان ناۋاي ئۇستا تەزىم قىلدى.

— ئالمىسىلا بۇ گۆشگىردە بىزگە ھالال بولمايدۇ، — بەگيۇسۇپ تەڭگە پۇلنى بېرىپ ئاتقا مىندى. ئۇ تۆت كوچا ئېغىزىدىن بوستانكۆل مەھەللىسىگە بارىدىغان مەشرىق

كوچىسىغا ئارغىماقنى بۇرىدى، ـــ كۆنلۈكنى يىغىشتۇرۇپ، تەلەڭگىنى چىڭ تۇتۇۋالغىن بالام.

ـــ ماقۇل كىشى قارا، قەيەرگە بارىمىز؟ ـــ دەپ سورىدى بەگبۇقا مەھەللىسىگە بارىدىغان مەغرىب كوچىسىغا ماڭماقچى بولغان سۇلتانبەگ ئىتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ.

ـــ ئاشان بوۋامنىڭ ئۆيىگە، ھە، قانداق؟ يا بىرىشىمنى خالىمامسەن يىگىت؟ ـــ ھەزىل قىلىپ كۈلۈمسىرىدى بەگيۈسۈپ.

بۇ كۈلۈمسىرەشتە ھەم ئاتىلىق مېھرى ـ مۇھەببەت ھەم ئۇستازلىق تەلەپ بار ئىدى. ئەمەلدارلىق كىبىرى يوق ئىدى.

سۇلتانبەگ ئۆزىنى بالىسىدەك كۆرىدىغان بۇ ئۇستازىدىن ئانچە تارتىنمايتتى. كۆڭلىگە كەلگەن، چۈشىنەلمىگەن، بىلەلمىگەننى سوراۋېرەتتى. بەگيۈسۈپمۇ بۇ ئاق كۆڭۈل شاگىرتىنىڭ تۈزلۈكى، ساددىلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. شۇ تاپتا ھاجىپ ئۇستازىنىڭ ئۆز ئۆيىگە بارىدىغانلىقىدىن سۆيۈنگەن يىگىت كۈنلۈكنى ئۇنىڭ بېشىغا تۇتقان ھالدا، سوۋۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزلىرىدەك ئاتلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئېجىل بولۇپ كەتكەنىدى.

ـــ ئاتام تازا خۇشال بولىدىغان بولدى، كىشى قارا، ـــ دېدى خۇشلۇقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان سۇلتانبەگ قارا كۆزلىرى چاقناپ.

ـــ مەنچە بولغاندا بالام، ھەر كۈنى بېرىپ ئاشان بوۋايغا سالام بەرگۈم، دۇئاسىنى ئالغۇم بار. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋاقىت چىقىرالمايمەن. ئەمدى ئەتىگەنكى پارىڭىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى. ئېسىڭدىمۇ، نېمە دېيىشىۋاتاتتۇق؟ ـــ بەگيۈسۈپ يورغىغا چۈشۈپ ئىتتىكلەپ كەتكەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

ـــ ئېسىمدە، كىشى قارا. «ئالدىمىزدا ناھايىتى مۇشكۈل، شىددەتلىك جەڭ بار. قاتنىششىنى خالامسەن؟» دېگەنىدىڭىز.

— سەن نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنىدىڭ؟
— خالايمەن، دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم. ئوردىغا كىلىپ قىلىپ پارىڭىمىز ئۆزۈلۈپ قالغانىدى.
— ئىسىڭدە بار ئىكەن، بالام. نېمىشقا جەڭ بولىدۇ، دەپ سورىمايسەنغۇ؟ — بەگىيۇسۇپنىڭ ئويچان چىھرىدە غىل ـ پال كۈلكە پەيدا بولدى.
— سوراي دېگۈچە ئوردىغا كىرىپ كەتتىلە، كىشى قارا. كۆڭلۈمگە نېمىشقا ئۇرۇش بولىدىغاندۇ، قايسى ئەل بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغاندىمىز؟ دېگەن سوئاللار كەلگەن. لېكىن، بۇ بىر مەخپىيەتلىك. بولۇپمۇ پېقىردەك بىر نەۋقىرانىڭ بۇ مەخپىيەتلىكنى بىلىشىنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ، دەپ قاراپ سورىمۇدىم.
— ھۇشىەرە يىگىت، توغرا ئويلاپسەن، — بەگىيۇسۇپ قامچىسى بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — بولۇۋاتقان ئۇرۇش مەخپىي بولمىسىمۇ، قارار قىلىنغان، تېخى يۈز بەرمىگەن ئۇرۇش — پادىشاھنىڭ، مەملىكەتنىڭ، شۇنداقلا يوغرۇش ـ ھاجىپلارنىڭ مەخپىيىتى. بۇ مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلاش پادىشاھتىن تارتىپ پۇقراغىچە بارچە خەلقنىڭ بۇرچى. ئاسىي ـ مۇناپىقلارلا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ ساتقۇنلۇق قىلىدۇ.
— مۇناپىق بولۇشنى ئۆزۈمگە مەڭگۇ راۋا كۆرمەيمەن، كىشى قارا. ئۆلسەممۇ خانلىق مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىمايمەن، — دەرھال ئىپادە بىلدۈردى سۇلتانبەگ. ئېتى بىردىن چاپچىپ چېپىپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز قامچىسىنى كۆتۈرگەنىدى.
بەگىيۇسۇپ ئېتىنى ئىتتىكلىتىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى.
— يارايسەن، بوغرام! — دەۋەتتى ئۇ سۇلتانبەگنىڭ قەيسىرانە روھىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، — غورورلۇق ئادەملا ۋەتىنىگە سادىق بولىدۇ. بېشىغا ھەرقانداق ئېغىر كۈن كەلسىمۇ ئاسىيلىق قىلمايدۇ. بۇ قېتىم ئېلىكخانىمىز باشقا ئەل بىلەن ئۇرۇشمايدۇ. ئېلىمىز ئىچىدە ئاسىيلىق بىلەن سادىقلىقتا

ۋەكىللىك قىلغۇچى قارا نىيەتلەر بىلەن ھەقىقانىيەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك جەڭ بولىدۇ.

— قەيەردە بۇزرۇكۋار؟ — ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن سورىدى سۇلتانبەگ.

— بۇ ھازىر مەخپىي، بالام. جەڭگاھقا بارغىنىڭدا بىلىسەن.

— ئەلۋەتتە، جەڭگاھتا سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ باققۇم بار، كىشى قارا. ئىشەنچلىرىگە زىنھار داغ چۈشۈرمەيمەن. ئۆزلىرىمۇ بارىدىغانلا؟

— ھەققانىيەتنى قوغداش ئۈچۈن بىرىش قارارىغا كەلدىم، بالام. سىنىڭ ئىككى ئاكاڭمۇ بارىدۇ.

— قايسى ئاكىلىرىم؟

— ئەرئاتان بىلەن ئارسلان.

— مىنىڭ ئالىپ ئاكىلىرىم ئىكەنغۇ، كىشى قارا. ۋاھ! ئەجەب ياخشى، — سۇلتانبەگ ئېگەردىن بىر كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇردى.

— بۈگۈن ئاشان بوۋاينى خەۋەرلەندۈرۈپ، ماقۇللۇقىنى ئالماقچىمەن، بالام. سەن كەنجى ئوغلى، ساڭا قىيماسمىكىن، دەپ خاۋاتىرلىنىمەن.

— ئاتام ماقۇل دېمىسىمۇ، ئۆزلىرى بىلەن كېتىمۋېرىمەن، كىشى قارا. ھەققانىيەت ئۈچۈن قارانىيەتلەر بىلەن جەڭگاھتا ئېلىشىشنى شەرەپلىك بۇرچۇم، دەپ بىلىمەن. ئىلاج بار ئاتامنى قايىل قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

— قايىل قىلىشقا تىرىشىمەن. ئۇ تەرسا ئەمەس، گەپ ئۇقىدىغان رايىش ئادەم. پادىشاھنىڭ ھالىغا يېتىدۇ. خانلىقنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ قورققاق ئەمەس، غەيۇر پالۋان. جەڭگاھتا تاۋلانغان، جەڭدىن قورقمايدۇ. ئۇ نادان ئەمەس، ئۆزىنى بىلگەن غۇرۇرلۇق، نومۇسچان ئەزىمەت. ئۇ ئۆز پادىشاھىغا، ۋەتىنىگە سادىق بولۇپ زور بايلىققا ئېرىشتى. ۋەتىنى، پادىشاھنىڭ تىنچ - ئامانلىقى، ھەققانىيەت ئۈچۈن ھەممە

بايلىقىدىن كېچەلەيدۇ. شۇنداقلا بالىلىرىدىن، ئۆز جېنىدىنمۇ كېچەلەيدۇ. سەن ئاتاڭنى چۈشىنەمسەن، بالام؟ — بەگيۇسۇپ ئېتىنى تېخىمۇ ئاستىلاتتى.

— مەن پەقەت ئاتامنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، بالىلىرىغا كۆيۈمچان غەمگۈزار ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن، كىشى قارا، — سۇلتانبەگ تىزگىنىنى تارتىپ - تارتىپ قويدى.

— سەن ئەقىللىق بولۇپلا قالماي، ئاتاڭدەك ساداقەتمەن، جاسارەتلىك ئادەم بولۇشۇڭ كېرەك. ئۇ يۈز نەچچە يىللىق ئۇزاق هايات مۇساپىسىدە ئائىلىسىگە، ۋەتىنىگە، پادىشاھىغا سادىق بولۇپ كەلدى، — بەگيۇسۇپ ئاشانبۇقانىڭ بىر قولىدىن كاتتا زېمىندارغا ئايلىنىش جەريانىنى، ئەمگەكچانلىقى، تىرىشچانلىقى بىلەن زور ئابروي قازانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— مەن ئاتامنى بۈگۈن يېڭىدىن چۈشەندىم، كىشى قارا. ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت - هۆرمىتىم نەچچە هەسسە كۈچەيدى.

— بۈگۈنكى پارىڭىمىز مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى، بالام. ئۆيگە بارغاندا ئاتاڭنى تېخىمۇ چۈشىنىسەن، — بەگيۇسۇپ قامچىسىنى كۆتۈردى.

سۇلتانبەگ ئۇنىڭغا هەمراھ بولغاندىن بېرى مانا شۇنداق يېقىن - يىراق يول ئۈستىدە پارىڭىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇ پاراڭ يۇرت - ۋەتەن هەققىدە، ئەجدادلار توغرىسىدا، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى هەققىدە، ئالىم، ئەدىب، قەهرىمانلارنىڭ هاياتى توغرىسىدا، بىلىم ئىگىلەش، ئىرادە تىكلەش، تەڭرىنى تونۇش هەققىدە، ئومۇمەن، هاياتنى قەدىرلەش، پىداكارانە روهنى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا بولاتتى. بۇ «پاراڭ» بولماستىن، «دەرس» ئىدى. كۈنسېرى زېهنى، پىكرى ئېچىلىپ، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇۋاتقان بۇ هارماس يىگىت ئەتىگەن - كەچتە يەنە بىر بۆلەك تەڭتۇشلىرى بىلەن پەلسەپە، ئىلمىي نۇجۇم، ئالگېبىرانى ئۆگىنەتتى. ئۆزى قىزىققان كىتابلارنى بەگيۇسۇپتىن ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيتتى. ئوردىدىكى

ۋاقتىدا نۆكەر، ياساۋۇللار بىلەن جەڭ قوراللىرىنى ئىشلىتىشنى مەشىق قىلاتتى. چۈشتىن كېيىن بەگيۈسۈپ قايىسى مەدرىسەدە دەرس ئۆتسە بىللە بېرىپ دەرس ئاڭلايتتى. مۇھاكىمە، مۇنازىرىگە قاتنىشاتتى. كەچقۇرۇن ئۆيىگە قايتىپ ئاتا ـ ئانىسىنى شۇ كۈنى قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەرلەندۈرەتتى، ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمەيتتى.

«بۇزرۇكۋارنىڭ ئۆيگە بارغاندا ئاتاڭنى تېخىمۇ چۈشىنىسەن، دېگىنىگە قارىغاندا، مېنىڭ چۈشىنىشىم تېخى يۇزە ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان سۇلتانبەگ ئىككى قاناتلىق ئەگىم ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئاشانبۇقانى كۆردى ۋە بەگيۈسۈپ بىلەن تەڭلا ئاتتىن چۈشتى ـ دە، ئىككى ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا! گۈلزارلىق ماكاندا خۇشال ئارام ئېلىۋاتقانلا؟ — بەگيۈسۈپ ئىتتىك كېلىپ غۇلاچ يايغان بوۋاينى قۇچاقلىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بەگيۈسۈپ بالام، ئەلھەمدۇلىللا. تەڭرىدىن مىننەتدارمەن، — بوۋاي ئۇنى قويۇۋەتمەي باغرىغا بېسىپ تۇردى.

— ئۆي ئىچى خاتىرجەم، بالىلار، نەۋرىلەر، تۇغقانلار ئامان ـ ئېسەنمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا، ئەلھەمدۇلىللا. قەلئەيىم ئاۋات، تەختىم مۇستەھكەم، پۇقرالىرىم ئاۋۇن. سورايدىغان دەۋالىرىممۇ كۆپ غوجام بالام. ھەممە پۇشتۇم ـ بالىۋاقىلىرىم ھۆكمىمدىن، ئادالىتىمدىن رازى. ھا ـ ھا ـ ھا...

بەگيۈسۈپ ئاپپاق ساقىلى كۆكرىكىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان ئاشانبۇقانىڭ بۇ ھەزىلىدىن زوقلانغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قورۇ ئىشىكىدىن كىردى.

كەڭ ـ كۇشادە ھويلا سەيناسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىرمۇنچە ياش يىگىت ئۆسمۈرلەر قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق قىلىۋاتاتتى. سول تەرەپتىكى بىدىش ئاستىدا تۇرۇشقان نارەسىدە قىزلار تام

تۇۋىدىكى باراقسان چىنار دەرىخىگە قارىتىپ، يادىن ئوق ئۈزۈۋاتاتتى. ئوق تېگىپ بەرگىدىن ئۈزۈلگەن ياپراقلار يەرگە پىلدىلداپ چۈشمەكتە. پېشايۋان سۇپىسى ئالدىدا «قارا ـ قارا قۇشلارىم» ئويۇنىنى ئويناۋاتقان باللار بەگيۇسۇپ كىرىشى بىلەن تەڭلا قاتار تىزىلىپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بېرىشتى. باغ ئىچىدىنمۇ باللارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بەگيۇسۇپ ئاشانبۇقانىڭ بۇ نەۋرە ـ چەۋرىلىرى بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ ساراي ئۆيگە كىرىپ تۆردىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە مانا شۇنداق قايىنام ـ تاشقىن مەنزىرىنى كۆرۈپ روھلىناتتى. ئاشانبۇقا:

ـــ سۇلتانبەگ بالام ئۆزلىرىنى خاپا قىلىپ قويمىغاندۇ ـ ھە! ئوغۇللىرىمنىڭ كىچىكى بولغاچقا ئەركىرەك بولۇپ قالغاندى، ـــ دېدى كېلىنلەر ئېلىپ كىرگەن مەزە ـ گېزەكلەرنى داستىخانغا قويۇپ.

ـــ يوقسۇ، بوۋا. بۇ يىگىت ئۆزلىرىنى دورىغان ئىكەن. شۇنداق خۇشخۇي، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپلا قالماي، ھەمىشە بىلىم ئۆگىنىشكە ئىنتىلىپلا تۇرىدۇ.

ـــ ئۇمىدىمنى يەردە قويغان بالىنى ئۆيۈمگە يولاتمايمەن دېسىلە، بەگيۇسۇپ غوجام، ـــ ئاشانبۇقا نەزىرىنى قول باغلاپ پەگاھتا تۇرغان ئوغلىغا قاراتتى، ـــ ھەم غوجاڭ ھەم ئۇستازىڭ بولغان بۆگۈ بىلگە بوغۇغ①نىڭ سۆزلىرىنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت بالام. گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ قېنى ئولتۇرۇپ جاۋاب بەر.

سۇلتانبەگ قوللىرىنى كۆكرىكىدىن چۈشۈرمەي كېلىپ كۆرپىنىڭ بىر چېتىگە يۈكۈندى:

ـــ ئاڭلىدىم ئاتا، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن.

ـــ سېنى ئىچىمدىن چىقىرىپ بەگيۇسۇپ غوجامغا

---

① بۆگۈ بىلگە بوغۇغ ـــ دانىشمەن ئالىم، مۇتەپەككۇر دېگەن مەنىدە.

بېرىۋەتكەن. قەيەردە بولسا، شۇ يەردە بولۇشۇڭ لازىمكى، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، خالىغان يەرگە كېتىپ قېلىشىڭغا ياكى قېشىمغا كېلىۋېلىشىڭغا ئىجازەت بەرمەيمەن! — دېدى ئاشانبۇقا زەردە بىلەن.

— كىشى قارانىڭ يېنىدىن ئايرىلمايمەن، ئاتا. يولدىمۇ بىللە بولىمەن، جەڭگىمۇ بىللە كىرىمەن. بۇ مېنىڭ ئىرادەم. ئۆزلىرىگە بېرىدىغان ۋەدەم، — سۇلتانبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ تۇگۇلگەن مۇشتۇملىرىنى مەيدىسىگە قويدى.

ئاشانبۇقا سەل سوزۇلۇپ، ئېگىلىپ بەرگەن ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى.

— ساڭا مەرھۇم ئاكاڭ بويانقار توغرۇلۇق كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەندىم. ئۇ ماڭغان تۇيۇق يولغا زىنھار قەدەم قويۇپ قالما. بولامدۇ بوغرام؟

— زىنھار، مېنىڭ قەدىمىم كىشى قارانىڭ ئۆچمەس ئىزىنى باسىدۇ. خاتىرجەم بولغايلا ئاتا!

— مېنى خاتىرجەم قىلىدىغان چىرايلىق سۆزۈڭ ئەمەس، ھەرىكىتىڭ، ئەمىلىڭ، ئوغلۇم.

— ئەمىلى بىلەن سۆزى ئوخشىمايدىغان يۇزسىز مۇناپىق بولۇشتىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلىمەن، ئاتا.

ئاشانبۇقا سۇلتانبەگنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۆسكىلەڭ قاشلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى.

ئاتا ـ بالىنىڭ سۆزلىرىگە ھەۋەسلىنىپ، ھاياجانلانغان بەگيۇسۇپ، «ئەمدى سورىسام بولغۇدەك» دەپ ئېغىز ئاچتى.

— سۇلتانبەگنى يىراققا ئېلىپ كەتسەم راستىن قىيامىلا بوۋا؟

— ئۆزلىرى بىلەن بىللە بارسا نېمىشقا قىيمىغۇدەكمەن غوجام؟

— جەڭگە بارسىمۇ قىيامدىلا بوۋا؟ — بەگيۇسۇپ

ئىچكىرىلەپ سورىدى.

— ئەگەر ئېلىمىزگە باستۇرۇپ كىرگەن ياۋغا قارشى جەڭگە بارماقچى بولسا، بىر ئەمەس، يۈز بالام بولسىمۇ، ھەممىسىنى ئاتلاندۇرىمەن. نۇسرەت بىلەن دۇئا قىلىپ ئۇزىتىمەن. قارىغاندا جەڭ بولىدىغان ئوخشىمامدۇ، بەگىيۇسۇپ بالام؟ — بوۋاي ساقىلىنى سىقىملاپ سورىدى.

بەگىيۇسۇپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— پات ئارىدا ئاتلانماقچى بولۇۋاتىمىز.

— يول قاياققا، مەشرىققىمۇ، مەغرىبكىمۇ؟

— مەشرىققە.

— قىتانلار يەنە ئېلىمىزگە بېسىپ كىرگەن ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، قىتانلار ئەمەس، بوۋا. قارا نىيەت سۈيىقەستچى ئاسىيلار خانلىقىمىزنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خانلىقىنى تىكلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ... — دېدى بەگىيۇسۇپ ۋە قۇمارىبىكە، بوزاغۇلارنىڭ ئىبراھىم تېگىنىنى بۇغراخانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— شاھىنشاھىمىز سۇلايمان ئارسلانخان، مۇھەممەد ئارسلانخان، ھۈسەيىن ئارسلانخانلارنىڭ جانلىرىغا زامىن بولغىنى يەتمەسمىدى؟ ئاقىبىرا خېنىم، قۇمبا خېنىملارنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى جازالاش، ئۇلارنىڭ تەختنى تارتىۋېلىشىغا يول قويماسلىق، خەلقىنىڭ تىنچ - ئامان تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن، سۇلتانبەگ بالامنىلا ئەمەس، يەنە ئون ئوغلۇم، ئون توققۇز نەۋرەمنىمۇ قورالاندۇرۇپ، جەڭگە ئاتلاندۇرىمەن. يېنىمدا بىر ئوغلۇم، كىچىك نەۋرە - ئەۋرىلىرىم قالسا كۇپايە قىلىدۇ. قاچان يولغا چىقماقچى بولۇشۇۋاتىلا بەگىيۇسۇپ بالام؟

ئۇ جاۋاب بەرگۈچە، تاماق ئېلىپ كىرگەن زىنۋەرخان بىلەن ئاينىساخان تەزىم قىلىشىپ، قوللىرىدىكى پەتنۇسنى داستىخانغا قويدى.

— ئاتىسى، تاماقنى ھاجىپ جانابلىرىنىڭ ئالدىغا قويغان بولسىلا، — دېدى ئايىنساخان ھىلىھىلە رومىلىنى يۈزىگە تۇتۇپ.
— گەپنى ئەجەب بۆلۈۋەتتا، — خوتۇنلىرىغا تەرىنى تۇرۇپ قارىغان ئاشانبۇقا گەردىن چىنىگە لىپمۇلىق ئۇسۇلغان چۆچۈرىنى پەتنۇس بىلەن بەگيۈسۈپكە تۇتتى، — بۇ گالۇۋاڭ خوتۇنلار كېلىشلىرىدىن خەۋەرسىز سۈيۈقئاش ئېتىپتۇ. ئىچىپ باقسىلا.
— ئۇنداق دېمىسىلە، بوۋا. تائاملارنىڭ ئىچىدە چۆچۈرە ئادەمنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىغا بېرىپ ھۇزۇرلاندۇرىدىغان، ھاردۇق چىقىرىدىغان ياخشى تاماق. مەززىلىك، لەززەتلىك. مەن چۆچۈرىگە شۇنچە ئامراق، — بەگيۈسۈپ ئاشكۆكى، چامغۇر سالغان چۆچۈرىنى قوشۇق بىلەن ئاغزىغا سالدى.
— دېسىلە بەگيۈسۈپ بالام، قاچان ماڭماقچى بولۇشۇۋاتىلا؟ — ئەس ـ يادى بولغۇسى جەڭدە قالغان ئاشانبۇقا يەنە سورىدى.
چۆچۈرىنى ئىچىپ تۈگەتكەن بەگيۈسۈپ دەرھال جاۋاب بەردى:
— بۇنى ئاللا بىلىدۇ بوۋا، ئېلىكخان پەرمان چۈشۈرگەن كۈنى ئاتلىنىمىز.
— ئاللا ئۆزى مەدەتكار. بۈگۈندىن باشلاپ بالىلىرىمنىڭ يول تەييارلىقىغا كىرىشەي. ھاي خوتۇنلار، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ بالا ـ نەۋرىلەرگە كىيىم ـ كېچەك تەييارلاشقا دەرھال كىرىشىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى بوۋاي. قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭغان زىۋەرخان بىلەن ئايىنساخان تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار ئېرىنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي قېلىشقانىدى.
قىرىغاندا ئادەم ئالدىراڭغۇ، تېرىككەك بولۇپ قالسا كېرەك. ئاشانبۇقا باللىرى ئەتە سەھەردە يولغا چىقىدىغاندەك ئولتۇرالماي قالغانىدى. سۇلتانبەگ:
— ئابا، مەن چۈشەندۈرۈپ قوياي، — دەپ ئىككى ئانىسى بىلەن ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ زىۋەرخاندىن تۇغۇلغانىدى.

بەگيۇسۇپ ئاشانبۇقانىڭ بالىلارچە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ: «قالتىس ئاتا ـ دە، ئاتىلارنىڭ ھەممىسى مانا شۇنداق بولسا، مانا شۇنداق قىلىسا، دۇنيادا جەڭ بولمايتتى، ناھەق قان تۆكۈلمەيتتى. ھەممە شاد ـ خۇرام، ئىناق ـ ئىجىل بولۇپ ھايات پەيزىنى سۈرۈپ ياشايتتى...» دەپ ئويلىدى.

— ئانىلىرىمۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، جەڭگە بېرىشىمغا قوشۇلدى، كىشى قارا، — يۇگۈرۈپ كىرگەن سۇلتانبەگ بەگيۇسۇپنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ كەلگىنىچە ئاشانبۇقانىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىدى، — سىلى نېمىدېگەن ياخشى ئاتا. كۆڭۈللىرى نېمىدېگەن كەڭ، نەزەرلىرى نېمىدېگەن ئۇستۇن ! ئۇمىدلىرىنى چوقۇم ئاقلايمەن، ئىشەنچلىرىگە قىلچە داغ چۈشۈرمەيمەن.

— مېنى بەك ماختىۋەتتىڭغۇ بۇغرام. مەن ئۇنچە پەزىلەتلىك ئاتا ئەمەس. پەقەت سېنى غۇرۇرلۇق، مەردانە ئەر بولسۇن دەيمەن، خالاس. ئەر ـ يىگىتنى جەڭ سىنايدۇ. شۇڭا، سېنى، ئاكا ـ ئىنىلىرىڭنى جەڭگە ئۇزىتىش ئارزۇيۇم ئىدى. ئەمدى بۇ ئارزۇيۇمغا يېتىدىغان بولدۇم ئوغلۇم، — ئۇ سۇلتانبەگنى قۇچاقلاپ سۆيدى، — بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇستازىڭ، غوجاڭ بەگيۇسۇپكە رەھمەت ئېيت !

سۇلتانبەگ ئاتىسىنى يېڭىدىن چۈشەندى. ئۇ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، ھىممەتلىك، مەرد ـ سېخىي ئىدى. كۆڭلى تار، باغرى تاش ئاتىلاردىن ئەمەس ئىدى. ۋەتەن، ئەل ئۇچۇن جاندىن، بالىلىرىدىن، بايلىقىدىن كېچەلەيدىغان پىداكار ئاتا ئىدى.

— رەھمەت كىشى قارا، — دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆكرىكىگە قويۇپ، — دېگەنلىرى راست چىقتى. ئاتامنى بۇرۇن چۈشەنمەپتىكەنمەن، ئەمدى چۈشەندىم. بۇنداق ئالىيجاناب پەزىلەتلىك ئاتىغا ئوغۇل بولغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن.

— ياق، ياق بالام. مەن بىلەن ئەمەس، پۈتۈن خانلىق ئەھلىگە جان كۆيدۈرۈۋاتقان ئۇستازىڭ بەگيۇسۇپتىن پەخىرلەن. گەرچە

مېنىڭ يېشىم ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، بەگيۈسۈپ بالامنى ئۇستاز تۇتۇپ كېلىۋاتىمەن.
ئاشانبۇقا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ بەگيۈسۈپكە چاي سۇندى.
— بۈگۈن كەلگىنىم ياخشى بولغانىكەن، بوۋا. كېلەلمىگەن بولسام ئۆزلىرىنى يولغا قارىتىپ قويىدىكەنمەن. كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ سىلىنى ئۇستاز تۇتقانىدىم. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇستازىم بولۇپ قالىلا بۇزرۇكۋار، — بەگيۈسۈپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكەن ئاشانبۇقانىڭ ياشلىرىنى قولى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۈگۈن ئېلىكخان ئالىيلىرى ئەرئاتان، ئارسلانلارنى ئاتلىنىدىغان سەردارلار قاتارىدا تىلغا ئالغانىدى. سىلى ماقۇل بولۇپلا قالماي، ئون ئوغۇل، ئون توققۇز نەۋرىلىرىنىمۇ ئاتلاندۇرماقچى بولدىلا، بۇنى ئېلىكخان ئالىيلىرىغا يەتكۈزەي. مېنىڭچە بىر ئوغۇل، ئىككى نەۋرىلىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇرسىلا كۇپايە بولار. قالغان ئوغۇل، نەۋرىلەر يانلىرىدا مەزمۇت تۇرۇپ بەرسە، ئىش ـ ئوقىتى بىلەن قۇزئوردۇنى ئاۋات قىلسا، جەڭدە نۇسرەت قازانغاندەكلا تۆھپە قوشقان بولىدۇ. جەڭگاھنى باھادىر جەڭچىلەر قىزىتقاندەك، شەھەر ـ قىشلاقلىرىمىزنى غەيرەتلىك، ئەمگەكچان ئەزىمەتلەر ئاۋات قىلىدۇ. جەڭگاھتا جەڭچى، شەھەردە بىلىمدار تىجارەتچى، كاسىپ، سەھرالاردا تارىقچى، چوپان كەم بولسا بولمايدۇ، بوۋا. ئۆزلىرىنىڭ ھىممەتلىرىگە رەھمەت، دۇئا قىلىپ بەرگەيلا.
ئاشانبۇقا كۆز يېشىنى يېڭىگە سۈرتۈپ دۇئاغا قول كۆتۈردى:
— تەڭرىم، رىزقىمىزغا قارا ساناپ ئالا نىيەتلىك قىلغان سۈيىقەستچى قانخورلارنىڭ جازاسىنى بېرىپ، قاراخانىيلار ئېلىنى ئاۋات قىلغىن، قۇدرەت تاپتۇرغىن، سەنلا ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى، خالىس ياردەم بەرگۈچى سەن. ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر !
ئۇ بەگيۈسۈپنى ئوغۇل، نەۋرىلىرى بىلەن بىللە ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

ئۇستازىنىڭ باش چايقىشى بىلەن سۇلتانبەگ كۇنلۇكنى ئاچماي يىغىشتۇرۇپ يولغا چۈشتى. كەچكى شەپەق ئىگەرنىڭ قوش بېشىغا جۇلا تاشلىدى.

ئاشانبۇقانىڭ ئۆيىدىن روھلىنىپ چىققان بەگيۇسۇپنى يەنە غەم بېسىۋالدى: «بارسغانغا لەشكەر تارتىپ بارغان ئىبراھىم تېگىن قېرىنداشلىرىمىزنى قىرغىن قىلىۋاتامدىغاندۇ ياكى ئىنال تېگىننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ چېكىنگەنمىدۇ؟ توغرۇل قاراخاننىڭ بىر كۈن بولسىمۇ بارسغانغا بۇرۇنراق يېتىپ بېرىشى بۇ جەڭدە غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ قالىدۇ. ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىشنىمۇ ئەمدى كېچىكتۈرمەسلىك كېرەك...»

# ئون يەتتىنچى باب

# بايبەگ ئىنال تېگىن

## 1

قەشقەر شەھىرىنىڭ ئارايار كوچىسى بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان زامانىدا، يارنى يېرىپ بەرپا قىلىنغان يېڭى مەھەللە ئىدى. بۇ كوچىنىڭ بىر تەرىپى غەرب تامان سوزۇلۇپ، بەجايىكى چىنار دەرىخىدەك شاخلاپ، يان كوچا، تار كوچا، خالتا كوچىلارنى ھاسىل قىلغانىدى. يەنە بىر تەرىپى شەھەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى قوۋۇقى بولغان تۆشۈك دەرۋازىسىغا تاقىلاتتى.

تۆشۈك دەرۋازا — شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىدىكى چوڭ دەرۋازا بولۇپ، نېمە ئۈچۈن «تۆشۈك» ئاتىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت تارقالغان:

تۇران مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ئافراسىياپ قەشقەرنى پايتەخت قىلغان قەدىمكى زاماندا، نۇرغۇن لەشكەر بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىپتۇ. تارىم دەرياسى، تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ خانلىقىنىڭ مەشرىق تەرىپىدىكى بىر ۋادىغا تاجاۋۇز قىلغان يات قەبىلە لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئىران پادىشاھى كەيكاۋۇس① ئون تۈمەن سىپاھ بىلەن تۇران زېمىنىغا بېسىپ كىرىپتۇ ۋە پايتەخت قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋاپتۇ. ئافراسىياپ دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىپ قايتىپ كەلگەندە داقا — دۇمباق ئەمەس، سېپىلدىن مۆلدۈردەك ياغقان يا ئوقى ئۇنىڭ

---

① كەيكاۋۇس — بۇنىڭدىن 2500 يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن ئىران پادىشاھى. «شاھنامە»دىكى مەشھۇر شەخس.

دەبدەبىسىنى غەزەپكە ئايلاندۇرۇپتۇ. ئۇ گۈرزىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مىڭبېشى، تۇمەنبېشىلىرىغا سېپىلنى تاش بوران قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. مەنجانىق، سالما بىلەن تاش بوران قىلىش باشلىنىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە سېپىلدىن غارنىڭ ئاغزىدەك چوڭ بىر تۆشۈك ئېچىلىپتۇ. مانا شۇ تۆشۈكتىن نەرە تارتىپ بېسىپ كىرگەن ئافراسىياپ قوشۇنلىرى شەھەرنى ئاپتۇ. غەربىي دەرۋازىدىن قاچقان كەيكاۋۇس لەشكەرلىرىنى سۇر ـ توقاي قىلىپ، ئۆز دىيارىغا قوغلىۋېتىپتۇ. نۇرغۇن ئولجا غەنيمەت ئېلىپ قايتقان ئافراسىياپ ئېگىز چاقلىق ھارۋىسىدا ئۆرە تۇرغىنىچە ھېلىقى تۆشۈكتىن ئۆتۈپ، قەشقەر شەھىرىدىكى ھەشەمەتلىك ئوردىسىغا كىرىپتۇ ۋە ئۈچ پايىلىك ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئاشۇ تۆشۈك ئورنىغا دەرۋازا ياساش توغرۇلۇق پەرمان جاكارلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆشۈك ئورنىغا تۆمۈر ھالقىلىق كاتتا دەرۋازا ياسىلىپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ دەرۋازا «تۆشۈك دەرۋازا» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

تۆشۈك دەرۋازىسىدىن كىرگەن يولۇچى «ئارايار» كوچىسىغا قەدەم قويىدۇ. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يارنى ئويۇپ سالغان پېشايۋانلىق ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى يېنىدا تۆمۈرچىلىك، مىسكەرلىك دۇكانلىرى ئورۇن ئالغان. «ئارايار» كوچىسىنى ياقىلاپ مېڭىۋەرگەن يولۇچى «كەتمەن بازىرى» دېگەن تۆت كوچا دوقمۇشىغا كېلىدۇ. «ئارايار» كوچىسى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغانسېرى پەسلەپ ياغ بازىرىغا كەلگەندە، ئاچال پەيدا بولۇپ، غەرب ۋە شىمالغا سوزۇلغان ئىككى كوچا بارلىققا كەلگەن. شىمالغا سوزۇلغان كوچا ئوردا ئالدىغا، غەربكە سوزۇلغان كوچا قوناق بازىرىغا تۇتىشاتتى.

ئىككى چوڭ يولنىڭ كېسىشكەن دوقمۇشىدىكى «كەتمەن بازىرى» ناھايىتى ئاۋات گۈزەر ھېسابلىناتتى. بۇ يەردە تۆمۈرچىلىك، مىسكەرلىك دۇكانلىرى كۆپ ئىدى. بۇ دۇكانلار ئارىسىدا، دوقمۇشنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە قانات يايغان چوڭ

دۇكان ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بولقا ـ بازغاننىڭ تاڭ ـ تۇڭ، جاڭ ـ جۇڭ قىلغان ئاۋازى ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە مۇشۇ دۇكاندىن ئاڭلىنىپ خېرىدارلارنى ئۆزىگە تارتاتتى. بۇ دۇكاننىڭ تەكچىلىرىگە بىسى پارقىراپ تۇرغان كەتمەن، ئورغاق، پالتا، كەكە، قىڭراق، پىچاقلار تىزىپ قويۇلغانىدى. تاملىرىغا ئېسىلغان، يۆلەپ قويۇلغان قىلىچ، نەيزە، ئومۇت، گۈرزە، قالقان، ساداقلار ئادەمنى جەلپ قىلاتتى.

بۆرە تېرىسى سېلىنغان يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىدا ئولتۇرغان ھەممىگە تونۇشلۇق ئاپپاق ساقال بوۋاي بۇ كاتتا تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنىڭ غوجايىنى ئىدى. ئۇنىڭ ئېتى تۇمەنبەگ بولۇپ، كىشىلەر قوشۇپ ئاتايدىغان لەقىمى ئاخۇنئاغا. ئۇ يەتمىش پاتمان بازغان بىلەن تۆمۈر، پولاتنى سوقۇپ، شاگىرتلىرىغا ئۈلگە كۆرسىتەتتى. توپاقنى كۆتۈرۈپ شوتا بىلەن ئۆگزىگە ئېلىپ چىقالايتتى. سەكرەپ مىنسە ئاتنىڭ بېلى ئېگىلىپ كېتەتتى. بۇ ئەتراپتىكى مىسكەر، تۆمۈرچىلەرنىڭ كۆپى ئۇنىڭغا شاگىرت بولغانىدى. بويى تۆت گەز كېلىدىغان گەۋدىلىك بۇ بوۋاي ئىبراھىم تېگىنىنىمۇ قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئون بۇغرا قاراخاننى كۆرگەنىدى.

تۇمەنبەگنىڭ قورۇسى دۇكىنىنىڭ ئارقىسىدا ئىدى. قورۇ دېگەندىن كۆرە، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۇراسى دېسە، تېخىمۇ توغرا بولاتتى. بۇ تۇرا سەيناسىدا ئەللىك ـ ئاتمىشتەك ئىش دۇكىنى بولۇپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، جەڭ قوراللىرى مانا شۇ يەردە ياسىلاتتى. ھەر دۇكاندا بىر ئۇستا، ئىككى ھۈنەرۋەن، ئىككى شاگىرت ئىشلەيتتى. سەينانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئامبار، ئاشخانا، سول تەرىپىدە ئات، ئېشەك تۇرىدىغان ئېغىل، قوي باقىدىغان قوتان بار ئىدى. سەينانىڭ ئارقا تەرىپى يارغا تاقىلاتتى. يار ئاستى ـ ئۈستىگە تۇمەنبەگنىڭ خوتۇن ـ چۆرىلىرى، ئوغۇل ـ قىز، كېلىنلىرى تۇرىدىغان ئايۋان ـ سارايلىق ئۆيلەر سېلىنغانىدى.

تۇمەنبەگ ئۈزىنى يېنى يەرگە تەگمىگەن پالۋان ھېسابلايتتى. يوغان باش، ئات يۈز، قارا قاشلىرى ئۆسكىلەڭ، قاڭشارلىق، كۆزلىرى بۆرىنىڭكىدەك كۆكۈچ، بوم ساقاللىق بۇ ئادەم ياش ۋاقتىدا ناھايىتى كېلىشكەن غەيۇر يىگىت ئىدى.

دەۋكار تۇمۇرچى ئېلدانباي ئاخۇنىنىڭ بۇ كەنجى ئوغلى ئاتىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇچ ئاكىسى يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ ۋاقتىدا، ئۇدۇن شاھلىرى بىلەن بولغان جەڭدە قازا قىلغاچقا، ئۇ ئاتىسىنىڭ بىردىنبىر يارامىلىق تايانچىسى بولۇپ قالدى. ئۇن تۆت يېشىدىلا «ئۆيلەپ قوياي» دېگەن بولسىمۇ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن قىلىچ، ئوموت، نەيزە، قالقان سوقۇشقا بېرىلگەن يىگىت «دۇكان ئايرىغاندا ئۆيلىنىمەن» دەپ ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئاغرىنىپ قالغان ئېلدانباي گەپ ـ سۆزسىز ئۇنى مەيلىگە قويۇۋەتتى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. تۇمەنبەگ قارىغايدەك بوي تارتىپ قامىتىنىڭ ئېگىزلىكى، كېلىشكەن گەۋدىسى، كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن تەڭتۇشلىرىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشتى. نورۇز مەرىمى كۈنى تۇمەن دەرياسى بويىدىكى بۇغراخان مەيدانىدا بولغان چەۋەندازلار مەرىكىسىدە چېلىش، قىلىچۋازلىق، ئوموتۋازلىقتا رەقىبلىرىنى يېڭىپ، ھارۇن بۇغراخان①دىن ئۇچ لېگەن تىللا تارتۇق ئالدى. خۇشال ھالدا مەيداندىن يېنىپ چىقىۋاتقاندا نۇرغۇن قىزلار ئۇنىڭغا ياغلىق تاشلاشتى. پەقەت تۆت بۇرجىكىگە ئالتۇن قوڭغۇراق چېكىلگەن ياغلىقنى تۇتۇۋالغان تۇمەنبەگ يىگىتلىك شوخلۇقى تۇتۇپ ئېتىنى يانغا بۇرىدى. ئۆزىگە ياغلىق تاشلىغان، قۇندۇز چاچلىق بېشىدا ئالتۇن تاجى بار، گۈزەل رۇخسارىنى ھىلھىلە رومال بىلەن يوشۇرغان زىلۋا، قامەتلىك قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ بىرمۇنچە قىزلارنىڭ ئىچىدە، يۇلتۇزلار

---

① ھارۇن بۇغراخان ـــ مىلادىيە 992 ـ يىلىدىن 998 ـ يىلغىچە قاراخانىيلار ئېلىگە بۇغراخان بولغان. يۇسۇپ قادىرخان ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى.

ئارىسىدىكى چولپاندەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوتلۇق نەزىرى يىگىتنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى.
— مەردۇمەردانىڭىزغا ئايان بولمىغان گۈزەل نامىڭىز نېمىدۇر خان قىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ سەل ئېگىلىپ.
— مەن خان قىز ئەمەس، قۇنچۇي. ھارۇن بۇغراخاننىڭ كەنجى قىزى ئالتۇن تارىم نارا بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ھىلھىلە رومال ئىچىدىكى بۇ قىزنىڭ زىبا چىھرى ئاق بۇلۇت ئىچىدىكى ئايدەك گۈزەل ئىدى.
— شاھ قىزىغا ئېھتىرام! — تۇمەنبەگ قولىدىكى قامچىسىنى تىقىمغا باستۇرۇپ تەزىم قىلدى.
— ئېيتىڭا باھادىر يىگىت، جاھان رەناسىغا مەلۇم بولمىغان ئىسمى زاتىڭىز نېمىكىن؟ — قىزنىڭ شەھلا كۆزلىرى تۇمەنبەگنىڭ قىزارغان يۈزىگە تىكىلدى:
— ئېلدانباي ئاخۇننىڭ ئۆيدىمۇ، مەيداندىمۇ يەككە - يېگانە ئوغلى تۇمەنبەگ ئاخۇن بولىمەن.
— ئەمدى كەتسىڭىز بولىدۇ، پالۋان، — مەلىكە نارا رومىلىنى قىيا ئېچىپ يانغا قارىۋالدى.
يىگىت تېگىرقاپ قېلىپ سورىدى:
— ئېيتىڭا قۇنچۇي، سىزنى يەنە كۆرەلەمدىمەن؟
— بۇنى كۆڭلىڭىزدىن سوراڭ...
غۇرۇرى كۆچلۈك تۇمەنبەگ يىلىنىشنى خالىماي ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، چاڭ چىقارغىنىچە مەيداندىن غايىب بولدى.
ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، تۇمەنبەگ ئىشق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئۇ ساھىبجامال مەلىكە يىگىتنىڭ خىيالىدىن زادىلا چىقمىدى. كۈندۈزى قولى ئىشقا بارماي، كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمەي تازا قىينالدى. «نېمىشقا ئۇ قۇنچۇيغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى؟» دەپ ئاھ ئۇردى. ئاخىر بولالماي ئۆيلىنىشكە ماقۇل بولۇپ ئاتىسىغا كىشى قويدى. ئېلدانباي ئاخۇن ئوغلىنىڭ خاقان قىزىغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغىنىنى بىلىپ، مەيلىدىن ياندۇرماقچى

بولدى. بىراق، ئوتىدا پۇچىلىنىپ كاۋاپ بولۇپ كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ خاراب ھالىغا قاراپ چىدىيالمىدى. بۇغراخان لەشكەرلىرىگە قورال، سايمان ياساپ بېرىپ تونۇشلۇق بولۇپ قالغاچقا، دوست تۇتۇپ كېلىۋاتقان بىر ۋەزىرنى بۇغراخانغا ئەلچى قويدى. نەسەب، نامىنى تولۇق بىلدۈردى. ئېلدانبايىنى دەۋكار تۆمۈرچى دەپ تونۇپ كەلگەن ھارۇن بۇغراخان ئۇنى نەزەرگە ئېلىپ مەلىكىنى ئۇنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى بولدى. قىزنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، كاتتا توي قىلىپ ئۆزاتتى. ئەنە شۇنداق تەقدىر ـ قىسمەت بىلەن تۇمەنبەگ بۇغراخانغا كۈيئوغۇل بولۇپ قالغاندى.

ئىككى يىل ئۆتۈپ نارا بىر ئوغۇل تۇغدى. ئېلدانباينىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ھارۇن بۇغراخان بۇ نەۋرىسىگە «بايبەگ ئاخۇن» دەپ ئات قويۇپ بەردى. بۇغراخان جەمەتىنىڭ ئادەت يوسۇنىغا ئاساسەن بايبەگ ــ «ئىنال تېگىن» دەپ ئاتالدى.

ئىنال تېگىننىڭ سۈننەت تويى بولغاندا، سامانىيلارغا قارشى يۈرۈش قىلغان ھارۇن بۇغراخان قوچقار بېشى قىشلىقىدا قازا تاپتى. ئۇ ساچىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتقاندا، يەنە بىر بوۋىسى ئېلدانباي ئاخۇن قازا قىلدى. ئون تۆت يېشىدا توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخاننىڭ قىزى ئەختەر تۈركەن خېنىمغا ئۆيلەندى. ئۇنىڭغا تۆمۈرچى بولۇش نېسىپ بولمىدى. قېيىنئاتىسىنىڭ قوشۇنىدا دەسلەپ ھايىل باشى، كېيىن جاندارلار باشى، مىڭبېشى، تۈمەنبېشى بولدى. توغرۇل قاراخان ئۇدۇنغا ئېلىكخان بولغاندا، ئۇ سۇباشىلىققا كۆتۈرۈلدى. كېيىن توغرۇل قاراخان پەرغانەگە يۆتكەلگەندە، ئۇ ھۈسەيىن ئارسلانخاننىڭ باش ۋەزىرى بولۇپ بارسغانغا بىللە باردى ۋە شۇ يەردە نائىب ئېلىكخان بولۇپ تۇرۇپ قالدى...

مۇھەممەد ئارسلانخان بىلەن ھۈسەيىن ئارسلانخاننىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئىنال تېگىن ئىبراھىم تېگىننىڭ بۇغراخان بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. بەلكى ئۆزىنى

رەسمىي ئېلىكخان دەپ ئېلان قىلدى. قېيىنئاتىسى توغرۇل قاراخان پەرغانەدىن قېچىپ يېنىغا كەلگەندە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە تەسەللى بېرىپ پەرىشان كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈردى. ئۇنىڭ بالاساغۇنغا بېرىشى زۆرۈر تېپىلغاچقا ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلەن يولغا سېلىپ قويدى. مانا شۇ چاغدا، ئاتىسى تۇمەنبەگ ئاخۇننىڭ ئىبراھىم تېگىن تەرىپىدىن قەتل قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق شۇم خەۋەر كېلىپ، ئىنال تېگىننى داغى ھەسرەتتە قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىبراھىم تېگىن دېگەن ئۇ ياۋۇز خاقان نۇرغۇن لەشكىرى بىلەن بارسغانغا باستۇرۇپ كەلدى.

بايبەگ ئىنال تېگىن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پۇختا تەييارلىق قىلىپ كېلىۋاتقاچقا ھودۇقۇپ كەتمىدى. دەرمەھەل پەرمان جاكارلاپ، ئىككى تۇمەن لەشكەر بىلەن شەھەردىن چىقتى. ئىبراھىم تېگىن سىپاھلىرىنىڭ قارشىسىدا سەپ تۈزۈپ، ھەيۋەتلىك خانتوي تىكتۈرۈپ، بۆرە ۋە يولۋاس تېرىسى بىلەن قاپلانغان ئۈچ پايىلىك تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. ئوڭ يېنىدىن شەيخۇلئىسلام، ۋەزىر، ھاجىپ، ئاغىچى ئۇلۇغى، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ يابغۇ، چاغرىبەگلىرى، سول يېنىدىن سۇباشى، تۇمەنبېشى، تارخانبەگلەر، ئالىپ سانغۇنلار ئورۇن ئېلىشتى. ئىككى تەرىپكە قارىغاي سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ھال رەڭلىك قاراخانىيلار تۇغى قادالغان كۈمۈش پايىلىك تەختنىڭ ئارقىسىدا جاندارلار سەپراس بولدى. بايبەگ ئىنال تېگىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى:

— جانابلار، بىز كۈتمىگەن ياۋ بوسۇغىمىزغا باستۇرۇپ كەلدى. بۇ ياۋ سىرتتىن كەلگەن بولماستىن، ئۆز ئېلىمىزدىن چىققان ئاسىي سۇيىقەستچىلەردۇر. ئۇلار بۇغرا قاراخانلىرىمىزنى ئۆلتۈردى. نۇرغۇن ياخشى نىيەتلىك قابىل كىشىلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. بۇ تۇزكور، ياۋۇز دۈشمەننى شەھەرگە ئاياغ باستۇرماسلىقىمىز، قەتئىي زەربە بېرىشىمىز كېرەك، ئاللا

بىزگە مەدەتكار...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي، يۈگۈرگىنىچە بىر موللاق ئېتىپ، خانتويغا كۆز يېتىم قالغاندا توختىغان نىقابلىق ئادەم ياسىنى بەتلەپ ئوق ئۈزدى ـ دە، يەنە شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن موللاق ئېتىپ غايىب بولدى. ئۇ ئاتقان ئوق خانتوي ئىشىكىنىڭ بالابىشىغا قادىلىپ قالدى. چۆچۈپ كەتكەن قاراۋۇل يانىڭ ئوقىغا بىر پارچە ئاق لاتىنىڭ يۆگەلگىنىگە سەپسېلىپ، ئۇنى ئالدى ـ دە، قاراۋۇللار سەردارى تۇرغاقبەگكە بەردى. ئۇ ئىشىكئاغىسىغا تاپشۇردى. ئىشىكئاغىسى يا ئوقىنى ئىنال تېگىنگە سۇندى:

— بۇ مەكتۇپتەك قىلىدۇ، ئالىيلىرى. مەكتۇپنى يا ئوقىغا يۆگەپ ئېتىپتۇ، ئۇ شۇنداق تېز پەيدا بولۇپ يەنە شۇنداق تېز كۆزدىن يوقىلىپتۇ.

— نېمە ! شۇنداقمۇ بىخەستەلىك قىلغان بارمۇ؟ چاۋۇشلار① بىلەن تۇرغاقلار سەزمەپتىمۇ ـ ھە؟ — ئېلىكخان ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بۇنداق بىپەرۋالىق قىلىساق دىيارىمىزنىمۇ، كاللىمىزنىمۇ ساقلاپ قالالمايمىز. خانتوي ئىشىكى ۋە ئەتراپىدىكى چاۋۇش، تۇرغاقلار دەرھال ئالماشتۇرۇلۇپ، ھەربىرسىگە ئون دەررە ئۇرۇلسۇن، — ئەمر قىلدى ئىنال تېگىن دەرغەزەپ بولۇپ.

— خوپ ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئەمرلىرىنى ھايالسىز ئورۇنلايمىز، — ئىشىكئاغىسى خانتويدىن چىقىپ كەتتى.

ئىنال تېگىن يا ئوقىغا يۆگەلگەن ئاق چوتا لاتىنى ئاچتى:

«بايبەگ ئىنال تېگىن ! بىلىپ قال، ھازىردىن باشلاپ سېنى بارسغان دىيارىنىڭ ئېلىكخانلىقىدىن ئېلىپ تاشلىدىم. كاللام

---

① چاۋۇشلار — ئەسكەرلەرنى قاتتىق ئىنتىزام بىلەن باشقۇرغۇچى مەشقاۋۇللار.

تېنىمدىن جۇدا بولمىسۇن دېسەڭ، قىلىچىڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ ئالدىمغا كەل. ئايىغىمغا باش قويۇپ كەچۈرۈم سورا. مۇبادا ئەمرىمگە بويۇنتاۋلىق قىلساڭ، بوگۇنلا دارغا ئېسىلىسەن!

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بۇغراخانى ئىبراھىم ئارسلانخان»

ئىنال تېگىن خەنجىرىنى غىلاپتىن شارتتىدە سۇغۇرۇپ:

— دەبىرى، قەلەم! — دەپ توۋلىدى ۋە ئاستىغا سېلىنغان بۆرە تېرىسىنىڭ بىر بۇرجىكىنى كەستى.

دەبىرى قەلەم بىلەن خەت يازىدىغان تاختىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ بېرىپ، شېشىدىكى سىياھنى تەڭلەپ تۇردى.

ئىنال تېگىن قەلەم ئۇچىنى سىياھقا چىلاپ، ھېلىقى كېسىۋالغان بۆرە تېرىسىنىڭ تاقىر تەرىپىگە تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

«ئىبراھىم تېگىن، قولىقىڭنى دىڭ قىلىپ ئاڭلا! سەن بۇغراخان ئەمەس! ئەسلىنى، ۋەسلىنى ئۇنتۇغان خائىن سەن، خالاس. ئەگەر ئامان قالاي دېسەڭ، سۇغارغان قىلىچىڭنى قىنىغا سېلىپ تىز پۈك. ئۇنداق قىلىشنى خالىمىساڭ ئۆلۈمىڭنى كۈت!

بارسغان ئېلىكخانى بايبەگ ئىنال تېگىن»

ئۇ يازغانلىرىنى بىر ئوقۇپ چىقىپ قەلەمنى دەبىرىگە بەردى.

— سادىن ئەييارنى چاقىرىپ كىرىڭ، — دەپ ئەمر قىلدى.

ئاندىن كۆپچىلىككە نەزىرىنى يۆتكەپ ئىبراھىم تېگىننىڭ تەھدىت خېتىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا يازغان جاۋابىنى ئوقۇدى. خانتوي ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى، — قورقۇۋاتامسىلەر ياكى غەزەپلىنىۋاتامسىلەر؟ — سورىدى ئۇ ۋەھىمىلىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — راست گېپىڭلارنى قىلىڭلار!

بىرىنچى بولۇپ شەيخۇلئىسلام ئابدۇلۋەھھاب داموللا ئېغىز ئاچتى:

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، راست گەپ قىلىش —

مۆمىنلەرنىڭ پەزىلىتى. يالغان سۆزلەش — بەتنىيەتلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى. راست گەپ قىلسام ۋۇجۇدىمىزدا قورقۇشمۇ، غەزەپمۇ ئوخشاشلا ۋەسۋەسە قىلماقتا. بۇ ئورۇشتا غازى بولۇش، قۇربان بولۇشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئاللا ئىگەم ئۆزلىرىدەك ھەق تەرەپتە تۇرىدىغان خەلقپەرۋەر، ئادىل، جاسارەتلىك شاھنى ئەل باشى قىلغانىكەن، قاراخانىيلار مەملىكىتىنى، ئاۋامنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن جاندىن كېچىشكە رازى بىز.

شەيخۇلئىسلامنىڭ سۆزى ۋەزىر، ھاجىپ، سەركەردىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى. ئۇلار:

— ئىبراھىم تېگىن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشقا تەييارمىز!

— قاراخانىيلار ئېلىنىڭ گۇمران بولۇشى — بىزنىڭ مەھشەر كۈنىمىز. قاراخانىيلار ئېلىنىڭ نۇسرەت قازىنىشى — بىزنىڭ سائادىتىمىز! — ئاسىي قارا نىيەتلەر جازالىنىشى كېرەك! — دەپ ئىرادە بىلدۈرۈشتى.

سادىن ئەييارنى باشلاپ كىرگەن دەبىرى قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ كۈتۈپ تۇردى.

— ئىشەنچىمىز كامىلكى، ئىرادىمىز مۇستەھكەم بولىدىكەن قارا كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايمىز. مەن بۇ جاۋابنى ئىبراھىم تېگىنگە ئەۋەتىمەن، — دېدى ئېلىكخان ۋە قولىدىكى بۆرە تېرىسىگە يېزىلغان خەتنى سادىن ئەييارغا ئۇزارتتى.

— بۇنى يا بىلەن ئىبراھىم تېگىنگە يەتكۈز.

## 2

گىرىمسەن ھاۋا بارا - بارا سۈزۈلدى. قارا بۇلۇتلار توسۇۋالغان قۇياش پاللىدە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. خانتوي

تۇگۈلۈكىدىن تەخت پايىسىگە ئاپتاپ چۈشتى. ھاۋانىڭ ئېچىلغىنىدىن ئۆزىچە خۇشال بولغان ئىبراھىم تېگىن:

— قەيسەربەگ ئاغا، كۆردىڭىزمۇ، ھاۋا ئېچىلدى. بۇ بىزنىڭ نۇسرەت قازىنىدىغانلىقىمىزغا بېشارەت. ئاسمانىڭ بىز تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەت، — دەپ تۇرۇۋىدى، خانتويغا كىرىپ تەخت ئالدىدا تىزلانغان قارا باخشى دېدى:

— بۇغراخان ئالىيلىرى، ھېكمەتلىك پۇتۇكلىرى بارسغان ئېلىكخانىنىڭ خانتويىنى ئۆرتتۆپە قىلمۇەتتى...

— توختا! ئۇ پۇتۇكنىڭ ئۆرتتۆپە قىلمۇەتكىنىنى قانداق بىلدىڭ؟ ئالدىرىماي سۆزلە.

— خوپ ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىدىن چىقىپ بىر موللاق ئېتىش بىلەن بارسغان ئېلىكخانىنىڭ بارگاھىغا يۈز قەدەم كېلىدىغان يەردە توختىدىم. يانىڭ ئوقىغا پۇتۇكنى يۆگەپ ئاتتىم. قاراپ تۇرسام ئوق خانتويىنىڭ بالابېشىغا سانجىلىپ قالدى. ئۇنى ئېلىپ ئوقۇغان ئېلىكخان ھوشىدىن كەتمەي قالارمۇ؟ خانتوي ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتمەسمۇ؟ مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ بىر موللاق ئېتىپ مانا ھۇزۇرلىرىدا ھازىر بولدۇم.

ئىبراھىم تېگىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. پارقىراپ تۇرغان يۈز تېرىسى تارتىشىپ چوقۇرلىرى ئوچۇق كۆرۈندى.

— ئاغىچى ئۇلۇغى، ئەييارلار باشىغا كەدۈت بېرىلسۇن! — دەپ بۇيرۇدى ئۇ خەزىنە ۋەزىرىگە.

كۈمۈش ئۆزەڭگىلىك ئېگەرلەنگەن ئات، دۇبۇلغا - ساۋۇت، بىر تاۋاق تىللا بىلەن تارتۇقلانغان قارا باخشى بارگاھى ئالىيدىن چىقىشىغا، يادىن ئېتىلغان بىر ئوق ۋىژىلداپ ئۇنىڭ باش ئۈستىدىن ئۆتۈپ، خانتويىنىڭ ئىشىكىگە سانجىلىپ قالدى. تاتىرىپ كەتكەن قارا باخشىنىڭ قولىدىكى تاۋاق يەرگە چۈشۈپ، تىللا چېچىلىپ كەتتى.

بارگاھ ئالدىدىكى قاراۋۇللار چۆچۈپ، ئىشىككە سانجىلىپ

قالغان يا ئوقىغا قاراپ قىلىشتى. قارا باخشى تىللانى ئىتتىك تېرىپ تاۋاقتا سالدى ـ دە، ئاتقا مىنىپ تۇراسىغا بەدەر تىكىۋەتتى.

— نېمىگە هاڭۋېقىپ تۇرۇشىسەن؟ بۇ يەردە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى بارگاھى ئالىيدىن چىققان بوزاغۇ.

— يۇغرۇش باشى جانابلىرى، بۇنىڭغا قارىسىلا، — بىر قاراۋۇل ئۇنىڭغا ئىشىككە سانجىلغان پېتى تۇرغان يا ئوقىنى كۆرسەتتى.

بوزاغۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، يا ئوقىنى كۈچەپ سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، بارگاھى ئالىيغا كىرىپ ئىبراھىم تېگىنگە سۇنۇپ بەردى.

— بۇ نېمە گەپ قەيسەربەگ ئاغا؟ — چېھرىدىن كۈلكە ئۆچكەن ئىبراھىم تېگىن يا ئوقىغا يۆگەلگەن بۆرە تېرىسىنى ئاچتى. «بۇ نېمە پۇتۇكتۇ؟» دەپ ئالاقزەدە بولغان هالدا كۆز يۈگۈرتتى. «... ئۆلۈمىڭنى كۈت !» دېگەن قۇرنى ئوقۇغاندا چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. «ئەستاغپۇرۇللا ! ماۋۇ ئەبلەخنى. تېخى مەن بىلەن پۈت تېپىشمەكچى بوپتۇ» دەپ ئاچچىقىدا چاچراپ تۇردى. ئۇ «خېتىمنى كۆرسە، ئىنال تېگىن دەررۇ كېلىپ ئايىغىمغا يىقىلىدۇ» دەپ ئويلىغاچقا ئۇمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى تۇتالماي قالغانىدى.

— قەيسەربەگ ئاغا، ئوقۇپ كۆرۈڭ. قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

بوزاغۇ ئوقۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— بۇغراخان ئالىيلىرى، بۇنىڭ هېچ قورققۇچىلىكى يوققۇ. ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغان گۇناھكار ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ. بۇ پۈتۈككە تۈكۈرۈپ قويۇش كېرەك، خالاس. غەيرەتلىك بولسىلا. مەن چىقىپ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئۆزىنى بىلمىگەن ئىنال تېگىننى لاغ ـ لاغ تىترىتىپ، ئالدىلىرىغا باغلاپ ئېلىپ كېلەي.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىبراھىم تېگىن روھلىنىپ، تەختىدە

ئولتۇردى.

— مەن قورقمىدىم، يۇغرۇش باشى، ئاچچىقلاندىم، — دېدى ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا.

— شاھىنشاھىم، — چاپاۋۇل قىسمىنىڭ سۇباشى مۇڭسۇز ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يالىڭاچلانغان قىلىچنى توغرىسىغا تۇتۇپ دېدى، — جەڭگاھتا قورۇق گەپ ئاقمايدۇ. يۇغرۇش باشى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك قىلىدۇ. ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، جەڭگە كىرىپ ئۇلارغا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قوياي.

ئىبراھىم تېگىن بىر بوزاغۇغا، بىر مۇڭسۇزگە قاراپ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— دەسلەپ يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ مەيدانغا كىرىپ سۆز جېڭى قىلىپ باقسۇن. بۇ ئاقمىسا، سىزگە رۇخسەت بېرەي، — دېدى ئانىسى قۇماربىكەنىڭ «تاغاڭنىڭ گېپىدىن چىقما» دەپ تاپىلىغىنى يادىدىن كېچىپ.

باشتىن ـ ئاياغ تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن مۇڭسۇز پىسەنت قىلمىغان تەرزدە قوللىرىنى يېيىپ قىلىچىنى قىنىغا سالدى. يۇزىگە نىقاب تارتقان بوزاغۇ ئالىتاغىل جەدىنى ئويىنىتىپ مەيدانغا كىردى.

بۇ ئېلىكخان سىپاھلىرى مەشىق قىلىدىغان، كۆرەك ئۆتكۈزىدىغان، نورۇز، ھېيت، ئايەم كۈنلىرى مەرىكە بولىدىغان كاتتا مەيدان ئىدى. شەھەر سېپىلىدىن ئۇچ چاقىرىم نېرىدا بولۇپ، ئەتراپى گۈلچىمەن بىلەن قاپلانغانىدى. مانا بۈگۈن جەڭگاھقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئىبراھىم تېگىنىنىڭ توققۇز تۇغلۇق قوشۇنى ئۇزۇنىسىغا يىگىرمە چاقىرىم، توغرىسىغا ئەللىك چاقىرىم يەرنى ئىگىلىگەنىدى. ئەتراپتىكى باغىلارىڭ، ئېكىنزارلىق، خىيابانلارنى ئىبراھىم تېگىنىنىڭ توققۇز تۇغلۇق قوشۇنى دەسسەپ ـ چەيلەپ ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق دېھقان، چارۋىچىلار قېچىپ كېتىشكەنىدى.

ئىبراھىم تېگىنىنىڭ يۈك ۋە يىپەك رەختتىن ياسالغان چېدىر بارگاھى مەيداندىن ئىككى چاقىرىم يىراقتىكى بوستانلىق تۆپىلىككە تىكىلگەنىدى. ئۇ تەخت ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇرۇپ بارگاھنىڭ داغدام ئوچۇق ئىشىكىدىن بوزاغۇنىڭ ھەربىكىتىگە سەپسېلىپ ئولتۇردى، لېكىن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىيالمىدى.

مۇڭسۇز بارگاھتىن چىقىپ، ئات چاپتۇرۇپ مەيداننى ئايلىنىۋاتقان بوزاغۇغا كۆز سېلىپ مەسخىرە قىلغان تەرزدە كۇلۇپ قويدى: «سەن كۆرەڭلەپ قۇرۇق گەپ بىلەن شەھەر ئالماقچى بولۇۋاتىسەن. خاتالاشتىڭ كالۋا. ئىنال تېگىن سەن ئويلىغاندەك قورقۇنچاق سانغۇنلاردىن ئەمەس. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سانغۇنلىرى ئىچىدە مەن قول قويغان ئالىپ سەركەردە. قېنى نېمەدەپ پو ئاتىسەنكىن؟ ئاڭلاپ باقاي...»

بوزاغۇ مەيداننى بىر ئايلىنىپ ئوتتۇرىغا كېلىپ توختىدى. قولىنى شىلتىپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن دېدى:

«ئەيىۇھانناس !
دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست.
ئىشەنگەننىڭ يولى ئوچۇق،
ئىشەنمىگەننىڭ يولى تۇيۇق.
مەندۇرمەن قاراخانىيلار ئېلىنىڭ يۇغرۇش باشى،
ياۋغا ئاتىدىغان قورام تاشى.
ئىبراھىم بۇغراخان تەخت ئۈزرە خۇشالدۇر،
ئۇنىڭغا قارشى چىققاننىڭ ھالى ئوسالدۇر.
توققۇز تۇغلۇق لەشكىرى سانسىز،
ھەيۋىسىدىن تىترىگەي يەر قاساپ ئىمانسىز.
سۆزۈمنى ئاڭلا، ئەي بارسغان ئەھلى،
لەشكەر تارتىپ شاھىنشاھ بۇغراخان كەلدى !
ئەل بولۇڭلار يەر ئۆپۈپ شەھەرگە باشلاپ،

ئاياغ ئاستىغا قىلىچ، ئومۇتنى تاشلاپ.
باش ئەگسە تىز پۈكۈپ بايبەگ ئېلىكخان
بۇ دۇنيادا جان ساقلاپ قالغاي ئامان.
مۇبادا تىز پۈكۈپ ئەل بولمىسا،
ئەزىز بېشى تېنىدىن بولغاي جۇدا.
بارسغان كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنار،
مەغرۇر ئىنال تېگىن دارغا ئېسىلار!

ئۇنىڭ تەھدىت سىلىپ قىلغان سۆزى تۈگەپلا، ئۇ تەرەپتىن قىزىل تورۇقتا مىنگەن بىر چەۋەنداز چېپىپ كەلگىنىچە بوزاغۇنى بىر ئايلىنىپ سورىدى:

— ئى رەققاس[1]، ئات ئۇستىدىكى ناز ـ كەرەشمەڭ نېمانداق قوپال ۋە يېقىمسىز؟ سەن كەمپىرمۇ، جۇۋانمۇ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يېقىن ئەتراپتىكى ئىككى تەرەپنىڭ سىپاھلىرى سۈرەن سېلىپ كۈلۈشتى. مۇڭسۇزمۇ ھېجىيىپ قويدى. بوزاغۇنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى. رەقىبىنىڭ بۇنداق مەسخىرە قىلىشىنى كۈتمىگەنىدى. ئۇ تەھدىت سىلىپ ئىنال تېگىن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى باش ئەگدۈرمەكچى ئىدى.

— دېۋىدەك بەستىمدىن ئالىپ ئەرلىكىمنى بىلمىدىڭمۇ بەچچىغەر؟ قۇلىقىڭ گاس، كۆزلىرىڭ كور ئوخشىمامدۇ؟ بار، قايتىپ كەت. ئېلىكخانىڭ ئەس ـ ھوشى جايىدا ئادەمنى ماڭا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتسۇن! — دېدى بوزاغۇ سارغۇچ چېھرى ئۆڭۈپ.

— ئالىپ ئەر بولساڭ نېمىشقا مەستۇرە جۇۋاندەك قارا چۈمپەردە تارتىۋالدىڭ؟ قېنى يۈزۈڭنى ئاچ! قانداق مەخلۇق ئىكەنسەن، بىر كۆرەي! — چەۋەنداز ئۆسكىلەڭ ساقال ـ بۇرۇتىدا ئىما قىلىپ، ئىتىنى چاپچىتتى. قىزىل تورۇق

[1] رەققاس — ئويۇنچى (ئۇسسۇلچى).

ئالدىنقى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈردى. بوزاغۇ ئارقىغا داجىدى.
— ئالىپ سانغۇنىنىڭ چىرايىنى كۆرسەڭ، ھەيۋىتىدىن ئايلىنىپ كېتىسەن گۆدەك. شۇڭا، چۈمپەردە ئەمەس، نىقاب تارتىۋالغانمەن. خام خىيالدا بولماي قايتىپ كەت! سەندەك گۆدەك بىلەن سۆزلىشىشكە ۋاقتىم يوق! — بوزاغۇ ئۇنى چۆكۈرۈپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويماقچى بولدى، بىراق چەۋەنداز ئېتىنى يەنە بىر چاپچىتىپ، شارت قىلىپ قىنىدىن سۇغارغان قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ نىقابىنى كېسىۋەتتى.
چۆچۈگەن بوزاغۇ بېشىغا قالقان تۇتتى.
— بەچچىغەر! نېمە قىلماقچىسەن؟ نامەردلىك قىلىپ تىغ كۆتۈرۈۋاتسەنغۇ؟
چەۋەنداز قاقاھلاپ كۈلدى.
— قورقتۇڭمۇ؟ مەن ئۇنداق نامەرد ئەمەس. تىغ كۆتۈرمىگەنگە تىغ ئۇرمايمەن. چۈمپەردەڭنى ئېلىۋەتتىم، خالاس، — چەۋەنداز قىلىچىنى قىنىغا سالدى.
بوزاغۇ قىلىچىنى سۇغاردى.
— هارامزادە! ئاچچىقىم كەلمەستە كامېرىڭغا كىرىۋال. بولمىسا مۇشۇك چاشقاننى يالمۇۋېتىدۇ.
چەۋەنداز يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دېدى:
— كىمىكىن دېسەم، موماي ئەمەس، جۇۋانمۇ ئەمەس، بوزاغۇ ئىكەنسەنغۇ ئەبلەخ! مېنى بىلمەيدۇ، دېمە. سەن بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان، مۇھەممەد ئارسلانخان، ھۇسەيىن ئارسلانخانلارنىڭ قاتىلىسەن! ئۆزۈڭنى قانچە يوشۇرغىنىڭ بىلەن ھەقىقەت ئەپت ـ بەشىرەڭنى مانا شۇنداق ئاشكارىلايدۇ.
بوزاغۇ سۇۋىقى چۈشۈپ كەتكەن ئەسكى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.
— سەن كىم؟ تۆھمەت قىلما. مەن دېگەن ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ يۇغرۇش باشى قەيسەربەگ بولىمەن. دەرھال ئاتتىن

چۇشۇپ ئالدىمدا تىزلان ! — ئۇ قىلىچىنى كۆتۈردى. چەۋەنداز قالقان ئورنىدا ئومۇتنى باش ئۈستىگە دالدا قىلدى. كۈچ بىلەن ئۇرۇلغان قىلىچ ئومۇتقا تېگىپ ئىككى پارە بولدى.

— قەيسەربەگ بولىمەن؟ بۇ ئۆزۈڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قويۇۋالغان ئىسىم. بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپ بوزاغۇ ئىكەنلىكىڭنى پۈتۈن ئەلگە ئاشكارىلىۋەتتى. بىلدىڭمۇ؟ قېرىپ قاپسەن. نېمە دەپ مەيدانغا كىرگەنسەن قارا يۈز مۇناپىق؟ ! ئەمدى مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىپ قوي. مەن خانىش قىلىچخانىنىڭ خاس نۆكىرى جاندار رۇسلانبەگ قاراغوجا ئوغلى بولىمەن. سەن ئوردا ئۆزگىرىشى قىلغان كۈنى مۇھەممەد ئارسلانخانىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان جاندارلار ئىچىدە مەن بار ئىدىم. ئوردا قانغا بويالدى. مەن خانىش بىلەن قېچىپ چىقتىم. كېيىن بارسغانغا كېلىپ ئېلىكخان ئىنال تېگىن ئالىيلىرىغا ھەممە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدىم. ئۇنىڭغا جاندار بولدۇم. مانا بۈگۈن تەقدىر - قىسمەت بىزنى بۇ جەڭگاھتا ئۇچراشتۇردى. ئاۋازىڭدىن، ھەرىكىتىڭدىن بوزاغۇ ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ، ئېلىكخانىنىڭ ئىجازىتى بىلەن مەيدانغا كىرگەنىدىم. چىرايىڭنى كۆرۈپ خاتالاشمىغىنىمنى بىلدىم ! — رۇسلانبەگ قىلىچى بىلەن ئۇنى كۆرسىتىپ سىپاھلارغا خىتاب قىلدى، — قارا ئەللار ! خائىن، مۇناپىق بوزاغۇنىڭ ئەپت - بەشىرىسىگە !

ھەر ئىككى تەرەپتىكى سىپاھلار بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ چۇقان كۆتۈردى.

شەرمەندە بولغان بوزاغۇ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. لېكىن، مەككارلىق بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— رۇسلانبەگ، سېنى تونۇدۇم. ھى - ھى - ھى... خانىش قىلىچخانىنىڭ يۈزىنى قىلىپ سېنى ئامان قوياي. بۈگۈن مەيدانغا قورال جېڭى ئەمەس، سۆز جېڭى قىلىشقا كىرگەنمەن. بىز تىغ كۆتۈرۈشمەيلى، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، ئاندىن ئۇنىنى چىڭ چىقىرىپ ۋارقىرىدى، — سەن قايتىپ بېرىپ ئېلىكخانغا

ئېيت، تاقابىل تۇرمەن دېمەي دەرمەھەل ئەل بولسۇن !

— ئەل بولىدىغان ئېلىكخان ئەمەس، ئىبراھىم تېگىن. ئۇ پۇت - قولۇڭدىن باغلاپ سېنى تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك، بوزاغۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىككى تەرەپ سىپاھلىرى سۇرەن سېلىپ دەۋرەپ كېتىشتى. قاراپ تۇرغان مۇڭسۇز ئىبراھىم تېگىنىدىن ئىجازەت ئالمايلا قارا بويۇنغا مىنىپ چاپقىنىچە مەڭدەپ قالغان بوزاغۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئالتاغىل ئېتىنىڭ يانپېشىغا بىر قامچا ئۇرۇۋىدى، بوزاغۇنى ئېلىپ قاچتى. «سەن هايات تۇرۇپ تۇر. ئاچاڭ بىلەن ئىككىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇزلاپ لات - ماناتقا قۇربانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئىبراھىم تېگىننى بىر خۇش قىلىۋېتەي» دەپ ئويلىغان مۇڭسۇز رۇسلانبەگنىڭ ئالدىنى توستى.

— نەگە بارىسەن يىگىت؟ كۈچ سىنىشىدىغان رەقىبىڭ ئۇ ئەمەس، مانا مەن ! — دېدى ئۇ گۇرزىسىنى ئايلاندۇرۇپ.

رۇسلانبەگ مۇڭسۇزنى تونۇپ سىلكىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۇ قان ئىچەر جاللاتنىڭ ئوردىدا چاپ - چاپ قىلغىنى كەلگەنىدى.

— تۇلكىدىن قۇتۇلۇپ بۆرىگە ئۇچرىغان ئوخشايمەن. قېنى كارامىتىڭنى كۆرسەت. نۆۋەتنى ساڭا بەردىم ! — رۇسلانبەگ، كۆزلىرىگە قان قۇيۇلغان مۇڭسۇزنىڭ ئۆزىنى مەنسىتمەي تۇرغىنىدىن غەزەپلەندى.

— ماڭا؟ ھىم، دۆت كاللاڭنىڭ يەرگە دومىلاپ چۈشۈشىدىن قورقمامسەن بالا؟ نۆۋەت سېنىڭ، مانا بويىنۇمنى تۇتۇپ بېرەي، ئەمما بىلىپ قويكى، چاپقان قىلىچىڭ ئۆتمەيدۇ.

— مېنىڭ بويىنۇم تاش ئەمەس، قان ئىچەر جاللات، چاپ قىلىچىڭنى ! — رۇسلانبەگ سەگەك بولۇپ مۇڭسۇزگە قادالدى.

— ياق، نۆۋەتنى ساڭا بەردىم. ئارماندا قالما، ھەقىقەتەن دۇنيادا ياشاش ئارزۇيۇڭ بولسا ئاتتىن چۈشۈپ تىزلان. سېنى چاپقۇم يوق، رەھىم قىلىپ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچەي.

غۇرۇرى كۈچلۈك رۇسلانبەگنىڭمۇ كۆزلىرىگە قان قۇيۇلدى.

غۇرۇر ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى. غۇرۇرنى يوقىتىش قەدرىنى تۆكۈشتۇر، دەپ قارىغان رۇسلانبەگ ئۆزىنى كەمسۇندۇرغان، مەنسىتمىگەن مۇڭسۇز بىلەن ئېلىشىشقا جاننى تىكىپ قويدى. ئۇ غەزەپ ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇمۇت ئۇردى. جەڭلەردە پىشقان مەككار مۇڭسۇز ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تەگكۈزمىدى. ئۇ ئۇمۇت رۇسلانبەگنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپ ئايلىنىپ كەلگىنىچە ئۆزىگە، يا ئېتىغا تېگىپ يارىلاندۇرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئۇمۇت ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتمىدى.

— ئەمدى نۆۋەت سېنىڭ، — دېدى جاسارىتى ئۇرغۇغان رۇسلانبەگ.

مۇڭسۇز قىلىچىنى باش ئۈستىگە كۆتۈردى ـ يۇ، ئېتىنى بىر چاپچىتىپ، تېقىمىغا باسۇرۇقلۇق نەيزىنى يەنە بىر قولىغا ئېلىۋالدى، ئاندىن قىزىل تورۇقنىڭ بىقىنىغا كۈچەپ سانجىدى. ئات ئىككى قېتىم مۇدۇرۇلۇپ يىقىلىپ قوپتى. ئۈچىنچى قېتىم يىقىلىپ قوپالمىدى. رۇسلانبەگنىڭ بىر پۇتى ئاتنىڭ ئاستىدا قالدى. مۇڭسۇز ئاتنىڭ بىقىنىدىن تېشىپ ئۆتكەن نەيزىنىڭ سېپىنى قويۇۋېتىپ قاراپ تۇردى. رۇسلانبەگ ھەرقانچە قىلىپمۇ پۇتىنى تارتىۋالالمىدى. مونچاق ـ مونچاق تەر بويۇن ـ بېشىدىن ئاقتى. چىرايى ئاقىرىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ رەقىبىدىن ياردەم سورىمىدى.

مۇڭسۇز ئۇنىڭدىن شۇنى كۈتۈۋاتاتتى. ئېغىز ئاچمىغاندىن كېيىن:

— نېمىشقا بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىشىمنى سورىمايسەن؟ ئورنۇڭدىن تۇرغۇزۇپ قوياي. ئايىغىمغا باش قويۇپ گۇناھىڭنى تىلە! — دېدى ھېجىيىپ.

— تۇفى! — رۇسلانبەگ ئۇنىڭ يۈزىگە قارىتىپ تۈكۈردى، — غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلىپ، ئىرادەمنى سۇندۇراي دەمسەن؟

ئۇخلاپ چۇشۇڭ قانخور ! سەن مېنى مەككارلىقىڭ، كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكىڭ بىلەن يارىلاندۇرۇپ، بۇ ھالغا چۇشۇرۇپ قويغان بولساڭمۇ، ئىمانىم كامىل، ئىرادەم مۇستەھكەمكى، سەندىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەپ غۇرۇرۇمنى يەرگە ئۇرمايمەن. دۇشمەندىن گۇناھىنى تىلەش — ئاسىيلىق قىلىش، ئۆزىنى خورلاش دېمەكتۇر، بىلدىڭمۇ؟

— سەن ياشاشنى خالىمامسەن؟ — مۇڭسۇز قىلىچىنىڭ ئۇچىنى رۇسلانبەگنىڭ كۆزىگە تەڭلىدى.

— غۇرۇرۇمنى يوقىتىپ، قۇل بولۇپ ياشاشتىن، قەدىر - قىممىتىمنى ساقلاپ ئۆلۇشنى ئەۋزەل كۆرىمەن. ئەقىدە، ئىرادەمگە خائىنلىق قىلمايمەن !

مۇڭسۇز ئۇنىڭ مۇرىسىگە قىلىچ ئۇرۇپ سول قولىنى ئۇزۇپ تاشلىدى. لېۋىنى قاتتىق چىشلىگەن رۇسلانبەگ ئۇن چىقارمىدى.

ئاقارغان چېھرى، تۇرۇلگەن قاپىقى، ھومايغان كۆزلىرى بىلەن مۇڭسۇزگە غەزەپ - نەپرەت ياغدۇردى. لەنەت ئوقۇدى.

— گەپ قىلمامسەن يىگىت، غۇرۇرۇڭ، ئەقىدە - ئىرادەڭ سېنى ئۆلۇمدىن قۇتقۇزۇپ قالالارمۇ؟ بۇنداق ئازابلىنىپ ئۆلۇشتىن، ئەل بولۇپ گۇناھىڭنى تىلەپ ياشىغىنىڭ ئوبدان ئەمەسمۇ؟

قىينىلىپ بېشىنى ئىككىنچى قېتىم كۆتۇرگەن رۇسلانبەگ ئۇنىڭ يۇزىگە قارىتىپ يەنە تۇكۇردى.

— راست دېدىڭ مەلئۇن، غۇرۇرۇم، ئەقىدە - ئىرادەم مېنى قۇتقۇزالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، يۇرتداشلىرىمغا ۋىجدان بىلەن سەمىمي ياشاشنى، ئۆزىنى قەدىرلەپ ياشاشنى ئۆگىتىدۇ. ماڭا ئەبەدىيلىك ۋىجدان ئارامبەخش ئېتىدۇ. دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىمەن. تۇفى ئەبلەخ !

ئېتىلىپ كەلگەن تۇكۇرۇكتىن، خۇددى ئوقتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك سىلكىنىپ ئارقىغا داجىغان مۇڭسۇز بىر قىلىچ

ئۇرۇپ ئۇنىڭ يەنە بىر قولىنىمۇ ئۈزۈپ تاشلىدى. يىگىتنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن ئاقىقان قان تاقىر يەرگە يېيىلدى. چىرى سەبدەردەك سارغىيىپ كەتتى. ئاغرىق جان ـ جىنىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ نالە قىلمىدى. چىدامىلىق، تاقەتلىك ئادەملەرلا مانا شۇنداق دەھشەتلىك قىيناقتا بەرداشلىق بىرەلەيدۇ، دۈشمەنگە باش ئەگمەيدۇ.

رۇسلانبەگ بېشىنى ناھايىتى تەستە كۆتۈرۈپ ئۈچىنچى قېتىم مۇڭسۇزنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى.

— لەنەت ساڭا ! سەندەك ۋەھشىي ئاسىيلارنى خەلق ئەبەدىي لەنەتلەيدۇ. مېنى ئۆلتۈرگىنىڭ بىلەن غۇرۇرلۇق، ئەقىدىلىك ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمەيسەن، ئۆزۈڭ ئۆلتۈرۈلىسەن قانخور ! تۇفى !

مۇڭسۇزنىڭ چىرايى قارىداپ كەتتى. ئۇ جان ـ جەھلى بىلەن رۇسلانبەگنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇردى ۋە ئېتىنى ئىنال تېگىن بارگاھى تەرەپكە بۇراپ چاپچىتتى.

— ئىشىتمىدىم دېمەڭلار، ئىبراھىم بۇغراخان چاپاۋۇللىرىنىڭ سۇباشى مۇڭسۇزبەگ مەندۇرمەن ! نى ـ نى جەڭلەرگە كىرىپ، چىققانمەن. نى ـ نى باھادىرلارنىڭ بېلىنى ئۈشتۈغانمەن. جەڭگاھ مېنىڭ يايرايدىغان سەيلىگاھىم. ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارداپدىغان ھەۋىسىم. مەن سىلەرنى ئەل بولۇشقا ئۈندىمەيمەن. مەن بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلار بارمۇ؟ كېلىڭلار ! — دېدى ئۇ ئومۇتنى بىر قولىدا پىرقىرىتىپ نەرە تارتىپ.

ئىنال تېگىن سىپاھلىرى ئىچىدىن ئاق قاشقا تورۇققا مىنگەن بىر سەركەردە مەيدانغا كىردى. ئۇنىڭ بوي ـ بەستى رۇسلانبەگدىن ئېگىز، گەۋدىلىك بولسىمۇ، مۇڭسۇزدىن يەنىلا كىچىك ئىدى. قەھر ـ غەزىپى قاشلىرى قوشۇلغان قوشۇمىسىدا بىر تۈرۈلۈشنى پەيدا قىلغانىدى. ئۇ قانغا مىلىنىپ ياتقان رۇسلانبەگنىڭ تېنىنى كۆردى. ئۇنىڭ چېپىلغان بېشى ئايرىم

تۇراتتى. تەن بىلەن باش ئاجرالغان بۇ ھالەت ھەم ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھەم ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى. سەركەردىنىڭ ۋۇجۇدى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— كۆردۈڭمۇ، بۇرادىرىڭ غوجا ئاكىسىغا كۆز ئالايتىپ يىقىلغىنىچە قوپالمىدى، — دېدى مۇڭسۇز قىلىچى بىلەن رۇسلانبەگنىڭ تېنى، بېشى، قوللىرىنى كۆرسىتىپ، — سەنمۇ ئۇنىڭدەك ئاقىۋەتكە قېلىشنى خالىمىساڭ قىلىچىڭنى قىنىدىن چىقارما. ئومۇتۇڭنى قولۇڭغا ئالما. ئاتتىن چۈشۈپ تىزلان!

— يوق يەپسەن! — سەركەردە نەرە تارتىپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى، — بىلىپ قويىكى، سەن باھادىر ئەمەس، بىر نامەرد ئىككەنسەن قانخور. سۆز جېڭى قىلىش ئۈچۈن مەيدانغا كىرگەن ئالپىنى ئۆلتۈرۈپ جاللاتلىقىڭنى قىلىپسەن[①]. ئەمدى ئۇنىڭ خۇنىنى تۆلىشىڭ كېرەك، — سەركەردە پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇڭسۇزنىڭ بېشىغا قىلىچ چاپتى.

جەڭلەردە پىشىپ ماشخوردا بولۇپ كەتكەن مۇڭسۇز ئۇنىڭ چاپقان قىلىچىنى ئومۇت بىلەن ئۇرۇۋەتتى. «تاراڭ - تۇرۇڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قىلىچ ئىككى پارە بولۇپ، بىر پارىسى سەركەردىنىڭ قولىدا قالدى، بىر پارىسى يەرگە چۈشتى. مۇڭسۇز ئومۇدنى تېقىمىغا باسۇرۇپ، قىلىچىنى سۇغاردى.

— شۇ ھالىڭغا مەن بىلەن ئېلىشقىلى جەڭگاھقا كىردىڭمۇ بالا بەچچە. قىلىچ دېگەننى مانا مۇنداق ئۇرىدۇ، — دەپ ئۈچ قېتىم شىلتىپ، سەركەردىنىڭ بويىنىغا كۈچەپ چاپتى. قىلىچ تۆمۈر قالقانغا تېگىپ قاڭقىپ قولىدىن چىقىپ كەتتى. كۆزلىرى ئويېئوچۇق، چەكچىيىپ قالغان كاللىنىڭ يېنىغا چۈشتى.

— كۆردۈڭمۇ ئۆزىنى بىلمىگەن ئەبلەخ! — دېدى سەركەردە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.

---

① قەدىمكى زامانلاردا، جەڭ سۆز ئويۇنىدىن باشلىناتتى. سۆز ئويۇنى ئۈچۈن جەڭگاھقا كىرگەنلەر ئۆلتۈرۈلمەيتتى.

— كۆردۈم، يارايدىكەنسەن، — مۇڭسۇز سۇنۇق قىلىچىنى تاشلىۋېتىپ قولىغا گۈرزىنى ئالدى ـ دە، ئاسمانغا قارىتىپ ئاتتى. قايتىپ چۈشكەندە تۇتۇۋېلىپ يەنە ئاتتى. ماھارىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، بۇ ھەرىكىتىنى بىرقانچە رەت تەكرارلىغان مۇڭسۇز گۈرزىنى ئايلاندۇرۇپ ـ ئايلاندۇرۇپ سەركەردىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە ئۇرۇۋەتتى. قالقاننى باش ئۈستىگە تۇتقان سەركەردە، پۇتاقلىق چويۇن چوماقنىڭ قاتتىق زەربىسىدىن ھوشىنى يوقىتىپ ئاتتىن يىقىلدى...

ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كىرگەن ئىنال تېگىننىڭ ئون نەچچە باتۇر سەركەردىسىگە ئەنە شۇنداق ھىيلە ـ مىكىر، قارامىلىق بىلەن زەربە بېرىپ، ئەجەل شارابىنى ئىچۈرگەن مۇڭسۇز ئات ئوينىتىپ مەيداندىن چىققاندا، كەچ كىرمىگەن بولسىمۇ، زاۋال ۋاقتىدىكىدەك ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى.

خانتوي ئىچىدە كۆز تىكىپ تۇرغان بوزاغۇ شاپاشلاپ چىقىپ:

— بارىكاللا ـ بارىكاللا سۇباشى، زەپەر قۇچۇپ جەڭگاھتىن سالامەت قايتىپ چىققانلىرىغا مۇبارەك! — دەپ خۇشامەت قىلدى.

— ئوھوي يۇغرۇش باشى، جەڭگاھتىن شەرمەندە بولماي چىقىۋالغىنىڭىزنى مۇبارەكلەپ، بۇغراخان ئالىيلىرى كەدۇت تەقدىم قىلغاندۇ؟ ھا ـ ھا ـ ھا... — مەسخىرە قىلغىنىچە ئاتتىن چۈشكەن مۇڭسۇز ئېگىلىپ تۇرغان بوزاغۇغا قاراپمۇ قويماي خانتويغا كىردى.

— بۇغراخان ئالىيلىرى، قېنىم قىزىپ ئىجازەت ئالمايلا جەڭگە كىرىپ كەتكىنىم ئۈچۈن كەچۈرگەيلا، — دېدى ئۇ بىر تىزىنى يەرگە قويۇپ.

— چاپاۋۇللارنىڭ سۇباشى، جەڭگاھتا جەۋلان قىلىپ، كۆڭلۈمنى ئەمىن تاپتۇردىڭىز. سىزگە ئاپىرىن، — ئىبراھىم تېگىن ئالتۇن ساپلىق قىلىچىنى ئۇنىڭغا تارتۇق قىلىپ، ئۆز

قولى بىلەن شاراب تۇتتى.

— رەھمەت ئالىيلىرى، بۈگۈن بارسغان ئېلىكخانى بايبەگ ئىنال تېگىننىڭ يۈرىكى مۇجۇلدى، سەركەردە ـ باھادىرلىرىنى قورقۇنچ باستى. ئەتە پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شەھەرگە بېسىپ كىرىش تەكلىپىنى بېرىمەن. ئالدىدا مېنىڭ چاپاۋۇل قىسمىم يول ئېچىپ ماڭىدۇ.

مۇڭسۇز ئالتۇن جامدىكى شارابنى ئىچىۋەتتى.

— بەللى ـ بەللى! ئوبدان تەكلىپ بەردىڭىز. يۇغرۇش باشى قەيسەربەگنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن جەڭ مەيدانىغا كىرىپ قىلغان دەۋىتى ئىنال تېگىننى ئېرىتەلمىدى. سىزنىڭ جەڭگاھنى لەرزىگە سېلىپ، كۆرسەتكەن ھەيۋىڭىزنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇغىنى، قورقۇنچىغا سېلىپ قويغىنى راست. مېنى خۇشال قىلىپ، يۇغرۇش، سۇباشى، سانغۇنلىرىمنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ جاسارەت بەخش ئەتكىنىمۇ راست، مۇڭسۇزبەگ! شۇنداق بولسۇن، لەشكەرلىرىم ئەتە شەھەرگە باستۇرۇپ كىرسۇن، — ئىبراھىم تېگىن كۆزىنى مۇڭسۇزدىن ئېلىپ، ۋەزىر، سەركەردىلەرگە تىكتى، — پەرمان! ئەتە بارسغان شەھىرىگە بېسىپ كىرىڭلار. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇلىرىنى دوقاقبەگكە تاپشۇرۇڭلار!

— باش ئۈستىگە! — بوزاغۇ باشلىق ۋەزىر، سەركەردىلەر پەرمانبەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— بۈگۈنكى غەلىبىنىڭ تەنتەنىسى ئۈچۈن يۇغرۇش، سۇباشى، سانغۇنلارنى بەگ تەركىسىگە تەكلىپ قىلىمەن. لەشكەرلەرگىمۇ ئۆز ئورۇنلىرىدا تەركە[①] بېرىلسۇن، — دەپ ئەمر قىلغان ئىبراھىم تېگىن تەختتىن چۈشۈپ، بەگ تەركىسى، كېيىنكى ئۈچۈن ئالاھىدە تىكىلگەن كاتتا چۈۋاچ[②]قا قاراپ

---

① تەركە — زىياپەت.

② چۈۋاچ — خاقان چېدىرى.

ماڭدى.

زىياپەت يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. ئاندىن سۇباشىلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن لەشكەرلەر ئۇيقۇغا كىرىشتى.

ئەتىسى ئەڭ ئاۋۋال ئويغانغان مۇڭسۇز بولدى. ئۇ چېدىردىن چىقىپ، كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۇنگە قارىدى: «بارسغاننىڭ ئاچقۇسىنى دوقاقبەگ ئەمەس، مەن تاپشۇرۇۋالىمەن. ئى لات ـ مانات، ماڭا ئۆزۈڭ مەدەتكار» دەپ ئىلتىجا قىلدى ۋە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ جەڭ مەيدانىغا قارىدى. بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمىدى. بارسغان ئېلىكخانىنىڭ نە خانتويى، نە لەشكەرلىرىدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ يىلان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سەپسالدى. كۇن نۇرى ياماشقان شەھەر سېپىلى كۆرۈندى. «ئېلىكخان لەشكەرلىرى بىلەن نەگە كەتكەندۇ؟» ئۇ گاڭگىراپ قېلىپ، ئىبراھىم تېگىن خانىشلىرى بىلەن تۇرىدىغان بارگاھى ھەرەمگە كەلدى. باش ئاغۋات:

— بۇغراخان ئالىيلىرى تېخى قوپمىدى، — دېدى.

— قانداق ھاڭۋاقتى خان بۇ! — مۇڭسۇز قولىنى شىلتىپ بوزاغۇنىڭ چېدىرىغا كەلدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۋلاپ ئالدىغا چىقتى.

— يۇغرۇش باشى، ئېلىكخان قوشۇنلىرى بىلەن غايىب بوپتۇ، قاراڭ، — دېدى تۇكلۇك قولى بىلەن بارسغان شەھىرىنى كۆرسىتىپ.

بوزاغۇ قوللىرىنى كۇنلۇك قىلىپ سەپسالدى.

— ۋاھ! نېمە گەپ بۇ؟ ئۇلار شەھەرگە بېكىنىۋالغانمىدۇ ياكى قاچقانمىدۇ؟ مەن ئىبراھىم بۇغراخاننى خەۋەردار قىلاي. سىز يۇغرۇش، سۇباشىلارنى خانتويغا يىغىڭ، كېڭىشىپ ھۇجۇمنى باشلايلى.

مۇڭسۇز تەرەپ ـ تەرەپكە چاپارمەن ئەۋەتىپ، يۇغرۇش، سۇباشىلارنى خانتويغا يىغدى. ئالاقزەدە بولغان ئىبراھىم

تېگىنىمۇ تەختكە چىقتى. جاندارلارباشى بولغان ھوشۇربەگلا كەلمىدى. بۇ ھەممەيلەننى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. جاندارلارمۇ ئۆز باشلىقىنىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.
— بۇغراخان ئالىيلىرى، ئەمدى قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. دەرھال بارسىغان شەھىرىگە بېسىپ كىرەيلى، — دېدى مۇڭسۇز.
— بېسىپ كىرەيلى شاھىنشاھىم، — بوزاغۇ باشلىق ۋەزىر، سەركەردىلەر مۇڭسۇزنى قوللاپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.
— بېسىپ كىرىڭلار! — ئىبراھىم تېگىن ئاخىر ئەمر قىلدى. ئۇنىڭ ئەس - يادى ھوشۇربەگدە قالغانىدى. «ئەجەب - ھە، ئۇ ماڭا ناھايىتى سادىق ئىدىغۇ؟ ئۇن - تىنسىز غايىب بولۇشىدا نېمە سىر بار؟» دەپ ئورنىدىن تۇردى.

## 3

ئۇرۇشتا قان تۆكۈلۈش، يىغىش - يىغلىش بولۇپ تۇردۇ. يېغىلغىنىغا تەن بەرمىگەن، قوشۇنلىرىنى تېخىمۇ غەيرەت - جاسارەتكە ئىگە قىلىپ قايتۇرما زەربە بېرەلىگەن لەشكەرباشى غەلىبە قازانماي قالمايدۇ.

بايبەگ ئىنال تېگىن ئون ئۈچ سەركەردىسىنىڭ مۇڭسۇز تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگىنىگە ناھايىتى ئېچىنغان بولسىمۇ، ئۈمىدسىزلەنمىگەنىدى. ئۇ يارىلانغان شىردەك غەزەپكە كەلدى. ئەتە جەڭگاھقا ئۆزى كىرىپ مۇڭسۇز بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپ، سادىن ئەييارنى ئالدىغا چاقىردى.
— ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئەمرلىرىگە پەرمانبەردارمەن، — دېدى خانتويغا كىرگەن سادىن ئەييار تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ.
دىقماق، كۆكرىكى كەڭ، توقاچ يۈز كۆچتۈڭگۈر بۇ ئادەمنىڭ قارا كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. ئۇ ئوغۇزلاردىن بولۇپ، قەبىلىسى غەربكە كۆچكەندە، بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان چەۋەندازنىڭ ئەۋلادى ئىدى.

— نېمە ئۈچۈن چاقىرغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ — سورىدى ئىنال تېگىن.

— خانتويغا كىرگەندىن كېيىن بىلدىم. ئالپىلىرىغا دۈشمەن تەرەپنىڭ سانغۇنلىرىدىن بىرسى كېرەك بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

— تاپتىڭ. ماڭا ئىبراھىم تېگىننىڭ جاندارلار باشى كېرەك.

— ئۇنى ئەكېلىپ ئۆزلىرىگە تاپشۇراي ئالپىلىرى.

— ئەكېلەلەمسەڭچۇ؟

— بوينۇم قىلدا باغلاقلىق.

— خوپ، بۇ ئەمرىمنى تۈن تەڭ بولغۇچە ئورۇنلاپ بولغىن.

— باش ئۈستىگە ئالپىلىرى، — سادىن ئەييار شارتتىدە ئۆرۈلۈپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

ئىنال تېگىن يۇغرۇش، سۈباشىلار بىلەن جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئۇ تەخت ئۈستىدىن تۇرۇپ دېدى:

— جانابلار، جەڭ باشلاندى. بۈگۈن ئون ئۈچ باھادىر چەۋەندازىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئەتە يەنە قانچە كىشىمىزدىن ئايرىلىمىز؟ بۇ تەڭرىگە مەلۇم. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بىز ھەققانىيەت ئۈچۈن جەڭ قىلىمىز. ئېلىمىزنىڭ روناق تېپىشى، خەلقىمىزنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى قوغداپ، باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمىز. قايتۇرما زەربە بېرىشىمىز يوللۇق. بىزنىڭ تىلىكىمىز خانلىق ئەھلىنى قانخور سۈيىقەستچىلەرنىڭ زۇلمىدىن، ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش. بىز ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز، يېڭىش ئىرادىمىزنى بوشاشتۇرماسلىقىمىز، نۇسرەت قازىنىش ئىشەنچىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز، غەيرەت ـ جاسارەت بىلەن جان تىكىپ ئېلىششىمىز كېرەك. مەن ئەۋەتكەن مەكتۇپ توغرۇل قاراخان بوۋامغا تەگكەن ھامان لەشكەر باشلاپ كېلىدۇ. ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخانمۇ بىللە كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، روھىمىزنى ئۈستۈن تۇتۇپ، ئەتىكى جەڭنى، ھەرقانچە شىددەتلىك، دەھشەتلىك

بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياخشى قىلىشىمىز، دۈشمەنگە بوي ئەگمەيدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك. زىنھار قورقمايلى. قورقۇش — ئادەمنى ئىشەنچ ـ ئۈمىدىدىن، ئىرادىسىدىن ئايرىيدىغان مۇدھىش تۇيغۇ. بۇ تۇيغۇ كىمنىڭ كۆڭلىنى ئىگىلىۋالىدىكەن، ئۇ ئۆز ئىرادىسىگە، ئائىلىسىگە، ئەڭ يېقىن دوستلىرىغا، ئەلگە زىيان يەتكۈزمەي قالمايدۇ. ئاسىيلىق، خائىنلىق، مۇناپىقلىق — قورقۇشنىڭ ئاقىۋىتى. مەن ئەتە بىرىنچى بولۇپ جەڭگە كىرىمەن،

بايبەگ ئىنال تېگىن سۆزىنى تۈگىتىشى بىلەن تەڭ:

— بىز قورقۇنچاق ئەمەس! قورقۇش بىز ئۈچۈن نومۇس! ئالىپ ئەرتوڭا ئەۋلادى دۈشمەندىن قورقمايدۇ، — دەپ چۇقان سېلىشتى ۋەزىر، سۇباشىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ.

— ئەتە ئەتىگەن جەڭگە كىرىش تەييارلىقىنى پۇختا قىلىڭلار. بۇ كېچە ياخشى ئارام ئېلىڭلار، — دېدى بايبەگ ئىنال تېگىن.

يۇغرۇش، سۇباشىلار خانتويىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئۇ تەختىدە يالغۇز قالدى. نامازشام، خۇپتەننى مەخسۇس تىكىلگەن چېدىر مەسچىتىدە سەركەردىلەر بىلەن ئوقۇدى. خانىش، توقاللىرى ئوردا ھەرىمىدە قالغاچقا ئۇزاققىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئاتىسى تۇمەنبەگ ئاخۇن كۆز ئالدىغا كېلىپ يۈرىكى ئېچىشتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ قارا نىيەتلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. مېڭىش ئالدىدا بىللە كېتىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، «ئوغلۇم، مەن ئەزىز يۇرتۇم ئوردۇكەنتتىن ئايرىلالمايمەن. ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ قەبرىلىرى مۇشۇ يەردە. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بۇ يەردە ياشاۋاتىدۇ. قورال ـ سايمان ياسايدىغان نەچچە ئون دۇكان، نەچچە يۈز ھۈنەرۋەن شاگىرتلىرىم بار. مەن بولمىسام ئۇلارنىڭ ئىشى ئاقساپ قالىدۇ. ھەربىر ئىشقا بىر باش بولمىسا، ئۇ ئىش ئاقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا ـ بوۋىلىرىمدىن قالغان بىر خەزىنە بار. بۇ

خەزىنىنىڭ بار جايىنى مەن ۋە ئاپاڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھەر دەقىقە ئۇ خەزىنىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ مۇھاپىزەت قىلىشىم زۆرۈر. بۇ ئاجايىپ خەزىنىنى ساڭا كۆرسىتىپ ھەيران قالدۇرماقچى ئىدىم. بارسىغانغا بارىدىغان بولۇپ قالدىڭ. ماقۇل، بېرىپ ئۆزۈڭنىمۇ، ئەقلىڭنىمۇ تاۋلاپ كەلگىن، ئاندىن كۆرسىتەي. مېنى بىللە بېرىشقا دەۋەت قىلما بالام» دەپ دۇئا بېرىپ، ئۆزى سوققان قىلىچ ـ قالقان، ئوموت، نەيزىدىن ئىبارەت بىر يۈرۈش قورالنى ئېتىغا غانجۇغىلاپ ئۇزاتقانىدى. ئانىسى «كۆز تەگمىسۇن» دەپ تۇمار ئېسىپ قويغانىدى.

بايبەگ ئىنال تېگىنىنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى: «دەرىخا ـ دەرىخا، ئۇ مېھرىبان ئاتامنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم. قىساسىنى ئالماي قويمايمەن. ئۇ دېگەن خەزىنە قارا نىيەتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنمىدۇ، يا پىنھاندا بارمىدۇ؟ تەڭرىم ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن...»

ئۇ شاھانە چېدىرىدىن چىقتى. غۇر ـ غۇر شامال يۈزىگە ئۇرۇلدى. ئىشىكتە تۇرغان قاراۋۇل ۋە ئەتراپنى كۆزىتىۋاتقان جاندارلار ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىشتى.

كېچە ئاسمىنى يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى. يېقىلغان گۈلخانىلار ۋە كۆزەتچى سىپاھلار كۆتۈرۈۋالغان ئوتقاشلار ھەر ياندىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «شەھەر خەلقى ئۇيقۇدا. ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزماقچى بولغانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش زۆرۈر». ئۇنىڭ خىيالىغا بوۋاق قىزى كەلدى: «بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتامدىكىن، يا ئانىسىنى ئېمىۋاتامدىكىن؟ ئىبراھىم تېگىن شەھەرگە بېسىپ كىرسە ئۇنى ساق قويمايدۇ. بارسىغان شەھىرىدىكى دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان بوۋاقلارغا نەيزە سانجىلىدۇ. ئانىلارنىڭ باغرى قان بولىدۇ. ئاتىلارنىڭ بېشىغا قىلىچ چېپىلىدۇ. رەستىلەردىكى دۇكانلار، ھۈنەرۋەن كاسىپلارنىڭ مال ـ مۈلكى، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال ئوردا، ھەرەم تالان ـ تاراج قىلىنىدۇ. ياق ـ ياق ! بۇنىڭغا قەتئىي يول

قويغىلى بولمايدۇ. قان ئىچەر جاللاتنى بارسىغان شەھىرىگە ئاياغ باستۇرماسلىق كېرەك...»

بايبەگ ئىنال تېگىن ئىختىيارسىز مۇشتۇملىرىنى تۈگدى. ئۇ شەھەر سېپىلىنى بويلاپ مۇستەھكەم توسۇق ھاسىل قىلغان قوشۇنلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ ھەممەيلەننىڭ پولۇ يەۋاتقانلىقىنى كۆردى. چېدىر ئالدىدا داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان لەشكەرلەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەممەيلەن دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى.

— ئولتۇرۇڭلار ئەزىمەتلەر. تارتىنماي تاماقلىرىڭلارنى يەۋېرىڭلار. مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە غىزالانماقچىمەن، — دەپ يۈكۈندى.

ئۇ قېيىنئاتىسى توغرۇل قاراخان بىلەن سۇباشى بولۇپ ئۇدۇنغا بارغاندىمۇ، قەشقەردە تۇرغاندىمۇ، دائىم لەشكەرلەر بىلەن بىللە تاماق يەيتتى. بۇ ئاق كۆڭۈل غەيۇر سەركەردىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان لەشكەر يوق ئىدى. ھۇسەيىن ئارسلانخانغا باش ۋەزىر بولۇپ بارسىغانغا كەلگەندىن كېيىن مەمۇرىي ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ لەشكەرلەر بىلەن ئارىلىشالمىغانىدى...

ئۇ سىپاھلار بىلەن بىللە تاماق يېدى. بىر چاغدا يېنىغا قاراپ، تامىقىنى يەپ بولغان ئوتتۇرا ياش لەشكەردىن سورىدى:

— سەن بارسىغانلىقمۇ؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى.

— نۆكەر بولغىنىڭغا قانچە يىل بولدى؟

— يىگىرمە يىلدىن ئاشتى.

— جەڭگە قاتناشتىڭمۇ؟

— ئۈچ قېتىم، ئالىيلىرى.

— نۆكەرلىك ھاياتتىن بىزار بولمىدىڭمۇ؟

— ئەسلا، ئالىيلىرى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— قىلىچ، خەنجەرنى ئېسىپ يۈرسەم، ئۆزۈمنى يۈرەكلىك،

ئالىپ ھېس قىلىدىكەنمەن، ئالىيلىرى. ئۆمۈرۋايەت لەشكەر بولۇپ ئۆتكۈم بار.

— سەنچۇ؟ — دېدى ئېلىكخان ئۆزىگە كۆز سېلىپ ئولتۇرغان ياش لەشكەردىن، — نېمە ئۈچۈن نۆكەر بولدۇڭ؟

— مەن جەڭگە ھەۋەس قىلىمەن. شۇڭا نۆكەر بولغان، ئالىيلىرى.

— جەڭگە قاتناشتىڭمۇ؟

— ياق، تېخى جەڭگە كىرگۈدەك بولمىدىم.

— بۇگۈن جەڭگە كىرگەنلەرنىڭ قانداق بولغىنىنى كۆرگەنسەن؟

— كۆردۈم، ئالىيلىرى. ھەممىسى مۇڭسۇزگە تەڭ كېلەلمەي ئارماندا ئۆلۈپ كەتتى.

— تازا قورققانسەن؟

— قورقتۇم، ئالىيلىرى.

— ئەمدى جەڭگە كىرمەيدىكەنسەن ـ دە، شۇنداقمۇ؟

— ئۆلتۈرۈلسەممۇ بىر قېتىم جەڭگە كىرگۈم بار، ئالىيلىرى. بۇ ئىرادەمدىن يانمايمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — ئىنال تېگىن جىددىي سورىدى.

— مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن نۆكەر بولغان، ئالىيلىرى. نۆكەرنىڭ بۇرچى جان تىكىپ ۋەتەننى قوغداش، ئۆلۈمدىن قورقماسلىق، پادىشاھقا سادىق بولۇش.

لەشكەرنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بايەگ ئىنال تېگىننىڭ غەمكىن كۆڭلى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى. «بەرگەن قەسەمنى ئۇنتۇماپتۇ. تەربىيە سىڭىپتۇ. لەشكىرىي نىزامغا ئەمەل قىلىش ئىرادىسى كۈچلۈك ئىكەن...»

ئۇ شۇ ئويغا كېلىپ، چاي ئىچىپ ئولتۇرۇشقان ئەسكەرلەرگە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراپ چىقىپ دېدى:

— نۆكەر دېگەن يۇرتنى، ۋەتەننى، پادىشاھنى، خەلقنى، ئائىلىسىنى، ئۆزىنى قوغدىغۇچى دېگەن بولىدۇ. قوغدىغۇچى

بولغان ئادەم ھەممىدىن بۇرۇن يۇرەكلىك بولۇشى لازىم. قورقمىغان نۆكەر رەقىبىنى يېڭەلەيدۇ. قورققان چوقۇم يېڭىلىدۇ، يا ئەسىر چۈشىدۇ ياكى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھەتتا خائىن، قاچقۇن بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

— مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. يۇرتۇمنى، ئېلىمنى ئالىيلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئەتە چوقۇم جەڭگە كىرىمەن!

— مەن مۇڭسۇزدىن رۇسلانبەگنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن، ئالىيلىرى.

— ئەتە مېنىڭ بىرىنچى بولۇپ جەڭگە كىرىشىمگە ئىجازەت قىلغايلا، ئالىيلىرى.

لەشكەرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كۆڭلىدىكى تىلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

— ئەمدى يېتىپ ئۇخلاڭلار. ئەتە شىددەتلىك جەڭ بولىدۇ. ئارام ئېلىشقا ۋاقىت چىقماسلىقى مۇمكىن. تەڭرى سىلەرگە مەدەتكار بولسۇن، — دۇشمەننى يېڭىش ئىشەنچى كۈچەيگەن بايبەگ ئىنال تېگىن روھلىنىپ چېدىرىدىن چىقتى. توققۇز - ئون كۈنلۈك ئاي كۆك قەھرىدە پارلاپ تۇراتتى. ئەتراپ تىمتاس. پەقەت قاراۋۇل، چارلىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ قەدەم تىۋىشى، تۇرۇپ - تۇرۇپ ھۇۋلىغان بۆرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بۇ سۈرلۈك جىمجىتلىقنى بۇزاتتى. «سادىر ئەييار ئىبراھىم تېگىن سىپاھلىرى ئارىسىغا كىرەلىدىمىكىن؟ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى...» دەپ ئويلىدى ئۇ كېتىۋېتىپ.

ئىنال تېگىن شاھانە چېدىر ئالدىغا كېلىپ توختىدى. يېنىپ تۇرغان گۈلخان، ئوتقاشلار ئاخشامقىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى. كۆزەت قىلىۋاتقان قاراۋۇللاردىن باشقا سىپاھلار ئۇخلاپ قېلىشقانىدى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، بارسخان شەھىرى تەرەپكە كۆز سالدى. يىراقتىن شەھەر دەرۋازىسى قارىيىپ كۆرۈندى. ئۇنىڭ بىردىن تويى بولغاندىن بۇيان ئايرىلىپ باقمىغان رەپىقىسىنى، بالىلىرىنى كۆرگۈسى كېلىپ كەتتى...

ئىنال تېگىنىنىڭ بەش بالىسى بار ئىدى. تۆتى ئوغۇل، كەنجىسى قىز ئىدى. ئارىلىق يىراق بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ يېنىغا بارالمايدىغانلىقى، شۇ تاپتا ئۇنى سېغىندۇرۇپ، ئاتىلىق مېھرىنى دولقۇنلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ۋەزىرلىرى كەچتە ئوردىغا كىرىپ كېتىشكە مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ جەڭگاھتا بولۇشۇم زۆرۈر، دەپ ئۇنىمىغانىدى.

ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتتى. سادىن ئەيىار كەلمىدى، ئىنال تېگىن تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. ئۇياقتىن - بۇياققا بىر ەر يۈز قېتىم ماڭدى.

خوراز بىرىنچى قېتىم چىللىغاندا، سادىن ئەيىار ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى. ئۇ پالاسقا يۆگەلگەن يوغان بىر نەرسىنى ئېلىكخانىنىڭ ئاياغ ئاستىغا قويدى.

— ئالىيلىرى، ئىبراھىم بۇغراخانىنىڭ جاندارلار باشىنى ئېلىپ كەلدىم.

— خانتويغا ئېلىپ كىر! — ئىنال تېگىن شاھانە چېدىرغا كىرىپ تەختتە ئولتۇردى.

سادىن ئەيىار پالاسنى چىرمىۋەتكەن تانىنى يېشىپ ئاچتى. چار ساقال، قوش ئېڭەك، پاكار، دوغىلاق ئادەم ئۇن - تىنسىز ياتاتتى. تەگدىن تولىسى ئاقارغان بېشىدا ئوتتۇغات قادالغان دۇبۇلغا، ئۇچىسىدا زەنجىر ساۋۇت، ئايىغىدا ئۆتۈك بولۇپ، ئۇستىگە قارا يوپۇق ئارتىۋالغانىدى. بېلىدىكى كۈمۈش توقىلىق كەمىرىگە خەنجەر، قىلىچ ئېسىقلىق ئىدى.

— ئەمدى سۆزلە، ئالىپ ئەزىمەت، جاندارلار باشىنى قانداق قولغا چۈشۈردۈڭ؟

— بۇ قىزىق بولدى ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئالدىلىرىدىن چىقىپ، قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تەڭ ئىككى موللاق ئېتىپ، ئىبراھىم تېگىن لەشكەرلىرى ئارىسىغا كىرىۋالدىم. سىپاھلارنىڭ رەت - رەت تىكىلگەن چېدىردا ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ كۆپى دۇبۇلغا، زەنجىر ساۋۇت

كېيىنىۋالغانىكەن. مەن بىر - بىرىگە مىنگىشىپ تۇرىدىغان بېلىق قاسىرقىسىمان تۆمۈر ساۋۇت كىيىۋاپتىكەنمەن. بېشىمدىكى دۇبۇلغىغا ئوتئۇغات قادىۋالغانىدىم. چېنىپ قالماي دەپ كەينىمگە يانماقچى بولدۇم. شۇ چاغدا ماڭا ئوخشاش كىيىنگەن بىر چەۋەندازنى كۆرۈپ قالدىم - دە توختىدىم. ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ يۈزبېشى، مىڭبېشى قاتارلىق سەردارلىرىنىڭمۇ ماڭا ئوخشاپراق كىيىنىۋالغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى. ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. تۈن ناھايىتى قاراڭغۇ ھەم سىپاھلارنىڭ تولىسى چېدىرلىرىدا بولغاچقا، ماڭا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. چېدىرلارغا كۆز سېلىپ بىلدىمكى، سىپاھلار زىياپەتتە ئىكەن. قوي گۆشى، قۇش كاۋىپى يەپ فۇقا، مەيزاپ ئىچىۋېتىپتۇ. ئايلىنىپ يۈرۈپ ئالاھىدە ياسالغان كاتتا شاھانە چېدىر ئالدىغا كېلىپ قالدىم. ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدىم. قارىسام ئىبراھىم تېگىن قاقاھلاپ كۈلۈپ ۋەزىر، سەركەردىلىرىنى شاراب ئىچىشكە ئۈندەۋاتقانىكەن. ئارقىسىدا جاندارلار باشى ھوشۇربەگ قىلىچىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىغا ئاق كىرىپتۇ. مەن ئوردۇكەنتتە كۆرگەندىكىگە قارىغاندا سەمرىپ كېتىپتۇ، شاھىم، — سادىق ئەييار ئۆلۈكتەك تۈگۈلۈپ ياتقان ھوشۇربەگكە قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — يۇغرۇش، سۇباشى، سەركەردىلەر تازا ئىچىپ، مەست بولۇشۇپ ئالىجوقا سۆزلىگىلى تۇردى. مۇڭسۇز «ئەتە مەن بارسغان ئېلىكخانى بايبەگ ئىنال تېگىننىڭ كاللىسىنى ئالىيلىرىغا تەقدىم قىلىمەن» دەپ كۆرەڭلەپ پو ئاتتى. غەزەپ ئاچچىقىم كېلىپ خاقان چېدىرىغا كىردىم. مېنى سەركەردىلەرنىڭ بىرسى دەپ قېلىشتى بولغاي، دىققەت قىلمىدى. بىر يۇغرۇش جامنى تولدۇرۇپ ماڭا شاراب تۇتتى. مەنمۇ چاندۇرماي ئىچىۋەتتىم. بىر چاغدا ئىبراھىم بۇغراخان بىر جام شارابنى ھوشۇربەگكە ئۇزارتتى: «قولىڭىز تالغاندۇ؟ قىلىچىڭىزنى قىنىغا سېلىۋېتىڭ. بۇ يەردە دۈشمەن

يـوق» دەپ بىرقانـچە جام شارابـنى ئىچـۈرۈۋەتتى. مەنـمۇ چەتتـە قالمــىدىم. بەگ تـەركىسى يىـرىم كېـچىدە تۈگــىدى. ھوشۇربـەگ جاندارلىرى بىلەن ئىـبراھىم بۇغراخاننـى خانىش، تـوقاللىـرى تۈرىدىغان چېدىرغا ئەكىرىپ قويۇپ چىقتى. ئاندىن دەلدۈگۈنـۈپ مېڭىپ ئۆز چېدىرىغا كىرىپ كەتتى. مـەن ئەتراپنـى كۆزەتتىـم. سـىپاھلار چـېدىرلـىرىدا ئۇيقـۇغا كەتكـەندەك قىلاتـتى. ھەتـتا قاراۋۇلـلارمۇ كۆرۈنمـەيتتـى. غـەپلەت باسـتى دېگـەن شـۇ ـ دە، ئالىيلىرى. مەن لىېۋىمنى چىشلەپ كۈتۈشكە باشلىدىم. جاندارلار باشـنىڭ چېدىرى ئىشىكىدە تۇرغان ياتاغاقلارمۇ ئولتۇرغانلىرىچە ئۇيقۇغا كەتتى. مەن ئۇلارغا بىھوش قىلىش دورىسىنـى پۈرىتىـپ ھوشىدىن كەتكۈزدۈم. ئاندىن بوغۇزىغا خەنجەر ئۇردۇم. چېدىرغـا كىرسـەم، ھوشۇربەگ خـوتۇنى بىـلەن چىمـىلدىق① تا ئۇيقـۇغـا كېتىـپتۇ. «ئاپـلا، بۇ ئەبلـەخمۇ خوتـۇننى ئېلىـپ كـەپتىـكـەن ئەمەسمۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟» دەپ ئويلاپ، بىھوش قىلىش دورىـسىنـى ھـەر ئىككـىسىگـە پۈراتتـىـم. ئۇخلـىغان پېـتى ھوشلىرىدىن ئايرىلدى. مەن خوتۇننى يوتقىنىغا يۆگەپ قويـۇپ، ئۆزىنى ئەييارلىق پالىسىغا بەند② قىلىپ ئېلىپ كەلدىم.

ئىنال تېگىننىڭ غەمكىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— مـەن ناھايـتى ئەنسـىرىگەن ئىدىم. يارايسـەن، ئەزىمـەت ئىكەنسەن. ئـەمدى دەرھال ھوشـىغا كەلـتۈر، ئۇنىـڭدىن ئەھـۋال ئىگىلىمەكچىمەن.

سادىن ئەييار بىر چېلـەك مۇزدەك سۇ ئېلـىپ كىـردى ـ دە، ھوشۇربەگنىڭ بېشىغا شارىلدىتىپ قۇيدى. ھوشۇربەگ ئەندىكىپ كۆز ئېچىشىغا، خانتوينىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ سەگىدەتتى. قاتتىق چۆشكۈرۈپ، ئۇياق ـ بۇياققا قارىغان ھوشۇربەگ كۆزىنـى ئىتتىك يۇمـۇۋالدى. سادىن ئـەييار يەنـە سۇ قۇيدى. ئـەندىكىـپ،

① چىمىلدىق — ئۆي، ياكى چېدىر ئىچىدىكى ئايرىم ياتقۇ (ياتار جاي).
② بەند — قاماش، ئىسكەنجىگە ئېلىش.

تېنى جىغىلداپ قايتا كۆز ئاچقان ھوشۇربەگ بېشىدا قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرغان سادىر ئەييارنى كۆردى. چۈش كۆرۈۋاتقان ئوخشايمەن دەپ قېلىپ كۆزلىرىنى يەنە يۇمۇۋالدى.

— قوپ ئورنۇڭدىن ئېشەك! — توۋلىدى سادىر ئەييار.

— نېمە! سەن كىم، مەن قەيەردە؟ — ئۆندەرەپ ئورنىدىن تۇرغان ھوشۇربەگ ئەتراپقا قاراپ، بۇنىڭ ئىبراھىم تېگىنىنىڭ بارگاھى ئەمەسلىكىنى بىلدى، ئۇنى قورقۇنچ باستى.

— مەن بارسغان ئېلىكخانىنىڭ ئەييارى. بارگاھىڭدىن سېنى ئېلىپ كەلگەن مانا مەن!

ھوشۇربەگ قورقۇپ تىزلاندى.

— تۇر ئورنۇڭدىن! — سادىر ئەييار ھەم قورقۇپ ھەم توڭلاپ لاغىلداپ تىترىگەن جاندارلار باشىنى شام چىراغ، ئوتقاشلار يورۇتقان خانتويغا ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ كۆزى قىلىچلىرىنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قاتار تۇرغان جاندارلارغا، ئاندىن ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ تەختتە ئولتۇرغان بايبەگ ئىنال تېگىنگە چۈشتى. ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىغا قادالغان ئالتۇن تاج ئوتقاشلار يورۇقىدا ۋالىلداپ، ھەريانغا جۇلا تاشلىغانىدى. ھوشۇربەگنى سۈر باستى.

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا، — دېدى ئۇ يەرگە باش قويۇپ.

— بېشىڭنى كۆتۈر مۇناپىق! — خىتاب قىلدى غەزىپى ئۆرلىگەن ئىنال تېگىن، — سەن بېشىڭدىن ـ تاپىنىڭغىچە قان قەرزگە بوغۇلغان قاتىل، ئاسىي سەن. مەرھۇم بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ دەرۋازىۋەنلەر بېگى تۇرۇپ، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ باستۇرۇپ كەلگەن لەشكەرلىرىگە ئوردۇكەنتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپ، قانچىلىغان كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغىنىڭنى بىلەمسەن؟

— مەن ـ مەن... ئازغان ئىكەنمەن، ئالىيلىرى، — ھوشۇربەگ دۇدۇقلاپ بېشىنى يەنە يەرگە قويدى.

— توفى ! — ئىنال تېگىن ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى، — دەسلەپ مەرھۇم بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخانغا، كېيىن مۇھەممەد ئارسلانخانغا ئاسىيلىق قىلىپ ئوردا ئەھلىنى قىرغىن قىلىشقا قاتناشتىڭ. بوزاغۇ، ئىبراھىم تېگىنگە خىزمىتىڭ ياراپ، جاندارلار باشى بولۇپسەن، قانداق مۇبارەكلىسەم بولار سېنى ھوشۇر قاۋان !

— شاھىنشاھىم، خام سۈت ئەمگەنىكەنمەن، مېنى كەچۈرگەيلا. خىزمەتلىرىنى قىلىپ گۇناھىمنى يۇيىمەن، — دېدى ھوشۇربەگ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي.

— خىزمىتىمنى قانداق قىلماقچىسەن؟ سېنى كەچۈرسەم، ماڭا ئاسىيلىق قىلمامسەن، مۇناپىق؟

— زىنھار قىلمايمەن، ئالىيلىرى. ئىت، مۇشۇكلىرى بولۇپ خىزمەتلىرىنى قىلىمەن. ھازىردىن باشلاپ قانداق خىزمەتكە بۇيرۇسىلا بەجانىدىل ئادا قىلىمەن.

— ئەمىسە ئېيت، ئىبراھىم بۇغراخان شەھىرىمىزگە قاچان بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ؟

— ئەتە ئەتىگەندە، ئالىيلىرى.

— نېمە! ئەتە ئەتىگەندە دەمسەن؟

— شۇنداق ئالىيلىرى، مۇشۇزبەگ دىۋانى ئارىز كېچىشىدە ئاشۇ تەكلىپنى بېرىۋىدى، ئىبراھىم بۇغراخان توغرا تېپىپ بارسغان شەھىرىگە ئەتە ئەتىگەندە بېسىپ كىرىش توغرۇلۇق جىددىي پەرمان چۈشۈردى.

— بۇ سۆزۈڭ يالغان بولۇپ قالسىچۇ؟

— چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرسىلە، ئالىيلىرى. بۇ سۆزۈم راست.

«قورقۇنچاقلىق — مۇناپىقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى. ئۇ قورققانلىقى ئۈچۈن ئاسىيلىق، خائىنلىق قىلىدۇ. ئەڭ يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. قورققانلىقى ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدۇ، راستىمۇ سۆزلەيدۇ. نەپكە ئېرىشىش، ئۆزىنى

قوتقوزۇپ، باشقىلارنى ئورىغا ئىتتىرىش ئۈچۈن ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ. قورقۇنچاقلىق — ئادەملەر ئۈچۈن ئاپەت» دەپ ئويلىغان بايبەگ ئىنال تېگىن، كۇتۇۋال بېگىگە ھوشۇربەگنى شەھەرگە دەرھال ئېلىپ كىرىپ زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇدى. يۇغرۇش، سۇباشىلارنى خانتويغا چاقىرتىپ، بارلىق لەشكەرلەرنىڭ ناماز بامداتتىن ئىلگىرى شەھەرگە كىرىپ بولۇشى توغرۇلۇق جىددىي پەرمان چۈشۈردى.

بارسغان شەھىرىنىڭ شىمال، جەنۇب، غەرب، شەرقتىكى دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ كەلكۈن سۇدەك تېزلىك بىلەن كىرگەن سىپاھلار سېپىل، كۆزىتىش مۇنارى، دەرۋازىلاردا مۇداپىئە تۇسۇقلىرىنى قۇرۇپ، شىددەتلىك جەڭگە تەييارلاندى.

بايبەگ ئىنال تېگىن ۋەزىر، سۇباشى، جاندارلار بىلەن كۆزىتىش مۇنارىغا چىقىپ، ئىبراھىم تېگىن قوشۇنلىرىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىلدى. قوشۇن ئونلىغان ئىمام — مەزىنلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە نۆۋەت بىلەن بامدات نامىزىنى ئۆتىدى. ئىبراھىم تېگىن قوشۇنلىرى تېخىچە ھەرىكەتكە كەلمىگەنىدى.

بايبەگ ئىنال تېگىن «ھوشۇربەگنىڭ ئېيتقىنى يالغان ئوخشايدۇ» دەپ قېلىپ چاشكا ۋاقتىغىچە كۈتتى. شەپە بولمىغاندىن كېيىن كۆزىتىش مۇنارىدىن چۈشۈشكە تەييارلاندى.

دەل شۇ چاغدا ئىبراھىم تېگىن قوشۇنلىرى شەھەرگە قۇيۇندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئالدىدا قىلىچ، ئومۇتلىرىنى ئوينىتىپ كېلىۋاتقانلار — مۆڭسۈزنىڭ چاپاۋۇللىرى ئىدى.

— يادىن ئوق ئۈزۈڭلار. تاش بوران قىلىڭلار! ئىبراھىم تېگىن سىپاھلىرىنى سېپىلغا يېقىن كەلتۈرمەڭلار، قوۋۇقلارغا يولاتماڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى ئېلىكخان قولىنى تۆۋەنگە قارىتىپ شىلتىپ.

— يادىن ئوق ئۈزۈڭلار، تاش بوران قىلىڭلار! — بۇيرۇدى سۇباشى، سەركەردىلەرمۇ سېپىل ئۈستىدىن تۆۋەنگە كۆز سېلىپ.

سېپىل ئۈستىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بايبەگ ئىنال تېگىننىڭ قوشۇنلىرى ۋە شەھەر ئاھالىسىدىن تەشكىللەنگەن پىداكار قىسىم يادىن ئوق ئۈزۈپ، سالغا بىلەن تاش ئېتىپ ئىبراھىم تېگىن سىپاھلىرىنى شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىن كەلتۈرمىدى.

مۇڭسۇزنىڭ قارام چاپاۋۇللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن موللاق ئېتىپ ئاتلىرىدىن يىقىلدى. يا ئوقى تېگىپ يىقىلغان، سالغا بىلەن ئېتىلغان تاش تېگىپ كۆزلىرى قۇيۇلغان، بېشى يېرىلغانلار ئاز ئەمەس ئىدى. شوتىلارنى كۆتۈرۈپ كەلگەن چاپاۋۇللارنى مۆلدۈردەك چۈشۈۋاتقان ئوق توسۇپ قويدى. ئۇلاردىن ھېچكىم سېپىل تۈۋىگە كېلەلمىدى.

يۈزلىگەن ئۆلۈك يارىدارلارنى قالدۇرۇپ، چاپاۋۇللىرىنى چېكىندۈرگەن مۇڭسۇز ئىبراھىم تېگىن، بوزاغۇلارنىڭ ئالدىدا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇ بىر ھۇجۇم بىلەنلا بارسغان شەھىرىنى ئېلىپ، ئۆزىنى ئېلىكخانلىققا تەيىنلەشكە ئىبراھىم بۇغراخاننى مەجبۇرلاش مەقسىتىگە يەتمەكچى ئىدى. بۇنداق قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەچكە، ناھايىتى ئەلەم بولدى. ئېلىكخان لەشكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇشىنىڭ سىرى يېشىلدى. ئۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئىبراھىم تېگىن ئالدىدا ھەممە گۇناھنى ھوشۇربەگكە ئارتىپ، ئۆزىنى ئاقلىدى:

— بۇغراخان ئالىيلىرى، ھوشۇربەگ ھەزرەتلىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ھۇجۇم قىلىدىغانلىقلىرىنى ئىنال تېگىنگە بىلدۈرۈپ قويغاچقا، ئۇ سىپاھلىرىنى شەھەرگە ئەكىرىپ كەتكەن ۋە قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىپ قويغان. شۇڭا، زەربىگە ئۇچراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. بۇنىڭدىن ھەرگىز مەيۈسلەنمىسىلە. مەن مۇڭسۇزبەگ ھاياتلا بولىدىكەنمەن،

ئۇمىدلىرىنى يەردە قويمايمەن. بارسغان قەلئەسىگە بېسىپ كىرىپ، ئىنال تېگىن بىلەن ئاسىي ھوشۇربەگنى ئالدىلىرىدا قاتتىق جازالايمەن. كۆزلىرىنى ئويۇپ، تەنلىرىنى پارە - پارە قىلىۋېتىمەن!

— جانابىڭىز مەغلۇبىيەتتىگە تەن بەرمەيدىغان ئالىپ سانغۇن، — دەپ بىر چېقىۋالدى بوزاغۇ، — سىز دېگەن تەڭدىشى يوق سەركەردە. بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىم مەغلۇپ بولسىڭىزمۇ، ئۈچىنچى قېتىم نۇسرەت قازىنالايسىز.

مۇڭسۇزنىڭ چىرايى ناھايىتى سەت ئۆڭدى. ئىبراھىم تېگىن:

— بۇگۇن ئەتىگەن ھۇجۇم قىلىپ شەھەرگە بېسىپ كىرىش تەكلىپىنى بەرمىگەن بولسىڭىز، ئالىپ سەركەردىلىرىمنى جەڭ مەيدانىدا جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئىنال تېگىننىڭ يۈرىكىنى قېپىدىن چىقىرىۋەتكەن بولاتتىم، چاپاۋۇللار باشى. ئون ئۈچ سەركەردىنى ئۆلتۈرۈپ، نەچچە يۈز چاپاۋۇلدىن ئايرىلىپ قالدىڭىز، — دەپ ئۇنىڭ يېغىرىغا تۇز سەپتى.

«ئالدىرىماي تۇرۇش، بىر ئىنال تېگىننىڭلا ئەمەس، بۇغراخان جەمەتىگە تەئەللۇق بارلىق قاراخان، ئېلىكخانلارنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىمەن» دېدى مۇڭسۇز ئىچىدە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

## ئون سەككىزىنچى باب

# ئوردۇكەنتكە بېسىپ كىرىش

### 1

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ھىجرىيە 450 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئۇچىنچى كۈنى ① ئەتىگەندە، توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخاننى ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن بارسغانغا يولغا سالدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئورخۇنبەگ، بۆرىبەگلەر سۇباشى، ئەرئاتان، ئارسلانلار مىڭبېشى، سەركەردە بولۇپ بىللە ماڭدى. سۆزمەن، قىزىقچى كىشىلەرنى دوست تۇتىدىغان توغرۇل قاراخان قۇتلۇقبەگنىمۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ كەتتى.

ئىككى كۈن ئۆتۈپ، پەيشەنبە سەھەردە ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانمۇ ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن ئاتلاندى. بەگيۈسۈپ، ئىلزادبەگمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈپ كەتتى.

بۇۋىئايىشە ئاتىسى، ئېرى ۋە ئىلىكخانىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، قىز، چوكانلاردىن تەشكىللىگەن ئەمچىلەر قوشۇنىغا خانىش قىلىچخان بىلەن بىللە باش بولۇپ يولغا چىقتى.

بەگتۇرمىش نائىب ئىلىكخان ئەبۇ ئەھمەد چاغرى تېگىنگە جاندارلارباشى، ئەربۇقا پەتھىدىن يۇغرۇش باشى بولۇپ بالاساغۇندا قېلىشتى.

بەگتۇرمىشنىڭ ئاتىسى بەگيۈسۈپ بىلەن قەشقەرگە بەكمۇ بارغۇسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل كۆرۈپ، بوۋا ـ

① مىلادىيە 1058 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

مومىسىغا قاراش ئۇچۇن بالاساغۇندا قىلىشنى زۆرۈر تاپتى. نەۋرىسىنىڭ يانلىرىدا قالماقچى بولغىنىدىن ئەبۇ پۇتۇھ مەختۇم، ھاۋاخان ئاغىچا ناھايىتى خۇش بولدى. ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىبلىكخانىغا لەشكەر بولۇپ، بۇ يۇرۇشكە قاتنىششنى تەلەپ قىلغان يۈزدىن ئارتۇق شاگىرتىنى ئات ـ ياراغلىق قىلىپ لەشكەرگە قوشتى.

بالاساغۇن ئەھلى بۇ قىتىمقى ھەقىقانىي يۇرۇشنى قوللاپ پەرزەنتلىرى، بايلىقىنى ئۆز پادىشاھىدىن ئايىمىدى. ھەتتا تۇل خوتۇنلارمۇ يىغقان ـ تۇگكىنىنى يوللۇق تۇتتى...

ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان بەگيۇسۇپنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، قوشۇنلىرىنى ناھايىتى تېز ماڭدۇرۇپ، بەش كۈنگە قالماي، چۇش مەھەلدە بەدەلئارت داۋىنىغا يېتىپ كەلدى. تىمتاس داۋان باغرى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولدى.

بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن چۈشكەن بەگيۇسۇپ تىزگىنىنى سۇلتانبەگكە بېرىپ، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۇيىدە تەرەت ئېلىپلا، بۇك ـ باراقسان چىنار دەرىخىگە قاراپ ماڭدى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان:

— بارلىق سىپاھلار ئارام ئالسۇن، خانتوي تىكىلسۇن! — دەپ ئەمر قىلدى.

بەگيۇسۇپ مۇڭلۇق شىلدىرلاپ تۇرغان چىنارغا ئاستا يېقىنلاپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، باللىرىمنىڭ غەمگۇزار مېھرىبان ئانىسى، ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋاپا ـ ساداقەتنىڭ ئۈلگىسى قەدىرلىك ھەمشىرەم، بىئارام بولماي، قورۇنماي تىنچ يېتىشتىلىمۇ؟ ھەربىرلىرىنى سېغىنىپ كەلدىم، — دېدى ئۇ غازاڭ باسقان قوش قەبرىگە كۆز سېلىپ، ئۇنىڭ تاراملاپ ئاققان ياشلىرى قەبرىگە تامچىلىدى. قوللىرى بىلەن قەبرە تۆپىسىدىكى غازاڭلارنى سۈپۈرۈپ يەرگە چۈشۈردى.

ئاۋازسىز يۇم ـ يۇم يىغلىغان بۇۋىئايشەمۇ كېلىپ،

ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى ياغلىقى بىلەن سۈرتتى. ئاقبىرا بىلەن قومبانىڭ روھى ئۇلارغا ياپراقلىرى سارغايغان چىنار شاخلىرى ئارىسىدىن غايىبانە نەزەر سالاتتى...

بەگيۈسۈپ يۇكۇنۇپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «سۈرە ياسىن»نى قىرائەت قىلدى. ئەتراپ يەنە تىمتاس بولۇپ كەتتى. خانىش قىلىچخان، ئىلىكخان، ئىلزادبەگلەرمۇ جىمجىت قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇشتى.

بەگيۈسۈپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ تۇرۇۋىدى، داۋان باغرىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئىلزادبەگ دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، سىپاھلار ئۆرتۆپە بولۇپ كەتكەن يەرگە باردى.

ــ نېمە گەپ؟ ــ سورىدى ئۇ بىر يۈزبېشىدىن.

ــ داۋاندىن چۈشكەن نىقابلىق قاراقچىلارنى تۇتۇۋالدۇق، ــ دېدى يۈزبېشى.

ــ قېنى ماڭا يول بېرىڭلار، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي، ــ ئىلزادبەگ سىپاھلارنى ئىككى يانغا ئىتتىرىپ ئالدىغا ئۆتتى. يۈزلىرىگە نىقاب تارتىلىق ئوندەك چەۋەندازنى قاراۋۇل، ياساۋۇللار ئورىۋالغانىدى.

ــ سىلەر نېمە ئادەم، قەيەردىن كەلدىڭلار، قەيەرگە كېتىۋاتىسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.

ــ سىلەرچۇ؟ قايسى جاھانگىر[1] پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى، بارار مەنزىلىڭلار قايسى يۇرت؟ ئاۋۋال بۇ سوئالىمىغا جاۋاب بەرسەڭلار، ئاندىن كىملىكىمىزنى بىلىسىلەر، ــ دېدى ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ، ئۇچىسىغا قىزىل يوپۇق ئارتىۋالغان يۈزىدە نىقابى بار بىر چەۋەنداز ئاق قاشقا تورۇقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ.

چەۋەندازنىڭ زىل، نازۇك چىققان ئۈنىدىن ئەجەبلەنگەن ئىلزادبەگ:

---

[1] جاھانگىر ــ دۇنيانى ئۆز ئىلكىدە تۇتقۇچى.

— قايسى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى ئىكەنلىكىمىز بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. قەيەرگە كېتىۋاتقىنىمىزنى بىلىشىڭلارنىڭ ھاجىتى ھەم يوق ! سوئالىمىغا يەنە جاۋاب بەرمىسەڭلار، ئېتىڭلاردىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، تۇغۇلغىنىڭلارغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىمىز. قېنى ئېيتىڭلار، سىلەر نېمە ئادەم زادى؟ — دەپ ئاچچىقلاندى.

ئاق قاشقا ئۇستىدىكى چەۋەنداز تۇرۇپ قېلىپ، ھەمراھلىرىغا بىر قارىۋالدى ـ دە، سوغۇقلا جاۋاب بەردى:

— بىزنى پادىشاھىڭلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىڭ. قەيەردىن كەلگىنىمىزنى، كىملىكىمىزنى پەقەت ئۇنىڭغا دەپ بېرىمىز.

ئېلزادىبەگنىڭ كۆڭۈل كۆزى ئۇلارنىڭ يامان ئادەملەر ئەمەسلىكىدىن ئەقلىگە بېشارەت بەردى.

— كەينىمدىن مېڭىڭلار ! — دېدى ئۇ.

چەۋەنداز ئۇنىڭ كەينىدىن تىزگىنىنى تارتىپ ـ تارتىپ ئېتىنى ئاستا ماڭدۇردى. چىنار دەرىخى كۆرۈنگەندە بىردىن ئېتىنى توختىتىپ يەرگە قەدەم باستى.

دۇئا قىلىپ بولۇپ قەبرىنى سىلاپ ئولتۇرغان بەگيۇسۇپ ئۇنى كۆرگەندە نېمە ئۈچۈندۇر ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ تۇرۇپ كەتتى. «كىمدۇ بۇ؟ ئەجەب تونۇشتەك قىلىدا !...»

ئېلزادىبەگ ئۇلارنى كۆرسىتىپ ئېغىز ئاچقۇچە نىقابلىق چەۋەنداز بەگيۇسۇپكە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۆگۈ بىلگە ھەزرەتلىرى، ئامان تۇرۇپلا. پېقىر بۇ چۆل ـ جەزىرىدە جانابلىرىغا ئۇچراشتۇرغان تەڭرىمدىن مىننەتدارمەن.

بەگيۇسۇپنىڭ يۈرىكى زىڭڭىدە قىلىپ قالدى. «شۇ، ئۆزى شۇ، ئەجەبا...»

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، دىلدارىمكە، مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن، — ھاياجانلانغان بەگيۇسۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ جاۋابەن سالام بەردى.

بېشىنى قەبرىدىن كۆتۈرگەن بوۋىئايىشە ئورنىدىن تۇرغىنىچە ئىتتىك بىرىپ دىلدارىكە بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە قولىدىن يېتىلەپ ئەمچى قىز ـ چوكانلار چېدىر تىكىۋاتقان چىمەنلىككە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ھەيران بولغان دىلدارىكەنىڭ ھەمراھلىرى قەدەم قويىدى. قىلىچخانىمۇ تونۇدى. «بۇ ئاتاساغۇن خېنىمغۇ...» ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن قوپتى...

ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان، ئېلزادبەگ ۋە باشقا سۇباشىلار بەگيۇسۇپكە ئەجەبلىنىپ قاراشتى.

— كىم بۇ بۆگۈ بىلگە، ئايالدەك قىلىدىغۇ؟ — دېدى ئېلىكخان.

— شۇنداق، ئالىيلىرى. بۇ ئاتاساغۇن دىلدار ئاغىچا خېنىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىكەن، — بەگيۇسۇپ ئۇنى تونۇشتۇردى.

— ھە، بىلدىم! ئۆتكەندە قۇزئوردۇغا كەلگەن ئاتاساغۇن قىز مۇشۇ ئىكەن ـ دە. چەۋەندازدەك ياسىنىۋالغىنىدا چوقۇم بىر گەپ بار، — ئېلىكخان سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. بۇ قاراشتا «سۆزلىشىپ باقسىڭىز. بەلكىم بۇ ئاتاساغۇن خېنىم بىزنى پايدىلىق مەلۇمات بىلەن تەمىن ئېتەر» دېگەن مەنە بارلىقىنى سەزگەن بەگيۇسۇپ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئەمچى قىز ـ چوكانلارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار چېدىر تىكىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. بەگيۇسۇپنى كۆرگەن دىلدارىكە ئورنىدىن قوپتى. ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى قارا نىقاب يوشۇرغانىدى.

يىللاردىن بېرى دىدارىنى بىر كۆرۈشكە مۇشتاق بولۇپ كەلگەن بەگيۇسۇپ تۇمۇر دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ، جەسۇر چەۋەندازغا ئايلىنىپ قالغان بۇ قىزنى ئۇچراتقاندا ۋۇجۇدى ئوت ئېلىپ كەتتى. يىگىرمە يىلدىن بېرى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كېلىشىدە، ئاقىبەتتە ۋاپادار مەھبۇبىنىڭ بارلىقى ئاساسىي سەۋەب بولغانىدى. بىر ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئايال

زاتىغا ئاشىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، ياقتۇرۇپ قېلىشى، كۆڭلى چۈشۈپ، شېرىن ئويلاردا بولۇشىنى چەتكە قاقالى بولمايدۇ. بەگيۈسۈپنىڭ ئاشۇ نەۋقىران چېغىدا دىلدارىكەنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقى راست ئىدى. ئاقىۋىراغا چىن قەلبىدىن مەپتۇن بولغان بۇ ۋاپادار يىگىت ئۇنى قەلبىگە قانداقمۇ سىغدۇرسۇن؟! قەلبىدىن ئورۇن بەرمىگەن بولسىمۇ خىيال قەسىرىدىن چىقىرىۋېتەلمىگەنىدى. ئاقىۋىرا قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۆمۈرۋايەت بويتاق ئۆتۈشكە ئىرادە باغلىغانىدى، لېكىن بالاساغۇنغا بىللە كەلگەن دىلدارىكە، پەزىلىتى، نازاكىتى بىلەن ئۇنى مەيلىگە قويمىدى. ئاقىۋىرا جاي تۇتقان دىل قەسرىنىڭ يېپىق ئىشىكىنى تىنماي قېقىپ ئاچتۇردى. بەگيۈسۈپ هايات مەشۇقىگە ئاشىق بولدى. شۇڭا، تەقدىم قىلغان كىتابىغا ئاشۇ ئۈچ جۈملە يۈرەك سۆزىنى يېزىپ قويغانىدى. بۇنى ئوقۇپ، يادلاپ ئۈمىد بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان قىز مانا بۇ قېتىم ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالغاندا بەگيۈسۈپكە يەنە جامالىنى كۆرسەتمىدى... ھەتتا كېلىپ كۆرۈشۈپ يېنىدا ئولتۇرغان خانىش قىلىچخاندىن تارتىنىپ ئېغىزمۇ ئاچالمىدى. بۇنى سەزگەن بۇۋئايىشە:

— ئاتامنىڭ سىلى بىلەن سۆزلەشكۈسى باردەك قىلىدۇ، ئابا، مەن خىلۋەترەك جايغا باشلاپ باراي، — دەپ كۈن نۇرى ئويناپ تۇرغان بۇلاق بويىغا ئۇلارنى ئېلىپ باردى. ياپراقلىرى تېخى سارغايمىغان مەجنۇنتاللار بۇلاققا سايە تاشلاپ يەلپۈنمەكتە. شاخ ئۇچىدا بىر بۇلبۇل چاخىلداپ سايراۋاتاتتى...

ئارقىدىنراق كەلگەن بەگيۈسۈپ ئۇلارنىڭ قارشىسىدا ئولتۇردى.

— مەن ئەمچى قىزلارنىڭ يېنىدىراق بولاي، ئاتا، — دەپ ئورنىدىن تۇرغان بۇۋئايىشە ئىتتىك كەتتى. بەگيۈسۈپ ئېغىز ئاچقۇچە دىلدارىكە ئەھۋال سوراپ، ئاندىن دېدى:

— بۇۋئايىشە خېنىم چىداملىق، غەيرەتلىك ئانا بولۇپ

يېتىشىپتۇ، بەگيۇسۇپ، ئۇنىڭ نارەسىدە بالىلىرىنى قويۇپ، ئەمچى قىز ـ چوكانلاردىن قوشۇن تەشكىللەپ، ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىشقا قاتناشقانلىقى — ئۆز بۇرچىنى چۈشەنگەن ۋە ئۇنى ئادا قىلغان ئەلسۆيەر ئانا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەن ناھايىتى تەسىرلەندىم. ئاتلىق ئەجىرلىرى زايە كەتمىگىنىدىن مەمنۇن بولغانلا؟

— ئەلۋەتتە، بۇ قىزىم شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچىمدىن چىقالىدىكى، ئۇ ھەرقانداق ئازاب ـ ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، سەۋرلىك، چىدامىلىق ۋاپادار بىلگە خاتۇنىنىڭ① تەربىيەسىگە ئىگە بولدى. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش، — بەگيۇسۇپ گەپنى ئەگىتىپ دىلدارىبىكەدىن ناھايىتى مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئىككىيلەننىڭ شولىسى بۇلاق سۈيىدە گاھ يېقىنلاپ، گاھ يىراقلاپ، گاھ قوشۇلۇپ، گاھ يوقىلىپ كېتەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇراتتى. ھەر ئىككىيلەن يەنە نېمە دېيىشنى بىلمەي قېلىشقانىدى. بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىمۇ بارغانسېرى يېقىملىق، مۇڭلۇق بولۇپ كەتتى. دىلدارىبىكە بەگيۇسۇپكە سەپسېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نۇرغۇن سوئال بارلىقىنى، سورىيالماي ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرغىنىنى تۇيۇپ سۆزگە كىرىشتى:

— نېمە ئۈچۈن ئەرەنچە ياسىنىپ بەدەلئارت داۋىنىدىن ئاشقانلىقىمنى مۇشۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ بىلگۈسى كېلىۋاتقاندۇ؟ بۇنى بۇرۇنراق ئېيتىپ بەرسۇن، دەپ تەڭرى بىزنى مۇشۇ يەردە ئۇچراشتۇرغان بولسا كېرەك، — ئۇ مۇڭسۇز بىلەن زىنداندا تونۇشقان ۋاقتىدىن باشلاپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ دېدى، — مۇڭسۇز دېگەن بۇ ئىككى پۈتلۈك ۋەھشىي ھايۋان ئىبراھىم تېگىنگە جاندارلارباشى بولغاندىن بۇيان ناھايىتى

① بىلگە خاتۇن — دانىشمەن ئايال (مەلىكە). بۇ يەردە دىلدارىبىكەنى دېمەكچى.

كۆرەڭلەپ كەتتى. بىزنىڭ قورۇغا تولا كېلىدىغان بولدى. ھەر قېتىم كەلگەندە ئالتۇنغا ھېرىس بۇ ئەبلەخنىڭ ئالىقىنىغا تىللا سېلىپ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ يولغا سالدىم. ئۇ قاپۇغچى باشى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاتا ـ ئانامغا مېنى سوراپ ئەلچى كىرگۈزدى. «ياق» دېسەك بۇ ياۋۇزنىڭ بېشىمىزغا چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ «ماقۇل» جاۋابىنى بەردۇق. توي كۈنىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ئاتا ـ ئانام، ئاكام بەگتاش خېلىل بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، تارىقچى سىياقىدا ياسىنىپ ئوردۇكەنت دەرۋازىسىدىن سالامەت چىقىۋالدۇق. كېچىچە ئارتۇچ مەشھەدكە بېرىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ ھۇجرىلىرىغا ئورۇنلىشىۋالدۇق. ئەتىسى بەگتاش خېلىل ئاكامنىڭ دەۋىتى، ئاتا ـ ئانامنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شاگىرتلىرىم، دېدەكلىرىمنى ئېلىپ يولغا چىققاندىم. ئون بەش كۈن يول يۈرۈپ، بەدەلئارت داۋىنىدىن ئۆتۈپلا سىلەرگە ئۇچراپ قالدۇق. سىلى بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشىمنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم، — دىلدارىبىكە سۆزىنى توختاتتى، كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئېسەدەپ كەتتى.

— نېمىشقا يىغلايلا، دىلدارىبىكە. بۇ قۇتلۇق ئۇچرىشىش بولدىغۇ؟ ! ماڭا نۇسرەتتىن بېشارەت بەرگىلى كەلگەن پەرىشتىدەك كۆرۈنۈپ كەتتىلە. يىغلىماي شۈكۈر قىلىسىلا. بۇ يەردە دىدار كۆرۈشۈپ قېلىشىمىز — تەقدىر، — بەگيۈسۈپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىككى يىلدىن بېرى ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشمىگەن بولسىمۇ، بۇ زېمىنىمىزدا كۈتمىگەن ئۆزگىرىشلەر، قانلىق پاجىئەلەر يۈز بەردى. ئاسىي قارا نىيەتلەر تەختنى ۋاقتىنچە تارتىۋالدى. ئەمما، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى سۆيگۈچى ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز، يىگىرمە تۆت ئۇرۇقتىن ئىبارەت مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى. ھەممىدىن قىممەتلىك بولغان غۇرۇرىنى يوقىتالمىدى. بەندىلىك ئەركىنى، ئىنسانىي ھوقۇقىنى تارتىۋالالمىدى. بىز ئەنە شۇ ئاسىي قارا نىيەتلەرنى جازالاش

ئۇچۇن لەشكەر باشلاپ ئوردۇكەنتكە كېتىۋاتىمىز، دىلدارىبكە. ئېيتسىلا، ئوردۇكەنتتە سىپاھلار كۆپمۇ؟

— ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، ئىبراھىم تېگىن، بوزاغۇلار بارلىق سىپاھلارنى دېگۈدەك توققۇز تۇغ ئاستىغا توپلاپ بارسغانغا ئېلىپ كېتىپتۇ. جانقورغان، قورغان، دۆلەتباغ، ئوپالدىكى تۇرالار بوش قاپتۇ. پەقەت ئوردا ياساۋۇل، قاراۋۇللىرى، تۇرغاق، ياتغاقلار، قوۋۇقلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى نۆكەرلەردىن ئىبارەت بىرنەچچە مىڭلا سىپاھ قاپتۇدەك. ئوردا ئىشلىرى قۇمارىبىكەنىڭ ئەمرى بىلەن بېجىرىلىۋېتىپتۇ. پېقىرەنى ئىزدەپ تېپىپ تۇتۇش ئۇچۇن پۈتۈن ئوردۇكەنتنى ئالا قويماي ئاقتۇرىدىغان بولغاچقا، تېز يولغا چىقىپ كېتىپ باشقا ئىشلاردىن خەۋەر تاپالمىدىم. يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمنىڭ راستلىقىدا شەك يوق، كىشى قارا.

— بۆگۈ بىلگە، كىشى قارا، دەپ ئوغايسىزلاندۇرۇپ قويۇۋاتىلا، دىلدارىبكە. مەنمۇ ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم، دەپ ئاتىمىغاندىن كېيىن، سىلىمۇ مېنىڭ ئېتىمنى ئاتاۋەرسىلە خۇش بولمەن ئەمەسمۇ؟ — بەگيۇسۈپ كۆڭلىدىكىنى دەۋەتتى.

بۇرۇندىن سىزلەپ گەپ قىلىدىغان بەگيۇسۈپنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك، يېقىنچىلىق بىلەن «سىلى» دەپ ئاتىغىنىدىن ۋۇجۇدىغا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان بىر ئىللىقلىق تارىغان دىلدارىبكە سۈزۈك بۇلاق سۈيى بىلەن كۆز يېشىنى يۇيۇۋەتتى.

— بۇ جاھاندا ھەزرەتلىرىدىن ئارتۇق دانا پىكىر ئىگىسى يوق، دەپ بىلىدىغان بىر ناتىۋان قىز ئۇچۇن سىلى بۆگۈ بىلگە، كىشى قارا بولماسلىقلىرى مۇمكىنمۇ؟

ھەم سەممىيەت ھەم تەنە بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز بەگيۇسۈپنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ خىيال دۇنياسىدا يىگىرمە يىلدىن ئىبارەت ئۇزاق جەرياننى نەچچە قېتىم كېزىپ چىقتى. بىر يىل سۆزلەشسىمۇ يۈرەك سۆزلىرىنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىلتىجا قىلغان تەرزدە دېدى:

— مەن يەنىلا ئىسمىمنى ئاتاشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. پادىشاھ ئۇچۇنمۇ، پۇقرا ئۇچۇنمۇ، ئالىم ئۇچۇنمۇ، زالىم ئۇچۇنمۇ، باي ئۇچۇنمۇ، گاداي ئۇچۇنمۇ ئۆز ئىسمى ھەممىدىن قەدىرلىك ۋە ھەممىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

— ماقۇل، بەگيۇسۇپ، مەن بۇ ئىسمىنى يىگىرمە يىلدىن بېرى كۆڭلۈمدە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

— ئۇھ! ... بۇ سۆزلىرى بىلەن ئاقىۋىرا قازاغا يولۇققاندىن بۇيان يېرىم بولۇپ قالغان كۆڭلۈمنى پۈتۈن قىلدىلا. ئەمدى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان ھالدا ئوردۇكەنتكە ئاياغ باسىدىغان بولدۇم، دىلدارىمكە. سىلى ماڭا غەلىبىدىن بېشارەت بەردىلە، — دەپ ئورنىدىن تۇرغان بەگيۇسۇپ كەتمەكچى بولدى.

— بارسىلا، ئېلىكخان سىلىنى كۈتۈپ قالدى. مەنمۇ ئىتىمنى ئارقىغا بۇرايدىغان بولدۇم.

بەگيۇسۇپ مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى ئەگدى - دە، بوستانلىق تۆپىلىككە ئاددىيلا قىلىپ تىكىلگەن خانتوي ئالدىغا كەلدى. ئىران گىلىمى ئۈستىگە سېلىنغان بۆرە تېرىسىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئېلىكخان قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن ئۇنى كۆرۈپ چاقىردى. بەگيۇسۇپ كىرىپ، دىلدارىمكەدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— ئوردۇكەنتكە قانچە تېز يېتىپ بارساق، شۇنچە تېز نۇسرەت قازىنىمىز ئالىيلىرى، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ئەتە سەھەردىلا ئاتلىنايلى، — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

بەھۇزۇر تاماقلىنىپ، ئوبدان ئارام ئالغان قوشۇن سەھەردىلا داۋانغا ياماشتى. كۈن داۋان تۆپىسىگە نۇر چاچقاندا، ئۇلارمۇ داۋان ئۈستىگە چىقتى.

ئىتىنى ئارقىغا بۇرىغان دىلدارىمكە بۇۋىئايىنىشە، قىلىچخان بىلەن بىللە بەگيۇسۇپكە ھەمراھ بولۇپ، ئوردۇكەنتكە يۇرۇش قىلماقچى بولغىنىدىن ئۆزىنى سائادەت ۋادىسىغا كېتىپ

بارغاندەك ھېس قىلىپ روھلاندى. ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەسلىشىپ داۋاندىن چۈشكەندە تۇرسۇنبەگ ئاقساقال كۈتۈۋالدى. ئۇ دىلدارىكەنى كۆرۈپ:

— ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم، ئارقىلىرىغا يېنىپلىغۇ؟ — دېدى ھەيران بولۇپ. ئۆزى داۋاندىن چۈشۈرۈپ قويۇپلا قايتىپ كەتكەچكە، ئۇنى خېلى يەرگە بېرىپ قالغاندۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

— ئالدىمغا يەنە مېڭىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى تۇرسۇنبەگ ئاغا، ئەمدى ئوردۇكەنتكە قايتىشىم زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ئاقساقال بەگيۇسۇپلەر بىلەن كۆرۈشكەندە، دىلدارىكەنىڭ ئارقىسىغا بۇنچە تېز يانغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدى.

— قارا نىيەت ئاسىيلارنى جازالاشقا بۇ ئوغۇللىرىمىز قاتناشسۇن، بەگيۇسۇپ ھەزرەتلىرى، — دەپ ئەللىك تۆگىگە ئارتىلغان ئاشلىق بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئۇلارغا قېتىپ قويدى.

ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان ئۆز قوشۇنلىرىنى ئۈچتىمۇ توختاتماي تېز ماڭدۇردى. ئۇ قەشقەرگە بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق يېتىپ بېرىپ، مەرھۇم ئاتىسىنىڭ روھىنى خۇش قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

## 2

ئوردىنىڭ چار بېغىدىكى كۆلنىڭ بويىغا ياسالغان شاھ سۇپىدا، ئۈچ قات كۆرپىدە سوزۇلۇپ دۇم ياتقان قۇمارىبىكە ماموق ياستۇققا باش قويغانىدى. بىر كېنىزەك ئىللىق كۆز ئاپتىپى چۈشۈپ تۇرغان ئۈچىسىنى تۇتۇۋاتاتتى.

بېشىغا گۈلدار ياغلىق سېلىپ، ئېگىكى ئاستىدىن چىگىۋالغان، قوشۇما قاش، بويلۇق كەلگەن كېنىزەك لەيلەتمىگە چىقىپ قالغان بىلىقتەك سوزۇلۇپ ياتقان قۇمارىبىكەنىڭ تاپىنىدىن بېشىغىچە تولا تۇتۇپ، قوللىرى تالدىمۇ، سىلكىپ ـ سىلكىپ جىم بولۇپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ مەرەز ! ئۇخلاپ قالمىغان بولساڭ سۆڭگۈچۈمنى ئۇۋۇلا. ئۇ يېرىم بەك ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. مۇجۇماي ئۇۋۇلا — ھە ! ھە، شۇنداق ئۇۋۇلا !

— ئالتۇن تارىم خۇش يېقىمۋاتامدۇ؟ يەنە قەيەرلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويااي؟

— ھە، ئەمدى تېقىملىرىمنى ئۇۋۇلاپ قوي. ئۇزۇكلىرىڭنى يۇمران تېنىمگە پاتۇرۇۋەتمىگىن جۇمۇ. ئاۋۋال بىر جام شاراب قۇيۇپ بەر.

— باش ئۈستىگە، قۇنچۇي خېنىم، — كېنىزەك شاراب قۇيۇپ بېرىپ، قوللىرىدىكى كۇمۇش، ئالتۇن ئۇزۇكلەرنى ئېلىۋەتتى ـ دە، قۇماربېسكەنىڭ تاشتەك ئۇيۇل، ئۆپكىدەك يۇمران يوتىسىنىڭ ئاستى ـ ئۈستىنى ئۇۋۇلاشقا تۇتۇندى. قوللىرى بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ، ئۇنىڭ نازۇك سەزگۈلىرىنى غىدىقلىدى.

— ۋايجان ! ئەجەب خۇشياقتى. سەن بەك ئوبدان جۇمۇ ئاپپىقىم. قوللىرىڭ ھەم يۇمشاق ھەم ئوتلۇق. ھە ـ ھە، توختاپ قالماي ئۇۋۇلا، جايىنى تاپتىڭ، — دەپ تولغىنىپ ئوڭدا بولدى قۇماربېسكە، — ئەمدى سىلاپ قوي، — ئۇ خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئويناتتى. قىزىل مەخمەل جىلىتكىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتتى. بىنەپشە رەڭ گۈللۈك يىپەك كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ چوقچايغان كۆكسىنى كېنىزەككە تۇتقۇزۇپ قويدى.

— قاق ـ قاق ! — قاغىنىڭ سەت ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇ تولڭ قاغا ئەجەب كەيپىمنى ئۇچۇردى. مېنى قەسرىمگە ئەكىرىپ قوي، — دېدى ئۇ كېنىزەكنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، — كۆزنىڭ ئاپتىپى نېمىدېگەن راھەت ـ ھە !

— كىرىپ كەتمىسىلە، خانىش ئالىيلىرى. قاغىنى مەن ئۇچۇرۇۋېتەي، — كېنىزەك قەسىر تېمىغا قونۇپ قاقىلداۋاتقان قاغىغا قاراپ قويدى.

— ئۇچۇرۋەتسەك يەنە كېلىدۇ. ئۇ شۇنداق مەرەز، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك، قارىقۇمچىقىم. مېنى كۆتۈرۈپ قەسرىمگە ئېلىپ كىر، — قۇمارىبىكە ئۇنىڭ بېلىگە ئىككى پۇتى بىلەن چەمبەر سېلىۋالدى.

سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەن تەنىنى باغرىغا تاڭغان كېنىزەك ئۇنىڭ بۇيرۇشى بىلەن قەسىر پېشايۋانىغا دەسسىتىپ قويدى.

— يۇگۇر، يانى بىر ئوقى بىلەن ئېلىپ چىق!

— خوپ، خانىش ئالىيلىرى.

كېنىزەك بىر تال ئوقى بىلەن يانى ئېلىپ چىقتى.

قۇمارىبىكە بەتلەپ ئېتىشىغا، قاغا ئۇچۇپ كەتتى.

— بۇ چاغقىچە ئاتقان ئوقۇمنىڭ بىرىمۇ زايە كەتمىگەنىدى. ئەجەب تەگمەي قالدى، ئوق بەر!

— بۇيرۇقلىرى بويىچە بىر تاللا ئېلىپ چىققانىدىم، ئالتۇن تارىم.

— يەنە ئون تال ئېلىپ چىق!

— باش ئۇستىگە ئالىيلىرى.

كېنىزەك بىر باغلام ئوق ئېلىپ چىقتى.

قۇمارىبىكە يانى بەتلەپ ئارچا دەرىخىگە قونۇپ تۇرغان پاختەككە ئاتتى. پاختەك ئۇچۇپ كېتىپ، ئوقى شاخقا سانجىلىپ قالدى.

— يەنە بىر تال بەر!

— باش ئۇستىگە، — كېنىزەك ئوقنى سۇنۇپ بەردى.

قۇمارىبىكە قەسىر ئىشىكىنىڭ بالايېشىدىكى ئۇۋىسىدا باللىرىنى باغرىغا بېسىپ ياتقان قارلىغاچقا قارىتىپ ئاتتى. باغرى قانغا بويالغان ئانا قارلىغاچ يەرگە پىرىلداپ چۈشتى. تېخى ئۇچۇرما بولمىغان ئىككى بالىسىمۇ پوككىدە چۈشۈپ تېپىرلاپ جان بەردى.

— ئوق بەر!

— مانا ئالىيلىرى.

قۇماربىكە ئوقنى ئېلىپ، پېشايۋان تۈۋرۈكىگە ئېسىپ قويغان قەپەستىكى شاتۇتىغا ئاتتى. بىچارە قۇش قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ ــ پالاقشىتىپ قونداقتىن يىقىلدى. قەپەس قانغا بويالدى.

ئۇ باشقا تۈۋرۈكلەرگە ئېسىپ قويۇلغان قەپەسلەردىكى تورغاي، تۇمۇچۇق، قارىغوجىلارنىمۇ ئوق ئۈزۈپ ئۆلتۈردى.

ــ خانىش ئالىيلىرى، ئەمدى بولدى قىلىسىلا. ئەتىۋار قۇشلار ئۆلۈپ تۈگىسە، نېمە بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىلا؟ ــ كېنىزەك قۇماربىكەنىڭ قولىدىن يانى تارتىۋالدى ـ دە، ئۇنى كۆتۈرۈپ خانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، ماموق كۆرپىگە ياتقۇزدى.

ــ شاراب قۇيۇپ بەر!

كېنىزەك شاراب قۇيۇپ بەردى.

قۇماربىكە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قەدەھ ئىچىپ ئورۇندىسىغا ياتتى.

ــ كىيىملىرىمنى سالدۇرۇۋەت!

كېنىزەك ئاۋۋال ئۇنىڭ جىلىتكىسىنى، ئاندىن كۆڭلىكىنى سالدۇردى.

ــ ئىشتىنىمنىمۇ سالدۇرغىن!

ئۇ شۇنداق قىلدى.

ــ سەنمۇ يېشىن.

كېنىزەك يېشىندى. ئۇ ئايال ئەمەس، ئەر ئىدى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن «ئەر كىشىمۇ كېنىزەك بولامدۇ؟» دەپ ھەيران بولماڭ. بىلمەكچى بولسىڭىز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

ئىبراھىم تېگىن بۇغرا قاراخان بولۇپ ئۈچ ئايغىچە نەپسىنى بېسىپ تاق ئۆتۈپ كەلگەن قۇماربىكە تۆتىنچى ئايغا قەدەم قويغاندا چىدىيالماي قالدى. ئويلا ـ ئويلا، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان بىر تەدبىرنى ئىشقا ئاشۇردى: ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قۇل بازىرىغا بارغان كېنىزەك توقمۇش ئۈچ كۈنگىچە ئوردىغا قايتماي بىر ئەر قۇلنى تاللاپ سېتىۋالدى. ئۇنى ئايالچە

كىيىندۇرۇپ ھەرەمگە ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ چېھرىگە كۆز سالغان قۇماربىكە ياراتمىغاندەك قىلىپ:

— ئۆڭى ئاق، ياكى سېرىقى يوقمىكەن؟ — دەپ ئاچچىقلاندى.

— بار ئىكەن، ئالتۇن تارىم، لېكىن بۇنىڭچىلىك تەمبەل، جۇرئەتلىك ئەمەس ئىكەن. نەچچە كۈن قۇل بازىرىنى ئارىلاپ تاللىغىنىم مۇشۇ بەدرەڭ بولدى. خىزمەتلىرىگە سېلىپ كۆرسىلە چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىلا. ئۇ ئۇيغۇرچىنى تولۇق بىلمەيدۇ. ئەرەبچە سۆزلەشكەيلا.

«ھە، سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ بېقىپتىكەنسەن - دە، جۇۋاينىمەك، بىلدىم...» دەپ ئويلىغان قۇماربىكە قۇلنى شۇ ئاخشاملا خىزمىتىگە سالدى ۋە ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالدى. ئەتىسى ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش كىيىمىنى سوۋغا قىلدى.

— رومالنى بېشىڭدىن ئالما. ساقال - بۇرتۇڭنى ھەر كۈنى سەھەر ئېلىشنى ئۇنتۇما، — ئۇنىڭ دەسلەپ قىلىپ دېگىنى ئەرەبچە مۇشۇ ئىككى جۈملە سۆز بولدى.

— ئەلۋەتتە، ئەمرلىرىنى ئورۇنلايمەن، خانىش ئالتۇن تارىم. ئالىيلىرىنى ھەرگىز خىجالەتچىلىكتە قويمايمەن، — دېدى ئۇ تەزىم قىلىپ.

قۇماربىكە ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكىدەك سوئال - جاۋاب بولدى:

— ئېتىڭ نېمە تايچىقىم؟

— سام، ئالىيلىرى.

— قايسى قوۋمدىن سەن؟

— ھەبەش قوۋمىدىن.

— يۇرتۇڭ نەدە؟

— مەغرىب تەرەپتە. مىسىرغا يېقىن، بۇ يەردىن بەك يىراق.

— ئۆيلەنگەنمۇ سەن.

— ئۆيلەنگەندىم، بىراق شۇ يىلى...

— نېمە بولدى، خوتۇنۇڭ ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟ — سورىدى قۇماربىكە.

— ياق، خوتۇنۇم ئۆلۈپ كەتمىدى. ئۇ ئېغىر ئايىقالغانىدى خالاس...

— ئەمىسە نېمە بولدى، ئۇنى قاراقچى ئېلىپ قاچتىمۇ يا؟ — يەنە ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى.

— خوتۇنۇمنى ئەمەس، قاراقچى مېنى ئېلىپ كەتتى. بەختىمنى نابۇت قىلدى، ئالتۇن تارىم.

— نېمە، قانداق بولۇپ قاراقچىغا ئۇچراپ قالدىڭ؟

— بۇ ھەم قىزىق ھەم ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتە، خانىش.

— سۆزلىگىن، سۆزلەۋەر، ئاڭلىغۇم بار.

سام قۇماربىكەنىڭ قوللىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ سەرگۈزەشتىسىنى باشلىدى:

— مېنىڭ ئاتام باي سودىگەر ئىدى. ھەر يىلى پەرەڭلەر مەملىكىتىگە بېرىپ مال ئەكېلىپ ساتاتتى. مېنى ئۆيلەپ قويغان يىلى ئاتام: «ئەمدى سەن چوڭ بولدۇڭ، كارۋانغا قېتىپ قوياي. رۇمدىن مال ئېلىپ كېلىپ دۇكان ئاچقىن. مۇستەقىل ھاياتىڭنى باشلا» دەپ كارۋانغا قوشۇپ قويدى. رۇمغا باردىم. كاتتا شەھەر ئەزىم ئىكەن. مال سېتىپ، مال ئېلىپ بىر ئاي تۇردۇم. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ رۇم گۈزەللىرى بىلەن بىللە يۈيۈندۈم. مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ئادەم ئۈچۈن نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنىمۇ بىلدىم. كارۋان يولغا چىقماقچى بولغاچقا، نائىلاج رۇمدىن ئايرىلىشقا توغرا كەلدى. بولمىسا ھەممە مال - مۈلكۈمدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتىم. تاغار - قاپلارغا سىغماي قالغان مېلىمدەك، خۇشاللىقىممۇ ئىچىمگە سىغماي قالغانىدى. يول يۈرۈپ بىر ئاي بولغاندا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قالدۇق. مال ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشتۇق. يېرىمىمىز ئۆلۈپ، يېرىمىمىز ئەسىر چۈشتۇق. قاراقچىلار ياشلارنى تاللىۋېلىپ، قېرىلارنى

ئۆلتۇرۇۋەتتى. باغداتقا ئېلىپ بېرىپ، بىردىن، ئىككىدىن سېتىشقا تۇتۇندى. مېنى يەنە ئىككىيلەن بىلەن بىر قۇل سودىگىرىگە ساتتى. ئۇ قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى. ئىككى يىل باغ ۋە ئېتىز ئىشلىرىغا سېلىپ مانا بۇ يىل مېنى ئالىيلىرىنىڭ كېنىزىكىگە سېتىپ بەردى. ئەمدى يەنە قانداق ئازاب ـ ئوقۇبەتكە قالارمەن، دەپ تەقدىرىمدىن ئەنسىرەپ تۇرسام، تەڭرى مېنى ئۆزلىرىگە ئۇچراشتۇردى، مەلىكەم. ئادەمنىڭ تەقدىرى ئاجايىپ بولىدىكەن. چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئوڭۇم ئىكەنلىكىگە ھېچ ئىشىنەلمەيۋاتىمەن. ئەگەر مۇستەقىل ياشاشقا قەدەم قويمىغان بولسام، بۇنداق ئاجايىپ كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرمىگەن ۋە ئالىيلىرىدەك نازىنىن مەلىكىنىڭ كېنىزىكى بولالمىغان، راھەتكە چىقمىغان بولاتتىم.

قۇمارىبىكە قاقاھلاپ كۈلدى. ئۇ ئىبرى ئۆلگەندىن بېرى بۇنداق كۈلمىگەنىدى. ئوغلى تەختكە چىققان كۈنىمۇ ئەندىشە ـ غەم بىلەن بولۇپ بۇنداق خۇشال بولمىغانىدى. ئۇ سامىنىڭ قارامتۇل يۈزىدە پۈلتىيىپ تۇرغان لەۋلىرىنى شوراپ سۆيدى. ئەمدى ئۇنىڭغا بۇ قارا قۇل سەت كۆرۈنمىدى.

بۇ ۋاقىتچە ئۆزىنى پاك، نومۇسچان، ئالىيجاناب ھېسابلاپ كەلگەن قۇمارىبىكە كېنىزەك بولۇپ ھاجىتىمدىن چىقىۋاتقان بۇ ئەر قۇلنىڭ سېزىلىپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. شۇڭا، ئۇزاق يىللاردىن بېرى سادىقلىق بىلەن خىزمىتىنى قىلىۋاتقان باش كېنىزىكى توقىشنى كېچىسى زەھەر قوشۇلغان شارابنى ئىچۈرۈپ، ئۆلۈكىنى كۆرپىدە ياتقۇزۇپ قويدى. ئەتىسى كۆز يېشى قىلىپ: «ۋاپادار كېنىزەك ئىدى، ئۆمرى قىسقىلىق قىلىپ، كېتىپ قالدى» دەپ ھەسرەت چەككەن بولدى. ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا ئېغىز ئاچالمىدى. توقىش شۇنداق ئۈن ـ تىنسىز كۆمۈپ قويۇلدى.

قۇمارىبىكە كېچىسى سام بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، كۈندۈزى پەزىلەتلىك، نازاكەتلىك ئالتۇن تارىم، تۈركەن خاتۇن

بولـۇپ ھـۆكـۈم سۈرۈشـكـە باشلـىـغاندا، مـۇڭـسۇزنـىـڭ زورلـۇق قىلىشىغا، تەڭرىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىدى:

ئۇ كۈنى مۇڭسۇز دىلدارىبىكە بىلەن نىكاھلانماقچى بولۇپ، ئۆيىدىنمۇ، ئاتىسىنىڭ قورۇسىدىنمۇ ئۇنى تاپالماي، تەلپىكى يەرگە چۈشكەن كۈن ئىدى. ئەلپازى بۇزۇلۇپ گۆگۈم ۋاقتىدا ئوردىغا يېنىپ كەلگەن بۇ جاللات ھەرەمگە قاراپ ماڭدى. كېنىزەكلەرنىڭ توسۇقىنىغا قارىماي، ئۇدۇل قۇمارىبىكەنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىردى ھەم مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلگىنىنى باھانە قىلىپ، مەيخورلۇق قىلىۋاتقان «كېنىزەك» سامىنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى. ئىشىكنى تاقاپ كەلگىنىچە ئۈچ جام شاراب ئىچىپ، زۇۋان سۈرمەي، غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ئولتۇرغان خانىشنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ، چۈجىنى باسقان سادەك باستى. قۇمارىبىكە بۇ ئىزا ـ ئاھانەت، خورلۇققا چىداپ «ۋاي...» دېيەلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلەك ـ تامباللىرىنى تارتقۇچلاشتۇرۇپ يىرتىپ سالدۇرۇۋەتكەن مۇڭسۇز كۈرسۈككە كىرگەن قانجۇققا ئارتىلغان ئىتتەك يېپىشتى. قىينالغان، ئازابلانغان قۇمارىبىكە غىڭ قىلالمىدى...

مۇڭسۇز قانداق ئۆكتەملىك بىلەن كىرگەن بولسا، يەنە شۇنداق تەلۋىلىك بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇ دۇنيادا ئۆزىنى بىر چاغلايدىغان، بۇغرا قاراخانىمۇ بوي بەرمىگەن بۇ خانىش ئابىنچۇ خاتۇننىڭ تىلىنى تۇتۇق قىلىپ قويغانىدى...

ئەتىسى مۇڭسۇز ئىبراھىم تېگىن، بوزاغۇ، دوقاقبەگلەر بىلەن توققۇز تۇغلۇق لەشكەرنى ئېلىپ، بارسغانغا يۈرۈپ كەتتى. ئەلەم ۋە خورلۇقتىن روھى چۈشكەن قۇمارىبىكە «مىجەزىم يوق» دەپ ئۇلارنى ئۇزىتىپمۇ قويالمىدى. ئۆلگۈدەك خورلاندى، ئازابلاندى. يىرتىلغان كىيىملىرىنى پارە ـ پارە بۆلۈپ تەرەت لاتىسى قىلدى. بىر ھەپتە ئورۇن تۇتۇپ ياتتى. شۇ كۈنلەردە سامىنىمۇ يېنىغا كىرگۈزمىدى. كېيىن...

شەھۋەتخور ئادەملەر يۈز بەرگەن سەتچىلىكنى يوشۇرۇش

ئۇچۇن ئۆزىنى ھايالىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، ئولتۇرغان ــ قوپقان يېرىدە زىناخورلارنى ئەيىبلەيدۇ، سۆكىدۇ. بىر ھەپتە «ئاغرىپ ساقايغان» قۇمارىبىكە تولىمۇ تەقۋا بولۇپ كەتتى. مەرھۇمە توقىشنىڭ ھازىسىنى تۇتۇپ بېشىدىن ئاق رومالنى ئالمىدى. ھازىلىق كىيىمىنى سالمىدى. ئەرلەرنىڭ چىرىگە قارىماسلىقنى، ئەرلەر بىلەن سۆزلەشمەسلىكنى كېنىزەك ــ دېدەكلىرىگە تاپىلاپ تۇردى. ئەمما، كېچىسى سامنى ھەمراھ قىلىپ يېتىۋەردى.

سام قۇمارىبىكە بىلەن مۇڭسۇز ئوتتۇرىسىدا ئۆتۈلگەن سەتچىلىكنى بىلگەن بولسىمۇ، بىلمەسلىككە سېلىپ ئۈن چىقمىدى. چۈنكى، ئۆزى بىلەنمۇ بۇ خانىش ئوتتۇرىسىدا كۈندە شۇنداق سەتچىلىك ئۆتۈلەتتى. پەقەت ئىختىيارلىق ۋە خالاش بىلەن بولغانلىقىدىلا پەرق بار ئىدى، خالاس.

ئوغلى ئىبراھىم تېگىن ئارسلانخان ئۇنۋانى بىلەن بۇغراخانلىق تەختىگە چىققاندىن بۇيان، دۆلەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا چاڭگال سېلىۋالغان قۇمارىبىكە يۇغرۇش، ھاجىپلارنىڭ ئۆز ئالدىغا خىزمەت بېجىرىشىگىمۇ يول قويماي كېلىۋاتاتتى. ھەتتا ئوغلى ئىبراھىم بۇغراخانمۇ ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، يارلىق، پەرمانمۇ چاكارلىيالمايتتى. ئەمەلىيەتتە مەملىكەت خاقانى ئىبراھىم تېگىن ئەمەس، قۇمارىبىكە ئىدى. مۇھەممەد ئارسلانخان، ھۈسەيىن ئارسلانخانلارنى ئۆلتۈرۈشنى ئۇ پىلانلىغاندەك، بارسغانغا يۈرۈش قىلىشنىمۇ ئۇ پىلانلىغانىدى. بارسغانغا دوقاقبەگنى ئېلىكخان قىلىش ئارقىلىق، بويسۇنمايۋاتقان جىمى ئارسلانخان، يابغۇلارنى ئۆزىگە تىز پۈكتۈرمەكچى ئىدى. شۇڭا، كېچە ــ كۈندۈز ئوغلىدىن خۇش خەۋەر كۈتۈپ، ھەرىمىدىن مىدىرلىمىدى. شىكار قىلىش ئۈچۈن ئاتۇش، ئوپالغىمۇ بارمىدى. ئۇ «كېنىزىكى» سام بىلەن كۆڭۈل ئېچىپلا چەكلىنىپ، پۈتۈن ھىيلە ــ مىكرىنى ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشكە سەرپ ئېتىپ

كېلمۋاتاتتى. ئۇ سودىگەر، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلاردىن ئالىدىغان باج ـ سېلىقنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەنىدى. ئوردۇكەنتنى ئىچىگە ئالغان قەشقەر دىيارىغا قاراشلىق يېزا ـ قىشلاق، بازارلارنىڭ ئاھالىسى بولغان ھەربىر دېھقان ئائىلىسىگە سېلىقتىن باشقا يىگىرمە چارەك بۇغداي، گۈرۈچ، بىردىن قوي ئالۋىنى سالدى. ھەربىر كەنتكە ئوندىن ئاتلىق لەشكەرنى قورال ـ يارىغى بىلەن ئوردۇكەنتكە دەرھال يەتكۈزۈپ بېرىش ئەمر قىلىندى. بۇ ئارقىلىق لەشكىرىي كۈچى ئاز قالغان پايتەختنى ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇمدىن مۇداپىئە قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى ۋە ئىبراھىم بۇغراخانغا ياردەم بەرمەكچىدى. ئەمما، شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى نارازىلىق كۈچىيىپ كېتىپ ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى ئورۇنلانمىدى. مانا شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قۇمارىبىكە ئۈمىدسىزلەنگەن، روھى چۈشكۈن ئوردا ئەمەلدارلىرىدا ئۈمىد پەيدا قىلىش ۋە ئۇلارغا ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويۇش غەرىزىدە، دۆلەت تەكىيخانىسىنىڭ زىياپەت زالىدا كاتتا بەگ تەركىسى ئۆتكۈزدى.

ئۈششۈك چۈشمىگەن كۆز ئەتىگەنلىكى ياپراقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان چىنار، مەجنۇنتاللار شىلدىرلاپ زىياپەت زالىنىڭ دېرىزىلىرىگە كۆلەڭگە تاشلاپ تۇراتتى. ھازىلىق قارا كىيىم كىيگەن قۇمارىبىكە ئاق رومال ئۈستىدىن قارا پەرەنجە يېپىنىپ، قىرىق بىر كېنىزەك، خىزمەتكار، دېدەكلىرى بىلەن سۈر كۆرسىتىپ زىياپەت زالىغا كىرىپ كەلگەندە، ۋەزىر، ھاجىپ، سەردارلار دۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى. ئۇ تەختكە چىقىپ، يۈزىگە تاشلىنىپ تۇرغان قارا چۈمبەل ئاستىدىن ھەممەيلەنگە سەپسېلىپ، ئاندىن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— جانابلار! — دېدى ئۇ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ۋەزمىن ھالدا، — ئەزىز باللىرىمنىڭ باھادىر ئاتىسى مەرھۇم بۇغرا قاراخان مۇھەممەد ئارسلانخان ھەم ھۈسەيىن ئارسلانخان

ۋاپاتىدىن كېيىن مەملىكىتىمىزنىڭ تىنچىمىغىنى راست. بۇ ھال روھىڭلارنى چۈشۈردى. كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلدى. ئوغلۇم ئىبراھىم بۇغراخاننى ياش، تەجرىبىسىز كۆرۈپ، بويۇنتاۋلۇق قىلغان، باج ـ سېلىقنى تاپشۇرمىغان، تۇيپىلاڭ كۆتۈرگەن ئىلىكخان، ئارسلانخان، يابغۇلارنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىشنى مانا مەن تەشەببۇس قىلغان. قازىنىلغان غەلىبە بۇ تەشەببۇسۇمنىڭ توغرىلىقىنى پات يېقىندا ئىسپاتلايدۇ. ئاستانىمىزدىمۇ بىر قىسىم بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلار ئالا كۆڭۈللۈك بىلەن كىشىلەرنى قۇترىتىپ زىندانغا تاشلاندى. بەزىلىرى قاچتى. ئاتاساغۇن دىلدار ئاغىچا ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۆگۈ بىلگە بەگىيۇسۇپ، ئەبۇ ھەسەن تېگىن، بايىبەگ ئىنال تېگىنلار دارغا ئېسىلغان كۈنى دىلدار ئاغىچىمۇ چالما كېسەك قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن گۇمانلانماڭلار. سىلەر ئىبراھىم بۇغراخان ئوغلۇمنىڭ ساداقەتمەن تايانچلىرى، خانلىقىمىزنىڭ تۈۋرۈكى. بۈگۈن، ئاستانىدە قېلىپ سادىقلىق بىلەن خىزمىتىمدە بولۇۋاتقان يۇغرۇش، ھاجىپ، سەركەردىلەرگە رەھمەت ئېيتىش ۋە ئۇلارنى تارتۇقلاش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ بەگ تەركىسىدە بەھۇزۇر يەپ ـ ئىچىڭلار، شاد ـ خۇرام بولۇڭلار. يۈرەك سۆزۈڭلار بىلەن مەلىكە ئاناڭلارنى خۇش قىلىڭلار! — ئۇ شۇنداق دەپ يىغلاپ كەتتى، — مەرھۇم ھەمراھىم مۇھەممەد ئارسلانخان ھايات بولسا، ھەربىرىڭلارنى ئۆز قولى بىلەن تارتۇقلايتتى، شاراب تۇتاتتى. جاھانغا تونۇلغان خاقان ئەمدى يوق. كۆڭۈل يېرىمچىلىقىدا ئۇنىڭ ئىشىنى مەن قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. ئاھ! ئىسىت، جۇدالىق دەردىدە باغرى قان بولغان يېقىرەنىڭ يۈرىكى پارە ـ پارەدۇر. ھەرەمدىن چىقماي ئولتۇراي دېۋىدىم، يەنە بولمىدى. ئەل ـ يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى، ئەمىر ـ ئۆمەرا، سەركەردە ـ سىپاھلارغا باشچى زۆرۈرلۈكىنى ئويلاپ، ھازىدار تۇرۇپمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشنى زۆرۈر تاپتىم. قېنى داستىخانغا ئىلتىپات قىلغايسىلەر، — ئۇ قىزىرىپ پىشقان

شىرمەنىنانى ئۇشتۇپ، ئىغىز تىگىپ بەردى، ئاندىن زىياپەت ئەھلى داستىخانغا قول ئۇزارتىشقا جۈرئەت قىلدى.

— تۈركەن خاتۇن ئالىيلىرى، ئەھلى يۇرتنىڭ سائادەتمەن ئانىسىدۇر. ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز !

— تۈركەن خاتۇن دۇئاسىدىن مەملىكىتىمىز ئاباد، ياۋلار بەربات بولغاي، — دېيىشتى يۇغرۇش، ھاجىپلار.

يەپ - ئىچىش باشلاندى. نەغمىچىلەر، ساتار، تەمبۇر، داپ، نەيلىرىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ چېلىپ، زىياپەت ئەھلىگە ھوزۇر بەخش ئەتتى.

خۇمرا - كوزىلاردا كەلتۈرۈلگەن شارابلار ئىچىلىپ تۈگىدى. پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىنغان بوتىلاق، موزاي، قوزا، ئوغلاقلار، دۇملەپ پىشۇرۇلغان ئۆلار، قىرغاۋۇل بۆدۈنىلەر شۇنچە يېيىلگەن بولسىمۇ ئېشىپ قالدى.

— تارتۇقلار ئېلىپ كېلىنسۇن، ئاغىچى ئۇلۇغى ! — ئەمىر قىلدى تەختتە كېرىلىپ ئولتۇرغان قۇمارىبىكە ئالدىغا قويۇلغان قوزىنىڭ كاللىسىدىن كۆز گۆشىنى ئويۇپ يەپ.

— باش ئۇستىگە ئالىيلىرى، — ئاغىچى ئۇلۇغى تەييارلاپ قويۇلغان تارتۇقلارنى ئېلىپ كىرگىلى چىقىپ كەتتى.

قۇمارىبىكە خۇشامەت قىلىپ ئېگىلگەن، كۈلۈمسىرىگەن ئوردا ئەمەلدارلىرىغا باش لىڭشىتىپ، شاراب ئىچىشكە تەكلىپ قىلاتتى. پەرەنجىگە يوشۇرۇۋالغان جامالىنى باشقىلار كۆرەلمىگەن بىلەن ئۇ ھەممەيلەننى كۆرۈپ، روھىي ھالەتلىرىدىن كۆڭۈللىرىدىكىنى بىلىپ تۇراتتى.

ئاغىچى ئۇلۇغى چىنە، پەتنۇسلارغا ئېلىنغان تارتۇقلارنى خىزمەتكارلارغا كۆتۈرتۈپ كىردى. كۆپچىلىكنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا ئاغدى.

قۇمارىبىكە تارتۇقلىماقچى بولغان يۇغرۇش، ھاجىپ، سەركەردىلەرگە زەر ياقىلىق كىمخاب تون، تىللا، تەڭگىلەرنى بەرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى.

— ئەيیۇھەنناس ! ئاگاھ، ھوشيار بولۇڭلار. ئوردۇكەنتكە يىغا كەلدى ! — دەپ يۇگۇرۇپ كىرگەن ياساۋۇل تەخت ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى، — ئى ئالەم خاتۇنلىرىنىڭ شاھىنشاھى، يىگىرمە تۆت ئۇرۇقنىڭ خان ئانىسى ! نۇرغۇن لەشكەر شەھەر سىرتىغا بارگاھ قۇرۇپ چۈشتى. دەرۋازىۋەنلەر بېگى ئالىيلىرىنى خەۋەرلەندۇرۇشكە مېنى ئەۋەتتى !

قۇماربىكەنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ تارتۇقلارنى ئوردا ئەربابلىرىغا تەقدىم قىلغان بولدى.

— قوۋۇقلار مەھكەم تاقالسۇن ! بارلىق سىپاھلار سېپىلغا چىقىپ جەڭگە تەييارلانسۇن ! — دەپ ئەمر قىلدى ئۇ پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن ئوردا ئەمەلدارلىرىغا.

## 3

ئىنسان دۇنيادا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنئالا بىلىپ كېتەلمەيدۇ. پىلانلىغان، نىشانلىغان ئىشلارنىڭ ئارزۇ قىلغاندەك بولۇشىمۇ، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئىش كۈتمىگەن نەتىجە بىلەن ئاياغلىشىشىمۇ، ئاياغلاشماي نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. قەشقەرنى ئېلىش جېڭى بولسا كۈتكەندىنمۇ ئوڭۇشلۇق بولدى. ئەمما، تۇتۇشقا تېگىشلىك بەتنىيەتلەر قولغا چۈشمەي، بەگىيۇسۇپ يەنە بىر قېتىم ئەلەمدە قالدى...

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ لەشكەرلىرى چاشكا ۋاقتىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، تۈمەن دەرياسىنى بويلاپ چېدىر، بارگاھ ياسىدى. ئوتتۇرىغا ھەيۋەتلىك قىلىپ خانتوي تىكتى.

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئوردۇكەنتكە دەرھال بېسىپ كىرىشكە سىپاھلارغا ئەمر قىلغايلا، — دېدى خانتويغا ئالدىراپ

كىرىپ، تەخت ئالدىغا كەلگەن خانىش قىلىچخان.

— مەن نامەرد پادىشاھلاردىن ئەمەس، خانىش، مەلىكۇل مەشرىقنىڭ نەۋرىسى مەن. تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىش — نامەردلەرنىڭ ئىشى. مەن ئاۋۋال قۇمارىبىكەنى ئەل بولۇشقا ئۈندىمەكچىمەن. ئۇ ئەل بولمىسا، قائىدە بويىچە جەڭنى باشلايمەن. بارگاھلىرىغا چىقىپ ئارام ئېلىپ تۇرغايلا.

ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان خانىش تۇرۇپ قېلىپ، خاپا بولغان ھالدا خانتويدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

— بەگيۇسۇپ قۇمارىبىكەگە قارىتىپ بىر مەكتۇپ پۈتۈڭ. ئۆزۈم يوللاپ بېرەي، — ئېلىكخان ئۆتۈنۈش نەزىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى.

— خوپ ئالىيلىرى! — بەگيۇسۇپ پۈتۈكچى ئەكېلىپ بەرگەن بىر پارچە ئاق چوتا[1]غا تۆۋەندىكىلەرنى يازدى.

«ئايغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

خانىش قۇمارىبىكە، مەن ۋەدەمگە ئەمەل قىلىپ يېتىپ كەلدىم. باش ئېگىپ ئالدىمغا چىقسىڭىز ئامان قالىسىز. قارشىلىق قىلسىڭىز قىساس خەنجىرى قارا يۈرىكىڭىزگە قادىلىدۇ. گەپ تامام ۋەسسالام.

بالاساغۇن دىيارىنىڭ ئېلىكخانى، ۋەلىئەھدى ئەبۇ ئەلى ھارۇن ھەسەن ئارسلانخان بىننى بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان بىننى مەلىكۇل مەشرىق يۇسۇپ قادىرخان غازى بۇغراخان.

ھىجرىيە 450 ـ يىلى زۇلقەئىدىنىڭ 3 ـ كۈنى[2] جۈمە»

بەگيۇسۇپ يېزىپ بولۇپ ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا سۇنۇپ بەردى. ئۇ ئوقۇپ چىقىپ تەختتىن چۈشتى. ئاندىن بەگيۇسۇپ باشلىق ۋەزىر، ھاجىپ، سەركەردىلەر بىلەن

---

[1] چوتا — ئاق پاختا يىپتىن توقۇلغان سىپتا رەخت.

[2] مىلادىيە 1058 ـ يىلى 9 ـ، 10 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

خانتويدىن چىقتى. ئۇ:
— ياراغدار ! — دەپ توۋلىدى.
— لەببەي ئالىيلىرى ! — جەڭ قوراللىرىنى ساقلايدىغان ئەمەلدار ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى.
— مەن ئىشلىتىدىغان يانى ئېلىپ كەل!
— خوپ ئالىيلىرى، — ئۇ ياراغ ساقلىنىدىغان ئامبار چېدىرىدىن يا ۋە بىر باغلام ئوق ئېلىپ چىقتى.
ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان يانى قولىغا ئالدى:
— ماڭا يا ئوقىدىن بېرىڭ.
ياراغدار بەردى. ئۇ يانى بەتلەپ باشاقسىز ئوقنى قەشقەر سېپىلىغا قارىتىپ ئاتتى. غۇززىدە ئۇچۇپ بارغان ئوق سېپىل ئۇستىدىكى لەشكەرنىڭ قالقىنىغا تېگىپ قاڭقىپ يەرگە چۈشتى.
— بارىكاللا — بارىكاللا ! يادىن ئوق ئۇزۇشتە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ، دېسە ئىشەنمەيتىكەنمەن. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدىم. مەن ئاتقان بولسام سېپىل تۈۋىگىمۇ بارمايتتى، — دېدى بەگيۇسۇپ زوقلانغان ھالدا.
— ئېلزادبەگمۇ يادىن ئوق ئۇزۇشتە مەندىن قېلىشمايدۇ، ئۇ تەڭداشسىز مەرگەن ھەم قىلىچۋاز.
— مەن بۇ كۈيۈئوغلۇمنىڭ يادىن ئوق ئۇزۇپ، ئۇزۇك كۆزىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، قىلىچ ئۇرۇپ رەقىبىنىڭ قولىنى ئۈزۈپ تاشلىغىنىنى تېخى كۆرمىدىم. كۆرگىنىم ئۇنىڭ ناھايىتى يىراقتىكى نەرسىلەرنىمۇ ئىلغا قىلالايدىغانلىقى، كۆزىنىڭ ھەممىدىن ئۆتكۈرلۈكى. بۇنىڭغا قاراپ مەرگەنلىكىگىمۇ ئىشەنچ باغلىغىنىم راست، ئالىيلىرى.
— ئۇنداق بولسا ئېلزادبەگ ماھارىتىنى بىر كۆرسىتىپ قويسا بولغۇدەك، — دېدى كۈلۈمسىرىگەن ئېلىكخان ئۇنىڭغا قاراپ، — قېنى سېپىل ئۇستىدىكى ئاۋۇ نەققارە[1]گە قارىتىپ

---

① نەققارە — ناغرا (جەڭ دۇمبىقى).

ئوق ئۇزۇك.

ئېلزادبەگ قولىغا يانى ئالدى. باشاقلىق ئوق بىلەن بەتلەپ ئاتتى. ئوق ئۇچۇپ بېرىپ ناغرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا سانجىلىپ قالدى.

— مانا كۆردىڭىزمۇ بەگيۇسۇپ؟! سۇباشى جەڭگە چاقىرىپ چالىدىغان نەقىقارىنى كاردىن چىقاردى. قارىغاندا جەڭ بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

— كۆرەلمىدىم، ئالىيلىرى، سىپىلدىن باشقا نەرسىنى كۆرەلمەيۋاتىمەن، — بەگيۇسۇپ راست ئېيتتى.

— تولا ئوقۇپ، تولا يېزىپ كۆزىڭىز خىرەلىشىپ قالغان گەپ. بۇنى ئەيىب سانىغىلى بولمايدۇ. سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسامۇ، كۆرەلمەيتتىم.

— تەڭرى بىر بەندىسىگە بىر خىسلەتنى، يەنە بىر بەندىسىگە يەنە بىر خىسلەتنى بەرگەن. بىرىدىن ئارتۇق قىلسا بىرىدىن كەم قىلغان، ئالىيلىرى. بىر ئادەمنىڭ بىر ئىشقا ماھىر بولۇپ يەنە بىر ئىشنى قىلىشتىن ئاجىز كېلىشى — تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىندۇر...

ئۇلار سۆزلىشىپ تۇراتتى، سىپىلدىن ئېتىلغان يا ئوقى تۆت ـ بەش قەدەم نېرىغا قادالغان تۇغقا تېگىپ يەرگە چۈشتى. بىر ياساۋۇل يا ئوقىغا يۆگەلگەن لاتىنى ئېلىپ كېلىپ ئېلىكخانغا سۇنۇپ بەردى، ئېلىپ ئاچتى. ئۇنىڭغا:

«ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن، سەن نامەردلىك قىلىپ، لەشكەرسىز قالغان ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ كەپسەن. ئەقلىڭ بولسا، كەينىڭگە يانماي باش ئېگىپ ئالدىمغا كەل. سېنى جازالىماي، مەرتىۋەڭنىمۇ چۈشۈرمەي. ماڭا سادىق ئېلىكخان بولۇپ بالاساغۇن تەختىدە ئولتۇرۇۋەر. مۇبادا ئەل بولۇشنى خالىمىساڭ چېچىمنى سىرتماق قىلىپ سېنى دارغا ئاسىمەن!

بۇغرا قاراخاننىڭ خانىشى ئالتۇن تارىم تۇركەن خاتۇن قۇمارىبىكە» دەپ يېزىلغانىدى.

— جەڭ دۇمبىقى چېلىنسۇن ! مەيدانغا كىرىدىغان ئالىپ تەييارلانسۇن ! — دەپ ئەمر قىلدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان نامەنى ئاياغ ئاستىغا تاشلاپ.

تەخت خانتوي ئالدىغا ئورنىتىلدى. جاندارلار ئىككى ياندا سەپراس بولدى. ئوڭ يېنىدىن بەگيۇسۇپ باشلىق ۋەزىر، ھاجىپ، لەشكىري قازىلار ئورۇن ئالدى، سول يېنىدىن سۇباشى سانغۇنلار، سەركەردىلەر جاي تۇتتى.

ناغرا ـ سۇناي، بۇرغا ـ كاناي چېلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ يۈزىگە نىقاب تارتقان بىر چەۋەنداز تەختتە ئولتۇرغان ئىلىكخاندىن رۇخسەت ئېلىپ جەڭگاھقا يۈزلەندى.

— ئالىيلىرى، بۇ چەۋەندازنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدىلىمۇ؟ — سورىدى بەگيۇسۇپ.

— ھايىل باشىدىن بىرسى بولسا كېرەك. ئىسمىنى سورىماپتىمەن ھاجىپ، — خىيالچان جاۋاب بەردى ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان، ئات چاپتۇرۇپ جەڭگە ماڭغان چەۋەندازغا كۆز سېلىپ.

— ئۇ ھايىل باشى ئەمەس، خانىش كۈمۈش تارىم قىلىچخان.

— خانىش؟ ماۋۇ بىخەستەلىكىمنى قاراڭ. ئۇنى دەررۇ جەڭگاھتىن قايتۇرۇپ چىقىش كېرەك !

— يوقسۇ، ئالىيلىرى. يولۋاس ئىزىدىن قايتمايدۇ. ئۇ قۇمارىبىكەگە ئۆزىنى بىر كۆرستىپ قويماقچىلا ئەمەس، بەلكى بىر ۋاپاسىز قانخورغا جەڭ ئېلان قىلماقچى، قىساس ئالماقچى. ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپ مەدەت بېرىش كېرەك !

ئىلىكخان بەگيۇسۇپنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ سۈكۈت قىلدى. ئۇ جەڭ نەتىجىسىنى كۈتۈپ، نەزىرىنى جەڭگاھقا تىكتى.

قولىغا قىلىچ ئالغان قىلىچخان ئات چاپتۇرۇپ مەيدانىنى ئىككى ئايلاندى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا قارشى تەرەپتىن ئادەم چىقمىدى. شەھەر دەرۋازىسىمۇ ئېچىلمىدى.

— ئەييۇھەنناس ! ئۇردۇكەنتلىك ئامۇ خاس ! ئىشىتىمىدىم دېمەڭلار، مەندۇرمەن مەرھۇم بۇغرا قاراخان مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ خانىشى كۈمۈش تارىم قىلىچخان، جاھان ئاياللىرىنىڭ قەدرىنى تۆككۈچى، يۈزىنى چۈشۈرگۈچى، بىۋاپا، بىھايا داپشاق، ئېرىنىڭ قاتىلى، زامانىنىڭ زالىمى، ھازازۇل، بىشەم، پىتنىچى مەككار قۇمارىبىكەنىڭ زۇلمىدىن ئاھ چەككەن ئۇردۇكەنت ئەھلىنى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ھارۇن ئارسلانخان سىپاھلىرى بىلەن بىللە كەلدىم. مۇبارىز① ستەمكار② ئابىنچۇ خاتۇننى جەڭگە چاقىرىمەن. قورقسا ئەل بولۇپ ئالدىمدا تىزلانغاي. قورقمىسا قىلىچ كۆتۈرۈپ جەڭگاھقا كىرگەي ! — دەپ نەرە تارتىپ چۇقان سالدى.

باشتىن - ئاياغ تۆمۈر ساۋۇت كىيىپ، يۈزىگە سىم تور تارتقان قۇمارىبىكە ئاچچىقلانغىنىدىن تاتىرىپ كەتتى. سېپىل ئۈستىدە تۇرالماي يەرگە چۈشۈپ قارا بويۇن ئاق قاشقا تورۇققا مىندى. دەرۋازىنى ئاچتۇرۇپ، جەڭگاھتا جەۋلان قىلىپ تۇرغان خانىش قىلىچخانغا قاراپ چاپتى.

— سەن نىمانچە ۋالاقشىيسەن تېگى پەس قانجۇق! خاتۇنلار ئىچىدىن چىققان ۋاپاسىز قاچقۇن. ھەي ئىسىت، شۇ چاغدا قېچىپ كەتمىگەن بولساڭ، تەرەت لاتامنى يۇيۇپ كۈن كەچۈرگەن بولاتتىڭ. بىر كۈنى كېلىمەن، دەپ قالدۇرغان خېتىڭگە ئەمەل قىلىپ كەلگىنىڭمۇ بۇ؟ ئەمدى ساڭا رەھىم قىلمايمەن جومباق. نجىس تېنىڭنى پارە - پارە قىلىپ لالما ئىتلارغا تاشلاپ بېرىمەن. قېنى باتۇر بولساڭ قىلىچىڭنى چاپ ! — دېدى قۇمارىبىكە ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ.

① مۇبارىز — رەقىب بولۇپ جەڭگە كىرگۈچى.
② ستامكار — زۇلۇم قىلغۇچى.

— تونۇدۇڭمۇ يالماۋۇز كەمپىر. مانا مەن گېپىمدە تۇرۇپ كەلدىم. نۆۋەت سېنىڭ بولسۇن، ماھارىتىڭنى كۆرۈپ باقاي! قېنى بىزىرىپ تۇرماي ئويۇنۇڭنى ئوينا! — قىلىچخان ئېتىنى چاپچىتىپ، سەگەكلىك بىلەن كۆز سالدى.

قىلىچخاننىڭ «كەمپىر» دېگىنى قۇمارىبىكەنىڭ جان ـ تېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ نۆۋەتنى قىلىچخانغا بېرىپ ئۇنى سىناپ باقماقچىدى. قىلىچخاننىڭ كەمسىتىپ قىلغان تاپا ـ تەنىلىرىگە چىدالماي، قىلىچنى باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ چاپتى. قىلىچخان ئېتىنى دەرھال بۇراپ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى. ھاۋانى كېسىپ چۈشكەن قىلىچ يەرگە تەگدى. ھەرقاچان قىلىچ ئۇرۇپ، خاتا تەگكۈزمىگەن قۇمارىبىكە رەقىبىنىڭ بوش كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئەمدى نۆۋەت سېنىڭ قىزچاق. قېنى تېپىرلاپ باق! — دېدى ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن.

قىلىچخان تىزگىن سىيرىپ جىم تۇرمايۋاتقان ئېتىنى بىر چاپچىتىپ قۇمارىبىكەنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇردى. «چاڭ» قىلىپ قالقانغا تەگكەن قىلىچ بىسىدىن زەردەك ئۇچقۇن چېچىلدى.

— نۆۋەتنى يەنە ساڭا بەردىم. ئارمانىڭ قالما كۈندىشىم، — قۇمارىبىكە تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، ئۇنى كۆزگە ئىلمىغاندەك ھىجايدى.

— يوقسۇ ئابىنچۇ خانۇن. نۆۋەت سېنىڭ، مېنى كۆزگە ئىلمايۋاتامسەن نېمە؟ قېنى قىلىچىڭنى چاپ!

قۇمارىبىكە قىلىچنى قىنىغا سېلىپ، تېقىمىغا باسۇرۇقلۇق ئومۇتنى ئالدى. ئۇنىڭ ئاچچىققا تولغان كۆزلىرىدىن كۆكۈچ نۇر چاقناپ، چىرايىنى سۇرلۇك قىلىۋەتتى. ھەرقاچان قان تۆكمەكچى بولسا، ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتەتتى. يىگىرمە يىلدىن بېرى مەشىق قىلىپ ھايات ـ ماماتلىق جەڭگە تەييارلىق قىلغان قۇمارىبىكە ئومۇتنى باش ئۇستىدە ئايلاندۇرۇپ ـ ئايلاندۇرۇپ، قىلىچخاننىڭ چېكىسىگە كۈچ بىلەن

ئۇردى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقان خانىش ئاسمان پىرقىرىغاندەك بولۇپ ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشتى. قۇمارىبىكە ئۇنىڭ دۈبۈلغىسى چۈشۈپ كەتكەن يالاڭ بېشىغا، تاغىقىغا، باغرىغا ئارقا - ئارقىدىن ئومۇت ئۇردى. ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، خەنجىرىنى سۇغاردى - دە، قىلىچخاننى بوغۇزلىدى. ئېتىلىپ چىققان قان باش - يۈزىگە چاچرىدى. ئۇ قىلىچىنى سەكرەپ - سەكرەپ مىدىرلاۋاتقان كاللىنىڭ بوغۇزىغا سانجىپ ئېگىز كۆتۈردى. خانىشنىڭ گۈزەل چىرايى ئاقىرىپ، يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى نۇرسىزلىنىپ قېتىپ قالغانىدى. توپىغا مىلەنگەن تېنى قويىدەك پۈت ئېتىپ تېپىرلاپ - مىدىرلاپ جىمىپ قالدى...

سېپىل ئۈستىدە تۇرغان قۇمارىبىكەنىڭ سىپاھلىرى، كېنىزەك، جاندارلىرى:

— ئاپىرىن تۈركەن خاتۇن[1] ! — دەپ ۋارقىراشتى. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ سىپاھلىرى:

— ئابىنچۇ خاتۇنغا ئۆلۈم ! — دەپ چۇقان كۆتۈردى.

— بەتبەخت ! — دەپ تىللىۋەتتى ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن بەگيۇسۇپ.

ئەرگە - ئەر، ئايالغا - ئايال تاقابىل تۇرۇش جەڭگاھنىڭ بۇزغىلى بولمايدىغان قائىدىسى ئىدى. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا، بەگيۇسۇپ جەڭگە كىرگەن، قۇمارىبىكەدىن ئۇنىڭ قىساسىنى ئالغان بولاتتى. ئۇ غەزەپ ئاچچىقىنى باسالماي تۇرغاندا، ئەمچى ئاياللار قوشۇنىدىن يۈزىگە نىقاب تارتىپ، ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيگەن بىر چەۋەنداز ئات چاپتۇرۇپ، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، خانىش ئالىيلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن جەڭگە كىرىشكە رۇخسەت قىلغايلا !

بەگيۇسۇپنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ قىزى

---

① تۈركەن خاتۇن — ھۆكۈمدار مەلىكە.

بۇۋىئايىشەنى ئۇنىدىن تونۇغانىدى.

— ئىجازەت ! — ئىلىكخان باش لىڭشىتتى. ئۇ بەگيۇسۇپكە قاراپ، — خانىش قىلىچخاننىڭ ئۆلۈمىگە ناھايىتى ئېچىنىۋاتىمەن. ئۇ قىساس ئېلىش ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئارماندا كەتتى، — دېدى يۈرىكى ئېچىشىپ.

— شۇنداق ئالىيلىرى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بەك ئېچىنىشلىق بولدى. قۇمارىبىكە رەھىمسىزلىكتە مۇڭسۇز قان ئىچەر جاللاتتىن قېلىشمايدىكەن. جەڭگە كىرىپ مەرھۇمەنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدىم. ئەمما، ئەر كىشى ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ ئاھانەت قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ئەستاغپۇرۇللا ! ...

بەگيۇسۇپنىڭ بۇنداق ئاچچىقلىنىپ غەزەپلەنگىنىنى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئۇ:

— بەگيۇسۇپ جانابلىرى، مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. ئۆزۈمچە بولغاندا جەڭ نىزامىنى بۇزۇپ، قۇمارىبىكەنى باغلاپ ئېلىپ كېلىشكە، ئالىپ يىگىتلەرنى ئەۋەتكەن بولاتتىم، ئەمما جەڭ نىزامىغا خىلاپلىق قىلسام بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، خانىش قىلىچخاننىڭ قىساسىنى ئالمىغۇچە جەڭگاھتىن قايتماسلىقىمىز لازىم ! — دېدى تەسەللى بېرىپ.

بەگيۇسۇپ ئۈن چىقمىدى. ئۇ شۇ تاپتا بۇۋىئايىشەدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. كۆزى ئات چاپچىتىپ، قىلىچ ئوينىتىپ قۇمارىبىكە بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان قىزىدا ئىدى. بىر چاغدا بۇۋىئايىشەنىڭ ئېتى تىزلىنىپ قېلىپ يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ كەتتى.

— بەگيۇسۇپ ئايال چەۋەندازنىڭ ئېتى يارىلىنىپتۇ. قاراڭ بويىنىدىن قان ئېقىۋاتىدۇ، — دېدى تەختتىن تۇرۇپ كەتكەن ئىلىكخان.

— ئوچۇق كۆرەلمەيۋاتىمەن، ئالىيلىرى. ئىجازەت قىلغايلا، — بەگيۇسۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان ھالدا بويۇنداپ قاردى.

— ئىجازەت !

بەگيۇسۇپ سۇلتانبەگ ئېلىپ كەلگەن چىلان تورۇقنى نېرىراق يېتىلەپ بېرىپ مىندى. ئات ئۇستىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپ جەڭگاھقا نەزەر سالدى:

بۇۋىئايىشە تىزلىرى پۈكۈلۈپ يىقىلىشقا يۈزلەنگەن ئاتتىن سەكرەپ يەرگە چۈشۈۋالدى. بويىنىغا قۇمارىبىكەنىڭ قىلىچى تەگكەن جەدە قىڭغىيىپ يىقىلدى.

— رەھىم قىلغىنىمنى بىلگەنسەن بۆگۈ بىلگەنىڭ قىزى. جەڭگە كىرىپ كىملىكىڭنى بىلدۈرمىگەن بولساڭ، ئېتىڭنىڭ ئورنىدا سەن قانغا مىلىنىپ ياتاتتىڭ. ئەمدى قىساس ئېلىش نىيىتىڭدىن يان. ياش، چىرايلىق ئىكەنسەن، كېنىزەك قىلىۋالاي !

قۇمارىبىكەنىڭ كۆرەڭلەپ قىلغان بۇ سۆزى بۇۋىئايىشەنىڭ يۈرەك يارىسىنى تۇز سەپكەندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ دېدى:

— ئۇخلاپ چۈشەكىمە ئابىنچۇ خاتۇن. سەن غالىپلىرىڭنى بۇيرۇپ، يول توسۇپ ئانامنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكىنىڭدىلا ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئالۋاستى ئىكەنلىكىڭ ئەھلى ۋەتەنگە ئايان بولغانىدى. ئۆزۈڭنى تېخى رەھىمدىل ھېسابلاۋاتامسەن؟ ھازىر نۆۋەت مېنىڭ. بۇ قىلىچىم نىجىس تېنىڭنى پارە - پارە قىلىشتىن بۇرۇن، خانىش قىلىچخانىنىڭ جەسىتىنى بارگاھىمىزغا ئاپىرىپ قويۇپ كېلەي. ئۇنىڭ قېنىغا ئىپلاس قېنىڭنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن. جەڭگاھنىڭ نىزامىنى بىلمىگەنسەن؟

قۇمارىبىكە توپىغا مىلىنىپ ياتقان خانىشنىڭ تېنى ۋە ئۆزى يىراققا تاشلىۋەتكەن بېشىغا كۆز يۈگۈرتۈپ قاقاھلاپ كۈلدى.

— مەن تېخى جەڭگاھ نىزامىنى بىلمەمدىكىن دېسەم، بىلىدىكەنسەن بۆگۈ بىلگە قىزى. ماقۇل، ئاپىرىپ قويۇپ، كەلمەي قالما. بىراق، بۇ ئەمرىمنى ئېلىپ كەتكىن بىلەن ئاتاڭغا يەتكۈزۈپ قوي: شەھەرگە بېسىپ كىرىمىز، دەپ خىيال

ئەيلىمىسۇن !

بۇۋىئايىشە ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي، خانىش قىلىچخاننىڭ قانغا مىلەنگەن بېشىنى تېنى يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئۆزىنىڭ ئۇچىسىنى يېپىپ تۇرغان قىزىل يوپۇقنى يەرگە يېيىپ سېلىپ، جەسەتنى يۆگەپ كۆتۈردى. ئىتتىك مېڭىپ، ئاتتىن چۈشۈپ كۆز سېلىپ تۇرغان ئاتىسى ئالدىغا بارغاندا، ئەمچى ئايالالار قوشۇنىدىكى سىپاھلاردىن بىرقانچىسى يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، جەسەتنى ئېلىشتى. پۈتۈن بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەر بولۇپ كەتكەن بۇۋىئايىشە ئولتۇرۇپ قالدى. بەگيۈسۈپ ئۇنىڭ قىسىيىپ قالغان دۈبۈلغىسىنى ئوڭلاپ كىيدۈرۈپ قويدى.

ـــ قىزىم، ئەمدى چېدىرغا كىرىپ ئارام ئېلىۋالسىلا.

ـــ ياق، ئاتا. مەن مۇشۇ يەردە بىر ئاز دېمىمنى ئېلىۋېلىپ، جەڭگە كىرمىسەم بولمايدۇ. ئابىنچۇ خاتۇن مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن ئۇ قارا يۈزنىڭ «نامەرد» دەپ ئەيىبلىشىگە ئۇچراشتىن، جەڭ قىلىپ ئۆلۈشنى شەرەپ بىلىمەن.

ـــ ماقۇل قىزىم، ماقۇل. سىلىنى جەڭگە كىرىشتىن توسۇماقچى ئەمەسمەن. قۇماربىكە رەھىمسىز، نامەرد بولۇپلا قالماستىن ئىنتايىن ھىيلىگەر ئالۋاستى. پەخەس بولسىلا، بالام. بۇ نەيزىنىمۇ ئېلىۋالسىلا، ـــ بەگيۈسۈپ ئۇچىغا شەمشەر ئورنىتىلغان نەيزىنى بەردى.

ـــ ئاتا، ماڭا بىر ئات ئەكەلدۈرۈپ بەرسىلە.

ـــ ئات مانا بالام، ـــ ئۇ سۇلتانبەگ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان قىزىل بويۇن تورۇقنى كۆرسەتتى، ـــ شىكارغا چىققان چاغلاردا بىرقانچە قېتىم مىنگەنىدىلە، سىلىنى تونۇيدۇ.

ـــ رەھمەت ئاتا، رەھمەت. ماڭا دۇئا قىلىپ قويسىلا، ـــ يەرگىچە ئېگىلگەن بۇۋىئايىشە سۇلتانبەگ ئۇزارتقان تىزگىننى ئالدى. ئاتنى يېتىلەپ جەڭ مەيدانىغا كىرگەندىن كېيىن مىنىپلا چاپتى. قۇماربىكەنىڭ قارشىسىغا كەلگەندە، تىزگىننى بىر

تارتىپ ئاتنى چاپچىتتى. ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرگەن قىزىل بويۇن قۇمارىبىكەنى قورقۇتۇۋەتتى. ئۇ ئېتىنى دەررۇ بۇراپ ئارقىغا چېكىندى.

— كەلمەسمىكىن دېسەم كەپسەن. قىلغان سۆزۈڭدە تۇرىدىكەنسەن. ئېتىڭمۇ ئېسىل ئات ئىكەن. بىكار ئۆلۈپ كەتمە. جۇر، مەن بىلەن ئوردۇكەنتكە كىرىپ كەت. ئاتاڭمۇ ھايات قېلىشىڭنى خالايدۇ!

— سەن بىلدىڭ. مەن بۆگۈ بىلگە ھاجىپ بەگيۇسۇپنىڭ قىزى تۇرۇپ سەندەك بىر ئاسىي قارا نىيەتنىڭ كەينىدىن ماڭسام، ئەل لەنەت قىلمامدۇ؟ تولا ۋالاقشىماي ئۆزۈڭگە ھەزەر بول! نۆۋەت مېنىڭ، — بۇۋىئايىشە غەزەپ ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىگە نەيزە ئۇردى.

بىر قولىغا قىلىچ، بىر قولىغا قالقان ئالغان قۇمارىبىكە «ۋاي!...» دەپ قىڭغىيىپ قالدى. زەنجىر ساۋۇتنى تېشىپ ئۆتكەن نەيزە ئۇنىڭ باغرىغا قادالغانىدى.

«ئاللا ئىگەم، سەن ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى، ئەڭ خالىس ياردەم بەرگۈچى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن. قىزىمنى ئۆز پاناھىڭغا تاپشۇردۇم. ئۆزۈڭ مەدەتكار بولۇپ غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەيسەن» دەپ دۇئا قىلغان بەگيۇسۇپ قىزىنىڭ قۇمارىبىكەنى قوغلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى.

سېپىل ئۈستىدىكى ياساۋۇل، نۆكەرلەر يادىن ئوق ئۈزۈپ، قۇمارىبىكە شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتكۈچە قوغداپ تۇردى. بۇۋىئايىشە كەينىگە ياندى.

جەڭگاھ نىزامى بويىچە يەكمۇيەك ئېلىشىش بىلەن باشلانغان بۇ جەڭ، قۇمارىبىكە قېچىپ، شەھەرگە كىرىۋالغاندىن كېيىنلا توختاپ قالدى. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بىرقانچە باتۇرنى ئارقا — ئارقىدىن جەڭگاھقا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، قارشى تەرەپتىن ئېلىششقا ئادەم چىقمىغاچقا، قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

جەڭنى توختىتىش دۇمبىقى چېلىندى.

— ئەمدى بىز يەنە دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولدۇق، — دېدى ئاچچىقلىنىپ ئېلىكخان ۋە خانتويىغا كىرىپ تەختتە ئولتۇردى، — ئابىنچۇ خاتۇن جەڭدىن بويۇن تولغىدى، بەگيۇسۇپ.

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، قۇمارىبىكە يارىلاندى. قارىغاندا ئۇ ئىبراھىم تېگىنگە چاپارمەن ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ. مەغلۇپ بولۇشىنى جەزم قىلغان بۇ مەككار جەڭنى ئۇزاققا سوزۇش ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ ئوغلىنىڭ لەشكەر بىلەن ئىلدام كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلىدۇ. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئوردۇكەنتكە ھايالسىز بېسىپ كىرمەك زۆرۈر. لەشكىرى ئاز ئىكەن، بىر ئايال بىلەن تەڭ بولامدۇق، دەپ مەردلىك قىلىپ تۇرىۋەرسەك، ئىبراھىم قايتىپ كېلىپ قالسا، بۇ شەھەرنى ئېلىشىمىز مۇشكۈللىشىدۇ.

— دەرھال بېسىپ كىرەيلى دېمەكچىمۇ سىز؟ ئۇنداق قىلساق جەڭ نىزامىغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ باشقا ئەللەر بىزنى نامەردلىكتە ئەيىبلىمەسمۇ؟

كەينى - كەينىدىن قويۇلغان بۇ سوئاللارغا بەگيۇسۇپ تەمكىن ھالدا جاۋاب بەردى:

— نېمىشقا ئۇيغۇن كەلمىسۇن؟ جەڭ ئېلان قىلماي، تۇيۇق چۇشۇرمەي بېسىپ كىرگەن بولساق نامەردلىك ھېسابلىناتتى. قۇمارىبىكەنىڭ مەكتۇپىغا جاۋاب بېرىپ جەڭ ئېلان قىلدۇق. ئۇ ئۆزى جەڭگە كىردىغۇ. نۆكەرلىرى سېپىلدىن ئوق ياغدۇردىغۇ. بۇ جەڭنىڭ باشلانغىنىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمدى بېسىپ كىرىشىمىز جەڭگاھ نىزامىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ھەرگىز نامەردلىك ھېسابلانمايدۇ. ئالىيلىرى ئەمدى قەتئىي نىيەتكە كېلىشلىرى كېرەك !

ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان ئۆزىنىڭ ئادىللىقى، كەڭ

قورساقلىقى، سەۋرچانلىقى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەچكە، بۇ ياخشى نامىغا داغ تېگىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەشقەرگە بېسىپ كىرىشنى ئارقىغا تارتىپ، قۇماربىمكەنى ئۆزلۈكىدىن ئەل بولۇشقا مەجبۇرلىماقچى ئىدى. بەگيۇسۇپنىڭ سۆزى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى: «ناۋادا، ئىبراھىم تېگىن لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەلسە، راستىلا ئوردۇكەنتنى پەتھى قىلىشىمىز قىيىنغا چۈشىدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت...» دېگەن يەرگە كېلىپ:

— ئورۇنلۇق مەسلىھەتىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت بەگيۇسۇپ. ھەرھالدا بۇ كېچە ئەمەس، ئەتە ناماز بامداتنى ئۆتەپ بولۇپلا ھۇجۇمنى باشلايلى، — دېدى ئۇ ۋە خانتويدا دىۋانى ئارىز كېڭەشىنى ئۆتكۈزۈپ، ۋەزىر، سەركەردىلەرنى بۇ قارارىدىن ۋاقىپلاندۇردى. ئۇلار قوشۇلدى. ناماز بامداتتىن ئىلگىرى سىپاھلىرىنى غىزالاندۇرۇپ، جەڭگە تەييارلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئورۇنلىرىغا قايتىشتى.

قۇتلۇقبەگنىڭ ئورنىغا باش ۋەزىر بولغان ئالىپ ئورخۇنبەگ توغرۇل قاراخان بىلەن بارسغانغا كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئېلىكخان ئۇنىڭ ئورنىغا باش ۋەزىر تەيىنلىمىگەنىدى. بەگيۇسۇپتىن باشقا بىرسىنى تەيىنلەشكە رايى بارمىغاچقا، ئۇنىڭ يەنە رەت قىلىشىدىن خاۋاتىرلىنىپ، ئېغىز ئاچماي ئۆتۈۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بەگيۇسۇپ باش ۋەزىرلىك خىزمىتىدە بولۇۋاتاتتى. باشقا ۋەزىر ـ سەركەردىلەرمۇ، ئۇنى باش ۋەزىر ئورنىدا كۆرۈپ، ئاغزىغا قارىشاتتى، لېكىن ئۇ ھامان ھاجىپلىق كۇرسىدا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

— ئالىيلىرى، خانىش قىلىچخانىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى تەييارلاۋاتقانلارنىڭ يېنىغا باراي. ئارام ئالسىلا، — دېدى بەگيۇسۇپ.

— مەن بىلەن بىللە غىزالىنىپ، ئاندىن بېرىڭ، — ئېلىكخان ئۇنى كەچلىك تاماققا تۇتۇپ قالدى.

# 4

ئاق يوپۇق يېپىلغان جىنازا بامدات نامىزىنى ئۆتەپ، سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغان سىپاھلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

لەشكىرىي قازى بەگيۇسۇپنى مېيىت نامىزىنى ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ساۋۇت ئۇستىگە تون كىيگەن بەگيۇسۇپ كۆز چاناقلىرىغا ياش توشقان هالدا، مەرھۇمەنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. «بىزمۇ ئارقىڭىزدىن ئاللا دەرگاھىغا قايتىپ بارىمىز» دەپ دۇئا قىلىشقان سىپاھلار جىنازىنى ئۇزىتىپ قالدى. خانىش قىلىچخان تۇمەن دەرياسى بويىدىكى دۆڭلۈككە دەپنە قىلىنغاندا، شەھەرگە هۇجۇم باشلاندى، لېكىن سېپىل ئۇستىدىن ياغدۇرۇلغان يا ئوقى، سالغا بىلەن ئېتىلغان تاش ئەبۇ هەسەن ئارسلانخان سىپاھلىرىنى دەرۋازىغا يولاتمىدى. چۈش بولغۇچە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن قۇمارىبىكەنىڭ نۆكەر ـ ياساۋۇللىرى كۆپ قىيام بولغاندا، بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىشقا يۈزلەندى. يۈزلىگەن شوتىلارنى تىكلەپ، سېپىل ئۇستىگە چىققان لەشكەرلەر قۇمارىبىكەنىڭ ياساۋۇل ـ نۆكەرلىرىنى تۇتۇپ، سېپىلغا تاشلىغىلى تۇردى. بىر شوتىدىن سېپىلغا قەدەم باسقان دىلدارىبىكە بىلەن بۇۋىئايىشە ئۇلارنى توستى.

ـــ نېمىشقا بۇنداق ۋەھشىيلىك قىلىسىلەر؟ چالما ئەمەس ئادەم تۇرسا، كىمكى يەنە شۇنداق سېپىلدىن تاشلايدىكەن، ئۆزىمۇ سېپىلدىن تاشلىنىدۇ، ـــ دېدى دىلدارىبىكە ئاچچىقلىنىپ.

بۇۋىئايىشە ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ياۋنى سېپىلدىن تاشلىمىغان تەقدىردىمۇ، ئېسىدىن چىقمىغۇدەك هالدا ئەدىپىنى بېرىش زۆرۈر، دەپ قارايتتى. ئۇ ئۇستازىنىڭ بۇ رەھىمدىللىكىدىن غەلىتىلىك هېس قىلدى.

سىپاھلار سېپىلدىن تاشلىماقچى بولغان نۆكەرلەرنى قويۇپ بەردى. ئۇلار تىزلىنىپ ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار. سىلەر بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، دۈشمىنىمىز ئەمەس، — دېدى دىلدارىبىكە مېھرىبانلىق بىلەن.

بۇۋىئايىشە غۇدۇراپ تۇرغان بىر ياساۋۇلنىڭ قولىنى چېچىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ رەھىم قىلغۇسى زادى يوق ئىدى. دىلدارىبىكە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى:

— بىز قىساس ئالماقچى بولغانلار بۇ نۆكەرلەر ئەمەس. ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا قىزىم...

بۇۋىئايىشە ئۇنىڭغا شۇنداق بىر قاراپ، ئارقىسىنى قىلىۋالدى. ئۇ جەڭگاھتا قازا قىلغان ئېرى، قېيىنئاتىسى، يولدا سۈيىقەستكە ئۇچرىغان ئانىسى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغانىدى.

شۇ تاپتا ئۇ سۇدەك ياش قۇيۇلغان كۆزلىرىگە ئالىقىنىنى باستى.

ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتكەن بىلدارىبكە:

— بىز سېپىلدىن چۈشۈپ ئوردىغا بارايلى. قۇمارىبىكە شۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن، — دەپ بۇۋىئايىشە ۋە بىر قىسىم ئەمچى ئاياللار توپى بىلەن پەسكە چۈشتى.

ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىدىن لەشكەرلەرنى باشلاپ كىرىۋاتقان سۇباشى ئالىپ ئېلزادىبەگكە كۆزى چۈشكەن بۇۋىئايىشە تەسەللى تاپقاندەك بولۇپ، يېشىنى سۈرتۈپ ئاتقا مىندى.

بەگيۇسۇپ ئېلىكخان بىلەن دەرۋازىدىن شەھەرگە قەدەم قويغاندا، بۇۋىئايىشە دىلدارىبىكە بىلەن ئوردىغا يېقىنلاپ قالغانىدى. ئوردا ئالدىدا يۈزلىگەن ياساۋۇل ـ نۆكەرلەر تىزلىنىپ ئەل بولدى. ئالىپ ئېلزادىبەگنىڭ:

— قۇمارىبىكە نەدە؟ — دېگەن سوئالىغا:

— بىلمەيمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— ئاراڭلاردا ئوردا نۆكەرلىرى بىلەن ياساۋۇللار بېگى بولسا ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن! — دەپ بۇيرۇدى ئېلزادىبەگ سىنچىلاپ قاراپ.

ئېگىز بويلۇق، كەكە ساقال، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن ياساۋۇل ئالدىغا چىقىپ تىزلاندى.

— سۇباشى جانابلىرى، پېقىر ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ بېگى بولىمەن.

— ئېتىڭىز نېمە؟

— ئۇتاربەگ.

— قايسى قوۋمدىن؟

— ئۇيغۇر قوۋمىدىن

— سىز قۇماربىكەنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانسىز؟

— تۈنۈگۈن ئاخشام بۇغراخان سارىيىدا كۆرگەنىدىم. يارىلانغان ئىكەن. ئىككى كېنىزىكى يۆلەپ بۇغراخان سارىيىغا ئېلىپ كىرگەنىدى.

— هە، سۆزلەۋېرىڭ.

— قۇماربىكە تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ: «مەن يارىلاندىم، لېكىن هاياتمەن. يۇغرۇش، هاجىپلار، سەركەردىلەر، ئوغلۇم ئىبراھىم بۇغراخان يولغا چىقىش ئالدىدا ئۆزۈڭلارنىڭ قىلغان ئەهدىڭلاردىن، بەرگەن ۋەدەڭلاردىن زىنھار ـ زىنھار يانماڭلار. يەنە ئون كۈن بەرداشلىق بەرسەڭلار، ئوغلۇم لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ، بەتبەخت ئېلىكخان، بەگيۇسۇپلەرنىڭ باغرىنى قان قىلىدۇ. ناۋادا، ئەهدىڭلاردىن يېنىپ ئەل بولۇشقا ئۇرۇنساڭلار، سىلەرنىڭ باغرىڭلارمۇ قان بولىدۇ. مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ، ئوردا ئىچى، سىرتىدىكى بارلىق نۆكەر، ياساۋۇللار، تۇرغاقلار، ياتغاقلار، ھەرەمدىكى كېنىزەك، ئاغۋات، خىزمەتكار، دېدەكلەر سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، قورقماستىن ئېلىكخاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا، ئوردىۇكەنتكە ئاياغ باستۇرماسلىققا قەسەمياد قىلىڭلار» دەپ ئەمر قىلدى. ھەممىمىز ئاللا نامى بىلەن قەسەم بەردۇق. پەرمانبەردار ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۇردۇق. ئۇ تەختتىن چۈشۈپ ھەرەمگە

كىرىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن كۆرمىدىم.
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئېلزادبەگ ئويلىنىپ قېلىپ سورىدى:
— ئوردا نۆكەرلىرىنىڭ سەردارىچۇ؟
— ئۇنىڭغا سېپىل ئۈستىدە يا ئوقى تېگىپ قازا قىلدى، جانابلىرى.
— شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئاچقۇچى كىمدە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟
— بىلىمەن ئالىيلىرى، ئىبراھىم بۇغراخان بارسغانغا مېڭىشتىن ئىلگىرىلا دەرۋازىۋەنلەربېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن بۆگۈشبەگدە.
— ئۇ ھازىر نەدە؟
— بىلمىدىم. بۆگۈشبەگمۇ تۇنۇگۇن ئاخشامدىن بېرى كۆرۈنمىدى.
«قۇمارىبىكەمۇ، بۆگۈشمۇ تۈنۈگۈن كەچتىن بۇيان ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن بولسا، ھەرەمدىمىدۇ ياكى باشقا بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغانمىدۇ؟» دەپ ئويلىغان ئېلزادبەگ ئوردىنى، ئوردا ئىشىكلىرىنى، ھەرەمنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئىككى يۈز، سېپىل، شەھەر دەرۋازىلىرىنى ساقلاشقا ئۈچ يۈز نەپەر سىپاھىنى ئاجرىتىشنى سەركەردە، سانغۇنلارغا بۇيرۇپ تۇرۇۋىدى، ئېلىكخان بىلەن بەگيوسۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئوردا ياساۋۇللار بېگىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ:
— ئوردىغا مەرھەمەت قىلغايلا ئالىيلىرى، — دەپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.
— بۇغرا تۆگە تەييار قىلىنغانمۇ؟ — دەپ سورىدى بەگيوسۇپ.
— ماۋۇ بىخەستەلىكىمنى قارىمامدىغان، بايا ئوردىنى تەكشۈرگەندە پادىشاھ ئاتخانىسىدا باغلاقلىق يەتتە بۇغرانى كۆرگەنىدىم. ئېلىپ چىقىشنى ئۇنتۇپتىمەن، ئاتا. ھازىر ئادەم

ئەۋەتەي، — ئىلزادبەگ جاۋاب بىرىپ، بىر يۈزبېشى بىلەن ئىككى نۆكەرنى ئالتۇن تۇش بىلەن بۇغرا تۆگىنى ئىلىپ كىلىشكە بۇيرۇدى.

ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن جانقورغان، دۆلەتباغ، قورغاندىكى تۇرالارغا ئورۇنلىشىش ئۇچۇن، شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىپاھلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈرۈپ كىتىشتى.

— قۇمارىبىكە قەيەرگە يوشۇرۇنۇۋالغاندۇ، ھەرەمدىمۇ يا؟ ئۇنى دەرھال تۇتۇش كىرەك، بەگيوسۇپ، — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان گويا ئۇ خوتۇننى مۇشۇ ئەتراپتا باردەك ھېس قىلىپ، يان ـ يىنىغا كۆز سالدى.

— قۇمارىبىكە جىننى ئۇسسۇلغا سالدىغان ئالۋاستى. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بىرى بۇغراخان جەمەتى ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ، ئۆزىنى نىقابلاپ كەلگەن شاياتۇن. سىزىلىپ قالغاندا چۇمپەردىسىنى چۆرۈۋىتىپ ئۆزىنى بىراقلا ئاشكارىلىدى. تۇتۇلۇپ قالسىلا، ئۆلتۈرۈلۈشىنى بىلىدۇ، ئالىيلىرى. شۇڭا، پۈتۈن ھىيلە ـ مىكرىنى ئىشقا سىلىپ، قولغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن قىچىپ تۇتۇلماسلىق كويىدا بولىدۇ. ئۇ يالماۋۇزنى تۇتۇشقا مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىش لازىم. ئۇنىڭ تونۇگۇن ئاخشامدىن بىرى، بۆگۈش بىلەن بىللە غايىب بولۇپ كىتىشىدە چوقۇم بىر سىر بار.

جىددىيلەشكەن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئىلزادبەگكە:

— سۇباشى، قۇمارىبىكەنى تۇتۇش ئۈچۈن ئوردۇكەنتنىڭ ھەرقايسى قوۋۇقلىرىنى، چىقىپ كەتكىلى بولىدىغان سىپىلنىڭ بارلىق يوچۇقلىرىنى كۆزىتىشكە چىچەن ئەييارلاردىن ئەۋەرتىڭ، — دەپ ئەمر قىلدى.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى. ھەرەمگىمۇ سىپاھ كىرگۈزەمدۇق؟ قۇمارىبىكە بەلكىم شۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن، — دىدى ئىلزادبەگ.

— ھەرەمگە ئاتاساغۇن دىلدارىبىكەنىڭ ئەمچى قوشۇنى

كىرسۇن، ئەر سىپاھلارنىڭ كىرىشىگە قەتئىي بولمايدۇ!
— ئەمرلىرىنى ئورۇنلايمىز ئالىيلىرى!
داۋان باغرىدا ئۇچراشقاندىن تارتىپ ئەمچى ئاياللار قوشۇنىغا دىلدارىبىكەنىڭ باش بولۇشىنى ئىلىكخاندىن ئۆتۈنگەن بۇۋىئايىشە ئوردىغا بىرىنچى بولۇپ ئاياغ باستى.
ئىلزادبەگ كىمخاب يوپۇق يېپىپ، ئالتۇن زەنجىرلىك چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ، تۇش باغلاپ جابدۇپ ئىلىپ كەلگەن بۇغرانى ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخاننىڭ ئالدىدا چۆكتۈردى.
— ئىلىكخان ئالىيلىرى، سۇۋار① بولغايلا.
ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان تۆگىگە مىندى. چۈلۈكنى تارتىپ بۇغرانى تۇرغۇزغان ئىلزادبەگ يېتىلەپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، بەگيۇسۇپ:
— ۋەلىئەھدى ئالىيلىرى، دەرھال ئورۇنلاشقا تېگىشلىك زۆرۈر بىر ئىش بار ئىدى. ئىجازەت بەرسىلە. يېقىر ئورۇنلاپ بولۇپ ئوردىغا كىرسەم، — دەپ توختىتىپ قويدى.
— نېمە ئىش ھاجىپ؟
— قوماربىكە، بوزاغۇلار زىندانغا تاشلىغان پېشۋالىرىمىزنى، ھۆرمەتكە سازاۋەر ھەققانىيەت تەرەپدارلىرىنى زىندان ئازابىدىن دەرھال قۇتۇلدۇرۇش ئالىيلىرى.
ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان داغدام ئېچىلغان ئوردا دەرۋازىسىغا بىر قارىۋېتىپ، ئىلزادبەگكە:
— بۇغرانى چۆكتۈرۈڭ! — دەپ بۇيرۇدى.
بۇغرانى چۆكتۈردى. ئىلىكخان يەرگە ئاياغ باستى.
— مەنمۇ سىز بىلەن بېرىپ ساداقەتمەن قېرىنداشلىرىمنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ئوردىغا بىللە كىرەي. مېنىڭ ئوردۇكەنتنى پەتھى قىلىشىم، يالغۇز تەختكە چىقىش ئۈچۈنلا ئەمەسقۇ، — دېدى ئۇ مېڭىشقا تەمشىلىپ.

① سۇۋار — مىنىش.

— ئارى شاھىم، بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلارنى دوست تۇتقان، ئۇلارغا زۇلۇم قىلماي، ھۆرمەتلەپ تايانغان پادىشاھنىڭ تەختى مۇستەھكەم، كۆڭلى ئەمىن بولىدۇ.

ئۇلار ئوردىدىن ئانچە يىراق بولمىغان زىندانغا بىردەمدە يېتىپ كېلىشتى. ۋەھىمە سېلىپ قارىيىپ تۇرغان زىندان ئىشىكىدە قاراۋۇللار كۆرۈنمەيتتى. قاچقانمۇ، ئەسىر چۈشكەنمۇ تېخى مەلۇم ئەمەس ئىدى. بىرىنچى بولۇپ بەگيۈسۈپ زىنداننىڭ قاراڭغۇ قورۇسىغا كىردى. ئارقىدىن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان، جاندار، يۇرتۇغلىرى بىلەن قەدەم باستى.

زىندان قورۇسىنى ئەخلەت بېسىپ كەتكەنىدى. جىمجىت ئىدى. پۇتىنى سۆرەپ ماڭغان بىر قېرى گۇندىپاي ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى، بەگيۈسۈپنى تونۇپ تىزلاندى.

— بۆگۈ بىلگە جانابلىرى، ئۆزلىرى كەپلا — دە. زىندان باشى گۇندىپايلار بىلەن تېخى بايىلا ئالدىراپ — تېنەپ قېچىپ كېتىشتى. دىدارلىرىنى يەنە بىر كۆرۈشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتىم. خۇدايىم بۇ تىلىكىمگە ئاخىر يەتكۈزدى. ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايدۇ، ھەزرەتلىرى. ھەربىرلىرىنىڭ ئالدىدا مەن گۇناھكار.

بەگيۈسۈپ ئۆزىگە ۋە باشقا مەھبۇسلارغا ئىللىق مۇئامىلىدە بولغان بۇ گۇندىپايىنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. مەرھۇم زىندان باشى بەردىبەگنىڭ يېقىنى بولغان بۇ ئادەم شۇ چاغلارنى ئەسلەپ يىغلاپ كەتتى.

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئاتىلىرى مەرھۇم بۇغرا قاراخاننىڭ ۋەسىيىتىنى كۆپچىلىككە بىلدۈرگەن ئادەم مۇشۇ. ئۇ خان ئاتىلىرىغا ئوبدان قارىغان، — دەپ تونۇشتۇردى بەگيۈسۈپ.

گۇندىپاي ئېلىكخاننىڭمۇ كەلگىنىنى بىلىپ يەرگە باش قويدى:

— ئالىيلىرى، تونۇيالماپتىمەن. گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىپتىمەن، — دېدى ئۇ سەمىمىي ھالدا.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئاغا. سىز گۇناھكار ئەمەس، مەن بىلدىم.

— زىنداندا ھازىر كىملەر بار؟ — سورىدى بەگيۈسۈپ ئورنىدىن تۇرغان گۈندىپايدىن.

— زىنداندا ئادەم كۆپ. چاھ[①]دا بۆگۈ بىلگەلەر، بوغۇغلار، يۇغرۇش، ھاجىب، سانغۇن سەركەردىلەر بار. ئاۋاختىدا[②] مەدرىسەلەردىن تۇتقۇن قىلىنغان تالىپلار، سودىگەر، ھۈنەرۋەن كاسىپلار بار، ھەزرەتلىرى.

— بىزنى ئاۋۋال چاھلارغا باشلاپ بېرىڭ.

— خوپ ھەزرەتلىرى.

گۈندىپاي زىنداننىڭ ئارقا قورۇسىدىكى تىكەن، مۇخ، يانتاق ئۈنۈپ كەتكەن شورتاڭغا باشلاپ باردى. بۇ يەردە بىر - بىرىدىن يىراق بولمىغان يەتتە - سەككىز چاھ بار ئىدى. جاندارلار چاھ ئاغزىدىكى تاش ياپقۇلارنى ئالدى، چاچ - ساقاللىرى كۆكسىگە چۈشكەن مويسىپىتلارنى ئارقا - ئارقىدىن تارتىپ چىقاردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كىشى قارا! — دەپ غۇلاچ يايغان بەگيۈسۈپ، ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق ساقال، ئاق چاچ كىشىنى قۇچاقلىۋالدى.

بۇ ئاتاقلىق ئالىم ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ كاشغەرىي ئىدى. ياداپ بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئالىمنىڭ كۆز نۇرى ئاجىزلىشىپ، ئۈچۈشكە يۈزلەنگەن شامدەك خىرەلىشىپ قالغانىدى. بەگيۈسۈپنى ياغاق باغرىغا بېقىپ ئۇزاقىچە قويۇۋەتمىدى. كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ياش ئاقىرىپ كەتكەن ساقاللىرىغا ئاقتى.

— كىشى قارا، مەن شاگىرتلىرىدىن ئۆزلىرىگە سالام، — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم

① چاھ — چوڭقۇر كولانغان ئورا (زىندان). قۇدۇق مەنىسىنىمۇ بىرىدۇ.
② ئاۋاختا — قاراڭغۇ ئۆي (زىندان، تۈرمە).

قىلدى، — دىدارلىرىنى كۆرمىگىلى ئۇزاق يىللار بولغانىدى. قەدىرلەشكە تېگىشلىك بولغان ھەزرەتلىرىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، بۇرۇنراق لەشكەر تارتىپ كەلمىگىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلىك ساناپ، خىجىل بولۇۋاتىمەن.

— ئۇنداق دېمىسىلە ۋەلىئەھدى. ھەربىر ئىشنىڭ ۋاقتى - قارايى بار. دەل سائىتىدە كەلدىلە. بىزنى يوقلاپ زىندانغا كەلگەنلىرىدىن خۇشاللىقتا چۆمۈلدۈم. تېنىمگە قايتىدىن جان كىرگەندەك بولدى. رەھمەت ئالىيلىرى.

ساچىيە، خانلىق مەدرىسەلىرىنىڭ مۇھەممەد بىننى ئەل كاشغەري باشلىق ئاتاقلىق مۇدەررىسلىرى، بىرقانچە يۇغرۇش، ھاجىپلار، سانغۇن - سەركەردىلەرمۇ چاھدىن چىقىرىلدى. بەگيۇسۇپ ھەممىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

قاماقلىق نەچچە يۈز سودىگەر، ھۈنەرۋەن، كاسىپلار، ساچىيە، خانلىق مەدرىسەلىرىنىڭ پىداكار ئۆگرەنچىلىرىمۇ قاراڭغۇ، زەي ئاۋاختىدىن چىقىپ كەچ كۈزنىڭ ئىللىق ئاپتىپىغا چۆمۈلدى.

— جانابلار! ئاللادىن مىننەتدارمەنكى، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرىپى، پەخرى بولغان ھەربىرىڭلارنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇش ئارزۇيۇمغا ئاخىرى يەتتىم. ئەمدى سىلەر بۇغراخان جەمەتى ۋە ئاۋام تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ ياشايسىلەر، بۇ ئاخشام شەرىپىڭلار ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان بەگ تەركىسى — ھۆرمەت ۋە ئىكرامىمىزنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغۇسى. قاتنىشىپ بىرىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن، — دېدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ.

ئۇلار بەگ تەركىسىگە قاتنىشىشنى شەرەپ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئېلىكخانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى ۋە بەگيۇسۇپكە ئەگىشىپ مېڭىشتى.

ساپ ھاۋا، ئالتۇن رەڭلىك كۈن نۇرى، ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان يورۇقلۇق، ئەركىن - ئازادىلىك ئۇلارنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن تېنىگە، ئۇپرىغان جېنىغا دەرمان كىرگۈزۈپ

روھلاندۇرماقتا ئىدى. زىندان، ئاۋاختىلاردا ياتمىغان ئادەم بۇنى ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ.

بەگيۇسۇپ ئۇلارنى ئوردىدىكى پادىشاھ مۇنچىسىغا ئېلىپ باردى. ھاممامنىڭ خىزمەتچىلىرى ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك ئالدىراش بولمىغانىدى. بۇنچە كۆپ ئادەمگە سۇ ئىسسىتىپ ئۇلگۇرتۇش ئاسان ئەمەس ـ دە. لۆڭگە، سوپۇنلار يېتىشمەي نەچچە قېتىم بازاردىن ئېلىپ كېلىندى.

چاپان بازىرى، ئۆتۈك بازىرى، دوپپا بازارلىرىمۇ ئېلىكخاننىڭ ئەمرى بويىچە كەلگەن ئوردا خىزمەتچىلىرى بىلەن ئاجايىپ قىزىپ كەتتى. تون، شىم ـ چاپان، كۆڭلەك ـ تامبال، ئۆتۈك ـ مەيسە، دوپپا ـ مالىخاي، تۇماق ـ قالپاق قاتارلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېتىۋېلىپ ھارۋا ـ ھارۋىدا ئوردىغا ماڭدۇردى.

ھاممامدا ئۇدۇللۇق يۇيۇنۇپ چىققانلار ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان يېڭى كىيىملەرنى كىيىشىپ بەگ تەركىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەت زالىغا قاراپ مېڭىشتى. شۇ ئان ئۇلارنى زىنداندىن چىققان دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى قاراڭغۇ چاھدا، كۈن نۇرىنى، بالىچاقىلىرىنى سېغىنىپ ئازابلانغان بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلار مانا ئەمدى شام چىراغلار نۇرىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن ھەشەمەتلىك سارايدا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئالدىلىرىغا دۇنيانىڭ ھەممە نازۇ نېمەتلىرى قويۇلغانىدى...

ئىنسان ئۆمرىدە نېمىلەرنى كۆرمەيدۇ ـ ھە !

بەگيۇسۇپ كۈمۈش جاملارغا قۇيۇلغان ئانار شەربىتىنى ئۇلارغا تۇتتى. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئۇلارنىڭ زىنداندىن سالامەت چىققانلىقىنى چىن قەلبىدىن تەبرىكلىدى:

ـــ بۈگۈن ناھايىتى خاسىيەتلىك كۈن بولدى، جانابلار. بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپنىڭ دەۋىتى بىلەن ئوردۇكەنتنى پەتھى قىلىپ، بۇ بەگ تەركىسىنى ئۆتكۈزۈشكە مۇيەسسەر قىلغان تەڭرىدىن مىننەتدارمەن. ئۇلۇغ تەڭرى بىز بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان

ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغان بوّگوّ بىلگە، بوغۇغلىرىمىز، زەردار، سودىگەر، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلىرىمىز، ئوقۇمۇشلۇق تالىپلىرىمىزنى زىندان ئازابىدىن قۇتقۇزدۇق. مەن ئۇلارنىڭ ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى ياقىلاپ، ئاسىي بەتنىيەتلەرنىڭ تەھدىت، زۇلمىدىن قورقماي، باھادىرلارچە كۈرەش قىلغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى مانا شۇ ساداقەتمەن قېرىنداشلىرىمىغا تاپشۇرىمەن. قارا نىيەت ئاسىي قۇماربىكە گەرچە قاچقان بولسىمۇ، نەچچە يىلدىن بېرى ئەلنى قاقشىتىپ توپلىغان بايلىقىنى ئېلىپ كېتەلمىدى. ئوردا خەزىنىسى ۋە ھەرەم قەسىرلىرىدە يوشۇرۇن ساقلىنىۋاتقان ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنىڭ ھەممىسىنى خانلىقىمىز ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدۇق. بىز بۇ زور بايلىقنى مەملىكىتىمىزنى قۇدرەت تاپتۇرۇش، ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن سەرپ قىلىمىز. تەنتەنە بىلەن جاكارلايمەنكى، ئوردۇكەنت دىيارىدىكى تارىقچى[①]، يىلقىچى[②]لاردىن ئۈچ يىلغىچە سېلىق، ئالۋان ـ ياساق ئېلىنمايدۇ. سىپاھلار، دۆلەتنىڭ ئەمەلدار ـ خىزمەتچىلىرى ئامبارلاردىكى ئېشىنچا ئاشلىق بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ. تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلاردىنمۇ باج ئېلىنمايدۇ. مەدرىسە، مەكتەپلەرنى كۆپەيتىش، بىلىك ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى تۈمەن سەر ئالتۇن ئوردا خەزىنىسىدىن سەرپ قىلىنىدۇ.

— بارىكاللا ـ بارىكاللا! ئېلىكخان ئالىيلىرى، تارتقان جاپا ـ كۈلپەتلىرىمىز بىكارغا كەتمەپتۇ. ئاللا ئۆزلىرىگە، بەگيۈسۈپ جانابلىرىغا رەھمەت قىلسۇن. ياردىمىنى ئايىمىسۇن، — دېيىشتى ئۇلار.

ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ كاشغەرىي زىياپەت

① تارىقچى — دېھقان، يەر تېرىغۇچى.
② يىلقىچى — چارۋىچى.

ئاخىرلىشاي دېگەندە، ئۆزىنىڭ خۇشلۇقى ۋە ئەندىشىسىنى بىلدۇرۇپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى:

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، بەگيۇسۇپ جانابلىرى، مەرھۇم بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى بىلەن ھەققانىيەت ۋە ئادالەت ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، تاجۇتەخت ئاسىي بەتنىيەتلەرنىڭ زەھەرلىك چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئەلھەمدۇلىللا، ھەربىرلىرى لەشكەر باشلاپ باستۇرۇپ كېلىپ، ئاسىي سۇيىقەستچىلەرنى مەغلۇپ قىلىشتىلا. بىزنى زۇلمەتتىن قۇتقۇزۇشتىلا. خۇشلىقىمىز دىل قاچىمىزغا سىغماي كۆزلىرىمىزدىن تاراملىدى. بىراق، ياۋۇز قان ئىچەر شاياتۇن قۇمارىبىكە قېچىپتۇ. ئۇنىڭ نەدىلىكى مەلۇم ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە پۈتۈن مەملىكەتنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن توققۇز تۇغلۇق لەشكەر بىلەن ئاتلانغان ئىبراھىم تېگىن، بوزاغۇلار قان تۆكمەكتە. بۇلار بىرلىشىۋالسا ئېلىمىز ئۈچۈن يەنە چوڭ بالا بولىدۇ. بىز بۇ يەردە يەپ ـ ئىچىپ شاد ـ خۇرام ئولتۇرغىنىمىز بىلەن ئۇلار تىنچ ياتمايدۇ. بىگۇناھ خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ. قۇزئوردۇدىن ئادالەت، ھەققانىيەت دەپ قوزغالغان ئىكەنسىلەر، ئوردۇكەنتتە توختاپ قالماڭلار. ئاسىي قارانىيەتلەرنى تەلتۆكۈس يوقاتمىغۇچە توختىماي ئالغا بېسىڭلار. باش ئۇستىگە كۆتۈرگەن قىلىچىڭلارنى قىنىغا سالماڭلار. مېنىڭ كۈتىدىغان ئۈمىدىم مۇشۇ، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، توغرا دېدىمۇ، دېگەندەك قىلىپ بەگيۇسۇپكە قارىدى.

— ئەلۋەتتە، كىشى قارا، ناھايىتى توغرا ئېيتتىلا. ئېلىكخان ئالىيلىرى توختاپ قالماقچى ئەمەس. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاتلىنىپ، قۇمارىبىكە، ئىبراھىم تېگىنلەر قەيەردە بولسا شۇ يەرگە يۈرۈش قىلىدۇ، ئۇلارنى جازالىمىغۇچە زادى توختىمايدۇ.

ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان بەگيۇسۇپنىڭ جاۋابىدىن بىر بېشارەتنى سېزىپ كۈلۈمسىرىدى...

## ئون توققۇزىنچى باب

# بارسغاندىكى قانلىق جەڭ

## 1

بارسغاننى ئالالمىغانسېرى ئىبراھىم تېگىننىڭ سەپراسى ئۆرلەپ كەتتى. مۇڭغۇزنىڭ شەھەرگە بېسىپ كىرىشىگە شۇنچە ئىشەنگەنىدى. ئۇنىڭ چاپاۋۇل قىسمى ئارقا ـ ئارقىدىن زەربىگە ئۇچراپ، چېكىنگەندىن كېيىن، باشقا قوشۇنلارمۇ شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىن بارالمىدى. ئەرۋاھى ئۇچقان ئىبراھىم تېگىن:

— قورققاقلار، نان قېپىلار، لالمىلار! نەرە تارتىپ شەھەرگە بېسىپ كىرەلمىگەندىن كۆرە، ئۆلۈشەڭ بولمامدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ تەختتىن چۈشتى ـ دە، مەنچاناقتىن ئاتقان تاش تېگىپ پۈتى سۇنغان بىر سەركەردىگە كەينى ـ كەينىدىن قىلىچ ئۇردى.

— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا بۇغراخان ئالىيلىرى، جەڭ ئەمدىلا باشلاندىغۇ. ئىنال تېگىننىڭ سىپاھلىرى ئوق، تاش ئېتىپ ھاردۇ. بىزمۇ بارسغان قەلئەسىگە بېسىپ كىرمەي قالمايمىز، — دەپ ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچنى ئېلىۋالدى بوزاغۇ. بولمىسا شۇ ئاچچىقىدا باشقا سەركەردىلەرنىمۇ چېپىۋەتكەن بولاتتى.

«ئەگەر ماڭا چېقىلسا، قولىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن» دەپ بىر چەتتە ھۈرپىيىپ تۇرغان مۇڭغۇزغا كۆزى چۈشكەن بوزاغۇنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى، چۆچۈدى. يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا پۈشۈلداپ ئولتۇرغان دوقاقبەگكە قارىدى. ئېلىكخان بولۇش تەمەسىدە، سىپاھلارنىڭ شەھەرگە تېزرەك بېسىپ كىرىشىنى

تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان بۇ ئادەم مۇشۇ تاپتا ئۈمىدسىزلىنىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغانىدى.

— سېپىل ئاستىدىكى سۈڭگۈچ، ھاۋادانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىۋېتىش كېرەك، ئالىيلىرى، — دېدى مۇڭسۇز بىردىن زۇۋان سۈرۈپ، ئۇ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلگەن ئىبراھىم تېگىنگە قاراپمۇ قويماي سۆزىنى داۋام قىلدى، — شۇنداق قىلغاندا ئۇزاق ئۆتمەي دەرۋازىنى ئىنال تېگىن ئۆزى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئىبراھىم تېگىن تۇرۇپ قېلىپ، قىلىچ بىلەن ئەمەس، قولى بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— كاللىڭىز بار ـ دە، سىزنىڭ چاپاۋۇللار باشى، ئادەم دېگەن ئۇسسۇزلۇققا بەش كۈندىن ئارتۇق چىدىمايدۇ. شۇنداق بولسۇن ! — دېدى. ئاندىن بوزاغۇغا كۆز ئىكىپ پەرمان چۈشۈردى، — سېپىل ئاستىدىن ئۆتىدىغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى چۆل ـ جەزىرىلەرگە قويۇپ بېرىلسۇن. سۈڭگۈچ، ھاۋادانلار تامامەن ئېتىۋېتىلسۇن !

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى ! — بوزاغۇ بىرقانچە ۋەزىر، سەركەردىلەرنى ئېلىپ خانتويدىن چىقىپ كەتتى.

— توققۇز تۇغلۇق شۇنچە كۆپ سىپاھ بىلەن جەڭ قىلماي شەھەر سىرتىدا يېتىۋېرەمدۇق؟ سىلەردە جۈرئەت بارمۇ ـ يوق؟ — ئىبراھىم تېگىن كايىپ سانغۇن ـ سەركەردىلەرگە ئالايدى.

يەنە مۇڭسۇز بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— جۈرئەت بار، ئالىيلىرى. ئىنال تېگىن بىزدىن قورققانلىقى ئۈچۈن قەلئەگە كىرىۋالدى. جەڭ مەيدانىغا كىرىپ مۇبارىز تەلەپ قىلساقمۇ، ئۇلار ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. پەقەت سېپىل ئۈستىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپلا يادىن ئوق ئۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭغا پىسەنت قىلماسلىق كېرەك. ئوبدان ئارام ئالغاچ بىرنەچچە كۈن كۈتۈش بىزگە پايدىلىق. ئۇلارنى ئۇسسۇزلۇق قىينىغاندا، دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ھالدا لەشكەرلىرىمىز ھېچقانداق توسقۇنلۇققا

ئۆچرىماي بارسغاننى ئىشغال قىلىدۇ. شاھىم، بىئارام بولمىسۇنلەر.

ئىبراھىم تېگىننىڭ كۆڭلى ئارامغا چۈشتى. ئۇ خانتويدىن چىقىپ، ئالاھىدە تىكىلگەن ئۆزىنىڭ خاس چېدىرىغا كىردى. ئەينەككە قاراپ ئولتۇرغان خانىش ئەپرۇزە ئېرىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ، بويۇن تولغاپ كەينىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى. خوتۇنىنىڭ نازلىنىۋاتقىنىنى بىلگەن ئىبراھىم تېگىن شاھانە مەخمەل تونىنى سېلىپ كىمخاب كۆرپىگە تاشلىدى. ئالتۇن تاجىنى خوتۇنىنىڭ زىبۇ زىننەتلىرى ساقلىنىدىغان كۈمۈش ساندۇق ئۈستىگە قويدى.

— شاراب كەلتۈرۈڭ، — دېدى ئۇ بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

سەللا بوش تۇرسا بېشىغا مىنىۋالىدىغان خوتۇنىنىڭ خۇيىنى ئوبدان بىلىدىغان ئىبراھىم تېگىن ئىچىمدىكىنى تاپ دەپ گۆشىيىپ ئولتۇرۇۋالغان ئەپرۇزە خانىشقا قوپال تېگىپ بىر دەمدە پىلىكتەك مۇلايىم قىلىۋەتتى. گۆلىيىپ تۇرغان ئېرىنى ئەينەكتە كۆرۈپ قويقان خانىش بېلىنى تولغاپ يەرگىچە ئېگىلدى.

— خاقانىم، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن. ئەجەب كەلگەنلىرىنى بىلمەي قاپتىمەن، — ئۇ چېدىرنىڭ بۇلۇڭىغا تىزىپ قويغان خۇمىرىدىن بىرنى ئېلىپ كەلدى. جامغا شاراب قۇيدى، — يەنە ئىككى خۇمرىلا قالدى. تۈگىسە قانداق قىلغۇلۇق؟

— غەم يېمەڭ، بىكەم. بارسغاننى ئالغاندىن كېيىن شارابقا چۆمۈلۈپ كېتىمىز، — ئىبراھىم تېگىن خوتۇنى سۇنغان جامنى ئېلىپ بىر كۆتۈرۈشتە بوشاتتى.

— بارسغاننى قاچان ئالىلا شاھىم؟

— بەس! قورۇق گەپنى قويۇپ، ئوقەت كەلتۈرۈڭ.

ئەپرۇزە خانىش تاشقىرىغا چىقىپ كېنىزەكلەرگە تامغالىق[1]

---

[1] تامغالىق — مەخسۇس بۇغراخان ئۈچۈن ئېتىلگەن تاماق، نازارەتچى تەكشۈرۈپ زەھەرسىز دەپ تامغا باساتتى، شۇڭا تامغالىق دېيىلەتتى.

كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپ كىردى.

— شاھىم، سىلى بۇغراخان بولغاندىن بېرى بەكمۇ قوپاللىشىپ كەتتىلە. گەپ قىلسامىلا دەشنەم يەيمەن...

— بەس ! يەنە ۋاتىلدىغىلى تۇردۇڭمۇ ! ياۋاش، مۇلايىم ئادەم بۇغراخان بولالمايدۇ. قىلىچىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان، سۈرىدىن ئادەملەر دىر - دىر تىترەيدىغان ئالىپ خانزادىلەر بۇغراخان بولالايدۇ، بىكەم.

— ئەپۇ قىلسىلا ئالىيلىرى، بىلمەي سوراپ سالپتىمەن.

كېنىزەكلەر تامغالىقنى كەلتۈردى. غاز گۆشى بېسىلغان پولۇ، بۇغا، بۆجەن گۆشلىرىدە قىلىنغان كاۋاپ، قۇشقاچ گۆشىدە ئېتىلگەن چۆچۈرە داستىخانغا قويۇلدى. ئىبراھىم تېگىن يەپ - ئىچىپ كېرىلىپ ئەسنىدى.

— يوتقان سېلىڭ، بىكەم.

— شاھىم كۈن پاتماستىن ئىلگىرى يوتقانغا كىرىۋالسىلا، يۇغرۇش، سانغۇنلار نېمىدەپ قالار؟ — دېدى خانىش.

— بۇغراخان دېگەن ھېچكىم تىل تەگكۈزەلمەيدىغان، دېگىنىنى قىلىدىغان شاھىنشاھ، بىكەم. كۆڭلۈم ھازىر يوتقاننى، سىزنى تارتىۋاتىدۇ. شۇڭا، يوتقان سېلىنىشى كېرەك. كۆڭلۈم شىكارنى تارتسا شىكار قىلىمەن، كۆڭلۈم جەڭنى خالىسا جەڭ قىلىمەن. بىلدىڭىزمۇ؟

— بىلدىم، شاھىم، سىلى تەڭداشسىز خاقان.

خانىش ئۇنى ماختاپ تۇرۇپ يوتقان سالدى، ئىپار چاچتى.

— ئۇچامنى سىلاڭ، — يوتقانغا كىرگەن ئىبراھىم تېگىن ئوڭدا ياتتى.

خانىش قىڭغىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ تېنىنى سىلاشقا تۇتۇندى.

جالاق - جۇلۇق قىلىپ ئېچىلىپ كەتكەن چېدىر ئىشىكىدىن كىرگەن قۇيۇن ئۇلارنىڭ ھۇزۇرلۇق كەيپىنى بۇزۇۋەتتى. خان چېدىرنىڭ ئىچى توپا - توزانغا تولدى.

— نېمە ئىش بۇ؟ ئىشىكنى ئېتىپ قويۇڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ئىبراھىم تېگىن.

كېنىزەكلەر چۇقان سېلىشتى. جاندارلار، ياساۋۇللار ئومۇت، گۇرزىلەر بىلەن ئىشىكنى تاقىۋەتتى. ھەممىشە يېقىقلىق تۇرىدىغان شام ـ چىراغلار ئۆچۈپ چېدىر قاراڭغۇلاشتى. ئەپرۇزە خانىش قوپۇپ، شام چىراغلارنى ياندۇرۇپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئىبراھىم تېگىن قولىدىن تارتىپ ياتقۇزدى.

— يېتىڭ، غۇنچىنىم يېتىڭ، كارىڭىز بولمىسۇن. ئۇچامنى تۇتۇڭ.

— بۇ بوران بۈگۈن چىقمىسا بولاتتى. ئەمدى قاچان توختار شاھىم؟ — دېدى خانىش ئۇنىڭ گۆشلۈك مەيدىسىنى سىلاپ.

— بۈگۈن چىقسا نېمە بوپتۇ؟ ئىسسىق ئورۇندا ياتىمىزغۇ، بىكەم.

— بۈگۈن چىقسا پات توختىمايدۇ، شاھىم. بۈگۈن دېگەن شەنبە. «جۈمە چىققان بوران شەنبە توختار، شەنبە چىققان بوران قاچان توختار» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولغىيدىلە شاھىم؟

— ئاڭلىغان، بىكەم. ئەنسىرىمەڭ. بوران چىقسا چىقمۇەرسۇن. بىز يامغۇر ياغدۇرىمىز، سىلاڭ.

بوران بارغانسېرى ئەدەپ، تاشقىرىدىكى سىپاھلارنىڭ كۆزلىرىنى ئاچۇرماي قويدى. ئۇلار چېدىرغا كىرىۋېلىپ چىقالماي تازا زېرىكىشتى. ئاشپەزلەر ئوچۇقچىلىقتا تاماقمۇ ئېتىپ بېرەلمەي، قۇرۇق نانغا قالغان سىپاھلار بەك قىينالدى.

دېگەندەك بوران بىر ھەپتە داۋام قىلىپ، قانداق ئۇشتۇمتۇت باشلانغان بولسا، شۇنداق تۇيۇقسىز توختاپ قالدى.

چېدىردا يېتىۋېرىپ زېرىككەن ئىبراھىم تېگىن سىرتقا چىقتى. بارلىق سىپاھلارمۇ تاشقىرىغا چىقىۋالغانىدى. ئۇ ئەتراپقا كۆز سالغان ھالدا خانتويىغا كىرىپ تەختكە چىقتى. ۋەزىر، سۇباشى، سانغۇن ـ سەركەردىلەر ھۆرمەت كۆرسىتىپ تەزىم قىلىشتى.

— بۇغراخان ئالىيلىرى، تەڭرى نۇسرەت ئاتا قىلغاي، — دەپ سۆز باشلىدى بوزاغۇ، — ئەمىرلىرىگە بىنائەن شەھەرگە سۇ كىرىدىغان ئون ئىككى سۇڭگۇچ، ھاۋادان، يوچۇقلار توسۇۋېتىلدى. ئەمدى بايبەگ ئىنال تېگىنىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئەل بولماقتىن باشقا ئىلاجى قالمىدى.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، قەيسەربەگ. ئوردۇكەنتتىن خەۋەر بارمۇ؟

— يوق ئالىيلىرى. ئەتە - ئۆگۈن كېلىپ قالار.

— ئاپامنى چۈشەپ قاپتىمەن، ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، تاغا.

بوزاغۇ ئۆزىنى ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ «تاغا» دەپ ئاتىغىنىدىن ۋەزىر - سەركەردىلەرنىڭ غەلىتىلىك ھېس قىلغىنىنى ئۇلارنىڭ قارىشىدىن سېزىپ، دەررۇلا:

— خاقانىم، پېقىر قۇللىرىنى تاغا دەپ ئاتاپ بېشىمنى كۆككە يەتكۈزدىلە. بۇنىڭ ئۈچۈن مىڭ جېنىم بولسىمۇ بارىنى ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن پىدا قىلىمەن، — دېدى ئىبراھىم بۇغراخانغا مەنىلىك قاراپ.

— يۇغرۇش باشى، گەرچە سىز بۇغراخان جەمەتىدىن بولمىسىڭىزمۇ، تاغامدەك بولۇپ قالدىڭىز. ئاتام قازا قىلغاندىن بۇيان سىزنى، دوقابەگ جانابلىرىنى ئاتامدەك، تاغامدەك كۆرۈپ تەسەللى تېپىپ كېلىۋاتىمەن، ھۆرمىتىڭلارنى قىلالمىدىم. تۈنۈگۈن كېچە ئاپامنى چۈشەپ قېلىپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالدى، — ئىبراھىم تېگىنمۇ سۆزدە كەتكۈزۈپ قويغىنىنى تۇيۇپ، چۈشەنچە بەردى.

— قانداق چۈشەپ قاپلا ئالىيلىرى؟ — بوزاغۇ بىلەن دوقابەگ تەڭلا سورىدى.

— ئاپامنى بۆرە يەپ كېتىپ چۈشەپتىمەن، ئەنسىرەپ قالدىم.

دوقابەگ:

— دىدار كۆرۈشىدىكەنلا ئالىيلىرى، — دەپ تەبىر بەردى.

بوزاغۇ باش چايقاپ لېۋىنى چىشلىدى. مۇڭسۇزنىڭ سورلۇك چىرايىدا يەنە مەسخىرە كۈلكىسى پەيدا بولدى.

— مېنىڭ شىكار قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، يۇغرۇش باشى. بۇ ئەتراپتا ئاڭ كۆپ ئىكەن، — دېدى ئىبراھىم تېگىن ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرغان بوزاغۇغا.

— نېمە دېدىلە ئالىيلىرى؟ ئاڭلىيالماي قالدىم.

ئىبراھىم تېگىننىڭ غۇزژىدە ئاچچىقى كەلدى:

— قۇلىقىڭىز گاس بولۇپ قالدىمۇ؟ شىكارغا چىقايلى دەۋاتىمەن.

بوزاغۇ قويۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى:

— خاقانىم، بىز دۈشمەننىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. شىكارغا چىقىش خەتەرلىك. بولۇپمۇ ئالىيلىرى شىكارغا چىقسىلا بىز خاتىرجەم بولالمايمىز.

ئىبراھىم تېگىن ئېغىر تىندى.

— بۇغراخان ئالىيلىرى، يەنە بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن دەل ــ دەرەخلەر، زىرائەتلەرگە ئۈششۈك تېگىدۇ. ئۈششۈك تەگدى دېگەن سۆز، قىش كىردى دېگەن سۆز. شۇڭا، جىددىي ئاتلىنىپ بارسىغانىنى ئېلىش ئۈچۈن پەرمان چۈشۈرگەيلا، — ئورنىدىن تۇرغان دوقاقبەگ دەرھال جەڭنى باشلاشقا دەۋەت قىلدى. بىرقانچە سانغۇن، ۋەزىرلەر ئۇنى قوللاپ پەرمانبەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

— پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتسەك، ئۆلۈكلىرىمىزنى سېپىل تۈۋىدە قالدۇرۇپ چېكىنىشكە يەنە مەجبۇر بولىمىز، دوقاقبەگ جانابلىرى. ھاجىبۇل ھۇججاپلىق كۆرسىدىن ئايرىلماي ئوردۇكەنتتە قالغان بولسىلىرى جەڭ ئازابىنى تارتماي ھالاۋەتتە ئۆتەتتىلە. خەيرىيەت، ھېلىھەم قايتىشلىرىغا مەسلىھەت بېرىمەن، — دېدى مۇڭسۇز چىڭ ــ چىڭ سۆزلەپ. ئۇ قوپۇپ تەخت ئالدىغا كەلدى، — بۇغراخان ئالىيلىرى، سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، مەنچاناق، سالغا بىلەن بارسغان

قەلئەسىنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي تاش بوران قىلىش كېرەك. بارلىق مەرگەنلەرمۇ سېپىلغا ئوق ياغدۇرۇپ، ئىنال تېگىن سىپاھلىرىنى باش كۆتۈرتمەي ھالسىرىتىشى لازىم. تۆتىنچى كۈنى مانا مېنىڭ چاپاۋۇللىرىم بىر ھۇجۇم بىلەن بارسغاننى ئالىدۇ. ئىنال تېگىننى تۇتۇپ ئالىيلىرىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرىدۇ. خائىن ھوشۇربەگنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، سازايى قىلىدۇ. پەرمان چۇشۇرگەيلا!

ئىبراھىم تېگىن ئۇنى ئۆچۈپ كەتكەن دوقاقبەگكە، ئاندىن بىر نەرسە دېمەكچى بولغان بوزاغۇغا كۆز سالدى ـ يۇ، زۇۋان سۇرمىدى.

— خاقانىم، چاپاۋۇللار باشى مۇڭسۇز ناھايىتى ئوبدان تەكلىپ بەردى. سۇباشى دوقاقبەگ جانابلىرىنىڭ دەرھال ئاتلىنىپ جەڭنى باشلاشقا دەۋەت قىلىشىمۇ ئورۇنلۇق. ئاۋۋال بارسغان قەلئەسىنى تاش بوران قىلىش، سېپىلدىكى سىپاھلارنى ئوققا تۇتۇشمۇ ئۇنىڭ جەڭ پىلانىدا يوق ئەمەس. دېمەك، دوقاقبەگ بىلەن مۇڭسۇز بەگنىڭ پىلانىنى تامامەن بىردەك دېيىشكە بولىدۇ، ئالىيلىرى. پەرمان چۇشۇرگەيلا، — بوزاغۇنىڭ ھەرئىككىيلەنگە ياخشىچاق بولۇپ قىلغان سۆزى مۇڭسۇزبەگكە ياقمىدى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىغان بوزاغۇغا ئالىيىپ، «خەپ مەككارا ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم» دەپ ئىچىدە خەپلەپ قويدى. ئىبغىز ئېچىپ بىر نېمە دېمىدى. ئىبراھىم تېگىن:

— ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ ئۈچ كۈن بارسغان قەلئەسى تاش بوران قىلىنسۇن. ئىنال تېگىن سىپاھلىرى ئوققا تۇتۇلسۇن! — دەپ ئەمر قىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ، يۇزلىگەن مەنچاناق، مىڭلىغان سالغا بىلەن ئېتىلغان چوڭ ـ كىچىك تاشلار بارسغان شەھىرىگە مۆلدۈردەك ياغدى. سېپىل تۇۋىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر ۋەيران بولۇپ، ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەردىن بەزىلىرى زەخىملەندى. باشلىرى يېرىلىپ، كۆزلىرى قۇيۇلدى. بۆشۈكتىكى بىرقانچە

بوۋاق، سەبىي باللار تاش تېگىپ ئۆلدى. كىشىلەر ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى...

نەچچە مىڭ يادىن سىپىل ئۈستىگە ئېتىلغان ئوق ئىنال تېگىن سىپاھلىرىنى باش كۆتۈرگۈزمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئالدىرىماي ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. ئۆلگەن، يارىلانغانلار كۇنسېرى كۆپەيدى.

تاش بوران قىلىشنىڭ ئۈچىنچى كۈنى چاشكا ۋاقتىدا، لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەن توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخاننىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تۇساتتىن پەيدا بولۇپ قېلىشى ئىبراھىم تېگىننىلا ئەمەس، بوزاغۇ، دوقاقبەگلەرنىمۇ ئالاقزەدە قىلىۋەتتى. يادىن ئوق ئۈزۈۋاتقان، تاش بوران قىلىۋاتقانلارمۇ توختاپ قالدى. مۇڭسۇزلا «تالاپەت ئەمدى باشلىنىدىغان بولدى» دەپ قولىنى سىلكىپ قويدى.

ئۇ چاپاۋۇل قىسىمنى سەپراس قىلىپ، ئومۇت ـ نەيزىچىلەر، ياچىلار، قىلىچۋازلاردىن ئىبارەت ئۈچ توپقا ئايرىدى. ھەرمەھەل جەڭگە تەييار تۇرۇشنى بۇيرۇپ، بارسغان شەھىرىنىڭ غەربىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان توغرۇل قاراخاننىڭ سىپاھلىرىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

ئەسلىدە مەھمۇد ئارسلانخان تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ، ئىبراھىم تېگىن قوشۇنلىرىنى قورشىۋالماقچى ئىدى. ئەمما، ناھايىتى كەڭ يەرگە يېيىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئورخۇنبەگنىڭ تەكلىپى بىلەن بارسغان شەھىرىنىڭ غەربىگە چۈشۈپ چېدىر بارگاھ قۇرۇشقا كىرىشتى.

كۆزىتىش مۇنارى ئۈستىدىن ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان بايبەگ ئىنال تېگىن غەربىي دەرۋازىنى ئاچتۇرۇپ، قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى. توغرۇل قاراخان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ـــ بالام، قۇزئوردۇغا بارغىنىم ياخشى بولغانىكەن. ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان، بەگيۈسۈپلەر ھۆرمىتىمنى يۇكسەك قىلىشتى. مەكتۇپلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئىككى

تۈمەن لەشكەر بىلەن مېنى بارسغانغا يولغا سېلىپ، ئۆزلىرى ئىككى تۈمەن سىپاھ بىلەن ئوردۇكەنتكە يۈرۈپ كەتتى. مانا مەن بارسغانغا يېتىپ كەلدىم. ئەھۋال قانداقراق؟ — دېدى توغرۇل قاراخان ئورخۇنبەگ، بۆرىبەگ، قۇتلۇقبەگلەرنى ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇپ.

— قاراخان ئاتا، مانا كۆردىلە، ئىبراھىم تېگىن ئۈچ كۈندىن بېرى تاش بوران قىلىۋاتىدۇ، بىز بولساق مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتۈۋاتىمىز.

— ئۇلار ھۇجۇم قىلغان تەقدىردە قانداق قىلالايتتىڭلار؟

— يادىن ئوق ياغدۇرۇپ، تاش بوران قىلغان بولاتتۇق، قاراخان ئاتا.

— بەللى ! ئەھۋال ئۇقۇشلۇق بولدى. شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلغان بولساڭلا، لەشكىري كۈچى نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولغان ئىبراھىم تېگىننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، بەربىر شەھەرگە مۆكىنىپ مۇداپىئەلىنىشكە مەجبۇر بولاتتىلە، بالام. قارىغۇدەك بولسام شەھەر مۇداپىئەسىمۇ ناھايىتى پۇختا، مۇستەھكەم ئىكەن. بارىكاللا، رەھمەت !

— شۇنداق، قاراخان ئاتا. ئاۋام خەلق ئۆز شەھىرىنى ئەنە شۇنداق مۇستەھكەملەپ ھەققانىيەتنى، ئۆز ئامانلىقىنى قوغداۋاتىدۇ. رەھمەت ئېيتىش توغرا كەلسە ئاۋام خەلققە ئېيتىش لازىم. شان - شەرەپ ئۇلارغا مەنسۇپ.

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، بۇ ئادالەتلىرىنىڭ سايىسىدا تىنچ - ئاسايىشلىقتا تۇرمۇش كەچۈرگەن ئاۋام خەلقنىڭ ساداقىتىنى نامايان قىلغان كۆرۈنۈشتۇر. ئادىل بولماي زالىم بولغان پادىشاھتىن ئاۋام بىزاردۇر، — دېدى گەپ قىستۇرۇپ ئورخۇنبەگ.

— زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك تۈپەيلى خار - زارلىقتا قالغان ئاۋام خەلق پادىشاھنىڭ گۇمران بولۇشىنى خالايدىكى، غەلىبە قىلىشىنى تىلىمەيدۇ. پادىشاھ ئاۋام خەلققە سادىق بولمىسا، ئاۋام

خەلقمۇ پادىشاھقا سادىق بولمايدۇ، — دېيىشتى قۇتلۇقبەگ بىلەن بۆرىبەگ.

— ھەربىرلىرىنىڭ كېلىشلىرىنى بىلىپ، ئاۋام خەلقنىڭ خالىس كۈچ چىقىرىشى بىلەن مانا شۇنداق تەدبىر كۆرگەن، قاراخان ئاتا. ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ ئاۋام خەلقنى، پېقىرنى خۇرسەن قىلىشتىلا. ئەمدى بىز ئەمرلىرى بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ بارگاھ قۇرۇپ جەڭ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق، — بايبەگ ئىنال تېگىن قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئېلىكخان، بەگيۇسۇپلەر ئوردۇكەنتكە يېتىپ بېرىپ پايتەختنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن، بارسغانغا كېلىدۇ. ئۆزىنى بۇغراخان ئاتىۋالغان ئىبراھىم تېگىن، بوزاغۇ باشلىق قارانىيەتلەر ھەققانىيەتنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئېلىكخان بالام. ئەتىدىن باشلاپ جەڭگاھتا ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى، — دېدى توغرۇل قاراخان نۇسرەت قازىنىش ئىشەنچى كۈچىيىپ.

بارسغاننىڭ شەرقىي دەرۋازىسىمۇ ئېچىلىپ، ئىككى خانتوي، ئىككى بارگاھ ياسالدى. توغرۇل قاراخان بارگاھىغا بەش تۇغ، ئىنال تېگىن بارگاھىغا تۆت تۇغ قادالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بارلىق لەشكەرلەر سەپراس بولدى. جەڭ دۇمبىقى چېلىنىپ بۇ تەرەپتىن بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا كىرگەن ئەرئاتان بولدى. ئۇ ئىبراھىم تېگىن تەرەپتىن كىرگەن ئۈچ رەقىبىنى ئاتتىن يىقىتىپ تۆتىنچىسىگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ غولىغا ئومۇت تېگىپ يارىلاندى. ئارسلان شامالدەك ئۇچۇپ كېلىپ، ئاكىسىنى زەخىملەندۈرگەن چاپاۋۇل بىلەن ئېلىشتى.

ئىككى سىپاھ بىلەن يېتىپ كەلگەن ئەمچىلەر ئەرئاتاننى جەڭگاھتىن ئېلىپ كەتتى.

ئارسلان بۇ قارام رەقىبى بىلەن قىلىچ، ئومۇت، نەيزىلەر بىلەن بىر سائەتتەك ئېلىشىپ، تەڭ چىقىپ قالدى. ئۇلار

قورالـلـﯩـرىنى قـويـۇپ پىيـادە بـولۇپ بەل تـۇتـۇشتى. ئـارسـلان ئاكىسىنى يارىلاندۇرغان بۇ كۆچتۈڭگۈر چاپاۋۇلنى قاتتىق بىر كۆچەپ كۆتـۈرۈۋالدى. ئايلانـدۇرۇپ ـ ئايلاندۇرۇپ يـەرگە ئاتتـى. ئىككى تەرەپتىكى سىپاھلار چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— بۇرادەر، ئەمدى قايتىپ كەت. ئاكامنىڭ ئەتىنى ئالدىم! — دېدى ئارسلان.

— ياق ـ ياق. بۇ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ قانداق يۈرىمەن؟ قايتىپ بارسامۇ، چاپاۋۇللار باشى مۇڭسۇزبەگ مېنى ئامـان قويمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بوغۇزۇمغا پىچاق سۇر، — توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن چاپاۋۇل ئورنىدىن تۇرمىدى.

— بىز بىر قېرىنداش. بىر ـ بىرىمىزنى ئۆلتۈرسەك يامـان بولىدۇ. ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇشنى خالامسەن زادى؟

— خالايمەن.

— ئۇنداق بولسا ئەل بـولۇپ، ئىنـال تېگىـن ئالىيـلىرىدىـن كەچۈرۈم سورا.

چاپاۋۇل بىـر ھازا باش سىلـىپ ئويـلاندى. ئاستـا ئورنىـدىـن تۇردى. زۇۋان سـۈرمەي ئىنـال تېگىـن بارگاھىغا قاراپ ماڭـدى. ئارسلان ئىبراھىم تېگىن لەشكەرلىرىگە:

— مەندۇرمەن ئـاشانبۇقـانىڭ ئوغـلى، ماڭغـان يولۇم توغـرا. ئالدىمغا كېلىـپ ئەل بول، تـۇتۇۋالماي دېسەڭ چوغنـى! — دەپ نەرە تارتتى. ئارقا ـ ئـارقىدىن كىـرگەن توقـقـۇز چاپاۋۇلـنـى زەخىملەندۈرۈپ ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى. تۆتى ئەل بولۇپ، ئۈچى ئاقساپ مېڭىپ ئۆز قوشۇنىغـا قايتتـى. ئۇ كۈنكـى جەڭ شۇنـىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئـەتىسى بـىرىنـچـى بولۇپ جـەڭـگە كـىرگـەن يەنە ئـارسـلان ئاشانبۇقا ئوغلى بولدى. ئۇ ئۈچ رەقىبىنى ئېغىـر يارىلانـدۇردى، ئىككى رەقىبىنى قاچۇردى. غەزەپلەنگەن مۇڭسۇز ئۆزى يارىلانغان شىردەك ھۆركىرەپ جەڭـگە كىردى. ئـۇ ياش، قابىـل ئارسلاننـى ئـوبدان كـۆزىـتىـپ، تـېـخـى جەڭ مـاھـارىـتـىـنـىڭ پـىـشـىـپ

يېتىلمىگىنىنى، لېكىن ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر، غەيرەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇڭا، ئېھتىيات يۈزىسىدىن نۆۋەتنى ئۇنىڭغا بەرمەي بىرىنچى بولۇپ ئۆزى قول سالدى. چاپقان قىلىچىنى ئارسلان گۈرزە بىلەن توسۇپ، ئىككى پارە قىلىۋەتتى ـ دە، قەھرى بىلەن نەيزە ئۇردى. مۇڭسۇز ئۆزىنى تېز قاچۇرۇپ، ئۇنىڭ چېكىسىگە گۈرزە بىلەن ئۇرۇۋەتتى. دۇبۇلغىسى ماكچىيىپ بېشى يېرىلغان ئارسلان داڭغىل يەرگە يىقىلدى. كۆز تىكىپ تۇرغان ئەمچىلەر دەرھال كېلىپ ئۇنى جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ چىقتى.

— مەندۇرمەن چاپاۋۇللار باشى مۇڭسۇزبەگ، ئۇنتۇپ قالغان بولساڭلار ئەسكە ئېلىڭلار، قورقمىساڭلار ئېلىشىشقا كېلىڭلار. قورققان بولساڭلار ئەل بولۇڭلار! — دەپ ھەيۋە قىلدى.

توغرۇل قاراخانىنىڭ چاپاۋۇللار باشى بۆرىبەگنىڭ چاپاۋۇللىرىدىن يەتتىسى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كىرىپ، ئۇچى مۇڭسۇزنىڭ قىلىچى تېگىپ ئۆلدى. تۆتى يارىلىنىپ ئېلىپ كېتىلدى. ئۇ كۈنكى جەڭمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

يەكمۇيەك ئېلىشىش جېڭى يەتتە كۈن داۋام قىلدى. مۇڭسۇز قارشى تەرەپنىڭ يۈزدىن ئارتۇق باتۇرلىرىنى ئۆلتۈردى، زەخمىلەندۈردى. ئېلىكخانىنىڭ ئەمچى تېۋىپلىرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇدۇللۇق ئېلىپ كەلگەن ياربدارلارنى كۆرۈپ، يارىلىرىنى تېڭىپ، شەھەر ۋە ئوردا ئىچىدىكى ئەمچىخانىلارغا ماڭدۇرۇپ تۇردى.

ئىبراھىم تېگىن مۇڭسۇزغا «ئالىپ چاغرىبەگ» ئۇنۋانىنى بەردى. ئۇ كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي قالدى.

— بۇغراخان ئالىيلىرى، جېنىم تېنىمدە بولىدىكەن، توغرۇل قاراخان ۋە ئىنال تېگىنلەرگە كۈن بەرمەيمەن. بىر ئۆزۈم ئۇلارنىڭ باھادىرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتمىگۈچە جەڭگاھتىن قايتمايمەن! — دەپ مەيدىسىگە ئۇردى.

بوزاغۇ، دوقاقبەگلەر:

— چاپاۋۇللار باشى ئالىپ چاغرىبەگ، پۈتۈن ئۈمىدىمىز سىزدە. سىز جەڭگاھتا جەۋلان قىلسىڭىز، توغرۇل قاراخان، ئىنال تېگىنلەر قاچىدىغانغا كامار تاپالماي قالىدۇ. ئاللا سىزگە مەدەتكار، — دەپ يەل بېرىشتى.

مۇڭسۇز قىلىچىنى سۇغاردى: «ماڭا تەڭرىتائالا مەدەتكار، ئازغۇنلار، ھەممەڭنىڭ ئەجىلى مېنىڭ قولۇمدا...» ئۇ جەڭگاھقا ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ خىتاب قىلدى:

— ھەي توغرۇل قاراخان، بايبەگ ئىنال تېگىن! مېنىڭ ئالىپ چاغرىبەگ مۇڭسۇزبەگ ئىكەنلىكىمنى بىلگۈڭلار كېلەمدۇ؟ باھادىر سانالغان چاپاۋۇللىرىڭلارنى توشقان ئۇۋلاشقا قويۇڭلار. مەردۇمەيدان ئالىپ چاغرىبەگلەر قورقمىسا، مەن بىلەن ئېلىشىشقا كەلسۇن. بولمىسا ئەل بولغىنىنى بىلدۈرۈپ ئالدىمدا تىزلانسۇن، ئامانلىق بېرىمەن!

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي، ئالىپ بۆرىبەگ مەيدانغا كىردى. قارا بۇرۇت، قارا ساقال، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن بۆرىبەگ ئات ئۈستىدە گويا نۇسرەت قازانغان شاھتەك مەغرۇر ئولتۇراتتى. تۆمۈر ساۋۇت - دۇبۇلغا ئۇنى بەھەيۋەت قىلىۋەتكەنىدى. ئېتىنىڭ يانپېشىغا باتۇرلۇق نىشانى بولغان قوتاز قۇيرۇقى چېگىلگەنىدى.

— سەن كىم سەن؟ بۇغراخان كىمنى ئۆلتۈردۈڭ، دېسە ئىسمىڭنى دەپ بېرەلمەي قالماي يەنە، — دېدى مۇڭسۇز ئۇمۇتىنى ئوينىتىپ.

— ئىسمىمنى دەپ بېرىشكە ئەرزىمەيسەن خۇمسى! قېنى نۆۋەتنى ساڭا بەردىم. ھۈنىرىڭنى كۆرسەت! — بۆرىبەگمۇ گۈرزىسىنى كۆز - كۆز قىلىپ ئايلاندۇردى.

ئاچچىقلانغان مۇڭسۇز ئېتىنى شاپىدە كەينىگە ياندۇرۇپ چاپچىتىپ، ئۇچقاندەك كەلگىنىچە بۆرىبەگكە ئومۇت ئۇردى. ئۇ شامالدەك تېز ھەرىكەتلىنىپ، ئۆزىنى قاچۇردى. مۇڭسۇزنىڭ ئوڭ قولى قاتتىق سىلكىنىپ، تاغىقىغا ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئومۇت يەرگە چۈشتى. ئاغرىق دەستىدىن چىرايى پۈرۈشۈپ

غەلىتە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇن چىقارمىدى. بۆرىبەگمۇ ئىتنى بىر چاپچىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ـ دە، گۆرزە بىلەن ئۇردى. مۇڭسۇزمۇ چاقىقانلىق بىلەن يانغا تاشلىنىپ تەگكۈزمىدى، قولى بەتتەر ئاغرىپ كەتتى. شۇندىمۇ زورلاپ كۈلۈپ:

— مەن بىلەن ئېلىشقانلار ئىچىدە سەن خېلىلا غەيۇر ئىكەنسەن. ماڭا بەش مىنۇت ۋاقىت بەر، بارگاھقا بېرىپلا كېلەي، — دېدى.

— ئارماندا قالما، بېرىپ ۋىدالىشىپ كەل، — بۆرىبەگ ئىتنى ئارقىغا بۇراپ، جەڭگاھنى ئايلىنىشقا باشلىدى.

مۇڭسۇز بارگاھقا يېقىنلاپ بارغاندا، خانتويدىن ئالدىراپ چىققان ئىبراھىم تېگىن، بوزاغۇلارنى كۆرۈپ توختىدى. ئۇ «نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ؟ ئەجەب ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كېتىپتىغۇ؟» دەپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، ۋايلاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

بىرقانچە چاپاۋۇل يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇنى يۆلىدى.

— دەرھال ئاتاساغۇننى باشلاپ كېلىش! — دەپ ۋارقىرىدى.

بىرنەچچە تىۋىپلار كېلىپ، ئۇنى يارىدارلارنى داۋالايدىغان مەخسۇس چېدىرغا ئېلىپ كىردى. تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئوڭ قولىنىڭ تاغىقىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى جەزم قىلىشتى. ئىككىيلەن باش تەرىپىدىن، ئىككىيلەن ئايىغىدىن بېسىپ تۇردى. تېڭىقچى تىۋىپ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا مىدىرلىتىپ بىر تارتىپلا ئورنىغا چۈشۈردى. مۇڭسۇز ئۇن چىقارماي گۆشلۈك لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. ئاغرىق بېسىلدى. قولىنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى تۇتۇپ باقتى، ھەرىكەتلەندۈردى. ئۇ ئاتقا مىنمەكچى بولدى ـ يۇ، توختاپ قالدى. خانتوي ئالدىغا كېلىپ:

— نېمە ئىش بولدى، بۇغراخان ئالىيلىرى يۈرتۈغلىرى بىلەن نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى ئىشىكتە تۇرغان قاراۋۇلدىن.

— ئوردۇكەنتتىن ئادەم كەلگەنىكەن، ئالدىغا كەتتى.
«ئەجەب بۇغراخان ئالدىغا بارغۇدەك شۇنچە كىمدۇ ئۇ؟» دەپ ئويلىغان مۇڭسۇز، جەڭگاھقا قاراپ قولىنى بىر شىلتىپ قويدى — دە، سىپاھلار ئىككى ياندا سەپراس بولۇپ تۇرغان يولنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ماڭدى. بىر چاغدا پىيادە كېلىۋاتقان ئىبراھىم تېگىن، بوزاغۇلارنى كۆرۈپ توختىدى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە كۆردىكى، دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيىپ، يۈزىگە نىقاب تارتقان بىر چەۋەندازمۇ ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئۇ سىنچىلاپ قاراپ: «ئابىنچۇ خاتۇن قۇمارىبىكە ئىكەنغۇ» دەپ ھىجايدى.

## 2

ئۇ راستلا قۇمارىبىكە ئىدى. ئىبراھىم تېگىن ئانىسىنى خاس چېدىرىغا چۈشۈردى.
— ماڭا ئايرىم چۈۋاچ تىكسۇن، — دەپ بۇيرۇدى ئۇ.
— باش ئۈستىگە، ئالتۇن تارىم تۈركەن خاتۇن، — بوزاغۇ كەينىچە مېڭىپ شاھانە چېدىر تەييارلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ كەمگىچە ئۆزىنى قەيسەربەگ دەپ ئاتاپ، قۇمارىبىكەنىڭ ئۆز سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى ئەتراپىدىكىلەرگە بىلدۈرمەي كېلىۋاتاتتى. ئۆزىنى ئاشكارىلايدىغان ۋاقىت قاچان كېلەر؟
ئىبراھىم تېگىن ئانىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن قەشقەردىن بارسىغانغا كەلگەنلىكىنى ئۇقۇشقا ئالدىرىسىمۇ، چېچىلىپ تۇرغان قۇمارىبىكەدىن سوراشقا پېتىنالمىدى. خانىش ئەپرۇزەبىكە ئېرىنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن ئالتۇن جامغا ئالما شەربىتى قۇيۇپ قېيىنئانىسىغا تۇتقۇزدى:
— ماڭا مەي قۇيۇپ بېرىڭ. ھالىڭلارغا قاراپ مەي ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ! — دەپ قولى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. جام يېكەندازغا چۈشۈپ شەربەت تۆكۈلدى.
— كەچۈرسىلە خان ئانا، بىلمەي قاپتىمەن، — ئەپرۇزە

خانىش تەزىم قىلىپ، كېنىزەكلەرگە مەي ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى.

— سەن ئوغلۇم يېنىمدا ئولتۇر، — قۇماربىبكە ئىبراھىم تېگىننىڭ قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى، — مەندىن نېمانچە قورقىدىغانسەن بالام؟ بۇغراخان ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما!

ئىبراھىم تېگىن ئېغىر تىنىپ ئۈن چىقمىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ناھايىتى قورۇنۇپ قېلىۋاتاتتى. خانىش كېنىزەك ئېلىپ كىرگەن خۇمرىدىن كۈمۈش قەدەھكە مەي قۇيدى. قۇماربىبكە:

— ئاۋۋال ئۆزىڭىز ئىچىڭ بىكەم، — دەپ ئۇزارتقان قەدەھنى ئالمىدى.

خانىش ئېرىغا قارىدى.

— ئابا، خاتۇنىم شاراب ئىچمەيدۇ. مەن ئىچىپ بېرەي، — دېدى ئىبراھىم تېگىن.

— ياق، نېمىشقا ئىچمىگۈدەك؟ بۇيرۇغانىكەنمەن، زەھەر بولسىمۇ ئىچىشى كېرەك، ئوغلۇم. بۇنداق ياۋاش - يۇمشاقلىق بىلەن قانداقمۇ ئەل سورايدىغانسەن؟

ئەپرۇزەبىكەنىڭ قەدەھ تۇتقان قوللىرى تىترەپ كەتتى.

— ئىچىڭ خانىش، بولمىسا قېنىڭىزنى مەن ئىچىمەن!

— ھە! ئەمدى مېنىڭ ئوغلۇمدەك گەپ قىلدىڭ، — قۇماربىبكە ئىبراھىم تېگىننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

خانىش ئىلاجسىز قەدەھتىكى مەينى تەستە ئىچىپ تۈگەتتى. يۈزلىرى پۇرۇشۇپ قېقىلىپ كەتتى.

— ئەمدى ماڭا قۇيۇڭ بىكەم. مەي دېگەن بىر خۇشلۇق، بىر خاپىلىقتىن كېيىن ئىچىدىغان نەرسە، — دېدى قۇماربىبكە مەنىلىك قىلىپ.

يۈزلىرى قاندەك قىزارغان ئەپرۇزەبىكە قەدەھكە مەي قۇيۇپ سۇندى. ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قەدەھ ئىچكەن قۇماربىبكە سۆزگە كىرىشتى:

— ئوغلۇم، نېمە ۋەجىدىن بۇنداق ئۇشتۇمتۇت كېلىشىڭنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇشقا ئالدىراۋاتقانسەن؟ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېيتقۇم كەلمىدى. ساڭا دېسەم مەن ئوردۇكەنتتىن قېچىپ كەلدىم!

— نېمە! قېچىپ كەلدىم؟ بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — ئىبراھىم تېگىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ جېنىمنى ئاران قۇتقۇزۇپ كەلدىم دېگىنىم، بۇغراخان بالام، — قۇماربېكە كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— مەن سۆزلىرىنى چۈشىنەلمىدىم، ئابا.

— ئاڭلىماقچى بولساڭ ئولتۇرغىن بالام، سۆزلەپ بېرەي، — قۇماربېكە ئوغلىنى قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى، — ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان، بەگيۇسۇپلەر ئەۋەتكەن پەرمانىڭغا پىسەنت قىلماي، نۇرغۇن لەشكەر بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ ئوردۇكەنتنى قورشىۋالدى. مەن دەرھال ئوردا ئەييارىدىن لەشكەرلەرنى تېزدىن قايتۇرۇپ بىزنى قۇتقۇزۇشۇڭنى تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتكەنىدىم. لېكىن، ئۈچۈر بولمىدى. ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخاننى نامەردلىكتە ئەيىبلەپ، شەھەرگە بېسىپ كىرىشنى ئارقىغا سۈرمەكچى بولدۇم. بارلىق ياساۋۇل، قاراۋۇل، نۆكەرلەرنى، ھەتتا كېنىزەكلىرىمنىمۇ سېپىلغا چىقاردىم. ئۆزۈممۇ چىقىپ، ئاز دېگەندە ئۇلارنىڭ نەچچە ئون سىپاھىسىنى يادىن ئوق ئۈزۈپ ئۆلتۈردۈم. ئون نەچچە كۈن قاتتىق ئېلىشتۇق. ئاخىر بولالماي، ئىككى ساداقەتمەن كېنىزىكىم بىلەن سېپىلدىن قېچىپ چۈشۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەرەنچە ياسىنىپ، ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ بېگى بۆگۈشنىڭ يول باشلىشى بىلەن سېپىل ئاستىدىكى سۇ كىرىدىغان سۈڭگۈچتىن شەھەر سىرتىغا چىقىۋالدۇق. كېچە - كۈندۈز مېڭىپ ئاخىر بارسغانغا كەلدۇق. بۆگۈش يول باشلىمىغان بولسا ھەرگىز دىدارىڭنى كۆرەلمەيتتىم، بالام. ئۇ خىزمىتىمنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلدى. ئۇنىڭغا چاغرىبەگ ئۇنۋانىنى بېرىپ، قارام، ئىشەنچىسىز

مۇڭسۇزنىڭ ئورنىغا چاپاۋۇللارباشى قىلىپ قوي. بولمىسا مۇڭسۇز بېشىمىزغا بالا بولىدۇ.

— بالا بولىدۇ؟ ياق، ئۇ بىزنى قۇتقۇزۇۋاتىدۇ، ئاتا. توغرۇل قاراخان، ئىنال تېگىنلارنىڭ خېلى كۆپ باھادىرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، زەخىملەندۈرۈپ، ئۇلارنى يۈرەكسىز قىلىۋەتتى. مۇڭسۇزگە مەن «ئالىپ چاغرىبەگ» ئۇنۋانىنى بەردىم، — دېدى ئىبراھىم تېگىن. ئۇنىڭ ئۆكتەم، ھازازۇل ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشى بىرىنچى قېتىملىقى ئىدى.

— نېمە! بىزنى قۇتقۇزۇۋاتىدۇ، دېدىڭمۇ؟ ئۇنداق بولسا شۇنچە كۆپ لەشكەر بىلەن نېمىشقا بۇ ۋاقىتقىچە بارسغاننى ئالالمىدىڭ؟ چاپاۋۇللارباشى تۇرۇپ شەھەرگە بېسىپ كىرەلمەيتتىغۇ؟... — قۇماربىكە ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن بوزاغۇنى كۆرۈپ سۆزىنى توختاتتى.

— تۇركەن خاتۇن ئالىيلىرى، چۇۋاش ياسىلىۋاتىدۇ. مەن ئەڭ نادىر ئۇستىلارنى تاللاپ ئىشقا سېلىپ قويدۇم. كەچ كىرگۈچە پۈتىدۇ، — دېدى بوزاغۇ سىڭلىسىنىڭ چەكچىيىپ قارىشىدىن شۈركۈنۈپ.

— كەچ كىرگۈچە پۈتمىگەن چۇۋاشنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن، — قۇماربىكە ئاچچىقى بىلەن خانىشقا قارىدى، — سىز چىقىپ ئۈچ كىشىلىك تامغالىق تەييارلاتقۇزۇڭ.

— باش ئۈستىگە، خان ئانا، — چىقىپ كېتىشكە باھانە تاپالماي تۇرغان ئەپرۇزەبىكە ئىشىككە قاراپ تېز ماڭدى.

— ھە، گەپ قىلمامسەن، بالام؟ — قۇماربىكە شۈك بولۇپ كەتكەن ئىبراھىم تېگىننىڭ بېقىنىغا نوقۇدى.

— ئاتا، مانا تاغام تۇرۇپتۇ. كېچىسى ئىنال تېگىن بارگاھىغا قېچىپ بارغان ھوشۇربەگ بىزنىڭ بارسغان قەلئەسىگە بېسىپ كىرىدىغانلىقىمىزنى دەپ قويۇپتۇ. شۇ تۈپەيلى لەشكەرلىرى بىلەن ئىنال تېگىن شەھەرگە كىرىۋالدى. يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، ھۇجۇم قىلغان چاپاۋۇللىرىمىزنى سېپىلغا يېقىن

يولاتمىدى. مۇڭسۇز نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپمۇ شەھەرگە كىرەلمىدى. بارسغاننى ئالالمىدۇق. ئەمما...

— نېمە ئەمما بالام؟ توققۇز تۇغلۇق شۇنچە كۆپ لەشكەر بىلەن بارسغاننى ئالالماي، يەنە مۇڭسۇز ئۇنداق ھۇجۇم قىلدى، مۇنداق ھۇجۇم قىلدى دەيسىنا! — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۇپ ئاچچىقلاندى.

— ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ دېگەنلىرى توغرا، سىڭلىم. مۇڭسۇز چاپاۋۇللىرى بىلەن بارسغاننى ئالالمىغان بولسىمۇ، يەكمۇيەك جەڭدە ئاجايىپ باھادىرلىق كۆرسەتتى.

— باھادىرلىق كۆرسەتتى؟ يەنە شۇ گەپ، — قۇمارىبىكە بوزاغۇنىڭ سۆزىنىمۇ ئۈزۈپ قويدى، — كېيىن بىلىپ قالىسىلەر. ئەگەر مۇڭسۇز چاپاۋۇللارباشى بولۇپ تۇرىۋېرىدىغان بولسا، بىزگىمۇ ئانا ـ مانىمىزنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ مۇڭسۇزنىڭ تەپ تارتماي ئۆزىگە باسقۇنچىلىق قىلغىنىنى دېمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە، سۇباشى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، دىدارىنى كۆرۈشكە تاقەتى يوقلۇقىنى ئېيتتى.

— سەۋر قىلىسىلا، سىڭلىم، بۇ چاغقىچە مۇڭسۇزدىن پايدىلىنىپ كەلدۇق. قانداقلا بولسۇن ئۇ بىزگە زىيان يەتكۈزمىدى، — دېدى ھېلىلا يېڭى قورۇلغان چۇۋاچىقا قۇمارىبىكەنى باشلاپ چىققان بوزاغۇ، — نىيىتى راست يامان. لېكىن، ئۇنى چاپاۋۇللارنىڭ سەردارلىقىدىن دەرھال ئېلىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ چاپاۋۇللارنى ئۆزىگىلا بويسۇنىدىغان قىلىپ قويغان. ئېلىپ تاشلىغان تەقدىردە، چاپاۋۇللىرى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىن يانمايدۇ. ئويلىنىپ كۆرسىلە، ئۇشتۇمتۇت كېلىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى بەكمۇ بىلگۇم بار، سىڭلىم، — بوزاغۇ پەسكويغا چۈشكەن قۇمارىبىكەگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— ئاكا، ئوردۇكەنتتىن ئەۋەتكەن ئەيىار چاپارمەن بۇ يەرگە

كەلمەپتۇ ـ دە؟

ــ كەلمىدى.

ــ شۇڭا مېنىڭ بارسغانغا تۇيۇقسىز كېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەن ئىكەنلا ـ دە، ئاكا! ھېلى ئوغلۇمغا دەپ بەردىم. مەن سەيلە ـ ساياھەتكە ئەمەس، جان ساقلىغىلى قېچىپ كەلدىم، ــ ئۇ ئەھۋالنى تولۇق سۆزلەپ بەردى.

بوزاغۇننىڭ بېشى چۇشۇپ كەتتى: «ئوردۇكەنت قولدىن كەتكەن بولسا، تۈگىشىپتۇق...»

ــ ئاكا، نېمە بولدىلا؟ جىمىپ كەتتىلىغۇ. ماقۇل، ھازىرچە مۇڭسۇز چاپاۋۇللارباشى بولۇپ تۇرىۋەرسۇن. بەلكىم جەڭدە بېشىنى يەر. ئامان قالسا بىر كۈنى ئۆزۈم بۇرنىنى بۇلاق قىلىۋېتەرمەن. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن. ئەمدى سىلەرگە دەيدىغان يەنە بىر شۇم خەۋەر بار. ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان، بەگيۇسۇپلەر ئوردۇكەنتتە يېتىۋەرمەيدۇ. پات ئارىدا لەشكەر تارتىپ بۇ يەرگە كېلىشى مۇقەررەر. ئۇلار كەلگۈچە بارسغاننى چوقۇم ئېلىشىمىز كېرەك. ئۇلار كېلىپ قالسا ئالالمايلا قالماستىن، بەلكى مەغلۇپ بولۇپ كۇتمىگەن ئاقىۋەتكە قېلىشىمىز مۇمكىن، ــ قۇمارىبىكە نەزىرىنى ئوغلىنىڭ تەشۋىشلىك چىرايىغا قاراتتى، ــ ئوغلۇم، مەن ئوردۇكەنتتىن قېچىپ چىققىنىمدا، بارسغانغا بارسام تەنتەنە قىلىپ كۇتۇۋالىدۇ، ئىنال تېگىننىڭ كېسىلگەن بېشىنى كۆرسىتىدۇ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ دەرھال ئاتلىنىپ ئوردۇكەنتكە بارىدۇ، ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان، بەگيۇسۇپلەرنى تۇتۇپ كاللىسىنى ئالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەھۋالنىڭ بۇنداق بولۇشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۇرمىگەنىدىم. ئەمدى قاراپ تۇرساق بولمايدۇ. ئەتە مۇڭسۇزنى چاپاۋۇللىرى بىلەن ھۇجۇم قىلدۇرايلى، ئوغلۇم. ئاكام ۋە دوقابەگلەر بارلىق سەركەردىلەرنى جەڭدىي ھەرىكەتلەندۇرۇپ، شەھەرگە جەزمەن بېسىپ كىرىشى كېرەك. بۈگۈن ئاخشام سىپاھلارنى شېرىن تائام، ياخشى سۆز بىلەن روھلاندۇرۇش

زۆرۇر. ئوغلۇم ھازىرلا پەرمان چۈشۈرسىلە !
— سىڭلىم، يەنىلا بىزنى سىلى غەلىبىگە باشلاپ بارىدىغان بولىدىلا. مەن ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ پەرمانىنى يۇغرۇش، سۇباشى، سەركەردىلەرگە يەتكۈزۈپ، ئەتىكى جەڭنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشەي. قانداقلا بولسۇن مۇڭسۇزگە ئىككى كەلىمە ياخشى گەپ قىلىپ، كۆڭلىنى ياساپ قويسىلا. ئۇنىڭ جەھلى قېتىپ قالمىسۇن.
— ماقۇل ئاكا. ئوردۇكەنتنىڭ قولدىن كەتكىنىنى بىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن. كەچقۇرۇن مۇڭسۇز، بۆگۈش بىلەن ئايرىم - ئايرىم چۈۋاچىتا كۆرۈشەي. ئىككىلىسى بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان كاللىكېسەرلەر. بىرسى ھەممىمىزنىڭ تۆپىمىزگە چىقىپ مېغىز چاينىماقچى، بىرسى نىمە دېسەك ماقۇل دەپ جان ساقلىماقچى. ئۇلارنى ئوبدان تارتۇقلاپ قوياي.
— بولىدۇ، سىڭلىم. قالتىس گەپ بولدى. ئۇلارنى باشلاپ كىرەي، — بوزاغۇ چىقىپ كەتتى.
قۇمارىبىكە ئىبراھىم تېگىننىڭ دولىسىغا قولىنى قويدى:
— ئوغلۇم، سەن ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ بۇغراخانى، شاھىنشاھى سەن. ھۆكۈمدە قەتئىي، سۆزدە كەسكىن، سالاپەتلىك بولۇشۇڭ، ئادەمنى تاللاپ خىزمەتكە قويۇشۇڭ، ئۆزۈڭگە سادىقلار بىلەن ئەتراپىڭغا پولات قورغان بەرپا قىلىشىڭ زۆرۈر. مەن داۋاملىق يېنىڭدا بولالمايمەن. يېنىڭدا بولغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ. سەگەك بولغىن. ئەتىكى جەڭگە ياخشى قوماندانلىق قىلغىن. زۆرۈر تېپىلسا جەڭگە كىرىشتىن ئىككىلەنمە !
— باش ئۇستىگە ئابا. مەن سىلى ئويلىغاندەك ئۇنداق بوش، ياۋاش، يۇمشاق ئەمەس. قولۇمدا قىلىچ، گۇرزە توختايدۇ. تەڭداشسىز دەپ ئاتالغان غەيۇر چەۋەندازنىمۇ تەمتىرىتىپ قويالايمەن. ئەتە بارسىغانغا جەزمەن بېسىپ كىرىپ ئوردىدا بەگ تەركىسى ئۆتكۈزىمەن، ئابا.

— خۇدا تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن. ھەرگىز بەل قويۇۋەتمە، بالام.

— زىنھار ئابا، ئارام ئېلىۋالسىلا.

— ماقۇل بالام. مېنى بىر كىم ئويغىتىۋەتمىسۇن.

— بۇ چۇۋاچقا سىلى ئويغانغىچە ھېچكىمنى كىرگۈزمەيمەن.

ئىبراھىم تېگىن چېدىرنىڭ دالان ئۆيىگە چىقىشىغا، تامغالىقنى ئىككى كېنىزەككە كۆتۈرتۈپ خوتۇنى كىردى.

— خانىش تامغالىق تۇرۇپ تۇرسۇن. ئابام ئارام ئېلىۋاتىدۇ. سىز كېنىزەكلەر بىلەن مۇشۇ يەردە ساقلاڭ. مەن خانتويىدا بولىمەن، — دېدى ئۇ.

— ماقۇل شاھىنشاھىم، — ئەپرۇزەبىكە بېشىنى ئەگدى.

ئىبراھىم تېگىن جاندارلىرى بىلەن خانتويىغا كىرگەندە، بوزاغۇ يۇغرۇش، سۇباشى، سەركەردىلەرگە پەرماننى يەتكۈزۈۋاتاتتى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇ تەختكە چىقىپ دېدى:

— يۇغرۇشباشى قەيسەربەگ پەرماننى يەتكۈزگەن بولسا، ئادا قىلىش ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىڭلار. بارسغاننى پەتھى قىلغاندىن كېيىن جەڭدە پىداكارلىق كۆرسەتكەن سۇباشى، سەركەردىلەرگە تارتۇق، كەدۇت تەقدىم قىلىنىدۇ. مۇنبەت زېمىنلار سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلىدۇ. بارلىق سىپاھلارغا ئۆمرىگە يېتىپ ئاشقۇدەك ئىنئام بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بارسغان شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، كۆزى چۈشكەن، خالىغان نەرسىلەرنى، ھەتتا قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىغا يول قويۇلىدۇ. بۇ پەرماننى ھازىرلا سىپاھلارغا يەتكۈزۈڭلار. قۇۋۋەتلىك غىزالىنىپ، ئوبدان ئارام ئالسۇن. ئەتە ئۇياقتىن كۈن چىقسا، بۇياقتىن جەڭگە ئاتلىنىمىز!

— پەرمانبەردارمىز ئالىيلىرى، — ھەممەيلەن قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى. ئۇنى مەنسىتمىگەن مۇڭسۇز ئۇن چىقمىدى.

— چاپاۋۇللارباش ... ىلاپ ياساۋۇللارباشى بۆگۈش
كىرىسىز. سىز ... دارلارباشى بولۇپ ھەمىشە
— ئەلۋەت ... ۋە خەزىنە ۋەزىرىنى
داۋاملاشتۇ ... كىيدۇرۇشنى بۇيرۇدى.
يەر چىش ... تىكىپ مۇھاپىزەت
— ... ت — دۇبۇلغىسىنىڭ
سە ... زىرىگە ئەگىشىپ
ئال ...
— ف ... نادان، تەلۋە
قويمايمەن، ئ ... بولسىمۇ
سۇغارغان قىلىچىنى ... مەك لازىم.
كېتىشتى. ئۇ سۆزىنى داۋ ...
كېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن ... اڭدى.
مەن پۈتۈن قاراخانىيلار ئېلىنى ھەير ... ۇرۇپ
ئىجازەت بەرسىلە، پەرمانلىرىنى چاپاۋۇللار ... يەك
جاسارىتىنى ئۇرغۇتاي!
— ئىجازەت!
مۇڭسۇز قىلىچىنى كۆتۈرگەن پېتى خانتويدىن چىقتى.
— بۇ ئاخشامقى بەگ تەركىسى سىپاھلارنىڭ چېدىرلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. يۇغرۇش، سۇباشى، سەركەردە، سانغۇنلار سىپاھلار بىلەن بىللە بولىدۇ. مەنمۇ سىپاھلار بىلەن بىللە شاراب ئىچىمەن، — دېدى ئۆمرىدە بۇنداق مەردانىلىك بىلەن گەپ قىلىپ باقمىغان ئىبراھىم تېگىن، ئانىسى گويا ئۇنىڭغا ئەڭگۈشتەر ئۈزۈك سېلىپ قويغاندەك روھلىنىپ قالغاندى.
ئۇ بوزاغۇ، دوقاقبەگنىڭ ھەمراھلىقىدا جاندار، يۇرتۇغلىرى بىلەن خانتويدىن چىقتى.

## 3

بارسغان شەھىرىنىڭ سىرتىدا، غەرب ۋە شەرق تەرەپتە يەنە ئىككى شەھەر پەيدا بولغانىدى. بۇ شەھەرلەر خىش، ياغاچتىن بىنا قىلىنغان بولماي، بەلكى پاختا، يىپەك، يۇڭ رەختلەردىن تىكىلگەن ناھايىتى كۆپ چېدىرلاردىن بەرپا قىلىنغانىدى.

ئىبراھىم تېگىننىڭ سىپاھلىرى تۇرۇۋاتقان شەرق تەرەپتىكى چېدىرلار ۋاڭ ــ چۇڭغا تولدى. ئۇ بىرقانچە چېدىرغا كىرىپ «بەگ تەركىسى»گە داخىل بولغاندىن كېيىن، قاش قارايغان مەھەلدە، جاندار، يۇرتتۇغلارنى سىرتتا قالدۇرۇپ، قۇمارىبىكەگە ئاتاپ ئالاھىدە تىكىلگەن يىپەك چۇۋاچقا كىردى، ئانىسى بۆگۈش بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى.

ـــ كەلگىن بالام، كەلگىن. سېنى ساقلىغىلى نەۋاق. مانا مېنى ئوردۇكەنتتىن بارسغانغا ئېلىپ كەلگەن ياساۋۇللارباشى بۆگۈشبەگ. ئۇنىڭغا چاغرىبەگ ئۇنۋانىنى بېرىپ، جاندارلارباشى قىلىپ يارلىق چۈشۈرۈشۈڭنى ئۆتۈنىمەن، ـــ دېدى ئورنىدىن تۇرغان قۇمارىبىكە.

تۇرقىدىن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلدەك كۆرۈنىدىغان، چېھرى كۆرۈمسىز، ئۇستىخىنى كېلەڭسىز بۆگۈش ئورنىدىن تۇرۇپ تىزلاندى.

مۇھەممەد ئارسلانخان ھايات چېغىدا، بوزاغۇنىڭ سادىق مالىيى بولغان بۆگۈشنى ئۇنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن ئوردا ياساۋۇللۇقىغا بەلگىلەپ قويغانىدى. ئىبراھىم تېگىننىڭ تەختكە چىقىشىدا رەھىمسىزلەرچە ئادا قىلغان خىزمىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، قۇمارىبىكەنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئۇ ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ باشى بولۇپ قالغانىدى...

خىيالىدىن شۇلارنى ئۆتكۈزگەن ئىبراھىم تېگىن:

ـــ جاھان خاتۇنلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى ئابا، ئۆزلىرىنىڭ

دېگەنلىرى پەرمان. شۇ تاپتىن باشلاپ ياساۋۇللارباشى بۆگۈش ئالىپ چاغرىبەگ ئۇنۋانى بىلەن جاندارلارباشى بولۇپ ھەمىشە مېنىڭ يېنىمدا بولىدۇ، — دېدى ۋە خەزىنە ۋەزىرىنى چاقىرتىپ، بۆگۈشكە يېڭى تون، سەرپاي كىيدۈرۈشنى بۇيرۇدى.

— رەھمەت ئالىيلىرى. ئۆزلىرىنى جان تىكىپ مۇھاپىزەت قىلىمەن، — ئورنىدىن تۇرغان بۆگۈش ساۋۇت - دۇبۇلغىسىنىڭ يېڭىلىنىدىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، خەزىنە ۋەزىرىگە ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى.

— ئوبدان بولدى بۇغراخان بالام. بۆگۈش نادان، تەلۋە كۆرۈنىسىمۇ ساداقەتمەن. مۇڭسۇز قاپ يۈرەك بولسىمۇ ئىشەنچىسىز. ئۇلارنى بىر - بىرىنىڭ پېيىغا چۇشۇرمەك لازىم. ئەمدى سەن چىقىپ مۇڭسۇزنى كىرگۈزۈۋەت.

— ماقۇل ئابا، — ئىبراھىم تېگىن ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— توختىغىن بالام، — قۇماربىكە يېكەندازدىن تۇرۇپ ئىبراھىم تېگىننى ھىدلاپ باقتى، — شارابنى كۆپ ئىچكەندەك تۇرىسەن، ئەمدى ئىچمىگىن، شاراب دېگەن ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكىدۇ.

— بىلىمەن ئابا، سىپاھلارنىڭ چېدىرلىرىدا ئىچىشكە توغرا كەلدى. خاتىرجەم بولسىلا، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويمايمەن.

ئىبراھىم تېگىن چىقىپ، يېڭى لىباس كىيىپ سۆلەتلىك بولۇپ قالغان جاندارلار باشى بۆگۈشنى مۇڭسۇزنى چاقىرىپ كېلىشكە چاپاۋۇللار ئورۇنلاشقان تۇراغا ئەۋەتتى.

كۆك ئاسمان يۇلتۇز بىلەن، يەر يۈزى بولسا ئوتقاش بىلەن تولغانىدى. ھەربىر سىپاھىنىڭ قولىدا بىر ئوتقاش، ھەربىر چېدىر ئالدىدا گۇلخان... قىلىچ - نەيزىلەردە ئوتنىڭ شولىسى، كۆل، دەريالاردا ئاي يۇلتۇزنىڭ شولىسى چاقنايتتى. بۇ شۇنداق ئاجايىپ سىرلىق كېچە ئىدى. غۇيۇلداپ چىقىۋاتقان كۈز شامىلى دەل - دەرەخلەرنىڭ غازىڭىنى تۆكۈپ، گۈل - گىياھ، شىۋاقلارنى ئۇسسۇلغا سالغانىدى. خىلمۇخىل قۇشلارنىڭ

ۋىچىرلاشلىرىنى بۇلبۇل، تورغاينىڭ مۇڭلۇق ساداسى بېسىپ چۈشكەنىدى. لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننىڭ چاراس ـ چۇرۇسلىرىغا پاقىنىڭ كورىكىراشلىرى، يىلاننىڭ كۇشۇلداشلىرى قوشۇلۇپ كەتتى.

بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا قۇلاق سېلىپ كېلىۋاتقان مۇڭسۇزگە قويلارنىڭ مەرەشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ئاڭلاندى. «ئەتە بارسىغانغا چوقۇم بېسىپ كىرىشىم كېرەك. ھەربىر ئائىلىدىكى زەردار، ئەتتارلار يىغىپ توپلىغان بايلىقلارلا ئەمەس، ئېلىكخاننىڭ ھەرىمىدىكى ۋە ئوردا خەزىنىسىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلارمۇ مېنىڭ ئولجام بولىدۇ. كىم كۆزىنى قىزارتسا، ئىبراھىم تېگىن، بوزاغۇ بولغان تەقدىرىدىمۇ، ئاياپ قويمايمەن...» دەپ ئويلاپ، كەينىدىن كېلىۋاتقان بۆگۈشكە كۆز سېلىپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى.

— جاندارلارباشى بولغىنىڭىزنى تەبرىكلەيمەن، ياساۋۇل. ئامەتىڭىز بار ئىكەن، — دېدى ئۇنىڭ بىلەن قاتارلىشىپ مېڭىپ.

— سىزمۇ بىر جاللات، گۇندىپاي ئىدىڭىزغۇ، چاپاۋۇللارباشى؟ سىزمۇ ئامەتلىك ئىكەنسىز، — بۆگۈش بوش كەلمىدى. «ئىچى تارلىق قىلىۋاتقىنىنى قارا بۇ دەيۈزنىڭ. بۇغراخانغا ئېيتىپ ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقمىسام بۆگۈش بولماي كېتەي» دەپ ئىچىدە غوتۇلدىدى.

«سەن بىر مالاي. قارىغاندا ئابىنچۇ خاتۇنغا ياراپ قالغان ئوخشايسەن. مۇڭسۇزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىڭدا زۇۋان سۈرەلمەي قالىسەن كالۋا...» دەپ ئويلىغان مۇڭسۇز بىرنى تۈكۈردى ـ دە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار دۇتارنىڭ مۇڭلۇق ئۈنى ئاڭلىنىپ تۇرغان شاھانە چېدىر ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قاراۋۇللاردىن سورىمايلا، يولۋاس تېرىسى چاپلاپ ياسالغان ئىشىكتىن كىردى. ئونلىغان شام چىراغ كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن چېدىر ئىچى پارلىداپ تۇراتتى. تەختتە ئولتۇرغان

قۇماربىكە ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى تۇيمىغاندەك دۇتارىنى چېلىۋەردى. «تىلى شىرىن، دىلى زەھەر بولغان ئابىنچۇ خاتۇننىڭ سازغا ھەۋەس قىلىشى ئەجەب ئىش. مەن بولسام ئۆچ كۆرىمەن. تەمبۇر، ساتارنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدۇ...» مۇڭسۇز خىيالچان ھىجىيىپ:

— جاھان ئاياللىرىنىڭ نازاكەتلىك ھۆكۈمدارىغا سالام، — دېدى ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئەمما ئېگىلمىدى.

قۇماربىكە شۇنداق قاراپ، دۇتارنى تەختكە يۆلەپ قويدى. ئۇ مۇھەممەد ئارسلانخان ھايات ۋاقتىدىكىدەك پۇزۇر كىيىنىۋالغانىدى. يۇپقا قارا ھىلھىلە چۇمبەل سۇر بولۇتتەك جامالىنى توسۇۋالغانىدى. بىر ئايدىن بېرى ياداپ تارتىلىپ زىلۋالىشىپ قالغان قۇماربىكە مۇڭسۇزنىڭ كۆزىگە جۇۋاندەك ئەمەس، يىگىياچە چوكاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ئالىپ چاغرىبەگ ئامان بولغاي، — دېدى خانىش قەددىنى رۇسلاپ كۈلۈمسىرەپ، سىنچى كۆزلىرى بىلەن سەپسالغان ھالدا.

مۇڭسۇز ئۇنىڭ تەكلىپ قىلىشىنى كۈتمەيلا تەخت يېنىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. قىنىغا سېلىقلىق قىلىچىنى تىزىغا توغرا قويۇۋالدى.

— دىدارلىرىغا مۇشتاق بولغانىدىم، ئالتۇن تارىم. تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ نازىنىنلار شاھىنى قېشىمغا ئەكېلىپ بەرگەن تەڭرىدىن مىننەتدارمەن. شاتۇتىلىرىدەك ئۇز بولۇپ كېتىپلا.

مۇڭسۇزنىڭ مازاق قىلىپ دېگەن بۇ سۆزى قۇماربىكەگە خەنجەر ئۇرغاندەك قاتتىق تەگدى. ئۇنىڭ ئاشۇ نومۇسلۇق ئاخشامدىكى بۇزۇق ئەلپازى يادىدىن كېچىپ خورلۇق ھېس قىلدى. گۇل ياپرىقىدەك تىترەڭگۈ قاپاقلىرى تۈرۈلدى.

— ئاغزىڭىزنى چايقىۋېتىپ سۆزلەڭ مۇڭسۇز. مەن كىم؟ سىز كىم؟ ئالتۇن تارىم تۈركەن خاتۇنغا ئەدەپسىزلىك قىلىش ھەددىڭىز ئەمەس. بولمىسا تىلىڭىز كېسىلىپ، تېنىڭىز دارغا

ئېسلىدۇ.

مۇڭسۇز قاقاھلاپ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى. قىپقىزىل ئىمران گىلىمى سېلىنغان يەرگە چىنىڭ - چىنىڭ دەسسەپ ئۆياق - بۇياققا مېڭىپ تەخت ئالدىغا كەلدى.

— ئالتۇن تارىم تۇركەن خاتۇن دېسەم كۆرەڭلەپ كىمنى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ئابىنچۇ خاتۇن. سىز دارغا ئېسىلغان بىر ئاسىي - خائىننىڭ بۇزۇق قىزى. بىر جاللاتنىڭ ئاستىدا ئىڭرىغان يۇزسىز ئايال. بۇنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟ مېنى ھېچنېمە قىلالمىدىڭىزغۇ؟ ھازىر قول ئاستىمدا سۇغا كىر دېسەم دەرياغا سەكرەيدىغان، ئوتقا كىر دېسەم يالقۇنغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان بىر تۈمەن چاپاۋۇلىم بار. ھايىت دېسەم تېرىڭىزنى تەتۈر سويۇپ سازايى قىلىدۇ. ياخشىسى بۇنداق ئۆكتەملىك قىلماڭ. شېرىن سۆزىڭىز، ناز - كەرەشمىڭىز بىلەن كۆڭلۈمنى ئېلىڭ، — مۇڭسۇز غەزەپتىن ئۆپكىدەك ئېسىلغان قۇماربىكەنىڭ تەتىللا نىمچىسى يوشۇرۇپ تۇرغان تىزىغا قولىنى باستى، — مېنى زورلۇق قىلىشقا مەجبۇرلامسىز ۋە ياكى ئىختىيارىڭىز بىلەن ھۇزۇرلاندۇرامسىز؟ بۇنى ئۆزىڭىز تاللاڭ.

غادىيىپ ئولتۇرغان قۇماربىكەنىڭ تاتارغان چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولۇپ، بارا - بارا قەھ - قەھ كۈلكىگە ئايلىنىپ كەتتى.

— مۇڭسۇز، سىزنىڭ بۇ تەلۋە مىجەزىڭىزنى ئۆزگەرتكىلى بولمىغۇدەك. چېچىلماڭ، ھەيۋىمۇ قىلماڭ. ئېيتقان سۆزلىرىمنى كۆڭلىڭىزگىمۇ ئېلىپ كەتمەڭ. مەن مانا سىزدەك جەسۇر قورقۇمسىز ئەرنى ھۆرمەت قىلىمەن. باشقىلار ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىگە ئېرىشتۇرىمەن.

— ياخشى كۆرمەي تۇرۇپمۇ؟

— گېپىمنى بۆلمەڭ. بۇ جاھاندا ياخشى كۆرۈش، سۆيۈش، ۋاپا، مۇھەببەت، ھەقىقەت دېگەن يوق. ھوقۇق - مەنپەئەت بار. چۈشىنىۋاتامسىز؟

— سۆزلەۋېرىڭ ئابىنچۇ خاتۇن.
— ماڭا ئالىيلىرى، تۇركەن خاتۇن، دېسىڭىز خۇش بولۇپ كەتمەيمەن. سىزلەپ دوق قىلىسىڭىز خاپا بولۇپ كەتمەيمەن. مەن هامان ئابىنچۇ خاتۇن. ئالىمنىمۇ، زالىمنىمۇ، جاللاتنىمۇ، تۇتقۇنىمۇ ئۆزۈمگە رام قىلالايمەن، مۇڭسۇز. ئوغلۇمدىن ئاڭلىدىم، جەڭدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپسىز. ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم. بىلسىڭىز سىزنى كۆرگۈم كېلىپ چۇۋاچقا چاقىرتقانىدىم، — جىلمايدى قۇمارىبىكە، — سىز ئارسلاندىنمۇ يورەكلىك ئىكەنسىز. مەندىن خاقانلارمۇ تەپ تارتقانىدى. سىز تەپ تارتمىدىڭىز، مەن قايىل.
مۇڭسۇز جايىدا ئولتۇرۇپ سورىدى:
— ئالتۇن تارىم ئوردۇكەنتتىن نېمىشقا كەلدىلە؟
سىزلىمەي مايىل بولغان هالدا سىلىق گەپ قىلغىنىدىن توڭنىڭ ئېرىشكە باشلىغىنىنى سەزگەن قۇمارىبىكە ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۇلۇمسىرەپ دېدى:
— راستىنى دېسەم ئالىپ چاغرىبەگ، ئوغلۇمدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى كۆرگۈم كېلىپ كەلدىم. مانا سىز بىلەنمۇ كۆرۈشتۇم.
— مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن، تۇركەن خاتۇن.
— ئىشىنىپ قالىسىز، ئالىپ چاغرىبەگ.
— بايا نېمىشقا مېنى كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كەتتىلە؟
— مېنىڭ تۇركەن خاتۇن، ئالتۇن تارىم، خانىمىش ئىكەنلىكىمنى بىلىسىز. ھالبۇكى، دۆلەت ئەركانلىرى ئالدىدا، ئادەتتىكى بىر سەركەردە بىلەن سالاملىشىپ يۈزۈمنى چۈشۈرسەم بولامدۇ؟
— بىلدىم. مەن ئالىيلىرىنى ئەمرىمگە ئېلىشنى خالايمەن، ئابىنچۇ خاتۇن. چۈنكى، سىلى ماڭا ئەڭ لايىق كېلىدىغان بىردىنبىر جاسارەتلىك نازىنىن.
قۇمارىبىكە چۆچۈپ كەتتى. «بۇ قارام رەھىمسىز تەلۋىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك ئەمدى؟» ئۇ ئويلىنىۋېلىپ دېدى:

— بارسغانىنى ئالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرەي ئالىپ چاغرىبەگ. سەۋر قىلىسىڭىز.
— ئۇنداق بولسا چۇمبىلىڭىزنى ئېلىۋېتىپ جامالىڭىزنى بىر كۆرسىتىڭ.
قۇماربىكە چۇمبەلنى ئالدى. بۇلۇت ئىچىدىن ئاي چىقتى.
مۇڭسۇز سىنچىلاپ قاراپ: «دىلدارىبىكەگە يەتمەيدىكەن» دەپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

## 4

قۇماربىكە گەپ قىلماي چىقىپ كەتكەن مۇڭسۇزنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىپ، بېشىنى چايقىغان ئاشۇ مەھەلدە، ئىبراھىم تېگىن لەشكەرلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتكەن چاپارمەن توغرۇل قاراخان بارگاھىغا كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيلا قالدى. «ئىم !»① دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ توختىدى.
— ئىم ! — دەپ تولىدى ئۇدۇلىدا نەيزە تۇتۇپ تۇرغان قاراۋۇل.
— ...
— نېمانداق جاۋاب بەرمەيسەن، سەن زادى نېمە ئادەم؟ — سورىدى نەيزىسىنى تەڭلەپ قاراۋۇل.
— مەن ئوردۇكەنتتىن كەلگەن چاپارمەن.
— سېنى كىم ئەۋەتتى؟
— مېنى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئالىيلىرى ئەۋەتتى. قولۇمدا توغرۇل قاراخان ھەزرەتلىرىگە يېزىلغان مەكتۇپ بار.
— جايىڭدىن مىدىرلىما !
ئىككى قاراۋۇل ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. بىرسى ئوتقاشنى باش ئۇستىگە كۆتۈرگىنىچە كۆز سېلىپ تۇردى. بىرى ئاختۇردى.

---

① ئىم — پارول، مەخپىي بەلگە سۆز.

نەيزە قىلىچ، قالقان، ياسىنى ئېلىۋالدى. چاپارمەن قويۇن يانچۇقىدىكى مەكتۇپنى چىقىرىپ بەردى. لېپاپ ئۈستىگە «توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان ئالىيلىرىغا تېگىدۇ» دەپ، ئاستىغا «ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان» دەپ يېزىلغانىدى.

قاراۋۇل مەكتۇپنى يۈزبېشىغا بەردى. يۈزبېشى سەركەردىگە، ئۇ يۇغرۇشقا، يۇغرۇش ئورخۇنبەگكە بەردى. ئورخۇنبەگ شام چىراغلار چاقناپ تۇرغان خانتويغا كىرىپ، تەختتە خاموش ئولتۇرغان توغرۇل قاراخانغا سۇندى.

— ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان چاپارمەندىن ئالىيلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ.

توغرۇل قاراخان مەكتۇپنى ئىتتىك ئېلىپ ئوقۇدى:

«ئايغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان ھەزرەتلىرىگە:

يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىككى ھەپتە قورشاپ يېتىپ، 450 ـ يىلى زۇلھەججىنىڭ بەشىنچى كۈنى ئوردۇكەنتكە بېسىپ كىرىپ تەختنى ئىگىلىدىم. بۇ يەردىكى بارلىق قاراۋۇل، ياساۋۇل، سىپاھلار، ئوردا ئەمەلدارلىرى ئايغىمغا يىقىلىپ ئەل بولدى. قانخور ئالۋاستى قۇمارىبېگىكە يوشۇرۇن ھالدا قېچىپ كەتكەچكە، ئىز ـ دېرىكىنى قىلىۋاتىمىز. ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ باشلىق بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلار، مۇدەررىس ـ تالىپلار، ئادالەتپەرۋەر يۇغرۇش، ھاجىپ، سۇباشى، سانغۇنلار زىنداندىن قۇتقۇزۇپ چىقىلدى. ئوردۇكەنت خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇلۇغ قۇربان ھېيت نامىزى كۈنى ئالىيلىرىنىڭ ئىسمىشەرىپىگە ئاتاپ قۇتبە ئوقۇلدى.

ئاۋام خەلق — ئۆزلىرىنىڭ ئىبراھىم تېگىن ۋە قۇمارىبېگەنىڭ زۇلمى ئاسارىتىدىن قۇتۇلغانلىقلىرىنى

تەنتەنە قىلىپ، قۇربان ھېيت كۈنى ساما سالدى. قۇل، چىغايلارغا يۇغ بېرىلدى. مەرد، سېخىي ئوردۇكەنت بايلىرى ئون تۈمەن سەر ئالتۇن، بىر تۈمەن تاي پاختا يىپ، يىپەك، يۇڭدىن توقۇلغان رەختنى خانلىقىمىزغا ھەدىيە قىلدى. ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئەزىمەت، سىپاھ بولۇپ قاراخانىيلار ئېلىنى قوغدايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ قەسەمياد قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ تىلىكى قوبۇل قىلىندى. تەڭرىدىن مىننەتدارمەنكى، ئوردۇكەنت ھاياتىي كۈچكە تولدى. بارسغانغا بېرىپ، ھەربىرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئادالەت ۋە ھەققانىيەت دۈشمەنلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىش ئۈچۈن ئەتە سەيشەنبە ئاتلىنىپ يولغا چىقماقچىمىز. ئالۋاستى ئابىنچۇ خاتۇن، مۇناپىق بوزاغۇ، مەككار دوقاقبەگ ۋە قانخور مۇگسۇزلەرنى تۇتۇپ جازالىمىغۇچە ھەرگىز توختاپ قالمايمىز. تەڭرى پات ئارىدا دىدار كۆرۈشتۈرۈپ، غەلىبە ـ نۇسرەتنى بىزگە يار قىلىپ بەرگەي. ئامىن!

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ھارۇن ئارسلانخان بىننى سۇلايمان ئارسلانخان.

ھىجرىيە 450 ـ يىلى زۇلھەججىنىڭ 14 ـ كۈنى[1] — ئوردۇكەنت»

— ماشائاللا ـ ماشائاللا! ئوردۇكەنت پەتھى قىلىنىپتۇ، — دېدى مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغان توغرۇل قاراخان مەمنۇن بولۇپ.

ئورخۇنبەگ، بۆرىبەگلەرمۇ:

— تەڭرى ئۇلۇغدۇر، — دېيىشىپ بۇ غەلىبىنى مۇبارەكلەشتى.

خانتوي ئىچى خۇشاللىققا چۆمدى. سۇباشى، سەركەردىلەر كۈچىگە كۈچ قوشۇلغاندەك بولۇپ روھلىنىپ كېتىشتى، لېكىن

---

① مىلادىيە 1058 ـ يىلى 10 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ.

نېمە ئۇچۇندۇر خىيال سۈرۈپ قالغان توغرۇل قاراخانغا كۆز سالغان ئورخۇنبەگ ئىشەنچ بىلەن دېدى:

— ھەزرەتلىرى دېگەندەك ئوردۇكەنتنىڭ پەتھى قىلىنىشى قارا نىيەت ئاسىيلارنىڭ زاۋاللىقىغا يۈز تۇتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلھال، كۆرۈنۈشتە ئىبراھىم تېگىن قوشۇنلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا كۆپ ۋاقىت قالمىدى...

— سۇباشى، ئېيتقانلىرىڭىز بەرھەق. ئوردۇكەنتتىكى غەلىبە بىزنىڭ جاسارىتىمىزنى ئۈستۈرۈپ روھىمىزنى جەزمەن كۆتۈردى. ئەمما، — توغرۇل قاراخان ئورخۇنبەگنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — بىز ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاندەك ئىبراھىم تېگىنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرەلمىدۇق. ئىبراھىم تېگىننىڭ چاپاۋۇللارباشى ئونلىغان ئالىپ سەركەردىلىرىمىزنى ئۆلتۈردى. ئەرئاتان، ئارسلاندەك سەردارلىرىمىزنى يارىدار قىلدى. بەزىلىرىنى ئەسىر ئالدى. مانا بىزنى قارىتىپ قويۇپ بارسغاننى تاش بوران قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى قاراپ تۇرساق بولماس، — ئۇ سۆزىدىن توختاپ كۆكرىكىگە يېپىلىپ تۇرغان ساقىلىنى سىيپىدى. مەكتۇپقا يەنە بىر قاراپ چىقىپ، — سۇباشى، ئىنال تېگىن بارگاھىغا دەرھال ئادەم ئەۋەتىڭ. ئۇ كېلىپ بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپسۇن! — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزدا.

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى. ئۆزۈم بېرىپ ئېلىكخان ئىنال تېگىن ئالىيلىرىنى چاقىرىپ كېلەي، — ئورخۇنبەگ چىقىپ كەتتى.

— ئەمدى قاراپ تۇرساق بولمايدۇ، — دېدى توغرۇل قاراخان سەركەردىلەرگە يېنىشلاپ كۆز يۈگۈرتۈپ، — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرساق تېخىمۇ بولمايدۇ. بىز ئىبراھىم تېگىننىڭ نومۇسسىزلارچە قىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلىشىمىز كېرەك!

توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخاننىڭ بارسغانغا كەلگىنىگە بۈگۈن بەشىنچى ئاخشام بولغانىدى. جەڭگاھتىكى ئېلىشىشتا، مۈڭسۈز ھېچكىمگە بوي بەرمەي ئۇنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئالىپ بۆرىبەگلا مۈڭسۈزگە تاقابىل تۇرالىغانىدى. بۆرىبەگ ئۆزىگە نۆۋەت كەلگەندە مەردلىكىگە ئېلىپ ئۇنى مەيلىگە قويۇۋەتكىنىگە شۇ تاپتا پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەچكەننى توغرۇل قاراخان بىلىۋالغاندەك سوراپ قالدى:

— چاپاۋۇل باشى، مۈڭسۈز بىلەن نېمىشقا ئاخىرغىچە ئېلىشمىدىڭىز، ئۇ نېمىشقا بارگاھىغا قايتىپ كەتتى؟

— ئالىيلىرى، ئۇ ماڭا گۈرزە ئۇرىمەن دەپ ئۆزىنى يارىلاندۇرۇپ قويغان چېغى، بارگاھقا بېرىپلا كېلەي دەپ ئۆتۈندى، مەردلىكىمگە ئېلىپ ماقۇل بولدۇم.

— بۇ قانداق گەپ! مۇبادا سىز يارىلىنىپ، ئۇنىڭدىن بارگاھقا بېرىپ ـ كېلىشنى ئۆتۈنسىڭىز ماقۇل بولارمىدى؟

— بۇنى بىلمەيمەن، ئالىيلىرى. بىراق، مەن دۈشمىنىمنىڭ شىكەستىلەنگەن[1] چېغىدا زەربە بېرىشنى نامەردلىك ھېسابلايدىغان ئالىپ نۆكەر.

— سىز ئالىپ نۆكەرلا ئەمەس، بەلكى ئالىپ سەركەردە. سىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دۈشمەنگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن رەھىمدىللىك قىلسىڭىز، ئالىپ نۆكەرمۇ، ئالىپ سەركەردىمۇ بولالمايسىز، بۆرىبەگ. دۈشمەنگە ھەرقانداق ۋاقىتتا قاتتىق، رەھىمسىز بولۇش كېرەك. كىمكى يۇمشاق قوللۇق، رەھىمدىللىك قىلىدىكەن، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ. بۇنداقلارنى مەن كۆپ كۆرگەن. سىز ئۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ يامان قىلىپسىز. ئەمدى ئۇ لەشكەرلىرىمىزنى قورقۇنچ، ۋەھىمىدە قالدۇرىدىغان بولدى.

— يوقسۇ، ئالىيلىرى. ئۇ قاچان جەڭگاھتا پەيدا بولىدىكەن،

[1] شىكەستىلەنگەن — يارىلانغان، زەخىملەنگەن.

مەن زەربە بېرىمەن. ئۇ ئەمدى يو ئېتىپ كۆرەشلەپ بىزنى قورقۇتالمايدۇ. چۈنكى، جەڭگاھتا ئۇنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ سىناپ كۆردۈم.

— لېكىن، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدىڭىز چاپاۋۇللارباشى.

خاتا قىلغىنىنى بىلگەن بۆربەگ ئۈن چىقمىدى. خانتوي ئىچى تىمتاس بولۇپ قالدى. شامدان، قەندىللەردىكى لوقىراپ يانغان شام - چىراغلارنىڭ نۇرىدا يەرگە سىپلىنغان زىلچا، تارتىلغان يىپەك رەختلەر رەڭگارەڭ تۇس ئالغانىدى.

ئورخۇنبەگ ئىنال تېگىن بىلەن كىرگەندە، توغرۇل قاراخان تەخت ئۈستىدە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى.

— خان ئاتا، ئەزىز دەرگاھلىرىغا قەدەم قويغىنىمدا، ئۇلۇغ تەڭرىمدىن ھەزرەتلىرىگە سالامەتلىك ۋە نۇسرەت تىلەيمەن، — دېدى ئىنال تېگىن يەكتىمز بولۇپ.

— ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا بالام، تۇرسىلا، — ئىنال تېگىن ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن توغرۇل قاراخان مەكتۇپىنى ئۇزارتتى، — ئوردۇكەنتتىن خۇش خەۋەر كەلدى.

ئىنال تېگىن مەكتۇپنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، بۆسە قىلىپ، ئوقۇپ چىقتى.

— مۇبارەك مەكتۇپ ئىكەن، قاراخان ئاتا. ئىبراھىم تېگىنلەرنىڭ چەلپىكى يەرگە چۈشۈپتۇ.

— شۇنداق بالام، ئەمما بىز زەربە بېرەلمەي ئۇلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويدۇق. خۇدا بۇيرۇسا ئەتە ئۆزۈم جەڭگە كىرىمەن، — توغرۇل قاراخان بۇ سۆزى بىلەن ئەتە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ تەختتىن تۇرۇپ كەتتى. غەزەپلەنگەن، ھاياجانلانغان چاغلىرىدا ئۇ شۇنداق تەختتىن تۇرۇپ كېتەتتى.

— بىز تۇرغان يەردە، ھەزرەتلىرى دۇئا قىلىپ تۇرماي، جەڭگە كىرسىلە قانداق بولىدۇ؟ — ئىنال تېگىن قوللىرىنى

كۆكسىگە قويۇپ پەرمانبەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. نەچچە كۈندىن بېرى ھۇجۇمغا ئۆتمەي مۇداپىئەلىنىپ تۇرغانلىقىغا ئۆكۈنمىسىمۇ، توغرۇل قاراخاننىڭ خاپا بولۇپ قالغىنىدىن ئەپسۇسلاندى. بۆرىبەگ دەس تۇرۇپ دېدى:

— قاراخان ھەزرەتلىرى، ئىنال تېگىن ئالىيلىرى، پېقىر تېخى رەقىبىم بىلەن جەڭنى ئاخىرلاشتۇرغىنىم يوق. مەن ئەتە ھەربىرلىرىنىڭ دۇئالىرىنى ئېلىپ، قان ئىچەر جاللاتنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ جەڭگە كىرىسەم...

يېرىم كېچىگىچە ئەتىكى جەڭنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا قىزغىن مۇزاكىرە ـ مۇلاھىزە بولدى. ئاخىردا ئىنال تېگىننىڭ قوللىشى بىلەن بۆرىبەگ بىرىنچى بولۇپ جەڭگە كىرىدىغان بولدى. ئۇ مۇڭسۇزنى يەڭسىمۇ، يېڭىلسىمۇ، ئوخشاشلا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىبراھىم تېگىن لەشكەرلىرىگە زەربە بېرىش قارار قىلىندى.

ئەمما، ئەتىسى ناماز بامدات ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن جەڭ دۇمبىقىنى چالغىنى توغرۇل قاراخان سىپاھلىرى بولماي، ئىبراھىم تېگىننىڭ چاپاۋۇللىرى بولدى. نەرە تارتىپ ئالدىدا ماڭغان مۇڭسۇز قىلىچ ئوينىتىپ بارسغان شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ئېتىنى چاپتۇردى.

مانا شۇ چاغدا نامازنى ئۆتەپ بولۇشقان توغرۇل قاراخان، ئېلىكخان سىپاھلىرىمۇ جەڭ دۇمبىقىنى ياڭرىتىپ، قۇيۇندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان مۇڭسۇز چاپاۋۇللىرىغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. دەرۋازىدىن بىرىنچى بولۇپ چىقىپ ئات چاپتۇرۇپ بارغان بۆرىبەگ كۆزلىرىدىن باشقا يېرى نىقابلانغان مۇڭسۇزنىڭ ئالدىنى توستى.

— ئى قان ئىچەر جاللات، تۈنۈگۈن مېنى ئالداپ، جېنىڭنى ساقلاپ قالغان بولساڭمۇ، بۈگۈن مېنى ئالدىيالمايسەن. ئۆزۈڭگە ھېزى بول! — دەپ ئومۇت ئۇردى.

بۆربەگكە ئۇچراپ قالارمەن، دەپ ئويلىمىغان مۆڭسۈز ئۆزىنى چاققانلىق بىلەن ئاتنىڭ يېنىغا تاشلىۋېلىپ ئامان قالدى. لېكىن، ئومۇت قارىنى بۆسۈۋەتكەن ئۇنىڭ ئىتى بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ مۇدۇرۇلۇپ يىقىلدى. ئۇزەڭگىدىن پۇتىنى تېز چىقىرىۋالغان مۆڭسۈز تېقىمىغا باسۇرۇۋالغان نەيزىنى ئېلىپ بۆربەگكە ئاتتى. بۆربەگ چاققانلىق بىلەن ئېتىنى يانغا بۇردى. نەيزە ئاتنىڭ بوغۇزىغا قادىلىپ قالدى. ئات يىقىلدى. ئىتتىك يەرگە چۈشۈۋالغان بۆربەگ قولىغا قىلىچ ئالدى.

— مۆڭسۈز، زۇۋان سۈرەلمەيلا بويىنۇڭ ئۈزۈلۈپ ئارماندا قالمىغىن. نېمە گېپىڭ بولسا ئېيت، ئاڭلاپ قالاي، — دېدى بۆربەگ قىلىچىنى ئۇياق - بۇياققا شىلتىپ.

مۆڭسۈز چەكچىيىپ ئۇنىڭغا باقتى:

— بىلىپ قوي سەركەردە. مەن سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلمەيمەن. مېنىڭ ئەمەس، سېنىڭ ئەجىلىڭ توشتى. ئۆلۈش ئالدىدا، كىملىكىمنى ۋە مەقسەت - ئارزۇيۇمنى بىلىپ قالساڭ، ئەجەل شارابىنى ئىچسەڭمۇ ئارماندا قالمايسەن. مەن مۇسۇلمان ئەمەس، لات - ماناتقا چوقۇنغۇچى بۇددىست قىتانمەن. بۇغراخانلار جەمەتىنىڭ ھايات چىرىغىنى ئۆچۈرگۈچى قارا قۇيۇنمەن. قىرىق يىلدىن بۇرۇن بۇغرا قاراخان ئەھمەد تۇغانخانغا ئورخۇن بويىدا ئەسىر چۈشكىنىمدە، ئامالسىزلىقىمدىنلا ئەمەس، ھايات قېلىپ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەمرىنى ئادا قىلغانىدىم. ئۇزاق يىللاردىن بېرى قەلبىمدە يانغان قىساس ئوتى يىلسېرى يىلىنجاپ مېنى ئارامىمغا قويماي كەلدى. جاللاتمۇ، زىندانباشىمۇ بولدۇم. جاندارلارباشى، قاپۇغچىباشىمۇ بولدۇم. بارسغانغا چاپاۋۇللارباشى بولۇپ كەلدىم. ھېچبىر مويۇم تەۋرىمەي پۇرسەت تاپسىلا بۇغراخانلار جەمەتىدىن ئۆچ ئالدىم. سۇلايمان ئارسلانخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنى داغى ھەسرەتتە قويغان — مەن. مۇھەممەد ئارسلانخان، ھۈسەيىن ئارسلانخانلارنىڭ خىش -

ئەقرىبالىرىنى، ساداقەتمەن يۇغرۇش، سۇباشىلارنى، بۆگۈ بىلگەلەرنى قىرغىن قىلغانمۇ مەن، مېنىڭ رەھىمسىز قىساسچى دۈشمەن ئىكەنلىكىمنى ھېچكىم سەزمىدى ھەم بىلەلمىدى. سەن ماڭا نەيزە ئۇرغان سەركەردە. مېنى بۇ ۋاققىچە خاقانمۇ، بۆگۈ بىلگەمۇ تەسىرلەندۈرەلمىگەنىدى. سەن مەردلىكىڭ بىلەن مېنى تەسىرلەندۈردۈڭ. ھالبۇكى، سەن مېنى ئامان قويغىنىڭ بىلەن، مەن سېنى ئامان قويمايمەن. شۇڭا، كىملىكىمنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويدۇم. مەيلى مېنى قانخور، جاللات دېگىن، مەيلى نامەرد ھېسابلا، بۇ قارارىمدىن يانمايمەن. ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول!

ھۇجۇم نۆۋىتى بۆرىبەگنىڭ بولسىمۇ، مۇڭسۇز قەھرى بىلەن ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇردى. «چاق» قىلىپ تۆمۈر قالقانغا تەگكەن قىلىچ قاڭقىپ كەتتى.

— مۇڭسۇز، قىرىق يىللاردىن بېرى مەقسىتىڭنى خاندىن، ئاۋامدىن پىنھان تۇتۇپ، ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلىپ كەلگىنىڭ يېتەر! سەن بىر ياۋۇز سۇيىقەستچى ئەبلەخ. بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپ جانابلىرى دېگەندەك: «سۇيىقەستچىلەر ھېچقاچان قارا نىيىتىگە يەتكەن ئەمەس. قان كېچىپ كىرگەن سۇيىقەستچى قانغا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ»، بىلدىڭمۇ؟ ئەمدى سەن ئۆلىسەن! — بۆرىبەگ ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەي، قىلىچىنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولىدىكى خەنجەرنى غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىغا تىقتى. ئۇچلۇق خەنجەر تۆمۈر ساۋۇتنىڭ ئاراچلىرىدىن ئۆتۈپ، مۇڭسۇزنىڭ قوۋۇرغىسىغا قادالدى. مۇڭسۇز بىر سەنتۈرۈلۈپ ئۆزىنى توختىتىۋالدى. ئاغرىق جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بېشى قېيىپ كۆزى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ۋارقىراپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن لېۋىنى چىشلەپ، قىلىچىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇۋالدى.

مۇڭسۇزنىڭ قىلىچ ـ نەيزىسى، ئومۇت ـ گۇرزىسى ئۇنلىغان، يۈزلىگەن ئالىملارنىڭ، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئوقۇرمەنلەرنىڭ، مەرد ـ سېخىي باي، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ

تىجارەتچىلەرنىڭ، تېگىن، سانغۇن، سەركەردىلەرنىڭ، يۇرت ـ ۋەتىنىنى سۆيىدىغان غورۇرلۇق پۇقرالارنىڭ يۈرەك باغرىغا سانجىلغان، باشلىرىنى يارغان، قول ـ پۇتلىرىنى سۇندۇرغانىدى. لېكىن، ئۇ ئۇلارنىڭ ئاغرىق دەستىدىن قانچىلىك قاقشىغانلىقىنى بىلمىگەنىدى. مانا بۇگۈن تېنىگە بۆسۈپ كىرگەن خەنجەرنىڭ تەمىنى تېتىدى. ئاغرىق ئازابىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. ئەمما، ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرگۈسى كەلمىدى. ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ يارىلانغانلىقىنى يوشۇرماقچى بولدى.

— سەن باتۇر چەۋەنداز بولۇپلا قالماي، جەڭ ماھارىتىنى پىششىق ئىگىلىگەن سەركەردە ئىكەنسەن. مەن قايىل، مۇبارەك ئىسمىشەرىپىڭنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ. نائۇمىد قويمايدىغانسەن؟

— ئىسمىم بۆرىبەگ.

— بۆرىبەگ؟ ئەجەب ئىسمىڭ بار ئىكەن. بۇ ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپقۇ. ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە سائادەتمەن بولۇشۇڭنى تىلەپ، ئابدۇللا[1] ياكى ئابدۇلرەھىم[2]، دەپ ئىسىم قويۇلماي، بىر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئېتى قويۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىدىغانسەن؟ — مۇڭسۇز بۇ سوئالنى قويۇپ ئۇياق ـ بۇياققا كۆز يۈگۈرتتى: قىلىچلىشىۋاتقان، ئومۇت، نەيزە ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ سىپاھلىرى ئەتراپىنى بىر ئالغانىدى. مۇڭسۇزنىڭ بىرقانچە چاپاۋۇللىرى ئۇنىڭ يېنىغا كەلمەكچى بولۇۋىدى، بۆرىبەگنىڭ جاندارلىرى يېقىن كەلتۈرمىدى.

— بىلىمەن، خۇنپەر! — بۆرىبەگنىڭ زەردە بىلەن بەرگەن جاۋابى مۇڭسۇزنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ ئەتراپتىن كۆزىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى:

---

① ئابدۇللا — ئاللانىڭ بەندىسى.

② ئابدۇلرەھىم — رەھىم قىلغۇچىنىڭ بەندىسى.

— قانداق بولۇپ ساڭا بىر يىرتقۇچنىڭ ئىسمى قويۇلۇپ قالغان؟

— بۇنى بىلگۈڭ كەلسە قۇلاق سال، — بۆرىبەگ سەگەكلىك بىلەن ئۇنى كۆزەتكەن هالدا سۆزىنى باشلىدى، — بۇنىڭدىن قىرىق يىللار بۇرۇن قىتان ئۇرۇشخۇمارلىرى يۇرتىمىزغا يۇرۇش قىلىپ مىڭلاق[1] دىيارىغا كەلگەندە ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرگەنىكەن. ئالدىنى توسۇغان ئاتامنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۇرۇپ، تولغاق تۇتۇپ قىينىلىۋاتقان ئاپامنىڭ باغرىنى يېرىپ تاشلاپتۇ. پېقىر پىنهانى سۆيگۈ قەسىرىدىن باش چىقارماي، يېرىلغان باغرىدىن دومىلاپ كۆرپىگە چۈشۈپتىمەن، يەلكىسىگە قىلىچ ئۇرۇلغان تۇغۇت ئانىسى مېنى باغرىغا بېسىپ هوشىدىن كېتىپتۇ. هوشىغا كېلىپ قارىسا بوۋاق يوق. يىراقتىن بۆرىلەرنىڭ هۇۋلىغىنى ئاڭلىنىپتۇ... سامانلىقتا يوشۇرۇنۇۋالغان ئون ئۈچ ياشلىق ئاكام «قىتان باسقۇنچىلىرىدىن قىساس ئالماي قويمايمەن !» دەپ قەسەم قىلىپتۇ ۋە ئەهمەد تۇغانخان لەشكەرلىرىگە قوشۇلۇپ ئورخۇن دەرياسى بويىغىچە جەڭ قىلىپ بېرىپتۇ. قىتان باسقۇنچىلىرى مەغلۇپ بوپتۇ. ئەهمەد تۇغانخان تۇتقان غەلىبە شارابىغا ئېغىز تېگىپ يۇرتىغا يېنىپ كەلگەندە، ئون سەككىز ياشقا كىرگەنىكەن. شىكار قىلىپ يۇرۇپ، بۆرىلەر بىلەن بىللە تۇرغان بىر بالىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئاكامنىڭ ئۇ بالىنى كۆرگۈسى كېلىپ تۇرالمايدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى كەچ ئورمانغا كىرىپ غازاڭ ئۇستىدە ئۇخلاپ قالغان بالىنى قىشلاققا ئېلىپ كەپتۇ. تۇغۇت ئانىسى بۇ بالىنى تونۇپ: «سەن ئىنىڭنى تېپىپسەن. ئەمدى هەرگىز يوقىتىپ قويما» دەپ جېكىلەپتۇ. قىشلاق ئاقساقىلى بالىغا «بۆرىبەگ» دەپ ئات قويۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئاكامنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلىپتىمەن.

---

[1] مىڭلاق — ئىلى دىيارى.

— ھازىر ئۇ ئالىپ ئاكاڭ نەدە؟

— مىڭلاق دىيارىدىكى سىپاھلارنىڭ سۇباشى، ئۇ مېنى ئوردۇكەنت ساچىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇتۇپ، ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخانغا نۆكەر قىلىپ بەرگەن... بىز مانا بۇ جەڭگاھتا ئۇچرىشىپ قالدۇق. سەن بىر ئادەم تۇرۇپ قانچە ـ قانچىلىغان ئانىلارنىڭ باغرىنى يېرىپ، نۇرغۇن بوۋاقلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭ. ئەكسىچە ۋەھشىي ھايۋان دەپ ئاتالغان بۆرە بولسا قانغا مىلىنىپ ياتقان بوۋاقنى ئۆلۈم ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بۆرىبەگ دەپ ئاتىلىپ داڭ چىقارغان. بىلدىڭمۇ، قانخور؟

— بىلدىم، سېنىڭ سەرگۈزەشتەڭ ئىبراھىم بۆرە تېگىنىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە بەك ئوخشايدىكەن، — خىرىلداپ كۈلدى مۇڭسۇز، — راست دېدىڭ، مەن نۇرغۇن ئانىلارنىڭ باغرىنى يېرىپ، باللىرىنى دۇنياغا كۆز ئاچۇرماي بوغۇزلىۋەتكەن قانخورمەن. بىراق، شۇ دەم ساڭا رەھىم كېلىۋاتىدۇ. سەن يولۇمنى توسما، مەنمۇ سېنى كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كېتەي. ئامان قېلىشنى ئويلىساڭ، قېنى ئىلدام كەت!

بۆرىبەگ ئادەم سىياقىدىكى بۇ يالماۋۇزنىڭ يارىلانغىنىنى بايىلا بىلگەنىدى. ئالدامچىلىق قىلىپ جېنىنى ساقلاپ قالماقچى بولغىنىمۇ ھازىر ئۇنىڭغا سىر ئەمەس ئىدى.

— بولدى بەس مۇڭسۇز، ئالدامچىلىق قىلما! «ياغاچ قازاندا بىر قېتىملا سۇ قاينايدۇ». مېنىڭ كىملىكىمنى بىلدىڭ. سەندەك ئادىمىي يىرتقۇچلار ھېچقاچان بۆرىدەك بولالمايسىلەر. قارا نىيەت ئورۇن تۇتقان كۆڭۈللەردىن مېھىر ـ مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. قوللىرىڭدا قانغا مىلەنگەن خەنجەرلا قالغان. شۇڭا، سېنى ھەرگىز قويۇۋەتكىلى، تىرىك قالدۇرغىلى بولمايدۇ، — بۆرىبەگ سۆزىنى تۈگىتىپلا مۇڭسۇزنىڭ يەلكىسىگە ئومۇت ئۇردى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆرە تۇرالمىدى ۋە ھەرىدەلگەن تېرەكتەك قىڭغىيىپ يىقىلدى.

— بۇ ئەبلەخنى ئېلىپ كېتىڭلار! ئەمچىلەر جاراھىتىنى تاڭغاندىن كېيىن ئوردا زىندانىغا تاشلانسۇن! قاراۋۇللار ئۇنىڭدىن دەقىقىمۇ نېرى بولمىسۇن، — دەپ بۇيرۇدى يۇگۇرۇپ كېلىشكەن سىپاھلارغا بۆرىبەگ.

ئۇلار مۇڭسۇزنى تەڭنە قازان قىلىپ ئېلىپ كەتتى.

بۆرىبەگ بىر سىپاھ ئېلىپ كەلگەن توروق ئاتقا مىندى ـ دە، ئۆز چاپاۋۇللىرى بىلەن بىللە نەرە تارتىپ، مۇڭسۇز چاپاۋۇللىرىنى ئالاقزەدە قىلىۋەتتى.

ئاق قاشقا ئاتقا مىنگەن توغرۇل قاراخان ئالاھىدە بۇيرۇپ سوقتۇرغان بىسى كەڭ ھەم ئۇزۇن زۇلپىقارىنى باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ، ئۇچرىغان دۈشمەن سىپاھلىرىنى چاپ ـ چاپ قىلىپ جاندار، يۇرتۇغلىرى بىلەن ئىبراھىم تېگىن بارگاھىغا بېسىپ كىردى...

يىراقتىن مۇڭسۇزنىڭ يارىلىنىپ يىقىلغىنىنى كۆرگەن بوزاغۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، يۇرتۇغ، جاندارلارغا ئىبراھىم تېگىن بىلەن قۇماربىكەنى جان تىكىپ مۇھاپىزەت قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار خانتوينى بوش قالدۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا سەپنىڭ ئارقىسىغا چېكىنىشكەنىدى. غەزەپ ئاچچىقىدىن بوغۇلغان قۇماربىكە كۆكۈچ كۆزلىرىدىن يېشىل ئۇچقۇن چاچرىتىپ دېدى:

— ئاكا، ئوغلۇم، سىلەر بەك توخۇ يۈرەك ئىكەنسىلەر. شۇنچە كۆپ لەشكەر بىلەن قېچىپ نەگە بارىمىز؟ سىلەر جەڭ قىلىشتىن قېچىشنى ئەۋزەل كۆرسەڭلار، مەن ئۆزۈم قېلىپ توغرۇل قاراخان بىلەن جەڭ قىلىمەن. ھۇ نومۇسسىزلار! كۆزۈمدىن دەرھال يوقىلىش!

— خان ئابا، مەن قاچايلى دېمىدىمغۇ. قەدەملىرى نەدە بولسا مەنمۇ شۇ يەردە بولىمەن. سىلىنى جان تىكىپ قوغدايمەن، — ئىبراھىم تېگىن تىز پۈكۈپ ئانىسىنىڭ پېشىنى سۆيدى.

— مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئوغلۇم. لەشكەرلىرىڭ

بىلەن بىللە بولۇشۇڭ، ئۇلارغا باشچىلىق قىلىشىڭ كېرەك. لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان پادىشاھ جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، بىلدىڭمۇ؟ — قۇمارىبىكە تامدەك تاتىرىپ باش سىلىپ تۇرغان بوزاغۇغا تىكىلدى، — بەك يارىماس ئىكەنسەن، ئاكا. بارسىغانغا دەسلەپ بارغان چېغىڭدىلا تۇتۇپ بەرگەن بولسام، بۇ ئازابلىق كۈننىمۇ كۆرمەيتتىم. دەرىخا، تەقدىر پېشانەمگە شۇنداق پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ بار ! قېچىۋاتقان سىپاھلارنى ئارقىغا ياندۇرۇپ جەڭگە سال. تېتىقسىز سۆزلىرىڭنى يەنە ئاڭلىغۇم يوق. بار، يۈگۈر !

قۇمارىبىكە ئىبراھىم تېگىن بىلەن بوزاغۇنى پاتىپاراق بولۇپ قېچىشقا يۈزلەنگەن سىپاھلارنى سەپراس قىلىشقا بۇيرۇپ، كەينىدە قېتىپ تۇرغان بۆگۈشكە قارىدى:

— جاندارلارباشى مەن سىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئالتۇن تارىم.

— يارامىلىق ئادەملىرىڭىز قانچىگە يېتىدۇ؟

— ئۈچ يۈزدىن ئاشىدۇ، ئالتۇن تارىم.

— ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن قارلۇق ئالپلارنى، ساداقەتمەن سەركەردىلەرنى دەرھال بۇ يەرگە يىغىڭ. مېنى مۇھاپىزەت قىلىسۇن ! مەن ئامان بولىدىكەنمەن، ئەبۇ ھەسەن تېگىنىدىن تەختنى تارتىۋالىمەن. توغرۇل قاراخان، ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخانلارغا كۈن بەرمەيمەن !

— پەرمانبەردارمەن تۈركەن خاتۇن ئالىيلىرى.

بۆگۈش بىرقانچە جاندارلىرى بىلەن ئوڭ قانات، سول قانات بويىچە چېكىنىۋاتقان سىپاھلار ئىچىگە شۇڭغۇپ كۆزدىن غايىب بولدى...

## يىگىرمىنچى باب

# تۇمەن دەرياسى ھەققىدە رىۋايەت

## 1

دۇنيادىكى گۈللەر رەڭمۇرەڭ شەكىل، خۇش پۇراقتا ئىگە بولغاندەك، ئىنسانلارمۇ ئوخشىمايدىغان چىراي، پەرقلىق ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە. گۈللەردە ھوسن، خۇش پۇراق بولغان بىلەن، ئەقىل ـ پاراسەت يوق، ئۆزىگە لايىق سەزگۈ بولسىمۇ، سۆزلەش، پىكىر قىلىشتىن مەھرۇم. دۇنيادا چىرايلىق غۇنچىلاپ، خۇش پۇراق چېچىپ ئېچىلىدۇ ـ يۇ، باشقىلارغا ھۇزۇر، زوق بېغىشلاپ، ئۆزى بۇنى بىلەلمەيدۇ. بەرگىدىن ئۇزسەڭ قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ. ئاقىۋەت بوران ـ چاپقۇن، ئاپىتاپتىن، ئۆزىنى نابۇت قىلغۇچىدىن پاناھلىنالماي توزۇپ كېتىدۇ.

تۇرلۇك ـ تۇمەن، خىل گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەردىن، ئۇچۇپ، مېڭىپ ھايات كەچۈرۈشى بىلەن پەرقلەنگەن قۇش، ھايۋانلاردا تۇيغۇ ـ ھېس بولسىمۇ، سۆزلىيەلمىگىنى، پىكىر ـ مۇلاھىزە قىلالمىغىنى ئۈچۈن، ئاڭلىق، چارە ـ تەدبىرلىك ئەمەس. پىلان تۈزەلمەيدۇ، ھۆكۈم قىلالمايدۇ. قارشىلىق كۆرسىتىشمۇ، ھۇجۇم قىلىشمۇ، ئوزۇقلىنىشىمۇ شۇنداق ئاددىي، تەبىئىي. ئۇلار ئىنسانلاردىن، ئىنسانلار ئۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ. بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئەمەس، دوست. بىر ـ بىرىگە موھتاج...

ئادەملەر تىنماي پىكىر قىلىدۇ. چارە ـ تەدبىر تۈزىدۇ، ھىيلە ـ مىكىر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ، ھەممە نەرسىنى ئۆز

مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇشقا، خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇندۇ. ھەتتا بىر - بىرىنى بويسۇندۇرۇش، خىزمەت قىلدۇرۇش ئۇچۇن يوشۇرۇن - ئاشكارا ئېلىشىدۇ. يەڭگىنى بويسۇندۇرغۇچى، غوجايىن بولىدۇ. يېڭىلگىنى بويسۇنغۇچى دېدەك، قۇل بولىدۇ. پادىشاھتىن پۇقراغىچە ھەممە ئادەملەر شۇنداق. ھالبۇكى، ئەقىل - پاراسەتتە ئۇستۇن - تۆۋەن تەكشىسىز بولغىنى، مۇرەككەپ بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ يېتىلگەن ياكى كەمتۇكلۇكى سەۋەبلىك، ئويلاش، پىكىر قىلىشتىمۇ، ئارزۇ - تىلىكىدىمۇ ئوخشىماسلىق كۆپ. ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ ئالەمنى بىلىش - چۈشىنىشىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، بۇ دۇنيادا: پادىشاھ - پۇقرا، باي - كەمبەغەل، ئادىل - زالىم، ئالىم - نادان، مەرد - نامەرد، سېخىي - بېخىل، سادىق - مۇناپىق، راستچىل - كاززاپ، باھادىر - قورقۇنچاق، زېرەك - دۆت قاتارلىق خىلمۇخىل ئىنسانلار بارلىققا كەلگەندۇر. جۈملىدىن قاراخانىيلار مەملىكىتىدىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ھەممە خىللىرى مەۋجۇت بولغان مۇرەككەپ بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەت راۋاجلانماقتا ئىدى. بۇغرا قاراخان، بۇغراخان — بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلغۇچى ئىدى. بۇ خانلىقنى قۇرغۇچى، قۇدرەت تاپتۇرغۇچى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلاپ تەختتە ئولتۇرغان بۇغرا قاراخانلار ئىچىدىن ئادىللار چىققان بولسىمۇ، ئاسىيلار چىقمىغانىدى. ھايالىق تەقۋادارلار ئۆتكەن بولسىمۇ، شەھۋەتخور زالىملار ئۆتمىگەنىدى. قاچانكى مۇھەممەد ئارسلانخان ئىسلام دىنىنىڭ ھىمايىچىسى، ئىلىم ئەھلىنىڭ دوستى، خەلقنىڭ غەمگۇزارى بولغان ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخاندىن تاجۇتەختنى تارتىۋالغاندىن بۇيان، تىنچ - ئاسايىشلىقتا گۇللەپ ياشناۋاتقان قاراخانىيلار ئېلى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى. ئۇ قارانىيەت، شەھۋەتخور جەلپكار ئايالنىڭ دامىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆز جەمەتىگە سادىق، ئاۋامغا ئادىل بولالمىدى. ئاسىي قارا

نىيەتلەرگە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاقىۋەت ئۆز جېنىدىن ئايرىلىپلا قالماي، ۋەلىئەھدى بولغان چوڭ ئوغلى، ساداقەتمەن دۆلەت ئەرباپلىرى، مەلىكە، خانىشلارنىڭمۇ جېنىغا زامىن بولدى. تەختنى ئاسىي، نامەرد ئوغلى ئىبراھىم تېگىن ئىگىلىدى. ئاتىسىنى دورىغان بۇ شەھۋەتخور شاھزادە ئانىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئەل غېمىنى يېمەي ھە دەپ ئالۋان ـ ياساقنى كۆپەيتتى. زۇلۇمنى كۈچەيتىپ ئىلىم ئەھلىنى خورلىدى. بويۇنتاۋلىق قىلغان ئۆلكە، ۋىلايەت، ئايماقلارنى بويسۇندۇرۇش كويىدا ناھەق قان تۆكتى. ھەممە ئىشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار بولغان ئۆزى بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭشەكنى بۇزۇۋەتتى، رىشتىنى ئۈزۈۋەتتى... شەخسىيەتچىلىك كۈچىيىپ چەكتىن ئاشقاندا مانا شۇنداق تۈزىگىلى بولمايدىغان كېلىشمەسلىك يۈز بېرىدۇ. ئاخىر ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمەي، بارسغان دىيارىدا مەغلۇپ بولۇپ شېرىن جېنىدىن ئايرىلدى، ئۇنى قىساس تۇتتى.

ۋەلىئەھدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بەگيۈسۈپنىڭ مەسلىھەتى بىلەن پايتەخت قەشقەرنى قايتا ئىگىلەپ، ئاسىي قارا نىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار تۇتۇلۇپ تېخى جازاغا تارتىلمىغانىدى...

شۇلارنى ئويلاپ ئوردىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان بەگيۈسۈپ بۇلاقبېشى مەھەللىسىگە بويۇنداپ ماڭغان ئېتىنى تۆشۈك دەرۋازىسى تەرەپكە بۇرىدى. كەينىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان سۇلتانبەگ:

— كىشى قارا، قەيەرگە بارىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم دىلداربىكەنىڭ ئۆيىگە.

— مىجەزلىرى يوقمۇ، كىشى قارا؟

— ياق، يىگىت. ئوردۇكەنتكە كەلگىنىمىزگە ئىككى ھەپتە بولدى. ئوردا ئىشلىرى بىلەن قولۇم بوشىماي، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىمنى يوقلىيالمىدىم. ئۇلار نەچچە قېتىم كېلىپ

ھال سوراپ كېتىشتى، ئاتاساغۇن دىلداربىكە يادىڭدا باردۇ؟ — بەگيۇسۇپ سۆزىنى شۇ سوئال بىلەن توختاتتى.

— بار، بولمامدىغان. ئۇ قۇزئوردۇغا ئۆزلىرى بىلەن كەلگەندە، ئاتام، ئابامنى داۋالاپ ياشارتىۋەتكەنىدى. ئاجايىپ ئىستېداتلىق بىلگە خاتۇن ئىكەن، سىلىنىمۇ داۋالىغان ئىكەن - دە، كىشى قارا؟

بەگيۇسۇپ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى ئويلاپ بىر پەس سۈكۈت قىلدى.

— داۋالىغان، قىزىمغىمۇ ئۇستاز بولغان. ئۇنىڭ ئۆيىگە پەتىگە بېرىشىمنى ماقۇل كۆرىدىغانسەن؟

— ماقۇل كۆرىمەن، كىشى قارا. بىراق، ئۇ بىز ئوردۇكەنتكە كەلگەندىن بېرى يوقلاپ كەلمىگەن تۇرسا، يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭگە بارماي ئۇنىڭ ئۆيىگە بارامدۇق؟

— قارا سىنى! ھەممە ئىشقا، كەلگەن - كەتكەنلەرگىمۇ زەن قويۇپسەن - ھە؟! — بەگيۇسۇپ قامچىسى بىلەن ئۇنى نوقۇپ قويدى. تۆشۈك دەرۋازىسىدىن ئىلگىرى سىلىنغان، ئىككى قانىتىغا سىزىلغان كۆك بۆرىنىڭ سۈرىتى ئۆچۈشكە باشلىغان، ھىم ئېتىكلىك كونا دەرۋازىغا كۆز سېلىپ، بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاتاساغۇن دىلداربىكەنىڭ ئانىسى ۋاپات بوپتۇ. ھازىدار بولغاچقا بىزنى يوقلاپ كېلەلمىگەن. بىزنىڭ پەتىگە بېرىشىمىز زۆرۈرمىكەن بوتىلاق؟

— زۆرۈر ئىكەن، كىشى قارا، زۆرۈر ئىكەن. مۇسىبەت بوپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئاتاساغۇن خېنىمنى يەنە بىر كۆرسەم دەيتتىم. بۇگۇن كۆرۈش نېسىپ بولارمىكىن؟ ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە كۆرۈۋالارمەن بەلكىم.

— سەن تېخى گۆدەك، بالام. تۇرمۇشتىكى جىق ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن. ئاتاساغۇن خېنىم يۈزىنى يات ئەر كىشىگە كۆرسەتمەيدۇ.

— سىلىگىمۇ كۆرسەتمىگەنمۇ كىشى قارا؟

— كۆرسەتمىگەن.
— بۈگۈن كۆرسىتەرمۇ؟
— قىزىق سوئالالارنى سوراۋاتىسەنغۇ يىگىت؟ بۇنى بارغاندا بىلىمىز.

ئۇلار ئۇلاغلىق، پىيادە كىشىلەر كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان تۆشۈك دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، تۆمەن دەرياسىنى بويلاپ ماڭدى.

زۇمرەتتەك سۈزۈك ئېقىنغا بويىۇنداپ ـ بويىۇنداپ، تىزگىن سىيرىپ يورغىغا چۈشكەن قىزىل توروق بىردەمدىلا باراقسان ئۈجمە دەرىخى سايە تاشلىغان، ئىككى قاناتلىق گۈلدار ئىشىك ئالدىدا توختىدى. «بۇ ئۆينى ئۇنتۇپ قالماپتۇ جانىۋار، ھېچ يەردە توختىماي، تاق مەشەدە توختىغىنىنى» دەپ ھاياجانلانغان بەگيۇسۇپ ئاتتىن چۈشتى. تىزگىنىنى سۇلتانبەگكە بېرىپ ئىشىكنىڭ تۇچ ھالقىسىنى قاقتى.

— كىم؟ — بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
— پېقىر، بەگيۇسۇپ.

ئىشىكنىڭ بىر قانىتى ئېچىلدى.

— ۋىيەي، بۆگۈ بىلگە جانابلىرى ئىكەنغۇ، مەرھەمەت قىلسىلا، — ئىشىكنىڭ يەنە بىر قانىتىمۇ ئېچىلدى.
— سىز زۆھرە بىبىغۇ دەيمەن. ئوبدان تۇردىڭىزمۇ سىڭلىم؟
— دۇئالىرى بەركاتىدىن ئوبدان، تونۇۋالدىلا جانابلىرى.
— دىلداربىكە بىلەن بالاساغۇنغا بىللە بارغان تۇرسىڭىز، نېمىشقا تونۇماي، سىڭلىم.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ چوڭ ھويلىغا قەدەم باسقان بەگيۇسۇپ ئىككى تەرىپىگە كۆز سالغان ھالدا ئاستا ماڭدى. كەچ كۈزدە تال، ئانار دەرەخلىرى كۆمۈلۈپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، ياز كۈنلىرى ئاپتاپ چۈشمەيدىغان بۇ ھويلا قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغانىدى.
— ئۇكام، ئاتلارنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويغان بولسىلا، — دەپ ئۆتۈندى زۆھرە بىبى. يىگىت ئۇنىڭ باشلىشى بىلەن ئاتلارنى

ئېغىلغا ئەكىرىپ قويۇپ چىقتى.

— بۆگۈ بىلگە جانابلىرى، ساقلىتىپ قويدۇق - ھە؟! — زۆھرە بىبى ئىتتىك كېلىپ، ئايۋان سارايىنىڭ پېشايۋانى ئالدىدا تۇرغان بەگيۇسۇپكە يەنە بىر تەزىم قىلىپ، مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، — مەرھەمەت قىلغايلا.

بەگيۇسۇپ سۇلتانبەگ بىلەن رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئازادە ئۆيگە كىرىپ، تۆرگە سېلىنغلىق ئۈچ قات يېكەندازدا ئولتۇردى.

— مەن جانابلىرىنىڭ كەلگەنلىرىدىن ئاتاساغۇن خېنىمنى خەۋەرلەندۇرەي، تېخى بايىلا كەلگەن كېسەللەرنى يولغا سېلىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋىدى، — زۆھرە بىبى چىقىپ كەتتى.

نېمىشقىدۇر بەگيۇسۇپنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ سوقۇپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. چىرايلىق ياسالغان قارا ساقىلىنى سىلاپ - سىلاپ قويدى.

نەپەس ئۆيما نەقىش چېكىلگەن مېھمانخانا ئىشىكى ئېچىلدى. دىلداربىكە كىرىپ تەزىم قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بۆگۈ بىلگە ھەزرەتلىرى، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك!

ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن بەگيۇسۇپ قوپتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دىلداربىكە، سالامەت دىدار كۆرۈشتۇرگەن تەڭرىمدىن مىننەتدارمەن.

— ئولتۇرسىلا - ئولتۇرسىلا ھاجىپ، چارچاپ كېتىپىلا، — دىلداربىكە رومال بىلەن ئورالغان قوللىرىنى سۇنۇپ يېكەندازغا تەكلىپ قىلدى.

بەگيۇسۇپ ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. دۇئادىن كېيىن:

— ئانىلىرى دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ، بىكەم. ئاڭلاپ ھەسرەت چەكتىم. رەھمەتلىك بىلەن دىدار كۆرۈشكۈم، خىزمىتىدە بولغۇم

بار ئىدى. خەيرىيەت، ياتقان جايى جەننەتتە بولسۇن، ـــ دەپ تەسەللى بەردى.

ئاق پەرىجە ئارتىپ، يۈزىگە قارا چۈمبەل تارتقان دىلدارىبكە ئېغىر تىندى.

ـــ ئارتۇچقا كەلگىنىمىزدە، ئاتام، ئابامىلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، خاتىرجەم قىلىپ قويماقچى بولغانىدىم، ئەمما ئوردۇكەنتنى ئېلىش جېڭىگە قاتنىشىش قىزغىنلىقى ئوي - پىكرىمنى ئوتتەك ئورىۋالغاچقا، غەلىبە قازانغاندىن كېيىن ئۇلارنى بىراقلا قايتۇرۇپ كېلىش قارارىغا كېلىپ توختىماي ئۆتۈپ كەتكەنىدىم. شۇ كۈنى كەچ ئابام ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ ئەمەسمۇ. بىز غەلىبە قىلىپ شەھەرگە كىرگەن كۈننىڭ ئەتىسى، مەن بىرقانچە ھەمشىرە ئەمچىلەر بىلەن ئارتۇچقا قاراپ ماڭغانىدىم. كېچىكىپتىمەن، بارسام ئابام جان ئۈزۈپ بولغانىكەن. ئىسمىمنى چاقىرىپ تۇرۇپ كۆز يۇمۇپتۇ. ماڭا بەك تارتىشىپتۇ، ـــ دىلدارىبكە بۇلاقتەك ئۇقچۇغان كۆز ياشلىرىغا ياغلىقىنى بېسىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ـــ خەيرىيەت، بەگتاش خېلىل ئاكام يېنىدا بار ئىكەن. ھوشىدىن كەتكەن ئاتامنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ، ئاخىرەتلىكىنى تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ. ئاتام: «ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كېتىپ شۇ يەردە قويايلى» دەپ تۇرىۋاپتۇ. ئاكام: «ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋەلىيۇللامۇ ئوردۇكەنتتە ياتاي دېمەي، ئارتۇچ مەشھەددە يېتىپتىكەن، ئاتا، ئارتۇچمۇ ئوردۇكەنتنىڭ بىر قىسمى. ئابام بۇ يەرگە قويۇلسا روھىمۇ خۇشال بولىدۇ، بىزمۇ يات - پات كېلىپ يوقلاپ، قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلىپ تۇرىمىز» دەپ قايىل قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئابامنى مەشھەددىكى زاراتگاھلىقتا قويۇپتۇ. مېنى قۇزئوردۇغا كەتكەن دەپ بىلگەچكە ئارتۇچقا چۇشكەن سىپاھلىرىمىزدىنمۇ سورىمىغانىكەن. شۇنىڭدىن بېرى ئابامنى تولا ئويلاپ كۆز ياشلىرىمنى زادى توختىتالمىدىم. يۈرىكىم ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ، كۆپ يىلدىن بېرى

يالغۇز ئۆتتۈۋىدىم. ئەمدى تېخىمۇ يالغۇز قالدىم. مېنىڭ ھەمراھلىرىم كېسەللەر بولۇپ قالدى.
دىلدارىبكەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان سۇلتانبەگنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئانىسىنى ئەسلەپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئورنىدىن تۇرغىنىچە يۈگۈرۈپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى. بەگيۈسۈپ ئۇنى چاقىرىۋالماقچى بولدى - يۇ، روھىي ھالىتىنى چۈشىنىپ ئۇن چىقمىدى.
— بۆگۈ بىلگە جانابلىرى، مۇسىبەت بولغان غېرىب خانىمىزغا كېلىپ، پەتە ئوقۇپ كېتىشكىمۇ ۋاقىتلىرى يەتمىگەن ئوخشايدۇ. بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟
دىلدارىبكەنىڭ تەنە قىلىپ ئېيتقان بۇ گېپىدە ئاغرىنغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇنى سەزگەن بەگيۈسۈپ ئۇنىڭغا مېھرىلىك نەزىرى بىلەن تىكىلدى.
— دىلدارىبكە، راست مەن ئەيىبلىك. ھەرقانچە زۆرۈر ئىش بولسىمۇ كېلىشىم كېرەك ئىدى. رەھمەتلىك خانىكىش ئاغىچا خېنىم ماڭا تۇغقان بولۇپلا قالماي، غەمگۇزارىم ئىدى. شۇنداق ۋاپادار كۆيۈملۈك خاتۇنى بولغاچقا، ئاتىلىرى يۈز يىگىرمە تۆگىنى سەمەرقەنت، ھىندىستان، رۇم، چاڭئەنلەرگە ماڭدۇرۇپ، كاشغەر دىيارىنىڭ سودىسىنى راۋاج تاپتۇردى، جەمەتىمىزگە نۇرغۇن پايدا يەتكۈزدى. مەردلىكى، سېخىيلىقى، سەمىمىي - ساداقىتى بىلەن ئاۋام ئىچىدە كاتتا ئابرۇي قازاندى. ئانىلىرى ۋاپات بولۇپ، ئاتىلىرى قايغۇغا چۆمگەندە كېلىپ تەسەللى بېرەلمىدىم. ئوردىدىن چىقالماي قالدىم. كەچۈرگەيلا، — بەگيۈسۈپ بىر ئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن مەنىلىك قىلىپ دېدى، — قىلمىغان دېگەن ئىشنى ۋاقتىدا قىلالمايدىغان، ئويلىمىغان، خالىمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان، ھەتتا قىزىقمىدىغان بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە، ئادەملەر بىر - بىرىنى ئەپۇ قىلىشتىن تەسەللى تېپىپ، ئۈمىدلىنىپ ياشايدىكەن، دىلدارىبكە. ئۆزلىرىنىڭ پېقىرنى ئەپۇ قىلىشى —

سائادىتىمدۇر.

ئۆينى چوڭقۇر سۈكۈت باستى. بەگيۈسۈپنىڭ ئاخىرقى سۆزى دىلدارىبكەنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن سولىشىپ قېلىۋاتقان دىل بىغىدىكى ئەتىۋار غۇنچىنى تاڭ شەبنىمىدەك جانلاندۇرۇۋەتتى. «ئەجەب بۇنداق دەپ قالدىڭ. ئىلگىرى بىرەر قېتىممۇ بۇ مەنىدە سۆز قىلىپ باقمىغانىدى. مېنىڭ قېيىداپ دېگەنلىرىمنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. ئاھ! تەڭرىم، نائۇمىد قويمىغايسەن...» ئۇ ئويلاپ قارا چۇمبەل ئاستىدىن بەگيۈسۈپكە تىكىلدى:

— بەگيۈسۈپ، سىلى پېقىرەنى ئەپۇ قىلغايلا. دۆلەت خىزمىتى بىلەن بولۇپ كېلەلمىگەندىن كېيىن، مەن ئادەم ئەۋەتىپ ھال سوراپ تۇرۇشۇم زۆرۈر ئىدى. راستىمنى دېسەم، مۇسىبەت بولغان ئۆيگە پەتە ئوقۇيمۇ دېمىدى، ئاتامنىڭ يۈزىنىمۇ قىلمىدى، بىزنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ، بۇۋىئايشەمۇ كېلىپ كېتەي دېمىدى، دەپ خاپا بولۇپ قالغانىدىم. كېلىپ تولىمۇ خۇرسەن قىلدىلا، ئۆز ئاغزىلىرىدىن ئەھۋالنى ئۇقتۇم. كۆڭلۈمدىكى غۇممۇ تۈگىدى. ئېيتسىلا، ئوردا ئىشلىرى ئىزىغا چۈشەي دېدىمۇ؟

— ئوردۇكەنتنى پەتھى قىلغان كۈنىلا، ئۆزلىرىنى يوقلاپ بارماقچى بولۇۋىدىم. ئەمما، بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلارنى زىنداندىن چىقىرىش، ئالۋاستى قۇمارىبكەنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىش بىلەن بولۇپ، ئۇ كۈنى تۈندىمۇ كۆز يۇممىدىم. قىزىم بۇۋىئايشە ئۇ مەلئۇن پېسەندىنى ئىزدەپ نەچچە كۈن شەھەر ئىچى، قىشلاقلاردا يۈردى. قايتىپ كېلىپلا جەڭدە يارىلانغان سىپاھلارنى داۋالاۋاتقان ئاتاساغۇنلارغا ياردەملىشىپ ۋاقىت چىقىرالمىدى. ماڭىمۇ يولۇقالمىدى. بولمىسا سىلىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. بەلكىم سىلى بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولغاندۇ؟ ئوردا ئىشلىرىغا كەلسەم، — بەگيۈسۈپ سۆزىنى توختىتىپ ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قاراپ تۇرغان سۇلتانبەگنى چاقىرىۋىدى، ئۇ كىرمەي ئىشىكنى يېپىپ قويدى. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئوردا

ئىشى — دۆلەت ئىشى. دۆلەت ئىشى ئائىلە ئىشىدەكلا تۈگىمەيدىغان ئىش. مەرھۇم سۇلايمان ئارسلانخان دەۋرىدىكى تەرتىپ - نىزام بۇزۇلۇپ، ئوردىدىكى يۇغرۇشباشىدىن تارتىپ ئىدىشباشىغىچە بولغان چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار باشباشتاق بولۇپ كەتكەنىكەن، خەزىنىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىكەن. ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى ساداقىتىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ غېرىزىنى غاز، ئۆردىكىنى ئۆردەك قىلىش بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجى ئىدى.

— توغرا دېدىلە بەگيۇسۇپ، پادىشاھ قارا نىيەت، زالىم بولسا ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ كاززاپ، سۇخەنچى، مەككار بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ تەكشۈرۈپ بولۇندىمۇ، قانخور، خىيانەتكارلاغا جازا بېرىلگەندۇ؟

— نەچچە يۈز ئەمەلدارنى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا تەكشۈرۈپ، ياخشى - يامانىنى ئايرىماق تەس، دىلدارىبىكە. لېكىن، جىنايىتى ئېغىر، دەلىل - ئىسپاتى تولۇق بولغان بىرقانچە يۇغرۇش، چاغرىبەگ، تارخانبەگلەر ئوردۇكەنت كوچىلىرىدا سازايى قىلىنىپ زىندانغا تاشلاندى. بىرقانچىلىرى ئوردىدىن ھەيدەلدى. ئوردا ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن ئىبارەت ئىنتايىن زۆرۈر ۋە ئىنچىكە خىزمەتنى بىجىرمەكچى بولغان ۋەلىئەھدى مېنى يېنىدىن ئايرىمىدى. كېچە - كۈندۈزلەپ ئىشلەپ ئوردا ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالغان بولدۇق. يېڭىدىن خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلەر ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئىشقا كىرىشتى. ھەرقايسى دىيار، ئايماقلارغا پەرمان، يارلىق ئەۋەتىش ئىشلىرىمۇ باشلاندى.

— ئۆز مەملىكىتىنى مۇستەھكەملەش، پادىشاھقا ساداقەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوردۇكەنت بايلىرى قىلغان ھەدىيە قوبۇل تۇتۇلدىمىكىن؟

— قوبۇل تۇتۇلدى، دىلدارىبىكە. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان

بۇغرا تۆگىگە مىنىپ، ئوردا ئالدىغا چىقىپ ھەدىيە توققۇز تارتۇق ئېلىپ كەلگەن ئوردۇكەنتىنىڭ سىخىي بايلىرىغا رەھمەت ئېيتتى. مەن شۇ كۇنى بەگتاش خېلىل بىلەن كۆرۈشۈپ ئانىلىرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ ئۆزىلا بەگتاش جالالىدىن ئائىلىسى نامىدىن توققۇز يۈز سەر ئالتۇن، توققۇز مىڭ سەر كۈمۈش، توقسان توققۇز جۈپ ئات، توقسان توققۇز تاي يىپەك، يۈڭ رەخت ھەدىيە قىلدى. ۋەلىئەھدىنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭغا تون ياپتىم. ھە، سوراش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاكىلىرى بەگتاش جېلىل سەپەردە ئوخشىمامدۇ؟

— سەپەردە، بولدى ئۇنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا، بەگيۇسۇپ. ئاكام بەگتاش خېلىل پۈتۈن ئائىلىمىزنى قانات ئاستىغا ئېلىپ كۆيۈنۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئىككى ئوغلىنى بۇ قېتىم قورال - جابدۇق ئاتلىرى بىلەن نۆكەرلىككە بەردى.

«ئاكىسى بەگتاش جېلىل ھەققىدە سۆزلەشتىن نېمىشقا ئۆزىنى قاچۇرىدىغاندۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار» دەپ ئويلىغان بەگيۇسۇپ ئىككىنچى قېتىم ئۇنى ئېغىزغا ئالمىدى.

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن خانلىقىمىزنى قوغداش، يوشۇرۇن - ئاشكارا ياۋغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نۆكەر بولۇشقا بەل باغلىغان نەچچە مىڭ ياش قەسەم بېرىپ خانلىق قوشۇنىغا كىردى، دىلداربىكە، بۇ بەگتاش جالالىدىندەك ۋەتەنپەرۋەر ئاتىلارنىڭ تەربىيە، دەۋىتىنىڭ نەتىجىسى. بۇنداق ئاتىلار ئائىلىسىنىڭلا ئەمەس، مەملىكىتىمىزنىڭمۇ تۈۋرۈكى...

— ئانىلارچۇ؟ ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ مىڭبىر جاپادا، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرىنى يورۇق دۇنيا بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن ئانىلارچۇ؟ — دىلداربىكە ئالدىراپ سۆز قاتتى، — ئاڭلىشىمغا قارىغاندا بۇ قېتىمقى خانلىققا ئالتۇن - كۈمۈش، بايلىق ھەدىيە قىلىشتا، بەزى ئانىلار ئۆمۈر بويى يىغقان پۇل - پىچەكنى بېرىپلا قالماي، بەلكى بىلەزۈك، ئۈزۈك، ھەتتا

زۇننارلىرىنىمۇ بەرگەن. بەزى ئانىلار تارتۇق قىلىشنى خالىمىغان ئاتىلارنى ياخشى نىيەت ـ ئارزۇسى بىلەن قايىل قىلىپ ئوردىغا ئەۋەتكەن، بۇنداق ئانىلارغا نېمە دەپ باھا بېرىش كېرەك؟ ــ دىلدارىبىكەنىڭ ئۇنى چىڭىراق چىقتى. ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا ئەرلەرنىڭ ئىقتىدار، ئارتۇقچىلىقى ھەققىدە سۆزلەيدىغان بەگيۇسۇپنىڭ خوتۇن ـ قىزلار ھەققىدىكى پىكرىنى بىلىپ باقماقچى ئىدى.

بەگيۇسۇپ بۇنى چۈشەندى.

ــ دىلدارىبىكە، ــ دېدى ئۇ چىن قەلبىدىن سەممىي ھالدا، ــ راستىمنى دېسەم، قىز ـ خاتۇنلارنى كۆپ تىلغا ئالماسلىقىم، تۆۋەن كۆرگەنلىكىمدىن ئەمەس. ئەسلا ئۇنداق ئەمەس ! ــ بەگ ـ يۇسۇپ ئۇنلۇك تەكرارلىدى، ــ بەلكى قەدىرلىگەنلىكىمدىندۇر. قىز ـ خاتۇنلارنى ئەرلەر ئالدىدا تەرىپلەش، ماختاشنىڭ ئىككى جەھەتتىن زىيىنى بار: بىرىنچى، ئەرلەردە قىز ـ خاتۇنلارغا بول ـ غان قىزىقىش كۈچىيىپ، شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى، تەرىپ ۋە ماختاش ئەرلەرنىڭ ئۆيلىنىشتىكى شەرتى بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە بىر قىسىم قىز ـ خوتۇنلار شاللىنىپ كېتىپ، جان بېقىش ئۈچۈن نومۇسىنى ساتىدىغان پاجىئە كېلىپ چىقىدۇ.

ــ سۆھبەتلەردە قىز ـ خاتۇنلارنى كۆپ تىلغا ئالماسلىقلىرىدىكى سەۋەب شۇ ئىكەن ـ دە، چۈشەندىم. ئەمما...

ــ مەن نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىرىنى بىلىمەن، دىلدارىبىكە، قويماقچى بولغان سوئاللىرىغىمۇ جاۋاب بېرەي، ــ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى بەگيۇسۇپ، ــ دېگەنلىرى توغرا. سىلى ئېيتقاندەك، خانلىقىمىزغا توققۇز تارتۇق ھەدىيە قىلىشتا، بەزى تەقۋادار، ھاياتىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدىغان قىز ـ خاتۇنلار پۈتۈن بايلىقىنى، ھەتتا ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان ئېسىل بىلەزۈك، ئۈزۈك، زۇننار، ھالقىلىرىنىمۇ بەرگەن. بۇلار ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك ئانىلار، ساداقەتمەن ئانىلار. ئەرلىرىنىڭ

كېيىندە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پادىشاھ، يۇغرۇش، قازى، بوغۇغ، تۆھپىكار، ئالىپ، باي، مەرد بولۇپ تونۇلۇشىدا ياردىمىنى ئايىمىغان، مەدەت بەرگەن، كۈتكەن، ئاسرىغان، بەجانىدىل خىزمەت قىلغان كۆيۈملۈك ئۇلۇغ ئانىلار. ئۇلارنىڭ تەرىپىنى داستان، قىسسە قىلىپ يازسا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

— ھالبۇكى، بەگيۇسۇپ، بەزى شېئىر - نەزمىلىرىدە، قىز - خاتۇنلارنى ئەيىبلەپلا، بۇنى مەن قانداق چۈشەنسەم بولىدۇ؟

— جاۋاب بەرگۈچە يەنە سوراپ قالدىلا. تىلىمدا بەزى قىز - خاتۇنلارنى ئەيىبلەپ سۆككەن بولساممۇ، دىلىمدا تەرىپلەپ كېلىۋاتىمەن. قىز - خاتۇنلارنى ئەيىبلەپ سۆككىنىم، ئۇلاردىن ئەرلەرنى بىزار قىلىش ئەمەس، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتمەسلىكى، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاتائالا مۇھەببەتتىن ئىبارەت يۈگەنسىز تۇيغۇنى ئەرلەرگىلا ئەمەس، قىز - خاتۇنلارغىمۇ ئوخشاش ئاتا قىلغاندۇر. ئۆز تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا ئەرلەر قابىللىقى، بويسۇندۇرغۇچى بولۇشى بىلەن ئۆزىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. قىز - خاتۇنلارمۇ نازۇكلۇقى، جەلپ قىلغۇچى بولۇشى بىلەن ئەرلەرنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ھېسسىياتقا بەكرەك بېرىلىدۇ. ئالداپ تۇرۇپ ئالدىنىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئەرلەرنى تەرىپلەپ، قىز - خاتۇنلارنى ئەيىبلەپ تۇرغاندا سۆيگۈ ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرغىلى، ئېجىل - ئىناقلىقنى كۈنسېرى چىڭىتقىلى، ھىجران ئازابىدىن قۇتۇلغىلى، ۋىسال بەختىگە يەتكىلى بولىدۇ.

— چۈشەندىم. سىلىنى باشقىدىن چۈشەندىم. خۇددى سىلى بىز قىز - خاتۇنلارنى چۈشەنگەندەك. قىز - خاتۇنلار ئالدىدا ئۆزىنى سىلىدەك چىڭ تۇتۇۋالغان ئادەملەر ساناقلىق بولسا كېرەك. ئۆزىنىڭ لەۋەن رۇخسارى، خۇشخۇيلۇقى، ناز - كەرەشمىسى بىلەن دۇنيانى بويسۇندۇرماقچى بولغان ئايالمۇ سىلىدەك تەمكىن، قىيا تاشتەك ئېغىر، ئىرادىلىك ئەرلەر

ئالدىدا باش ئەگمەي قالمايدۇ. سىلى ئاجايىپ دانا ئادەم، بەگيۇسۇپ.
— ياق ـ ياق، دىلدارىبكە. قىز ـ خاتۇنلار ئىچىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىرى ئەرلەردىن ئاز ئەمەس. ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بىر خاتۇن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان يۈزلىگەن ئەرلەرنى ئەتراپىدا پەرۋانە، تۇرمۇشتا سەرسانە قىلىۋېتىدۇ ـ يۇ، پاك سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىگە داغ چۈشۈرمەيدۇ. ئەمما، مەن سىلى دېگەندەك ئۇنداق ئاجايىپ دانا ئادەم ئەمەس، مەن بىر ئۆگەنگۈچى.
— بەگيۇسۇپ، ئۆزلىرىنى گەپكە تۇتۇپ داستىخان سېلىشنى ئۇنتۇپ كەتكىنىمنى قارىسىلا، — دەپ ئورنىدىن تۇرغان دىلدارىبكە چىقىپ، دېدىكى بىلەن ئېلىپ كىرگەن داستىخاننى سالدى. مەزە، گېزەك قويدى. قوغۇن ـ تاۋۇز پىچتى. گىلاس شەربىتى قۇيۇپ بەردى، — بىرئاز سەۋر قىلسىلا، سىلى سېغىنغان تاماقنى ئېتىپ بېرىمەن.
— ئاۋارە بولمىسىلا، مۇسىبەت بولغان ئۆيگە پەتە ئوقۇغىلى كەلگەن ئادەمگە داستىخان سېلىنمايدۇ، — بەگيۇسۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىنى بىلدۈرۈپ، قوپۇشقا تەمشەلدى.
— ئولتۇرسىلا. پەتە ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندە كەلگەن مېھمانغا داستىخان سېلىش — جەمەتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. مېنىڭ تېخى سىلىدىن سوراپ بىلىۋالماقچى بولغانلىرىم بار. باياتىن گەپلىرىگە بېرىلىپ، قايتىدىن دەرس ئالغاندەك بولدۇم. ھەرگىز كېتىمەن دېمىسىلە. ھازىر شام بولۇپ قاپتۇ. نامازنى ئوقۇۋېلىپ ئارام ئېلىپ تۇرغايلا، — دىلدارىبكە بەگيۇسۇپ جاۋاب قايتۇرغىچە ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.
بەگيۇسۇپ ئويۇقتىن جاينامازنى ئېلىپ سالدى. شامنى ئوقۇۋېلىپ، جايىدا ئولتۇردى. مەززىلىك توقاچتىن بىر پارچە ئوشتۇپ قوغۇن بىلەن يېدى. «دىلدارىبكە ئاجايىپ خوتۇن ـ دە، ئۇنى كۆرسەم سېھىرلىنىپ قالغاندەك مەيلىمچە ئىش قىلالمايمەن. ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالدىممۇ نېمە؟» ئويلىدى

بەگىيۇسۇپ ئويۇقلارغا تىزىلغان كىتابلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، «نەچچە كۈن مۇڭداشساقمۇ سۆزىمىز تۈگىمەيدىغاندەك قىلىدۇ. يەنە نېمىلەرنى سورايدىكىن؟...» ئۇ يىگىرمە يىللار بۇرۇن قەشقەرگە بېرىپ دىلدارىبىكەنى كۆرگىنىدىن تارتىپ، ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق ھەممە ئەھۋاللارنى ئەسلەپ چىقتى. ئۇنىڭدىن قىلچىلىك ئېقۋەن تاپالمىدى. پەزىلەت ـ خىسلەتلىرى كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ، ئۇنىڭغا تولىمۇ مەپتۇن بولۇپ قالدى.

تاماق ئېلىپ كىرگەن دىلدارىبىكە گۈللۈك ھېجىرغا ئېلىنغان لەڭمەننى بەگىيۇسۇپنىڭ ئالدىغا قويدى.

— دىمىسەممۇ ئوردۇكەنتكە كەلگەندىن بېرى پولۇ، مانتا، سامسا، پەرمۇدىلەرنى يېدىلە. چۆچۈرە، ئۈگرە، نېرىن چۆپكىمۇ ئېغىز تەگدىلە. پېقىرە ئېغىز تەگمىدى دەپ ئۆز قولۇم بىلەن ئەتكەن غىزا — لەڭمەنگە ئىشتىھالىرى قانداق؟

— ئادەمنىڭ قورسىقى توق ۋاقتىدا ھېچنېمە، ھەتتا كاۋاپنىمۇ يېگۈسى كەلمەيدۇ. ئەمما، تارىدەك سوزۇلغان لەڭمەن ئالدىغا قويۇلسا ئىختىيارسىز قول ئۇزارتىدۇ، دىلدارىبىكە، پېقىر ئامراق تاماقنى ئېتىپلا. لەڭمەن سەپەرگە بېشارەت قىلىنغان تاماق، لەڭمەن يەپ چۈشكەن ئادەم سەپەرگە چىقماي قالمايدۇ. جۇشقۇن روھ، غەيرەت بەخش ئېتىدىغان تاماق بىلەن كۈتۈۋالغانلىرى ئۈچۈن رەھمەت، — بەگىيۇسۇپ بىھى دەرىخىنىڭ شېخىدىن سىپتا ياسالغان چوكا بىلەن لەڭمەننى يېيىشكە كىرىشتى.

— لەڭمەن دىدار كۆرۈشۇشنىمۇ بېشارەت بەرسە كېرەك. تۈنۈگۈن كېچە لەڭمەن ئېتىپ چۈشەپ قالغانىدىم. كۈتمىگەن بىر چاغدا سىلى كېلىپ غېرىبخانىمىزنى ئاۋات قىلدىلا.

بەگىيۇسۇپنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

— ئوردۇكەنتكە كەلگەندىن بېرى لەڭمەنگە ئېغىز تەگمىگەنىدىم. بۇ تاماقنى ئوردۇكەنتتە خويمۇ ئوخشىتىدۇ. نېمىدېگەن لەززەتلىك! ... — بەگىيۇسۇپ لەڭمەننى ئىشتىھا

بىلەن يەپ تۈگەتتى، ــ رەھمەت ! دىلىممۇ، تېنىممۇ يايراپ كەتتى !

ــ ئۇنداق بولسا ئەتىمۇ كەلسىلە.

ــ ئەتە، ئۆگۈنمۇ كېلەلمەيمەن، دىلدارىبىكە. بىر كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ چوقۇم كېلىمەن.

ــ ئىشلار شۇنچە ئالدىراشمۇ؟

ــ ئالدىراش، بەك ئالدىراش. ئىككى قولۇمنى ئون قىلغىلى بولسا قىلىۋالاتتىم. لېكىن، بۇگۈنلا پەتە ئوقۇپ بەگتاش جالالىدىنىدىن ئەپۇ سورايمەن.

ــ ئۆزلىرىنى ئايىسىلا، بەگيۇسۇپ، بىر ئەلنىڭ ئىشىنى بىرلا ئادەم قىلىپ تۈگىتەلمەيدۇ. بۇنى ئاتام چۈشىنىدۇ، سىلىدىن رەنجىمەيدۇ.

ــ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق. ئەمما، ئوردا ئىشلىرى ئەمدىلەتىن ئىزىغا چۈشۈۋاتىدۇ. ۋەلىئەھدى يۇغرۇش باشى بىلەن ئۇلۇغ ھاجىپنى توغرۇل قاراخان تاغام كەلگەندىن كېيىن تەيىنلەيمىز دەۋاتىدۇ. ئاڭغىچە جاپا تارتساممۇ، ئوردا ئىشلىرىنى يۇرۇشتۇرۇپ تۇرمىسام بولمايدۇ.

دىلدارىبىكە چاي قۇيۇپ بەگيۇسۇپكە تۇتتى.

ــ بارسغاندىن خەۋەر بارمۇ؟

ــ يوق. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان نامىدىن مەكتۇپ ئەۋەتكەنىدۇق. تېخى ئۇچۇر كەلمىدى. ئالىپ ئېلزادبەگنى لەشكەر بىلەن ئاتلاندۇرماقچى بولۇۋاتىمىز.

ــ بۇۋىئايىشە ئوردۇكەنتتە قالدىغاندۇ؟

ــ ئېلزادبەگ بىلەن ماڭماقچى. ھەمشىرە ئەمچى بولۇپ جەڭگە قاتنىشىمەن، دەيدۇ.

ــ جەسۇر قىز ـ دە، ئۇ. مېنىڭمۇ قاتناشقۇم بار ئىدى. ئوردۇكەنتكە كەلگەندىن بېرى خوتۇن ـ قىزلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ قولۇم زادى بوشىمىدى. بۇ يەردىن ئايرىلسام بولمىغۇدەك.

— توغرا ئويلاپلا. بۇ يەرمۇ بىر جەڭگاھ، بۇ جەڭگاھ سىلىدەك سەركەردىسىدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ، — دېدى بەگيۈسۈپ ئېچىنىشار بىلەن، ئاندىن بۇۋىئايىشە توغرۇلۇق ئويلاپ قوشۇپ قويدى، — بالىلارنى مەن ئېلىپ قالماقچىمەن.

— ئۇلارغا قاراشقا قانداقمۇ ۋاقىت چىقىرىسىلا بەگيۈسۈپ؟ مېنىڭ يېنىمدا تۇرسۇن، مەن ئەكېلىۋالىمەن.

بەگيۈسۈپ ئۇنىڭ بۇ كۆيۈمچانلىقىدىن خۇرسەن بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— رەھمەت، دىلدارىبىكە. بالىلار سىلىنىڭ يانلىرىدا تۇرسا، قىزىممۇ، كۈيۈئوغلۇممۇ خاتىرجەم بولىدۇ.

دىلدارىبىكە ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغان ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

## 2

لەشكەرلەر بارسغانغا ئاتلانغان كۈنى جانپىدا غوجام بىلەن زۇبەيدەنى ئاتاساغۇن دىلدارىبىكە ئېلىپ قالدى. بۇنىڭدىن بۇۋىئايىشەمۇ، ئېلزادىبەگمۇ ناھايىتى خۇش بولدى. بەگيۈسۈپمۇ كۆڭلىدىكىدەك بولغىنىدىن شۇنچە سۆيۈندى. گۆدەكلەر يىراققا كېتىۋاتقان ئاتا ــ ئانىسىدىن ئايرىلىشقا قىيماي، ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇرۇشتى. بەگيۈسۈپ ئۇلارنى دىلدارىبىكە ئولتۇرغان مەيگە چىقىرىپ قويدى.

— دىلدارىبىكە، بالىلار سىلىنىڭ يانلىرىدا يېتىمسىرىمەيدىغان بولدى، تولىمۇ بەلەن بولدى. پېقىرنىڭ يېنىدا تۇرسا ئاتا ــ ئانىسىنى سېغىنىپ قالاتتى، — دېدى بەگيۈسۈپ مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن قاراپ.

— بولسۇن دەپ زارىقىپ كۈتكەن ئىشلارنىڭ بولماي، ئويلىمىغان ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشى — تەقدىر، بەگيۈسۈپ. مەن بۇ بۆرەم بىلەن تۇلكەمگە ئوبدان ئانا بولىمەن، خاتىرجەم

بولسىلا، — دىلدارىمكە بالىلارنى ئىككى يېنىمدا ئولتۇرغۇزۇپ مەپىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈردى...

كۈيۈئوغلى بىلەن قىزىنى سەپەرگە ئۇزىتىپ قويغان بەگيۈسۈپ دىلدارىمكەنىڭكىگە ھەركۈنى دېگۈدەك بېرىپ بالىلارنى يوقلاپ تۇردى.

بالىلار دىلدارىمكەگە ئامراق بولۇپ كەتتى. ئەمچى ئانىسى ئۇلارغا ھەر ئاخشام چۆچەك، ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ھەرپلىرىنى تونۇتاتتى. ساناشنى ئۆگىتەتتى. ئامراق تامىقىنى ئېتىپ خۇشال قىلىشىپ بېرەتتى. كىيسەللەر سېلىكىپ، قولى بوشاپ قالغان چاغلاردا، بالىلارنى ئەگەشتۇرۇپ تۇمەن دەرياسى بويىغا باراتتى. بالىلارنى خىلمۇخىل دەل - دەرەخلەر، ئۇچار قۇشلار، بېلىق، يىلانلار بىلەن ئۇچراشتۇراتتى. تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا قىزىق - قىزىق رىۋايەتلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرتەتتى. ئۇقيا، نەيزە ئاتقۇزاتتى. جانپىدا غوجام تايچىقىنى مىنىپ چىققان كۈنلىرى ئۇكىسىنى ئارقىسىغا ئېلىپ چاپتۇرۇپ، دىلدارىمكەنى ئەنسىرىتىپمۇ قوياتتى. بالىلار كۈنبويى بۇ ئەمچى ئانىسىنى ئەگىپلا يۈرەتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى.

دىلدارىمكەمۇ كۈنسېرى بۇ شوخ ئوغۇل - قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتى. بالىلار بىلەن بىللە بولسىلا ھاردۇقى چىقىپ، روھلىنىپ قالاتتى. بالىلار يېنىدا بولغاچقا بەگيۈسۈپ كۈندە كەچتە كېلىپ تۇردى. بۇمۇ ئۇنىڭ ھېچكىمگە بىلدۈرمەي كېلىۋاتقان پاك مۇھەببىتىنى يالقۇنلىتىپ، ئۈمىد - ئىشەنچ بەخش ئەتتى. لېكىن، ئۇ تېخىچە بەگيۈسۈپكە چېھرىنى كۆرسەتمەي كېلىۋاتاتتى.

بۇغداي مايسىلىرىغا ئۇششۇك تېگىپ شۇمشىيىپ قالدى. دەريادىن سوغۇق ھور ئۆرلەپ، دىلدارىمكەنىڭ قورۇسى قەد كۆتۈرگەن بوستانلىق تۆپىلىكنى سەھەر - كەچلەردە كۈمۈش رەڭ تۇمان قاپلىۋالىدىغان بولدى. ياپراقلىرى سارغىيىپ

تۆكـۈلگەن سۆگـەت، تېرەك، سېـدە دەرەخلىرى يـالىڭاچلىنىـپ، قۇرۇق ـ قـاقشال شاخـلىرىنـى قاغىلار ئـارامگاھ قـىـلغانـىدى. ئەتراپقا كۆز سېلىپ كېلىۋاتقان بەگيۈسۈپ ئاتنى سـۇغىرىمـەن، دەپ كەينىدە قالغان سۇلتانبەگنى كۈتۈپ تىـزگىنىنى تارتتـى. قـارا بـويـۇن: «ئـۇسـسـىـمـىـغـان تـۇرسـام بـۇ يـەردە نـېـمـە قىلىدىغاندىمىز؟» دېگەندەك پۇشقۇرۇپ، ئۇنىڭغا سوئال نەزىـرى بىلەن قاراپ قويدى. بەگيۈسـۈپ توختىـغان ئېتـىنىڭ بـوينىنـى سىلاپ تۇرۇۋىدى، سۇلتانبـەگ كەلدى:

— كىشى قارا، ئاق قاشقام، تـازا ئۇسساپـتىكەن، تـۇمەنىنىـڭ سۈيىنى ئىچىپ تۇگىتىۋېتەي دېدى.

— ئـوهـۆي ! راسـت، دەريانـىـڭ سـۈيى ئـازلاپ كـېـتـىـپـتـۇ ئەمەسمۇ. ئەتە يەنە بـىر سۇغارساڭ قۇرۇقدىلىپ قالغـۇدەك، — هەزىل قىـلدى بەگـيۈسۈپمـۇ ئاق كۆڭـۈل شـاگىرتـىـنى گەپكـە سېلىپ.

— سىلى بىر دۇئا قىلسىلا سۇ شارقىراپ ئاقىدىغان بولىـدۇ، مەنمۇ ئېتىمنى سۇغىرىۋېرىـمەن، — سۇلتـانبەگ ئۇسـتازىنىـڭ ئۆزى بىلەن چاقچاق قىلىشقىنىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

ئۇلار سۆزلىـشىپ دىلدارىبىـكەنىڭ ئۆيـى ئالدىغا كېلىـپ قالغـىنىنـى بىلمەي قېلىـشتى. سۇلـتـانبـەگ تـىـزگـىنـىنـى بەگيۈسۈپنىڭ قولىدىن ئالدى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

# ئاسىيلارنىڭ تەقدىرى

## 1

كۈز قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرى بەدەلئارت داۋىنىنىڭ غەربىگە يۆتكەلگەندە، ھاۋا گۇلدۇرلىمەي، چېقىنمۇ چېقىلماي، تۇيۇقسىز ياغقان يامغۇر مۆلدۈرگە ئايلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا توختاپ قالدى. شاخلىرى يۇيۇلغان دەل ـ دەرەخلەر كۆل بويىدا بوستان چاچلىرىنى تاراۋاتقان شوخ قىزلاردەك ئالتۇن ئاپتاپقا چۆمۈلدى. جىم بولۇپ قالغان بۇلبۇل، تورغايلارنىڭ يېقىملىق ساداسى يەنە ياڭراپ، ئەتراپنى جانلاندۇرۇۋەتتى.

ھاۋا ئېچىلىشى بىلەنلا ئاتلىنىپ، تۇرسۇنبەگ ئاقساقالنىڭ باشلىشى بىلەن داۋاندىن ئەڭ بالدۇر چۈشكەن ئىبلزادبەگ ئېتىنى توختاتتى. بىر قولىدا قارا بويۇننىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، يەنە بىر قولىدا كۆن نۇرىنى توسۇپ تۇرۇپ يۇقىرىغا باقتى: سىپاھلارنىڭ بىر ئۇچى داۋان ئۈستىدە، بىر ئۇچى داۋان باغرىدا ئىدى. ئۇ قوتازغا مىنگىنىچە داۋاندىن چۈشۈۋاتقان بۇۋئايشەنى كۆرگەندە ئەنسىز كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمىدى. ئۇ ئۆزىدەك ئاق پەرىجە ئارتقان قىز ـ ئايال ئەمچى ھەمشىرىلەرگە ھەمراھ ئىدى.

ئىبلزادبەگ ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەندىن بۇيان كۆن ئۆتكەنسىرى ئازادىلىك ھېس قىلىپ، ئۆزىنى بىمالال تۇتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەرھۇم خاتۇنى مەلىكە سەرۋانىسكە ھايات چېغىدا، نېمىشقىدۇر قورۇنۇپ، ئەركىن ـ بىمالال بولالمىغانىدى.

قوپال ـ قاتتىق گەپ قىلىپ قويۇشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى. سىلىق ـ سىپايە ھالدا گويا بىر ـ بىرىگە مېھماندەك ئۆتۈشكەنىدى. خوتۇنىنىڭ خانزادە بولغىنىدىن شۇنداق روھىي ھالەت بارلىققا كەلگەن بولسا كېرەك. ئارىدا مۇھەببەت بولماي، ھۆرمەت، پەردىشەپ بولسىمۇ تۇرمۇش يەنىلا ئەنە شۇنداق ئەمىنلىكتە ئۆتۈۋېرىدۇ. بۇ بەختسىزلىك ئەمەس، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى.

مۇھەببەتلىك تۇرمۇشتا بولسا، تۇيغۇ ـ ھېسسىياتتىكى قىزغىنلىق تارتىنىش، قورۇنۇشقا ئورۇن قالدۇرمايدۇ. جىمجىتلىقنى خۇش چاقچاق كۈلكە، نازلىق بېقىشلار بۇزۇپ تۇرىدۇ. بۇۋىئايىشە ئېلزادبەگكە كۆڭۈل ئازادىلىك بەخش ئېتىپلا قالماي، بەلكى پاك سۆيگۈسى، كۆيۈمى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. گۆدەك زۇبەيدەمۇ ئۇنىڭغا كۈن ئۆتكەنسېرى ئۆگىنىپ، ئۆز ئانىسىنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى.

مېھىر ـ شەپقەتنى بىلەن بالىنىڭ ئۆز ئانىسىنى ئۇنتۇلدۇرالىغان ئايال ئائىلىنىڭ سائادەتمەن غوجىسى بولۇپ قالىدۇكى، زىنھار ئۆگەيلىمەيدۇ. يېتىم بالىلارنىڭ غەمگۇزارى بولۇپ ئىززەت تاپىدۇ.

جانىپىدا غوجامۇ ئېلزادبەگكە ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆز ئاتىسىدەك كۆرۈپ، ئەركىلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. زۇبەيدەگىمۇ شۇنچە ئامراق ئىدى. ئۇنى سىلىكىشلىمەيتتى، كۆيۈنەتتى، ئاسرايتتى. ئۇلار دىلدارىبىكەنىڭ يېنىدا قېلىشقانىدى. بۇ ئوغۇل ـ قىز ئېلزادبەگنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولۇپ، ئاتتىن چۈشتى. ئۇنىڭ بۇنداق كۆپ قوشۇننى باشلاپ يۈرۈش قىلىشى تۇنجى قېتىملىق ئىدى.

«ئوردۇكەنت ـــ قاراخانىيلار مەملىكىتى قۇرۇلۇپ دۇنياغا جاكارلانغان مەشھۇر ئاستانە. ئاستانە ـــ پادىشاھسىز قالسا ئاستانىلىك مەرتىۋىسىنى يوقىتىدۇ. مەملىكەتمۇ ئۆز ئورنىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاۋام خەلقنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

ئالىيلىرى، ئەمدى ئاستانىدىن ئايرىلمىسىلا. ئوردىدا تۇرۇپ بەرسىلە، ئاۋام خەلقنىڭ كۆڭلى پۈتۈن تۇرىدۇ. ئىلزادبەگ بىر تۈمەن سىپاھ بىلەن توغرۇل قاراخان ۋە بايبەگ ئىنال تېگىنگە ياردەمگە بارسۇن. ئىشەنچىم كامىلكى، ئالىيلىرى ئوردۇكەنتتە بولسىلا ھەرقانداق ياۋۇز، ھىيلىگەر ياۋ بۇ ئەزىز زېمىنغا ئاياغ باسالمايدۇ. قارا نىيەت، ئاسىي سۈيىقەستچىلەر چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ» دەپ بەگيۈسۈپنىڭ قىلغان دەۋىتى، مەسلىھەتىگە ئاساسەن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان قەشقەردە قېلىشقا ماقۇل بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن بەگيۈسۈپمۇ قالغانىدى. شۇڭا، ئىلزادبەگ ئۇلارنىڭ ئىشەنچىدىن چىقىش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىپ قويغانىدى. ئۇ بۇ كېچە داۋان باغرىدا دەم ئېلىپ، سەھەردە يولغا چىقىش توغرۇلۇق سەركەردە ـ سەردارلارغا يوليورۇق بەردى.

داۋاندىن چۈشكەن بۇۋىئايىشە چىنار دەرىخى تۈۋىدىكى قوش قەبرە يېنىغا ھەمشىرە قىز ـ ئايال ئەمچىلەر بىلەن چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشتى. ئۇ ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا كېلىپ تەزىم قىلدى.

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئابا، ئاپەكە①. تىنىچ، خاتىرجەم يېتىشتىلىمۇ؟ ئاتام ھەربىرلىرىگە دۇئا ۋە سالام يوللىدى، ـــ دەپ ئاقبىرا بىلەن قۇمبانىڭ قەبرىلىرى ئۈستىدىكى توپا ـ چاڭ، غازاڭلارنى سۈپۈردى. بەگيۈسۈپ تىكىپ قويغان ئارچا دەرىخىگە سۇ قۇيدى. يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سۈرە «ياسىن»نى قىرائەت قىلدى. بۇلبۇلنىڭ ئۈنىدەك مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاۋازى ئىلزادبەگنىڭلا ئەمەس، ئۇنىڭ تىلاۋىتىگە پۈتۈن دىققىتىنى بەرگەن ئەمچى قىز ـ ئاياللار، سىپاھلارنىڭمۇ يۈرەك تارىنى چەكتى. «ئامىن !» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە كۆزلىرى بۇلاق بولدى. «پەرۋەردىگارىم بىزنى ئانامدەك غەمگۈزار ئانىغا

① ئاپەكە ـــ ئاچا، ھەدە.

يەتكۈزگىن. ئاتامنى كۆيۈملۈك ۋاپادار ھەمراھقا جۈپ قىلغىن !» دەپ مۇناجات قىلدى.

تۇرسۇنبەگ ئاقساقال ئۆزى باش بولۇپ ئەتكەن پولۇنىڭ لەززىتىدىن ۋۇجۇدى يايراپ ھۇزۇرلانغان سىپاھسالار ئۇيقۇغا كەتكەندىمۇ بېشىغا ئاپپاق رومال سالغان بۇۋىئايىشە قەبرە ئالدىدا ياش تۆكۈپ مەرھۇمە ئانىسى بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى:

— ئابا، غەمگۇزارىم ئابا، دىدارلىرىڭنى شۇنچە كۆرگۈم كەلدى. ھايات چاغلىرىڭدا قەدرىڭگە يەتمەپتىمەن. ئابا، بىرئاز ئارام ئېلىۋالسىلا، ئۆيىنى مەن سۈپۈرەي، گۈللىرىنى مەن سۇغىرىۋېتەي، خېمىرنى مەن يۇغۇرۇۋېتەي، كىيىملىرىنى مەن يۇيۇۋېتەي دېمەپتىمەن. چاچلىرىمنى تاراپ ئولتۇرۇپ: «قىزىم، ئەزىز قىزىم، شەرمى ــ ھايا بىلەن ۋاپا ــ كۆيۈم تەڭرى ئەر ــ ئاياللارغا ئاتا قىلغان تۆگىمەس بايلىق. بۇ بايلىقنى قەدرلىسىلە. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغانلار بىر ئۆمۈر بەختسىز ھەم نامرات بولۇپ قالىدۇ» دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ. ئابا، مېھرىبانىم ئابا، بۇ نەسىھەتلىرىنى زادىلا ئۇنتۇمىدىم. شەرمى ــ ھايا پېقىرەنى كۆپنىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك قىلدى. ۋاپا ــ كۆيۈم قەدىر ــ قىممىتىمنى ئاشۇردى. باھادىر ئىرىمدىن ئايرىلىپ قالغان بولساممۇ، شەرمى ــ ھايا، ۋاپا ــ كۆيۈمىم بىلەن يۇغۇرۇلغان پاك مۇھەببىتىم ئارقىلىق يەنە بىر غەيۇر ئەزىمەتنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپ بەختلىك بولدۇم. بىئارام بولماي خاتىرجەم ياتسىلا. ئوغۇل ــ قىز نەۋرىلىرىنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ياخشى تەربىيە قىلىمەن. ئەلگە يارامىلىق، غورۇرلۇق، پىداكار مەردلەردىن بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىمنى ئايىمايمەن...

باياتىن خوتۇنىنىڭ يىغلامسىراپ ئېيتقان سۆزلىرىنى چىنار دەرىخىنىڭ دالدىسىدا تىڭشاپ تۇرغان ئېلزادىبەگنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىن چۈشكەن ئاي نۇرى قەبرە

تۆپىسىدە ئالىقاندەك - ئالىقاندەك ھال رەڭ شولىلارنى پەيدا قىلغانىدى. بۇۋىئايىشە قەبرىگە باش قويۇپ يىغلىغىلى تۇرغانىدا، چىدالمىغان ئېلزادبەگ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بۇۋىئايىشە، سەۋرى قىلىڭ. بۇنداق يىغلىسىڭىز مەرھۇمە ئانىمىز قانداقمۇ تىنچ ياتالىسۇن؟ ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىمىز. چېدىرغا كىرىپ بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىڭ، — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن.

بۇۋىئايىشە ئۇن چىقماي ئورنىدىن قوپتى. ئېرىغا مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن باقتى.

— ئابام مانا شۇ يەردە قۇربان بولغان. كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئۆزۈمنى زادىلا تۇتالماي قالدىم. تەڭرىمدىن دۇنيادىكى بارلىق قارا نىيەت، ئاسىي، باغرى تاش خۇنپەرلەرگە جازا ۋە ئۆلۈم تىلەپ تونىمەكچى ئىدىم. خەيرىيەت، سىلى بۇنداق دەپ قالدىلا، ئەمدى كىرىپ ئۇخلاي، — بۇۋىئايىشە ئۇنسىز خوشلىشىپ، ھەمشىرە ئەمچىلەر ياتىدىغان چېدىرغا كىرىپ كەتتى.

ئۇلار ئەتىسى بامدات نامىزىنى ئوقۇپلا يولغا چىقىشتى. ئەھۋال ئۇقۇش ۋە چارلاش ئۈچۈن سەھەردىلا يۇرۇپ كەتكەن ئەييارلار ئۇچقۇر ئاتلىرىنى توختاتماي مېڭىپ، چۈش ۋاقتىدا چەكسىز كەتكەن يايلاققا كەلدى. ئات، كالا، قوي پادىلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئەييارلار ئەجەبلىنىپ ئەتراپىنى كۆزىتىپ چىقىشتى. ئىنسۇجىن يوق ئىدى. چىغىر يولنى بويلاپ تېز مېڭىشتى. كۈن پاتاي دېگەندە ئىككى پادىچى ئۇچرىدى.

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — سورىدى ئەييارلار باشلىقى ئېلەك سەردار.

— بىز چوپان.

— قەيەرگە كېتىۋاتىسىلەر؟

— قەيەرگە بولاتتى، قىشلاققا.

— كالا، قويلىرىڭلار قېنى؟
— ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ لەشكەرلىرى بۇلاپ كەتتى.
— قاچان؟
— پېشىن نامىزىدىن يانغان مەھەلدە.
— مۇشۇ يەردىمۇ؟
— يايلاقنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدە.
— قانچە ئادەم ئىكەن.
— بىر توپ ئادەم. يىگىرمە ـ ئوتتۇزدىن كەم ئەمەس.
ئېلەك ئەييار سارغۇچ شاپ بۇرۇتىنى تولغاپ ـ تولغاپ قويدى. ئىككى چوپانغا بەشتىن ئون تەڭگە پۇلنى بەردى ـ دە، ھەمراھلىرى بىلەن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ غەرب تامان يۇرۇپ كەتتى. كېچىلىرىمۇ ئاتتىن چۈشمەي قۇرۇق نان يېيىشتى. بۇلاق، ئېقىن ئۇچرىغاندىلا چاڭقىغىنىنى قاندۇرۇشتى. يەتتە سۇ، يەتتە تۆپىلىكتىن ئۆتۈپ كۈن تىكلەشكەندە باغۇبوستانلىق بىر قىشلاققا يېتىپ كېلىشتى. قىشلاق يولىغا ياساۋۇل ـ سىپاھلار، ئات ـ ھارۋىلار توشۇپ كەتكەنىدى. ئېلەك ئەييار: «بۇ ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ لەشكەرلىرى بولمىسۇن يەنە» دەپ، ھەمراھلىرى بىلەن تىۋىش چىقارماي دەل ـ دەرەخلەرنى ئارىلاپ يېقىن بېرىپ، سىنچىلاپ قارىدى.
بىر قول ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تارتىپ، مۇشت ئۇرۇپ قۇلاق تۈۋىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى.
— نېمە ئۈچۈن مارايسەن ئەبلەخ! ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ كۈچۈكلىرىدىن ئوخشىمامسەن؟ — دەپ ياقىسىدىن سىقتى ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيگەن گەۋدىلىك ئادەم.
ئېلەك ئەييار سەپسېلىپ، بىر توپ سىپاھنىڭ ئۆزىنى ۋە ھەمراھلىرىنى ئورىۋالغىنىنى كۆردى.
— يوق يەپسەن خۇنپەر، ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ كۈچۈكلىرى تۇرۇپ، نېمىدەپ ئالجىۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ غەزەپلىنىپ.
— ئالجىغان سەن ئەبلەخ! مەن دېگەن توغرۇل قاراخاننىڭ

ئالىپلىرىدىن بولىمەن ! — گەۋدىلىك سىپاھ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ، — كېلىڭلار بۇ جاسۇسلارنى تۇتۇڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى. يوپۇرۇلۇپ كەلگەن سىپاھلار ئېلەك ئەييار ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى باسماقداپ تۇتۇۋالدى.

— قويۇۋېتىش خۇنپەرلەر ! — دەپ كېرىلگەن ئېلەك ئەييار ئۆزىنى باغلىغان تانىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ مۇشت بىلەن ئۇرۇپ ئىككى سىپاھنى ئوڭدىسىغا چۈشۈردى. قولىغا گۈرزىنى ئېلىپ:

— قايسىڭ يېقىنلاشساڭ كاللاڭنىڭ مىجىقىنى چىقىرىۋېتىمەن. قېنى دېگەن سۆزلىرىڭ راست بولسا، مېنى توغرۇل قاراخان بارگاھىغا ئېلىپ بېرىش ! — دېدى ئۇ دېۋەيلەپ تۇرغان سىپاھلارغا.

— سەن كىم ئۆزۈڭ؟ — سورىدى گەۋدىلىك سىپاھ.

— كىملىكىمنى خاننىڭ ئالدىغا بارغاندا بىلىسەن.

— ماڭ ئەمىسە !

يۈزبېشى ئۇنى مىڭبېشىغا تاپشۇردى. مىڭبېشى تۈمەن بېگىگە، ئۇ سۇباشى بارگاھىغا ئېلىپ باردى. سۇباشى ئۇنى خانتويغا ئېلىپ كىردى.

ئېلەك ئەييار ئالتۇن ئوتۇغات قادالغان دۇبۇلغا، كۈمۈشتىن ياسالغان ساۋۇت كىيىپ تەختتە مەغرۇر ئولتۇرغان توغرۇل قاراخاننى كۆرۈپ تىزلاندى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئالىيلىرى، مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغان تەڭرىدىن مىننەتدارمەن.

— سالامەت بولغىن. كىم ئۆزۈڭ؟

— پېقىر، ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخاننىڭ ئەييارلار باشى ئېلەك سەردار بولىمەن.

— ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان قەيەردە قالدى؟ — گۇمانىي نەزەر بىلەن تىكىلگەن توغرۇل قاراخان سورىدى.

— ئوردۇكەنتتە قالدى، ئالىيلىرى.

— مەكتۇپ ئېلىپ كەپسەن - دە؟

— يوقسۇ، ئالىيلىرى. پېقىر، بىر تۈمەن لەشكەرگە باش بولۇپ ئالىيلىرىنىڭ ئەمرىدە بولۇش ئۈچۈن ئاتلانغان كۆك بۆرە ئالىپ ئېلزادبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، يول ۋە ئەتراپنى چارلاپ كېلىۋېتىپ، ھەزرەتلىرىنىڭ سىپاھلىرىغا ئۇچراپ قالدىم.

— كۆك بۆرە ئالىپ ئېلزادبەگ قەيەردە قالدى؟

— بەك يىراقتا ئەمەس، خۇدا بۇيرۇسا ئەتە بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ.

— سېنىڭ قانچە ئادىمىڭ بار؟

— ئوتتۇز، ئالىيلىرى.

— چىقىپ، ئورۇنلىشىپ بەھۇزۇر ئارام ئېلىڭلار. خەزىنىچى بەگ، بۇلارغا كەدۇت تەقدىم قىلىنسۇن!

— خوپ، ئالىيلىرى، — خەزىنىچى بەگ ئىشىككە قاراپ ماڭغاندا ئېلەك ئەييار قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۆتۈندى:

— رەھمەت، ئالىيلىرى. مەن ئادەملىرىم بىلەن ھازىرلا قايتىپ، بارسغاندىكى غەلىبە خەۋىرىنى ئالىپ ئېلزادبەگكە يەتكۈزەي، ئىجازەت بەرگەيلا.

— كەدۇت تەقدىم قىلىنغاندىن كېيىن ئارام ئېلىۋېلىپ يولغا چىقىڭلار. ئالىپ ئېلزادبەگكە سالىمىمنى يەتكۈزۈڭلار!

— رەھمەت، ئالىيلىرى، — ئېلەك ئەييار ئادەملىرى بىلەن خانتويدىن چىقىپ كەتتى.

توغرۇل قاراخان قول باغلاپ تۇرغان بۆرىبەگكە بۇيرۇدى:

— ئىنال تېگىن بارگاھىغا بېرىپ ئۇنى ئالىپ ئېلزادبەگنىڭ كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەردار قىلىڭ. ئەتە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغاي.

— خوپ، ئالىيلىرى! — بۆرىبەگ خانتويدىن چىققاندا، خەزىنىچىنىڭ چېدىرىغا كىرىپ كەدۇت تاپشۇرۇۋالغان ئېلەك ئەييار ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تاماق يېيىشكە كىرىشكەندى.

يېڭى كىيىم كىيىپ، يېڭى قوراللار بىلەن قوراللانغان ئېلەك ئەييار كېچىچە توختىماي مېڭىپ، ئەتىسى چاشكا ۋاقتىدا،

توْغ ـ ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ كىلىۋاتقان ئىلىزادبەگ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ بارسغانلىكى غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

— ئىبراھىم بۇغراخان ئەل بوپتىمۇ؟ — ئىلىزادبەگنىڭ بىرىنچى سوئالى شۇ بولدى.

— بۇنى بىلگۈدەك بولمىدىم، سۇباشى.

— قۇماربىكە، بوزاغۇلار توتۇلۇپتىمۇ؟

— ئەپسۇس، بۇنى سورىماپتىمەن.

— قان ئىچەر جاللات مۇڭسۇزچۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلگەن ياكى توتۇلغانلىقى توغرىسىدا گەپ ـ سۆزمۇ ئىشىتمىدىڭىزمۇ؟

— توغرۇل قاراخان بارگاھىدا ئۇزاقراق تۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن مۇڭسۇز توغرۇلۇقمۇ سورىماپتىمەن. بەك دۆتلۈك قىلىپتىمەن، سۇباشى، كەچۈرگەيلا.

— خەيرىيەت، كىرەك يوق. توغرۇل قاراخان ئائىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، غەلىبە خەۋىرىنى تېز ئېلىپ كەلگىنىڭىز ھەممىگە كۈپايە قىلىدۇ. بىز يولنى داۋاملاشتۇرايلى، — ئىلىزادبەگ ئۇنىڭغا كەدۈت تەقدىم قىلىپلا يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار توختىماي مېڭىپ يەتتە كېچىك، يەتتە دۆڭدىن ئۆتتى. ئەتىسى كەچقۇرۇن بولۇتلار ئۈستىدە كەچكى شەپەق پەيدا بولغاندا، ئالدىغا چىققان بايبەگ ئىنال تېگىن بىلەن ئۇچراشتى.

ئىلىزادبەگ پىيادە بولۇپ ئۇنىڭغا سالام بەردى:

— كۆك بۆرە ئالىپ ئىلىزادبەگ ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

بايبەگ ئىنال تېگىن ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخان ئالىيلىرىنىڭ ئوردۇكەنتنى ئىشغال قىلىپ قازانغان نۇسرەتلىرى بىزگە ئىلھام، جاسارەت بەخش ئەتتى، ئالىپ ئىلىزادبەگ، غالىب قەدەم تەشرىپىڭىز

غەلىبىمىزگە غەلىبە قوشقۇسى.

ئۇلار يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا ئاي كۆتۈرۈلگەندە، مىڭلىغان ئوتقاشنى لاۋۇلدىتىپ، توغرۇل قاراخان بارگاھ قۇرغان قىشلاققا يېتىپ كەلدى.

— ئىنال تېگىن بالام، كۆك بۆرە ئالىپ ئېلزادبەگكە نۇسرەت قازانغانلىقىمىزنىڭ شاھىتى بولغان ياۋنىڭ مەرەز بېشىنى كۆرسىتىپ قويۇڭ، — دېدى خانتوي ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان توغرۇل قاراخان كۆرۈشۈپ بولۇپ.

— باش ئۈستىگە، خان ئاتا، ئالىپ ئېلزادبەگمۇ ئۇ ئاسىينىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتقاندۇ؟ كۆرسىتىپ كېلەي.

بايبەگ ئىنال تېگىن ئېلزادبەگنى ئۆز بارگاھىغا باشلاپ باردى. خانتوي ئالدىدىكى خادىغا بىر باش ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئەتراپىدا بىرقانچە سىپاھ ئوتقاش تۇتۇپ قاراۋۇللۇق قىلىۋاتاتتى.

ئېلزادبەگ «بۇ كىمنىڭ كاللىسىدۇ؟» دەپ يېقىن بېرىپ قارىدى ـ دە، چۆچۈپ كەينىگە داجىدى.

— تونۇدىڭىزمۇ؟ — سورىدى بۆرىبەگ.

— تونۇدۇم، — دېدى ئېلزادبەگ خۇنۇك كۆزلىرى چەكچىيىپ قاتقان، چاچ ـ ساقاللىرىغا قان داغلىرى ئۇيۇپ، ئېڭىكى چۈشۈپ قالغان دەھشەتلىك چىرايىغا قاراپ سىلكىنىپ كەتتى، — بۇ ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ بېشىغۇ. تېنىدىن جۇدا قىلغان ئالىپ كىمكىن؟

— ئىبراھىم تېگىننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان باشقا بىر ئالىپ ئەمەس، بارسغان ئېلىكخانى بايبەگ ئىنال تېگىن ئالىيلىرى، — بۆرىبەگ جاۋاب بەردى.

— جەڭگاھتا ئېلىشىپمۇ، ياكى پەنت بىلەنمۇ؟

بۇ سوئالدىن ئەجەبلەنگەن بۆرىبەگ ئىنال تېگىنگە بىر قارىۋېلىپ دېدى:

— ئاڭلاڭ ئالىپ ئېلىزادبەگ، ئىبراھىم بۇغراخان ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، بارسغانغا باستۇرۇپ كىرمەكچى بولغاندا، توغرۇل قاراخان ۋە ئىنال تېگىننىڭ ئەمرى بويىچە شۇنداق شىددەت بىلەن قايتۇرما زەربە بەردۇقكى، ئۇلار بارسغاننىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن كېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، سەپلىرى بۇزۇلۇپ، ئالدىغا ئەمەس، ئارقىسىغا قاراپ قويرۇقىنى خادا قىلدى. قوغلا ـ قوغلا زادى ئارام بەرمىدۇق. دەسلەپ چاپاۋۇللارباشى مۇڭسۇزنى ئەسىرگە ئالدۇق. كېيىن ھارامزادە تۈلكە بوزاغۇنمۇ يارىلاندۇرۇپ تۇتۇۋالدۇق. مۇشۇ قىشلاققا يېقىنلاشقاندا، بايبەگ ئىنال تېگىن قېچىپ كېتىۋاتقان ئىبراھىم تېگىنگە يېتىشىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن قىلىچلىشىپ، قىلىچىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ. ئېتىمۇ يارىلىنىپ يىقىلىپتۇ. ئىنال تېگىن ئۇنى ئات ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىپ قىلىچ بېرىپتۇ. «ساڭا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ ساۋاقدىشىم، ھايات قالاي دېسەڭ بەجانىدىل ئەل بولغىن. يەنە ئېلىشىمەن دېسەڭ نۆۋەتنى ساڭا بەردىم» دەپتۇ. «بۇغراخان تۇرسام ساڭا ئەل بولىمەنمۇ؟» دەپ، كۈچ بىلەن قىلىچ ئۇرۇپتىكى، ئىنال تېگىننىڭ قالقىنىنى ئىككى پارە قىلىۋېتىپتۇ، يارىلاندۇرالماپتۇ. بىزنىڭ بايبەگ ئىنال تېگىن گۈرزە بىلەن بىر ئۇرۇپ ئۇنى يەنە يىقىتىپتۇ. «ئەل بولامسەن بۇغراخان؟» دېگەنىكەن. «ياق ئىنال تېگىن، ئەل بولسامۇ ئاۋام مېنى ئەپۇ قىلمايدۇ. ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان جازالىماي قويمايدۇ، ساۋاقداشلىق يۈزۈمنى قىلماقچى بولساڭ، ئەسىر ئالماي، قەتل قىلىۋەت» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بايبەگ ئىنال تېگىن ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. بۇنىڭغا ئېچىنامسىز ياكى نەپرەتلىنەمسىز؟

— مەن ئىبراھىم تېگىننىڭ بۇغراخان جەمەتىدىن تۇرۇپ، ئۆز مەملىكىتىگە، جەمەتىگە، خەلقىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىمەن. بۇنداق غۇرۇرىنى، ۋىجدانىنى يوقاتقان پادىشاھلارغا رەھىم قىلغىلى بولمايدۇ. شاھ ئائىلىسىدە ئۆسۈپ

يېتىلگەن، كاتتا ئۆلىما، ئالىملاردىن تەربىيە ئالغان بىر پىكىر ئىگىسىنىڭ ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرالماي، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغىنىغا بەكمۇ ئېچىنىمەن.

ئالىپ ئېلزادبەگنىڭ جاۋابى بايبەگ ئىنال تېگىنگە ماقۇل كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئېلزادبەگ كاللىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئىبراھىم تېگىن قارا نىيەت، ئاسىي سۈيىقەستچىلەرگە باشپاناھ بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن بۇ جازا ھەق، ئەلۋەتتە. كاللىسىنىڭ ئېسىپ قويۇلغىنىمۇ ھەممە ئۈچۈن ئىبرەت. ئالىيلىرىدىن ئۆتۈنىمەنكى، ساۋاقداشلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئاسقۇدىن ئۇنىڭ بېشىنى ئالدۇرۇۋەتسىلە. روھى ئازابلىنىپ قالمىغاي.

— توغرا دېدىڭىز، سۇباشى. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ بېشىنى ئېسىپ قويمايتتىم. ھەرقانداق بىر گۇناھكارغا نىسبەتەن ئۆلۈم جازاسى ئەڭ ئېغىر جازا ھېسابلىنىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇستىلەپ جازالاش ئۆلگەن گۇناھكار ئۈچۈن قىلچىلىك ئەھمىيىتى يوق. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئۇنىڭ بېشىنى ئېسىپ قويدۇم؟ — ئىنال تېگىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاتام، تاغامنىڭ، ياش شاھزادە، مەلىكىلەرنىڭ، ساداقەتمەن يۇغرۇش، سانغۇن - سەركەردىلەرنىڭ، بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلارنىڭ، نۇرغۇن ياخشى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بېشىغا چىققان ئالۋاستى ئابىنچۇ خاتۇن قۇمارىبىكەنى جازالاش ئۈچۈن ئېسىپ قويغانىدىم. ئۇ تۇتۇق بەرمەي قېچىپ كەتتى. ئوغلىنىڭ بۇ ھالىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق زەربە بولىدۇ. ماقۇل ئېلزادبەگ، — ئىنال تېگىن بۇيرۇپ، كاللىنى ئاسقۇدىن ئالدۇرۇۋەتتى.

قاراۋۇل، ياساۋۇللارنىڭ قولىلىرىدىكى ئوتقاشلار قىزىل تىللىرىنى ھەريانغا سوزۇپ يالقۇنجايتتى. تولۇن ئاي نۇرى ئىنال تېگىننىڭ كەينىدىن خانتويغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئېلزادبەگنىڭ دۈبۈلغىسىدا چاقنىدى...

يېتىلگەن، كاتتا ئۆلىما، ئالىملاردىن تەربىيە ئالغان بىر پىكىر ئىگىسىنىڭ ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرالماي، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغىنىغا بەكمۇ ئېچىنىمەن.

ئالىپ ئېلزادبەگنىڭ جاۋابى بايبەگ ئىنال تېگىنگە ماقۇل كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئېلزادبەگ كاللىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئىبراھىم تېگىن قارا نىيەت، ئاسىي سۈيىقەستچىلەرگە باشپاناھ بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن بۇ جازا ھەق، ئەلۋەتتە. كاللىسىنىڭ ئېسىپ قويۇلغىنىمۇ ھەممە ئۈچۈن ئىبرەت. ئالىيلىرىدىن ئۆتۈنىمەنكى، ساۋاقداشلىقىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئاسقۇدىن ئۇنىڭ بېشىنى ئالدۇرۇۋەتسىلە. روھى ئازابلىنىپ قالمىغاي.

— توغرا دېدىڭىز، سۇباشى. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ بېشىنى ئېسىپ قويمايتتىم. ھەرقانداق بىر گۇناھكارغا نىسبەتەن ئۆلۈم جازاسى ئەڭ ئېغىر جازا ھېسابلىنىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۈستىلەپ جازالاش ئۆلگەن گۇناھكار ئۈچۈن قىلىچىلىك ئەھمىيىتى يوق. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئۇنىڭ بېشىنى ئېسىپ قويدۇم؟ — ئىنال تېگىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاتام، تاغامنىڭ، ياش شاھزادە، مەلىكىلەرنىڭ، ساداقەتمەن يۈغرۇش، سانغۇن - سەركەردىلەرنىڭ، بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلارنىڭ، نۇرغۇن ياخشى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بېشىغا چىققان ئالۋاستى ئابىنچۇ خاتۇن قۇمارىبىكەنى جازالاش ئۈچۈن ئېسىپ قويغانىدىم. ئۇ تۇتۇۋۇق بەرمەي قېچىپ كەتتى. ئوغلىنىڭ بۇ ھالىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق زەربە بولىدۇ. ماقۇل ئېلزادبەگ، — ئىنال تېگىن بۇيرۇپ، كاللىنى ئاسقۇدىن ئالدۇرۇۋەتتى.

قاراۋۇل، ياساۋۇللارنىڭ قوللىرىدىكى ئوتقاشلار قىزىل تىللىرىنى ھەريانغا سوزۇپ يالقۇنجايتتى. تولۇن ئاي نۇرى ئىنال تېگىنىنىڭ كەينىدىن خانتويغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئېلزادبەگنىڭ دۇبۇلغىسىدا چاقنىدى...

# 2

كۆن ئولتۇرۇشقا بىر غۇلاچ قالغاندا بەگيۇسۇپ ئوردىدىن قايتتى. بۈگۈنمۇ سۇلتانبەگ بىلەن دىلدارىبىكەنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىشىكنى جانپىدا غوجام ئاچتى:

— بوۋا! — ئۇ بىر سەكرەپ بەگيۇسۇپنىڭ بىلىگە چەمەك سېلىۋالدى، — ئابام، ئاتامدىن خەۋەر بارمۇ، ئېيتىپ بېرە.

— سالام قېنى؟ سالامنى ئۇنتۇپ قالدىڭغۇ بۆرەم؟ — بەگيۇسۇپ جانپىدا غوجامنى يەرگە دەسسىتىپ قويدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا! — قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەردى ئۇ، — خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنسەن؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. ئابالىرىڭ كەلگۈدەك، ئالدىغا چىقارسەن، — بەگيۇسۇپ نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ باغرىغا باستى.

— چىقىمەن، تايغا مىنىپ چىقىمەن، بوۋا.

— ئوھۇ! چوڭ بولۇپسەن بالام! — دەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرگەن بەگيۇسۇپنىڭ ئالدىغا چاچ تەڭگىلىرىنى جىرىڭلىتىپ زۆبەيدە كەلدى.

— ئەسسالام، بوۋا! — قىزچاق ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

— بوۋاڭلارنى چارچىتىپ قويماي ئۆيگە باشلاڭلار، — دېدى ئىتتىك كەلگەن دىلدارىبىكە سالام بېرىپ، — تۆگە تاتاڭ بولۇۋاپسەنغۇ قىزىم.

— ھەئە، ئۆيگە كىرىپ ئاندىن چۈشىمەن. ئاكام ئات مىنەلىگەندىن كېيىن، بوۋامنى يېتىلىسۇن، ماقۇلمۇ ئابا؟

زۆبەيدەنىڭ سۆزى بەگيۇسۇپنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— بۇ قىزچىقىم بەك زېرەك، بەك ئوماق. داۋالانغىلى كەلگەن خوتۇن - قىزلارنى تاتلىق قىلىقى، چۈچۈك تىلى بىلەن ھەيرانۇھەس قىلىۋېتىدۇ.

بەگيۇسۇپ قولىنى جانپىدا غوجامغا بىرىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن مېھمانخانىغا كىردى. زۇبەيدەنى كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى يۈكۈندى.

— ئامىن ! تەڭرىم ئەلنى ئامان، يولىمىزنى راۋان قىلىپ بەرگىن. بالىلار يېتىم بولۇپ قالمىسۇن. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلمىسۇن. ھەر قاچان، ھەر زامان بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە ئۇچرىغان ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام ئاتا قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن، ئامىن ! — دەپ دۇئا قىلدى.

— ئابام، ئاتامنى ئەكېلىپ بەرگىن خۇدايىم، — جانپىدا غوجامنىڭ بۇ دۇئاسىغا زۇبەيدەمۇ ئاۋاز قوشتى:

— ئابام، ئاتامنى ئەكېلىپ بەرگىن خۇدايىم، سېغىنىپ كەتتىم.

ئىككى بالىنىڭ تىلىكىنى ئىشىتكەن دىلدارىيكەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈنگىچە بالىلىق بولالماي كېلىۋاتقىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولغانىدى.

— خۇدايىم دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ بېرىدۇ ئوماقلىرىم، — دەپ ئورنىدىن قوپتى، — مەن ئەمدى داستىخان سالاي.

بەگيۇسۇپ:

— ئاۋۋال مەن خۇش خەۋەرنى يەتكۈزەي. ئاندىن داستىخان سالسىلا، — دەپ ئۇنى ئولتۇرغۇزدى، — بارسغاندىن چاپارمەن كەلدى. ئېلىزادبەگ قوشۇنى بىلەن بارسغانغا يېقىنلاشقاندا، توغرۇل قاراخان، ئىنال تېگىن لەشكەرلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ئىبراھىم تېگىننىڭ قاچاق سىپاھلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. توسۇپ زەربە بېرىپ كۆپ قىسمىنى ئەسىر ئاپتۇ. پەقەت ئالۋاستى قۇمارىيكەلا قېچىپ كېتىپتۇ. ئېلزادبەگ تاجۇتەختىنى دەپ ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانمىغان ئاسىي ئىبراھىم تېگىننىڭ كاللىسىنى ئالغان ئالىپ بايبەگ ئىنال

تېگىن ۋە توغرۇل قاراخان بىلەن دىدار كۆرۈشۈپتۇ. بوزاغۇ، مۈڭگۈزلەرمۇ يارىلىنىپ ئەسىرگە چۈشۈپتۇ، — بەگيۈسۈپ نەزىرىنى ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان ئوغۇل ـ قىز گۆدەككە قاراتتى، — غەم قىلماڭلار، ئاتاڭلارمۇ، ئاباڭلارمۇ ئوبدان تۇرۇپتۇ. ساڭا بارسغاندا سوقۇلغان بىر خەنجەر، ئۇكاڭغا بىر زۇننار ئەۋەتىپتۇ، — دەپ جانپىدا غوجامغا بىر خەنجەرنى بەردى. زۇبەيدەنىڭ بوينىغا زۇننارنى ئېسىپ قويدى. بالىلار خۇشال بولۇشۇپ ئۇنى سۆيۈپ كېتىشتى.

— ئالۋاستى ئابىنچۇ خاتۇننى تۇتالماپتىمۇ؟ ھەي ئىسىت! — دېدى دىلدارىبكە ئەپسۇسلانغان ھالدا.

— ئۇ ئالۋاستى چوقۇم تۇتۇلىدۇ. توغرۇل قاراخان، كىمدىكىم قۇمارىبىكەنى تۇتۇپ بەرسە ياكى ئۇ يوشۇرۇنۇۋالغان جاينى كۆرسىتىپ بەرسە يۈز سەر ئالتۇن بىلەن تارتۇقلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق پەرمان جاكارلاپتۇ. بايبەگ ئىنال تېگىن ئۇ نىجىسنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە چاپاۋۇل قىسىم ئەۋەتىپتۇ. قىزتىم بوۋۇئايىشە ھەمشىرە ئەمچى، نۆكەرلىرى بىلەن ئۇ رەھىمسىز جادۇگەرنى تۇتۇشقا ئاتلىنىپتۇ. ئۇ تۇتۇلسىلا توغرۇل قاراخان ئوردۇكەنتكە كېلىدىكەن. پادىشاھىغا، ئېلىگە ئاسىيلىق قىلغان، ئاۋام خەلققە زۇلۇم سالغان قارا نىيەتلەرنى خۇدا ھېچقاچان مەقسىتىگە يەتكۈزگەن ئەمەس. ئىبرەت، ساۋاق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى كېچىكتۈرىدۇ، خالاس.

دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان جانىپىدا غوجام ئورنىدىن تۇرۇپ بەگيۈسۈپنىڭ دولىسىنى ئىرغاتتى.

— ئابام، ئاتامنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى ئېيتمىدىڭمۇ بوۋا؟ بايا ماڭا كېلىدۇ، دېگەنىدىڭغۇ.

— ئابام، ئاتام قاچان كېلىدىكەن بوۋا؟ كۆرگۈم كېلىپ كەتتى، — زۇبەيدەمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېپىشتى.

— بولىدۇ، دەپ بېرەي، — بەگيۈسۈپ گۆدەكلەرنى يېنىدا

ئولتۇرغۇزدى. چۇمپەردە ئاستىدىن ئۆزىگە تەلمۇرۇپ ئولتۇرغان دىلدارىبىكەگە شۇنداق بىر قارىۋېلىپ كۆڭلىدىكى سۆزىنى ئېيتتى، — ئاتاڭلار ئېلزادبەگ، ئاناڭلار بۇۋىئايىشە ئوردۇكەنتكە مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا يېتىپ كېلىدىكەن. ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋالارسىلەر.

— كۈتىۋالىمىز، كۈتىۋالىمىز! — گۆدەكلەر چۇرقىرىشىپ سەكرەپ كېتىشتى.

بالا ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىدىن مېھرىبان غەمگۇزار يوقتۇر.

ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن پەرزەنتتىن سۆيۈملۈك تىلتۇمار يوقتۇر.

— ئەمدى مەن داستىخان سالاي، — دىلدارىبىكە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرى ھويلىدىكى ئاشخانىغا چىقتى. بەگيۇسۇپنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ قالدىمۇ، ياكى گۆدەكلەرنىڭ سەممىمىي تىلىكىدىن تەسىرلىنىپ كەتتىمۇ، يىغلاپ تاشلىدى.

بۇ ۋاقىتچە دىلدارىبىكەنىڭ باشقىلار ئالدىدا ياش تۆككىنىنى كۆرمىگەن شاگىرت، خىزمەتكار، دېدەكلەر نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەي ئەنسىرەپ قېلىشتى.

— نېمە بولدىلا ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم؟ — سورىدى يىللاردىن بېرى خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان دېدەك ئايال.

— ھېچنېمە بولمىدىم، — ئۇ ياغلىقىنى كۆزىگە باستى، — ئىبراھىم بۇغراخانىنىڭ كالىلىسى ئېلىنىپتۇ. توغرۇل قاراخان ئوردۇكەنتكە كېلىدىكەن. بىزنىڭ ئۆيگە تولا كېلىدىغان ھېلىقى قان ئىچەر جالالات مۇڭسۇزمۇ ئەسىر ئېلىنىپتۇ. خۇشاللىقىمدىن يىغلاپ سالدىم. ھە، كېسەللەرگە تاماق بەردىڭلارمۇ؟

— بەردۇق، ئۆزىمىزمۇ يەۋالدۇق. سىلىنى كۈتۈپ تۇرۇۋىدۇق، ئاتاساغۇن خېنىم. مېھمانلارغا تاماق ئاچىقامدۇق؟ — سورىدى مەخسۇس تاماق ئېتىدىغان ئاشپەز ئايال.

— ئاۋۋال چاي، مەزە، گېزەك ئەكىرىڭلار. ئاندىن تاماق يەيلى.

دىلدارىىكە كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ مېھمانخانىغا چىقتى. داستىخان سېلىپ چاي قويدى.

— ئۇزاقتىن بېرى ئاڭلاشقا تەقەززا بولغان خوش خەۋەرنى سىلىدىن ئىشىتكەنلىكىم ئۈچۈن مىڭ شۈكۈر بەگيۈسۈپ. ئادەم ئۆلۈپ كەتسە ھەممە نېمىسى تۈگەيدىكەن. كەچۈرمىشىمۇ ئاخىرلىشىدىكەن. ئادەم ھايات بولسا، ياخشى ـ يامان ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئادەمنى يېڭى ئىش، يېڭىلىق كۈتۈپ تۇرىدىكەن. بىر تىلەككە يەتسەڭ، ئېڭىڭدا يېڭى بىر تىلەك پەيدا بولىدىكەن. بىر ئارزۇيۇڭ گۈل ئاچسا يېڭى بىر ئارزۇ كۆڭلۈڭدە غۇنچىلايدىكەن. ئۆمۈر دېگەن شۇنداق ئۆتىدىكەن. مەن ھەممە ئارزۇ تىلەكلىرىمگە يەتكەن بولسامۇ، تەڭرىم بىر ئارزۇ تىلىكىمگە تېخى يەتكۈزمىدى، — ئۇنىڭ ياش ئەگىگەن كۆزلىرىدە قايغۇلۇق تەبەسسۇم پەيدا بولدى. رومىلى تۇسۇپ تۇرغاچ ساھىبجامالىنى بەگيۈسۈپ كۆرەلمىسىمۇ، روھىي ھالىتىدىكى سۆيۈنۈش بىلەن ئۆكۈنۈشنى ھېس قىلىپ ئىختىيارسىز سورىدى:

— سىلى يېتەلمىگەن ئاشۇ ئارزۇ ـ تىلەكنى پېقىرغا ئاشكارىلاشنى خالىمامدىلا؟

— بۇ ئارزۇ ـ تىلىكىم تەڭرىمدىن بۆلەك جىمى مەۋجۇداتقا سىر، بەگيۈسۈپ. ئۇنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى خالىمايمەن.

بەگيۈسۈپ «ئاشكارىلىنىشىنى خالىمايمەن» دېگەن سۆزنىڭ ناھايىتى بوش، ھەسرەتلىك ئىشىتىلگىنىدىن، «ئاشكارىلىنىشىنى خالايدىكەن. ئۆز ئاغزىدىن ئەمەس، ئارزۇسىدىكى كىشى تەرىپىدىن» دېگەن نەتىجىگە كېلىپ، ئالدىغا قويۇلغان پولۇغا قول ئۇزارتتى.

ئاش يېيىلىپ بولدى. دۇئا قىلىپلا خوشلىشىپ قايتىدىغان بەگيۈسۈپ كەچ كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئورنىدىن مىدىرلىمىدى. زۆبەيدە ئۇنىڭغا ھاپاش بولۇۋالدى. جانپىدا غوجام سۇلتانبەگىنىڭ بوينىغا مىنىۋالدى.

— چۈش، چاپە تايچىقىم !
— نېمە قىلىۋاتىسەن بالام. چۈش يەرگە ! — بەگيۈسۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى سۇلتانبەگنىڭ بوينىدىن يۇلۇۋالدى. يەرگە دەسسىتىپ قويۇپ، چاك قىلىپ بىر تەستەك سالدى، — كىچىككىنە تۇرۇپ ئادەمنىڭ بوينىغا مىنىۋالساڭ، چوڭ بولغاندا نېمە قىلارسەن ئەخمەق؟

چىرقىراپ يىغلىغان جانپىدا غوجام يۈگۈرۈپ بېرىپ دىلدارىبىكەنى قۇچاقلىۋالدى. ھاپاش بولۇۋالغان زۇبەيدەمۇ سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈۋالدى.

— ئاتا ! مېنى بوۋام ئۇردى.

— بەگيۈسۈپ، بۇ بالا تۇرسا، چىرايلىق گەپ قىلماي نېمىشقا ئۇرىلا؟ بۇگۈن نېمە بولدىلا زادى؟ — ئاچچىقلاپ سورىدى دىلدارىبىكە.

بەگيۈسۈپ بايا كىرگەندە ئاسقۇغا ئېسىپ قويغان قىل قامچىنى ئالدى.

— بۇ بالىنى ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئەدەپلىك بالا بولدى، دەپ ئامراق ئىدىم، بۇنداق قىلىقسىز بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمەپتىكەنمەن. ئادەمنىڭمۇ بوينىغا مىنگەن بارمۇ؟ ئات - ئېشەك مىنىش ئۈچۈن ئاتسىز يارىتىلغان. ئادەم بىر - بىرىنى قەدىرلەش ئۈچۈن ئاتلىق يارىتىلغان. بالىدىن يىراق تۇرسىلا، دىلدارىبىكە، قامچىنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ باقسۇن، — بەگيۈسۈپ كۆز يۇمۇشلاپ قويۇپ، قامچىنى كۆتۈردى.

— بوۋا، ئوبدان بوۋا ئۇرمىغىن، — جانپىدا غوجام يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان قامچىغا بىر قاراپ، دىلدارىبىكەگە يېپىشىۋالدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئادەم بوينىغا مىنىۋالامسەن؟

— ياق، ئەمدى ھەرگىز مىنمەيمەن، مىنمەيمەن، بوۋا! ئۇرمىغىن !

— بۇ سۆزۈڭ راستمۇ، تەنتەك؟

— راست بوۋا، راست. ئەمدى مىنمەيمەن. قەسەم ئىچىپ بېرەيمۇ؟
— قەسەم ئىچمەي ۋەدە بەرگىن.
— ماقۇل، بوۋا، — جانپىدا غوجام مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگكەن قولىنى كۆتۈردى، — ئادەمنىڭ بويىنىغا مىنمەيمەن، كۆتۈرگۈزمەيمەن. بۇ ۋەدەمگە ئۆمۈر بويى ئەمەل قىلىمەن.
بەگيۇسۇپ قامچىنى ئاسقۇغا ئېسىپ قويدى.
— سەنمۇ بوينۇڭغا ھېچكىمنى مىندۈرمە، كۆتۈرمە! ئادەم بويىنىغا ئادەمنى مىندۈرسە، قەدىر - قىممىتىنى، غۇرۇرىنى يوقىتىپ ئات - ئېشەككە ئايلىنىپ قالىدۇ.
— بىلدىم، بوۋا. بۈنىڭدىن كېيىن ئادەمنىڭ بويىنىغا ھەرگىز مىنمەيمەن. مەنمۇ ئادەمنى بوينۇمغا مىندۈرمەيمەن، كۆتۈرمەيمەن، ئات - ئېشەك بولمايمەن.
— ئەمدى ھەقىقىي ئادەمدەك گەپ قىلدىڭ، — بەگيۇسۇپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ سۆيدى. دىلدارىبكە قاراپ كېتىپ:
— باللىرىم، ئەمدى ھويلىغا چىقىپ ئويناڭلار. بوۋاڭلار بىرئاز ئارام ئېلىۋالسۇن، — دەپ گۆدەكلەرنى تاشقىرىغا چىقىرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن سۇلتانبەگمۇ چىقىپ كەتتى.
— ئارام ئېلىۋالسىلا، — دىلدارىبكە ياستۇق قويۇپ بەردى.
بەگيۇسۇپ يۆلەنمەي رۇسلىنىپ ئولتۇردى.
— مەن ھۇزۇرلىنىپ ئارام ئېلىۋالدىم، دىلدارىبكە، مەن ئاشۇ پاك گۈزەل قەلب سارايلىرىغا يوشۇرۇقلۇق سىرنى ئاشكارىلاي دەپ قالدىم. ئاچقۇچ مېنىڭ سەممىي لەۋزىمدە.
— نېمە دەۋاتىلا، بەگيۇسۇپ؟ — ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغان دىلدارىبكە كەينىگە ياندى، — ئاچقۇچ مېنىڭ لەۋزىمدە دېدىلىمۇ - ھە؟!
— شۇنداق، قەدىرلىك دىلدارىبكە، — بەگيۇسۇپ ئورنىدىن قوپتى، — باللىرىمغا ئۆمۈرۋايەت ئانا بولۇشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.
دىلدارىبكەنىڭ قەلب كۆكىدە چېقىن چېقىلغاندەك بولۇپ،

سەنتۇرۇلۇپ يىقىلدى. ھىلھىلە رومىلى سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپ، يۈزى ئېچىلىپ قالدى، بەگيۈسۈپ يىگىرمە يىلدىن بېرى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن گۈزەل چىرايىنى ئاخىر كۆردى...

## 3

ئالىپ ئېلزادىبەگلەر ئاي ئاخىرىدا ئەمەس، يېڭى ئاينىڭ بېشىدا كەلدى. ئۇ كۈنى قەشقەرنىڭ مانانلاشقان ئاسمىنىدىن شىپكەردەك ئۇششاق قار يېغىۋاتاتتى. ئەتراپ ئاپپاق، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئاچماقلىرىدا توختاپ قالغان زومچاق - زومچاق قارلار گويا باھار چېچەكلىرىنى ئەسلىتەتتى.

داغدام ئېچىلغان ئوردا ئىشىكىدىن باغئىبرىق كەنتىگىچە بولغان چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قارشى ئېلىشقا چىققان سانجاق - سانجاق ئادەملەر بويۇنداپ قاراشقانلىرىچە ۋاڭ - چۇڭ قىلىشماقتا:

— توغرۇل قاراخان ئالىپ شاھلاردىن ئىدى، ياشىنىپ قالغاندۇ؟

— كۆرگەندە بىلىسىلە، بۇرادەر.

— توغرۇل قاراخان ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىۋاتقانىمىش، بۇ راستىمىدۇ؟

— راست بولماي، ئىبراھىم بۇغراخاننى توغرۇل قاراخاننىڭ كۈيۇئوغلى ئالىپ بايبەگ ئىنال تېگىن ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغانلىقىنى ئوردىنىڭ ئايغاقچىسى ئۆتكەن ھەپتە كوچا - كويلاردا جاكار قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئاڭلىماپلا - دە، ئاكا؟

— ئاڭلىماپتىمەن، ئۇكا. بۈگۈن ئۇ قانخورنىڭ بېشىنى كۆرىدىكەنمىز - دە.

— كۆرىمىز. ئۇنى كۆرۈپلا قالماي، ئۆزىنى قەيسەربەگ دەپ

ئاتمۋالغان بوزاغىۇ دېگەن ئاسىي مۇناپىقنىمۇ باغلاقلىق هالدا كۆرىمىز.

— قۇمارى ئابىنچۇ خاتۇنچۇ؟ ئۇ ئالۋاستى جادۇگەر تىرىك بولسا چالما كېسەك قىلىش كېرەك !

— ياق، ياق ! چالما كېسەك قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ. ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك !

— قان ئىچەر جاللات مۇگسۇز ئەسىرگە چۈشكەنمىدۇ؟

— ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. ئۇنى ئالىپ بۆرىبەگ تۇتۇۋاپتۇ.

— ئۇ قانخورنى دارغا ئېسىپ، ئاندىن تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، سامان تىقىش كېرەك.

...

قارشى ئالغىلى چىققان ئاۋام ۋە سىپاهلارنىڭ ئالدىدا، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان باشلىق بۇغراخان جەمەتىنىڭ شاهزادە ـ مەلىكىلىرى ئورۇن تۇتقانىدى. ئوردا مۇلازىملىرى ئۇلارنىڭ بېشىغا قىزىل كۇنلۇك تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. ۋەزىر، ھاجىپ، سانغۇن، ئالىم، ئۆلىمالارمۇ ئۇلارنىڭ ئىككى يېنىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ياساۋۇل، قاراۋۇل، نۆكەر ـ سىپاهلار ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ھەيۋەتلىك سەپ تارتقانىدى. ئالتۇن توقا ئورنىتىلغان ئىككى بۇغرا تۇگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان ئىككى سەركەردە قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ دىققەتتە تۇراتتى. ئالتۇن گۇرزە كۆتۈرگەن توقسان توققۇز ھۆرمەت قاراۋۇلى ناغرا ـ سۇناي، بۇغرا كانايىنى كۆتۈرگەن شادىيانىچىلار توپىنىڭ ئالدىدا سەپراس بولغانىدى.

تۇنجى قارنىڭ نەمخۇش پۇرىقى يۈز ـ كۆزلەرگە ئۇرۇلاتتى. قىزىل لېنتا چىگىلگەن ئاتنىڭ يالى يەلپۈنەتتى. چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننىڭ نەزىرى قىزىل تۇغلارنىڭ كۆلەڭگىسى چۈشكەن يولدا ئىدى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ يېنىدا تۇرغان بەگيۇسۇپ ئەتراپقا سەپسېلىپ، يەنە يولغا قارىدى. ئاتۇشنىڭ قار باسقان

تاغلىرى ئۈنىڭغا يىراقتىن خۇددى كارۋان تۆگىلىرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

«ئەجەب هايال بولۇپ قالدىغۇ ئۇلار. هەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا هايال بولۇپ قالدىمىكىن؟...»

ئۇنىڭ خىيالى ئاخىرلاشماي، ئۇپۇق بىلەن يەرنىڭ تۇتاشقان يېرىدىكى يول ئۈستىدە قويۇق توزان پەيدا بولدى. بۇ ئات تۇياقلىرىدىن هاۋاغا ئۆرلىگەن قار ئۇچقۇنلىرى ئىدى. بارا ـ بارا كېلىۋاتقان نۇرغۇن سىپاهلار كۆرۈندى.

— كەلدى، ئالىيلىرى، توغرۇل قاراخان هەزرەتلىرى لەشكەرلىرى بىلەن كەلدى! — دېدى بەگيۇسۇپ ئەبۇ ئەلى هەسەن ئارسلانخانغا.

— شادىيانە چېلىنسۇن، پاياندار سېلىنسۇن! — ئەمر قىلدى ئېلىكخان ئاتتىن چۈشۈپ.

يولغا قىزىل پاياندار سېلىندى. بۇغرا ـ كاناي، ناغرا ـ سۇناي چېلىنىپ ئەبۇ ئەلى هەسەن ئارسلانخان ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

توغرۇل قاراخان مەهمۇد ئارسلانخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان ئارسلانخان، بەگيۇسۇپلەرنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى. ئىككى خان قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئەهۋال سوراشتى. بەگيۇسۇپ قاتارلىق ۋەزىر، هاجىپلار بىلەن سالاملاشتى.

ئېلزادبەگ غۇلاچ يېيىپ كەلگەن قېيىنئاتىسى بىلەن قۇچاقلاشتى. بەگيۇسۇپكە كۆيۈئوغلى بوي تارتىپ ئۈستىخان سۆرگەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئاياللار قاتارىدا دىلدارىبكەنىڭ يېنىدا تۇرۇشقان جانىپىدا غوجام بىلەن زۇبەيدە يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئاتىسىغا ئېسىلدى...

توغرۇل قاراخان قارشى ئېلىشقا چىققان ئاۋام، سىپاهلارغا:

— قېرىنداشلىرىم، ئاللا سىلەرگە ئامانلىق، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي! — دەپ سالام بەردى.

— توغرۇل قاراخان هەزرەتلىرى ئامان بولغاي! — دەپ

چۇقان سالدى كۆپچىلىك.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن سەركەردىلەر بۇغرا تۆگىلەرنى ئېلىپ كېلىپ چۆكتۈردى. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى:

— قاراخان ئاتا، بۇغراغا سۇۋار بولغايلا.

— بالام، مەن قېرىپ قالدىم. بۇغراغا سۇۋار بولغۇدەك مادارىم قالمىدى. ئۆزلىرى سۇۋار بولسىلا، مەن دۇئا بېرەي.

— ئۇنداق دېمىسىلە، قاراخان ئاتا، قاراخانىيلار ئېلىنىڭ ئالىپ خاقانلىرىدىن ئۆزلىرى قالدىلا. سىلى تەختتە ئولتۇرسىلا، بۇغراخان جەمەتى ۋە پۈتۈن مەملىكەت ئەھلى ئەمىن تاپىدۇ، — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ بۇغرا تۆگىگە مىندۈردى. ئالىپ بۆرىبەگ يېتىلەپ ماڭدى.

توغرۇل قاراخاننىڭ دەۋىتى بىلەن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانمۇ ئىككىنچى بۇغرا تۆگىگە مىندى. ئالىپ ئېلزادبەگ ئۇنى يېتىلەپ ماڭدى. ئۇلار ئالتۇن گۇرزە كۆتۈرگەن ھۆرمەت قاراۋۇللىرى، جاندارلار بىللە يورۇپ كەتتى.

شاھزادىلەر، خانىشلار، مەلىكىلەرمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

ئەمچى ھەمشىرىلەر بىلەن ئاتلىق كېلىۋاتقان قىزنىغا بەگيۇسۇپنىڭ كۆزى چۈشكەندە، ئاتلىق مېھرى بۇلاقلىرىدىن تاشتى. بۇۋىئايىشە ئاتتىن چۈشۈپ تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇزرۇكۋارىم ئاتا. ئامان - ئېسەن تۇرغايلا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قىزىم. دىدار كۆرۈشتۈرگەن ئاللاغا شۈكۈر. يوللىرىغا تولا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلەي دېگەندى. سالامەت كېلىپلا، بالام. بەك خۇش بولدۇم.

— ئاتاساغۇن ئابام ئامان تۇرغاندۇ؟ — بۇۋىئايىشە كىمنىدۇ ئىزدىگەندەك قىلىپ سورىدى.

— ئوبدان تۇردى، بالام. ئەنە ئۆزىمۇ كېلىۋاتىدۇ، —

بەگىيۇسۇپ، يولىنىڭ ئۇ چېتىدىن كېلىۋاتقان دىلدارىكەنى كۆرسەتتى. «ئابا !» دەپ تۇۋلىشىپ يېپىشقان جانپىدا غوجام بىلەن زۇبەيدە قىزنى باغرىغا باسقان بۇۋىئايىشە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى.

— ئابا، ئۇستازىم...

دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ يۈزىگە نىقاب تارتقان بۇۋىئايىشە چۇمبىلىنى قايرىغان دىلدارىكە بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشتى. ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق يېشى قۇيۇلدى.

«كۇتۇپ تۇرماي دىلدارىكەنى ئەمرىمگە ئالغىنىم خەيرلىك بولغانىكەن. قىزىم ئۆز ئانىسىنى كۆرگەندەك سۆيۈنۈپ كەتتى» دەپ ئويلىغان بەگىيۇسۇپ ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئېرىراقتىكى سۇۋادان تېرەكنىڭ دالدىسىدا تۇرۇشقان بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ساچىيە، خانلىق مەدرىسەلىرىنىڭ تالىپلىرى، بىر قىسىم ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ سەپ تارتىپ ئۆتىۋاتقان سىپاھلارغا، نان، ئۇسسۇزلۇق تۇتۇپ، ھال سوراپ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

ئەڭ ئاخىردا، قول ـ پۇتىغا قىسماق، كىشەن، بوينىغا تاقاق سېلىنىپ، قوتۇر ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇلغان بوزاغۇ، مۈڭسۈز، بۆگۈش، ھوشۇربەگلەر ئالدىلىرىدىن ئۆتكەندە، كۆپچىلىك ئۇلارغا لەنەت ئوقۇدى:

— خۇنخورلارغا لەنەت ! قارا نىيەت سۈيىقەستچىلەرگە لەنەت !

— ۋەھشىي قاتىللارغا لەنەت ! لەنەت !

— مۇناپىقلارغا لەنەت ! لەنەت !

ئەرئاتان نەيزىسىنى سانجىپ كۆتۈرۈۋالغان ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ بېشىنى كۆرۈشكەندە، ئاۋامنىڭ غەزەپ ـ نەپرەتلىرى قىياندەك تاشتى:

— ئادالەت، ھەققانىيەتنىڭ كۈشەندىلىرى بولغان زالىم شاھلار ئۆلۈمگە مەھكۇم !...

قىلىچىنى تىك تۇتقان ئارسلان، ئەرئاتان ۋە ياساۋۇللار كۆپچىلىككە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆتتى.

ئورۇقلاپ، ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان بوزاغۇنىڭ ئاقۇچ سېرىق يۈزى قارىداپ كەتكەنىدى. مۈكچەيگىنىچە ئاقساپ مېڭىۋاتاتتى. ئوڭ قولى چېپىپ تاشلانغان مۈڭسۈز بولسا لەنەت ئوقۇۋاتقان خالايىققا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئالىياتتى. يېرىلىپ قارىداپ كەتكەن لەۋلىرى مىدىرلاپ تۇرسىمۇ، ئاۋازى تېشىغا چىقمايتتى. قورقۇپ ھالىدىن كەتكەن بۆگۈش، ھوشۇربەگلەر يەردىن باش كۆتۈرمەي ئاران قەدەم باساتتى.

بىر چاغلاردا كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان بۇ مەلئۇنلار سۆيىقەستى ئەمەلگە ئاشماي مانا شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

قاراۋۇل، ياساۋۇللار «ھاي !...» دەپ تۇرسىمۇ، غەزەپلەنگەن ئاۋام ئۇ قارا نىيەتلەرنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە تۈكۈرۈپ، توپا چاچتى، تاش ئاتتى. جانپىدا غوجامىۇ بىر سوقىچاق قوتۇر تاشنى كۆچەپ ئاتتى. تاش تەقدىرگە تەن بەرمەي غادىيىپ كېتىۋاتقان مۈڭسۈزنىڭ چوقۇر يۈزىگە تەگدى. ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى.

— بەتبەخت شۇم ! قوللىرىڭنى كېسىپ، چاتىرىقىڭنى يىرىۋەتمەيدىغان بولسام، خەپ ! — دېدى ئۇ شالىنى چېچىپ.

— تەڭرىم ھەرگىز يامان نىيىتىڭگە يەتكۈزمىگەي ! — بۇۋىئايىشە خەنجىرىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى، — بىلىپ قوي ئەبلەخ ! نىيىتى بۇزۇقنىڭ يولى تۈيۈق بولىدۇ. سەن مۇشۇ مېڭىشىڭدا دار ئالدىدا توختايسەن !

ياساۋۇللار مۈڭسۈزنى قامچىلاپ ئىتتىرىپ ئېلىپ كەتتى.

— ئابا، ئۇلار قانداق ئادەملەر؟ نېمىشقا ئۇلارنى باغلاپ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ قويغان؟ — دەپ سورىدى زۇبەيدە، خەنجەرگە قىزىقسىنىپ قاراپ.

— ئۇلار ئادەم ئەمەس ئۇكام، خەلققە زۇلۇم قىلغان

ئالۋاستىلار. شۇڭا، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ قويغان، — دېدى ئانىسى جاۋاب بەرگۈچە جانپىدا غوجام بوۋىسىنىڭ ئۆزىگە دېگەنلىرىنى تەكرارلاپ.

— راست دېدىڭ، ئوغلۇم، ئۆز قېرىنداشلىرىغا قارا سانىغان، زۇلۇم قىلغان، زىيان يەتكۈزگەن بەتنىيەتلەرنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئىتلا ئۆز نەسلىدىن بولغانلارنى تالايدۇ. ئۇ مەلئۇنلار ئىتتىنمۇ بەتتەر. بوۋاڭ بۇ توغرۇلۇقمۇ سۆزلەپ بېرىپتۇ ـ ھە! — بوۋىئايىشە ئاچچىقلىنىپ مۇشتۇمىنى تۈگكەن جانپىدا غوجامنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— سۆزلەپ بەرگەن، ئانا. ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ قاراخانىيلارغا قەست قىلغانلىقىنى، ئەلگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگەنلىكىنى، مومامنى يولدا ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن، ئاتاساغۇن ئابامىمۇ سۆزلەپ بەرگەن. مەن شۇڭا مۇناپىق، ئاسىيلارغا بەك ئۆچ.

— ئالىپ بۇغرام، — بوۋىئايىشە ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، — سىلەر بۇلاقبېشىدىكى ئۆيدە تۇرۇۋاتامسىلەر؟

— سەن كەتكەندە ئاتاساغۇن ئابامنىڭ تۇمەن بويىدىكى قورۇسىدا تۇرغانىدۇق. يېقىندا ئۇنىڭ بىلەن بۇلاقبېشىدىكى ئۆيگە كۆچۈپ كەلدۇق.

— نېمە دېدىڭ ئوغلۇم، ئاتاساغۇن ئاباڭمۇ كۆچۈپ كەلدىمۇ؟

— ھەئە، كۆچۈپ كەلدى. جىق خوتۇن ـ قىزلار ئەكېلىپ قويدى. بوۋام بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ.

بوۋىئايىشە باياتىن ئۇن چىقماي تۇرغان دىلدارىبېكەگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— بۇغرام توغرا دېدى. مەن بۇلاقبېشىدىكى ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن. سىلى قوبۇل كۆرەمدىلا قىزىم؟ — دېدى ئۇ چۆمبىلىنى قايرىپ.

دىلدارىبېكەنىڭ قارا كۆزلىرىدە ۋىسالغا يەتكەن مەشۇقنىڭ خۇشاللىقى چاقناپ، لەۋەن چېھرىنى يېقىملىق قىلىۋەتتى.

— قوبۇل كۆرمەن، قوبۇل كۆرمەن، ئابا. نەچچە يىلدىن بېرى شۇنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. خۇدايىم ئاخىر بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزۈپتۇ. تويغا قاتنىشالمىغىنىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. تازا چوڭ توي بولغاندۇ؟

— ياق، بالام. ئاتىلىرى چوڭ توي قىلماقچىدى، مەن ئۇنىمىدىم. ئاتاممۇ مېنى ئاياپ دېگىنىمگە قوشۇلدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— مەرھۇمە ئانىلىرى ئاقبىرانىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن دېدىم. تويىنى چوڭ ئۆتكۈزۈش شەرت ئەمەس. مۇھىم بولغىنى نىكاھ، نىكاھ ئەر - ئايالنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان مۇقەددەس ھالقا. يېڭى ئائىلە بەرپا قىلىدىغان كۈچلۈك ئاساس. قورۇ - جايى، مال - مۈلكى بار خا ئەر، خا ئايال بولسۇن بويتاق ھالدا ئائىلىنى مەۋجۇت قىلالمايدۇ. بەختلىكمۇ بولالمايدۇ. قورۇ - جايى، مال - مۈلكى بولمىغان تەقدىردىمۇ، نىكاھلىنىپ ئۆمۈرلۈك ھەمراھقا ئىگە بولىدىكەن، ئائىلە مەۋجۇت بولىدۇ. قورۇ - جايىمۇ، مال - مۈلۈككىمۇ بارا - بارا ئىگە بولىدۇ. كۈتكەن بەختىگە ئېرىشىدۇ، بالام. سىلىنىڭ ئېغىر جۇدالىق ھەسرىتىگە بەرداشلىق بېرىپ، نىكاھلىق بولۇپ يېڭى ئائىلە بەختىگە ئېرىشكەنلىكلىرى پېقىرگە ئۈمىد بەخش ئەتكەنىدى. ئاخىر بەختىمگە يەتتىم. ئاتىلىرىنىڭ نىكاھلىق بولغىنىدىن خۇشالمۇ سىلى؟ بۇنى سورىمىسام بولاتتى. لەۋزىلىرىدىن رازى ۋە خۇشال بولغانلىرىنى بىلگەن بولساممۇ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ... بۇ مېنىڭ بىلمىسىزلىكىمدىن بولۇۋاتسا كېرەك.

دىلدارىبىكەنىڭ قارا كۆزلىرىدىن تامچىلىغان ياش بۇۋىئايشەنىڭ ئېتەكلىرىگە تامدى. بۇ خۇشاللىق چاچقۇسى ئىدى.

— ئۇنداق ئەمەس، ئابا. سىلى ئىشەنسىلە. پېقىرە ئاتامنىڭ نىكاھلىق بولغىنىدىن ھەقىقەتەن خۇشال. بۇنىڭغا ئىشەنسىلە، — دېدى بۇۋىئايشە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياغلىق تۇتۇپ.

— ئابا ـ ئابا ! قاراڭلار، ئاۋۇ ساراڭ خاتۇنغا. ئۇ قەپەسكە سولاقلىق ئىكەن، قاراڭلار، — دەپ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئۈزۈپ قويدى جانپىدا غوجام.

دىلدارىبىكە بىلەن بۇۋىئايىشە تەڭلا قاراپ، توخۇ كاتىكىگە ئوخشىتىپ، يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان قەپەستە سالپىيىپ ئولتۇرغان قۇمارىبىكەنى كۆردى. قەپەس ئىككى ئېشەك قېتىلغان پەس چاقلىق هارۋا ئۈستىگە ئورنىتىلغانىدى.

يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرغان ئاۋام:

— قاتىل ! قاتىل ئالۋاستى ! ئابىنچۇ ئالۋاستىغا لەنەت ! ئابىنچۇ ئالۋاستىنى چالما ـ كېسەك قىلايلى ! — دەپ چۇقان كۆتۈردى.

— خانىش قىلىچخان بۇ كۈنلەرنى كۆرەلىگەن بولسا كاشكى، — پىچىرلىدى بۇۋىئايىشە چېھرىدىكى خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى هەسرەت ـ نادامەت ئېلىپ.

— ئۇنىڭ روهى كۆرۈۋاتىدۇ، قىزىم. قارىسىلا ياۋۇز ئالۋاستىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىگە. جاهاندا هېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان ئابىنچۇ خاتۇن قانداق كۈنگە قالغان ـ هە ! ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن. قويۇۋېتىپ بىر تارتىدۇ ـ دە، مەن ـ مەن دېگەن كۆرەڭ زالىملارنى ئەنە شۇنداق بىچارە قىلىپ قويىدۇ، — دېدى دىلدارىبىكە.

چاچلىرى چۇۋۇلۇپ چىگىچلىنىپ كەتكەن، يوغان شەهلا كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ئۆچۈشكە يۈزلەنگەن شامدەك پىلىلداپ قالغان، ئۈستىبېشىنى چاڭ ـ توپا باسقان، رومالسىز بەتبەشىرە قۇمارىبىكە كىيىۋالغان قاما جۇۋىسى بىلەن غالجىر ئىتقا ئوخشاپ قالغانىدى. قولىدا قىسماق بولغاچقا سولغۇن چېھرىنى توسۇۋالالمىغانىدى.

— تۇفى ئىپلاس ! — دېگەن غەزەپلىك سادانى ئاڭلىغان قۇمارىبىكە ئۆزىگە لەنەت بىلەن تىكىلگەن دىلدارىبىكەنى كۆردى. قارا كۆزلىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان

بۇۋىئايىشەنىمۇ تونۇدى. ئۇ پاخپىيىپ كەتكەن بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى. نوموۇس، ئىزا ـ ئاھانەتتىن شۇنداق قىلدىمۇ ياكى كۆزۈم كۆرمىسۇن، دېدىمۇ، بۇ تەڭرىگە مەلۇملۇق ئىدى.

قوزا چۇش ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەن توغرۇل قاراخانىنىڭ سىپاھىلىرى گۇگۇم چۇشكەندە شەھەرگە كىرىپ بولدى. تاماقلانغاندىن كېيىن ھەرقايىسى لەشكىرىي تۇرالارغا ماڭدۇرۇلدى.

بوزاغۇ، مۇڭسۇز، قۇماربىكە قاتارلىق قارا كۆڭۈل سۇيىقەستچى ئاسىيلار تاكى زىندانغا يالاپ ئېلىپ بېرىلغانغا قەدەر، ئاۋام خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە ئۇچرىدى. قاراڭغۇ زەي چاھقا تاشلانغاندىن كېيىن بولسا، ئەلەم، نادامەت خەنجىرى يۈرەكلىرىنى تىلىشقا باشلىدى...

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

# توغرۇل قاراخاننىڭ تەختكە چىقىشى

## 1

قۇياش تېخى پاتمىغانىدى. ياقۇت نۇرلىرى بەگيۇسۇپ هويلىسىدىكى ئايبۇلاقنى هال رەڭگە كىرگۈزگەنىدى. بۇۋىئايىشە ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرىنى بۇ قورۇغا چۈشۈرگەن دىلدارىبىكە مۇشۇ تاپتا ناهايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ ئەزىز مېھمانلىرىغا هاردۇق ئېشى بېرىپ، نۇسرەت بىلەن قايتىپ كەلگىنى ئۈچۈن ئۇلارنى مۇبارەكلىدى.

بۇۋىئايىشە شام نامىزى ئۈچۈن ئېيتىلغان ئەزان ساداسىنى ئاڭلىدى. هەممەيلەن تەرەت ئېلىپ ناماز ئۆتىدى. ئاتىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ هويلىغا چىققان بۇۋىئايىشە ئايبۇلاققا كۆز سېلىپ يېڭى ئاينىڭ شولىسىنى كۆردى. ئۇنىڭ تۇنجى نىكاهى ئوقۇلغان ئاشۇ گۈزەل ئاخشامدىمۇ يېڭى چىققان ئاي كۈمۈش ئورغاقتەك كۆرۈنۈپ، كۆزلىرىنى ئۇزەلمەي قالغانىدى...

«بۇ قورۇ دىلدار ئابامنىڭ شاراپىتىدىن قايتىدىن ئاۋات بولىدىغان بولدى. مېنىڭ يەنە ئانام بار بولدى...» ئۇ ئويلاپ تۆت ئەتراپىغا سەپسالدى. قورۇنىڭ هەممە يېرىگە — پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى، دېرىزە تەكچىلىرى، تاملار، دەل - دەرەخلەرگە ئورنىتىلغان شامدان، قەندىللەردىكى شام - چىراغلار ياندۇرۇپ قويۇلغانىدى. هەممە ياق كۈندۈزدەك يورۇق، شۇنچە پاكىز ئىدى.

دىلدارىبىكە هەمشىرە - ئەمچىلەرنى خانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ:

— ئارام ئېلىڭلار، بالام، — دەپ بوۋىئايىشەنى ئۈچ قات يېكەنداز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. ياستۇق قويۇپ بەردى. ئۆزى خىزمەتكارلىرى بىلەن ئاشخانىدا ھاردۇق ئېشى ئېتىشكە تۇتۇندى.

بوۋىئايىشە قانداقمۇ ياتسۇن؟ بالىلىرىنى ئىككى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، سالامەت دىدار كۆرۈشكىنىگە شۈكۈرلەر قىلدى.

— ئابا، بوۋام نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ — سورىدى جانپىدا غوجام.

— بوۋام نەگە كەتتى، ئابا؟ — دېدى زۇبەيدە قىز تاقەتسىزلەنگەن ھالدا.

— بوۋاڭلار ئوردىغا كەتتى. ھېلى كېلىدۇ، — دېدى بوۋىئايىشە جاۋاب بېرىپ، «بۇ بالىلار بوۋىسىغا بەك ئىچەركىشىپ كېتىپتۇ. ھەمىشە كۆرگۈسى كېلىپلا تۇرىدىكەن. خۇدايىم، بەختىمىزگە دادامنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت بەرگىن» دەپ تىلىدى ئۇ.

بەگيۇسۇپ تۈن تەڭ بولغاندا كەلدى. ئۇگرە ئىچىلىپ، ئاشىمانتا يېيىلىپ بولغاندى. ئۇلار سەندەلگە پۇت تىقىپ ئولتۇرۇشۇپ، ئۆتمۈشنى ئەسلىشىۋاتاتتى.

— ئوھۇ! تېخىچە ئۇخلىماپسىلەرغۇ بوتىلاقلىرىم؟ يىراقتىن يول ئازابىنى تارتىپ كەلگەن ئاناڭلارنى ئارام ئالغۇزماي، غەلۋە قىلىپ ئولتۇرغىنىڭلار نېمىسى، — دېدى ئۇ يۈگۈرۈشۈپ كېلىشكەن نەۋرىلىرىنى زوڭ ئولتۇرغىنىچە باغرىغا بېسىپ.

بوۋىئايىشە بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرغان دىلدارىكە ئۈنىڭ تونىنى سالدۇرۇپ، ئاسقۇغا ئاستى. بەگيۇسۇپ سەندەل[1]گە پۇتىنى تىقىپ ئولتۇردى.

— بوۋاڭلارنى ئارامىغا قويۇپ، تۇرۇڭلار ئوماقلىرىم.

---

① سەندەل — ياغاچتىن ئورۇندۇقسىمان تۆت چاسا ياسالغان ئىسسىنىش ئوچىقى. ئۈستىگە يوتقان يېپىلىدۇ. ئىچىگە يالقۇنجاپ تۇرغان چوغ سېلىنىدۇ.

سىلەرنى ياتقۇزۇپ قوياي، — دېدى دىلداربېكە بالىلارنى ئۇنىڭدىن ئاجرىتىپ.

جانپىدا غوجام بىلەن زۇبەيدە ئىستائەتمەنلىك بىلەن ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كەتتى.

— ئاتا، ئەجەب ۋاقچە قالدىلىغۇ؟ تازا چارچىغانلا ـ ھە؟ ! — بۇۋىئايىشە بەگيۇسۇپنىڭ بىقىنىغا تەكىيە، ياستۇق يۆلەپ قويدى.

— ئانچە چارچىمىدىم، بالام. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئالىيلىرى، تۇغرۇل قاراخان، بايبەگ ئىنال تېگىن، ئالىپ ئېلزادبەگلەر شەرىپىگە كاتتا بەگ تەركىسى ئۆتكۈزدى. ئۇزاقتىن بېرى، تەشۋىش، ئەندىشە بىلەن جىمىپ قالغان ئوردا ئىچى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. بۇرۇنراق قايتىشنى ئويلاشقان بولسامۇ، بەگ مەرىكىسىگە رىياسەتچىلىك قىلىش ماڭا تاپشۇرۇلغان بولغاچقا، كېچىكىپ قالدىم، بالام. سىلەرنى ئارام ئالغۇزماي يولغا قارىتىپ قويۇپتىمەن.

— بەگ تەركىسىدە نېمە گەپلەر بولدى، بېگىم؟ — ئىشىكتىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كىرگەن دىلداربېكە سورىدى، بۇۋىئايىشەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— مەرھۇم بۇغرا قاراخانلار ياد ئېتىلدى، بارسغاندا بولغان جەڭ، قۇماربېكە، بوزاغۇلارنىڭ قولغا قانداق چۈشكەنلىكى توغرۇلۇقمۇ كۆپ گەپ بولۇندى خانبېكە، — بەگيۇسۇپ جاۋاب بەرگەچ ئىسسىپ كەتكەن پۇتىنى سەندەلدىن چىقىرىپ مەسسىنى سالدى، — سەندەل قىش كۈنلىرىدە جاننىڭ راھىتى ـ دە، بەكرەك ئىسسىپ كېتىپتۇ.

بۇۋىئايىشە ئۇلارنىڭ «بېگىم، خانبېكە» دېگەن سۆزلىرىگە دىققەت قىلدى. ئانىسى ھايات ۋاقتىدا «بېگىم، خانبېكە» دېيىشىپ بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت بىلەن قەدىرلەيدىغانلىقىنى ئەسلەپ كۆڭلى بۇزۇلدى: «ئاتام دىلداربېكەنى ھەقىقەتەن ئابام ئورنىدا كۆرىدىكەن، سۆيىدىكەن. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى

ئىشىتىپ، خۇددى ئانام تىرىلىپ كەلگەندەك كۆڭلۈم يايراپ قالدى...»

— ئۇ قانخور ئاسىيلار قانداق تۇتۇلۇپتۇ بىگىم؟ — دىلدارىبىكە بەگيۇسۇپكە چاي سۇنۇپ سورىدى.

— يارىلىنىپ قاچقان بوزاغۇ، مۇڭسۇزلەرنى ئالىپ ئىلزادبەگ ھەم ئالىپ بۆرىبەگلەر جەڭگاھتا ئەسىر ئاپتۇ. قىزىم بۇۋۇئايىشەنىڭ ئىز بېسىپ قوغلاپ ئابىنچۇ خاتۇننى تۇتۇۋالغىننى بايبەگ ئىنال تېگىندىن ئاڭلىدىم. ئۆزى سۆزلەپ بەرسۇن. مېنىڭمۇ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغۇم بار، خانىبىكە، — بەگيۇسۇپ، يېشىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن كۆزلىرىنى قولى بىلەن توسۇۋالغان قىزىغا باقتى. كىيىملىرىنى يۆتكەپ نازاكەتلىك چوكانغا ئايلانغان بۇۋۇئايىشە مۇڭلۇق يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ قوللىرىنى تىزىغا قويدى.

— سۆزلىگۈدەك ئالاھىدە ۋەقەمۇ بولمىدى، ئابالىرىم، — دېدى ئۇ گەپ باشلاپ، — توغرۇل قاراخان ھەزرەتلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن سىپاھلىرىمىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ بارگاھىغا باستۇرۇپ كىرگەندە، قۇمارىبىكە ئوغلى بىلەن قېچىپ كەتكەنىكەن. بۇنى ئاڭلاپ قۇيقا چېچىم تىك بولدى. «ئۇنى تۇتمىسام ئوردۇكەنتكە قايتمايمەن» دەپ قەسەم ئىچتىم. خوتۇن - قىزلاردىن تەشكىللەنگەن سىپاھ ۋە ھەمشىرە ئەمچىلەرنى باشلاپ ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاتلاندىم. بايبەگ ئىنال تېگىن ئىبراھىم بۇغراخاننى تۇتۇش ئۈچۈن ئاتلاندى. ئەسىر چۈشكەنلەردىن، يولدا ئۇچرىغان تارىقچى، لاتاپۇرۇشلاردىن سوراپ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ ماڭدىم. يولدا قانسىراپ ياتقان بىر تۇلۇملۇغ ئايال ئۇچرىدى. دۇبۇلغا - ساۋۇتى قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى. ئاتتىن چۈشتۇق. ئۇ ئايالغا سۇ ئىچۈرۈپ يارىلىرىنى دورىلاپ تاڭدىم. ھوشىغا كېلىپ بىزگە تەلمۈرۈپ ئۇزاق قارىدى. قۇمارىبىكەنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكىنىنى سورىدىم. ئۇ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ: «مەن ئۇنىڭ كېنىزىكى گۈلەم بولىمەن. يارىلىنىپ يېتىپ

قالسام، كارى بولماي، بەدەلئارت داۋسنى تەرەپكە كەتتى» دېدى. ئۇنى هارۋىغا سېلىپ جېدەللەپ ماڭدۇق. يولدا ئۇچرىغان يىلقىچى، تارىقچىلارمۇ بىر توپ تۇلۇملۇغ كىشىلەرنىڭ مەشرىق تامان كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. بىز تېخىمۇ تېز يۈرۈپ بەدەلئارت داۋىنى باغرىدا ئۇلارغا يېتىشىۋالدۇق. جەڭ شىددەتلىك بولدى. ئۇنىڭ كېنىزەك – غۇلاملىرى بىر – بىرلەپ ئەسىر چۈشتى. ئۇ ئورمان ئىچىگە قاراپ قاچتى. قوغلاپ يۈرۈپ سالما تاشلاپ ئاتتىن يىقىتتىم. «مېنى ئۆلتۈرۈۋەت!» دەپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. باغلاپ ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇدۇم. يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەرنى زىنداندا ئازابلىغان، ئۆلتۈرگەن بۇ جاللات ئابىنچۇ خاتۇننى جەبىر – زۇلۇمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز جىسمى بىلەن تېتىسۇن، بىلسۇن دەپ قەپەسكە سولاپ ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كەلدۇق. گۇناھىنى تۇۋۋا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يول بويى قەبىھ قىلمىشىنى ئاقلاپ، بىزنى تىللاپ، قارغاپ كەلدى، ئابا. شۇكۇركى، بۇنداق قارا نىيەت ئاسىيلارنى تەڭرى مەقسىتىگە يەتكۈزمەيدىكەن. كۆرەڭلىتىپ، هەددىدىن ئاشۇرۇپ، ئاندىن يەر بىلەن يەكسان قىلىدىكەن.

بۈۋىئايىشە قۇماربېكەنى قانداق تۇتقانلىقىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاددىيلا قىلىپ ئېيتىپ بەردى.

— بارىكاللا قىزىم، سىلى بىلەن بارمىغىنىم ئۈچۈن شۇ تاپتا پۇشايمان قىلىپ قالدىم. پېقىرەنىڭمۇ جەڭگە بىر قاتناشقۇم بار ئىدى، خەيرىيەت، — دىلدارىبىكە مېھىرلىك نەزىرىنى سېلىپ ئۇنىڭ قۇندۇزدەك چاچلىرىنى سىلىدى.

— سىلى ئابا، هەمىشە جەڭگاھتىغۇ. كۇندە نەچچە ئونلىغان بىمارلارنى داۋالاپ، ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىلا. سىلىگە بەك زوقلىنىمەن. سىلىدەك بولالىغان بولسام ئارزۇيۇمغا يەتكەن بولاتتىم.

— بولالايلا، خان قىزىم. خانبىكە سىلىگە ياردەم قىلىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ ياۋۇز يالماۋۇزنى تۇتۇپ كەپلىغۇ، — دېدى

بەگيۇسۇپ.

— ھەي تاغەي، كېسەل داۋالاش ئۇنداق ئاسان ئەمەس، ئاتا. ئابامنىڭ ئۆمۈرلۈك شاگىرتى بولسام دەيمەن، — بۇۋىئايىشە ئىككى قولى بىلەن دىلداربىكەنىڭ مۈرىسىنى تۇتتى، — ئابا، سىلى بىلەن كېسەل داۋالىساملا بولدى.

— بالام، سىلى ئانىلىرى بىلەن ئەمەس، ئوردا شىپاخانىسىدا، ئەمچىلەر ۋە شاگىرتلىرى بىلەن كېسەل داۋالايدىغاندەك تۇرىلا. ھەربىرلىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان ماڭا بىرقانچە قېتىم بۇنى پۇرىتىپ ئۆتكەنىدى. «قىزىم كەلگەندە بىر گەپ بولار» دەپ ماقۇللۇق بەرمىگەنىدىم. ئويلاپ قارىسام، ئۆيلىرى ئوردا ئىچىدە بولغاندىكىن، ئوردا شىپاخانىسىدا ئىشلىگەنلىرى تۈزۈكتەك قىلىدۇ.

— مېنىڭ سەۋىيەم تېخى تۆۋەن، ئاتا. داۋالاش جەھەتتىكى ئىقتىدارىم دېگەندەك ئەمەس. ھۆددىسىدىن چىقالماسمەنمىكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوردا شىپاخانىسىدا ئىشلىگۈم يوق. ئابامنىڭ يېنىدا ئىشلىگۈم بار.

— بۇۋىئايىشە قىزىم، ماقۇل بولسىلا. بېگىمنىڭ دېگىنى خۇش خەۋەر ئىكەن. ئوردا شىپاخانىسىدا كېسەل داۋالاشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايلا. ئاتىلىرىنى سېغىنغانلىرىدا يېنىمغا كېلىپ تۇرسىلا بولدى...

دىلداربىكەنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا بەگيۇسۇپ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— گەپ بىلەن بولۇپ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان، خانبىكە. قىزىم نەچچە ئاي جەڭلەردە، سەپەردە بولۇپ، ئاران قايتىپ كەلگەندە، ئۆز ئۆيىدە بولۇشى زۆرۈر ئىدى. بىز قوندۇرۇۋالساق ياخشى بولمايدۇ، ھازىرلا ئاپىرىپ قويايلى، — دېدى ئۇ.

دىلداربىكە زۇۋان سۈرمەي بۇۋىئايىشەگە قارىدى.

— ئاتا، بۇ كېچە يېنىڭلاردا قونۇپ قالغۇم بار.

— بولمايدۇ قىزىم، بولمايدۇ. بۇ ئادەت ـ يوسۇنىمىزغا خىلاپ. قويسىلا، خىزمەتكارلار ئاپىرىپ قويسۇن، — بەگيۈسۈپ ئىشىكتىن باش چىقىرىپ سۇلتانبەگكە، — مەپىگە ئات قوشۇڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

— قىزىمنى مەن ئاپىرىپ قويۇپ كېلەي بېگىم، — ئورنىدىن تۇرغان دىلدارىبكە بۈۋىئايىشەنىڭ قولىنى تارتتى، — قويسىلا قىزىم، ئاتىلىرىنىڭ دېگىنى ئورۇنلۇق، بۇنى چۈشىنىلا.

— شۇنداق كېچىدىمۇ... — بۈۋىئايىشە غودۇڭشىپ قويتى، — ئەمچى ھەمشىرىلەرچۇ؟ بالىلىرىمنىمۇ ئېلىپ كېتەمدىمەن؟

— ياق قىزىم. ئۇلار مۇشۇ يەردە قالىدۇ. بالىلارنى ئۆزۈم باقىمەن. بۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلا، — دىلدارىبكە ئاق پەرجىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئارتتى.

بەگيۈسۈپ ئىشىك ئالدىغا ئۇزىتىپ چىقتى.

— پات ـ پات كېلىپ تۇرسىلا، بالام. خۇدايىمغا ئامانەت.

— خوش، ئاتا، ئاجىزەلىرىنى دۇئالىرىدا ياد ئېتىپ تۇرسىلا، — دېدى بۈۋىئايىشە مەپىگە چىقىپ.

— مەن ئاپىرىپ قويۇپ ھايال بولماي كېلىمەن، — دىلدارىبكەمۇ ئۈچ دېدەكى بىلەن مەپىگە چىقتى.

بەگيۈسۈپ تاراقلاپ كېتىۋاتقان مەپىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. «بۈۋىئايىشەنىڭ ئۆز ئۆيىگە كەتكىنى ياخشى بولدى. ياخشى خاتۇن ئېرىنىڭ يېنىدا بولىدۇ» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كېچىپ، ياقۇت يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان كۆككىمۇ باقماي ئىشىك ئالدىدا ئۇزاق تۇردى...

## 2

توختىماي ياغقان قار قەشقەر تۇپرىقىنى شېكەر قۇيغاندەك ئاقارتىۋەتتى. بۆرىدەك ئۇشقىرتىپ كوچىلارنى كەزگەن سوغۇق

قىزارغان يۈزلەرنى ھەرىدەك چاقاتتى. تۈكۈرۈك يەرگە چۈشكىچە توڭلاپ كېتەتتى. كۆپ يىللاردا چىللە كېچىدە كىرىپ، كۈندۈزى سوغۇق بوشىشىپ قالىدىغان بۇ ئەلۋەك دىيار بۇ يىل قىرىشقاندەك چىللە كۈندۈزى كىرىپ، قاتتىق سوغۇقتىن شىنىدەك قېتىپ كەتكەنىدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ جالا باغلاپ مۇزلىغان شاخلىرى چاراسلاپ سۇناتتى. تېرەك، سۆگەت ئاچماقلىرىدا تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىپ شۈمشىيىپ ئولتۇرۇپ مۇزلاپ قالغان قاغا ـ قۇشقاچلار يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ قارغا كۆمۈلۈپ قالاتتى. كوچىلاردا مۇزلاپ قالغان ئىت ـ مۈشۈكلەرمۇ ئۇچرايتتى. بىر تىلەمچى تام تۈۋىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغىنىچە توڭلاپ قالغانىدى...

سوغۇق قاتتىق بولغان بىلەن، مۇرۇۋۋەتلىك ئىشلارمۇ مۇشۇ قەھرىتان قىشتا بولدى: ئاۋام ئاسىي قارا نىيەت سۈيىقەستچىلەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدى. باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساقلارنىڭ يېنىكلىتىلگەنلىكى، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈرۈلگەن يارلىق، سودىگەر، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ غەم ـ دەردىنى ئازايتتى. «دىۋانى ھاجىب»، «دىۋانى ئارىز»، «دىۋانى تۇغرالار»كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، تۇغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخاننى قاراخانىيلار ئېلىنىڭ خاقانلىقىغا، ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلانخاننى — ئوردۇكەنت دىيارىنىڭ بۇغراخانلىقىغا تەيىنلەپ قارار چىقاردى ۋە بۇ يىلقى نورۇز بايرىمى كۈنى تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئەلگە جاكارلاندى: خاقان بۇغرا قاراخاننىڭ قۇماربىكە، بوزاغۇ، مۈڭسۇز قاتارلىق قانخور ئاسىيلارنى جازالاش توغرىسىدىكى ھۆكمىمۇ شۇ كۈنى ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئەل ئەمىن تاپتى.

ھەممىدىن خاسىيەتلىك بولغىنى دىلداربىكەنىڭ بويىدا قالغىنى ئىدى. بۇ چىللە چىقىپ سوغۇق بوشىغاندا مەلۇم

بولدى. ئۇنىڭ ۋىسال شادلىقىدىن يايرىغان ۋۇجۇدىدا، ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ئۆزگىرىش يۈز بەردى: كۆڭلى ئاينىپ بېشى قايىدىغان، تاماق خالىمايدىغان، ئالما ـ ئامۇتنىلا يېگۈسى كېلىدىغان غەلىتە هالەت، ئېرىنى كۆرگۈسى كېلىپلا تۇرىدىغان سىپھىرلىك تۇيغۇ ئۇنى ھەمىشە بىئارام قىلاتتى. كېسەل كۆرۈشكە، مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقا رايى بارمايتتى. كەلگەن بىمارلارنى داۋالاشقا شاگىرت، ئەمچىلەرنى جورىپ، ئۆزى خاس ھۇجرىسىدا بەگىيۇسۇپ يازغان بېيىت ـ نەزمىلەرنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى ۋە ياكى ئۇد، دۇتار چېلىپ مۇھەببەت غەزەللىرىنى ئېيتاتتى. پات ـ پات دېرىزىدىن ھويلا ئىشىكىگە كۆز سالاتتى. بەزىدە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇزاققىچە يولغا قارايتتى. «نېمە بولغاندىمەن؟ ھېچقاچان بۇنداق ئىنتىزارلىق تارتمىغانىدىم. يۈرىكىمگە ئوت كەتكەندەك ئىچىم قىزىپ، گەمىدىكى مۇزدەك ئالما ـ ئامۇتتىن ھەمىشە يېگۈملا كېلىپ تۇرىدۇ. زادى نېمە بولغاندىمەن يا؟...» ئۇ خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئۇيىلىپ، بېشىنى سىلكىپ تۇرۇپ كېتەتتى. كۆڭلى ئىلىشىپ ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقاتتى. تەرەت ئالىدىغان ئەۋرەزگە ھۆ قىلاتتى. لېكىن، ھېچنېمە يانماي بىئارام بولاتتى.

قۇرۇق ھۆ ـــ بالا ھۆ. پۇتۇن بەدەن ھالسىراپ يۈرەك بوغۇزغا تىقىلىپ قالىدۇ. كۆزدىن ياش ئاقىدۇ. بۇ نېمىنىڭ ئالامىتى؟

نۇرغۇن خاتۇنلارغا تۇغۇت ئانىسى بولغان دىلدارىبىكە ئۇنداق ھالەتنىڭ ـــ بويىدا قالغانلىق ئالامىتى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن، بىلىپ تۇرۇپ تەن ئالغۇسى كەلمەيتتى. «قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان تۇرسام، بويۇمدا قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. راستىن شۇنداق بولسا كىشىلەر نېمىدەپ قالار، بەگىيۇسۇپ نېمە دەر؟...» دەپ نومۇسلىناتتى. يېقىنلىرىغا دېيىشتىنمۇ ئۇيىلاتتى.

ئۇنىڭدىكى غەلىتىلىكنى سەزگەن بەگىيۇسۇپ سورىماي تۇرالمىدى.

ـــ خانىبىكە نېمە بولدىلا؟ ياداپ كېتىۋاتىلىغۇ. نېمىشقا تاماق

يىمەيلا؟ نىمىشقا يولۇمغا قاراپلا ئولتۇرىلا، يا مېنى كۆنلەۋاتامدىلا؟ ـــ دەپ سورىدى بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئوردىدىن كەلگەندە، ئۆزىگە ئاشىقانە تەلمۈرۈپ چاي سۇنغان دىلدارىبىكەدىن.

ـــ بىلمىدىم، نىمىشقىدۇر سىلىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك، سىلى مېنى تاشلاپ يىراق بىر يەرگە كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، ئۆزۈمنى تۇتالمايدىغان بولۇپ قالدىم. سىلى ئۆيدىن شۇنداق چىقىپ كەتسىلە، يۈرىكىم سۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك بولۇپ، تۇرالماي قالىمەن. ۋۇجۇدۇم ئۆرتىنىدۇ. بولدى دېمەيلا قوياي، ـــ دېدى ـ يۇ، «بۇيۇمدا قالغان ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

ـــ ياق خانبىكە، بۇنىڭدا باشقا سەۋەب بولۇشىمۇ مۇمكىن. سىلى ئاتاساغۇنغۇ. مەن ئەمدى ئوردۇكەنتتىن ئايرىلمايمەن، خاتىرجەم بولسىلا.

ـــ سىلى باشقا يەرگە كەتمەملا، بۇ راستمۇ بېگىم؟ ماڭا ۋەدە بەرمىگۈچە، بۇ سۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيمەن، ـــ دەپ تۇرۇۋالدى دىلدارىبىكە.

ـــ سىلى مۇشۇ گەپلىرى بىلەن بۆگۈ بىلگە ئەمەس، ئاددىي تارىقچى مەزلۇمغا ئوخشاپ قالدىلا، خانبىكە، ـــ بەگيۇسۇپ دىلدارىبىكەنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، ـــ مەن ۋەدە بېرەي: باشقا يەرگە كەتمەيمەن. ئەگەر كەتمەكچى بولسام سىلىنى بىللە ئېلىپ كېتىمەن.

دىلدارىبىكە بەگيۇسۇپنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى.

ـــ راست دېدىلە، بېگىم. مۇھەببەت بۆگۈ بىلگە خاتۇن بىلەن تارىقچى خاتۇننى بەزى چاغدا ئوخشاش تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدىكەن.

بۇ كېچە تېخىمۇ شېرىن ئۆتتى.

قىشمۇ چىقىپ كەتتى. غۇر ـ غۇر كۆكلەم شامىلى يەرگە سۇپۇرگە سالدى. قار ـ مۇز ئېرىپ دەل ـ دەرەخ كۆكىرىشكە

يۈزلەندى. ۋىچىرلاپ قارلىغاچ كەلدى، ئايۋاننىڭ بالابىشىغا ئۇۋا ياسىدى. ھۆت چىقىپ جۇتمۇ تۈگىدى. كۆك چۆچۈرىسىگە ئىغىز تەگكەن دىلدارىبىكەنىڭ قورسىقى تەۋرىدى. ئىككى تامچىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئاپىرىدە بولغان جان ئۆزىنىڭ پات ئارىدا دۇنياغا كۆز ئاچىدىغانلىقىدىن ئۇچۇر بەردى. دىلدارىبىكە يەۋاتقان چۆچۈرىنى قويۇپ يان ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئىشتىھا بىلەن چۆچۈرە يەۋاتقان بەگيۇسۇپ خوتۇنىغا نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي كەينىدىن چىقتى. دىلدارىبىكە قورسىقىنى سىلاپ يىغلاۋاتاتتى.

— نېمە بولدىلا، خانبىكە؟ — ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرۇپ سورىدى.

— ھېچنېمە، — دىلدارىبىكەنىڭ چېھرىدە كۆكلەم قۇياشى پەيدا بولۇپ، ياش تامچىلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتى. ئەمما، قورساقتىكى بالىنىڭ تۆت ئايلىق بولغىنىنى ئېيتىشتىن ئىزا تارتىپ ئېغىز ئاچمىدى.

— ئەمىسە نېمىشقا يىغلايدىلا؟

— سىلى بىلەن كۆك چۆچۈرىسى يېيىشكە نېسىپ بولغىنىدىن سۆيۈنۈپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. باشقا گەپ يوق، ئېرىم...

— شۇنداق بولغاي، ئىلاھىم، — بەگيۇسۇپ ئۇنىڭ ئەنبەر پۇراپ تۇرغان قارا چاچلىرىنى سىلىدى، — خانبىكە، بالىلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېتىشتى.

— ھە، شاگىرت، ئەمچىلەرمۇ كەتتىمۇ؟

— كەتتى. بىگىم ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق، شام بولۇپ قاپتۇ، نامازنى ئۆتۈۋالايلى.

دىلدارىبىكە جايناماز سالدى. ئىككىيلەن شام، خۇپتەن نامىزىنىمۇ بىللە ئوقۇدى.

— مېنىڭ بۇرۇنراق ياتقۇم كېلىۋاتىدۇ، خانبىكە، ئورۇن سالغان بولسىلا.

— ماقۇل بېگىم، — دىلدارىبىكە خاس ھۇجىرىسىغا چىقىپ كەتتى.

بەگيۇسۇپ ھاجەتخانىغا كىرىپ چىقىپ ھۇجىرىغا ئاياغ باسقاندا، دىلدارىبىكە يېتىپ بولغانىدى. «ئىش قىلىشلىرى، ناز ـ كەرەشمىسى ئاقىبىراغا شۇنچە ئوخشايدۇ. ئۇنى تىرىلدۇرۇپ بەرگەن تەڭرىم ئۆزۈڭگە مىڭ شۈكۈر» دەپ چىراغنى ئۆچۈردى. كىيىمىنى سېلىپ، ئىپارنىڭ بويى كېلىپ تۇرغان يوتقانغا كىردى. دىلدارىبىكەنى ئۆزىگە تارتىپ قۇچاقلىدى. سېھىرلىك ھارارەت تېنىگە تارىدى. «ئەجەبا، نېمىدۇر ئۇ قىمىرلاۋاتقان؟...» بەگيۇسۇپ ئۇنىڭ قورسىقىنى سىلىدى. يۇلتىيىپ چىققان يەرنى تۇتۇپ قولىنى ئىتتىك تارتىۋالدى. «راستلا قىمىرلاۋاتىدىغۇ...». ئۇ بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ سۆيۈندى.

— خانىبىكە، خانىبىكە. بۇ قىمىرلاۋاتقان نېمە؟ — ئۇ خوتۇنىنىڭ قولىنى ھېلىقى يەرگە قويدى، — بىلدىلىمۇ؟

ئەمدى ئېيتمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن دىلدارىبىكە:

— بېگىم، بۇ قىمىرلاۋاتقان سىلىنىڭ بالىلىرى، — دەپ پىچىرلىدى. بەگيۇسۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى.

— نېمىشقا بۇ خۇش خەۋەرنى ماڭا بالدۇرراق دېمىدىلە خانىبىكە؟

— قانداق دەيمەن؟ شۇنچە ياشقا كىرگەندە بۇيۇمدا قېلىشنى زادى ئويلىمىغان تۇرسام.

— ماڭا بالا تۇغۇپ بېرىش ئارزۇلىرى يوقمىدى، خانىبىكەم؟

— بار ئىدى، بېگىم، يىگىرمە يىلنى شۇ ئارزۇ بىلەن ئۆتكۈزگەنىدىم. توي قىلغاندىن كېيىن، نېمىشقىدۇر خىجىللىق تارتىدىغان بولۇپ قالدىم. قورسىقىممۇ بۇگۇن تەۋرەشكە باشلىدى.

— رەھمەت خانىبىكەم. مېنى غايەت خۇشال قىلىۋەتتىلە.

بەگيۇسۇپ ئۇنى باغرىغا باستى.

— ئاستا، بالىغا زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن، ئاۋايلىمىسىلا.
— ماقۇل خانىبىكەم، ماقۇل. مېنى بېگىم دېمەي ئەمدى ئاتىسى دەپ چاقىرسىلا، بولامدۇ؟
— بولىدۇ... بولىدۇ ئاتىسى. مېنىمۇ بىكە دەپ كۆككە كۆتۈرمەي ئانىسى، دەپ قەدىرلەشكە سىلىمۇ ماقۇل بولسىلا ئاتىسى.
— ماقۇل ئانىسى، ماقۇل.
— نورۇز بايرىمى كۈنى تاج كىيىش مەرىكىسىگە مېنىمۇ ئېلىپ چىققان بولسىلا. بەكمۇ كۆرگۈم بار، ئاتىسى، — دىلدارىبكە ئۇنىڭ قىرقىما ساقىلىنى سىلىدى.
— ئېلىپ چىقىمەن، نېمىشقا ئېلىپ چىقماي، قىزىم سىلىگە ھەمراھ بولىدۇ. ئەتە بېرىپ قىزىمغا تاپىلاپ قويىمەن.
— ئاھ، بەگيۈسۈپ!... — ئاشۇ قىز ۋاقتىدا چاقىرغادەك نىدا قىلدى...

قىز نىكاھى ئوقۇلغان ئاشۇ كېچىدىمۇ شۇنداق نىدا قىلغانىدى. يەڭگىلەر ئۈچ كىيىمى بىلەنلا ياتقۇزۇپ قويغان دىلدارىبكە بەگيۈسۈپ تۆشەككە كىرگەندە، تويى بولغان ھەممە قىزلاردەك ئىزا ـ نومۇستىن شامال سوققان ياپراقتەك تىترىدى. دەسلەپ چوغدەك قىزارغان مەڭزىگە يىرىك ساقال سانجىلىپ، ئاندىن ئۆرتىلىپ كېتىۋاتقان كۆكسىگە گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرەك تەگدى. ئاجايىپ بىر ئىللىقلىق پۈتۈن تېنىگە تاراپ، ھۇزۇردىن مەست بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. ھېچقاچان ئۇنىڭغا ھايات بۇ كېچىدىكىدەك شېرىن تۇيۇلمىغانىدى. ئۇلارنى سەھەردە ۋىچىرلاپ سايرىغان قارلىغاچ ئويغىتىۋەتكەنىدى...

قانچە ـ قانچە كېچىلەر ئەنە شۇنداق ئۆتتى. خانىبىكە ئېغىر ئاياغ بولدى... بۇ ئارزۇ قىلىپ ئاغزىدىن چىقىرالمىغان سىر بەگيۈسۈپكە ئاخىر مەلۇم بولدى. بۇ كېچىمۇ سۆيگۈ يەنە گۈل ئاچقان كېچە بولدى.

# 3

تەڭرىنىڭ يەنە بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىنىدىن تېخىمۇ روھلىنىپ ئوردىغا بارغان بەگيۇسۇپ بۇگۈن تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئەتىگەندىلا تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بۆرە تېگىننىڭ ئالاھىدە تەكلىپىگە بىنائەن كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەرلەندۈرگىلى چاپارمەن كەلگەچكە، بەگيۇسۇپ ئوردا ئەمەلدارلىرى، خانىش، مەلىكە، شاھزادە، جاندارلار، تۇغچىلار، شادىيانىچىلار، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ۋە پايتەخت ئاھالىسى بىلەن بىللە قارشى ئېلىشقا چىقتى.

ھەپتە ئىلگىرى ئاتۇش مەشھەدكە كېلىپ، ئۇلۇغ بوۋىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىدە قۇرئان تىلاۋەت، خەير – ساخاۋەت قىلغان ئىبراھىم بۆرە تېگىن بۇگۈن كۈن قىيام بولغاندا، مورتۇم كەنتىدە ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ئۈستىگە يولۋاس تېرىسى سېلىنىپ ئالتۇن تۇش ئورنىتىلغان كەركىدانغا مىنىۋالغانىدى. بېشىدا ئالتۇن تاج، ئۇچىسىدا كۇمۇش ساۋۇت ئۈستىدىن كىيگەن شاھانە تون بار ئىدى. ئاقىرىشقا باشلىغان ساقىلى كۆكسىدە يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئالدىدا توققۇز تۇغنى كۆتۈرگەن سەرۋازلار، شادىيانىچىلار، ئارقىسىدا ئالتۇن گۇرزە كۆتۈرگەن ھۆرمەت قاراۋۇللىرى، ۋەزىر – ۋۇزرالار، جاندارلار، ياساۋۇل، سىپاھلار سەپ تۈزگەنىدى. قىزىل پاياندار ئۈستىگە چۈشكەن بۆرە تېگىن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ قىلىچلىرىنى ئالماشتۇرۇشتى. ئوردا ئەربابلىرىدىن ئايرىم – ئايرىم ھال سورىدى.

ئىبراھىم بۆرە تېگىن ئائىلە تاۋابىئاتىنى تولۇق ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار شاھانە ھارۋىدىن چۈشۈپ ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ خانىش، مەلىكە، شاھزادىلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

بەگيۇسۇپ ئىبراھىم بۆرە تېگىنگە ۋە ئۇنىڭ باش ۋەزىرى تاجىلمۇلىك، سەلجۇقىيلار مەملىكىتىنىڭ شاھىنشاھى سۇلتان جەئپەر بەگنىڭ باش ۋەزىرى ھەمدۇلمۇلىك قاتارلىق نامى چىققان كاتتا ئەربابلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈش جاملار بىلەن ئانار شەربىتى، ئالتۇن لېگەندە قەشقەرنىڭ شىرمەننىپىنى تۇتتى. ئۇلار بىر بۇردىدىن ناننى ئاغزىغا سېلىشىپ، شەربەتنى ئىچىشتى. دەبدەبە بىلەن كۈتىۋېلىنغانلىرىغا رەھمەت ئېيتىشتى.

سالام ـ سەھەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان تامغاچ بۇغراخاننى بۇغرا تۆگىگە مىنىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ۋەزىرى تاجىلمۇلىك بىلەن كۆز سوقۇشتۇرۇۋېلىپ:

— خان ئىنىم، ئوردۇكەنتكە كەركىداننى مىنىپ كىرىپ، ئاستانە ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغۇم بار، مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇڭ، — دېدى.

ئۇ مانتا كاۋسىدەك بۇرنىنىڭ ئۇستىدە بۇغرا كانايدەك مۈڭگۈزى بار، يايپاڭ قۇلاق، چارا كۆز، بەھەيۋەت ھايۋانغا كۈمۈش ئۈزەڭگىگە دەسسەپ مىندى.

ناغرا ـ سۇناي، بۇغرا كانايلار ياڭرىدى. توغرۇل قاراخان قەشقەرنىڭ شىمالدىكى زەپەر دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇنى كۈتۈۋېلىپ، ئوردىغا باشلاپ كىردى. تامغاچ بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنى ھەرەمدىكى مەخسۇس سەرەمجانلاشتۇرۇلغان قەسىرگە چۈشۈردى. بىللە كەلگەن سىپاھ، جاندارلارنى جانقورغان تۇراسىغا، دۆلەت ئەربابلىرىنى ئوردا تەكىيىخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى.

قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، ۋىلايەتلىرىنىڭ ئېلىكخان، يابغۇلىرى نەچچە كۈندىن بېرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتاتتى. تۈنۈگۈن مىڭلاق دىيارىنىڭ ئېلىكخانى ۋە قومۇل، ئىدىقۇت دىيارىنىڭ ئارسلانخان ئۇنۋانلىق ئېلىكخانلىرى كەلگەنىدى. بۈگۈن تامغاچ بۇغراخاندىن كېيىن سۇياپ، بارسغان،

تالاس، ئالتاي دىيارلىرىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى كەلدى.

بەگيۇسۇپ ھۇكەر تىكلەشكەندە، سۇلتانبەگ بىلەن ئوردىدىن چىقتى. كېچە غۇر ـ غۇر شاماللىق بولسىمۇ ئاپپاق ئايدىڭ ئىدى. خىيال بىلەن ئۆيگە كېلىپ قالغىنىنى بەگيۇسۇپ بىلمەيلا قالدى.

— چارچاپ كېتىپلا ـ ھە، ئاتىسى، — دىلداربىكە ئېرىنىڭ تونىنى سالدۇرۇپ، سەللىسىنى بېشىدىن ئالدى. قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىپ، خاس ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى. بەگيۇسۇپ ئۆزىنى سېلىقلىق ئورۇنغا تاشلىدى.

— چارچىدىم، ناھايىتى چارچىدىم. بۇگۇن كەلگەنلەر كۆپ بولدى. تامغاچ بۇغراخان باشلىق بۇ مېھمانلارنى توغرۇل قاراخان بەگ تەركىسى ئۆتكۇزۇپ كۇتۇۋالدى. زىياپەت ئادەمنى تېخىمۇ چارچىتىۋەتتى، خانىبىكەم.

— سىلى گېپىنى قىلىپ بەرگەن بۆرە تېگىنىمۇ كەپتۇ ـ دە! ھەي ئىسىت! مەنمۇ چىقسام بوپتىكەن. بىر كۆرگۈم بار ئىدى.

— قىزىم خانىش بىلەن بىللە چىقىپتىكەن، كۆردى. سىلى كېسەل داۋالىمىسام بولمايدۇ، دەپ قالغانىدىلە. كېسەل كۆپ كەلدىمۇ؟

— ھەئە. پەسىل ئالماشقانلىقتىنمۇ، جاڭداپ[1] قالغانلار، ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانلار، كۆك يۆتەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. قانداق كەچ كىرىپ كەتكىنىنى بىلمەي قاپتىمەن، بېگىم. ئانچە چارچاپ كەتمىدىم. ئەمما، يوللىرىغا تولا قاراپ بەك ئەنسىرەپ كەتتىم. ئەتە بۇنداق ۋاقىچە قالمىسىلا، بولامدۇ؟

— ئەتە يەنە كېلىدىغانلار بار، خانىبىكەم. قوشنا ئەللەرنىڭ مۇبارەكلەشكە كېلىدىغان يالۋاچلىرىمۇ تېخى كېلىپ بولالمىدى.

— ئۆگۈنلۈككە نورۇز بايرىمى، تاج كىيدۇرىدىغان كۈن.

---

① جاڭداپ قېلىش — زۇكامداش.

تەييارلىق قىلىش، مېھمان كۈتۈش بىلەن بەند بولۇپ ئارام ئالالمايدىغان بولدىلا. ئاغرىپ قالمىسىلا بولاتتى، ئاتىسى. ھەرقاچان تاماق يېمەيلا، چاي دەملەپ بېرەي، — دىلدارىكە چاي دەملەپ كىردى. قىزىلگۈل، ياپۇز، رەيھاننىڭ قۇرۇتۇلغان يوپۇرماقلىرىدىن راسلانغان چاي زەپە سېلىپ دەملىگەچكە، ئۇنىڭ خۇشبۇيى ئۆينى بىر ئالدى. ئۇ بەگيۈسۈپكە «مەجۇنى ھەببى شىپا»دىن بىر كۇمىلاچ يېگۈزۈپ ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ پىيالە چاي بەردى. ئۇ چاينى ئىچىپ، تېنى شامالدەك يەڭگىللەپ كۆڭلى يايراپ قالدى.

— بالىمىز قانداقراق، يەنە تېپچەكلەۋاتامدۇ؟ — ئۇ دىلدارىكەگە مېھرى بىلەن باقتى.

— ئەتىگەندىن بېرى جىم ئىدى. سىلى كەلگەندىن كېيىن توختىماي پۇت ئېتىپ شوخلۇق قىلغىلى تۇردى.

— ئاۋايلىسىلا ئانىسى. كۆپرەك دەم ئېلىپ بالىنى ئاسرىسىلا، — بەگيۈسۈپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتقان دىلدارىكەدىن مەمنۇن بولدى، — ئەزىزىم، سىلى بولمىسىلا قانداق قىلاتتىم - ھە! ھېرىپ چارچىغىنىمچە يېتىۋالاتتىم.

— سىلى بولمىسىلا مەنمۇ ئۆمۈرۋايەت بەختسىز تۇل بولۇپ قالاتتىم. خۇدايىم تەلىيىمگە يەتكۈزۈپ، قارا چاچلىرىمغا سىلىنى باغلاپ قويدى. ئەمدى مەنسىز ياشىيالمايلا، — دىلدارىكە ئۇنىڭغا يەنە چاي قۇيۇپ بەردى.

— راست دېدىلە، خانىكەم. سىلى مېنىڭ جېنىم، — بەگيۈسۈپ كۆز ئالدىغا ئاقبېرانى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قارا چاچلىرىنى سىلىدى، — قىزىم بۇۋىئايىشەمۇ سىلىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

— ئەجەب يادىمغا سالدىلا. تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىغا مېنىڭمۇ بارىدىغانلىقىمنى قىزىمىزغا ئېيتتىلىمۇ ئاتىسى؟

— ئېيتتىم. ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەن كېلىپ، نورۇز ئېشىنى مۇشۇ يەردە ئىچىدىغان بولدى.

ئۇلار سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ باش توخۇ چىللىغاننى تۇيماي قالدى.
ئەتىسى بەگيۇسۇپلەر كۈتۈۋالغان بىرىنچى مېھمان — مەلىكە ئادىرا تۇركەن خاتۇن بولدى. يۈز ئۈچ ياشقا كىرگەن بۇ پېشۋا بالا، نەۋرە - چەۋرىلىرى، شەيخلىرى بىلەن كەلگەنىدى. بۇغراخان جەمەتىنىڭ چوڭ - كىچىك غوجام - خېنىملىرى كۈتۈۋېلىشقا چىقتى. بەگيۇسۇپ دىلدارىبىكەنى چاقىرتىپ كېلىپ، بۇۋىئايىشەگە قوشۇپ قويدى. ئۇ ئەگىز سۇيى بىلەن توشۇپ دولقۇنلاپ ئاققان قىزىل دەرياسىدىن ئۆتۈپلا، كېلىۋاتقان بىر توپ ئەر - ئاياللىنى كۆردى. ئەڭ ئالدىدا ئىككى ئات قوشقان مەپە كېلىۋاتاتتى. تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بۆرە تېگىن ھەممىدىن بۇرۇن ئاتتىن چۈشۈپ مەپە ئالدىغا باردى. پەردىنى قايرىپ سالام بەردى.
— جەمەتىمىزنىڭ دۇئاگۇي پېشۋاسى بۇزرۇكۋار ئانا، ئامان - ئېسەن تۇردىلىمۇ؟ — ئۇ تىزلاندى.
مەلىكە ئانا ئېگىشىپ ئۇزاق تەلمۈردى. ياغاق قوللىرىنى سوزدى.
— بۇ سەنمۇ - ھە بۆرەم! تونۇدۇم. ناھايىتى بەھەيۋەت بولۇپ كېتىپسەن. كۆزلىرىمگە ئىشىنەلمەيۋاتىمەن. بۇ قۇتلۇق مەرىكىگە سەنمۇ كېلىپسەن - دە، بالام؟
— كەلدىم، بۇزرۇكۋارىم. تاج كىيدۇرۇش مۇراسىمىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ھەزرەتلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ئۈچۈن باللىرىمنى ئېلىپ كەلدىم.
— رەھمەت، بالام. سەن بۇغرا قاراخان بولغان بولساڭ مەملىكىتىمىز نەچچىگە بۆلۈنۈپ كەتمەيتتى. بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىز جېنىدىن ئايرىلمايتتى. خەيرىيەت، پاجىئە ئۆتۈپ كەتتى. كەلگىنىڭدىن ئالەمچە خۇش بولدۇم. بەلكىم بۇ ئاخىرقى دىدار كۆرۈشۈش بولۇپ قالار...
ئۇ سالام بەرگەن بەگيۇسۇپنى تونۇپ، ئۇنىڭدىن رازى ۋە

مىننەتدار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. باشقىلارغا سالامدىن باشقا سۆز قىلمىدى. ئوردا دەرۋازىسىغا چىقىپ تۇرغان توغرۇل قاراخانمۇ ئۇنىڭغا تىزلىنىپ سالام بەردى. ھەرەم قەسرىگە چۈشۈردى.

ئادىرا تۈركەن خاتۇن بىلەن كەلگەنلەر ئىچىدە چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ، سالاپەتلىك شەيخ بولۇپ قالغان قىيات بوۋايمۇ بار ئىدى. ئۇ قۇمارىبىكەنىڭ سۈيىقەستى ئاشكارىلىنىپ، زىندانغا تاشلانغىنىنى ئاڭلاپ، بۇ زەھەرخەندە ئالۋاستىنىڭ جازاغا تارتىلغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئۇ بەگيۈسۈپ بىلەن يىغلاپ كۆرۈشتى. ئۇمۇ تەكىيىخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۇلاردىن كېيىن بەگيۈسۈپ باغدات خەلىپىسىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئارقىدىنلا غەزنەۋى، سەلجۇق، رىم، ۋىزانتىيە[1]، مىسىر قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. بۇلارنى تەكىيىخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا ئۇنى چاقىرغىلى ئۆيدىن ئادەم كەلدى.

— بۆگۈ بىلگە ھەزرەتلىرى، قۇزئوردۇدىن مېھمان كەلدى، — دېدى خىزمەتكار.

— كەلگەن كىملەر ئىكەن؟

— ھەزرەتلىرىنىڭ ئوغۇللىرى، ئەبۇ يۈتوھ مەخدۇم ئاتلىق بوغۇغ، ئاشانبۇقا ئاتلىق بوۋاي، ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرى.

بەگيۈسۈپ ئوردىنى زىننەتلەشكە قاتنىشىۋاتقان سۇلتانبەگكە «قارا بويۇننى ئېلىپ كەل» دەپ بۇيرۇدى.

ئۇ ئالدىراپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، ھەممەيلەن ئىشىككە قاراپ پېشايۋاندا ئولتۇرۇشاتتى. ئاۋۋال ئۇستازى ھەم قېيىنئاتىسى بولغان ئەبۇ يۈتوھ مەخدۇم، قېيىنئانىسى ھاۋاخان قۇشناچىم بىلەن كۆرۈشۈپ ھال سوراشتى. ئاندىن غولاچ يېيىپ

---

[1] ۋىزانتىيە — شەرقىي رۇم (تۈركىيە).

كەلگەن ئاشانبۇقا بىلەن قوچاقلاشتى. بوۋاينىڭ قاش ـ كىرپىكلىرىمۇ ئاقىرىپ دومچىيىپ قالغانىدى. يىغىدىن يەنە بەش چىش چىقىپ، ھەممە چىشى توققۇزغا يەتكەنىدى.

بەگيۇسۇپ ئوغلى بەگتۇرمىشنى باغرىغا باسقاندا، ئاشانبۇقا سۇلتانبەگكە قوچاق ئاچتى. قامەتلىك بولۇپ كەتكەن بۇ ئىككى يىگىت ئاتىلىرىنىڭ سۆيۈشكە پېشانىلىرىنى توتۇپ بەردى.

دىلداربىكە ئاياللارنى ئىچكىرى ھويلىنىڭ مېھمانخانىسىغا، بەگيۇسۇپ ئەرلەرنى تاشقىرى ھويلىنىڭ ساراي ئۆيىگە باشلىدى. بوۋىسى بەگبۇقانىڭ بالاساغۇندىكى ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن قىلىچ، ساۋۇت، قالقىنى، بەگتۆمۈرنىڭ سالۋار تۇمىقى، قامچىسى، رەيھانىدىننىڭ سەللە ـ تونلىرى تەۋەررۇك سۈپىتىدە ساراي تېمىنىڭ ئاسقۇلىرىغا ئېسىپ قويۇلغانىدى.

بەگيۇسۇپ ئۇلارغا چاي سۇنۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

— تەڭرىنىڭ ئەقىللىك بەندىسى بولغان ئىنسان بۇ دۇنيادا ھەمىشە دىدار كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ ياشايدۇ. بۇ ئارزۇيىمىزغا يەتكۈزۈپ، بۇ يەردە جەم قىلغان تەڭرىگە شۈكۈر. تارتىنماي، قورۇنماي ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇشقاندەك بەھۇزۇر ئارام ئېلىشسىلا. پېقىر ئوردىغا بېرىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم. كۆڭۈللىرىگە ئېلىشمىسىلا، — ئۇ ئۆزرە ئېيتىپ ئورنىدىن قوپتى.

— بارسىلا بالام، بارسىلا. سىلىنى كۆپ ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدۇ. كەچقۇرۇن يەنە كۆرۈشىمىز ئەمەسمۇ. دۆلەت ئىشى ئاقساپ قالسا بولمايدۇ، — دېيىشتى ئاشانبۇقا بىلەن ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم.

## 4

بەگيۇسۇپ ئوغلى بەگتۇرمىشنى ئېلىپ ئوردىغا كەتكەنچە قاق

سەھەردە كېلىپلا غۇسۇل قىلدى. كىيىم يەڭگۈشلىدى. ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمنىڭ ئىمامىلىقىدا ناماز بامداتنى ئوقۇۋېلىشتى. ئەتىگەندە كەلگەن بەگتاش جالالىدىن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

دىلدارىبىكە كىچىچە ئۇخلىماي مېھمانلارنى كۈتۈپ، چوڭ قازاندا كۆجە قاينىتىپ، تونۇردا گۆشگىردە پىشۇرغانىدى. بۇۋىئايىشەمۇ بالىلىرى بىلەن كېلىپ كۆكلەم ئىشىغا داخىل بولدى.

بويىنىدىق تاقاپ، قايرىما ياقىلىق كەمزۇل ئۇستىدىن يوللۇق بەقەسەم تون كىيگەن بەگتۇرمىش، سۇلتانبەگلەر بېلىگە قىلىچ ئېسىۋالغانىدى. مىسىر شايىسىدىن تىكىلگەن تون كىيىپ، بادام بۆككە يېشىل شايە سەللە ئوراپ، كۈمۈش ئوتۇغات قىستۇرۇۋالغان بەگيۇسۇپ، قېيىنئاتىسى، ئاشانبۇقالارنىڭ يېڭى ئۇستباش كىيىشىپ، ئۆزىدەك خەنجەر تاقىۋالغىنىغا دىققەت قىلدى. يېپيېڭى كىيىم كىيگەن جانپىدا غوجامۇ خەنجەر ئېسىۋالغانىدى.

ئوسما قويۇپ، خېنە يېقىپ، سۈرمە تارتقان ئاياللار پۈزۈر ياسىنىپ ئايۋانغا چىقىشتى.

بىر - بىرىنىڭ نورۇز بايرىمىنى قۇتلۇقلاپ بولۇشقاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئوردا ئالدىدىكى كاتتا مەيدانغا كېلىشتى.

بەگيۇسۇپ ئوغلى بىلەن سۇلتانبەگنى ئېلىپ ئوردىغا كىرىپ كەتتى. مەھەللە - مەھەللىدىن سەپ تارتىپ كەلگەن ئاۋام مەيدانغا پاتماي قالدى. كۆل بويىغا ئېسىلغان ئون توققۇز داشتا كۆجە قايناۋاتاتتى.

پەشتاقتا ناغرا - سۇناي، بۇرغا - كاناي چېلىندى. ئوردىدىن چىقىپ كەلگەن ئاق ئاتلىق سىپاھلار ئوڭ تەرەپتە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىققان قارا ئاتلىق سىپاھلار سول تەرەپتە سەپراس بولدى. بۇرغا - كاناي، ناغرا - سۇنايلىرىنى چېلىپ چىققان بەقەسەم تونلۇق شادىيانچىلار بەش غۇلاچ ئېگىزلىكتە كۆركەم ياسالغان گۈمبەز شەكلىدىكى مۇنبەرنىڭ ئارقىسىغا تىزىلدى.

ئالتۇن گۈرزە كۆتۈرگەن توقسان توققۇز ھۆرمەت قاراۋۇلى چىقىپ مۇنبەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، كۈمۈش ساپلىق نەيزە تۇتقان توقسان توققۇز ھۆرمەت قاراۋۇلى چىقىپ، مۇنبەرنىڭ سول تەرىپىدە تۇردى. يەلپۈنۈپ تۇرغان توققۇز قىزىل تۇغنى كۆتۈرگەن تۇغچىلار مۇنبەر ئالدىدا ئاۋامنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە تارتتى.

ئالتۇن توقا ئورنىتىلغان ئىككى بۇغرا تۆگە ئېلىپ كېلىنىپ، مۇنبەر يېنىدا تۇرغۇزۇپ قويۇلدى.

ئالاھىدە نەقىشلەنگەن ئالتۇن تاج، شاھانە تون كىيگەن توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان، ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردىدىن چىقىپ، مۇنبەر ئۈستىدە ئاۋامغا نەزەر تاشلىدى. ئارقىسىدا تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بۆرە تېگىن بىلەن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بار ئىدى.

مەلىكە ئادىرا تۈركەن خاتۇن باشلىق قاراخانىيلار جەمەتىنىڭ چوڭ ـ كىچىك شاھزادىلىرى، خانىش، مەلىكىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇردى. تۈركەن خاتۇنغا يۆلەنچۈكلۈك كۇرس قويۇپ بەردى.

ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان مەيدان ئىمتاس بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نەپەس ئېلىشلىرىلا ئاڭلىناتتى. مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى كۆلگە مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ كۆلەڭگىسى چۈشۈپ ئاجايىپ بىر مەنزىرە پەيدا بولغانىدى.

شەيخۇلئىسلامنىڭ ئىشارىتى بىلەن ھاجىپلار سېپىدە تۇرغان بەگيۇسۇپ ئالدىغا چىقىپ ئۈچ دىۋانى ئالى[1]نىڭ قارارىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئاللاھۇئەكبەر! ھەمدۇسانا، ئىكرام ـ ھۆرمەت تەڭرىگە بولسۇن. ئادالەت، شەپقەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى، پەزىلەت ـ خىسلەتنى نامايان قىلغۇچى ئىجاتكار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ

① دىۋانى ئارىز، دىۋانى ھاجىپ، دىۋانى توغرائى.

ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى ئۇلۇغلاپ، ساداقەت، شىجائەتنىڭ ئۈلگىلىرى بولغان ئۇنىڭ تۆت بۇرادىرىگە دۇئا ۋە سالام يوللاپ، ئۇلار سالغان ئىز بىلەن ئاداشماي ماڭىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ، تەنتەنە بىلەن مەملىكەت خەلقىگە جاكارلايمىزكى، قاراخانىيلار جەمەتىنىڭ ساھىبقىرانى، توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان بىننى يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنى قاراخانىيلار ئېلىنىڭ خاقانلىقىغا (بۇغرا قاراخانلىقىغا)، قاراخانىيلار جەمەتىنىڭ مەردۇمەيدانى، غازى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلانخاننى ئوردۇكەنت دىيارىنىڭ بۇغراخانلىقىغا تەيىنلەپ ئۇشبۇ قارارى ئالىي پۈتۈلدى.

دىۋانى ھاجىب، دىۋانى ئارىز، دىۋانى توغرائى.

ھىجرىيە 451 ـ يىلى رەبىيەل ئەۋۋالنىڭ 13 ـ كۈنى①»

ئۈچ ئالىي دىۋاننىڭ قارارىنى ئوقۇپ بولغان بەگيۇسۇپ ئاۋامغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەزىز قېرىنداشلىرىم قۇتلۇقلىغايسىلەر!

خالايىق بىردىن دەۋرەپ چۇقان سالدى:

— توغرۇل قاراخان ھەزرەتلىرىنىڭ بۇغرا قاراخان بولغىنىغا مۇبارەك!

— ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئالىيلىرىنىڭ بۇغراخان بولغىنىغا مۇبارەك!

— قۇتلۇقلايمىز... قۇتلۇقلايمىز!

بۇغرا قاراخان بىلەن بۇغراخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ كۆپچىلىككە ئېھتىرام بىلدۈردى. ئاۋام ئاستا ـ ئاستا تىنچلاندى.

بەگيۇسۇپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى شاھىنشاھلىرىمىزغا تاج

① مىلادىيە 1059 ـ يىلى 3 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

كېيدۇرىدۇ ! ــ دەپ ئېلان قىلدى.
ئاپپاق يىپەك پۈركەنجىگە ئورىنىپ، يۈزىگە قارا چۈمبەل تارتقان مەلىكە ئادىرا تۈركەن خاتۇن كۈمۈش پەتنۇسقا ئېلىپ سۇنغان ئىككى ئالتۇن تاجنى قوش قوللاپ ئالغان نۇرىدىن داموللا مەخدۇم ھاجى تەكبىر ئېيتىپ تۇرۇپ، بەش گۆھەر كۆز قويۇلغان تاجنى توغرۇل قاراخانغا، ئۈچ گۆھەر كۆز قويۇلغان تاجنى ھەسەن ئارسلانخانغا كىيدۈردى. ئاۋام دەۋرەپ:
ــ مۇبارەك بولسۇن ! مۇبارەك بولسۇن ! بۇغرا قاراخانىمىز ئامان بولسۇن ! بۇغراخانىمىز ئامان بولسۇن ! ــ دەپ تۇۋلاشتى. شادىيانە ئاۋازى پەلەكنى قۇچتى.
ــ بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى بىلەن بۇغراخان ئالىيلىرى مەملىكەت ئەھلىگە قەسەم بېرىدۇ، ــ دەپ ئېلان قىلدى بەگيۇسۇپ.
ئاۋام جىممىدە قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلدى.
ئوڭ قولىدا «قۇرئان كەرىم»نى، سول قولىدا يالىڭاچلانغان كۈمۈش سايلىق قىلىچنى تۇتقان مەھمۇد ئارسلانخان كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن قەسەمياد قىلدى:
ــ بىر ئاللاغا سېغىنىپ شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن.
ئايغۇچى، كۆيۈنگۈچى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.
قەسەم بىللاكى، ئاللاتائالا پىقىر قۇلىغا ئىشىنىپ تاپشۇرغان قاراخانىيلار مەملىكىتىنى ئادالەت بىلەن گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جانىم پىدادۇر. ھەققانىيەتنى قوغداپ، مۆمىن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا ئاسايىشلىق بەخش ئەتكەيمەن. ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز، يىگىرمە تۈت قەبىلە ئەھلىنىڭ ئىناق ـ ئىجىل بولۇپ، ھۆر، ئەركىن ياشىشى ئۈچۈن كەڭتاشا شارائىت يارىتىش كويىدا، چەككەن جاپا ـ رىيازەتنى سائادىتىم دەپ بىلىمەن. ئاۋامغا، مەملىكىتىمگە دۈشمەنلىك قىلغان قارا نىيەت، سۇيىقەستچى، ئاسىي مۇناپىقلارغا رەھىمسىز، ۋەتەنداش،

يۇرتداش، قېرىنداش، دوستلىرىمغا غەمخار، شەپقەتلىك بولۇش تۇتقان يولۇمكى، ئۆزگەرمەستۇر. ئىقسىن سۇ ۋە تەردىن يەر، ئادالەتتىمدىن ئەر كۆكەرمىسە بۇ دۇنيادا قارا يۈز، شەرمەندە بولۇپ تەختىمدىن يۈز تۆۋەن چۈشكەيمەن. ئۇ دۇنيادا دوزاخقا تاشلانغايمەن. ئاللاھۇئەكبەر !

— ئاللاھۇئەكبەر ! — تەكبىر ئېيتتى خالايىق.

ئاندىن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بىر قولىدا «قۇرئان كەرىم»نى، بىر قولىدا قىلىچنى كۆتۈرگەن ھالدا قەسەمياد قىلدى:

— ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ماختاش - ماختىنىش ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىر ئاللاغا خاستۇر. قەسەم بىللاكى، ئاللاھى تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئەھلى ۋەتەن دۈشمەنلىرىگە شەپقەتسىز، ئەھلى ۋەتەن دوستلىرىغا رەھىمدىل بولۇپ ئادالەتنى جارى قىلىمەن. خەلق بەختىنى — بەختىم، خەلق غېمىنى — غېمىم بىلىپ، ئىلىم ئەھلىنى دوست تۇتۇپ، ۋەتىنىمنى قۇدرەت تاپتۇرىمەن. جىمى ھېكمەتنىڭ ئىگىسى ئاللا ئىگەم ماڭا تاپشۇرغان بۇ ئەلۋەك كاتتا ديارنى ياشنىتىپ مەرىپەت بېغىغا ئايلاندۇرغايمەن. مۇبادا بۇ ئەھدىمدە تۇرماي، ئەلگە زۇلۇم، دۈشمەنگە كۈلكە قىلسام، ئاللا ئىگەم مېنى تاجۇتەختىم بىلەن گۇمران قىلسۇن. ئاللاھۇئەكبەر!

— پۈتۈن ئالەمنىڭ ئادىل پادىشاھى بولغان ئاللا توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر !

— بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان ھەزرەتلىرىگە ئاللانىڭ رەھمىتى بولسۇن !

— بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئالىيلىرىغا ئاللا مەدەتكار بولسۇن ! — دەپ چۇقان سالدى خالايىق دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ.

بۇغرا - كاناي، ناغرا - سۇناي ساداسى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ،

ئاسمان ـ زېمىن لەرزىگە كەلدى.

شەيخۇلئىسلام بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخاننى، بەگيۇسۇپ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننى بۇغرا تۆگىگە مىندۈردى. چۇلۇۋۇرىدىن يېتىلەپ ئاۋام ئارىسىدا ئايلاندۇردى. يەنە مۇنبەر ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ تۆگىلەرنى چۆكتۈردى. بۇغرا قاراخان بىلەن بۇغراخان مۇنبەرگە چىقتى. ئادىرا تۈركەن خاتۇننى ئىككى ياندىن يۆلەپ، پەي ياستۇقلار قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۆزلىرى يارىلداپ تۇرغان تەختكە چىقىشتى. ئالتۇن تاجلىرى كۆكلەم قۇياشىنىڭ نۇرىدا پارقىراپ كەتتى.

شەيخۇلئىسلام، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلارمۇ مۇنبەردىن ئورۇن ئېلىشتى.

ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان شەيخۇلئىسلام بىلەن ھاجىپ بەگيۇسۇپنى، ئالىملار سېپىدىكى ھۆسىيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ بىلەن مۇھەممەد بىننى ئەل كاشغەرىينى تەخت يېنىغا قويۇلغان كۇرسىلارغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

كۈمۈش ھېجىرلارغا ئۇسۇلغان مەززىلىك كۆجە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ئەسىرلەردىن بېرى ئادەت بولۇپ كەلگەن يوسۇن بويىچە بۇغرا قاراخان ئالتۇن تاۋاقتا ئۇسۇلغان كۆجىگە ئېغىز تېگىپ بەردى. ئاندىن بۇغراخان، بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلار ئېغىز تەگدى. ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ھاجىپلار، ئوردا خىزمەتچىلىرى تاۋاق ـ ھېجىرلارغا ئۇسۇلغان كۆجىنى ئاۋامغا يەتكۈزدى. ئون توققۇز داش قازاندىكى كۆجە بىردەمدىلا تۈگىدى. ئاۋامنىڭ ئالدى ئۈچ قوشۇق، كەينىدىكىلىرى بىر قوشۇقتىن ئىچىشتى. قۇتلۇق نورۇز ئېشىغا ئېغىز تەگمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى.

قاچىلار قويۇلۇپ، داستىخان يىغىلدى. مەلىكە ئادىرا تۈركەن خاتۇن دۇئا بەردى:

— ئى، يەرۇئاسماننى بىنا قىلغان، كۈللى مەخلۇقاتنى ياراتقان، ئادەمنى پىكىر قىلمىش، سۆزلەش ئىقتىدارىغا ئىگە

قىلغان ئۇلۇغ تەڭرىم! بۈگۈن تاللانغان ئىككى بەندەڭ تەختتە ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كامىل، ئىرادىسىنى مۇستەھكەم قىلغىن. ئىشلىرىغا نۇسرەت، داستىخىنىغا بەرىكەت بەرگىن. ئەقلىنى بىلىم بىلەن كامال تاپتۇرغىنىكى، ھەممە چارە ـ تەدبىرلىرى ئاۋام خەلققە پايدىلىق بولسۇن، زىيانلىق بولمىسۇن. ئادالەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەلگە خاتىرجەملىك بەخش ئەتسۇن، قارا نىيەت ئاسىيلارغا، ياۋۇز دۈشمەنلەرگە دەھشەت سالسۇن. قۇتلۇق نورۇز ئەھلىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، باھادىر شاھلىرىمىزنىڭ تەختى مۇستەھكەم، مەملىكىتى ئاۋات بولسۇن... ئامىن!

— ئامىن! — نورۇز ئەھلىنىڭ بوراندەك گۈرۈلدىگەن ئاۋازى پەلەكنى قۇچتى.

بۇ دەبدەبىلىك كاتتا سورۇنغا قاتناشقىنىدىن سۆيۈنۈپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ئاشانىبۇقا: «ئەجەب، ئالۋاستى قۇمارىبىكەنى جازالىمىدىغۇ؟ بۇ تۇغرۇلۇق خاقانلار زۇۋان سۈرۈشمىدىغۇ...» دەپ ئويلاپ ئىچى تىتىلداپ قالدى.

قۇمارىبىكەنىڭ جازالانغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن ئوردام[1]دىن كەلگەن شەيخ قىيات بۇۋايمۇ: «قۇمارىبىكە جازالانمىسا كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ. ئوردىغا كىرىپ بۇغرا قاراخانغا دادلايمەن» دەپ، بەگيۇسۇپتىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن مۇنبەرگە قاراپ ماڭدى.

كۆكلەم قۇياشىنىڭ ھال رەڭ شولىسى، نورۇز ئەھلىنىڭ ھاياجانلىق كۆزلىرىدە چاقناپ، تىنىق كۆل يۈزىدە ئالا ـ بۇلا شولىلارنى پەيدا قىلدى. يەردىن كۆتۈرۈلگەن كەپتەرلەرگە ئېسىلغان غوڭ قاپاقنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى، ئىسسىق ياقلاردىن كەلگەن تۇرنا ـ غازلارنىڭ ساداسىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

---

① ئوردام — يېڭىسار دىكى سېيىت ئەلى ئارسلانخان دەپنە قىلىنغان قۇملۇق.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ئادىل جازا

### 1

ئۆتكەن يىل قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك، ئەنسىزلىك، باج ـ سېلىق دەستىدىن باھار، يازدىمۇ تاقىلىپ قالغان دۇكان ـ سارايلار بۇ يىل زىمىستاننىڭ قارا سوغۇقىدىمۇ ئېچىلغانىدى. ئەتىياز كېلىشى بىلەن تەڭ سودا تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. غەربتە رۇم، مىسىر، باغدات، سەمەرقەنت، بۇخارا، شەرقتە چاڭئەن، لوياڭ، قومۇل، ئىدىقۇتلاردىن سودا كارۋانلىرى يەنە كېلىشكە باشلىغانىدى. توختاپ قالغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بۇ كارۋانلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشى بازارنى ئاۋات قىلىۋەتتى.

چاڭئەندە تۇرۇپ قالغان بەگتاش جىبىلىلىنىڭ كارۋىنى قارلىغاچ بىلەن تەڭلا قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ گەزمال سارىيىغا چۈشتى. تاي ـ تاي ماللار بىلەن ئامبارلارنى توشتۇرۇۋەتتى. ئېلىپ كەلگەن قۇللار يول ئازابىدىن ئاجىزلاپ كەتكەچكە، ئەسلىگە كېلىشۋېلىشى ئۈچۈن، قورغاندىكى شاپتۇللۇق بېغىغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى كۈتۈشكە مەخسۇس خادىملارنى قويدى. قۇللارنىڭ ھەممىسى ئون تۆت ياشتىن يىگىرمە ياشقىچە بولغان قىزلار ئىدى.

بەگتاش جىبىلىلىنىڭ ماللىرى ئىچىدە چاڭئەننىڭ تاۋار ـ دۇردۇنلىرى، فارفور قاچىلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. بولۇپمۇ قۇندۇز چاچلىق، شەھلا كۆزلۈك قىزلار گۈزەل

روخسارى، ناز ـ كەرەشمىسى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنى مەپتۇن قىلىۋالاتتى. ئۇلار ئوبدان كۆتۈلگەچكە، ئەسلىگە كېلىشى ئويلىغاندىن تېزرەك بولدى. ئەمما، بەگتاش جىلىلىنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى. ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكىنى، ئىلىم ـ بىرىم ھېساباتىنى ساختىلاشتۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا سودا سارايلىرىنى ئاچقانلىقى، باج تاپشۇرماي، زاكات بەرمەي، ھارامدىن بايلىق توپلىغانلىقى ئۇنى نېمىشقا بىئارام قىلمىسۇن؟ «ئېشەكنى تەقسىر دېسە ئوقۇرىغا چىچىپتۇ» دېگەندەك نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ چاڭئەنگە بېرىۋالغىنىنى ئويلىسا يۈزى چىمىلدايتتى. ئەمدى خىجىل بولۇۋاتاتتى. ئۇ يەردە سودىسى يۈرۈشۈپ، ئېلىپ بارغان خام يىپەك، كېپەك ئالتۇن، پاختا، خوتەن، سەمەرقەنتنىڭ شايى ـ ئەتلەس، گىلەملىرى، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، قاشتاشلىرىنى نەچچە ھەسسە پايدىسىغا سېتىپ، ئېبسىل، ئەمما ئەرزان كىمخاب، تەتىللا تاۋار ـ دۇردۇنلارنى، چىنە ـ تەخسىلەرنى كۆپلەپ ئېلىپ قايتىپ كەلگەنىدى. بۇلار ئىچىدە سوۋغاتلىرىمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كۆپ ھەم قىممەت باھالىق ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئاكىسى، سىڭلىسىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى، كۆيۈمچان كۆرۈنۈپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشمەكچى بولۇپ، كېلىپلا مەجبۇري يامانلىتىپ كەتكۈزۈۋەتكەن چوڭ خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇنىڭ سەۋەبسىز تاشلىۋېتىپ سەپەرگە كەتكىنىدىن باغرى قان بولغان بۇ ئايال كۆتمىگەن سوۋغات بىلەن كەلگەن ئېرىنى يېشىنى سۈرتۈپ ئوچۇق چىرايى بىلەن كۈتۈۋالدى. قېيىنئاتا، قېيىنئانىنىڭ كۆڭلىدىكى غۇم شۇنىڭ بىلەن تارقىلىپ كەتتى. ئۇلار خۇش بولۇشۇپ، تالاق قىلىنغان قىزىنى قايتا نىكاھلاپ ئۇنىڭغا قوشۇپ قويدى.

چوڭ خوتۇنىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىۋېلىپ، ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا يول ئاچقان بەگتاش جىلىل ئۈچ تۆگىگە سوۋغاتلارنى يۈكلەپ، قەدىم جايغا كەلدى.

خىزمەتچىلىرىگە يۈكنى چۈشۈرتۈپ، ھويلىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ بارغىنىچە تىزلىنىپ، پېشايۋاندا دۇئا قىلىپ ئولتۇرغان بەگتاش جالالىدىنغا سالام بېرىپ:

— پەدەر بۇزرۇكۋارىم، ئەقىلسىز ئوغۇللىرى ئەپۇ سوراپ كەلدىم. پېقىرنى جازالىسىلىمۇ، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، — دېدى ئۇ شايى تونىنىڭ پېشىنى بۆسە قىلىپ.

— ئاخىر كېلىپسەن - ھە ! ئوغلۇم، قەيەرگە چۈشتۈڭ؟ — سورىدى ئاتا.

— ئۆز ئۆيۈمگە.

— نەچچە ئۆيى بار، دەپ ئاڭلىۋىدىم، قايسىسىغا؟

— ئۆزلىرى ياستىپ بەرگەن چاسىدىكى ئۆيگە.

— كېلىنىمىزنى كەتكۈزۈۋېتىپتۇ، دەپ ئىشىتۋىدىمغۇ؟

— كېلىپلا ياندۇرۇپ كەلدىم. ئۆزلىرىنى ئاپىرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزۇپ نەسھەتلىرىنى ئاڭلىغۇم بار.

بەگتاش جېلىل ئاتىسىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرپىگە يۆكۈندى.

— ئوبدان قىلىپسەن ئوغلۇم. كېلىنىم يېقىن بۇرادىرىمنىڭ قىزى ئەمەسمۇ، تالاق قىلىۋەتكىنىڭنى ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولغانىدىم. خەيرىيەت، سەن كەتكەن بىر يىلدىن بېرى ئوردۇكەنتتە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئاڭلىغانسەن؟

— ئاڭلىدىم، پەدەر بۇزرۇكۋارىم. ئۆزلىرىمۇ ساقىيىپ قاپلا. ئاپام تۈگەپ كېتىپ داغدا قاپتىمەن. ئىسىت - ئىسىت !...

— ئاپاڭ تۈگەپ كەتتى. ھىم، قېرىنداشلىرىڭ ئاللا پاناھىدا ھالال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، — بەگتاش جالالىدىن ئۇنىڭغا تەگكۈزۈپ تەنە قىلدى. بەگتاش جېلىل قىزىرىپ كېتىپ:

— پېقىر ئوغۇللىرى بۇ يەردە بولالمىسامۇ، ئاسىي مۇناپىقلارنىڭ زىندانىغا تاشلىنىپ،، ئاۋام خەلقنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىدىن سۆيۈندۇم. كېتىپ قالغىنىمدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم، ئاتا. ئابامنىڭ ۋاپاتى مېنى ھەسرەتتە

قويدى.

— شۇنداق بالام. خەيرلىك پەيتتە كەلدىڭ، خاقانلارنىڭ تاج كىيگىنىنى كۆرەلمىگەن بولساڭمۇ لەنىتى قارا نىيەت ئاسىيلارنىڭ جازالانغىنىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرىدىغان بولدۇڭ. ھە، ئاكاڭ چىقتى، كۆرۈشكىن ئوغلۇم.

بەگتاش جېلىل ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىچكىرى ھويلىدىن ئالدىراپ چىقىۋاتقان بەگتاش خېلىلغا سالام بېرىپ، ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. كۆزىگە ياش ئالغان ئاكا ئۈن چىقماي بېشىنى سىلاپ تۇردى.

— ئاكا، مېھرىبانىم ئاكا، بەك ئوبدان تۇرۇپىلا. پېقىر ئىنىلىرى بۇنىڭدىن خۇشالمەن. مېنى كەچۈرسىلە، — دېدى بەگتاش جېلىل.

بەگتاش خېلىل ئېگىلىپ تۇرغان ئىنىسىنىڭ پېشانىسىگە نوقۇدى.

— كەلگىنىڭ ياخشى بولدى، ئۇكام. ئاللادىن دىدارىڭنى تىلەپ كېچە - كۈندۈز دۇئا قىلغانىدۇق. بىراق، ئاپام سەن بىلەن ۋىدالىشالماي ئىشىككە قارىغىنىچە جان ئۈزۈپ كەتتى.

— مەن ئىنسابىڭنى تىلىدىم، ئوغلۇم. خۇدايىم ئىنسابسىز بالىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، — بەگتاش جالالىدىن ئاقارغان ساقىلىنى سىقىملاپ قويدى، — ئۆمرۈم يەنە بار ئىكەن. خۇدا مېنى گۆر ئاغزىدىن ياندۇرۇپ كەلدى. ئاتاساغۇن سىڭلىڭ داۋالاپ ساقايتتى. بەختكە قارشى ئاپاڭ ۋاپات بولۇپ داغى ھەسرەتتە قالدۇق. سېنى كۆپ سېغىندۇق. ئاغرىپ يېتىپ قالغان مەزگىلىمدە، سېنى كۆرەلمەي قالارمەنمىكىن دەپ كۆپ غەم يېگەنىدىم. سېنى خۇدايىم ئۆزى كەلتۈرۈپ بەردى، — ئۇ يىغلاپ تۇرغان بەگتاش جېلىلنىڭ باش - كۆزىنى سىلىدى، — ئەمدى يىغلىما. سىڭلىڭغا ئادەم ئەۋەتەي، كەلگىنىڭنى ئاڭلىسا خۇش بولىدۇ.

— ماقۇل، ئاتا. مېنىڭمۇ ناھايىتى كۆرگۈم كەلدى.

بەگتاش خېلىل سىگلىسىنى چاقىرىپ كېلىشكە غۇلامنى ئەۋەتتى.

ئېغىر ئۇھ تارتقان ئاتا بەگتاش جېلىلغا يەنە دوق قىلدى:

— بالام، سەن پۇل تېپىشقا، بايلىق توپلاشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئىنسانىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسەن. شۇنداق ئەمەسمۇ يا؟

بەگتاش جېلىل باش چايقاپ دېدى:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ دۇنيالىقىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، گويا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك» دەپ تەلىم بەرگەنىكەن. پۇل تېپىش، بايلىق توپلاش گۇناھ ئەمەستۇ، ئاتا؟

— شۇنداق، گۇناھ ئەمەس بالام، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، گويا ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك» دەپمۇ تەلىم بەرگەن. بۇنىمۇ بىلىۋال ئوغلۇم. ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ زاكات بەرمەي، باج تاپشۇرماي يىغقان بايلىق ھالال ھېسابلانمايدۇ. ئاسانلا قولدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئادەمنى ئاچ كۆز، تەمەخور، ھەسەتخور قىلىۋېتىدۇ. بۇنى ئەستىن چىقارما، ئوغلۇم.

— ئاتام توغرا ئېيتىدۇ، ئۇكام. تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىش سۈننەت. تىجارەت بىلەن بېيىغان ئادەم ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ قالسا بولمايدۇ. ئاخىرەتنى ئۇنتۇماسلىق ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

بەگتاش جېلىل ئۆكۈپ، ئاندىن تاتارغان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى:

— ھۆرمەتلىك ئابالىرىم[1]، نېمىشقا مەندىن گۇمانلىنىسىلەر. ئەندىشە قىلىسىلەر؟! مەن شۇنداق ئاخىرەتلىكنى ئويلىمايدىغان يامان ئادەممۇ ـ ھە؟! بۇ ۋاقىتقىچە تىجارەتتە زىيان تارتمىدىم، پايدا ئېلىپ كەلدىم.

---

① ئابالىرىم — بۇ يەردە دادىلىرىم دېگەن مەنىدە.

سودام يۇرۇشۇپ، شەھەر ـ شەھەردە دۇكان ـساراي ئاچتىم. كارۋان تۆگىلىرىم ئۈچ يۈزدىن ئاشتى. نېمىشقا مېنى ئاخىرەتنى ئويلىمايدۇ، دەيدىغانسىلەر؟ ھازىرلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك، ئاللاغا ئۆزۈمنى تاپشۇرۇپ گۇناھىمنى تىلەيمەن.

— خەپشۇك ! يالغان سۆزلەپ مېنى ئالدايمەن دېمە بىغەرەز. نەچچە يىلدىن بېرى بىزگە بىلدۈرمەي قانچە خاتۇن ئالدىڭ، قانچىلىغان قىز ـ چۆرىلەر بىلەن كۆڭلۈڭنى ئاچتىڭ؟ بۇنى بىلمەيدۇ دېمە، بىلىمىز. مىڭلاق، ئىدىقۇت، چاڭئەنلەردە ئۆز ئالدىڭغا ساراي ئېچىپسەن. نېمىشقا بۇنىڭدىن بەگيۇسۇپنى، بىزنى خەۋەرلەندۈرمىدىڭ؟ پۈتۈن سەرمايە بەگيۇسۇپنىڭ تۇرسا، ئۇنىڭ پۇل ـ مېلىغا خىيانەت قىلساڭ ھالالدىن پۇل تاپقان بولامسەن؟ ئاخىرەتلىكىڭنى شۇنداق ئويلامسەن؟ ئاكاڭ ھەممىنى بىلىپتۇ. بىزگىمۇ بىلدۈردى. ھازىر بەگيۇسۇپ بىزگە كۈيۈئوغۇل. سېنىڭ ئالدىراپ ـ سالدىراپ سەپەرگە چىقىپ كېتىشىڭدە غەرەز بولۇپلا قالماي، چاڭئەندىن ساپلا قىز قۇللارنى ئەكېلىشىڭدىمۇ بەتنىيەت بار. ھېساباتنى ئۇچۇق قىلىۋەت !

— پەدەر بۇزرۇكۋار، پېقىر ئوغۇللىرىدا ئاز ـ تولا سەۋەنلىكمۇ يوق ئەمەس. ئەلۋەتتە، ھېساباتنى ئوچۇق قىلىپ ھەربىرلىرىنىڭ گۇمانىنى بويىنۇمدىن ساقىت قىلىش ئۈچۈن ئالدىلىرىغا كەلدىم، — بەگتاش جېلىل پەگاھقا بېرىپ تىزلاندى.

شۇ چاغدا ھويلا ئىشىكى ئېچىلدى. دىلدارىبىكە خىزمەتكار، دېدەكلىرى بىلەن كىرىپ، بەگتاش جېلىل بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشتى.

— مەن سېنى كەلمەسمىكىن دەپتىكەنمەن، ئاكا، كېلىپسەن. كەلگىنىڭ ياخشى بولدى، — دېدى ئۇ چىن قەلبىدىن. مۇۋۇت تون، مەخمەل پەشمەت ـ شىم، قاما تۇماق كىيگەن ئاكىسىغا زەن سېلىپ. بەگتاش جېلىلنىڭ بارمىقىدا ئالماس كۆز قويغان ئالتۇن ئۈزۈك پارقىراپ تۇراتتى، — ئاتام بىتاپ ۋاقتىدا تارتىشماي

كەتكەنىدىڭ. ئابامنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرەلمىدىڭ. ئۇزاق سەپەر قىلغاندەك ئەمەس، چار باغدا تۇرغاندەك سەمرىپ كېتىپسەن، ئاكا. تۈنۈگۈن كەلدىڭمۇ؟

— ھەئە تۈنۈگۈن كەلدىم، — دېدى بەگتاش جىلىل ئوڭايسىزلانغان ھالدا، كەلگىنىمگە ئون كۈندىن ئاشقان بولسىمۇ، — مەن سىلەرنى ناھايىتى سېغىندىم ئۇكام، ھەربىرلىرىنىڭ لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ بىرئاز سوۋغات ئېلىپ كېلىۋىدىم. قوبۇل قىلىشقايلا، — بەگتاش جىلىل قوپۇپ، يۈكلەرنى چۇشۇرۇپ، تام تۈۋىگە چۆكتۈرۈپ قويۇلغان تۆگىلەرگە قاراپ قويدى.

بەگتاش جالالىدىن ئوغلىنىڭ قولىنى سىلكىشلەپ تارتتى.

— ئولتۇر بالام! مىننەت قىلىپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىڭنى بىزگە كۆز - كۆز قىلما. ئاغزىمىزنى تۇۋاقلىماقچى بولۇۋاتامسەن يا؟

ئۆكۈپ چىرى غەلىتە بولۇپ كەتكەن بەگتاش جىلىل ئۈن چىقمىدى.

— ئۇكام، سەن مەشرىقتە، مەن مەغرىبتە سودا قىلىپ تەڭرىنىڭ ئاتا قىلىشى بىلەن نۇرغۇن مال - مۈلۈك، دەسمايىگە ئىگە بولدۇق. پەدەر بۇزرۇكۋار بۇنىڭدىن تولا مەمنۇن. بەگىيۇسۇپمۇ تولا مىننەتدار. ئەمما، مەن سېنىڭ يوشۇرۇنچە قىلىۋاتقان خىيانىتىڭنى بىلىپ قېلىپ ئاتامغا ئېيتتىم. نەپسىڭ بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلەنمەي، پەس ئارزۇ - ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكىنىڭنى دېمەيلا قوياي، مايمۇنە دېگەن قىزغا قىلغان مۇئامىلەڭنى ھەمشىرەمدىن ئىشىتىپ، ساڭا لەنەت ئوقۇدۇم. مۇئامىلەڭ بارغانسېرى ساختىلىشىپ كەتتى. سېزىپ قالغىنىمىزنى تۇيۇپ، بىتاپ ياتقان ئاتامغىمۇ قارىماي، ئۇزۇن سەپەرگە چىقىپ كەتتىڭ. كەلگىنىڭ خەيرلىك بولغاي، بىراق ئاتام دېگەندەك ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىڭنى قوبۇل قىلالمايمىز. تاكى قىلمىشلىرىڭنى بوينۇڭغا ئېلىپ بەگىيۇسۇپ ئالدىدا توۋا قىلمىغۇچە.

— دەرھال ئۆيۈڭگە قايت ! ئوبدان ئويلان، ئۆگۈنلۈككە خانلىقىمىزنىڭ چوڭ ئاسىي گۇناھكارلىرى جازالىنىدىغان ئەھمىيەتلىك كۈن. خالىساڭ شۇ كۈنى ئەتىگەن كەلگىن. بىللە غىزالىنىپ جازا مەيدانىغا بارايلى.

ئاتىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بەگتاش جېلىل يەنە تىزلاندى:

— ئاتا، ئاكا، سىڭلىم، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار ھەق. مەن گۇناھكار. ئالاھىدە ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغامنى قوبۇل قىلىڭلار. يۈز توپ كىمخاب، يۈز توپ دۇردۇن ـ تاۋار، يۈز توپ ئاق يىپەك رەخت، تۆت ساندۇق نەپىس تەخسە، چىنە، پىيالىلەرنى ھەربىرلىرى ئۈچۈن سېتىۋالغانىدىم. ئاتا، ئۇنىڭدىن باشقا بۆلەك ئۆزلىرىگە تۈلكە تېرىسىدە تىكىلگەن جۇۋا، سالۋار تۇماق، يىپەك رەختتىن قىلىنغان بەلباغ، ئاكا، ئۆزلىرىگە كۈچا كۆرپىسىدە تىكىلگەن جۇۋا، قاما تۇماق، ئىككى قىز قۇل، سىڭلىم، ئۆزلىرىگە مەرۋايىت دوپپا، ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك ئېلىپ كەلدىم.

— بولدى قىل ! ئۆز گۇناھىڭغا توۋا قىلماي تۇرۇپ بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭمۇ سوۋغاتلىرىڭنى قوبۇل قىلالمايمىز ! — بەگتاش جالالىدىن يۈز ـ خاتىر قىلماي سوۋغات ئېلىشنى رەت قىلدى.

دىلدارىبىكە:

— مەن داستىخان تەييارلاي، ئاتا. بەگتاش جېلىل ئاكامنىڭ سوۋغىتىنى قوبۇل قىلمىساقمۇ، ئوبدان كۈتۈۋالايلى. ئاخىر گۇناھىغا توۋا قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بايلىق ئالدىدا كۆزى قىزارمايدىغان ئادەملەر ئاز. ئۆيگە كىرەيلى، يۈرسىلە ئاكا، — دېدى سىڭىللىق مېھرى بىلەن.

ھەممەيلەن ئۆيگە كىردى. داستىخان سېلىنىپ مەزە ـ گېزەك قويۇلدى. دىلدارىبىكە پىيالىگە چاي قۇيۇپ تۇتتى.

— ئىچسىلە ئاكا، ئۆي چېيىنى سېغىنغانلا؟

— سېغىنىدىم، ئۇكام، سىلى دەملىگەن چاينى شۇنچە سېغىنغانىدىم، — بەگتاش جېلىل پىيالىنى قولىغا ئېلىپ

چاینى قىزىق سۈمۈرۈپ ئىچتى. كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

دىلدارىبكە بىردەمدىلا ئۇگرىنى پىشۇرۇپ، پولۇنى دۇملەپ قويۇپ چىقتى. ھەممەيلەن جىم بولۇپ ئۇگرىنى ئىچىشكە تۇتۇندى. بىر چۈىن گىژىلداپ ئۇچۇپ ئايلىنىپ بېرىپ بەگتاش جىلىلنىڭ مەڭزىگە قوندى.

— ئوردۇكەنتىنىڭ چۈىنى مەڭزىڭگە قوندى، سەندە يەنە ئامەت بار ئىكەن، بالام. ھوشۇڭنى تاپساڭ بولغۇدەك.

— ھوشىنى تاپىدۇ، ئاتا، جەزمەن ھوشىنى تاپىدۇ. تولا تاپا ـ تەنە قىلىۋەرمىسىلە. ئاكامنىڭ بېشى ساقىيالاپ ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدى، — دىلدارىبكە ئاتىسىنىڭ پىشىنى تارتىپ قويدى.

بەگتاش جالالىدىن گەپ قىلماي ساقىلىنى سىيپىدى.

بەگتاش جىلىل ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. زوۋان سۈرمىدى. ئۇگرىدىن بىر پىيالە ئىچتى. پولۇدىن ئۈچ كاپام يېدى.

— گېلىم غىقىدە بولۇپ قالدى، ئابالىرىم. بولمىسا ھەربىرلىرىنىڭ ھىدلىرى كېلىدىغان ئۆي تامىقىنى ئاجايىپ سېغىنغانىدىم. ھەرھالدا ئېغىز تەگدىم. دىلىم ئېرىدى. سوۋغاتنى شۇنچە يىراق يەردىن ئاتاپ ئېلىپ كەلگەنىدىم. قوبۇل قىلىشىمىدىلا، بۇنىڭغا ئۆزۈم ئەيىبلىك.

— ئوغلۇم، بىزنى زورلىما. سوۋغاتنى ئېلىپ كەت. دىلىڭ تازىلانغاندىن كېيىن ماللىرىڭنى قوبۇل قىلساق خەيرلىك بولىدۇ.

بەگتاش جىلىل ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن قوپتى ـ دە، ئىشىككە قاراپ ماڭدى. بەگتاش خىلىل، دىدەكلەر سوۋغاتلارنى تۆگىلەرگە ئارتىشىپ بەردى. ئۇكىسى ئۇزاپ ماڭغاندا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى...

## 2

زۇلمەت باسقانسىرى ئادەم يورۇقلۇققا شۇنچە تەشنا بولىدۇ.

قازاننى دۇم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ چاھ ئىچىدە، ئىڭراپ ياتقان قۇمارىبىكە تەقدىرىنىڭ مۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچقاچان خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. زىندانغا تاشلانغىچە، ئالتۇن تاج كىيىپ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئوغلىنى، دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ تىزلىنىپ يارلىق كۈتۈۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئەمرى بىلەن بۇغراخان جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا چۈشۈپ قەتل قىلىنغانلىقىنى، قوشنا ئەللەرگە يۈرۈش قىلغان ئىبراھىم تېگىننىڭ جەڭدە قازا قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەنتەنە بىلەن تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى، پارس ۋە رۇم ئەللىرىنى پەتھى قىلىپ، دۇنيادا بىردىنبىر «جاھانگىر پادىشاھ خاتۇن»غا ئايلانغانلىقىنى چۈشىدە كۆرەتتى. ئوڭىدا خىيال قىلاتتى... ئاقىۋەت نېمە بولدى؟ ئۆزىنى شۇنچە ياخشى كۆرگەن، بارلىقىنى بېغىشلىۋەتكەن شەۋكەتلىك پادىشاھ ــ بۇغرا قاراخان بولغان ئېرىنى، ئۇنىڭ ۋەلىئەھدى قىلىنغان ئوغلىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپلا قالماي، نۇرغۇن بىگۇناھ، ئالىم ـ ئۆلىما، ھۈنەرۋەن، كاسىپ، مەردۇمەيدانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ ياۋۇز ئالۋاستىغا ئايلاندى. ۋەتەن ئەھلىنى بىزار قىلدى. تەقدىر ـ قىسمەت شۇ بولدىكى، ئۆزى بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان تاشلىنىپ قازا قىلغان گۆردەك قاراڭغۇ چاھقا تاشلاندى. ئېرىشكەن ھەممە ئىمتىيازىدىن مەھرۇم بولدى. شۇ تاپتا ئۇ ئالتۇن تەختتە ياكى يەتتە قات كىمخاب تۆشەكتە ئەمەس، نەم پاخال ئۈستىگە سېلىنغان كونا كىگىزدە مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى. ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى، ھېچنېمىمۇ قىلالمايتتى. ئەلھال، ئۇ دۇنيادا ئەڭ ئاجىز، بىچارە ئىدى. ھەممە يېرى ئاغرىيتتى، قوپقۇچىلىك ھالى يوق ئىدى. قۇرۇق ھۆ تۇتۇپ ماغدۇرى ئۈزۈلگەنىدى. لەۋەن رۇخسارىدىن ئەسەر قالمىغانىدى.

قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان ئېتىكىگە بىردىن غىل ـ پال

يورۇق چۈشتى. ئۇ چۈۋۈق چاچلىرىنى بىر يانغا قايرىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆز سالدى. چاھ ئاغزى ئېچىلغانىدى. بارا ـ بارا كۆز ئالدى سۈزۈلۈپ، ئۆمۈچۈك تورلىرى چىرمىلىپ كەتكەن، قۇرت ـ قوڭغۇزلار مىغىلداپ يۈرگەن چاھ تېمىنى، ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ پەسلەۋاتقان سېۋەتنى كۆردى. سېۋەت پەسلەپ ـ پەسلەپ بېشىغا تەگدى.

— جۇۋاينىمەك! ئەجەب ئاغرىدا، — ئۇ ۋاي ـ ۋايلاپ سېۋەتنى تۇتۇۋېلىپ قۇچىقىغا ئالدى. قىزىرىپ مىچىلداپ كەتكەن بۇرنىغا مەززىلىك تاماقنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. ئۇ سېۋەتتىن چۆگۈن بىلەن جامنى ئېلىپ يېنىغا قويدى. داستىخاننى ئاچتى. كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇلغان بىر قىرغاۋۇل، بىر تاۋاق پولۇنى كۆرۈپ ئاغزىغا سېرىقسۇ كەلدى. ھەر كۈندىكىدەك تېرىق نېنى، ئارپىنىڭ ئۇمىچى بولماي، ئېسىل تائام ئىكەنلىكىدىن ئەجەبلەنگەن قۇماربىكەنىڭ قوقاق چىقىپ شەلۋەرەپ قالغان كالپۇكلىرىدىن شالى ئاقتى. ئويلاپ تۇرماي ئاچ كۆزلۈك بىلەن پولۇغا قول تىقتى. كاۋاپنىمۇ يەپ، چاينىمۇ ئىچىپ مۈگدەشكە باشلىدى.

— خانىش، ئالتۇن تارىم...

قۇماربىكە چاپاق باسقان كۆزلىرىنى ئاچتى. «چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن نېمە؟ بىرسى خانىش، ئالتۇن تارىم، دەپ چاقىرىۋاتىدىغۇ...» ئۇ ئويلاپ يۇقىرىغا باقتى. چاھ ئاغزىدا ئېڭىشكەن پېتى گۈلەم تۇراتتى.

قۇماربىكە چۆچۈپ كېتىپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ سەپسالدى.

— ئالتۇن تارىم، بۇ مەن — كېنىزەكلىرى گۈلەم، يوقلاپ كەلدىم.

— گۈلەم؟ سەن بەدەلئارت داۋنىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دەشتتە قالمىغانمىدىڭ؟ — قۇماربىكە ئۇنى تونۇپ ئەجەبلىنىپ

سورىدى.

گۈلەم جاۋاب بەرمەي جىمىپ كەتتى.

— گۈلەم! — قۇمارىبىكە ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، توۋلىدى.

— لەۋەي[1]، ئالتۇن تارىم.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ مېنى بۇ ھالدا كۆرۈپ خۇش بولۇۋاتامسەن يا؟

— ئۇنداق ئەمەس، خانىش. ئۆزلىرىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئىچىنغانلىقىمدىن تۇرۇپ قاپتىمەن. ئوردۇكەنتكە قانداق كەلگىنىمنى بىلگۈلىرى بولسا دەپ بېرەي، — گۈلەم چاھ ئىچىگە بەكرەك ئېگىلىشتى، — ئالتۇن تارىم، ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. كىچىكىمدىن خىزمەتلىرىدە بولۇپ، تۇزلىرىنى يەپ چوڭ بولدۇم. سىلىنى بۇ ھالدا كۆرەرمەن دەپ ھېچقاچان ئويلىماپتىمەن. تەقدىر - قىسمەت شۇنداق بولسا كېرەك. مېنى ئاتاساغۇن بۇۋىئايشە خېنىم قۇتۇلدۇرۇۋالدى، داۋالاپ ساقايتتى، ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن ئەھۋاللىرىنى ئۇقۇپ، يوقلاپ كەلدىم.

— ئۇ ئاتاساغۇندىن سوراپ كەلدىڭمۇ، ياكى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنچە كەلدىڭمۇ؟ راستىڭنى دە، كېلىشتىكى غەرىزىڭ زادى نېمە؟

— سوراپ كەلدىم، خانىش. كېلىشتە باشقا غەرىزىم يوق. ئاخىر بىر قەرنا بىللە ئۆتتۇق ئەمەسمۇ، سېغىندىم، كۆرگۈم كەلدى.

— ئۇ ئەجەب ماقۇل بوپتىغۇ.

— خۇدا ئۇستىمىزدە تۇرۇپتۇ، ئالتۇن تارىم، بۇۋىئايشە خېنىم سۆزۈمنى ئاڭلاپ، «ساداقىتىڭىزدىن تەسىرلەندىم. ھايات يولىدا خاتالاشمايدىغان ئادەم بولمايدۇ. بېرىڭ، قۇمارىبىكەنى يوقلاپ نەسىھەت قىلىپ قويۇڭ» دېدى.

---

① لەۋەي — لەببەي سۆزىنىڭ سىلىق ئېيتىلىشى.

— رەھمەت، گۈلەم. مەندەك باغرى تاش خوتۇننى يوقلاپ كەلگىنىڭگە رەھمەت. ئايچىچەك، ئاناچلارنى كۆرگەنسەن؟

— كۆردۈم، ئالتۇن تارىم. ئۇلار ئەرگە تېگىۋالدى.

— ئەرگە تېگىۋالدى؟ ئابىنچۇ خاتۇننىڭ كېنىزەكلىرىنى ئەمدى كىممۇ ئالار؟

— ئۇلار توۋا قىلىپ ئەپۇ قىلىشقا ئېرىشتى. ئېتىبارغا ئېرىشىپ كاتتا سەرۋازلارغا تېگىۋېلىشتى. ئۆزلىرىمۇ توۋا قىلىپ ئەپۇ سورىسىلا، بۇغرا قاراخان گۇناھلىرىدىن كېچىشى مۇمكىن.

— بەس ! نېمە دەۋاتىسەن؟ ئاغزىڭنى يۇم ! ئالدىڭدا بەزى گۇناھلىرىمنى تەن ئېلىپ قويسام، ئۆزۈڭدەك چاغلاپ قىلىۋاتامسەن نېمە ! بىلىپ قوي، مەن ساڭا پەقەت ئوخشىمايدىغان ئابىنچۇ خاتۇن. مىجەز - خۇيۇم ساڭا ئوخشايدىغان، تېنىم پەس بولسا، دېدەك - كېنىزەك بولماي، خانىش، ئالتۇن تارىم بولالامدىم؟ قان بىلەن تېنىمگە كىرگەن خۇيۇم جان بىلەن چىقىدۇكى، ھايات چېغىمدا ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. بۇغرا قاراخان ئالدىدا توۋا قىلىشقا غۇرۇرۇم ھەرگىز يول قويمايدۇ. غۇرۇرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ سەندە غۇرۇر بولمىغاچقا، قۇل - كېنىزەك بولۇشقا ماقۇل بولغانسەن. غۇرۇرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەي، كىم كۈچلۈك بولسا، شۇنىڭغا باش ئېگىپ جان بېقىپ كەلدىڭ. غۇرۇر دېگەن ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىدۇر. مەن ھەممە ئىشنى ئەنە شۇ غۇرۇر بىلەن قىلغان. باش ئەگمىگەن، باش ئەگدۈرگەن. بۇ قاراڭغۇ زىندانىدىمۇ زۇلمەتكە باش ئەگمەي غۇرۇرۇم بىلەن ئۆلىمەن، ماڭ، كەت ! ماڭا نەسىھەت قىلغۇچى بولما ئەخمەق ! — قۇمارىبىكە چاي ئىچىپ بولۇپ، چۆگۈن، جام قاچىنى داستىخانغا ئوراپ سېۋەتكە سالدى، — تارتىۋال بۇ نېمەڭنى. ئىككىنچى قېتىم كەلمە !

ئۇنىڭغا چاھ ئاغزىدىن قاقاھلىغان كۈلكە ئاڭلاندى. ئارقىدىن

توكۇرۇلگەن توكۇرۇك ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشتى.

— سەن ئابىنچۇ خاتۇن ئادەم ئەمەس ئالۋاستى ئىكەنسەن. بىر ماڭا قىلغان شۇنچە كۆپ ئەسكىلىكلىرىڭنىمۇ كەچۈرۈپ، ياخشى نىيەت بىلەن يوقلاپ كەلسەم ئازار بەردىڭ. تۇفى ! توۋا قىلماس شەيتان خاتۇن، بىلىپ قوي ! تەڭرى، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىنسان بەتخۇي ـ بەتنىيەتنى ئۆزگەرتىپ ھىدايەت تاپسۇن، دەپ بەرگەن. يەنە شۇنىمۇ بىلىپ قوي ! ئەتە، ئاجايىپ بىر كۈن بولىدۇ. تاج كىيىپ تەختكە چىققان بۇغرا قاراخانىنىڭ ئەمرى بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىنىسەن. گۇمراھ پېتى بۇ دۇنيادىن كېتىپ دوزاخقا تاشلىنىدىغان بولدۇڭ. تۇفى بەتبەخت ! تۇفى !...

ئۈچىنچى قېتىم بېشىغا توكۇرۇك چۈشۈپ، چاھ ئاغزى يېپىلىپ قالدى. زۇلمەت قۇماربىيكەنى چىرمىۋالدى.

— گۇلەم ـ گۇلەم ! — دەپ توۋلىدى ئۇ باش ـ يۈزىدىكى توكۇرۇكنى قولى بىلەن ئېرتىپ. ئۇ ئولتۇرماق بولۇپ، سەنتۈرۈلۈپ، چاھنىڭ شېغىللىق تېمىغا ئۇسۇۋالدى. ئۇنىڭ سەت ئاۋازىنى چاھتىن يىراقلاپ كەتكەن گۇلەم ئاڭلىمىدى. ئەتراپىنى خوجا تىكەن بېسىپ كەتكەن يەنە بىر چاھتىكى بوزاغۇ ئاڭلاپ ئۈجۈقۈپ كەتتى: «ۋوي، بۇ سىڭلىم قۇماربىيكەنىڭ ئۈنىغۇ. نېمانچە چىڭ ۋارقىرايدىغاندۇ؟ يالغاندىن بولسىمۇ توۋا قىلىپ، ئۆزىنىمۇ، بىزنىمۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرۇش كويىدا بولماي، نېمىشقا جار سالىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، پۇتىدىكى تۆمۈر كىشەننى جاراقشىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپلا، قىڭغىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ياداپ بىر تېرە ـ بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى. غالجىر ئىت ئۆز قۇيرۇقىنى ئۆزى تالىغاندەك ئۆزىنى ئۆزى تىللايتتى: «ھارامزادە خۇنپەر ! نېمىشقىمۇ ئابىنچۇ خاتۇننىڭ گېپىگە كىرگەنسەن؟ ئاكىسى تۇرۇپ بىرەر قېتىممۇ سۆزۈڭنى ئۆتكۈزەلمەي، سىزىپ قويغان سىزىقىدىن چىقالمىدىڭ. ئاقىۋەت «بارار يېرىڭ ئەسكى سامانلىق» دېگەندەك زىندانغا تاشلاندىڭ.

ھۇ، ئۆزىنى بىلمىگەن ئەبلەخ! يامان نىيىتىڭ بېشىڭغا چىقتى. يۇغرۇش باشى بولغىنىڭدا، ئالۋاستى سىڭلىڭنى گەپكە كىرگۈزۈپ، بۇغرا قاراخانغا قەست قىلمىغان بولساڭ، بۇ كۈنگە قالمايتتىڭ، دۆت! ئەمدى كۆرگۈلۈكىڭنى كۆر...»

بوزاغۇ ئاقارغان چاچلىرى چۇشۇپ تاقىرباش بولۇپ قالغان بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغىنىچە، ئۆزىنى كاچاتلاپ كالىدەك ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

يىلاندەك كۇشۇلداپ ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ چاھ ئاغزىغا قارىدى، تاش ياپقۇ ئېلىنمىغاچقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

بۇ ئىسقىرتقان ئۇنىڭغا يانداش چاھ ئىچىدە ياتقان مۆكسۈز ئىدى. ئۇنىڭ قورام تاشتەك ئۇچلۇق ئېگىكىدىكى ئۇزۇن قارا تۈك ئاقىرىپ، قىل يىلاندەك تولغىنىپ تۇراتتى. قاتاڭغۇر سوزۇنچاق يۈزى ئاۋاقلىشىپ، چېقىر كۆزلىرى قۇدۇقتەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. بويىنىدا تاقاق، پۇتىدا تۆمۈر كىشەن بولۇشىغا قارىماي، تۇرۇپ - تۇرۇپ سەكرەپ - سەكرەپ قوياتتى. ئۇ قۇمارىبىكەنىمۇ، بوزاغۇنىمۇ تىنماي تىللايتتى: «سەن قۇمارى ئابىنچۇ خاتۇن، ئەرنى راھەتلەندۈرۈش، ھىيلە - مىكىر قىلىشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدىكەنسەن. ھەي ئىسىت! سېنى يەنە بىر قېتىم باسماقداپ ھۇزۇرلىنىۋالسام ئارمىنىم قالمايتتى. ئۆز سەنىمىڭگە ئوينىتىمەن، دەپ ھەممىمىزنى ئوڭدا قويدۇڭ. نىجىس ئەقلىمگە مىڭ كاچات...»

ئۇ توختىماي ئۆزىنى كاچاتلاپ، ئىككى مەڭزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. يەنە شۇملۇقنى چىللاپ ئىسقىرتقىلى تۇردى...

ئۇ تەرەپتىكى چاھتا دۇم يېتىپ يىغلاۋاتقان بۆگۈشنىڭ قۇلىقىغا يىلان ئىسقىرتقاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇ ئالاق - جالاق بولۇپ يان - يېنىغا قارىدى. ھېچنېمىنى كۆرەلمەي يەنە دۇم ياتتى: «مەن نېمىشقا بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپ ھەزرەتلىرىنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاپ، تىنچ جاھاندارچىلىق قىلماي، بوزاغۇغا

غالچىلىق قىلىپ ئابىنچۇ خاتۇننىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەندىمەن؟ چىشىنىڭ ئىقىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ساغرىسىنى بىرەر قېتىممۇ سىلاتقۇزمىدى ئۇ چىشى يولۋاس. كاساپەتكە ئالدىنىپ ياتقان جايىم مانا زىندان بولدى. ئىسىت ـ ئىسىت، بىر خوتۇن ئالالماي دۇنيادىن ئارماندا كېتىدىغان بولدۇم. ئىسىت...»

ئۇنىڭ يىغا ئارىلاش قىلغان نالىسى يەنە بىر چاھتا ئاقارغان ساقىلىنى تۇتاملاپ ھەسرەت چېكىۋاتقان ھوشۇربەگكە ئاڭلانمىدى. «ئۇلۇغ ياراتقۇچى تەڭرىم، پېقىر قۇللىرىڭنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىلە. مەن ئۆزلىرىگىمۇ، پادىشاھىمغىمۇ سادىق بولالمىدىم. بوزاغۇنىڭ كەينىگە كىرىپ، سۆيىقەست بىلەن شۇغۇللاندىم. بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈردۈم. پەرزلىرىنى ئادا قىلالمىدىم. ئەمرلىرىگە بويسۇنمىدىم. توۋا، مىڭ توۋا. گۇناھىمدىن ئۆتۈپ جېنىمنى ساقلاپ قالسىلا، خۇدايىم. توۋا، مىڭ مەرتەم توۋا...»

ئۇنىڭ ئىلتىجاسى تۈگىمەي، تاش ياپقۇ ئېلىنىپ، بوينىدىكى تاقاقتا يورۇق پەيدا بولدى.

— ھوشۇر، ماۋۇ ئارقانغا ئېسىلىپ چىق! — دېگەن ئاۋاز ئىشىتىلدى.

«ئەمدى دارغا ئېسىلىدىغان بولدۇم» دەپ ئاستا تۇرغان ھوشۇربەگ نەچچە يەردىن توقۇناق قىلىپ چىگىلگەن قىل ئارقانغا ياماشتى. چاھ ئۈستىگە چىقىپ، بىرقانچە ياساۋۇل بىلەن تۇرغان زىندانبېگىنى كۆرۈپ تىزلاندى.

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە بېگىم، مەن توۋا قىلاي.

— ئورنۇڭدىن تۇر، مۇناپىق! سەن توۋا قىلىدىغان پۇرسەت ئۆتۈپ كەتتى. كۆتۈڭگە پوق كەپلەشكەن چاغدا قىلغان ئىلتىجايىڭنى تەڭرى قوبۇل قىلمايدۇ!

— ماڭ! — دېدى زىندانبېگى.

ئۇ ھوشۇربەگنى زىندان سوراقخانىسىغا ئېلىپ كىردى.

بۇ يەردە بەگيوسوپ، ئوردا كۇتۇۋالبېگى ھەم قەشقەرنىڭ قازى، ئەلەملىرى، ياساۋۇللار بار ئىدى.

ھوشۇربەگ كىرىپلا پەگاھتا تىزلاندى.

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە ھەزرەتلىرىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىشسىلە، — دېدى ئۇ كالتە پۇتلۇق شىرەگە كۆز سېلىپ ۋە باش قويغان ھالدا، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئەربابلارغا خۇشامەت قىلدى.

— سەن گۇناھىڭنى بىزدىن تىلىمەي، ئۇلۇغ مەغپىرەت ئىگىسى ئاللادىن تىلە، — بەگيوسوپ ئۇنىڭغا نەپرەت كۆزى بىلەن تىكىلدى.

— ماقۇل، ماقۇل، بۆگۈ بىلگە ھەزرەتلىرى. قىلغانلىرىمنىڭ گۇناھ بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى بىلمەي، بوزاغۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىپ كەلگەنىدىم. ئەمدىلىكتە، قىلغانلىرىمنىڭ بىرىمۇ ساۋابلىق بولماي، گۇناھ ئىكەنلىكىنى تونۇۋاتىمەن.

— زىندانغا تاشلانغاندىن بېرىمۇ، ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ تونۇغانمۇ؟

— ھەزرەتلىرى، راستىمنى دېسەم زىندانغا تاشلانغاندىن بېرى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن گۇناھىمنى تونۇغان بولسام، ئابىنچۇ خاتۇننىڭ قەستىنى ئاشكارىلىغان، بوزاغۇنى تۇتۇپ بەرگەن بولاتتىم. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، — ھوشۇربەگ يەرگە باش ئۇرۇپ يىغلىدى.

— بولدى قىل، مۇناپىق. زىندانغا قامالماستىن بۇرۇن تۇۋا قىلىپ گۇناھلىق قىلمىشتىن قول ئۈزگەن بولساڭ ئاللا سېنى مەغپىرەت قىلاتتى. بىزمۇ كەچۈرەتتۇق. ئەمما، ئەلھال گۇناھ پاتقىقىغا پېتىپ كېتىپسەن. سېنى قانداقمۇ ئەپۇ قىلغىلى بولسۇن. ئوردۇكەنت قازىسى ساڭا ھۆكۈم قىلىدۇ، ئاڭلا! — بەگيوسۇپنىڭ ئۈنى كەسكىن چىقتى.

ھوشۇربەگ تىزلانغىنىچە كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ نېمە

قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئاق شاپى سەللە ئوراپ، مووۋت تون كىيگەن قازى ئاخۇن سوراقنى ئاخىرلاشتۇردى.

رەڭگى سەبدەردەك سارغايغان ھوشۇربەگ ئىككى تىزى دىرىلداپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— تۇر ئورنۇڭدىن ئەبلەخ! ئوردۇكەنت دەرۋازىسىنى بوزاغۇغا ئېچىپ بەرگەن گۇناھىڭ ئۇچۇنلا سېنى چىپىپ ئۆلتۈرسە ھەق بولىدۇ، ماڭ، چىق! — دېدى كۇتۇۋالبەگ. قاراۋۇللار ئۇنى سۆرىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

بۆگۈش يالاپ ئېلىپ كىرىلدى.

— ھەزرەتلىرىم بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىشكەيلا، — دېدى ئۇمۇ تاتارغان ھالدا تىز پۈكۈپ.

كۇتۇۋالبەگ ئۇنى سوراق قىلدى. ئۇ ئوقۇرمەنلىرىمگە مەلۇملۇق ھەممە جىنايەتلىرىگە ئىقرار بولدى. ئۇ يېلىنىش نەزىرى بىلەن بەگيۇسۇپكە قارىدى. تېگى پەس، زىدىمۇ پەس بۇ ئاسىيغا سۆز قىلىپ ۋاقىتنى زايە قىلىش ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن بەگيۇسۇپ قوللىرىنى غەزەپ بىلەن شىلتىپ قويدى. قازى ئاخۇن ئۇنى جىنايەتلىرىگە يەنە بىر قېتىم ئىقرار قىلدۇرۇپ، سوراقنى بولدى قىلدى.

بۆگۈش نالە - پەرياد ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتتى. قاراۋۇللار ئۇنى سۆرەپ چىقىپ چاھقا تاشلىدى.

مۈڭسۈز ئېلىپ كىرىلدى. سوراق داۋامىدا ھەممە قىلمىشلىرىدىن زادىلا تانمىدى. ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن ئاۋۋال قازى كالانغا، ئاندىن كۇتۇۋالبەگكە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ قارىدى - يۇ، شۇملۇق يېغىپ تۇرغان نەزىرىنى بەگيۇسۇپكە تىكتى.

— مۇشۇ بۆگۈ بىلگەنى ئۆلتۈرگەن بولسام ئارمىنىم قالمايتتى. ئەپسۇس، ئەپسۇس، — دەپ نادامەت قىلىپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — سىلەر مېنىڭ قانخور جاللات ئىكەنلىكىمنى، نۇرغۇن ئادەمنى چاپقۇن قىلغانلىقىمنى بىلىسىلەر. ئەمما، مېنىڭ بىر بۇددىست قىساسكار

ئىكەنلىكىمنى بىلمەيسىلەر. مەن قاراخانىيلار ئېلىنى گۇمران قىلىش ئۇچۇن بىر ئۆمۈر قانخورلۇق قىلدىم. مەن دەسلەپ ئەسىر چۈشكەندە، خاقانىڭلار يىگىرمە تۆت قېتىم سەركەردىسىنى ماڭا ئۆلتۈرگۈزگەندى. مەن ئىككى يۈز قېرىنداشنى ئارتۇق ياغما، قارلۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېگىن، مەلىكە، خانىش، سەركەردىلىرىنى، بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلىرىنى ئۆلتۈردۈم. ھەرقانچە قىلىپمۇ، قاراخانىيلار ئېلىنىڭ بۆگۈ بىلگەسى بەگيۇسۇپتەك تۈۋرۈكىنى ھەرىدىيەلمىدىم. ئاخىر، كۈتمىگەندە ئەسىر چۈشۈپ قالدىم. ئۆلتۈرەمسىلەر، چاپامسىلەر، ماڭا بەرىبىر. باشتا ئېيتقىنىمدەك مەن مۇسۇلمان ئەمەس. بۇددا دىنىغا سادىق قېتانمەن. مانا كۆرۈپ قويۇش! — مۇڭسۇز زەنجىرلىك تۆمۈر قىسماق سېلىنغان قوللىرى بىلەن بوينىدىكى تاقاقنى قايرىپ ئىككى پارە قىلىۋەتتى.

كۇتۇۋالبەگ قىلىچىنى سۇغارغانىدى، بەگيۇسۇپ تۇتۇۋالدى:

— ئۇ ھېچنېمە قىلالمايدۇ. مەيلىگە قويۇۋېتىڭ.

مۇڭسۇز ياقىسىنى ئايرىپ بوينىغا ئېسىۋالغان ئالتۇن بۇتنى كۆرسەتتى:

— مېنى بۇ ئىلاھىم ئوت ئىچىدە كۆيدۈرمەي قاراخانىيلارنىڭ جازاسىدىن ساقلاپ كەلدى. ئۇ مېنى ئالدىغا چاقىرماقتا. مېنىڭ باشقا دەيدىغىنىم يوق. تاقاقنى مىخلاپ قويۇڭلار، يۈرىكىڭلار ئورنىغا چۈشسۇن! — دېدى مۇڭسۇز كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە غادىيىپ تۇرۇپ.

— راستچىللىقىڭ ۋە بىزنى ھوشيار قىلىپ قويغىنىڭ ئۈچۈن بوينۇڭغا تاقاق سالمايمىز. سەن «بۇت ئىلاھىم مېنى ئوت ئىچىدە كۆيدۈرمەي قاراخانىيلارنىڭ جازاسىدىن ساقلاپ كەلدى» دېدىڭ. شۇ گېپىڭ راست بولسا، بۇ قېتىم ئوتتىن سېنى ساقلاپ قالغىنىنى بىر كۆرەي، — دېدى بەگيۇسۇپ. غەزەپ كۈلكىسى ئۇنىڭ چىرايىنى سۈرلۈك قىلىۋەتتى، — دۇنيادىكى قانخور زالىملار جازالانماي قالغان ئەمەس، بۇ ئالتۇن بۇتۇڭ سېنى بۇ

قېتىمقى ئادىل جازادىن ھەرگىز قۇتۇلدۇرالمايدۇ.
قازى ئاخۇن غەزەپ ئاچچىقىدىن چاچراپ تۇرۇپ، دەررە بىلەن مۇڭسۇزنىڭ توڭگۇل چىشلىق ئاغزىغا بىرنى سالدى.
جازانىڭ ئەتە ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان مۇڭسۇزنىڭ چىرايى قارىداپ كەتتى. ئۆزىنى قورقۇمسىز سانايدىغان بۇ قانخور جاللات: «بىر كۈنلۈكلا ئۆمرۈم قاپتۇ» دەپ، دەلدۈگۈنۈپ سوراقخانىدىن چىقتى.
يالاپ ئېلىپ كىرگەن بوزاغۇنىڭ كۆزى بەگيۈسۈپكە چۈشۈشى بىلەنلا غالىلداپ تىترەپ تىزلاندى. سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بەرمەكچى بولدى ـ يۇ، لەۋلىرى قىمىرلىغان بىلەن ئاغزى زۇۋانغا كەلمىدى. شۇنداق مەغرۇر، كازىراپ بۇ زالىم مۈشۈك تۇتۇۋالغان چاشقاندەك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. كۆزلىرىدىن ياش چىققان بولسىمۇ، ئاغزىدىن ئۈنى چىقمىدى. قازى ئاخۇن: «سۈكۈت قىلغىنىڭ ـــ ئىقرار قىلغىنىڭ» دەپ سوراقنى توختاتتى.
جېنىدىن ئۈمىد ئۈزگەن بوزاغۇ ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، بەگيۈسۈپنىڭ بۇيرۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا قارا پەرەنجىگە ئورالغان قۇماربىكەنى يالاپ ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭمۇ پۇتىدا كىشەن، قولىدا زەنجىرلىك قىسماق، بويىنىدا تاقاق بار ئىدى. ئاران مېڭىپ كىرگەن قۇماربىكە دەرپەردە كەينىدە ئۆرە تۇردى. تىزلانغىلى ئۇنىمىدى.
ـــ مەيلى تۇرىۋېرىڭ، ـــ دېدى بەگيۈسۈپ كۈتۈۋالبەگ بىلەن كۆز سوقۇشتۇرۇۋېلىپ، ـــ بىز بەخىرامان ئولتۇرغاندا، سىزنىڭ غەم ـ قايغۇ ئىلكىدە ئۆرە تۇرۇشىڭىز تىزلانغان بىلەن باراۋەر. سىز ھازىر ئامالسىز، ئادالەت ئالدىدىكى جاۋابكار. ئەمرىڭىز بىلەن نۇرغۇن ياخشى ئادەملەر بېشىدىن جۇدا قىلىنغان، بۇگۈ بىلگەلەرنىڭ قوللىرىغا زەنجىرلىك قىسماق، پۇتلىرىغا كىشەن، بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنغانىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تەقدىرىنىڭ قىسمىتى ئۆزگەردى. كۈتۈلۈپ، ئاسرىلىپ كەلگەن

نازۇك ـ ئەۋرىشىم تېنىڭىز ئاشۇنداق مۇدھىش جازاغا گىرىپتار بولدى. ئەلھال، ئۆزىڭىزنى قانداق سېزىۋاتىسىز؟

قۇماربىكە نېمىشقىدۇر پەرەنجىسىنى قايرىپ مېيىقىدا كۇلۇپ قويدى. دەرپەردىنىڭ ئالدىدىكىلەر بۇنى كۆرمىدى.

— مېنىڭ دەۋرىم ئاخىرلاشتى، بەگيۇسۇپ. مېنىڭ ئەمرىم بىلەن بۇغرا قاراخان باشلىق قاراخانىيلار ئارسلانخانلىرىنىڭ، خانلىق ئەربابلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنى راست. ئاز بولمىغان بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلارنىڭ زىندانغا تاشلانغىنىمۇ راست. ئەمما، ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، سىز ھايات قالدىڭىز. ياغمىلار يەنە ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقتى. مەن كىشەن ـ تاقاقتا بەند قىلىندىم. بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. تارىخقا نامىنى يازماقچى بولغان ئادەمنىڭ تەقدىرى ئىككى خىل بولىدۇ. يا نۇسرەت قازىنىدۇ، يا مەغلۇپ بولىدۇ. مەن مەغلۇپ بولدۇم. مەغلۇپلار قاتارىغا نامىم يېزىلدى. ئەمدى ماڭا قانداق جازا بەرگۈڭلار كەلسە، شۇنداق جازا بېرىڭلار. مەن رەھىم قىلمىغاندەك، سىلەرمۇ ماڭا رەھىم قىلماڭلار. مەن ئۆلۈپ بولغان خانىشمەن. ئۆزۈمنى ئەنە شۇنداق سېزىۋاتىمەن.

— سىز ئېرىڭىزگە پەقەت خىيانەت قىلمىغانمۇ؟

قۇماربىكە بىرىنچى قېتىم بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن ئاستا جاۋاب بەردى:

— مەن كۈچلۈك شەھۋەتخورنىڭ ھۇجۇمىغا ئاجىز كېلىپ، ئىككى قېتىم ئېرىمغا خىيانەت قىلدىم، شەرمەندە بولدۇم. ئاياللارنىڭ ئەرلەر ئالدىدا ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆزۈمدىن بىزار بولغان ئابىنچۇ خاتۇنمەن... بۇنى سوراپ ئەزرائىلدىن بۇرۇن جېنىمنى ئالدىڭىز، بەگيۇسۇپ. بۇ ئىقرارىمدىن مۇشۇ دەم تازىمۇ خۇشال بولۇۋاتقانسىز. ئەمدى يوشۇرۇپ نېمە قىلاي؟ — ئۇ قارا چۈمپەردىنىمۇ، دەرپەردىنىمۇ قايرىۋەتتى، — ئابىنچۇ خاتۇننىڭ جامالىنى بىر كۆرۈشكە قىزىققان بولغىيدىڭلار، كۆرۈۋېلىڭلار. لېكىن، بۇ ئالتۇن تارىم

قۇماربىكەنىڭ ساھىبجامالى ئەمەس.

— تۇفى شەرمەندە، — قازى ئاخۇن ئۆچۈشكە يۈز تۇتقان شامدەك، خىرە كۆكۈچ نۇر پىلىلداپ تۇرغان كۆزلەرگە قارىدى ـ يۇ، بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى: «كاساپەت، كىشەن، تاقاق بىلەن تۇرسىمۇ ئۇز كۆرۈنىدىكەن...»

كۇتۇۋالبەگ سەپسىلىپ قاراپ: «مۇبادا ئۇزۇم يالغۇز سوراق قىلغان بولسام ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىدىكەنمەن» دەپ قالدى.

— بەس، ئابىنچۇ خاتۇن! سىزگە ھېچكىم قىزىقمايدۇ، — بەگيوسوپ تارتىپ دەرپەردىنى يېپىۋەتتى.

قازى ئۇنىڭ بارلىق جىنايەتلىرىنى ئوقۇپ ئۆتۇپ:

— سوراق ئاخىرلاشتى، ئابىنچۇ خاتۇن! — دېدى.

قۇماربىكە چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان پېتى چۈمپەردىسىنى تاتارغان يۈزىگە تارتىپ، سوراقخانىدىن چىقتى. زىندانبېگى قاراۋۇللىرى بىلەن ئۇنى يالاپ ئاپىرىپ چاھقا چۈشۈردى. ئۇ پاخال ئۇستىدە ئولتۇرۇپ يۇم ـ يۇم يىغلىدى. مۇھەممەد ئارسلانخانغا ئۇسسۇزلۇق سۇنغان ئاشۇ ئامەتلىك كۈندىن باشلاپ راھەت ـ پاراغەتكە يۈزلىنىپ ھۆكۈم سۈرگەنلىرى يادىغا كېلىۋېلىپ كېچىچە كۆز يۇممىدى. سەھەردىلا چاھ ئاغزىدىن تاش يايقۇ ئېلىندى. ئۇنىڭ ياش ئېقىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن ئېتىكىگە يورۇق چۈشكەن چاغدىمۇ يېشى توختىمىغانىدى...

## 3

— بۇغرا قاراخان بىلەن بۇغراخانغا تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىنى كۆرگەن بولساڭ روھلىنىپ قالاتتىڭ ئوغلۇم.

— روھلانمىدىغان. ئۆز قوۋمىدىن چىققان ئالىپ تېگىنلارنىڭ تاج كىيىپ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئەلنىڭ بۇنداق قۇتلۇق سائادىتىدىن نېمىشقا

روھلانمىسۇن پەدەر؟ كۆرگەن بولسام بېشىم ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، كۆرەلمەي ئارماندا قالدىم.

— مەن مۇشۇنىڭ بىلەن ئالتە بۇغرا قاراخاننىڭ تاج كىيىپ تەختكە چىققانلىقىنى كۆردۈم، بالام. بىرىنچىسى مەلىكۇل مەشرىق يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ. ئىككىنچىسى سۇلايمان ئارسلانخان. ئۈچىنچىسى مۇھەممەد ئارسلانخان. تۆتىنچىسى ھۈسەيىن ئارسلانخان. بەشىنچىسى ئىبراھىم تېگىن. ئالتىنچىسى توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان. سەن — بىر پادىشاھنىڭمۇ تەختكە چىققانلىقىنى كۆرەلمىگەن بەختسىزلەردىن سەن. شۇنداقتىمۇ ئۆز قوۋمىڭدىن بولغان پادىشاھقا سادىق بولۇشۇڭ، ئۇنى ھەر ۋاقىت پىداكارلىق بىلەن ھىمايە قىلىشىڭ، ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى بەجانىدىل ئادا قىلىشىڭ لازىم ئىدى. بۇ چاغقىچە بۇغرا قاراخانلارنىڭ تەختكە قانداق چىققانلىقىنى سەپەردە بولغانلىقىڭ ئۈچۈن كۆرەلمەي كەلگەچكە نادان قەلبىڭدە ئۇلارغا نىسبەتەن ھۆرمەت ـ ساداقەت پەيدا بولمىغانلىقتىن ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلالمىغانىدىڭ...

— پەدەر بۇزرۇكۋار...

— گېپىمنى بۆلمە! مېنى «پەدەر بۇزرۇكۋار» دەپ خەقنىڭ تىلى بىلەن ھۆرمەتلىمەي، ئۆز ئانا تىلىمىز بىلەن «ئاتا!» دەپ ئاتاپ قەدىرىمگە يېتىشىڭ كېرەك. قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا! بەلكىم بۇ ئاخىرقى قېتىم ساڭا قىلغان نەسىھەتىم بولۇپ قالار. بىلمىگەن بولساڭ بىلىپ قالغىنكى، سەن بۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇغرا قاراخاننىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئاسىيلىق قىلدىڭ، باجنى تاپشۇرمىدىڭ ياكى خىيانەت قىلىپ ئاز تاپشۇردۇڭ، بۇ ئەلگە قىلىنغان ۋاپاسىزلىق. ئۆز پادىشاھىغا ئاسىيلىق قىلغان، ئەلگە ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەمنى نەس باسىدۇ. جازاغا ئۇچرايدۇ. مال ـ مۈلكىدىن، ھەتتا جېنىدىن جۇدا بولىدۇ. ئاڭلاۋاتامسەن ئوغلۇم؟

— ئاڭلاۋاتىمەن، ئاتا.

بەگتاش جالالدىن بالىخانا ئۆيدە بەگتاش جىلىلىنى ئېغىز ئاچۇرماي تەنبىھ بېرىۋاتاتتى.

— سەن دىنىمىزغىمۇ سادىق بولمىدىڭ، ئوغلۇم، — دېدى ئاتا كەسكىن قىلىپ، — ئۆشرە ـ زاكاتنى بەرمىدىڭ. شۇڭا، تۇنۇگۇن ئېلىپ كەلگەن ناپاك سوۋغاتنى قوبۇل قىلمىدىم. توۋا قىلىپ دىلىڭنى، زاكات بېرىپ مال ـ مۈلكىڭنى پاكلىشىڭ ھەممىدىن زۆرۈر. بۇنىڭسىز يىغقان مال ـ مۈلكىڭ ھالال بولمايدۇ، بىلدىڭمۇ؟

— بىلدىم، — بەگتاش جىلىل پۇشايمان قىلغان كەبى ئېغىر تىندى.

— ياق، ياق ! تېخى بىلىپ بولالمىدىڭ. چۈشتىن كېيىن دىنغا، پادىشاھقا، ئاۋام خەلققە ئاسىيلىق قىلغان قارا نىيەت مۇناپىقلار جازاغا تارتىلىدۇ. ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن جازا مەيدانىغا بېرىپ كۆرۈشۈڭ كېرەك. ئىنسان ئىبرەت ـ ساۋاق ئالماي تۇرۇپ ھەقىقىي ئادەم بولالمايدۇ. دۇنيادا ھەممىدىن ئادەم بولۇش قىيىن. بەزىلەر ئىبرەت ـ ساۋاق ئېلىشتىن قورقماي ئادەم بولۇش يولىدا ئىلگىرىلەيدۇ. بەزىلەر جازالىنىپ پۇت ـ قوللىرى كېسىلگەندىن كېيىن ئادەم بولىدۇ. بەزىلەر گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلىپ، دارغا ئېسىلىدۇ ياكى چېپىلىدۇ. مەن سېنىڭ ئادەم بولالماي، پۇت ـ قولۇڭدىن ياكى جېنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن، بالام. بۈگۈن جازا مەيدانىغا بېرىپ ئىبرەت، ساۋاق ئېلىپ دىلىڭنى، مېلىڭنى پاكلاشقا ئىرادە باغلا. بولمىسا ئاقىۋىتىڭ ئۇ گۇناھكارلاردىن بەتتەر بولىدۇ، — بوۋاينىڭ سۆزى ناھايىتى كەسكىن ۋە قەتئىي بولدى.

— ئاتا، مەن بۇ ۋاقىتچە گۇناھكارلارنىڭ جازالىنىشىنى يېقىندىن كۆرمىگەنىدىم. بۈگۈنمۇ بېرىپ كۆرگۈم يوق، ماقۇل بولسىلا. كۆرسەم قورقۇپ كېتىمەن، ئۆيدە توۋا قىلاي.

— كاپشىما ! گەپ ئاڭلىماس بەچچىغەر. دۇنيادىكى ئاسىي، خىيانەتچى، قارا نىيەت گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسى جازا مەيدانىغا

بىرىشتىن قورقىدۇ. چۈنكى، جىنايىتى ئاشكارا بولۇپ جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. سەنمۇ بىلىپ قوي، ئوغلۇم، جىنايەت ئۆتكۈزگەن گۇناھكار جازالانماي قالمايدۇ. ئادەم بولۇپ ئادەمچە ياشاي دېگەنلەرى جازا مەيدانىغا بېرىپ ئىبرەت، ساۋاق ئېلىپ گۇناھىغا توۋا قىلىشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ. باش تارتقانلار بېشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟

— چۈشەندىم، ئاتا. ماقۇل باراي، — بەگتاش جېلىل ئاخىر ماقۇللۇق بىلدۈردى، — پېقىر ئوغۇللىرى بۇ ياشقا كەلگۈچە ھەرقانداق جازا، زورلۇق - زۇلۇمدىن نېرى بولۇپ كەلگەنىدىم. شۇڭا، ھاياتىمنىڭ مەزمۇنى تولۇقلانماپتىكەن. باراي، بېرىپ كۆرۈپ ئىبرەت ئالاي. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىم خەيرلىك ئۆتكەي!

— ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، بالام. ھاجىپ بەگيۈسۈپتىن ئەپۇ سوراشنى ئۇنتۇپ قالما. ئۇ ساڭا تۇغقان، ئۇستاز بولۇپلا قالماي، سودىدا شېرىك. سەممىيەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ.

— بىلىمەن، ئاتا. ئۇ مېنى ئەپۇ قىلارمۇ؟

— چىن قەلبىدىن گۇناھىنى تىلەپ توۋا قىلغان بەندىسىنى ئاللا ئەپۇ قىلىپ، ھىدايەتكە باشلايدۇ، بالام. بەگيۈسۈپ سەممىي توۋا قىلغان كىشىلەرنىڭ غەمخارى. سەممىيەتسىز كىشىلەرنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

— پېقىر ئوغۇللىرى بۇنىڭدىن كېيىن سەممىي، راستچىل بولىمەن. گەپلىرىنى ئاڭلايمەن، ئاتا.

— ئۇنداق بولسا چىقايلى. بىزنى ئاكاڭ كۈتۈپ تۇرىدۇ. سىڭلىڭمۇ كەلمەكچىدى، يۈرگىن بالام.

بەگتاش جېلىل ئاتىسىنىڭ كەينىدىن ھويلىغا چىقتى.

سۇپىدا ئولتۇرۇشقان بەگتاش خېلىل ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ئەمدى ماڭمىساق ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز. مەپە تەييار بولدىمۇ بالام؟ — بەگتاش جالالىدىن قول باغلاپ تۇرغان چوڭ

ئوغلىدىن سورىدى.

— تەييار بولدى، ئاتا، ئىشىك ئالدىدا، — جاۋاب بەردى بەگتاش خىلىل ئويچان ئىنىسىغا قاراپ قويۇپ.

— كۆيۈئوغۇللىرىنى ئوردىغا ئۇزىتىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم، ئاتا. بەگتاش جىلىل ئاكامۇ بارىدىغان بولدىمۇ؟ — دېدى دەل ۋاقتىدا كەلگەن دىلداربىكە سالام بەجا كەلتۈرۈپ.

— نېمىشقا بارمىسۇن؟ بارىدىغان بولدى. ئىبرەت - ساۋاق ئالىدىغان يەرگە تىللا سەرپ قىلىپ بارسا ئەرزىيدۇ، قىزىم.

ئۇلار پاراڭلىشىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىشتى.

كۆكلەم قۇياشى غەرب تامان ئاستا سىلجىپ كېتىۋاتاتتى. شولىسى تاملارغا ياماشقانىدى. غۇر - غۇر شامال ئەتراپتىكى دەرەخلەرنى ئىرغاڭشىتاتتى. ھەربىر مەھەللىدىن سەپ تارتىپ چىققان جامائەت ئارايار، چاسا كوچىلىرىدىن تۈمەن دەرياسى بويىدىكى جازا مەيدانىغا ئاقماقتا.

قىزغۇچ دەريا سۈيى كۆۋەجەپ، شارقىراپ قىرغاققا ئۇرۇلاتتى. ئارغامچا - ئۈتكەمەسىمان بولۇپ ئىسسىق ياقتىن كەلگەن تۇرنا - غازلار چۇشۇشكە يەر تاللىشىپ قەشقەر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلماقتا.

ئەتراپىدا كىشىلەر مىغىلدىغان مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ۋەھىمىلىك دار ئورنىتىلغانىدى. دار ياغىچىغا چىگىلگەن قورقۇنچلۇق سىرتماق تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا قارا كىيىم كىيىپ يۈزىگە نىقاب تارتقان بىر جاللات ۋە بىرقانچە قاراۋۇل قىلىچلىرىنى كۆتۈرگىنىچە چەكچىيىپ تۇرۇشاتتى. ئۇياقتىراق كۆندۈرۈلمىگەن بىر بۇغرا تۆگە بىر قوتۇر ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇلغانىدى. بۇغرانىڭ چۇلۇكىگە باغلانغان قىل ئارقان يەردە سۆرۈلۈپ، خۇددى سوزۇلۇپ ياتقان يىلانغا ئوخشاپ قالغانىدى...

ھەممە ئادەمنىڭ كۆزلىرى مۇدھىش جازا قوراللىرىغا تىكىلگەنىدى.

— قاراڭلار ! مۇناپىق ئاسىيلار يالاپ كېلىندى.
— ئاۋۇ ئالدىدىكى مەرەز ئالۋاستى قۇمارىبىكە ئوخشايدۇ.
— ئالتۇن تارىم ئەمەس، يالماۋۇز ئابىنچۇ خاتۇن ئۇ.
— ئۆزىنى قەيسەربەگ دەپ ئاتىۋالغان مۇناپىق بوزاغۇنىڭ چىرايىغا قاراڭلار. ئانار ئىچكەن ئوغرىدەك قارىداپ كېتىپتۇ.
— ئەنە قاراڭلار ! قان ئىچەر جاللات مۇڭسۇزمۇ بار ئىكەن. ئەپتىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرۇپتۇ مەلئۇننىڭ، — دېيىشىپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىغان خالايىق تۆت تامانىدىن بويۇنىدىشىپ قارىشاتتى.

بوينىغا تاقاق، قولىغا زەنجىرلىك تۆمۈر قىسماق، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان قۇمارىبىكە، بوزاغۇ، مۇڭسۇز، بۆگۈش، هوشۇربەگلەرنى قىلىچ، نەيزە، ئومۇت كۆتۈرگەن قارا كىيىملىك جاللاتلار، قاراۋۇل، ياساۋۇللار زىنداندىن يالاپ ئېلىپ كەلدى.

قارا پەرىجىگە ئورنىۋالغان قۇمارىبىكەنىڭ چىھرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بوزاغۇ، بۆگۈش، هوشۇربەگلەر يەردىن باش كۆتۈرمەي ئاران ـ ئاران قەدەم يۆتكىشەتتى. مۇڭسۇزلا كىشەننى جاراقشىتىپ، پەرۋايىغا ئالمىغان قىياپەتتە ئەتراپقا گۆلىيىپ قاراپ كېلىۋاتاتتى...

ئۇلارنى جازا مەيدانىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئېگىز قىلىپ ياسالغان تاختاپەرگە چىقىرىپ، تۇرغۇزۇپ قويدى.
— ئاسىيلارغا ئۆلۈم !
— مۇناپىق قارا نىيەتلەر جازاغا تارتىلسۇن !
— ياۋۇز ئالۋاستى ئابىنچۇ خاتۇننى چالما ـ كېسەك قىلايلى !
— كىم كىشىگە ئورا كولىسا ئۆزى چۈشىدۇ ! — دەپ چۇقان سالدى دەۋرەپ كەتكەن خالايىق.

بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان، تامغاچ بۇغراخان ئىبراهىم بۆرە تېگىن، ئەبۇ ئەلى هەسەن بۇغراخان قاتارلىق شاهىنشاھلار، ۋەزىر ـ ۋۇزرا، هاجىپ، سانغۇن، يۇرتۇغ ـ جاندارلىرى بىلەن مەيداندىكى كۆركەم ياسالغان مۇنبەرگە چىقىپ

ئۆزلىرىگە خاس تەختتىن ئورۇن ئالغاندا، ئاۋام خەلق يەنە بىر قېتىم چۇقان كۆتۈرۈپ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان ئاق شايىغا يېزىلغان يارلىقنى ھاجىپ بەگيۈسۈپكە سۇنۇپ بەردى. ئۇ ئىككى قوللاپ ئېلىپ، باش ئۈستىگە كۆتۈردى. ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاۋام خەلققە كۆرسەتتى. ئاندىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ئەييۇھەنناس ! ئىشتىڭلار ئاممۇخاس ! بۈگۈن دىنىمىز ئىسلامغا ئاسىيلىق قىلىپ، خەلقتىن يۈز ئۆرۈپ ئەھلى ئىسلام خاقانىغا سۇيىقەست قىلغان قارا نىيەت مۇناپىقلارنى جازالاش توغرىسىدىكى پەرمانى ئالىينى ئوقۇپ بېرىمەن. تىنچ ھالدا قۇلاق سالغايسىزلەر، — دەپ خىتاب قىلغاندا، گويا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ پەسلىگەندەك، چۇقان سىلىنىۋاتقان ئاۋام خەلق ئاستا - ئاستا تىنچلاندى.

بەگيۈسۈپ پەرمانى ئالىينى ئوقۇدى:

«ئايغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز، يىگىرمە تۆت ئۇرۇقتىن ئىبارەت قوۋمى ۋەتەنگە مەلۇم بولسۇنكى، تەڭرى ئاتا قىلغان ئۆمۈرنى بۇ دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكى، ئۇ دۇنيانىڭ پاراغىتى ئۈچۈن ساۋابلىق ئىشلارغا ئاتىماي، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ، سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاۋامغا زۇلۇم قىلغان، ناھەق قان تۆككەن مۇناپىق قارا نىيەتلەرگە، شەيخۇلئىسلام قازىكالان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن ئادىل ھۆكۈم قىلسۇنلەر.

قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ بۇغرا قاراخانى مەھمۇد ئارسلانخان.

ئوردۇكەنت بۇغراخانى ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان»

پەرمانى ئالىينى ئوقۇپ بولغان بەگيۇسۇپ، ئىككى قوللاپ قازىكالان شەيخۇلئىسلام نۇرىدىن داموللا مەخدۇم ھاجىغا سۇنۇپ بەردى. قازىكالان باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمنامىنى ئوقۇدى.

«ئايغۇچى كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللا ئۇلۇغ، ئۇنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئادالەت بىلەن چىقارغان ھۆكمى خالىس ۋە لىللادۇر.

ئاللانىڭ نۇسرەت ئاتا قىلىشى بىلەن مەشرىق ئالىمىدە بەرپا بولغان قاراخانىيلار مەملىكىتى يۈز يىللار مابەينىدە، «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىپ ئادالەت بىلەن ئەل سورىغان قاراخانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا يىلسىرى ياشناپ، قۇدرەت تېپىپ كەلگەنىدى. ۋاھالەنكى، قارا نىيەت، ئاسىي سۈيىقەستچىلەرنىڭ يوشۇرۇن ھەرىكەتلىنىپ تاجۇتەختنى تارتىۋېلىشى، قىرغىنچىلىق قىلىشى نەتىجىسىدە گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. بۇ ئاسىيلار: خانىش ئابىنچۇ خاتۇن قۇماربىكە، ئۆزىنى قەيسەربەگ دەپ ئاتىۋالغان يۇغرۇش باشى بوزاغۇ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى مۇسۇلمان تونىغا ئورىنىۋالغان قان ئىچەر جاللات مۆڭسۇز، سابىق دەرۋازىۋەن، چاپاۋۇللار ئەمىرى ھوشۇربەگ، بوزاغۇنىڭ مالىيى بۆگۈشلەردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

گۇناھكار ئابىنچۇ خاتۇن قۇماربىكە ئاسىيلىق جىنايىتى بىلەن دارغا ئېسىلغان ئاتىسى بولۇنبەگنىڭ قىساسىنى ئېلىش، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ، تاجۇتەختنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن مەرھۇم مۇھەممەد ئارسلانخانغا تۇزكورلۇق، ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئۇنىڭ

ئىختىيارىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان. ئاسىي قاچقۇن ئاكىسى بوزاغۇنى ھەرەمگە خۇپىيانە ئېلىپ كىرىپ ئاغۇات قىلىۋالغان ھەم ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بولغان دوقاقبەگنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئون ئۇيغۇر، يىگىرمە تۆت ئۇرۇق، توققۇز ئوغۇز ئارىسىدىكى قىساسچى قارلۇقلارنى قاراخانىيلارغا قارشى يوشۇرۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، تاجۇتەختنى تارتىۋېلىش تەييارلىقىنى باشلىغان. قۇمارىبىكەنىڭ تەۋسىيە قىلىشى، كېپىل بولۇشى بىلەن بوزاغۇ مۇھەممەد ئارسلانخانغا جاندارلارباشى بولۇپ، رەزىل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا شارائىت ۋە ئىمكانىيەت ھازىرلىغان. بۇ ئارىلىقتا قۇمارىبىكەنىڭ بۇيرۇشى بىلەن بارسغاندىن قۇزئوردۇغا بارغان بوزاغۇ ئوردىدا باجگىربەگ بولۇپ ئىشلەۋاتقان تۇغقىنى پەرمانبەگنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپنىڭ قىزى بىلەن كۆيۈئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، قاتىللىقتا سالغان ئۈچ نەپەر خىزمەتكارىنىمۇ ئۈجۈقتۇرۇۋەتكەن. مۇھەممەد ئارسلانخاننى تاجۇتەختنى تارتىۋېلىشقا كۈشكۈرتۈپ، بۇغراخان سۇلايمان ئارسلانخان ئۈستىگە يۈرۈش قىلدۇرغان قۇمارىبىكە جەڭدە مەغلۇپ بولغان بۇغرا قاراخاننى ۋە ئۇنىڭ يۇغرۇشباشى بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپنى زىندانغا تاشلاتقۇزغان. سۇلايمان ئارسلانخان ئاچلىق، خورلۇق دەستىدىن زىنداندا ۋاپات بولغان.

بۇ سۇيقەستكە ئىختىيارلىق بىلەن قاتنىشىپ، باستۇرۇپ كەلگەن مۇھەممەد ئارسلانخان قوشۇنلىرىغا ئوردۇكەنت دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەن ھوشۇربەگ جاندارلارباشى بولغان. قان ئىچەر جاللات مۇگسۇز زىندانبېگى بولۇپ، بىگۇناھ مەھبۇسلارنى خالىغانچە ئازابلىغان، ئۆلتۈرگەن. يۇغرۇشباشى بولۇۋالغان بوزاغۇ ئۇلارغا يەل بېرىپ، ياۋۇزلۇق بىلەن ئەسكىلىك قىلىشىغا يول قويغان.

بۇ ئاسىيلار تەختكە چىقارغان مۇھەممەد ئارسلانخان باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساقنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ پۇقرالارنى نامراتلاشتۇرۇپ، ئەل ـ يۇرتنى خارابىلاشتۇرغانلىقتىن نارازىلىق كۆچىيىپ، بەگيوسۇپنى ۋە بىر قىسىم بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلارنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان. زىنداندىن چىققان بەگيوسۇپ بالىچاقىلىرى بىلەن بالاساغۇنغا كېتىۋاتقاندا، قۇمارىبىكە، بوزاغۇلار ئەۋەتكەن چاۋار، بۆگۈش باشلىق سەكسەن ئادەم بەدەلئارت داۋىنىنىڭ ئۇ تەرىپىدە، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بەگيوسۇپنىڭ رەپىقىسى ۋە ئادامتوغرۇلنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرگەن. بەدەلئارت قىشلىقىنىڭ ئاقساقىلى تۇرسۇنبەگنىڭ ئۆزلىرىگە يول باشلىغان ئوغلىنىڭمۇ جېنىغا زامىن بولغان.

تېخىمۇ ئېچىنىشلىق، قايغۇلۇق بولغىنى شۇكى، پۇرسەت كەلدى دەپ بىلگەن قۇمارىبىكە مۇھەممەد ئارسلانخان تاجۇتەختىنى، ۋەلىئەھدى ھۇسەيىن ئارسلانخانغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن كۈندىكى بەگ تەركىسىدە، بوزاغۇ، دوقاقبەگ، مۇڭسۇز، ھوشۇربەگ، بۆگۈشلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئېرى ۋە بۇغرا قاراخان بولغان ئۆگەي ئوغلىغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەن. بۇغراخان جەمەتى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرىنى چاپ ـ چاپ قىلىپ، دۇنيادا ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغان ئۆلۈم پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ چاپ ـ چاپتا مۇڭسۇز، ھوشۇربەگ، بۆگۈشلەر خانىش، مەلىكە، تېگىنلەرنى قىرغان. ھەتتا ئېغىر ئاياق چۆرە، بۆشۈكتىكى بوۋاقلارنىمۇ ساق قويمىغان. بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەن ھەرقايسى ئايماق، قەبىلىلەردىكى مۆتىۋەرلەرنى، بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلارنى، دەۋكار گۆھەرپۇرۇش[1]، لاتاپۇرۇشلارنى، تارىقچى، يىلقىچىلارنى زىندانغا تاشلاپ، مەملىكەت مىقياسىدا

---

① گۆھەرپۇرۇش ــ ئالماس ساتقۇچى.

ئەنسىزلىك پەيدا قىلغان. بۇ مەلئۇنلار ياغما ئۇرۇقىنى، بۇغراخان جەمەتىنى پۈتۈنلەي قەتلىئام قىلىپ، قاراخانىيلار ئېلىگە ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىش غەرىزىدە، ئىبراھىم تېگىننى تەختكە چىقارغان. بۇ ئاسىي نەچچە تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ بارسغانغا يۈرۈش قىلغان. ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن نەتىجىلىنىپ، قۇماربىكە، بوزاغۇ، مۇڭسۇز، ھوشۇربەگ، بۆگۈش قاتارلىق قارانىيەتلەر جەڭدە ئەسىر ئېلىندى. دوقاقبەگ جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى، ئىبراھىم تېگىننىڭ تېنىدىن جۇدا قىلىنغان بېشى ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كېلىندى. ئەسىر ئېلىنغان مەلئۇنلار سوراققا تارتىلدى. مۇدھىش قىلمىشلىرىغا ئىقرار بولدى. ئاللانىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەمرىگە ئاساسەن ئەدلى ـ ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان شەرئىتىمىز قارا نىيەت ئاسىي قۇماربىكەنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىدۇ. مۇناپىق سۈيىقەستچى بوزاغۇنى ئاتقا سۆرىتىپ، قان ئىچەر جاللات مۇڭسۇزنى بۇغراغا سۆرىتىپ، قارا نىيەت خائىن ھوشۇربەگنى دارغا ئېسىپ، ۋەھشىي، رەھىمسىز غالچا بۆگۈشنى ئوڭ ـ چەپ قىلىپ قول ـ پۇتىنى كېسىپ، ئاندىن قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ھەرقانداق كىشىنىڭ تىلىۋېلىشىغا بولمايدۇ. گۇناھكارلارنىڭ ھاياتلىق بېرىشنى تىلىشى، نارازىلىق بىلدۈرۈشى رەت قىلىنىدۇ. جازا دەرمەھەل ئىجرا قىلىنسۇن! ئاللاھۇئەكبەر!

ھۆكۈم بويىچە جاللاتلار قۇماربىكەنى يەرگە قېقىلغان تۆمۈر قوزۇققا باغلاپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى.

تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېتىلغان تاش، چالما ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىگە، ئېغىز ـ بۇرنىغا، بويۇن ـ بېشىغا، كۆكسى ـ قارنىغا

كەينى ـ كەينىدىن تەگدى. ئاپتاپ كۆرمىگەن پېشانە ـ مەڭزى، دۈمبە ـ مەيدىلىرىدە ھۆررەك ـ ھۆررەك قاپارتقۇلار پەيدا بولدى. بىر كۆزى پۇلتىيىپ، بىر كۆزى جىرتاق بولۇپ قالدى. ئالتۇن بىلەن قاپلاتقان چىشلىرى تۆكۈلۈپ ئاغزىدىن قان قۇيۇلدى. قارا تاۋار پەرىجىسى يىرتىلىپ تىتما ـ كاتاڭ بولۇپ كەتتى. ياقۇت تۇگمىلىك تەتىللا كۆڭلىكىمۇ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ، ئەمچىكى قانغا بويالدى. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ساغرىسىغا تاش تېگىپ دۈم يىقىلدى. داس سۆڭىكى چېقىلىپ، نازۇك بېلى ئۇشتۇلدى...

ــ مەن ئۇ ئالۋاستىغا بىر تاش ئېتىۋالاي. خالايىق ماڭا يول بېرىڭلار ! ــ دەپ توپ ئىچىنى يېرىپ چىققان قىيات بوۋاي يېقىنلاپ كېلىپ يوغان بىر تاشنى ئاتتى. قۇمارىبىكەنىڭ قۇلاق تۈۋىگە تەگدى. ئىڭرىغان ئاجىز بىر ئاۋاز ئاڭلاندى... غەزەپلەنگەن قىيات بوۋاي:

ــ ئابىنچۇ خاتۇن، تونۇدۇڭمۇ؟ مەن ساڭا خەۋەر يەتكۈزگىلى چىققاندا قۇلىقىمنى كېسىۋەتكەنىدىڭ. ئەمدى ئېيتقىنا، ئۆزۈڭ قانداق كۈنگە قالدىڭ؟ تۇفى ! لەنەت ساڭا ! ــ دەپ پۇخادىن چىقتى. ئۇ تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىگە قايىل بولغان ھالدا كەينىگە ياندى.

قۇمارىبىكەنىڭ يېنىغا تاش كۆتۈرۈپ كەلگەن بۇۋىئايىشە ئۇنىڭ خادىغا ئېسىپ قويۇلغان ئوغلى ئىبراھىم تېگىننىڭ بېشىغا قارىغىنىچە جان ئۈزۈۋاتقىنىنى كۆردى.

ــ قارا نىيەت سېنى مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالدۇردى، ئابىنچۇ خاتۇن. بۇنى بىلدىڭمۇ؟ سەن ھېچكىمگە رەھىم قىلمىغان ئىدىڭ، ساڭىمۇ ھېچكىم رەھىم قىلمىدى، ــ دېدى ئۇ نەپرەتلىك كۆزلىرىنى چالما ـ كېسەككە كۆمۈلۈپ كېتىۋاتقان قۇمارىبىكەگە تىكىپ.

بۇۋىئايىشە كەينىگە يانغاندا ئابىنچۇ خاتۇن مىڭلىغان ئادەم ئاتقان چالما ـ كېسەككە كۆمۈلۈپ قالدى.

جاللاتلار بوزاغۇنى دۆشكەللەپ ئاپىرىپ، پۇت ـ قولىدىكى

كىشەن، قىسماقنى ئېلىپ، قىل ئارقان بىلەن بوز ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، قويۇپ بەردى. بويىنىغا تاراسلاپ قامچا تەگكەن ئات بوزاغۇنى سۆرەپ چاپتى. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يۈزسىز مۇناپىقنىڭ يۈزى تاش - تۇپراققا تېگىپ زېدە بولدى، كۆزلىرىگە تىكەن سانجىلدى، ئاغزىغا توپا كىردى. ئات مەيداننى ئۈچ قېتىم ئايلانغاندا بۇ مەلئۇننىڭ تېنى كۆرگۈسىز بولۇپ كەتتى.

جازا نۆۋىتى مۇڭسۇزغا كەلدى. جاللاتلار مۇڭسۇزنىڭ ئىككى قولى، پۇتىنى قىل ئارقان بىلەن چىڭ باغلاپ، مادا ئېشەكنىڭ قۇشقىنىغا چېتىپ قويۇلغان بۇغرا تۆگىنىڭ قۇيرۇقىغا چىگدى. بۇ مادىنىڭ چاترىقىغا چېقىر تىكەننى قىستۇردى. ئېشەك سەكرەپ، چىچاڭشىپ، تېپىپ مۇڭسۇزنىڭ بوغما قاپاقتەك يوغان سەت قاڭشىرىنى يېرىۋەتتى. تاقا چوقۇر يۈزىنى تىلىۋەتتى. باش - كۆزى ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ ماكچايدى. يۈزلىگەن بىگۇناھ كىشىنىڭ تېنىنى قانغا بويىغان بۇ جاللاتنىڭ جىسمىمۇ قانغا بويالدى...

جازا نۆۋىتى ھوشۇربەگكە كەلدى. جاللاتلار ئۇنى سۆرەپ كېلىپ دار ئالدىدىكى كۆتەكنىڭ ئۈستىگە چىقاردى. بويىنىغا سىرتماقنى سالدى. كۆتەكنى بىر تېپىپ دومىلىتىۋەتتى. ھوشۇربەگنىڭ گېلى بوغۇلۇپ، دۇنياغا تويمىغان كۆزلىرى چاچراپ چىقتى. كاززاپ تىلى ئاچ قالغان ئىتنىڭكىدەك ساڭگىلىدى. جانسىز تېنى دار ياغىچى ئاستىدا پۇلاڭلاپ قالدى.

جاللاتلار دەسلەپ بۆگۈشنىڭ ئوڭ قولى بىلەن چەپ پۇتىنى، ئاندىن چەپ قولى بىلەن ئوڭ پۇتىنى پالتا بىلەن چاناپ ئۈزۈپ تاشلىدى. قىلىچ بىلەن بويىنىغا چېپىپ ئىشلىمەس كالۋا بېشىنى نىجىس تېنىدىن جۇدا قىلدى...

— ئاسىي گۇناھكارلارغا بېرىلگەن جازا ھەق بولدى !

— ئادالەت بىلەن تەخت مۇستەھكەملىنىپ، ئەل راۋاج تاپىدۇ !

— سائادىتىمىز — ئادالەت ! پەخرىمىز — بۇغرا قاراخان ! — دەپ چۇقان سالغان خالايىق تارقىلىشقا باشلىدى...

بەگتاش جىبىلىلىنىڭ ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ، تىلى كالۋالىشىپ قالدى. ئاتىسىنىڭ ئىبرەتلىك جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىشقا شۇنچىۋالا كۆچىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭغا ئەمدى ئايان بولدى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# دىدارلىشىش ۋە ئايرىلىش

### 1

ھىجرىيە 451 ـ يىلىدىكى[1] نورۇز بايرىمى تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىنىڭ شەرىپى بىلەن ئون كۈن داۋام قىلدى. بۇ ئون كۈن ئىچىدە ھاۋا ئوچۇق بولدى. جۇتمۇ بولمىدى، يامغۇرمۇ ياغمىدى، بورانمۇ چىقمىدى. ھاۋا رەڭ ئاسمان گۈمبىزى كۆكلەم قۇياشىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۆككەن ئالتۇن نۇرىدا بىللۇردەك جۇلالاپ، زادىلا تۇتۇلمىدى.

قىزىل دەرياسى، تۈمەن دەرياسى بويلىرىدىكى سەينا، مەيدانلاردا ئۆتكۈزۈلگەن قىلىچۋازلىق، نەيزەۋازلىق، گۆرزە، ئومۇت ئۇرۇش، يا بىلەن قارىغا ئېتىش، چېلىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، مۇشائىرە، گەپدانلىق، ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىش قاتارلىق روھنى ئۇرغۇتۇپ، جاسارەت بەخش ئېتىدىغان پائالىيەتلەر قىزغىن داۋام ئەتتى. ناغرا ـ سۇناي، بۇرغا ـ كاناي ئۈنلىرى ھەر تاماندىن ئاڭلىنىپ تۇردى.

بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان، بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان، تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بۆرە تېگىن ئۆزىنىڭ يۇرتۇغ ـ جاندارلىرى بىلەن بىرىپ مەرىكىنى كۆردى. ئاۋام بىلەن بىللە كۆڭۈل ئاچتى. بىللە تەنتەنە قىلدى.

باتۇر پالۋانلار ئومۇت، نەيزىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ ئات

---

[1] مىلادىيە 1059 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇستىدە تۇتۇۋېلىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئىبراھىم بۆرە تېگىنمۇ تۆمۈر ساپلىق گۈرزىسىنى يەتمىش گەز ئېگىزلىككە ئېتىپ ئاۋامنى ھەيران قالدۇردى.

بەگتۇرمۇش بىلەن ئەبۇ ئەلى ئەھمەد تېگىن قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىقتا بىرىنچى بولۇپ، بۇغرا قاراخاندىن بىر لېگەندىن تىللا تارتۇق ئالدى. ئاشانبۇقا ئۆزىدىن يىگىرمە ئىككى ياش كىچىك، بارسغان پالۋانى بىلەن چېلىشىپ يېڭىۋالدى ھەم بىر لېگەن تىللا تارتۇق ئالدى. سۇلتانبەگ ئات بەيگىسىدە بىرىنچى بولۇپ تارتۇق ئالدى. ئارسلان، ئەرئاتانلارمۇ، ئوردۇكەنت مەرگەنلىرى بىلەن ئوقيا ئېتىشتا بەسلىشىپ بىرىنچى بولدى. ھەر ئىككىيلەن ئون توققۇز قەدەم يىراقلىقتىن ئوق ئۇزۇپ ئۈزۈك كۆزىدىن ئۆتكۈزۈپ بىر لېگەندىن تىللا تارتۇق ئالدى.

نورۇز بايرىمى ۋە تاج كىيىش مۇراسىمىغا بېغىشلاپ ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇشائىرىدە ئوقۇلغان شېئىر، قەسىدىلەر گويا چۆلگە ياغقان سىم - سىم يامغۇردەك كىشىلەر قەلبىنى ياشنىتىپ، ئۇلارغا غۇرۇر، جاسارەت بەخش ئەتتى. روھلىرىنى ئۇرغۇتتى.

بەگيۇسۇپ تولىراق تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بۆرە تېگىنگە ھەمراھ بولدى. بۇ مەغرۇر، جاسارەتلىك خاقان ئۆزىنىڭ يۇرتۇغ - جاندارلىرى ۋە تاجىلمۇلىك باشلىق ۋەزىر، ئەمىرلىرى، خانىش، مەلىكە، شاھزادىلەر بىلەن ئادىرا تۇركەن خاتۇننى ئارىغا ئېلىپ، بىر كۈنى تۇمەن دەرياسى بويىدىكى مەرىكىدە بولسا، يەنە بىر كۈنى قىزىل دەرياسى بويىدىكى ئات بەيگىسىنى كۆردى.

بەگيۇسۇپ بۇغرا قاراخان ۋە بۇغراخاننىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئۆزىنىڭ ياساۋۇل - قاراۋۇللىرىنى ئىشقا سېلىپ، مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، كۈتۈش، سەيلە قىلدۇرۇش كويىدا ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

مەرىكە، سورۇنلاردىن بۆلەك، مەھەللە - مەھەللىدە، قورۇ -

ھويلىلاردا نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل قىزىپ ئەۋجگە كۆتۈرۈلدى.

يىللاردىن بېرى ئازاب ـ ئوقۇبەت، قايغۇ ـ كۈلپەت دەستىدىن يۈرىكى قان ـ زەرداب بولغان ئاۋام خەلق، مەيلىچە ئويناپ ـ كۈلۈپ پۇخادىن بىر چىقتى. ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئاۋامغا جۇرئەت، غەيرەت، جۇشقۇن روھ بەخش ئەتكەندى.

نورۇز بايرىمىنىڭ ئونىنچى كۈنى مەرىكە ـ سورۇنلار ئاياغلىشىپ، مەيدان ـ سەينالار بوش قالدى. ئىبراھىم بۆرە تېگىننىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن بەگيۈسۈپ بىللە شىكارغا چىقتى. ئۇلار تۈمەن دەرياسى بويىدىكى چاتقاللىقنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئۇزاق مۇڭداشتى.

— تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى، بۇ قېتىم ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن ئوردۇكەنتكە كېلىپ، ئادىرا تۈركەن خاتۇن، توغرۇل قاراخان، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان باشلىق بۇغراخان جەمەتىنى، ئاۋام خەلقنى كۆپ خۇرسەن قىلدىلا.

— ھاجىپ جانابلىرى، ئۆزلىرىنى خۇرسەن قىلالمىدىممۇ؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، ھەممىدىن كۆپرەك پېقىرنى مەمنۇن قىلدىلا. مۇبادا كەلمىگەن بولسىلىرى، تاج كىيىش مۇراسىمى مۇنداق دەبدەبىلىك ۋە سەلتەنەتلىك ئۆتمىگەن، نورۇز بايرىمىمۇ مۇنچىلا قىزىمىغان بولاتتى.

بۆرە تېگىن دەرياغا ئېگىلىشىپ قالغان دوڭغاق سۆگەتنىڭ تۈۋىدە توختاپ، كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان لايقىش سۇغا خىيالچان نەزەر تاشلاپ دېدى:

— راستىنى دېسەم ھاجىپ، تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىنىڭ تەنتەنىلىك بولۇشى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلۇغ ئاپام ئادىرا تۈركەن خاتۇندىن دۇئا ئالغىلى، سىز ئۇستاز بىلەن دىدار كۆرۈشكىلى، ئوردۇكەنت ئەھلىگە سالام بەرگىلى كەلدىم. ۋاھالەنكى، بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيدىغان، بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنى قەستلەيدىغان، ئەلنى كۆزدە تۇتمايدىغان

قىرىنداشلىرىمنى كۆرگۈم يوق ئىدى...
بەتلەگلىنىڭ يادىن ئوق ئۈزگەن بەگيۇسۇپ دەريا قىرىغا پالاقشىپ چۈشكەن غازغىمۇ قاراپ قويماي، بۆرە تېگىنىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ كەسكىن سوئال قويدى:
— تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى، كۆپنى كۆرگەن، ئەللەر ئارا نامى چىققان جاھانگىر پادشاھ تۇرۇپ مۇنداق دېيىشلە توغرا بولارمۇ؟
— نېمىشقا توغرا بولمايدىكەن، ھاجىپ؟ بۇغراخان جەمەتىدىكىلەرنىڭ تەخت تالىشىپ بىر - بىرىنى قەستلىگىنى يالغانمۇ؟
— بۇغراخان جەمەتىدىكى تېگىن، ئارسلانخان، ئېلىكخان، ئىنال تېگىنلارنىڭ ھەممىسى ئۇنداق سۇيىقەستچى، كاززاپلاردىن ئەمەس، بۆرەم. مەسىلىگە ئۇنداق قارىسىلا، تارىختىن توغرا خۇلاسە چىقىرالماي خاتالىشىپ قالمدىلا. قاراخانىيلار تارىخى باتۇر، قەيسەر ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ ئۇيۇشۇش تارىخى. پىداكارانە جەڭ قىلىپ ئېلىنى قوغداش تارىخى. بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇپ قارا نىيەت ئاسىيلارنىڭ سۇيىقەستىنى تارمار قىلىش تارىخى. بۇغراخان جەمەتى — غۇرۇرلۇق، ئالىيجاناب، ئېسىل جەمەت. ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر جەمەت. بۇ جەمەتنى قارىلاشقا بولمايدۇكى، ئۇلۇغلاشقا ئەرزىيدۇ. تاج تالاشقان ئىبراھىم تېگىندەك قارا نىيەتلەر بۇ جەمەتكە چۈشكەن مىتە قۇرت. بۇ سىلىگە مەلۇم ئەمەسمۇ، ئالىيلىرى؟
— بۇ مەلۇم، ھاجىپ. مەلۇم بولغاچقا ئۇلارغا «خوش - خوش» قىلماي، تامغاچ بۇغراخان بولۇپ نام چىقارغانمەن.
بەگيۇسۇپ يانى سۆگەتنىڭ شېخىغا ئېلىپ قويۇپ، قۇمساڭ قىرغاقتا زوڭزايدى.
— ئالىيلىرى، پېقىر راست سۆزلەپ ئۆگەنگەن ئادەم. خاپا بولىسىلىمۇ راستىنى راست دېمەي باشقا ئىلاجىم يوق، — بەگيۇسۇپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇغا كۆز سېلىپ سۆزىنى

داۋام قىلدى، — ئۆزلىرىنى تامغاچ بۇغراخان، دەپ ئاتاپ، شانىۇ شەۋكەتلىك قاراخانىيلار خانىدانلىقىدىن ئايرىلىپ كېتىشلىرى بىلەن تەڭلا ئۇلۇغ مەملىكەت ئىككىگە پارچىلاندى. سىلىدىن ئۆگىنىپ، قوچۇ دىيارىنىڭ ئىدىقۇتى[1]مۇ بويۇنتاۋلىق قىلدى. بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟

— توختاڭ، بەگىۇسۇپ، — بۆرە تېگىن ئۆزى تۇتۇپ تۇرغان بىر شاخنى يېرىپ سۇغا تاشلىدى، — بىلەمسىز، مەن نېمە ئۈچۈن بۇغرا قاراخانغا بويسۇنماي ئايرىلىپ چىقتىم؟ مەنمۇ يالغان سۆزلىگەن ئادەمنى ئەپۇ قىلمايمەن. راستىنى دېسەم بۇنىڭ سەۋەبى بىرلا: مەندەك ئالىپ قاراخان تۇرغان يەردە، بۇغرا قاراخان بولۇش لاياقىتى يوق تېگىن، ئارسلانخانلار بۇغرا قاراخان بولۇپ ھۆكۈم سۈردى. بىراق، ئۆزىنى، مەملىكەتنى قۇدرەت تاپتۇرالمىدى. ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋامنى رازى قىلالمىدى. ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەقىل ـ پاراسەتمۇ، ئاللادىن باشقا ھېچكىمگە باش ئەگمەس ئىرادەمگە، ھەرقانداق ئالىپلار تەڭ كېلەلمەيدىغان جەڭگاھتىكى باھادىرلىقىمغا، ھېچقانداق پادىشاھتا يوق مەردۇمەردانىلىكىمگە، كەڭ قورساقلىقىمغا، ئادالەتپەرۋەر، ئەلسۆيەر ئىكەنلىكىمگە ئىشەنچىم كامىل. مانا شۇنداق خىسلەت ـ پەزىلىتىم بىلەن بۇغرا قاراخان — شاھىنشاھ خاقان بولۇشقا لايىق كەلمەمدىمەن؟

— كېلەتتىلە ئالىيلىرى، بىراق؟...

— نېمە بىراق، بەگىۇسۇپ؟

— ۋەلىئەھدى ئەمەس ئىدىلە. ئەمدى چۈشەنگەنلا؟

— چۈشەندىم، — ئىبراھىم بۆرە تېگىن يىگىرمە قەدەم نېرىدىكى باراقسان قاپاق تېرەككە قونغان كەكلىكنى يا بىلەن ئېتىپ چۈشۈردى، — مانا بۇ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇشتىكى كەچۈرۈپ بولماس خاتالىق. ئىقتىدار ـ قابىلىيىتى، ئىرادە ـ

---

① تۇرپان ھۆكۈمدارى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلاتتى.

جۈرئىتىگە قارىماي، بۇغرا قاراخاننىڭ ئۆز بالىسى ئىكەنلىكىنىلا نەزەردە تۇتۇپ ۋەلىئەھدى تەيىنلەش ئادىتى قاچانمۇ ئۆزگىرەر؟

— بۇ ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ، شاھىم، — بەگيۇسۇپ يانى بەتلەۋاتقان بۆرە تېگىنىنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى، — سۆزۈمگە قۇلاق سالسىلا. ئاڭلاۋاتامدىلا؟

— ئاڭلاۋاتىمەن، — بۆرە تېگىن يانى يېنىدا قويدى.

— بۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرسىلە. سىلى ۋەلىئەھدىكە ئۆز ئوغۇللىرىنى تەيىنلىمەمدىلا بۆرەم؟

تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپلا ئوغلى شەمسۇلمەلىكنى ۋەلىئەھدى قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن بۆرە تېگىن ئويلىنىپ قېلىپ دەرھال جاۋاب بەرمىدى.

— سىززە ... — ئۇ كۆڭلىدىكى راست سۆزىنى يوشۇرمىدى، — مانا شۇنداق دانىشمەنلىكىڭىز بىلەن ھەرقانداق گەپ يېمەس بىلەرمەن پادىشاھنىمۇ قايىل قىلالايسىز. مۇشۇ سوئالىڭىز بىلەنلا مېنىمۇ قايىل قىلدىڭىز. «بۆرەم» دەپ دوستلىقىمىز باشلانغان يىگىتلىك چاغلىرىمنى ئېسىمگە سالدىڭىز. ئۇ چاغدا مەن «مىسكىن تالىپ، بۆگۈ بىلگەلەر پادىشاھ بولالمايدۇ» دەپ بىلىم ئەھلىنى كەمسىتكەن ئىدىم. سىز رەنجىمەي، بۇغرا قاراخان ئالدىدا ئۆزىڭىز يازغان شېئىر ـ نەزمىلىرىڭىزنى ئوقۇپ بېرىپ مېنى ھەيران قالدۇرغانىدىڭىز. بىللە شىكارغا چىقىپ، بىلىم ئۆگىنىشنىڭ پادىشاھ بولۇش ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈرلۈكى توغرىسىدىكى قاراشلىرىڭىزنى ئىزھار قىلىپ، مېنىڭ تونۇشۇمنى يېڭىلىغان ئىدىڭىز. شۇنىڭ بىلەن قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىقتا قىزىقىپ قالماستىن، بىلىم ئۆگىنىشكىمۇ قىزىقىدىغان بولغانىدىم. ئارىدىن يىگىرمە بەش يىل ئۆتكەندە يەنە مېنىڭ تونۇشۇمنى يېڭىلىدىڭىز. دېمەك، پادىشاھلارنىڭ ئۆز ئوغلىنى ۋەلىئەھدى قىلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى تۈزۈمنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىكەن ـ دە.

بەگيۇسۇپ ئۇنىڭ تۆمۈر ساۋۇت يوشۇرۇپ تۇرغان كۆكرىكىگە تۇرتۇپ قويۇپ دېدى:

— يوقسۇ. مەن تېخى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ دېمىدىم، بۆرەم. «قۇرئان كەرىم» دىمۇ ۋەلىئەھدى پادىشاھنىڭ ئوغلى بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئايەت يوق. «زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار[①]» دېگەن ئايەت بار. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى بۇ ئەنئەنىۋى قائىدىنى ئىسلاھ قىلىشقا بولىدۇ. قۇمارىبىكەگە ئوخشاش ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئاۋامنى زورلاپ ئەمرىگە ئىتائەت قىلدۇرالمايدۇ، ئۇنداقلار ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغۇچىلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلماي قالمايدۇ، بۆرەم. بۇ ساۋاق ئەسلىرىدە بولسۇن.

— ئەلۋەتتە، ئېسىمدە ساقلايمەن، ھاجىپ. مەن ئۆزۈمنى «بۇغرا» دېيىشتىن كۆرە «بۆرە» دەپ ئاتاشنى ياقتۇرىمەن. سىزمۇ مېنى «بۆرەم» دەپ ئاتاپ بىر مۇددىئادا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈردىڭىز. شۇنداقمۇ دوستۇم؟

— بۇ مۇددىئا - مەقسىتىمىزنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسىمۇ، ماڭغان يولىمىزنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇغرا تۆگە بەستلىك، كۆچتۈڭگۈر بولغىنى بىلەن، بۇرنىنى تېشىپ، چولۇك ئۆتكۈزسە، قارشىلىق قىلمايدۇ. ئۇ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىنىپ قېلىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. بەزى بۇغراخانلارنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولدىغۇ. بۆرىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىچە، ئۇ ھېچنېمىگە بويسۇنۇشنى خالىمايدۇ. قەھرىمۇ، مېھرىمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆم - ئىتتىپاق. ئالپىلىرىنىمۇ يەۋەتمەي بېقىپ چوڭ قىلدى. بۇغرا مىجەز ئەمەس، بۆرە مىجەز بولۇپ يېتىلدىلە، قاراخانىيلار ئېلىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەملىكەت قۇردىلا...

① «قۇرئان كەرىم»: سۈرە «شۇئارا»دىن.

— مېنىڭ ئايرىلىشىم — بىرلىشىش ئۈچۈن ئىدى، ھاجىپ. شۇڭا، «تامغاچ بۆرەخان» دەپ ئاتىماي، ئۆزۈمنى «تامغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتىغانىدىم، — دېدى ئىبراھىم بۆرە تېگىن ئۆز مۇددىئاسىنى ئوچۇق بايان قىلىپ.

— بۇنى مەن ئۆز ۋاقتىدا چۈشەنگەن، بۆرەم. شۇڭا، سىلىگە قارشى يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇغرا قاراخان، ئېلىكخانلارغا مەسلىھەت بەرمىگەنىدىم. بۆرىلەرنىڭ ئۆز تائىپەسىگە چېقىلمايدىغان ئېسىل مىجەزى سىلىدە بولغاچقا، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلمىدىلا. مەغرىبتىكى قاراخانىيلار زېمىنلىرىنى ئىگىلەش بىلەن كۇپايىلەندىلە. مانا بۇ ئىرادىگە بويسۇنمايدىغان تەقدىر. ھالبۇكى، ۋەلىئەھدى بەلگىلەش — ھەربىر پادىشاھنىڭ تەقدىرىدىكى بىر قىسمەت. بۇنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش مۇمكىن. «ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ...» — دېدى بەگيۇسۇپ يىراقتىن ئاڭلانغان قوڭغۇراق ساداسىغا قۇلاق سېلىپ. دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى چوڭ يولدا تۆگە كارۋىنى كېتىۋاتاتتى. غوڭ قاپاق ئېسىپ قويغان بىر توپ كەپتەرمۇ دەريا ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. بەگيۇسۇپ نەزىرىنى ئويلىنىپ قالغان بۆرە تېگىنگە يۆتكەپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن ئىبراھىم تېگىن ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ قويۇلغاچقا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلالمىدى. ئاسىي قارا نىيەتلەرنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن ئاتىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلدى. قىساس تۇتۇپ جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. قارا نىيەت پىتنىچى قۇماربىيكە قىلغىنىغا يارىشا چالما ـ كېسەك قىلىندى. ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ پەزىلەت ـ خىسلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۇرۇنلىرىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈلۈپ قېلىشتىن ھەر ۋاقىت ھەزەر ئەيلىگەن، بىلىم ئەھلىنى دوست تۇتۇپ ئادالەتنى ياقلىغان توغرۇل قاراخان، ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخانلار ھەققانىيەت ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، ھەقلىق يوسۇندا قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ خاقانلىرىغا ئايلاندى. ئالىيلىرى،

باھادىرلىقلىرى، مەردانىلىكلىرى بىلەن مەغرىبتىكى قاراخانىيلار ئېلىنىڭ شاھىنشاھى بولۇپ دۇنيادا نام قازاندىلا. پادىشاھ ئۈچۈن ھەربىر مۇشكۈللۈك ياكى ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش — غەلىبىگە يول ئاچقانلىق بىلەن باراۋەر. ھەربىر كىشىگە، ھەربىر قىسمەتكە باھا بېرىشتىمۇ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشلىرىنى يەنە بىر قېتىم سەمىلىرىگە سېلىپ قويىمەن، بۆرەم. ئېغىزدىن چىققان سۆز — ئاتقان ئوق. ئۇنى قايتۇرۇۋېلىپ ئالغىلى بولمايدۇ. بىر ئېغىز يالغان سۆز ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرسە، بىر ئېغىز راست سۆز ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

نېرىدىراق دەريا بويىغا چۈشۈپ سۇ ئىچىۋاتقان كېيىكلەرگە ئىبراھىم بۆرە تېگىن يادىن ئوق ئۈزمەكچى بولدى - يۇ، بۇ نىيىتىدىن شۇ ھامان يېنىپ بەگيۇسۇپنىڭ سۆزىگە جاۋابەن دېدى:

— توغرا دېدىڭىز، بۆگۈ بىلگە دوستۇم. ۋەزىرىم تاجىلمۇلىكمۇ مېنى دائىم ئېغىر - بېسىق بولۇشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ. ياشلىق چاغلىرىمغا نىسبەتەن كۆپ سەۋرچان بولۇپ قالدىم. بۇنداق تەمكىن بولۇپ قېلىشىمدا تۆتىنچى رەپىقەم مايمۇنەنىڭمۇ ھەسسىسى بار.

— ھەسسىسى بار؟ بۇ نېمە دېگەنلىرى شاھىم؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى بەگيۇسۇپ.

— ئۇ ناھايىتى ئەقىللىك ئىكەن، دوستۇم. ئايال زاتىنىڭ مۇنداق ئەقىللىكىنى مەن ئۇچراتمىغان. «ئېغىر - بېسىق بولسىلا شاھىم، يەڭگىللىك قىلىپ ناھەق قان تۆكۈلۈشكە سەۋەبچى بولۇپ قالمىسىلا» دەپ تۇرغاچقىمۇ، كۈنسېرى تەمكىن بولۇپ قالدىم. ئاجايىپ خوتۇن ئىكەن ئۇ.

— ھە! — بەگيۇسۇپ ئىچىدىن ئويلاپ كۈلۈمسىرىدى، — مايمۇنەخان تۇنۇگۈن كەچ دىلدارىمىكە بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئۈچۈن غېرىبخانىمىزغا كەپتىكەن. ئۆزلىرىنىڭ تەرىپلىرىنى

قىلىپ بەردى. تويى بولۇپ قىرىق بىرىنچى كۈنى ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، قىرىق تۆگە سوۋغات بىلەن يەمەنگە يولغا سېلىپ قويغانلىرىنى، ئانا ۋەتىنىگە بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلغىنىنى، قىرىق كۈن تۇرۇپ سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلگىنىنى دەپ، ئۆزلىرىدىن كۆپ مىننەتدار بولغىنىنى بايان قىلدى، بۆرەم. پېقىرمۇ خۇرسەن بولۇپ قالدىم...

— كاككۇك! كاككۇك! كاككۇك! — ياپراقلىرى تۆتقۇلاق بولغان سۇۋادان تېرەككە قونۇپ سايراشقا باشلىغان كاككۇك ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ قويدى.

— نېمىشقا سۆزىڭىزنى توختىتىۋالىسىز دوستۇم؟ سۆزلەۋېرىڭ. كەتكۈچە ھېكمەتلىرىڭىزنى كۆپرەك ئاڭلىۋالاي، — بۆرە تېگىن ھەزىل قىلىپ ئۇنى تۈرتۈپ قويدى.

— كاككۇك ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختاپ قالدىم، بۆرەم. ھەرقاچان كاككۇك ئاۋازىنى ئاڭلىسام ئىشقىمۇ قولۇم بارمايدۇ. سۆزگىمۇ تىلىم كەلمەيدۇ.

— نېمىشقا دوستۇم؟

— نېمىشقا دېسىڭىز بۆرەم، مەرھۇم رەپىقەم ماڭا مانا شۇنداق نورۇز مەرىمى ۋاقتىدا، كاككۇك سايراپ تۇرغاندا نىكاھ قىلىنغانىدى. قايسى چاغدا كاككۇك ئاۋازىنى ئاڭلىسام، مەرھۇم رەپىقەم مېنى چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ، — دېدى بەگيۇسۇپ ئون قەدەم نېرىدىكى سۇۋادان تېرەكتىن كۆز ئۈزمەي.

— بىلدىم، دوستۇم. ھىجران تىغىدىن يۈرىكىڭىز يارا ئىكەن. مېنىڭ يۈرىكىممۇ ھىجران تىغىدىن يارىلىنىشقا ئاز قالغاندا ۋىسال بەختىگە يەتكۈزگەنىدىڭىز. شۇڭا، يۈرىكىم پۈتۈن. ئاللادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايمەن...

— توختىسىلا، بۆرەم. مەن سىلىنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ۋىسالغا ئېرىشتۈرگىنىم يوق. ئاھۇغا كۆزى چۈشكەن كۆك بۆرىنىڭ خىرىس قىلىپ ئىشىنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ،

سائادەت مەلىكىسىنى ئاران ماقۇلغا كەلتۈرگىنىم ئېسىمدىن تېخى چىقمىدى.
تامغاچ بۇغراخان قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— مەن بۆرە بالىسى، دوستۇم. ئۇ چاغدا شۇنداق ھەيۋە قىلمىغان بولسام، بۆگۈ بىلگەنى تەسىرلەندۈرەلمەيتتىم، سائادەت مەلىكىسىگىمۇ ئىگە بولالمايتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. سىزگە سەمىمىي رەھمىتىمنى ئوۋچە ئىزھار قىلىۋېلىش ئۈچۈن بىللە شىكار قىلىشقا تەكلىپ قىلغانىدىم، شىكارىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى.
— تېخى يۈخادىن چىققۇدەك ئاڭ ئوۋلىمىغان تۇرساق، بۇ شىكارنى قانداقمۇ كۆڭۈللۈك بولدى، دېگىلى بولسۇن؟
— ياق، دوستۇم، ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. گەرچە بىز كۆپ ئاڭ ئوۋلىمىغان بولساقمۇ، ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ھايات يولۇمغا مەشئەل يېقىلغاندەك بولدى. سىز يېنىمدا بولغان بولسىڭىز ھېچقاچان خاتا قەدەم باسمىغان بولاتتىم، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ كەمىرىگە ئېسىقلىق خەنجەرنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، بىر ئېتىۋىدى، ھېلىلا ئۈچۈپ كەتكەن كاككۇك قونغان شاخ كېسىلىپ يەرگە چۈشتى. ئۇنى ئېلىپ بەگيۇسۇپكە ئۇزارتتى، — دوستۇم، كاككۇك قونغان شاخنى كېسىۋالغان ئادەم مۇرادىغا يەتمەي قالمايدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۇ مەندىن سىزگە يادىكار بولۇپ قالسۇن. بۇنى ھويلىڭىزغا تىكىپ قويۇڭ. كۆكلەپ باراقسان دەرەخ بولۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس.
— ھەشقاللا، بۆرەم. مەن بۇ شاخنى ھويلامغا تىكىپ باراقسان دەرەخ قىلىمەن، — ئۇ ئىككى قوللاپ ئالدى.
— دوستۇم، سىز يېنىمدا بولۇشنى خالىماسىز؟
— يېنىڭىزدا تاجىلمۇلىكتەك دانىشمەن تۇرغاندا مەن ئارتۇقچىلىق قىلالمامدىمەن، بۆرەم؟ ئۇ بىلىم - ھېكمەتتە يېقىردىن كۆپ ئارتۇق، — بەگيۇسۇپ خۇددى گۈلنى پۇرىغاندەك شاخنى ھىدلىدى، — مەن بۇ شاخنى ھويلامغا تىكىپ

كۆكلىتىشىم كېرەك ئاخىر.
— تاجىلىمۇلىك سىزگە يەتمەيدۇ. خەيرىيەت، يەنە كۆرۈشۈشكە تەڭرى نېسىپ قىلغاي. مەن يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئابام مەلىكە تۈركەن خاتۇننى ئوردامغا ئاپىرىپ قويۇپ، سەمەرقەنتكە ماڭىمەن، دوستۇم.
— بىز يەنە ئايرىلىدىغان بولدۇق، بۆرەم. بۇ ئايرىلىش بىزگە ئامانلىق، سائادەت بەخش ئەتكەي...
ئۇلار ئەنە شۇنداق مۇڭدىشىپ كۈننى كەچ قىلىشۋەتتى. قايتىپ ئوردىغا قاراپ ماڭغاندا ھاۋا گۈلدۈرلىمەيلا يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئېھتىمال يېقىن ئەتراپتا بۆرە تۇغقان بولسا كېرەك.

## 2

سەھەردىلا ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ كەينى ـ كەينىدىن چاقماق چاقتى. يامغۇر شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى، كۈن قىيام بولغۇچە توختىمىدى. يامغۇر قەشقەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدا تارام ـ تارام ئېقىن ھاسىل قىلدى. ئۆگزىلەرنىڭ نورىدىن چۈشكەن يامغۇر سۇلىرى تارامنى ئۇلغايتىپ، شىرىلداپ ئاقتى. گۆدەكلەر، ئۆسمۈر بالىلار كېچىپ ئويىنىغىلى تۇردى. نەمخۇش ھاۋا قەشقەر دىيارىنى قاپلىدى.
يامغۇر توختاپلا ھاۋا سۈزۈلدى. تىنىق كۆك يۈزىدە ھەسەن ـ ھۈسەن پەيدا بولدى. رەڭگارەڭ تۈستە چاقنىغان بۇ تەبىئىي ئەگمىگە ئۆگزىدە تۇرۇپ كۆز سالغان قىز ـ چوكانلار چاچلىرىنى بوسۇغىدا قويۇپ ئاي پالتا بىلەن كېسىشتى...
يامغۇر توختىغان بىلەن باھار شامىلى توختىمىغانىدى. شامال يۇيۇنغان دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ مەجنۇنتال، يېشىل ياپراقلىرىنى ئۇسسۇلغا سېلىپ، يۈزلەرگە يېقىملىق ئۇرۇلاتتى. بالىلار بۇ غۇر ـ غۇر سەلكىنىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇچۇرۇۋاتقان قەلئە، چوكان سېكىلەك، ئالتۇن بېلىق، سۇ پەرىسى،

شەكلىدىكى ۋە ئادەمسىمان لەگلەكلەر كۆك قەھرىگە ئۆرلىمەكتە.

دېھقانلار تام ـ قاشالارغا قونۇپ سايرىغان ھۆپۈپلەرنى چالما ئېتىپ ئۇچۇرۇۋېتىپ، سۇۋادان، چىنار شاخلىرىدا پەرياد ئۇرغان كاككۇكنىڭ مۇڭلۇق ساداسىغا قۇلاق سالغان ھالدا زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلماقتا.

ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئامۇت دەرەخلىرى چېچەكلەپ، قىزىلگۈل، كېۋەزگۈل، ئانارگۈللەر پورەكلەپ، ئوردىنىڭ چار بېغى سېھىرلىك تۈس ئالغانىدى...

كۆكلەمنىڭ مانا شۇنداق غۇر ـ غۇر شاماللىق ئۇز كۈنىدە، دىۋانى ئارىز، دىۋانى تايانغۇ، دىۋانى توغرائىدىن ئىبارەت قاراخانىيلار ئېلىنىڭ ئۈچ ئالىي مەھكىمىسى بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخاننىڭ پايتەختنى قەشقەردىن بالاساغۇنغا يۆتكەش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ماقۇللاپ پەرمان چىقاردى. بۇغراخان جەمەتىمۇ بۇ پەرمانغا قوشۇلدى.

مەھمۇد ئارسلانخان قىرىق بىر ۋەزىر، ئاتمىش ئۈچ ھاجىپ، ئون ئىككى سۇباشى، ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش جاندار، ئالتۇن گۈرزە كۆتۈرگەن توقسان توققۇز ھۆرمەت قاراۋۇلى، تۆت تۈمەن لەشكەر ـ سىپاھ بىلەن بىرىنچى بولۇپ قەشقەردىن ئايرىلدى.

ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان باشلىق بۇغراخان جەمەتىنىڭ ئارسلانخان، ئېلىكخان، تېگىن، ئىنال تېگىنلىرى، تۈركەن خاتۇن، خانىش، مەلىكە، ئالتۇن، كۈمۈش تارىملىرى، ئوردا ئەربابلىرى، ياساۋۇل، قاراۋۇللار، سىپاھلار، شەيخۇلئىسلام باشچىلىقىدىكى بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلار ۋە پۈتۈن پايتەخت ئەھلى بولۇپ نەچچە تۈمەن كىشى شەھەردىن ئون ئىككى چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى. مەھمۇد ئارسلانخان بەگيۇسۇپىنىمۇ ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان ئوردۇكەنتتە قالدۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ ئېلىپ قالدى. مەھمۇد ئارسلانخان قۇتلۇقبەگ، بۆرىبەگ، ئەرئاتان، ئارسلانلارنى

ئېلىپ كەتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بۆرە تېگىن، خانىش ـ توقاللىرى، شاھزادە ـ مەلىكىلىرى، يۇرتۇغ، جاندارلىرى بىلەن ئادىرا تۇركەن خاتۇننى ئارىغا ئېلىپ يولغا چىقتى. ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغىچە چىقىپ ئۇزاتتى.

بەگىيۇسۇپ ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن يەتتە چاقىرىم يولنى بىللە مېڭىپ، قىيىمىغان ھالدا خوشلاشتى.

ـــ بۆرەم، پېقىرنى ئۇنتۇپ قالمىغايلا. دوستلار بىر ـ بىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا دىدار كۆرۈشەلەيدۇ، ـــ دەپ ئۇنىڭغا ئاتاپ سوقتۇرغان ئالتۇن ساپلىق قىلىچ بىلەن ھەزرىتى فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى يوللۇق تۇتتى. تامغاچ بۇغراخان ئۇنى ئۇزاق قۇچاقلىدى.

ـــ ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن دوستۇم، ئۇستازىم، ـــ ئۇ قىزىل گۆھەر كۆز قويۇلغان ئالتۇن كەمەرنى بەگىيۇسۇپنىڭ بېلىگە باغلاپ قويدى.

دىلدارىبىكە خانىش، مەلىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ بولۇشىغا، مايمۇنە كېلىپ ئۇنىڭغا گىرە سالدى.

ـــ ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىم، سىلىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن. مۇبادا ئاشۇ ئەنسىز كۈنلەردە ماڭا پاناھ جاي بېرىپ، سەمەرقەنتكە يولغا سېلىپ قويمىغان بولسىلىرى، پېقىرە بۇ سائادەتلىك كۈنلەرگە ئېرىشەلمەيتتىم. خەير ـ خوش! تەڭرى سىلىنىمۇ ئېرىشكەن سائادەتلىرىدىن ئۆمۈرۋايەت ئايرىمىسۇن، ـــ دەپ ھال رەڭ گۆھەر كۆز قويۇلغان ئالتۇن ئۇزۇكنى قولىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويدى، ـــ بۇ ئابامنىڭ مىننەتدارلىق سوۋغىسى.

ـــ سىز مېنىڭ قىيامەتلىك دوستۇم، مايمۇنە. سىزنىڭ كۈتمىگەن بەختكە سازاۋەر بولۇشىڭىز ـــ تەڭرىنىڭ رەھمىتى. تەڭرى ئاق كۆڭۈل، سەمىمي بەندىلىرىنى ھېچقاچان نائۈمىد

قويمايدۇ.
دىلدارىبىكە خانىش مايمۇنەنىڭ قولىغا ئالتۇن بىلەزۈك سېلىپ قويدى.
مايمۇنە يەرگىچە ئېگىلىپ بەگيۇسۇپ، بۇۋىئايىشەلەر بىلەن خوشلاشتى.
ئادىرا تۈركەن خاتۇن بىلەن خوشلىشىپ دۇئا ئالغان بەگيۇسۇپ ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكىچە توپىلىق يولدا قاراپ تۇردى.
سىڭلىسى زۇبەيدەنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغان جانپىدا غوجام:
— بۆرە تېگىن كەتتى، — دېدى. ئۇ بوۋىسىدىن تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغاچقا «بىر كۆرۈۋالاي» دەپ ئۆزىتىشقا بىللە چىققانىدى، — ئەمدى كەلمەيدۇ ـ ھە، بوۋا؟ — ئەپسۇسلۇق ئىچىدە سورىدى ئۇ.
— بۇنى بىلگۈچى خۇدا. ئەگەر سەن بۆرە تېگىننى ئۇنتۇماي ئەسلەپ تۇرساڭ، ئۇ ئوردۇكەنتكە يەنە كېلىشى مۇمكىن، ياكى سەن سەمەرقەنتكە بېرىشىڭ مۇمكىن. گەپ نىيەت بىلەن ئىرادىگە باغلىق، بالام.
— بۆرە تېگىن ئاغام ماڭا كۈمۈش ساپلىق بىر قامچا يادىكار قىلدى، بوۋا. سەن سەمەرقەنتتىن ئەكىلىپ بەرگەن تايچىقىمنى قامچىلاپ چاپتۇرۇپ، ئامۇ، سىر دەرياسى بويلىرىغا بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن، — جانپىدا غوجام شىلتىپ ـ شىلتىپ قويۇۋىدى، قىل قامچا يىلاندەك تولغىنىپ، قاس چىقتى.
— ماڭىمۇ كۆك بۆرە كەشتىلەنگەن يىپەك ياغلىق بەردى، مانا، — زۇبەيدە نەپىس كەشتىلەنگەن يىپەك ياغلىقنى يايدى.
— ھۇششەرە قىزىم، — بەگيۇسۇپ زۇبەيدەنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ جانپىدا غوجامغا قارىدى، — قامچا بولمىسا ئاتنى باشقۇرغىلى بولمايدۇ، بالام. ئەمدى ئېتىڭغا مىنىپ، قامچاڭنى ئوينىتىپ جاھاننىڭ ئۇ تەرىپىگىمۇ بارالايسەن. ئېتىڭ تولىمۇ

شاش. ئەپقېچىشتىن قورقمايدىغانسەن؟

— نېمىشقا قورقىدىكەنمەن؟ قامچامنى ئويناتتىپ، ئېتىمنى چاپتۇرۇپ، ئېلىمىزگە باستۇرۇپ كىرمەكچى بولغان ياۋنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن، بوۋا.

— ئۇنداق بولسا، بەگتۇرمىش ئاكاڭدىن جەڭ ماھارىتىنى ئوبدان ئۆگەن، بويۇنتاۋلىق قىلما، بولامدۇ؟

— بولىدۇ بوۋا، ئاكامدىن ئۆگىنىمەن. ئالىپ بۆگۈ بىلگە بولىمەن، — جانپىدا غوجام ئاق قاشقا ئېتىنىڭ بويىنىنى سىلاپ تۇرغان بەگتۇرمىشقا قاراپ جىلمايدى.

بەگيۇسۇپ ئوغلى، نەۋرىلىرىگە كۆز سېلىپ، بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، سۇلتانبەگ سوۋۇتۇپ كەلگەن تورۇققا مىندى. دىلدارىبىكە، بۇۋىئايىشەلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ مېڭىشتى. ئۇلار دىدارلىشىشتىن كۆڭۈللىرى يايراپ، روھلىنىپ، بىر مەھەل تارتقان رىيازەتنى ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى. بۇ ئايرىلىشتىن يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كۆڭۈللىرى يېرىم بولۇپ پىراق ئوتىدا پۇچىلىنىشتى...

ھەرقايسى يۇرت، ئايماقلاردىن كەلگەن ئارسلانخان، ئېلىكخانلار، يابغۇ، چاغرىبەگلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆز دىيارلىرىغا قايتىشتى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، پاتىپاراقچىلىق ئازىيىپ، پايتەخت خېلىلا تىنچىپ قالدى.

«دىدارلىشىش ئادەمگە كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئۈمىد، ئىشەنچ بەخش ئېتىدۇ. ئايرىلىش بولسا ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، پىراق ئوچىقىدا تاۋلايدۇ. دىدارلىشىش — ئايرىلىش ئۈچۈندۇر. ئايرىلىش — دىدارلىشىش ئۈچۈندۇر» دەپ ئويلىدى بەگيۇسۇپ ئېتىنى يورغىلىتىپ.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# پىنھاندىكى خەزىنە

## 1

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان جاي ـ جايلاردىن كەلگەن مېھمانلار پۇتۇنلەي ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن ئوردا ئەمەلدارلىرىغا يەتتە كۈن ئارام ئېلىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى ۋە بەگىيۇسۇپنى خاس سارىيىغا تەكلىپ قىلدى.

— بۆگۈ بىلگە ھەزرەتلىرى، ئارام ئالالماي چارچاپ كەتتىلە. دۇنيادا مېھماننى رازى قىلىپ ئۇزاتماقتىنمۇ تەس ئىش يوق. بەرداشلىق بەردىلە، يىقىلىپ قالمىغىدى، دەپ سىلىدىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم. ئاللاناڭ ئىلتىپاتى بىلەن بوشىشىپ كەتمىدىلە. لېكىن، ھېرىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ قالغانلىرى ماڭا مەلۇم، — ئۇ بەگىيۇسۇپنى ماقۇل يېكەندازغا تەكلىپ قىلىپ ئۆزى يېنىدا ئولتۇردى.

— يوقسۇ ئالىيلىرى. ئادەم ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېرىلىپ خىزمەت قىلسا، ھەرگىز چارچىمايدۇ. لېكىن، مەجبۇرلاش بىلەن قىلىنغان ئىش ئادەمنى چارچىتىپ، بىزار قىلىپلا قويماي، داۋاملىشىۋەرسە كېرەكتىن چىقىرىۋېتىدۇ. يېقىر نورۇز بايرىمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، تولا شاپاشلاپ ئارام ئالالمىغان بولسامۇ، ئۆز شاھلىرىم، بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلار، خانلىق ئەربابلىرى، ۋەتەنداشلىرىم ئۈچۈن قىلغان خالىس خىزمىتىمدىن شەرەپ ھېس قىلىمەن، — بەگىيۇسۇپ مۇلازىم سۇنغان چاينى ئالدى.

— سىزنى يۇغرۇش باشلىقلىقا تەيىنلەش قارارىغا كەلدىم. بۇنىڭغا سىزدىنمۇ لايىق يەنە بىر بۆگۈ بىلگەنى تاپالمىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆڭلۈمگە ئەڭ يېقىن كىشىمۇ، ئىشەنچلىك دوستۇمۇ سىز. ھەمىشە يېنىمدا بولۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، — ھەسەن بۇغراخاننىڭ بۇ تەلىپى ئۆتۈنۈش تەرىقىسىدە قويۇلغان بولسىمۇ، قەتئىي رەۋىشتە قويۇلغانىدى.

— ئالىيلىرى، پېقىر ئۆزلىرىنى كۆڭۈلگە ئەڭ يېقىن ھېسابلىغاندەك، شەرتسىز ھالدا ماڭىمۇ كۆڭۈللىرىدىن شۇنداق ئورۇن بەرگەنلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مەمنۇنمەن، لېكىن يۇغرۇش باشى بولالمايمەن.

— نېمە ئۈچۈن بەگيۇسۇپ؟ — ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

بەگيۇسۇپ دەماللىققا جاۋاب بەرمىدى. ئۇ داستىخاندىكى قىزىرىپ پىشقان شىرمەننانىغا، ھەر خىل نازۇنېمەتلەرگە كۆز سالغىنىچە ئۇزاق ئويلىنىپ، ئاندىن دېدى:

— راستىنى دېسەم، ئالىيلىرىغا قانچە يېقىن تۇرسام، ئاۋام خەلقتىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتەرمەنمىكىن دېگەن ئەندىشىدىن خالىي بولسامۇ، قىلمۋاتقان، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىم چالا پېتى تاشلىنىپ قالارمۇ؟ دېگەن غەمدىن خالىي ئەمەسمەن. شۇنداقتىمۇ ئالىيلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويغۇم يوق. ھاسىل كالام پەقەت ھاجىب بولۇپ خىزمەت قىلغۇم بار، — ئورنىدىن تۇرۇپ ھەسەن بۇغراخانغا سەمىمىي تەزىم قىلدى، — ئولتۇرسىلا شاھىم، ئۆرە تۇرسىلا خىجىل بولىدىكەنمەن.

— چۈشەندىم. سىز ھاجىب بولۇپ ئوردا خىزمىتىدە بولغان تەقدىردىمۇ، ھېچقانداق ئەرباب، سىز تۇرغان يەردە ھاجىبۇل ھۇججاپلىق كۇرسىدا ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. سىز بۇغراخان نەزىرىدىمۇ، دۆلەت ئەركانلىرى نەزىرىدىمۇ، ئاۋام خەلق نەزىرىدىمۇ ئۇلۇغ ھاجىب. سىز خالاڭ - خالىماڭ بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى زىممىڭىزگە ئېلىشىڭىز لازىم. ئالدىڭىزدا شۇنداق ۋەدە

بىرىمەنكى، قىلىۋاتقان، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىزغا ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ. مەدرىسەلەردىكى دەرسلىرىڭىزنى ئۆتۈۋېرىسىز، كىتابىڭىزنى يېزىۋېرىسىز. ماقۇل بولۇڭ ئۇستاز، ماقۇل بولمىغۇچە ئۆرە تۇرغىنىم تۇرغان.

— ماقۇل، ماقۇل. ئاۋام خەلققە يېقىن تۇرۇپ، دەرد - ھالىنى ئالىيلىرىغا پات - پات يەتكۈزۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ھاجىبۇل ھۇججاپ بولۇشقا رازىلىق بىلدۈرىمەن. قۇللۇق! ئەمدى ئولتۇرسىلا بۇغرام، — دېدى بەگيۈسۈپ.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان ئولتۇردى.

— سىزمۇ ئولتۇرۇڭ، ئۇستاز. شاگىرت ئولتۇرۇپ، ئۇستاز ئۆرە تۇرغان نەدە بار؟ — ئۇ پېشىدىن تارتىپ بەگيۈسۈپنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۆزى مەززىلىك دەملەنگەن چايدىن قۇيۇپ بەردى، — ئۇستاز، ئانا يۇرتىڭىز قوزئوردۇغا كەتمەي ئوردۇكەنتتە قالغانلىقىڭىز خانلىقىمىزغا نەقەدەر ساداقەتمەن ئىكەنلىكىڭىزنى ماڭا بىلدۈردى. ھەر قېتىم سىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولسام، قانداق قىلىشىم توغرۇلۇق يېڭى - يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىمەن. بۈگۈن قاراڭغۇ دىلخانامغا يەنە بىر چىراغ ياقتىڭىز.

— ھەربىر ئادەمنى — ئۇ شاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن ھىدايەت تاپتۇرغۇچى ئاللا، بەندە ئەمەس. پېقىر ئاللا كۆڭلۈمگە سالغاننى كۆزلىدىم، خالاس، — بەگيۈسۈپ قوپتى، — بۈگۈن ئوبدان مۇڭدىشىۋالدۇق، بۇغرام، لەزىز تائامدىن ۋۇجۇدىمىز ھۇزۇرلاندى. ئەمدى قايتاي، ئۆزلىرىمۇ ئارام ئالسىلا.

— ئۇستاز يەنە بىر ئاز ۋاقتىڭىزنى ئالىدىغان بولدۇم. ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسمىيەت ۋە ئورۇنلاش زۆرۈر بولغان بىر ئىش بار، ئولتۇرۇڭ، — ئىككىنچى قېتىم پېشىنى تارتىپ ئولتۇرغۇزدى ھەسەن بۇغراخان.

— نېمە ئىش ئىدى بۇغرام؟

— سىزگە ھاجىبۇل ھۇججاپلىق خىلئەت بېرىش. بۇ بۈگۈن

ئۆتۈلىدىغان خاسىيەتلىك رەسمىيەت. ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىش بولسا ــ ئۇزاق زاماندىن بېرى پىنھاندا تۇرغان گەنج[1]نى ئېچىش.

ــ بۇ گەنج قەيەردە ئىكەن بۇغرام؟

ــ بايبەگ ئىنال تېگىنىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قورۇسىغا يوشۇرۇقلۇق ئىكەن. ئۇ تاغام مەھمۇد ئارسلانخاننى ئۇزىتىپ كىرگەندىن كېيىن ماڭا ئېيتتى. پىنھان ساقلانغان بايلىقنىڭ ئاشكارىلىنىشى كۆپ ئادەمنىڭ كۆزىنى قىزارتىدۇ. ھەتتا ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىشى مۇمكىن. قارا قوللار ئۇ بايلىققا ئۇزىتىلىشى، تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئېھتىمال. كۆپ ئويلاش، مەسلىھەتلىشىش ئارقىسىدا، تۇيۇق چۇشۇرمەي، شۇ سىرلىق گەنجنى ئوردا خەزىنىسىگە يۆتكەش ئىشىغا باشچىلىق قىلىشقا سىزنى لايىق تاپتىم. يۆتكەشكە قاتنىشىدىغان ئادەملەرنى ئۆزىڭىز تاللاڭ. يۆتكەيدىغان ۋاقىتنى بايبەگ ئىنال تېگىن بىلەن كېڭىشىپ بەلگىلەپ، مېنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇپ، ئىشقا كىرىشىڭ. بولامدۇ ئۇستاز؟

ــ بولىدۇ شاھىم، ئاللا يەتكۈزگەن بايلىقنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەمرىڭىزنى بەجا كەلتۈرىمەن.

ــ قاراڭ. مۇشۇنداق مۇھىم ئىشمۇ ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقىپ قالىدىكەن. سىزگە بۇرۇنلا ئېيتماقچىدىم. ئەمدى كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالدى.

ــ كىچىك ئىشلار بەزى ھاللاردا چوڭ مۇھىم ئىشلارنى ئەستىن چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال، بۇغرام، ئەمما ئەسكە ئېلىنماي قېلىۋەرسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى زىيان تارتىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، خالاس.

ــ توغرا دېدىڭىز، دوستۇم. بايبەگ ئىنال تېگىنىنىڭ بۇ زور ھىممىتىدىن ھەرقانداق ئادەم ھەيران بولماي تۇرالمايدۇ. ئۇز

---

[1] گەنج ــ پىنھاندىكى بايلىق.

ئۆيىدىكى ئۇ گەنجىنى ئاشكارىلىمايلا، ئۆز بايلىقى ھېسابىدا ئىشلەتسە كىم گەپ قىلالايتتى؟ خانلىققا تەقدىم قىلغانلىقى — ئۇنىڭ شەخسىيەتسىز، ئالىيجاناب روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ بۇنىڭدىن ئاجايىپ تەسىرلەندىم.

— پېقىرمۇ بايبەگ ئىنال تېگىننىڭ بۇ مەردانىلىكىدىن جۇۋانى مەرد سېخىي ھاتەم[①] نى كۆرگەندەك بولدۇم، ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن، بۇغرام...

ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان «دوستۇم، ئۇستاز» دەپ ھۆرمەتلىسە، بەگيۇسۇپ «شاھىم، بۇغرام» دەپ ئىززەتلەپ، يەنە خېلى ۋاقىتقىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشتى.

## 2

ئاق يېغىنغا ئايلانغان سىم - سىم يامغۇر بىر كېچە - كۈندۈز توختىماي ياغدى. ھاۋا شۇنداق ئېچىلىشى بىلەنلا قەشقەر دىيارى يېشىل تون كىيىپ، كۆكرىكىگە قىزىلگۈل قىستى. ھاۋا كۈندىن - كۈنگە ئىللىپ كوچا - كويلار ئاپتاپقا چۆمۈلدى.

بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بەگيۇسۇپ ئوردىغا بارماي ئۆيدە تۇردى. دىلدارىمىكەمۇ تۇمەن بويىدىكى كېسەل كۆرىدىغان قورۇسىغا شاگىرت ئاتاساغۇنلارنى چىقىرىپ، ئۆزى بەگيۇسۇپكە ھەمراھ بولدى، قېشىدىن ئايرىلمىدى.

— بىر ئايدىن بېرى زادىلا دەم ئالمىدىلا بېگىم. بىر ھەپتىگىچە ھېچ يەرگە بارغۇزماي ئارام ئالغۇزىمەن، — دېدى ئۇ، ھويلىدىكى مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان ئايىۇلاق بويىغا كۆرپە سېلىپ بېرىپ، بىقىنىغا ياستۇق يۆلەپ قويدى.

— بۇغراخان ئالىيلىرى ئوردىدىكى ھەممە ئەمەلدارلارنى بىر ھەپتە دەم ئېلىشقا ئەمر قىلدى، بىكەم. مەنمۇ ئۆيدىن چىقماي يانلىرىدا بولىمەن. ئارام ئېلىش نېمىدېگەن ياخشى - ھە ! —

---

① ھاتەم — ئەرەب رىۋايەتلىرىدە تەرىپ قىلىنغان سېخىي، مەرد باي ئادەم.

بەگيۇسۇپ تەكىيە ئۈستىگە قويۇلغان ماھۇق ياستۇقتا يۆلىنىپ قولىغا فارابى ھەزرەتنىڭ كىتابىنى ئالدى.

— بۇ دېگەنلىرى راستمۇ ـ ھە! — دېگەن دىلداربىكە ئېرىنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ، قولىدىكى كىتابنى ئېلىۋالدى، — ئۇ ئېرىغا ئۆيدە ئولتۇرالمايدىغان كىشىلەرنىڭ بار ئەمەسمۇ؟ ھېلى بىرەر ـ ئىككى بۇرادەرلىرى كېلىپ قالسا چىقىپ كېتىپ قالالمىسىكەن؟ لېكىن، بۇ قېتىم دەرۋازىدىن چىقارمايمەن، — ئۇ ئېرىغا زەپە سېلىپ دەملىگەن چايىنى تۇتتى، — ئۆيدە بولغان چاغلىرىدا كىتابقا بىر قارىۋالسىلا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كېتىسىلا، گويا ئۆيدە ئادەم يوقتەك.

— دۇنيادىكى ھەممە ئاجايىباتنى ئۇنتۇپ كەتسەممۇ، ساھىبجامال بىر بىكەم بار، ئۇنى ئۇنتۇيالمايمەن، ئانىسى. ئۇ پېقىر ئۈچۈن ئوقۇسام ـ ئوقۇسام تۈگىمەيدىغان ناھايىتى ھېكمەتلىك قىزىق كىتاب، — بەگيۇسۇپ دىلداربىكەگە مەنىلىك قاراپ قويدى.

— مۇنداق دېسىلە. ئەجەب مەن كۆرمەپتىمەنا ئۇ قىزىق كىتابنى؟ قەيەرگە قويۇپ قويدىلا؟ ئاچچىقىپ بېرەي، — دىلدار بىكە بەگيۇسۇپنىڭ مۈرىسىگە قولىنى تىرەپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەجەب بۇگۈن بىلمىگەن، ئۇقمىغان بولۇۋالدىلىغۇ بىكەم؟ مەن دېگەن كىتاب باشقا يەردە ئەمەس، مانا، — دېدى ئۇ تەتىللا جىلىتكە يوشۇرۇپ تۇرغان ئوتلۇق كۆكرەك ئۈستىگە قولىنى قويۇپ، — ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدىغان، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بۇ ھېكمەتلىك كىتابنى مەن ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، ئانىسى. مەن ئۈچۈن سىلى ئەنە شۇنداق سەھىپىسى تۈگىمەيدىغان خىسلەتلىك كىتاب، — بەگيۇسۇپ جانانىنى باغرىغا باستى. دىلداربىكە يىغلىۋەتتى.

— نېمىشقا يىغلايلا بىكەم؟ نازۇك كۆڭۈللىرىنى چېكىپ قويىدىغان گەپ قىلمىدىمغۇ؟

— مەن قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن، بېگىم. بۇ

سۆزلەرنى سىلى ماڭا دەۋاتاملا ـ ھە؟! مەن بۇنىڭغا مۇناسىپمۇ؟ سىلى مەن ئۈچۈن ئەنە شۇنداق خاسىيەتلىك كىتاب. مەن بۇ كىتابقا ئېرىشىش ئۈچۈن يىگىرمە بەش يىل سەۋر قىلىپ كۈتتۈم. يىگىرمە بەش يىل مۇبارەك ئىسىملىرىنى چاقىرىپ ياش تۆكتۈم. ھېچكىمگە كۆڭۈل بەرمىدىم. تەڭرىم تىلىكىمگە يەتكۈزۈپ بۇ خىسلەتلىك كىتابقا ئاقىۋەت ئېرىشتۈردى. ئىلگىرى پىراقلىرىدا يىغلىغانىدىم. ئەمدى ۋىسال شادلىقىدىن سۆيۈنۈپ يىغلاۋاتىمەن. شېرىن ـ شېكەر، دەردىمگە داۋا سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يىغلاۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ھاۋا ئوچۇق چاغدا يامغۇر يېغىپ كەتكەندەك، كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ.

— مانا مۇشۇ تۇرقلىرى — مەنىسىنى يەشكىلى بولمايدىغان كىتاب، بىكەم.

— سىلىنىڭ مۇشۇنداق خىيالچان نەزەر تاشلاپ ئولتۇرۇشلىرىمۇ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان كىتاب، بېگىم.

— سىلى مەن ئۈچۈن، مەن سىلى ئۈچۈن كىتاب. ھەربىر ئادەم بىردىن كىتاب. بۇ كىتابنى تەڭرى يازغان. بۇنداق كىتابنى يېزىپ چىقىش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. كېلىدىغىنى ئۆز تۇرمۇشىنى يۇزەكىلا خاتىرىلەشتۇر، بىكەم.

ئىنسان ئۆزىنى تونۇشى، بىلىشى، چۈشىنىشى، تەتقىق قىلىشى لازىم. ئۆزىنى بىلمەي، چۈشەنمەي تۇرۇپ بۆگۈ بىلگە، بوغۇغ بولالمايدۇ. نادانلىق ئۆزىنى تونۇماسلىق، بىلمەسلىكتۇر. يۈز بەرگەن، يۈز بېرىۋاتقان كېلىشمەسلىك، ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئالدى بىلەن نادانلىق سەۋەبچىدۇر. خەلقىمىزنىڭ كۆپى نادان، نامرات، ئادالەتكە، شەپقەتكە موھتاج. يېقىنقى يىللاردىن بېرى دەۋران سۈرگەن خاقانلىرىمىز ھاكاۋۇر، بىلىمسىز، بىرەھىم بولغاچقا، خەلقنىڭ ھالىغا يەتمەي كەلدى. مانا بۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۆزىنىڭ ھەم ھېكمەتلىك ھەم ئىبرەتلىك كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلگەن، چۈشەنگەن، ئىسلاھ

قىلىشقا جۈرئەتلىك ئادىل پادىشاھلا ئاۋامنى نادانلىق كۆلپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، پاراغەت بوستانىغا باشلىيالايدۇ...
— بېگىم، سۆھبىتىمىز سۆيگۈ قەسىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى. كۆڭۈل ئارامىمىز بۇزۇلۇپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. يەنىلا ئارزۇ دۇلدۇلىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، سۆيگۈ سارىيىدىن چىقارمىغايلا، — دىلدارىبىكە يۇمران ئالىقىنى بىلەن ۋاراقشىپ قايناۋاتقان زۇۋان قازىنىنى تۇۋاقلىدى.
— توغرا، توغرا بىكەم، ئوبدان دېدىلە. ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى چۈشەنمەي، بۇرچىنى ئادا قىلماي ياشاۋاتقىنىدىن ئىچىم ئاچچىققا تولۇپ قايناپ قالدىم. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن جاھان غوۋغالىرىدىن نېرى تۇرۇپ، مېڭەمنى ئارام ئالدۇرۇۋالغۇم بار. بۇ راھەتتى جان ئۆيۈمدىن زادىلا چىققۇم يوق.
— كىتاب ئوقۇش، نەزم يېزىش، خىيال سۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟
— يوقسۇ قەدىرلىكىم، ئاق بەتلەرگە ئەمەس، نازىنىن مەشۇقۇمنىڭ قارا كۆزلىرىگە، ئاي يۈزىگە ئەشئار يېزىش ئۈچۈن. شېرىن بۆسەسىدىن خۇدۇمنى يوقىتىپ، سۆيگۈ ھۇزۇرىغا چۆمۈلۈش ئۈچۈن. ۋاقىت ئېشىپ قالسا كىتاب ئوقۇپ، پىكىر قىلىپ، تەسەۋۋۇرۇمنى قاناتلاندۇرۇش ئۈچۈن.
— بۇ قېتىم ۋاقىت ئاشمايدۇ، بېگىم. كىتابمۇ ئوقۇمايلا، قوللىرىغا قەلەممۇ ئالمايلا. پەقەت ناماز ئوقۇشلىرىغا ئىجازەت قىلىنىدۇ...
ئۇلارنىڭ بۇلاقتا چۈشكەن شولىسى تەۋرىنىپ تۇراتتى. بەگيۈسۈپنىڭ ئۆسۈپ قالغان ساقىلى بۇلدۇقلىغان بۇلاقتا يەلپۈنۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. دىلدارىبىكە كۈمۈش تاغىقى بىلەن بەگيۈسۈپنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى ئۇزاق تارىدى. ئۇنىڭ ئۈچىسىنى سىلىدى.
— ئەمدى كىتاب ئوقۇشلىرىغا ئىجازەت. مەن تاماق ئېتەي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئۇ.
ھۇزۇرلۇق دەم ئېلىشنىڭ ئىككىنچى - ئۈچىنچى كۈنلىرى

ئەنە شۇنداق سۆيۈش، سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۆتتى. بەگيۇسۇپ تولىراق تۇغۇلمىغان ئوغلىنىڭ تېپچەكلەشلىرىنى قۇلاق يېقىپ تىڭشىدى... تۆتىنچى كۈنى قوللىرى باغلانغان بەگتاش جىلىل هويلىغا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۆگۈ بىلگە هاجىپ ئاغا، ئالدىلىرىغا گۇناهكار ئىنىلىرى بويۇن قىسىپ كەلدى. قانداق جازاغا تارتسىلا هەق بولىدۇ، — دېدى ئۇ يەرگىلا تىزلىنىپ.

ئايبۇلاق بويىدا گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان يېكەندازدا ئولتۇرۇپ، كىتاب كۆرۈۋاتقان بەگيۇسۇپ بۇ چاقىرىلمىغان مېهماننى كۆرۈپ شۇ ئان قوپتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بەگتاش جىلىل، بۇ نېمە ئالامەت؟ — دەپ سورىدى بىلمەسلىككە سېلىپ.

— مەن ئاللا ئالدىدا گۇناهكار. ئۆزلىرىگە يۈزسىزلىك قىلدىم، ئاتا - ئانامغا بىهۆرمەتلىك قىلدىم، خاتۇن - بالىلىرىمغا جەبىر - زۇلۇم قىلدىم. قازى ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ جازالاشقا تاپشۇرغايلا، ئۇستاز.

بەگيۇسۇپ بىر هازا سەپسالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوللىرىنى باغلاقتىن بوشاتتى.

— ئولتۇرۇڭ، بەگتاش جىلىل. گۇناهىنى تونۇپ تۈۋا قىلغان بەندىسىنى ئاللا كەچۈرىدۇ. ئاڭلىسام، ئىلگىرى تاپشۇرمىغان باج بەدىلى ئۈچۈن ئوردا باجگىر - ياساق بېگىگە مىڭ تىللا تاپشۇرۇپسىز. دىۋان ئارىزغا سىپاهلارغا كىيىم - كېچەك قىلىش ئۈچۈن يۈز تاي رەخت ئىنئام قىلىپسىز. نامرات - مىسكىن غېرىبلارغا، يېتىم - يېسىرلارغا پۇل - مال ئۈلەشتۈرۈپسىز. بۇلار تۈۋىڭىزغا ئەمەل قىلغانلىقىڭىزنى، گۇناهىڭىزنىڭ ساقىت بولغىنىنى كۆرسىتىدۇ.

بەگتاش جىلىل تىزلىنىپ ماڭغىنىچە بەگيۇسۇپنىڭ ئايىغى ئاستىغا باش قويۇپ يىغلىۋەتتى. زۇۋان سۈرەلمىدى.

— تۇرۇڭ ئىنىم، تۇرۇڭ. دۇنيادا ئازمايدىغان بەندە يوق.

گۇناھىڭىزنى تونۇسىڭىز، قايتىلىمىسىڭىز، ۋەدىڭىزگە ئەمەل قىلسىڭىز، يەنە نېمىشقا جارالىغۇدەكمەن؟ — بەگ يۇسۇپ ئۇنى يېكەندازدا ئولتۇرغۇزدى، — ھازىر قايسى ئۆيدە تۇرۇۋاتىسىز؟
— چولڭ خاتۇنۇم ئۆيىدە.
— ئۇنى تالاق قىلىۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىمغۇ؟
— سەپەردىن قايتىپ كېلىپلا نىكاھ قىلدۇرۇۋالغانىدىم.
— ئوردۇكەنتتە يەنە قانچە تۇرالغۇڭىز بار؟
— شەھەر ئىچىدە ئىككى جايدا، شەھەر سىرتىدا بىر بېغىم بار.
— دېمەك، ھازىر ئۈچ خاتۇنىڭىز بار ئىكەن ـ دە؟
— شۇنداق، ئاغا.
— ئۈچىلى خاتۇنىڭىز سىزدىن رازىمۇ؟
— رازى قىلماق بەسى مۇشكۇل ئىكەن. ئىنساب قىلماي كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ خاتۇن ئېلىپ بىر قورۇدا ئۆي تۇتۇپ بەرگەنىدىم. تولا جېدەل قىلىشىپ، ئاخىر ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەردىم. ئۆزئارا جېدەل بېسىقىقان بولسىمۇ، ماڭا ماي تارتىپ قىلىۋاتقان ئۇرۇش ـ تالاشلىرى بېسىقمايۋاتىدۇ، ھاجىپ ئاغا.
— بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، رازى قىلالماپسىز ـ دە؟
— رازى قىلالمايۋاتىمەن، ھاجىپ ئاغا.
— ئۇنداق بولسا قايسى خاتۇنىڭىزغا كۆڭلىڭىز بولسا ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنىڭ چىرايلىقچە مېھرى ھەققىنى بېرىپ قويۇۋېتىڭ، ئۇلارمۇ خورلۇقتىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە چىقسۇن، ئۆزىنى رازى قىلالايدىغان ئەر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسۇن.
— بۇنى ياخشى دېدىلە، ھاجىپ ئاغا. پېقىرمۇ بىر خاتۇن بىلەن قېلىپ، قالغىنىنىڭ خېتىنى بېرىش خىيالىغا كەلگەن بولسامۇ، يامان بولارمىكىن، دەپ بېشىم قاتقانىدى.
— يامان بولىدىغان ئىش خاتۇننى رازى قىلالماسلىق. خاتۇن كىشى مېھىر ـ كۆيۈمگە موھتاج. بىرقانچە خاتۇنغا بىر ئەرنىڭ

تەڭ كۆيۈنۈشى، مېھرىنى تەڭ بېرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. خاتۇنلارنىڭ رازى بولماسلىقى — ئەنە شۇ تۇپەيلىدىندۇر. مەسلىھەتىم قوبۇل كۆرۈلگەن بولسا، قايسى خاتۇنىڭىز بىلەن قېلىش نىيىتىگە كەلدىڭىز؟

بەگتاش جىلمىيىپ دەررۇ جاۋاب بەردى:

— چوڭ خاتۇنۇم بىلەن قالاي، ھاجىپ ئاغا. بالىلىرىمنىڭ كۆپى ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان. قىز چېغىدا ئەمرىمگە ئالغان، جاپايىمىنىمۇ كۆپ تارتقان قەدىناس. ئاتا ـ ئانىسىمۇ تۇگەپ كەتكەن.

— ياخشى ئويلاپسىز، ئىنىم. نەپسىنى يىغالمىغان ئادەم ھەر بالاغا يولۇقىدۇ. خوش، بۇ ئىش شۇنداق بولسۇن. ئەمدى ئېيتىڭا، ئاتا ـ ئانىڭىز، قېرىنداشلىرىڭىزدىن ئەپۇ سورىدىڭىزمۇ؟ — بەگىيۇسۇپ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي جاۋاب كۈتتى.

— ئەپۇ سورىدىم، ھاجىپ ئاغا. بەگىيۇسۇپ ھەزرەتلىرى كەچۈرسە بىزمۇ كەچۈرىمىز، دېيىشكەندى، شۇڭا ئالدىلىرىغا كېلىشىم.

— مەن كەچۈردۇم، ئىنىم، — بەگىيۇسۇپ ئۇنىڭغا چاي سۇندى، — ئادەم ھاياتىدا خاتالىقتىن، گۇناھ سادىر قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. گەپ — ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى بوينىغا ئېلىپ، توۋا قىلىشتا. ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە، ئىسلامغا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرغان، قان تۆككەن، ھاكاۋۇر ئەبۇ سوفىيان[1] باش ئېگىپ توۋا قىلغاندا، ئۇنى كەچۈرگەن. كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىق، ئەپۇچان بولۇش مۇسۇلمانى كامىلنىڭ پەزىلەتلىرىدىندۇر.

داستىخان كۆتۈرۈپ چىققان دىلدارىبكە ئېرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئاكىسىنى كۆرۈپ تەرى تۈرۈلدى. سوغۇقلا سالاملاشتى. تاماقتىن كېيىن خالىمىغان ھالدا ئىشىك ئالدىغىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

---

① ئەبۇ سوفىيان — ئەينى زاماندىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى. ئۇ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان.

— بىگىم، ئاكامىنىڭ شۇملۇقلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزگەنلىرى نېمىسى؟! يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ، بىللە تاماق يېگەنلىرىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇشقا ئەرزىمىتى؟

دىلداربىكەنىڭ ئاچچىقلىنىپ ئارقا - ئارقىدىن قويغان سوئالىغا بەگيۇسۇپ دەرمەھەل جاۋاب بەرمىدى. خاتۇنىنىڭ ئاچچىقى بېسىلغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— بىكەم، قەدىرلىك بىكەم، گۇناھنى ئەپۇ قىلىش ئاللاغا خاستۇر، ھەرقانچە ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغان بولسىمۇ، تونۇپ توۋا قىلغان ۋە قايتىلىمىغان بەندىسىنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى «قۇرئان كەرىم»دە بىرقانچە ئايەتتە قەيت قىلغان. شۇنداق ئىكەن، بىز بىر - بىرىمىزنى ئەپۇ قىلمىساق، ئاللانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان بولمامدۇق؟ ئاكىلىرى گۇناھىنى تونۇپ، توۋا قىلىپ يامان ئادەم ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغان تۇرسا، ئۇنى ئەيىبلەۋەرسەك بولامدۇ؟

— سىلى نېمىدېگەن باغرى يۇمشاق ئادەم - ھە ! يۇرسىلە، تەرەت ئېلىشقا سۇ تەييارلاپ قويدۇم، پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋېلىپ بىردەم ئۇخلىۋالسىلا، — دىلداربىكە ئۇنى ئىچكىرى ھويلىدىكى ئارامگاھىغا ئەكىرىپ كەتتى.

ئەتىسى بەگتاش جالالىدىن ئوغۇللىرى بەگتاش خېلىل، بەگتاش جېلىللار بىلەن بىللە كەلدى. قارىغاندا ئاتىسى، ئاكىسى بەگتاش جېلىلنى كەچۈرگەنىدەك قىلاتتى. كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان گەپلەر بولۇندى. كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئەھۋاللار توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشمىدى.

ئۇ كۈنى ئالىپ ئېلزادبەگ بىلەن بۇۋىئايىشە باللىرىنى ئېلىپ كېلىپ كەچلەپ كېتىشتى.

— بوۋىسىغا ھەمراھ بولسۇن، بالا سېغىنىپ قالىدىكەنمىز، — دەپ جانپىدا غوجامنى دىلداربىكە ئېلىپ قالدى.

# 3

بەگيۇسۇپ ئۆز ئۆيىدە جاھان غەملىرىدىن نېرى بولۇپ يەنە بىر كۈننى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ، مۇھەممەد ئەل كاشغەرىي باشلىق ساچىيە ۋە خانلىق مەدرىسەسىنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرى كېلىشتى. بەگيۇسۇپ ئادەم ئەۋەتىپ بەگتاش خېلىلىنىڭ دۆلەتباغدىكى قورۇسىدا تۇرۇۋاتقان ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم بىلەن ئاشانبۇقانى چاقىرتىپ كەلدى. ھەممەيلەن تاشقىرىقى ھويلىنىڭ بالىخانىسىدا ئولتۇرۇشتى. بۇ ئۆينىڭ دېرىزىلىرى ئارقىلىق قەشقەر باھارىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار ياشانغىنىغا قارىماستىن بالىخانىدا ئولتۇرۇشنى ئۆزلىرى تەلەپ قىلىشقانىدى. يۇز ئون بەشكە قاراپ ماڭغان ئاشانبۇقامۇ ئالىم، ئەدىبلەرنىڭ سۆھبىتىدىن مەھرۇم قالماي دەپ، يۆلەنمەي، يۆلەتمەي قىرىق باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن چىقىپ ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى.

— كۆچ بار ئىكەن، چىلىشقا چۈشكەندىمۇ ئۆزىدىن يىگىرمە ياش كىچىك بوۋاينى ئېتىۋەتتى ئەمەسمۇ، ھەقىقىي ئەزىمەت بوۋاي ئىكەن. ئوردۇكەنتنىڭ لەۋەن قىزلىرىدىن بىرنى تاللاپ ئېلىپ بەرسەك بولغۇدەك، — دېدى ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ ھەزىل قىلىپ.

— ئاشانبۇقانىڭ ئەر پالۋانلارغا كۈچى يەتكەن بىلەن قىزلارغا كۈچى يەتمەسمىكىن، — مۇھەممەد بىننى ئەل كاشغەرىي بوۋاينىڭ كۆكرىكىگە يېيىلىپ تۇرغان ئاپپاق ساقىلىغا ئىما قىلىپ كۈلدى، — ناۋادا قىز ئېلىپ بەرسەك ساقىلىغا يامىشىۋېلىپ، ھالسىرىتىپ قويارمىكىن.

ھەممەيلەن قايىنىغان چۆگۈندەك پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— دۇنيا ئىشلىرىغا باھا بېرىشتە خاتالاشمايدىغان بۆگۈ

بىلگە، بوغۇغلىرىم، پېقىرغا باھا بىر نەشتە خاتالىشىپ قېلىشىۋاتىدىلا. بىر ئەمەس، تۆت قىز ئېلىپ بېرىشسىلىمۇ سۆيگۈ قەلئەلىرىنى كۇمپەيكۇم قىلىۋېتەلەيمەن، ھا ـ ھا ـ ھا...

بەگيۇسۇپ قولىنى تىزىغا ئۇرۇپ ھەممىدىن بەكرەك كۈلۈپ كەتتى:

ــ يۇز داۋاندىن ئاشقان بۇ بوۋاينى بوش چاغلىماڭلار. بەلباغنى قانداق باغلىغانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يېشەلمەيدۇ. ئۆزۈڭلارنىڭكىگىمۇ سەپسېلىڭلار. ئەنە مەزلۇمىڭلار باغلاپ قويغاچقا، تېگىمۇ قويسىلا يېشىلىپ كېتىدىغاندەك بوش تۇرغىنىنى! پېقىرمۇ بەلباغ باغلاشنى ئاشانبۇقادىن ئۆگەنگەن.

ئالىملار كۈلۈشۈپ بالىخانىدىن چاڭ چىقىرىۋەتتى.

ياشىراق بولغان ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسى ئاشانبۇقانىڭ بەلبېغىنى يېشىپ باقماقچى بولۇپ، خېلى ھەپىلەشكەن بولسىمۇ يېشەلمىدى.

ــ مەن يېشىپ باقايمۇ ئالىپ بوۋا؟ ــ دېدى بەگيۇسۇپ.

ــ ياق، بۆگۈ بىلگەم، ھەزرەتلىرىگە مەن ئۆگىتىپ قويغان. بۇ سىرنى باشقىلار بىلىۋالسا، بەلباغ باغلاشنىڭ خاسىيىتى تۈگەپ كېتىدۇ. پېقىر قارا قورساق بولسامۇ، سىلەرگە شۇنى دەپ قوياي بوغۇغلىرىم: بەلباغنى چىڭ باغلىغان ئادەمنىڭ تېنى ساق، غەيرىتى ئۇستۇن بولىدۇ، بوزەك بولمايدۇ. باللىرىڭلارغا، نەۋرەڭلەرگە بېلىنى چىڭ باغلاش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىڭلار. قىز بالا غۇنچە گۈلۈڭلەرگە بېشىغا رومال سېلىشنى، ياغلىق چىگىشنى تەشەببۇس قىلىڭلار. گۈزەل چېھرىنى، قۇندۇز چاچلىرىنى توپا ـ توزاڭدىن، داغ چۈشۈشتىن، بىھايالارنىڭ نومۇسسىز نەزىرىدىن ساقلايدۇ. ھەزرەتلىرىمگە نەسىھەت قىلىش سالاھىيىتىم بولمىسىمۇ، دېگەنلىرىم مەڭگۈلۈك ھەقىقەت. مەن شۇنداق قىزىق بوۋاي.

ئاشانبۇقا مۇنەججىم، سىلىق ـ سىپايە بۆگۆ بىلگەلەرنى روھلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلار جەمئىيەت، شەيئىلەر ھەققىدە قىزغىن مۇنازىرە قىلىشتى. ئاندىن ئۆتمۈشنى ئەسلىشىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇپ، راۋاجلىنىپ بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ كەلگەنلىكى، بولۇنغان جەڭ ـ ماجىرا، ئاپەت، ئاقىۋەتنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى تەھلىل قىلىشتى ۋە ھەممە ياخشىلىق ـ يامانلىق ئادەمگە ۋە نىيەتكە باغلىق، دەپ خۇلاسە قىلىشتى. پادىشاھ ئەلگە سادىق بولسا، ئاۋاممۇ پادىشاھقا سادىق بولىدۇ، دېگەن نەتىجىگە كېلىشتى. بەگيۈسۈپ خانلىقنى باشقۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇشتا، ئادالەتكە، ھەققانىيەتكە توسالغۇ، قارشى بولغان بارلىق ئەنئەنىۋى تۈزۈم ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، دۆلەت ئەربابلىرىنى قانداق تاللاش، خىزمەتكە قويۇش توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىنى سۆزلەپ، ئالىملارنى قايىل قىلدى. ئۇلار ئاي چىققاندا ئۇزاشتى.

— يائاللا ـ يائاللا بېگىم، خۇدا بەرگەن ئارامىنىمۇ ئالغىلى قويۇشمىدى، ئەتىدىن باشلاپ ھېچكىمگە ئىشىك ئاچمايمەن جۇمۇ، — دېدى دىلدارىبىكە بەگيۈسۈپنىڭ تونىنى سالدۇرۇپ.

— سىلىدەك كۆيۈمچان خاتۇنغا ئېرىشتۈرگەن خۇداغا شۈكۈر، — بەگيۈسۈپ ئۇنى قۇچاقلىدى، — سۆزلىرىدە چىنلىق تۇرسىلا، بىكەم.

دىلدارىبىكە ئەتىسى سەھەردىلا تۇرۇپ كەتتى. بەگيۈسۈپكە ناشتىلىق تەييارلاۋاتقاندا ئىشىك قېقىلدى. ئۇ ئىشىكنى ئاچارمۇ، ئاچماسمۇ؟

## 4

ئىشىك قاققان يات كىشى ئەمەس، ئېلزادبەگ ئىدى.

سۇلتانبەگ ئۇنى ھويلىغا باشلاپ، بەگيۈسۈپكە خەۋەر قىلدى.

— بىكەم ئۆيگە باشلايمىزمۇ ياكى قايتۇرۇۋېتىمىزمۇ؟ —

دېدى ئۇ چاي قۇيۇۋاتقان خاتۇنغا ئىللىق نەزەر تاشلاپ.
— كۈيۈئوغلىمىزنى قايتۇرۇۋەتسەك يۈزىمىزگە سەت بولار، ھاجىب، — ئىتتىك ئورنىدىن تۇرغان دىلداربىكە رومىلىنى ئوڭشاپ ئارتىپ، بەگيۈسۈپكە يەكتىكىنى ئېلىپ بەردى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئابالىرىم، بىۋاقىت كېلىپ بىسەرەمجان قىلغان بولسام، ئەپۇ قىلىشقايلا، — دېدى ئېلزادبەگ ئۆيدىن چىقىشقان قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسىغا سالام بېرىپ.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام. قۇتلۇق قەدەملىرى ئائىلىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغاي، — بەگيۈسۈپ قول بېرىپ كۆرۈشتى.
دىلداربىكە تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.
— بۇزرۇكۋارىم، ھەسەن بۇغراخان بىلەن بايبەگ ئىنال تېگىن ئۆزلىرىنى ئوردىدا كۈتۈپ قالدى. ئۆيگە كىرسەم ھايال بولۇپ قالارمىزمىكىن.
نېمە ئىش ئىكەنلىكى بەگيۈسۈپكە مەلۇم بولغاچقا، دىلداربىكەگە قارىدى. ئۇ دەرھال ئۆيدىن تون بىلەن سەللە يۆگەكلىك بۆكىنى ئېلىپ چىقتى.
— كەچكە قالماي بۇرۇنراق كېلەلا، ئاتىسى، — دەپ ئۇزىتىپ قالغان خاتۇنغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ماڭغان بەگيۈسۈپ ئېلزادبەگ، سۇلتانبەگلەر بىلەن بىللە يېڭىلا قوز ئوردۇ سەپىرىدىن يېنىپ كەلگەن ئارسلان، ئەرئاتانلارنى ئېلىپ ئوردىغا كەلدى. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان، ئىنال تېگىنلەر ھاجىبۇل ھۇججاب سارىيىدا ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.
— دەم ئېلىشىڭىزغا دەخلى قىلدۇق، بەگيۈسۈپ. بايبەگ ئىنال تېگىن پىنھان گەنجنى پادىشاھ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇۋېتىپ بارسىغانغا ماڭماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى بۇغراخان.
— تەڭرى نېسىپ قىلغان بولسا بوگۈن ئەكېلىۋالغىنىمىز خوپتۇر، ئالىيلىرى. بۇ ھەقتە ئۆزلىرىدىن ئاڭلىغان كۈنىلا

ئاغزى چىلاڭ، ئىشەنچلىك، قەيسەر ئەزىمەتلەرنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانىدىم، مانا، ئەرئاتان، ئارسلانلار مۇشۇ ئىش ۋەجىدىن يىغىلا سەپەردىن قايتىپ كەلدى. ئۇلارنى ئېلىپ كەلدىم.

— ئۇنداق بولسا بىز ماقايلى، ئالىيلىرى، — بايبەگ ئىنال تېگىن قوپتى.

— گەنجنى ئەل كۆزىدىن پىنھان تۇتۇش ئوغرى، قاراقچى، خىيانەتچىلەرگە بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈندۇر. بەكمۇ ئېھتىيات قىلىڭلار.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، — بەگىيۇسۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

ئۇ بايبەگ ئىنال تېگىن بىلەن بىللە تاشقىرىغا چىققاندىن كېيىن، ئېلزادبەگ، سۇلتانبەگ، ئەرئاتان، ئارسلانلار بىلەن سودىگەرلەردەك كىيىنىپ، كەتمەن بازىرىنىڭ دوقمۇشىغا كەلدى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى چوڭ - كىچىك دۇكانلاردىن بولقا - بازغاننىڭ جاڭ - جۇڭ، تاڭ - تۇڭ قىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆيۈك پۇۋلەپ لوقىراپ يانغان ئوتتا قىزىرىپ تاۋلانغان تۆمۈرلەر سەندەلگە قويۇلۇپ سوقۇلۇۋاتاتتى. دۇكانلارغا كۆز سېلىپ ماڭغان بەگىيۇسۇپ ھالقا - ھالقا تۆمۈر ئىشكىتىن جىمجىت قورۇغا كىردى.

— رەھمەتلىك ئاتام بار چاغدا، بۇ قورۇنىڭ ھويلىسىدا سەكسەندىن ئارتۇق قورال - سايمان ياسايدىغان دۇكانلاردا كېچە - كۈندۈز ئاش قايناتتى. ئادەمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، — دېدى بايبەگ ئىنال تېگىن ئۇچاقلىرى چېقىلغان، سەندەللىرى ئۇغتەي - توغتەي قىلىۋېتىلگەن دۇكانلارنى كۆرسىتىپ.

— نېمىشقا بۇنچە ۋەيران بولۇپ كەتكەن؟ — سورىدى سۇلتانبەگ ئەترايقا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— سىز بىلمەيسىز ئىنىم، قان ئىچەر جاللات مۇغىسۇز ئىبراھىم تېگىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن كېلىپ ئاتامنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇستىلارنى تەزدۈرۈۋەتكەن. مانا شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ئاۋات قورۇ

ۋەيران بولغان. يەر ئاستى ئۆيگە مۆكۈنۈۋالغان ئاباملا بىر دېدىكى بىلەن ئامان قالغان، — ئىنال تېگىن ئېغىر تىندى.

— پىنھان گەنج توغرۇلۇق ئانىلىرى خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ ـ دە، ئالىيلىرى، — سۆز قىستۇردى بەگيۇسۇپ.

— شۇنداق، ھاجىبۇل ھۇجاپ، ئابام ماڭا يوشۇرۇن گەنج توغرۇلۇق مەكتۇپ ئەۋەتكەنىدى. ئوردۇكەنتكە كەلگىنىمدىن كېيىن بۇ مەخپىيەتلىكنى قېيىنئاتام توغرۇل قاراخانغا ئېيتماقچى بولغانىدىم. ئويلا ـ ئويلا چۈشۈمگە زاھىر بولۇپ، ئابامنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا ئاشكارىلىدىم ۋە گەنجنى پادىشاھلىق خەزىنىگە تاپشۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. بۇ گەنج راستلا بارمۇ؟ بۇ نامەلۇم. ئاتامنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قىدىرىپ كۆرسەك بەلكىم گەنج تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئاۋۋال ئابام بىلەن كۆرۈشەيلى.

بايبەگ ئىنال تېگىن ئۇلارنى باشلاپ، قورۇ ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يەنە بىر سارايغا ئېلىپ كىردى. بۇنىڭ ئىچىمۇ ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋېتىلگەنىدى. سارايىنىڭ ئوڭ بۆلۈكىدىكى كىچىك ئىشىكتىن يەنە بىر قاراڭغۇ ئۆيگە، ئۇنىڭ بۆلۈكىدىكى ئىشىكتىن سوزۇنچاق غۇۋا يورۇق دالان ئۆيگە چىقىشتى. پۇختا ياسالغان ئۇزۇن ياغاچ شوتا تامغا قويۇقلۇق ئىدى. ئىنال تېگىن «قېنى يۇقىرى چىقايلى» دېگەن مەنىدە، قولى بىلەن شوتىنىڭ يۇقىرى ئۇچى تىرەكلىك يوچۇقنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئۇستۇن كۆتۈرۈلدى. باشقىلارمۇ بىر ـ بىرلەپ شوتىغا چىقىپ، ئاشۇ يوچۇق ئارقىلىق چوڭ بىر ئۆيگە كىرىشتى. تۈڭلۈكتىن يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئىنال تېگىننىڭ باشلىشى بىلەن بۇ ئۆيدىن چوڭ بىر توپ ئۇجمە سايە تاشلىغان ھويلىغا قەدەم قويۇشتى. پاكىز سۈپۈرۈلۈپ كۆك مۇز قىلىۋېتىلگەنىدى. خوتەن زىلچىسى سېلىنغان سۇپىدىكى جايناماز ئۈستىدە چاچلىرى ئۈچتەك ئاقارغان پەرىشتە سۈپەت بىر موماي ئولتۇراتتى. بۇ مەرھۇم ھارۇن بۇغراخاننىڭ كەنجى

قىزى مەلىكە نارا ئاغىچا خېنىم ئىدى، ياشانغان بولسىمۇ تىمەن ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇزرۇكۋارىم ئابا، ئەھۋاللىرى نېچۈن؟ — دەپ ھال سورىدى ئىنال تېگىن بىر تىزىنى پېشايۋان سۇپىسىغا قويۇپ.

— خۇداغا شۈكۈر، بالام. ئالىپ ئاتاڭنىڭ روھىغا ھەمراھ بولۇپ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي كېلىۋاتىمەن. ھەر كۈنى كېلىپ بالام بىلەن يوقلاپ مېنى ناھايىتى خۇش قىلىدىڭ. سىلەر كەلگەندىن بۇيان ئېچىكىمنى چاتىدىغان ئوغلۇم بار بولدى، دەپ روھلىنىپ قالدىم. مۇبادا سەن كەلمەي جان ئۈزگەن بولسام، پىنھان گەنج يەر ئاستىدا قالغان بولاتتى. قاچان ئۇ گەنجنى ئاچىسەن بالام؟ — دېدى مەلىكە نارا ئاغىچا خېنىم ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ.

— مانا بۈگۈن خۇدا بۇيرۇسا گەنجنى ئاچىمىز ئابا، ئۇنى پادىشاھ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ، سىلىنى بارسغانغا ئېلىپ كېتىمەن.

— ياق، ياق، ئوغلۇم. مەن كەتسەم ئاتاڭنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ قالامدۇ؟ بۇ ئۆيگە قىز چىقىمدا كىرگەن. مېيىتىممۇ مۇشۇ ئۆيدىن چىقمىسا ئۇلۇغ ئاتاڭنىڭ روھى قورۇنمامدۇ؟ ياق، ياق، ئوغلۇم، بارسغانغا سەن كېتىۋەرگىن. توغرۇل قاراخانمۇ تەكلىپ قىلىپ مېنى ئوردىغا ئېلىپ بارالمىغان. مەن ئىشقىم چۈشكەن، ۋىسالىغا يەتكەن، بىرلا سېنى تەۋەللۇت قىلغان مۇشۇ ئەزىز ماكاندا قالىمەن، — مەلىكە نارا ئاغىچا خېنىم ئوغلىنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ يىغلاپ كەتتى، — ئۆمرۈم ئاز قالدى، بالام. مېنى ئېلىپ كېتىمەن دېمىگىن. ئاھ، خۇدا...

— كەچۈرسىلە، بۇزرۇكۋارىم. مەن ئالدىلىرىدا گۇناھكار، خىزمەتلىرىدە بولالمىدىم، ھەرەمگە ئېلىپ بارالمىدىم. بارسغانغا بارمىسىلا قانداقمۇ خىزمەتلىرىدە بولالايمەن؟ — ئىنال تېگىننىڭ كۆز ياشلىرى ئانىسىنىڭ كۆكسىگە تاراملىدى.

— يىغلىما ئوغلۇم. ئوغۇل دېگەن كۈلۈشكە يارالغان، ئانا بولسا يىغلاشقا. مەن يىغلاي، سەن كۈل. ئەل خىزمىتىدە بولغىنىڭ — مېنىڭ خىزمىتىمدە بولغىنىڭ، بالام. مەن رازى، سەن كېتىۋەرگىن، مېنى دەپ ئەل خىزمىتىنى ئاقسىتىپ قويساڭ گۆرۈمدە تىنچ ياتالمايمەن. ئەمدى پىنھان گەنجنى ئېچىشقا كىرىشكىن.

— گەنجنى ئېچىشقا ئىشەنچلىك ئادەملەرنى ئېلىپ كەلدىم ئابا، ئۇلارغا دۇئا بەرسىلە.

مەلىكە نارا ئاغىچا خېنىم ئاق ھىلھىلە رومىلى بىلەن تەۋررۈك جامالىنى يوشۇرۇپ، بەگيۈسۈپنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلدى.

— جانابلىرى بىلەن ئىلگىرى دىدارلاشمىغان بولسامۇ، مەرھۇم ئاتىسى تەرىپلىرىنى كۆپ قىلاتتى. ئۆزلىرىگە غايىبانە دۇئا قىلىپ تۇرغانىدىم. بۇغراخانىنىڭ گەنجنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ئۆزلىرىنى تەيىنلىگەنلىكىنى ئوغلۇمدىن ئىشىتىپ، ئەلنىڭ بايلىقى ئەل ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بوپتۇ، دەپ خۇرسەن بولدۇم، — ئۇ دېدىكى ئېلىپ چىققان ئانار شەربىتىنى جاملارغا قۇيۇپ ئوغلىنىڭ قولى بىلەن مېھمانلىرىغا تۇتتى، — ھەربىرىڭلارنى قوي سويۇپ، ئاش تارتىپ كۈتۈۋالسام بولاتتى. قېرىلىق بۇ شەرەپتىن مېنى مەھرۇم قىلىپ قويدى. شەربەتنى ئىچىڭلار. ئۇسسۇزلۇقىڭلار قېنىپ، روھلىنىپ قالىسىلەر. گەنجنى تاپقۇچە تاماقمۇ يېشىپ قالار، بالىلىرىم. سىلەرنى ئاچ يېتى ئۇزىتىپ قويمايمەن.

مەلىكە نارا ئاغىچا خېنىم گېپىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇردى. ھۇجرىسىغا كىرىپ غەلىتە شەكىل سىزىلغان بىر قوي تېرىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، — مانا بۇ گەنجنىڭ قويۇلغان يېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سىزما، — دەپ بەگيۈسۈپكە ئۇزارتتى.


پېشايۋان سۇپىسىغا تېرىنى يېيىپ، دىققەت بىلەن سەپسالغان بەگيۈسۈپ:

— بايبەگ ئىنال تېگىن ئالىيلىرى، بۇ سىزمىنى چۈشەندۈرۈپ باقسىلا، — دەپ ئۆتۈندى.

— ھاجىبۇل ھۇجاپ جانابلىرى، مەن ئوردۇكەنتكە كېلىپلا گەنجىنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىسام ئابام مۇشۇ تېرىنى كۆرسەتكەنىدى. نەچچە كۈنگىچە ھەر كۈنى دېگۈدەك قاراپ، گەنج بىلەن بۇ سىزمىنىڭ قانداق ئورتاقلىقى بارلىقىنى ئاڭقىرالمىدىم. ئابامنىڭ كۆزى ئاجىزلاپ قالغاچقا ئاتامنىڭ: «بۇ سىزمىغا گەنجىنىڭ قويۇلغان يېرى چۈشۈرۈلگەن. شۇ بويىچە ئىزدەپ تېپىپ بۇغراخان خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار!» دېگەن ۋەسىيىتىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ، تېرىدىكى سىزمىغا بولغان قىزىقىشىمنى ئاشۇردى. پاراسەت كۆزى بىلەن قاراپ باقسىڭىز، گەنجنىڭ يىنھان يېرى ئايان بولۇپ قالار.

ئىنال تېگىن سۆزىنى تۈگەتكەندە، بەگيۈسۈپنىڭ ئەقىل كۆزى سىزمىغا تىكىلدى. سىزمىنىڭ ئوڭدىن سولغا سىزىلغانلىقىنى بىلدى. سىزمىنىڭ باشلانمىسىغا تۆت چاسا كىچىك بەلگە چۈشۈرۈلگەنىدى. بەلگىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن تارتىلغان سىزىق شارسىمان بەلگىگە تۇتاشتۇرۇلغانىدى. شارسىمان بەلگىنىڭ ئۈستىدىن يۇقىرىغا قارىتا سىزىلغان سىزىق يەنە بىر شارسىمان بەلگىگە، ئۇنىڭدىن توغرىسىغا، ئاندىن تۆۋەنگە قارىتا سىزىلغان سىزىقلارمۇ بىر خىل شارسىمان بەلگىلەرگە تۇتاشتۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن توغرىسىغا بىر سىزىق تارتىلىپ، يەنە بىر شارسىمان بەلگىگە تۇتاشتۇرۇلغانىدى. بۇ شارسىمان بەلگىنىڭ ئۇ تەرىپىگە سىزىق تارتىلمىغان، پەقەت ئوتتۇرىسىغا تىك سىزىقچە سىزىپ قويۇلغانىدى.

بەگيۈسۈپ ئۈچ سائەتكىچە بۇ سىزمىدىن كۆزىنى ئالمىدى. مەلىكە، دېدىكى بىلەن پىشۇرۇپ لېگەنگە ئېلىپ چىققان نېرىن چۆپنى داستىخانغا قويدى. بەگيۈسۈپنىڭ ئاغزى ئاشتا، كۆزلىرى تېرىدىكى سىزمىدا بولدى. ئاخىر «تاپتىم!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ شەكىلنى كۆرسىتىپ:




— بۇ مەغرىبتىن مەشرىق تامان سىيلىنغان مۈرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئۆينىڭ شەكلى ئىكەن. ھۆرمەتلىك مەلىكە ئانىمىزدىن سوراپ باقساق، ئەنە شۇنداق بىرنەچچە ئىغىز ئۆي مۇشۇ قورۇ ئىچىدە بارمۇ ـ يوق؟ — دېدى ئىنال تېگىنگە.

ئۇ ئايۋان ئۆيدىن ئانىسىنى يېتىلەپ چىقتى.

— لەببەي بەگيۇسۇپ، قۇلىقىم سىزدە، — دېدى ئۇ.

بەگيۇسۇپ سىزمىغا نىسبەتەن ئىچىدە پەيدا بولغان چۈشەنچىنى سۆزلەپ بەردى.

مەلىكە ئولتۇرۇپ كېتىپ، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بار، ئىشىكى مەغرىب تەرەپتە بىرقانچە ئۆي بار. تاشقىرىقى ھويلا بىلەن ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ ئارىلىقىدا. رەھمەتلىك ئاتىسى بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ھەمىشە قۇلۇپلاپ قويىدىغان، — دېدى ئۇ قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — تۇۋا، ئەجەب ئېسىمغا كەلمەپتۇ. قېرىلىق، بالام، قېرىلىق. ئادەم قېرىغاندا كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنىمۇ ئاڭقىرالماس بولۇپ قالىدىكەن، تۇۋا.

بەگيۇسۇپ بىرىنچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئىنال تېگىن ئانىسىنى يۆلەپ، تاشقىرىقى ھويلا بىلەن ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ ئارىلىقىدىكى دالانغا ئېلىپ باردى. ئوتقاشنى كۆتۈرگەن ئەرئاتان، ئارسلانلار بەگيۇسۇپنىڭ يېنىدا تۇردى.

— مانا مۇشۇ ئىشىكتىن كىرگىلى بولىدۇ، — دېدى مەلىكە. ئۇ يوغان قارا قۇلۇپ سېلىنغان بىر قاناتلىق تۆمۈر ئىشىكنى كۆرسەتتى ۋە دېدەكلىرىگە ھەممە ئاچقۇنى ئالدۇرۇپ چىقتى. ھېچقايسىسى قۇلۇپقا چۈشمىدى. بايبەگ ئىنال تېگىن ئانىسىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە مەرھۇم ئاتىسىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا

كىردى. «نېمىدېگەن ئېسىل قىلىچ ـ قالقانلار بۇ. ئوموٗت، گۇرزىلەرمۇ بار ئىكەن. ئەجەب كۆرمىگەنكەنمەن. بۇ ئاتامنىڭ مەخپىيەتلىكى بولسا كېرەك». ئۇ كۆز سېلىپ، ھەر خىل رەختتە تىكىلگەن تونلارنى، سەرپايلارنى، قايرىما، ئۇچلۇق، تۆت قىرلىق قالپاقلارنى، بادام، چىمەن، ئاق، گۇللۇك دوپپىلارنى، ئۇزۇن ـ قىسقا قىل قامچىلارنى، كۈمۈش ئۇزەڭگە، ياقۇت كۆز قويۇلغان يۈگەنلەرنى، قاتتىق ـ يۇمشاق ئېگەرلەرنى كۆردى. ئىنال تېگىن تونلارنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇردى. زەر ياقىلىق چەكمەن توننىڭ قويۇن يانچۇقىدىن بىر ئالتۇن ئاچقۇچ چىقتى. ئۇ ئاچقۇنى ئېلىپ ئارقىسىغا ياندى.

ـــ ئابا، ئاچقۇنى تاپتىم، ـــ ئۇ ئانىسىغا بەردى.

ـــ شۇ، شۇ، ئېسىمگە كەلدى. مېنى بۇ ئۆيگە باشلاپ كىرگەندە مۇشۇ ئالتۇن ئاچقۇ بىلەن ئىشىكنى ئاچقانىدى، ـــ دەپ ئاچقۇنى سېلىپ قۇلۇپنى ئاچتى. بۇ ئۆيدە ھېچنېمە يوق، قۇپقۇرۇق ئىدى. ھۇۋلاۋاتقان كۆك بۆرىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان تامغا بەگيۇسۇپنىڭ كۆزى چۈشتى. «قېنى ئۇ بايلىق. كۆك بۆرە يوشۇرۇپ قويغانمىدۇ؟ ياق. سۈرەتنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى. دېمەك، گەنج يوق ئىكەن...»

ئىنال تېگىنمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى.

ـــ ئاتام نېمىشقا گەنج بار دەپ ۋەسىيەت قىلغاندۇ؟ بۇنىڭدا نېمە ھېكمەت بار؟ بىلەلمىدىم، قايتايلى.

ـــ ئالدىرمايلى، ئالىيلىرى. نېمىشقا بۇ تامغا بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن؟ بۇنىڭدا سىر يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ـــ بەگيۇسۇپ تامنى تۇتتى. قولىغا مۇزدەك ئۇرۇلدى. ئۇ سىيپاپ ـ سىيپاپ بۆرە سۈرىتىنىڭ باش قىسمىغا كەلگەندە، قولى تېگىشى بىلەن تەڭلا بىر خىش يەرگە چۈشۈپ پارچىلاندى. بىر كامار پەيدا بولدى.

ـــ ئوتقاشنى بۇ يەرگە تۇتۇڭلار ! ـــ دېدى ئۇ.

ئارسلان ئوتقاشنى يېقىن ئەكەلدى.

بەگيۇسۇپ كۆز يۇگۇرتۇپ، قاتار تىزىلغان چوڭ ـ كىچىك ساندۇقلارنى كۆردى.

— گەنج تېپىلدى، مەلىكە ئانا، ئىنال تېگىن ئالىيلىرى، گەنج تېپىلدى! قاراپ بېقىشسىلا.

ئاۋۋال مەلىكە ئانا، ئاندىن ئىنال تېگىن، ئېلىزادىبەگلەر سەپسېلىپ قارىدى.

— بۇ قات① ئىكەن. يېرىم خىشتىن ئېتىلگەچكە تامغۇ قېلىن ئەمەس ئىكەن. كېسەكنى ئېلىپ كامارنى چوڭايتايلى. كىرىپ گەنجنى ئېلىپ چىقايلى، — دېدى بەگيۇسۇپ. كېسەكنى بىر ـ بىرلەپ قومۇرۇپ، ئىنال تېگىن، ئېلىزادىبەگلەرگە سۇنۇپ بەردى. ئۇلار يەرگە تىزدى. ئۇزاق ئۆتمەي دېرىزە چوڭلۇقىدا يوچۇق ئېچىلدى. بەگيۇسۇپ مەلىكە ئانىنى تەكلىپ قىلدى:

— مەلىكە ئاغىچا خېنىم، ئاۋۋال ئۆزلىرى كىرسىلە. بۇ گەنجگە خاسىيەتلىك قوللىرى دەسلەپ تەگسۇن.

## 5

مەلىكە نارا بىرىنچى بولۇپ ئۆيدەك چوڭ قاتقا كىردى. ئارقىدىن ئىنال تېگىن، بەگيۇسۇپلەر كىردى. ساندۇقنىڭ قاغا تۇمشۇقلىرىغا قۇلۇپ سېلىنمىغاچقا، ئاسانلا ئېچىلدى. بۇ قاتتىكى يەتتە ساندۇقنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق ئىدى.

— گەنجنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، ئابا، — دېدى ئىنال تېگىن ئەپسۇسلىنىپ.

بەگيۇسۇپ تېرىدىكى سىزمىغا دىققەت بىلەن قاراپ بىردىن يۇقىرىغا كۆز تىكتى. يەنە شۇ ھۆۋلاۋاتقان كۆك بۆرىنىڭ سۈرىتى...

— ياق، ئالىيلىرى. بىز ئۇستىگە چىقىشىمىز كېرەك. گەنج

① قات — تام قېتىدىكى بايلىق ساقلىنىدىغان بوشلۇق.

بۇ يەردە ئەمەس، ـــ ئىنال تېگىن سۆزىنى رەت قىلغان بەگيۇسۇپ دەرھال ئارسلان، ئەرئاتانلارنىڭ قولىدىن ئوتقاشنى ئېلىپ، قۇرۇق ساندۇقلارنى بىر ئۆزۈنىسىغا، بىر توغرىسىغا ئۇست ـ ئۇستىگە قويۇپ تىزىشنى بۇيرۇدى.

ساندۇقلار شۇنداق تىزىلدى. بۆرە سۈرىتى چۇشۇرۇلگەن تورۇسقا تېگەيلا دەپ قالدى.

ـــ ئېلزادبەگ بالام، سىز ساندۇقلارنىڭ ئۇستىگە چىقىڭ. بىز كۆتۈپ تۇرايلى. كۆك بۆرىنىڭ بېشىنى سىيپاڭ.

ـــ ماقۇل ئاتا، ـــ ئېلزادبەگ يەتتىنچى ساندۇقنىڭ ئۇستىگە چىقىپ كۆك بۆرە سۈرىتىنىڭ باش تەرىپىنى سىيپىدى. بىر خىش قولىغا چىقتى. ئۇ خىشنى ئارسلانغا سۇنۇپ بەردى. ئارقا ـ ئارقىدىن قولىغا چىققان خىشنى سۇنۇپ بېرىۋەردى. بۆرە سۈرىتى ئورنىدا چوڭ بىر كامار پەيدا بولدى.

ـــ كاماردىن يۇقىرىغا چىقىپ قاراپ بېقىڭ.

ئېلزادبەگ كاماردىن بىر ئۆيگە چىقتى:

ـــ كەپىدەك كىچىك بىر ئۆي ئىكەن. ئۇڭ تەرىپىدە بىر يوچۇق باردەك قىلىدۇ. قاراڭغۇ بولغاچقا ئېنىق كۆرەلمىدىم.

بەگيۇسۇپ قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ مەلىكە ناراغا قارىدى.

ـــ بۇزرۇكۋار، دۇئا بەرسىلە، بىز چىقىپ قاراپ باقايلى.

ـــ ئى رەببىيەل ئالەمىن، ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى ھەممە مەۋجۇداتنى ئۆزۈڭ ياراتقان. ھەر نەرسىكى ساڭا سىر ئەمەس. ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، گەنجنى تېپىشىمىزغا ئۆزۈڭ ياردەم قىلغايسەن، ـــ دەپ دۇئا بەردى.

بەگيۇسۇپ، ئىنال تېگىن، ئەرئاتانلار كىرپىست شەكلىدە بىر ـ بىرىنىڭ ئۇستىگە قويۇلغان ساندۇقلارغا پۇت قويۇپ، يۇقىرىدىكى ئۆيگە چىقىشتى. مەلىكە ئانىنىڭ يېنىدا ئارسلان قالدى.

ئەرئاتان ئوتقاشنى يوچۇققا تۇتتى. بۇ تام يېرىقى بولماستىن،

ئادەم بىمالال ماڭالايدىغان قاراڭغۇ تارچۇق ئىكەن.

— قېنى ئالدىمىزدا سىز مېڭىڭ، — دەپ ئەرئاتانغا بۇيرۇدى بەگيۇسۇپ. ئۇ يەتتە قەدەم مېڭىپ توختىدى.

— بۇ يەردە تۆۋەنگە چۈشىدىغان پەلەمپەي بار ئىكەن.

— پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈۋېرىڭ، بىزمۇ چۈشىمىز.

— ماقۇل ئۇستاز، — ئەرئاتان خىشتىن ياسالغان ئۈچ بۇرجەك پەلەمپەيگە ئاۋايلاپ دەسسەپ تۆۋەنگە چۈشتى. ئوتقاش يورۇقىدا ئوڭ تەرەپتىكى تامغا سىزىلغان كۆك بۆرىنىڭ سۈرىتىنى كۆردى. سۈر بېسىپ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان بەگيۇسۇپ ئالدىغا ئۆتۈپ، كۆك بۆرىنىڭ بېشىنى سىيپىدى. قولىغا ئۇرۇنغان بوش خىشنى ئېلىپ يەرگە قويدى. بۆرە سۈرىتى سىزىلغان يەردىكى ھەممە خىشنى قومۇرۇۋالدى ۋە ئېچىلغان كاماردىن ئۆتتى. بۇ ئۆي بولماستىن ئۇزۇنچاق دالان ئىدى. بەگيۇسۇپ يەتتە قەدەم مېڭىپ تام تۈۋىگە كېلىپ قالدى. كەينىدىكى ئەرئاتاننىڭ قولىدىكى ئوتقاشنى ئېلىپ قاراپ، تامدىكى بۆرە سۈرىتىنى كۆردى. ئوتقاشنى ئەرئاتانغا بېرىپ، ئۆزى سۈرەتتىكى بۆرە بېشىنى سىيپاپ بوش خىشنى تېپىۋالدى. بۆرە سۈرىتى غايىب بولغۇچە تامدىكى خىشنى ئېلىۋەردى، ئاخىر كامار ئېچىلدى. بەگ يۇسۇپ بىرىنچى بولۇپ ئۆيگە كىردى. ئوتقاش يورۇقىدا تېرىدىكى سىزمىغا قاراپ:

— بۇ ئاخىرقى ئۆي ئىكەن، — دېدى.

بەگيۇسۇپ تامدىكى يەتتە ئويۇقتا قويۇلغان يەتتە ساندۇقنى كۆردى. ھەر ساندۇق ئۈستىگە بۆرە سۈرىتى سىزىلغانىدى.

بۇ ناھايىتى پۇختا ياسالغان يوشۇرۇن قات ئىدى. تۆت تېمى چاچ، توزغاق ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن لايدا سۇۋالغان بولۇپ، ناۋات، تۇخۇمنىڭ ئارىلاشمىسى بىلەن پاتلانغانىدى. بىرىنچى ساندۇق قويۇلغان كۇنگۇرىلىك ئويۇقتا بىر تۇتام ئاچقۇ ئېسىپ قويۇلغانىدى. بۇنى كۆرگەن بەگيۇسۇپنىڭ ئويچان چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. «بۇ ساندۇقلارنىڭ ئاچقۇلىرى

ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئوردىغا ئېلىپ بېرىپ بۇغراخان ئالدىدا ئېچىشىمىز لازىم» دەپ، بۇ ئويىنى ئىنال تېگىنگە بىلدۈردى.

ساندۇقلار ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ئۇلار مىلىڭ تەستە بۇ پىنھان جايدىن ھويلىغا ئېلىپ چىقىشتى. پايتەخت ئەھلى ئۇيقۇغا كەتكەن قارا كېچىدە ئوردىغا ئېلىپ كېلىشتى. خاس سارىيىدا كۈتۈپ تۇرغان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ مەلىكە ناراغا سالام بېرىپ:

— بۇ گەنجىنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ساقلاپ كەلگەن باتۇر، پاراسەتلىك قوۋمىنىڭ ئېسىل پۇشتى بولغان بايبەك ئىنال تېگىن ساندۇقلارنىڭ ئاغزىنى ئاچسۇن، مەلىكە ئانا دۇئا بەرگەيلا ! — دەپ ئۆتۈندى ھۆرمەت كۆرسىتىپ.

— رەھمەت بالام. بۇنى تۇيۇقسىز كۆرگىنىدىن بۇغراخان جەمەتىنىڭ ئەجەبلىنىشى تۇرغان گەپ. دۇئا بېرىشتىن بۇرۇن كۆڭلۇمدىكى گېپىمنى قىلىۋالاي، — مەلىكە ئانا ئىنال تېگىن قويۇپ بەرگەن يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىدا ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — پېقىرە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن تۇمەن تەڭرىقۇت①نىڭ ئەۋلادى بولغان تۇمەنبەگ ئاق ھونغا ياتلىق بولۇپ، ئوردا ھەرىمىدىن ئايرىلغىنىمدىن بۇيان، گويا مەن ئۆلۈپ كەتكەندەك جەمەتىمدىن ھېچكىم مېنى يوقلىمىدى. كۆڭلۇم ئاغرىپ مەنمۇ قېرىنداشلىرىمنى ئىزدىمىدىم. يىللار ئۆتتى، ئائىلىق بەختىگە ئېرىشتىم. ئوغلۇم توغرۇل قاراخانغا كۈيئوغۇل بولدى. ئائىلىمىزدىن ئايرىلىپ بارسغانغا كەتتى. ئىبراھىم تېگىن تەختكە چىقىپ، ئەلگە بالا ـ قازا كەلدى. ئائىلىمىزنىڭ تىنچلىقىمۇ بۇزۇلدى. ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرگەن ۋەھشىيلەر ئادالەتنى سۆيىدىغان ئاق كۆڭۈل، جاسارەتلىك ئېرىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. قان يىغلاپ كۆز گۆھىرىم ئېقىپ تۈگەي دېگەندە،

---

① تۇمەن تەڭرىقۇت — ھون ئىمپېرىيەسىگە مىلادىيەدىن 214 يىل ئىلگىرى پادىشاھ بولغان باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئاتىسى.

مەرھۇم ئاتىسىنىڭ دېگەنلىرى يادىمدىن كېچىپ ئوغلۇمغا مەكتۇپ ئەۋەتتىم. ئۇ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ قاتىلى بولغان ئاسىي سۈيىقەستچىلەرنىڭ جازاغا تارتىلغانلىقىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ، كۆڭلۈمنى تىندۇردى. مانا بۇ گەنجمۇ ئوردىغا كەلتۈرۈلدى. ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى ئەمەلگە ئاشتى. بۇنىڭ مەملىكەتنىڭ راۋاجلىنىشى، ئادالەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — مەلىكە نارا سۆزىنى تۈگىتىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى، — ئى تەڭرىم، ساندۇق ئىچىدە نېمە بار؟ ئۆزۈڭگە ئايان. ئۇنى ئاچماقچى بولۇۋاتىمىز. ئەلنى روناق، پادىشاھىمىزنى قۇدرەت تاپتۇرىدىغان بايلىق بولۇشىغا نېسىپ قىلغىن. قاراخانىيلار ئېلىدىكى بەندىلىرىڭنى نائۈمىد قويمىغىن. ئامىن !

— ئامىن ! — دېدى بەگيۇسۇپ ۋە ئاچقۇنى بايبەگ ئىنال تېگىنگە بەردى. ئۇ باشتىكى ساندۇقنىڭ قۇلۇپىغا:

— ئايغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، — دەپ ئاچقۇنى سالدى. ساندۇق ئېچىلدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى:

ساندۇقنىڭ ئوڭ يېنىدا ھال رەڭ گۆھەر كۆز قويۇلغان ئالتۇن تاج ۋالىلداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چۆرىسىدە رەڭگارەڭ ئالماس، مەرۋايىت، ئالتۇن ـ يامبۇلار بار ئىدى. سول يېنىغا تۆمۈر ساۋۇت ـ دۇبۇلغا قويۇلغانىدى. بىر پارچە ئاق يىپەك رەختكە سوغدى يېزىقى[1] بىلەن: «بۇ — تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ تاجى، ساۋۇت، دۇبۇلغا، قىلىچى» دەپ پۈتۈلگەنىدى.

بايبەگ ئىنال تېگىن ئىككىنچى ساندۇقنى ئاچتى. ئىچىدە شاھانە تون، ئۈچ ئالماس كۆز قويۇلغان ئالتۇن تاج، بىر ئومۇت بار ئىدى. ئالتۇن يامبۇ، تىللا، گۆھەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. يىلان مۈڭگۈزى، بۆرە ئوشۇقىمۇ تۇراتتى. بىر پارچە يىپەك رەختكە:

---

[1] سوغدى يېزىقى — ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپتە قوللانغان قەدىمكى يېزىقلارنىڭ بىرى.

«بۇ باتۇر تەڭرىقۇت — ئوغۇزخاننىڭ تونى، تاجى، ئومۇتى ۋە بېزەكلىرى» دەپ يېزىلغانىدى.

ئۈچىنچى ساندۇقتىن توز تاجىدەك ناھايىتى نەپىس ياسالغان، يېشىل گۆھەر كۆز قويۇلغان بىر تاج، زەر چۇچىلىق، قىزىل يىپەك كۆڭلەك، ئېغىغا ئالماس كۆز قويۇلغان تەتلىلا ئىشتان، قىممەت باھالىق زىبۇ زىننەتلەر، چاچ تەڭگىلەر چىقتى. يىپەك ياغلىققا: «ئوغۇزخاننىڭ خاتۇنى كۇنىقىزنىڭ تويلۇق تاجى، كۆڭلەك ئىشتىنى» دەپ يېزىلغانىدى. كۆڭلەككە قادالغان رەڭمۇرەڭ گۆھەرلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى.

تۆتىنچى ساندۇقتىن ئىككى ئالتۇن تاج، بىر قىلىچ، بىر قالقان، پىل چىشىدىن ياسالغان قەدەھ، نۇرغۇن ئالتۇن، يامبۇ، يىپەك، يۇڭ رەختتىن خىلمۇخىل شەكىلدە تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى چىقتى. ئاق يىپەك رەختكە: «ئۇيغۇر خاقانى، تەڭرىدە بولمىش، ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان بايانچۇرنىڭ تاجى، قىلىچ، قالقان، پىيالىسى، ھەم ئۇنىڭ خانىشى بىلگە خاتۇننىڭ يازلىق، قىشلىق، ئەتىيازلىق، كۈزلۈك كىيىم ـ كېچىكى، زىننەت بۇيۇملىرى» دەپ يېزىلغانىدى.

بەشىنچى ساندۇقتىن ئىككى ئالتۇن تاج، ئىككى قىلىچ، ئىككى خەنجەر، ساۋۇت ـ دۇبۇلغا، ئايالچە نەپىس تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەك، ئالتۇن، مەرۋايىتتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى، مەرۋايىت بۆك قاتارلىقلار چىقتى. يىپەك رەخكە: «تەڭرىدە كۈلۈگ بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغاننىڭ تاجى، قىلىچ، خەنجىرى، ساۋۇت، دۇبۇلغىسى ھەم ئۇنىڭ ئالىپ خاتۇنى ئايتولدىنىڭ جەڭ قوراللىرى، مەرۋايىت بۆكى، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى» دەپ يېزىلغانىدى.

ئالتىنچى ساندۇقتىن غىچىلا ئالتۇن بېزەكلەر، ئالتۇندىن ياسالغان بۆرە ھەيكىلى چىقتى. ئاق يىپەك رەخكە: «بۇ ئوغۇزخانغا يول باشلاپ ماڭغان كۆك بۆرە» دەپ يېزىلغانىدى.

يەتتىنچى ساندۇقتىن ئالتۇندىن ياسالغان شىر بىلەن بۇغرا

تۆگىنىڭ ھەيكەللىرى چىقتى. بۇغرانىڭ بويىنىغا قىرىق تىزىق ئېسىل مەرۋايىت، شىرنىڭ بويىنىغا توققۇز گۆھەر كۆز قويۇلغان ئالتۇن زەنجىر باغلاپ قويۇلغانىدى. ئاق يىپەك رەخكە: «بىلگە كۆل قادىرخان ئورخۇن بويىدىن مىنىپ كەلگەن تۆگە بىلەن ئۇ دوست تۇتقان شىر» دەپ يېزىلغانىدى.

ھەممەيلەننىڭ نەزىرى ساندۇقلاردا ئىدى. ھاياجان ئىلكىدە يۈرەكلىرى تېپچەكلەپ، خىيال تۇلپارلىرى بويۇنلىرىنى بۇراپ يىراق ئۆتمۈشكە كېتىپ قالغانىدى.

بەگيۇسۇپ: «بۇ گەنج — بىباھا بايلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى بىرقانچە دەۋرلىك ئۇزاق تارىخىمىزنىڭ شاھىتى ئىكەن. ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ، ساقلىنىشىمۇ شۇنچە سىرلىق ئىكەن. بىرىنچى ئۆيگە يەتتە قۇرۇق ساندۇقنىڭ قويۇپ قويۇلۇشى ئوغرى، قاراقچىلارنى ئالداش ئۈچۈندەك قىلىدۇ. بىزمۇ ئالدىنىپ قايتىپ كەتكىلى تاس قاپتىمىز. گەنجنى ئېچىشنىڭ سائىتى كەلگەنىكەن. كۆك بۆرە — ئاشۇ كۆك بۆرىنىڭ سۈرەتلىرى بىزگە يول ئېچىپ بەردى...» دەپ ئويلاپ ئەجدادلارنىڭ روھىغا ئىچىدە دۇئا قىلدى.

مەلىكە نارا ئاغىچا خېنىم كۆلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى:

— بۇرچۇمنى ئادا قىلدۇرغان تەڭرىمگە شۈكۈر. ئەمدى مەن قايتاي. تۇمەنبەگ ئاخۇننىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن، — دېدى ئۇ بايبەگ ئىنال تېگىنگە يۈلەنگەن ھالدا، — رازى بولسىلا بۇغراخان بالام. ئادالەت بىلەن ئەل سوراپ مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكەيلا.

— مەلىكە ئانا، نېمىشقا كەتمەكچى بولىلا؟ ئوردا ھەرىمىدە تۇرسىلا بولمامدۇ؟ ئۆزۈم خىزمەتلىرىدە بولىمەن. ئەگەر ئاچىلىرى ئادىرا تۇركەن خاتۇننىڭ يېنىدا تۇرۇشنى خالىسىلا ئوردامغا ئاپىرىپ قويايلى، — دېدى ھەسەن بۇغراخان.

— يوقسۇ، بۇغراخان بالام. مېنى ئېلىپ قالىمەن دېمىسىلە. مېنىڭ كۆڭلۈم ھەرەمدە ئەمەس، تۇمەنبەگ ئاخۇننىڭ خىسلەتلىك

ئۆيىدە سۇ ئىچكەن. ئاشۇ ئۆيدە ئانىلىق بەختكە يەتكەنمەن، شۇ ئۆيدىن ئۇ دۇنياغا كېتىشنى خالايمەن. ۋاقتىم ئاز قالدى. كۆز يۇمسام تۇمەنبەگ ئاخۇننىڭ يېنىغا دەپنە قىلىڭلار. مەن ئوردىدا تۇرالمايمەن. مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئاچامنىڭ يېنىغىمۇ بارالمايمەن. بۇغراخان بالام، ئوغلۇم، بەگيۇسۇپ ھەزرەتلىرى، ھەربىرلىرىدىن تۇمەنبەگ ئاخۇننىڭ قورۇسىنى تاشلاپ قويماسلىقىڭلارنى، بىلىم، ھۈنەر بىلەن ئىلگىرىكىدەك ئاۋات قىلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن.

— باش ئۈستىگە ! — دېيىشتى ھەسەن بۇغراخان بىلەن بايبەگ ئىنال تېگىن، — ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرىمىز.

— پېقىر، — دېدى بەگيۇسۇپ قول باغلاپ، — مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ بۇ قۇتلۇق ئارزۇلىرىنى پات پۈرسەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش كويىدا بولىمەن. خاتىرجەم بولغايلا.

مەلىكە نارا ئاغىچا خېنىم نەزىرىنى بەگيۇسۇپكە تىكتى.

— بۆگۈ بىلگە ھەزرەتلىرى، ئاللا ئاتا قىلغان ئەقىل ـ پاراستىڭىز، خاسىيەتلىك قولىڭىز بىلەن گەنج تېپىلدى، سىرمۇ ئېچىلدى، پېقىرەمۇ ئارزۇيۇمغا يەتتىم. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، بالام. قاراخانىيلار مەملىكىتى ئۈچۈن سىز بۇ گەنجدىنمۇ قىممەتلىك. ئاللا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، — دەپ دۇئا قىلدى.

مەلىكە نارا ئاغىچا خېنىم ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان سۇنغان خۇشبۇي چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، بايبەگ ئىنال تېگىن ئۇشتۇپ بەرگەن توقاچ ناندىن بىر بۇردا يەپلا خوشلاشتى. ئۇ ئۇزاپ ئوردىدىن چىققاندا چولپان تۇغقانىدى. ئۇن ـ ئۇن بىر كۈنلۈك بولغان ئاي كۆك دېڭىزدەك تىنىچ ئاسمان باغرىدا يەلكەندەك ئۈزمەكتە.

بەگيۇسۇپ سۇلتانبەگ، ئېلزادبەگلەر بىلەن بىللە بۇ ئۇلۇغ ئانىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. ئىنال تېگىن ئانىسىنىڭ يېنىدا قالدى. قىشتا يېتىپ، ھېدىنى پۇراپ ئۇيقۇغا كەتتى.

بىر چاغدا ئانىسى تۇۋلىغاندەك بولۇپ چۆچۈپ ئويغاندى. ئاق رومال بىلەن يۈزىنى يېپىپ، تۈزلىنىپ ياتقان مەلىكە نارا ئاغىچا خېنىم جىمجىتلا ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغانىدى...

— ئابا! ئابا! — ئۇنىڭ ئاۋازى قەشقەر شەھىرىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزدى. مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن پايتەخت ئەھلى ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى.

بايبەگ ئىنال تېگىن ئانىسىنىڭ قىرىق نەزىرىسىنى قەشقەردە بېرىپ، بارسغانغا ئېلىكخان بولۇپ يۈرۈپ كەتتى. بەگيۈسۈپ ئوردا ئەربابلىرى بىلەن شەھەردىن يەتتە چاقىرىم يەرگىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

# ئىككى ئاستانىگە ئەمىنلىك بېغىشلاش

## 1

ئوردۇكەنتتە تىنچ كۈنلەر باشلاندى. ئادالەت ۋە شەپقەت كىشىلەرگە ئۈمىد، ئارامبەخش ئەتتى.

غەيرەت، جۇشقۇن روھ ئاتا قىلىپ، ئادەمنىڭ ئۈمىد ـ ئىشەنچىنى ئاشۇرغان، ياكى قايغۇ ـ كۈلپەت، ئەلەمدە قويۇپ روھىي ئازابقا قالدۇرغان كۆپ ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاسىي سۇيىقەستچىلەرگە بېرىلگەن جازا نەچچە ئاي ئۆتۈپمۇ ئاۋامنىڭ ئېسىدىن چىقمىدى. پادىشاھنىڭ بەگ تەركىسىدىن تارتىپ ئاۋامنىڭ مەشرەپ ـ بەزمىلىرىدىكى سۆھبەت: نورۇز كۈنىدىكى تاج كىيىپ تەختكە چىقىش مۇراسىمىدىن باشلىنىپ، قۇماربىكە، بوزاغۇ، مۈڭسۈزلەرنى ئەيىبلەش ـ سۆكۈش بىلەن ئاخىرلىشاتتى. قانچە ـ قانچە قېتىم ئاڭلىغانلارمۇ يەنە شۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتى. گەپنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيتتى.

بەگيۇسۇپ: «ئاسىي، سۇيىقەستچىلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن جازالىمىغاندا مەملىكەتنى تىنچلاندۇرغىلى، راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنداق جازاغا تارتىش ئۇنداق قارا نىيەت مۇناپىقلارنى يەنە باش كۆتۈرگۈزمەسلىك ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك. ئادالەت ــ ياخشىغا ئۇۋال قىلماسلىق، يامانغا رەھىم قىلماسلىق دېمەكتۇر. ئادالەتتىن ئايرىلغان پادىشاھ تاجۇتەختىدىن، ئەل ھۆرلۈك، بەختىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ...»

دېگەن تونۇشتا ئىدى. ئۇ ئويلا ـ ئويلا مۇنداق نەتىجىگە كەلدى: «پادىشاھ زالىم ئەمەس، ئالىم بولۇشى، ھەر زامان، ھەر ۋاقىت ئاۋامنىڭ غېمىنى يېيىشى، ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىگە سادىق بولۇشى، ئاۋامنىڭ غەمخارى بولۇشى، ھەققانىيەت تەرەپتە چىڭ تۇرۇشى، ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن دۆلەتنى ئاۋات قىلىشى، قۇدرەت تاپتۇرۇشى لازىم...»

بەگيۇسۇپ ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا ئىشەنسىمۇ، بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخانغا تازا ئىشىنەلمەيتتى. ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغاچقا، ياخشى ـ ياماننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ، مەدھىيە ـ ماختاشقىلا بېرىلىپ كېتىشى، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قارا نىيەتلەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. بەگيۇسۇپ مانا شۇنىڭدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ بۇ ئەندىشىسىنى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا ئاخىر ئېيتتى.

— توغرا دېدىڭىز، بەگيۇسۇپ، مەنمۇ تاغامنىڭ قارا نىيەتلەرگە ئالدىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇ ئوردىكەنتتە تۇرىۋەرسە بولاتتى. مېنى بار دەپ، مەملىكەتنى ئۆز ئالدىغا سوراش ئۈچۈن قۇزئوردۇغا كېتىپ قالدى. ئۇ بىپەرۋا، ئالدىدىكىنىلا كۆرۈپ، يىراققا نەزەر سالمايدۇ. بىراق، ئاق كۆڭۈل، نىيىتى ياخشى، — دېدى ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان.

— بۇ پېقىرغا ئايان. ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئاسان ئالدىنىپ قالىدۇ، سىر تۇتالمايدۇ. نىيەت — بىر ئىرادىگە كېلىشتۇر. كاززاپ ـ مۇناپىقلار بىر ئىرادىگە كېلەلمىگەن ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى ئاسان ئازدۇرىدۇ. مەن مانا شۇنىڭدىن خاۋاتىرلىنىمەن، ئالىيلىرى.

— ئۇنداق بولسا سىز توققۇز تارتۇقنى ئېلىپ بارغاچ، تاغام بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەمسىزيا؟

— ئالىيلىرى، شۇ قارارغا كەلگەن بولسىلىرى، بارسام باراي.

— سىزگە ئەمر قىلىش ھاجەتسىز. قۇزئوردۇغا بېرىپ،

ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، تاغامغا مۇۋاپىق مەسلىھەتنى سىزلا بېرەلەيسىز. ئەمما، يول يىراق، خەتەرلىك، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك. بىرىشنى خالىمىسىڭىز زىنھار زورلىمايمەن.

— قۇزئوردۇ ئانا يۇرتۇم، ئالىيلىرى. دۇنياغا تۇنجى كۆز ئاچقاندا، قۇزئوردۇنىڭ ھاياتبەخش ھاۋاسىدىن نەپەس ئالغانمەن. ھەمىشە ئۇ مۇقەددەس شەھەرنى دىلىم تارتىپلا تۇرىدۇ. راست ئالىيلىرى، سەپەرنىڭ جاپاسىمۇ بار، راھىتىمۇ بار. راھىتىنىڭ ئالدىدا جاپاسى كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ. بىرىپ مەھمۇد قاراخان ئالىيلىرىدىن ھال سوراپ، يۇرتۇمنى، دوست ـ بۇرادەرلىرىمنى كۆرۈپ كېلەي.

— سىز مېنى نائۇمىد قويماي كەلدىڭىز، قاچان يولغا چىقماقچى بولسىڭىز، ئۆزۈم ئۇزىتىپ قويىمەن.

بەگيۇسۇپ بالاساغۇنغا بېرىش قارارىغا كېلىپ، ئوردىدىن ئۆيگە كەلگەن ئاخشىمى، دىلدارىبكەنى تولغاق تۇتۇۋاتاتتى. ئىچكىرى ھويلىغا ئاياغ بېسىپلا خوتۇنىنىڭ «ئاھ، خۇدا !...» دەپ قىلغان ھەسرەتلىك نالىسىنى ئاڭلىدى. خىزمەتكار ئايال:

— ھەزرىتىم، ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىمنى تولغاق تۇتۇپ قالدى. باياتىن بۇۋىئايىشە خېنىمنى چاقىرىپ كەلدىم. بىرنەچچە تۇغۇت ئانىلىرىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا، — دېدى.

بەگيۇسۇپ ئارقىسىغا ياندى. تەرەت ئېلىپ خاس ھۇجرىسىغا كىردى. سېلىپ قويۇلغان يېكەندازدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالماي، جايىنامازنى سېلىپ نامازغا تۇردى. ئىككى رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇپ، خوتۇنىنىڭ تۇغۇتىنى ئاسان قىلىشنى تىلەپ ئىلتىجا قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ ھەر قېتىم دىلدارىبكەنىڭ نالە ـ پەريادىنى ئاڭلىغاندا، ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، ئەندىشىسى كۈچىيەتتى. ئۇ بىر كېچىنى كۆز يۇمماي ئىلتىجا بىلەن ئۆتكۈزدى.

تولغىقى پەسلەپ قالغان دىلدارىبكە ئۇ كىرگۈزگەن دېمىدىنى ئىچتى.

— ئەمدى سىلەر چىقىپ تاماق يەپ، ئارام ئېلىۋېلىڭلار. ھېرىپ قالدىڭلار ئابالىرىم، — دېدى دىلدارىبكە تۇغۇت، ئانىلىرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇۋىئايىشەگە ئىللىق نەزىرىنى تىكىپ، — قىزىم، ئاتىلىرىنى چاقىرسىلا.
بۇۋىئايىشە چىقىپ ئانىسىنىڭ تىلىكىنى ئاتىسىغا يەتكۈزدى.
— ئانىسى، ئەھۋاللىرى قانداقراق؟ بەك قىينالدىلا - ھە؟ — دېدى كىرگەن بەگيۇسۇپ بېشىدا يۈكۈنۈپ.
— ئوبدان، ئاتىسى. مەن تۇغدۇرغان ئانىلارنىڭ نالە - پەريادى كۆتكىنىمدەك ئۆز بېشىمغا كەلگىنىدىن ناھايىتى خۇشالمەن.
— ئاللا ئاسان قىلغاي، ئانىسى.
— ئانا بولۇش ئاززۇيۇمغا يەتكىچە ھەرقانچە ئېغىر ئازابقىمۇ چىدايمەن. ئادەم دېگەن شۇنداق تەستە تۇغۇلىدىكەن، — دىلدارىبكە پېشانىسىنى سىلاۋاتقان بەگيۇسۇپنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ كۆلۈمسىرىدى - يۇ، كەلگەن ئازابلىق ئىنجىقتىن پەرياد ئۇرۇپ چىرايى زەپەدەك سارغىيىپ كەتتى.
— ئىنسان ئانا باغرىدىن مانا شۇنداق تەستە يەرگە چۈشكىنىنى بىلمەي كۆرەڭلەيدۇ. شۇڭا، بۇ دۇنيادا تالاش - تارتىش، جەڭگە - جېدەل تۈگىمەيدۇ. مەن ھەممە بايلىق - ئىمتىيازدىن كېچىشكە رازىمەنكى، ئانىسى، سىلىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى زىنھار خالىمايمەن. چىداشلىق بەرسىلە، مېنى تاشلاپ كەتمىسىلە ئانىسى! — دەپ پىچىرلىغان بەگيۇسۇپنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان تامچىلار دىلدارىبكەنىڭ مەڭزىگە سىرغىپ چۈشكەن ياشقا قوشۇلۇپ كەتتى.
— خۇدا ساقلايدۇ، ئاتىسى، خۇدا ئۆزى ئاسان قىلىدۇ. ئەنسىرىمىسىلە. مانا توختاپ قالدى. مەندىن ئايرىلىپ قالمايلا. ئەتىگەنلىك تاماقنى بىللە يېگۈم كېلىۋاتىدۇ. بۇۋىئايىشە قىزىمىزمۇ داستىخانغا داخىل بولسۇن، — دىلدارىبكە ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى.
— ماقۇل ئانىسى، — بەگيۇسۇپ قىزىنى چاقىردى.

بۇۋئايىشە كىردى.

— ئاتا، ئابام قانداقراق؟

— هازىر ئوبدان، قىزىم. بايا تىنچلىق سوراشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن. باللار تىنچ - ئامان تۇرغاندۇ؟ بىر هەپتىدىن بېرى كەلمىدى، سېغىنىپ قالدىم.

— باللار ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، ئاتا. قىزىمىمۇ ئوردا مەكتىپىگە ئوقۇشقا باردى. ئۇلار ئوقۇش بىلەن بولۇپ، قاشلىرىغا پات - پات بارالمايۋاتىدۇ. ئۆزلىرىمۇ خىزمەت بىلەن بولۇپ ئۆيىمىزگە كېلىشكە ۋاقىت چىقىرالمىدىلا. بۇ جۇمە كۈنى باللارنى ئېلىپ كېلەي. يېڭى تۇغۇلغان ئۇكىسىنى مۇبارەكلەپ خۇشال بولۇشسۇن.

— ماقۇل بالام، ماقۇل. ئۇ ۋاقىتچە ئۇكىلىرىمۇ كۆز ئېچىپ ئادەمگە قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. كەلسىلە بالام، كەلسىلە، بىز خۇش بولىمىز !

ئۇلار توشقان گۆشى، چامغۇر، گۈلە سالغان ئارپا ئۇمىچىدىن ئىچىپ، بىر پارچە توقاچ نان بىلەن بىر قوشۇقتىن هەسەل يېيىشتى.

بۇۋئايىشە دىلداربىكەگە ئاتاپ نوقۇت، كۆك ماش سېلىپ پىشۇرغان قوچقار گۆشى شورپىسىدىن ئۇنىڭغا بىر چىنە ئىچۈردى.

— كۈچ بولىدۇ، ئابا. ئىنىجىق، كۈچ - قۇۋۋەت تەلەپ قىلىدۇ. يېسىلە، — دېدى ئۇ يىلىكلىك سان گۆشىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ، بىراق گۆش دىلداربىكەنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

دىلداربىكەنى يەنە تولغاق تۇتقانىدى. ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ ياستۇققا باش قويدى. بەگيۇسۇپ بولغاچقا يەنە «توۋلاپ سالماي» دەپ لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. تۇغۇت ئانىلىرى كىردى. بەگيۇسۇپ ئۆز هۇجرىسىغا چىقىپ، دۇئا - تەلەپكە تۇتۇندى.

تولغاق بارغانسېرى كۈچەيدى. تاكى ئەتىسى سۇبهىگىچە داۋام قىلدى. بەگيۇسۇپ بۇ كېچىمۇ كۆز يۇممىدى. «ئىگە - ئىگە !...»

دېگەن سېھىرلىك ئاۋازنى ئاڭلاپلا جايىنامازدىن تۇردى ۋە تەييارلاپ قويغان سۆيۈنچىنى قولىغا ئالدى.

— خۇش خەۋەر، خۇش خەۋەر، ئاتا! — دەپ ئىتتىلىپ كىرگەن بۇۋىئايىشە ئىككى كۈندىن بېرى كۆز يۇممای، ھالسىزلىنىپ قالغان ئاتىسىنىڭ مەيدىسىگە باش قويدى، — ئاباكەم ئوغۇل تۇغدى، ئاباكەم ئوغۇل تۇغدى!...

— ئۆزى ساقمۇ؟

— ساق، ئاتا.

— يېنىغا كىرسەم بولامدۇ؟

— سەل تەخىر قىلسىلا، ئاتا. بالىنىڭ ھەمراھى چۈشسۇن.

— تۇغۇت ئانىسى، ئەمچى ھەمشىرىلەر قانچە بالام؟

— پېقىرە بىلەن يەتتە خاتۇن، ئاتا.

— بۇ سۆيۈنچىنى قوبۇل قىلسىلا، قىزىم.

— رەھمەت، ئاتا! ئۆز ئاتامدىنمۇ سۆيۈنچە ئالامدىمەن؟

— ئالسىلا بالام. ئاتا ئاۋۋال ئۆز پەرزەنتىگە سۆيۈنچە بېرىشى كېرەك.

بۇۋىئايىشە ئاجايىپ نەپىس گۈللۈك يىپەك رەخت بىلەن ئالماس كۆز قويۇلغان ئالتۇن ئۈزۈكنى ئالدى.

— رەھمەت ئاتا، رەھمەت.

بەگيۇسۇپنىڭ ھارغىن چىرايىغا تەبەسسۇم يۇگۇردى. قىزارغان كۆزلىرىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلدى.

— ھەربىر تۇغۇت ئانىسى، ئەمچى ھەمشىرىلەرگە ئىككىدىن كۈمۈش يامبۇ، بىر كىيىملىكتىن تاۋار ھەدىيە قىلىشنى ئويلاشقاندىم، بالام ئاز كەلمەس - ھە!

— ئاز كەلمەيدۇ، ئاتا.

— سىلى قويۇپ قويسىلا قىزىم.

— ماقۇل ئاتا. ئەمدى مەن ئابام قېشىغا چىقاي.

ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئالدىرىمايدىغان بەگيۇسۇپ خاتۇنىنىڭ يېنىغا كىرىشكە شۇنچە تەقەززا بولدى. ئۆي ئىشىكى

ئالدىغا ئون قېتىم بىرىپ ياندى.

بالا تۇغۇلغان بىلەنلا، ھەممە ئىش تۈگىدى، كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر يۈز بەرمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانىسى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئېچىنىشلىق ھالمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بەگيۈسۈپ ئەنسىرەپ قالدى.

قىزى چىقىپ كېتىپ ئۆتكەن يېرىم سائەت ئۇنىڭغا بىر يىلدىن ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى. كاللىسىغا كەلمىگەن خىياللار كەلدى. تاقىتى تاق بولغاندا بوۋىئايشەنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئىشتىلدى.

ــــ ئاتا ! ئابام كىرسۇن دەيدۇ.

ئۇ ئۇچقاندەك كىردى.

ــــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! ــــ بەگيۈسۈپ دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان ئوغلىغا سالام بەردى، ــــ مۇبارەك بولسۇن.

ئاق زاكىغا يۆگەلگەن بوۋاق ئانىسىنىڭ ئوڭ يېنىدا ياتاتتى. بالىدىن كۆزىنى ئېلىپ، بەگيۈسۈپكە قارىغان دىلداربىكەنىڭ چىھرىدە خۇش تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

ــــ مەرھابا ئاتىسى، ئوغۇللىرىنى كۆرسىلە. كىمگە ئوخشاپتۇ؟

ــــ ئاتىسىغا ئوخشايدۇ ـ دە، بىلەم، ــــ بەگيۈسۈپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ياتقان بوۋاقنى قولىغا ئالدى، ــــ كۆزلىرىنى ئاچسىلا بالام، دۇنيانى كۆرسىلە، ــــ دېدى ئۇ پېشانىسىگە سۆيۈپ.

بالا كۆزلىرىنى يېرىم ئاچتى ـ يۇ، قىرقىراپ يىغلاپ يەنە يۇمۇۋالدى.

ــــ ئوغلۇم بۇ دۇنيانى ياقتۇرمايۋاتىدۇ، ئانىسى، ــــ دېدى ئاتا ئوغلىغا تويماي قاراپ.

ــــ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ياقتۇرۇپ قالىدۇ، ئاتىسى. سىلىدەك بۆگۈ بىلگە ئاتىسىنى كۆرۈپ تونۇغاندىن كېيىن ياقتۇرۇپ قالىدۇ. قارىسىلا، نېمىدېگەن ئوماق !

بەگيۇسۇپ ئاغزىنى ئۈمەللەپ، كۆزلىرىنى ئاچماي، ئۇياق ـ بۇياققا تەلپۈنۈپ يىغلاۋاتقان ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە يەنە سۆيدى.

كۆزنەكتىن چۈشكەن سۇبھى قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى بوۋاقنىڭ گۇل ياپرىقىدەك يۇمران مەڭزىدە جىلۋىلەندى.

بەگيۇسۇپ بوۋاقنى ئىمىتىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزارتقان دىلداربىكەگە بېرىپ:

— مەن تاشقىرىغا چىقىپلا كىرەي، — دەپ ماڭدى.

ئۇ سۇلتانبەگنى ئېلىپ بازارغا كەتتى. ئۇن بىر ئەر قۇلنى سېتىۋېلىپ شۇ يەردىلا ئازاد قىلدى. ئۇلارغا ئوردىدىن ھەر ئادەم بولغانلىقى توغرىسىدا ھۆرلۈك گۇۋاھنامىسى ئېلىپ بەردى.

— سىلەرنى يۇرتۇڭلاردا ئاتا ـ ئاناڭلار كۈتۈپ تۇرىدۇ. بېرىپ كۆز يېشىنى قۇرۇتۇڭلار، — دەپ قۇللىرىغا ھەسەن بۇغراخاننىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن كۇمۇش تەڭگە، يامبۇ بېرىپ يولغا سېلىپ قويدى.

بورداق قوچقاردىن ئىككىنى ئېلىپ ئۆيگە يېنىپ كەلگەندە، ئەر قۇللارنى ئازاد قىلغىنىنى ئاڭلىغان دىلدارىبكە:

— ئاتىسى تولىمۇ ساۋابلىق ئىش قىلىپلا. نېمىشقا ئەر قۇلنىلا ئازاد قىلىلا؟ خاتۇن ـ قىز قۇللارنى ئازاد قىلىشنى ئويلاشمىدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئويلاشقان ئانىسى، قىزىم بۇۋىئايىشە تۇغۇلغاندا، توققۇز قىز قۇلنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلغانىدىم. ئوغلۇم بەگتۇرمىش تۇغۇلغاندىمۇ شۇنداق قىلغان. كۆڭلۇمدە بار ئانىسى، كۆڭلۇمدە بار.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، ئاتىسى. پېقىرەنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، چاڭئەندىن ئېلىپ كېلىنگەن لى لى ئىسىملىك بىر قۇل قىزنى قۇماربىكە سېتىۋېلىپ، ئاكىسى بوزاغۇغا چۆرە قىلىۋېلىشقا بېرىپتىكەن. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئەنە شۇ قىزنىڭ دېرىكىنى قىلىپ، ھايات بولسا يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتكەن بولسىلا. توققۇز قۇل قىزنى ئازاد قىلغاندىنمۇ ئارتۇق ساۋاب تاپاتتىلە. بۇ

قوللىرىدىن كېلەرمۇ، ئاتىسى؟

— ئانىسى، سىلى ئادەمگە نېمىدېگەن كۆيۈملۈك - ھە! ئابىنچۇ خاتۇن ۋە مۇناپىق بوزاغۇلار جازاسىنى تارتقان كۈنى لى لى ئىسىملىك ئۇ قىز بىلەن بىللە ئوردىدا قۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان يىگىرمە نەچچە يۇرتداشلىرىمۇ ئازاد قىلىنىپ، يولغا سېلىپ قويۇلغان. ئەتىسى بەگتاش جىبىل چاڭئەن، لوياڭدىن ئېلىپ كەلگەن ئون سەككىز قىز قۇلنىمۇ ئۆزۈم سېتىۋېلىپ ماكانىغا يولغا سېلىپ قويغانىدىم. ھازىر ئوردۇكەنتتە چاڭئەن دىيارىدىن كەلتۈرۈلگەن قۇللار قالمىدى. مەن مىسىر، رۇم، ھىندى ئەللىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن قىز قۇللاردىن توققۇز جۈپ سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋېتەي. سىلى خۇش بولسىلا، ئۆيدە خاتۇن - قىز قۇللارنى ئىشلەتمەيلى. بولامدۇ؟

— بولمامدىغان، ئاتىسى. ھۆرلۈك - ئەركىنلىك بارلىق ئادەم ئۈچۈن قانات. ئالەم ئۈچۈن شاد - خۇراملىق. شۇنداق قىلسىلا. ئۇلار ئانا يۇرتىغا پەرۋاز قىلىپ بارسۇن!

بەگيۈسۈپ ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئىككى قوچقارنى سويۇپ، دىلدارىسىكەنى تېرىگە ئالدى. ئۇزاقتىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان بۆرە بېشىنى قورۇ ئىشىكىگە ئېسىپ قويدى.

## 2

بەگيۈسۈپ بۈگۈن ئوردىغا كېچىكىپرەك باردى. ھاجىببۇل ھۇججاپ مەھكىمىسىگە روھلۇق كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم جانابلار، خۇشۋاق بولۇڭلار!

— مەرھابا ھەزرەتلىرى، ئەنسىرەپ تۇرۇۋىدۇق. دىدارلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلىمىز ئارامىغا چۈشتى، — دېيىشتى ھاجىپلار.

— يەنە بىر پەرزەنتىم دۇنياغا كۆز ئاچقۇچە ئىلتىجادا بولۇپ، تۈنۈگۈن كېلەلمىگەنىدىم. بۈگۈن كېچىكىپ بولسىمۇ كەلدىم. ئاللا پېقىرنى نائۇمىد قويمىدى، — بەگيۈسۈپ خۇشال

ھالدا سەپداشلىرىغا ئۇتتۇق، مۇۋەپپەقىيەت تىلىدى.

— مۇبارەك بولسۇن ھاجىبۇل ھوججاپ! ئاللانىڭ ئاتا قىلغىنى بۆرىمۇ، تۈلكىمۇ؟ — سوراشتى ئۇلار.

— بۆرە.

— قەدىمى قۇتلۇق، ئىشلىرى يوللۇق بولسۇن.

ئۇ ئۆز خانىسىغا كىرىپ، شۇ كۈنى بىجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى خاتىرىلەپ قويدى. ئاۋامدىن كەلگەن ئەرز، ئىلتىماسلارغا تەستىق سىلىپ، مۇناسىۋەتلىك خانلىق مەھكىمىلىرىگە يوللاپ بەردى. چۈشكە يېقىن بۇغراخان ئالدىغا كىردى.

— يات ئارىدا يولغا چىقماقچى بولۇۋاتىمەن. ئالىيلىرىنىڭ قانداق ئەمر ـ پەرمانلىرى بار؟

— نىماندااق تېز؟

— كۈز پەسلى كىردى. ئەمدى يولغا چىقمىسام سوغۇق چۈشۈپ كېتىدۇ، ئالىيلىرى. ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. قىلىدىغان ئىشلار تېخى كۆپ. تېزرەك ئاتلانسام ھەم بىر ئارزۇغا يەتكەن، ھەم ۋاقتىنى ئۇتقان بولىدىكەنمەن.

— قاچانراق ماڭماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— توققۇز تارتۇق تەييار بولغان كۈنىلا يولغا چىقماقچىمەن.

— ئۇنداق بولسا ئۈچ كۈن ئىچىدىلا توققۇز تارتۇقنى تەييارلاپ بولۇش ئۈچۈن ئاغىچى ئۇلۇغىغا پەرمان چۈشۈرەي. سىزمۇ تەييارلىقىڭىزنى قىلىۋەرگەيسىز.

— خوپ ئالىيلىرى!

بەگيۈسۈپ چۈشتە ئۆيگە بارماي، ساچىيە مەدرىسىگە كەلدى ۋە مەدرىسە تاماقخانىسىدا ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ قاتارلىق ئالىم ـ ئۆلىمالار بىلەن بىللە تاماق يېدى. پېشىن نامىزىنى بىللە ئوقۇدى. ئىككى يۈزدىن ئارتۇقراق تالىپقا ئىككى يېرىم سائەت دەرس ئۆتتى. يات ئارىدا بالاساغۇنغا بارماقچى بولۇۋاتقىنىنى ئېيتتى. بۇ سەپەردىن كەلگۈچە، ئۆزىنىڭ ئورنىدا

باشقا مۇدەررىسلەرنىڭ دەرس ئۆتۈپ تۇرۇشىنى، ئەتىدىن باشلاپلا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى باش مۇدەررىستىن ئۆتۈندى.

— ھاجىبۇل ھۇججاپ جانابلىرى، ئۆزلىرى قايتىپ كەلگۈچە قايسىمىز بار، قايسىمىز يوق؟ بىلگۈچى ئاللا. ئۆزلىرىنى ئۈزىتىپ قويىمىز، — دېيىشتى مۇدەررىسلەر.

— رەھمەت بۇرادەرلىرىم، رەھمەت. ھەربىرلىرىدىن ئايرىلىشنى زادى خالىمىساممۇ، تەقدىر - قىسمەت شۇنداق پۈتۈلگەچكە خوشلىشىۋاتىمەن. ماقۇل، ماڭىدىغان كۈنى ھەربىرلىرىنى ئەلۋەتتە ۋاقىپلاندۇرىمەن.

بەگيۈسۈپ مەدرىسەدىن ياندى. تۇغۇتلۇق ياتقان دىلداربىكەگە بالاساغۇنغا بارماقچى بولغىنىنى قانداق بىلدۇرۇش توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ مېڭىپ، ئۆيگە يېتىپ كەلگىنىنى بىلمەيلا قالدى. قۇلىقىغا «ئىڭە - ئىڭە !...» دېگەن چىرقىراق ئۈن ئاڭلانغاندىلا، بۇلدۇقلاپ تۇرغان ئايىۋلاق يېنىدا بىرئاز توختاپ ئىچكىرى ھويلىغا قاراپ ماڭدى.

كۆز سەلكىنى دەرپەردىلىرىنى يەلپۈپ تۇرغان ئاشۇ خانىدا، خاتۇنى بوۋىقى بىلەن ياتاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر بەگيۈسۈپنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە دۈپۈلدەپ سوقىلى تۇردى. ئۇ كىرگەندە خاتۇنى بالىسىنى ئېمىتىۋاتاتتى.

— بىكەم، ئەھۋاللىرى قانداقراق؟ ئوغلۇم سىلىنى شوراپ تېخىمۇ زىلۋالاشتۇرۇۋېتىدىغان بولدى، — ئۇ ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئاچقان ئوغلىنى قولىغا ئالدى، — كۈچتۈڭگۈر، ئەقىللىك يىگىت بولىدىغان ئوخشايدۇ. قارىسىلا بودەكلىكىنى. بۇگۈن كۆزىنىمۇ ئېچىپتۇ.

— كۆزىنى تېخى سىلى كىرگەندىلا ئاچتى. ئاتىسىنى كۆرگۈسى كەلگەن ئوخشايدۇ. بەك بىغەم، قورسىقىنى تويدۇرۇۋېلىپلا كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ، — دېدى ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان دىلداربىكە ئوغلىغا تەلمۈرۈپ، — چۈشتە كېلەيمۇ دېمىدىلە. يېڭى تۇغۇلغان بالىلىرىنى سېغىنمىدىلىمۇ؟ قانداق

چىدىغانلا ـ ھە؟!

بەگيۇسۇپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ھەرقانداق يەردە سۆزدە تۇتۇلمايدىغان ئالىم شۇ تاپتا دۇدۇقلاپ قالدى.

— گەپ قىلمايلىغۇ بېگىم؟ ئوغۇللىرىنىڭ تۇغۇلغىنىدىن خۇش بولمىدىلىمۇ يا؟

— نېمىشقا خۇش بولماي. پادىشاھلار شەھەر ئالغاندا، تالىپلار ئىمتىھاندىن ئۆتكەندە، ئالىملار كىتابى خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەندە خۇش بولىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ خۇشلۇقى پەرزەنتى تۇغۇلغان چاغدىكى شاد ـ خۇراملىقىغا ھەرگىز يەتمەيدۇ، بىكەم. پېقىرمۇ خۇرسەنلىكىمنى تىل بىلەن ئىزھار قىلىپ بولالمايمەن. چۈنكى، قانىتىم ئىككى بولدى. ئەمدى ھەرقانداق يەرگە ئۇچۇپ بارالايمەن، — بەگيۇسۇپ ئوغلىنىڭ غۇنچىدەك قىزارغان مەڭزىگە سۆيدى.

— شۇنداقمۇ بېگىم؟

— ئەلۋەتتە.

— ياق، ياق. سېغىنغان بولسىلىرى چۈشتە ئوغۇللىرىنى كۆرگىلى كېلەتتىلە، — دىلدارېكە ئېرىنىڭ قولىدىن بالىنى ئېلىۋالدى.

خوتۇنىنىڭ بەكلا خاپا بولۇپ قالغىنىدىن چۆچۈگەن بەگيۇسۇپ يېقىنراق سۇرۇلۇپ دېدى:

— ئانىسى، بۈگۈن ئوردىدا مۇھىم بىر مەسلىھەت بولدى. چۈشتە ساچىيە مەدرىسەسىدە بولدۇم.

— توختىسىلا ئاتىسى، ئوردىدىن يېنىپلا ئۆيگە كېلىپ، ئوغۇللىرىنى ئەركىلەتكەچ تاماق يەۋېلىپ، ئاندىن مەدرىسەگە بارسىلا بولمامتى؟ — دىلدارېكە غوتۇلداپ، ئارقىسىنى قىلىپ يېتىۋالدى.

— بولاتتى خاتۇن، بولاتتى. ئەمما، مەدرىسەگە بېرىپ ئەتە ئۆتىدىغان دەرسىمنى باشقىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمىسام بولمايتتى. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكىچە كەچ بولۇپ قالدى.

ئوغلۇمنىمۇ شۇنچە سېغىنىدىم.

— ھېچ چۈشەنمىدىمغۇ بېگىم؟ نېمىشقا ئەتىكى دەرسنى ئۆزلىرى ئۆتمەيلا؟

— ھۆرمەتلىك بېكەم، ئانىسى، ئاچچىقلانماي، بۆلمەي گېپىمنى ئاڭلىسىلا، — بەگيۈسۈپ سەپەرگە چىقماقچى بولغىنىدىن گەپ ئاچتى، — بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخاننىڭ قوزئوردۇغا كەتكىنىگە ئالتە ئايدىن ئاشتى. ھال سوراپ، توققۇز تارتۇق ئەۋەتىشنىڭ ۋاقتى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇغرا قاراخانىمىز ياشىنىپ قالغاچقا، يۇغرۇش، ھاجىپلىرىنىڭ دۆلەت خىزمىتىنى قانداق ئادا قىلىۋاتقىنىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدىغان ئاسىيلىق، خىيانەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈر بولۇپ قالغاچقا، ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان قوزئوردۇغا بىر بېرىپ كېلىشىمنى ئۆتۈندى. يالغۇز توققۇز تارتۇق ئېلىپ بارىدىغان ئىش بولسا، رەت قىلغان بولاتتىم. دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك زۆرۈرىيەت بولغاچقا، رەت قىلماي ماقۇل بولدۇم.

— ئوغلىمىزنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى بۇغراخانغا ئېيتماپتىلا - دە؟

— شۇنداق، ئېيتىشنى ھاجەتسىز بىلدىم، ئانىسى.

دىلدارىبىكە شوك بولۇپ كەتتى. بالا يىغلاپ، ئاغزىنى ئۈمەللەپ، ئىككى يېنىغا ئۇمتۇلۇشكە باشلىغاندىلا قولىغا ئېلىپ بەگيۈسۈپكە قارىدى:

— ئاتىسى مەن ئۇنداق كۆنچى، نادان خاتۇنلاردىن ئەمەس، لېكىن، ئوغۇللىرى تۇغۇلغان خاسىيەتلىك كۈندە بۇنداق يوقاپ كېتىشلىرى پىقىرەنى ساراسىمىگە سېلىپ قويغانىدى. كەچۈرگەيلا. سەۋەبىنى، كۆڭۈللىرىدىكىنى بىلدىم. سىلى ۋەتەن، خەلق خىزمىتىگە ئۆزلىرىنى ئاتىۋەتكەن بوغۇغ. ئىشلار ماڭا ئايدەك روشەن بولغاندا، نېمىشقا يوللىرىغا پۇتلىكاشاڭ بولاي؟ بارسىلا ئاتىسى، بارسىلا. مۇبارەك قەدەملىرى قوزئوردۇغا ۋە

پۈتۈن مەملىكەت ئەھلىگە قۇت ئاتا قىلسۇن. ئوغۇللىرىنى ئوبدان بېقىپ چوڭ قىلىپ تۇرىمەن. خاتىرجەم بولسىلا، سىلىگە مالالىق كەلتۈرىدىغان ئىشنى ۋاپادار ئاغىچىلىرى ئۆزىگە زىنھار راۋا كۆرمەيدۇ.

كۆڭلى تەسكىن تاپقان بەگيۇسۇپ مېھرىلىك نەزىرى بىلەن مەھبۇبى سۇنۇپ بەرگەن ئوغلىنى قولىغا ئالدى.

— كۆڭلۈمنى دىسەم يېنىڭىزدىن دەقىقىمۇ ئايرىلغۇم يوق، ئانىسى. ئەتىگەن - ئاخشامدا ئوغلۇمنىڭ يىغا - كۈلكىسىنى ئاڭلاشنى زوقلاندۇرىدىغان، ھۇزۇر بەخش ئېتىدىغان ھەرقانداق راھەت - پاراغەتتىن ئارتۇق كۆرىمەن. مەن بىر ئاتا. پېقىرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى تۆمەنلىگەن ئاتا - ئانىلارنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش بەختىگە داۋاملىق ئىگە قىلىش. بۇ يولدا ھەممە سائادىتىمدىن كېچىشكە رازىمەن. ئۆز سائادىتىدىن كېچەلمىگەن بوغۇز ئەلگە سائادەت ئاتا قىلالمايدۇ. رەھمەت ئانىسى، رەھمەت ۋاپادار بىكەم. مېنى چۈشەنگەنلىرى، يولۇمنى پاك مېھرىلىرى، كۆيۈملىرى بىلەن راۋانلاشتۇرغانلىرى ئۈچۈن رەھمەت. تەڭرى سىلىنى ھەرگىز نائۈمىد قويمىغاي.

ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرىدىن تامچىغان ياشلار ئوتلۇق كۆكرەكلىرىدە قوشۇلدى.

ئەتىسى ئۇرۇق - تۇغقان ۋە بىر قىسىم يار - بۇرادەرلىرىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، ئوغلىغا ئات قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ھۆسەيىن پەزلۇللا ئىبنىنى خەلەپ ئاپپاق زاكىغا يۆگەلگەن بوۋاقنى باغرىغا بېسىپ تۇرغان بەگيۇسۇپتىن:

— ھاجىبۇل ھۇججاپ، ئوغۇلنىڭ ئېتىنى نىمە قويماقچى بولۇشتىلا؟ — دەپ سورىدى.

— مىر ئامانبەگ، ئۇستاز.

— مۇبارەك ئىسىم ئىكەن.

— ھەزرەتلىرى قويۇپ بەرگەن بولسىلا.

— بۇ شەرەپكە نائىل بولغىنىمدىن خۇشالمەن، جانابلىرى، — ھوسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ بالىنى قولىغا ئالدى. ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ، — مۇبارەك ئىسمىلىرى مىر ئامانبەگ بولسۇن بالام. قويۇلغان ئاتلىرىدا قەيت قىلىنغاندەك، ئۆز زاتلىرىغا بەگ بولۇپ، ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەيلا، — دەپ ئات قويۇپ بەردى.

دىلدارىبىكە ھامىلىدار ۋاقتىدا تىكىپ قويغان كۆڭلەك، ئىشتان، چاپان، دوپپىنى مىر ئامانبەگكە كىيدۈردى. بەگيوسۇپ ئۇنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماي، بىر بۆردا توقاچ نان، ياڭاق، بادام، ئۈچ تال قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن ئېغىزلاندۇردى. شۇ كۈنى كەچتىلا ئوپالغا بېرىپ ئەتىسى يېنىپ كەلدى.

— بۇزرۇكۋار ئانىمىز قانداقراق تۇرۇپتۇ ئاتىسى؟ — دەپ سورىدى دىلدارىبىكە.

— ئوبدان تۇرۇپتۇ. ئوغلىمىزغىمۇ، ئاقىۋەتلىك بولۇشىمۇ دۇئا قىلدى، ئانىسى. سالامەت يەڭگىمۇ ئالغانلىرىنى قۇتلۇقلاپ، ئوغلىمىزغا تۇمار پۈتۈپ بەردى. مەھمۇد تېگىننىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشىمنى تاپىلىدى. پېقىر بۇ سەپىرىمدە بۇۋىرابىيە ئانىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقتا تىرىشىمەن، ئانىسى. سىلىمۇ بالىنىڭ قىرىق تويىنى ئۆتكۈزۈپلا ئوپالغا بېرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغايلا. ئۇ دۇنيادىكى بىر ئۇلۇغ ئانا.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئاتىسى. سىلى كەلگۈچە ئوپالغا بىر ئەمەس، بىرقانچە قېتىم بېرىپ بۇۋىرابىيە ئانىمىزنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ كېلىمەن.

ئۈچ كۈن شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتى. بەگيوسۇپ ئۆيدە بولدى. ئۇ سەپەرگە ئاتلانغان سەھەر، دىلدارىبىكە مىر ئامانبەگ بىلەن ئۇنى ئىشىك ئالدىدىلا ئۇزىتىپ قالدى.

يۈرىكىنىڭ يېرىمى ئۆيدە قالغان بەگيوسۇپ ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگەن ھالدا يۈرۈپ كەتتى.

## 3

كۈز قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرى بالاساغۇن شەھىرىدىكى ئوردا كۆزىتىش مۇنارىنىڭ قاراۋۇللار تۇرىدىغان بالىخانا دېرىزىلىرىدە چاقنىدى. گۈمبەز شەكلىدىكى ئېگىز سۇ مۇنارىنىڭ يېشىل كاھىشلىرىغا جۇلا تاشلىدى. كۈن پەلەككە كۆتۈرۈلگەنسېرى ئادەمگە خۇشياقىدىغان ئىللىق ئاپتاپ كوچا - كويلارغا، ھويلا - ئارانلارغا ئېتەك يايدى.

بۇغرا قاراخان سارىيىغا كىرىپ تەختكە چىققان توغرۇل قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان ۋەزىر - ۋۇزرالار، شەيخۇلئىسلام، ھاجىپ، سانغۇنلارنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ سورىدى:

— نېمە گەپ بار؟

— ئالەمپاناھ، شاھىنشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئادالىتى ئاستىدا، مەشرىق پاراغەتتە، مەغرىب راھەتتە، شىمال تىنچ، جەنۇب شاد - خۇرام، — دېدى قول باغلاپ ئورنىدىن تۇرغان يۇغرۇش باشى قۇتلۇقبەگ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، — خاتىرجەم بولغايلا خاقانىم. ھەممىمىزنىڭ بەختى — ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىدۇر.

— ئوردۇكەنتتىن خەۋەر بارمۇ؟

— يوق، ئالىيلىرى، پات ئارىدا خۇش خەۋەر كېلىشتىن ئۈمىدۋارمىز، — سۇباشى ئورخۇنبەگ جاۋاب بەردى.

— پېقىر قۇللىرىنىڭ بىلىشىچە، خۇش خەۋەر كېلىشى ناتايىن خاقانىم، — قۇتلۇقبەگ ئورخۇنبەگنىڭ سۆزىنى قېقىۋەتتى.

— ناتايىن دېگىنىڭىز نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ يۇغرۇش باشى؟ — ئورنىدىن تۇرغان ئالىپ بۆرىبەگ ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ، ئاندىن خاقانغا تەزىم قىلدى، — مېنىڭچىمۇ ئوردۇكەنتتىن خۇش خەۋەر كېلىشىدە گۇمان يوق، ئالىيلىرى.

ئەندىشە قىلمىغايلا.

— پۈتكۈل ئايماق، ۋىلايەتلەردىن، ئۆلكە، دىيارلاردىن خەۋەر، توققۇز تارتۇق كېلىپ بولدى. پەقەت ئوردۇكەنتلا جىمىپ كەتتى. بۇنىڭدا مەسىلە يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ — دېدى بۇغرا قاراخان چېچىلىپ.

ئۇ مۇشۇ بىر ئايدىن بېرى ھەركۈنى دىگۇدەك تەختكە چىقىپلا «ئوردۇكەنتتىن خەۋەر بارمۇ؟» دەپ سورايتتى. «يوق، پات يېقىندا خەۋەر كېلىشىدىن ئۈمىدۋارمىز» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ، شۈك بولۇپ قالاتتى. بۈگۈن قۇتلۇقبەگنىڭ «خەۋەر كېلىشى ناتايىن» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئۈمىدسىزلەنگىنىدىن ئاچچىقلىنىپ قالدى.

— قۇتلۇقبەگ توغرا ئېيتىدۇ. ئوردۇكەنتتىن خەۋەر كەلمەسلىكى مۇمكىن. كېلىدىغان بولسا، بۇ چاغقىچە كەلمەسمىدى. دەرھال ئوردۇكەنتكە چاپارمەن ماڭدۇرۇلسۇن!

— خوپ شاھىنشاھىم، — قۇتلۇقبەگ پۈتۈكچىگە بۇغرا قاراخان نامىدىن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا ئوردۇكەنتنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان مەلۇماتنامە ئەۋەتىش توغرۇلۇق مەكتۇپ يېزىپ، ئەشكىنچىدىن دەرھال ماڭدۇرۇشنى بۇيرۇدى.

چاپارمەن يولغا چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى كۆزىتىش مۇنارىدىكى كۆزەتچىلەرنىڭ نەزىرى شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتقان بىر كارۋانغا چۈشتى:

ئېتىنىڭ قۇش بېشىغا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تۇغىنى قادىۋالغان ياراغلىق كىشى ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. قاراۋۇللار دۈشمەن ئەمەس، ئۆز كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، تاكى ئۇلار «قوۋۇقى كاشغەر»دىن كىرگۈچە كۆز ئۈزمىدى. ئۇلار ئوردا ئالدىغا كەلگەندە ئاتلىرىدىن چۈشتى.

بۇلار — بەگيۇسۇپ بىلەن توققۇز تارتۇقنى ئېلىپ كەلگەن مۇلازىم، غۇلاملار ئىدى. كەلگىنىدىن خەۋەر تاپقان مەھمۇد

ئارسلانخان بەگيۇسۇپنى دەرھال قوبۇل قىلدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، ئەزىز دەرگاھلىرىغا ئوردۇكەنت خەلقى ۋە ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ سالام ۋە توققۇز تارتۇقىنى ئېلىپ كەلگىنىمدىن شەرەپ ھېس قىلىمەن، — بەگيۇسۇپ قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى، — تەڭرى ئالىيلىرىغا كۈچ - قۇۋۋەت، ئۇزاق ئۆمۈر ئاتا قىلغاي.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بۆگۈ بىلگە ھاجىپ، ئوردۇكەنت خەلقى تىنچ - ئامانمۇ؟ ھەسەن بۇغراخان ئامانمۇ؟
سوغۇق نەزەر بىلەن سورالغان بۇ سوئالدىن بەگيۇسۇپ ئانچە ئەجەبلەنمىدى، ھودۇقۇپمۇ كەتمىدى. بۇغرا قاراخاننىڭ كۆڭلىدىكى غۇم ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.
— ئوردۇكەنت خەلقى ئاللا پاناھىدا تىنچ - ئامان ۋە شاد - خۇرام. ھەسەن بۇغراخان ئالىيلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ دۇئالىرى بەركاتىدىن ساق - سالامەت تۇردى. ئەمىن بولغايلا، — دېدى ئۇ تەمكىن ھالدا.
— ئۇنداق بولسا ھەسەن بۇغراخان توققۇز تارتۇقنى نېمىشقا شۇنچە كېچىكىپ ئەۋەتىدۇ؟ — بۇغرا قاراخان پىل چىشىدىن ياسالغان كۆركەم ھاسىسىنى تەختىنىڭ كۈمۈش پايىسىگە غەزەپ بىلەن «تاق !» قىلىپ ئۇردى.
— چېچىلمىغايلا ئالىيلىرى. ئۆزلىرىنى بىسىۋىلىپ سۆزۈمگە قۇلاق سالغايلا، — بەگيۇسۇپ ئالدىغا بىر قەدەم باستى، — ئەلىۋەتتە، ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان تارتۇقنى باشقا ئۆلكە، ئايماقلاردىن بۇرۇنراق ئەۋەتىشى لازىم ئىدى. ھالا مۇشۇ ئاي - كۈنلەردە، سۇيىقەستچىلەر ۋەيران قىلىۋەتكەن ئوردۇكەنتنىڭ چوڭ - كىچىك يوللىرى، كوچا - رەستە، بازارلىرى قايتا ياسىلىپ ئاۋات قىلىنىدى. كونىراپ قالغان يازلىق، قىشلىق ئوردىلارمۇ ياسىلىپ بېزەلدى. ئەسكىرىي قورغانلار كېڭەيتىلدى. يېڭىدىن مەكتەپ، مەدرىسەلەر سېلىنىدى،

سىلىنىۋاتىدۇ. قورغانلار قورۇلۇپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر چېپىلىۋاتىدۇ. ئوردۇكەنت ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئاستانىگە ئايلانماقتا. كېچىكىپ قېلىشىمىزدىكى سەۋەب: ئوردۇكەنتتە مانا شۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقىنىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ ئالىيلىرىنى مەمنۇن قىلىمىز دەپ، ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈپ، ۋاقتىنىڭ شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالغىنىمىزدا. كەچۈرسۇنلەر.

— توختاڭ ھاجىپ، سىز مەلۇم قىلغان ئىشلار كۆپ خىراجەت كېتىدىغان چوڭ ئىشلاردۇر. بۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنى قانداق ھەل قىلدىڭلار؟ ئوردا خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالمىغاندۇ؟

— يوقسۇ ئالىيلىرى. ھەزرەتلىرىنىڭمۇ خەۋىرى بار. ئوردۇكەنتنىڭ دەۋكار سودىگەرلىرى، باي ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلىرى، تارىقچى، يىلقىچىلىرى، ئالىم ـ ئۆلىمالىرى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئاشلىق، ئات، قوي، كالىنى خانلىقىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ھەدىيە قىلىشقانىدى. ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئەمرى بىلەن ھەدىيە قىلىنغان بايلىقنىڭ يېرىمىنى خىراجەت قىلدۇق، خالاس. ئىشقا كىرىشكىنىمىزدە، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر غەنىلىرى «ھەدىيە قىلىپ بولدۇق» دېمەستىن ھە دەپ ئىئانە قىلىۋاتىدۇ. شۇنداق ئاجايىپ مەنزىرە بارلىققا كەلدىكى، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە يەڭ تۈرمىگەن ئادەم قالمىدى. خەزىنە قۇرۇقدالمايلا قالماستىن، بەلكى ئاۋۇدى. بىز ئېلىپ كەلگەن توققۇز تارتۇقمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

— مۇنداق دەڭ ھاجىپ، مەن ئەنسىرەپ قېلىۋىدىم. بىلگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئاسىي سۈيىقەستچىلەرنىڭ كاساپىتىدىن خانۇۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن ئوردۇكەنتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۆزۈم يەتمەي، قۇزئوردۇدا تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، بۇ قەلئەگە كېلىۋالغىنىم راست. خەيرىيەت، ئاللا رازى، ئاۋام مەمنۇن بولىدىغان خاسىيەتلىك ئىشلار قىلىنىپتۇ.

ئولتۇرۇڭ بەگيۇسۇپ. تازا تەقەززا بولۇۋاتقىنىمدا كېلىپ، مېنى ئەمىن تاپتۇردىڭىز. يەنە بىر ھەپتە كېچىككەن بولسىڭىز، ئوردۇكەنتكە يورۇش قىلغان بولاتتىم. شۇنداق بولمامتى يا جانابلار؟! — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇغرۇش - ھاجىپلارغا مۇراجىئەت قىلىپ تۈگەتتى.

— ھەق راست، شاھىنشاھ ئالىيلىرى، — دەررۇ قوپقان قۇتلۇقبەگ ئېگىلىپ سۆز باشلىدى، — دۇنيادىكى سان - ساناقسىز ئىشلارنىڭ ھېكمىتىنى بىلگۈچى ئاللا. بىز بەندىلەرنىڭ بىلىدىغىنىمىز ناھايىتى ئاز. ئوردۇكەنتتىن ۋاقتىدا ئادەم كەلمىگەچكە، ھەر خىل ئوي - پىكىرلەردە بولۇشىمىز تەبىئىي ئەھۋال. بولۇپمۇ ھەزرەتلىرى كۆپ غەم يېدىلە، ئەنسىرىدىلە. بىزمۇ دېلىغۇل بولۇپ نېمە دېيىشىمىزنى، نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي تۇرۇۋىدۇق، ھاجىبۇل ھۇججاپ جانابلىرى يېتىپ كېلىپ، ئالىيلىرىنى خاتىرجەم، بىزنى مەمنۇن قىلدى. بولمىغۇر خىياللار دەشتىدە ئېزىقىپ قېلىشتىن ساقلاپ، ھىدايەت يولىغا باشلىغاچقا، ھەقىقەت ئاشكارا بولۇپ، قاراڭغۇلاشقان كۆز ئالدىمىز پاللىدە يورۇدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بەگيۇسۇپ جانابلىرىغا كەدۇت تەقدىم قىلىپ، شەرىپىگە بەگ تەركىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

— شاھىم، پېقىر ئوردۇكەنتتىن خۇش خەۋەر كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپلا قالماي، بەلكى جەزمەن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى بىرقانچە قېتىم قەيت قىلىپ، يۇغرۇش، ھاجىپلارنىڭ غەيرىي پىكىردە بولماسلىقىنى تەلەپ قىلغانىدىم، لېكىن بەزى يۇغرۇش - ھاجىپلار سۆزۈمگە قۇلاق سالمىدى. ئۈمىدىمگە يارىشا ھاجىبۇل ھۇججاپ جانابلىرى كېلىپ، ئىشەنچىمنى ئاقلىدى. ئۆزلىرىنى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم قىلدى، — سۆزىنى تۈگەتكەن ئورخۇنبەگ بەگيۇسۇپكە ئېھتىرام بىلدۈردى.

— ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ ئالىيلىرى، ئوردۇكەنتتىن

ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن بۆگۈ بىلگە بەگيۈسۈپ جانابلىرىنى تۆگە سويۇپ قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدۇ، — دېدى ئالىپ بۆرىبەگمۇ چىن دىلىدىن ئۇنى قوللاپ.

بەگيۈسۈپكە ئەھۋال تېخىمۇ ئايدىڭ بولدى.

«قۇتلۇقبەگ بۇغرا قاراخاننى ئۇچۇرۇپ ماختاپ، ئىشەنچىگە نائىل بولۇۋالغاندەك تۇرىدۇ. قارىغاندا بۇرۇنقىدەك ھىيلە - مىكىر بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. يەنە لەۋەن خاتۇن - قىزلارغا باسماق قويۇپ، قىلمىتىقىغا چۈشۈرۈش كويىدا بولۇۋاتامدىغاندۇ؟...» بەگيۈسۈپ ئويلاپ، ئوردا ئەربابلىرىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن باقتى.

روھىي كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالغان ۋەزىر، ھاجىپلار ئارقا - ئارقىدىن پىكىر بايان قىلىپ، بەگيۈسۈپنىڭ بالاساغۇنغا كەلگىنىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— جانابلار، بىر مەملىكەت پادىشاھى ئۈچۈن ئەمىنلىك ھەممىدىن ئەلا. توققۇز تارتۇق ۋە ئەمىنلىك ئېلىپ كەلگەن ھاجىبۇل ھۇججاپ بەگيۈسۈپ جانابلىرى شەرىپىگە كەچقۇرۇن ئوردا بەزمىخانىسىدا بەگ تەركىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. قەدەم تەشرىپ قىلغايسىلەر. ھازىر توققۇز تارتۇقنى قوبۇل قىلىمەن! — دەپ بۇغرا قاراخان تەختتىن چۈشتى.

ئېگىز بويلۇق بۇ شاھىنشاھ سەل مۈكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن دىۋانخانا ئالدىدىكى بوستانلىق سەيناغا چىقتى. پېتىشقا ئاز قالغان كۈننىڭ ياقۇت نۇرلىرى يەردە ئالتاغىل شولا پەيدا قىلغانىدى.

بەگيۈسۈپنىڭ بۇيرۇشى بىلەن مۇلازىم - غۇلاملار قەشقەرنىڭ ئات - تۆگىلىرىگە يۈكلەنگەن توققۇز تارتۇقنى كەلتۈردى.

توققۇز تۆگىگە قىلىچ، خەنجەر، ئومۇت، نەيزە سېلىنغان توققۇز جۈپ ساندۇق، توققۇز تورۇقتا خوتەننىڭ تاي - تاي قىلىپ يۆگەلگەن يۇڭ ۋە يىپەك گىلەملىرى، توققۇز بوز ئاتقا چاڭئەن، لوياڭنىڭ تاي قىلىپ ئورالغان تاۋار - دۇردۇن،

كىمخابلىرى، توققۇز بۇغراغا توققۇز جۈپ ساندۇققا قاچىلانغان ئالتۇن، كۈمۈش، مەرۋايىتلار، توققۇز قارا بويۇنغا قەشقەرنىڭ بادام، ياڭاق، گۈلە ـ قاقلىرى قاچىلانغان بوز تاغارلىرى ئارتىلغانىدى.

بۇغرا قاراخان توققۇز تارتۇقنى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈردى. باش لىڭشىتىپ مەنزۇر بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

— رەھمەت ھەسەن بۇغراخانغا. سىزگە، ئوردۇكەنت خەلقىگە رەھمەت! — دېدى ئۇ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ ۋە ئاغىچى ئۇلۇغىغا تارتۇقنى خەزىنىگە ئەكىرىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

— لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ قوبۇل قىلغايلا.

— قوبۇل قىلدىم، بەگيۇسۇپ، ئاخىر توققۇز تارتۇقنى سىز ئېلىپ كېلىپ، غەزەپ ئوتۇمنى رەھمەت سۈيى بىلەن ئۆچۈردىڭىز، سىزدىن باشقا ئەرباب ئېلىپ كەلگەن بولسا بۇنداق قىلالمايتتى. مېنى ئاللا ئالدىدا گۇناھكار بولۇشتىن ساقلاپ قالدىڭىز، — بۇغرا قاراخان كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — مەن قېرىپ قالدىم. سىز كەتمەيدىغانسىز؟

— كېتىمەن ئالىيلىرى، قىشنى چىقىرىپ كېتىمەن. ئوردۇكەنت ئەھلى يولۇمغا كۆز تىكمەكتە. بالىچاقىلىرىم ماڭا ئىنتىزار.

— ئۇنداق بولسا سىزنى توسۇمايمەن. كەتكۈچە ئوردىدا تۇرۇڭ، سىز بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراي.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، ئالىيلىرى. مۇلازىم ـ غۇلاملىرىم ئوردا تەكىيىخانىسىدا تۇرسۇن. پېقىر تۇغۇلغان ئۆيۈمدە تۇراي. ئەلۋەتتە، كۈندە دېگۈدەك كېلىپ خىزمەتلىرىدە بولىمەن، — بەگيۇسۇپ ئاستا باش ئەگدى.

— ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن، ھاجىبۇل ھۇججاپ.

مەھمۇد ئارسلانخان ئۇنىڭ بىللە بىلەن شام چىراغلار يېقىلىپ كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن زىياپەت زالىغا كىردى ۋە تۆردىن ئورۇن ئېلىشتى. داستىخانغا قويۇلغان نازۇ نېمەتلەر

ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيتتى.

بەگيۈسۈپ بۇ كاتتا بەگ تەركىسىدىن يېنىپ، ئاي نۇرىغا چۈمۈلگەن قەدىمكى جاينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەنىدى.

ئۇ ئايدىڭدا پارقىراپ تۇرغان تۈچ ھالقىنى قاقتى.

## 4

بەگيۈسۈپنىڭ بالاساغۇندىكى خۇشۋاق كۈنلىرى تېز ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ بەگبۇقا مەھەللىسىدىكى ئاتا مىراس ئۆيىدە تۇردى.

ئادارباي قورۇنى كېڭەيتىپ ياساپ يېڭىلىغانىدى. بۇرۇنقى كۆل كولىنىپ، ئەتراپىغا بوغما قاپاق شەكىللىك ۋادەك ئورنىتىلغاچقا ھويلا تېخىمۇ كۆركەم تۈس ئالغانىدى. كۆل بويىدىكى راھەت سۇپىسى چوڭايتىلىپ، ئۈستىگە سايىۋەن ئورنىتىلغانىدى. تاملىرى گەجخاك قىلىنغاچقا ئۆيلەر يېڭى ياسالغاندەك كۆرۈنەتتى.

بالاساغۇن شەھىرىدە ھۆرمەتلىك ئاغىچا خېنىم بولۇپ قالغان قىزتۇرمىشنىمۇ بەگيۈسۈپ رازى بولدى. ئۇ ئۆي ـ ھويلا، باغ ئىچىنى ناھايىتى پاكىز تۇتقانىدى. سۇرتۇلگەن دېرىزىلەر پارقىراپ تۇراتتى. گىلەم، كۆرپە، يېكەندازلار يېڭى تىكىلگەندەك تازا ئىدى. تۇخۇم، ناۋات سۈيى بىلەن پاتلانغان تام ـ تورۇسلاردا توپا ـ چاڭدىن ئەسەر يوق ئىدى.

بەگيۈسۈپ قىزتۇرمىش ئاغىچا خېنىمنىڭ ھەر كۈنى سەھەر دېدەك ـ خىزمەتكارلىرىنى باشلاپ بۇ باغلىق چوڭ قورۇنى سۇ سېپىپ سۈپۈرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ھەتتا گۈل ـ گىياھلارنىمۇ يۇيۇپ، تارىنىپ چىققان قىز ـ چوكانلاردەك چىرايلىق قىلىۋېتەتتى.

بەگيۈسۈپ كەلگەندىن بۇيان ئۆيدىن مېھمان ئۈزۈلمىدى. قىزتۇرمىشمۇ ئاشخانىدىن چىقالمىدى. ئۇ ئەتكەن لەززەتلىك

تاماقلار داستىخانغا قويۇلغاندا، ئانىسى يابىرا ئاغىچا كۆز ئالدىغا كېلەتتى.

بەگيۇسۇپ «بۇغراخان» ۋە «رەيھانىيە» مەدرىسەلىرىگە بېرىپ، ئۇستازلىرى، ساۋاقداشلىرى، شاگىرتلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ھەربىر مەدرىسەگە مىڭ سەردىن ئالتۇن ھەدىيە قىلدى.

بالاساغۇن شەھىرىنىڭ شەيخۇلئىسلامى ئەبۇ يۇتۇھ مەخدۇم ئۇلۇغ ھاجىپ كۆيۈئوغلىنىڭ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئالىم ـ ئۆلىما، دەۋكار تىجارەتچىلەرگە كاتتا چاي بەردى. قېيىنئانىسى ھاۋاخان قۇشناچىم ئۆزى تىككەن يىپشىل شايى تونىنى كىيدۈرۈپ قويدى.

ئالىم ئىنىسىنىڭ كەلگىنىدىن سۆيۈنگەن ئارچۇن خېنىم ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزدى. بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان كەلگەندىن بېرى، ئۇنىڭ تەيىنلىشى بىلەن، بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئېرى ئەربۇقا پەتھىدىن بەگيۇسۇپنى ئىسسىقكۆل بويىغا ئېلىپ بېرىپ شىكار قىلدۇرۇپ كەلدى.

— دوستۇم، ئوردۇكەنتكە كېتىشتىن بۇرۇن ماڭا قىلغان نەسىھەتلىرى، بەرگەن مەسلىھەتلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، تۇرمۇشۇمنى يېڭىدىن باشلاپ، مانا بۈگۈنكى ئورۇنغا ئېرىشتىم. ناۋادا سىلى پېقىرنى ئاشۇ چاغدا ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىدىن تارتىۋالمىغان، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىمنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشەنچىمنى كۈچەيتمىگەن بولسىلىرى ھاياتىم نابۇت بولغان، ئائىلەم بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بولاتتى. ھەمىشە ئۆزلىرىگە غايىبانە تەشەككۈر ئېيتىپ كېلىۋاتاتتىم. تەڭرىم تىلىكىمگە يەتكۈزۈپ، يۈزتۇرا تەشەككۈر ئېيتىشقا مۇيەسسەر بولغىنىمدىن شۇتاپ شۇنچە خۇشال بولۇۋاتىمەن.

— رەھمەت دوستۇم، قېرىندىشىم. كەتكۈچە كېلىپ تۇرىمەن. بۇمۇ مېنىڭ ئۆيۈم، ماڭا رەھمەت ئېيتماي ئاللاغا شۈكۈر قىلغايلا.

بەگيۇسۇپ سۆزىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پات - پات كېلىپ تۇردى. ئۇ بالاساغۇندىكى دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىنى ھېچقاچان بۇ قېتىمقىدەك ھېس قىلمىغانىدى. سەيلە - ساياھەت، شىكار، مېھماندارچىلىقنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئوردىغا بېرىپ بۇغرا قاراخان بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردى. ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە، ئەزگۈ تىلەك، ياخشى مەسلىھەتلىرى بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ قايىل قىلاتتى.

— بەگيۇسۇپ قۇزئوردۇدا قالسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەيتتى بۇغرا قاراخان ئۇنى ئۇزىتىپ قويغاندا ئايرىلغۇسى كەلمەي.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، يانلىرىدا ئورخۇنبەگ، ئالىپ بۆرىبەگ، ئەربۇقا پەتەمدىنىدەك قابىل، دانىشمەن ۋەزىر - ۋۇزرالار بارغۇ. پېقىر ھەسەن بۇغراخانغا قايتىپ كېلىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ قويغانىدىم، — دەپ سىلىقلىق بىلەن رەت قىلاتتى بەگيۇسۇپ.

قىش كىرىپ بالاساغۇن دىيارى ئاق تون كىيدى. ئىسسىقكۆلنىڭ گىرۋەكلىرىدە ئەينەكتەك پارقىراق، سۈزۈك مۇز قاتتى. يايلاقنىڭ ئوت - چۆپلىرى قار ئاستىدا قالدى. كەڭ دالادا قوي - ئۆچكە پادىلىرىغا تۇيۇقسىز تېگىپ ئۆگىنىپ قالغان بۆرىلەر ئەمدى كېچىدىلا قىشلاقتىكى قوتانلارنى ئوغرىلىقچە ياقىلاپ يېمەكلىك ئوغرىلايدىغان بولدى.

بەگيۇسۇپ كۆكلەم، ياز پەسلىدىكى خۇش ھاۋا باغۇبوستاننى قانچە ياخشى كۆرسە، قىش كۈنىدىكى قارلىق دالا مەنزىرىسىگە شۇنچە خۇمار ئىدى. ئۇ دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ، ئوۋ ئوۋلاپ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىپ قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى.

بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان شىكارغا چىققاندا، ئۇ ئاخىرقى قېتىم ھەمراھ بولدى. دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان چۇ دەرياسى بويىدا ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كېتىۋاتقاندا:

— بەگيوسۇپ، قايتىدىغان ۋاقتىڭىز يېقىنلاشتى، — ئاستا گەپ باشلىدى ئۇ يانداپ كېلىپ، — ياشانغان چېغىمدا سىزدىن زادىلا ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ. سىزنى ئوردىدىكى يۇغرۇش، ھاجىپ، بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتىم. بۆرىبەگ، ئورخۇنبەگلەر جەڭ ئىشلىرىدا قەيسەر، چارە - تەدبىرلىك بولغان بىلەن، مەمۇرىي، مۈلكىي ئىشلاردا پىشمىغانىكەن. مۇناسىۋەت قىلىشتا سىزدەك مادارا قىلىشنى، يول قويۇشنى بىلمەيدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن قۇتلۇقبەگ سادىر بولغان مەسىلىلەرنى بىر ياقلىق قىلىشقا ئۇستا. بىرىشكىمۇ، ئېلىشقىمۇ ماھىر. ھەممىنى رازى قىلالايدۇ. شۇڭا، يۇغرۇش باشى ئورخۇنبەگنى باش سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇتلۇقبەگنى قويغانىدىم. قۇلىقىمدىن كىرىپ، بۇرنۇمدىن چىقىپ كەلدى. ئەمما، سىزدەك سەمىمىي، راستچىل ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ لاپ ئۇرۇپ خۇشامەت قىلىشلىرىنى ياقتۇرغاندەك قىلساممۇ، راستىمنى دېسەم ھەممە ئەربابلىرىمنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىڭىزغا تەڭ قىلمايمەن. مېنى تاشلاپ كەتمەڭ، سىزنى بەك چوڭ بىلىمەن.

تىزگىنىنى تارتقان بەگيوسۇپ بېشىنى چايقاپ دېدى:

— يوقسۇ - يوقسۇ، قاراخان ئائىلىلىرى، ئۇنداق دېسىلىرى ماڭا ئازار بەرگەن بولىلا. ھەرقانداق بوغۇغنىڭ بىلىدىغىنى مۇتلەق ئەمەس، نىسپىي بولىدۇ. پېقىرنىڭ بىلىدىغىنىمۇ ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ ئەمەس. ئورخۇنبەگ، بۆرىبەگ، ئەربۇ پەتىھدىن، ئارسلانبەگ، ئەرئاتانبەگلەر پاراسەتلىك دۆلەت ئەربابلىرىدۇر. ھەزرەتلىرىگە سادىقتۇر، ئاۋامغا غەمخاردۇر. مېنىڭ دوستلىرىمدۇر. ئۇلارنى زىنھار كەمسىتمىسىلە، ئۇلارغا ئىشەنسىلە. گەرچە ئۇلار پەرقلىق ھالدا، يېتەرسىزلىك، نۇقساندىن خالىي بولمىسىمۇ، تاپشۇرۇلغان خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ. قۇتلۇقبەگكە كەلسەك، ئائىلىلىرى سىلىدىن سوراپ باقاي، ئۇ خانلىقىمىزغا سادىقمۇ زادى؟ بۇنىڭغا ئىشەنچلىرى كامىلمۇ؟

مەھمۇد ئارسلانخان مەيدىسىگە يېيىلىپ تۇرغان ساقىلىنى

سىيپاپ ئېتىنى توختاتتى. بىر ئازدىن كېيىن باراقسان ئىككى تۈپ جىگدىنىڭ يېنىدا ئاتتىن چۈشتى. بۇغرا قاراخانغا قاراپ ئاتتىن چۈشكەن بەگيۈسۈپمۇ ئويلىنىپ جاۋاب بېرىشنى كۈتۈپ ئۈن چىقمىدى. بىر چاغدا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بەگيۈسۈپكە كۆز تىككەن بۇغرا قاراخان:

— بۇ سوئالنى سوراپ مېنى سەگىتتىڭىز، بەگيۈسۈپ. راستىمنى دېسەم قۇتلۇقبەگنى ياقتۇرساممۇ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىم كامىل ئەمەس.

— نېمىشقا ئالىيلىرى؟

— ئۇ كاززاپتەك قىلىدۇ، بەگيۈسۈپ. ماڭا يامانلىمىغان يۇغرۇش، ھاجىپلاردىن بىرسىمۇ قالمىدى. سىزگە ئايان. يۇغرۇش، ھاجىپلىرىمنى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ۋە سىزنىڭ قاتنىششىڭىز بىلەن ئوردۇكەنتتىكى نۇرغۇن ئەربابلار ئىچىدىن تاللاپ بېكىتكەن ئىدۇق. قۇزئوردۇغا كەلگەندىن بېرى ساداقەت بىلەن رولىنى جارى قىلىپ كەلمەكتە. قۇتلۇقبەگ ئۇلارنى ياراتمايدۇ. كۈن قاياقتا بولسا شۇ ياققا باقىدىغان ئاپتاپپەرەستەك، نېمە دېسەم قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ گەپ قىلىدۇ.

— مۇنداق دېسىلە. ئۇنى يۇغرۇش باشى قىلىشقا نېمە سەۋەب بولغان ئالىيلىرى؟ — لىۋىنى چىشلىگەن بەگيۈسۈپ بۇغرا قاراخاننى كۆزىتىپ تۇردى.

— سىلىق - سىپايە سۆزلىرى، مەدھىيە ئوقۇپ ماختاشلىرى بولمامدۇ.

بەگيۈسۈپ كۆڭۈل خاتىرىسىگە پۈتۈلگەن تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇدى:

كېرەكتۇر بۇ بەگكە ۋەزىر، بىگۇمان،
ۋەزىرى ياخشى بولسا تىنچ ئۇخلايدۇ خان.

ۋەزىردۇر بۇ بەگلەر يۈكىنى يۈدگۈچى،
خانلىقنىڭ ئۇلىنى مەھكەم ئەتكۈچى[①].

① «قۇتادغۇ بىلىك» 2182 - ، 2183 - بېيىتلەر.

بۇنىڭغا سەرە ـ خىل، تولۇق ئەر كېرەك،
كۆڭۈل، ئەقلى كامىل، كۆيۈنسە يۈرەك.

ئۇنىڭ ئەقلى كۆپ بولسا، ئىلمى دېڭىز،
پۈتۈن ئىش پۈتكۈزسە، قىزارتسا مېڭىز.

ئىسىل ھەم تەقۋاردار ھەم بولسا كونى،
توغرىلىق بىلەن ئۆتكۈزسە كۈنى.

بۇ ئۇلۇغ ئىش، بۇنىڭغا تاللانغان ئەر كېرەك،
راستچىل ۋە خۇلقى ئېسىل بولۇشى كېرەك.

ئەقىللىك كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
سىلىقلىق كېرەك ھەم تېتىكلىك كېرەك.

ئەقىللىك كىشى نەسلى ياخشى ئۇرۇق،
ئۆسەر قايدا بولسا، ئۇ قالماس قۇرۇق.①
...

بەگيۈسۈپ ۋەزىرلىككە قانداق كىشىنىڭ لايىق كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆڭۈل خاتىرىسىگە يېزىلغان بېيىتلارنى قالدۇرماي ئوقۇپ دېدى:
— ئالىيلىرى، مەن سىلىگە ئېيتسام، دوست ـ سەپداشلىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلغان ئادەم — ئادەم ئەمەس، پىتنە ـ پاساتچىدۇر، كاززاپتۇر، چىقىمچىدۇر. بۇنداق ئادەملەر يۇغرۇش باشى بولۇشقا ئەبەدىي نامۇناسىپ. ئارى، قۇتلۇقبەگ سۆزمەن، گەپ توقۇشقا ئۇستا. ئۇ ساددا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ،

① «قۇتادغۇ بىلىك» 2184 ـ، 2185 ـ، 2186 ـ، 2187 ـ، 2188، ـ 2189 ـ بېيىتلەر.

خۇشامەتنى قاملاشتۇرۇپ قىلىپ، ئادەمنى ئۆزىگە ئاسانلا ئىشەندۈرەلەيدۇ. مانا شۇنداق ماھارىتى بىلەن ئالىيلىرىغا ياخشى كۆرۈنۈپ، يۇغرۇش باشى بولۇۋالغان. مېنىڭچە بولغاندا ئۇنى ئوردىدىمۇ تۇرغۇزماسلىق كېرەك، شاھىم.

— سىز يالغان گەپ قىلمايسىز، بەگيۇسۇپ. مەن ئوقۇغان بېيىتلىرىڭىز، ئېيتقان سۆزلىرىڭىزدىن چۈشەندىمكى، قۇتلۇقبەگنى يۇغرۇش باشى قىلىپ خاتالىشىپتىمەن. ئىلگىرى ناھايىتى ھوشيار ئىدىم. ئۇدۇندا تۇرغان چېغىمدا ھۆكۈمدە كەسكىنلىكىم، جەڭگاھتىكى باھادىرلىقىم بىلەن تۇغرۇل قاراخان[1] دېگەن نامنى ئالغانىدىم. ياشانغانسېرى رەھىمدىل بولۇپ قالدىم. گۇناھكارلارغا جازا ھۆكۈم قىلغۇممۇ كەلمەيدۇ. كىم مېنى ماختاپ مەدھىيە ئوقۇسا، ئۇنى ئىشەنچلىك ساناپ، ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگۈم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى قېرىپتىمەن.

بەگيۇسۇپنىڭ ئىككى سىزىق پەيدا بولغان قوشۇمىسى تۈرۈلدى ۋە كۆڭۈل خاتىرىسىدىكى بۇ بېيىتلەرنى ئوقۇدى:

بولاي دېسەڭ ئەلگە ئۇزاق ھۆكۈمران،
قانۇن تۈز، يۇرگۈز، خەلقنى ئاسرا ھامان.

قانۇن بىلەن ئەل روناق تاپىدۇ، دۇنيا تۈزۈلىدۇ.
زۇلۇم بىلەن ئەل خارابلىشىدۇ، دۇنيا بۇزۇلىدۇ.

زالىملار زۇلۇم بىلەن تالاي ئوردىلارنى بۇزدى،
ۋە ئاخىر بۇ زالىملار ئاچلىقتىن ئۆلدى.[2]

① تۇغرۇل قاراخان — تۇغرۇلدەك كۈچلۈك خان دېگەن مەنىدە. تۇغرۇل بىرخىل يىرتقۇچ قۇشنىڭ نامى. بۇ قۇش مىڭ ئۆردەكنى باسماقداپ ئۆلتۈرۈپ، پەقەت بىرىنىلا يەيدىكەن، دېگەن رىۋايەت بار.

② «قۇتادغۇ بىلىك» 2033 ـ ، 2034 ـ ، 2035 ـ بېيىتلەر.

تۇزەپ بەگ كۆڭۈلنى يۇرگۈزسە قانۇن،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، تۇرار بەك ئۇزۇن.

ياماندىن ياماندۇر ئەي ساھىبقىران،
ئەگەر ئاتىنىپ قالسا يالغانچى دەپ خان[①].

— مەن بۇنداق خان بولمىغان، بولۇشنىمۇ خالىمايمەن ! — مەھمۇد ئارسلانخان ئاچچىقلىنىپ تىزگىنىنى چىڭ تارتىپ سالدى. ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاپچىغان تورۇق ئۇنى تاشلىۋەتكىلى قىل قالدى. بەگيۇسۇپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇۋالدى:

— خاقانىم ئاچچىقلانمىسىلا. سىلى زىنھار يالغانچى خان ئەمەس، ئاق كۆڭۈل خان، جاسارەتلىك خان. ئەمما، گۇناھكارلارغا جازا ھۆكۈم قىلغىلىرى كەلمىسە تەختتە قانداق ئولتۇرالايلا؟ سىلى جازالاشنى خالىمىغان گۇناھكار مەلئۇن پەيتىنى كەلتۈرۈپ ئۆزى ئۆچ بولغان ھەقانىيەتچى پادىشاھنى جازاغا تارتىپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ. بۇنى خالىمايدىغاندىلا.

— ئەسلا ! — مەھمۇد ئارسلانخان ئېتىنى ئاستا ماڭدۇردى، — سىز بەگيۇسۇپ مۇشۇ تاپ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك تۇرىسىز. بايا قۇتلۇقبەگنى ئوردىدىن ھەيدەش توغرۇلۇق بەرگەن مەسلىھەتىڭىزگە جاۋاب بەرمەسلىكىمدىكى سەۋەب: ئۇنىڭغا ئازار بەرگۇم يوق...

— خاقانىم، — بەگيۇسۇپ ئاياپ ئولتۇرماي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — بىر خۇشامەتچى كاززاپقا ئازار بېرىشنى خالىمىسىلا، ئۇ سىلى ئارقىلىق يۇزلىگەن، مىڭلىغان بىگۇناھ ئادەملەرگە ئازار بېرىدۇ. قۇتلۇقبەگ ئەنە شۇنداق كۆزلىرىگە كۆلكە، ئىچىگە زەھەر يوشۇرۇنغان ھارامزادە. ئۇنى يوغرۇش باشلىقتىن قالدۇرمىسىلا، نادامەتلىك پۇشايمانغا قالىدىلا.

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» 2036 ـ، 2037 ـ بېيىتلەر.

— ئۇنى ئوردىدىن قوغلىۋەتسەم، كىمنى ئورنىغا قويىمەن، بەگيۈسۈپ؟ — ساقىلىنى تولغاپ قارىغان مەھمۇد ئارسلانخان ئېتىنى ئاستىلاتتى.

— بىر بۆگۈ بىلگە بار. ئۇنى قويسىلا ھەم سىلىگە ياخشى مەسلىھەتچى بولالايدۇ ھەم دۆلەت ئىشلىرىنى دادىل بىجىرەلەيدۇ.

— ئۇ زادى كىم؟

— قۇزئوردۇ شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئەربۇقا پەتھەدىن، ئالىيلىرى.

— بىلىمەن. ئىلگىرى نائىب ئىلىكخان ئەھمەد چاغرى تېگىنگە يۇغرۇش باشى بوپتىكەن. مەن ئۇنى قۇزئوردۇ شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەنىدىم.

— ئۇ بۆگۈ بىلگە. مەدرىسەلەردە دەرس ئۆتۈپ نام چىقارغان. قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ بار ئەرباب، — بەگيۈسۈپ ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلدى.

— ئۇنىڭ ئاتىسى كىم ئىدى؟

— تۆمۈربۇقا نەسرىدىن سانغۇن.

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، — مەھمۇد ئارسلانخان بىردىن روھلىنىپ كەتتى، — بىلىمەن. ئۇ مېنىڭ قول ئاستىمدا يۈزبېشى بولۇپ ئۇدۇن شاھلىرى بىلەن جەڭ قىلغان ھەم ئالىپ بولۇپ داڭ چىقارغانىدى. كېيىن سامانىيلار سۇلتانلىقى بىلەن جەڭ قىلغاندا مىڭبېشى بولۇپ چاغرىبەگ ئۇنۋانىنى ئالغانىدى. ئەھمەد تۇغانخان ۋاقتىدا بالاساغۇنغا يۆتكىلىپ سۇباشى بولۇپتىكەن. ئۇ قابىل سەركەردە ئىدى. رەھمەتلىك ئاكام سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن ئوردۇكەنتكە كېتىپ، شۇ يەردە قازا قىلىپتۇ. شۇنىڭ ئوغلى دەڭ، نەسەبى ياخشى ئىكەن. ئۇنى يۇغرۇش باشلىقىقا تەيىنلەي. يەنە بىر مەسلىھەت، قۇزئوردۇنىڭ ھاكىملىقىغا كىمنى قويسام بولار؟

— ئەرئاتانبەگنى قويسىلا، ئالىيلىرى. ئۇ رەئىيەتپەرۋەر[1] سەركەردە.

— ئۇ خىزمىتىمنى ياخشى قىلغانىدى. ماقۇل، شۇ بولسۇن! — مەھمۇد ئارسلانخان باش لىڭشىتتى.

— ئالىيلىرى ياشىنىپ قالغان بولسىلىمۇ، تېخى ماغدۇردىن كەتكۇدەك بولمىدىلا، «توغرۇل قاراخان» دەپ ئاتالغان چاغلىرىدەك، كەسكىن، غەيرەتلىك بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — بەگيۇسۇپ مەزمۇت تۇرۇپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان ھالدا تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— قېرىدىم، بەگيۇسۇپ، ئەمدى سىز ئۈمىد قىلغاندەك توغرۇل قاراخان بولالمايمەن. تەختنىمۇ ئۆتۈنۈپ بەرگۈم بار.

— كىمگە ئۆتۈنۈپ بەرگىلىرى بار ئالىيلىرى؟

— ئوغلۇم ئۆمەر تېگىنگە.

بەگيۇسۇپ لېۋىنى چىشلىدى.

— خاتا ئاڭلىمىغان بولسام، ئۆمەر تېگىن كېسەلمىشقۇ، ئالىيلىرى؟

— راست شۇنداق، بالامنىڭ باش ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر ئوغلۇم، ۋارىسىم، چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ. رۇم، مىسىرلاردىن كەلگەن ئاتاساغۇنلار داۋالاۋاتىدۇ.

— شاھزادىگە ئاللا شىپاھلىق ئاتا قىلسۇن، ئالىيلىرى. قايسى قۇتلۇق ۋاقىتتا تەختتە ئولتۇرغۇزاي دەيلا؟

— ئوغلۇمنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ھاجىپ. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئاڭغىچە تەختتە ئولتۇرغۇدەك مادارىم بار.

«ئالدىراپ تەختتىن چۈشكۈسى يوق» دېدى كۆڭلىدە بەگيۇسۇپ.

---

① رەئىيەتپەرۋەر — خەلقپەرۋەر.

بۇ سۆھبەت بولۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان يارلىق چۈشۈرۈپ قۇتلۇقبەگنى يۇغرۇش باشلىقتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ئەربۇقا پەتھەددىننى تەيىنلىدى.

كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن بەگيۇسۇپ باش ئەتىيازدا بالاساغۇندىن ئۇزاپ ماڭدى. «قوۋۇقى كاشغەر»دىن چىقىۋاتقىنىدا چاچلىرى ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن، كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىق بىر ئادەمنىڭ تام تۈۋىدە بېشىنى توپا سۇرتۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى. «بۇ قۇتلۇقبەگقۇ ! نېمىتىنىڭ بۇزۇقلۇقىدىن تىلىگە يېتەلمەي مەجنۇن بولۇپ قاپتۇ - دە؟ ئەجەب تېز...» دەپ ئويلىغان بەگيۇسۇپ ئادارباينى چاقىرىپ تاپىلىدى:

— ئاغا، بۇ ئادەمنىڭ ھالىدىن ئالانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن خەۋەر ئېلىپ قويۇڭ.

— ماقۇل ئىنىم، ئەلۋەتتە خەۋەر ئالىمەن.

بەگيۇسۇپ ئۆزىنى ئۇزىتىپ توققۇز چاقىرىم بىللە ماڭغان ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ يۇرۇپ كەتتى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# تىنچ ئۆتكەن كۈنلەر

## 1

بەگيۈسۈپ نورۇز بايرىمىنىڭ ئالدىنقى كۈنى خەۋەر بەرمەيلا قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئوردىغا كىرگەندە، دىۋانخانىدا ئولتۇرۇشقان ۋەزىر، ھاجىپلار ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى.

— ھاجىبۇل ھۇججاپ جانابلىرى، ئۆزلىرىنى قۇزئوردۇدا دەپ سېغىنىپ تۇراتتۇق. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، بىزنى ھەيران قالدۇردىلا، كېلىشلىرىدىن ۋاقىپلانغان بولساق، ئىستىقباللىرىغا چىقماتتۇق؟ — دېيىشتى سالاملىشىپ ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن.

— ھەربىرلىرىنىڭ خىزمىتى ئالدىراش، ئاۋارە قىلماي دېدىم، جانابلار. سالامەت دىدار كۆرۈشتۇرگەن ئاللادىن مىننەتدارمەن.

ئىشىكئاغىسى ئۇنىڭ كەلگىنىنى بۇغراخانغا بىلدۈرمەكچى بولۇۋىدى، بەگيۈسۈپ توسۇپ قويدى.

— ئۆزۈملا كىرەي، ئالىيلىرىنى تەختتىن قوزغىماي، — دەپ بۇغراخان سارىيىغا قەدەم باستى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئالىيلىرى، بىۋاقىت كېلىپ، ئاراملىرىنى بۇزۇپ قويمىغاندىمەن؟

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان شۇنداق قاراپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان بەگيۈسۈپنى كۆردى. تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشتى.

— مەن تېخى يەتتە چاقىرىم يەرگە ئالدىڭىزغا چىقىپ كۈتۈۋالماقچىدىم. نېمىشقا خەۋەر بەرمىدىڭىز؟

— ئالىيلىرى تۈرلۈك تۈمەن ئىش بىلەن مەشغۇل، ۋاقىتلىرىنى زايە قىلماي دېدىم.

— سىز ئۈچۈن ۋاقىت زايە بولسا مەيلى ئەمەسمۇ. خەيرىيەت، يۇرتىدا قېلىپ قالامدىكىن، دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. كېلىپ مېنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئوردۇكەنت خەلقىنى خۇش قىلدىڭىز. رەھمەت ھاجىبۇل ھۇجاپ دوستۇم.

— يېقىن يۇرتۇمنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، ئالىيلىرى. ئەمما، ۋەتىنىمنىڭ قايسى دىيارىغا رىزقىم چېچىلغان بولسا، شۇ يەردە خىزمەت قىلىشنى شەرەپ بىلىمەن. ئوردۇكەنتتە كۆزۈمنى ئاچقان ئۇستازلىرىم، بالىچاقىلىرىم، يەنە ئالىيلىرىدەك پادىشاھ دوستۇم بار، شۇڭا قايتىپ كەلدىم.

— پادىشاھقا ساداقەتمەن بىر دوست بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن تەڭ، بەگيۈسۈپ. ئولتۇرۇڭ، ئۇزاق يول يۈرۈپ، چارچاپ كەتكەنسىز؟

— دىدار كۆرۈشۈپ ھاردۇقۇم چىقتى، ئالىيلىرى، — بەگيۈسۈپ ھاجىبۇل ھۇجاپ كۆرسىدا ئولتۇردى.

بۇغراخان سورىدى:

— تاغام سالامەتمىكەن؟ روھىي ھالىتى قانداقراق؟

— سالامەت بولسىمۇ ياشىنىپ قاپتۇ، ئالىيلىرى. راستىنى دېسەم توغرۇل قاراخان بولۇپ ھۆكۈم سۈرگەن چاغلىرىدىكىدەك جاسارىتى قالماپتۇ.

— يۇغرۇش، ھاجىپلىرىنىڭ ئەھۋالىچۇ؟

— ئوردۇكەنتتە تەيىنلەنگەن يۇغرۇش باشى ئورخۇنبەگنى سۇباشى قىلىپ، قۇتلۇقبەگنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويغانىكەن. مەن ئۇنىڭ خۇشامەت قىلىپ بۇغرا قاراخانغا يېقىن بولۇۋالغىنىنى سېزىپ، يەنە ئىلگىرىكىدەك خىيانەت، شەھۋانىيلىقتا بېرىلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، يۇغرۇش باشلىقىدىن قالدۇرۇۋېتىش

توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرگەنىدىم.
— تاغام قوبۇل قىلدىمۇ؟
— دەسلەپ تازا قايىل بولماي، قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرگىنىمدىن كېيىن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى يۈغرۇش باشلىقىدىن ئېلىۋەتتى.
— ئۇنىڭ ئورنىدا كىم ئولتۇردى؟
— بۆگۈ بىلگە ئەربۇقا پەتھىدىن.
— يەنە قانداق ئۆزگىرىش بولدى؟
— پېقىرغا ھەم شاگىرت ھەم مۇھاپىزەتچى بولغان سۇلتانبەگ ئاشانبۇقا ئوغلىمۇ قۇزئوردۇدا قالدى. ئاتىسى قېرىپ كەتكەچكە، قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ يېتىشكەن بۇ ئەزىمەتنى ئاتىسىغا تاپشۇردۇم. بۇۋاي خۇشال بولۇپ كۆپ دۇئا قىلدى، — دېدى ئۇ قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان ئاشانبۇقا كۆز ئالدىغا كېلىپ.
— ئۇنىڭغا ئوردىدىن خىزمەت بەرمىدىمۇ؟ — ھېسداشلىق قىلىپ سورىدى ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان.
— بەردى ئالىيلىرى، بۇغرا قاراخانغا دەبىرى بولدى.
— ئارسلانبەگ، ئەرئاتانبەگلەرچۇ؟
— ئارسلانبەگ جاندارلارباشى بولۇپ ئوردىدا خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ. ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ باشى بولغان ئەرئاتانبەگنى پېقىرنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن قۇزئوردۇغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى.
— تاغام ۋەلىئەھدى توغرۇلۇق ئويلاشماپتۇمۇ؟
— ئويلاشقاندەك تۇرىدۇ، ئالىيلىرى.
— سىزگە دېدىمۇ؟
— مەن سوراپ بىلدىم.
— ۋەلىئەھدى كىم ئىكەن؟
— ئوغلى ئۆمەر تېگىن ئىكەن.
— ئۇنى كېسەل دەپ ئاڭلىغىنىم يالغان ئەمەستۇ؟

— يالغان ئەمەس، ئالىيلىرى. باش ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغىنىغا ئىككى يىلدىن ئېشىپتۇ. بۇغرا قاراخان ئوغلى شىپا تاپقاندىن كېيىن، تەختكە ئولتۇرغۇزىدىغان ئوخشايدۇ.

— سىز باشقا گەپ قىلمىغانسىز؟

— ياق ئالىيلىرى. مەھمۇد ئارسلانخان ئوردۇكەنتتىن ئەنسىرەپ تۇرغانىكەن. بىز بارغاندىن كېيىن توققۇز تارتۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ خاتىرجەم بولدى. بايا دېگىنىمدەك ئۇنىڭ يۈگرۈش، ھاجىپلىرى، سانغۇن ـ سەركەردىلىرى بۇغرا قاراخانغا سادىق ئادەملەر ئىكەن. ئاسىيلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى قارا نىيەت ـ سۇيىقەستچىلەر تېخى سېزىلمەپتۇ. مەنمۇ يوشۇرۇن ئاشكارا كۆزىتىپ، تەكشۈرۈپمۇ بايقىيالمىدىم. ئەندىشەمنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە، ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچ كۆڭلەرنىڭ باشلانغىنىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدىم، — بەگيۇسۇپ سۆزىنى توختاتتى.

— سىز كەتكەندىن بۇيان ئوردىدا بەگ تەركىسى ئۆتكۈزۈلمىدى. بۈگۈن كەچ بەگ تەركىسى ئۆتكۈزۈپ ئەمىنلىك ئەلچىسىنى كۈتۈۋالماقچىمەن ھەم بىر پەرمان جاكارلىماقچىمەن. سىزنى ئەزىز مېھمىنىم سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىمەن.

بەگيۇسۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئالىيلىرى، بەگ تەركىسىنى بىر كۈن كېيىنگە سۈرۈشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. رۇخسەت قىلسىلا، ئەمدى ئۆيۈمگە باراي.

ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان دەرھاللا ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئۇ بەگيۇسۇپنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇنى ئوردا ئالدىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

بەگيۇسۇپ سوۋغا ـ سالاملار يۈكلەنگەن ئات ـ ھارۋىلار بىلەن بىللە بۇلاقبېشى مەھەللىسىگە كەلگەندە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ يەرگە پۈت قويدى.

— ئوردۇكەنت قانداق ئىكەن رۇستەمبەگ؟ — سورىدى

بەگيۇسۇپ ئەتراپىغا قىزىقىپ قاراپ ئاتتىن چۈشكەن ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياش چامىسىدىكى ئۆسمۈردىن.

— ئۇز ئىكەن، كىشى قارا. بۇ يەردە نېمىشقا بۇلاق شۇنچە كۆپ؟ — سورىدى ئۆسمۈرمۇ قىزىقسىنىپ.

— كۆرگەنسەن بالام، بۇ يەر شەھەرنىڭ ئەڭ پەس يېرى. بەلكىم دۇنيانىڭمۇ ئەڭ پەس جايىدۇ. يەر ئاستىدا سۇ بار. مانا شۇنداق پەس جايلاردىكى كۆزلەردىن سۇ تېشىپ چىقىدۇ.

— ھە، بىلدىم كىشى قارا! قۇزئوردۇدا بۇلاق بۇنداق كۆپ ئەمەس، كۆل كۆپ، — دېدى ئۆسمۈر بۇلاقلارنىڭ بويلىرىدىكى باراقسان بولغان سېرىق، قارا سۆگەتلەرنىڭ مەجنۇنتاللىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— بىزنىڭ قورۇ ھويلىسىدىمۇ بۇلاق بار، بالام.

— قورۇدىمۇ بۇلاق بولامدۇ كىشى قارا؟

— بۇ مەھەللە، بۇلاق كۆپ بولغاچقا «بۇلاقبېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. سىرتتىلا ئەمەس، بەزى قورۇلار ئىچىدىمۇ بۇلاق بار. بۇ يەرنى ياخشى كۆرۈپ قالىسەن، بالام.

— مەن دەريا، كۆلنى ياخشى كۆرىمەن. بۇلاقمۇ كىچىك كۆلگە ئوخشايدىكەن. قۇزئوردۇدىكى بىزنىڭ باغدىمۇ چوڭ كۆل بار. مەن سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناشقا ئامراق.

— ئوردۇكەنتتىمۇ دەريا، ئۆستەڭلەر بار. ئەتە سېنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سەيلە قىلدۇراي، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، كىشى قارا. سۇغا بىر چۆمۈلۈۋالاي.

ئۇلار سۆزلىشىپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختاشتى.

ئىككى قاناتلىق ئىشىكنىڭ تۈچ ھالقىلىرىدا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى چاقناپ پارقىرايتتى.

بەگيۇسۇپ ھالقىنى يېنىك قاقتى. ھايال ئۆتمەي:

— كىم؟ — دېگەن ئىنچىكە ـ زىل ئاۋاز ئاڭلاندى.

— مەن كەلدىم رازىيە، ئىشىكنى ئاچقىن.

— ھەزرىتىم كەپتۇ! ھەزرىتىم كەپتۇ! — دېگەن ياڭراق

ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك ئېچىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — بەگيۇسۇپ بوسۇغىدىن قەدەم باستى.

— تىنچ ـ ئامان كەلدىلىمۇ ھەزرىتىم؟ ئەجەب بىخەۋەر قاپتۇق. مەن ئاتاساغۇن ئاغىچا خېنىمغا خەۋەر قىلاي، — دەپ مېڭىۋىدى دېدەك قىز رازىيە، بەگيۇسۇپ:

— خىزمەتكار، غۇلاملارنى چاقىرىڭ. يۈكلەرنى ھويلىغا ئېلىپ كىرگەي، — دەپ ئۇنى توختاتتى.

— خوپ ھەزرىتىم! — رازىيە «ھەزرىتىم كەلدى!» دەپ تۈۋلىغىنىچە ئىچكىرى ھويلىغا يۈگۈردى.

بەگيۇسۇپ رۇستەمبەگكە كۆرسەتكەچ، دالانغا ياندىش سېلىنغان ئېغىلغا ئاتلارنى ئەكىرىپ، سۇۋۇتۇپ قويۇپ چىقتى. ئۇ بالىسىنى باغرىغا تاڭغان ھالدا ئالدىغا ئىتتىك كېلىۋاتقان رەپىقىسىنى كۆرۈپ، ۋۇجۇدى بوشىشىپ، يۈرىكى تېپچەكلەپ ئاجايىپ بولۇپ كەتتى. بىر سەنتۈرۈلۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ئەسسالام ئانىسى، كېلىشلىرىدىن بىخەۋەر قاپتۇق...

ئوغلى يېڭى چىققان چۈچۈك تىلى بىلەن «ئاتا» دېدى.

مەھبۇبى ۋە سەبىي ئوغلىنىڭ سېھىرلىك ئۈنىنى ئىشىتكەن بەگيۇسۇپ ئۇلارغا قاراپ ماڭدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئانىسى، — ئۇ بالىنى قولىغا ئېلىپ، پېشانىسىگە سۆيدى، — بالام، ئوغلۇم چوڭلا بولۇپ كېتىپسەنغۇ. تىلىڭمۇ چىقىپ قاپتۇ.

— ئاتىتا، ئات ـ تا، — دېدى بالا ئۆسۈپ قالغان ساقالغا قول ئۇزارتىپ.

بەگيۇسۇپ مىر ئامانبەگنى مەيدىسىگە تېڭىپ يېنىشلاپ سۆيدى.

— سىلىنىڭ گەپلىرىنى تولا قىلغىنىمدىنمۇ بالىنىڭ «ئاتا» دەپ تىلى چىقتى. بەزىدە مېنىمۇ «ئاتا» دەپ تۈۋلايدۇ. چۈشلىرىگە ئايان بولمىدىمۇ؟

— ئايان بولدى، ئانىسى. ھەر كۈنى تۈنده سىلەرنى چۈشەپ شۈنداق كۆرگۈم كېلەتتى. كۆرۈشۈپ ئۇچۇم ئىككەنلىكىگە ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن. ساق تۇردىلىمۇ بىكەم؟ ئۇرۇق - تۇغقانلار ئامان - ئېسەندۇ؟ — دېدى بەگيۈسۈپ، كۆلكە ئوينىغان كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتقان دىلداربىكەگە تەلمۈرۈپ.

— ساق تۇرغان بولسامۇ، يوللىرىغا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلەي دېدى.

— ئابا! — مىرئامانبەگ بۇدرۇق قوللىرىنى ئانىسىغا ئۇزارتتى.

دىلداربىكە بالىنى ئالدى.

— كەل بۆرەم.

بەگيۈسۈپ خىزمەتكار، غۇلام، دېدەكلەر بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى.

يۈك - تاقلار ھويلىغا ئېلىپ كىرىلدى. سوۋغاتلار ھەممەيلەننى زىيادە خۇش قىلىۋەتتى. دىلداربىكە ئېرىنىڭ نۇرغۇن دورىلىق گۈل - گىياھلارنى ئېلىپ كەلگىنىدىن چەكسىز سۆيۈندى.

بەگيۈسۈپ مەھبۇبىنىڭ كەينىدىن ئىچكىرى ھويلىدىكى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان خانىسىغا كىردى. بالىنى كۆرپىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئېرىنىڭ تونىنى سالدۇرۇپ، سەللىسىنى ئالدى.

— يۇيۇنۇپ، كىيىم يەڭگۈشلىۋالسىلا بىگىم، — دېدى ئۇ.

— ماقۇل ئانىسى. خىزمەتكارلارغا ئېيتىڭ. يۈك - تاقلارنى ئېلىپ كەلگەن غۇلاملارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالسۇن. ئۇلار ئىچىدە رۇستەمبەگ ئاتلىق بىر ئۆسمۈر بالا بار. ئاشانبۇقا سۇلتانبەگنىڭ ئورنىغا بۇ نەۋرىسىنى ماڭا قوشۇپ قويغان. ئۇ ماڭا شاگىرت. بالىخانا ئۆيدە تۇرسۇن. بەك ئوبدان، چىچەن بالا.

— باش ئۇستىگە، ئاتىسى، باش ئۇستىگە. ئەمرلىرى بەجا

كەلتۈرۈلىدۇ. ئۆزلىرى يۇيۇنۇۋالسىلا، ئىسسىق سۇمۇ تەييار.

بەگيۇسۇپ يۇيۇنۇپ چىققاندا تولۇن ئاينىڭ شولىسى بۇلاققا چۈشكەنىدى. تاماقمۇ تەييار بولغانىدى، ئۇ داستىخان سېلىنغىچە خۇپتەن نامىزىنى ئۆتىۋالدى.

— تازا ھارغانلا ئاتىسى؟ ئەمدى ھۇجرىغا چىقىپ يېتىۋالسىلا. ئوغۇللىرىمۇ ئۇخلاپ قالدى، — دېدى دىلدارىبىكە داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ.

— ھاردۇقۇم چىققاندەك بولدى. بەدەلئارت داۋىنىدىن ئۆتكۈچە ھاڭغا چۈشۈپ كەتكىلى قىل قالغانىدىم. شۇنى ئويلىسام ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باسىدۇ، ئانىسى.

— نېمە دەۋاتىلا ئاتىسى؟ ئادەمنى ئۇنداق قورقۇتمىسىلا. تەڭرىگە: «ئوغلۇمنىڭ ئاتىسىنى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ھادىسىدىن، يولدىكى خەۋپ - خەتەردىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن» دەپ ئىلتىجا قىلىپ، كۆز يۇمماي ئۆتكۈزگەن كېچىلىرىم ئاز ئەمەس.

— مانا شۇ دۇئايىڭىزنىڭ خاسىيىتىدىن ئامان قالغان ئوخشايمەن ئانىسى، — بەگيۇسۇپ ئىپار - ئەنبەرنىڭ بويى كېلىپ تۇرغان ھۇجرىغا چىقتى. ئۇ راھەتىجان يوتقانغا كىرىپ دىلدارىبىكەنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى.

— قانداق ھادىسە يۈز بەرگەنىدى ئاتىسى؟ — دىلدارىبىكە ئۆرۈلۈپ ئېرىغا باقتى.

— داۋاندىن چۈشۈۋاتقىنىمدا، — دەپ سۆز باشلىدى بەگيۇسۇپ، — تۇيۇقسىز ئات مۈدۈرۈلۈپ كەتتى، شۇنى بىلىمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، بېلىم ئارقان بىلەن باغلانغان ھالدا بىر قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپتىمەن. رەھمەتلىك تۇرسۇنبەگ ئاقساقالنىڭ ئوغلى قابىلبەگ بېلىمدىن قاماللىۋاپتۇ. ئۇ سالما تاشلاپ تۇتۇۋالمىغان بولسا، دوملاپ چۈشۈپ كېتەركەنمەن.

— تەلىيىمىز بار ئىكەن، ئاتىسى. خۇدايىم ساقلاپتۇ، —

كۆزلىرى يەنە ياشقا تولغان دىلدارىكە بەگيۇسۇپنىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تۇرسۇنبەگ ئاقساقال ۋاپات بوپتىمۇ؟ تولىمۇ جىگەرلىك، مېھرىبان ئادەم ئىدى. مۇشۇنداق ياخشى ئادەملەر ئۆلمىسە ئىكەن كاشكى، — ئۇ ئېرىنىڭ مەيدىسىگە باش قويدى.

— ئۆتكەن يىل تۇگەپ كېتىپتىكەن. ئۇ مەقسىتىگە يەتكەن ئادەم، ئانىسى. توققۇز ئوغلى، يەتتە قىزى بالىلىرى بىلەن داۋان باغرىنى ئاۋات قىلىۋېتىپتۇ. ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ھادىسە بولسىمۇ، ئادەمنى بۇ دۇنيانىڭ غەم - غۇسسەسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئارام تاپتۇرىدۇ. ھازىر بۇ توغرۇلۇق سۆزلەش ئارتۇقچە. كېلىنىڭ ھاياتقا سۆيگۈ ئىزھار قىلايلى.

بەگيۇسۇپ كۆكلەم سەلكىنى تىرىق - تىرىق قىلىپ چېكىۋاتقان دېرىزە پەردىسىنى چۇشۇرۇۋېتىپ كەلگەن مەھبۇبىنى باغرىغا تارتتى...

## 2

بەگيۇسۇپ ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ نامازدىگەرگىچە، پەتىگە كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ، مۇھەممەد بىننى ئەل كاشغەرىي قاتارلىق ئالىم، مۇدەررىسلەرمۇ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھال - مۇڭ بولۇشتى.

— ھاجىبۇل ھۇججاپ، مەۋلانا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالىدىلىمۇ؟ — تەڭلا سورىدى ھەر ئىككى ئالىم.

— يوقسۇ ھەزرەتلىرىم، ئالالمىدىم. ئىراق، مىسىر، رۇمدىن كەلگەن سودىگەرلەردىن سورۇشتە قىلدىم. ئېنىق بىر جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم. سەمەرقەنت، مەرۋى شاھ جاھان، نىشاپور، بۇخارا تەرەپلەردىن كەلگەن كارۋان ئەھلىدىنمۇ سورىدىم. مەھمۇد تېگىن ھەزرەتلىرىنى ئۇچراتقان ئادەم چىقمىدى.

— خەيرىيەت، بىر كۈنى ئىز - دېرىكى چىقىپ قالار. ئۇنىڭ «مەھمۇد كاشغەرىي» دەپ ئىمزا قويۇپ يازغان «كىتابۇل جاۋاھىرىن نەھۋى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىتابىنى دەرسلىك قىلىپ، ئەرەب ئەللىرىدىن كەلگەن تالىپلارغا ئۆتۈۋاتىمىز. بۇ ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ ئەرەبچە ئۆگىنىشى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زۆرۈر دەرسلىك بولماقتا. بىز تېخى ئۆزلىرىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد پۇشتى بولغان مەھمۇد كاشغەرىي توغرۇلۇق خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدۇق. ئەپسۇس، — دېدى ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ مەيۇسلىنىپ.

— ئىنشائاللا، ئالىمنىڭ ئىز - دېرىكىنى داۋاملىق قىلىمىز. ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئوردۇكەنتكە چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىمىز، ئۇستاز، — بەگيۇسۇپ مەيۇسلىنىپ قالغان ئالىملارغا ئۇمىد بېغىشلىدى.

— بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويسىلا، بەگيۇسۇپ، باغدات، مىسىرلارغا يالۋاچ ئەۋەتىپ قالسا، ئۇلارغا مەھمۇد كاشغەرىينى سۈرۈشتە قىلىپ بېقىشنى تاپىلاپ قويسۇن.

— ئەلۋەتتە، ئۇستاز. ئەبۇ ھەسەن بۇغراخانمۇ بۇ بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ گېپىنى كۆپ قىلىدۇ.

بەگيۇسۇپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى مېھمانلارغا قويۇپ ئۇزاتتى.

ئۇ ئوردىغا بارغاندا پادىشاھ تەكيىخانىسىدا بەگ تەركىسى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىشتى. ھەسەن بۇغراخان ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— ئالىيلىرى، جانابلار، بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان ھەممىلىرىگە ۋە پۈتۈن ئوردۇكەنت ئەھلىگە تەشەككۇر ئېيتىپ سالام يوللىدى. بۇغرا قاراخان ياشىنىپ قالسىمۇ تىمەن تۇرۇپتۇ. بىز بۇغرا قاراخانىمىزغا، بۇغراخانىمىزغا ئامانلىق، كۈچ -

قۇۋۋەت، خەلقىمىزگە سائادەت تىلەپ دۇئا قىلايلى، — دېدى ئۇ بەگ تەركىسى ئاخىرلاشقاندا.
ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى:
— ئامىن!...
— ئەمدى بۇغراخانىمىز يېڭى پەرمان جاكارلايدۇ، — دەپ ئېلان قىلدى بەگيۇسۇپ.
ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەن تەڭ سورۇن ئەھلى قوپۇپ، قول باغلاپ قۇلاق سېلىشتى.
— جانابلار، بۆگۈ بىلگەلەر، قارا نىيەت سۈيىقەستچىلەر جازاغا تارتىلغان بىر يىلنىڭ مابەينىدە، پۈتۈن مەملىكىتىمىز تىنچ - ئامان بولۇپ كەلدى. بارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇغرا قاراخانىمىز مەھمۇد ئارسلانخاننى ۋە مېنى ھىمايە قىلماقتا، لېكىن خانلىقىمىز ئابادان، قۇدرەتلىك، باي ئەلگە ئايلانغىنى، خەلقىمىز نادانلىق، نامراتلىق كۈلپىتىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلغىنى يوق. بۆگۈ بىلگە بەگيۇسۇپنىڭ مۇنداق بىر كالامى بار: «نامراتلىق، نادانلىق ھەرقاچان ئاسىي، سۈيىقەستچىلەرگە ھامىلىدار.» ئاسىي، سۈيىقەستچىلەر كۆز ئاچقان ھامان، قەبىلىلەر ئارا ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ ئارىنى بۇزۇپلا قالماي، خانلىق ئەربابلىرىنىمۇ خىيانەتچى، ساتقۇن - مۇناپىقلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەڭگە - جېدەل، ئۇرۇش - ماجىرا باشلىنىپ ئەلگە ئاپەت ياغىدۇ. قايسى قوۋم نائىتتىپاق بولسا، يۇرت - ۋەتىنى يات قوۋم تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ ھۆرلۈك - ئەركىنلىكتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالماسلىق ئۈچۈن ئۇشبۇ پەرماننى جاكارلايمەن!
بىرىنچى، تېخىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان، قىيىنچىلىقتا قالغان شەھەر، ئايماق، قىشلاقلار ئېنىقلاپ چىقىلىپ، ئۇ جايلاردا كۈلپەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزدىن ئون يىلغىچە ھەرقانداق باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ياساق

ئېلىنىمىسۇن! خانلىق خەزىنىسىدىن ھەربىر نامرات ئائىلىگە ئەللىك سەردىن كۈمۈش ئىنئام قىلىنىسۇن!

ئىككىنچى، ئۇلۇغ خانلىقىمىزغا تەۋە شەھەر، بازار قىشلاقلاردىكى مەدرىسە، مەكتەپلەر بىر ھەسسە كۆپەيتىلسۇن.

ئۈچىنچى، مەدرىسە، مەكتەپ سېلىشقا كېتىدىغان خىراجەت ھەرقايسى جايلاردىكى خانلىقنىڭ خەزىنىلىرىدىن بېرىلسۇن.

تۆتىنچى، كىمكى مەدرىسە ـ مەكتەپتە ئوقۇشقا قارشى تۇرىدىكەن، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇشقا بەرمەيدىكەن، بۇغراخاننىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغان، دەپ ئەيىبلىنىپ سازايى قىلىنسۇن.

بەشىنچى، بۇ پەرمان ئېلان قىلىنغان مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنسۇن. ھاجىبۇل ھۇججاپ بەگيۇسۇپ جانابلىرى بۇ پەرماننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدۇ.

ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان ئولتۇردى.

— بۇغراخان ئالىيلىرى، خاتىرجەم بولسىلا، پەرمانى ئالىينى بەجانىدىل ئىجرا قىلىمىز. ئاستانىدە ۋە خانلىقىمىز مىقياسىدا نامراتلىق، نادانلىققا ئورۇن قالدۇرمايمىز، — دېيىشتى ۋەزىر ـ ۋۇزرالار.

— جانابلار، بۇغراخانىمىزنىڭ بۇ پەرمانى ئەلنىڭ تىنىچ ـ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن جاكارلانغان ئاقىلانە تەدبىر. بۇ پەرمانىنى ئىجرا قىلىش — خەلققە، بۇغراخانغا سادىق بولغانلىقتۇر. ئىجرا قىلماسلىق — ئاسىيلىقتۇر. پېقىر بۇ پەرماننىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن بىر تۈمەن سەر ئالتۇن ئىئانە قىلىمەن.

يەنە گەپ قىلىشنى ھاجەتسىز بىلگەن بەگيۇسۇپ ئۆز شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن بەگ تەركىسى ئۈچۈن بۇغراخانغا رەھمەت ئېيتىپ سۆزىنى تۈگەتتى...

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخاننىڭ بۇ پەرمانى مەملىكەت مىقياسىدا ئۈچ يىلدا ئەمەلگە ئاشتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ئالىم ـ ئەدىبلەر، ئەمچى ھۆكۈمالار، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار قەشقەرگە

كېلىپ يەرلىشىشكە باشلىدى. نادانلىق، نامراتلىق خارابىلىرى ئورنىدا بىلىم ـ ھېكمەتنىڭ كۆركەم قەسىرلىرى قەد كۆتۈردى. ئېڭى يېڭىلانغان خەلق كونا قورۇ ـ جايلىرىنىمۇ يېڭىلىدى. ئۆيلىرىنىڭ ئالدىنى گۈلزارلىق، كەينىنى باغ قىلدى.

قەشقەر باغۇبوستانلىق، ئاۋات، قاينام ـ تاشقىن شەھەرگە باياشات، كۆركەم، شۆھرەتلىك ئاستانىگە ئايلاندى.

پادىشاھ ئادىل، مەرىپەتپەرۋەر بولسا، خەلقنىڭ تۇرمۇشى روناق تاپىدۇ.

قەشقەر دىيارىدا ئوغرى ـ قاراقچىلار تۈگەپ قالماستىن، ئۆشرە ـ زاكات ئالىدىغان كەمبەغەل ـ نامراتلارمۇ تۈگەپ كەتكەنىدى. باي ـ غەنىلەر زاكات ـ ئۆشرە ئۈچۈن ئايرىغان پۇل ـ مېلىنى يول ياساشقا، ئۆستەڭ، كۆل چېپىشقا، مەدرىسە ـ مەكتەپ سېلىشقا سەرپ قىلىدىغان بولدى. قەشقەر، ئوتتۇرا شەرقتە «ئوردۇكەنت»، دۇنيادا «كاشغەر» دېگەن نام بىلەن داڭ چىقاردى.

شەرقىي قاراخانىيلار ئېلى مانا شۇنداق گۈللەپ ياشناۋاتقان چاغلاردا، غەربىي قاراخانىيلار ئېلىمۇ، سەلجۇقىيلار سۇلتانلىقى بىلەن ئىناق ئۆتۈۋاتاتتى. تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بۆرە تېگىن ئوغلى شەمسۇلمەلىككە سەلجۇقىيلار سۇلتانى ئالىپ ئارسلاننىڭ قىزى ئايسۇلۇنى ئېلىپ بەردى. قىزى مەلىكە تۇركەن خاتۇننى ئالىپ ئارسلاننىڭ ئوغلى مەلىك شاھقا ياتلىق قىلدى. ئەمما، بۇ شاد ـ خۇراملىق بەك ئۇزاققا سوزۇلمىدى. سەلجۇقىيلارنىڭ قارام شىرى غەررانى جاھان شاھلىرىنىڭ ئۆزىگە بويسۇنۇشىنى، بويسۇنمايدىغان بىرمۇ پادىشاھنىڭ قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ خۇراسان، ھىندى، پارس شاھلىرىنى باش ئەگدۈرگەندىن كېيىن ئىراققا يۈرۈش قىلىپ دۇنيادىكى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولغان باغداتتىكى شاھىنشاھ خەلىپە قايىم بەھەمرۇللا[1] نىمۇ

① قايىم بەھەمرۇللا ـــ ئەرەب ئابباسىيلار خانىدانلىقىنىڭ خەلىپىسى.

ئۆزىگە بويسۇندۇردى. يۇرىكى قاپتەك يوغىنىغان سۇلتان ئالىپ ئارسلان ۋىزانتىيە، مىسىر، تۇنىسلارغىچە چات كېرىپ دۇنيادا چوڭ جاھانگىر پادىشاھ بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇنىڭغا بويسۇنمايۋاتقان بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ غەربىي قاراخانىيلار ئېلىنىڭ تامغاچ بۇغراخانى ئىبراھىم بۆرە تېگىن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قايچا قۇدا ئىدى. غۇرۇرى كۈچلۈك، ئاللادىن باشقا ھېچكىمگە باش ئېگمىشنى خالىمايدىغان بۇ پادىشاھ قۇدىسى سۇلتان ئالىپ ئارسلاننىڭ ئۆزىگە «قارانچۇق خانلىق» بولۇپ ئولپان تاپشۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى بىرقانچە قېتىم رەت قىلغاندىن كېيىن، جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى.

سۇلتان ئالىپ ئارسلان ھىجرىيە 460 ـ يىلى① ئون تۈمەندىن ئارتۇق سىپاھ بىلەن غەربىي قاراخانىيلار ئىلكىدىكى ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىردى. ئىبراھىم بۆرە تېگىن لەشكەر باشلاپ چىقىپ ئۇنى توستى. جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. ئامۇ، سىر دەريالىرى قانغا بويالدى. سۇلتان ئالىپ ئارسلان يادىن زەھەر بىلەن سۇغىرىلغان پولات ئۇچلۇق ئوقنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. ئوق ئۇنىڭ كۆكرىكىگە سانجىلىپ قالدى. ئىبراھىم بۆرە تېگىن قاتتىق ئاغرىققا چىداشلىق بېرىپ ئالدىغا كەلگەن دۈشمەن لەشكىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىۋەردى. زەھەر پۈتۈن بەدىنىگە تارقىلىپ ئاخىر ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشتى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى، سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ نەۋرىسى بولغان غەيۇر پادىشاھ ئارمان بىلەن كۆز يۇمدى. ئۇنىڭ قەيسەرلىكىدىن تەسىرلەنگەن سۇلتان ئالىپ ئارسلان سەمەرقەنت ئەھلىنىڭ ئۇنى تەنتەنە بىلەن دەپنە قىلىشىغا يول قويىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم بۆرە تېگىن قازا قىلغان كۈنلەردە، يىراق ـ يېقىنىدىكى بۆرىلەر ھۇۋلاپ ياش

① مىلادىيە 1068 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

تۆككەنىمىش. بىر ھەپتىگىچە يېمەي ـ ئىچمەي ھازا تۇتقانىمىش...

ئاتىسىنىڭ ئورنىغا غەربىي قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ تامغاچ بۇغراخانى بولغان شەمسىلمەلىك قېيىنئاتىسى ئالىپ ئارسلان بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، سەلجۇقىيلار سۇلتانلىقىغا بېقىندى.

بۇ خەۋەر قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان ئىبراھىم بۆرە تېگىننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يەتتە كۈن قۇرئان ئوقۇتتى. بارلىق قەشقەر ئەھلىگە نەزىر بەردى.

بەگيۇسۇپ ئىبراھىم بۆرە تېگىننىڭ قىرىق نەزىرىسىگە ئۈلگۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئەبۇ ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ سەمەرقەنتكە نەزىردىن ئۈچ كۈن بۇرۇن يېتىپ باردى. شەمسىلمەلىك ئاتىسى گېپىنى كۆپ قىلىدىغان بۇ ئالىمنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. بەگيۇسۇپ شۇ كۈنلا ئىبراھىم بۆرە تېگىننىڭ مەقبەرىسىگە چىقتى. بۇ يەردە قىرىق قارى بىلەن باش ۋەزىر تاجىلمۇلۇك قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. ئىككى ئەرباب قايغۇ ئىچىدە قۇچاقلاشتى. بەگيۇسۇپ قەبرە بېشىدا ئۈچ كۈن تۇردى. ئۇ ئىبراھىم بۆرە تېگىننىڭ قىرىق نەزىرىسىگە ئىسپىھاندىن كەلگەن مەلىكە تۇركەن خاتۇن، مەلىكشاھ ھەم ئالىپ ئارسلاننىڭ باش ۋەزىرى نىزامۇلمۇلىك② بىلەن كۆرۈشتى. قايغۇغا چۆمگەن سەمەرقەنت ئەھلى بىلەن نەزىرگە داخىل بولدى.

— ئەگەر، — دېدى بەگيۇسۇپ نەزىردىن كېيىنلا مەلىكشاھ ۋە نىزامۇلمۇلىكنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوردا تەكىيىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە، — سۇلتان ئالىپ ئارسلان غەربىي قاراخانىيلار ئېلىغا يەنە ھۇجۇم قىلىدىكەن، شەرقىي قاراخانىيلار ئېلى يىگىرمە تۈمەن لەشكەر بىلەن تامغاچ بۇغراخان شەمسىلمەلىككە ياردەم بېرىدۇ، پۈتۈن خانلىق خەلقىنى جەڭگە

② نىزامۇلمۇلىك — «سىياسەتنامە»نىڭ ئاپتورى، كاتتا ئالىم.

ئاتلاندۇرىدۇ. ئالەم قانغا بويالغان تەقدىردىمۇ، سەلجۇقىيلار مەملىكىتىگە ئەل بولمايدۇ. يەنە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئىلگىرىدىن ياخشى ئۆتۈشكەن سەلجۇقىيلار سۇلتانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىناق ـ ئىجىل بولماي، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ هالدا، ئۇرۇش قىلىشىنى ئاۋام زىنهار خالىمايدۇ، بۇغراخانلىرىمىزمۇ خالىمايدۇ. ئۇنداق مۇدهىش كۈننى كۆرگەندىن پېقىرنىڭ ئۆلگىنى خوپ. بۆرىلەر بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلماي، بىر ـ بىرىنىڭ ئىنىنى تارتىۋالماي ياشاۋاتقاندا، قېرىنداش، قوشنا تۇرۇپ، بىر ـ بىرىمىز بىلەن زېمىن تالاشساق جاهان ئەهلى ئالدىدا نومۇس ئەمەسمۇ؟ بىر ـ بىرىمىزنى هۆرمەتلەپ، قەدىرلەپ، بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەك بولۇپ ئۆتسەك هېچقانداق ياۋۇز كۈچ بىزگە چېقىلالمىغان بولاتتى. بۇنى چۈشىنىدىغان پۇرسەت كەلدى، جانابلار. قېنى نىزامۇلمۇلك هەزرەتلىرى، دەپ باقسىلا، سىلى دۇنياغا تونۇلغان ئالدىن كۆرەر بۆگۈ بىلگە، سىياسەتچى بوغۇغ. پېقىرنىڭ ئېيتقانلىرى خاتامۇ؟

— نېمىشقا خاتا بولسۇن، جانابلىرى. ئېيتقانلىرى هەقىقەت. بۇ قۇتلۇق تىلەكلىرىنى جاهانگىر ئالىپ ئارسلان ئالىيلىرىغا چوقۇم يەتكۈزىمەن. قېرىنداشلىرىنىڭ زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىمەن. خاتىرجەم بولغايلا، — جاۋاب قايتۇردى نىزامۇلمۇلك سەممىي هالدا.

— جاهانگىر ئاتام دۇنيانى بويسۇندۇرماقچى، قېرىنداشلىرىنى قىرغىن قىلماقچى ئەمەس، هاجىبۇل هۆججاپ ئاغا. بۇنىڭدىن كېيىن قاراخانىيلار ئېلىنىڭ بۇغرا قاراخانلىرى بىلەن كېڭىشىپ تۇرىمىز. سىزدەك بۆگۈ بىلگەلەرنىڭ مەسلىهەتىنى شاه ئاتام ئەلۋەتتە قوبۇل كۆرىدۇ، — دېدى مەلىكشاه كۈلۈمسىرەپ.

— رەئىيەتپەرۋەر، ئادىل پادىشاه ئاۋامغا شەپقەت قىلىدۇكى، زۇلۇم قىلمايدۇ، قوشنا ئەللەرگە ياردەم قولىنى سۇنىدۇكى،

تاجاۋۇز قىلمايدۇ. شاھزادە، جاھانگىر شاھ ئالىپ ئارسلان ئالىيلىرىغا سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويسىلا، — دېدى بەگيۇسۇپ چىرايلىق ياسالغان بۇرۇتى بىلەن يېڭى قويغان قىرقىما ساقىلى قوشۇلۇپ بوغداي ئۆڭ چېھرىگە ھەيۋەت بېغىشلىغان مەلىكشاھتىن نەزىرىنى نىزامۇلمۇلككە يۆتكەپ، — جانابلىرىنىڭ دانا مەسلىھەتى — ئىككى خانلىقا ئەمىنلىك بەخش ئەتكۈسى. بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۈمىدۋارمەن.

— پېقىرنىڭ ئارزۇسى — جاھان ئەللىرىنىڭ بىر - بىرىگە خىرىس قىلماي، بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولغان ھالدا گۈللەنگەنلىكىنى كۆرۈشتۇر، — نىزامۇلمۇلك تەۋەززۇ بىلەن بېشىنى ئەگدى.

بۇ سۆھبەتتىن مەمنۇن بولغان بەگيۇسۇپ سەمەرقەنتتە ئۇزاق تۇرماي قەشقەرگە يېنىپ كەلدى.

## 3

يۇز ياشتىن ھالقىغان مەلىكە ئادىرا تۇركەن خاتۇننىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەر ئوردۇكەنت ئەھلىنى مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمدۈردى. ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان، بەگيۇسۇپ، شەيخۇلئىسلام قاتارلىق پادىشاھ ۋە ئوردا ئەربابلىرى، ئىخلاسمەن بىلىم ئەھلى، ئاز بولمىغان ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، تىجارەتچى زەردارلار بىلەن بىللە كېچىلەپ بېرىپ، يېڭىسار ئوردامدا ئۇنىڭ نامىزىغا داخىل بولۇشتى. قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى مۇقەددەس جاي — ئوردام تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ئىخلاسمەن جامائەتنىڭ يىغا - زارىدىن لەرزىگە كەلدى. مەلىكە ئانا سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. بىر يىل ئۆتمەي بەگتاش جالالىدىننىڭ زىققە كېسىلى كۈچىيىپ تۈگەپ كەتتى. نۇرغۇن جامائەت بىلەن تۇپراق بېشىغا چىققان بەگيۇسۇپ قەدىردان بۇرادىرىنى لەھەتكە

قويغاندىن كېيىن جامائەت بىلەن قايتماي، قەبرىستانلىقتا ئۆزى قالدى. يان - يېنىدا زومچاق - زومچاق قەبرىلەر چوقچىيىپ تۇراتتى. سوكۇتلۇك ئەتراپ مۇڭغا تولغانىدى. ئۇ قەبرىلەرگە خىيالچان نەزەر تاشلاپ تۇرغاندا، كۆڭۈل سەھىپىسىگە بۇ ھەسرەتلىك مىسرالار يېزىلىپ قالدى:

قارا چاچنىڭ ئېقى — ئۆلۈم بەلگىسى،
تىرىككە ھاياتنى ئەزىز قىلغۇسى.

يېدىڭ قانچە نېمەت، تېتىدىڭ ھايات،
غاپىل ئولما، سېنى ئۆلۈم يېگۈسى①.

بەگيۈسۈپنىڭ ياشقا تولغان چاناقلىرىدىن ئاققان تامچىلار مەڭزىدىن سىرغىپ لەھەت ئۈستىگە چۈشتى. ئۇ ئاھ چېكىپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

ئۆلۈمگە پايدا قىلسا ئىدى ئوت - ئەم،
قالاتتى تېۋىپلار تىرىك مەڭگۈ ھەم.

ئۆلۈم يۈز - خاتىر قىلسىدى كۆرۈپ،
مۇبارەك روسۇللا كەتمەيتتى ئۆلۈپ.

تۇغۇلغان تىرىكلەر ئۆلۈر، بىل مۇنى،
ئۆلۈشكە تۇغۇلغان، تىرىك كىم قېنى؟

بۇ دۇنيا قونالغۇ، كېلۈچى بارار
يوغان ئەجدىھادەك يېسە، ئىچىقار②.

بەگيۈسۈپ قويۇن يانچۇقىدىن ياغلىقنى ئېلىپ كۆزلىرىگە

① «قۇتادغۇ بىلىك» 1105 -، 1106 - بېيىتلەر.
② «قۇتادغۇ بىلىك» 1199 -، 1200 -، 1201 -، 1202 - بېيىتلەر.

باستى. بىر ھازا سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، ياغلىقىنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ، يەنە قەبرىلەرگە باقتى:

قېنى ئۇ بۇ دۇنيا تىلەپ تاپقۇچى،
ئۆزىگە تۆمۈر تۇر، شەھەر قۇرغۇچى[1]؟

قېنى ئۇ گۇستاخ ئىت[2]، دۇنيا دەپ يۈرۈپ،
يېشىل كۆككە ئۇچقان قارا قۇش مىنىپ؟

قېنى ئۇ خۇدامەن دېگۈچى جاھىل[3]؟
خۇدا قىلدى دەرياغا غەرق، ئۇنى بىل.

بۇ دۇنيا مېلىنى يىغقۇچى قېنى؟[4]
مېلى بىلەن كەتتى يۇتۇپ يەر ئۇنى.

قېنى شەرقتىن غەربكە قەدەر بارغۇچى؟
بۇ دۇنيانى كېزىپ جاھان تۇتقۇچى[5].

قېنى ئۇ تاياغى يىلان بولغۇچى،
دېڭىز يېرىلىپ ئۇڭا يول بەرگۈچى[6]؟

قېنى ئۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەن كىشى.
ئۆلۈمگە تۇتۇق بولدى ئاخىر ئىشى[7].

---

① شەددات.
② نەمرۇت.
③ فىرئەۋن.
④ قارۇن.
⑤ ئىسكەندەر زۇلقۇرنەين.
⑥ مۇسا ئەلەيھىسسالام.
⑦ «قۇتادغۇ بىلىك» 4710 ـ، 4711 ـ، 4712 ـ، 4713 ـ، 4714 ـ، 4715 ـ، 4717 ـ بېيىتلەر.

قېنى ئۇ كىشىلەر ئارا خىل، ئۇلۇغ[1]؟
بوشاپ قالدى دۇنيا كېمىسپ تولۇقلۇق.

ئېلىپ كەتتى ئۆلۈم شۇ ھەممىسىنى،
ئەي پاكىز قەلب، ئۇ قويامدۇ سېنى؟[2]

بەگيۇسۇپ جاھان تارىخىدىكى بۇ قىسمەتلەرنى ئەسلەپ كۆڭۈل سەھىپىسىگە مىسرا قىلىپ تىزدى ۋە بۇنىڭدىن تەسەللى تاپتى. كۆز ئالدى يورۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

«ئۆزۈڭ بەرگەن ئامانەت جاننى ئۆزۈڭ ئالىسەن تەڭرىم. بۇ ئەزىز ئامانەتنى كۆپىنىڭ قاتارىدا پاك ـ ساپ ھالدا ھىممەت بىلەن تاپشۇرۇشۇمغا نېسىپ قىلغىن، ئامىن !»

ئۇ بەگتاش جالالىدىن قويۇلغان لەھەتنى قولى بىلەن سىيپاپ: «ئەلۋىدا، ئاغا، بۇرادىرىم، قورۇنماي تىنچ ياتسۇنلەر. پېقىرمۇ كەينىڭلاردىن بارىمەن. پەرۋەردىگار ئالەم جەننەتتە كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلسۇن» دېدى خۇش ئېيتىپ.

ئۇ قەبرىستانلىقتىن يېنىپ كىرگەندە، مەرھۇمنىڭ ئۆيىگە پەتە ئوقۇغان جامائەت ئۇزاپ، ئۇنىڭ يارۇبۇرادەرلىرى، ھازىدار ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، يېقىن قوشنىلار قالغانىدى...

تۇغۇلغانىكەن، ئۆلمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ. شاھمۇ، پۇقرامۇ، بايمۇ، گادايمۇ، ئالىممۇ، نادانمۇ، ئادىلمۇ، زالىممۇ ئۆلىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر كۆز يۇمۇپ، يەنە نۇرغۇن ئادەملەر كۆز ئاچقان قاراخانىيلار ئېلىدە ھايات داۋام قىلماقتا ئىدى.

سەلجۇقىيلار سۇلتانلىقى خېلى يىللارغىچە غەربىي قاراخانىيلار زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرمىدى. كارۋانلار بۇ ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇلمەي قاتناپ تۇردى.

يىللار مانا شۇنداق ئاسايىشلىق بىلەن ئۆتۈۋاتقان چاغدا،

---

① مۇھەممەد پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ.
② «قۇتادغۇ بىلىك» 4718 ـ، 4719 ـ بېيىتلەر.

بالاساغۇندىن كەلگەن چاپارمەن بۇغراخان جەمەتىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى.

— سۇلتانبەگ ئىكەنسەنغۇ؟ — دېدى بەگيۇسۇپ ئۇ سۇنغان مەكتۇپنى ئېلىپ، — نېمە ۋەجىدىن چاپارمەن بولۇپ كېلىپ قالدىڭ؟

— كىشى قارا، بۇغرا قاراخاننىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغىنىغا ئۈچ ئاي بولغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىز مېنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ: «بۇ مەكتۇپنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئوردۇكەنتكە ئېلىپ بېرىپ، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا تاپشۇرۇپ، جاۋابىنى تېز ئېلىپ كەل» دەپ بۇيرۇدى. چاپارمەن بولۇپ كېلىشىمدىكى سەۋەب شۇ.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ھەسەن بۇغراخان دەررۇ مەكتۇپنى ئېچىپ ئاۋۋال ئىچىدە، ئاندىن ئاۋازىنى چىقىرىپ ئوقۇدى:

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

ئوردۇكەنت بۇغراخانى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا:

يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، مەن ئاغرىپ قالدىم. ئاتاساغۇنلار داۋالاۋاتىدۇ، ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن. ئۈمىدىم ئوردۇكەنتكە كېتىپ، ئاتا ـ بوۋامنىڭ ئايىغىدا يېتىش. مۇبادا بۇ يەردە ئەجەل شارابىنى ئىچىپ قالسام، ۋەلىئەھدى بولغان ئوغلۇم ئۆمەر تېگىن ئارسلانخان ئۇنۋانى بىلەن تاجۇ تەختىمگە ۋارىسلىق قىلسۇن. سىلى باشقا دىيار، ئايماقلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئوغلۇمغا ئالدى بىلەن بەيئەت قىلغايلا. ناۋادا، كېسىلىم ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتسە، ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ ئايىغىدىن ئورۇن ئېلىش ئارزۇيۇمغا يەتكۈزگەيلا. ۋاللاھۇ ئەئلەم بىسساۋاپ.

قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ خاقانى بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخان».

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان مەكتۇپنى ئوقۇپ بولۇپ ئويغا

چۆمۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئالىيلىرى، كۆپ غەم قىلمىسىلا. بىر مۇشكۇللۇك ئالدىدا بىر ئاسانلىق جەزمەن بار. قىرىپ قالغان شاھىنشاھ تاغىلىرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئەلدىن كۆرە ئوغلىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇ مەكتۇپ ماڭا شۇنداق تەسىرات بەردى، — دېدى بەگيۇسۇپ كۆڭلىگە كەلگەننى يوشۇرماي ئېيتىپ.

— مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، تاغامنىڭ كېسىلى ئەلھال ئانچە ئېغىر ئەمەستەك قىلىدۇ. قىرىپ قالغاچقا ئۆزىدىن ئەنسىرىگەن گەپ. بەلكىم ساقىيىپ قالار. ئۇنىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىدىغانلىقىم توغرىسىدا جاۋاب مەكتۇپ يازايمىكىن دەيمەن، — ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان بەگيۇسۇپنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز قارارىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولدى.

بىراق، بەگيۇسۇپ كەسكىن ھالدا مۇنداق دېدى:

— شاھىم، بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇرراق چۈشەنگەندە، ۋەسىيەت ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۇغرا قاراخان ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قېشىدا يېتىشنى، ئۆزىدىن كېيىن ئوغلى ئۆمەر تېگىننىڭ بۇغرا قاراخان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بۇنى ئوبدان ئويلىشىپ ئاندىن جاۋاب مەكتۇپ يازماق كېرەك، — بەگيۇسۇپ سەل توختىۋېلىپ، سۇلتانبەگكە تاشقىرىدا كۈتۈپ تۇرغىن دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇغرا قاراخان بولىدىغان كىشى ئالدى بىلەن ساغلام، تەندۇرۇس بولۇشى لازىم. ئەمما، ئۆمەر تېگىن كېسەلمەن، تەلۋە مىجەز ئادەم ئىكەن. بۇنداق ئادەمنىڭ بۇغرا قاراخان بولۇشىغا قوشۇلسىلا توغرا بولارمۇ؟

— جەمەتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى يوسۇنىنى بۇزۇش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ھەرقانداق مەسلىھەتىڭىزنى قوبۇل قىلسامMۇ، بۇ مەسلىھەتىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن، — ئەبۇ ئەلى ھەسەن

ئارسلانخان يانغا قارىۋالدى.

— ئۇنداق بولسا ئاقىۋەت خەيرلىك بولسۇن ! قايتاي ئالىيلىرى، ئىجازەت بەرسىلە، — دېدى بۇغراخاننى قىستاپ تەڭلىكتە قالدۇرۇشنى خالىمىغان بەگيۇسۇپ.

— ئىجازەت.

## 4

بەگيۇسۇپ سۇلتانبەگ، رۇستەمبەگلەر بىلەن ئۆيىگە كەلگەندە، ياز قۇياشىنىڭ شولىسى ئايىۋۇلاقتىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى.

— كىشى قارا، ئۇسسۇزلۇقۇم ئەمدى قاندى. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى نېمىدېگەن تاتلىق - ھە ! يۈرەكلىرىم ياشناپ كەتتى، — دېدى زوڭ ئولتۇرۇپ چاڭگاللاپ سۇ ئىچكەن سۇلتانبەگ، — بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى شۇنچە ئىچكۈم كەلگەنىدى.

— قۇزئوردۇدىكى كۆل سۈيىدىنمۇ تاتلىقمىكەن بالام؟

— تاتلىق ئىكەن، كىشى قارا، تاتلىق ئىكەن. مەشەدە بىر دەم ئولتۇرۇۋالاي، — سۇلتانبەگ مەجنۇنتاللار سايىسىدا بۇلاققا قاراپ ئولتۇردى.

ئاتلارنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويۇپ، ئاكىسى ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى پېشايۋانغا قويغان رۇستەمبەگ:

— مەشەدە ئولتۇرامدۇق كىشى قارا؟ مەن كۆرپە ئېلىپ چىقاي، — دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ئۇكام بۇ يەرگە ئوبدانلا كۆنۈپ قاپتۇ، كىشى قارا. ئوردىدا كۆرۈشكەندە، سىلىنى، دىلدار ئاغىچا ئاباكەمنى ماختاپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي كەتتى. ئەرەبچە ئۆگىنىۋاتقىنى راستمۇ؟ تېخى قارا بويۇن يورغام بار دەيدۇ ئۇ.

— راست بالام. زېھنى ئۆتكۈر ئىكەن. ئەتىگەن - ئاخشامدا ئەرەبچە تىلنى ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئەدەبىيات، تارىختىنمۇ دەرس

ئۆتىۋاتىمەن. مۇشۇ كۈزدە ساچېيە مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا بېرىمەن.

كۆرپىنى كۆتۈرۈپ چىققان رۇستەمبەگ ئىككىيلەننىڭ ئاستىغا سېلىپ، قوللىرىغا سۇ بەردى.

— ئاكا، ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىڭنى قويمامسەن؟ — دېدى ئۇ سۇپىدىكى گىلەم خۇرجۇنغا قاراپ قويۇپ.

— بولدى بالام، تاماقتىن كېيىن قويسىمۇ بولىدۇ.

ئورنىدىن تۇرغان سۇلتانبەگ بەگيۇسۇپنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، يوغان گىلەم خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— بۇ ئاتامنىڭ سوۋغىسى، — ئۇ سەمەرقەنتنىڭ يوللۇق شايىسىدىن چىرايلىق تىكىلگەن يەكتەكنى، پاتلىق قەغەزگە ئورالغان بىر بولاق چاينى ئالدى، — ئاتام: بۆگۈ بىلگەننىڭ تىللا ـ ئالتۇنى، كىمخاب، دۇردۇنى كۆپ. ئاددىي بولسىمۇ، كىيدۇرۇپ قويغىن. ئۇسسىغان چېغىدا دەملەپ بەرگىن، دەپ دۇئا قىلىپ قالدى. قېنى كېيىپ باقسىلا، كىشى قارا. ئاتام ئۆز قولۇڭ بىلەن كىيدۇرۇپ قويغىن، دېگەنىدى.

بەگ يۇسۇپ يېلىنىڭ بەقەسەم تونىنى سېلىۋېتىپ، يەكتەكنى كىيدى. ئۆلچەپ تىككەندەك ئوبدان كەلدى.

— ئاتام بۇنى ئابامغا تىكتۈرگەنىدى. مۇبارەك بولسۇن، بەك ياراشتى. بۇ چاينىمۇ ئاتام ئۆزى تەييارلىغان. ئۇسسۇزلۇقنى بېسىپ ھاردۇق چىقىرىدۇ. روھىنى كۆتۈرۈپ، خۇشخۇي قىلىدۇ، بەگيۇسۇپ ئۆزى ئىچسۇن، دەپ تاپىلىغانىدى، كىشى قارا.

— رەھمەت بالام، رەھمەت. خۇدا ئاشان بوۋامنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت بەرسۇن. بۇ يەكتەك يېڭىنىڭ، سالقىن ئىكەن. ئۇچام راھەتلىنىپ قالدى. دەبىرى بولۇپ جاپا تارتىپ قالمىغانسەن؟

— جاپا تارتمىدىم، كىشى قارا، ئەمما بۇغرا قاراخان قاچان مەكتۇپ يازغۇزاركىن، قاچان مەلۇماتنامە، خەتلەرنى ئوقۇتاركىن؟ دەپ كۇتۇپ، قول باغلاپ تۇرۇپ، كېچىسى ئۇخلىماي ئورما ئورۇغاندىن بەتتەر ھېرىپ كەتكەن چاغلارمۇ يوق ئەمەس.

جاندىن جاق تويۇپ كەتكەن كۆڭلەرمۇ بار تېخى. شۇنداق بولسىمۇ كۆنۈپ قالدىم. بۇغرا قاراخانمۇ مەندىن رازى بولۇپ خىلئەت تەقدىم قىلدى. ئاتامنىڭ ئەھۋالىنى سورايدىغان بولدى، — دېدى سۇلتانبەگ مەغرۇرلانغان قىياپەتتە.

— ئىشنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى شۇ، بالام. دۇنيادا ئىشنىڭ ئاسىنى يوق. مۆلچەرلىمەي، ھەرىكەت قىلماي بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. جاپادىن كېيىن راھەت بار. پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلماق — چېقىر تىكەن ئۈستىدە ماڭماقتىنمۇ قىيىنراق. ئىرادىلىك، جۈرئەتلىك ئادەملا ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. بېلى بوش، پاراسەتسىز، ئالدىراڭغۇ ئادەملەر ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. سەندىن خاتىرجەم بولدۇم. شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، ھەممە نەرسەڭنى يوقىتىپ قويساڭمۇ ۋىجدان - غۇرۇرۇڭنى يوقىتىپ قويما. ۋىجدان، غۇرۇرۇڭنى يوقىتىپ قويمىساڭلا ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلەيسەن. سۈيىقەستچى قارا نىيەتلەر ھەر مەھەل پادىشاھقا سادىق كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئادالەتكە، ھەققانىيەتكە سادىق بولالىساڭلا يامان ئادەملەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەيسەن. مەرتىۋەم ئۈستى دەپ مەغرۇرلىنىپمۇ كەتمىگىن. مەغرۇرلۇق ئادەمنى كاردىن چىقىرىدۇ. كەلگىنىڭدىن خۇشال بولدۇم. ئۇكاڭ بىلەن بىللە تۇرغىن.

— باش ئۈستىگە، كىشى قارا. دېگەنلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن.

— ئاكام ئەمدى كەتمەمدۇ؟ — رۇستەمبەگ بەگيۇسۇپكە ئۆتۈنۈش نەزىرى بىلەن قارىدى.

— كېتىدۇ، بالام. كەتكۈچە سەن بىلەن تۇرىدۇ.

— ماڭا بىر نەرسىمۇ ئېلىپ كەلمىگەن ئوخشايدۇ، — دېدى رۇستەمبەگ گۆدەكلەرچە قېيىداپ، — بوۋام، ئاتام، ئابام مېنى ئۇنتۇپ قالغان چېغى.

— ساڭا ئەكەلگىنىم ھەممىدىن كۆپ ئۇكام، قارا بۇنىڭغا، —

سۇلتانبەگ قىل قامچىنى خۇرجۇندىن ئېلىپ، ئايلاندۇرۇپ قاس چىقاردى.

— ماڭا قامچا ئېلىپ كەپتۇ! ماڭا قامچا ئېلىپ كەپتۇ! — دەپ سەكرەپ كەتتى رۇستەمبەگ.

— يەنە ماۋۇلارمۇ بار، — سۇلتانبەگ شىم - پەشمەت، كۆڭلەك - بويۇندىق، ئۆتۈكلەرنى خۇرجۇندىن چىقاردى. مۈڭگۈز ساپلىق بىر خەنجەرنىمۇ كۈمۈش كەمەر بىلەن ئالدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئەكەلدىڭما؟

— ھەئە، ئاز كۆرۈۋاتامسەن؟

— ياق، جىق ئىكەن. بەك خۇشال بولدۇم، ئاكا، — رۇستەمبەگ چىرايلىق كەمەرنى بېلىگە باغلاپ خەنجەرنى ئېسىۋالدى. قولىغا قامچىنى ئېلىپ شىلتىپ قاس چىقاردى، — ئەمدى مېنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ. قارا بويۇن يورغامنىمۇ قامچىنى قايسى تەرەپكە شىلتىسام شۇ تەرەپكە ماڭىدىغان بولىدۇ. ھەي - ھەي...

— جىم ئولتۇر ئۇكام. كىشى قارا بىلەن سۆزلەشكىلى قوي.

بەگيۇسۇپ ئاكا - ئۇكىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇراتتى.

رۇستەمبەگ دىلدارىبكە، بۇۋىئايىشە ۋە باللارغا ئەۋەتىلگەن سوۋغاتلارنى خۇرجۇندىن چىقارمايلا كۆتۈرۈپ ئىچكىرى ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

— ئۇكاڭ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى، سۇلتانبەگ. سەن كەتكۈچە ئۇنى ئويال، ئارتۇقچا ئاپىرىپ كەلگىن.

— خۇدا خالىسا، كىشى قارا.

— بۇغرا قاراخانغا يۇغرۇش باشى بولغان قۇتلۇقبەگنى تونۇيسەن - ھە؟ — بەگيۇسۇپ ئۇنى كۆرگەندىلا كۆڭلىگە چۈشكەن سوئالنى سورىدى.

سۇلتانبەگ بۇلاققا چۈشكەن شولىسىغا قاراپ دېدى:

— تونۇيدىغاندەك قىلىمەن. تازا ئېسىمگە كەلمەيۋاتىدۇ.

— ئوبدان ئويلىنىپ باق. ئوردۇكەنتكە مېڭىشتىن ئاۋۋال سېنى بۇغرا قاراخان ئالدىغا باشلاپ كىرگەنىدىم، شۇ چاغدا بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتقان خۇشخۇي، كېلىشكەن ئادەمنى يادىڭغا ئالالمىدىڭمۇ؟

سۇلتانبەگ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

— ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. مېنى قۇزئوردۇدا خاقان خىزمىتىدە قالدۇرۇپ، ئوردۇكەنتكە ماڭماقچى بولغانلىرىدا يۇغرۇش باشلىقتىن قالدۇرۇلغان ئادەممۇ؟ ئەجەب ئۇنى سوراپ قالدىلىغۇ كىشى قارا؟

— هازىرقى ئەھۋالىنى بىلگۈم كېلىپ قالدى. ئۇنى كېيىن كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۇم. ئوردىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەقلىدىن ئېزىپ قاپتىكەن. كوچىدا لاغايلاپ يۈرگىنىنى بىرقانچە قېتىم كۆرگەنىدىم. بالىلىرىمۇ قارىمىغان ئوخشايدۇ.

— ئوردۇكەنتكە كېلىشىنىڭ ئالدىدا كۆرمىدىڭمۇ؟

— خوشلىشىش ئۈچۈن تىللا سارىيىغا بېرىپ ئاداربەي ئاكام بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنى شۇ يەردە كۆردۇم.

— ھە! ئۇ تىللا سارىيىدا نېمە ئىش قىلىدىكەن؟

— دەرۋازىۋەنلىك قىلىدىكەن. ئادارباي ئاكامنىڭ دەپ بېرىشىچە، قۇتلۇقبەگنى كوچىدىن ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. هالىدىن خەۋەر ئېلىپ، داۋالىتىپ ساقايتىپتۇ. ئاندىن تىللا سارىيىغا دەرۋازىۋەن قىلىپ قويۇپتۇ.

— مۇنداق دېگىن، بالام. مەن تېخى ئۇنى ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن. ناھايىتى خۇش چاقچاق، گەپدان ئادەم ئىدى.

— هازىر جىمغۇر بولۇپ قاپتۇ. بۇرۇنقى كۆرەڭلىكىدىن ئەسەر قالماپتۇ. ئۇنىڭغا ئىچىلىرى ئاغرىۋاتامدۇ كىشى قارا؟

— ئۇ ئىچ ئاغرىتىدىغان ئادەم ئەمەس، بالام. لېكىن، بىر ئادەمنىڭ يۈز - ئابرۇي تېپىپ نام قازىنىشى خۇشاللىنارلىق قىسمەت بولسا، كاتتا مەرتىۋىلىك ئادەمنىڭ يۈزى تۆكۈلۈپ

ئىچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ئىبرەتلىك تەقدىر. بۇ ئادەمنى ئالاھىدە سورىشىم ئۇنىڭ ئىبرەتلىك تەقدىرىدىن ساۋاق ئېلىشىڭ ئۈچۈندۇر، بالام.

— چۈشەندىم، كىشى قارا. نىيىتى ئالا ئادەم ياخشى كۈن كۆرمەيدىكەن.

— شۇنداق، ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ، بالىلىق بولغانسەن بالام؟

— ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كىيلىنچەكلىرى بىر ئوغۇل، بىر قىز قوشكېزەك تۇغۇپ بەردى. ھازىر تۆت ياشتىن ئاشتى. ئاتام ئۇ نەۋرىلىرىگە بەك ئامراق.

رۇستەمبەگ تاماق ئېلىپ چىقىپ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئۈزۈپ قويدى. شۇ چاغدا مەدرىسەدىن قايتىپ كەلگەن مىرئامانبەگ ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا سالام بەردى.

— تونۇدۇڭمۇ سۇلتانبەگ؟

— مىرئامانبەگ ئوخشامدۇ؟ چوپچوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، تونۇدۇم. ھەزرەتلىرىنىڭ بالىسىنى تونۇمىسام قانداق بولىدۇ، كىشى قارا؟ — ئۇ مىرئامانبەگ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ سۇلتانبەگ بۇ قورۇدا تۇردى. ئۇ ئىنىسى بىلەن ئاتۇش، ئوپالغا بېرىپ كەلدى. تۇمەن، قىزىل دەريا بويلىرىدا شىكار قىلدى. ساچىيە، خانلىق مەدرىسەلىرىگە بېرىپ ئالىملارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولۇشتى، بازار ئارىلاشتى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخاننىڭ قايتا - قايتا ئۆيلىنىشى نەتىجىسىدە بەگيۇسۇپنى يەنە بالاساغۇنغا ئەۋەتىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان سۇلتانبەگ:

— ئوردۇكەنتتە، جۈملىدىن ھەزرەتلىرىنىڭ يېنىدا ئۇزاق تۇرغۇم بار ئىدى. ئۆزلىرى بىلەن قايتىدىغان بولغىنىم ئاللانىڭ ھېكمىتىدىندۇر، كىشى قارا. ئاتام دىدارلىرىنى كۆرىدىغان بولدى. ئۇكاممۇ بىللە بارىدىغاندۇ؟ — دېدى خۇشال بولۇپ.

— بىللە بارىدۇ. ئۇنى بوۋىسىغا كۆرسىتىپ دۇئاسىنى ئالماقچىمەن.

دىلدارىكە بۇ قېتىم ئۇنى توسۇمىدى.

— بىرىپ كەلسىلە، ئاتىسى. بۇغرا قاراخاننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان بولسا قايتۇرۇپ كەلسىلە. بۇ خانلىقىمىزنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ. سىلى بارمىسىلا خاقانىمىزنىڭ مېيىتى قۇزئوردۇدا قېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

تىنچىق تومۇزدا بەگيۈسۈپ يەنە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇ بالاساغۇنغا يېتىپ بارغاندا بۇغرا قاراخان مەھمۇد ئارسلانخاننىڭ كېسىلى خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغانىدى. تېۋىپ، ھۆكۈمالار ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىدا پايپېتەك بولۇپ كېتىشكەنىدى.

بەگيۈسۈپ ئۆزىنىڭ كەلگىنىنى مەلۇم قىلغاندا، مەھمۇد ئارسلانخان كۆزىنى ئاستا ئاچتى. تاتىراڭغۇ چىرىدە غەلىتە بىر كۈلكە نامايان بولدى.

— مېنى ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كېتىڭ. ئوغلۇم ئورنۇمدا قالسۇن، — دېدى ئۇ تەكرارلاپ.

— ئاتامنى تېز ئېلىپ كېتىڭ. يەنە ئوردۇكەنتكە يېتىپ بارالماي قالمىسۇن، — ئاتىسىنىڭ تاجىنى كىيىۋالغان ئۆمەر تېگىن بۇيرۇق قىلغان قىياپەتتە بەگيۈسۈپنى ئالدىراتتى. ئۇنىڭ چىرىمۇ ئاتىسىنىڭكىدەك تاتىراڭغۇ ئىدى. باش ئاغرىقىدىن بولسا كېرەك، ئورۇقلاپ شادىپاچاق بولۇپ قالغانىدى. سوغۇق تەلەتى ئادەمنى شۈركۈندۈرەتتى.

بەگيۈسۈپ بالاساغۇندا ئۈچ كۈنلا تۇردى. تۆتىنچى كۈنى ئاشانبۇقا، ئادارباي، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ، شاھ ھارۋىسىغا ياتقۇزۇلغان بۇغرا قاراخان ۋە ئۇنىڭ خانىش، چۆرە، مۇلازىملىرى بىلەن يولغا چىقتى.

ۋەلىئەھدى ئۆمەر تېگىن ئوردا ئىشىكىگىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. بەگيۈسۈپ ئۇنىڭغا سۆز قىلمىشىنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئېغىز ئاچمايلا يۈرۈپ كەتتى.

مەھمۇد ئارسلانخان پات ـ پات كۆزىنى ئېچىپ: «ئوردۇكەنتكە

كەلدۇقمۇ؟» دەپ سورايتتى. «تېخى كەلمىدۇق» دېگەن جاۋابنى ئىشىتكەندە، بىكاردىن ــ بىكار چىچىلىپ، ئەتراپىدىكىلەرنى تىللاپ كېتەتتى. ئۇ قەنت سىيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. بۇ كېسەلگە قاچان گىرىپتار بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ، باشقىلارمۇ بىلمەيتتى. خېلى يىللاردىن بېرى قورسىقىنىڭ تويغىنىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئاغزى بوش تۇرمايتتى، ھەمىشە بىر نەرسە يەپ تۇراتتى. يولدا كېتىۋېتىپمۇ ئۇنى يەيمەن، بۇنى يەيمەن، دەپ كىچىك بالىدەك خەقنى قىلىپ، بەگيۇسۇپنى خىجىل قىلىپمۇ قويىدى.

«قەنت سىيىش كېسىلى داۋالىمىق تويۇنۇپ تاماق يېيىشتىن پەيدا بولىدۇ. ئاچ كۆز ئىنسان بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. نەتىجىدە ئۆلۈمنى ئۆزى يېقىنلاشتۇرىدۇ» دەپ ئويلىدى بەگيۇسۇپ گۆشنان يەۋاتقان بۇغرا قاراخانغا كۆز سېلىپ. ئۇ ياداپ بىر تېرە ــ بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى. ئاغرىپ يېتىپ قالغاندىن كېيىنمۇ تېۋىپلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلمىغانىدى، پەرھىز تۇتمىغانىدى. چەكلىگەن غىزانى يەيمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى. نېمىنى يېگۈسى كەلسە، شۇنى يېمەي غەلۋىسى بېسىلمايتتى. ھەمىشە «نېمىشقا ماڭا غىزا بەرمەيسىلەر؟» دەپ ۋايسايتتى.

ئاتۇشقا كەلگەندە بەگيۇسۇپ مەشھەددە توختاپ قەشقەرگە ئادەم ماڭدۇرۇۋەتتى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان يۇرتۇغ ــ جاندارلىرى، تېۋىپ ــ ھۆكۈمالار بىلەن ئاتۇشقا بېرىپ، ئاجىزلاپ كەتكەن تاغىسى بىلەن كۆرۈشتى. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارىدا ئۈچ كۈن خەتمىقۇرئان ئوقۇتتى. تۆتىنچى كۈنى كەچقۇرۇن بۇغرا قاراخاننى قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى.

مەھمۇد ئارسلانخاننىڭ كېسىلى كۈنسېرى ئېغىرلاشتى. بەل، سۆڭىكىدە يارا پەيدا بولدى. كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بالاساغۇنغا چاپارمەن ئەۋەتتى. ۋەلىئەھدى ئۆمەر تېگىن كەلگۈچە مەھمۇد ئارسلانخان جان ئۈزۈپ

كەتتى. ئۇ ئاتا ـ بوۋىسى ياتقان خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى.

ئارسلانخان ئۇنۋانى بىلەن بۇغراغا مىنىپ، تاج كىيىپ تەختكە چىققان ئۆمەر بۇغرا قاراخانمۇ بالاسغۇنغا يۈرۈپ كەتتى. بەگيۇسۇپ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بىرى مۇشۇنىڭ بىلەن توققۇز بۇغرا قاراخاننى كۆردى.

كۈنلەر ئۆرۈش، قەھەتچىلىك، ھادىسە بولماي، تىنىچ ئۆتكەندەك قىلغان بىلەن، ئادەمنىڭ ئۆمرى تىنىچ ئۆتمەيدۇ. بۇ تىنىچ يىللاردا بەگيۇسۇپكە زادى ئاراملىق بولمىدى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# يىگنە بىلەن قېزىلغان قۇدۇق

### 1

بەگيۈسۈپ ئەللىك ياشتىن ئاشتى.

ئۇنىڭ پېشانە، تۆۋەن قاپىقى ئاستىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىنچىكە سىزىقچىلار پەيدا بولۇپ، قىزغۇچ ئاق چىرايى تېخىمۇ يېقىملىق تۈس ئالغانىدى. چاچلىرىغا ئاندا ـ مۇندا ئاق كىرگەن بولسىمۇ، قويۇق قېشى، ساقال ـ بۇرۇتى قۇندۇزدەك قارا ئىدى. ئويچان ئۆتكۈر نەزەرلىك كۆزلىرى سەل قىسىلغانىدى. سۇمباتلىق قامىتى ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى...

ئۇ بۈگۈن سۈبھىدەم ۋاقتىدا، ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق ئورنىدىن كەلدى. رۇستەمبەگكە ئاتنىڭ تىزگىنىنى بېرىپ، كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتتى ـ دە، دىۋانخانىغا كىردى. ۋەزىر ـ ھاجىپلاردىن تېخى ھېچكىم كەلمىگەنىدى. ئىشىك ئاغىسىلا بۇغراخان سارىيىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى.

بەگيۈسۈپ ئىشخانىسىغا كىردى. ھاجىبۇل ھۇجاپلىق كىمخاب تونىنى سېلىپ ئىلغىغا ئاستى. سەللىسىگە قىستۇرۇلغان كۈمۈش ئوتۇغاتنى ئېلىپ، خىزمەت شىرەسىنىڭ تارتمىسىغا سېلىۋەتتى. ئاندىن ئىلغىغا ئېسىقلىق شايى يەكتىكىنى كىيدى. شىرە ئۈستىدىكى ھۆججەت، ئەرزنامە، مەلۇماتنامىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ رەتلەپ، ئورنىدىن قوپتى. يەنە بىر خانىدىكى ئىشقا چۈشكەن ھاجىپلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇغراخان سارىيىغا قاراپ ماڭدى. دىۋانخانىدا بۇغراخاننى كۈتۈپ

تۇرۇشقان ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بىلەن سالاملاشتى، ئۇلار ئۇنىڭ ھاجىبۇل ھۇججاپلىق تونىنى كىيمىگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىشتى. ئىشىكئاغىسى بۇغراخاننىڭ ھەرەمدىن چىقمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئولتۇرماي ئىشخانىسىغا قايتىپ كىردى. بىر سائەت ئىچىدە بەش قېتىم چىقىپ يوقلىدى. «مەن بۇنداق ئالدىراڭغۇ ئەمەس ئىدىم. نېمە بولغاندىمەن؟ ئىچىم تىتىلداپلا تۇرىدىغۇ. ئەللىك ياشقا كىرىپ قالغىنىمدىمۇ يېزىشقا نىيەت قىلغان كىتابىنى تېخىچە يېزىشقا كىرىشىپ كېتەلمىگىنىم ئۇچۇن ئالدىراپ كېتىۋاتامدىمەن ياكى نەچچە كۈندىن بېرى بۇغراخاندىن ئىجازەت سوراشقا جۈرئەت قىلالمىغىنىم ئۇچۇن دىققەت بولۇۋاتامدىمەن؟ مەندە يۈرەك يوقمۇ؟...» دەپ ئويلىغان بەگيۈسۈپ يەنە ئارقىسىغا ياندى. «مەن بۇنداق ئىرادىسىز ئادەم ئەمەستىمغۇ؟ نېمىشقا بۇغراخانغا گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىپ، ئىجازەت سورىيالمايمەن؟ ئەمدى كېچىكتۈرسەم بولمايدۇ، زادى بولمايدۇ. بەكلا جىددىيلىشىپ قېلىۋاتىمەنغۇ؟...»

ئۇ ھەرەمگە كىرمەكچى بولۇپ ماڭدى. دىۋانخانا ئالدىدىكى چىمەنلىكتە ھەسەن بۇغراخان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە سالام بەجا كەلتۈرۈپ دېدى:

— ئالىيلىرى، ئاتا بۆرە ئىنىدىن ئەڭ بۇرۇن چىقاتتى. ئەجەب كېچىكىپ قاپلىغۇ؟ ئوۋلىرىنى تۈلكىنىڭ ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدىغان ئوخشىمامالا؟

— يوقسۇ ـ يوقسۇ، ھاجىبۇل ھۇججاپ. ئاتا بۆرە خىزمىتىدە بولۇپ كېچىكىپ قالدىم. سىزدەك شىرى غەرران تۇرغان يەردە، ئوردامغا تۈلكىنىڭ يوشۇرۇنۇۋېلىشى مۇمكىنمۇ؟

ھەر ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ئەجەب بۈگۈن ئەتىگەندىلا مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ قاپسىزغۇ؟ جايلاردىن كەلگەن مۇھىم مەلۇماتنامىلەر بارمىدى؟ يۈرۈڭ، سارايدا سۆزلىشەيلى، — دېدى ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان.

ئۇنىڭ ھاجىبۇل ھۇججاپلىق تونىنى كىيمىگەنلىكىگە بىردىن دىققەت قىلىپ.

بەگيۇسۇپ سارايغا كىرىپ تەخت ئالدىدا قول باغلاپ تۇردى.

— ئولتۇرۇڭ بەگيۇسۇپ.

— ئولتۇرالمايمەن، ئالىيلىرى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ ھەقتە ئالىيلىرىغا ئېيتقانىدىم. ئۈزاقتىن بېرى ئادالەت ـ ھەققانىيەت، بەخت ـ سائادەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئەقىل ـ پاراسەت، سەۋر ـ قانائەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت، خەلقنىڭ روناق تېپىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر بۇيۇك كىتاب يېزىش نىيىتىگە يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنلا كەلگەنىدىم. ئۆتكەن يىللار مابەينىدە بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدەندىم، ئۆگەندىم، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. تارىخنى تەتقىق قىلدىم. يازغان خاتىرە، ئەشئارلىرىم تۆگمىگە ئارتقۇدەك بولدى. تەييارلىقىم پۈتتى. ئەمدى يېزىشنى باشلىمىسام پىكرىم چېچىلىپ ئەقىل سارايىمدىن غايىب بولىدۇ. يىللاردىن بېرى ئايانماي قىلغان ئەجرىم زايە بولۇپ كېتىدۇ. ئۆمۈر مۇساپەممۇ ئاياغلىشىدۇ. دېمەك، ئارماندا ئۇ دۇنياغا كېتىپ قېلىشىمدىن ئەندىشە قىلىپ ئەزىز دەرگاھلىرىغا بىۋاقىت قەدەم قويۇشقا جۈرئەت قىلدىم. ئىجازەت بەرگەيلا؟

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان سەگەكلەشتى.

— ئورنىڭىزدا كىم ۋەزىپە ئادا قىلىدۇ، ھاجىبۇل ھۇججاپ؟

— ئالىيلىرى، بۇنىڭدىن غەم يېمىگەيلا. يۈغرۇش، ھاجىپ بولۇپ ئوردا خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان پىركاملىلار ئوردىدا ئاز ئەمەس. لېكىن، پادىشاھقىمۇ، رەئىيەتكىمۇ قوللانما، دەستۇر بولىدىغان بىر كىتاب يېزىپ قالدۇرۇش، تەڭرى نېسىپ قىلغان جاسارەتلىك ئاقىلنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ئەمدى پېقىرغا بىر مەزگىل ئىجازەت

بەرسۇنلەر. ئۇشبۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشەي. تاقىتىم چېكىگە يەتكەندەك قىلىدۇ.
ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان تەختتىن چۈشتى.
— چۈشەندىم بەگيۇسۇپ، ھاجىبۇل ھۇججاپلىق تونىنىڭ ئۇچىڭىزدا يوقلۇقىنى كۆرۈپلا، كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشكەنىدى. ئالىلانىڭ بۇ تەقدىرىگە مەن قانداقمۇ قارشى تەدبىر قوللىنالايمەن. ھاجىبۇل ھۇججاپ بولۇشقا لاياقەتلىك ئەربابنى ھەممىدىن سىز ياخشى بىلىسىز. ئۇنى ئورنىڭىزدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئاندىن مەن بىلەن خوشلىشىڭ، — دېدى ئۇ ئالدىغا كېلىپ.
بەگيۇسۇپ ئۇنىڭ بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇشىنى ئۆتۈنۈپ چىقىپ كەتتى. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. «بەگيۇسۇپ پەزىلەتلىك، خىسلەتلىك تېپىلغۇسىز زات. ئۇنىڭ خىلى يوق. ئۇ قاراخانىيلار خانىدانلىقى ئۈچۈنمۇ، جاھان ئەھلى ئۈچۈن بىر دەستۇر يازىدىغاندەك قىلىدۇ. ئىجازەت بەرمىسەم تەڭرى ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن...»
ئۇنىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلمەيلا بەگيۇسۇپ كىرىپ كەلدى.
— ئالىيلىرى، ھاجىبۇل ھۇججاپ ئەزىز دەرگاھلىرىغا خىزمەتكە كەلدى، — دېدى ئۇ يېنىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق، ئوتتۇرا ياش، تەمبەل كىشىنى كۆرسىتىپ، — ئۆزلىرىمۇ تونۇيلا. ئۇن يىلدىن بېرى قېشىمدا ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئىستىبداتلىق ھاجىب بايتاش ئوبۇل ئەلا ئارتۇچى. ساھىب قەلەم، قۇتلۇق قەدەم.
— شاھىنشاھ بۇغراخان ئالىيلىرى، خىزمەتلىرىدە بولۇشنى ھاياتىمدىنمۇ ئەۋزەل بىلىمەن، — قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان ئارتۇچى ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.
ھاجىبۇل ھۇججاپلىق تونىنى كىيگەن كۈمۈش ئوتۇغاتنى سەللىسىگە قادىغان بۇ ھاجىپنى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ياقتۇرۇپ قالدى. شۇ زاماتلا يارلىق چۈشۈرۈپ، بەگيۇسۇپنىڭ

ئورنىغا ئۇلۇغ ھاجىپ قىلىپ بەلگىلىدى.

ــــ مەن سىزنى ئۈزىتىپ قوياي، ــــ دېدى ئۇ تەختىدىن چۈشۈپ.

ــــ پېقىر يىراققا كېتىۋاتمايمەن، ئالىيلىرى. كېلىپ تۇرىمەن، ئۈزاتمىسىلىرىمۇ بولىدۇ، ــــ بەگيۇسۇپ شۇ يەردىلا خوشلاشماقچى بولدى.

ــــ ياق دوستۇم، بىر كىتاب يېزىش ــــ دۇنيانى پىيادە بىر ئايلىنىپ چىققان بىلەن باراۋەر. مەنزىلىڭىز ناھايىتى ئۇزۇن. ئۈزىتىپ قويمىسام كۆڭلۈم مالال بولىدۇ، ــــ ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئوردا ئالدىغا چىقىپ خوشلاشتى.

ــــ خۇداغا ئامانەت ئۇستاز، دوستۇم. بىزنى تاشلىۋەتمەي كېلىپ تۇرغايسىز.

بەگيۇسۇپ بۇغراخاننىڭ «ئۇستاز، دوستۇم» دېگىنىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. دېمىسىمۇ، ئالىم بىلەن بۇ پادىشاھنىڭ ئۇستاز، دوست بولۇپ ئۆتۈۋاتقىنىغا كۆپ يىللار بولغانىدى.

ــــ خۇدا بۇيرۇسا پات ـ پات كېلىپ تۇرىمەن، شاھىم. خوش، ئامان بولسىلا.

بەگيۇسۇپ ئۆيگە كېلىپ غۇسۇل قىلدى. ئىككى رەكەت شۈكۈر نامىزىنى ئوقۇپ، دىلدارىكە سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويغان كىتابخانىسىغا كىردى. مۇشكى ئەنبەرنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭ تۇيغۇلىرىنى غىدىقلىدى. ئۆي ئىچى شۇنچە يورۇق، ئازادە ئىدى. تۆت تېمىغا چىقىرىلغان كۆركەم ئويۇقلارغا تىزىلغان كىتابلاردىن ئادەمنىڭ كۆز ئۇزگۇسى كەلمەيتتى. پەقەت تۈگۈلۈكىدىن قۇياش ماراپ تۇرغان ۋاساجۇپ تورۇستىلا كىتاب يوق ئىدى.

ئۇ گۈلدار يوپۇق يېپىلغان شىرە ئۈستىگە رەتمۇرەت تىزىپ قويۇلغان دۆۋە ـ دۆۋە قول يازمىلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ ھاياجانلاندى.

— بۆگۈ بىلگە ئەدىب ھەزرەتلىرى، كىتابخانىلىرىدىن مەنزۇر بولدىلىمۇ؟ — دېدى پەتنۇستا چاي، پىيالە كۆتۈرۈپ كىرگەن دىلدارىبكە ھەزىل قىلىپ.

— مەنزۇر بولمامدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپتۇ. بولۇپمۇ يېزىق شىرەسىنى دېرىزە ئالدىغا قويۇپ ياخشى قىلىپلا. ئەمدى باھار، ياز بويى رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ خۇشبۇيىدىن مەست بولغان ھالدا، قەلەم تەۋرىتىدىغان بولدۇم. تۇمۇچۇق، تورغاينىڭ سايراشلىرىغا قۇلاق سېلىپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولدۇم. ئاھ، بىكەم! سىلى نېمىدېگەن ئەقىللىك، نېمىدېگەن ئوبدان!

— سىلىگە ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ، ئاتىسى. پېقىرە ھەرقاچان خىزمەتلىرىگە تەييار، — دىلدارىبكە نازاكەت بىلەن بېشىنى ئەگدى.

— رەھمەت ئەردەنى خاتۇن[1]. بۇ ئۆيگە كىرىپ گويا جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم. پىكرىمنىڭ بوغۇچلانغان قاناتلىرى يېشىلىپ، پەرۋاز قىلىش ئالدىدا تۇرغان چاغرىغا ئوخشاپ قالدىم، — ئۇ دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈزەل كۆكلەم مەنزىرىسىگە ئىما قىلىپ بۇ ئەشئارنى ئوقۇدى:

ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

قوڭۇر يەر ئىپار تولدى، كافۇر[2] كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ[3].

---

① ئەردەنى خاتۇن — گۆھەردەك خېنىم (ئېسىلزادە خېنىم).
② كافۇر — ئاق رەڭلىك، خۇش پۇراق دورا ئۆسۈملۈك.
③ «قۇتادغۇ بىلىك» 63 ـ، 64 ـ بېيىتلەر.

جاپا قىشنى قوغلاپ، يازغى ئېسىن[1]،
پارلاق ياز يەنە قوردى دەۋلەت ياسىن.

قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا[2].

قۇرۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،
بېزەندى يىپۇن[3]، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

قوڭۇر يەر يېپىندى يېشىل تورقىنى،
تابغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

دالا، تاغ، قىر، ئويمان تۆشەندى يېيىپ،
بېزەندى ۋادىلار، يېشىل، ھال كىيىپ.

تۇمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ،
ئىپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ[4].

مەن مانا بۇ دېرىزىدىن ئالەمنىڭ گۈزەللىكىگە مەھلىيا بولۇپ، ئىلھامغا چۆمۈلىمەن، ئانىسى. سىلى بولمىسىلا قانداق قىلاتتىمكىن؟ ــ بەگيۈسۈپ مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن مەھبۇبىنىڭ ئاي يۈزىنى سىلىدى.

ــ مەن بولمىسام يەنە بىر خاتۇن خىزمەتلىرىدە بولاتتى، ــ مەيۈسلىنىپ قالغان دىلدارىكە چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

بەگيۈسۈپ مەھبۇبىنىڭ بىر ئىشتىن كۆڭلى

---

① ئېسىن ــ شامال.
② بۇ مىسرادا قىش بىلەن يازنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرغىنىنى سۈرەتلىگەن.
③ يىپۇن ــ توق قىزىل.
④ «قۇتادغۇ بىلىك» 65 ــ، 66 ــ، 67 ــ، 68 ــ، 69 ــ، 70 ــ بېيىتلەر.

چىگىلگەنلىكىنى سېزىپ دېدى:

— بىكەم، كۆڭۈللىرىگە كېلىدىغان بىر ئىش بولدىمۇ؟ مەيۈسلىنىپ قاپلا.

— بېگىم، سىلىنىڭ بىز خاتۇنلارغا بولغان قاراشلىرى باشقىچىرەك تۇرىدۇ. ئالدىنىپ كېلىۋاتامدىمەنكىن، دەپ روھسىزلىنىپ قالغىنىم يالغان ئەمەس، ئۆتكەندىمۇ بۇ ھەقتە ئېيتقانىدىم.

— ئېسىمدە ئانىسى، ئۇ توغرۇلۇق چۈشەنچە بەرگەنىدىمغۇ، خاتۇنلارغا بولغان قارىشىمنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى نېمىدىن بىلدىلە؟

دىلداربىكە تاۋار جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى.

— ئاڭلىسىلا بېگىم. بۇ ئۆز قوللىرى بىلەن يازغان بېيىت، — ئۇ ھەسرەتلىك ئاۋاز بىلەن ئوقۇدى:

ئىشىتكىن، نېمە دەر سىناغان كىشى،
سىناغان كىشىنىڭ پىششىقتۇر ئىشى:

خوتۇن ئالساڭ ـ ئالغىن، تۆۋەن، توغرىنى،
سۆيۈنچ بىرلە ئۆتكەي ھاياتىڭ كۈنى.

چىرايلىقنى دېمە، خۇلقى ئۈزنى دە،
كى خۇلقى ياخشى بولسا، يورۇتقاي سېنى.

خوتۇن ئالما، ئالساڭ ئۆز تېگىڭنى ئال،
ئى، ئەرلەر ئەرى سەن تەقۋادارنى ئال.

گۈزەل خۇينى ئىستە، ئاختۇرما جامال،
خۇيى ياخشى بولسا، تاپار ئۇ كامال①.

① «قۇتادغۇ بىلىك» 4480 ـ، 4481 ـ، 4482 ـ، 4483 ـ، 4484 ـ بېيىتلەر.

گۈزەللىك قىدىرغان ئايا سەن ئىنسان،
ئۇنى قوي، يۈزۈڭنى قىلما زەپىران[1].
...

دىلدارىمكە ئوقۇپ بولۇپ، بېيىتنى بەگيۇسۇپكە بەردى.

— بېگىم، يەنە بىر قول يازمىلىرىدا «خاتۇن دېگەن قاياققا قارىسا، كۆڭلى شۇ ياققا ئاغىدۇ» دەپ يېزىقلىق ئىكەن. بۇنىڭدىن چۈشىنىشكە بولىدۇكى، سىلىنىڭ نەزەرلىرىدە گۈزەل خاتۇنلار ۋاپاسىز، بۇزۇقمۇ؟ ئەرلەر ئۆزىدىن تۆۋەن خاتۇنلارنىلا ئېلىشى كېرەكمۇ؟ خاتۇنلار كۆزى چۈشكەنلىكى ئەرگە كۆڭۈل بېرىدىغان شۇنچە شەھۋەتخورمۇ؟ مېنى نېمىدەپ ئالغان؟ جاۋاب بېرىپ باقسىلا.

بەگيۇسۇپ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان خاتۇنىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ دېدى:

— قول يازمىلارنى رەتلەۋېتىپ، ئۇ مىسرالارغا يەنە كۆزلىرى چۈشۈپ قاپتۇ ـ دە. راست، ئۇ بېيىتلارنى مەن يازغان. تازا چۈشەنمىگەندەك قىلىلا. ئۆيلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەرلەرگە قىلىنغان نەسىھەت ئۇ. ھەرگىز خاتۇنلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش، ياكى ئۇلارنى كەمسىتىش، سۆكۈش ئۈچۈن يېزىلغان ئەمەس. توختاڭ، مەن گېپىمنى قىلىۋالاي. ئەرلەر ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان قىز ـ خاتۇنلارغا ئۆيلىنىشى، مال ـ مۈلكىنى، يۇقىرى نەسەبلىك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتماسلىقى لازىممۇ، لازىم ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە لازىم! — ئاستا جاۋاب بەردى دىلدارىمكە.

— بۇ بېيىتلەردىكى مەنە شۇغۇ. توختىسىلا، گۈزەل خاتۇن ـ قىزلارنى قوغلاشماسلىقنى تەۋسىيە قىلىشىمدىكى سەۋەب: ساھىبجامال، لەۋەنلەرنى — ۋاپاسىز، بۇزۇق دېگىنىم ئەمەس. ياق ـ

[1] «قۇتادغۇ بىلىك» 4485 ـ بېيىت.

ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى چىرايلىق بولمىغان سان ـ ساناقسىز قىز خاتۇنلارغا ئەرلەرنى مايىل قىلىش ئۇچۇندۇر. ساھىبجامالارغا قانداقلا بولسۇن ئەر چىقماي قالمايدۇ. ئەمما، كۆڭلى ياخشى، تېنى پاك، كۆرۈمسىز ئاياللارنى بولسا، ئالاي دەيدىغان ئەرلەر ئاز بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ بېيىتلەردە ھەممە ئەر زاتىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان گۈزەللەرنى قوغلاشماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىنغان. بۇ خاتامۇ ئانىسى؟

— بىلدىم. ئۇ بېيىتلەرنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەپتىمەن، ئانىسى. كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا. بىراق، «خاتۇن ـ قىزلار قاياققا قارىسا، كۆڭلى شۇ ياققا ئاغىدۇ» دەپ يازغانلىرىچۇ؟ بۇ خاتۇن قىزلار ۋاپاسىز دېگەنلىرى ئەمەسمۇ ئانىسى؟

— ئەسلا! بۇ بېيىتنىڭ مەنىسى كەڭ ھەم چوڭقۇر، ئانىسى. تەڭرىم ئۆمرۈمدە ماڭا ئىككى خاتۇن نېسىپ قىلدى. ھەر ئىككىلىسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، قىز پېتى ئالغىنىم ئۆزىڭىزگە مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلىسى ناھايىتى ساھىبجامال، ۋاپادار، مەسۇم، پاك ئىدى. بىرسى پېقىرنى ئارماندا قويۇپ تۈگەپ كەتتى. بىرسى بولسا ۋاپادارلىقى، كۆيۈمى بىلەن پېقىرنى شەيدا قىلىپ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىمنى قايتا يالقۇنجاتتى. شۇنداق تۇرۇپ ساھىبجامال خاتۇن ـ قىزلارنى ۋاپاسىز دېسەم، تەڭرى ئالدىدا قارا يۈز بولمامدىمەن، ئانىسى؟ راست، ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىرقانچە گۈزەل نازىنىن خاتۇن ـ قىزلار مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇتۇپ، مۇھەببىتىمگە ئېرىشمەكچى بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ناز ـ كەرەشمىسىگە ئالدىنىپ، سۇمبۇل چاچلىرىغا باغلىنىپ قېلىشتىن ھەرقاچان ھەزەر ئەيلەپ كەلدىم. خۇلاسە كالام: خاتۇن ـ قىزلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئەرلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش ئۇچۇن ئۇ بېيىتلەرنى ئاشۇ مەزمۇندا يازغان. ئارتۇق كېتىپتىمۇ، ئانىسى؟ ئارتۇق كەتكەن بولسا ئەپۇ قىلسىلا.

دىلداربېكەنىڭ سەل رەنجىگەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— يوقسۇ، يۇزە چۈشىنىپ قاپتىمەن. ئۆزۈمگە ئېلىپ كېتىپتىمەن. كەچۈرسۇنلەر. بىمەنە گەپلەرنى قىلىپ ۋاقتىلىرىنى ئالدىم، — ئۇ پىيالىگە چاي قۇيۇپ بەگيۇسۇپكە تۇتتى.

— ئۇنداق ئەمەس، ئانىسى. شېئىر دېگەن كۆڭۈلنىڭ تىلى، ئوتلۇق تىل، نازۇك تىل، ئەۋرىشىم تىل. سىلى ماڭا ساۋاق بەردىلە، مەنىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەشكە، سۆيگۈ ھېسسىياتىمغا سادىق بولۇشقا قەسەمياد قىلىمەن، — بەگيۇسۇپ مۇشۇنىڭ بىلەن پىيالىنى ئۈچىنچى قېتىم بوشاتتى.

## 2

بەگيۇسۇپ شۇ كۈندىن باشلاپ ماڭمايدىغان، توختىمايدىغان ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندى. كىتابىنىڭ مۇبارەك نامى توغرىسىدا باش قاتۇرۇش — ئۇ باسقان تۇنجى قەدەم بولدى: «تەڭرىم، ئۆزۈڭ دىلىمغا سېلىپ يازغان بۇ كىتابىم، ھەرقاچان، ھەر زامان مىللەت - قوۋمىمنى بالا - قازادىن ساقلايدىغان، قوغدايدىغان مۇپەسسەل ھاياتنامە بولسۇنكى، ئوقۇغانلا ئادەم ئۇنىڭدىن بەھرە ئالسۇن. ئازغان بولسا يول تاپسۇن. خاتالاشقان بولسا توغرىغا يۈزلەنسۇن. نادان بولسا ئەقىل تاپسۇن. يامان بولسا ساۋاق ئالسۇن. زالىم بولسا باغرى يۇمشىسۇن. ئالىم بولسا ھەقنى ئەلگە تونۇتسۇن. پادىشاھ بولسا ئادالەتتىن چەتنىمىسۇن. ۋەزىر بولسا ساداقەتنى قولدىن بەرمىسۇن. باي بولسا سېخىيلىق قىلىپ قەدىرلەنسۇن. كەمبەغەل بولسا غۇرۇرى بىلەن ئەزىزلەنسۇن....» دېگەن نىيەتكە كېلىپ قەلەمنى تۇتقىنىچە ئۈچ كۈن ئويلاندى. بۇ ئۈچ كۈن ئۇنىڭغا ئۈچ مىنۇتچىلىكمۇ بىلىنمىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆكىدە ئارزۇ چولپىنى چاقنىدى. كۆز ئالدىدا ئۇمىد مەشئىلى ياندى. دىلى، ئەتراپى ياز پەسلىنىڭ چۈش مەزگىللىرىدىكىدەك يوروپ يىللاردىن بېرى، ئوي - پىكىرلىرى يېزىلىپ كېلىۋاتقان

دەستە ـ دەستە يازمىلارنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇنداق قەتئىيەت ئىخلاس بىلەن مۇتالىئە قىلدىكى، قانچە كۈن ـ ھەپتىلەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. ئاندىن بۇ يازمىلارنى كۆڭۈل خاتىرىسىگە سىڭدۈرۈشتۇردى. كۆڭلى پاللىدە يورۇپ، ئەقىل سارىيىنىڭ ئىككىنچى ئىشىكى ئېچىلدى... پادىشاھلارنىڭ قانداق پەزىلەت ـ خىسلەتكە، ۋەزىر، ھاجىپلارنىڭ قانچىلىك بىلىم، ئىقتىدارغا، سۇباشى، سانغۇنلارنىڭ قانچىلىك جاسارەت ـ غەيرەتكە ئىگە بولۇشى توغرىسىدا ئويلاپ، پىكىر يۈزگۈزدى. ئادالەتكە، ھەققانىيەتكە خىلاپلىق قىلىشنىڭ خانلىققا، خەلققە كەلتۈرگەن زىيان ـ زەخمىتىنى — يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلدى. خانلىقنىڭ پۇقرالىرى بولغان ئالىم، ھۆكۈما، ئەدىب، شائىر، سودىگەر، دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن پادىشاھنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلدى. ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن ئەلنى سورىغاندا، خەلقنىڭ ھىمايە، ھۆرمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى، زورلۇق ـ زۇلۇم بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا قارشىلىققا ئۇچرايدىغانلىقى توغرۇلۇق پىكىرلىرىنى قەتئىيلەشتۈردى. ئادالەت بولمىسا سائادەت بولمايدىغانلىقىنى، قانائەت بولمىسا، خىيانەت، ئاسىيلىق يۈز بېرىدىغانلىقىنى — تارىخىي ساۋاقلاردىن ئىزدەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. مەردلىك، سېخىيلىق، كەڭ قورساقلىقنىڭ مۇشكۈللۈك قۇلۇپىنى ئاچىدىغان ئاچقۇ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، سەمىمىي ساداقەت، راستچىللىقنىڭ سائادەت مەنزىلىگە ئېلىپ بارىدىغان نۇرلۇق يول ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ باغلىغاندا ئەقىل سارىيىنىڭ ئۈچىنچى ئىشىكى ئېچىلدى. كىتابقا «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ نام قويۇپ، خۇش خەت بىلەن يازدى.

«ھەممىگە قادىر بولغان تەڭرىم خالىسا، مەن بۇ كىتابىمنى پاساھەت خەزىنىسىدىن ناھايىتى گۈزەل، گۆھەردەك جۇلالىق سۆز دۇردانىلىرىنى تاللاپ، ئەستە قالدۇرۇش ئاسان، ئوقۇشقا ئوڭاي بولغان ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ نەپىس بايان شەكلى بولغان

ئۆلچەملىك شېئىرىي شەكىل بىلەن يېزىپ چىقىپ، بۇغرا قاراخانغا سوۋغا قىلىمەن» دەپ ئەھدە قىلدى. ئەمدى ھېچقانداق كۈچ بۇ كىچىكتىن ئۇنى چىقىرالمايتتى. كۆكلەمنىڭ قىرغاق سۆيۈپ دولقۇنلىنىپ كەلگەن ئەگىز سۇيىدەك جۇش ئۇرغان پىكىرلەر مەنىلەر سارىيىنىڭ كىرىش ئىشىكىگە شۇنداق نەقىشلەندى:

ئايغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

## بىرىنچى باب

ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان تەڭرىنىڭ مەدھىيەسى بايانىدا

خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەلتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىزىم①.

ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۈتۈن،
ئۇ بىرلا دېدى «بول»، بار ئولدى پۈتۈن.

ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق ۋە ياكى تېڭى،
نېچۈنلىكىگە يەتمەس خالايىق ئېڭى.

ساڭىلا سېغىندىم، ئۇمىدىم ساڭا،
قىيىنلىق يېرىمدە مەدەت قىل ماڭا②.

ئۇ ياراتقۇچى ۋە پاناھى بولغان خۇدانى ئۇلۇغلاپ، ئاڭا سېغىنغاندىن كېيىن، ئىككىنچى، ئۈچىنچى بابىدا خۇدانىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ

---

① ئىزىم — ئىگەم، تەڭرىم مەنىسىدە.
② «قۇتادغۇ بىلىك» 1 ـ، 4 ـ، 16 ـ، 29 ـ بېيىتلەر.

يولىنى داۋام ئەتكۈزگۈچى تۆت دوستىنى تەرىپلىدى. ئاندىن بۇ مۇبارەك كىتابنىڭ تۆتىنچى بابىدا باھار پەسلى ۋە بۇغراخاننى سۈپەتلىدى، تىلەك ۋە ئارزۇ قۇشلىرىنى قەپەستىن چىقاردى:

جاھان تىندى چىققاچ خاقان تەختىگە،
جاھان سۇندى سوۋغات خاقان بەختىگە.

دالادىن كېلۇچى ساما قۇشلىرى،
بىر رايى ھىندى①، بىرى قەيسەرى②.

ئېتىن ئاتىشىپ، بەسلىشىپ سايرىشۇر.
سۆيۈنۈش، خۇشاللىق ئارا يايرىشۇر.

گۈزەل مەنزىرە، يەردە گۈل خىلمۇخىل،
دالا، تاغ، ئېدىر، قىر يۈزى كۆك ـ يېشىل.

بىرى شەرقتىن تۇتار مىڭ ئارمىغان③،
بىرى غەربتىن تىكەر خىزمىتىگە جان.

شۇ ياڭلىغ خىزمەتكە تەييار دۇر جاھان،
بويۇن ئەگدى دۈشمەن، يوقالدى شۇ ئان.

يېپىلدى جاھانغا خاقان داڭقىنىسى،
قېچىپ كۆرمىگەن كۆزلەرنىڭ ئۇيقۇسى.④

①② قۇشلارنىڭ ناملىرى.
③ ئارمىغان ـــ ھەدىيە قىلغان، سوۋغات قىلغان مەنىسىدە.
④ «قۇتادغۇ بىلىك» 93 ـ، 94 ـ 95 ـ، 96 ـ، 99 ـ، 101 ـ، 102 ـ بېيىتلەر.

تۈزۈلدى قانۇن ھەم تىنچلاندى جاھان،
قازاندى نام ئۇستۇن قانۇن بىرلە خان.
...
ئەي خۇيى گۈزەل، پاك نەسەب، پاك ئۇرۇق،
جاھان قالمىسۇن سەندىن ھەرگىز قۇرۇق①.

بەگىيۇسۇپنىڭ تۇيغۇ ـ ھېسسىياتى گويا دېڭىزدەك مەۋج ئۇرۇپ، كىتابىنىڭ بەشىنچى، ئالتىنچى، يەتتىنچى بابلىرىنىمۇ يېزىپ تۈگەتتى. قانچە كۈن، قانچە ئاي ئۆتكەنلىكىنى ئۇ قانداقمۇ ھېسابلاپ ئولتۇرسۇن !

سەككىزىنچى بابىدا مۇئەللىپ ئۆزرە قويۇپ كېلىپ، بىلىم ۋە بىلىم ئەھلىنىڭ قۇدرەت، كامالىغا يۈكسەك باھا بەردى:

پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپئى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

بىلىم بىرلە سۆزلە پۈتۈن سۆزنى سەن،
بۈيۈك بىل بىلىمى بىلەن ئەرنى سەن.②

ئۇ ھەر سۆز، ھەر قۇرغا بىلىمدىن مەنە بېرىپ توققۇزىنچى، ئونىنچى بابىنىمۇ ئاخىرىغا يەتكۈزدى.

ئون بىرىنچى بابىدا، كىتابىنىڭ نامى، مەزمۇنى، يېزىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئاسى، بارا ـ بارا سوزۇلۇپ ئېچىلغان يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك روشەنلەشتى:

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» 103 ـ، 108 ـ بېيىتلەر.
② «قۇتادغۇ بىلىك» 208 ـ، 209 ـ بېيىتلەر.

كىتاب نامى قويدۇم قۇتادغۇ بىلىك
قۇتاتسۇن ئوقۇچىغا تۇتسۇن ئىلىگ.

سۆزۈم سۆزلىدىمەن پۈتىدىم بىتىك،
سۇنۇپ ئىككى دۇنيانى تۇتسۇن ئىلىگ.

كىشى تۇتسا بەخت بىرلە ئىككى جاھان،
بەختلىك بولۇر، بۇ سۆزۈم چىن ھامان.

بۇ كۈن تۇغدى ئىلىگنى قىلدىم سۆز بېشى،
ئىزاھلاي بۇنى ھەم ئەي ياخشى كىشى.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئېيتتىم ئايتولدىنى،
يورۇيدۇ ئۇنىڭدىن سائادەت كۈنى.

بۇ كۈن تۇغدى توپتوغرا قانۇن ئۆزى،
بۇ ئايتولدى بەخت ھەم سائادەت كۈنى.

كېيىن ئېيتتىم ئەمدى ئۆگدۈلمىشنى،
ئەقىللىق ئېتى ئۇ، زورايتۇر ئىشنى.

كېيىن ئېيتتىم ئودغۇرمىش ئۆزرە سۆزۈم،
ئۇنى ئاتىدىم «ئاقىۋەت» دەپ ئۆزۈم.

سۆزۈم ئۇشبۇ تۆت نەرسە ئۈستىدەدۇر،
ئوقۇساڭ دىققەتلە، مەنە ئاچىلۇر.[1]

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» 350 ~ 358 ـ بېيىتلەر.

خۇشاللىقتا يۈرگەن ئەي ياخشى يىگىت،
سۆزۈمنى زايە قىلما ئوبدان ئىشىت.

تىرىش، توغرا يولدىن ئاداشما هامان،
يىگىتلىك كەتمىسۇن بىكار، پايدىلان![1]

...

بەگيۇسۇپ قەلەمنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. قوللىرىنى ئۇياق ــ بۇياققا ئۇزارتىپ، بېلىنى تۈزلىدى. تىنىمسىز ئىش ــ هەرىكەت بىلەن ئەللىك باهار ــ كۈزنى، يازۇقىشنى ئۆتكۈزگەن سۇمباتلىق قامىتى ئىگىلىپ، بەل ــ پۇتلىرىدا ئاغرىق پەيدا بولغانىدى. ئۇ بۇ هالىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا سۈرەتلىدى:

يىگىتلىكتە تاتلىق ئىدى هەر ئىشىم،
ئوغا قىلدى ئەمدى مېنىڭ يەر ئېشىم.

بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق، بويۇم بولدى يا[2].

...

جۈرئەت بولمىسا ئىنسان هېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. بەگيۇسۇپ يىگىنە بىلەن قۇدۇق كولاشقا جۈرئەت قىلدى. ئۇنىڭ ئىرادە قىلىچى ئالدىنى توسۇغان يالماۋۇزنى قىيما ــ چىيما قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ غەيرىتى يولىدا پۇتلىكاشاڭ بولغان قورام تاشلارنى كۇكۇم ــ تالقان قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ پاراستى زۇلمەتنى يورۇتتى. كولا ــ كولا ئاخىر يەتتە قات يەر ئاستىدىكى بىپايان دېڭىزغا يەتتى. مۇبارەك قۇدۇق ئاستىدىن سۈپسۈزۈك پاكىز سۇ كۆرۈندى! ئۇنىڭ مىننەتسىز قىلغان ئەجرى زايە

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» 359 ~ 360 ــ بېيىتلەر.
② «قۇتادغۇ بىلىك» 370 ~ 371 ــ بېيىتلەر.

كەتمىدى. ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان قارلىق تاغمۇ ئۆرۈلۈپ، يېنىك تىن ئالدى.

بەگيۈسۈپنىڭ نەزىرى ئاخىرقى بەتلەرگە قۇرلانغان مىسرالارغا قايتا تىكىلدى.

يىل ئالتمىش ئىككى ئەردى تۆت يۈز بىلە[1]،
بۇ سۆز سۆزلىدىمەن تۈتۈپ جان سۈرە[2].

تولۇق ئون سەككىز ئايدا تۈگەتتىم بۇ سۆز،
يىغىپ سۆز تاللىدىم ھەم تىزدىم تېرە.

ئېچىلغان چېچەكتەك ئىپار ھىد پۈرار،
تىزىپ سۈندۇم بۇنى تاماملاپ، پۈرار.

نىچە سۆزلىسە كىم تۈگەرمىدى سۆز،
ئاقار توختىماستىن بۇلاقلار ئارا[3].

قۇدۇق قېزىلىپ بولدى. «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلىپ تاماملاندى. يەر بىلەن ئاسمان ئۇيۇق سىزىقىدا تۇتىشىپ كەتكەندەك، بۇ خىسلەتلىك داستاندىكى مەزمۇن ئالەمنىڭ ھەممە تامانىغا، ھاياتنىڭ پۈتۈن شاد ـ خۇراملىقى ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىگە تۇتىشىپ كەتكەندى...

ئۇ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. بۇلۇتلار يەلكەندەك ئۈزۈپ يۈرگەن پايانسىز ئاسمانغا باقتى: «ئى تەڭرىم، ساڭا رەھمەت. ئىشەنچىمنى يەردە قويمىدىڭ، ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىڭ. توغرا پىكىر ـ بايانلارنى كۆڭلۈمگە سېلىپ، تەسەۋۋۇرۇمنى قاناتلاندۇرۇپ، قەلىمىمنى

---

① مىلادىيە 1070 ـ، 1071 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② جان سۈرە ــ جاننى ئاتاپ تىرىشىپ دېگەن مەنىدە.
③ «قۇتادغۇ بىلىك» 6623 ـ، 6624 ـ، 6625 ـ، 6626 ـ بېيىتلەر.

راۋان، مۈشكۈلۈمنى ئاسان قىلىدىڭ. مۇرات ساھىلىگە يەتكۈزدۈڭ. سەن رەھمەتكە موھتاج بولمىساڭمۇ، مىڭ رەھمەت. بۇ كىتابىمنى ئاۋۋال ساڭا ھەدىيە قىلىمەن. ئۇنى ئەۋلادلىرىمغا يەتكۈزۈپ بەرگىن. تەشنا قەلبلەرنىڭ چاڭقىغىنى قېنىپ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولسۇن. بۇ دۇنيادا موھتاج بولماي، بويۇن قىسىپ قالماي، مەردۇمەيدان بولۇپ ياشىسۇن. خارلىنىپ قالمىسۇن !» دەپ ئىلتىجا قىلدى.

ئۇ يەرگە باقتى: گۈل - گىياھلارنىڭ ياپراقلىرى سارغىيىپ ئالتۇن رەڭگە كىرگەنىدى. كۆزنىڭ غۇر - غۇر شامىلىدا بەرگىدىن ئايرىلىپ تۆكۈلەتتى. ئۇنىڭ كۆزى يايپېشىل ئارچىغا چۈشتى. يىلنىڭ تۆت پەسلىدە رەڭگىنى، گۈزەللىكىنى يوقاتمايدىغان بۇ سۇمباتلىق دەرەخكە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ قالدى. شېخىدا بوز تورغاي سايراۋاتاتتى. كۈن چۆمۈلۈپ ھال رەڭگە كىرگەن كۆلدە، كۆلەڭگىسى يەلپۈنەتتى. بىر جۈپ ئاق قۇ ئۈزۈپ يۈرەتتى.

«مەن يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازدىم. كۆل سۈيى تۈگەپ كەتكەن بىلەن، بۇ قۇدۇقۇمنىڭ سۈيى تۈگىمەيدۇ. ئى ئانا تۇپراق، سەن مەدەت، ئىلھام بەرمىگەن بولساڭ بۇ قۇدۇقنى قازالمايتتىم. ساڭا رەھمەت !...» دەپ پىچىرلىدى.

— نېمە دەۋاتىلا ئاتىسى؟

بەگيۈسۈپ بۇرۇلۇپ داستىخان سېلىۋاتقان دىلدارىبىكەنى كۆردى.

— مىننەتدارلىق بىلدۈرۈۋاتىمەن ئانىسى.

— كىمگە؟

— ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز بولغان تەڭرىگە، گۈل دىيارىمىزغا، سايراپ كۆڭلۈمنى ئالغان بوز تورغايغا.

— ئەجەب - ھە، نېمىشقا ئاتىسى؟ — دىلدارىبىكە ئۇنىڭغا مېھىرلىك نەزەر تاشلىدى.

— قۇدۇقنى قېزىپ بولغىنىم ئۈچۈن.

— قايسى قۇدۇقنى ئاتىسى؟ — دىلدارىىكە شىرە ئۈستىدىكى دەستە ـ دەستە بەتلەرگە قاراپ بىردىن كۈلۈپ كەتتى، — ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن، ئەدەب بېگىم. راستلا تاماملىدىلىمۇ؟

— تاماملىدىم بىكەم، تاماملىدىم، — بەگيۇسۇپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا مەھبۇبىنىڭ ئوتلۇق قوللىرىنى تۇتۇپ پىچىرلىدى، — ئەزىزىم، سىلى بولمىسىلىرى تاماملىيالمايتتىم. سىلىگە مىڭ رەھمەت، رەھمەت. مەن پەرۋەردىگار ئالەمدىن ئانىسى سىلىنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە كۆيۈملۈك ھەمراھ، ئۇ دۇنيادىمۇ سۆيۈملۈك دىلرەبا قىلىپ بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىۋاتىمەن.

سۆيۈنگەن دىلدارىىكە يىغلىۋەتتى.

— ئاخىر يېزىپ پۈتكۈزۈپلا، ئاتىسى. رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كەلسە، سىلىگە رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ. يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازدىلا ئەمەسمۇ؟ كۈندۈزنى كۈندۈز، كېچىنى كېچە دېمەي مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ يېزىۋاتقانلىرىغا قاراپ، نەچچە ـ نەچچە قېتىم ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالغانىدىم. چەككەن جاپالىرىنىڭ يۈزدىن بىرىنى تارتىشىپ بەرگەن بولسام كاشكى. مۇشەققەتلىك ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەي ياداپ كەتتىلە، چاچلىرىغىمۇ ئاق كىرىپ كەتتى. مەن ھېچقانچە ياردەم بېرەلمىدىم، ئاتىسى.

— ئۇنداق دېمىسىلە بىكەم. سىلى بولغانلىرى ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكمىدىم دېسەم يالغان سۆزلىگەن بولمايمەن. ئىشىم ـ چېپىمنى ۋاقتى ـ قارايىدا تەييارلاپ بەردىلە، كۈندە دېگۈدەك كىيىملىرىمنى يېڭىلاپ كىيدۈردىلە، سائەتمۇسائەت چاي، شەربەت ئېلىپ كىرىپ، ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرۇپ تۇردىلا. پۇت ـ قولۇمنى تۇتۇپ، ئۇچامنى سىلاپ ھاردۇقۇمنى چىقاردىلا، كۈندۈزى كېسەللەرنى داۋالاپ، كېچىلىرى يازغانلىرىمنى ئاققا كۆچۈردىلە، «بېگىم چارچاپ قالدىلا، ئارام ئېلىۋالسىلا» دەپ راھەت ـ ھۇزۇر بەخش ئەتتىلە. ھەممىدىن مۇھىمى ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا

قويۇپ پىكرىمنى قاناتلاندۇردىلا. كىتاب مەزمۇنىنى بېيىتتىلا. شۇڭا، ئاغرىپ قالماي، بوشاشماي قۇدۇقنى قېزىپ ئاخىرىغا يەتكۈزدۇم، ئانىسى. يەنە نېمە قىلىپ بەرسىلە بولاتتى؟ بۇ كىتابقا سىلىنىڭ كۆپ ئەجىرلىرى سىڭدى، — بەگيۈسۈپ مەيدىسىگە باش قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان مەھبۇبىنىڭ قۇندۇزدەك قارا چاچلىرىنى سىلىدى.

— ئانىسى، كۆرسىدا مىدىرلىماي مىختەك ئولتۇرغانلىرىغا بىر يېرىم يىل بولدى. قول - پۇتلىرى تالدى، هاردىلا. كەڭ دالانى سېغىنىپ قالغانلا. شىكارغا ئېلىپ چىقاي. ساپ هاۋادىن نەپەسلىنىپ، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، ئۇچار قۇش، كېيىك - توشقانلار بىلەن سىردىشىپ كەلسىلە. ئوغلىمىزنى، بۇۋىئايىشە قىزىمىزنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقايلى. باققان قارچىغىمىزمۇ ئوۋغا ئېلىپ چىقماي زېرىكىپ قالدى. سىلى قۇش ئوۋنى ياخشى كۆرىلىغۇ؟ — دىلدارىبىكە ئۇنىڭ باغرىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

— ياخشى كۆرىمەن ئانىسى، ياخشى كۆرىمەن. ئىككى يىلدىن بېرى شىكارغا چىقماي بوشىشىپ قالغاندەك تۇرىمەن. تاغ - دالانى سېغىنىپ قالدىم. ماقۇل بىكەم، قاچان چىقىمىز؟

— بۈگۈن ئۆيدە ئوبدان ئارام ئېلىۋالسىلا، ئەتە چىقىلى.

— ماقۇل ئانىسى. بىر هەپتە ئوبدان دەم ئېلىۋېلىپ، ئاندىن يازغانلىرىمنى تەھرىرلەپ رەتلەپ چىقاي.

— تېخى تولۇق تاماملانمىغان ئوخشىمامدۇ، ئانىسى؟

— ياق، تاماملاندى. شېئىر بىلەن يېزىلغان بۇ چوڭ كىتاب مەزمۇن، مەنتىقە، ئىملا جەھەتلەردىكى سەۋەنلىك، خاتالىقلاردىن خالىي بولماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، بىر قېتىم كۆرۈپ چىقمىسام بولمايدۇ. مۇئەللىپ، بىر چېكىتنىڭ كەم، ئارتۇق بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. كىتاب مۇكەممەل بولۇشى كېرەك.

— بۇنىڭغا قانچىلىك ۋاقىت كېتەر، ئانىسى؟

— هەركۈنى ئەتىگەن - كەچ تەرەپلەردە تۆت - بەش سائەت

كۆرسەم، يېرىم يىلغا قالماي كۆرۈپ بولىمەن. جاپالىق ئەمگەك تۆگىدى، ئانىسى. خاۋاتىرلەنمىسىلە.

دىلدارىبىكە قىرغاۋۇل كاۋىپى بىلەن چۆچۈرە ئېلىپ كىردى.

تاماق يەۋالغان بەگيۇسۇپ ئايبۇلاق بويىغا جاي راسلىتىپ، راھەتلىنىپ ئىككى سائەت ئۇخلىۋالدى. قوپۇپ دىلدارىبىكە بىلەن تاشقىرى ـ ئىچكىرى ھويلىدىكى يامغا ئېلىنغان ۋە يەرگە تېرىلغان گۈللەرگە سۇ قۇيدى. ھارام پۇتاقلىرىنى كېسىپ تاشلىدى. شۇ چاغدا مەدرىسەدىن كەلگەن مىرئامانبەگ ھويلىغا كىردى.

— ئاتا، مەۋلانا ئىبنى خەلەپ ھەزرەتلىرى ئۆزلىرىگە سالام ئېيتتى، — دېدى ئۇ ئايبۇلاققا يېقىنلاپ.

— ئۇ ھەزرەت سالامەت بولسۇن، ئوغلۇم. ھەزرىتىمگە سالىمىمنى يەتكۈزۈپ، قېزىشقا كىرىشكەن قۇدۇقنى كولاپ بوپتۇ، دەپ قويغىن.

— خوپ ئاتا. كولاپ بولغان قايسى قۇدۇق ئۇ؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ئوغلى.

— بالام، ئاتاڭ يېزىۋاتقان كىتابنى تاماملىدىم دېمەكچى.

— مۇبارەك بولسۇن، ئاتا، — مىرئامانبەگ كېلىپ بەگيۇسۇپنى قۇچاقلىدى، — مەنمۇ بۈگۈن «تەفسىرى قۇرئان»نى تۈگەتتىم. ئەمدى ئەپلاتون پەلسەپىسىنى ئۆگىنىشنى باشلايمەن.

— ئوھۇ ! ساڭىمۇ مۇبارەك بولسۇن ئوغلۇم. بۆگۈ بىلگە بولاي دەپسەن ـ دە.

— ئەلۋەتتە، ئاتا. ئىبنى خەلەپ ھەزرىتىم سەن مۇشۇنداق تىرىشسىدىغان بولساڭ بوغۇغ بولىسەن، دەيدۇ. مەن ئەپلاتون بولىمەن، ئاتا.

— ئوھۇ ! خۇدا تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن بۆرەم. بۇ كىتابقا سىڭگىمۇ ئەجرىڭ سىڭگەن. ئاققا ئېلىشقا ياردەملەشتىڭ. پاساھەت، شىجائىتىڭ بىلەن روھىمنى ئۇرغۇتتۇڭ. سەن بۆگۈ بىلگە ئەپلاتون بولالايسەن. ھەزرەت فارابىنىڭ ئەسەرلىرىنى

ئوبدان ئۆگەنگىن. ئەقىل بۇلىقىڭ ئىچىلىدۇ، — بەگيۇسۇپ مىر ئامانبەگنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

ئۇ ھاياتىدا مۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى.

— ئوغلۇم، سەن بىلەن كەپتەر ئۇچۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ قورۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن بىر توپ كەپتەرگە قىزىقىش نەزىرى بىلەن قاراپ.

مىر ئامانبەگ كىچىكىدىن قۇشلارغا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ ئون يېشىدىن تارتىپلا كەپتەر باققانىدى. كەپتەرخانا ئىچكىرى ھويلىدىكى ئايۋان ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە ئىدى.

ھەمىشە شوتا قويۇقلۇق تۇرغان ئۆگزىگە بەگيۇسۇپ ئوغلى بىلەن چىقتى. كەپتەرخانىدا بىرەر يۈزدەك كەپتەر بار ئىدى. غوڭۇلدىشىپ، قانات قېقىشىپ، بازلىشىپ ئوينىشىۋاتاتتى. ھەممىسى دېگۈدەك قۇمىدىن چىقىۋالغانىدى. ھەممىسىنىڭ بوينىغا كىچىك غوڭ قاپاق ئېسىپ قويۇلغانىدى.

— بالام، كەپتەرلىرىڭ كۆپىيىپ قاپتىغۇ؟ — دېدى كۈلۈمسىرەپ بەگيۇسۇپ. بىر كەپتەرلەرگە، بىر ئوچۇق ھاۋاغا قاراپ.

— ئاچ قورساق كەپتەرلەر قوشۇلۇپ مۇشۇنداق ئاۋۇپ كەتتى، ئاتا. قىش كىرگۈچە ئىككى يۈزگە يېتىدىغاندەك قىلىدۇ. كەپتەرخانا كىچىك كېلىپ قالىدىغان بولدى.

— چوڭراق قىلىپ ياسىتىپ بېرەي، ئەمما ئاۋۇپ كەتمىسۇن. خەقنىڭ كەپتەرلىرىنى قوشۇۋېلىۋەرمە.

— ماقۇل، ئاتا. ئاۋۋال دان بېرەي. قورساقلىرىنى بىر ئاز توقلىۋالسۇن. ئاندىن ئۇچۇراي. بولمىسا باشقىلارنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

مىر ئامانبەگ كەپتەرلەرگە دان چېچىپ بەردى.

— قۇشلار دانىنى دەپ، ئادەملەر پۇل ـ بايلىقنى دەپ جان بېرىدۇ، ئوغلۇم، — دېدى بەگيۇسۇپ بىر ـ بىرىنى چوقۇشۇپ، ئىتتىرىشىپ، تالىشىپ دان يەۋاتقان كەپتەرلەرگە قاراپ، — بەزى

ئادەملەر ئاچ كۆزلۈكتە قۇشلاردىن قېلىشمايدۇ. ھە، قېنى كەپتەرلىرىڭنى ئۇچۇرغىن!

مىرئامانبەگ كەپتەرخانىنى ئاچتى. ئاتا ـ بالا تاپاقلىرىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئايلاندۇرۇپ، كەپتەرلەرنى ئۇچۇرغىلى تۇردى. ئويۇنچى، پەلەڭ، موللاقچى كەپتەرلەر قەشقەر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشتى. غوڭ قاپاقتىن ياڭرىغان مۇڭلۇق سادا پەلەككە تارقالدى.

ئالاھازەل بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ئۇچقان كەپتەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆگزىگە چۈشتى. مىرئامانبەگ ئۇدۇللۇق دان چېچىپ بەردى.

— ئاتا قارىسىلا، ئاۋۇ ئۇچى قوشۇلۇپ كەپتۇ. ئويۇنچىلار ئىكەن، — دەپ خۇش بولۇپ كەتكەن بالا كەپتەرلىرىنى قومىلىرىغا كىرگۈزۈۋەتتى.

ئۇلار ئۆگزىدىن چۈشۈشكە دىلدارىبكە قوغۇن پىچىپ بەردى.

— تاتلىق ئىكەن، شېرىن ئىكەن، — دېدى بەگيۇسۇپ. ئۇنىڭ بۇگۈنكى كېچىسى تېخىمۇ شېرىن ئۆتتى...

## 3

بەگيۇسۇپ بالىلىرى بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندىلا شىكارغا چىقتى. ئۇ بىر يېرىم يىلدىن بېرى كىتاب يېزىش بىلەن بولۇپ، دالانى سېغىنىپ قالغانىدى. خۇش ھاۋا تۇمەن، قىزىل دەرياسى بويلىرى چار باغدەك ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلار كۆۋەجەپ ئاققان دەريانىڭ شاقىراشلىرىغا، قىرغاقتا سۇ ياقىلاپ ئوتلاۋاتقان كالا ـ قويلارنىڭ مۆرەش ـ مەرەشلىرىگە، ھەتتا ئاپتاپقا قاقلىنىپ چەمبەر بولۇپ تۇگۈلۈپ ياتقان يىلانلارنىڭ كۇشۇلداشلىرىغا قۇلاق سالدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تۇۋىدە توختاپ، تورغاي، تۇمۇچۇقلارنىڭ مۇڭلۇق ساداسىنى تىڭشىدى. گۈل ـ گىياھلارنىڭ شىۋىرلاشلىرىغا، بېلىقچانلارنىڭ

پىچىرلاشلىرىغا زەن قويۇپ، دەريا سۈيىدە تەرەت ئالدى. بىلىكىگە قوندۇرۇۋالغان قارچىغا بىلەن كېتىۋېتىپ مۈگداشتى. قۇملۇق قىرغاقتا ئولتۇرۇپ، باغرىنى يەرگە يېقىپ زېمىننىڭ نىداسىنى ئاڭلاپ هاياجانلاندى. دىلدارىكە بىلەن ئاڭ ئىزدەپ يۈرۈپ، قۇش سېلىپ ئىككى قىرغاۋۇلنى ئۇۋلىدى. خۇددى يىگىتلىك چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش غەيرىتى ئۇرغۇپ تاشقان بەگيۈسۈپ قارچىغىنىڭ چاڭگىلىدا تىپىرلاۋاتقان قىرغاۋۇلنى ئېلىپ بوغۇزلىدى. بىر لوقما گۆشنى قۇشقا بېرىپ، تۇماقىنى بېشىغا كىيدۈرۈپ قويدى. دىلدارىكە:

— بۇنداق قىلىش رەهىمسىزلىك ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— ياق، بۇ رەهىمسىزلىك ئەمەس، تەبىئىي قانۇنىيەت. قارچىغا قىرغاۋۇل، توشقاننى ئۇۋلىمىسا ئاچ قېلىپ ئۆلىدۇ. ئادەملەر شىكار قىلمىسا ياخشى بىر يېمەكلىكتىن مەهرۇم قالىدۇ. شۇڭا، قارچىغا، بۈركۈتلەرنى كۆندۈرۈپ ئوۋ قىلدۇرىدۇ. هاياتلىق ئەنە شۇنداق تەڭشەلگەن ئانىسى...

ئۇلار سۆزلىشىپ مېڭىپ چاتقاللىقتا بۇۋىئايىشەگە ئۇچراپ قالدى. ئۇ يېڭىلا ئېتىۋالغان ئۇلارنى ئېتىغا غانجۇغىلىۋالغانىدى. چاتقاللىقنىڭ بىر چېتىدىن مىر ئامانبەگ بىلەن رۇستەمبەگلەر چىقىپ كەلدى. ئۇلار كەكلىك، كېيىك، بىر تۈلكە، ئىككى توشقان ئېتىۋالغانىدى. بەگيۈسۈپ رۇستەمبەگنىڭ قولىدىكى ساداقنى ئېلىۋېلىپ قارچىغىنى تۇتقۇزۇپ قويدى:

— ئەمدى قۇش بىلەن شىكار قىلىڭلار. بۆرىنى ئۇۋلىمىغىنىڭلار، ئېغىر ئاياغ هايۋانلارنى ئاتمىغىنىڭلار ياخشى بوپتۇ. مەن ئەمدى يا بىلەن شىكار قىلىپ باقاي.

بەگيۈسۈپ يانى بەتلەپ بىرقانچە قېتىم ئوق ئۈزگەن بولسىمۇ، ئولجىغا ئىگە بولالمىدى. قايتىدىغان چاغدىلا بىر توشقان، بىر تۈلكىنى ئېتىۋالدى. ئوقيا ئېتىشقا ماهىر دىلدارىكە بىر غاز، ئىككى قىرغاۋۇلغا تەگكۈزگەنىدى.

بەگيۇسۇپنىڭ ئۆيدىن چىقماي سارغىيىپ قالغان چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ ياشىرىپ قالدى. كۆپ پاتقاندىن كېيىن ئۇلار شىكاردىن ياندى. پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ ئوۋ مەئىشىتى بىلەن غىزالاندى.

بۇ غەم - غۇسسەسىز دەم ئېلىشنىڭ ئۈچىنچى كۈنى، مۇدەررىس، ئالىم، ئەدىبلەر بەگيۇسۇپتىن ھال سورىغىلى كېلىشتى.

— بىز، ئۆزلىرى قازغان قۇدۇقنىڭ شېرىن سۈيى بىلەن چاڭقىغىمىزنى قاندۇرغىلى كەلدۇق، — دېدى سالاملىشىپ ئەھۋال سوراشقان مەۋلانا ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ، — مىر ئامانبەگدىن ئىشىتىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇق. تۈنۈگۈن كېلەيلى دېسەك شىكارغا چىقىپ كېتىپىلا. كۆرگۈمىز، مۇڭداشقىمىز بار ئىدى. دىدارلىرىغا يەتكۈزگەن ئاللادىن مىننەتدارمىز.

— ئەگەر ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرالىسام ئارمانغا يەتكەن بولاتتىم، ئۇستاز، — دېدى بەگيۇسۇپ ئۇلارنى كىتابخانىسىغا باشلاپ، — پېقىرمۇ ھەربىرلىرىنى شۇنچە سېغىنغانىدىم. مەرھابا!

ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ دەستىلەپ ئۈچ جىلتىغا سېلىپ قويۇلغان قول يازمىنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ:

— بىباھا تۆھپە، بىباھا تۆھپە، — دېدى ئۇ بەگيۇسۇپنى تەبرىكلەپ، — ئالاھازەل يازغانلىرى ئىككى مىڭ بەتتىن ئارتۇق ئىكەن، — ئۇ ۋاراقلاپ بىر بەتكە كۆز سېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى:

بولاي دېسەڭ ئەلگە ئۇزۇن ھۆكۈمران،
قانۇن تۈز، يۈرگۈز، خەلقنى ئاسرا ھامان.①

① «قۇتادغۇ بىلىك» 2033 - بېيىت.

ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزىلۇر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمىيپ ئەل، بۇزىلۇر جاھان①.

ئۇ يەنە بىر ۋاراق ئۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى:

بولۇۋەرسە ئىتقا، كۆر، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.

ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان②.

— مانا بۇ مىسرالار، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يول كۆرسەتكۈچى مەشئەل بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. جانابلار، پادىشاھلار قان كېچىپ جەڭ قىلىپ قولغا ئالغان شەھەرلەر بىر كۈنى خاراب بولىدۇ. بايلار ئېسىل تاش، بىللۇر، ھېقىقتىن ياسىغان كۆركەم قەسىرلەر بىر كۈنى ۋەيران بولىدۇ. بەگىيۇسۇپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەقىل ۋە بىلىم جەۋھەرلىرىدىن پۈتكەن بۇ ئالەمشۇمۇل داستانى ئەۋلادلار ئۈچۈن بىباھا تۆھپىكى، زاماندىن ـ زامانغا مىراس قالغۇسى. ئۇ يازغاندەك پادىشاھ ۋەتەن، قوۋمىغا سادىق، ئارسلاندەك غەيۇر بولسا، ئەمىر ـ ئەركان، قوۋمىمۇ ئۆز پادىشاھىغا سادىق، قورقۇمسىز، مەردۇمەيدان بولۇپ قۇدرەت تاپىدۇ. ناۋادا، پادىشاھ ئىت مىجەز، قارا نىيەت بولسا، ئەمىر ـ ئەركان، قوۋمىمۇ لالما ئىتلارغا ئايلىنىپ، كاززاپ، سۇخەنچى، مۇناپىق بولۇپ روناق تاپالمايدۇ. تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا خارلىنىپ كۈلپەت چېكىدۇ. بۇ ئەۋلاد ئۈچۈن ھەق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، — دېدى ئىبنى خەلەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ ۋە ھاياجانلانغان ھالدا قولىدىكى بىر دەستە قول يازمىنى مۇھەممەد بىننى ئەل كاشغەرىيگە سۇنۇپ بەردى. ئۇ

① «قۇتادغۇ بىلىك» 2034 ـ بېيىت.
② «قۇتادغۇ بىلىك» 2047 ـ ، 2048 ـ بېيىتلەر.

قولىغا ئېلىپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇدى.

كېلىن قىز سۆيۈنچى نىكاھ ـ توي كۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.

سۈرەر ئالغا لەشكەر باتۇر ئات چېپىپ،
لاچىن قۇش ئالۇردەك تۆكەر ياۋ قېنى.

يىغى كۆرسە باتۇر قوپارتۇر توزان،
بۆلەكلەرگە نۆۋەتنى بەرمەس هامان.

چېرىك كۆرسە باتۇر بولۇر ئارسلان،
قىلۇر ياۋنى يوق، يا بېرۇر ئۆزى جان[1].

— نېمىدېگەن هېكمەتلىك مىسرالار ـ هە ! هەربىر جۇۋانى مەرد پەرزەنتلىرىمىز بۇ مىسرالارنى قەلبىگە پۈتۈۋېلىشى، هەرقاچان باستۇرۇپ كىرگەن ياۋ بىلەن شىرى غەررانەدەك ئېلىشىپ ئانا ۋەتىنىگە ئاياغ باستۇرماسلىقى، بەلكى تىرىپىرەن قىلىپ دۇنيادا مەغرۇر ياشىمىقى لازىمدۇر، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، قول ئۈزارتقان يەنە بىر ئالمىغا بەردى. ئۇ تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇدى:

بىلمىسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگاھ، پەگاھ بولدى تۆر.

بولۇپ قالسا پەگاھ ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگاھ بولۇر تۆر تېخى ئەڭ بۇرۇن.[2]

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» 2380 ~ 2383 ـ بېيىتلەر.
② «قۇتادغۇ بىلىك»262 ـ، 263 ـ بېيىتلەر.

— باريكاللا ! — دېيىشتى ئالىملار، — ھەقنى جاكارلاپتۇ. بىلىم دۈشمەنلىرىنى جازالاپتۇ. بىلىمسىزلىك ئەقىلنىمۇ، جاننىمۇ خورىتىدۇ. بىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت تەختىدىن ئورۇن بەرمىگەن پادىشاھنىڭ ئۆمرى كوتا بولىدۇ. قوۋمى كۆلپەت، ئاسارەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

بىر مۇدەررىس قول يازمىنى ئېلىپ، ئىچىپلا ئوقۇدى:

ناھايەتمۇ قاتتىق غېرىبلىق ئىشى،
غېرىبلىقتا قاتقاي تولا ئەر بېشى.

كېرەك بولغاي ئالتۇن ـ كۈمۈش بىگۇمان،
ئۇنى خەرج قىلايىن دېسە ھەرقاچان[1].

— نېمىدېگەن ھېكمەتلىك مىسراالار ـ ھە ! شامال ـ بوران كۆھقاپتىن چىققاندەك ھەممە بالا ـ قازا غېرىبلىقتىن چىقىدۇ. بۇنى بىلەلمىگەن شاھ ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ ! ئۇ يەنە ئوقۇشنى داۋام قىلدى:

ئوغۇل ـ قىز غېمى بۇ تۈۋى يوق دېڭىز،
ئوغۇل ـ قىز غېمىدىن سارغايدى مېڭىز.

كىشىنىڭ بولسا ئوغلى، قىزى، خوتۇنى،
نېچۈن كۆرگەي ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇنى؟

ئوغۇل ـ قىزنى دەپ يەر ئاتا ئۆز ئېتىن،
ئوغۇل ـ قىز ئاتىماس ئاتانىڭ ئېتىن[2].

— ئاتا ـ ئانىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن پەرزەنت بەتبەخت

① «قۇتادغۇ بىلىك» 478 ـ ، 479 ـ بېيىتلەر.
② «قۇتادغۇ بىلىك» 1164 ـ ، 1165 ـ، 1166 ـ بېيىتلەر.

مەلئۇننىڭ ئۆزىدۈركى، بۇ دۇنيا ـ ئۇ دۇنيادا خارلىقتا قالغاي، ئاتا ـ ئانىنىڭ قەدرىگە يەتكەن پەرزەنت كامال تاپقان ئەزىزلاردىن بولغايكى، ئىككىلا دۇنيادا ھۆرمەت تاپقاي. بەگيۇسۇپ كۆڭلىمىزدىكىنى تېپىپ پۈتۈپتۇ، — دېدى مۇدەررىس، — قول يازمىنى ھوسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپكە سۇنۇپ. ئالىم ئوقۇدى:

بۇ تۈرك بەگلىرىگە سىلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.

بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگىلىك،
توڭا ئالىپ ئەر[①] ئىدى بەختى بەلگىلىك.

ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىللىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىك، خەلقنىڭ خىلى.

ئىدى ئۇ سەرە ـ خىل، زېرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زېرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران[②].

بەگيۇسۇپ بۇ داستانغا ئالىملارنىڭ شۇنچە يۇقىرى باھا بەرگىنىدىن خىجىللىق ھېس قىلىپ:

— مەۋلانا مەھمۇد كاشغەري بۇ سورۇندا بولسا كاشكى! ئۇ كىتابىمنىڭ نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ مېنى بۇنچە تەڭلىكتە قالدۇرماس ئىدى. كاشكى ـ كاشكى... ئۇ يوق بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— مەۋلانا بەگيۇسۇپ ئېمىشقا خىجىل بولىدىلا. بىز ھەق گەپنى قىلدۇق. سىلىنى قانچە تەرىپلىسەك، مەدھىيەلىسەك

① توڭا ئالىپ ئەر — ئالىپ ئەرتوڭا (ئافراسىياپ).
② «قۇتادغۇ بىلىك» 276 ~ 279 ـ بېيىتلەر.

ئەرزىيدۇ. ناۋادا، بۇ قۇتلۇق سورۇندا مەھمۇد كاشغەرىي ھەزرەتلىرى بولسا: «بەگيۇسۇپ، سىز بۇ داستانىڭىز بىلەن دۇنياغا بىر ئۆچمەس چىراغ يېقىپ بەردىڭىز. پادىشاھمۇ، پۇقرامۇ، بايمۇ، گادايمۇ ئەمدى قاراڭغۇلۇقتا قالمايدۇ» دېگەن بولاتتى. سىلىنى ھەرگىز تەڭلىكتە قالدۇرمايتتى، — ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ جىلتىغا سېلىنغان «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىنى باش ئۇستىگە كۆتۈردى، — بەگيۇسۇپ، ئۆز گەپلىرى بىلەن ئېيتقاندا، سىلى يىگنە بىلەن شۇنداق بىر قۇدۇق قازدىلا كىم، ئۇنىڭ سۈيى مىڭ يىللاردىن كېيىنمۇ تۈگىمەيدۇ. ئەۋلادلار قىيامەت قايىم بولغۇچە سىلىنى ياد ئېتىدۇ. سىلى بۇ ئەلگە قۇت بېرىدىغان كىتابنى ئاددىي تىل بىلەن ئەمەس، ھېكمەتلىك، پاساھەتلىك، گۈزەل مىسرالار بىلەن داستان قىلىپ پۈتۈپ چىققانلىرى ئۈچۈن بىزلا ئەمەس، پۈتۈن ئۇيغۇر قوۋملىرى، شەرق ۋە غەرب ئەھلى تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئۆز ئالىمىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغان، ئۆز ئالىمىنى دۈشمەنلىرى ئالدىدا بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرمىگەن، ئاسرىمىغان، قوغدىمىغان مىللەت — ئۆز ھۆرمىتىنى يوقىتىدۇ، ئۆزىنى خار قىلىدۇ. بىز سىلىنى قەدىرلەيمىز، ئەزىزلەيمىز، — ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قول يازمىلىرىنى بەگيۇسۇپكە ئېگىلىپ سۇنۇپ بەردى.

— رەھمەت بۇزرۇكۇارلىرىم، رەھمەت پېشۋالىرىم. مەن ھەربىرلىرى بىلەن پەخىرلىنىمەن. ۋەتەن خەلقىم بىلەن پەخىرلىنىمەن. بۇغراخانلىرىم بىلەن پەخىرلىنىمەن، — بەگيۇسۇپ ئالىم، مۇدەررىسلەر بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلاشتى، ھەممىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ھەزرەتلىرىنىڭ ۋەتەنگە سالامەت قايتىپ كېلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلايلى، — دېدى ئۇ.

ئالىملار دۇئاغا قول كۆتۈردى.

دۇئادىن كېيىنمۇ ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ، قوغۇن - تاۋۇز يەپ

ئـولتۇرۇشتـى. ئۇلار ئاسمـاننى يـۇلـتۇز قاپـلاپ، ئـاينـىڭ كـۆك قەھرىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىمۇ بىلمەي قىلىشتى. ئۇلار ئـۇزاپ چىققاندا تۈن يېرىم بولغانىدى.

سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتكەن بەگيۇسۇپ شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان دىلدارىبىكەگە تۇيدۇرمايلا ئورنىدىن قوپتى. ئالىملارنىڭ دىگەنلىرى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھاياجىنى تېخى بېسىلمىغانىدى. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، ئەتىگەنلىك چاينى ئىچكەندىن كېيىن ئۆزىنى تۈتۈۋېلىپ ئوردىغا باردى. ۋەزىر - ۋۇزرا، ھاجىپ، سانغۇنلار بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. ئۇلار ئۇزاق يىللار ئايرىلىپ كېتىپ، تاسادىپى كۆرۈشۈپ قالغان قېرىنداشلاردەك بىر - بىرلىرىگە قېنىشماي ھال - مۇڭ بولۇشتى. ۋەزىر، ھاجىپلار:

— ئىشلىرى تۈگىمىدىمۇ بۆگۈ بىلگە ھەزرەتلىرى. كېلىشلىرىگە مۇنتەزىر ئىدۇق، — دېيىشىپ ھۆرمەت كۆرسىتىشتى. ئۇنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر تاپقان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ئۆزى سارايغا باشلاپ كىردى.

— ئاخىر كەلدىڭىز ئۇستاز. ئوردا خىزمىتىدىن بىزار بولغان ئوخشايدۇ، كىتاب يېزىشنى باھانە قىلىپ ئىجازەت بېرىشكە قىستىدى، مەندىن رەنجىپ قالغانمىدۇ، دەپ كۆڭلۈم بەك يېرىم ئىدى، — دېدى ئـۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھاجىبۇل ھۇجاپ كۇرسىغا ئولتۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ، ئۆزى تەختكە چىقتى.

— بۇغراخان ئالىيلىرى، مەن يەنىلا ھاجىپ كۇرسىغا ئولتۇراي. ھاجىبۇل ھۇجاپ ئىشەنچلىرىنى يەردە قويمىغاندۇ؟ — دېدى ئۇنىڭ تەكلىپىنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلىپ.

— يوقسۇ - يوقسۇ، ئۇستاز. ئوبۇل ئەلا ئارتۇچى كامالەتكە يەتكەن بۆگۈ بىلگە ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن رازى. خالىمىسىڭىز زورلىمايمەن. مەيلى قەيەردە ئولتۇرسىڭىز، مېنىڭ نەزىرىمدە سىزنىڭ ئورنىڭىز ھەممىدىن يۇقىرىدا. شۇنداق ئۇلۇغ ئىشنى قىلىۋېتىپمۇ ئارىلاپ كېلىپ، دىدارىڭىزغا تەشنا كۆڭلۈمنى

قاندۇرۇپ تۇردىڭىز. لېكىن، بىرنەچچە ئايدىن بېرى كۆرۈشكۈم كېلىپ، يولىڭىزغا مۇنتەزىر بولۇپ قالغانىدىم. كېلىپ يېرىم بولغان كۆڭلۈمنى يەنە پۈتۈن قىلدىڭىز. سىز نېمىدېگەن ھىممەتلىك، مەردانە ـ ھە !؟

— كىتابنى تاماملىدىم، ئالىيلىرى. خىزمەتلىرىدە داۋاملىق بولىمەن. ئېيتقانلىرى پېقىر ئۈچۈن ئارتۇقلۇق قىلىدۇ.

— كىتابنى يېزىپ تۈگەتتىڭىزمۇ؟ مۇبارەك ـ مۇبارەك ! — دۇنيانى بىر ئايلىنىپ چىقىپسىز ـ ھە؟ ! قۇتلۇق قەدەم. كىتابىڭىزنى بىر كۆرۈپ چىقىشىمغا بولارمۇ ئۇستاز؟

— ئەلۋەتتە، ئالىيلىرى. يېزىپ تاماملىغىنىم بىلەن تەھرىرلەپ كۆچۈرۈپ، شىرازلاپ كىتاب قىلىپ چىقىشقا يەنە ئازراق ۋاقىت كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئارزۇلىرىنى تېزرەك قاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

بەگيۇسۇپ «ئالىيلىرىغا تەقدىم قىلماقچىمەن» دېمەيلا سۆزىنى توختاتتى.

— سىز يېنىمدىلا بولسىڭىز ھەر كۈنى بىر كىتاب ئوقۇغاندەك بولىمەن. ماقۇل، كىتابنى تەھرىرلەش ئىشىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. پات ـ پات كېلىپ تۇرغايسىز ئۇستاز.

— باش ئۇستىگە ئالىيلىرى.

— چۈشلۈك تاماققا داخىل بولۇپ كېتىشىڭىزنى ئۆتۈنسەم بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە.

بەگيۇسۇپ چۈشلۈك تاماقنى بۇغراخاننىڭ ئارامگاھ سارىيىدا يەپ، ئاۋۋال ساچىيە مەدرىسەسىگە، ئاندىن خانلىق مەدرىسەسىگە باردى. ئۇنىڭ دىدارىغا تەشنا تالىپلارنى خۇش قىلىۋەتتى.

— ئوردىغا بارغان بىرىنچى كۈنىلا يەنە بىزنى ئۇنتۇپ قالدىلىغۇ. رەسمىي ئىشقا چۈشتىلىمۇ يا؟ — يولغا قاراپ تاقىتى تاق بولغان دىلدارىكە ئۇ قايتىپ كەلگەندە باتىنغاندەك

قىلىپ، تونىنى سالدۇردى.

— يوقسۇ ئانىسى. ئىشقا تېخى چۈشمىدىم. بۇغراخاننىڭ تەكلىپىنى يىرالماي ئۇنىڭ بىلەن چۈشلۈك تاماققا داخىل بولۇپ قالدىم. كېيىن مەدرىسىلەرگە بېرىپ تالىپلار بىلەن كۆرۈشتۈم. قانداقمۇ سىلەرنى ئۇنتۇپ قالاي؟

دىلدارىبكە ئۇنىڭغا گۈللۈك كىمخابتىن ئىشلەپ تىككەن جىلتىنى كۆرسەتتى.

— كىتاب ئۈچۈنمۇ؟ رەھمەت ئانىسى. بەك چىرايلىق تىكىلىپتۇ، — دېدى ئۇ خۇش بولۇپ.

— يەنە قانچىنى تىكسەم بولىدۇ، ئاتىسى.

— يەنە ئالتىنى بىكەم.

كۆڭلەر شۇ تەرىقىدە بەگيۈسۈپكە خۇشاللىق، ئارامبەخش ئېتىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. قەھرىتان قىش چىقىپ، كۆكلەم كەلدى.

ئىنچىكە تەھرىرلىنىپ، يەتتە نامدار خەتتات كۆچۈرگەن يەتتە نۇسخا كىتاب ئالتۇن ھەل بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ يېزىلغان يەتتە نەپىس مۇقاۋىغا ئېلىندى. بەگيۈسۈپ كۆچۈرۈپ چىققان، شىرازلىغان، مۇقاۋىغا ئالغان دەۋكار ئۇستىلارغا تون يېپىپ ئات مىندۈردى. ئۇلارنى دىلدارىبكە تىككەن يەتتە كىمخاب جىلتىغا سېلىپ، ئۆينىڭ تۆرىدىكى ئويۇقتا تىزىپ قويىدى...

## 4

بۇغرا قاراخان ئۆمەر ئارسلانخان تەختتە ئۇزاق ئولتۇرالمىدى. ئۇنىڭغا چاپلاشقان باش ئاغرىقى ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا، رۇم، باغدات، قەشقەردىن تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرگەن تېۋىپلارنىڭ جىددىي داۋالىشى نەتىجىسىدە، بىر مەھەل ساقايغاندەك قىلىسىمۇ، قىرىق نەزىرىسىنى ئۆتكۈزۈپ، بالاساغۇنغا بېرىشىغا يەنە قوزغالدى. ئۇنىڭ سەلجۇقىيلارنى

يېگىپ خوراسان، ھىندىستاننى ئىگىلەش، باغدات، رۇم شەھەرلىرىگە يۈرۈش قىلىش، دۇنيادا ئەڭ چوڭ جاھانگىر پادىشاھ بولۇشتەك شېرىن خىيالى يوققا چىقتى.

تېۋىپ ـ ھۆكۈمالار ئۇنىڭ كېسەل سەۋەبىنى ھەددىدىن زىيادە خىيالغا بېرىلىشىدىن پەيدا بولغان، دەپ بېكىتىشتى.

ئۇ ھەقىقەتەن كىچىكىدىن تارتىپلا خىيالپەرەس ئىدى. سۇلايمان پەيغەمبەردەك ئىنس ـ جىن، شامال، ھاشارات، ھايۋانلارغىمۇ پادىشاھ بولۇش ئارزۇسىدا ئاجايىپ شېرىن ئويلارغا بېرىلەتتى. بالدۇرراق تاج كىيىپ، تەختتە ئولتۇرۇپ، جەڭگاھلاردا جەۋلان قىلىشنى، رۇستەمدەك نام چىقىرىپ، دۇنيادىكى گۈزەل ئاياللارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىشنى ئىستەيتتى. لېكىن، ئۇ خان بولالماي شاھزادە بولۇپ ئۆتۈۋاتقىنىغا ئاچچىقلىناتتى. ئۇ بارغانسېرى كۆڭلىدىكىنى تېپىشقا چىقىرالماي ئەسەبىيلىشىپ كەتتى. ھەممەيلەنگە ئاداۋەت تۇتۇپ، گەپ قىلماي خىيالچان يۈرىدىغان بولدى. ھەتتا خاتۇن ـ چۆرىلىرى بىلەنمۇ كارى بولماي بالىلىق بولالمىدى. نەتىجىدە نېرۋىلىرى قالايمىقانلىشىپ، ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ بېشى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. «شامال دارىپتۇ، ئالۋاستى، جىن ئۇرۇپتۇ» دەپ، ئۇنى ئۇستا داخانلارغىمۇ ئوقۇتتى. پېرىخونلارغا ئاپىرىپ پېرە ئويناتتى. ساقايمىغاندىن كېيىن يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغان مەھمۇد ئارسلانخان ئاتانغان تېۋىپلەرنى يىغىپ داۋالاتتى. ئۇ ۋاپات بولۇپ، تەختكە چىققان بۇ كېسەلمەن خان ساقىيالماي داد ـ پەرياد چېكىپ ئاخىر غالجىر بولۇپ قالدى. قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنىپ، قارا سوغۇقتا ئۆلۈپ كەتتى. ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

دىۋانى ھاجىپ، دىۋانى ئارز، دىۋانى توغرائى ۋە بۇغراخان جەمەتىنىڭ مويسىپىتلىرى كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىش بىلەن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بىننى سۇلايمان ئارسلانخاننى

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بۇغراخانلىقىغا بەلگىلىدى.

تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى نورۇز بايرىمى كۈنى ئوردا ئالدىدا ئۆتكۈزۈلدى.

ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، باھار قۇياشىنىڭ زەڭگەر نۇرى مۇنبەردىكى ئالتۇن تەختىنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرغان چوڭ كۆلنى ھال رەڭگە كىرگۈزگەنىدى. ئالتۇن تۇش ئورنىتىلغان بۇغرا تۆگىنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ جىمىرلاپ تۇرغان سۇ يۈزىدە بەھەيۋەت كۆرۈنەتتى. كۆل ئەتراپىدىكى يول ۋە سەينا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. كۆل بويىغا ئىسىلغان چوڭ داش قازانلاردا نورۇز ئېشى كۆجە قايناۋاتاتتى. بىر چاغدا ئوردا ئىشىكىنىڭ ھەيۋەتلىك پەشتىقىدا شادىيانە ياڭراپ كەتتى.

ئوردا ئىشىكى ئېچىلىپ، بېشىغا ئاق قالپاق، ئۇچىسىغا قىزىل چەكمەندىن تون كىيىپ بەلبېغىغا خەنجەر ئېسىۋالغان توقۇز ئەلەمدار پادشاھلىق تۇغلارنى لەپىلدىتىپ چىقىپ كەلدى. ئارقىدىن قىرىق شادىيانىچى ناغرا ـ سۇناي، بۇرغا ـ كانايلىرىنى چالغان ھالدا نامايان بولدى. قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ كۆتۈرگەن يېشىل كىيىملىك، كۆك قالپاقلىق ئۈچ يۈز ئاتمىش جاندارلار بىلەن ئالتۇن گۈرزىنى ئويناتقان توقسان توققۇز ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ ھەيۋەتلىك سېپى كۆرۈنگەندە، ھاياجانلانغان خالايىق بويۇندىشىپ دەۋرەپ كەتتى. ئاندىن بوز ئاتقا مىنگەن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ھاجىپلىرى بىلەن چىقىپ كەلدى.

ـــ شاھىنشاھ بۇغراخانغا بارىكاللا ! ـــ دېگەن ئاۋامنىڭ ساداسى پەلەككە كۆتۈرۈلدى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان بىلەن بىللە بەگيۇسۇپ، شەيخۇلئىسلام نۇرىدىن داموللا ھاجى، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ باشلىق ئالىم ـ ئۆلىمالار ھۆرمەت كۆرسەتكەن ئاۋامغا سالام بېرىپ، مۇنبەرگە چىقتى.

بۇ كاتتا مەرىكىگە رىياسەتچىلىك قىلىش تاپشۇرۇلغان

بەگيۇسۇپ قول ئىشارىتى بىلەن چىلىنىۋاتقان شادىيانىنى توختاتتى. ئۇ مۇنبەر ئالدىغا ئۆتۈپ ئاۋامغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالىپ ئەرتوڭا، ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادى بولغان قانداش، قېرىنداش ۋەتەنداشلىرىم، قۇتلۇق نورۇز بايرىمىڭلارغا مۇبارەك ! — دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن.

— ئادىل پادىشاھىمىز بۇغراخان ئامان بولسۇن !

— بەگيۇسۇپ ئامان بولسۇن ! — دەپ چۇقان كۆتۈردى خالايىق.

— بۇ قۇتلۇق كۈندە تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرۇش ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئالىيلىرىدىن باشلىنىپ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. تۇغۇلغانىكەن، ئۆلمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ. شاھمۇ، پۇقرامۇ، بايمۇ، گادايمۇ ئەجەل شارابىنى ئىچىدۇ. ئاللا نەزىرىدە ھەممە ئادەم باراۋەر. كۈچ - قۇدرىتى، بىلىمى، بايلىقى بىلەن ئۆمرىنى ئۇزارتالمايدۇ. مەھمۇد ئارسلانخان ئورنىغا بۇغرا قاراخان بولغان ئۆمەر تېگىن بىداۋا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ۋاپات قىلدى. دىۋانى ھاجىپ، دىۋانى ئارىز، دىۋانى توغرائى بىرلىكتە كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، بۇغراخان جەمەتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئوردۇكەنت دىيارىغا بۇغراخان بولۇپ كېلىۋاتقان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ھارۇن ئارسلانخاننى پۈتكۈل قاراخانىيلار خانلىقىغا بۇغراخان قىلىپ تەيىنلەپ، تاج كىيدۈرۈپ تەختتە ئولتۇرغۇزۇشنى قارار قىلغانلىقىنى جاكارلايمەن ! ھازىر شەيخۇلئىسلام مەۋلانا نۇرىدىن داموللا ھاجىم تاج كىيدۈرىدۇ، — دەپ ئېلان قىلدى بەگيۇسۇپ.

ساقىلى ئاق بولۇتتەك نۇرىدىن داموللا ھاجى ئالتۇن پەتنۇسقا سېلىپ بەگيۇسۇپ سۇنۇپ بەرگەن ئالتۇن تاجنى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا كىيدۈردى. ئارقىدىن بەگيۇسۇپ شاھانەزەر ياقىلىق توننى كىيدۈردى.

— ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخانغا مۇبارەك ! ئادالەت قۇدرەت

تاپقاي ! — دەپ مۇبارەكلىدى تەۋرەنگەن خالايىق.

تاج كىيگەن ئەبۇئەلى ھەسەن بۇغراخان تەخت پايىسىگە پۇت قويغان ھالدا ئوڭ قولىدا قۇرئان، سول قولىدا قىلىچنى تۇتۇپ قەسەمياد قىلدى.

— ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئاللاھۇئەكبەر ! پېقىرنىڭ بۇغراخان بولۇشى ئاللانىڭ ئىلتىپاتىدىن، ئاۋامنىڭ ھىمايىسىدىندۇركى، ئۆز خاھىشىمدىن ئەمەستۇر. مېنىڭ خاھىشىمچە بولغاندا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاددىي نۆكىرى بولۇپ، بۇغراخانغا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغان، ئاۋامنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى جان تىكىپ قوغدىغان بولاتتىم. ھېلىمۇ ھەم ساداقەت كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۈنسېرى يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئادالەتنى قەتئىي جارى قىلدۇرىمەن. خەلقنىڭ شاد ـ ئامانلىقىنى ھەر ۋاقىت قوغداپ، ياۋنى ھېچ تەرەپتىن ئەلگە يولاتمايمەن. مۇبادا كۆرەڭلەپ خەلققە زۇلۇم قىلسام، ئەلنىڭ غېمىنى يېمەي ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلسەم، ئورنۇم تەخت ئەمەس، جازا مەيدانى بولسۇن. مۇشۇ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكمى بويىچە مانا شۇ قىلىچ بىلەن بېشىم چېپىلسۇن. ئاللاھۇئەكبەر !

— ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخانغا تەڭرى مەدەتكار بولغاي !

— پادىشاھنىڭ ئامانلىقى — خەلقنىڭ سائادىتى ! — دەپ ئالقىش ياغدۇردى كۆپچىلىك.

بەگيۈسۈپ كىمخاب جىلىتىغا سېلىنغان «قۇتادغۇ بىلىك»نى باش ئۈستىگە كۆتۈرگىنىچە بېرىپ ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخانغا ئىككى قوللاپ سۇندى.

— بۇغراخان ئالىيلىرى، تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرغان بۇ قۇتلۇق دەقىقىدە، ئەجداد ۋە ئەۋلادلارنى كۆزدە تۇتۇپ يازغان «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق بۇ كىتابىمنى ئۆزلىرىنى مۇبارەكلەپ تەقدىم قىلىمەن. تۈزۈم ۋە ئەنئەنىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئادالەتنى

جارى قىلدۇرۇشتا، سودا ـ سېتىقنى راۋاجلاندۇرۇپ ئەلنى بېيىتىشتا پايدىسى تەگسە ئارمانغا يەتكەن بولاتتىم!

— رەھمەت ئۇستاز. بۇ ھېكمەتلىك كىتاب ماڭا دائىمى ھەمراھ بولغاي، — ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان كىتابنى جىلتىدىن ئالدى ـ دە، ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاۋامغا كۆرسەتتى. «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن نام كۈن نۇرىدا ۋاللىداپ چاقنىدى.

— رەھمەت بۆگۈ بىلگە، بوغۇغ.

— بۆگۈ بىلگەگە شان ـ شەرەپلەر بولسۇن! — دەپ چۇقان سالدى خالايىق.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان «قۇتادغۇ بىلىك»نى جىلتتا ئىچىگە سالدى ۋە كۆتۈرگىنىچە تەختتىن چۈشۈپ مۇنبەر يېنىغا ئېلىپ كەلگەن بۇغرا تۆگىگە مىندى. ئاندىن ئالتۇن تاۋاقتا ئېلىپ كەلگەن پىيالىدىكى نورۇز ئېشى كۆجەگە ئېغىز تېگىپ بەردى.

توققۇز چوڭ داش قازاندىكى كۆجە بۇ مەرىكىگە يىغىلغان ئاۋامغا بىر چۆمۈچتىن ئاران يەتتى. ھەربىر داش قازانغا، بەش تۆگە، ئون ئۇچ كالا، يەتمىش قوينىڭ گۆشى، بۇغداي، گۈرۈچ، قوناق، ئارپا، ماش، نوقۇت قاتارلىق ئاشلىقنىڭ ھەربىرىدىن توققۇز چارەك، سەۋزە، چامغۇرنىڭ ھەربىرىدىن ئوتتۇز ئۇچ چارەكتىن سېلىنغانىدى...

— بەگيۇسۇپ، — دېدى كۆجىگە ئېغىز تەگكەن ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ، — كىتابلىرىنى بۇغراخان ئالىيلىرىغا تەقدىم قىلغانلىرى ناھايىتى ھېكمەتلىك ۋاقىئە بولدى. ئۇنىڭ كۆچىگە كۈچ، نىيىتىگە يۈكسەك ئارزۇ قوشۇلغاي. سىز تىلىكىڭىزگە يەتتىڭىز. مەنمۇ بىر ئارمان كۆز يۇمىدىغان بولدۇم، — ئالىم ئۇنى يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىدى.

— ئۇستاز، سىلى ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈلا. ئونلىغان، يۈزلىگەن بۆگۈ بىلگە، بوغۇغلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىلا، چۈشۈمگە شۇنداق ئايان بولۇۋاتىدۇ. بۇ كىتابىمنىڭ كۆچۈرۈلگەن بىر

نۇسخىسىنى ھەزرەتلىرىگە يادىكار قىلىمەن.

— ئالالاھۇئەكبەر! قوبۇل قىلدىم. چۆلدەرەپ قالغان كۆڭۈل ئېتىزىم ئەمدى ياشنايدىغان بولدى، بەگيۇسۇپ. قاچان تاپشۇرۇۋالىمەن؟

— سەل تۇرۇپ، بىزنىڭ غېرىب خانىمىزغا كۆك چۆچۈرىسىگە ئېغىز تەگكىلى بارغاندا.

بەگيۇسۇپ ئۇستازى بىلەن، شادىيانىنىڭ ياڭراق ساداسى ئاستىدا، تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھنىڭ شەرىپىگە ساما ئويناپ تەنتەنە قىلىۋاتقان ئاۋامغا قاراپ خۇشاللىقتا چۆمدى.

باھار قۇياشى ساما سېلىۋاتقان تۇمەنلىگەن ئاۋامنىڭ تىنىق كۆلدىكى بەھەيۋەت كۆلەڭگىسىنى تاماشا قىلىپ چاقنىماقتا. ئىككى ئالىمنىڭ كۆلكە ئوينىغان چىرايىمۇ ئاستا چايقىلىپ تۇرغان تىنىق سۇ يۈزىدىكى سېھىرلىك سايىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# يۈكسەك مەرتىۋە، قۇتلۇق ئارزۇ

## 1

ھەر كۈنى بەگيۈسۈپ بىلەن كۆرۈشمەي قالمايدىغان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان، بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇنىڭغا قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. يەنە ئۈچ كۈن ئۆتتى، سارىيىغىمۇ چاقىرتمىدى. بەگيۈسۈپ بۇنىڭدىن ئەجەبلەندى ھەم سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدى. ئەمما، رەنجىمىدى. «كىتابىمنى كۆرۈپ ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەكچى بوپتۇ ـ دە، بۇ ھاجىپ. شاھىنشاھ تۇرسام، مەن ئۇنىڭدىن قانداقمۇ پاراسەتسىز بولاي، دەپ ئاچچىقلىنىپ قالدىمۇ يا؟ ياق، ياق. مەن گەرچە بىر ھاجىپ بولساممۇ، خان بۇ چاغقىچە ئۇستاز ئورنىدا كۆرۈپ ئەزىزلەپ كەلدى. لېكىن، مەن ئۇنى ھېچقاچان شاگىرت ئورنىدا كۆرۈپ باقمىدىم. شاھىنشاھ بىلىپ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئالدىدىن توغرا ئۆتمىدىم. ئۇ كىتابنى تەقدىم قىلغىنىمدىن مەمنۇن بولىدۇكى، خاپا بولمايدۇ. بەلكىم بۇغراخان جەمەتىدە سىرتقا دېگىلى بولمايدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرگەن بولسا، كۆرۈشۈشكە ۋاقىت چىقىرالمىغاندۇ ياكى دۆلەت ئىشى بىلەن ئالدىراشتۇ ۋە ياكى كىتابنى ئوقۇپ بولالمىغاندۇ...»

بەگيۈسۈپ شۇ ئويلار بىلەن يەنە بىر كۈننى ئۆتكۈزدى.

بۈگۈن ئوردىغا كېلىپ ھاجىپلىق كۈرسىدا ئولتۇرۇپ، مەلۇماتنامە، ئەرز، ئىلتىماسلارنى كۆرۈۋاتاتتى. ئىشىك ئېچىلىپ ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان كىردى. ھاجىبۇل ھۇجاپ ئارتۇقچە

ۋە ھاجىپلار نىمە قىلارىنى بىلمەي پاتىپاراق بولۇپ كىتىشتى. پەقەت بەگيۇسۇپلا تەمكىن ھالدا سالام بەردى.

— ئولتۇرۇڭ ئۇستاز، ئولتۇرۇڭ، — بۇغراخان ئىتتىك كىلىپ كۆرۈشۈپ ئۇنى ئولتۇرغۇزدى، — سىز بۇ دۇنيادىكى ھەممە شاھلار سالام بەرسە ئەرزىيدىغان بۆگۈ بىلگە، بوغۇغ. شاھانە پىكىرلەرنى گۈزەل مىسرالارغا ئايلاندۇرغۇچى شائىرلار بىگىسىز. ئون نەچچە كۈندىن بىرى سىز بىلەن كۆرۈشەلمىگەن بولسامۇ، مۇبارەك داستانىڭىزنى ئوقۇپ، نەسىھەت، مەسلىھەتلىرىڭىزنى ئاڭلاپ تۇردۇم. ئىسلاھ قىلىشقا ئۈندەپ، ئوتتۇرىغا قويغان چارە ـ تەدبىرلىرىڭىز مىنى قايىل قىلدى. مەملىكەتنى قانداق قۇدرەت تاپتۇرۇشۇم، ئەدلى ـ ئادالەتنى قانداق جارى قىلىشىم، خەلققە نىمىلەرنى قىلىپ بىرىشىم، نىمىلەرنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىشىم، سىپاھلارنىڭ روھىنى قانداق كۆتۈرۈشۈم، دۆلەت ئەربابلىرى، خىزمەتچى خادىملارنى قانداق تاللاپ، قانداق ئىشلىتىشىم، دوستلارغا سادىق بولۇپ ياۋغا قانداق زەربە بىرىشىم توغرىسىدا چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولدۇم. دۇنيادا ماڭا ئەڭ سادىق، ئەڭ يېقىن دوست — سىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم. سىز خاس ھاجىپ بولۇشقا لايىق ئۇلۇغ زات ئىكەنسىز. ئالدىڭىزغا سالام بەرگىلى، مىننەتدارلىقىمنى بىلدۇرگىلى كىردىم. رەھمەت ئۇستاز! — بۇغراخان قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، تىزلانماقچى بولدى.

دەرھال ئورنىدىن تۇرغان بەگيۇسۇپ ئۇنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇۋېلىپ، تىزلاندۇرمىدى.

— شاھىنشاھ ئىكەنلىكلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ سىلىدىكى شاھلىق غۇرۇرى نەگە كەتتى؟ مەن بۇ كىتابنى تىز پۈكۈپ رەھمەت ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھەرقاچان قامەتلىرىنى تىك تۇتۇپ، خەلققە ئەمىنلىك بىغىشلاپ، ياۋغا دەھشەت سېلىشلىرى ئۈچۈن يازغان!

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان قامىتىنى رۇسلاپ ئۇنى

قۇچاقلىدى.

— جانابىڭىزغا نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەي قالدىم، ئۇستاز. ھىممىتىڭىزگە، غەيرىتىڭىزگە ئاللا ئۆزى رەھمەت قىلسۇن !

— ئالىيلىرىغىمۇ ئاللا سۇنماس ئىرادە، جان تىكىشكىمۇ، قان چېچىشقىمۇ تەۋەككۇل قىلىدىغان جۇرئەت، دوستلارنى شاد، دۈشمەنلەرنى مات قىلىدىغان غۇرۇر ئاتا قىلسۇن ! يۇرسىلە شاھىم، بۇغراخان سارىيىغا كىرىپ مەسلىھەتىمنى بېرەي. ئالىيلىرى ئەمر قىلسىلا، پەرمان بەرسىلە. يارلىق چۈشۈرسىلە، — دېدى بەگيۇسۇپ.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان بەگيۇسۇپ بىلەن بىللە بۇغراخان سارىيىغا كىردى.

— ئەمدى تەختكە چىقىپ ئولتۇرغايلا.

ئۇ تەختكە چىقىپ:

— مەرھابا، ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

— ياق، شاھىم مەن ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەي، — بەگيۇسۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى، — بۇ كىتابىم ئەلھال بىر دۆۋە قەغەز. ئۇنىڭغا پۇتۇلگەن ئەزگۇ تىلەك، ئارزۇلىرىم ئەمەلگە ئاشسا، ئۇ قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

— خۇدا بۇيرۇسا ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، ئۇستاز.

— ئوردا ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلالامدىلا؟

— «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىسلاھ قىلىش ئىرادىسىگە كەلدىم، ئۇستاز. ۋەزىر، ھاجىپلارنى، سۇباشى - سانغۇنلارنى ۋە بارلىق ئوردا خىزمەتچىلىرىنى، ھەزرىتىم يازغان شەرتلەر بويىچە تاللاپ، لاياقەتلىكلىرىنى ۋەزىپىگە قويىمەن، لاياقەتسىزلىرىنى، كاززاپ، مۇناپىقلارنى ئوردىدا تۇرغۇزمايمەن، ئۇستاز.

— ئاۋام خەلققە نېمە قىلىپ بېرىدىلا؟

— ئادالەتنى جارى قىلىپ، پاراۋان تۇرمۇش ئاتا قىلىمەن،

ئۇستاز.

— قانداق قىلىپ؟

— خىيانەتچىلەرنى قەتئىي جازالايمەن. نامراتلارغا خەزىنىدىن پۇل - مال بەرگۈزىمەن. ئۇلارنىڭ ھۈنەر - تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ، باج - سېلىق ئالمايمەن. مەدرىسە، مەكتەپنى يىلسېرى كۆپەيتىپ ئاۋامنى نادانلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرىمەن. ئارىنى بۇزغان، سۇخەنچىلىك قىلىپ ياخشى كىشىلەرنى قارىلىغان قارا نىيەتلەرنى قارا زىندانغا تاشلايمەن، ئۇستاز. شۇ نىيەت، شۇ ئىرادىگە كەلدىم. ئادالىتىم ئەلگە خۇشاللىق، جاسارىتىم ياۋغا ئۆلۈم بەخش ئەتكۈسىدۇر.

— خىيانەتلىرىچۇ ئالىيلىرى؟

— تەختىمنى گۇمران قىلغۇسىدۇر.

— بۇنى بىلگەن بولسىلىرى، داستانىمنى ئالىيلىرىغا تەقدىم ئېتىپ توغرا قىلىپتىمەن. ئىشەنچ - ئۈمىدىم يەردە قالمىغۇدەك.

— زىنھار ئۇستاز، زىنھار، ماڭا بىباھا تۆھپە بولغان شاھلىق دەستۇرىنى تەقدىم قىلدىڭىز. ئادەمنىڭ قىممىتى ئەمگەك - ئەجرىدە. بىر ئۆمۈر ئۆگىنىپ ئىزدىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاۋام تىلى بىلەن ئەمەس، گۈل - گىياھلارنى يەلپۈندۈرگەن تاڭ سەلكىنىدەك گۈزەل سېھىرلىك شېئىرىي تىل بىلەن يېزىپ چىقىپسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن جېنىڭىزنى كۆپ ئۇپراتتىڭىز. پىيادە جاھاننى ئايلىنىپ چىققاندىنمۇ بەكرەك جاپا چەكتىڭىز. كۈتمىگەندە ماڭا تەقدىم قىلىپ ھاياتىمدىنمۇ، مەملىكىتىمدىنمۇ ئۈزگىرىش قىلماقچى بولۇۋاتىسىز. مەن رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتسام كۇپايە قىلماس. پېقىرنى شاگىرت ھېسابلاپ كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېيتىپ بېقىڭ. بۇ بىباھا تۆھپىڭىزگە مەملىكىتىمنىڭ باي - باياشات، گۈزەل مۇنبەت بولغان دىيارىدىن بىرىنى بېرەيمۇ ياكى ئاشۇ مۇبارەك كىتابنى يازغان ئۆيىڭىزنى ئالتۇن تىللا، جاۋاھىرات بىلەن توشقۇزۇپ

بىرەيمۇ؟ — ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان تەختتىن چۈشۈپ بەگيۇسۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى، — قايسىسىنى خالايسىز؟
— يوقسۇ - يوقسۇ، ئالىيلىرى، ئەجىر - تۆھپىنىڭ قىممىتىگە ھېچكىم يېتەلىگەن ئەمەس. تۆھپىنىڭ قىممىتى — ۋەتەن، خەلققە يەتكۈزگەن پايدا - مەنپەئەتتە. ئالىيلىرىغا بۇ تۆھپەمنى تەقدىم قىلىشىم ھەق ئىلىش ئۈچۈن ئەمەس، دۇنيادا ۋەتەن، خەلقىمنىڭ موھتاج بولماي، خاتىرجەم، مەردۇمەيدان بولۇپ ياشىشى ئۈچۈندۇر. بۇ ئالىيلىرىنىڭ پاساھىتى، جاسارىتىگە باغلىق، — بەگيۇسۇپ ئورنىدىن تۇردى.
— ئىشەنچىڭىزگە داغ چۈشۈرمەيمەن، ئۇستاز. بۇنىڭدىن گۇمانلانمىغايسىز. ئەجرىڭىزگە بېرىلگەن ھەقنى ئەمەس، شاگىرتىڭىزنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلغايسىز، — ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان سەممىمي ھالدا يەنە بىر قېتىم ئۆتۈندى.
— بۇغراخان ئالىيلىرى، پېقىرنىڭ كاتتا زەردار ئائىلىسىدىن ئىكەنلىكى ئۆزلىرىگە مەلۇم. پېقىر بىھاجەت. پېقىرغا شۇنچە ئىنئام قىلغۇلىرى كەلگەن بولسا، ئاتىغان ئالتۇن - جاۋاھىراتلىرىنى ئۇدۇندا مەدرىسە - مەكتەپ سېلىشقا خەرەج قىلسۇنلەر. خانلىقىمىزنىڭ ئۇ گۈزەل دىيارىدا ئۇزۇلمەي جەڭ بولۇپ، خەلقى نامراتلىشىپ قالغان، يېزا - كەنتلىرىدە ئۆستەڭ - ئېرىق ئاز. باغىۋاراڭلىرىنى قۇم باسماقتا. دەريالىرىدا كۆۋرۈك يوق. باج - سېلىقنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئىرادىلىك، ئىشچان ئۇدۇن خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەرگەيلا. بۇ تەلىپىمنى قوبۇل قىلسىلا، ئۆزلىرىگە تەقدىم ئەتكەن داستانىمغا سەرپ قىلغان ئەجرىم بىكار كەتمىگەن بولىدۇ، — تەختلىرىدە ئولتۇرۇپ جاۋاب بەرسىلە.
ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان باش لىڭشىتىپ تەختىدە ئولتۇردى:
— قوبۇل قىلدىم، ئۇستاز، ئون بەش يىل ئىلگىرى جاكارلىغان پەرمانىمدا ئوردۇكەنت دىيارىغا قاراشلىق شەھەر،

ئايماق، قىشلاقلارنى تەكشۈرۈپ، نامراتلىقتا كۈلپەت چېكىۋاتقان پۇقرالاردىن ئۇن يىلغىچە باج ـ سېلىق ئالماسلىقنى ئەمر قىلغانىدىم. بۇ پەرمانىم ئۈچ يىلدا ئىجرا قىلىنىپ، غەيرەتكە كەلگەن خەلق بىيىپ، يۇرت ئاۋاتلاشتى. ئەمدى بۇ پەرمانىمنى پۈتۈن مەملىكەتكە جاكارلاپ ئىجرا قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرسەم رازى بولامسىز ئۇستاز؟

— ئەلۋەتتە، مانا بۇ پېقىرنىڭ ئەجرىگە بېرىلگەن مىننەتسىز ھەقتۇر، — بەگيۈسۈپنىڭ چىرايىدا خۇش تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— جانابىڭىزغا ئاتىغان ھەدىيەنى ئۇدۇندا مەكتەپ ـ مەدرىسە سېلىش، ئۆستەڭ ـ ئېرىق چېپىش، يول ياساشقا سەرپ قىلاي. بۇنىڭغا ئۆزىڭىز نازارەت قىلغايسىز، ئۇستاز.

— خەلقنىڭ ھالىغا يېتىش پادىشاھنىڭ سائادىتى، — بەگيۈسۈپ بۇ سۆزى بىلەن بۇغراخانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ دېدى، — ئالىيلىرى، ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ بولۇپ كۆڭلۈمدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر تەلىپىم بار. بۇرۇنراق سەمىلىرىگە سېلىپ قويۇشنى توغرا تېپىۋاتىمەن.

— ئېيتىڭ ئۇستاز، ھەرقانداق تەلىپىڭىزنى ئورۇنلايمەن.

— بۇ ئالىيلىرى بېجىرىدىغان تەلەپ ئەمەس، ئىجازەت قىلسىلا بولدى.

— قۇلىقىم سىزدە، ئەلۋەتتە ئىجازەت قىلىمەن.

بەگيۈسۈپ قول باغلاپ سۆزىنى باشلىدى:

— ئامۇ، سىر دەريالىرىدىن ئورخۇن ۋادىلىرىغىچە، ئىمىل، ئىدىل بويلىرىدىن، قاراقورۇم، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگىچە سوزۇلغان بىپايان ۋادىلار پېقىرنى چاقىرماقتا، ئالىيلىرى. بىر ئارىلاپ چىقاي دەيمەن. تاشلىرىنى خىرەلەشكەن كۆزۈمگە سۈرتكۈم، سۇلىرىغا چۆمۈلۈپ چاڭقىغىمنى باسقىم، خۇش ھاۋا دالالىرىدا توپىلىرىغا مىلىنىپ، بۆرىدەك ھۇۋلاپ، بۆجەندەك تاقلاپ يۈرگۈم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئېگىز قارلىق تاغلىرىغا

چىققۇم كېلىپ تۇرالماي قالىمەن. ئاھ! بۇ ئەزىز تۇپراقنىڭ قۇم ـ توپىسىغا قوشۇلۇپ كېتىش ــ ئاخىرقى ھېسابتا سائادىتىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكىنىمدە، بەرگەن تۇزى، ئىبرىشتۇرگەن ئورۇن ـ مەرتىۋە، كۆرسەتكەن راھەت ـ پاراغەتكە نىسبەتەن سىڭدۈرگەن ئەجرىم، تۆھپەمنىڭ شۇنچە ئازلىقىدىن قانداقمۇ ئۆكۈنمەي؟ ياشانغان چېغىمدا ۋەتىنىمنى، خەلقىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگۈم، بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ. قانداق تەلەپ، تىلەكلىرى بار؟ ئاڭلاپ بەجا كەلتۈرەي دەيمەن. شۇڭا، پۇرسەت كەلگەندە بىر ئايلىنىپ كەلگۈم بار. بەلكىم بۇ قۇتلۇق سەپەر يەنە بىر تۆھپە يارىتىشىمغا سەۋەبچى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ــ ماشائاللا ـ ماشائاللا، ئۇستاز، تەلىپىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن كۆچ چىقىرىمەن. مەن قوشۇلدۇم. ئۆزىڭىز خالىغان ۋاقىتتا ۋادىلارنى بىر ئايلىنىپ چىقىڭ. ئاۋامغا بولغان ئادالىتىمنىڭ يېتەرسىز، جاسارىتىمنىڭ كامىللىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ئاچچىق تەنبىھ، ياخشى مەسلىھەت بىلەن قايتىپ كېلىشىڭىزگە ئىشەنچىم كامىل، ــ ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان كۆڭلىدىكى بۇ سۆزىنىمۇ ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلدى، ــ ئابام، سىڭلىمنىڭ بۇخارادا ئىكەنلىكى سىزگە ئايان، ئۇستاز. ناۋادا، ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ قالسىڭىز پەرزەنتلىك سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويغايسىز. ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغىنىم ئۈچۈن پۇشايمىنىم كۆپ.

ــ خۇدا خالىسا پۇرسەت كېلىپ، سەپەرگە ئاتلىنىپ قالسام، بۇزرۇكۋار مەلىكە ئانىمىزنىڭ سالامىنى ئېلىپ كېلىمەن، ــ بەگيۇسۇپ قايىتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

ــ ئۇستاز، خاس ھاجىپ بولغىنىڭىزنى تېخى جاكارلىغىنىم يوق. چۈشتىن كېيىن ئاۋۋال ئوردا ئەھلىگە، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە جاكارلاپ، بايا سىزگە ئېيتقىنىم بويىچە يارلىق چۈشۈرمەكچىمەن. قاتنىشىپ بەرگەيسىز!

ــ ياق دېسەمچۇ؟ بۇنداق داۋراڭ قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى

بار؟

— غۇرۇرۇمغا تەگمەڭ، ئۇستاز. مەن پادىشاھمەن. ئۆتۈنمەيۋاتىمەن، ئەمر قىلىۋاتىمەن. چوقۇم قاتنىشىشىڭىز كېرەك. داۋراڭ قىلىشنىڭ شۇنىڭ ئۇچۇن زۆرۈرىيىتى باركى، ياماندىن ئەل بىزار، ياخشىغا ئىنتىزار.

— خوپ ئالىيلىرى، قاتنىشاي، — بەگيۇسۇپ كۈلۈمسىرىگەن پېتى سارايدىن چىقىپ كەتتى.

## 2

ئالىمغا «خاس ھاجىپ» نامىنى بېرىش يىغىلىشى بۇغراخان سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. ۋەزىر، ھاجىپلار، شەيخۇلئىسلام، قازى - قۇززاتلار، ئارسلان، كۆك بۆرە، كۆك ئايىق، چاغرىبەگ نامىنى ئالغان سانغۇن، سەركەردىلەر، ياساۋۇل باشلىرى، ئەلەمدار - قەلەمدارلاردىن ئىبارەت بارچە ئوردا ئەھلىدىن باشقا، ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ، مۇھەممەد بىننى ئەل كاشغەرىي قاتارلىق پايتەختتىكى ئاتاقلىق ئالىم - مۇدەررىسلەرمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشقانىدى.

تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قادالغان خانلىق تۇغىنىڭ ئالدىغا يۆلەنچۈكلۈك يېڭى كۇرسى[1] قويۇلغانىدى. ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان بەگ يۇسۇپنى شۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

سارايغا تولۇپ ئولتۇرغان ئوردا ئەھلى باش ۋەزىردىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلغان بەگيۇسۇپكە ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەن تەڭ ھەممەيلەن ھۆرمەت يۈزىسىدىن قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ پەرمانى ئالىيغا قۇلاق سالدى.

---

[1] كۇرسى — ئورۇندۇق.

«ئاللا ئەزىز قىلغان بەندىسىنى ھېچقانداق كۆچ خار قىلالمايدۇ. ئاللا خار ئەتكەن بەندىسىنى ھېچقانداق كۆچ ئەزىز قىلالمايدۇ.

مەۋلانا بەگيۈسۈپ ئادالەت، ھەققانىيەت تەرەپتە چىڭ تۇرۇپ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ راۋاجلىنىشى، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن نەچچە ئون يىلدىن بىرى بەجانىدىل خىزمەت قىلىپ كەلدى. ئارىسى بۇزۇلغان قوۋملەرنى ئىتتىپاقلاشتۇردى. دىن، مەرىپەتنىڭ دۈشمىنى بولغان ئاسىي، سۇيىقەستچىلەر ئۇنى زىندانغا تاشلاپمۇ باش ئەگدۈرەلمىدى. ھاجىپ، ھاجىبۇل ھۇجاپ بولۇپ، ئۇزاق يىللار داۋامىدا پادىشاھ بىلەن خەلقنى بىرنىيەتتە يېقىنلاشتۇرۇپ، بىر چوڭ ئائىلىدىكى غەمخار ئاتا ـ بالىلارغا ئايلاندۇردى. بىرقانچە قېتىم يالۋاچ بولۇپ قوشنا ئەللەرگە چىقىپ ئاداۋەتنى تۈگەتتى. دۈشمەنلىكنى دوستلۇققا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ ئورۇنلۇق ۋە پايدىلىق مەسلىھەت، ئەزگۈ تىلەكلىرى بىلەن مۇۋاپىق، توغرا سىياسەت تۈزۈلۈپ، ئەمر ـ پەرمانلار چىقىرىلىپ، ئېلىمىزدە نامراتلىق تۈگەپ، نادانلىققا ئورۇن قالدۇرۇلمىدى. شۇڭا، ھېچقايسى ۋىلايەت، ئايماق، قىشلاقلاردا قارشىلىق، توپىلاڭ يۈز بەرمىدى. بىھۇدە قان تۆكۈلمىدى. ئۇ ھامان ساداقەت كۆرسىتىپ، بۇغراخاننىڭ يېقىن دوستى، مەسلىھەتچىسى، خەلقنىڭ غەمخارى بولۇپ كەلدى. تاج كىيگەن كۈنى ئاۋام ئالدىدا ماڭا تەقدىم قىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى خانلىقىمىزنىڭ ئەمەل قىلىدىغان دەستۇرى بولۇپ قالغۇسى. مەن بۇ ۋاقىتچە ھېچقايسى پادىشاھ ئۆزىنىڭ ساداقەتمەن، تۆھپىكار ئەربابىغا بېرىپ باقمىغان ‹خاس ھاجىپ›[1] نامىنى مەۋلانا بەگيۈسۈپكە بەرمەكچىمەن. بۈگۈندىن باشلاپ يۇغرۇش باشى، يۇغرۇشلار، ھاجىبۇل ھۇجاپ، ھاجىپلار، ئۇلۇغ

---

① خاس ھاجىپ — ئارىچى، خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىزاھلىشىچە، بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى تۈركچىسى تايانغۇ، يەنى سەلتەنەت تايانچى، دۆلەت تۈۋرۈكى دېمەكتۇر.

سانغۇن، سەركەردىلەر ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق تۇتقاي، ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگەي، ئۇنى ھۆرمەتلىگەي. پەرمان تامام ۋەسسالام !

قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ خاقانى شاھىنشاھ ئەبۇ ئەلى ھەسەن ھارۇن بۇغراخان ىبنى سۇلايمان ئارسلانخان»

ئۇ تەختتىن چۈشۈپ پەرماننى ئالىمغا ئۇزارتتى. بەگيۈسۈپ قوش قوللاپ ئېلىپ باش ئۈستىگە كۆتۈردى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان مىسىرنىڭ يىپەك شايىسىدىن ئالاھىدە تىكتۈرۈلگەن خاس ھاجىپلىق تونىنى ئۇنىڭغا كىيدۈردى. مەرھۇم بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ سەللىسىنى بۆكىگە ئوراپ، ئالتۇن ساپلىق خەنجىرىنى بەلبېغىغا ئېسىپ قويدى. پادىشاھ بىلەن ئالىم قۇچاقلاشتى. ئۇلارنىڭ پاك قەلبى بىرلەشتى.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بەگيۈسۈپنىڭ خاس ھاجىپ بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى، ئاپىرىن ئوقۇشتى.

— مۇبارەك ! مۇبارەك ! يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بارىكاللا ! — دېگەن سادا ئوردا ئىچىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا بەگ تەركىسى ئۆتكۈزدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئالىم بەگيۈسۈپ — «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

ئۇ ھەر كۈنى چۈشكىچە ئوردىدا بولاتتى. دۆلەت ئىشلىرىنى بىجىرەتتى. چۈشتىن كېيىن مەدرىسەلەردە دەرس ئۆتەتتى. كەچقۇرۇندىن باشلاپ ئۆيدە بولاتتى. يىللار شۇنداق تېز ئۆتۈۋاتاتتى. ساقىلىمۇ پۈتۈنلەي ئاقاردى. ئۇنىڭ ئەزىز ۋەتىنىنى سەيلە قىلىش ئارزۇسى خىيالىغا كىرىۋېلىپ، ئاخىرى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخانغا ئىككىنچى قېتىم ئېغىز ئاچتى:

— سائىتى كەلگەندەك قىلىدۇ، ئالىيلىرى. ئىجازەت بەرگەيلا.

— بۇ تەلىپىڭىزگە بۇرۇنلا قوشۇلغان ئىدىمغۇ ئۇستاز. بىر ئايلىنىپ كېلىشىڭىزنى مەنمۇ تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى، سەيلە - ساياھەتتە ئىنسان ئۇچۇن ئارزۇ قىلغاندىن كۆپرەك خاسىيەت ۋە مەنپەئەت بار، — دەپ مەدەت بەردى.

بۇنىڭ بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ سەپەر قىلىش ئىشتىياقى كۈچىيىپ، ئۆيگە بالدۇر كەلدى. بۇ ئارزۇسىنى دىلدارىبىكىگە ئېيتىپ، مەھبۇبىنى بىللە بېرىشقا سايە قىلدى:

— ئانىسى، سىلى مەن بىللەن بىللە ئاتلانسىلا. سىلىدىن ئارتۇق ھەمراھ دۇنيانى مىڭ كەزسەممۇ تېپىلمايدۇ.

— پېقىرەنىڭ سىلىدىن دەقىقىمۇ ئايرىلغۇسى يوق، ئاتىسى. مۇبادا سىلى بىلەن كەتسەم، ھەر خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان خاتۇن - قىز بىمارلىرىم ئىزدەپ كېلىپ، يوقلۇقۇمنى بىلسە نېمىدەپ قالار؟ بۇ ئۆينى تاشلاپ كەتكىلى بولارمۇ؟ باللارغا كىم قارار؟ ئاتىسى سالامەت قايتىپ كېلىشلىرىنى خۇدادىن تىلەپ، ئارزۇلىرىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ تۇرايمىكىن دەيمەن. تارتىشماي يولغا چىقىۋەرسىلە، مەن بۇ ئۆيىمىزدە قالاي.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ خاتۇنىنىڭ قارا چاچلىق بېشىنى مەيدىسىگە تېڭىپ پىچىرلىدى:

— ماقۇل ئانىسى. سىلىنى سېغىنىپ بولسىمۇ بۇرۇنراق قايتىپ كېلەرمەن. كۆنمۇ ئىسسىپ قالدى. سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئىككىمىز بىللە ئوپالغا بېرىپ شەيخ پانى بۇۋىرابىيە ئانىمىزدىن دۇئا ئېلىپ كەلسەك. بېرىپ ئەھۋال سوراپ كەلمىگىلىمۇ خېلى بولۇپ قالدى، سىلى بارالامدىلا؟

— پېقىرەمۇ ئۇ بۇزرۇكۋارنى سېغىنىپ قالدىم. بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ تەرىتىگە سۇ قۇيۇپ بەرگۈم، چاچلىرىنى تاراپ قويغۇم بار، سىلى بىلەن بىللە باراي.

بەگيۇسۇپ خۇشال بولدى. بىر كۈن تولۇق تەييارلىق قىلىپ، ئەتىگەندە ئوپالغا ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئېلزادبەگ كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاتا، ئابا، سالامەت ئوبدان تۇرۇشقانلا؟ پات - پات يوقلاپ كېلىپ ھەربىرلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولالمىغىنىم ئۈچۈن خىجىلمەن، — دېدى ئۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام، ئوبدان تۇردۇق. بالىلار تىنچلىقمۇ؟ — بەگيۇسۇپ ئاۋۋال جاۋاب سالام قايتۇرۇپ، كۆيۈئوغلىنى تۆردە ئولتۇرغۇزدى.

— تىنچلىق ئاتا. سىلىدىن ئۇلار بەك خۇش.

— يۇغرۇش باشى بولغانلىرىدىن بۇيان ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلا بالام؟

— ئانچە ئەمەس، ئاتا. ئۆزلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىشلارنى رەتكە سېلىۋالغىنىم ئۈچۈن ئالدىراپ قالمىدىم.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان ئوردا ئەمەلدارلىرىنى تاللاپ خىزمەتكە قويۇشنى باشلاپلا ھەر ئىشتا چارە - تەدبىرلىك ئېلىزادىبەگنى يۇغرۇش باشى قىلىپ پەرمان چۈشۈرگەنىدى.

دىلدارىبكە داستىخان سالدى.

— ئابا، داستىخان سالماي تۇرسىلا. مەن ئالدىراپ كەلدىم. تۈنۈگۈن كەچ تۇيۇقسىزلا بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ ئانىسى بۇخارادىن كېلىپ قالدى. ئوردىغا كېتىۋېتىپ ئۆزلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قوياي دېۋىدىم، بۇغراخان ئالىيلىرى مېنى ئىزدەپ قالمىسۇن. مەن ئوردىغا باراي، — دېدى بىر بۇردا نان بىلەن بىر پىيالە چاي ئىچكەن ئېلىزادىبەگ.

— ئۇنداق بولسا بالام، سىلى بىلەن بىللە باراي.

ئۇلار دۇئا قىلىشىپ قوپۇشتى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كەلگىنىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ھەرەمدىكى ئالاھىدە تەييارلانغان قەسىردە ئىبادەت قىلىۋاتقان ئايزادە تۈركەن خاتۇننىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى.

— ئالتۇن تارىم قۇنچۇيى ئانىمىزنىڭ ئوردۇكەنتكە ئاياغ باسقىنىدىن خەۋەر تېپىپ دۇئا ئالغىلى كەلدىم، ئالىيلىرى، —

دېدى سالام بەجا كەلتۈرگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ.
چاچلىرى ئاقىرىپ مۈكچىيىپ قالغان بولسىمۇ، تىمەن تۇرغان خانىش يۈزىگە چۈمپەردىنى تاشلاپ، ئورنىدىن تەستە قوپتى.
— ئوردۇكەنتكە ئىككىنچى ئاياغ باسماسمەن دېگەنىدىم، خاس ھاجىپ، بالىنىڭ مېھرى ئاياغ باستۇردى. ئوغلۇم ئالدىمغا بارمىغان بولسىمۇ، مەن ئوغلۇمنىڭ ئالدىغا كەلدىم. پۈتۈن مەملىكەتكە شاھىنشاھ بوپتۇ. دىدارىنى كۆرۈپلا ئاچچىقىم يېنىپ، غەم قۇشى بېشىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. تېتىكلىشىپ قالدىم. خۇداغا شۈكۈر، ئوغلۇم ئۆزلىرىدەك قاياشقا ئېرىشىپ زەپەر قۇچۇپتۇ. ئانا ئۈچۈن بالىنىڭ بەختىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك. ئاڭلىسام سەپەرگە چىقىدىغان ئوخشايلا.
— شۇنداق، مەلىكە ئانا، تېخى بۇخاراغا بېرىپ، بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ سوۋغا – سالامىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرماقچىدىم. ئوردۇكەنتكە كېلىپ ئۇزۇن يولنى قىسقارتىپ بەردىلە. بۇغراخان ئالىيلىرى ئەمدى ئۆزلىرىدىن ئەنسىرىمەي ئەلنى روناق تاپتۇرىدىغان بولدى. پېقىرغا دۇئا بەرسىلە، — بەگيۈسۈپ ئورنىدىن قوپتى.
ئايزادا تۇركەن خاتۇن دۇئاغا قول كۆتۈردى:
— ئۇتنى سەمەندەرگە، يەر يۈزىنى ئىنسانغا ماكان ئەتكەن ئى تەڭرىم، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالامنىڭ سەپىرىنى بىخەتەر، يوللىرىنى مۇنەۋۋەر، مەنزىلىنى يېقىن قىلغىن. ھەرجايدا ئەزىز ئەيلەپ، كۆڭلىنى ئەمىن قىلغىن، ئامىن!
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، ئوردىدىن چىققاندا، چاشكا ۋاقتى بولغانىدى.

## 3

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى بۇۋىرابىيە ئاغىچا ئارىق

داراسىدىكى قورۇدا تۇراتتى. بىرقانچە ئىخلاسمەن بۇۋىلەر ۋە شاگىرتلىرى بىلەن قۇرئاننى تەپسىر قىلىپ ئولتۇرغاندا يۈسۈپ خاس هاجىپ ئىشىكنى قاقتى. شاگىرت قىز چىقىپ ئوردۇكەنتتىن مېهمان كەلگىنىنى خەۋەر قىلدى.

— ساراي ئۆيگە باشلاڭ بالام، — دەپ رومىلىنى يۈزىگە تاشلاپ ئولتۇردى بۇۋىرابىيە.

ئۇلار كىرىپ سالام بەردى.

— خاس هاجىپ بالام بىلەن ئاتاساغۇن قىزىم ئىكەنغۇ. ئاسمانغا ئاي بىلەن كۈن تەڭ چىققاندەك بىللە كېلىشىپلا. مەرهابا، مەرهابا، — ئورنىدىن تۇرغان ئانا ئۆيگە باشلىماقچى بولدى.

— مەشەدە ئولتۇرايلى، بۇزرۇكۋار ئانا، هاۋالىق ئىكەن، — دېدى بەگيۈسۈپ كۆرپە ئۈستىگە يۈكۈنۈپ، دىلدارىبىكەمۇ ئولتۇردى.

— هاي ئۇسسۇزلۇق كەلتۇرۇڭلار ! — دېدى بۇۋى ئانا.

خىزمەتكار ئايال باغ ئىچىدىكى گەمىدىن بىر كوزا شاتۇت شەربىتى ئېلىپ چىقتى. بىبى ئانا ئۆزى هېجىرلارغا قۇيۇپ، ئۇلارغا تۇتتى. ئۇلار ئىچىپ يۈرەكلىرى سەگىدى.

— ئوبدان تۇرۇپىلا بۇزرۇكۋار. پات ـ پات كېلىپ خىزمەتلىرىدە بولالمىساقمۇ هەمىشە ياد ئېتىپ تۇردۇق، — دىلدارىبىكە ئۆزرىخاهلىق ئېيتتى.

— رەهمەت بالام. يىللاردىن بېرى هالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشتىلا. هەربىرلىرىدىن ناهايىتى مىننەتدارمەن. ئەبۇ هەسەن بۇغراخان بالام قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ ئالدىنقى يىللىرى پات ـ پات كېلىپ هالىمغا يېتىپ كېتەتتى. بۇ يىل كېلەلمىدى. ئاڭلىسام پۈتۈن ئەلگە بۇغراخان بولغاندىن بۇيان يۇرت ئارىلاپ ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇۋاتقۇدەك، ۋاقتى چىقمىغان ئوخشايدۇ. ئوغلۇم مەهمۇد تېگىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ بېرىمەن دېگەنىدى، يولىغا كۆپ قارىدىم، — دېدى ئۇ ياش تۆكۈپ.

— بۇغراخان ئالىيلىرى ھەزرەتلىرىگە سالام ئېيتتى بىبى ئانا. ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شاھىنشاھى بولغاندىن بىرى ئىككى قېتىم يۇرت ئارىلاپ كەلدى. بىر كۈن تەختتە ئولتۇرسا، يەنە بىر كۈن ئاۋام ئىچىدە بولىدۇ. پىيادە بازار ئايلىنىدۇ، خەلق ھەقىقەتەن ئۇنى ئۆز غەمخارى دەپ بىلىدۇ. خەلقتىن ئۆزىنى قاچۇرغان پادىشاھ — زالىم پادىشاھدۇر. زالىم پادىشاھنى ھەممە پۇقرانىڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلىدۇ. ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان ئادىل پادىشاھدۇر. ئۇنى بارچە خالايىق ھۆرمەت قىلىدۇ، ياخشى كۆرىدۇ، مېھمان قىلغۇسى كېلىدۇ.

— خۇدايىم ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، كۆرگۈم كېلىپ قالدى.

— بىبى ئانا، ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئانىسى ئايزادە تۈركەن خاتۇن بۇخارادىن كېلىپ قالمىغان بولسا، ئۇ بىز بىلەن بىللە ئۆزلىرىنى كۆرگىلى كېلەتتى. ئانىسىنى ئېلىپ يات ئارىدا كەلمەي قالمايدۇ.

— خانىش ئايزادە تۈركەن خاتۇن كەپتىما؟ ئوغلىنى دەپ كەپتۇ ـ دە. ياش چاغلىرىمدا، دائىم ئوپالدا تۇراتتى. ئۇ ئوپالغا بىر كەلمەي قالمايدۇ. مەنمۇ ئوغلۇم مەھمۇد تېگىننىڭ بۇ دۇنيادا بار ـ يوقلۇقىنى كۆزۈم يۇمۇلغىچە بىلسەم بولاتتى. تەڭرىنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن يوشۇرۇنۇۋېلىپ، قان ئىچەر جاللات مۇگىسۇزنىڭ قىلىچىدىن ئامان قالغاندىن بېرى، ئوغلۇمغا دۇئا قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ھەرەمگە بېرىپمۇ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدىم. قېرىپ كېتىۋاتىمەن، شۇ ئەزىز ئوغلۇمنىڭ دىدارىنى بىر كۆرسەم بولاتتى، كاشكى ـ كاشكى...، — دېدى بۇۋىرابىيە ئاغىچا ئوغلىنىڭ سۇمباتلىق قامىتى كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ.

— تەڭرى ھەربىر بەندىسىنى تۈرلۈك ـ تۈرلۈك قىسمەتلەرگە گىرىپتار قىلىپ سىنايدۇ، بىبى ئانا. ئاتا ـ ئانىسى يوق يېتىم ـ يېسىر بالىلاردىن ئوتتۇزنى بېقىۋېلىپ، چوڭ قىلىۋاتىدىلا، يۇرت ـ يۇرتتىن كېلىپ ھەزرەتلىرىدىن تەلىم

ئېلىپ، موللا بولغان خاتۇن ـ قىزلار ئاز ئەمەس. ئوپالغا مەدرىسە، مەكتەپ سالدىلا. ئازىق داراسىنى بوستانلىققا ئايلاندۇردىلا. ئوپال خەلقىلا ئەمەس، پۈتۈن خانلىق ئەھلى سىلىنى بۈزرۈكۋار ئانا بىلىدۇ. پېقىر سەپەر قىلماقچىدىم. دۇئالىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىش ئۈچۈن ھۇزۇرلىرىغا كەلدۇق. بىرنەچچە كۈن خىزمەتلىرىدە بولماقچىمىز.

بۇۋىرابىيە ئاغىچا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان سەپەر ئادەمگە ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ، بالام. ئۆزلىرىدىن ناھايىتى رازىمەن. ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ، ئوغلۇمغا دوستلۇقنى يەتكۈزدىلە. ئاقىۋىللۇق بولسىلا، مەن دۇئا قىلىمەن، — دېدى.

ئۇلار ئۈچ كۈن تۇردى. ئوپالنىڭ قىشلاق ـ كەنتلىرىنى بىبى ئانا بىللە ئارىلىدى. ئۇنىڭ ھېكايە ـ چۆچەكلىرىنى، ھېكمەتلىك گەپلىرىنى ئاڭلىدى. دىلدارىبكە ئۇنى يۇيۇندۇرۇپ چاچلىرىنى تاراپ قويدى.

بەگيۈسۈپ قايتىدىغان كۈنى ھويلىدىكى تال ـ بىدىشنىڭ ئاستىدا بىبى ئانا دۇئا بەردى.

— ئىلاھا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالامنىڭ يولىنى راۋان، ئۆزىنى ئامان قىلغىن. كۆڭلىنى ھەمىشە باھار ئەيلە. دۈشمىنىنى ھەر جايدا خار ئەيلە. چۆللەردە ئۇسساتما، كۈندۈزى ئۇخلاتما. مەنزىللەردە ئەزىز قىلغىن، تامىقىنى لەزىز قىلغىن. بارغان يېرىدە خۇشال بولسۇن. سائادەت قۇشى بېشىغا قونسۇن. پاناھىڭدىن ئايرىما، بىز چىقايلى ئالدىغا، ئامىن!

ئاپپاق رومال سالغان پەرىشتە سۈپەت بىبى ئانا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى.

«بوسۇغا داۋان، ئوتكىلى بولماس ئاسان» دېگەندەك، بەگيۈسۈپ ئوپالدىن قايتىپ كېلىپلا يولغا چىقالمىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يار ـ دوستلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلىرى، ئىخلاسمەنلىرى، شاگىرتلىرى يىراق ـ يېقىندىن

ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىشقا كەلدى. يەنە نەچچە كۈنگىچە مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. سەپەر قىلىدىغان ئادەم ئەڭ ياخشىسى بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىسا بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇ ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، سەيشەنبە ئەتىگەندە ئوردىغا بېرىپ، ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان، ۋەزىر - ۋۇزرا، ھاجىپلار بىلەن خوشلاشتى.

كۆزلىرىگە ياش ئالغان بۇغراخان لىپپىغا سېلىنغان يارلىقنى بېرىپ:

— بۇ سەپىرىڭىزدە ئەسقاتىدۇ، ئۇستاز. پۇل - مال يوللۇق تۇتۇشتىن، يارلىق يېزىپ بېرىشنى ئەۋزەل كۆردۇم. يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، — دېدى.

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ ھەرقايسى يۇرت، ئايماق، بالىق، بازار، قىشلاقلىرىنىڭ يابغۇ، ھاكىم، ئاقساقاللىرىغا يارلىق: مەلۇم بولسۇنكى، مەملىكىتىمىزنىڭ ساھىبقىرانى، بۇغراخاننىڭ خاس ھاجىپى، ئۇلۇغ پىكىر ئىگىسى بۆگۈ بىلگە، بوغۇغ، مەۋلانا بەگ يۇسۇپ ھەزرەتلىرى ۋەتەن زىيارىتىگە ماڭدى. بەجانىدىل كۈتۈۋېلىپ خىزمىتىدە بولۇشۇڭلارنى، سەپىرىگە كاشىلا بولماي، ئوبدان ئارام ئالدۇرۇپ، ۋاقتىدا يولغا سېلىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن!

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شاھىنشاھى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان»

مۇشۇ مەزمۇنلار يېزىلىپ، ئالتۇن مۆھۈر بېسىلغان بۇ يارلىقنى قويۇن يانچۇقىغا سالغان يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇۋىسرابىيە ئانىسىنىڭ سالامىنى يەتكۈزدى ۋە ئۇنىڭ تىلىكىنى بىلدۈردى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن ئوردا ئالدىغا چىقىپ، دۇئا قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى. قەشقەر خەلقى

يول ـ يولدا ئۇنىڭغا ئامان ـ ئېسەنلىك تىلىدى. ھۆسەيىن ئىبنى خەلەپ باشلىق بۆگۈ بىلگە، مۇدەررىس، تالىپلار يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ ئۇزاتتى. دىلدارىبىكە، بۇۋىئايشە، مىر ئامانبەگ، ئېلزادبەگلەر ئاتۇشقا بېرىپ، ئاندىن خوشلاشتى. مىر ئامانبەگنىڭ:

— ئاتا، خوش، تېزرەك كەلگىن! — دېگەن ئاۋازى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قۇلىقىدىن يول بويى كەتمىدى...

## 4

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يەتكەن بىرىنچى مەنزىلى بارچۇق بولدى. بۇ يەردە ئورما باشلانغانىدى. تۆت تاماندىن مۇڭلۇق لاي ـ لاي ئاۋازى كېلەتتى. بارچۇق ھاكىمى ئۇنى ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. توپ ـ توپ بوغا ـ مارال ئوتلاپ يۈرگەن يايلاقنى سەيلە قىلدۇردى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كىرىپ ھال ـ مۇڭ بولغۇزدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تەسىرلەندۈرگەن بىر ئىش، ئېتىز ئارىلىغاندا ھاكىمنىڭ ياشانغان دېھقاننىڭ قولىدىن ئورغاقنى ئېلىپ ئورما ئورۇشقا چۈشۈپ كېتىشى بولدى. «ئاۋام بىلەن قەلبداش، كەمتەر، چىقىشقاق ئادەم ئىكەن» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولدى. ئۇ رۇستەمبەگ بىلەن يالغۇز كوچا ئارىلىغاندىمۇ، ھاكىمدىن نارازى بولۇپ ئاچچىقلانغان ئادەمنى ئۇچراتمىدى.

ئاقسۇ، كۇچادىمۇ ئاۋام تىنچ ـ ئامان تۇرمۇش كەچۈرمەكتە ئىدى. ئۇ رۇستەمبەگ بىلەن مەھەللىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، يېڭىدىن مەكتەپ، مەدرىسەلەرنىڭ سېلىنىۋاتقىنىغا، يوللارنىڭ ياسىلىۋاتقىنىغا دىققەت قىلدى. ئاۋامنىڭ بۇغراخاندىنمۇ رازى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەمما، زالىم، خىيانەتچى ئەمەلدارلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئاقسۇدا ئىككى باجگىر، كۇچادا ئىككى ياساۋۇل، بىر يۈزبېشى ئۈستىدىن ئاۋام ئۇنىڭغا شىكايەت قىلدى. يۈسۈپ

خاس ھاجىپ ھاكىملارغا دەپ ئۇلارنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋەتتى. ئۇ كىنگىت[①] قا كەلگەندە، ھاكىمنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى. ھاكىم يول خېتى سورىدى. بەگيۇسۇپ يارلىقنى كۆرسىتىۋىدى، ھاكىم ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ ئەپۇ سورىدى.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەپتىمەن، ھەزرەتلىرى، كەچۈرسىلە، خىزمەتلىرىدە بولاي.

— مەن ۋەتەننى سەيلە قىلىپ كېتىۋاتىمەن. خىزمىتىمدە يەتتە كىشى بار، — دەپ ئۇنىڭ خۇشامىتىنى رەت قىلدى يۇسۇپ خاس ھاجىپ. ئۇ ئۆز خىزمەتچىلىرى بىلەنلا باغراش، لوپنۇر كۆللىرىنى سەيلە قىلدى.

تارىم، كۆنچى دەريالىرى قوشۇلۇپ تۇرغان لوپنور كۆلى ھەمىشە چايقىلىپ، قىرغاق يالاپ مەۋج ئۇراتتى. ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق قۇ، غاز، ئۆردەك، تۇرنىلار سانسىز ئىدى. ئەتراپىدىكى خۇش ھاۋا بوستانلىق، چىمەنلىكلەر، ياپيېشىل ئوتلاقلار ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ يەردىكى كۆجۈم بېلىقچىلار مەھەللىسىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدى. بېلىقچىلار ھاكىمنىڭ ناھايىتى زالىملىقىنى، ئاشلىق سېلىقى ئېلىپلا قالماي بېلىق سېلىقى سېلىپ ئاۋامنى نامراتلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى، پات ـ پات كېلىپ، كۆزى چۈشكەن قىز ـ خاتۇنلارنى، ئېرى بار ـ يوق دېمەيلا چاقىرتىپ ئۆيىگە سولىۋېلىپ، كۆڭۈل ئاچىدىغانلىقىنى غەزەپلىنىپ سۆزلەپ شىكايەت قىلىشتى.

— ھاكىم زالىم بولسا پۇقرا نامراتلىشىپ كېتىدۇ. سىلەر نېمىشقا بۇغراخانغا ھاكىم ئۈستىدىن ئەرز قىلمىدىڭلار؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:

— ئارىمىزدا سۇخەنچى بار ئىكەن، خاس ھاجىپ

---

① كىنگىت — بۈگۈنكى قاراشەھەر.

ھەزرەتلىرى. يازغانندۇق، چىقىپ قويۇپ، ئەرزنامىنى يېزىپ بەرگەن ئىككى پۇتۇكچىنىڭ قوللىرىنى ھاكىم جەينىكىدىن كېسىۋەتتى. ئەرزنامىنى يازدۇرغان ئاق ساقىلىمىزنى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ قامچىلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ياز، كۈز پەسلىدە كىنىگىت ھاكىمىنىمۇ باشلاپ چىقىپ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ئاتلىرىمىزنى، قىزلىرىمىزنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئېلىپ كەتكەنلىرىنى دېسەك ئىچلىرى سىيرىلىپ كېتىدۇ، — دېيىشىپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپ كېتىشتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ زاماتلا مەلۇماتنامە يېزىپ، تۇرۇمتاي ئاتلىق مۇلازىمگە بەردى:

— دەرھال ئوردۇكەنتكە قايتىپ بېرىپ، بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ ئۆز قولىغا بەرگىن، — دېدى ئۇ ۋە شۇ زاماتلا قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىقچىلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى كروران شەھەر خارابىسىنى زىيارەت قىلدى.

— قۇم بېسىپ كەتكەن بۇ يەرلەر بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ناھايىتى ئاۋات كاتتا شەھەر ئەزىم ئىدى. پادىشاھى ئەيش ـ ئىشرەتكە، توققۇزى تەل خەلقى بۇزۇقچىلىق، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ، ئۆزلىرى بىلەنمۇ، ماكانى بىلەنمۇ كارى بولمىغاچقا، تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، دېڭىزدەك دولقۇنلاپ كۆچكەن قۇمنىڭ ئاستىدا قالغان. ۋادەرىخا، ھايات قالغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى جەنۇبتىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا كېتىپ تىرىكچىلىك قىلغان. يەنە بىر قىسمى مەشرىق تەرەپكە كەتكەن. ئاز بىر قىسمى بولسا لوپنۇر، باغراش كۆلى بويلىرىدا تىرىقچىلىق، بېلىقچىلىق قىلىپ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغان. ئەلھال بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقلەر ئەنە شۇ كروران ئەھلىنىڭ ئەۋلادى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ سۆزىنى توختىتىپ، باغرىنى قۇمغا

يېقىپ ئۇزاققىچە يىغلىدى. «ئاھ! ئىسىت، ئاھ! ئىسىت... كاشكى ـ كاشكى» دەپ نالە قىلدى. ئۇ ئۇزاپ ماڭغاندا لوپنورلۇقلار ئۆز ئاتىسىنى ئۇزاتقاندەك زار ـ زار يىغلىشىپ قالدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇ يەردىن ئىدىقۇتقا باردى. سوغۇق چۈشۈپ كەتكەچكە، ئۇ يەردە قىشچە تۇرۇپ قالدى. يەر ئاستىدىن ئۆستەڭ ئېلىپ، بۇ ئىسسىق دىيارنى ياشناتقان تۇرپان خەلقى ئۇنىڭدا ياخشى تەسىرات قالدۇرغانىدى. باش ئەتىيازدا يولغا چىقىپ، بەشبالىق، ئالتاي دىيارىنى ئايلاندى. «نېمىدېگەن كەڭ، مۇنبەت باي زېمىن بۇ! قەدرىگە تېخى يەتمەپتىمىز.» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىرتىش بويىدا، قارىغاي دەرىخىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ.

بۇ تەرەپلەردە شەھەر ـ بازار ئاز بولۇپ، قىشلاق كۆپ ئىدى. كۆچمەن خەلق چارۋا بېقىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. پايانسىز يېشىل يايلاقلاردىن ئۆتكەندە قوي، كالا، ئات، قوتاز پادىلىرى ئۇچراپلا تۇردى. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن ئاق ئۆيدە يېتىپ ـ قوپۇپ، قىمىز، سۈت ئىچىپ، گۆش، ئىرىمچىك، قۇرۇت، قايماق يەپ ئوبدانلا سەمرىپ قالدى. ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى.

ئۇزاق يىل خانلىق خىزمىتى، جامائەت ئىشلىرى ۋە ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بۇ ئالىمنىڭ جېنى ئۇپراپ تېنى ئاجىزلاپ قالغانىدى. مۇشۇ تاپ خېلى يەرگىچە پىيادە ماڭسا ھارمايدىغان، تاغ ـ داۋانلارغا چىقسا ھاسىرىمايدىغان بولدى. «بۇلۇت كەبى ئاق ئۆيلىرىدەك، يەپ ـ ئىچكەن قايماق ـ سۈتلىرىدەك، بۇ يەردە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمنىڭ كۆڭلىمۇ ئاق ئىكەن» دەپ سۆيۈندى. كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان ئورخۇن دەرياسى بويىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز ياش تۆكتى. «ئاكام بەگتۇرمىش مەشەدە قۇربان بوپتىكەن. تېنىگە ئونلىغان نەيزە سانجىلغاندىمۇ قىلىچىنى تاشلىماي جەڭ قىپتىكەن. بەلكىم ئۇنىڭ روھى قان

بىلەن بويالغان دەريا ساھىلىنى كېزىپ يۈرسە كېرەك...» ئويلاپ قالغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ توختاپ تۇرغان ھەمراھلىرىغا:

— ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ. ئۆلۈمنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ئۆز ۋەتىنى، قوۋمىنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئۆلۈش. مېنىڭ ئاكام مۆشۈ دەريا بويىدا ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىپ ئەل ـ ۋەتىنىنىڭ ھۆرلۈكىنى، خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قوغداپ قالغان. مەن بۇنىڭدىن ئىپتىخارلىنىمەن، — دېدى روھى ئۇرغۇپ.

— پېقىر شاگىرتلىرىمۇ ۋەتەن، خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن جېنىنى ئايىمايدۇ، كىشى قارا. ۋەتىنىمىزنىڭ قۇچىقى نېمىدېگەن كەڭ. ماڭساق ـ ماڭساق چېتىگە يېتەلمەيۋاتىمىز، — سۆز قاتتى ئېتىنى سۇغىرىۋاتقان رۇستەمبەگ.

— بالام بۇنداق گۈزەل، مۇنبەت تۇپراق ئۈچۈن بىر جان ئەمەس، مىڭ جاننى پىدا قىلىسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. دۇنيادا باغرىدا ياشاپ تۇرۇپ ئۆز ۋەتىنىنى بىلمەيدىغان، قەدرىگە يەتمەيدىغان ئادەملەرمۇ بار. ئاسىي ـ مۇناپىقلار مانا شۇنداق غۇرۇرسىز ئادەملەردىن چىقىدۇ. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئادەم ھۆر بولغان ۋەتىنىدىلا بەختكە ئېرىشەلەيدۇ.

— ئېسىمدە تۇتىمەن، ئۇستاز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئورخۇن بويىدىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ، گۈزەل بايكۆل[1] بويىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئېمىل، ئېدىل ۋادىسىدا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرى بىلەن دىدارلىشىپ كەينىگە ياندى. سىر دەريا بويىغا كەلگەندە سوغۇق چۈشۈپ قالدى. ئۇ بۇ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى جەندە شەھىرىدە بىرنەچچە كۈن تۇردى. ئوغۇزلارنىڭ يابغۇسى[2] ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئوغۇزلارنىڭ شۆھرەتلىك باش بۇغى[3] بىر يۈز ئون

---

① بايكۆل — بايقال كۆلىنىڭ ئەسلىي نامى.

② يابغۇسى — ھاكىمى، ئاقساقىلى.

③ باش بۇغ — ئوغۇزلاردىكى ئەڭ يۇقىرى ئەمەل نامى.

بەشكە كىرىپ ۋاپات بولغان سەلجۇقبەگنىڭ ئوردىسىنى زىيارەت قىلدۇردى. قىلىچ ـ قالقان، ئومۇتلىرىنى كۆرسەتتى. سەلجۇقبەگنىڭ ئوغلى توغرۇلبەگنىڭ نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، بەش تۈمەن پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇن، ئۈچ يۈز جەڭ پىلىدىن تەركىب تاپقان زور كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىنى ئون نەچچە مىڭ سىپاھ بىلەن مەغلۇپ قىلغىنىنى، يەتتە يىل بۇرۇن شەرقىي رۇم پادىشاھى ئەزمايۇس ئون تۈمەندىن ئارتۇق قوشۇن بىلەن ئەرمەنىستانغا بېسىپ كىرگەندە، سەلجۇقبەگنىڭ نەۋرىسى سۇلتان ئالىپ ئارسلاننىڭ نەچچە ئون مىڭ سىپاھ بىلەن ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىلىپ، مەغلۇپ قىلىپلا قالماستىن ئەزمايۇسنى ئەسىر ئالغىنىنى قىزىقارلىق ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەندە شەھىرىدە ئات ـ ئۇلاغلىرىنى يەڭگۈشلەپ، قىشلىق كىيىم ـ كېچەك، يېمەكلىكلەرنى غەملەپ مېڭىپ چىللە كىرىش ئالدىدا سەمەرقەنتكە يېتىپ كەلدى. ئۆزىنىڭ تىللا سارىيىغا چۈشتى. ئوردىغا بېرىپ غەربىي قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ شاھى تامغاچ بۇغراخان شەمسىلمەلىك بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ۋەزىرى تاجىلمۇلىك بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ شەرىپىگە بەگ تەركىسى ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالدى. ئۇ ئاتىسى ئىبراھىم بۆرە تېگىنىنى ئەسلەپ، قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى:

ــ مەرھۇم ئاتامنىڭ قىرىق نەزىرىسىگە كەلگەنلەرنى تونۇگۇنكىدەك ئېسىمدە، خاس ھاجىپ ھەزرەتلىرى. بۇنىڭغىمۇ ئون يىل بولۇپ قاپتۇ. قېيىنئاتامنى ئاخىر ئۇنىڭ قىساسى تۇتتى. شەرقىي رۇمنى بويسۇندۇرۇپ ئولپان ئېلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ناھايىتى كۆرەڭلەپ كەتكەنىدى. ئۇ يەنە نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ئامۇ دەرياسى بويىغا باستۇرۇپ كەلدى. بۇ يەرنى قوغداۋاتقان يۈسۈپ بورەزمى ئاتلىق ئالىپ سەركەردەم قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇنى توسۇماقچى بولدى، لېكىن

جەڭدە يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. قېيىنئاتام سوراق قىلماقچى بولۇپ ئۇنى ئالدىغا كەلتۈرگەندە، قوينىغا يوشۇرۇۋالغان خەنجەرنى ئېلىپ، ئېتىلىپ بارغىنىچە قارنىنى يېرىۋېتىپتۇ. ئېغىر يارىلانغان قېيىنئاتام سۇلتان ئالىپ ئارسلان شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. تىنىقى توختاش ئالدىدا «يۇسۇپ بورەزمى ھەقىقەتەن قورقۇمسىز ئالىپ ئىكەن. مەندەك بىر جاھانگىر پادىشاھنىڭ جېنىغا زامىن بولدى» دەپ جان ئۈزۈپتىكەن.

— پېقىرمۇ ئاڭلىغان ئالىيلىرى، يۇسۇپ بورەزمىمۇ، سۇلتان ئالىپ ئارسلاندەك تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ دۇنيا مانا شۇنداق دۇنيا. كىشىنىڭ قىساسى كىشىدە قالمايدۇ. ئېيتىسىلا شاھىم، سۇلتان مەلىكشاھ بىلەن قانداق ئۆتۈۋاتىدىلا؟

— ئوبدان، خاس ھاجىپ ھەزرەتلىرى، — شەمسىلمەلىك قوللىرىنى كېرىپ كۈلۈمسىرىدى، — بۇ جاھانگىر قېيىنئىنىم ئاباكەم تۈركەن خاتۇننىڭ ھۆرمىتىدىنمۇ ياكى مەردلىكىگە ئالدىمۇ، شام[1]نى پەتىھ قىلغاندا مېنى تەكلىپ قىلىپ، تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدى. رازى بولۇپ قايتىپ كەلگەنىدىم.

— ئالىيلىرى، مەلىك شاھمۇ ئاتىسىدەك جاھانگىر پادىشاھ. ئۇنى سەمەرقەنتكە بىر قېتىم تەكلىپ قىلىپ، تۇغقانلىق رىشتىنى چىڭىتىشلىرى، ئۆزئارا ئۇرۇش - جېدەل قىلماسلىق توغرىسىدا ئەھدۇپەيمان تۈزمەكلىرى زۆرۈر. بولمىسا ئۇنىڭ نەپسى يوغىنىغانسېرى خارەزىمنى يۇتۇۋېلىش، شەرققە يۈرۈش قىلىش قەستىدە ئۇرۇش قوزغىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. بۇنداق ئاقىۋەت ئەلگە بالا - قازا بولىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ مەسلىھەتى ناھايىتى قىممەتلىك، شاھىم. شۇنداق قىلىش — مەملىكەتلىرىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، — دەپ قوشۇلدى باش

---

① شام — سۈرىيەدىكى بىر شەھەر.

ۋەزىر تاجىلمۇلىك.

غۇرۇرى كۈچلۈك بولغان شەمسىلمەلىك بۇ مەسلىھەتنى دەرھال قوبۇل قىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن نۇرغۇن سوۋغا تارتۇق بىلەن تاجىلمۇلىكنى مەلىكشاھنى سەمەرقەنتكە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن تېھرانغا ماڭدۇردى.

بەگيۈسۈپ سەمەرقەنتتە قىشلاپ قالدى. كۆپ ۋاقتىنى ئالىم ـ ئەدىبلەرنىڭ سۆھبىتىگە بەردى. سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدىمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بۇ يەردە تىللا سارىيىنى ئېچىپ تىجارەتنى قىلمۇۋاتقانلار ھالال ئادەملەر ئىدى. ئۇ بىر مەدرىسە، يەنە بىر ساراي سېلىشقا مەبلەغ ئاجراتتى. ھەركۈنى ئون مۇساپىر، ئون يېتىم ـ يېسىرغا ھەقسىز تاماق بېرىشتىن ئىبارەت خەيرلىك ئىشنى تىللا سارىيىدا يولغا قويدى. ئوردىغىمۇ بېرىپ تامغاچ بۇغراخان بىلەن ئەھۋاللىشىپ تۇردى.

تاجىلمۇلىك بىر ئاي بولغاندا قايتىپ كەلدى. ئۇ مەلىكشاھنىڭ خانىش تۈركەن خاتۇن بىلەن باش ئەتىيازدا كەلمەكچى بولغىنىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىمۇ ۋاقىپلاندۇردى.

دېگەندەك سەمەرقەنتنىڭ سۇۋادانلىرى يۇتلا تاشلىغاندا، پىلغا مىنگەن مەلىكشاھ بىر تۈمەن سىپاھ، يۇرتۇغ ـ جاندارلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. باش ۋەزىر نىزامۇلمۇلكمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ يەردىلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈشتى،

ئۇلار ئەھۋاللاشتى. بىرنەچچە كۈن سەيلە ـ ساياھەت، بەگ تەركىسى، سورۇن، مەرىكىلەردە بىللە بولۇشتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئۇنىڭغا يادىكار قىلدى. بۇ ئالىممۇ ئەۋەتمەن، دەپ ئەۋەتەلمىگەن «سىياسەتنامە» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى ھەدىيە قىلدى. بۇ ئىككى ئالىمنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن شەمسىلمەلىك بىلەن مەلىكشاھنىڭ تۇغقانلىق رىشتى چىگىلدى. ئۇرۇش ـ تالاش قىلماسلىق توغرىسىدا ئەھدىنامە تۈزۈلدى. تەنتەنە بىلەن

كۈتۈۋېلىنغان مەلىكشاھ يەنە شۇنداق تەنتەنە بىلەن ئۇزىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ يولغا چىقىپ، مەرۋى شاھ جاھان، غەزنە، فاراب، ئۇترار شەھەرلىرىنى كېزىپ، تازا ئىسسىق يازدا بالاساغۇنغا يېتىپ كەلدى. ئىككى يىلدىن بېرى يول مېڭىۋاتقان يۈسۈپ خاس ھاجىپ تېخىچە ئۆزى كۆڭلىگە پۈككەن ۋادىلارنى ئايلىنىپ بولالمىغانىدى. ئۇ بالاساغۇندا تومۇز چىققۇچە تۇردى. ئېلىكخان ئەربۇقا پەتھىدىن ۋە بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى بىلەن ھال - مۇڭ بولۇپ، قوغۇن شاپىقى يەرگە چۈشكەندە يەنە يولغا چىقتى. بىر يۈز يىگىرمە بەشكە كىرگەن ئاشىنبۇقا يەنە بىر قېتىم دىدار كۆرۈشۈشنى تىلەپ چۇ دەرياسى بويىدا ئۇزىتىپ قالدى...

# ئوتتۇزىنچى باب

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپاتى

## 1

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنجۈرنىڭ ئۈچىنچى پىشىشقىدا ئاتۇشقا يېتىپ كېلىپ مەشھەدكە چۈشتى. قەشقەردىكىلەرنى ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن رۇستەمبەگ ماڭماقچى بولۇۋىدى، ئۇ:

— ھاجىتى يوق، بالام. ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزمايلى. خەۋەر بەرمەيلا كەلگىنىمىزنىڭ خاسىيىتى كۆپ بولىدۇ، — دەپ ئۇنىمىدى.

ئۇلار ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا ئۈچ كۈن تۇردى. مەقبەرە ئالدىدىن ئۈچ كۈنگىچە قويماي، ۋەتەن خەلقىگە تىنچلىق - ئامانلىق، بەخت - سائادەت، پادىشاھقا ئىنساب تىلەپ دۇئا قىلدى. ھەزرىتى سۇلتان بىلەن بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان بارلىق مەرھۇملارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر بەردى. ئۆزىمۇ ئالتۇن داشنىڭ ئېشىغا ئىبغىز تېگىپ چوڭ كۆلنىڭ سۈيىدە تەرەت ئېلىپ، كۈن قايرىلغاندا قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. تۆت ئەتراپى ئەنجۈرلۈك باغلار بىلەن ئورالغان بۇ ئەزىز ماكان — ئۇنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولۇپ قالدى.

ئۇلار ھىچ يەردە توختىماي چاپسان - چاپسان مېڭىپ، خۇپتەندىن يانغان مەھەلدە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. يەنە سەل كېيىن قالسا دەرۋازا تاقىلىپ شەھەرگە كىرەلمەي قالاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەمراھلىرى بىلەن ئاستانىگە قەدەم باسقاندا كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇلار شام چىراغلارنىڭ يورۇقى

چۈشۈپ سىرلىق تۈس ئالغان بۇلاقلارغا سەپسېلىپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئىشىك ئالدىدا توختىدى. رۇستەمبەگ ھالقىنى قاقتى.

چىراغ كۆتۈرۈپ چىققان دىلداربىكە قەدىردانىنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقاتتى. دېدىكى يۆلىۋالمىغان بولسا يىقىلىپ چۈشەتتى. ئۇنى خانىسىغا ئېلىپ كىرىشتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بېشىدا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغاندا، دىلدار بىكە ھوشىغا كەلدى. كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ:

— ئاھ، خۇدا! سىلىنى كۆرىدىغان كۈنمۇ بولىدىكەن ـ ھە! — دەپ گىرە سېلىۋالدى، — بۇ سىلىمۇ؟ بۇ سىلىمۇ ـ ھە؟ — دىلداربىكە ئېرىنىڭ ئۆسۈپ قالغان ساقىلىنى تۇتاملاپ يۈز ـ كۆزىگە سۈردى.

— يىغلىمىسىلا ئانىسى. مەن كەلدىمغۇ، — دېدى يۈسۈپ خاس ھاجىپ جانانىنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى ھىدلاپ.

دىلداربىكە رۇسلىنىپ ئولتۇردى:

— نېمىشقا خەۋەر بەرمىدىلە؟ ئالدىلىرىغا چىقماسمىدۇق. ئۈچ كۈن بۇرۇن سىلى قايتىپ كېلىپ چۈشەپ قالغانىدىم. شۇڭا، كېلىپ قالامدىكىن دەپ ئىشىك قېقىلىسىلا يۈگۈرۈپ چىقىدىغان بولدۇم. ھېلى ئىشىكنى ئېچىپ سىلىنى كۆرگىنىمنى بىلىمەن، نېمە بولغىنىمنى بىلمەيمەن، كۆزۈمنى ئاچسام بېشىمدا ئولتۇرىدىلا. يەنە چۈشۈم ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىمەن.

— مەن راستلا كەلدىم، ئانىسى. ھوشلىرىدىن كەتكەندە بەك ئەنسىرىدىم. كۆتۈرۈپلا ئەكىرىپ ياتقۇزدۇم. مىڭ شۈكۈر، كۆپ ئىنتىزار قىلماي كۆزلىرىنى ئاچتىلا. ئوغلۇم كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— مەدرىسەدىن كېلىشكە جانپىدا غوجام چاقىرىپ كەتكەنىدى. ھېلى كېلىپ قالارمىكىن، — دىلداربىكە بىردىنلا تۇرۇپ كەتتى، — ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن، قوللىرىغا سۇ بەرمەي، ئۇستىباشلىرىنى قاقماي ئولتۇرغىنىمنى قارىسىلا، ئاتىسى.

قورساقلىرى تازا ئاچقاندۇ؟
ئۇ ئىتتىك چىقىپ ئاپتۇۋا ـ چىلاپچى ئېلىپ كىردى. ئېرىنىڭ تونىنى سالدۇرۇپ، سەللىسىنى ئېلىپ، قولىغا سۇ بەردى.
ــ يۇيۇنۇۋالسىلا هاردۇقلىرى چىقاتتى، ئاتىسى، تاماق يەۋېلىپ يۇيۇنۇۋالالا. خۇش بولغىنىمدىن ئېسىمنى يوقىتىپتىمەن، هاياجىنىمنى ئاران بېسىۋالدىم. ئەمدى ئاشخانىغا چىقىپ تاماق ئېلىپ كىرەي.
ــ چىقىسىلا ئانىسى، قورسىقىم ئاچقاندەك قىلىدۇ. سىلى ئەتكەن چۆچۈرە، پولۇنى سېغىندىم.
دىلداربېكە ئاشخانىغا چىقتى.
ــ ئاپا ! ئاپا ! مەن كەلدىم ! ــ دېگەن ئوغلىنىڭ ئۈنىنى ئىشتىپ، هويلىغا چىققان دىلداربېكە ئۇنى شەرەتلەپ چاقىردى.
ــ بالام، ئاستا توۋلا، ئاتاڭ قايتىپ كەلدى.
ــ ئاتام كەلدى؟ راستمۇ ئاپا؟
ــ راست، ئوغلۇم، راست. دەم ئېلىۋاتىدۇ، بوش گەپ قىل.
ــ مەن كۆرۈشمەمدىمەن؟
ــ كۆرۈشىسەن بالام، كۆرۈشىسەن. قازانغا چۆچۈرىنى سېلىۋېتىپ باشلاپ كىرەي، چۆچۈتىۋەتمە.
تاقىتى تاق بولغان مىرئامانبەگ ئانىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرگەندە، ئورنىدىن تۇرۇۋالغان يۇسۇپ خاس هاجىپ دېرىزىدىن قاراۋاتاتتى.
ــ ئاتا ! ئاتا !
ــ بالام، ئوغلۇم !
ئاتا ـ بالا قۇچاقلىشىپ كەتتى.
داستىخان كۆتۈرۈپ كىرگەن دىلداربېكە:
ــ بالام، ئاتاڭ هېرىپ ـ چارچاپ كەلدى. سېنىڭ ئۇنداق قۇچاقلاشلىرىڭنى كۆتۈرەلمەيدۇ. قول ـ پۇتلىرىنى ئاغرىتىپ قويىسەن، ــ دەپ ئاتىسىغا هەشقىپىچەكتەك چىرمىشىۋالغان

مىر ئامانبەگنى ئاران ئاجرىتىۋالدى. ئاندىن، ــ سەن دەرھال بېرىپ ئاباكەڭنى، تاغىلىرىڭنى ئاتاڭنىڭ كەلگىنىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ ئىتتىك يېنىپ كەل، ــ دەپ بۇيرۇدى.
مىر ئامانبەگ:
ــ ئاتام بىلەن سۆزلەشكىلىمۇ قويماي، ــ دەپ غودۇڭشىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.
ــ بالىنى ئەتە ئەۋەتسىلىرى بولماسمىدى، ئانىسى. ئۇلارنى بۇ كېچىدە بىسەرەمجان قىلىدىغان بولدۇق.
ــ ئۇنداق بولمايدۇ، ئاتىسى. بۇۋئايىشە قىزىم يوللىرىغا تولا قاراپ ئىسىنى يوقىتىپ قوياي دېدى. سېغىنغانلا؟ ئاكىلىرىمۇ سىلىنى سوراپ بۇ ئۆيگە تولا كېلىپ تاپانلىرى تېشىلىپ كېتەي، دېدى. بۇگۈن كەلگەنلىرىنى ئەتە ئاڭلىسا مەندىن خاپا بولمامدۇ؟
ــ بۈگۈن قىزىمنى كۆرمىسەم كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى ئانىسى.
دىلدارىبىكە كۈلۈپ قويۇپ چۆچۈرىنى ئېلىپ كىردى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەززىلىك بۇ ئاشنى ھوزۇرلىنىپ ئىچىشكە تۇتۇندى.
ــ سىلى ئەتكەن ئاشزە، شۇنداق لەزىز ـ ھە! چۆچۈرىسى شۇنچە تاتلىق، سۇيى شۇنچە تەملىك.
ــ ئۇنچىۋالا ئەمەس، ئاتىسى، سىلى يوق بۇ ئۆي مازارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەمدى ئاۋات بولۇپ كېتىدىغان بولدى. ئاتا دېگەن نېمانچە ئۇلۇغ ـ ھە، ئاتىسى!
ــ ئانا بولمىسا ئۆي بىر گۆرگە ئوخشاپ قالىدۇ، ئانىسى. سىلى بولغاچ بۇ ئۆي شۇنداق يورۇق ـ ئازادە تۇرۇپتۇ.
ــ سىلىنى كېلىدۇ، دەپ ھەر كۈنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ تۇردۇم، ئاتىسى. چۆچۈرىدىن يەنە ئازراق ئېلىپ كىرەيمۇ؟

— سەل تەخىر قىلىپ... باللار، تۇغقانلار كەلسۇن. راستىمنى دېسەم كۆڭلۈم تاماق تارتىپلا تۇرىدىغۇ. ھېچ بىلمىدىم ئانىسى.

— بۇ سەپەرنىڭ خاسىيىتى. ساپ ھاۋا، قۇياش نۇرى، غۇر - غۇر شامال، تىنىمسىز ھەرىكەت — مانا بۇلار قورساقنى ئاچۇرىدىغان ئامىللار، ئاتىسى. ھەقىقەتەن تەنلىرى تازا تۇرۇپتۇ....

بۇۋىئايىشە، ئىلزادبەگ باللىرى بىلەن كىلىپ ئۇلارنىڭ تاتلىق پارىڭىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇلار كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورىشىپ بولغۇچە بەگتاش خىلىل، بەگتاش جىلىللارنى باشلاپ مىر ئامانبەگ كەلدى. تىنچلىق، ئامانلىق سورىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى.

— ئادەم سەپەر قىلغاندىلا ئۆز ئۆيىنىڭ، باللىرىنىڭ، تۇغقان، يارۇدوستلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىدىكەن. ھەربىرلىرىنى بەكمۇ سېغىندىم. بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى، — دېدى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىترەك ئاۋاز بىلەن.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ئاتا. ئۇلۇغ خانلىقىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىنى، شەھەر - دالالىرىنى كۆرۈش ئارزۇلىرىغا يەتتىلىغۇ، — بۇۋىئايىشەنىڭ ياشلىق كۆزلىرىدە كۈلكە پەيدا بولدى.

— يوقسۇ بالام، ئارزۇيۇمغا تولۇق يېتەلىگىنىم يوق. ئۇلۇغ ۋەتىنىمنى بىر ئايلىنىپ چىقىش ئىستىكى كىچىك چېغىمدىلا كۆڭلۈمدىن ئورۇن ئالغانىدى. يىللار شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتتى. ياشانغان چېغىمدا ئۇ ئىستەك بىر ئارزۇغا ئايلىنىپ، مىنى مەيلىمگە قويماي ئاتلاندۇردى. ۋەتىنىمنىڭ كۆپ جايلىرىغا بارغان بولسامۇ، ئارزۇيۇمنى قاندۇرالمىدىم. يېپەك دىيارى ئۇدۇنغا بارالماي ئارماندا قالدىم. ئوردۇكەنتنىڭ بىقىنىدىكى

ياركەنتكىمۇ بارالماي قالدىم. چوڭ ئوغلۇم بەگتۇرمىش شۇ يەردە ئەھمەد ئىلىكخانىنىڭ يۇغرۇش باشى ئەمەسمۇ؟ بۇرچىنى قانداق ئادا قىلىۋاتىدۇ؟ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگۈم بار ئىدى. خەيرىيەت، ئادەم كۆرمەن دېگەن يەرلەرنى كۆرۈپ بولالمايدىكەن. يېتىمەن دېگەن ئارزۇ ـ تىلەكلىرىگىمۇ يەتمىكى تەس ئىكەن. ئانا ۋەتەنىمىڭ ھەممە يېرىگە بارالىغان بولسامىمۇ، بىلىپ، چۈشىنىپ كەلدىم. ناھايىتى كەڭ، ناھايىتى باي، ناھايىتى گۈزەل ئىكەن. سەھەردە غۇرۇلدىغان شامىلىدىنمۇ، دەل ـ دەرەخ گۈل ـ گىياھلىرىدىنمۇ، ھەممە نەرسىدىن شېئىر ـ بېيىت تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن. يامغۇرىمۇ شېئىر، قارىمۇ شېئىر، كۆلكىسىمۇ شېئىر، يىغىسىمۇ شېئىر ئىكەن. مەن بۇ سەپىرىمدىن زادى ئەپسۇسلانمايمەن، بەلكى ئىپتىخارلىنىمەن...

يۇسۇپ خاس ھاجىپ سۆزلەۋېتىپ بىردىن تۇرۇپ كەتتى.

ـــ رۇستەمبەگنى چاقىرىڭلار! ـــ دېدى ئۇ جىددىيلىشىپ.

گېپىگە قىزىقىپ ئولتۇرغان جانجىگەرلىرى ھەيران بولۇشتى. دىلدارىبكە ھاياجانلانغان ئېرىنىڭ توساتتىن يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى.

مىرئامانبەگ رۇستەمبەگنى چاقىرىپ كىردى.

ـــ بالام، لوپنور كۆلى ئېسىڭدىمۇ؟ ـــ سورىدى يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ـــ ئېسىڭدىمۇ زادى؟

ـــ ئېسىمدە، كىشى قارا.

ـــ شۇ چاغدا مەن يېزىپ بەرگەن مەلۇماتنى كىم ئېلىپ كەتكەنىدى؟

ـــ ئوردا ياساۋۇلى تۇرۇمتاي.

ـــ ئۇنى ھازىر چاقىرىپ كېلەلەمسەن؟

ـــ كېلىمەن، كىشى قارا.

ـــ ئۇنداق بولسا چاپسان چاقىرىپ كەل!

رۇستەمبەگ ئۇستازىدىن باشقا ھەممەيلەننى ھالى - تالى قالدۇرۇپ يۇگۇرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئولتۇرۇپ كىنىگىتكە بارغاندا ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىنلا، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن چۈشەندى.

تاماق يېيىلىپ، بولغاچقا داستىخان يىغىشتۇرۇلدى. بەگتاش خېلىل، بەگتاش جېلىل ئاكا - ئۇكىلار، ئېلزادبەگ باللىرى بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

رۇستەمبەگ ئوردا ياساۋۇلى تۇرۇمتاينى چاقىرىپ كەلگەندە، ۋاقىت يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى.

— ئامان كېلىپلا خاس ھاجىپ ھەزرەتلىرى.

— لوپنور كۆلىگە بارغىنىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئېسىمدە، ھەزرەتلىرى.

— سىزدىن ئەۋەتكەن ئاشۇ مەلۇماتنامىنى بۇغراخانغا بەرگەنمىدىڭىز؟

— بەرگەن، ھەزرىتىم. بۇغراخان ئالىيلىرى دەرھاللا لوپنور ۋە كىنىگىت ھاكىملىرىنى مەنسىپىدىن قالدۇرۇپ، زىندانغا تاشلاش توغرىسىدا، سۇباشى كۇشان سانغۇنغا ئەمر قىلدى. ئاندىن ئۇنى كىنىگىت، لوپنور ھاكىملىرىنىڭ ئورنىغا ھاكىم قىلىپ يارلىق بىلەن ماڭدۇردى. بۇغراخاننىڭ ئەمرى بويىچە مەنمۇ كۇشان سانغۇن بىلەن بىللە بارغانىدىم. سانغۇن، كىنىگىت، لوپنور ھاكىملىرىنى زىندانغا تاشلىدى. بۇ ئىككى ئايماقتىن ئېلىنىدىغان باج - سېلىقنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى يارلىقنى ئاۋامغا ئوقۇپ بەردى. خاس ھاجىپ ھەزرەتلىرى، ئاۋام ئۆزلىرىدىن كۆپ مىننەتدار بولدى. كېيىن سانغۇننىڭ مەلۇماتنامىسىنى ئېلىپ ئوردۇكەنتكە قايتىپ كەلدىم.

— ماڭا مىننەتدارلىق كېرەك ئەمەس، ئادالەت كېرەك،

ياساۋۇل. ئەمدى كۆڭلۈم تىندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دىلدارىبكەگە دەپ، ياساۋۇلغا ئۈن كۈمۈش يامبۇ سۆيۈنچە بەردى. ئۇ رەھمەت ئېيتىپ ئۆزىدى.

بۇۋىئايىشە ئۇخلىغىلى يان ئۆيگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، دىلدارىبكە قەدىردانىنى ھامامغا ئېلىپ كىردى. ئىللىق سۇ بىلەن يۇيۇپ، كىيىم ـ كېچىكىنى يەڭگۈشلەپ ئۆز خانىسىغا ئېلىپ چىقتى.

— مېنى ئەجەب راھەتلەندۈردىلە، ھاردۇقۇم چىقتى. ئۇچتەك يېنىكلەپ قالدىم ئانىسى، — دېدى بەگيۈسۈپ سۆيۈنۈپ.

## 2

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن پەتىگە كەلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئەھۋال سوراشتى.

— تىمەن تۈرۈپسىز، ئۇستاز. قۇتلۇق قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن. نېمىشقا بىزنى ۋاقىپلاندۇرمايلا كېلىۋالدىڭىز؟ ئالدىڭىزغا چىقاتتۇق ئەمەسمۇ.

— رەھمەت بۇغراخان ئالىيلىرى، مەملىكەت ئىشى بىلەن بىر قوللىرىنى ئۈن قىلالمايۋاتقان يەردە، ئاۋارىچىلىك تارتمىسۇن دېدىم. داغدۇغا، تەنتەنە بىلەن ئۇچراشقاندىن كۆرە، مۇنداق بەھۇزۇر كۆرۈشكەن تېخىمۇ مەنىلىك بولىدۇ، — دېدى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان تاشقىرى ھويلىدىكى ساراي ئۆيگە كىرىپ تۆردىن ئورۇن ئالدى. مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە تاي، قوزا، ئوغلاق سويۇلدى. تەخسە ـ تەخسىدە نېرىن چۆپ تارتىلدى. تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— بىزگە بۇيرۇيدىغان خىزمەت يوقمۇ ئۇستاز؟ ۋەتەننىڭ ئەڭ گۈزەل شەھەر، قىشلاقلىرىنى ئايلىنىپ، شاھىنشاھلاردىن تارتىپ تارىقچى، چوپانلارنىڭ ھۆرمەت سالامىنى ئېلىپ كېلىپسىز. بۇنىڭدىن چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت ئالدىم، — دېدى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— ئەل نامىدىن بۇيرۇغان خىزمەتنى ئادا قىلىۋېتىپىلا. ئەمدى مەندىن سورىماي خەلقتىن سورىغايلا ئالىيلىرى.

— ئەلۋەتتە، ئۇستاز. خەلقىمىنىڭ ئىشەنچ - ئۈمىدىنى زىنھار يەردە قويمايمەن، — ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان ئۈچ قەدەم كەينىچە مېڭىپ، خوشلىشىپ ئۆزىدى.

بىر ھەپتىگىچە پەتىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ، مۇھەممەد بىننى ئەل كاشغەرىي باشلىق ئالىم - ئۆلىما، ئەدىب، مۇدەررىسلەر كېلىپ قۇتلۇقلاشتى.

— ھەزرەتلىرى جىممىدە كېلىۋاپىلا، ئۆيىنى شۇنچە سېغىنىپ كەتكەنمۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ.

— شۇنداق ئۇستاز. پېقىرنىڭ ئورنىدا ئۆزلىرى بولسىلا سېغىنمامتىلە؟

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ھەزىل چاقچاق خېلى داۋام قىلىپ، ئالىملارنىڭ ھاياجىنى بېسىلدى.

— مەن ئۇلۇغ ئانا ۋەتىنىمنى ئايلىنىش داۋامىدا بىر خۇرجۇن سوۋغات ئېلىپ كەلدىم، — دېدى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇنى ئالىملارنىڭ ئالدىغا قويۇپ.

ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ ئىزمىلىرىنى يېشىپ خۇرجۇننىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئىچى شېئىر يېزىلغان ۋاراقلار بىلەن لىق توشقانىدى.

— بارىكاللا، بارىكاللا. يولدىمۇ جىم ماڭماپتىلا - دە؟ — دېدى ئۇ.

— شائىرنىڭ جىم تۇرغىنىنى سىلى نەدە كۆرگەن بۇرادەر؟ ئالىم جىم تۇرسىمۇ، شائىر جىم تۇرمايدۇ، — گەپ قىستۇردى

مۇھەممەد بىننى ئەل كاشغەرىي.

— راست، يولدا جىم ماڭغىلى بولمايدىكەن. بۇ ئۇلۇغ ئانا ۋەتەننىڭ چەكسىز ئۇزۇن يوللىرىدىن، دولقۇنلۇق دەريا، كۆللىرىدىن، قارلىق تاغ ـ داۋانلىرىدىن تېرىۋالغان شېئىر ـ بېيىتلەر. رەتلەپ بىر دىۋان قىلايمىكىن دەيمەن، — دېدى يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۈلۈمسىرەپ.

— بۇنىمۇ بۇغراخانغا تەقدىم قىلاي دەملا؟ — سورىدى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ.

— يوقسۇ ئۇستاز، بۇ دىۋانىمنى خەلققە تەقدىم قىلىمەن.

ئالىم ـ مۇدەررىسلەر بارىكاللا ئېيتىپ ئۇزاشتى.

ئەمما، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بۇ بىر خۇرجۇن شېئىرنى رەتلەپ دىۋان قىلىش نېسىپ بولمىدى.

بۇغداي مايسىسى يەردىن ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن ئەتىياز مەزگىلى ئىدى. قەدىردانىنىڭ كىتابخانىسىغا چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن دىلدارىبىكە قەلىمىنى تۇتقان ھالدا شىرەگە باش قويۇپ كۇرسىدا جىم ئولتۇرغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنى كۆردى.

«چارچاپ ئۇيقۇغا كەتكەندەك قىلىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئاستا يېنىغا كەلدى. ھەرقاچان كىرگەن چېغىدا دەرھال قارايدىغان ئېرى شۇ تاپ ئۇن ـ تىنسىز جىملا ئولتۇراتتى. دىلدارىبىكە يۈرىكى ئېغىپ ئېرىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— ئاتىسى ـ ئاتىسى، — دېدى ئۇ بوش تىترەك ئۈن بىلەن.

جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، — ئاتىسى ! ئاتىسى !! بېگىم ! بېگىم !! — دەپ توۋلىدى. ھەسرەتلىك ئاۋاز ھويلىغا ئاڭلاندى. قولىدىكى چۆگۈن يەرگە چۈشتى.

— ئاتىسى ! ئاتىسى !!...

ئۇ جاۋاب بەرمەي جىم ئولتۇراتتى.

يىللاردىن بېرى ئۆزىنى ئاشكارا قىلمىغان يوشۇرۇن يۈرەك كېسەللى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى

ئېغىزمۇ ئاچۇرماي، ئۇ دۇنياغا جىممىدە ئېلىپ كەتكەندى. ھاياتىدا دەقىقىمۇ جىم تۇرمىغان مۇتەپەككۇر، شائىر ئەنە شۇنداق جىمىپ قالغانىدى...

دىلدارىبكەنىڭ يىغىسى قورۇنى لەرزىگە كەلتۇردى. يۈگۈرۈپ كىرگەن مىر ئامانبەگ:

— ئابا، نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتاڭ... — ئۇ سۆزلىيەلمەي قالدى.

— ئاتا ! — ئاتا !! — مىر ئامانبەگنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازى پەلەكنى قۇچتى. ئۇ ئاتىسىنى قۇچاقلىۋالدى.

مۇلازىملار، خىزمەتكارلار، دېدەكلەر ئوردىغا، مەدرىسە، مەكتەپلەرگە، تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى يەتكۈزۈشتى.

دىلدارىبكە:

— ئاھ ! ھەمراھىم، بىزنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ ھەمراھىم؟ ئوغۇللىرىنىڭ تويىنى قىلماي كەتتىڭمۇ ھەمراھىم؟ ! — دەپ يىغلاپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپنى مىر ئامانبەگ بىلەن كۆتۈرۈپ، ئالاھىدە سېلىنچىغا ياتقۇزۇشتى. ئېڭىكىنى قېتىپ، پۇتىنى چاتتى. ئۈستىگە ئاق يوپۇق يېپىپ قويدى. مىر ئامانبەگ مەيدىسىگە باش قويۇپ:

— ئاھ ! ئاتام، ۋاي ئاتام، مېھرىبان ئاتام، ئاكام يىراقتا ئەمەسمىدى ئاتام، يۈزلىرىنى كۆرەلمەسمۇ ئاتام؟ ! — دەپ يىغلاپ مىڭ يېرىدىن تۆكۈلدى.

ئېتىلىپ كىرگەن رۇستەمبەگمۇ ئۈستىگە تاشلىنىپ يىغلىدى. ھوشىدىن كەتكەن دىلدارىبكەنى ئايال خىزمەتكارلار ھۇجرىسىغا ئاچىقىپ قويدى.

— ئاھ ئاتام، غەمگۇزار ئاتام، تۈنلىرى بىدار ئاتام، ئەلگە غەمخار ئاتام! — دەپ باللىرى بىلەن يىغلاپ كىرگەن بۇۋىئايىشە ئاتىسىنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقاتتى. ئۇنى دىلدارىبكەنىڭ يېنىغا ئاچىقىپ قويۇشتى.

چاشكا ۋاقتى بولۇپ قالسىمۇ كۈن چىقمىغانىدى. ھاۋا تۇتۇلۇپ ئاسمان يۈزى گىرىمسەن بولۇۋالدى.

بۆگۈ بىلگە، بوغۇغ ھاجىپ،
ئەل كۆتۈرگەن تۇغ ھاجىپ!
سىلى قېلىپ مەن ئۆلسەم،
بولماسمىدى ئۇلۇغ ھاجىپ!

دەپ يىغلاپ ئىشىكتىن كىرگەن ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ، مۇھەممەد بىننى ئەل كاشغەرىي باشلىق ئالىم ـ ئۆلىما، ئەدىب، شائىرلار بىلەن مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بېجىرىشكە كىرىشتى. قارا تون، ئاق سەللە ئوراپ هازىدار بولۇپ كەلگەن ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىپ يېنىدا ئۇزاق ئولتۇردى.
بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مېيىتىنى قىرىق شام يېقىلغان سارايغا يۆتكەپ چىقىپ، يۇيۇپ كېپەنگە ئالدى. قىرىق مۇرەتتەپ قارىي «ياسىن» ئوقۇشقا كىرىشتى.
شەيخۇلئىسلام نۇرىدىن داموللا ھاجى رىياسەتچىلىكىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مېيىتىنى جىنازىغا سېلىپ، قاردەك ئاپپاق يوپۇق ياپتى. ئۈستىگە ئاق ئەتىرگۈلدەك يۆگەلگەن سەللىنى قويدى. مىرئامانبەگ، رۇستەمبەگ جىنازىنىڭ ئالدىدىن، ئىلزادبەگ، ئوبۇل ئەلا ئارتۇچى جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈشۈپ يولغا چىقىشقا، يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئىخلاسمەنلەر ئارىغا ئالدى.
دىلدارىبىكە، بۇۋىئايشە ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخاننىڭ بايىراق كەلگەن خانىش، كېنىزەكلىرى، ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ خاتۇن ـ قىزلىرى بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي، قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان

مىيىتقا ئىنتىلىپ، زار ـ زار يىغلاپ ئۆزىتىپ قىلىشتى...

باش ئۆستەڭگە ئىگىز كۆتۈرۈلگەن جىنازا ئالدىدا، توققۇز تۇغنى كۆتۈرگەن قارا قالپاقلىق ئەلەمدارلار، ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ئالىم، ئۆلىما، ئەدىب، شائىرلار باشلىرىنى سىلىپ، ھەسرەتلىك ئۈن بىلەن تەكبىر ئېيتىپ ماڭدى. جىنازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قىرىق قارىي سۈرە «ياسىن»نى، سول تەرىپىدە قىرىق قارىي سۈرە «تابارەك»نى قىرائەت قىلىپ قەدەم تاشلاشتى. جىنازىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىگە يەتمىش غۇلاچلىق يەتتە ئارغامچا باغلانغانىدى. ئۇنى يەتتە يۈزدىن بىر مىڭ تۆت يۈز تالىپ تۇتۇپ، ئاستا ـ ئاستا سىلجىشتى. جىنازا ئارقىسىدىن سۇباشى، سانغۇن، سەركەردە، سەردارلار، قىنىدىن سۇغارغان قىلىچلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ قەدەم باستى. ئۇلار كەينىدىن تونلىرىنى تەتۈر كىيگەن تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار: «ۋادەرىخا، ۋاھەسرىتا...» دەپ يىغلىشىپ مېڭىشتى. ئاخىرقى سەپلەرنى تەشكىل قىلغان سىپاھلار، قاراۋۇل، ياساۋۇللار نەيزە ـ قىلىچلىرىنى يەرگە قارىتىپ ھەسرەت چېكىشتى. ھەرقايسى مەھەللىلەردىن، كوچا ـ كوچىدىن كەلكۈندەك يامراپ چىققان پايتەخت ئاھالىسى جىنازا ئەتراپىدا گويا بوران سوققان دېڭىزدەك دولقۇن ياسىدى. جىنازا تۇمەنلىگەن باش ئۆستەڭدە ئاق يەلكەندەك تەۋرىنىپ، ئاستا ـ ئاستا ئازنا مەسچىتكە يېقىنلاشتى. ناماز پېشىنگە ئەزان چىقتى. جىنازا مەسچىتكە ئېلىپ كىرىلىپ سەيناغا قويۇلدى.

ناماز پېشىننى ئوقۇپ چىققان جامائەت مەسچىتنىڭ سەينا، كايىۋانلىرىغا سىغماي قالدى. شەيخۇلئىسلام نۇرىدىن داموللا ھاجى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى.

جىنازا مەسچىتتىن ئېلىپ چىقىلغاندا، ئاۋام خەلق نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ، ئايىغى ئۈزۈلمەس زور كارۋاننى تەشكىل قىلغانىدى. ئۆگزىلەرگە، دەرەخ، تام تۆپىلىرىگە چىقىۋالغان قىز ـ

يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

بۇ تۇيۇقسىز بولغان مۇسىبەت پۈتۈن ئەلنى يىغلاتتى.

گىرىمسەن كۆك يۈزىنى بۇلۇت قاپلىدى. يەتتە ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، پەرىشتىلەرنىڭ ياشلىرى ئاق يېغىنغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇچار قۇشلار سايراشتىن توختاپ، چارپايلارمۇ يۇم ـ يۇم ياش تۆكۈشتى. قولدىن ـ قولغا يۆتكەلگەن جىنازا ئاخىر قەبرىستانلىققا ئېلىپ كىرىلدى. مېيىتنى ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ قاتارلىق ئالىملار جىنازىدىن ئېلىپ، تاش گۆردىكى ئېلزادىبەگكە سۇنۇپ بەردى. ئۇ ئىچ گۆردىكى نۇرىدىن داموللا ھاجىغا سۇنۇپ بەردى. كېپەنلىرىنىڭ شوينىلىرىنى يېشىپ، يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ قويغان شەيخۇلئىسلام:

— ئەلۋىدا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەلۋىدا! بىزمۇ كەينىلىرىدىن ئاللا دەرگاھىغا بارىمىز، — دەپ، ئىخلاس توپىسىنى ئۇستىگە چېچىپ، گۆردىن قايتىپ چىقتى.

قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىنىپ، ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئى ئىنساننى ياراتقان، ئالەمنى بىنا قىلغان قادىر خۇدا! ئادالەتنى جارى قىلغۇچى، ھەققانىيەتنى قوغدىغۇچى، ئەھلى ئىسلام تايانچى، تەقۋادار ئالىم بەندەڭ ئارقىسىدىن دەرگاھىڭغا بارغۇچىلارمىز. پاكلاپ ئېلىپ كەتكەيسەن. ئامىن!

— ئامىن! — تۇمەنلىگەن جامائەتنىڭ گۈرۈلدىگەن ساداسى زېمىننى لەرزىگە كەلتۈردى.

مىرئامانبەگ ئالىم ـ ئۆلىمالار ئالدىغا قول باغلاپ كېلىپ سورىدى:

— ئى كىشى قارا بۈزرۈكۋار، ئېيتسىلا، مېنىڭ مەرھۇم ئاتام قانداق ئادەم ئىدى؟

ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ جاۋاب بەردى:

ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

تېنىمدىن چىقاردا مېنىڭ بۇ جېنىم،
شاھادەت بىلەن كەس ئاخىرقى تىنىم،

ئۆزۈم يەر ئاستىدا قالغاندا تەنھا،
تولا رەھمىتىڭنى ماڭا تۆك خۇدا①.

مەرھۇم ئاتىلىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپ مانا شۇنداق تەقۋادار، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغان، يامانلىق قىلمىغان، كامىل ئىمان بوغۇغ، ۋەتەن، خەلقنى سۆيگەن بۆگۈ بىلگە ئىدى...

مىر ئامانبەگنىڭ مۇسىبەتتىن قايغۇغا چۆككەن ۋۇجۇد دەرىخى ئىپتىخار ئىلكىدە قايتا باش كۆتۈردى.

جامائەت توپ - توپ بولۇشۇپ قايتىشقا باشلىدى.

باياتىن چوڭقۇر سۇكۇتتە كۆزلىرى ياشلانغان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان قارىغاي دەرىخىنىڭ شەكلى چۇشۇرۇلگەن قىزىل تۇغنى قەبرە ئۇستىگە تىكتى:

— ئى ئۇلۇغ ئۇستاز، ھەزرەتلىرى بىر ئۆمۈر بەجانىدىل خىزمىتىدە بولغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بۇ تۇغى ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى نامايان قىلىپ، مەقبەرىلىرى ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇرسۇن! ئەلۋىدا بۇزرۇكۋار، تىنچ ياتسۇنلەر... — ئۇ يۇرتۇغ، جاندارلىرى بىلەن ئارقىسىچە مېڭىپ، مەقبەرىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشتى.

مەقبەرە ئالدىدا قىرىق بىر قارىي بىلەن ھۇسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ كاشغەرىي، مىر ئامانبەگ، رۇستەمبەگلەر قالدى.

تۆت ئەتراپ جىمجىت بولۇپ كەتتى. قۇشلارنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرىمۇ توختاپ قالغانىدى. پەقەت غۇيۇلداپ تۇرغان كۆزنىڭ سەلكىنى ھەسرەتلىك يۈزلەرگە ئېقىپ چۈشكەن ياشلارنى ئېرتاتتى...

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» 394 - ، 395 - بېيىتلەر.

— بالىلىرىم، ئىنسان گۆرگە كىرمىگۈچە ئارام تاپالمايدۇ. ئۆمرىنىڭ شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قالىدۇ، — دېدى ئالىم ۋە قايغۇغا چۆمگەن يىگىتلەرگە قاراپ ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇ دۇنيا قونالغۇ، ئۆزۈڭسەن كارۋان،
قونالغۇدا كارۋان قانچىلىك تۇرغان؟①

ئۇ بىردەم سۈكۈت قىلىپ، ئاپپاق ساقىلىنى سىيىپاپ - سىيىپاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەشئارىدا قەيت قىلغاندەك بۇ قونالغۇدا كۆپ تۇرمىغان بولسىمۇ، چىن ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئۇزىغان ئۇلۇغ ئادەم، ئۇلۇغ ئاتا، بۆگۈ بىلگە، ئۇ ئارام تاپتى. سىلەر ئەمدى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟

— ئۇلۇغ ئاتىمىزدەك، ئادالەتنى قوللاپ، ھەقىقەتنى ياقلاپ، ئەل خىزمىتىگە كۆكرەك كېرىپ، مەردۇمەيدان بولۇپ ياشىماقچىمىز، — دېيىشتى ئۇلار قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— بارىكاللا ! بارىكاللا ! ئەزىمەتلىرىم. ئۆزىگە ئىشەنگەن ئەلنى سۆيگەن ئۈمىدۋار بەندىسىنى تەڭرى تىلىكىگە يەتكۈزىدۇ. مەردۇمەيدان بولۇپ كامال تېپىڭلار ! — دېدى ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ كاشغەري يىگىتلەرنى ئىككى قولى بىلەن باغرىغا تارتىپ. قۇياش بۇلۇت قېتىدىن چىقتى. ئۇنىڭ ئىللىق نۇرى دەسلەپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى ئۈستىدىكى بىر دۆۋە توپىغا چۈشتى. بارا - بارا يېيىلىپ ئەزىزانە قەشقەر دىيارىنى قاپلىدى...

2002 - يىلى 6 - ئايدا يېزىلىپ تاماملاندى.
2015 - يىلى 2 - ئايدا قايتا تۈزىتىلدى.

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» 1443 - بېيىت.

# خاتىمە

يېشىل كاھىشتىن قوپۇرۇلغان پەشتاق ـ گۈمبەزلىك كاتتا مەقبەرە يىراقتىن كۆرۈنۈشى بىلەنلا، چار ساقال، سالاپەتلىك بىر مويسىپىت ئاتتىن چۈشۈپ ماڭدى. يول چېتىدىكى ئۈجمە، جىگدە دەرەخلىرىگە كۆز سالغان ھالدا، ئىككى يېنىغا ئېگىز مۇنار قوپۇرۇلغان گۈمبەز ـ پەشتاقلىق چوڭ دەرۋازا ئالدىغا كېلىشكەنگە، چەكمەن تون كىيگەن بىر جارىپ[1] سالام بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئالدى.

—— جانابلىرى ئىستىقامەت قىلغىلى كەلدىلىمۇ؟ —— دەپ سورىدى ئۇ.

—— پېقىر بۇرادىرىم يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ روھىغا دۇئا قىلغىلى كەلدىم، —— جاۋاب بەردى مويسىپىت.

—— ھەزرەتلىرى كىم بولىدىلا؟

—— مەھمۇد تېگىن.

—— مەھمۇد تېگىن؟ ھە ! ئۆزلىرى مەۋلانا مەھمۇد كاشغەرىي ئوخشىمامدۇ؟ پېقىر بۇ مۇبارەك نامنى كۆپ ئاڭلىغان.

—— شۇنداق، تەقسىر.

جارىپ دەرھال ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئىللىق چىراي كىشى بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى.

—— قېنى مەرھەمەت قىلسىلا ھەزرىتىم، ئاتلىرىنى ئېغىلغا ئەكىرىۋېتىپ، تەرەت ئېلىشقا سۇ تەييارلاپ بېرەي.

---

① جارىپ —— مەسچىت، مازارلارنىڭ تازىلىق مۇھاپىزىتىگە مەسئۇل خادىم.

— رەھمەت، تەرىتىم بار، — مەھمۇد كاشغەرىي ئات ئۈستىدىن نەپىس تىكىلگەن گىلەم خۇرجۇننى ئالدى.

جارىپ ئاتنى ئېغىلغا ئەكىرىپ كەتتى. دەرۋازىنىڭ ئوڭ يېنىدىكى پەنجىرىلىك ئۆيدىن بويلۇق، قارا ساقال كىشى چىقىپ، مەھمۇد كاشغەرىيگە سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مەۋلانا، ھۇجرىغا مەرھەمەت قىلسۇنلەر.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، شەيخ. ئاۋۋال بۇرادىرىمنىڭ روھى بىلەن دىدار مۇلاقات بولمىقىم خوپتۇر، — دېدى مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يېشىل گۈمبەزلىك مەقبەرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ پەنجىرىلىك ئىشىكتىن جىمجىت گۈمبەز ئىچىگە قەدەم باستى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بۇرادىرىم. ئارام ئېلىۋاتامدىلا؟ — ئۇ قەبرىگە قاراپ سالام بېرىپ قايغۇلۇق سۈكۈتتە تۇردى. كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ دېدى، — پېقىر ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخاننىڭ قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن باغداتتىن يېنىپ كەلسەم، ئۆزلىرى ئۇ دۇنياغا كېتىپ قاپتىلا. ماڭا يادىكار قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق تەۋەررۇك كىتابلىرىنى يۈزلىرىنى كۆرەلمەي ئارماندا قالغان ھاجىپ ئوغۇللىرى بەگتۇرمىش ماڭا تاپشۇردى. ئوقۇپ پاراسەت، جاسارەتلىرىگە بارىكاللا ئېيتتىم. پادىشاھلارغا يول كۆرسىتىدىغان، ئاۋام خەلققە قۇت بەخش ئېتىدىغان ئالەمشۇمۇل خىسلەتلىك دەستۇر بوپتۇ. ئۇنى ھېكمەتلەر خەزىنىسى بىلىپ شاگىرتلىرىمغا دەرس قىلىپ ئۆتۈۋاتىمەن، — ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، خۇرجۇندىن مەخمەل جىلىتىغا سېلىنغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دېگەن كىتابنى ئالدى، — بۇ باغداتتا تەسنىپ قىلغان كىتابىم. خەلىپىگە بىرنى تەقدىم قىلغانىدىم. ئۆزلىرىگىمۇ بىرنى ئېلىپ كەلدىم. قوبۇل قىلغايلا، — ئۇ كىتابنى يەنە جىلىتىغا سېلىپ، خۇددى كىشىنىڭ ئۆز قولىغا بېرىۋاتقاندەك ئۈزىتىپ قەبرىنىڭ نەقىش چېكىلگەن كاھىشلىق

سۇپىسىغا قويدى، — كاشكى ـ كاشكى... ھايات بولغان بولسىلا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن، مۇڭداشقان بولاتتۇق. كاشكى ـ كاشكى...

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش قەبرىنى يۇدى. ئۇ سۈرە «ياسىن» ئوقۇپ ئۇزاق دۇئا قىلدى.

مەقبەرىدىن يېنىپ چىقىشىغا شەيخ ئالدىغا كەلدى.

— كەچۈرسىلە ئۇستاز. ئۆزلىرى مەۋلانا مەھمۇد كاشغەرىي ئىكەنلا. بايا بىلمەي قاپتىمەن، ھېلى جارچىتىن ئۇقتۇم. ھۇجرىغا مەرھەمەت قىلغايلا.

— رەھمەت شەيخ، پىقىرنى شاگىرتلىرىم كۈتۈپ تۇرىدۇ. يەنە بىر كەلگەندە ھۇجرىلىرىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ كېتەي. بۇرادىرىمنىڭ مەقبەرىسىگە ياخشى قارىغانلىرى ئۈچۈن ئاللاھىدە رەھمەت ئېيتقىلى كېلىمەن.

مەھمۇد كاشغەرىي ئاتنى يېتىلەپ كەلگەن جارچىتىن تىزگىننى ئالدى. شەيخكە قاراپ:

— ئۆزلىرى كىم بولىلا، مۇبارەك ئىسىملىرى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— پىقىر ھەزرىتى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شاگىرتى سۇلتانبەگ بولىمەن، ھەزرەتلىرى.

— ئاتىلىرى كىم؟

— ئاشانبۇقا.

— بىلىمەن. قۇزئوردۇغا بارغىنىمدا ئۆيىدە مېھمان بولغان. ھازىر بارمۇ؟

— ئالدىنقى يىلى بىر يۈز يىگىرمە تۆت يېشىدا ۋاپات بولدى. ئاتامنىڭ ۋەسىيەت قىلىشى بىلەن ئوردۇكەنتكە كېلىپ، ئۇستازىمنىڭ مازىرىدا، روھىغا ھەمراھ بولۇپ ئىستىقامەت قىلىۋاتىمەن.

— ئارى، رۇستەمبەگنى بىلىمەن. ئۇ ناھايىتى ئىخلاسمەن تالىپ. يەنە بىر كۆرۈشكۈچە خەير، كامال تاپسۇنلەر! — دەپ

خوشلىشىپ، ئۇزاپ ماڭدى مەھمۇد كاشغەرىي.

ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇرادىرىنىڭ مەقبەرىسىگە كېلىپ تۇردى. ئالىملارغا، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارغا بۇ ئۇدۇم بولۇپ، تا بۈگۈنگە قەدەر زىيارەتكە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى يىلسېرى ئاۋاتلاشماقتا...

ئاتام مېنى دەسلەپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسىگە ئېلىپ چىققاندا يەتتە ياشلىق بالا ئىدىم. «بالام، بۇ ئۇلۇغ مازار، كىمكى بۇ مازاردا ئاللاغا سېغىنىپ چىن قەلبىدىن دۇئا قىلسا، ئارزۇ - تىلىكىگە يەتمەي قالمايدۇ» دەپ تۇنەپ چىققىنى ھېلىمۇ يادىمدا. كېيىن مەنمۇ بۇ ئۇلۇغ مازارغا پات - پات چىقىپ، شائىر بولۇش ئارزۇيۇمغا يەتكۈزۈشنى تەڭرىدىن تىلەپ دۇئا قىلىدىغان بولدۇم.

بۇ مازاردا ياتقان زاتنىڭ ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر شائىر، كاتتا دۆلەت ئەربابى، غەيۇر ئىسلاھاتچى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋام ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدىن كېيىن بولسا، ئاڭا بولغان سەمىمىي ھۆرمەت، مۇھەببىتىم، پەخىرلىنىش تۇيغۇم، غۇرۇرۇم، ھەمىشە ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان بولدى. ھەرقاچان مەقبەرىنى زىيارەت قىلغىنىمدا،ئۈزۈلگەن ئۈمىدىم ئۇلىنىپ، ئارزۇ - تىلەكلىرىم قاناتلىنىپ، ئانا ۋەتىنىمنىڭ پارلاق گۈزەل كېلەچىكى ئالدىمدا نامايان بولاتتى. شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلەتتىم. تەڭرى مېنى شائىر بولۇش ئارزۇيۇمغا يەتكۈزگەن ئاشۇ يىگىتلىك چېغىمدا، ئۇشتۇمتۇت چىققان قارا قۇيۇن ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ بىلىم تەھسىل قىلىشقا ئىمكانىيەت بەرمىدى. پېقىرنى ئۇچۇرۇپ، چۆللەرگە تاشلىدى. گۇناھسىز ياشلىقىم، يۇلغۇن كولاپ، توغراق كېسىشكە مەجبۇر قىلىنىپ، قاغجىرىغان تۇپراقتا سىڭىپ كەتتى.

قۇرۇق قاقشال چۆلدىن ئەزىزانە قەشقەرگە كېلىپ كۆرگىنىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسىنىڭ خارابىسى بولدى.

پادىشاھلارنىڭ ئوردا، مەقبەرەلىرى، مەسچىت، مەدرىسەلەر

ئورنىغا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەقبەرىلىرى ئىلگىرىكىدىنمۇ ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈردى! سىردىشىدىغان، ئىلھام ئالىدىغان خىلۋەت جاي يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى بولدى. «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «قاناتلانغان تىلەك»، «ھېيتگاھتا ھېيت كۈنى»، «سۆزۈك تارامىلار» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىم، «بوغدا قىزى» ناملىق ھېكايە - پوۋېستلار توپلىمىم، «جۇدالىق»، «سەئىدخان»، «سۇلتان ئابدۇرىشىتخان» قاتارلىق تارىخىي رومانلىرىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسىدە ئىزھار قىلغان ئوتلۇق تىلەكلىرىمنىڭ، ۋەتەن، مىللەتكە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىمنىڭ يالدامىسى بولۇپ قالدى.

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە بىر رومان يېزىش ئىستىكىدە بولسامۇ، نامىشەرىپىگە لايىق يازالارمەنمۇ دېگەن ئويدا، خېلى ۋاقىتقىچە قەلەم تەۋرىتىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. دوست - بۇرادەرلىرىمنىڭ سەممىمىي دەۋىتى بىلەن بۇ ئىستەك قەلب سارىيىمدا ئوتلۇق ئىشتىياققا ئايلىنىپ قەتئىي نىيەت، ئەزگۈ تىلەك بىلەن ئىرادە كەمىرىنى باغلىدىم.

ئولتۇرسام، قوپسام: «تارىخ ئۆگەن، يېزىشقا تۇتۇن» دېگەن سادا قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندەك بولۇپ، ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. بىلدىمكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلۇپ ۋاپات بولغۇچە، ئون بۇغرا قاراخان ئۆتكەنىكەن...

20 - ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى — 1999 - يىلى 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مەقبەرىگە كىرىپ، ئالىمنىڭ روھىغا دۇئا قىلدىم ۋە «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» ناملىق تارىخىي رومانىمنىڭ تۇنجى بېتىنى قەبرە سۈپىسىدا يېزىپ، بۇ خاسىيەتلىك ئىشقا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، ئۈمىد بىلەن كىرىشتىم. 2002 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 10 دا يېزىپ تاماملىدىم. ئەلھال، ئاشۇ چاغدا ئاتمىش ئۈچ ياشقا قەدەم باسقانىدىم.

«كاتتا ئىش قىلدىڭىز» دېيىشتى دوستلار.

ياق، مەن كاتتا ئىش قىلمىدىم. پەقەت بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم، خالاس. كاتتا ئىش قىلىش ئەۋلادلارنىڭ زىممىسىدا...

مەن بۇ رومانىمنى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ شەنىگە بېغىشلىدىم. ئوقۇرمەنلىرىم ئوقۇپ، ئىلىم ـ ھېكمەتكە يۈرۈش قىلىپ، ئەل ـ خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدىغان ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەردىن بولۇپ كامال تاپقاي.

2015 ـ يىلى 5 ـ ئاي

رەسىمنى سىزغۇچى: ئابدۇكېرىم نەسىردىن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: مەمەت نەۋبەت



ISBN 978-7-228-17305-1

定价:80.00元